# قۇرئان كەرىم تەپسىرى

## تەپسىرى ئىبنى كەسىر

ئىمام ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر
(ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن)

2

نىسا سۈرىسىدىن ئەنفال سۈرىسىگىچە

2011 م / 1432 ھ

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

## ئىككىنچى نەشرى

تەھرىر ۋە تۈزەتكۈچىلەر: ئابدۇلباقى قاسىم
ئابدۇلغەنى ئابدۇلئېزىز
سابىرجان

يۇنىكودلاشتۇرغۇچى بەت لايىھەلىگۈچى : ئابدۇلباقى قاسىم

## بىرىنچى نەشرى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇلغەنى ئابدۇلئېزىز
مۇھەممەد ئابدۇللاھ قارىم
مۆمىنجان سىدىق

تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار: ئابدۇلئەزىز رەھمىتۇللاھ
يۇسۇف قارىم
مۇھەممەد ئۆمەر
ئابدۇلھەمىد قارىھاجى

تەرجىمە تەھرىرلىرى: مۇنەۋۋەر نىياز
ئابدۇسالام مۇسا
سابىرجان

رىياسەتچى: ف. ئەل ئابدۇسسالام

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ئابدۇلمەجىد قارىھاجىم
پىروفېسسور ئابدۇررەھىم قەشقىرى

كومپيۇتېرغا ئالغۇچىلار: ئا. رۇزى توختى
مۇساجان ئابدۇقادىر (بايتاش)

# المصباح المنير في تهذيب تفسير ابن كثير

للإمام إسماعيل بن عمر بن كثير رحمه الله

٢

من سورة النساء إلى سورة الأنفال

٢٠١١ م / ١٤٣٢ هـ

مركز الترجمة الأويغورية

## الطبعة الثانية

التحرير والمراجعة: عبد الغني عبد العزيز، عبدالباقي قاسم، صابرجان

تصميم الصفحة: عبدالباقي قاسم

---

## الطبعة الأولى

المترجمون: عبد الغني عبد العزيز، محمد عبد الله قاري، مؤمن جان صديق

المشاركون في الترجمة: عبد العزيز رحمة الله، يوسف قاري، محمد عمر، عبد الحميد قاري حاجي

التحرير: منورة بنت نياز، عبد السلام موسى، صابر جان

الإشراف: ف. عبد السلام

المراقب: الشيخ عبد المجيد صادق الآبادي، أ.د. عبد الرحيم القشقري

الحاسوب الآلي: ع. روزي توختي، موسى جان عبد القادر (بايتاش)

# مۇندەرىجە

## نىسا سۈرىسى


بۇ سۈرىنىڭ مەدىنىدە چۈشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ پەزىلىتى........ 19
تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىش توغرىسىدا........ 20
يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلاشقا بۇيرۇش توغرىسىدا........ 22
يېتىم قىزلارغا تويلۇق بېرىشتە ئادىل بولۇش توغرىسىدا........ 23
پەقەت تۆتلا ئايال ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقى........ 24
ئادىل بولالماسلىقتىن قورققاندا بىر ئايال بىلەنلا ئۆتۈش توغرىسىدا........ 25
تويلۇق بېرىشنىڭ ۋاجىبلىقى........ 25
ئەقلى كەم، گالۋاڭ، لەقۋا كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى خالىغانچە ئىشلىتىشنى چەكلەش توغرىسىدا........ 26
ماللىرىنى ئىشلىتىشتىن چەكلەنگەن كىشىلەرنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا........ 27
يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندە، سىناپ بېقىپ ئاندىن بېرىش توغرىسىدا........ 27
پېقىر كىشىلەرنىڭ يېتىملارنىڭ ماللىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكىگە لايىق رەۋىشتە يېيىشىنىڭ دۇرۇسلىقى........ 29
مىراسنى تەقسىم قىلىشقا ۋە مىراس تەگمەيدىغان كىشىلەردىن مىراس تەقسىم قىلىنغان جايغا كەلگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن مىراستىن ئازراق بىر نەرسە بېرىشكە بۇيرۇلغانلىقى........ 30
ۋەسىيەتتە ئادىللىق قىلىش توغرىسىدا........ 31
يېتىملارنىڭ ماللىرىنى يەۋالغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا........ 32
مىراسنى تەقسىم قىلىشقا ۋە مىراس ئىلمىنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا........ 33
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى........ 33
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە ئالاقىدار ئىككىنچى بىر رىۋايەت........ 34
پەرزەنتلەرنىڭ مىراس تەقسىماتىدا بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ هەسسىسى تېگىدىغانلىقى........ 34
مىراسخور پەقەت قىزلارلا بولسا، مىراسنىڭ قانداق تەقسىم قىلىنىدىغانلىقى........ 35
ئاتا ـ ئانىنىڭ مىراسى........ 36
مىراسنى تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن كىشىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ قىلغان ۋەسىيىتىنى ئاداقىلىش لازىملىقى توغرىسىدا........ 37
ئەر ـ خوتۇننىڭ مىراسى توغرىسىدا........ 39
ئانا بىر، ئاتا باشقا بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ مىراستىكى هۆكمى........ 39
مىراس توغرىسىدا هەددىدىن ئېشىپ كەتكەن كىشىلەرگە بېرىلگەن ئاگاهلاندۇرۇش توغرىسىدا........ 40
پاهىشە قىلغان ئاياللىنى ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقى، ئاندىن بۇ بۇيرۇقنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى........ 42
جان هەلقۇمغا يېتىشتىن بۇرۇن قىلىنغان تەۋبىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى........ 44
ئاياللارنى زورلۇق بىلەن مىراس قىلىۋېلىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى........ 46
ئاياللارغا بېسىم ئىشلىتىشتىن توسۇش توغرىسىدا........ 46

ئاياللار بىلەن چىرايلىق چىقىشىپ ئۆتۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا.......................... 47
تويلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ توسۇلغانلىقى.......................................... 48
ئاتىسى ئالغان ئاياللارنىڭ ئوغۇللىرىغا ھارام ئىكەنلىكى ۋە شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى.......... 50
ئېلىش مەڭگۈ ھارام قىلىنىپ كەتكەن ۋە مەڭگۈ ھارام قىلىنمىغان ئاياللارنىڭ بايانى.................. 52
قانچىلىك مىقداردا ۋە نەچچە ياشقىچە ئەمسە ئېمىلدەش بولىدىغانلىقى............................ 53
قېيىنئانا ۋە ئۆگەي قىزلار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ھاراملىقى.................................. 54
ئۆگەي قىزنىڭ ئۆگەي دادىسىغا ھارام ئىكەنلىكى.............................................. 54
بېقىۋالغان باللىرىنىڭ ئەمەس، ئۆز پۇشتىدىن بولغان باللىرىنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى...... 55
ئاچا - سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى............................ 56
چۆرىلەردىن باشقا ئېرى بار ئاياللارنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى.................................. 56
يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا ئاياللارنى ئېلىشنىڭ ھالاللىقى............................. 57
ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش ۋە ئۇنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى.......................................... 57
ھۆر ئاياللارنى ئېلىشقا قادىر بولالمىغاندا قول ئاياللارنى ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى................ 59
پاھىشە قىلغان دېدەككە ھۆر ئايالغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدىغانلىقى.................. 59
ھارام كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توسۇش توغرىسىدا.............................................. 61
سودا - سېتىق قىلغاندا سودىلاشقان يەردىن قوزغالماي تۇرۇپ مالنى ئېلىشنىڭ ئىختىيارى قىلغانلىق
ۋە سودىدىن رازى بولغانلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى............................................ 62
ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن توسۇش ۋە قاتىلنىڭ ئاقىۋىتى.................................................. 63
چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانسا، كىچىك گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى.......................... 64
ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئىش....................................................... 64
باشقىلارغا بېرىلگەن ئارتۇقچىلىقنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.............................. 66
ياخشى ئاياللارنىڭ سۈپىتى.......................................................................... 68
ئاياللارنىڭ سەركەشلىك قىلىشى ۋە ئۇنى يولغا كىرگۈزۈشنىڭ چارىسى................................ 69
ئېرىگە بويسۇنغان ئايالنى بوزەك قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى..................................... 70
ئەر - خوتۇننىڭ ئارىلىقىدا ئىناقسىزلىق بولۇپ قېلىشىدىن قورققاندا، ئىككى كىشىنىڭ ھۆكۈم قىلىشنى
تەلەپ قىلىش كېرەكلىكى............................................................................. 71
اللہ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە باشقا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا
بۇيرۇش توغرىسىدا................................................................................... 72
قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەققى.......................................................................... 73
قۇللارغا ياخشىلىق قىلىش كېرەكلىكى.................................................................. 75
اللہ تائالانىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى.................................... 75
بېخىللىقنىڭ ئەيىبلەنگەنلىكىنىڭ بايانى................................................................. 76
اللہ تائالانىڭ زەررىچە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقى............................................................ 79
مۇشرىكلاردىن ئازاب يەڭگىللىتىلەمدۇ؟............................................................... 80
”بۈيۈك ئەجىر بېرىدۇ“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى........................................................ 80
قىيامەت كۈنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى
ۋە كاپىرلارنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى............................................................ 81
مەست ياكى جۇنۇب كىشىنى نامازغا يېقىنلىشىشتىن توسۇش توغرىسىدا.............................. 83
تەيەممۇمنىڭ بايانى.................................................................................... 85
تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى............................................................... 87

يەھۇدىيلارنىڭ ئازغۇنلۇقنى تاللىغانلىقى، تەۋراتنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى، تىللىرىنى ئەگرى قىلغانلىقى ۋە دىنغا تەنە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى ........ 89
يەھۇدىيلارنى تەھدىت بىلەن ئىمانغا چاقىرىش توغرىسىدا ........ 90
كەئب ئەھبارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ........ 91
شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ تەۋبە قىلمىغان ئەھۋالدا مەڭگۈ كەچۈرۈلمەيدىغانلىقى ........ 92
يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى ۋە بۇت بىلەن شەيتانغا ئىشەنگەنلىكى، توغرا يول ۋە ئىماننى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن لەنەت قىلىنغانلىقى ........ 93
كاپىرلارنى مۇسۇلماندىن ئارتۇق كۆرۈشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى ........ 95
يەھۇدىيلارنىڭ مۇشرىكلاردىن ياردەم سورىغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلىقى 95
يەھۇدىيلارنىڭ بېخىللىقى ۋە ھەسەتخورلۇقى ........ 96
الله تائالانىڭ كىتابىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمىگەنلەرگە بولىدىغان ئازابنىڭ بايانى ........ 98
تەقۋادار، ياخشى كىشىلەرنىڭ بارار جايىنىڭ جەننەت بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنىڭ بايانى ........ 98
ئامانەتنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ........ 99
ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلغانلىقى ........ 100
ياخشى ئىشلاردا باشلىققا بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ........ 101
ھەرقانداق ئىش ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ قالغاندا قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتىشنىڭ مۇھىملىقى ........ 102
قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھۆكۈمنى قوبۇل قىلغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكى ........ 104
مۇناپىقلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا ........ 105
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ........ 106
بىر ئىنساننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە چىن قەلبىدىن رازى بولمىغۇچە ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدىغانلىقى ........ 106
بۇيرۇلغان ئىشلارغا ئەڭ كۆپ قارشى چىقىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ........ 108
الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنغان كىشىنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدىكى ھۆرمەتلىك كىشىلەر بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى ........ 108
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ........ 109
مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەندىن ھوشيار تۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقى ........ 111
جىھادقا كېچىكىپ چىقىشنىڭ مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى ........ 112
جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ........ 112
ئاجىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ........ 113
ئۇرۇشنىڭ كېچىكىپ پەرز قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە مالامەت قىلىنغانلىقى ........ 114
ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقى ........ 116
مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يامان پال ئېلىشى ........ 116
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇشنىڭ الله تائالاغا بويسۇنۇش بولىدىغانلىقى ........ 118
مۇناپىقلارنىڭ ئەخمەقلىقى توغرىسىدا ........ 119
قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ........ 120
بىر خەۋەرنى تولۇق ئېنىقلىماي تۇرۇپ تارقىتىشتىن توسۇش توغرىسىدا ........ 121
الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى جەڭگە يالغۇز چىقىشقا بۇيرۇغانلىقى ........ 123
مۆمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا ........ 123
ياخشى شاپائەت ۋە يامان شاپائەت توغرىسىدا ........ 124
سالامغا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش توغرىسىدا ........ 125

ساھابىلەرنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشماي قايتىپ كەلگەنلەر ھەققىدىكى ئىختىلاپىنىڭ ئەيىبلەنگەنلىكى....... 127
ئۇرۇش قىلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا........................ 129
مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ ھۆكمى........................ 131
قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قەتئىي ساقلىنىشنىڭ تەلەپ قىلىنغانلىقى........................ 134
قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ........................ 135
سالام قىلىش ـ ئىسلامنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى........................ 137
مۇجاھىدلار بىلەن جىھادقا چىقماي قېلىپ قالغانلارنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى........................ 139
ھىجرەت قىلالايدىغان كىشىلەرنى مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇشتىن توسۇش توغرىسىدا........................ 142
نامازنى قەسر قىلىپ (قىسقارتىپ) ئوقۇش توغرىسىدا........................ 145
قورقۇنچلۇق پەيتتە ئوقۇلىدىغان نامازلارنىڭ بايانى........................ 147
قورقۇنچ نامىزىدىن كېيىن، الله تائالانى كۆپ زىكىر قىلىش توغرىسىدا........................ 149
يارىلانغان بولسىمۇ، دۈشمەننى قوغلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا........................ 150
الله تائالانىڭ نازىل قىلغان ئايىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى........................ 151
تەۋبە قىلىشقا ۋە مەغپىرەت تىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش، گۇناھ قىلغان ياكى گۇناھنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويغان ئادەمگە قىلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا........................ 153
ياخشىلىق ئۈچۈن قىلىنغان مەخپىي سۆز توغرىسىدا........................ 154
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قارشىلاشقان ۋە مۆمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى...... 155
الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ كەچۈرۈلمەيدىغانلىقى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئەمەلىيەتتە شەيتانغا ئىبادەت قىلىدىغانلىقى........................ 157
مۆمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى........................ 159
ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئارزۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىشلار ئارقىلىق روياپقا چىقىدىغانلىقى........................ 160
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ دوستى ئىكەنلىكى........................ 163
يېتىم قىزنىڭ ھۆكمى........................ 165
ئەرنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر........................ 167
كېلىشىشنىڭ ئايرىلىپ كېتىشتىن ياخشى ئىكەنلىكى........................ 168
الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش توغرىسىدا........................ 170
ئادالەتنى بەرپا قىلىش ۋە گۇۋاھلىقتا ئادىل بولۇش توغرىسىدا........................ 172
ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا........................ 174
مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى........................ 175
مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا يامانلىق كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى........................ 177
مۇناپىقلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارىلىقىدا ئارىسالدى بولۇشى........................ 178
كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى........................ 182
كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ (تەۋبە قىلمىغان) مۇناپىقلارنىڭ دوزاخنىڭ ئەڭ تەكتىگە چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا........................ 182
زالىمنى كەچۈرۈۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلسا گۇناھ بولمايدىغانلىقى........................ 183
پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكى........................ 185
يەھۇدىيلارنىڭ جاھىللىقى........................ 187
يەھۇدىيلارنىڭ جىنايەتلىرى توغرىسىدا........................ 190
ئۇلارنىڭ ھەزرىتى مەريەم ھەققىدە دېگەن سۆزى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق دەپ قىلغان دەۋاسى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتى........................ 190

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بارلىق خىرىستىئانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقى....... 193
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى............................................................... 198
يەھۇدىيلارغا ئىلگىرى ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى................. 201
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغىمۇئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىنغان نەرسىنىڭ ۋەھيى قىلىنغانلىقى. 202
قۇرئاندا بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ يىگىرمە بەش ئىكەنلىكى............................. 203
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى............................................................ 203
پەيغەمبەرلەرنىڭ الله تەرىپىدىن ئىنسانلارغا پاكىت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى........... 204
ئەھلى كىتابلارنىڭ دىنىدا ھەددىدىن ئېشىش ۋە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانى ئاشۇرۇپ ماختاشتىن توسۇلغانلىقى..... 207
خىرىستىئانلارنىڭ گۇرۇھلىرى................................................................. 210
پەيغەمبەرلەر ۋە پەرىشتىلەرنىڭ الله تائالاغا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتمايدىغانلىقى............ 212
الله تەرىپىدىن كەلگەن نەرسىنىڭ سۈپەتلىرى.................................................. 213
ئاتا ـ ئانىسى ۋە بالىسى يوق كىشىنىڭ مىراسىنىڭ ھۆكمى ۋە بۇ ھەقتىكى ئايەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا
چۈشكەن ئايەت ئىكەنلىكى.................................................................... 214
بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ بايانى.................................................. 214
مائىدە سۈرىسىنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئۇنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى.................................. 219

## مائىدە سۈرىسى

ھالال قىلىنغان ۋە ھارام قىلىنغان ھايۋانلار..................................................... 222
ھەرەمۋەئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش توغرىسىدا............................. 223
ھەجدىكى قۇربانلىق توغرىسىدا............................................................... 224
الله تائالانىڭ بەيتىگە ماڭغانلارغا چېقىلىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى............................. 225
ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئوۋئوۋلىسا بولىدىغانلىقى........................................ 226
ھەرقانداق ئەھۋالدا ئادىل بولۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى......................................... 226
گۆشى ھارام قىلىنغان چارۋاماللار............................................................. 227
پال سېلىش توغرىسىدا........................................................................ 231
كاپىرلار ۋە شەيتاننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن يېنىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىشى..................... 232
ئىسلام دىنىنىڭ مۇكەممەل قىلىنغانلىقى........................................................ 233
زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا يېيىش چەكلەنگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېسە بولىدىغانلىقى........... 234
ھالال نەرسىلەرنىڭ بايانى................................................................... 236
كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ ئوۋلىغان ئوۋلىرىنىڭ ھۆكمى....................................... 237
ئوۋچىنىڭ ئوۋ ھايۋىنىنى قويۇپ بېرىش ئەسناسىدا «بىسمىللاھ» دېيىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا.......... 238
يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنىڭ ھالال ئىكەنلىكى.......................... 240
ئېپپەتلىك يەھۇدىي ـ ناسارا ئاياللارغا ئۆيلىنىشنىڭ ھالاللىقى.................................. 241
تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا........................................................... 243
تاھارەت ئالغاندا نىيەت قىلىش ۋە «بىسمىللاھ» دېيىش توغرىسىدا.............................. 245
ساقالنى ئارىلاش توغرىسىدا................................................................. 245
تاھارەتنىڭ ئېلىنىش ئۇسۇلى.................................................................. 246
پۇتنى يۇيۇشنىڭ پەرزلىكى.................................................................... 247
بارماقلارنىڭ ئارىسىنى يۇيۇش توغرىسىدا..................................................... 248
ئۆتۈككە مەسھى قىلىش توغرىسىدا.............................................................. 248

سۇ تېپىلمىغاندا ياكى كېسەل بولۇپ قالغاندا تەيەممۇم قىلىشقا بولىدىغانلىقى..................... 249

تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىش توغرىسىدا..................................... 250

تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتى.............................................................. 250

الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرنى ۋە ئىسلام دىنىنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت نىئمىتىنى ئەسلىتىشى...252

ئادىل بولۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا........................................................ 253

مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ قىلىشنىڭ الله تائالانىڭ ئىنئامى ئىكەنلىكى..... 254

ئەھلى كىتابلارنىڭ ئەھدە بەرگەنلىكى ۋە بەرگەن ئەھدىسىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن لەنەت قىلىنغانلىقى..... 256

ئەقەبە كېچىسىدىكى ئەنسارىلارنىڭ ۋەكىللىرى............................................. 256

مەھكەم ئەھدە بېرىش ۋە ئۇنىڭدا تۇرماسلىق توغرىسىدا...................................... 257

خىرىستىئانلارنىڭ بەرگەن مەھكەم ئەھدىسىنى ئۇنۇتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى.......................... 258

ھەقىقەتنىڭ پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ئارقىلىق بايان قىلىنىدىغانلىقى........................... 259

خىرىستىئانلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشى ۋە كۇپۇرلۇق قىلىشى.................................... 261

يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ: "بىز الله تائالانىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز" دېگەن سۆزىگە بېرىلگەن رەددىيە....... 261

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە الله تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلەتكەنلىكى، ئۇلارنى
مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشكە بۇيرۇغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقى........................ 266

يۇشەئ ئەلەيھىسسالام ۋە كالىبنىڭ جىھاد ھەققىدىكى سۆزلىرى................................ 268

ساھابىلەرنىڭ بەدرى ئۇرۇشى بولىدىغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن جاۋابى............ 269

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلارغا بەددۇئا قىلغانلىقى..................................... 270

يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشتىن قىرىق يىل چەكلەنگەنلىكى........................ 271

بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقى................................................. 271

الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەنلىكى................................. 272

ھابىل بىلەن قابىلنىڭ قىسسىسى........................................................ 274

زالىمنىڭ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىنىڭ جازاسىنىڭ كېچىكتۈرۈلمەيدىغانلىقى.............. 277

ئىنساننىڭ ئىنساننى ھۆرمەتلىشىنىڭ ۋاجىبلىقى............................................. 278

ئىسراپخورلۇقتىن توسۇپ سېلىنغان تەھدىت توغرىسىدا....................................... 279

بۇلاڭچى، قاراقچى ۋە بۇزغۇنچىلارغا بېرىلىدىغان جازا...................................... 280

قولغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغان قاراقچى ۋە بۇزغۇنچىلارنىڭ جازالانمايدىغانلىقى............. 282

تەقۋادارلىق قىلىشنىڭ، الله تائالاغا يېقىنلىششىنىڭ ۋە جىھاد قىلىشنىڭ بۇيرۇلۇشى.................... 284

قىيامەتتە كاپىرلارنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك
ئازابتا قالىدىغانلىقى.................................................................. 286

ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى.............................................. 287

ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنىڭ شەرتلىرى.................................................... 287

ئوغرىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى................................................. 288

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن كۆڭلىنى يېرىم
قىلماسلىققا بۇيرۇلغانلىقى............................................................... 291

يەھۇدىيلارنىڭ ھۆكۈملەرنى بۇرمىلىغانلىقى ۋە يامان ئىش قىلغان ئىككى يەھۇدىينىڭ چالما ـ
كېسەك قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى........................................... 291

يەھۇدىيلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىنىڭ سۆكۈلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كىتابى تەۋراتنىڭ ماختالغانلىقى.......... 294

بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشىدىكى باشقا سەۋەبلەر........................................... 295

ئايال كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئەر كىشىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى.................................. 298

يارىلاندۇرۇشنىڭ قىساسى ........ 298
جاراھەتلەندۈرگۈچىدىن قىساس ئېلىشنىڭ قائىدىسى ........ 299
ھەق ئىگىسىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشى بىلەن جىنايەتچىنىڭ ﷲ تائالائالدىدىكى گۇناھىنىڭ يۇيۇلىدىغانلىقى ........ 299
ئىسلامىيەت ئىنسانىيلىك مىللەتلىرى ئاتالغۇلىرىدا ئىسلامنىڭ مەدھىيىلىنىشى ........ 300
قۇرئاننىڭ مەدھىيىلىنىشى، سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى ........ 303
يەھۇدىي، خىرىستىئان ۋە باشقا ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن دوستلىشىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ........ 308
مۆمىنلەردىن دىندىن يانسا، ئورنىغا باشقا بىر مىللەتنىڭ كەلتۈرۈلىدىغانلىقى ........ 310
بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ........ 312
كاپىرلار بىلەن دوستلىشىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ........ 313
كاپىرلارنىڭ ناماز ۋە ئەزاننى مەسخىرە قىلىدىغانلىقى ........ 314
مۆمىنلەر ﷲ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئەھلى كىتابلارنىڭ ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقى ........ 315
ئەھلى كىتابنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئەڭ يامان ئازابقا لايىق بولىدىغانلىقى ........ 316
ئىماننى ئاشكارىلاپ، كۇپۇرلۇقنى يوشۇرۇشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئادەتلىرىدىن ئىكەنلىكى ........ 316
يەھۇدىي موللىلارنىڭ كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى ........ 317
يەھۇدىيلارنىڭ: «ﷲ تائالانىڭ قولى باغلاغلىق» دېگەن سۆزى توغرىسىدا ........ 319
ﷲ تائالانىڭ قولى ئوچۇق، سېخى ئىكەنلىكى ........ 320
قۇرئاننىڭ يەھۇدىيلارنى تېخىمۇ بەك تانغۇچى ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى قىلىدىغانلىقى ........ 320
ئەھلى كىتابلارنىڭ ئۆز كىتابلىرىغا ئەمەل قىلغىنىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدىغانلىقى ........ 321
ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى دىنىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغانلىقى ۋە ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بەرگەنلىكى .. 323
قۇرئانغا ئىشەنمەي تۇرۇپ نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى ........ 325
خىرىستىئانلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى تەۋھىدكە چاقىرغانلىقى ........ 328
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر بەندە، ئانىسىنىڭ راستچىل ئاياللاردىن ئىكەنلىكى ........ 330
شېرىك كەلتۈرۈش ۋە دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ........ 331
ﷲ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن چىققان كاپىرلارغا لەنەت قىلغانلىقى ........ 332
ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە ھەدىس ........ 332
مۇناپىقلارنىڭ ئەيىبلىنىشى ........ 333
بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ........ 334
ئىسلام دىنىدا راھىبلىقنىڭ يوق ئىكەنلىكى ........ 337
مەقسەتسىز قەسەم قىلىش توغرىسىدا ........ 338
قەسەمنى بۇزۇشنىڭ كەففارىتى ........ 338
ھاراق بىلەن قىمارنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ........ 342
تىكلەنگەن تاشلار ۋە پال ئوقلىرى توغرىسىدا ........ 342
ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىغا دائىر ھەدىسلەر ........ 342
ھەرەمدە ۋە ئېھرام ھالىتىدە ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ھاراملىقى ........ 349
ھەرەمدە ياكى ئېھرامدىكى ھالىتىدە ئوۋ ئوۋلاشنىڭ جازاسى ........ 350
ئېھرام ھالىتىدىكى كىشىلەرگە دېڭىز ئوۋلىرىنىڭ ھالال قىلىنغانلىقى ........ 354
ئېھرامدىكى كىشىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋانلارنى ئوۋلىشىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ........ 355
پايدىسىز سوئاللارنى سوراشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ........ 358
ئايەتتە كەلگەن ھايۋانلارنىڭ بايانى ........ 361
مۆمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تۈزىتىشكە بۇيرۇلغانلىقى ........ 363

ۋەسىيەت قىلغاندا ئىككى ئادىل مۇسۇلماننى گۇۋاھچى قىلىش توغرىسىدا.................. 365
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرى ھەققىدە سورىلىدىغانلىقى.................................... 367
الله تائالانىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىشى......................... 368
ئاسماندىن چۈشكەن داستىخاننىڭ قىسسىسى.................................................. 370
تارىختا يۈز بەرگەن ھەيران قالارلىق بىر ۋەقە.............................................. 372
ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شېرىك ئەمەلدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، تەۋھىدكە چاقىرىدىغانلىقى............ 373
قىيامەت كۈنىدە پەقەت راستچىللىقنىڭلا ئەسقاتىدىغانلىقى...............................375

## ئەنئام سۈرىسى

ئەنئام سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە نازىل بولغان ۋاقتى.......................................... 377
الله تائالانىڭ كاتتا ۋە قۇدرەتلىك ھۆكۈمران زات ئىكەنلىكىگە ھەمدۇسانا ئېيتىش................ 378
مۇشرىكلارنىڭ تەرسالىق قىلمىشلىرىغا قارىتا تەھدىت سېلىنغانلىقى.............................. 380
تەرسالىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەيىبلەنگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنساندىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە قايىل بولمىغانلىقى.................................................................. 382
الله تائالا ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە نېئمەت ئاتا قىلغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا......................................................... 385
الله تائالانىڭ پايدا ـ زىيان يەتكۈزگۈچى ۋە تىزگىنلىگۈچى ئىكەنلىكى........................... 387
ئەھلى كىتابلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ باللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدىغانلىقى.... 388
مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن سورىلىدىغانلىقى.................... 389
بەتبەختلەرنىڭ قۇرئاندىن پايدىلىنالمايدىغانلىقى................................................ 390
ئازابنى كۆرگەندە قۇرۇق ئارزۇلارنىڭ پايدىسى بولمايدىغانلىقى.................................. 392
الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەنلىكى.................................. 395
مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى........................................................ 398
"ئۇممەتلەر" دېگەن سۆزنىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا..................... 399
كاپىرلارنىڭ زۇلمەت ئىچىدىكى گاس ـ گاچىلار ئىكەنلىكى........................................ 400
مۇشرىكلارنىڭ ئازابنى كۆرگەندە، ھېچ شېرىكى يوق الله تائالاغىلا ئىلتىجا قىلىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى پاكىت بولىدىغانلىقى............................................................ 402
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ خەزىنىلىرىگە ئىگە ئەمەسلىكى.................... 406
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئاجىز ساھابىلىرىنى قوغلىۋېتىشتىن توسۇلغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى.................................................. 408
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ ئوچۇق پاكىتقا ئىگە ئىكەنلىكى، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنىڭ پەقەت الله تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكى........................................................... 411
غەيبنى پەقەت الله تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى................................................... 413
بەندىلەرگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ الله تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى................................ 414
الله تائالانىڭ مەرھەمىتى، ئىززەتلىشى، غەزەپ قىلىشى ۋە جازالىشىنىڭ بايانى.................. 418
دىنغا دەۋەت قىلىشنىڭ مەجبۇرلاش ئەمەس، پەقەت توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى.... 421
الله تائالانىڭ ئايەتلىرى مەسخىرە قىلىنغان سورۇنلاردا ئولتۇرۇشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى.......... 422
ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغاندىن كېيىن، كۇپۇرلۇققا قايتقان كىشىنىڭ مىسالى............ 424
سۇر چېلىنىشىنىڭ بايانى.......................................................................... 426
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقى.................................. 427

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا الله تائالانى بىر دەپ تونۇش پاكىتلىرىنىڭ ئايدىڭلاشقانلىقى ........ 428
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى ........ 429
شېرىكنىڭ ئەڭ چوڭ زۇلۇم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ........ 433
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياشانغاندا، ئۇنىڭغا ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارنىڭ بېرىلگەنلىكى ........ 435
نۇھ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىمتىيازلار ........ 437
شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەمەللىرىنىمۇ بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقى ........ 439
پەيغەمبەرنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن چىقىرىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كىتاب نازىل قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ........ 441
الله تائالاغا بوھتان چاپلىغان ۋە ئۆزىگە ۋەھيي چۈشكەنلىكىنى دەۋا قىلغان كىشىدىن ئارتۇق ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىنىڭ يوقلۇقى ........ 444
ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچىلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللىرى ........ 444
الله تائالانى (ئۇنىڭ) بەزى ئالامەتلىرى ئارقىلىق تونۇش توغرىسىدا ........ 448
مۇشرىكلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا ........ 453
الله تائالانىڭ ئاسمان - زېمىنلارنى ئوخشىشى بولۇپ باقمىغان شەكىلدە ياراتقانلىقى ........ 455
الله تائالانىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئىكەنلىكى ........ 456
ئاخىرەتتە الله تائالانى كۆرۈش توغرىسىدا ........ 456
دەلىل - پاكىتلارنىڭ بايانى ........ 458
پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەھيىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانلىقى ........ 461
مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانى تىللىماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللاشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ........ 462
مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ: مۆجىزە كەلسە چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، - دەپ قەسەم بەرگەنلىكى ........ 463
ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمىنى بولىدىغانلىقى ........ 466
كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكى ........ 470
الله تائالانىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ماللارنىڭ ھالال قىلىنغانلىقى ........ 470
الله تائالانىڭ نامى تىلغا ئېلىنماي بوغۇزلانغان ماللارنىڭ گۆشىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ........ 472
شەيتاننىڭ ۋەھيىسىنىڭ ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسى ئىكەنلىكى ........ 473
بىر ئادەمنىڭ سۆزىنى الله تائالانىڭ ھۆكمىنىڭ ئۈستىگە قويۇشنىڭ شېرىك ھېسابلىنىدىغانلىقى ........ 474
كاپىرلارنىڭ زۇلمەتكە، مۆمىنلەرنىڭ نۇرغا ئوخشىتىلغانلىقى ........ 475
گۇناھكارلارنىڭ چوڭلىرى، ھىيلە - مىكىرلىرى ۋە ئاقىۋىتى توغرىسىدا ........ 477
كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنىڭ ئېسىللىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ........ 479
الله تائالانىڭ بەزى زالىملارنى بەزى زالىملارغا ھۆكۈمران قىلىپ قويىدىغانلىقى ........ 485
الله تائالانىڭ ئىنسان ۋە جىنلاردىن: سىلەرگە پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟ - دەپ سوراش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغانلىقى ........ 486
ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا يوق قىلىنىۋېتىدىغانلىقى بىلەن قىلىنغان تەھدىت سېلىنغانلىقى ........ 490
بەزى شېرىك ئىشلارنىڭ بايانى ........ 492
شەيتاننىڭ مۇشرىكلارغا ئۆز بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتكەنلىكى ........ 494
مۇشرىكلارنىڭ بەزى چارۋا ماللارنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغانلىقى ........ 495
الله تائالانىڭ مېۋىلەرنى، دانلارنى ۋە چارۋا ماللارنى ياراتقان زات ئىكەنلىكى ........ 498
ئىسراپچىلىقنىڭ بايانى ........ 500
چارۋا ماللارنىڭ پايدىلىرى ........ 500
ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە ۋە شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەسلىككە بۇيرۇش ........ 501

ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ بايانى ........ 504
يەھۇدىيلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئەسلىدە ھالال نەرسىنىڭ ئۇلارغا ھارام قىلىنىپ كەتكەنلىكى ........ 506
يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلىسى ۋە الله تائالانىڭ ئۇلارغا لەنەت قىلغانلىقى ........ 507
الله تائالانىڭ مۇشرىكلارنىڭ خاتالىقىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا رەددىيە بەرگەنلىكى ........ 509
ئون تۆرلۈك نەسىھەت ........ 511
الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا ........ 513
ئاتا - ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ بۇيرۇلۇشى ........ 513
باللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ........ 514
ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ........ 516
يېتىملارنىڭ مېلىنى يەۋېلىشنىڭ ھاراملىقى ........ 517
ئۆلچەم - تارازىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ........ 517
گۇۋاھلىقتا ئادىل بولۇشنىڭ ئەمر قىلىنىشى ........ 518
الله تائالاغا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ........ 518
توغرا يولغا ئەگىشىشكە بۇيرۇش ۋە خاتا يوللاردىن توسۇش توغرىسىدا ........ 519
تەۋرات بىلەن قۇرئاننى مەدھىيىلەش توغرىسىدا ........ 521
قۇرئاننىڭ الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلار ئۈستىدىكى پاكىتى ئىكەنلىكى ........ 523
ئىمان ئېيتىش ۋە تەۋبە قىلىشنى كېيىنگە تارتقۇچىغا قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا ........ 524
دىندا بۆلۈنۈپ كېتىشنى ئەيىبلەش توغرىسىدا ........ 526
بىر ياخشىلىقنىڭ ئون ھەسسە قىلىنىدىغانلىقى، بىر يامانلىقنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭلا يېزىلىدىغانلىقى ........ 528
ئىسلام دىنىنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكى ........ 530
ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى ........ 531
ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىكەنلىكى ........ 532
ئىخلاس بىلەن تەۋەككۈل قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا ........ 534
بىر گۇناھكار كىشىنىڭ يەنە بىر گۇناھكار كىشىگە مەسئۇل ئەمەسلىكى ........ 534
الله تائالانىڭ سىناش ئۈچۈن كىشىلەرنى بىرى - بىرىگە ئورۇنباسار قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلىق قىلغانلىقى ........ 536


## ئەئراف سۈرىسى


ھالاك قىلىنغان شەھەرنىڭ ئەھۋالى ........ 541
ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئۆلچىنىدىغانلىقى ........ 543
ئاسمان - زېمىندىكى بارلىق نېئمەتلەرنىڭ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ........ 545
ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىلەرنىڭ سەجدە قىلغانلىقى، ئەمما ئىبلىسنىڭ سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ........ 546
ئىبلىسنىڭ سېلىشتۇرغۇچىلارنىڭ تۇنجىسى ئىكەنلىكى ........ 548
شەيتاننىڭ ئادەم ۋە ھەۋۋاغا ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزگەنلىكى ........ 552
ئادەم، ھەۋۋا، ئىبلىس ۋە يىلاننىڭ زېمىنغا چۈشۈرۈلۈشى ........ 554
كىيىم ۋە زىننەتلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ........ 555
شەيتاننىڭ پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ........ 556
كاپىرلارنىڭ يامان قىلمىشلارنى قىلىپ، ئۇنى الله تائالاغا دۆڭگەپ قويىدىغانلىقى ........ 557

الله تائالانىڭ يامان ئىشلارغا ئەمەس، ئادىل ۋە ئىخلاسمەن بولۇشقا بۇيرۇيدىغانلىقى........................ 558
الله تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكى ۋە قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا.................................. 558
مەسچىتكە چىرايلىق كىيىنىپ بېرىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى........................................... 561
يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكتە ئىسراپچىلىق قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى................. 561
يامان ئىشلار، الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، بوھتان چاپلاش ۋە ناھەقچىلىق قىلىش قاتارلىقلارنىڭ
هارام ئىكەنلىكى................................................................................ 563
الله تائالاغا بوھتان چاپلىغان مۇشرىكلارنىڭ ئۆز نېسىۋىلىرىگە ئېرىشىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەت
قىلغان بۇتلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى................................................ 565
دوزاختا كىرگەنلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، ئۆزئارا لەنەت ئېيتىشىدىغانلىقى............. 566
الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئاسمان ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ
جەننەتكە مەڭگۈ كىرەلمەيدىغانلىقى........................................................... 568
ياخشى كىشىلەرنىڭ بارار جايى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى................................. 570
دوزاختا كىرگەنلەرنىڭ ھەسرەت ئۇستىگە ھەسرەت چېكىدىغانلىقى................................ 571
ئەئراف(توسما) ۋە ئۇنىڭدىكى ئادەملەر توغرىسىدا.................................................. 573
جەننەتتىكى نازۇنېمەتلەرنىڭ دوزاختىكىلەرگە ھارام قىلىنغانلىقى.................................. 575
مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا ھېچبىر باھانە ـ سەۋەبنىڭ يوقلىقى........................... 577
قارار ئېلىش دېگەن سۆزنىڭ ئىزاھاتى.............................................................. 579
كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ الله تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى............. 580
دۇئا قىلىشقا قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا............................................................ 581
الله تائالانىڭ دۇئادا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلەرنى ياقتۇرمايدىغانلىقى........................... 582
زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسۇش توغرىسىدا................................................. 582
يامغۇرلارنىڭ ياغدۇرۇلۇشى ۋە مېۋىلەرنىڭ چىقىرىلىشىنىڭ الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان
ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى........................................................................ 583
نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى................................................. 585
ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئاد قەۋمىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا.............................. 589
ئاد قەۋمىنىڭ ياشىغان جايلىرى توغرىسىدا....................................................... 589
ھۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئارىسىدا بولغان مۇنازىرىلەر...................................... 590
ئاد قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى.......................................................................... 592
ئاد قەۋمى ئەلچىسىنىڭ قىسسىسى................................................................ 593
سەمۇد قەۋمىنىڭ ياشىغان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبى........................................... 595
سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى............................................... 596
سەمۇد قەۋمىنىڭ قۇرام تاشتىن تۆگە چىقىرىلىشىنى تەلەپ قىلىشى ۋە تۆگىنىڭ چىققانلىقى............. 596
تۆگىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ بايانى................................................................. 598
يامان ئادەملەرنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى، ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنىڭ
ئالامەتلىرى ۋە ئازابنىڭ كەلگەنلىكى........................................................... 600
لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى............................................... 603
شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ۋە مەديەنلىكلەرنىڭ قىسسىسى........................................... 606
ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ سىنالغانلىقى توغرىسىدا................................................ 611
بەرىكەتنىڭ ئىمان بىلەن، غەزەپنىڭ كۇپۇرلۇق بىلەن كېلىدىغانلىقى.............................. 612
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى.................................................. 616

مۇسا ئەلەيهسسالامنىڭ هاسىسى ۋە قولى توغرىسىدا........................ 618
پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ مۇسا ئەلەيهسسالامنى سېهىرگەر دېگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا
سېهىرگەرلەر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلىغانلىقى........................ 620
سېهىرگەرلەرنىڭ مۇسا ئەلەيهسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ ئارغامچا، هاسىلىرىنى يىلانغا ئايلاندۇرۇش
ئۈچۈن سېهىر ئىشلەتكەنلىكى........................ 621
مۇسا ئەلەيهسسالامنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە سېهىرگەرلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكى........................ 622
سېهىرگەرلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، پىرئەۋننىڭ ئۇلارغا سالغان تەهدىتى ۋە ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى... 624
پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى ۋە مۇسا ئەلەيهسسالامنىڭ ئۇلارغا الله تائالانىڭ
ياردەم بېرىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە قىلغانلىقى........................ 626
پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قەهەتچىلىك بىلەن سىنالغانلىقى........................ 628
پىرئەۋن قەۋمىنىڭ هەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئۇلارغا تۈرلۈك ئازابلارنى ئەۋەتكەنلىكى.... 629
پىرئەۋن ۋە قەۋمىنىڭ دېڭىزغا غەرق قىلىنىۋېتىلگەنلىكى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بەرىكەتلىك زېمىنغا
مىراسخور قىلىنغانلىقى........................ 633
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دېڭىزدىن ساق - سالامەت چىققانلىقى ۋە ئىبادەت قىلىنىدىغان بىر بۇت بار
جايدىن ئۆتكەنلىكى........................ 634
ئىسرائىل ئەۋلادىغا الله تائالانىڭ نېئمەتلىرىنىڭ ئەسلىتىلگەنلىكى........................ 635
مۇسا ئەلەيهسسالامنىڭ روزا تۇتقانلىقى ۋە قەۋمىدىن ئايرىلىپ، 40 كۈن ئىبادەت قىلغانلىقى........................ 636
مۇسا ئەلەيهسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى........................ 637
مۇسا ئەلەيهسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللانغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تاختىلارنىڭ بېرىلگەنلىكى........................ 638
چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى چۈشىنىشتىن مەهرۇم قىلىنغانلىقى........................ 640
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلغانلىقى........................ 642
مۇسا ئەلەيهسسالامنىڭ ئاچچىقى يانغاندا تاختىلارنى قولىغا ئالغانلىقى........................ 646
مۇسا ئەلەيهسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن 70 كىشىنى الله بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېلىپ
بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ هالاك قىلىنغانلىقى........................ 647
الله نىڭ ئايەتلىرىگە، پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن ۋە زاكاتلارنى ئادا قىلغان تەقۋادارلارنىڭ
الله نىڭ رەهمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى........................ 649
پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ سۈپەتلىرى........................ 651
مۇهەممەد ئەلەيهسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكى........................ 654
يەهۇدىيلارنىڭ الله تائالانىڭ شەنبە كۈنىدىكى چەكلىمىلىرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى........................ 658
ئۇلارنىڭ مايمۇنغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى توسقۇچىلارنىڭ
قۇتۇلدۇرۇلغانلىقى........................ 660
يەهۇدىيلارغا خارلىقنىڭ مەڭگۈ يار بولىدىغانلىقى........................ 661
ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يەر يۈزىگە چېچىلىپ كەتكەنلىكى........................ 663
يەهۇدىيلارنىڭ هەددىدىن بەك ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن باشلىرىنىڭ ئۈستىگە تۇر تېغىنىڭ
تىكلەنگەنلىكى........................ 665
ئادەم باللىرىدىن ئېلىنغان ۋەدىنىڭ بايانى........................ 666
بەلئەم ئىبنى بائۇرانىڭ قىسسىسى ۋە ئىلىمدىن ئايرىۋېتىلگەن ئالىمنىڭ مىسالى........................ 669
كۇپپۇرلۇق ۋە قازايى - قەدەر توغرىسىدا........................ 675
الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى........................ 677
قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى........................ 682

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى، ھەتتا ئۆزىگىمۇ پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە ئىگە بولالمايدىغانلىقى.......................................................... 687
بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى ئىكەنلىكى.............................. 688
مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ھېچنېمىنى يارىتالمايدىغانلىقى، ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقى ۋە ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەسلىكى.............................................. 691
ئەپۇنى دوست تۇتۇشنىڭ بۇيرۇلۇشى............................................ 695
تەقۋادارلارنىڭ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە قارىتا تۇتىدىغان يولى.............................. 698
شەيتاننىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكى.............................. 698
مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى........................................ 700
قۇرئاننى دىققەت بىلەن تىڭشاشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى.............................. 701
ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا ئىبادەت ۋە زىكىر قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى.............................. 701

## ئەنفال سۈرىسى

ئەنفال (غەنىمەتلەر) توغرىسىدا........................................................ 703
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى................................................ 704
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب.......................................... 704
راستچىل مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى.................................................. 706
قۇرئان ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئىماننىڭ كۈچىيىدىغانلىقى.............................. 707
تەۋەككۈل قىلىشنىڭ بايانى.................................................... 708
مۆمىنلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بايانى.............................................. 708
ئىماننىڭ ھەقىقىتى............................................................ 709
كامىل ئىماننىڭ مېۋىسى........................................................ 709
پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشنىڭ مۆمىنلەرنى ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.............................. 710
مۇسۇلمانلارنىڭ ياردەم تىلىگەنلىكى، ﷲ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەنلىكى.................................................... 714
مۇسۇلمانلارنى مۈگدەك باسقانلىقى.............................................. 718
بەدرى كېچىسى يامغۇر ياغقانلىقى توغرىسىدا...................................... 719
ﷲ تائالانىڭ پەرىشتىلەرنى مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى چىداملىق قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇشى.................................................... 720
ئۇرۇش كۈنى ئارقىغا قېچىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ۋە قاچقانلارنىڭ جازاسى.............................. 722
كاپىرلارنى ﷲ تائالانىڭ ئۆلتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە توپا چېچىشى.............................. 724
مۇشرىكلارنىڭ ياردەم تىلىگەنلىكىگە بېرىلگەن جاۋاب.............................. 726
ﷲ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا.............................. 728
ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشنىڭ بۇيرۇلۇشى.............................. 729
ﷲ تائالانىڭ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدىغانلىقى.............................. 730
ئومۇمىيۈزلۈك بالا ـ قازاغا گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا.............................. 731
مۇسۇلمانلارغا ئىلگىرىكى خارلىنىش ۋە بوزەك قىلىنىشلىرىنىڭ، كېيىن ئېرىشكەن كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە غەلبىلىرىنىڭ ئەسلىتىلىشى.............................................. 734
بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ۋە خىيانەت قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى.............................. 735

مەككە خەلقىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش، سولاپ قويۇش ۋەياكى مەككىدىن ھەيدەپ
چىقىرىۋېتىش توغرىسىدىكى سۇيىقەستلىرىنىڭ بايانى.......... 738
قۇرەيشلىكلەرنىڭ: قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتاب كەلتۈرەلەيمىز، ـ دەپ بىلجىرلىغانلىقى.......... 740
مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى.......... 741
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، الله
نىڭ ئۇلارغا ئازابنى چۈشۈرمىگەنلىكى.......... 742
مۇشرىكلارنىڭ قاتتىق ئېغىر گۇناھلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى.......... 744
كاپىرلارنىڭ باشقىلارنى الله نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەرپ قىلىشىنىڭ
ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى.......... 746
كاپىرلارنىڭ تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى.......... 749
كۇپرى ۋە شېرىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى.......... 749
ئۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنغان ۋە ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ ھۆكمى.......... 752
بەدرى ئۇرۇشىنىڭ تەپسىلاتلىرى.......... 756
الله تائالانىڭ ھەر بىر تەرەپنىڭ قوشۇننى قارشى تەرەپكە ئاز كۆرسەتكەنلىكى.......... 759
ئۇرۇش پرىنسىپلىرىنىڭ ئۆگىتىلىشى.......... 761
دۈشمەن بىلەن قارىمۇ قارشى ھالغا كەلگەندە تەمكىن تۇرۇشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى.......... 761
مۇشرىكلارنىڭ بەدرى ئۇرۇشىغا چىققان چاغدىكى ھالىتى.......... 763
شەيتاننىڭ ئۇلارغا ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ مەغرۇرلاندۇرغانلىقى.......... 764
مۇشرىكلارنىڭ بەدرى ئۇرۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى.......... 765
پەرىشتىلەرنىڭ كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ئالغانلىقى.......... 766
كۇپۇرلۇق قىلغان ۋەئەھدىنى بۇزغان كاپىرلارنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا.......... 769
خىيانەت كۆرۈلگەندە ئەھدىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىكار قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى.......... 770
الله تائالانىڭ دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش ئۈچۈن مۆمىنلەرنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرىغانلىقى... 771
ئەگەر دۈشمەن تىنچلىققا مايىل بولغان تەقدىردە، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ تىنچلىققا مايىل بولۇشقا بۇيرۇلغانلىقى... 773
الله تائالانىڭ مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت نېمىتىنى ئەسكەرتكەنلىكى..........774
ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇرۇش، سانى ئاز مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ كاپىرلارنىڭ ئۈستىدىن
غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش توغرىسىدا.......... 775
ئەسىرگە چۈشكەنلەر ياخشىلاردىن بولسا، ئۇلارغا ئېلىنغان فىدىيەنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ياخشى
نەرسىنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنىڭ ۋەدە قىلىنغانلىقى.......... 779
مۇھاجىر ـ ئەنسارىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىگە بولغانلىقى.......... 782
ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلمىغانلارغا ئىگىدارچىلىقنىڭ بولمايدىغانلىقى.......... 783
ھەقىقىي مۆمىنلەر توغرىسىدا.......... 786
ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مىراسخورلۇق قىلىدىغانلىقى.......... 786

# نىسا سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 176 ئايەت

## بۇ سۈرىنىڭ مەدىنىدە چۈشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ پەزىلىتى

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: نىسا سۈرىسى مەدىنىدە چۈشكەن. شۇنىڭدەك، ئىبنى مەردەۋەي ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير بىلەن زەيد ئىبنى سابىتنىڭ: بۇ سۈرە مەدىنىدە چۈشتى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

هاكىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ھەقىقەتەن) نىسا سۈرىسىدە بەش ئايەت بار، دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى بۇ بەش ئايەت مېنى خۇرسەن قىلغاندەك خۇرسەن قىلالمايدۇ. ئۇ بەش ئايەت بولسا: ﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ﴾[1]، ﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز﴾[2]، ﴿الله ھەقىقەتەن الله غا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا﴾[4]، ﴿كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ الله نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى

(1) نىسا سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نىسا سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) نىسا سۈرىسى 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆرىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتلەردۇر.

ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر مەندىن نىسا سۈرىسى توغرىسىدا سوراڭلار، ھەقىقەتەن مەن قۇرئاننى كىچىكىمدىن تارتىپ ئوقۇيتتىم.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفۡسٖ وَٰحِدَةٖ وَخَلَقَ مِنۡهَا زَوۡجَهَا وَبَثَّ مِنۡهُمَا رِجَالٗا كَثِيرٗا وَنِسَآءٗۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِي تَسَآءَلُونَ بِهِۦ وَٱلۡأَرۡحَامَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَيۡكُمۡ رَقِيبٗا ﴿١﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ﷲ دىن قورقۇڭلار، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، ﷲ ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر﴿1﴾.

## تەقۋادارلىق قىلىشقا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىش توغرىسىدا

ﷲ تائالا مەخلۇقاتلىرىنى ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ ۋە ئۇلارنى بىر جاندىن ياراتقانلىقىنى يەنى تۇنجى قېتىم ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، ئۇ ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا سول قوۋۇرغىسىدىن ئايالى ھەۋۋانى ياراتقانلىقىنى، ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانلارنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾**.

ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «شۈبھىسىزكى، ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارىتىلدى. قوۋۇرغىنىڭ ئۇچ تەرىپى ئەگرىدۇر. سەن قوۋۇرغىنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسەن[2]. ئەگەر سەن ئۇ ئەگرى قوۋۇرغىدىن ئۆز پېتىچە مەنپەئەتلىنەي دېسەڭ، ئۇنىڭدىن

---

(1) نىسا سۈرىسى 110 - ئايەت.

(2) يەنى بۇ يەردىكى «قوۋۇرغىنى تۈزلەيمەن دېسەڭ» دېگىنى، ئەگەر بىر كىشى ئايالىنىڭ مىجەزىنى بىرلا قېتىمدا ئۆزگەرتىمەن دەپ ئويلىسا، ئايالدىن ئاجرىشىپ كېتىش ئاقىۋىتىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا ئاياللارغا خۇددى ئەگرى قوۋۇرغىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم.

مەنپەئەتلىنەلەيسەن» .

﴿**الله ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتتى**﴾ يەنى الله تائالا ئادەم ۋە ھەۋۋادىن نۇرغۇنلىغان ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ياراتتى، ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، سۈپەتلىرى، رەڭلىرى ۋە تىللىرى ئوخشاشمىغان ھالەتتە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالدى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قايتىدىغان ئورنى الله تائالانىڭ دەرگاھى بولىدۇ.

﴿**بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله دىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار**﴾ يەنى سىلەر الله تائالاغا بويسۇنۇش بىلەن ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار. زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: نامى بىلەن كېلىشىم تۈزىشىدىغان ۋە ۋەدە قىلىشىدىغان الله تائالادىن قورقۇڭلار.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ھەسەن، زەھھاك ۋە رەبىئ قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار. بەلكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىپ، تۇغقاندارچىلىقنى مۇستەھكەملەڭلار.

﴿**الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى ئۇ سىلەرنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭلارنى ۋە ھەممە ھالەتلىرىڭلارنى كۆزەتكۈچىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كەلدى: «سەن الله تائالاغا خۇددى سەن ئۇنى كۆرۈۋاتقاندەك ئىبادەت قىلغىن، ئەگەر سەن ئۇنى كۆرمىسەڭمۇ، جەزمەن ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» . الله تائالا ئىنسانلارغا، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى پېقىر ۋە ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن تۇغۇلغان قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئەسلەتتى.

ئىمام مۇسلىم جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن نامىزنى ئوقۇپ بولۇپ، ساھابىلىرىگە تەبلىغ قىلىۋاتقاندا، مۇزەر قەبىلىسىلىك بىر تۈركۈم پېقىر كىشىلەر يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ تەبلىغدە الله تائالانىڭ: ﴿**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله دىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ ۋە: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن﴾[2] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ساھابىلەرنى سەدىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ: «سىلەر

(1) بۇرۇج سۈرىسى 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەشر سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دىناردىن، دەرھەمدىن، بۇغدايدىن ۋە خورمىدىن سەدىقە قىلىڭلار...» دېگەنىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۈچ ئايەت ئوقۇدى، دەپ بايان قىلىندى.

* * * * * * *

وَءَاتُواْ ٱلۡيَتَٰمَىٰٓ أَمۡوَٰلَهُمۡۖ وَلَا تَتَبَدَّلُواْ ٱلۡخَبِيثَ بِٱلطَّيِّبِۖ وَلَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَهُمۡ إِلَىٰٓ أَمۡوَٰلِكُمۡۚ إِنَّهُۥ كَانَ حُوبٗا كَبِيرٗا
﴿٢﴾ وَإِنۡ خِفۡتُمۡ أَلَّا تُقۡسِطُواْ فِي ٱلۡيَتَٰمَىٰ فَٱنكِحُواْ مَا طَابَ لَكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ مَثۡنَىٰ وَثُلَٰثَ وَرُبَٰعَۖ فَإِنۡ خِفۡتُمۡ
أَلَّا تَعۡدِلُواْ فَوَٰحِدَةً أَوۡ مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۚ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَلَّا تَعُولُواْ ﴿٣﴾ وَءَاتُواْ ٱلنِّسَآءَ صَدُقَٰتِهِنَّ نِحۡلَةٗۚ فَإِن
طِبۡنَ لَكُمۡ عَن شَيۡءٖ مِّنۡهُ نَفۡسٗا فَكُلُوهُ هَنِيٓـٔٗا مَّرِيٓـٔٗا ﴿٤﴾

يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار، ياخشىسىنى يامانغا (يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى، ئۆزەڭلارنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ يامىنىغا) تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزەڭلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴿2﴾. ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴿3﴾. ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىق (يەنى پاكىستان، ھالال بىلىپ) يەڭلار﴿4﴾.

## يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلاشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا (يېتىملارغا ئىگە بولغان كىشىلەرنى) يېتىملەر بالاغەتكە يەتكەندە، (ئۇلارغا) ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تولۇق قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە يېتىملارغا ئىگە بولغانلارنى ئۇ ماللارنى يەۋېلىشتىن ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ماللىرىغا قوشۇۋېلىشتىن توسىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ياخشىسىنى يامانغا (يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى، ئۆزەڭلارنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ يامىنىغا) تېگىشىۋالماڭلار﴾**.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە زۆھرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى سەن يېتىمغا ئورۇقنى بېرىپ، سېمىزنى ئېلىۋالما دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىبراھىم نەخەئى ۋە زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يېتىمغا ساختىسىنى بېرىپ، ئۆزەڭ ئەسلىسىنى ئېلىۋالما. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار يېتىمنىڭ سېمىز

22

قوينى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئورۇق قويدىن بىرنى سەپلەپ قويۇپ: بىر قويغا بىر قوي بولدى؛ ۋە راست دەرھەمنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يالغان دەرھەمنى بېرىپ: بىر دەرھەمگە بىر دەرھەم بولدى، ـ دەيتتى.

**﴿ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزەڭلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار﴾** مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، سۇددى ۋە سۇفيان ئىبنى ھۇسەين قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئۇنى (يەنى يېتىمنىڭ ماللىرىنى ئۆزەڭلەرنىڭ ماللىرى بىلەن) ئارىلاشتۇرماڭلار، بولمىسا ئۇنى يەپ قويىسىلەر.

**﴿بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ناھايىتى چوڭ گۇناھتۇر. شۇنىڭدەك مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، ئىبنى سىرىن، قەتادە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان، زەھھاك، ئەبۇمالىك، زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە ئەبۇسىنان قاتارلىقلارمۇ (بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى) ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دېگەندەك بايان قىلدى.

بۇ ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: يېتىملارنىڭ ماللىرىنى ئۆزەڭلەرنىڭ ماللىرىڭلارغا قوشۇپ يەۋېلىشىڭلار، جەزمەن چوڭ گۇناھ ۋە چوڭ خاتالىقتۇر. سىلەر بۇنىڭدىن ساقلىنىڭلار دېگەنلىكتۇر.

## يېتىم قىزلارغا تويلۇق بېرىشتە ئادىل بولۇش توغرىسىدا

**﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ﴾** يەنى بىرىڭلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا يېتىم قىز بولسا، ئۇ قىزنى ئالماقچى بولۇپ، چىراي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۇ قىزغا ئوخشاش بولغان قىزلارغا بېرىلىدىغان تويلۇقنى بېرەلمەسلىكتىن قورقساڭلار، (ئۇ قىزنى ئالماي) ئۇنىڭدىن باشقا قىزلارنى ئېلىڭلار. الله رىزقىڭلارنى كېمەيتىپ قويمايدۇ.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىگىدارچىلىقىدا بىر يېتىم قىز بار بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ قىز ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە خورمىلىقىغا شېرىك ئىدى. ئۇ ئادەم ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئالدى. بۇنداق قىلىشى، ئۇ قىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بولماي، بەلكى ئۇ قىزنىڭ مال ـ مۈلكىنى كۆزلىگەنلىكىدىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.

ئىمام بۇخارى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى! بۇ بىر ئادەم ئىگە بولغان يېتىم قىزدۇر، قىز ئۇ ئادەمنىڭ مېلىغا شېرىك ئىدى. ئۇ كىشى قىزنىڭ مال ـ مۈلكىگە ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا قىزىقىپ قالدى، ئەمما ئۇ قىزغا تويلۇق

بېرىشتە ئادىل بولماي (ئۇ قىزدىن باشقىسىنى ئالغىنىدا بېرىدىغان تويلۇقنى بەرمەستىن)، (ئۇ قىزنى) ئالماقچى بولدى. ئاندىن يېتىم قىزلارغا ئىگە بولغان كىشىلەر ئۇ قىزلارغا ئادىللىق قىلماي تۇرۇپ ۋە تويلۇقنى تولۇق بەرمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئېلىشتىن چەكلەندى. ئەگەر ئۇلار يېتىم قىزلارغا ئادىل بولالمىسا، ئۇلارغا كۆڭلى تارتقان باشقا قىزلاردىن ئېلىشقا رۇخسەت بېرىلدى. كىشىلەر بۇ ئايەت چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەتىۋا سوراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ...﴾[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ﴿ئۇلارنى ئەرگە بەرمەيسىلەر﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېشىدىكى يېتىم قىزنىڭ مال - مۈلكى ئاز، ئۆزى سەت بولسا ئۇنى ئالمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، - دېدى. مال - مۈلكى ئاز، ئۆزى سەت يېتىم قىزلارنى ئېلىشنى خالىماي، مال - مۈلكى كۆپ ۋە چىرايلىق قىزلارغا قىزىقىپ (ئۇلارنى) ئالماقچى بولغانلار (ئۇ قىزلارنىڭ) تويلۇقنى تولۇق بەرمىگۈچە، ئۇلارنى ئېلىشتىن چەكلەندى.

## پەقەت تۆتلا ئايال ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقى

**﴿ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ﴾** يەنى سىلەر ئۇ يېتىم قىزلاردىن باشقا خالىغان ئاياللارنى ئېلىڭلار، خالىساڭلار ئىككىنى، ئۈچنى، تۆتنى ئېلىڭلار. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە كۆپلىگەن ئالىملار بۇ ئايەتكە ئاساسەن: بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىردىن تۆتكىچە خوتۇننى نىكاھىدا ساقلىشى دۇرۇس (لېكىن تۆتتىن ئارتۇقنى ساقلىسا بولمايدۇ)، - دېدى. چۈنكى، بۇ يەردىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنى خوتۇن ئېلىشنى يولغا قويۇش توغرۇلۇقتۇر، ئەگەر تۆتتىن ئارتۇق خوتۇننى ساقلاش دۇرۇس بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە (الله تائالا) بۇنى بايان قىلاتتى.

ئىمام ئەھمەد سالىمنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەقەفىيلىك غەيلان ئىبنى سەلەمە مۇسۇلمان بولغاندا، ئۇنىڭ ئون ئايالى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئاياللىرىڭنىڭ ئىچىدىن تۆتنى تاللىۋالغىن، - دېدى. غەيلان ئىبنى سەلەمە تۆتنى تاللىۋالدى. ئۇ ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ تۆت ئايالىنىمۇ تالاق قىلىۋەتتى ۋە مال - مۈلكىنى بالىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۆمەرگە بۇ ھەقتە خەۋەر يەتكەندە، (ئۆمەر) ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن مەن شەيتان ئوغرىلىقچە سۆز ئاڭلاۋاتقاندا، سېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىڭنى ئاڭلىۋېلىپ، بۇ ئىشنى سېنىڭ كۆڭلۈڭگە سالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن، سەن ئازلا ياشايدىغاندەك تۇرىسەن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ئاياللىرىڭ بىلەن يېنىشىسەن ۋە تەقسىم قىلىپ بولغان مال - مۈلكىڭنى قايتۇرىۋالىسەن ياكى سەن ئۆلگەندە، مەن ئاياللىرىڭغا سېنىڭ ماللىرىڭدىن مىراس بۆلۈپ بېرىمەن ۋە ئەبۇرىغالنىڭ قەبرىسىنى چالما

(1) نىسا سۈرىسى 127 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 127 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ـ كېسەك قىلغاندەك، سېنىڭ قەبرەڭنىمۇ چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇيمەن، ـ دېدى[1].

بۇ ھەدىستىن شۇنداق دەلىل ئالالايمىزكى، ئەگەر بىر كىشىنىڭ تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى ساقلىشى دۇرۇس بولسا، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيلان ئىبنى سەلەمەنىڭ قالغان ئاياللىرىنىمۇ ئۇنىڭ ئەمرىدە قېلىشقا رۇخسەت قىلاتتى. ئۇلارمۇ غەيلان ئىبنى سەلەمە بىلەن بىللە ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيلاننى ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىن تۆتنى تاللىۋېلىپ، قالغانلىرىنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇغانلىقى، ئەلۋەتتە، تۆتتىن ئارتۇق ئايالنى بىراقلا نىكاھىدا ساقلاشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## ئادىل بولالماسلىقتىن قورققاندا بىر ئايال بىلەنلا ئۆتۈش توغرىسىدا

**﴿ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ﴾**. بەندىلەرنىڭ ئادىل بولالمايدىغانلىقى توغرىسىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلىنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر﴾[2].

لېكىن چۆرىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش ۋاجىب ئەمەس، بەلكى، بۇ مۇستەھەبتۇر، ئادىللىق قىلىش ياخشىدۇر، قىلمىسا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. **﴿بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾**.

## تويلۇق بېرىشنىڭ ۋاجىبلىقى

**﴿ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ بېرىڭلار﴾** ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە بىر نەچچە خىل كۆز قاراشلىرى بار. بۇ كۆز قاراشلارنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا: ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىگە تويلۇق بېرىشى ۋاجىب بولۇپ، ئۇ تويلۇقنى ئۇ ئاياللارغا خۇشاللىق ۋە رازىلىق بىلەن بېرىشى لازىم. ئەگەر (ئەر كىشى: مەن ساڭا مۇنچىلىك تويلۇق بېرىمەن دەپ) تويلۇقنى ئاتاپ بولغاندىن كېيىن ياكى تويلۇقتىن بىر قىسمىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئايال قالغان بىر بۆلىكىنى ئەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى ھالال، پاك دەپ يېسە بولىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىق (يەنى پاكىستان، ھالال بىلىپ) يەڭلار﴾**.

* * * * * * *

(1) ئۆمەرنىڭ ئۇنى ئاياللىرى بىلەن يېنىششقا بۇيرۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئۆلگەندە ئاياللىرىغا مال ـ مۈلكىدىن مىراس بۆلۈپ بېرىلىشى لازىم بولىدۇ. مەلۇم بىر كىشىنىڭ: مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئاياللىرىم مەندىن مىراس ئالىدىغۇ دەپ، ئاياللىرىنىڭ خېتىنى بېرىش توغرا ئەمەس. شۇڭا ئۆمەر بۇ يەردە ئۇ كىشىنى ئاياللىرى بىلەن يېنىششقا، ئەگەر يېنىشمىسا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا (ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن) مىراس ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.
(2) نسا سۈرىسى 129 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَلَا تُؤْتُوا۟ ٱلسُّفَهَآءَ أَمْوَٰلَكُمُ ٱلَّتِى جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمْ قِيَٰمًا وَٱرْزُقُوهُمْ فِيهَا وَٱكْسُوهُمْ وَقُولُوا۟ لَهُمْ قَوْلًا مَّعْرُوفًا
﴿٥﴾ وَٱبْتَلُوا۟ ٱلْيَتَٰمَىٰ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغُوا۟ ٱلنِّكَاحَ فَإِنْ ءَانَسْتُم مِّنْهُمْ رُشْدًا فَٱدْفَعُوٓا۟ إِلَيْهِمْ أَمْوَٰلَهُمْ ۖ وَلَا تَأْكُلُوهَآ
إِسْرَافًا وَبِدَارًا أَن يَكْبَرُوا۟ ۚ وَمَن كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ ۖ وَمَن كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِٱلْمَعْرُوفِ ۚ فَإِذَا
دَفَعْتُمْ إِلَيْهِمْ أَمْوَٰلَهُمْ فَأَشْهِدُوا۟ عَلَيْهِمْ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ حَسِيبًا ﴿٦﴾

**الله** تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار. ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار﴿5﴾. يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن، ئۇلار (يەنى بالاغەتكە يەتكەن يېتىملەر) نىڭ مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار، **الله** ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر﴿6﴾.

## ئەقلى كەم، گالۋاڭ، لەقۋا كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى خالىغانچە ئىشلىتىشنى چەكلەش توغرىسىدا

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىگە تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى قىلىپ بەرگەن ماللارنى ئەقلى كەم ۋە گومۇش كىشىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىشىدىن توسىدۇ. ئەقلى كەم ۋە گومۇشلارغا ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى ئىشلىتىشتىن تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەكلەش ھۆكمى يولغا قويۇلدى: بىرىنچى، مال ئىگىسىنىڭ يېشى كىچىك بولسا. ئىككىنچى، ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان ئادەم بولسا. ئۈچىنچى، ئەقلى ئىقتىدارى ئاجىز ياكى دىنى سۇس ئادەم بولۇپ، مالنى يامان يەرلەرگە ئىشلىتىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولۇپ قالسا[1]. تۆتىنچى: ۋەيران بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولسا. ۋەيران بولۇپ كېتىش دېگىنىمىز، بىر كىشى ناھايىتى نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى قەرزلىرىنى ئادا قىلىشقا يەتمىسە، بۇ ئەھۋالدا قەرز ئىگىلىرى ھاكىمدىن ۋەيران بولغان كىشىگە ماللىرىنى خالىغانچە سەرپ قىلىشقا چەكلىمە قويۇشنى تەلەپ قىلسا، ھاكىم ئۇنىڭغا چەكلىمە قويىدۇ. مانا بۇلار، مېلىنى خالىغانچە ئىشلىتىشتىن چەكلەيدىغان سەۋەبلەردۇر.

**﴿الله تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ**

(1) يەنى بىر كىشى ئەقلسىزلىكى، دىندار ياكى ياخشى ئەمەسلىكى سەۋەبىدىن مال ـ مۈلكىنى ھاراق، زىنا ياكى قىمار دېگەنگە ئوخشاش يامان يەرلەرگە ئىشلەتسە، ئۇ كىشىگىمۇ چەكلىمە قويۇلىدۇ، گەرچە مال ئۇ كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇ مال **الله** نىڭ مۈلكىدۇر، ئۇنى **الله** نىڭ مۈلكىنى يامان يەرلەرگە ئىشلىتىشىدىن توسۇش لازىم.

**قويماڭلار﴾** زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتىكى ئەخمەقلەر دېگەن سۆزدىن كىچىك باللار ۋە ئاياللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەكەم ئىبنى ئۇيەينە، ھەسەن ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ: ئايەتتىكى ئەخمەقلەر دېگەن سۆزدىن كىچىك باللار ۋە ئاياللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير: ئۇلار يېتىم باللار، ـ دېدى. مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە قەتادە: ئۇلار ئاياللار، ـ دېدى.

## ماللىرىنى ئىشلىتىشتىن چەكلەنگەن كىشلەرنى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا

**﴿ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار. ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى تۇرمۇشۇڭ ئۇچۇن ساڭا ئاتا قىلىنغان ماللارنى ئاياللىڭغا ياكى باللىرىڭغا بېرىپ تۈگىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قوللىرىغا قاراپ قالمىغىن. بەلكى، ماللىرىڭنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى ياخشى باشقۇرغىن (ئۇنى تىجارەت ئارقىلىق ياخشىلىغىن). ھەمدە ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۆزەڭ بېرىدىغان (تەمىنلىگۈچى) بولغىن!

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت بالا ـ چاقا ۋە چەكلىمە قويۇلغان كىشلەرگە كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك بېرىش، ياخشى سۆز ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندە، سىناپ بېقىپ ئاندىن بېرىش توغرىسىدا

**﴿يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ھەسەن، سۇددى ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يېتىملارنى سىناپ بېقىڭلار. مۇجاھىد: **﴿بالاغەتكە يەتكەنگە﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە: يەنى ئېھتىلام يېشىغا يەتسە، ـ دەيدۇ.



كۆپ ساندىكى ئالىملار مۇنداق دېدى: بىر باللىنىڭ بالاغەتكە يېتىشىدە مۇنداق ئىككى خىل ئالامەت بولىدۇ: بىرىنچى ئالامەت، ئۇنىڭ ئېھتىلام بولۇشى بىلەن. يەنى ئۇ قاچانكى ئۇخلىغاندا، ئۆزىدىن ئىسپىرمىنىڭ ئېتىلىپ چىققىنىنى كۆرسە، شۇ چاغدا بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ داۋۇد بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئېھتىلام بولغاندىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ. بىر كۈن كەچكىچە گەپ قىلماي شۈك تۇرۇۋېلىش ياخشى بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە باشقا ساھابىلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «قەلەم ئۈچ خىل كىشىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى[1]. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكۈچە. ئىككىنچىسى: ئۇخلاپ قالغان كىشى ئويغانغىچە. ئۈچىنچىسى ئېلىشىپ قالغان كىشى ئوڭشالغۇچە».

بالاغەتكە يېتىشنىڭ ئىككىنچى ئالامىتى، ئون بەش ياشقا تولۇق توشقان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ[2]. ئۇلار بۇ ھۆكۈمنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى) ھەدىسىدىن ئالغان. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇھۇد كۈنى (ئۇرۇشقا چىقىش ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدىم، مەن (ئۇ چاغدا) ئون تۆت ياش ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا رۇخسەت قىلمىدى. مەن خەندەك كۈنى ئۇرۇشقا چىقىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدىم، مەن ئۇ چاغدا ئون بەش ياش ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا رۇخسەت قىلدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: بۇ ھەقىقەتەن نارەسىدىلىك بىلەن بالاغەتنىڭ ئارىسىدىكى پەرقتۇر.

ئالىملار: ئۇياتلىق جاينىڭ ئەتراپىغا ئۈنگەن تۈك بالاغەتكە يەتكەنلىكنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ـ دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. لېكىن توغرا بولغان كۆز قاراش ئۇياتلىق جايغا ئۈنگەن تۈك بالاغەتكە يەتكەنلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ۋە ئەتىيە قۇرەزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان ھەدىس بۇنىڭ پاكىتىدۇر. ئەتىيە قۇرەزى مۇنداق دەيدۇ: بىز قۇرەيزى ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلدۇق[3]. شۇ چاغدا (ئەۋرەت جايىغا) تۈك چىققانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، تۈك چىقمىغانلار قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. مەنمۇ تۈك چىقمىغانلاردىن ئىدىم قويۇپ بېرىلدىم.

**﴿ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار﴾** سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى سىلەر ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا مەھكەم تۇرالىغۇدەك ۋە ماللىرىنى باشقۇرۇپ ساقلىيالىغۇدەك ھالەتنى كۆرسەڭلار، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ھەسەنبەسرى قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بايان قىلدى. فىقھشۇناس ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: كىچىك بالا ئۆزىنىڭ توغرا دىنىدا مەھكەم تۇرالىغۇدەك ۋە مال ـ مۈلكىنى باشقۇرالىغۇدەك بولغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى چەكلىمە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغان كىشىنىڭ قولىدىكى مال ـ مۈلۈكلىرى (ئۇنىڭغا) تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

(1) يەنى بۇ ئۈچ خىل كىشىنىڭ ئۆتكۈزۈپ سالغان خاتالىقلىرى يېزىلمايدۇ.
(2) يەنى بىر بالا ئون بەش ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئېھتىلام بولمىسىمۇ، بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىدۇ.
(3) يەنى قۇرەيزىلىك يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى بۇزۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى خەندەك ئۇرۇشىغا كەلگەن كاپىرلار بىلەن بىرلەشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئۇرۇشقا كەلگەن كاپىرلارنى الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەن يەڭگەندىن كېيىن، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەدىبىنى بەرگەن.

## يېقىر كىشىلەرنىڭ يېتىملارنىڭ ماللىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكىگە لايىق رەۋىشتە يېيىشىنىڭ دۇرۇسلىقى

**﴿ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ يەۋالماڭلار﴾** يەنى **اللە** تائالا بۇ ئايەتتە زۆرۈر ئېھتىياجى بولمىغانلارنى يېتىملارنىڭ مېلىدىن يېيىشتىن توستى.

**﴿(يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن﴾** يەنى ئۇنىڭ ئەمگىگىگە چۇشلۇق يېسۇن دېگەنلىكتۇر. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت يېتىملارغا ئىگە بولغان كىشىلەر توغرىسىدا چۈشتى.

ئىمام ئەھمەد ئەمر ئىبنى شۇئەيبنىڭ بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: مېنىڭ مال - مۈلكىم يوق، (ۋە لېكىن) مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدا يېتىم بالا بار، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن قولۇڭدىكى يېتىمنىڭ مال - مۈلكىدىن ئىسراپ قىلماي، بۇزۇپ چاچماي، بىر نەرسىنى تىقىۋالماي ۋە ئۆزەڭنىڭ مال - مۈلكىنى ساقلىماستىن (يەنى سەن ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى يەپ، ئۆزەڭنىڭكىنى ساقلاپ قويماستىن) يېگىن» دېدى.

**﴿ئۇلار (يەنى بالاغەتكە يەتكەن يېتىملەر) نىڭ مال - مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا﴾** يەنى يېتىملار بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقىل يېشىغا توشقاندا، ئۇلارغا ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە، **﴿باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار﴾** **اللە** تائالا يېتىملارنىڭ ماللىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن تېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئىگىدارچىلىقىدا يېتىم بالا بار كىشىلەرنى يېتىملار (بالاغەتكە يېتىپ، ئۇلار) غا ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە، باشقىلارنى گۇۋاھچى قىلىشقا بۇيرۇغان. **﴿اللە ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر﴾** يەنى ئىگىدارچىلىقىدا يېتىملار بار كىشىلەر، يېتىملارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولدى ۋە يېتىملارغا ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە، مال تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىلدىمۇ ياكى ھېساۋاتتا تولۇق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كەم بېرىلدىمۇ، **اللە** تائالا ئۇلارنى كۆزىتىش ۋە ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر. شۇڭا ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «ئى ئەبۇزەر! مەن ھەقىقەتەن سېنى ئاجىز دەپ قارايمەن. ئۆزەمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ساڭىمۇ ياخشى كۆرىمەن، سەن ئىككى كىشىگىمۇ باشلىق بولمىغىن ۋە يېتىمنىڭ مال - مۈلكىگە ئىگە بولمىغىن!»

* * * * * * *

لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَآءِ نَصِيبٌ مِّمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَ مِمَّا

قَلَّ مِنۡهُ أَوۡ كَثُرَۚ نَصِيبٗا مَّفۡرُوضٗا ﴿٧﴾ وَإِذَا حَضَرَ ٱلۡقِسۡمَةَ أُوْلُواْ ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينُ
فَٱرۡزُقُوهُم مِّنۡهُ وَقُولُواْ لَهُمۡ قَوۡلٗا مَّعۡرُوفٗا ﴿٨﴾ وَلۡيَخۡشَ ٱلَّذِينَ لَوۡ تَرَكُواْ مِنۡ خَلۡفِهِمۡ ذُرِّيَّةٗ
ضِعَٰفًا خَافُواْ عَلَيۡهِمۡ فَلۡيَتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلۡيَقُولُواْ قَوۡلٗا سَدِيدًا ﴿٩﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَأۡكُلُونَ أَمۡوَٰلَ
ٱلۡيَتَٰمَىٰ ظُلۡمًا إِنَّمَا يَأۡكُلُونَ فِي بُطُونِهِمۡ نَارٗاۖ وَسَيَصۡلَوۡنَ سَعِيرٗا ﴿١٠﴾

ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (الله نىڭ ئادىل شەرئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ﴿7﴾. تەقسىمات ۋاقتىدا (ۋارىس ئەمەس) تۇغقانلار، (تۇغقان ئەمەس) يېتىملەر ۋە مىسكىنلەر ھازىر بولسا، ئۇلارغا بۇنىڭدىن (يەنى تەرەكىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ئاز نەرسە) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار، (يەنى بۇ كىچىككىلەرنىڭ مېلى، بىزنىڭ ئەمەس دېگەنگە ئوخشاش ئۆزرىنى ئېيتىڭلار)﴿8﴾. (كىملەركى) ئۆزلىرىدىن قېلىپ قالىدىغان كىچىك بالىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) الله دىن قورقسۇن ۋە توغرا سۆزنى ئېيتسۇن﴿9﴾. زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴿10﴾.

## مىراسنى تەقسىم قىلىشقا ۋە مىراس تەگمەيدىغان كىشىلەردىن مىراس تەقسىم قىلىنغان جايغا كەلگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن (ئۇلارغا) مىراستىن ئازراق بىر نەرسە بېرىشكە بۇيرۇلغانلىقى

سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە قەتادە مۇنداق دېدى: مۇشرىكلار مىراسنى ئەرلەرگىلا بېرەتتى، ئاياللار ۋە كىچىك بالىلارغا بەرمەيتتى. الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار﴾** يەنى الله تائالانىڭ ھۆكمىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىراس ئالىدۇ. الله تائالا ئەرلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن مىراسنىڭ مىقدارى پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇلار مىراس ئېلىش ھوقۇقىدا باراۋەردۇر. ئىبنى مەردەۋەي جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كۈججەنىڭ ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئىككى قىزىم بار، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتتى ۋە ئۇ ئىككىسىگە ھېچقانداق مىراس تەگمىدى، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار﴾** الله خالىسا، بۇ ھەدىسنىڭ

داۋامىنى تۆۋەندە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**﴿تەقسىمات ۋاقتىدا (ۋارىس ئەمەس) تۇغقانلار، (تۇغقان ئەمەس) يېتىملەر ۋە مىسكىنلەر ھازىر بولسا، ئۇلارغا بۇنىڭدىن (يەنى تەرەكىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ئاز نەرسە) بېرىڭلار﴾** ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ، ئەمەل قىلىنىدىغان، يەنى ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئايەتتۇر.

ئىبنى جەرىرمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى، شۇڭا بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىش ۋاجىبتۇر. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئوخشاش بايان قىلغان رىۋايەتلىرى بار.

بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار[1]. چۈنكى، مىراس تەگمەيدىغانلارغا، ھېچ نەرسە بەرمەي، كۆز ئالدىدىلا بىرىنىڭ ئۈنى، بىرىنىڭ بۇنى، ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇلارنىڭمۇ شۇ مالغا كۆڭلى چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا ناھايىتى مېھرىبان ﷲ ئۇلارغا سەدىقە قىلىش، ياخشىلىق قىلىش ۋە كۆڭلىنى ياساش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئاز - تولا بىر نەرسە بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

## ۋەسىيەتتە ئادىللىق قىلىش توغرىسىدا

**﴿(كىملەركى) ئۆزلىرىدىن قېلىپ قالىدىغان كىچىك باللىرى بولۇپ، ئۇلاردىن قانداق ئەندىشە قىلىدىغان بولسا، باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك باللىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئەندىشە قىلسۇن﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت سەكراتتىكى بىر كىشى توغرىسىدا چۈشكەن بولۇپ، ﷲ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق بەندىلىرىنى ئۆز مىراسخورلىرىنىڭ زىيىنىغا ۋەسىيەت قىلغۇچىلارنى[2] (تەقۋادارلىق قىلىش يۈزىسىدىن) توغرا يولغا باشلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى.[3] سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ قىلغان ۋەسىيىتىدىن خەۋەر تاپقان (ھېلىقى) ئادەم ئۆزىنىڭ مىراسخورلىرىغا زىيان كېلىپ قېلىشىدىن قورقسا، ئۇلارغا نىسبەتەن ياخشى دەپ قارالغان ئىشنى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ مىراسخولىرىغىمۇ راۋا كۆرسۇن.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كەلدى: سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ مال -

---

(1) ئاپتورنىڭ سۆز - ئىبارىلىرىگە قارىغاندا، بۇ سۆزنىڭ دېگەندەك كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى بىلىنىدۇ.

(2) يەنى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان كىشى ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ يېرىمىنى باشقىلارغا بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ مىراسخورلىرى زىيان تارتىپ قالىدۇ.

(3) يەنى ئۇ كىشىگە ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ مال - مۈلكىنى باشقىلارغا ۋەسىيەت قىلىپ بەرمەي مىراسخورلىرىغا قالدۇرۇپ كېتىشكە، ئەگەر ئۇ كىشى ۋەسىيەت قىلىشنى خالىسا ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كەتمىگەن ھالەتتە باشقىلارغا ۋەسىيەت قىلىشقا مەسلىھەت بېرىشكە بۇيرۇدى.

مۈلكۈم ناھايىتى كۆپ، ئەمما مېنىڭ (مىراسخور بولىدىغان) بىرلا قىزىم بار. مەن مال ـ مۈلكۈمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. ئۇ: يېرىمىنىچۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. ئۇ: ئۈچتىن بىر قىسمىنىچۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچتىن بىر قىسمىنى سەدىقە قىلساڭ بولىدۇ، لېكىن ئۇمۇ جىق كېتىدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مىراسخورلىرىڭنى كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەيدىغان پېقىر ھالەتتە قويۇپ كەتكىنىڭدىن، باي ھالەتتە قويۇپ كەتكىنىڭ ياخشىدۇر» دېدى.

## يېتىملارنىڭ ماللىرىنى يەۋالغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

يۇقىرىدىكى: ﴿**ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ يەۋالماڭلار**﴾ دېگەن ئايەتتىن يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىشتىن الله تائالادىن قورقۇڭلار دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەن رىۋايەت بار.

بۇنى ئىبنى جەرىر ئەۋفىي ئارقىلىق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان. بۇ رىۋايەت توغرا بولۇپ، بۇ رىۋايەتنى (بۇ ئايەتنىڭ كەينىدە يېتىملارنىڭ ماللىرىنى ئورۇنسىز يەۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن): ﴿**زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: كىشىلەرنىڭ سەندىن كېيىن قالغان بالىلىرىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ياخشى كۆرسەڭ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا شۇنداق مۇئامىلە قىلغىن. ئاندىن (الله تائالا) ئۇلارغا: يېتىملارنىڭ ماللىرىنى ئورۇنسىز يەۋالغان كىشى، ھەقىقەتەن قورسىقىغا بىر ئوتنى يېگەن كىشىدۇر، ـ دەپ چۈشەندۈردى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ھالاك قىلغۇچى يەتتە خىل گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار» ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار؛ الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، الله تائالا ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن جانلارنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋېتىش، جازانە يېيىش، يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىش، جىھاد مەيدانىدىن قېچىش، پاك ـ ئىپپەتلىك، تەقۋادار ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتۇر» دېدى.

*******

يُوصِيكُمُ ٱللَّهُ فِىٓ أَوْلَـٰدِكُمْ ۖ لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ ٱلْأُنثَيَيْنِ ۚ فَإِن كُنَّ نِسَآءً فَوْقَ ٱثْنَتَيْنِ فَلَهُنَّ ثُلُثَا مَا
تَرَكَ ۖ وَإِن كَانَتْ وَٰحِدَةً فَلَهَا ٱلنِّصْفُ ۚ وَلِأَبَوَيْهِ لِكُلِّ وَٰحِدٍ مِّنْهُمَا ٱلسُّدُسُ مِمَّا تَرَكَ إِن كَانَ لَهُۥ وَلَدٌ ۚ
فَإِن لَّمْ يَكُن لَّهُۥ وَلَدٌ وَوَرِثَهُۥٓ أَبَوَاهُ فَلِأُمِّهِ ٱلثُّلُثُ ۚ فَإِن كَانَ لَهُۥٓ إِخْوَةٌ فَلِأُمِّهِ ٱلسُّدُسُ ۚ مِنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ
يُوصِى بِهَآ أَوْ دَيْنٍ ۗ ءَابَآؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ لَا تَدْرُونَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ لَكُمْ نَفْعًا ۚ فَرِيضَةً مِّنَ ٱللَّهِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ
عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١١﴾

ﷲ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ، ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ، ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەربىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالىلىرى بولماي مىراسقا پەقەت ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنى ئاتىسىغا تېگىدۇ). ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ). (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاتا ـ ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزەڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار ﷲ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. ﷲ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿11﴾.

## مىراسنى تەقسىم قىلىشقا ۋە مىراس ئىلمىنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

بۇ ئايەت، بۇ ئايەتتىن كېيىنكى بىر ئايەت ۋە بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئايەت مىراس ئىلمىنىڭ ئايەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. مىراس ئىلمىنىڭ ھۆكۈملىرى بۇ ئۈچ ئايەتتىن ۋە بۇ توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەردىن ئېلىنغان بولۇپ، بىز (بۇ يەردە) ئايەتنىڭ مەنىسىنى يېشىپ كەلگەن ھەدىسلەرنى بايان قىلىمىز. تۆۋەندىكىسى مىراس ئىلمىنى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەن ھەدىسلەردىن بىرىدۇر.

ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: مىراس ئىلمى پۈتۈن بىلىملەرنىڭ يېرىمى دەپ ئاتالدى. چۈنكى، ھەممە كىشى ئۇنىڭدا سىنىلىدۇ[1].

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگەن ۋاقتىدا، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇبەكرى بەنۇسەلەمە قەبىلىسىنىڭ تۇرالغۇسىغا كېتىۋېتىپ مېنى يوقلاپ ئۆيگە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرگەندە، مەن ھوشسىز ياتقان ئىكەنمەن، ئۇ سۇ ئەكەلدۈرۈپ، تاھارەت ئېلىپتۇ. ئاندىن شۇ سۇدىن ماڭا چېچىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ھوشۇمغا كېلىپ: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! مال ـ مۈلكۈمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمغا بۇيرۇيسەن؟ ـ دېدىم. ئاندىن بۇ ئايەت چۈشتى: ﴿**ﷲ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە**

(1) يەنى ھەممە كىشى مىراس ئېلىش ۋە بېرىش ئىشلىرىغا دۇچ كېلىدىغان، بۇ توغرۇلۇق نەپسىنىڭ سىنىقىغا دۇچ كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئۆگىنىش پۈتۈن ئىلىمنىڭ يېرىمى ھېسابلىنىدۇ.

**تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ﴾.**

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە ئالاقىدار ئىككىنچى بىر رىۋايەت

ئىمام ئەھمەد جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەئىد ئىبنى رەبىئىنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئىككىسى سەئىد ئىبنى رەبىئىنىڭ قىزلىرى. سەئىد ئىبنى رەبىئ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ تاغىسى (سەئىدنىڭ قېرىندىشى) سەئىدنىڭ مال ـ مۈلكىدىن (بۇ ئىككىسىگە) ھېچنېمە قويۇپ قويماي ئېلىۋالدى. مال بولمىسا، بۇ ئىككىسى ياتلىق بولالمايدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن (مىراس ھۆكۈملىرىنى چۈشەندۈرىدىغان) يۇقىرىدىكى ئايەت چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ تاغىسىنىڭ قېشىغا ئەلچى ئەۋەتىپ: «سەن سەئىدنىڭ ئىككى قىزىغا مالنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى بەرگىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئانىسىغا (يەنى سەئىدنىڭ ئايالىغا) مالنىڭ سەككىزدىن بىر قىسمىنى بەرگىن، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنى سېنىڭ بولسۇن» دېدى[1].

توغرا كۆز قاراش شۇكى، جابىرنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسى مىراسنىڭ ھۆكمىنى ئىزاھلاپ كەلگەن بۇ ئايەت توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى، بۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى (بالىلىرى يوق، قېرىنداشلىرى بار كىشىنىڭ مىراسىنى قانداق تەقسىم قىلىشنى چۈشەندۈرۈپ كەلگەن) ئايەت توغرىسىدا كەلگەن. چۈنكى (جابىر كېسەل ۋاقتىدا) ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بار بولۇپ، بالىلىرى يوق ئىدى. جابىرنىڭ ئىككىنچى ھەدىسى بۇ ئايەتنىڭ چۈشىشىگە سەۋەبچى بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىندۇر.

## پەرزەنتلەرنىڭ مىراس تەقسىماتىدا بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدىغانلىقى

**﴿الله باللىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ﴾** يەنى (الله ) سىلەرنى مىراس تەقسىم قىلىشتا باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماندىكى كىشىلەر ھەممە مالنى ئەرلەرگە مىراس قىلىۋېتىپ، ئاياللارغا بىر نەرسە بەرمەيتتى. ئاندىن الله تائالا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىلىقىنى پەرقلىق قىلىپ، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى بېرىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، لېكىن مىراسقا ئېرىشىش ھوقۇقىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولدى. بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى

(1) يەنى مەسىلەن: «ئۇنىڭدىن قالغان مال ـ مۈلۈك 24 سوملۇق بىر نەرسە بولسا، ئۇنىڭدىن 16 سوم ئىككى قىزغا، 3 سوم ئۇ ئىككىسىنىڭ ئانىسىغا، ئېشىپ قالغان 5 سوم بولسا ئۇ ئىككىسىنىڭ تاغىسىغا تېگىدۇ.

بېرىش، ئەر كىشىنىڭ مال ـ مۈلۈككە (ئائىلىگە قارىغاندا) بەك ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن[1]، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى بېرىش ئەڭ مۇناسىپ ھۆكۈمدۇر.

بەزى ئالىملار الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىدىن: ھەقىقەتەن الله تائالا ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا ـ ئانا ئۆزىنىڭ بالىسىغا مېھرىبان بولغاندىنمۇ بەكرەك مېھرىباندۇر، ـ دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. چۈنكى، ئۇ ئاتا ـ ئانىلارنى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا مىراس بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بالىلارغا ئاتا ـ ئانىلاردىنمۇ بەكرەك مېھرىبان ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىر ئايالنىڭ بالىسىنى ئىزلەپ يۈرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ بالىسىنى ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدىن تاپقاندا، ئۇنى ئېلىپ باغرىغا بېسىۋاتقانلىقىنى ۋە ئېمىتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ساھابىلىرىگە: «سىلەر بۇ ئايالنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بالىسىنى ئوتقا تاشلايدۇ دەپ قارامسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: ياق، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله تائالا بەندىلىرىگە بۇ ئايال بالىسىغا (مېھرىبان بولغاندىنمۇ) بەكرەك مېھرىباندۇر» دېدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بۇرۇن) مال ـ مۈلۈككە بالىلار مىراس ئارقىلىق، ئاتا ـ ئانىلار ۋەسىيەت ئارقىلىق ئېرىشەتتى. ئاندىن الله ئۇ ھۆكۈمدىن خالىغانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى، ئاتا ـ ئانىغا مالنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ۋە ئۈچتىن بىرىنى، ئايالغا مالنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ۋە تۆتتىن بىرىنى، ئەرگە مالنىڭ يېرىمىنى ۋە تۆتتىن بىرىنى ئالىدىغان قىلدى (بۇ مەسىلىنى تۆۋەندە تەپسىلى چۈشەندۈرىمىز).

## مىراسخور پەقەت قىزلارلا بولسا، مىراسنىڭ قانداق تەقسىم قىلىنىدىغانلىقى

**﴿ئەگەر مېيىتنىڭ قىزى (ئىككى ياكى) ئىككىدىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تېگىدۇ﴾** جابىر رىۋايەت قىلغان يۇقىرىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەئدنىڭ ئىككى قىزىغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى بۇيرىغانلىقى زىكىر قىلىنغان ئىدى.

(1) بۇ مەسىلىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى قانۇنىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلامنىڭ قانۇنىدا ياۋروپالىقلار ياكى ھازىرقى جەمئىيەتىمىزدىكى ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك دەپ ئاتىۋالغان بەزى كىشىلەرگە ياكى ئائىلىلەرگە ئوخشاش، توي قىلغاندا قىز بالىغا ھېچ قانداق مەھرى بەرمەيدىغان، تويدىن كېيىن ئۆيىنىڭ چىقىملىرىنى ئىككىسى تەڭ كۆتۈرىدىغان، ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ چىقىملىرىنى ئۆزى قىلىدىغان ئىش يوق. ئىسلامنىڭ قانۇنىدا بۇ چىقىملارنىڭ ھەممىسىنى ئەر كىشى كۆتۈرىدۇ. ئەمما ئايال باي بولسا، خالىغان چىقىمنى قىلسا چەكلەنمەيدۇ. ھەتتا ئوغۇل تەرەپ قىزغا مەھرى ھەققىنى تولۇق بەرمەي تۇرۇپ توي قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر ئەرنىڭ ئانىسى ياكى سىڭىللىرى كەمبەغەل بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمىغۇدەك ھالەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئېلىشمۇ شۇ ئەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلاردىن كۆرۈۋېلىڭ.

**﴿ئەگەر (ۋارىس) بىر قىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مىراسنىڭ يېرىمى تېگىدۇ﴾** قۇرئان ۋە ھەدىس مېيىتنىڭ قىزى ئىككى ۋە ئىككىدىن ئارتۇق بولسا، مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى، بىر قىزى بولسا، يېرىمىنى ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلدى.

## ئاتا ـ ئانىنىڭ مىراسى

**﴿ئەگەر مېيىتنىڭ بالىلىرى بولسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەربىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ﴾** ئاتا ـ ئانا مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە مىراس ئالىدۇ: بىرىنچى، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بالىلىرى بولسا، بۇ ھالەتتە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر ئۆلگەن كىشىنىڭ پەقەت بىرلا قىزى بولسا، بۇ چاغدا قىزغا (مالنىڭ) يېرىمى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر بىرىگە ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. (ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان) ئالتىدىن بىرىنى (يەنە) ئاتا ئالىدۇ[1].

ئىككىنچى، ئۆلگەن كىشىنىڭ بىرمۇ بالىسى يوق، پەقەت ئاتا ـ ئانىسىلا بولغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئانا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدۇ. قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئاتا ئالىدۇ[2].

ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ ئايالى ياكى ئۆلگەن كىشى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئەر (يەنى ئۆلگەن ئايالنىڭ ئېرى ئۇ ئايالنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ) يېرىمىنى ئالىدۇ. ئايال (يەنى ئۆلگەن كىشى ئەر بولسا، ئۇنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ) تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ. مىراس ئالىدىغان كىشى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، قالغان مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئانا ئالىدۇ، قالغان ئۈچتىن ئىككىسىنى ئاتا ئالىدۇ[3].

ئۈچىنچى، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى بولغان بولسا، مەيلى ئۇلار بىر ئاتا ـ ئانىدىن بولسۇن ياكى ئاتا بىر ئانا باشقا ۋەياكى ئانا بىر ئاتا باشقا بولسۇن، بۇنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق (يەنى بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ 5 بالىسى بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى شۇ ئىككىسىدىن بولماي، بەزىسى ئايالنىڭ باشقا بىر ئەردىن تۇغقان بالىسى بولسۇن، ياكى ئەرنىڭ باشقا بىر ئايالدىن بولغان بالىسى بولسۇن، بۇنىڭ ھېچقانداق

(1) مەسىلەن: ئۆلگەن كىشىنىڭ بارلىق مۈلكى ئاتمىش سوملۇق بولسا، بۇ مەسىلىنى يۇقىرىدا ئىككىگە بۆلدۇق: بىرىنچى، مېيىتنىڭ قىزى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق بولسا، ئاتا 10 سوم، ئانا 10 سوم ئالىدۇ، قالغان 40 سومنى قىزلار تەڭ بۆلۈشىدۇ. ئىككىنچى، مېيىتنىڭ بىرلا قىزى بولسا، ئۇنىڭ 30 سومى قىزنىڭ بولىدۇ. ئاتا بىلەن ئانا 10 سومدىن 20 سومنى ئالىدۇ. قالغان 10 سومنى يەنە ئاتا ئالىدۇ. بۇ 10 سومغا ئانا شېرىك بولالمايدۇ.

(2) مەسىلەن: ئۆلگۈچىنىڭ 300 سوم پۇلى بولغان بولسا، ئانا بۇنىڭدىن 100 سوم ئالىدۇ. قالغان 200 سومنىڭ ھەممىسىنى ئاتا ئالىدۇ.

(3) مەسىلەن: بىر ئايال ئۆلۈپ، ئۇ ئايالدىن 300 سوم قىممىتىدىكى مال قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئايالنىڭ ئېرى 300 سومنىڭ يېرىمى (150 سوم) نى ئالىدۇ، ئاندىن قالغان 150 سومنى ئۈچ ھەسسىگە بۆلۈپ، بۇنىڭ بىر ھەسسىسىنى (يەنى 50 سومنى) ئانا ئالىدۇ. قالغان ئىككى ھەسسىسىنى (يەنى 100 سومنى) ئاتا ئالىدۇ. ئىككىنچى مىسال: بىر ئەر كىشى 400 سوم قويۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئايالىغا 100 سوم بېرىلىدۇ، قالغان 300 سومنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇنىڭ بىر ھەسسىسىنى (100سومنى) ئانا، ئىككى ھەسسىسىنى (200 سومنى) ئاتا ئالىدۇ.

پەرقى يوق. بۇ بەش بالىنىڭ ئىچىدىن قايسى ئۆلگەن بولسا، ئۇ ئاتا ـ ئانا قالغان تۆت بالىسى بىلەن ئۆلگەن بالىنىڭ مىراسخورى بولىدۇ. ئەمما بۇ تۆت بالىنىڭ ھېچقايسىسى ئاتا بار يەردە ھېچقانداق مىراس ئالالمايدۇ). گەرچە ئۇلار (يەنى بالىلار) مىراس ئالالمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ئانىنىڭ مىراس ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. يەنى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىدىغان ئانىنى ئالتىدىن بىرىنى ئالىدىغان قىلىپ قويىدۇ. يەنى ئانا ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ. قالغان قىسمىنى ئاتا ئالىدۇ[1].

بالا ئىككى ۋە ئىككىدىن يۇقىرى بولغان ۋاقتىدا شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر بالا بىرلا بولسا، بۇ چاغدا ئۇ ئانىنىڭ مىراسىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، يەنى ئانا ئۈچتىن بىرىنى ئېلىۋېرىدۇ[2].

﴿**ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ (قالغىنىنى ئاتىسى ئالىدۇ)**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار (يەنى ئۆلگەن كىشىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى) مىراس ئالالمىسىمۇ، ئانىنىڭ ئالىدىغان مىراسىنىڭ مىقدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. لېكىن بىر تۇغقان قېرىندىشى بىرلا بولسا، ئانىنىڭ مىراسىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، بىردىن يۇقىرى بولسا، ئاندىن تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئالىملار (ئۆلگەن كىشىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئانىسىنىڭ مىراسىغا تەسىر يەتكۈزۈشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە) مۇنداق دەيدۇ: چۈنكى ئاتا ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ قويۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

## مىراسنى تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن كىشىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ قىلغان ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا

﴿**(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ**﴾ يەنى سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى قەرزنىڭ ۋەسىيەتتىن بۇرۇن ئادا قىلىنىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلدى. بۇنى بۇ ئايەتنىڭ مەقستىگە ئوبدان دىققەت قىلغان كىشى چۈشىنىدۇ.

﴿**ئاتا ـ ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزەڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر**﴾ يەنى بىز ئاتىلار ۋە بالىلارغا

---

(1) مەسىلەن: ئۆلگەن بالا 600 سوم قويۇپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى 600 سومدىن بىر سوممۇ ئالالمىسىمۇ، ئانىنىڭ مىراس ئېلىشىغا تەسىر قىلغانلىقىدىن، ئانا پەقەت 100 سومنى ئالىدۇ. قالغان 500 سوم ئاتىسىغا قالىدۇ.

(2) مەسىلەن: ئەگەر ئۆلگەن بۇ بالىنىڭ ھېچقانداق قېرىندىشى يوق بولسا ياكى بىرلا قېرىندىشى بولسا، بۇ بالا ئانىنىڭ مىراسىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. يەنى ئانا ئۆلگەن بالىدىن قالغان 600 سومنىڭ 200 سومىنى ئالىدۇ. قالغان 400 سوم ئاتىغا قالىدۇ.

(مىراس بېرىشنى) پەرز قىلدۇق. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يولغا قويۇلغان قائىدىنىڭ ئەكسىچە، مىراسقا ئېرىشىش ھوقۇقىدا ئاتا بىلەن بالىنىڭ ھوقۇقىنى باراۋەر قىلدۇق. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى يولغا قويۇلغان قائىدە بولسا، يۇقىرىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسىدە سۆزلەنگەنگە ئوخشاش، بالا مالغا مىراس ئارقىلىق، ئاتا ۋەسىيەت ئارقىلىق ئېرىشەتتى. **الله** تائالا بۇ قائىدىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە مالغا مىراس ئارقىلىق ئېرىشىشنى پەرز قىلدى. چۈنكى، بىر ئىنسانغا ئۇنىڭ ئاتىسىدىن دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ۋەياكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك (بالىسىدىن كەلمىگەن) پايدا كېلىشى مۇمكىن. ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىدىن كەلمىگەن پايدا بالىسىدىن كېلىشى مۇمكىن.

**﴿ئاتا ـ ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن (يەنى بۇ ئىككىسىدىن) قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزەڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر﴾** يەنى پايدا ئاتا ـ ئانىدىن كۈتۈلگىنىدەك بالىدىنمۇ كۈتۈلىدۇ.

شۇڭا بىز ھەر ئىككىسىگە (ئاتا ـ ئانا ۋە بالىغا) مىراسنى ئوخشاش پەرز قىلدۇق. **﴿بۇلار الله تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**.

* * * * * * *

۞ وَلَكُمْ نِصْفُ مَا تَرَكَ أَزْوَٰجُكُمْ إِن لَّمْ يَكُن لَّهُنَّ وَلَدٌۚ فَإِن كَانَ لَهُنَّ
وَلَدٌ فَلَكُمُ ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْنَۚ مِنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصِينَ بِهَآ أَوْ دَيْنٍۚ وَلَهُنَّ
ٱلرُّبُعُ مِمَّا تَرَكْتُمْ إِن لَّمْ يَكُن لَّكُمْ وَلَدٌۚ فَإِن كَانَ لَكُمْ وَلَدٌ فَلَهُنَّ ٱلثُّمُنُ مِمَّا
تَرَكْتُمۚ مِّنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ تُوصُونَ بِهَآ أَوْ دَيْنٍۗ وَإِن كَانَ رَجُلٌ يُورَثُ كَلَٰلَةً أَوِ
ٱمْرَأَةٌ وَلَهُۥٓ أَخٌ أَوْ أُخْتٌ فَلِكُلِّ وَٰحِدٍ مِّنْهُمَا ٱلسُّدُسُۚ فَإِن كَانُوٓا۟ أَكْثَرَ مِن ذَٰلِكَ فَهُمْ
شُرَكَآءُ فِى ٱلثُّلُثِۚ مِنۢ بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصَىٰ بِهَآ أَوْ دَيْنٍ غَيْرَ مُضَآرٍّۚ وَصِيَّةً مِّنَ ٱللَّهِۗ
وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَلِيمٌ ﴿١٢﴾

ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىلىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى (ئى ئەرلەر!) سىلەرگە تېگىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى مېيىتنىڭ قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ، ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولسا، بۇ چاغدا ئاياللىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراستىن سەككىزدىن بىرى تېگىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا ـ ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە

مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولىشى كېرەك. ئۇ اللّٰه تەرىپىدىن قىلىنغان تەۋسىيەدۇر، اللّٰه ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴿12﴾.

## ئەر ـ خوتۇننىڭ مىراسى توغرىسىدا

﴿**ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ بالىلىرى بولمىسا، بۇ چاغدا ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ يېرىمى (ئى ئەرلەر!) سىلەرگە تېگىدۇ**﴾ بۇ يەردە بالىلاردىن ئۆزىنىڭ بالىسى بولۇشى شەرت ئەمەس. ئۆزىنىڭ بالىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ بالىسى ھېسابىدا بولىدۇ. قىزىنىڭ بالىسى بولسا، ئۇنىڭ بالىسى ھېسابلانمايدۇ. ﴿**ئەگەر ئۇلارنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇلار قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى سىلەرگە تېگىدۇ**﴾.

﴿**ئەگەر سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلار بولمىسا، بۇ چاغدا ئاياللىرىڭلارغا سىلەر قالدۇرغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىرى تېگىدۇ**﴾ ئەگەر ئايال بىر بولسا، ئۇ ئۆزىگە تېگىشلىك مىراسنىڭ (يەنى تۆتتىن بىرى ياكى سەككىزدىن بىرىنىڭ) ھەممىسىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئايال بىردىن ئارتۇق ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت بولسا، بۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇ مىراسقا شېرىك بولۇپ، ئۇنى تەڭ تەقسىم قىلىپ ئالىدۇ. ﴿**(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ**﴾ بۇ ھەقتە يۇقىرىدا سۆزلىنىپ بولدى.

## ئانا بىر، ئاتا باشقا بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ مىراستىكى ھۆكمى

﴿**ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا ـ ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ**﴾ ئانا بىر ئاتا باشقا بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ مىراسخورلىقىدا تۆت خىل ئەھۋال بولىدۇ.

بىرىنچى، ئۇلار ئانا بىلەن بىللە مىراس ئالىدۇ. ئىككىنچى، ئۇلارنىڭ ئەر ۋە ئاياللىرى مىراستا باراۋەر بولىدۇ (يەنى ئەر بىلەن ئايال ئوخشاش ئالىدۇ، يۇقىرىقىدەك بىر ئەر كىشى ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسىنى ئالمايدۇ). ئۈچىنچى، ئۇلار مىراس قالدۇرغۇچى (ئۆلگەن ئادەم) ئاتا ـ ئانىسىز، چوڭ دادىسىز، بالىسىز، نەۋرىسىز بولغان بولسا، كېيىن مىراس ئالالايدۇ، ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ نەسلىدىن يۇقىرىدىكى كىشىلەردىن بىرەرسى ھايات بولسا،

ئۇلار (يەنى ئانا بىر، ئاتا باشقا تۇغقانلار) مىراس ئالالمايدۇ. تۆتىنچىسى، ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئۈچتىن بىرىدىن زىيادە مىراس ئالالمايدۇ.

**﴿(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولىشى كېرەك﴾** يەنى ۋەسىيەت ئادىللىق بىلەن بولسۇن. ئەگەر بەزى مىراسخورلارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش ياكى مىراسنى كېمەيتىۋېتىشتەك ئىشلار بىلەن مىراسخورلىقغا زىيان سېلىش ياكى مىراس تېگىدىغان كىشىگىمۇ ۋەسىيەت ئارقىلىق (يەنە) ئارتۇق مال قالدۇرۇپ قويۇش دۇرۇس ئەمەس.

ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلارنىڭ بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن **الله** تائالا ھەممە ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى بەردى، (ئۇنداق بولغان ئىكەن) مىراسخورغا ۋەسىيەت قىلىش يوقتۇر»[1].

* * * * * * *

تِلْكَ حُدُودُ ٱللَّهِۚ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ يُدْخِلْهُ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن
تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿١٣﴾ وَمَن
يَعْصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُۥ يُدْخِلْهُ نَارًا خَٰلِدًا فِيهَا وَلَهُۥ عَذَابٌ
مُّهِينٌ ﴿١٤﴾

ئەنە شۇلار (يەنى **الله** بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) **الله** نىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى **الله** غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، **الله** ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر﴿13﴾. كىمكى **الله** غا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، **الله** نىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، **الله** ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿14﴾.

## مىراس توغرىسىدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن كىشىلەرگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

**﴿ئەنە شۇلار (يەنى الله بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى**

(1) بۇنداق قىلغاندا باشقا مىراسخورغا زىيان يېتىدۇ. مىراسخوردىن باشقا كىشىلەرگە ۋەسىيەت ئارقىلىق قالدۇرۇلماقچى بولغان مال، ئۆلگەن كىشىنىڭ ئومۇمىي ماللىرىنىڭ (يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك) ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق بولماسلىقى كېرەك.

**ئەھكاملار) ﷲ نىڭ قانۇنلىرىدۇر﴾** يەنى ﷲ تائالا مىراسخورلارغا ئۇلارنىڭ ئۆلگەن كىشى بىلەن بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ مالغا بولغان ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلىگەن بۇ (يەنى تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ، ئالتىدىن بىرىنى ئالىدۇ دېگەنگە ئوخشاش) ئۆلچەملەر ﷲ تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، سىلەر بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەڭلار ۋە چەتنەپ كەتمەڭلار!

**﴿كىمكى ﷲ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ﷲ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر﴾** يەنى ھىيلە ـ مىكىر يولى بىلەن بەزى مىراسخورلىرىغا تېگىشلىك بولغان نېسىۋىسىدىن ئارتۇق بەرمەيدۇ ياكى ئۇنىڭدىن كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

**﴿كىمكى ﷲ غا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ﷲ نىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ﷲ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** يەنى ئۇ ئاسىيلىق قىلىپ، ﷲ تائالانىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى ۋە ﷲ تائالانىڭ ھۆكمىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، شۇڭا ﷲ تائالا ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب، يەنى خارلاش جازاسىنى بېرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن بىر كىشى يەتمىش يىل ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ۋەسىيەت قىلغاندا، (ۋەسىيىتىدە) زۇلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشىگە شۇ يامان ئىشى بىلەن مۆھۈر بېسىلىپ (ياكى ئۇنىڭ ئەجىلى شۇ يامان ئىشنى قىلغاندا توگەپ) دوزاخقا كىرىدۇ. شەكسىزكى، بىر كىشى يەتمىش يىل يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، ئاندىن (ۋەسىيەت قىلغاندا) ۋەسىيىتىدە ئادىللىق قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىگە ياخشى ئىشى بىلەن مۆھۈر بېسىلىپ (ياكى ئۇنىڭ ئەجىلى شۇ ياخشى ئىشنى قىلغاندا توگەپ) جەننەتكە كىرىدۇ».

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېدى: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر خالىساڭلار، ﷲ تائالانىڭ: **﴿كىمكى ﷲ غا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ﷲ نىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ﷲ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار!ـ دېدى.

ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن بىر ئەر ياكى بىر ئايال 60 يىل ﷲ نىڭ ئىبادىتى بىلەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ئەجىلى توشقاندا) مىراسخورلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتىدە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىگە دوزاخ ۋاجىب بولىدۇ».

ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: **﴿كىمكى ﷲ غا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ﷲ نىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ﷲ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى.

* * * * * * *

وَٱلَّٰتِي يَأۡتِينَ ٱلۡفَٰحِشَةَ مِن نِّسَآئِكُمۡ فَٱسۡتَشۡهِدُواْ عَلَيۡهِنَّ أَرۡبَعَةٗ مِّنكُمۡۖ فَإِن شَهِدُواْ
فَأَمۡسِكُوهُنَّ فِي ٱلۡبُيُوتِ حَتَّىٰ يَتَوَفَّىٰهُنَّ ٱلۡمَوۡتُ أَوۡ يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لَهُنَّ سَبِيلٗا ١٥ وَٱلَّذَانِ
يَأۡتِيَٰنِهَا مِنكُمۡ فَـَٔاذُوهُمَاۖ فَإِن تَابَا وَأَصۡلَحَا فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ تَوَّابٗا
رَّحِيمًا ١٦

ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ ئايالنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا) تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى الله ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار﴿15﴾. ئاراڭلاردا ئىككى كىشى (يەنى ئەر بىلەن ئايال) پاھىشە قىلسا، ئۇلارنى ئەيىبلەڭلار؛ ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلىپ تۈزەلسە، ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار. الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴿16﴾.

## پاھىشە قىلغان ئايالنى ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقى، ئاندىن بۇ بۇيرۇقنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىر ئايال پاھىشە قىلسا ۋە ئۇنىڭ پاھىشە قىلغانلىقى ئادىل پاكىت بىلەن ئىسپاتلانسا، ئۇ ئايال ئۆيگە سولاپ قويۇلاتتى ۋە ئۇ ئايال ئۆيدىن تاكى ئۆلگۈچىلىك چىقالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ ئايالنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا) تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى الله ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار﴾**. الله تائالانىڭ ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنلىكى بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىدۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: (بۇرۇن) ھۆكۈم تاكى الله تائالا «نۇر» سۈرىسىنى نازىل قىلغۇچە شۇنداق (يەنى يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك) ئىدى. ئاندىن (الله تائالا) قامچىلاش ياكى چالما كېسەك قىلىش ھۆكمىنى يولغا قويۇش بىلەن يۇقىرىقى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

شۇنىڭدەك ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، ئەتاخۇراسانى، ئەبۇسالىھ، قەتادە، زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە زەھھاك قاتارلىقلارنىڭمۇ: شەكسىز ئۇ (يەنى بۇ ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەت) ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. بۇ ئايەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىدۇر.

ئىمام مۇسلىم ۋە باشقا ئىماملار ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر مەندىن بۇ (ھۆكۈمنى) ئېلىۋېلىڭلار، مەندىن بۇ (ھۆكۈمنى) ئېلىۋېلىڭلار، ھەقىقەتەن الله تائالا پاھىشە قىلىپ قالغان ئاياللارغا بىر چىقىش يولى بەردى. توي قىلمىغان ئەر بىلەن توي قىلمىغان ئاياлدىن بىرسى پاھىشىۋازلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى يۈز قامچا ئۇرۇش ۋە بىر يىل پالاشتۇر (ھازىرقى زاماندا تۈرمىلەرگە تاشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن). توي قىلغان ئەر بىلەن توي قىلغان ئاياлدىن بىرسى پاھىشىۋازلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى يۈز قامچا ئۇرۇش ۋە چالما كېسەك قىلىشتۇر».

**﴿ئاراڭلاردا ئىككى كىشى (يەنى ئەر بىلەن ئايال) پاھىشە قىلسا، ئۇلارنى ئەيىبلەڭلار﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئۇ ئىككىسىدىن باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: (ئەيىبلەش) تىللاش، سۆكۈش ۋە ئاياق بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ، بۇ ھۆكۈم (تاكى) الله تائالا پاھىشىنى قامچىلاش ياكى چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغانغا قەدەر داۋام قىلغان ئىدى.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت بەچچىۋازلىق قىلىشقان ئىككى ئەر كىشى توغرىسىدا چۈشكەن.

ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرسەڭلار (يەنى بەچچىۋازلىق قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرسەڭلار) قىلغۇچىنىمۇ ۋە قىلىنغۇچىنىمۇ ئۆلتۈرىۋېتىڭلار».

**﴿ئۇلار تەۋبە قىلىپ تۈزەلسە﴾** يەنى بەچچىۋازلىق قىلغۇچىلار، قىلغان ئىشلىرىدىن يانسا ۋە تەۋبە قىلىپ ئۆزلىرىنى تۈزەتسە **﴿ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار﴾** يەنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى، گۇناھىغا تەۋبە قىلغان كىشى گۇناھى يوق كىشىگە ئوخشاشتۇر. **﴿الله تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾**.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ دېدىكى پاھىشە قىلغان بولسا ئۇنى قامچىلىسۇن، لېكىن ئۇنى ئەيىبلىمىسۇن». يەنى ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن جازانى بەرسۇن، جازالاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قىلغان ئىشى ئۈچۈن ئەيىبلىمىسۇن. چۈنكى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا ئۇنىڭ قىلغان گۇناھىنى يۇيىدۇ.



* * * * * * *

إِنَّمَا ٱلتَّوْبَةُ عَلَى ٱللَّهِ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلسُّوٓءَ بِجَهَٰلَةٍ ثُمَّ يَتُوبُونَ مِن قَرِيبٍ فَأُوْلَٰٓئِكَ
يَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٧﴾ وَلَيْسَتِ ٱلتَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ
ٱلسَّيِّـَٔاتِ حَتَّىٰٓ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ ٱلْمَوْتُ قَالَ إِنِّى تُبْتُ ٱلْـَٰٔنَ وَلَا ٱلَّذِينَ يَمُوتُونَ
وَهُمْ كُفَّارٌ ۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٨﴾

الله قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە، يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر؛ الله ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿17﴾. داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴿18﴾.

## جان ھەلقۇمغا يېتىشتىن بۇرۇن قىلىنغان تەۋبىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە بىر گۇناھنى نادانلىق بىلەن قىلىپ قويۇپ، ئاندىن جېنىنى ئالىدىغان پەرىشتىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن، يەنى جېنى ھەلقۇمغا يېتىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقنى بايان قىلىدۇ. مۇجاھىد ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: الله تائالاغا قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ھەممىسى ئۇ گۇناھتىن يانغىچە، نادانلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

قەتادە ئەبۇئالىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى: بىر بەندىنىڭ قىلىپ سالغان ھەممە گۇناھلىرى نادانلىق بىلەن قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى.

ئابدۇررازاق مۇنداق دەيدۇ: مەئمەر ماڭا قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىردەك (ھالدا): قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان ھەممە گۇناھ نادانلىق بىلەن بولغان بولىدۇ، ـ دەپ قاراشتى. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئالىملاردىن بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر رىۋايەت قىلىنىدى[1].

**﴿ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى گۇناھ قىلغان ۋاقتى بىلەن ئۆلۈمگە مەسئۇل پەرىشتە (ئەزرائىلنى) كۆرگۈچە بولغان ئارىلىقتا تەۋبە قىلسا دېگەنلىك بولىدۇ.

باشقا ئالىملارمۇ بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قاراشلىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: گۇناھ قىلغان كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىشىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن، بەندىنىڭ جېنى ئۇنىڭ ھەلقۇمغا كېلىپ قالمىغانلا بولسا،

(1) يەنى بىر كىشى قىلىپ سالغان گۇناھنىڭ ھەممىسى (مەيلى ئۇ كىشى ئۇ گۇناھنى قەستەن قىلسۇن، ياكى قەستەن قىلمىسۇن) نادانلىق بىلەن قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا: نادانلىق بىلەن قىلغان گۇناھنى تەۋبە قىلسا كەچۈرىمەن، ـ دېدى. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇ كىشى قانچىلىك تەۋبە قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر.

الله تائالا ئۇ بەندىنىڭ قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ».

**﴿الله ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** ئەمما، قاچانكى ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزسە، پەرىشتىنى كۆرسە (يەنى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام كەلسە)، جان ھەلقۇمغا يەتكەن ۋە مەيدىسى سىقىلغان چاغدا قىلىنغان تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ. **﴿داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر الله غا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (الله غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) الله نىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى﴾[1].

شۇنىڭدەك، الله تائالا كۈن غەربتىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. «(سىلەر ئۆزەڭلارغا كېلىدىغان ئىشلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز» دېگىن﴾[2].

**﴿ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾** يەنى كۇفۇر، شېرىكلىك ئۈستىدە ئۆلگەن كاپىرنىڭ قىلغان پۇشايمىنى ۋە تەۋبىسى ئۇنىڭغا ئەسقاتمايدۇ ۋە زېمىن توشقىچە فىديە بەرسىمۇ، ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەبۇئالىيە ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت مۇشرىكلار ھەققىدە چۈشكەن.

ئىمام ئەھمەد ئۇسامە ئىبنى سالماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇزەر كىشىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى: «بىر بەندىنىڭ جېنى مۇشرىكلىك ھالىتىدە چىقىپ كەتمىسە، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ (گۇناھلىرىنى) كەچۈرىدۇ».

شۇڭا الله تائالا (مۇشرىك پېتى ئۆلگەنلەر توغرىسىدا) مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق﴾**.



* * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا يَحِلُّ لَكُمْ أَن تَرِثُوا۟ ٱلنِّسَآءَ كَرْهًا ۖ وَلَا تَعْضُلُوهُنَّ لِتَذْهَبُوا۟ بِبَعْضِ

(1) غافىر سۈرىسى 84 ـ 85 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنئام سۈرىسى 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مَآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ إِلَّآ أَن يَأۡتِينَ بِفَٰحِشَةٖ مُّبَيِّنَةٖۚ وَعَاشِرُوهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِۚ فَإِن كَرِهۡتُمُوهُنَّ
فَعَسَىٰٓ أَن تَكۡرَهُواْ شَيۡـٔٗا وَيَجۡعَلَ ٱللَّهُ فِيهِ خَيۡرٗا كَثِيرٗا ﴿١٩﴾ وَإِنۡ أَرَدتُّمُ ٱسۡتِبۡدَالَ زَوۡجٖ
مَّكَانَ زَوۡجٖ وَءَاتَيۡتُمۡ إِحۡدَىٰهُنَّ قِنطَارٗا فَلَا تَأۡخُذُواْ مِنۡهُ شَيۡـًٔاۚ أَتَأۡخُذُونَهُۥ بُهۡتَٰنٗا
وَإِثۡمٗا مُّبِينٗا ﴿٢٠﴾ وَكَيۡفَ تَأۡخُذُونَهُۥ وَقَدۡ أَفۡضَىٰ بَعۡضُكُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٖ وَأَخَذۡنَ
مِنكُم مِّيثَٰقًا غَلِيظٗا ﴿٢١﴾ وَلَا تَنكِحُواْ مَا نَكَحَ ءَابَآؤُكُم مِّنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا قَدۡ
سَلَفَۚ إِنَّهُۥ كَانَ فَٰحِشَةٗ وَمَقۡتٗا وَسَآءَ سَبِيلًا ﴿٢٢﴾

ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، **الله** كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴿19﴾. ئەگەر بىر خوتۇننى قويىۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟﴿20﴾. ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟﴿21﴾ ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ). بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!﴿22﴾

## ئاياللارنى زورلۇق بىلەن مىراس قىلىۋېلىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

**﴿ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ﴾** ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (يەنى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زاماندا) بىر كىشى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئايالىغا ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىگە بولاتتى. خالىسا ئۇلارنىڭ بىرەرسى ئۇ ئايالنى ئالاتتى، خالىسا ئۇنى (باشقىلارغا) ياتلىق قىلىپ بېرەتتى. ياكى خالىسا ئۇنى ھېچ كىشىگە ياتلىق قىلىپ بەرمەيتتى. ئۇلار ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىنمۇ ھوقۇقلۇق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى چەكلەپ بۇ ئايەت چۈشتى.

## ئاياللارغا بېسىم ئىشلىتىشتىن توسۇش توغرىسىدا

**﴿ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن**

**بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار﴾** يەنى ئاياللىرىڭلارغا بەرگەن تويلۇقۇڭلارنىڭ ھەممىسىدىن ياكى بەزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئۆتۈنۈپ بېرىشى ياكى سىلەردىكى ھەققىنىڭ بىرەرسىدىن كېچىشىنى كۆزلەپ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەڭلار ۋە بېسىم ئىشلەتمەڭلار. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، شەئبى، ھەسەنبەسرى، مۇھەممەد ئىبنى سىرىين، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەتا، زەھھاك، ئەبۇقالابە، ئەبۇسالىھ، سۇددى، زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە سەئىد ئىبنى ئەبۇھىلال قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاياللار پاھىشە قىلسا، سېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقۇڭنى قايتۇرۇۋېلىشىڭ، ھەتتا ئۇ ئايالنىڭ تويلۇقۇڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىشىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىشىڭ سېنىڭ ھەققىڭدۇر.

ﷲ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئاياللىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر ـ ئايال) نىڭ ﷲ نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر ـ خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ﴾[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئىكرىمە ۋە زەھھاك قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: (بۇ ئايەتتىن) يالغۇز پاھىشە قىلغان ئاياللارلا كۆزدە تۇتۇلغان بولماستىن، بەلكى سەركەشلىك قىلغان ۋە ئەرنىڭ گېپىگە كىرمىگەن ئاياللارمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىبنى جەرىر: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەر ئىككىلا (يەنى پاھىشە قىلغان ۋە سەركەشلىك قىلغان ئايالنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ـ دېدى.

## ئاياللار بىلەن چىرايلىق چىقىشىپ ئۆتۈشكە بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار﴾** خۇددى سىلەر ئاياللارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ياخشى كۆرگىنىڭلاردەك، سىلەرمۇ كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا سۆزلىرىڭلارنى، ئىش ـ ھەرىكىتىڭلارنى ۋە تەققى ـ تۇرقۇڭلارنى چىرايلىقلاشتۇرۇڭلار.

ﷲ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتۈشى كېرەك)﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆزىنىڭ ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر. مەن ئاياللىرىمغا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئۆزىنىڭ ئايالىغا ئەڭ ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىدۇرمەن». چىقىشقاق، مىجەزى ئوچۇق ـ يورۇق بولۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقلىرىدىن بولۇپ، ئۇ خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئىناق

(1) بەقەرە سۈرىسى 229 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 228 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆتەتتى، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ چىقىملىرىنى كەڭ ـ كۇشادا قىلىپ بېرەتتى ۋە خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كۆلۈشۈپ ئولتۇراتتى. ھەتتا ئۇ مېھرىبانلىق قىلىش يۈزىسىدىن مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەندە، مەن ئۇنى ئۇتتۇۋالدىم. بۇ، مەن سەمرىپ كېتىشتىن بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى. كېيىن (مەن سەمرىپ كەتكەندە) يەنە مۇسابىقىگە چۈشتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۇتتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەڭلەشتۇق» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەر ئاخشىمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (نۆۋەتتە كېلىپ) قونماقچى بولغان ئايالنىڭ ھۇجرىسىغا يىغىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ۋاقىتتا كەچلىك تاماقنى ئۇلار بىلەن بىللە يەيتتى، تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىلىرىغا چىقىپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى بىلەن بىر يەردە بولاتتى. ئۇ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئاياللىرى بىلەن ئازراق مۇڭدىشاتتى. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەرگە ـ اللہ نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللہ نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾**[1].

**﴿ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، اللہ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾** يەنى سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، سەۋر قىلىپ ئۇلارنى ساقلىشىڭلاردا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرگە كۆپلىگەن ياخشىلىقلار بولۇشى مۇمكىن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كۆپلىگەن ياخشىلىق دېگەن ئايالغا مېھرىبانلىق قىلىش دېگەنلىكتۇر. (ئاندىن) ئۇ ئايالدىن بالا يۈزى كۆرىدۇ، شۇ بالىدا كۆپ ياخشىلىقلار بولىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «مۆمىن ئەر مۆمىن ئايالنى يامان كۆرمىسۇن، ئۇ ئۇنىڭ بىر ئىشنى ياقتۇرمىغان بىلەن باشقا بىر ئىشىدىن خۇرسەن بولىدۇ».

## تويلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ توسۇلغانلىقى

**﴿ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟﴾** بۇ ئايەتتە تويلۇقنى جىق ئالسىمۇ دۇرۇس بولىدىغانلىقىغا پاكىت بار. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇرۇن ئاياللارنى تويلۇقنى جىق ئېلىشتىن توسۇيتتى. كېيىن ئۇ سۆزىدىن يېنىۋالدى.

(1) ئەھزاب سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

ئىمام ئەھمەد بۇ ھەقتە ئەبۇئەجفائى سەلمانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ئاگاھ بولۇڭلار! سىلەر تويلۇق سېلىشتا بەك ئاشۇرۇۋەتمەڭلار! ئەگەر ئۇ تويلۇق دۇنيادا ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدىغان ئىش بولسا ياكى الله تائالانىڭ دەرگاھىدا تەقۋالىق قىلغانلىق بولسا، ئۇنى قىلىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەردىن بەك ھەقلىق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ تويلۇقى ئون ئىككى ئۇقىيەدىن ئارتۇق بولمىدى. بىر كىشى ئايالىنىڭ تويلۇقى بىلەن سىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئايالى ئۈچۈن بىر ئۆچمەنلىك قالىدۇ ـ دە: مەن ساڭا ھەتتا خالتىنىڭ يىپىغىچىلىك چىقىم قىلدىم، ـ دەيدۇ.

ھافىز ئەبۇيەئلا مەسرۇقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىگە چىقىپ مۇنداق دېدى: ئى خالايىق! سىلەر تويلۇقنى نېمە دەپ جىق سالىسىلەر؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سالىدىغان تويلۇقلىرى 400 دەرھەم ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئىدى. ئەگەر تويلۇقنى جىق سېلىش الله تائالانىڭ دەرگاھىدا تەقۋالىق بولىدىغان بولسا ياكى بىرەر ياخشىلىق بولسا، سىلەر بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيتتىڭلار (يەنى ئەگەر تويلۇقنى جىق سېلىش بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرسى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئاللىقاچان بۇنى سىلەردىن بۇرۇن قىلاتتى). مەن (بۇنىڭدىن كېيىن) بىر كىشىنىڭ بىر ئايالغا ئالغان تويلۇقىنىڭ 400 دەرھەمدىن ئارتۇق بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەي. ئۆمەر مۇنبەردىن چۈشۈۋېدى، قۇرەيشلىك بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! سەن كىشىلەرنى ئاياللارنىڭ تويلۇقىدا 400 دەرھەمدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن توستۇڭمۇ؟ ـ دېدى. ئۆمەر: ھەئە! ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئايال: سەن الله تائالانىڭ قۇرئاندا چۈشۈرگەن ئايىتىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئۇ: قايسى ئايەت؟ ـ دېدى. ئۇ ئايال: سەن الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار**﴾ دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئۆمەر: ئى الله ! گۇناھىمنى كەچۈرگىن، ھەممە كىشى ئۆمەردىن بەكرەك ئالىم ئىكەن، ـ دېدى. ئاندىن كەينىگە قايتىپ مۇنبەرگە چىقىپ مۇنداق دېدى: مەن سىلەرنى ئاياللارنىڭ تويلۇقىدا 400 دەرھەمدىن ئاشۇرۇۋېتىشىڭلارنى توسقان ئىدىم، (بۇنىڭدىن كېيىن) خالىغان كىشى (ئايالىغا) ئۆزىنىڭ بەرگۈسى بارنى بەرسۇن.

ئەبۇيەئلا مۇنداق دېدى: مەن ئۇنى (يەنى مەسرۇقنى): كۆڭلى خالىغاننى قىلسۇن دېدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.

﴿**ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە سۇددى قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىكى "ئۆزئارا خىلۋەت" تىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىك كۆزدە تۇتۇلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرىگە لەنەت ئېيتقۇچى ئەر ـ ئايال كېلىپ ئۆزئارا لەنەتلىرىنى ئېيتىشىپ بولغاندىن

كېيىن[1]، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالا ئىككىڭلاردىن بىرىڭلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار تەۋبە قىلمامسىلەر؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندا، ئەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېلىم يەنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقۇمچۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تويلۇق سېنىڭ ئەمەس، ئەگەر سەن (بۇ سۆزۈڭدە) راستچىل بولساڭ، تويلۇق سېنىڭ ئۇنى خوتۇن قىلغانلىقىڭ ھېسابىدا بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان بولساڭ، تويلۇقتا سېنىڭ تېخىمۇ ھەققىڭ يوق» دېدى.

**﴿ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟﴾** ئىمام مۇسلىمنىڭ بىر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، چۈنكى، سىلەر ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئامانىتى قىلىپ ئالدىڭلار ۋە ئۇلارنى (ئۆزەڭلارغا) الله تائالانىڭ سۆزى بىلەن ھالال قىلدىڭلار».

## ئاتىسى ئالغان ئاياللارنىڭ ئوغۇللىرىغا ھارام ئىكەنلىكى ۋە شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى

**﴿ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار (ئەپۇ قىلىنىدۇ)﴾** الله تائالا ئاتا ئالغان ئاياللارنى (يەنى ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئانىسىنى) ئاتىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئوغۇللىرىنىڭ ئېلىشىنى ھارام قىلدى. ئايال ئوغلىغا (ئاتىنىڭ ئۇ ئايالنى ئۆزىگە نىكاھ قىلغان ھامان ھارام) بولىدۇ. بۇ، ئالىملارنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراشتۇر.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى كىشىلەر ئاتىنىڭ ئايالىنى ئېلىش ۋە قېرىنداش ئاچا ـ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشتىن باشقا، الله ھارام قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ھارام دەپ بىلەتتى. ئاندىن الله تائالا (ئاتىنىڭ ئايالىنى ئېلىش ۋە ئاچا ـ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە) بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾[2].

**﴿بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!﴾** شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشلار بۇ ئۈممەتكە ھارام قىلىنىپ، ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشلاردىن بولۇپ قالدى.

---

(1) بىر كىشى ئايالىنى يامان ئىش بىلەن قارىلاپ ئۇنىڭغا ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، الله نىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچىدۇ، بەشىنچى قېتىمدا، ئۇ: ئەگەر مەن يالغانچى بولسام، الله نىڭ لەنىتى ماڭا بولسۇن، ـ دەيدۇ ۋە ئايالىمۇ ئەرگە ئوخشاش قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئايرىلىپ كېتىدۇ، مانا بۇ لەنەت ئېيتىشقانلىق بولىدۇ.
(2) نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾[1] بۇ يەردە (يەنى ئاتىلارنىڭ ئاياللىرىنى بالىلارغا ھارام قىلىپ كەلگەن ئايەت پاھىشۋازلىقنى ھارام قىلىپ كەلگەن ئايەتلەردىن بولۇپ) ﴿**ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر**﴾ دېگەن سۆز قوشۇپ كەلتۈرۈلدى.

بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىدە قېلىپ قالىدۇ. يەنى بالىسى ئاتىسىنىڭ ئايالىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، بالىنىڭ ئاتىنى ئۆچ كۆرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، بىر كىشى بىر ئايالنى ئالسا، ئۇ كىشى (كۆپىنچە ھالەتتە) ئايالنىڭ بۇرۇنقى ئېرىنى يامان كۆرىدۇ. شۇڭا مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى) ئېلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ھارام قىلىندى. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈممەتلەرنىڭ ئانىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ (يەنى ئۈممىتىنىڭ) ئاتىلىرىغا ئوخشاشتۇر، بەلكى، (پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ) بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەققى ئاتىلارنىڭ ھەققىدىن چوڭدۇر. ئۇنى ياخشى كۆرۈش باشقا كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئەتا ئىبنى ئەبۇرىباھ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر**﴾ يەنى ﷲ تائالا ئۇنى ئۆچ كۆرىدۇ.

﴿**بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!**﴾ يەنى بۇ ئۇنى قىلغان كىشى ئۈچۈن نېمە دېگەن يامان ئادەت! بىر كىشى بۇ ئىشنى قىلسا، ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ دىنىدىن يانغان بولىدۇ. ئاندىن (دىنىدىن يانغان كىشىنىڭ قاتارىدا) ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىر قىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە باشقا ھەدىس ئالىملىرى رىۋايەت قىلغان بۇ ھەقتىكى بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنى ئاتىسىنىڭ ئايالىنى ئالغان بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىر قىلغىلى ئەۋەتتى.

*******

حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمۡ أُمَّهَٰتُكُمۡ وَبَنَاتُكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُمۡ وَعَمَّٰتُكُمۡ وَخَٰلَٰتُكُمۡ
وَبَنَاتُ ٱلۡأَخِ وَبَنَاتُ ٱلۡأُخۡتِ وَأُمَّهَٰتُكُمُ ٱلَّٰتِيٓ أَرۡضَعۡنَكُمۡ وَأَخَوَٰتُكُم
مِّنَ ٱلرَّضَٰعَةِ وَأُمَّهَٰتُ نِسَآئِكُمۡ وَرَبَٰٓئِبُكُمُ ٱلَّٰتِي فِي حُجُورِكُم
مِّن نِّسَآئِكُمُ ٱلَّٰتِي دَخَلۡتُم بِهِنَّ فَإِن لَّمۡ تَكُونُواْ دَخَلۡتُم بِهِنَّ فَلَا جُنَاحَ
عَلَيۡكُمۡ وَحَلَٰٓئِلُ أَبۡنَآئِكُمُ ٱلَّذِينَ مِنۡ أَصۡلَٰبِكُمۡ وَأَن تَجۡمَعُواْ
بَيۡنَ ٱلۡأُخۡتَيۡنِ إِلَّا مَا قَدۡ سَلَفَۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿٢٣﴾ ۞
وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ ٱلنِّسَآءِ إِلَّا مَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۖ كِتَٰبَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡۚ وَأُحِلَّ لَكُم مَّا
وَرَآءَ ذَٰلِكُمۡ أَن تَبۡتَغُواْ بِأَمۡوَٰلِكُم مُّحۡصِنِينَ غَيۡرَ مُسَٰفِحِينَۚ فَمَا ٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِهِۦ مِنۡهُنَّ

(1) ئىسرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

فَـَٔاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ فَرِيضَةًۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيۡكُمۡ فِيمَا تَرَٰضَيۡتُم بِهِۦ مِنۢ بَعۡدِ ٱلۡفَرِيضَةِۚ
إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٢٤﴾

سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىلىرىنى، قېرىنداشڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئايالىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ باك يوقتۇر، يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ. الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿23﴾. ئەرلىك ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى، پەقەت سىلەرنىڭ باشقۇرۇشۇڭلار ئاستىدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇ الله نىڭ سىلەرگە پەرز قىلغان ھۆكملىرىدۇر، بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا، ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشڭلار ھالال قىلىندى. قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار، مەھرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئارا پۈتۈشكەن نەرسەڭلار توغرىسىدا (يەنى ئايالنىڭ رازىلىقى بىلەن ساقىت قىلىنغان مەھرى ئۈچۈن) سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿24﴾.

## ئېلىش مەڭگۈ ھارام قىلىنىپ كەتكەن ۋە مەڭگۈ ھارام قىلىنمىغان ئاياللارنىڭ بايانى

بۇ ئايەت ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ۋە ئېمىلدەشلىك، كۈيئوغۇل ياكى كېلىن بولۇش سەۋەبى بىلەن ئېلىش ھارام قىلىنىپ كەتكەن ئاياللار توغرىسىدا كەلگەن ئايەتتۇر. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق سەۋەبى بىلەن ئېلىپ - تېگىش ياكى نىكاھلاشقا بولمايدىغان يەتتە تۈرلۈك ئايال سىلەرگە ھارام قىلىندى دەپ، ئاندىن الله تائالانىڭ: **﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىلىرىنى، قېرىنداشڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار ھېچ باك يوقتۇر، يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى**

**بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ. اللّٰه ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام تەبەرى ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق سەۋەبى بىلەن يەتتە تۈرلۈك قۇدا - باجىلىق سەۋەبى بىلەن يەتتە تۈرلۈك ئايال ھارام قىلىندى دېگەنلىكىنى ۋە: **﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: بۇلار ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق سەۋەبى بىلەن ھارام قىلىنغان ئاياللاردۇر، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

**﴿سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى﴾** يەنى سىلەرنى تۇغقان ئاناڭلار سىلەرگە ھارام بولغىنىدەك، سىلەرنى ئېمىتكەن ئاناڭلارمۇ سىلەرگە ھارام بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئېمىلدەشلىك قانداشلىق ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام قىلىدۇ».

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «تۇغقاندارچىلىق ئارقىلىق ھارام بولۇپ كەتكەن نەرسە، ئېمىلدەشلىك ئارقىلىقمۇ ھارام بولۇپ كېتىدۇ»[1].

## قانچىلىك مىقداردا ۋە نەچچە ياشقىچە ئەمسە ئېمىلدەش بولىدىغانلىقى

بەش قېتىمغا يەتمىگەن ئېمىش ئېمىلدەشلىكنى ھاسىل قىلمايدۇ. ئىمام مۇسلىمنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بۇنىڭ دەلىلى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاندا چۈشكەن ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە: ئانىسىدىن باشقا ئاياللارنى ئون قېتىم ئېمىش ھارام قىلىنىدۇ، - دەپ بار ئىدى. ئاندىن ئۇ ھۆكۈم بەش قېتىم ئېمىش دېگەن ھۆكۈم بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، بەش قېتىم ئېمىش قۇرئاننىڭ ئىچىدە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئىدى.

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھلە دېگەن ئايالنى ئەبۇھۇزەيفەنىڭ ئازاتگەردىسى سالىمنى بەش قېتىم ئېمىتىشكە بۇيرۇغان.

بۇ ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ھەنبەلىينىڭ مەزھەبىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىيفە ۋە ئىمام مالىكنىڭ مەزھىبىدە مەيلى ئاز ئەمسۇن ياكى جىق ئەمسۇن، بالا ئەمچەكنى ئېغىزىغا

---

(1) ئايال كىشى تۇغۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بالىسىغا ھارام بولغانغا ئوخشاش، باشقا بالىلارنى ئېمىتىش ئارقىلىقمۇ ئۇلارغا ھارام بولۇپ كېتىدۇ، مەسىلەن: بىر ئايال بىر بالىنى تۇغسا ئۇ بالىغا ئۆزىنىڭ ئانىسى، سىڭلىسى، ئاچىسى، ھامما ئاچىلىرىنىڭ ھەممىسى ھارام بولۇپ كېتىدۇ، شۇنىڭدەك بىر ئايال بىر بالىنى ئېمىتسە ئۇ بالىغا ئۇ ئايالنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ قىزى، سىڭلىسى، ئاچىسى، ھامما ئاچىسىنىڭ ھەممىسى ھارام بولۇپ كېتىدۇ.

ئېلىپ، سۈتنى شوراپ ئېمىشى بىلەنلا ئېمىلدەشلىك چۈشىدۇ. ئېمىلدەش بولۇش ئۈچۈن (بالا) سۈتنى چوقۇم ئىككى ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئېمىشى لازىم (ئەگەر بالا ئىككى ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ئەمسە، بۇ چاغدا ئېمىلدەشلىك چۈشمەيدۇ). بۇنىڭغا ئائىت مەزمۇنلار بەقەرە سۈرىسىدىكى: ﴿ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم﴾[1] دېگەن ئايەتتە بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

## قېيىنئانا ۋە ئۆگەي قىزلار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ هاراملىقى

**﴿قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) نى ئېلىش هارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار هېچ باك يوقتۇر﴾** بىر ئايال بىر كىشىگە نىكاھلانغان هامان (گەرچە ئۇ ئىككىسى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسىمۇ، ئۇ ئايالنىڭ) ئانىسى ئۇ كىشىگە هارام بولىدۇ. بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ نىكاھى ئوقۇلغان بولسا، تاكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگۈچە ئۇ ئايالنىڭ قىزى ئۇ كىشىگە هارام بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئايالنى قويۇۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئايالنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

## ئۆگەي قىزنىڭ ئۆگەي دادىسىغا هارام ئىكەنلىكى

**﴿سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش هارام قىلىندى﴾** كۆپ ساندىكى ئالىملار: ئۆگەي قىز مەيلى ئۆگەي ئاتىنىڭ ئالدىدا ياكى باشقا يەردە چوڭ بولغان بولسۇن، ئۇ ئۆگەي ئاتىغا هارامدۇر، ـ دېدى.

ئىما بۇخارى ۋە مۇسلىم هەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئۇممۇهەبىبە (پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئايالى) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا مۇنداق دېدى: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن مېنىڭ هەمشىرەمنى ئالغىن».

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: ئەبۇسۇفياننىڭ قىزى ئىززەتنى ئالغىن، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «سەن بۇ ئىشنى ياخشى كۆرەمسەن؟»[2] دېدى. ئۇممەهەبىبە: هەئە، مەن سېنىڭ يالغۇز ئايالىڭ ئەمەس[3]. ماڭا ياخشىلىقتا هەمكارلىشىدىغان

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) يەنى مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمنى ياخشى كۆرەمسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ سوئالنى ئاياللارنىڭ كۈندەشلىكىدىن باشقا خوتۇن ئېلىشنى ياقتۇرمايدىغان تۇرۇپ ئۇنىڭ بىر تۇغقىنىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىدىن هەيران قالغان ئىدى.

(3) يەنى ئۇنى ئېلىپ بەرمىسەممۇ، مەن يالغۇزلا ئەمەس، مەن بىلەن سېنىڭ باشقا ئاياللىرىڭمۇ بار. ئۇنداق بولغان ئىكەن، مەن كۈندەشلىك قىلماسلىققا كۆنگەنمەن.

كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى مېنىڭ ئاشۇ ھەمشىرەمدۇر دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن، سېنىڭ ھەمشىرەڭنى ئېلىش ماڭا دۇرۇس بولمايدۇ» دېدى. ئۇممەھەبىبە: (كىشىلەر بىزگە) سېنىڭ ئەبۇسەلەمەنىڭ قىزىنى ئالماقچى بولغانلىقىڭنى سۆزلەپ بەردى،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇممۇسەلەمەنىڭ قىزىنىمۇ؟»[1] دېدى. ئۇممەھەبىبە: ھەئە،ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇ (يەنى مېنىڭ ئۆگەي قىزىم) مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولمىغان بولسىمۇ، ماڭا دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئېمىلدەش بىر تۇغقىنىمنىڭ قىزى، سۇۋەيبە مېنى ۋە ئەبۇسەلەمەنى (يەنى ئۇ قىزنىڭ ئاتىسىنى) ئېمىتكەن[2]، سىلەر ماڭا قىزلىرىڭلارنى ۋە ھەمشىرىلىرىڭلارنى سايە قىلىپ يۈرمەڭلار» دېدى.

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلدى: «مەن ھەقىقەتەن ئۇممۇسەلەمەنى (يەنى ئۇنىڭ ئانىسىنى) ئالمىغان بولساممۇ، ئۇ ماڭا دۇرۇس بولمايتتى» (بۇنىڭدىن ئانىسىنى ئالغاندىن كېيىن قىزىنى ئېلىش دۇرۇس بولمايدۇ دېگەن مەنە چىقىدۇ).

## بېقىۋالغان باللىرىنىڭ ئەمەس، ئۆز پۇشتىدىن بولغان باللىرىنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى

**﴿يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾** بۇنىڭدىن بېقىۋالغان باللارنىڭ ئاياللىرىنى ئالسا بولىدۇ دېگەنلىك چىقىدۇ. **اللّٰه** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق﴾[3].

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەتادىن **اللّٰه** تائالانىڭ: **﴿يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىدىم. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: (ھەقىقەتنى) **اللّٰه** ئۆزى بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ ئايالىنى (بېقىۋالغان بالىسىنىڭ ئايالىنى) ئالغان ۋاقىتىدا، مەككىدە مۇشرىكلار: مۇھەممەد ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ ئايالىنى ئالدى،ـ دېگەن سۆزلەرنى تارقىتىشتى.

شۇنىڭ بىلەن، **اللّٰه** تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ﴿سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ **اللّٰه** (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) باللىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە

(1) يەنى ئۇممۇسەلەمەنىڭ قىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەي قىزى بولۇپ، ئۇممۇھەبىبە بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئانىسى بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىش دۇرۇس بولغان يەردە ئاچا ـ سىڭىلنى ئېلىش ئەلۋەتتە دۇرۇس بولىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مېنىڭ ھەمشىرەمنى ئالغىن دەيدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۆگەي قىزىنى ئالماقچى بولدى، دېگەن خەۋەرنى ئەسلى مۇناپىقلار تارقاتقان ئىدى.

(2) يەنى ئۇ مېنىڭ ئۆگەي قىزىم بولمىسىمۇ مېنىڭ ئۇنى ئېلىشىم دۇرۇس ئەمەس دېگەنلىكىدىن، ئۆگەي قىزنى ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە پاكىت باردۇر.

(3) ئەھزاب سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلمىدى﴿[1] ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس﴾[2].

ئىبنى ئەبۇھاتەم ھەسەن ئىبنى مۇھەممەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**باللىرىڭلارنىڭ ئاياللىرى**﴾، ﴿**قېيىن ئاناڭلارنى**﴾ دېگەن ئايەتلەر مەنىسى ئوچۇق بايان قىلىنمىغان ئايەتلەردۇر. ئاندىن ئىبنى ئەبۇھاتەم: تاۋۇس، ئىبراھىم، زۆھرى ۋە مەكھۇل قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دەيدۇ، ـ دېدى.

مەنىسى ئوچۇق بايان قىلىنمىغان دېگىنىمىز، نىكاھ قىلىپ بولۇپ مەيلى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ياكى ئۆتكۈزمىگەن بولسۇن، ھەممىسىگە ئورتاق دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئاچا ـ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى

﴿**ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى**﴾ شۇنىڭدەك ئاچا ـ سىڭىل دېدەكلىرىنىمۇ (ئۇ ئىككىسىنى بىرلا ۋاقىتتا بىللە) ساقلاش ھارامدۇر. لېكىن ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى زامانلاردا سىلەردىن ئۆتۈلۈپ قالغان ئىشلارنى كەچۈرىۋەتتۇق. ساھابىلەر، تابىئىنلار، سەلەپ ۋە خەلەپ ئىماملاردىن بولغان ئالىملار: ئاچا ـ سىڭىلنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىدە، كىمكى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن نىكاھىدا ئاچا ـ سىڭىل بولسا (ئۇنىڭغا) بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلىدىغانلىقى، بىرىنى ئېلىپ قېلىپ يەنە بىرىنى قويۇۋېتىشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كەلدى.

ئىمام ئەھمەد زەھھاك ئىبنى فىرۇزنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن چېغىمدا، (مېنىڭ) نىكاھىمدا ئاچا ـ سىڭىل بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ خېتىنى بېرىشىمگە بۇيرۇدى.

## چۆرىلەردىن باشقا ئېرى بار ئاياللارنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقى

﴿**ئەرلىك ئاياللارنى ئېلىشمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى، پەقەت سىلەرنىڭ باشقۇرۇشۇڭلار ئاستىدىكى چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ يەنى سىلەر ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئاياللارنى (ھەيز ئارقىلىق) پاكىزلىساڭلار، سىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن (ئۇلارنىڭ ئېرى بولسىمۇ) جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشۈڭلار دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ئايەت مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا چۈشكەن.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەئىد خۇدرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئەۋتاس قەبىلىسىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئاياللارغا ئېرىشتۇق. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بىلەن بىر يەردە بولۇشنى يامان كۆردۇق. بىز (بۇ توغرۇلۇق) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان ئىدۇق، بۇ ئايەت چۈشتى. ئاندىن بىز بۇ ئايەت بىلەن ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ھالال

(1) ئەھزاب سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەھزاب سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلدۇق.

﴿**بۇ اللہ نىڭ سىلەرگە پەرز قىلغان ھۆكمىلىرىدۇر**﴾ يەنى بۇ ھارام قىلىش اللہ تائالا سىلەرگە پۈتتۈۋەتكەن چەكلىمىلەردۇر. سىلەر بۇ چەكلىمىلەرنى ئىبىسڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتمەڭلار!

## يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا ئاياللارنى ئېلىشنىڭ ھالاللىقى

﴿**بۇلاردىن (يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئاياللاردىن) باشقىلىرىنى زىنادىن ساقلىنىپ، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ھالدا**﴾ يەنى يۇقىرىدىكى ئېلىش ھارام قىلىنغان ئاياللاردىن باشقىسى سىلەرگە ھالالدۇر. بۇ سۆزنى ئەتا ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق بايان قىلدى. ﴿**ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىپ (يەنى مەھرىنى بېرىپ) نىكاھلاپ ئېلىشىڭلار ھالال قىلىندى**﴾ يەنى خۇددى سىلەر ئۇ ئاياللاردىن پايدىلانغانلىقىڭلاردەك، ئۇلارنىڭمۇ مەھرىلىرىنى تولۇق بېرىشىڭلار لازىم.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟﴾[1] ﴿ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ بېرىڭلار﴾[2] ﴿اللہ نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، اللہ بەلگىلىگەن ئەر- خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئۆزەڭلارنىڭ ئايالىرىڭلارغا (مەھرى ئۈچۈن) بەرگەن مال - مۈلۈكتىن ھېچقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ﴾[3].

## ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش ۋە ئۇنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئۇبەي ئىبنى كەئب، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە سۇددى قاتارلىقلار اللہ تائالانىڭ: ﴿**قايسىكى ئاياللارنى (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار**﴾ دېگەن ئايىتىنى مۇنداق ئوقۇيتتى: ﴿**قايسىكى ئاياللارنى مەلۇم مۇددەتكىچىلىك (نىكاھلاپ ئېلىپ) پايدىلانساڭلار، ئۇلارغا (نىكاھ ۋاقتىدا) بېكىتىلگەن مەھرىلىرىنى بېرىڭلار**﴾ يەنى مەلۇم مۇددەتكىچىلىك دېگەننى قوشۇپ ئوقۇيتتى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: (بۇ ئايەت) ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش توغرىسىدا چۈشتى.

بۇ ھەقتە ئەڭ ئاساسلىق دەلىل بولالايدىغىنى ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىمدا كەلگەن (مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبتىن رىۋايەت قىلىنغان) ھەدىستۇر. ئەلى ئىبنى

(1) نسا سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(2) نسا سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 229 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەبۇتالىب مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر كۈنى ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش ۋە ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى».

ئىمام مۇسلىم رەبىيئ ئىبنى سەبرە ئىبنى مەئبەد جۇھەنىينىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتىغا قاتناشقان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى خالايىق! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشىڭلارغا رۇخسەت قىلغان ئىدىم. الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلدى. ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ قېشىدا ۋاقىتلىق نىكاھلاپ ئالغان ئايالى بولسا، ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋەتسۇن ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقتىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالمىسۇن» دېدى.

﴿**مەھرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئارا پۈتۈشكەن نەرسەڭلار توغرىسىدا (يەنى ئايالنىڭ رازىلىقى بىلەن ساقىت قىلىنغان مەھرى ئۈچۈن) سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سوغا قىلىپ بېرىڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش. يەنى سەن ئۇنىڭغا بېرىدىغان تويلۇقنى ئاتاپ بولغان بولساڭ، ئاندىن ئۇ (ئۆز رازىلىقى بىلەن) تويلۇقنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بەرسە، بۇنىڭدا ساڭىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ ھېچقانداق گۇناھ يوق ﴿**الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾.

*******

وَمَن لَّمۡ يَسۡتَطِعۡ مِنكُمۡ طَوۡلًا أَن يَنكِحَ ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ فَمِن مَّا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُم مِّن فَتَيَٰتِكُمُ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِۚ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِإِيمَٰنِكُمۚ بَعۡضُكُم مِّنۢ بَعۡضٖۚ فَٱنكِحُوهُنَّ بِإِذۡنِ أَهۡلِهِنَّ وَءَاتُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ بِٱلۡمَعۡرُوفِ مُحۡصَنَٰتٍ غَيۡرَ مُسَٰفِحَٰتٖ وَلَا مُتَّخِذَٰتِ أَخۡدَانٖۚ فَإِذَآ أُحۡصِنَّ فَإِنۡ أَتَيۡنَ بِفَٰحِشَةٖ فَعَلَيۡهِنَّ نِصۡفُ مَا عَلَى ٱلۡمُحۡصَنَٰتِ مِنَ ٱلۡعَذَابِۚ ذَٰلِكَ لِمَنۡ خَشِيَ ٱلۡعَنَتَ مِنكُمۡۚ وَأَن تَصۡبِرُواْ خَيۡرٞ لَّكُمۡۗ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٢٥﴾

سىلەردىن مۆمىن ئاياللاردىن ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار قول ئاستىدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. الله ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئېلىۋېرىڭلار، ئىچكى ئەھۋالىنى الله غا تاپشۇرۇڭلار). سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر، ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار، لېكىن ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە بولۇشلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك. بۇ (يەنى چۆرىلەرنى نىكاھلاپ ئېلىش)، ئاراڭلاردا زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورققان كىشى ئۈچۈندۇر. سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿25﴾.

(1) نىسا سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ھۆر ئاياللارنى ئېلىشقا قادىر بولالمىغاندا قۇل ئاياللارنى ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى

**﴿سىلەردىن مۆمىن ئاياللاردىن ئېلىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار، قول ئاستىدىكى مۆمىن چۆرىلەردىن ئالسۇن. اللە ئىمانىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئېلىۋېرىڭلار، ئىچكى ئەھۋالىنى اللە غا تاپشۇرۇڭلار)﴾** يەنى اللە تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئىچكى سىرلىرىنى بىلىدۇ. ئەمما، ئى ئىنسانلار! سىلەرگە ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىلا يېتەرلىكتۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ خوجىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلارنى خوتۇنلۇققا ئالساڭلار بولىدۇ﴾** بۇ ئايەت، دېدەكنىڭ توي ئىشلىرىغا ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ ئىگە ئىكەنلىكىنى، دېدەكنىڭ خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز توي قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، خوجايىن ئۆزىنىڭ ئەر قۇلىغىمۇ (توي ئىشىدا) ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. قۇلنىڭ خوجايىنى قوشۇلمىغان ئەھۋالدا توي قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

ھەدىستە بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ھەر قانداق قۇل خوجىسىنىڭ رۇخسىتىسىز خوتۇن ئالسا، ئۇ زىنا ھېسابلىنىدۇ». ئەگەر دېدەكنىڭ خوجايىنى ئايال بولسا، ئۇ دېدەكنى ئۇ خوجايىنىنىڭ ئەر تۇغقانلىرىلا ياتلىق قىلالايدۇ (يەنى ئايال خوجايىنىنىڭ ئاتىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئەرگە بېرىدۇ. چۈنكى، ئايال كىشىنىڭ يەنە بىر ئايالنى ئەرگە بېرىشى دۇرۇس بولمايدۇ).

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدى: «بىر ئايال يەنە بىر ئايالنى ياكى ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بەرمەيدۇ، پەقەت پاھىشىۋازلا ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بېرىدۇ».

**﴿ئۇلارغا مەھرىلىرىنى كېمەيتىۋەتمەستىن ۋە كېچىكتۈرمەستىن بېرىڭلار﴾** يەنى ئۇلارغا تويلۇقلىرىنى رازىلىقىڭلار بىلەن بېرىڭلار. ئۇلارنى دېدەك بولغانلىقى ئۈچۈن كەمسىتىپ، تويلۇقىدىن بىرەر نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەڭلار.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇجاھىد، شەئبى، زەھھاك، ئەتا خۇراسانى، يەھيا ئىبنى ئەبۇكەسىر، مۇقاتىل ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنى شۇ خىل مەنىدە بايان قىلدى.



## پاھىشە قىلغان دېدەككە ھۆر ئايالغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدىغانلىقى

**﴿لېكىن ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە بولۇشلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك﴾** بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان جازا چالما ـ كېسەك قىلىش

ئەمەس، بەلكى قامچا ئۇرۇشنى كۆرستىدۇ.

﴿**بۇ (يەنى چۆرىلەرنى نىكاھلاپ ئېلىش)، ئاراڭلاردا زىناغا مۇپتىلا بولۇپ قېلىشتىن قورققان كىشى ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى ھەقىقەتەن يۇقىرىدىكى شەرتلەر بىلەن دېدەكلەرنى ئېلىش پاھىشە قىلىپ قېلىشتىن قورققان، خوتۇن ئالمىسا چىدىيالمىغان ۋە شۇ سەۋەبلىك جاپا ـ مۇشەققەت تارتقان كىشى ئۈچۈن دۇرۇس بولدى. ئەگەر دېدەكنى ئېلىشنى تاشلاپ پاھىشىدىن ئۆزىنى يىغىشقا تىرىشسا، بۇنداق قىلىش ئۇ كىشى ئۈچۈن ياخشىدۇر. چۈنكى، ئۇ كىشى دېدەك بىلەن توي قىلسا، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالىلار دېدەكنىڭ خوجايىنىنىڭ قۇلى بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەۋر قىلالىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾.

* * * * * * *

يُرِيدُ ٱللَّهُ لِيُبَيِّنَ لَكُمْ وَيَهْدِيَكُمْ سُنَنَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ وَيَتُوبَ عَلَيْكُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ
حَكِيمٌ ﴿٢٦﴾ وَٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يَتُوبَ عَلَيْكُمْ وَيُرِيدُ ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلشَّهَوَٰتِ أَن تَمِيلُوا۟
مَيْلًا عَظِيمًا ﴿٢٧﴾ يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمْ ۚ وَخُلِقَ ٱلْإِنسَٰنُ ضَعِيفًا ﴿٢٨﴾

الله سىلەرگە (ھالال ۋە ھارامغا دائىر ئەھكاملارنى) بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلار) نىڭ يوللىرىغا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى، (گۇناھىڭلاردىن قىلغان) تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. الله ھەممىنى (يەنى بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿26﴾. الله سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ (بۇ الله نىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەكرارلاندى). شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار) توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى) خالايدۇ﴿27﴾. الله سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى﴿28﴾.

﴿**الله سىلەرگە (ھالال ۋە ھارامغا دائىر ئەھكاملارنى) بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلار) نىڭ يوللىرىغا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى، (گۇناھىڭلاردىن قىلغان) تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. الله ھەممىنى (يەنى بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا يولغا قويغان، تەقدىر قىلغان ئىشلىرىدا ۋە سۆزلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

﴿**شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار) توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى) خالايدۇ**﴾ يەنى يەھۇدىي، خىرىستىئان ۋە پاھىشىۋاز قاتارلىق شەيتانلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى سىلەرنىڭ توغرا يولدىن خاتا يولغا بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى خالايدۇ.

**﴿اللە سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ﴾** شۇڭا اللە تائالا دېدەكلەرنى شەرتلىك ھالدا ئېلىشنى دۇرۇس قىلدى.

**﴿ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى﴾** يەنى ئىنسان ئىرادە ۋە ھىممىتىدە ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن يەڭگىللىتىش ئۇلارغا مۇناسىب كەلدى. ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە تائۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنسانلار ئاياللارنىڭ ئىشىغا كەلگەندە ئاجىزدۇر. ۋەكىيئ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان ئاياللارنىڭ يېنىدا ئەقلىدىن كېتىدۇ.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَأْكُلُوٓاْ أَمْوَٰلَكُم بَيْنَكُم بِٱلْبَـٰطِلِ إِلَّآ أَن تَكُونَ
تِجَـٰرَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْ ۚ وَلَا تَقْتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا (٢٩) وَمَن
يَفْعَلْ ذَٰلِكَ عُدْوَٰنًا وَظُلْمًا فَسَوْفَ نُصْلِيهِ نَارًا ۚ وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا
(٣٠) إِن تَجْتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم
مُّدْخَلًا كَرِيمًا (٣١)

ئى مۆمىنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، اللە ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿29﴾. كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئۇنى (يەنى اللە چەكلىگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، بۇ اللە غا ئاساندۇر﴿30﴾. ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز﴿31﴾.

## ھارام كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توسۇش توغرىسىدا

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا كىيىم سېتىۋالغاندا، كىيىم ساتقۇچىغا: ئەگەر بۇ كىيىم ماڭا يارىسا سېتىۋالىمەن، ئەگەر يارىماي قالسا ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن ۋە ساڭا كىيىم بىلەن بىللە بىر دەرھەم بېرىمەن دېگەن كىشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: **﴿بىر- بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار﴾**.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلدۇ: الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغاندا، مۇسۇلمانلار: الله تائالا ماللىرىمىزنى ئۆزئارا ناھەق يول بىلەن يېيىشىمىزدىن (بىزنى) توستى، تائاملار ماللىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى، (ئۇنداق بولغان ئىكەن) بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قېشىدا (يەنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ۋە ئۇنىڭ قېشىدا ئۇنىڭ تامىقىدىن) يېيىشى ھالال بولمىسا، قانداق قىلارمىز؟ ـ دېيىشىپ كەتتى.

ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿(جىھادقا چىقالمىسا) ئەماغا گۇناھ يوقتۇر، توكۇرغا گۇناھ يوقتۇر، كېسەلگە گۇناھ يوقتۇر. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا (يەنى ئەرلىرىڭلارنىڭ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە) ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەر ئاچقۇچلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نېمە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر، سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر، سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) الله بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار) الله سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[1]. قەتادەمۇ بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئوخشاش دېدى.

**﴿ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سودا ـ سېتىق ياكى بىرىنىڭ يەنە بىرىگە بىر نەرسە بېرىشى ئارقىلىق بولسا بولىدۇ.

## سودا ـ سېتىق قىلغاندا سودىلاشقان يەردىن قوزغالماي تۇرۇپ مالنى ئېلىشنىڭ ئىختىيارى قىلغانلىق ۋە سودىدىن رازى بولغانلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى

مال سېتىلغان ئورۇندا تۇرۇپ مالنى ئېلىشنى ئىختىيار قىلىش سودىغا تولۇق رازى بولغانلىقتۇر. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سودىلاشقان ئىككى كىشى (سودا قىلغان ئورۇندىن) قوزغالمىغان بولسىلا ئۇلاردا (مالنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ياكى سېتىش ـ ساتماسلىق) ئىختىيارلىقى بولىدۇ».

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدۇ: «ئىككى كىشى سودىلاشسا ئۇ ئىككىسى (سودا قىلىشقان ئورۇنلىرىدىن) قوزغالمىغان بولسىلا، ئۇلاردا (مالنى سېتىش ـ ساتماسلىق ياكى ئېلىش ـ ئالماسلىق) ئىختىيارلىقى بولىدۇ».

(1) نۇر سۈرىسى 61 ـ ئايەت.

## ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن توسۇش ۋە قاتىلنىڭ ئاقىۋىتى

**﴿سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار﴾** يەنى سىلەر اللە تائالا چەكلىگەن ۋە توسقان ئىشلارنى قىلىش، ماللىرىڭلارنى ئۆزئارا ناھەق يول بىلەن يېيىش ئارقىلىق ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار. **﴿اللە ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** يەنى سىلەرنى بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشتا ناھايىتى مېھرىباندۇر (دېگەنلىكتۇر).

ئىمام ئەھمەد ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالاسىل يىلى مېنى بىر يەرگە ئەۋەتتى. مەن قاتتىق سوغۇق بىر كېچىسى ئېھتىلام بولۇپ قالدىم. بۇ چاغدا يۇيۇنسام توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىشىمدىن قورقتۇم، شۇنىڭ بىلەن، تەيەممۇم قىلىپ ھەمراھلىرىمغا ئىمام بولۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەردىم. كېيىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەمرى! سەن ھەمراھلىرىڭغا جۇنۇب تۇرۇپ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردىڭمۇ؟» دېدى. مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەقىقەتەن سوغۇق بىر كېچىسى ئېھتىلام بولۇپ قالدىم، يۇيۇنسام سوغۇقتا ئۆلۈپ كېتىشىمدىن قورقتۇم، شۇنىڭ بىلەن اللە تائالانىڭ: **﴿سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر- بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، اللە ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** دېگەن ئايىتىنى ئەسلىدىم ۋە تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇپ بەردىم، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كېتىپ ھېچنېمە دېمىدى.

ئىبنى مەردەۋەي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆزىنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرىۋالغان بولسا، قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئوتىدا قولىدىكى تىغنى ئۆزىنىڭ قورسىقىغا تىققىنىنى (مەڭگۈ) تەكرارلىغان ھالەتتە بولىدۇ. زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالغان بولسا، قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئوتىدا قولىدىكى زەھەرنى ئىچكىنىنى (مەڭگۈ) تەكرارلىغان ھالەتتە بولىدۇ. كىمكى تاغدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلىۋالغان بولسا، قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئوتىدا تاغدىن تاشلىغىنىنى (مەڭگۈ ئۆزىنى) تەكرارلىغان ھالەتتە بولىدۇ».

ئەبۇقەلابە سابىت ئىبنى زەھھاكتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆزىنى بىر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرىۋالسا، ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ نەرسە بىلەن ئازابلىنىدۇ».

**﴿كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئۇنى (يەنى اللە چەكلىگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن﴾** يەنى كىمكى اللە تائالا توسقان ئىشلارنى (اللە تائالانىڭ توسقانلىقىنى) بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن، **﴿ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز﴾** بۇ قاتتىق تەھدىت ۋە كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. بۇنىڭدىن ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ساقلىنىش لازىم.

# چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانسا، كىچىك گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى

﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز﴾ شۇنىڭ بىلەن: ﴿سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز﴾ بۇ ئايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار. بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىلىرىنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

ئىمام ئەھمەد سالمان پارىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سەن جۈمە كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: ئۇ، الله سىلەرنىڭ ئاتاڭلارنى توپلىغان كۈن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «لېكىن مەن جۈمە كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى مۇنداق دەپ بىلىمەن، ئۇ كۈندە كىمكى تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىپ (يەنى يۇيۇنۇپ، تىرناقلىرىنى ئېلىپ، ئەۋرەت جايلىرىنى تازىلاپ ۋە ئەتىر چېچىپ) ئاندىن جۈمە نامىزىغا كېلىپ، تاكى ئىمام نامىزنى ئادا قىلىپ بولغۇچە (گەپ قىلماي) شۈك تۇرغان بولسا ۋە بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قېلىشتىن ساقلانغان بولسا، ئۇ كۈن بىلەن كېلەركى جۈمە كۈنىنىڭ ئارىلىقىدا ئۇ كىشىدىن سادىر بولىدىغان (كىچىك) گۇناھلار يۇيۇلىدۇ».

## ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئىش

ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يەتتە تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. بىرى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «(ئۇلار) الله غا شېرىك كەلتۈرۈش، الله تائالا (ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلغان بىر جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈۋېتىش، سېھىرگەرلىك قىلىش، جازانە يېيىش، يېتىملارنىڭ ماللىرىنى يېيىش، ئۇرۇش كۈنى (ئۇرۇشتىن) قېچىش ۋە يامان ئىشتىن خەۋىرى يوق، ئىپپەتلىك، مۆمىن ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەتتۇر».

ئىمام ئەھمەد يالغان گۇۋاھلىق بېرىش توغرىسىدىكى ھەدىسىدە ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ گۇناھلارنى بايان قىلىپ ياكى چوڭ گۇناھلار توغرىسىدا سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «(چوڭ گۇناھلار) الله تالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىشتۇر. مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭراقىنى دەپ بېرەيمۇ؟ (ئۇ بولسىمۇ) يالغان سۆزلەش ياكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر». شۆئبە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: «يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر» دېدى دەپ قارايمەن.

يەنە بىر ھەدىستە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇبەكرىنىڭ ئاتىسىدىن

رىۋايەت قىلىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق قىلغىن، ـ دېدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: «(ئۇلار) الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىشتۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سۆزلەرنى قىلغاندا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئاندىن رۇس ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئاگاھ بولۇڭلار! يالغان سۆز قىلىشتىن ئاگاھ بولۇڭلار!» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ (سۆزنى) تەكرارلاۋەردى، ھەتتا بىز: توختاپ قالسىكەن، ـ دەپ كەتتۇق.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم باللىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدىكى ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «(چوڭ گۇناھ بولسا) سېنى ياراتقان الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ». ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ: «بالاڭنى (ئۇنىڭ) سەن بىلەن بىللە تائام يېيىشىدىن قورقۇپ (يەنى پېقىرلىقتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ» دېدى. ئاندىن: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ: «قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغانلىقىڭ» دەپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئۇلار الله غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىش ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم ئىچىشتۇر».

بۇ ھەقتىكى يەنە بىر ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت ئوقۇشى، ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر» دېدى. ساھابىلەر: كىشى قانداقمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت ئوقۇيدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۇنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، ئۇ كىشى ئۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ» دېدى. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا تىللىششى پاسىقلىق، ئۇرۇشۇشى كۇپۇرلۇقتۇر».

* * * * * *

وَلَا تَتَمَنَّوْا۟ مَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بِهِۦ بَعْضَكُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۚ لِّلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِّمَّا ٱكْتَسَبُوا۟ ۖ وَلِلنِّسَآءِ

(1) فۇرقان سۈرىسىنىڭ 68 ـ ئايىتىدىن 70 ـ ئايىتىگىچە.

نَصِيبٌ مِّمَّا ٱكْتَسَبْنَۚ وَسْـَٔلُواْ ٱللَّهَ مِن فَضْلِهِۦٓۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمًا ﴿٣٢﴾

ئى مۆمىنلەر! اللّٰه سىلەردىكى بىر- بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. اللّٰه دىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار (اللّٰه بېرىدۇ). اللّٰه ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴿32﴾

## باشقىلارغا بېرىلگەن ئارتۇقچىلىقنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇممۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! ئەرلەر ئۇرۇش قىلىدۇ، بىز ئۇرۇش قىلمايمىز ۋە بىز يېرىم مىراسقا ئېرىشىمىز، - دېدى. ئاندىن اللّٰه تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ئى مۆمىنلەر! اللّٰه سىلەردىكى بىر - بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار﴾**.

**﴿ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ﴾** يەنى ياخشى بولسا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، يامان بولسا جازالىنىدۇ. بۇ ئايەت مىراس توغرىسىدا چۈشكەن دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. يەنى ھەر بىر كىشى (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن) ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا مىراس ئالىدۇ، بۇنى ۋالىبى دېگەن كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلدى.

ئاندىن اللّٰه تائالا ئىنسانلارنى ئۇلار قىلىشقا مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسىگە باشلاپ مۇنداق دېدى: **﴿اللّٰه دىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار (اللّٰه بېرىدۇ)﴾** يەنى اللّٰه تائالا سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا بەرگەن ئارتۇقچىلىقنى يەنە بىرىڭلار ئارزۇ قىلماڭلار. چۈنكى، بۇ پۈتۈلۈپ كەتكەن بىر ئىش. ئارزۇ قىلىش ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. لېكىن سىلەر مەندىن رەھمىتىمنى تىلەڭلار، مەن سىلەرگە بېرىمەن. ھەقىقەتەن مەن بەك سېخىدۇرمەن ۋە (بەندىلەرنىڭ تىلىگەن نەرسىنى) بەكمۇ بەرگۈچىمەن.

**﴿اللّٰه ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى اللّٰه تائالا كىمنىڭ مال - دۇنياغا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا مال - دۇنيا بېرىدۇ ۋە كىمنىڭ پېقىرلىققا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى پېقىر قىلىدۇ. جەننەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەللىرىنى قىلىشقا باشلاپ قويىدۇ. كىمنىڭ (ئاخىرەتتە) رەسۋا بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى كەلتۈرۈشتىن مەھرۇم قىلىدۇ.

*******

وَلِكُلٍّ جَعَلْنَا مَوَٰلِىَ مِمَّا تَرَكَ ٱلْوَٰلِدَانِ وَٱلْأَقْرَبُونَۚ وَٱلَّذِينَ عَقَدَتْ أَيْمَٰنُكُمْ
فَـَٔاتُوهُمْ نَصِيبَهُمْۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدًا ﴿٣٣﴾

ھەر بىر ئادەمنىڭ قالدۇرغان تەرەكىسى ئۈچۈن ۋارىسلار تەيىنلىدۇق، ئۇلار ئاتا- ئانىلار ۋە يېقىنلاردۇر. سىلەر بىلەن (ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا) ئەھدۇ پەيمان قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (مىراستىن) ھەسسىسىنى بېرىڭلار. **الله** ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بايقاپ تۇرغۇچىدۇر﴿33﴾.

**﴿ھەر بىر ئادەمنىڭ قالدۇرغان تەرەكىسى ئۈچۈن ۋارىسلار تەيىنلىدۇق﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇسالىھ، قەتادە، زەيد ئىبنى ئەسلەم، سۇددى، زەھھاك ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى مىراسخورلارنى قىلدۇق.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: (يەنى) مىراس ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلارنى قىلدۇق.[1] **﴿ئۇلار ئاتا - ئانىلار ۋە يېقىنلاردۇر﴾**.

**﴿سىلەر بىلەن (ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا) ئەھدۇ پەيمان قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (مىراستىن) ھەسسىسىنى بېرىڭلار﴾** يەنى بۇ ئىسلامنىڭ دەسلىۋىدىكى ئەھۋال ئىدى. كېيىنچە بۇ ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كىشىلەرنى ئىلگىرى قىلىشقان ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىشقا، ئەمما بۇ ئايەت چۈشكەندىن كېيىن يېڭىدىن ۋەدە قىلىشماسلىققا بۇيرۇدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿ھەر بىر ئادەمنىڭ قالدۇرغان تەرەكىسى ئۈچۈن ۋارىسلار تەيىنلىدۇق﴾** يەنى مىراسخورلارنى تەيىنلىدۇق. **﴿سىلەر بىلەن (ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا) ئەھدۇ پەيمان قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (مىراستىن) ھەسسىسىنى بېرىڭلار﴾** يەنى مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئەنسارىلار بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا تۇرغۇزغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەنلا ئەنسارىلاردىن مىراس ئالاتتى. ئاندىن: **﴿ھەر بىر ئادەمنىڭ قالدۇرغان تەرەكىسى ئۈچۈن ۋارىسلار تەيىنلىدۇق﴾** دېگەن ئايەت چۈشكەندە (يۇقىرىدىكى ئۆرۈق - تۇغقان بولمىسىمۇ مىراس بېرىشكە بۇيرۇپ كەلگەن ئايەت) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: **﴿سىلەر بىلەن (ئۆز ئارا ياردەم بېرىش ۋە مىراسخور بولۇشقا) ئەھدۇ پەيمان قىلىشقان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (مىراستىن) ھەسسىسىنى بېرىڭلار﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سىلەر ئەھدۇ - پەيمان قىلىشقانلارغا (ئۇلارنىڭ) ياردەم قىلىش، بىر نەرسە بېرىش ۋە نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ھەسسىسىنى بېرىڭلار. ئۇلارغا مىراس بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋەسىيەت ئارقىلىق مال قالدۇرۇپ قويۇش قېلىپ قالدى **﴿الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بايقاپ تۇرغۇچىدۇر﴾**.

---

(1) مىراسخورلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىر تۈرلۈكى تۆتتىن بىرى ياكى ئالتىدىن بىرى دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولار؛ يەنە بىر تۈرلۈكى ئالىدىغان مىراسىنىڭ ئۆلچىمى بولمىغان، بەلكى يۇقىرىدىكى مىراسخولاردىن مال ئېشىپ قالسا، ئېشىپ قالغان ئۇمال ئاز ياكى جىق بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئالىدىغان، مال ئېشىپ قالمىسا ھېچ نەرسە ئالمايدىغان مىراسخورلاردۇر.

* * * * * * *

ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِ بِمَا فَضَّلَ ٱللَّهُ بَعۡضَهُمۡ عَلَىٰ بَعۡضٖ وَبِمَآ أَنفَقُواْ مِنۡ أَمۡوَٰلِهِمۡۚ فَٱلصَّٰلِحَٰتُ قَٰنِتَٰتٌ حَٰفِظَٰتٞ لِّلۡغَيۡبِ بِمَا حَفِظَ ٱللَّهُۚ وَٱلَّٰتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَٱهۡجُرُوهُنَّ فِي ٱلۡمَضَاجِعِ وَٱضۡرِبُوهُنَّۖ فَإِنۡ أَطَعۡنَكُمۡ فَلَا تَبۡغُواْ عَلَيۡهِنَّ سَبِيلًاۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيّٗا كَبِيرٗا ﴿٣٤﴾

ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر، بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر). ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا الله نىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر، سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (الله ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ)﴿34﴾.

**﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾، ﴿بۇ الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر﴾** يەنى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قارىغاندا كۆپ ئارتۇقچىلىقلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلىك ئەرلەرگە خاس قىلىندى، شۇنىڭدەك پادىشاھلىق (دۆلەت بېشى بولۇش)مۇ ئەرلەرگە مۇناسىپ بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى ئۇنىڭ دەلىلىدۇر: ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئايال كىشىگە تۇتقۇزغان خەلق ھەرگىزمۇ نىجات تاپالمايدۇ. شۇنىڭدەك، قازى بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا (چوڭ ـ چوڭ) ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەرگە خاستۇر.

**﴿ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر)﴾** ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرى بولۇشقا مۇناسىپ بولدى. الله تائالا ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئارتۇقلۇقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە﴾[1].

## ياخشى ئاياللارنىڭ سۈپىتى

**﴿ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىگە بويسۇنغۇچى ئاياللار

(1) بەقەرە سۈرىسى 228 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشى ئاياللاردۇر.

﴿ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا الله نىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر﴾ بۇ سۈددى ۋە باشقىلار ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئېرى يوق ۋاقىتدا ئۆزىنى ۋە ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلايدىغان ئاياللاردۇر، ھەقىقىي ساقلانغۇچى كىشى الله تائالا ساقلىغان كىشىدۇر.

ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى قارىساڭ سېنى خۇشال قىلىدىغان، (ئىشقا) بۇيرۇساڭ ساڭا بويسۇنىدىغان ۋە ئۇنىڭ قېشىدا بولمىساڭ، (سەن ئۈچۈن) ئۆزىنى ۋە مال ـ مۈلكۈڭنى ساقلايدىغان ئايالدۇر». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﴿ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇدى.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايال كىشى بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇسا، بىر ئاي روزىنى تۇتسا، ئۆزىنى (ياخشى) ساقلىسا ۋە ئېرىگە بويسۇنسا، ئۇنىڭغا: جەننەتنىڭ خالىغان ئىشىكلىرىدىن كىرگىن، دېيىلىدۇ».

## ئاياللارنىڭ سەركەشلىك قىلىشى ۋە ئۇنى يولغا كىرگۈزۈشنىڭ چارىسى

﴿سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار﴾ ئەرنىڭ ئايالىغا قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن ئايالىنىڭ قاچانكى ئۆزىگە سەركەشلىك قىلغانلىقى ئاشكارا بولسا، ئۇ كىشى ئايالىغا نەسىھەت قىلسۇن ۋە ئەرگە ئاسىيلىق قىلسا، ئۇنى كەلگۈسىدە بولىدىغان الله تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇتسۇن. چۈنكى، الله تائالا ئەرلەرنى ئاياللاردىن ئارتۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە بويسۇنۇشىنى ئاياللارنىڭ ئۈستىدىكى بىر مەجبۇرىيەت قىلدى ۋە ئاسىيلىق قىلىشنى ئۇلارغا ھارام قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەرنىڭ ئايالىنىڭ ئۈستىدە بولغان ھەققىنىڭ چوڭلۇقىدىن چوقۇم ئايالىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم».

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئايالىنى تۆشەككە چاقىرسا، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ (گېپىگە) ئۇنىمىسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ».

ئىمام مۇسلىمنىڭ قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدۇ: «ئايال كىشى كېچىدە ئېرىنىڭ ئورنىنى تاشلىۋەتسە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ».

﴿سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار﴾، ﴿(بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى

ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر تۈشەكتە بىللە ياتماسلىق دېگەن، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك، يانچە يېتىۋېلىش ۋە ئائىلىغا دۈمبىسىنى قىلىۋېلىش دېگەنلىك بولىدۇ. باشقىلارمۇ شۇنداق دەپ بايان قىلدى.

سۇددى، زەھھاك ۋە ئىكرىمە قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ رىۋايىتىدە ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: سۆز قىلماي تۇرۇۋېلىشمۇ يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ قاتارىدىن، ـ دېگەن سۆز قوشۇپ قويۇلغان.

ھەدىستە مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەتىلقۇشەيرىيەنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئائىلىمىزنىڭ بىزدىكى ھەققى نېمە؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇنىڭ ھەققى) سەن تائام يېسەڭ ئۇنىڭغىمۇ تائام بېرىشىڭ، كىيىم كىيسەڭ ئۇنىڭغىمۇ كىيدۈرۈشۈڭ، يۈزىگە ئۇرماسلىقىڭ، سەت گەپ بىلەن تىللىماسلىقىڭ ۋە ئۇنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتمەسلىكىڭدۇر»[1].

**﴿(بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار﴾** يەنى ئۇ يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ بىرسى بىلەن (سەركەشلىك قىلىشتىن) يانمىسا، سېنىڭ ئۇنى (ئەدەبلەش يۈزىسىدىن) بەك قاتتىق ئۇرماي بوشراق ئۇرۇش ھەققىڭ بار.

ئىمام مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ئاياللار ھەققىدە **الله** تائالادىن قورقۇڭلار! شۈبھىسىزكى، ئۇلار سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىكى ئەسىرلەردۇر. سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلار ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ تۆشەكلىرىڭلارغا (يەنى ئۆيۈڭلارغا) سىلەر يامان كۆرىدىغان بىرەر كىشىنى يولاتماسلىقىدۇر، ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلىپ سالسا، ئۇلارنى بەك قاتتىق ئۇرماي بوشراق ئۇرۇڭلار. ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى بولسا، لايىقىدا يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بېرىشىڭلاردۇر».

## ئېرىگە بويسۇنغان ئايالنى بوزەك قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى

**﴿ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار﴾** يەنى ئايال ئېرىگە **الله** تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە بويسۇنسا، ئەرنىڭ ئۇ ئايالنى بوزەك قىلىش، ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولماي تاشلىۋېتىش ھەققى يوق.

**﴿الله ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (الله ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاننى جازالايدۇ)﴾** بۇ، ئاياللارنى سەۋەبسىز بوزەك قىلغان ئەرلەر ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. (چۈنكى،) ھەممىدىن قۇدرەتلىك ۋە بۈيۈك بولغان **الله** تائالا ئۇلارنىڭ ئىگىسىدۇر. ئاياللارغا زۇلۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى بوزەك قىلغان كىشىلەردىن ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر.

(1) يەنى ئايال كىشى گەپ ئاڭلىمىسا يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلماي ۋە ئۇنى ئۆيىگىدىن چىقىرىۋەتمەي، ئۆز ئۆيىدە ئايرىم تورۇشىڭدۇر.

* * * * * * *

وَإِنْ خِفْتُمْ شِقَاقَ بَيْنِهِمَا فَٱبْعَثُوا۟ حَكَمًا مِّنْ أَهْلِهِۦ وَحَكَمًا مِّنْ أَهْلِهَآ إِن يُرِيدَآ إِصْلَٰحًا يُوَفِّقِ ٱللَّهُ بَيْنَهُمَآ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلِيمًا خَبِيرًا ﴿٣٥﴾

ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ﷲ ئىناقلىق سالىدۇ. ﷲ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴿35﴾.

## ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىلىقىدا ئىناقسىزلىق بولۇپ قېلىشىدىن قورققاندا، ئىككى كىشىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەكلىكى

ﷲ تائالا يۇقىرىدا بويۇنتاۋلۇق قىلىش ۋە يۈز ئۆرۈشنىڭ ئاياللار تەرىپىدىن سادىر بولۇش ئەھۋالىنى بايان قىلدى. بۇ يەردە بۇ ئىشلارنىڭ ئەر ـ ئايال ئىككىسىدىن بولىدىغان ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار﴾**.

فىقھىشۇناس ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىلىقىدا ئىناقسىزلىق پەيدا بولسا، ھاكىم ئۇ ئىككىسىنىڭ قېشىدا (ئۇ ئىككىسىنىڭ) ئىشىغا مەسئۇل بولالايدىغان ۋە (ئۇ ئىككىسىنىڭ) قايسىسى ئەسكىلىك قىلسا، ئۇنى شۇ ئەسكىلىكىدىن توسالايدىغان، ئىشەنچلىك ئىككى ئادەمنى تۇرغۇزىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ زىددىيىتى چوڭىيىپ كەتسە، ھاكىم ھەر ئىككى تەرەپتىن بىرەر ئىشەنچلىك كىشىنى تەيىنلەپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىللە ئۆتۈشى ياكى ئايرىلىپ كېتىشىنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. ﷲ تائالا (ئۇ ئىككىسىنىڭ) يارىشىپ قېلىشىنى خالايدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ: **﴿ﷲ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ﴾**.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىدىن قايسىنىڭ ئەسكىلىك قىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ﷲ تائالا ئۇلارنى (يەنى ئەر ۋە ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى) ئەر ۋە ئايال تەرەپتىن ئىككى ياخشى كىشىنى ئەۋەتىشكە بۇيرۇدى. ئەگەر ئەر ئەسكىلىك قىلغان بولسا، ئەۋەتىلگەن كىشىلەر ئەرنى ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىشىدىن چەكلەپ، ئۇنىڭغا (ئايالىنىڭ) نەپىقىسىنى بېرىشنى بېكىتىدۇ (يەنى ئۇ ئايالىنىڭ قېشىغا بارالمايدىغان، ئەمما ئۇنىڭ نەپىقىسىنى بېرىۋېرىدىغان بولىدۇ). ئەگەر ئايال ئەسكىلىك قىلغان بولسا،

ئەۋەتىلگەن كىشىلەر ئايالنى ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ نەپىقە بېرىشىنى چەكلەيدۇ (يەنى ئۇ ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان، ئەسكىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نەپىقىسى بېرىلمەيدىغان بولىدۇ). ئەگەر ئەۋەتىلگەن ئۇ ئىككى كىشى ئەر ـ ئايال ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش ياكى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا بىر يەرگە كەلگەن بولسا (ئايرىۋەتكەن ياكى ياراشتۇرغان بولسا)، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ قىلغان ئىشى ئورۇنلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى كىشى بۇ ئەر ـ ئايالنى ياراشتۇرۇشقا بىر يەرگە كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا بۇ ئەر ـ ئايالدىن بىرسى قوشۇلۇپ يەنە بىرى قوشۇلمىغان بولسا، ئاندىن بۇ ئەر ـ ئايالنىڭ بىرسى ئۆلگەن بولسا، يارىشىشقا قوشۇلغىنى قوشۇلمىغاندىن مىراس ئالالايدۇ، قوشۇلمىغىنى قوشۇلغاندىن مىراس ئالالمايدۇ.

شەيخ ئەبۇئۆمەر ئىبنى ئابدۇلبەر مۇنداق دەيدۇ: ئالىملار ئىككى تەرەپتىن بارغان ئىككى كىشىنىڭ سۆزى قارىمۇ قارشى بولۇپ قالسا، (بىرىنىڭ سۆزىنى تاشلاپ قويۇپ) يەنە بىرىنىڭ سۆزىنى ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىغا ۋە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۇ ئىككى كىشىنى ئۆزلىرى ۋەكىل قىلمىغان بولسىمۇ، ياراشتۇرۇشتا ئۇ ئىككى كىشىنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلىنىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. ئالىملار ئۇ ئىككى كىشىنىڭ سۆزىنىڭ ئەر ـ خوتۇننى ئايرىۋېتىشتە ئورۇنلىنىدىغان ياكى ئورۇنلانمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. كۆپ ساندىكى ئالىملار: ئۇ ئىككى كىشىنىڭ سۆزى ئەر ـ خوتۇن ئايرىۋېتىشتىمۇ (ئىككىسى ئۇ ئىككى كىشىنى ۋەكىل قىلمىسىمۇ) كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ـ دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

* * * * * * *

۞ وَٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُشۡرِكُواْ بِهِۦ شَيۡـٔٗاۖ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنٗا وَبِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ
وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡجَارِ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡجَارِ ٱلۡجُنُبِ وَٱلصَّاحِبِ بِٱلۡجَنۢبِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ
وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ مُخۡتَالٗا فَخُورًا ﴿٣٦﴾

الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴿36﴾.

## الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە باشقا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىنى شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، نېئمەت بەرگۈچى ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا مەخلۇقاتلىرىغا ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر، (ئۇنداق بولغان ئىكەن) الله تائالا ئۇلارنىڭ

(الله تائالانى) بىر دەپ بىلىشىگە ۋە ئۇنىڭغا مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدىن بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىگە لايىقتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلگە مۇنداق دېدى: «سەن الله تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى بىلەمسەن؟» مۇئاز: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇ ھەق بولسا) بەندىلەرنىڭ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك قىلماسلىقىدۇر» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندىلەر يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى بىلەمسەن؟ (ئۇلارنىڭ الله نىڭ ئۈستىدىكى ھەققى) الله نىڭ ئۇلارنى ئازابلىماسلىقىدۇر» دېدى.

الله تائالا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، الله تائالا ئۇ ئىككىسىنى بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەبچى قىلدى. كۆپىنچە ۋاقىتتا الله تائالا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى بىر يەردە كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، الله تائالانىڭ: ﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن﴾[1] ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾[2] دېگەن ئايەتلىرىگە ئوخشاش. ئاندىن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ كەينىدىنلا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان (بۇ ھەقتىكى) ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «باشقىلارغا قىلغان سەدىقە، پەقەت سەدىقە قىلغانلىقلا بولىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانغا قىلغان سەدىقە، سەدىقە ۋە سىلە ـ رەھىم قىلغانلىق بولىدۇ».

﴿يېتىملەرگە﴾ يېتىملەرنىڭ ئۇلارغا كۆيىنىدىغان ۋە چىقىملىرىنى قىلىپ بېرىدىغان ئادىمى بولمىغاچقا، الله تائالا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە مېھرىبانلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

﴿مىسكىنلەرگە﴾ يەنى مىسكىنلەر ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تاپالمىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا الله تائالا ئۇلارغىمۇ ياردەم قىلىشقا بۇيرۇدى.

## قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھەققى

**﴿يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**يېقىن قوشنىغا**﴾ يەنى ئۇ، سەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقىدا تۇغقاندارچىلىقى بار كىشىدۇر. ﴿**يىراق قوشنىغا**﴾ يەنى ئۇ، سەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقىدا تۇغقاندارچىلىقى يوق كىشىدۇر.

(1) لوقمان سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىكرىمە، مۇجاھىد، مەيمۇن ئىبنى مىھران، زەھھاك، زەيد ئىبنى ئەسلەمە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە قەتادە قاتارلىقلاردىنمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ (يۇقىرىدا دېگەن) سۆزىگە ئوخشاش رىۋايەت بايان قىلىندى.

مۇجاھىد يەنە: ﴿يىراق قوشنىغا﴾ دېگەن ئايەتتىن: سەپەرداشقا ھەمراھ كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار، بىز بۇ ھەدىسلەرنىڭ بەزىسىنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

(بىرىنچى ھەدىس) ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىئىل داۋاملىق ماڭا قوشنا توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىدۇ، ھەتتا مەن قوشنامنى ماڭا مىراسخور قىلىپ قويامدىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم».

(ئىككىنچى ھەدىس) ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ ياخشى ھەمراھ ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا ياخشىلىق يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان كىشىدۇر. اللە نىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ ياخشى قوشنا ئۆزىنىڭ قوشنىسىغا ياخشىلىق يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان كىشىدۇر».

(ئۈچىنچى ھەدىس) ئىمام ئەھمەد مىقداد ئىبنى ئەسۋەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «سىلەر پاھىشىگە قانداق قارايسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: «ئۇ اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى چەكلىگەن ھارام ئىشتۇر ۋە ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشىنىڭ قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشى باشقا ئون ئايال بىلەن زىنا قىلغاننىڭ گۇناھىدىنمۇ ئېغىردۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «سىلەر ئوغرىلىققا قانداق قارايسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: «ئۇ اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى چەكلىگەن ھارام ئىشتۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشىنىڭ قوشنىسىنىڭ (ئۆيىدىن) بىر نەرسە ئوغرىلىغانلىقىنىڭ گۇناھى باشقا ئون ئۆيدىن (نەرسە) ئوغرىلىغانلىقىنىڭ گۇناھىدىن ئېغىردۇر» دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «(چوڭ گۇناھ بولسا) سېنى ياراتقان اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ». ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ: «بالاڭنى (ئۇنىڭ) سەن بىلەن بىللە تائام يېيىشىدىن قورقۇپ (يەنى يېقىرلىقتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ» دېدى. ئاندىن: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ: «قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغانلىقىڭ» دېدى.

(تۆتىنچى ھەدىس) ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: مېنىڭ ئىككى قوشنام بار، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا (بىر نەرسە) سۇنىمەن؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىككى قوشنىدىن ساڭا ئىشىكى ئەڭ يېقىن بولغىنىغا» دەپ جاۋاب بەردى.

## قۇللارغا ياخشىلىق قىلىش كېرەكلىكى

**﴿قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار﴾** بۇ، قۇللارغا ياخشىلىق قىلىشقا قىلىنغان ۋەسىيەتتۇر. چۈنكى، قۇل دېگەن ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ قالغان ئەسىردۇر.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى كېسەل ۋاقتىدا ئۈممەتلىرىگە مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىلەر نامازغا ئەھمىيەت بېرىڭلار، نامازغا ئەھمىيەت بېرىڭلار ۋە قول ئاستىڭلاردىكى قۇللارغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار» . پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ سۆزنى تەكرارلاۋېرىپ (ھەتتا) تىلى كالۋالىشىپ قالدى.

ئىمام ئەھمەد مىقداد ئىبنى مەئدىكەرىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزەڭ يېگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە، بالاڭغا بەرگەن تائاممۇ سەدىقە، ئايالىڭغا بەرگەن تائاممۇ سەدىقە ۋە سېنىڭ خىزمەتچىڭگە بەرگەن تائامىڭمۇ سەدىقە» .

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى قول ئاستىدىكى ئادىمىگە: سەن قۇللارغا تاماقلىرىنى بەردىڭمۇ؟ــ دېگەندە، ئۇ: ياق،ــ دەيدۇ. ئابدۇللاھ: سەن بېرىپ ئۇلارغا تاماق بەرگىن. شەكسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بىر ئىنساننىڭ قۇللىرىغا تاماق بېرىشنى توختىتىپ قويغان گۇناھى ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر» دېگەن ئىدى ـ دەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇلغا تاماق ۋە كىيىم ـ كېچەك بېرىش ۋە ئۇنى كۈچى يېتىدىغان ئىشقا بۇيرۇش لازىم» .

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلارنىڭ خىزمەتچىسى سىلەرگە تاماق ئېلىپ كەلسە، ئۇ خىزمەتچىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزۇپ تاماق بەرمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭغا بىر ياكى ئىككى لوقما بەرسۇن، چۈنكى، ئۇ تاماقنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغان ۋە ئۇنى تەييارلىغاندۇر» .

## الله تائالانىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى

**﴿شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴾** تەكەببۇرلۇق قىلغۇچى ــ كىشىلەرگە ماختانغۇچىلار ۋە ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ياخشى دەپ قارايدىغان ئادەمدۇر. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە كىبىرلىك بولىدۇ. بۇلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدا خارلانغۇچى ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆچ كۆرۈلگۈچى كىشىلەردۇر. ئۇلار الله تائالاغا شۈكرى قىلماي، (الله تائالانىڭ) ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى سانايدۇ. يەنى ئۇ الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتلىرىگە تولۇق شۈكرى قىلماستىن، ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە ماختىنىدۇ.

ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھ ئىبنى ۋاقىد ئەبۇرىجا ھەرەۋىنىڭ: قۇللارنىڭ خوجايىنىنىڭ

ئەسكىسى تەكەببۇر ۋە ماختانچاق كېلىدۇ دەپ، الله تائالانىڭ: ﴿**قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى، ئاندىن: (ئاتا ـ ئانىسىغا) ئاسىيلىق قىلغۇچى ۋە چوڭلۇق قىلغۇچى كىشىلەر بەختسىز كېلىدۇ دەپ الله تائالانىڭ: ﴿مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.

بەلھۇجەيملىق بىر كىشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا نەسىھەت قىلغىن!ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىشتانىنى ھوشۇقىڭدىن ئاشۇرۇپ (ئۇزۇن) كىيىشتىن ساقلانغىن، ھەقىقەتەن ئىشتانىنى ئۇزۇن كىيىش تەكەببۇرلۇق قىلىشتۇر، الله تائالا تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېدى.

* * * * * * *

ٱلَّذِينَ يَبۡخَلُونَ وَيَأۡمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلۡبُخۡلِ وَيَكۡتُمُونَ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦۗ
وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ﴿٣٧﴾ وَٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُمۡ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا
يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۗ وَمَن يَكُنِ ٱلشَّيۡطَٰنُ لَهُۥ قَرِينٗا فَسَآءَ قَرِينٗا ﴿٣٨﴾ وَمَاذَا عَلَيۡهِمۡ لَوۡ
ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَأَنفَقُواْ مِمَّا رَزَقَهُمُ ٱللَّهُۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِهِمۡ عَلِيمًا ﴿٣٩﴾

ئۇلار (يەنى مۇتەكەببىرلەر، ماختانچاقلار) بېخىللىق قىلىدۇ، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدۇ، الله ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرنى (يەنى پۇل ـ مالنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىدۇ، (الله نىڭ نېمىتىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا خورلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق﴿37﴾. ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار الله غا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. كىمكى ئۆزىگە شەيتاننى ھەمراھ قىلىدىكەن (ئۇ شەيتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ)، شەيتان نېمىدېگەن يامان ھەمراھ ﴿38﴾. ئەگەر ئۇلار الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ۋە الله ئۆزلىرىگە بەرگەن مالدىن سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيىنى بولاتتى؟ الله ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ (قىلمىشىغا قاراپ جازالايدۇ)﴿39﴾.

## بېخىللىقنىڭ ئەيىبلەنگەنلىكىنىڭ بايانى

﴿**ئۇلار (يەنى مۇتەكەببىرلەر، ماختانچاقلار) بېخىللىق قىلىدۇ، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلمىغان، مال ـ مۈلكىدىكى الله تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان ۋە باشقا كىشىلەرنىمۇ بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇغان بېخىللارنى ئەيىبلىدى.

(1) مەريەم سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «بېخىللىق كېسىلى ھەممە كېسەلدىن يامانراق، سىلەر بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار. بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنى ھالاك قىلىۋەتتى. بېخىللىق ئۇلارنى ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار ئۇنى ئۈزۈۋەتتى. بېخىللىق ئۇلارنى بۇزۇقچىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇلار بۇزۇقچىلىق قىلدى».

**﴿الله ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرنى (يەنى پۇل ـ مالنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىدۇ﴾** بېخىل الله تائالانىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىدىن تانغۇچىدۇر. ئۇ، الله تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىدە، كىيىم ـ كېچەكلىرىدە، كىشىلەرگە ياكى بالا ـ چاقىلىرىغا بىر نەرسە بېرىش ئىشلىرىدا ئەسلىمەيدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسان ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ (نېئمەتلىرىنى) شەكسىز ئىنكار قىلغۇچىدۇر. ئىنسان ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا (يەنى الله نىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلغانلىقىغا) ئەلۋەتتە ئۆزى گۇۋاھتۇر. ئىنسان پۇل ـ مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر﴾[1].

**﴿الله ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرنى (يەنى پۇل ـ مالنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىدۇ﴾** شۇڭا الله تائالا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن تەھدىت سالدى: **﴿(الله نىڭ نېمىتىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا خورلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق﴾**.

ئىمام تەبەرى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «الله تائالا بىر بەندىگە نېئمەت ئاتا قىلسا، نېئمەتنىڭ بەندىسىدە نامايەن بولۇشىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدۇ».

بەزى سەلەپ ئالىملىرى: بۇ ئايەتتىن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ (كىتابىدىكى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاشكارا قىلىشتىن بېخىللىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنى يوشۇرغانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ، ـ دېدى. بۇ ئايەتنىڭ شۇ مەنىنى ئىپادىلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىدىمۇ شەك يوق. بېخىللىق قىلىشنىڭ ئىچىگە بىلگەن نەرسىنى ئاشكارىلىماسلىق كىرىسمۇ، لېكىن ئايەتنىڭ باش ـ ئايىقى بۇ بېخىللىقنىڭ مال ـ مۈلۈكنى (ياخشى يوللارغا ئىشلىتىشتىن) بېخىللىق قىلىشنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدىدۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن: **﴿ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتمۇ مال ـ مۈلۈكنى كىشىلەرگە رىيا قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغانلار توغرىسىدىدۇر، يەنى الله تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتتە مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەدىقە قىلمىغان بېخىللارنى بايان قىلدى. ئاندىن تۆۋەندىكى ئايەتتە ئۆزلىرىنىڭ بەرگەن بىر نەرسىسى بىلەن يۈز ـ ئابرۇينى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنى "سېخى كىشىكەن" دەپ ماختانماقچى بولغان ۋە الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىمەي، رىيا ئۈچۈن بىر نەرسە بەرگەن كىشىلەرنى بايان قىلدى.

(1) ئادىيات سۈرىسى 6 ـ ئايەتتىن 8 ـ ئايەتكىچە.

دوزاختقا بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغان ئۈچ كىشى (يەنى رىياكار ئالىم، مۇجاھىد ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەدىقە قىلغۇچىلار) توغرىسىدىكى ھەدىستە سەدىقە قىلغۇچىلار ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مال ـ مۈلۈكلىرىنى (رىيا ئۈچۈن) سەدىقە قىلغان كىشى مۇنداق دەيدۇ: ئى **الله** ! سەن سەدىقە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان يەرلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن سەدىقە قىلدىم. ئاندىن **الله** تائالا (ئۇنىڭغا): «يالغان ئېيتتىڭ (سەن قىلغان سەدىقەڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ سېنى) پەقەت "سېخى كىشىكەن" دېيىشىنى مەقسەت قىلدىڭ، ھەقىقەتەن سەن بۇ ماختاشقا ئېرىشىپ بولدۇڭ، سەن مۇكاپاتىڭنى دۇنيادا ئېلىپ بولدۇڭ، بۇ سەن قىلغان سەدىقەڭ ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغان نەرسەڭدۇر» دەيدۇ.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار الله غا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ شۇ يامان ئىشىغا ۋە توغرا يولدىن چىقىپ كېتىشىگە شەيتان ئېلىپ باردى. چۈنكى، شەيتان ئۇلارنى شۇ يامان ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقتۇردى ۋە ئۇلارغا يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا يامان ئىشلارنى ياخشى ئىش قىلىپ كۆرسەتتى. ﴿**كىمكى ئۆزىگە شەيتاننى ھەمراھ قىلىدىكەن (ئۇ شەيتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ) شەيتان نېمىدېگەن يامان ھەمراھ**﴾.

﴿**ئەگەر ئۇلار الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە ۋە الله ئۆزلىرىگە بەرگەن مالدىن سەرپ قىلسا، ئۇلارغا نېمە زىيىنى بولاتتى؟**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار **الله** تائالاغا ئىشەنسە، رىيادىن ئىخلاسقا، **الله** تائالاغا ئىشىنىشكە ۋە ياخشى ئىش قىلغانلار ئۈچۈن ئاخىرەتتىكى **الله** تائالانىڭ ۋەدىسىنى ئۈمىد قىلىشقا يۆتكەلسە ۋە **الله** تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلىرىنى **الله** تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئورۇنلارغا ئىشلەتسە، ئۇلارغا قايسى زىيان يېتەتتى؟

﴿**الله ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ (قىلمىشىغا قاراپ جازالايدۇ)**﴾ **الله** تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى ۋە يامان نىيەتلىرىنى بىلگۈچىدۇر. كىمنىڭ ئۇتۇققا ۋە كىمنىڭ مەغلۇبىيەتكە لايىق ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇتۇققا لايىق كىشىگە ئۇتۇق ئاتا قىلىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ ۋە ئۆزى رازى بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا نېسىپ قىلىدۇ. ئەمما مەغلۇبىيەتكە لايىق كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن **الله** تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

* * * * * * *

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍۖ وَإِن تَكُ حَسَنَةً يُضَٰعِفْهَا وَيُؤْتِ مِن لَّدُنْهُ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٤٠﴾
فَكَيْفَ إِذَا جِئْنَا مِن كُلِّ أُمَّةٍۭ بِشَهِيدٍ وَجِئْنَا بِكَ عَلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ شَهِيدًا ﴿٤١﴾ يَوْمَئِذٍ يَوَدُّ
ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَعَصَوُاْ ٱلرَّسُولَ لَوْ تُسَوَّىٰ بِهِمُ ٱلْأَرْضُ وَلَا يَكْتُمُونَ ٱللَّهَ حَدِيثًا ﴿٤٢﴾

**الله** ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، **الله** ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا

قىلىدۇ﴿40﴾. بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴿41﴾ كاپىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە (ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەنلىكتىن) يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشنى (يەنى يەرگە كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشنى) ئارزۇ قىلىدۇ، (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) الله دىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ﴿42﴾.

## الله تائالانىڭ زەررىچە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى بەندىسىگە زەررىچە زۇلۇم قىلمايدىغانلىقىدىن، ئەكسىچە ئەگەر قىلغان ئىشلىرى ياخشى بولسا، ئۇنى بىر نەچچە ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ)﴾[1].

الله تائالا لوقماننىڭ بالىسىغا قىلغان نەسىھىتىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، الله ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ)﴾[2] ﴿بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[3].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇسەئىد خۇدرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت توغرىسىدا كەلگەن ئۇزۇن ھەدىسىنىڭ بىر قىسمىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «... ئاندىن الله تائالا پەرىشتىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر قايتىپ دىلىدا قىچا چاغلىق ئىمانى بار كىشىنى تاپساڭلار، ئۇنى دوزاختىن چىقىرىڭلار...» يەنە بىر رىۋايەتتە: «... زەررىدىنمۇ ئاز، ئاز، ئاز ئىمانى بار (كىشىنى تاپساڭلار) ئۇنى دوزاختىن چىقىرىڭلار، - دەيدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەر ناھايىتى جىق كىشىلەرنى (دوزاختىن) چىقىرىدۇ...» ئاندىن ئەبۇسەئىد: ئەگەر خالىساڭلار، الله تائالانىڭ: **﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار، - دېدى.

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 47 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) لوقمان سۈرىسى 16 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) زەلزەلە سۈرىسى 6 — 8 ئايەتلەر.

## مۇشرىكلاردىن ئازاب يەڭگىللىتىلەمدۇ؟

﴿**ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ**﴾ سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى مۇشرىكلاردىن ئازاب يەڭگىللىتىلىدۇ، لېكىن ئۇلار دوزاختىن مەڭگۈ چىقالمايدۇ.

ئىبنى جۇبەير بۇ سۆزگە پاكىت سۈپىتىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى دەلىل كەلتۈردى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سىېنىڭ تاغاڭ ئەبۇتالىب سىېنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ (ساقلاپ) ياردەم بېرەتتى، سەن ئۇنىڭغا بىرەر پايدا يەتكۈزەلەمسەن؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، ئۇ ئوتنىڭ ئەڭ ئۈستى تەرىپىدە بولىدۇ، ئەگەر مەن بولمىغان بولسام (يەنى ئۇنىڭغا مېنىڭ پايدام يەتمىگەن بولسا) ئۇ ئوتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا بولاتتى» دېدى.

بۇ ھۆكۈم ھەممە كاپىرلارغا ئورتاق بولماستىن، بەلكى ئەبۇتالىبقىلا خاس بولۇشى مۇمكىن، (بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە) ئەبۇ داۋۇد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا بىر مۆمىننىڭ دۇنيادا رىزقى بېرىلىدىغان ۋە ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىنىدىغان بىرمۇ ياخشى ئىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەمما كاپىرنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىغا مۇشۇ دۇنيادىلا رىزىق بېرىپ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بەرمەيدۇ».

## "بۈيۈك ئەجىر بېرىدۇ" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

﴿**ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ**﴾ ئى الله! بىزگە رازىلىقىڭنى ۋە جەننىتىڭنى ئاتا قىلغىن (ئامىن). ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇئوسمان نەھدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھېچبىر كىشى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەندىن جىقراق ھەمسۆھبەت بولمىغان ئىدى. ئۇ مەندىن بۇرۇن ھەجگە ماڭدى، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. بەسرىلىك كىشىلەر: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله تائالا بىر ياخشىلىقنى بىر مىليونغىچە ئاۋۇتۇپ بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، دەپ رىۋايەت قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن: سىلەرگە لەنەت بولسۇن! ھېچبىر كىشى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەندىن جىقراق ھەمسۆھبەت بولمىغان، ئەجەب مەن بۇ ھەدىسنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىماپتىمەنا؟- دېدىم. ئاندىن مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزدەپ ماڭدىم ۋە ئۇنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ ھەدىسنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلاش ئۈچۈن، كەينىدىن ھەجگە ماڭدىم. ئىبنى ئەبۇھاتەم يەنە باشقا بىر رىۋايەت بىلەن ئەبۇئوسماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرەگە: بەسرەدىكى قېرىنداشلىرىم سەندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله تائالا بىر ياخشىلىققا بىر مىليون ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ،- دېدىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بەلكى مەن الله نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەقىقەتەن الله بىر ياخشىلىققا ئىككى مىليون

ياخشىلىق بىلەن مۇكاپات بېرىدۇ» دېگەنلىكى، ئاندىن الله تائالانىڭ: ﴿دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم،- دېدى.

## قىيامەت كۈنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۈممىتىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقى ۋە كاپىرلارنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى

**﴿بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ، نامە - ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ﴾[2]، ﴿شۇ كۈندە بىز ھەر بىر ئۈممەتكە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قارشى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان) بىر شاھىت (يەنى پەيغەمبەر) كەلتۈرىمىز ۋە (شۇ كۈندە) بىز سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭگە) شاھىت قىلىپ كەلتۈرىمىز﴾[3].

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «(قۇرئان) ئوقۇپ بەر» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! (قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىنغان تۇرسا، مەن ساڭا ئوقۇپ بېرەمدىمەن؟- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شەكسىزكى، مەن قۇرئاننى باشقا بىرسىدىن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن نسا سۈرىسىنى ئوقۇپ: **﴿بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴾** دېگەن ئايەتكە كېلىۋېدىم، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلگەن ھالەتتە: «بولدى قىل!» دېدى.

**﴿كاپىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە (ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەنلىكتىن) يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشنى (يەنى يەرگە كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشىنى) ئارزۇ قىلىدۇ، (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) الله دىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ﴾** الله بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ كۈندە كىشى ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى كۆرىدۇ. كاپىر: «كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!» دەيدۇ﴾[4].

الله تائالانىڭ: **﴿(ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) الله دىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ﴾** دېگەن ئايىتى ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭدىن ھېچبىر نەرسىنى يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنلىكىدۇر.

(1) تەۋبە سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) زۇمەر سۈرىسى 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نەھل سۈرىسى 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) نەبە سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئابدۇررازاق سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا كېلىپ: قۇرئاننىڭ ئىچىدە ماڭا مەزمۇنى قارىمۇ قارشىدەك بىلىنىدىغان بىرمۇنچە ئايەتلەر بار، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇ نېمە؟ قۇرئانغا بولغان شەكمۇ؟ ـ دېدى. ئۇ كىشى: ئۇ شەك ئەمەس، بەلكى مەزمۇنى قارىمۇ قارشى ئايەت، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا: قۇرئاننىڭ ئىچىدە قارىمۇ قارشى بولۇپ قالغان ئايەتنى ئوقۇپ باققىن، ـ دېدى. ئۇ كىشى الله تائالانىڭ: ﴿ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «پەرۋەردىگارىمىز! الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ﴾[1] بىلەن: **﴿(ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) الله دىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ﴾** دېگەن ئايەتنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم، يەنى بۇ ئايەتتە ئۇلار يوشۇرىدۇ، ـ دېدى.

ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى، شەكسىز ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) الله تائالانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ۋە شېرىكتىن باشقا ھەممە گۇناھىنى ئاسانلا كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، الله تائالا دىن ئۆزلىرىنىڭمۇ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ (مۇشرىك ئىكەنلىكىگە) تېنىپ مۇنداق دېدى: **﴿«پەرۋەردىگارىمىز! الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق»﴾**.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇنداق بولغان ۋاقىتتا: **﴿كاپىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە (ئۇلار قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەنلىكتىن) يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشنى (يەنى يەرگە كۆمۈلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشنى) ئارزۇ قىلىدۇ. (ئۇلارنىڭ ھەممە ئەزاسى گۇۋاھ بولغانلىقتىن) الله دىن ھېچبىر سۆزنى يوشۇرالمايدۇ﴾**.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَقْرَبُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنتُمْ سُكَـٰرَىٰ حَتَّىٰ تَعْلَمُوا۟ مَا تَقُولُونَ وَلَا جُنُبًا إِلَّا
عَابِرِى سَبِيلٍ حَتَّىٰ تَغْتَسِلُوا۟ ۚ وَإِن كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوْ جَآءَ أَحَدٌ مِّنكُم مِّنَ ٱلْغَآئِطِ أَوْ
لَـٰمَسْتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمْ تَجِدُوا۟ مَآءً فَتَيَمَّمُوا۟ صَعِيدًا طَيِّبًا فَٱمْسَحُوا۟ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ
كَانَ عَفُوًّا غَفُورًا ﴿٤٣﴾



ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇب بولساڭلار، ـ يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا ـ غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار، ئەگەر كېسەل (يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ

(1) ئەنئام سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

تەيەممۇم قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى الله بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر)﴿43﴾.

## مەست ياكى جۇنۇب كىشىنى نامازغا يېقىنلىشىشتىن توسۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى (مەسچىتكە) ئۇ ئىشكتىن كىرىپ بۇ ئىشكتىن توختىماستىن چىقىپ كېتىدىغان جۇنۇب كىشىدىن باشقا جۇنۇب كىشىلەر ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى سەزمىگۈدەك دەرىجىدە مەست كىشىلەر ناماز ئوقۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن بولغان مەسچىتلەرگە يېقىن بېرىپ قېلىشتىن توسىدۇ. نامازنى مەست ھالىتىدە ئوقۇشتىن توسۇش ھاراق ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ھۆكۈم ئىدى.

بۇنىڭ شۇنداق بولغانلىقىغا بەقەرە سۈرىسىدىكى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغانداتېخىمۇ چوڭ» دېگىن﴾[1] دېگەن ئايەتتە پاكىت كەلتۈرۈلگەن. (ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ھەدىس پاكىت بولالايدۇ). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يۇقىرىدىكى ئايەتنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن ئۆمەر: ئى الله! بىزگە ھاراق توغرۇلۇق ھۆكۈمنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەرسەڭ، ـ دېدى.

ئاندىن: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇب بولساڭلار، ـ يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، ـ غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾ دېگەن ئايەت چۈشتى، ئۇنى ئۆمەرگە ئوقۇپ بەردى. ئۆمەر يەنە: ئى الله! بىزگە ھاراق توغرۇلۇق ھۆكۈمنى تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەرسەڭ، ـ دېدى. ئۇلار ھاراقنى ناماز ۋاقتىلىرىدا ئىچمەيتتى. الله تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟﴾[2] دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، ئۆمەر: بىز ياندۇق، بىز ياندۇق، ـ دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە نسا سۈرىسىدىكى: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇب بولساڭلار، ـ يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، ـ غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾ دېگەن ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسى: نامازغا تۇرۇشتىن بۇرۇن مەست كىشى نامازغا يېقىن كەلمىسۇن، ـ دەپ جاكارلايتتى دەپ بايان قىلىنغان.

(1) بەقەرە سۈرىسى 219 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 90 ـ 91 ـ ئايەتلەر.

ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى دەلىل كەلتۈردى. ئەبۇھاتەم سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن توغرۇلۇق تۆت ئايەت چۈشتى. ئەنسارىلىق بىر كىشى تاماق تەييارلاپ مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى چاقىردى. بىز ئۇ تاماقلارنى يېدۇق ۋە مەست بولغۇچە ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆتمۈشلىرىمىز بىلەن پەخىرلەندۇق، ئاندىن بىرسى ئورنىدىن قوپۇپ تۆگىنىڭ ئىڭەك سۆڭىكىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سەئىدنىڭ بۇرنىنى يېرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدنىڭ بۇرنى پۇچۇق بولۇپ قالدى. ئاندىن بۇ ئايەت چۈشتى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ (بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ھەققىدە) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاماق تەييارلاپ بىزنى چاقىردى، ئۇ بىزگە ھاراق قۇيدى، بىز ئۇنى ئىچىپ مەست بولۇپ قالدۇق، ناماز ۋاقتى بولغاندا، ئۇلار بىرىسىنى (ئىماملىققا) ئالدىغا چىقاردى، ئىمام بولغۇچى كافىرۇن سۈرىسىنى ئوقۇماقچى بولۇپ ئېلىشىپ كېتىپ: «ئى كاپىرلار سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن ۋە سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا بىز چوقۇنىمىز». (يەنى ﴿**سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان الله غا ئىبادەت قىلمايسىلەر**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ئورنىغا: «ۋە سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا بىز چوقۇنىمىز» دەپ ئوقۇپ قالدى، ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. ﴿**نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە**﴾ يەنى مەست دېگەن ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا بۇ مەسىنىڭ ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ياخشى سۆزدۇر. شۇنداقلا مەست ئادەم ئوقۇغان (ئايەتلىرىدە) ئېلىشىپ كېتىدۇ ۋە نامازدا (الله دىن قورققان ھالەتتە) تۇرمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈگدەپ قالساڭلار، قايتىپ بېرىپ ئوقۇغان نەرسىسنى بىلگۈدەك بولغۇچە ئۇخلىۋالسۇن».

باشقا بىر رىۋايەتتە بۇ ھەدىسنىڭ سۆزلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان: «مۈگدەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلەۋېتىپ بىلمەستىن ئۆزىنى تىللاپ سېلىشى مۇمكىن».

﴿**جۇنۇب بولساڭلار، ـ يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، ـ غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر جۇنۇبلۇق ھالىتىڭلاردا مەسچىتكە ئولتۇرغىلى كىرمەڭلار، ئەمما ئۆتۈپ كەتكىلى كىرسەڭلار بولىدۇ.[1] ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەنەس، ئەبۇ ئۇبەيدە، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئەبۇزۇھا، ئەتا، مۇجاھىد، مەسرۇق، ئىبراھىم نەخەئىي، زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئەبۇمالىك، ئەمرى ئىبنى دىنار، ھەكەم ئىبنى ئۇتەيبە، ئىكرىمە، ھەسەنبەسرى، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، ئىبنى شىھاب ۋە قەتادە قاتارلىقلارنىڭمۇ (ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا)

(1) ئۇ چاغلاردا مەسچىتلەرنىڭ ئىشىكى كۆپ بولۇپ، ساھابىلەر يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن مەسچىتنىڭ ئىچىدىن كېسىپ ئۆتەتتى.

ئوخشاش دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى جەرىر يەزىد ئىبنى ئەبۇھەبىبنىڭ بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىيلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىشىكى مەسچىتنىڭ ئىچىگە ئېچىلغان بولۇپ، ئۇلار جۇنۇب بولۇپ قالغاندا (ئۇلارنىڭ يېنىدا سۇ بولمىسا)، سۇ ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن مەسچىتنىڭ ئىچىدىن ئۆتەتتى، ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى سەھى بۇخارىدا بايان قىلىنغان بىر ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ.

ئۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەبۇبەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا (مەسچىتنىڭ ئىچىگە قارىتىپ ئېچىلغان) ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېتىۋېتىڭلار!» بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا دېگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتى بار، مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىكىدىن باشقا (مەسچىتكە قارايدىغان) بارلىق ئىشىكلەرنى ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇغان. بەزى رىۋايەتتە: «ئەلىنىڭ ئىشىكىدىن باشقىسىنى» دېيىلگەن. بۇ توغرا ئەمەس، توغرىسى يۇقىرىدىكى ھەدىستە كەلگىنىدۇر.

ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «مەسچىتتىن جەينامازنى سۇنۇپ بېرىڭ» دېدى. مەن ھەيزدار ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئاندىن ئۇ: «ھەيزىڭىز (ھەققەتەن) سىزنىڭ قولىڭىزدا ئەمەس» دېدى. بۇ ھەدىس ھەيز ۋە نىفاس مەزگىلىدىكى ئاياللارنىڭ مەسچىتنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە پاكىتتۇر.

## تەيەممۇمنىڭ بايانى

﴿**ئەگەر كېسەل (يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار، ياكى ھاجەت قىلساڭلار، ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار**﴾ يەنى تەيەممۇم قىلسا بولىدىغان كېسەللەر سۇ ئىشلەتسە، (سۇ) زىيان قىلغانلىقتىن بىرەر ئەزاسىنىڭ ئىشلىمەس ياكى ئۇ ئەزانىڭ مېيىپ بولۇپ قېلىشىدىن ۋەياكى كېسەلنىڭ ساقىيىشىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقىدىغان كېسەللەردۇر. ئالىملارنىڭ ئىچىدىن ئاز بىر قىسمى: ئايەتتە ”ئەگەر كېسەل بولساڭلار“ دەپلا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كېسەل بولغان كىشىگە سۇ زىيان قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى دۇرۇس، - دەيدۇ.

﴿**سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار**﴾ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇماي ئايرىلىپ تۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپ: «ھەي پالانچى! سەن نېمىشقا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇماي قاراپ تۇرىسەن، سەن مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن مۇسۇلمان، لېكىن ماڭا جۇنۇبلۇق يېتىپ

قىلىپتىكەن، يۇيۇناي دېسەم سۇ يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلغان بولساڭمۇ بولۇۋېرەتتى، ئۇ ساڭا يېتەرلىك ئىدى» دېدى. بۇ ھەدىس پاك تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىشنىڭ پاكىتىدۇر.

ئىمام مۇسلىم ھۇزەيفە ئىبنى يامانىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز ئۈچ ئىشتا باشقا ئۈممەتلەردىن ئارتۇق قىلىندۇق (يەنى بىزگە باشقىلارغا بەرمىگەن ئۈچ ئىش بېرىلدى)، بىزنىڭ سەپلىرىمىز پەرىشتىلەرنىڭ سەپلىرىدەك قىلىندى، زېمىننىڭ ھەممە جايى بىزگە ناماز ئوقۇيدىغان يەر قىلىندى (باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئىبادەتنى ئۈچۈن تەييارلىغان يەردىن باشقا يەردە قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، ئەمما نامازنى مەسچىتتە ئوقۇماي، زېمىننىڭ ھەر قانداق جايىدا ئوقۇساق دۇرۇس بولۇۋېرىدۇ)، سۇ تاپالمىغان چېغىمىزدا تۇپراق پاكىزلىغۇچى قىلىندى».

ﷲ تائالا مۆمىنلەرگە بەرگەن نېئمەتلىرىنى بايان قىلغان ئورۇندا توپىنى "پاكىزلىغۇچى" دەپ، پاكىزلاشنى توپىغىلا خاس قىلدى. ئەگەر توپىنىڭ ئورنىدا باشقا نەرسە پاكىزلىيالايدىغان بولسا، ئۇنى ئەلۋەتتە بايان قىلاتتى. ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پاك توپا بىر مۇسۇلمان 10 يىل سۇ تاپالمىسىمۇ، ئۇنى پاكىزلىغۇچىدۇر، ئەگەر ئۇ سۇ تاپسا سۇنى ئىشلەتسۇن. چۈنكى، سۇ ئىشلىتىش ياخشىدۇر».

**﴿يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار﴾** پاكىزلىنىشتا تەيەممۇم تاھارەتنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ كەلگەندۇر. لېكىن تەيەممۇم تاھارەت ئالغاندا يۇيىدىغان پۈتۈن ئەزالارنىڭ ئورۇنباسارى ئەمەس. بەلكى، ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشىدا پەقەت يۈز بىلەن ئىككى قولنى تۇپراق بىلەن سىلاشلا يېتەرلىكتۇر. ئىككى قولنى ۋە يۈزنى سىلاش ئۈچۈن (قولنى يەرگە) بىر قېتىم ئۇرسىلا بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبزانىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئۆمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن جۇنۇب بولۇپ قالدىم، يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ تاپالمىدىم، ـ دېدى. ئۆمەر: ئۇنداق بولسا ناماز ئوقۇمىغىن، ـ دېدى. ئاندىن ئەممار ئۆمەرگە مۇنداق دېدى: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! سېنىڭ ئېسىڭدە يوقمۇ؟ ئىككىمىز بىر قوشۇندا ئىدۇق، بىز جۇنۇب بولۇپ قىلىپ سۇ تاپالمىغاندا سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ، ئەمما مەن توپىدا يۇمىلىنىپ ناماز ئوقۇدۇم. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن چېغىمىزدا، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا پەقەت مۇنداق قىلىشىڭ يېتەرلىك» دەپ ئىككى قولىنى يەرگە ئۇردى، ئاندىن قولىنى پۈلەۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى سىلىدى[1].

(1) مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى يەرگە بىر قېتىم ئۇرغانلىقى بايان قىلىندى ۋە لېكىن باشقا ھەدىسلەرگە ئاساسلانغىنىمىزدا، تەيەممۇم قىلغاندا قولنى ئىككى قېتىم ئۇرۇش لازىم. بۇنداق قىلىش ھەنەفى ۋە شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما مالىكى ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا بىرىنچى قېتىم ئۇرۇش پەرز، ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇش مۇستەھەبتۇر. ئەبۇئۇمامە ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تەيەممۇم دېگەن ئىككى ئۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر ئۇرۇش يۈزىنى، يەنە بىر ئۇرۇش ئىككى قولنى جەينەككىچە سىلاش ئۈچۈندۇر». مانا بۇ ھەدىس تەيەممۇم قىلغاندا قولنى ئىككى قېتىم ئۇرۇشنى

تەيەممۇم قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگىلا خاس بولۇپ، باشقا ئۈممەتلەرگە تەيەممۇم قىلىش يول قويۇلمىغان. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرسىگىمۇ بېرىلمىگەن بەش تۈرلۈك ئىش بېرىلدى، يەنى بىر ئايلىق يىراقلىقتا (الله تائالا دۈشمەنلەرنىڭ دىللىرىغا) قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن ياردەم بېرىلدىم. ماڭا زېمىننىڭ ھەممىسى ناماز ئوقۇيدىغان يەر ۋە پاكىزلىغۇچى قىلىپ بېرىلدى. ئۈممىتىم ناماز ۋاقتىدا قەيەردە بولسا، شۇ يەردە ئوقۇسۇن...».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: «(ئۈممىتىم ناماز ۋاقتىدا مەيلى قەيەردە بولمىسۇن) ئۇنىڭ قېشىدا ئۇنى پاكىزلىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان جايى باردۇر، ماڭا ئولجىلار ھالال قىلىندى، مەندىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى. ماڭا قىيامەت كۈنى كىشىلەرگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى، (باشقا) پەيغەمبەرلەر ئۆزىنىڭ مىللىتىگە (قەۋمىگە) پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى، مەن بارلىق ئىنسانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتىلدىم».

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: «بىز باشقىلاردىن ئۈچ ئىشتا ئارتۇق قىلىندۇق (يەنى بىزگە باشقىلارغا بەرمىگەن ئۈچ ئىش بېرىلدى)، بىزنىڭ سەپلىرىمىز پەرىشتىلەرنىڭ سەپلىرىدەك قىلىندى. زېمىن بىزگە ناماز ئوقۇيدىغان يەر قىلىندى[1]. سۇ تاپالمىغان چېغىمىزدا تۇپراق پاكىزلىغۇچى قىلىندى».

**﴿پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى الله بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن، ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر)﴾** يەنى ئۇنىڭ سىلەرگە تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىشى (سۇ بولمىغاندا تەيەممۇم قىلىپلا ناماز ئوقۇشنى دۇرۇس قىلىپ بەرگەنلىكى) سىلەرنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ۋە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن ئۆتكەنلىكىدۇر.

بۇ ئايەتتە مەست ئادەم مەستلىكىدىن يېشىلمەي، سۇ تاپالمىغان كىشى جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنماي، تاھارىتى بولمىغانلار تاھارەت ئالماي تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، نامازنىڭ كامىل بولمايدىغانلىقىغا دەلىللەر باردۇر. الله تائالا ھەقىقەتەن تەيەممۇمنى كېسەل بولۇپ قالغاندا ياكى سۇ تاپالمىغاندا، بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىش ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش يۈزىسىدىن رۇخسەت قىلىپ بەردى. الله تائالانىڭ (بىزلەرگە بەرگەن) بۇ رۇخستى ئۈچۈن كۆپ ھەمدۇ - سانا بولسۇن!



## تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز

كۆرسىتىپ كەلگەن ھەدىستۇر.

(1) باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئىبادەتنى ئىبادەت ئۈچۈن تەييارلانغان يەردىن باشقا يەردە قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، ئەمما بىز نامازنى مەسچىتتە ئوقۇماي، زېمىننىڭ ھەر قانداق جايىدا ئوقۇساق دۇرۇس بولۇۋېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى سەپەرلىرىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقاتتۇق. بىر قېتىملىق سەپەردە بىز بەيدا ياكى زاتىلجەيش دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، مېنىڭ بۇلاپكام چۈشۈپ قاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىزدىگىلى تۇردى، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىزدىدى، يېقىن ئەتراپتا سۇ يوق ئىدى، كىشىلەر ئاتام ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ (ئۇنىڭغا): ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىلغىنىغا قارا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە كىشىلەرنى توختىتىپ قويۇشقا سەۋەبچى بولدى. يېقىن ئەتراپتا سۇ بولمىسا ھەم ھېچ كىم سۇ ئېلىۋالمىغان تۇرسا؟ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇبەكرى مېنىڭ قېشىمغا كەلدى، ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى مېنىڭ يوتامغا قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئەبۇبەكرى ماڭا: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە كىشىلەرنى توختاتتىڭمۇ؟ يا ئۇلار سۇ ئېلىۋالمىسا ياكى يېقىن ئەتراپتا سۇ بولمىسا،ـ دېدى. ئەبۇبەكرى (يەنى ئاتام) ماڭا كايىپ، الله تائالا ئۇنىڭ دېيىشىنى خالىغان بىر نەرسىلەرنى دەپ قولى بىلەن بېقىنىمغا نوقۇغىلى تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يوتامدا ئۇخلاۋاتقانلىقى ئۈچۈن مەن مىدىرلىيالماي قالدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرغاندا سۇ يوق ئىدى، شۇ چاغدا الله تائالا تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ئايەتنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەيەممۇم قىلدى. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرى: ئى ئەبۇبەكرىنىڭ جەمەتىدىكىلەر! بۇ سىلەرنىڭ تۇنجى قېتىملىق بەرىكىتىڭلار ئەمەس،ـ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: مەن مىنگەن تۆگىنى تۇرغۇزغان ئىدۇق، بۇلاپكا تۆگىنىڭ تېگىدىن چىقتى،ـ دېدى.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ يَشْتَرُونَ ٱلضَّلَٰلَةَ وَيُرِيدُونَ أَن تَضِلُّوا۟ ٱلسَّبِيلَ ﴿٤٤﴾
وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِأَعْدَآئِكُمْ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَلِيًّا وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ نَصِيرًا ﴿٤٥﴾ مِّنَ ٱلَّذِينَ هَادُوا۟ يُحَرِّفُونَ ٱلْكَلِمَ عَن
مَّوَاضِعِهِۦ وَيَقُولُونَ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا وَٱسْمَعْ غَيْرَ مُسْمَعٍ وَرَٰعِنَا لَيًّۢا بِأَلْسِنَتِهِمْ وَطَعْنًا فِى ٱلدِّينِ ۚ
وَلَوْ أَنَّهُمْ قَالُوا۟ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَٱسْمَعْ وَٱنظُرْنَا لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَقْوَمَ وَلَٰكِن لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفْرِهِمْ فَلَا
يُؤْمِنُونَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿٤٦﴾

(ئى مۇھەممەد!) كىتابتىن (يەنى تەۋراتتىن) نېسىۋە بېرىلگەن كىشىلەر (يەنى يەھۇدىي موللىلىرى) نىڭ گۇمراھلىقنى سېتىۋالغانلىقىنى ۋە سىلەرنىڭ توغرا يولدىن ئېزىشىڭلارنى خالايدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟﴿44﴾ الله سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. الله سىلەرنى ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر ۋە سىلەرگە مەدەتكار بولۇشقا يېتەرلىكتۇر (يەنى سىلەرنى يەھۇدىيلارنىڭ مىكرىدىن ساقلاشقا الله كۇپايىدۇر)﴿45﴾. يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار: «بىز (سۆزۈڭنى) ئاڭلىدۇق، (ئەمرىڭگە) بويسۇنمىدۇق، بىزگە قۇلاق سال، بىز ساڭا قۇلاق سالمايمىز» دەيدۇ، دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن، رائىنا دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇلار (يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا) ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق، قۇلاق سال، ئۇنىزۇرنا دېسە، ئۇلار ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ توغرا بولاتتى، لېكىن كۇفرى سەۋەبلىك الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴿46﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئازغۇنلۇقنى تاللىغانلىقى، تەۋراتنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى، تىللىرىنى ئەگرى قىلغانلىقى ۋە دىنغا تەنە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) يەھۇدىيلارنىڭ توغرا يولدىن ئازغۇنلۇق يولىغا بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، پەيغەمبەرگە چۈشكەن نەرسىدىن (قۇرئان كەرىمدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى (بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن ئۇلارغا قالغان) بىلىمنى يوشۇرغانلىقىنى بايان قىلدى.

﴿**سىلەرنىڭ توغرا يولدىن ئېزىشىڭلارنى خالايدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟**﴾ يەنى ئى مۆمىنلەر! ئۇلار سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن نەرسىگە (يەنى قۇرئانغا) كاپىر بولۇشۇڭلارنى ۋە سىلەر مېڭىۋاتقان توغرا يول ۋە پايدىلىق بىلىمنى تاشلىشىڭلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ﴿**الله سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ. الله سىلەرنى ساقلاشقا يېتەرلىكتۇر ۋە سىلەرگە مەدەتكار بولۇشقا يېتەرلىكتۇر (يەنى سىلەرنى يەھۇدىيلارنىڭ مىكرىدىن ساقلاشقا الله كۇپايىدۇر)**﴾.

﴿**يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار**﴾ يەنى ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە بوھتان چاپلاش يۈزىسىدىن ئۇنى قەستەن الله تائالا خالىغاندىن باشقا بىر مەنە بىلەن چۈشەندۈرىدۇ.

﴿**ئۇلار: «بىز (سۆزۈڭنى) ئاڭلىدۇق، (ئەمرىڭگە) بويسۇنمىدۇق**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! بۇ يەھۇدىيلارنىڭ: بىز سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق ۋە ئۇنىڭدا بىز ساڭا بويسۇنمايمىز، ـ دېگەنلىكىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇجاھىد ۋە ئىبنى زەيدمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايان قىلدى. بۇ مەنە بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان مەنىدۇر. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ كۇپۇرلۇقتا ۋە قارشىلىق قىلىشتا ئۇچىغا چىققانلىقىدۇر. يەھۇدىيلار الله تائالانىڭ كىتابىنى چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن يۈز ئۆرىدى. ھالبۇكى، ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، ئۆزلىرىگە بولىدىغان گۇناھ ۋە جازانى بىلىدۇ.

﴿**بىزگە قۇلاق سال، بىز ساڭا قۇلاق سالمايمىز» دەيدۇ**﴾ يەنى سەن بىز دېگەن نەرسىگە قۇلاق سال، سەن ئاڭلىمىدىڭ. بۇ ئايەتنىڭ بۇ مەنىنى بىرىدىغانلىقىنى زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلدى (سەن ئاڭلىمىدىڭ دېگەن سۆز ئەسلىدە ياخشى سۆز بولمىسىمۇ، لېكىن يەھۇدىيلار بۇ سۆز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گاس بولۇپ قېلىشىنى ياكى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كۆزلىگەندۇر). بۇ (يەنە) ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مازاق قىلىشىدۇر. ئۇلارغا الله نىڭ لەنىتى بولسۇن!

﴿**دىنغا تەنە قىلىش يۈزىسىدىن، رائىنا دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ ئېيتىدۇ**﴾ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقى سۆزىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاشنى ۋە كەمسىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىز بۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى يۇقىرىدا الله تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! (پەيغەمبەرگە) رائىنا دەپ خىتاب قىلماي، ئۇنزۇرنا دەپ خىتاپ قىلىڭلار﴾[1] دېگەن ئايىتىدە سۆزلەپ بولدۇق.

(1) بەقەرە سۈرىسى 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇڭا الله تائالا ئىبرانىيلار دېگەن سۆزلىرى بىلەن كۆڭلىدىكى سۆزنىڭ قارشىسىنى مەقسەت قىلغان يەھۇدىيلار توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر ئۇلار (يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا) ئاڭلىدۇق ۋە بويسۇندۇق، قۇلاق سال، ئۇنزۇرنا دېسە، ئۇلار ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ توغرا بولاتتى، لېكىن كۇفرى سەۋەبلىك الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ**﴾. يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرى الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراقتۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا پايدىلىق ئىماندىن ئازراقمۇ كىرمەيدۇ.

* * * * * * *

**يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَـٰبَ ءَامِنُوا۟ بِمَا نَزَّلْنَا مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَكُم مِّن قَبْلِ أَن نَّطْمِسَ**
**وُجُوهًا فَنَرُدَّهَا عَلَىٰٓ أَدْبَارِهَآ أَوْ نَلْعَنَهُمْ كَمَا لَعَنَّآ أَصْحَـٰبَ ٱلسَّبْتِ ۚ وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ مَفْعُولًا**
**﴿٤٧﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدِ**
**ٱفْتَرَىٰٓ إِثْمًا عَظِيمًا ﴿٤٨﴾**

ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! (يەنى يەھۇدىيلار) بىز نۇرغۇن يۈزلەرنى ئۆزگەرتىپ ئارقىسىغا قىلىپ قويۇشىمىزدىن (يەنى يۈزدىكى بۇرۇن، كۆز، قاش قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئۆز جايلىرىدىن يوق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارقا تەرەپكە پەيدا قىلىپ قويۇشىمىزدىن، سۈرەتلىرىنى مۇبەددەل قىلىشىمىزدىن) ئىلگىرى، ياكى ئۇلارغا شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىشىمىزدىن ئىلگىرى، ئۆزەڭلاردىكى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تەستىق قىلىدىغان، بىز نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار (بولمىسا يۇقىرىقى ئىككى بالانىڭ بىرىگە ئۇچرايسىلەر). الله نىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ (يەنى الله بىرەر ئىشقا ئەمر قىلسا، ئۇ ئىش چوقۇم بولماي قالمايدۇ) ﴿47﴾. الله ھەقىقەتەن الله غا شېرىك كەلتۈرۈلۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴿48﴾

## يەھۇدىيلارنى تەھدىت بىلەن ئىمانغا چاقىرىش توغرىسىدا

الله تائالا ئەھلى كىتابنى بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن، ئەھلى كىتابنىڭ قوللىرىدىكى خۇش بېشارەتنى راستقا چىقىرىپ كەلگەن بۈيۈك كىتابقا ئىشىنىشكە بۇيرۇغان ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا تەھدىت سالغان ھالەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز نۇرغۇن يۈزلەرنى ئۆزگەرتىپ ئارقىسىغا قىلىپ قويۇشىمىزدىن (يەنى يۈزدىكى بۇرۇن، كۆز، قاش قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئۆز جايلىرىدىن يوق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارقا تەرەپكە پەيدا قىلىپ قويۇشىمىزدىن، سۈرەتلىرىنى مۇبەددەل قىلىشىمىزدىن) ئىلگىرى**﴾ ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەھلى كىتابلار قارىغۇ قىلىنىدۇ. ﴿**ئارقىسىغا قىلىپ قويۇشىمىزدىن**﴾ يەنى بىز ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى (ئۇلارنىڭ) گەدەن تەرىپىگە قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار (بويۇنلىرىنى) ئارقىسىغا قاراتقان ھالەتتە ماڭىدۇ ۋە بىز ئۇلارنىڭ ئىككى كۆزىنى ئۇلارنىڭ گەدىنىگە قىلىمىز.

قەتادە ۋە ئەتىيە ئەۋفىيمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايان قىلدى. بۇ (ئۇلارغا بېرىلگەن) ئەڭ ئېغىر جازادۇر. ئۇ الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ ناھەقكە قايتقانلىقى ۋە ئوپئوچۇق پاكىتى بولغان توغرا يولدىن ئازغۇنلۇق يولىغا قايتىپ، شۇ يولدا بويۇنلىرى ئارقىلىرىغا تولغانغان ھالەتتە مېڭىۋاتقان ۋە يۈگۈرۈۋاتقانلىقىغا كەلتۈرگەن ئوخشىتىشىدۇر.

بەزى ئالىملار: بۇ خىل ئوخشىتىش الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىمۇ بار، ـ دېدى: ﴿بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ). ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ﴾.[1]

## كەئب ئەھبارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى

كەئب ئەھبارنىڭ بۇ ئايەتنى ئاڭلىغاندا مۇسۇلمان بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئىبنى جەرىر ئىسا ئىبنى مۇغىيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئىبراھىمنىڭ قېشىدا كەئبنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئىبراھىم مۇنداق دېدى: كەئب ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ زامانىسىدا ئىسلامغا كىردى. ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسكە بارماقچى بولۇپ مەدىنىدىن ئۆتىۋاتقاندا، ئۆمەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: ئى كەئب! ئىسلامغا كىرگىن، ـ دېدى. كەئب: سىلەر كىتابىڭلاردا: ﴿تەۋراتنى كۆتۈرۈشكە (يەنى ئەمەل قىلىشقا) تەكلىپ قىلىنغان، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرمىگەنلەر (يەنى تەۋرات بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ۋە ھىدايەتتىن پايدىلانمىغان يەھۇدىيلار) خۇددى كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەككە ئوخشايدۇ (يەنى پايدىلىق چوڭ ـ چوڭ كىتابلارنى ئۇستىگە ئارتىۋالغان، چارچاشتىن باشقا، ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ)﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇمامسىلەر؟ مەن تەۋراتنى كۆتۈردۇم، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئۇنى قويۇۋەتتى. ئۇ (يولغا) چىقىپ ھىمس دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئۇ يەرلىك بىر كىشىنىڭ غەمكىن ھالەتتە: **﴿ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! (يەنى يەھۇدىيلار) بىز نۇرغۇن يۈزلەرنى ئۆزگەرتىپ ئارقىسىغا قىلىپ قويۇۋشىمىزدىن (يەنى يۈزدىكى بۇرۇن، كۆز، قاش قاتارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئۆز جايلىرىدىن يوق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارقا تەرەپكە پەيدا قىلىپ قويۇۋشىمىزدىن، سۈرەتلىرىنى مۇبەددەل قىلىشىمىزدىن) ئىلگىرى ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. كەئب ئۆزىنىڭ ئايەتتە دېيىلگەندەك بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئىمان ئېيتتىم، ئى پەرۋەردىگارىم! مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ـ دەپ كەتتى. ئاندىن يەمەندىكى بالا ـ چاقىلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىپ ئېلىپ كەلدى.

(1) ياسىن سۈرىسى 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر.
(2) جۇمۇئە سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ياكى ئۇلارغا شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلارغا لەنەت قىلغاندەك لەنەت قىلىشىمىزدىن ئىلگىرى﴾** يەنى شەنبە كۈنى ھىيلە بىلەن بېلىق تۇتۇشقا ئۇرۇنغان كىشىلەر (لەنەت قىلغىنىمىزدەك) مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئۆزگىرىپ كەتتى، بۇلارغا ئائىت قىسسىنى الله خالىسا ئەئراف سۈرىسىدە تولۇق بايان قىلىمىز. **﴿الله نىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ (يەنى الله بىرەر ئىشقا ئەمر قىلسا، ئۇ ئىش چوقۇم بولماي قالمايدۇ)﴾**.

## شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ تەۋبە قىلمىغان ئەھۋالدا مەڭگۈ كەچۈرۈلمەيدىغانلىقى

**﴿الله ھەقىقەتەن الله غا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ﴾** يەنى الله تائالا ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەن ھالەتتە يولۇققان بىر بەندىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ. **﴿خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾** ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى بەندەم! سەن ماڭا ئىبادەت قىلمىدىڭ ۋە لېكىن رەھمىتىمنى ئۈمىد قىلدىڭ، شۇڭا مەن ھەقىقەتەن سەندىكى بار گۇناھنى كەچۈرۈۋېتىمەن. ئى بەندەم! سەن ماڭا شېرىك كەلتۈرمەي زېمىن توشقۇچە خاتالىق بىلەن ئۇچراشساڭمۇ، مەن ساڭا زېمىن توشقۇچە كەچۈرۈم بىلەن ئۇچرىشىمەن».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىر بەندە پەقەت: ”لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ“ يەنى ”الله تائالادىن باشقا ئىبادەتكە ھېچ لايىق زات يوق“ دېگەن سۆزنى ئېيتىپ، ئاندىن شۇ ئەقىدىدە ئۆلگەن بولسا جەننەتكە كىرىدۇ». مەن: ئۇ زىناخورلۇق ۋە ئوغرىلىق قىلسىمۇ كىرەمدۇ؟ - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق قىلغان بولسىمۇ كىرىدۇ» دېدى. مەن: ئۇ زىناخورلۇق ۋە ئوغرىلىق قىلسىمۇ كىرەمدۇ؟ - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇ پاھىشە ۋە ئوغرىلىق قىلسىمۇ» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى، - دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆتىنچى قېتىمدا: «ئەبۇزەرنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى» دېدى. ئاندىن ئەبۇزەر ئىشتىنىنى سۆرىگەن پېتى چىقىپ: ئەگەر ئەبۇزەرنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىسىمۇ؟ - دېدى. كېيىن ئەبۇزەر بۇ ھەدىسنى ئوقۇپ بەرسە: ئەگەر ئەبۇزەرنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىسىمۇ، - دەيتتى.

بەززار ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **﴿الله ھەقىقەتەن الله غا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾** دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ۋە: «مەن شاپائىتىمنى قىيامەت كۈنىدىكى ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ گۇناھ ئىگىلىرى ئۈچۈن كېچىكتۈرۈپ قويدۇم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغۇچە، (بىز) چوڭ گۇناھ ئىگىلىرى گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلەشتىن توختاپ تۇرغان ئىدۇق.

**﴿كىمكى الله غا شېرك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾**. الله تائالا بۇ ھەقتە

مۇنداق دەيدۇ: ﴿شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر﴾[1].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇ گۇناھ) سېنى ياراتقان الله غا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭ» دېدى.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يُزَكُّونَ أَنفُسَهُم ۚ بَلِ ٱللَّهُ يُزَكِّى مَن يَشَآءُ وَلَا يُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٤٩﴾ ٱنظُرْ كَيْفَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ وَكَفَىٰ بِهِۦٓ إِثْمًا مُّبِينًا ﴿٥٠﴾ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ نَصِيبًا مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ يُؤْمِنُونَ بِٱلْجِبْتِ وَٱلطَّٰغُوتِ وَيَقُولُونَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا۟ هَٰٓؤُلَآءِ أَهْدَىٰ مِنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ سَبِيلًا ﴿٥١﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَعَنَهُمُ ٱللَّهُ ۖ وَمَن يَلْعَنِ ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ نَصِيرًا ﴿٥٢﴾

ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارايدىغانلار (يەنى ئۆزلىرىنى تەقۋادارلىق بىلەن مەدھىيىلەيدىغانلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس)، الله خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴿49﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ الله غا تۆھمەت چاپلاۋاتقانلىقىغا قارىغىن! بۇ ئوپئوچۇق گۇناھتۇر﴿50﴾. كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ، كاپىرلارنى كۆرسىتىپ: «بۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) نىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر» دەيدۇ﴿51﴾. ئەنە شۇلار الله رەھمىتىدىن يىراق قىلغان كىشىلەردۇر؛ الله كىمنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار تاپالمايسەن﴿52﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى ۋە بۇت بىلەن شەيتانغا ئىشەنگەنلىكى، توغرا يول ۋە ئىماننى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن لەنەت قىلىنغانلىقى



**﴿ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارايدىغانلار (يەنى ئۆزلىرىنى تەقۋادارلىق بىلەن مەدھىيىلەيدىغانلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟﴾** ھەسەن ۋە قەتادە مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار ئۆزلىرىنى ”الله تائالانىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى“ دەۋالغانلىقى ئۈچۈن (ئۇلار ھەققىدە) چۈشكەن.

ئىبنى زەيد مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ: ﴿بىز الله نىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز الله نىڭ دىنىدا بولغاچقا)

(1) لوقمان سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دوستلىرىدۇرمىز﴾[1]، ﴿يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ﴾[2] دېگەن ۋاقتىدا چۈشتى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس)، الله خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ﴾** يەنى پاكلاش الله تائالاغا خاستۇر. چۈنكى، ئۇ ھەممە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگۈچىدۇر.

**﴿ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەتا، ھەسەن، قەتادە ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ **﴿قىلچىلىكمۇ﴾** دېگىنى ئۆچكىنىڭ سىزىقچىلىرىدا بولىدىغان قىلنى كۆرسىتىدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ الله غا تۆھمەت چاپلاۋاتقانلىقىغا قارىغىن!﴾** يەنى ئۇلار الله تائالاغا بۇ سۆزلەرنى دېيىش ئارقىلىق تۆھمەت چاپلىدى، ئۇلار: ﴿يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ﴾[3]، ﴿«دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا (يەنى موزايغا چوقۇنغان 40 كۈنلۈك ۋاقىتلا) كۆيدۈرىدۇ»﴾[4] دەيدۇ.

ئۇلار ئۆز ئاتىلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا يۆلىنىۋالدى، الله تائالانىڭ (ئاتىلار قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ باللارغا قىلچىلىكمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى) ھۆكمى مۇنداق بايان قىلىندى: ﴿ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (نىڭ ساۋابى) ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار (نىڭمۇ ساۋابى) ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر﴾[5]

**﴿بۇ ئوپئوچۇق گۇناھتۇر﴾**، **﴿كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ﴾** مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ھەسسان ئىبنى پائىتتىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتىكى «جىبت» سېھىرگەرلىك دېگەنلىكتۇر. ئالىم ئەبۇنەسرى ئىسمائىل ئىبنى ھەمماد جەۋھەرى ئۆزىنىڭ: "لۇغەت" كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «جىبت» دېگەن سۆز بۇتقا، داخانغا، سېھىرگەرگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ بۇ ئايەتتىكى «تەۋاغىيت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار شەيتانلار ئىچىلىرىگە كىرىۋالغان داخانلاردۇر.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «تەۋاغىيت» دېگەن ئىنساننىڭ سۈرىتىدىكى شەيتاندۇر. بۇ، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار بىر ئىشتا ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ قېشىغا بارىدىغان ۋە يەھۇدىي، خىرىستىئانلارنى ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان، بۇيرۇق ئىگىسى بولغان ئىنساننىڭ

(1) مائىدە سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئال ئىمران سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) بەقەرە سۈرىسى 134 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈرىتىدىكى شەيتاندۇر. ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «تەۋاغىيت» دېگەن سۆز الله تائالادىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەممە نەرسىلەرگە قارىتىلىدۇ.

## كاپىرلارنى مۇسۇلمانلاردىن ئارتۇق كۆرۈشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى

**﴿كاپىرلارنى كۆرسىتىپ: «بۇلار (يەنى قۇرەيش كۇففارلىرى) نىڭ يولى ئىمان ئېيتقانلارنىڭكىدىن تېخىمۇ توغرىدۇر» دەيدۇ﴾** يەنى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار بىلىمسىزلىكى، دىنسىزلىقى ۋە قولىلىرىدىكى الله تائالانىڭ كىتابىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن كاپىرلارنى مۇسۇلمانلاردىن ئارتۇق كۆرىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇيەي ئىبنى ئەھتەب ۋە كەئب ئىبنى ئەشرەف دېگەن يەھۇدىيلار مەككىلىك كاپىرلارنىڭ قېشىغا كېلىدۇ، مەككىلىك كاپىرلار ئۇلارغا: سىلەر ئەھلى كىتاب ۋە ئىلىملىك كىشىلەرسىلەر، شۇڭا بىز ۋە مۇھەممەدنىڭ ئىشى توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىڭلار، ـ دېدى (يەنى بىزنىڭ ياكى مۇھەممەدنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بېرىڭلار دېمەكچى). يەھۇدىيلار: سىلەر قايسى ئىشنى قىلىۋاتىسىلەر ۋە مۇھەممەد قايسى ئىشنى قىلىۋاتىدۇ؟ـ دېدى. مەككىلىك كاپىرلار: بىز ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىمىز، تۆگىلەرنى بوغۇزلايمىز (يەنى ئاجىزلارغا ۋە مېھمانلارغا ئاتاپ تۆگە بوغۇزلايمىز)، سۈت ۋە سۇ بېرىمىز (يەنى بىز كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىمىز دېمەكچىدۇر)، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىمىز ۋە ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيمىز. مۇھەممەد بولسا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئارىلىقىنى ئۈزىۋەتكەن، ھاجىلارنىڭ ئوغرىسى بولغان غىفاز جەمەتى ئەگەشكەن (ئارىمىزدا ئۆسكەن شۇمبۇيىدەك) بىر يۇتاقچىدۇر. بىز ياخشىمۇ ياكى ئۇ ياخشىمۇ؟ـ دېدى. يەھۇدىيلار ئۇلارغا: سىلەر ياخشى ۋە توغرا يولدىدۇرسىلەر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿كىتابتىن نېسىۋە بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار بۇتقا ۋە شەيتانغا ئىشىنىدۇ﴾** بۇ سۆز ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە بىر تۈركۈم سەلەپ ئالىملىرىدىن باشقىچە بىر ئۇسۇل بىلەن رىۋايەت قىلىندى.

## يەھۇدىيلارنىڭ مۇشرىكلاردىن ياردەم سورىغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلىقى



بۇ، الله تائالانىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان لەنىتىدۇر. شۇنداقلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا ھېچبىر ياردەمچىنىڭ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خەۋەر بېرىشىدۇر. چۈنكى، ئۇلار مۇشرىكلاردىن ياردەم سوراپ باردى، ئۇلار مۇشرىكلارنى ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشكە چاقىرىش ئۈچۈن (ئۇلارغا): سىلەر ياخشى ۋە توغرا يولدىسىلەر، دېگەن گەپنى قىلدى، ھەقىقەتەن ئۇلار يەھۇدىيلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خەندەك ئۇرۇشىغا (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن كېلىپ خەندەك ئۇرۇشىغا) قاتناشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىدى، الله تائالا ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى توسۇپ قالدى ۋە بۇ ھەقتە

مۇنداق دېدى: ﴿اللە كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن) نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، اللە (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ) مۆمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، اللە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[1].

* * * * * * *

أَمْ لَهُمْ نَصِيبٌ مِّنَ ٱلْمُلْكِ فَإِذًا لَّا يُؤْتُونَ ٱلنَّاسَ نَقِيرًا ﴿٥٣﴾ أَمْ يَحْسُدُونَ ٱلنَّاسَ عَلَىٰ مَآ ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ ۖ فَقَدْ ءَاتَيْنَآ ءَالَ إِبْرَٰهِيمَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَءَاتَيْنَٰهُم مُّلْكًا عَظِيمًا ﴿٥٤﴾ فَمِنْهُم مَّنْ ءَامَنَ بِهِۦ وَمِنْهُم مَّن صَدَّ عَنْهُ ۚ وَكَفَىٰ بِجَهَنَّمَ سَعِيرًا ﴿٥٥﴾

ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ (ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق) ئەگەر بولىدىغان بولسا (زىيادە بېخىللىقتىن) ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسە بەرمەيدۇ ﴿53﴾. ياكى ئۇلار اللە ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق﴿54﴾. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرمۇ بار، ئۇلارغا (ئۇلارنىڭ كۇفرىغا جازا بېرىش يۈزىسىدىن) جەھەننەمنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى يېتەرلىكتۇر﴿55﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ بېخىللىقى ۋە ھەسەتخورلۇقى

**﴿ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ (ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق)﴾** ئاندىن اللە تائالا يەھۇدىيلارنى بېخىللىق بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر بولىدىغان بولسا (زىيادە بېخىللىقتىن) ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسە بەرمەيدۇ﴾** خۇسۇسەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق قىلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿«ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمەت خەزىنىلىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسا، چىقىمدىن (يەنى تۈگەپ كېتىشىدىن) قورقۇپ، چوقۇم بېخىللىق قىلاتتىڭلار» دېگىن﴾[2] اللە تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئىنسان بېخىل كېلىدۇ﴾[3].

**﴿ياكى ئۇلار اللە ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟﴾** اللە تائالانىڭ پەيغەمبەرلىكنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بەنى ئىسرائىلدىن بولماي ئەرەبلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىشى ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشتىن توستى.

(1) ئەھزاب سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىسرا سۈرىسى 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿**ياكى ئۇلار ھەسەت قىلىشامدۇ؟**﴾ ئىمام تەبەرانىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ھەسەت قىلىنغۇچىلاردىن باشقا كىشىلەر ئەمەس، بىز كۆزدە تۇتۇلغاندۇرمىز.

﴿**بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىق بەردۇق**﴾ يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىدىن بولغان بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا كىتابلارنى نازىل قىلدۇق. بۇ پەيغەمبەرلەر بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە الله تائالانىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلدى. بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن پادىشاھلارنى تۇرغۇزدۇق.

﴿**ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار**﴾ بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن مۇشۇ نېئمەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرگە ئىشىنىدىغانلارمۇ بار.

﴿**ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەنلەرمۇ بار**﴾ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇ پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدىغان، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىيدىغان ۋە باشقىلارنى ئۇنىڭغا ئىشىنىشتىن توسىدىغانلارمۇ بار. ئۇ پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ مىللىتىدىن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن يەردە، (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ مىللىتىدىن ئەمەس تۇرساڭ، ئۇلار ساڭا قانداق ئىشىنىدۇ؟

مۇجاھىد: ﴿**ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتقانلارمۇ بار**﴾ دېگەن ئايەتتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.- دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلىرى سېنى بەك يالغانچىغا چىقارغۇچىدۇر، ئۇلار سەن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە ئوچۇق بولغان ھەقتىن بەك يىراقتۇر.

شۇڭا الله تائالا ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارغا (ئۇلارنىڭ كۇفرىغا جازا بېرىش يۈزىسىدىن) جەھەننەمنىڭ يېنىپ تۇرغان ئوتى يېتەرلىكتۇر**﴾.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُم بَدَّلْنَٰهُمْ جُلُودًا غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا۟ ٱلْعَذَابَ ۗ
إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿٥٦﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا
ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ لَّهُمْ فِيهَآ أَزْوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ ۖ وَنُدْخِلُهُمْ ظِلًّا ظَلِيلًا ﴿٥٧﴾

شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۆكۈلگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿56﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىغا داخىل قىلىمىز﴿57﴾.

## الله تائالانىڭ كىتابىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمىگەنلەرگە بولىدىغان ئازابنىڭ بايانى

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە باشقىلارنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىشتىن توسقان كىشىنى دوزاخنىڭ ئوتىدا ئازابلايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز**﴾.

ئاندىن ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز**﴾ ئەئمەش ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ تېرىلىرى كۆيۈپ كەتكەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئورنىغا قەغەزلەرگە ئوخشاش ئاپئاق تېرىلەر يەڭگۈشلىنىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم الله تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دوزاخنىڭ ئوتى ئۇلارنى بىر كۈندە 70 مىڭ قېتىم پىشىرىدۇ. ھۇسەين مۇنداق دەيدۇ: بۇ رىۋايەتتە فۇزەيل ھىشامدىن ھەسەننىڭ: ﴿**ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى قوشۇپ قويىدى: دوزاخنىڭ ئوتى ئۇلارنى پىشۇرۇپ ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېگەندە، ئۇلارغا: (ئۆز ئەسلىڭلارغا) قايتىڭلار، ـ دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار (ئۆز ئەسلىگە) قايتىدۇ.

## تەقۋادار، ياخشى كىشىلەرنىڭ بارار جايىنىڭ جەننەت بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنىڭ بايانى

﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ**﴾ بۇ، الله تائالانىڭ ياخشى كىشىلەرنىڭ ئورنىدىن خەۋەر بەرگەنلىكىدۇر. ئۇلار ھەممە يەرلىرىدە ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتتە خالىغىنىچە تۇرىدۇ. ئۇلار جەننەتتىن يۆتكەلمەي مەڭگۈ قالىدۇ، يۆتكىلىپ كېتىشنىمۇ ھەم خالىمايدۇ.

﴿**ئۇ يەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ**﴾ يەنى ھەيز، نىپاس، چوڭ ـ كىچىك تەرەت، بولمىغۇر، ناچار ئەخلاق ۋە يامان سۈپەتلەردىن پاكتۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: پاسكىنىچىلىق ۋە چوڭ ـ كىچىك تەرەتلەردىن پاك ـ پاكىزدۇر. ئەتا، ھەسەن، زەھھاك، نەخەئى، ئەبۇسالىھ، ئەتىيە ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە (ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا) ئوخشاش بايان قىلدى.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سۈيدۈك، ھەيز، ماڭقا، تۈكۈرۈك، مەنى ۋە باللا تۇغۇشلاردىن پاك بولىدۇ (يەنى جەننەتتىكى ئاياللاردا ئۇ ئىشلارنىڭ بىرسىمۇ تېپىلمايدۇ).

﴿**ئۇلارنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك سايىسىغا داخىل قىلىمىز**﴾ ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەكسىزكى، جەننەتتە "مەڭگۈلۈك دەرەخ" دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەخ بار، بىر كىشى ئۇنىڭ سايىسىدا يۈز يىل ماڭسىمۇ، ئۇنى كېسىپ ئۆتەلمەيدۇ».

* * * * * * *

﴿ إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُكُمۡ أَن تُؤَدُّواْ ٱلۡأَمَٰنَٰتِ إِلَىٰٓ أَهۡلِهَا وَإِذَا حَكَمۡتُم بَيۡنَ ٱلنَّاسِ أَن تَحۡكُمُواْ بِٱلۡعَدۡلِۚ إِنَّ ٱللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُم بِهِۦٓۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ سَمِيعَۢا بَصِيرٗا ﴿٥٨﴾

شۈبھىسىزكى، اللە سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، اللە سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، اللە ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿58﴾.

## ئامانەتنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئامانەتلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار سەمرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ساڭا ئامانەت قويغان كىشىنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلغىن ۋە ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگە خىيانەت قىلمىغىن».

بۇ ئامانەت بەندىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ناماز، زاكات، روزا، كەففارەت، نەزىر ۋە باشقا نەرسىلەردىن ئىبارەت اللە تائالانىڭ ھەقلىرىنى ۋە بەندىلەرنىڭ بىرسى ـ بىرسىگە ئامانەت قويۇشقان نەرسىلەرگە ئوخشاش ئۆزئارا ھەقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقلەرنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇنى بۇ دۇنيادا ئادا قىلمىغان كىشىدىن قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىنىدۇ. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەلۋەتتە، سىلەر ھەقلەرنى ئۇنىڭ ئىگىلىرىگە قايتۇرىسىلەر، ھەتتا مۈڭگۈزسىز قوي ئۈچۈن مۈڭگۈزلۈك قويدىن قىساس ئېلىنىدۇ».

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت توغرىسىدا ئىبنى جۇرەيجنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت ئوسمان ئىبنى تەلھە توغرىسىدا چۈشتى. مەككە پەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن كەبىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، كەبىگە كىردى، قايتىپ چىققان چاغدا: ﴿**شۈبھىسىزكى، اللە سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ... بۇيرۇيدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى

ئوقۇپ چىقتى ۋە ئوسماننى يېنىغا چاقىرىپ، ئاچقۇچنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىدىن: ﴿**شۈبھىسىزكى، اللە سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ... بۇيرۇيدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ چىققاندا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: ئاتام ـ ئانام ئۇنىڭ ئۈچۈن پىدا بولسۇن، مەن ئۇنىڭ بۇ ئايەتنى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىدىم،ـ دېدى.

بۇ ئايەت مۇشۇ ئىش توغرىسىدا چۈشكەنلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ ئايەت مەيلى بۇ ھەقتە چۈشسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن، (بۇنىڭ) ھۆكمى ھەممە كىشىگە ئومۇمىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىيە قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت ياخشى ۋە ئەسكى كىشى ئۈچۈن ئورتاقتۇر، يەنى ئۇ ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئورتاق بۇيرۇقتۇر.

## ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلغانلىقى

﴿**كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ**﴾ يەنى بۇ، اللە تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغان ئايىتىدۇر. شۇڭا مۇھەممەد ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى ئەسلەم ۋە شەھرى ئىبنى ھەۋشەب قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: بۇ ئايەت ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا چۈشكەن ئايەتتۇر.

ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «**اللە** تائالا ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلمىغان ھاكىم بىلەن بىللىدۇر، ئەگەر ئۇ زۇلۇم قىلسا، **اللە** تائالا ئۇنى تاشلاپ قويىدۇ». ئەسەردە مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: بىر كۈن ئادىللىق قىلىش 40 يىل ئىبادەت قىلغان بىلەن ئوخشاشتۇر.

﴿**اللە سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى**﴾ يەنى **اللە** تائالا سىلەرنى ئامانەتنى ئادا قىلىشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا، ئۇنىڭدىن باشقا، **اللە** تائالانىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ھەممە تەرەپتىن تولۇق بولغان شەرىئىتىگە بويسۇنۇشۇڭلارغا بۇيرۇيدۇ. ﴿**اللە ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَأُوْلِي ٱلۡأَمۡرِ مِنكُمۡۖ فَإِن تَنَٰزَعۡتُمۡ فِي شَيۡءٖ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ
وَٱلرَّسُولِ إِن كُنتُمۡ تُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۚ ذَٰلِكَ خَيۡرٞ وَأَحۡسَنُ تَأۡوِيلًا ﴿٥٩﴾

ئى مۆمىنلەر! **اللە** غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا **اللە**

غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴿59﴾.

## ياخشى ئىشلاردا باشلىققا بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى

**﴿الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾**
ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە ئىبنى قەيس ئىبنى ئەدىنى بىر قوشۇنغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەندە (ئۇنىڭ ھەققىدە) چۈشكەن.

ئىمام ئەھمەد ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشۇنغا ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنى باشلىق قىلىپ قويىدى، ئۇلار (يولغا) چىققاندا ئۇ باشلىق بىر ئىش توغرىسىدا ئۇلاردىن ئاغرىنىپ قېلىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇشۇڭلارنى بۇيرۇمىدىمۇ؟ــ دېدى. ئۇلار: شۇنداق،ــ دەپ جاۋاب بەردى. باشلىق (ئۇلارغا): ئوتۇن يىغىڭلار،ــ دېدى. (ئۇتۇنىمۇ يىغىلدى) ئاندىن باشلىق بىر ئوتنى ئېلىپ كېلىپ، ئوتۇننى تۇتاشتۇردى. ئاندىن ئۇ: مەن سىلەرنى ئۇ ئوتقا كىرىشكە بۇيرۇيمەن،ــ دېدى. قوشۇندىكى ئادەملەر ئوتقا كىرمەكچى بولدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ياش بالا ئۇلارغا: سىلەر ھەقىقەتەن ئوتتىن قورقۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىگە قايتقان (يەنى سىلەر ئوتتىن قېچىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن) ئىدىڭلار. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشمىغۇچە (ئوتقا كىرىشكە) ئالدىرىماڭلار، (سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا) ئۇ سىلەرنى ئوتقا كىرىشكە بۇيرۇسا، ئاندىن (ئۇنىڭغا) كىرىڭلار،ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشتىن خەۋەر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوتقا كىرگەن بولساڭلار، مەڭگۈ ئۇنىڭدىن چىقالمايتتىڭلار، بويسۇنۇش پەقەت ياخشى ئىشتا بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ داۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر مۇسۇلمان ئۆز باشلىقىنى ياخشى ياكى يامان كۆرسۇن، (باشلىق) ئۇنى يامان ئىشقا بۇيرۇمىسىلا، باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى ۋە (ئۇنىڭغا) بويسۇنۇشى لازىمدۇر. ئەگەر يامان ئىشقا بۇيرۇلسا، ئۇنىڭ گەپ ئاڭلىشى ۋە بويسۇنۇشى دۇرۇس ئەمەس». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەيپىياتىمىز مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئەھۋالىمىز ياخشى ۋە يامان بولسۇن، ھەرقانداق ئەھۋالدا بويسۇنۇشقا، ئۇنى ھۆرمەتلەشكە، چوڭ كۆرۈشكە ۋە بىر ئىشنى (باشلىقلىقنى) ئۇنىڭغا لاياقىتى بار كىشىدىن تالاشماسلىققا بەيئەت قىلدۇق. پەيغەمبەر

ئەلەيهسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر باشلىققا لاياقىتى بار كىشىلەرنىڭ كۆپۈرلۈكىغا الله تەرىپىدىن ئۇچۇق پاكىت بولغاندا (يەنى ئاشكارا كۇپۇرلۇقنى ئۇنىڭدا كۆرگەن ۋاقىتلاردا)، ئۇنىڭدىن باشلىقلىقنى تالاشساڭلار بولىدۇ»[1].

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرگە بېشى قۇرۇق ئۈزۈمدەك كىچىك ھەبەشلىك (يەنى نېگىر) قۇل باشلىق قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) بويسۇنۇڭلار».

ئىمام مۇسلىم ئۇممۇھۇسەيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەجدە تەبلىغ قىلىپ، مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «سىلەرگە الله تائالانىڭ كىتابى بىلەن يېتەكلەيدىغان بىر قۇل باشلىق قىلىنسىمۇ، (ئۇنىڭ گېپىگە) قۇلاق سېلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) بويسۇنۇڭلار» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى: «ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى كېسىك ھەبەشلىك (نېگىر) قۇل بولسىمۇ..».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا بويسۇنغان كىشى ھەقىقەتەن الله تائالاغا بويسۇنغان بولىدۇ، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان كىشى ھەقىقەتەن الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. مەن باشلىق قىلىپ قويغان كىشىگە بويسۇنغان كىشى ھەقىقەتەن ماڭا بويسۇنغان، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان كىشى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ».

**﴿الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾** يەنى الله تائالانىڭ كىتابىغا ئەگىشىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى تۇتۇڭلار، ئۆزەڭلاردىن بولغان باشلىقلار سىلەرنى الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشقا ئەمەس، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇسا (ئۇلارغا) بويسۇنۇڭلار. چۈنكى، الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئىشلاردا مەخلۇققا بويسۇنۇش دۇرۇس ئەمەس.

## ھەرقانداق ئىش ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالغاندا قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتىشنىڭ مۇھىملىقى

**﴿ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار﴾** مۇجاھىد ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر بىر نەرسە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالساڭلار، الله تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ سۈننىتىگە قايتىڭلار. بۇ، الله تائالانىڭ كىشىلەر تالاش ـ تارتىش قىلغان ھەرقانداق مەسىلىدە (مەيلى ئۇ دىنىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىسى

(1) يەنى مۇسۇلمان باشلىقتا دىندا چوڭ خاتالىق ھېسابلىنىدىغان، كۇپۇرغا ئېلىپ بارىدىغان بىر ئىشنى كۆرۈپ قالمىغىچە بويسۇنۇش لازىم، ئەگەر ئۇنىڭدا كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان خاتالىق ئېنىق كۆرۈلسە، ئۇنىڭغا بويسۇنمىسىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشلىقلىقنى تالاشسىمۇ بولىدۇ.

ياكى قوشۇمچە، ئاددىي مەسلىسى بولسۇن، تالاش ـ تارتىش قىلىنىپلا قالسا) قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتىشى توغرىسىدىكى بۇيرۇقىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتىش توغرىسىدا) مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر (دىن ئۇستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۇستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾[1].

كىتاب ۋە سۈننەت بىرەر نەرسىگە ھۆكۈم چىقارسا ۋە ئۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ نەرسە ھەقتۇر. بۇ ھەقتىن باشقا ھەقىقەت يوقتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار﴾** بۇ ئايەت، تالاش ـ تارتىش بولۇپ قالغاندا قۇرئان ۋە سۈننەتكە قايتمىغان كىشىنىڭ الله تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ھەقىقىي ئىشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. **﴿بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر﴾**.

**﴿نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾** سۇددى ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشىدۇر. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى ياخشىدۇر. بۇ ئىككى مەنە مەزمۇن جەھەتتە پەرقلەنمەيدۇ.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ ءَامَنُوا۟ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَن
يَتَحَاكَمُوٓا۟ إِلَى ٱلطَّـٰغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوٓا۟ أَن يَكْفُرُوا۟ بِهِۦ وَيُرِيدُ ٱلشَّيْطَـٰنُ أَن يُضِلَّهُمْ ضَلَـٰلًۢا
بَعِيدًا ﴿٦٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا۟ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ رَأَيْتَ ٱلْمُنَـٰفِقِينَ
يَصُدُّونَ عَنكَ صُدُودًا ﴿٦١﴾ فَكَيْفَ إِذَآ أَصَـٰبَتْهُم مُّصِيبَةٌۢ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ
ثُمَّ جَآءُوكَ يَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ إِنْ أَرَدْنَآ إِلَّآ إِحْسَـٰنًا وَتَوْفِيقًا ﴿٦٢﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَعْلَمُ ٱللَّهُ
مَا فِى قُلُوبِهِمْ فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَعِظْهُمْ وَقُل لَّهُمْ فِىٓ أَنفُسِهِمْ قَوْلًۢا بَلِيغًا ﴿٦٣﴾

ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ﴿60﴾. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: «الله نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن﴿61﴾. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلار بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ الله بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟﴿62﴾ ئەنە شۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (يالغان ئېيتىدۇ)، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى مۇناپىقلىقىنى، مىكرىنى) بىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن﴿63﴾.



(1) شۇرا سۈرىسى 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكمىدىن باشقا ھۆكۈمنى قوبۇل قىلغان كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكى

﴿ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ﴾ بۇ ئايەتتە الله تائالا، ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن نەرسىگە (كىتابقا) ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا الله تائالانىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىن باشقا[1] بىر نەرسىگە ئېسىلماقچى بولغان كىشىنى ئەيىبلىدى. بۇ ئەيىبلەش ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبلىرىنى بايان قىلغان رىۋايەتلەردە بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئايەت ئەنسارىلىق ۋە يەھۇدىيدىن ئىبارەت تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالغان ئىككى كىشى توغرىسىدا چۈشكەن. يەھۇدىي: مەن بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا مۇھەممەد ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ـ دەيدۇ. ئەنسارىمۇ: مەن بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا كەئب ئىبنى ئەشرەف ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ـ دەيدۇ.

بۇ ئايەت ئىسلامنى تىلىدا ئاشكارا قىلغان، ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى زاماننىڭ ھاكىملىرىغا ھۆكۈم قىلدۇرماقچى بولغان بىر تۈركۈم مۇناپىقلار توغرىسىدا چۈشتى دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا رىۋايەتلەر بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئايەت ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. چۈنكى، ئايەت قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ قانۇنلىرىدىن چىقىپ، ئۇنىڭدىن باشقا (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئېلىپ كېلەلمەيدىغان) ناتوغرا قانۇنلارغا ئېسىلغان ھەرقانداق كىشىنى ئەيىبلەپ كەلگەن. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ﴾.

﴿مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن﴾ يەنى ئۇلار سەندىن مۇتەكەببىرلەرگە ئوخشاش يۈز ئۆرۈيدۇ. الله تائالا بۇ مەزمۇندا مۇشرىكلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلارغا: «الله نازىل قىلغان نەرسە (يەنى قۇرئان) غا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ﴾[2] مانا بۇلار، الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە سۈپەتلەپ كەلگەن مۆمىنلەرنىڭ ئەكسىدۇر. الله تائالا مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[3].

(1) قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئاساس قىلغان باشقا ئىسلام مەنبەلىرىنىڭ ھۆكۈملىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.
(2) لوقمان سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نۇر سۈرىسى 51 ـ ئايەت.

# مۇناپىقلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

ﷲ تائالا مۇناپىقلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۆز بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ ﷲ بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: «بىز پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق» دېگەنلەرنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟**﴾ يەنى سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ، ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا: ھۆكۈم قىلىشتا سەندىن باشقا بىرسىنىڭ قېشىغا بېرىشىمىزدا، ئۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپ ئەمەس، پەقەت ياخشىلىق ۋە يارىشىشنىلا ئىرادە قىلغان ئىدۇق، ـ دەپ ئۆزرە ئېيتقانلارنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر؟

ﷲ تائالا بۇلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن، ﷲ (رەسۇلۇللاغا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (يەنى مەككىنى فەتھە قىلىشنى) ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (يەنى مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ﴾[1].

تەبەرانىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەرزە ئەسلەمە دېگەن كىشى يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە (ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تالىشىپ قالغان نەرسىسىدە) ھۆكۈم قىلىدىغان بىر داخان ئىدى. مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالغان بىر مەسىلە ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا باردى. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ...**﴾.

﴿**ئەنە شۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (يالغان ئېيتىدۇ)، ﷲ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى مۇناپىقلىقنى، مىكرىنى) بىلىدۇ**﴾ بۇ مۇناپىقلار بولۇپ، ﷲ تائالا مۇناپىقلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلگۈچى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن جازالىغۇچىدۇر. چۈنكى، ھېچقانداق نەرسە ﷲ تائالاغا يوشۇرۇن ئەمەس. ئى مۇھەممەد! ساڭا ئۇلار توغرىسىدا مۇشۇلار يېتەرلىكتۇر. ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ ئىچى ـ تېشىنى ھەقىقىي بىلگۈچىدۇر. شۇڭا ﷲ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن**﴾ يەنى سەن ئۇلارنى دىللىرىغا يوشۇرغان مۇناپىقلىق ۋە يامان نىيەتلىرىدىن توسقىن، ﴿**ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن**﴾.

* * * * * *

---

(1) مائىدە سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

وَمَآ أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَلَوْ أَنَّهُمْ إِذ ظَّلَمُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ جَآءُوكَ فَٱسْتَغْفَرُوا۟ ٱللَّهَ وَٱسْتَغْفَرَ لَهُمُ ٱلرَّسُولُ لَوَجَدُوا۟ ٱللَّهَ تَوَّابًا رَّحِيمًا ﴿٦٤﴾ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا۟ فِىٓ أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا۟ تَسْلِيمًا ﴿٦٥﴾

بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق الله غا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، ساڭا كېلىپ الله دىن مەغپىرەت تىلىسە، پەيغەمبەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار الله نى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى﴿64﴾. (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە ـ تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴿65﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى

**﴿بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق الله غا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)﴾** يەنى مەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىلەرگە پەرز قىلدىم. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: (ئۇنىڭغا) بويسۇنىدىغان كىشى پەقەت مېنىڭ رۇخسىتىم بىلەنلا بويسۇنىدۇ.

الله تائالا ئاسيي، گۇناھكارلارغا (ئۇلارنىڭ) قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (سېنىڭ ھۆكمىڭنى قوبۇل قىلماي) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغاندا، ساڭا كېلىپ الله دىن مەغپىرەت تىلىسە، پەيغەمبەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار الله نى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان تاپاتتى﴾**.

## بىر ئىنساننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە چىن قەلبىدىن رازى بولمىغۇچە ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدىغانلىقى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە ـ تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە﴾** بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى مۇناپىقلارغىلا خاس بولۇپ قالماستىن، بەلكى بارلىق كىشىلەرگە ئومۇمىيدۇر.

ئىمام بۇخارى ئۇرۋەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زۇبەير بىر كىشى بىلەن (مەدىنىدىكى) ھەررە دېگەن يەردىن ئاقىدىغان كىچىك بىر ئېرىق توغرىسىدا جېدەللىشىپ قالدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى زۇبەير! سەن (يېرىڭنى بالدۇر) سۇغارغىن،

ئاندىن سۈنى قوشناڭغا (يەنى ھېلىقى كىشىگە) بەرگىن» دېدى. ئەنسارىلىق (ھېلىقى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! (سېنىڭ زۇبەيرگە سۈنى بالدۇر بېرىشىڭ) ئۇ سېنىڭ ھاما ئاچاڭنىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟- دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاندىن زۇبەيرگە: «ئى زۇبەير! سەن (يېرىڭنى بالدۇر) سۇغارغىن، سۈنى تاكى قىرلارغا چىققىچە تۇتۇپ تۇر (يەنى تازا قاندۇرۇپ سۇغارغىن)، ئاندىن سۈنى قوشناڭغا بەرگىن» دېدى. زۇبەيرنىڭ ھەققىنى ئەنسارىلىق كىشى تۇتۇۋالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوچۇق بولغان ھۆكۈم بىلەن ئۇنى تولۇق ئېلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بۇرۇن) ئۇ ئىككىسىگە پايدىلىق بىر ئىشنى كۆرسەتكەن ئىدى. زۇبەير مۇنداق دېدى: مەن بۇ ئايەتنى مۇشۇ ئىش توغرىسىدا چۈشتىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن.

(يەنە بىر سەۋەب) ھافىز ئەبۇئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى دۇھەيم دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە زەمرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىككى كىشى جېدەللىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۆكۈمنى ھەق ئىگىسىگە چىقاردى. قارشى تەرەپ: مەن (بۇ ھۆكۈمگە) رازى بولمايمەن، - دېدى. ئۇنىڭ ھەمراھى (يەنى قارشى تەرەپتىكى ھەقلىق كىشى): ئۇنداق بولسا قانداق قىلىشنى خالايسەن؟- دەپ سورىدى. ئۇ: ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا بارىمىز، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭ ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا باردى. ھەقلىق كىشى ئەبۇبەكرىگە: بىز جېدەللىشىپ قېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغان ئىدۇق، ئۇ مېنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىمگە ھۆكۈم قىلدى. ئەمما قارشى تەرەپ ئۇ ھۆكۈمگە رازى بولمىدى، - دېدى. ئەبۇبەكرى: سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقارغان ھۆكۈمگە بويسۇنۇڭلار، - دېدى (يەنى مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقارغاندەك ھۆكۈم قىلىمەن). قارشى تەرەپ ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىماي: ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قېشىغا بارىمىز، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ھەقلىق كىشى (ئۆمەرگە): بىز جېدەللىشىپ قېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدۇق، ئۇ مېنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىمگە ھۆكۈم قىلدى. ئۇ (ئۇنىڭغا) رازى بولمىدى، - دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (رازى بولمىغان) كىشىدىن: راستىن رازى بولمىدىڭمۇ، - دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، شۇنداق- دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر ئۆيىگە كىرىپ قىلىچىنى يالىڭاچلىغان ھالەتتە چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىغان كىشىنىڭ بېشىغا بىرلا چېپىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن يۇقىرىقى ئايەت چۈشتى.

*******

وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ ٱقْتُلُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ أَوِ ٱخْرُجُوا۟ مِن دِيَـٰرِكُم مَّا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِّنْهُمْ ۖ
وَلَوْ أَنَّهُمْ فَعَلُوا۟ مَا يُوعَظُونَ بِهِۦ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَشَدَّ تَثْبِيتًا ﴿٦٦﴾ وَإِذًا لَّـَٔاتَيْنَـٰهُم مِّن لَّدُنَّآ أَجْرًا
عَظِيمًا ﴿٦٧﴾ وَلَهَدَيْنَـٰهُمْ صِرَٰطًا مُّسْتَقِيمًا ﴿٦٨﴾ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ مَعَ ٱلَّذِينَ
أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلصِّدِّيقِينَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَٱلصَّـٰلِحِينَ ۚ وَحَسُنَ أُو۟لَـٰٓئِكَ رَفِيقًا ﴿٦٩﴾
ذَٰلِكَ ٱلْفَضْلُ مِنَ ٱللَّهِ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ عَلِيمًا ﴿٧٠﴾

ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولغان بولاتتى)﴿66﴾. ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلاتتۇق﴿67﴾. ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق﴿68﴾. كىملەركى اللّٰه غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) اللّٰه نىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدىگەن ياخشى ھەمراھلار﴿69﴾. بۇ پەزل اللّٰه تەرىپىدىندۇر، اللّٰه (پەزل ـ ئېھسانغا تېگىشلىك بولغانلارنى) بىلىشتە يېتەرلىكتۇر﴿70﴾.

## بۇيرۇلغان ئىشلارغا ئەڭ كۆپ قارشى چىقىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە يامان ئىش قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەردىن خەۋەر بېرىپ، ئەگەر ئۇلارغا شۇ يامان ئىشنى قىلىڭلار دېگەن بولسا، ئۇلارنىڭ شۇ ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ناچار خاراكتېرى بۇيرۇققا قارشى چىقىشقا كۆنۈپ كەتكەن. اللّٰه تائالا بولغان ۋە بولمىغان ئىشلارنى (ئالدىنئالا) بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق دېدى: ﴿**ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى**﴾.

﴿**ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلغان ۋە توسۇلغان ئىشلاردىن يانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى بۇيرۇققا قارشى چىققىنىدىن ۋە توسقان ئىشنى قىلغىنىدىن ياخشى بولاتتى.

﴿**ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى**﴾ سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەڭ مۇستەھكەم ئىشەنچىگە ئېرىشكەن بولاتتى. ﴿**ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلاتتۇق. ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق**﴾.



## اللّٰه تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنغان كىشىنىڭ اللّٰه نىڭ دەرگاھىدىكى ھۆرمەتلىك كىشىلەر بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى

﴿**كىملەركى اللّٰه غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) اللّٰه نىڭ**

**نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ﴿** يەنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان ئىشنى قىلغان، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى توسقان ئىشتىن يانغان كىشىنى الله تائالا جەننىتىگە كىرگۈزىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە، پەيغەمبەرلەردىن دەرىجىسى تۆۋەن بولغان سىددىقلارغا، شېھىتلارغا ۋە كۆرۈنۈشى ۋە قەلبى پاك، ياخشى مۆمىنلەرگە ھەمراھ قىلىدۇ.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى ماختاپ: ﴾**ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار**﴿ دېدى. ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر قانداق پەيغەمبەر كېسەل بولۇپ قالسا، دۇنيادا ھايات قېلىش ياكى ئاخىرەتكە كېتىش ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان كېسىلىدە ناھايىتى قاتتىق بىر ئاۋاز چىقاردى (يەنى ئۇ ئاغرىقتىن قاتتىق ئىنجىقلاپ ياكى چىقراپ كەتتى). مەن ئۇنىڭ: ﴾**پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ**﴿ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭ (دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ ئارىلىقىدا) ئىختىيارىغا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم.

بۇ يەنە بىر ھەدىستىكى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ قېتىم): «ئى الله ! ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ھەمراھلارنىڭ ئىچىدە» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى قىلىپ بولۇپ ۋاپات بولغان ئىدى. دۇرۇت ۋە سالاملارنىڭ كاتتىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

ئىبنى جەرىر سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلىق بىر كىشى غەمكىن ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى پالانچى! سەن ماڭا غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! كاللامدىكى بىر خىيال مېنى غەمكىن قىلىپ قويدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قايسى ئىش؟» دەپ سورىدى. ئۇ: بىز ئەتىگەن ـ كەچتە سېنىڭ قېشىڭغا كېلىپ (ساڭا قاراپ)، بىللە ئولتۇرىمىز. ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى ياكى سەن ۋاپات بولۇپ كەتكەن كۈنى دېمەكچى) سەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قېشىغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىسەن، بىز بولساق، سېنىڭ قېشىڭغا بارالمايمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرمىدى. بۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇ ئايەتنى ئېلىپ كەلدى: ﴾**كىملەركى الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار**﴿ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىغا بىر كىشىنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئايەت بىلەن خۇش بېشارەت بەردى.

بۇ ۋەقەلىك مەسرۇق، ئىكرىمە، ئامىر شەئبى، قەتادە ۋە رەبىيئ ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىندى.

ئەبۇبەكرى ئىبنى مەردەۋەي بۇ ۋەقەلىكنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا بىر يول بىلەن رىۋايەت قىلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! شەكسىزكى، سەن ماڭا ئۆزەمدىن، ئائىلەمدىن ۋە بالىلىرىمدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇرسەن. مەن ئۆيدە (بولغان چاغلىرىمدا) سېنى ئەسلىگىنىمدە، سېنىڭ قېشىڭغا كېلىپ بىر كۆرىۋالمىغىچە پەقەت چىدىيالمايمەن، مېنىڭ ئۆلىدىغىنىمنى ۋە سېنىڭ ئۆلىدىغىنىڭنى ئەسلەپ، ئىككىمىز جەننەتكە كىرسەك، سېنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ قېشىغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىڭنى ئويلىسام، سېنى كۆرەلمەسلىكىمدىن قورقىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇ ئايەت چۈشكىچە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئىمام مۇسلىم رەبىيئ ئىبنى كەئب ئەسلەمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن (بىر كېچىسى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا قونۇپ قالدىم ۋە ئۇنىڭغا تاھارەت سۈيىنى ۋە باشقا ھاجەتلىرىنى ھازىرلاپ بەردىم، ئۇ ماڭا: «بىر نەرسە سورىغىن» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەندىن جەننەتتە ساڭا ھەمراھ بولۇشىمنى سورايمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدىن باشقىسىنى (سورىمامسەن؟)» دېدى. مەن شۇنىلا سورايمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا ھەمراھ بولۇشۇڭ ئۈچۈن) كۆپ سەجدە قىلىش بىلەن ئۆزەڭگە ياردەم تىلىگىن» دېدى (يەنى نامازنى كۆپ ئوقۇساڭ ۋە سەجدىنى ئۇزۇن قىلساڭ، الله تائالا جەننەتتە ماڭا ھەمراھ بولۇشۇڭنى ساڭا نېسىپ قىلىدۇ).

ئىمام ئەھمەد ئەمرى ئىبنى مەررە جۇھەنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن الله دىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە سېنىڭ شەكسىز الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەردىم، بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇدۇم، مال ـ مۈلكىمنىڭ زاكاتلىرىنى ئادا قىلدىم ۋە رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتتۇم، بۇ ئىشلار ئۈچۈن ماڭا قانداق مۇكاپات بېرىلىدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ئاسىيلىق قىلماي بۇ ئىشلارنى قىلىپ ئۆلسە، ئۇ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كاتتىلىرى ۋە شېھىتلار بىلەن بىللە مۇشۇنداق (باراۋەر) بولىدۇ» دەپ ئىككى بارمىقىنى جۈپلىدى.

يەنە بىر ھەدىستە بىر تۈركۈم ساھابىلەرنىڭ مۇنداق رىۋايەت قىلغانلىقى بايان قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورالغان سوئالىغا: «ئىنسان ياخشى كۆرگەن كىشىلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار بۇ سۆزدىن خۇشاللانغاندەك خۇشال بولمىغان ئىدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: شەكسىزكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئەبۇبەكرىنى ۋە ئۆمەرنى ياخشى كۆرىمەن. مەن الله تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە (ئۇلار قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتنى قىلالمىغان بولساممۇ) مېنى ئۇلار بىلەن بىر يەردە تىرىلدۈرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن.

﴿**بۇ پەزل الله تەرىپىدىندۇر**﴾ يەنى بۇ الله تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن الله تەرىپىدىن كەلگەن مەرھەمەتتۇر، ئۇلارنى شۇ مەرھەمەتكە ئىگە قىلغان نەرسە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى ئەمەس، بەلكى الله تائالانىڭ مەرھەمىتىدۇر. ﴿**الله (پەزل ـ ئېھسانغا تېگىشلىك بولغانلارنى) بىلىشتە يېتەرلىكتۇر**﴾ يەنى الله ھىدايەت ۋە غەلىبىگە لايىق بولىدىغان كىشىنى بىلگۈچىدۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ خُذُواْ حِذۡرَكُمۡ فَٱنفِرُواْ ثُبَاتٍ أَوِ ٱنفِرُواْ جَمِيعٗا ﴿٧١﴾ وَإِنَّ مِنكُمۡ
لَمَن لَّيُبَطِّئَنَّ فَإِنۡ أَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةٞ قَالَ قَدۡ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيَّ إِذۡ لَمۡ أَكُن مَّعَهُمۡ شَهِيدٗا ﴿٧٢﴾ وَلَئِنۡ
أَصَٰبَكُمۡ فَضۡلٞ مِّنَ ٱللَّهِ لَيَقُولَنَّ كَأَن لَّمۡ تَكُنۢ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُۥ مَوَدَّةٞ يَٰلَيۡتَنِي كُنتُ مَعَهُمۡ
فَأَفُوزَ فَوۡزًا عَظِيمٗا ﴿٧٣﴾ ۞ فَلۡيُقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يَشۡرُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا
بِٱلۡأٓخِرَةِۚ وَمَن يُقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيُقۡتَلۡ أَوۡ يَغۡلِبۡ فَسَوۡفَ نُؤۡتِيهِ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿٧٤﴾

ئى مۆمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تۈركۈم ـ تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار﴿71﴾. شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) بار، ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت (مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنلىق) كەلسە (ئۇ مۇناپىق) «الله ھەقىقەتەن ماڭا مەرھەمەت قىلدى، چۈنكى، مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە بولمىدىم (بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم)» دەيدۇ ﴿72﴾. ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ پەزلى (غەلىبە ۋە غەنىمەت) يەتسە، گويا سىلەر بىلەن ئۇ (يەنى مۇناپىق) نىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق دوستلۇق يوقتەك، «كاشكى مەن (ئۇرۇشتا) ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە (يەنى غەنىمەتتىن زور نېسىۋىگە) ئېرىشكەن بولاتتىم» دەيدۇ﴿73﴾. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار الله يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجر ئاتا قىلىمىز﴿74﴾.

## مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەندىن ھوشيار تۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقى

﴿**ئى مۆمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تۈركۈم ـ تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار**﴾ الله تائالا

(بۇ ئايەتتە) مۆمىن بەندىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ھوشيار تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ھوشيار تۇرۇش دېگەنلىك، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قورال ۋە سان جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئۇرۇشقا جىق سان بىلەن چىقىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## جىھادقا كېچىكىپ چىقىشنىڭ مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكى

**﴿شۈبھىسىزكى، ئاراڭلاردا ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) بار﴾** مۇجاھىد ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: (بۇ ئايەت) مۇناپىقلار توغرىسىدا چۈشكەن.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇرۇشقا چىقماي قېلىپ قالغانلار﴾** يەنى جىھادقا چىقىشقا كېچىكىپ قالىدۇ (يەنى جىھادقا چىقمايدۇ). ئىبنى جۇرەيج ۋە ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ قىلغىنىدەك ئۆزىنىڭ جىھادقا چىقمىغان ۋە باشقىلارنىمۇ چىقىشتىن توسقانلار كۆزدە تۇتۇلغان.

شۇڭا الله تائالا بىر ھېكمەت ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا يېڭىلىش ياكى شېھىت قىلىنىشتەك بىر مۇسىبەت كەلگەندە، جىھادقا چىقماي قالغان مۇناپىقلارنىڭ دەيدىغان سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر سىلەرگە بىرەر مۇسىبەت (مەغلۇبىيەت ياكى قىرغىنلىق) كەلسە (ئۇ مۇناپىق) «الله ھەقىقەتەن ماڭا مەرھەمەت قىلدى﴾** يەنى مەن ئۇلار بىلەن جەڭ مەيدانىغا بارمىدىم. مۇناپىقلارنىڭ قارىشىچە ئۇرۇش مەيدانىغا بارمىغانلىقى الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېمەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. مۇناپىق سەۋر قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان ئەجىر ياكى شېھىت قىلىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان شېھىتلىكتىن مەھرۇم بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

**﴿چۈنكى، مەن ئۇلار بىلەن (ئۇرۇشتا) بىللە بولمىدىم (بولمىسا ئۆلتۈرۈلگەنلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىم)» دەيدۇ﴾** بۇ مۇناپىقنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسىدۇر. غەنىمەتكە ئېرىشىش مۇناپىقنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانىدۇر.

## جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

الله تائالا مۆمىنلەرنى جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار الله يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن﴾** يەنى (ھەقىقىي مۆمىن) الله تائالانىڭ يولىدا كۇپۇرلۇقى ۋە ئىمانىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ئازغىنە دۇنياغا سېتىۋەتكەن كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلسۇن.

**﴿كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾** يەنى الله تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھەممە كىشى (مەيلى ئۇ ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى يېڭىلىپ ھەممە نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالسۇن) الله تائالانىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب ۋە كۆپ ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىندى: «الله تائالا

ئۆزىنىڭ يولىدا جىهاد قىلغان كىشى ئۈچۈن، ئەگەر الله ئۇنى ۋاپات تاپتۇرسا (يەنى شېهىت قىلسا)، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە، ياكى ئېرىشكەن ئەجرى ۋە ئولجىسى بىلەن ئۆيىگە هايات قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى».

* * * * * * *

وَمَا لَكُمۡ لَا تُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلۡوِلۡدَٰنِ ٱلَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَآ
أَخۡرِجۡنَا مِنۡ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلظَّالِمِ أَهۡلُهَا وَٱجۡعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ وَلِيّٗا وَٱجۡعَل لَّنَا مِن لَّدُنكَ نَصِيرًا ﴿٧٥﴾
ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱلطَّٰغُوتِ فَقَٰتِلُوٓاْ أَوۡلِيَآءَ
ٱلشَّيۡطَٰنِۖ إِنَّ كَيۡدَ ٱلشَّيۡطَٰنِ كَانَ ضَعِيفًا ﴿٧٦﴾

(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاهالىسى زالىم شەهەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاهىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاهىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىهاد قىلمايسىلەر﴿75﴾. مۆمىنلەر الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر﴿76﴾.

## ئاجىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ يولىدا جىهاد قىلىشقا، (مەككىدە) تۇرۇشتىن بىزار بولۇپ كەتكەن ئەرلەر، ئاياللار ۋە كىچىك بالىلار يەنى مەككىدىكى ئاجىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاهالىسى زالىم شەهەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاهىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاهىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىهاد قىلمايسىلەر﴾**.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ۋە ئانام (مەككىدىكى) ئاجىزلارنىڭ ئىچىدە ئىدۇق. الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿مۆمىنلەر الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ﴾** ئاندىن الله مۆمىنلەرنى ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: **﴿شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر﴾**.

* * * * * * *

أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ قِيلَ لَهُمْ كُفُّوٓا۟ أَيْدِيَكُمْ وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقِتَالُ إِذَا
فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَخْشَوْنَ ٱلنَّاسَ كَخَشْيَةِ ٱللَّهِ أَوْ أَشَدَّ خَشْيَةً ۚ وَقَالُوا۟ رَبَّنَا لِمَ كَتَبْتَ عَلَيْنَا ٱلْقِتَالَ لَوْلَآ
أَخَّرْتَنَآ إِلَىٰٓ أَجَلٍ قَرِيبٍ ۗ قُلْ مَتَٰعُ ٱلدُّنْيَا قَلِيلٌ وَٱلْءَاخِرَةُ خَيْرٌ لِّمَنِ ٱتَّقَىٰ وَلَا تُظْلَمُونَ فَتِيلًا ﴿٧٧﴾ أَيْنَمَا
تَكُونُوا۟ يُدْرِككُّمُ ٱلْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِى بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍ ۗ وَإِن تُصِبْهُمْ حَسَنَةٌ يَقُولُوا۟ هَٰذِهِۦ مِنْ عِندِ ٱللَّهِ ۖ
وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌ يَقُولُوا۟ هَٰذِهِۦ مِنْ عِندِكَ ۚ قُلْ كُلٌّ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ ۖ فَمَالِ هَٰٓؤُلَآءِ ٱلْقَوْمِ لَا يَكَادُونَ يَفْقَهُونَ
حَدِيثًا ﴿٧٨﴾ مَّآ أَصَابَكَ مِنْ حَسَنَةٍ فَمِنَ ٱللَّهِ ۖ وَمَآ أَصَابَكَ مِن سَيِّئَةٍ فَمِن نَّفْسِكَ ۚ وَأَرْسَلْنَٰكَ لِلنَّاسِ رَسُولًا ۚ
وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا ﴿٧٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): «(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار» دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا الله (نىڭ ئازابىدىن) قورققاندەك بەلكى، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ): «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)» دېدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (الله دىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)»﴿77﴾. قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ. ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، «بۇ الله دىن بولدى» دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان زەخمەتكە ئۇچرىسا، «بۇ سەندىن (يەنى سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكىمىزدىن) بولدى» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، «(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى الله تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى الله ياراتقاندۇر)». بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن، ئۇلار ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ﴿78﴾. (ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) الله تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر. (ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز (پۈتۈن) ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) شاھىتلىققا الله يېتەرلىكتۇر﴿79﴾.



## ئۇرۇشنىڭ كېچىكىپ پەرز قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە مالامەت قىلىنغانلىقى

مۆمىنلەر ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە (مەككىدىكى چاغلىرىدا) ناماز ئوقۇشقا، (ئۆز ئىچىدىكى پېقىرلارغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن مال - مۈلكى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن

بولىسمۇ) زاكات بېرىشكە، مۇشرىكلارنى (ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماي) كەچۈرۈۋېتىشكە ۋە مەلۇم ۋاقىتقىچە ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىشكە بۇيرۇلغان ئىدى. ئۇلار (ئىسلامغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن كاپىرلار تەرىپىدىن) كۆيدۈرۈلەتتى. ئۇلار دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ (دىللىرىغا) قانائەت تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلۇشنى ياخشى كۆرەتتى. نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن (ئۇلار ئۇ چاغدا) ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلمىغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى: ئۇلارنىڭ سانىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ سانىغا قارىغاندا ئاز بولۇشى؛ يەنە بىرى: ئۇلار ھەرەم شەھىرىدە، يەنى زېمىندىكى جايلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان (ئۆزلىرىنىڭ) مەككە شەھىرىدە بولغانلىقى ئىدى. يەنى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى جىھاد قىلىشقا يار بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇلار (مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ) ياشايدىغان شەھەر ۋە ياردەمچىلەر ھازىرلانغاندىن كېيىن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدى.

ئۇلار (ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلۇشنى ياخشى كۆرگىنى بىلەن) ئۇرۇشقا راستىنلا بۇيرۇلغاندا، (ئۇلاردىن) بەزىسى يېنىۋالدى (يەنى ئۇرۇش قىلمىدى). دۈشمەنلەر بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشتىن قورقۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**«پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟)»**﴾ يەنى نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ پەرز بولۇشىنى باشقا ۋاقىتقا كېچىكتۈرۈۋەتمىدىڭ؟ چۈنكى، ئۇنىڭدا قان تۆكۈش، بالىلارنى يېتىم قويۇش ۋە ئاياللارنى تۇل قالدۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿مۆمىنلەر (جىھادنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن): «نېمىشقا (جىھاد ئەمرى قىلىنغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى؟» دەيدۇ، جىھاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ساڭا ئۆلۈمدىن قورقۇپ) ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مەككىدىكى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز مۇشرىك چېغىمىزدا ئەزىز ئىدۇق، ئىمان ئېيتقاندا بولسا، خار بولۇپ قالدۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مەن كەچۈرۈشكە بۇيرۇلدۇم، سىلەر كىشىلەر بىلەن (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇش قىلماڭلار» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، الله تائالا ئۇنى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى. لېكىن ئابدۇراھمان ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ئۇرۇش قىلىشتىن ئۆزلىرىنى تارتتى، ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): «(ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار» دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) بۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا الله (نىڭ ئازابىدىن) قورققاندەك بەلكى، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ): «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمە ئۈچۈن جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز يەتكۈچە تەخىر**

**قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمسەك بولماسمىدى؟)» دېدى...﴾**.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (الله دىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر﴾** يەنى تەقۋادار كىشىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۇنىڭ دۇنيالىقىدىن ياخشىدۇر. ﴿**سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)»﴾** يەنى سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن كېمەيتىلىپ (سىلەرگە قىلچە) زۇلۇم قىلىنمايدۇ. بەلكى، سىلەر ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق ئالىسىلەر. مانا بۇ، ئۇلارنى دۇنياغا بېرىلمەسلىككە ئۈندەپ ئاخىرەتكە ۋە جىھاد قىلىشقا قىزىقتۇرۇشتۇر.

## ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقى

﴿**قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ﴾** يەنى سىلەر چوقۇم ئۆلىسىلەر، ئۆلۈمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ﴾[1] ﴿ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر﴾[2].

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى (ئىنسانلاردىن) ھېچكىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق، سەن ئۆلسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ياشامدۇ؟ (بۇنداق بولۇش ھەرگىزمۇ ئۇلارغا مۇيەسسەر بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ)﴾[3] يەنى ھەممە كىشى شەكسىز ئۆلىدۇ، ئۇ مەيلى جىھاد قىلسۇن ياكى جىھاد قىلمىسۇن، ھېچقانداق نەرسە ئۇنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. چۈنكى، ھەر بىر كىشىنىڭ بېكىتىلىپ كەتكەن ئەجىلى بار (ئەجەل قاچان توشسا، شۇ چاغدا چوقۇم ئۆلىدۇ).

خالىد ئىبنى ۋەلىد سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا (بۇ ھەقتە) مۇنداق دېگەن ئىدى: ئەلۋەتتە مەن پالانى ـ پالانى ئۇرۇشلارغا قاتناشتىم، مېنىڭ تېنىمدىكى ھەر بىر پارچە ئۈستىخىنىمدا نەيزىنىڭ ياكى ئوقيانىڭ ئىزى بار، ئەمدىلىكتە مەن كۆرپەمنىڭ ئۈستىدە سەكراتتا ياتىمەن، قورقۇنچاقلارنىڭ كۆزلىرىگە قورققانلىقتىن ئۇيقۇ كەلمىسۇن!

## مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يامان پال ئېلىشى

﴿**ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە﴾** يەنى مۇناپىقلارغا مولچىلىق، مېۋە، زىرائەت ۋە بالا قاتارلىق رىزىق بېرىلسە، (بۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەبۇئالىيە ۋە سۇددى قاتارلىقلارنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر) ئۇلار: ﴿**«بۇ الله دىن بولدى» دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان زەخمەتكە ئۇچرىسا﴾** يەنى ئەبۇئالىيە ۋە سۇددى قاتارلىقلار دېگەنگە ئوخشاش ئۇلارغا قۇرغاقچىلىق، مېۋە ۋە زىرائەتلەرنىڭ كەملەپ كېتىشى ياكى باللىرىنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(2) رەھمان سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئۇلار: ﴿«بۇ سەندىن (يەنى سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكىمىزدىن) بولدى» دەيدۇ﴾ يەنى بۇ سېنىڭ تەرىپىڭدىن، بىزنىڭ ساڭا ئەگەشكەنلىكىمىز ۋە سېنىڭ دىنىڭغا بويسۇنغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدىندۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە پىرئەۋننىڭ ئادەملىرىدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق ـ مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى دەيدۇ﴾[1] ﴿بەزىلەر **الله** غا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ﴾[2].

شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلامنى يامان كۆرۈپ، كۆرۈنۈشتە ئىسلامغا كىرگەن مۇناپىقلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. ئۇلارغا بىر يامانلىق يەتسە، ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكىدىن كۆرىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئېيتقىنكى، «(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى الله تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسنى الله ياراتقاندۇر)»﴾** يەنى (ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى **الله** تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. **الله** تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ياخشى، يامان، مۆمىن، كاپىرنىڭ ھەممىسگە ئورتاقتۇر.

**الله** تائالا سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) الله تەرىپىدىندۇر﴾** بۇنىڭدىن بارلىق ئىنسان كۆزدە تۇتۇلغان. **﴿ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، **الله** نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)﴾[3].

سۇددى، ھەسەنبەسرى، ئىبنى جۇرەيج ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار: **﴿ئۆزەڭدىندۇر﴾** دېگەن، سېنىڭ گۇناھىڭنىڭ سەۋەبى بىلەندۇر دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۆزەڭدىندۇر﴾** دېگەن، ئى ئادەمنىڭ بالىسى! سېنىڭ گۇناھىڭنىڭ سەۋەبى بىلەن سېنى ئازابلاش ئۈچۈندۇر دېگەنلىك بولىدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز (پۈتۈن) ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾** يەنى سەن ئىنسانلارغا **الله** تائالانىڭ شەرىئىتىنى، **الله** ياخشى كۆرىدىغان، رازى بولىدىغان، **الله** يامان كۆرىدىغان ۋە قىلىشقا يول قويمايدىغان ئىشلارنى يەتكۈزىسەن.

**﴿(سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) شاھىتلىققا الله يېتەرلىكتۇر﴾** يەنى **الله** تائالا سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھچىدۇر. سەن ئۇلارغا يەتكۈزگەن ئىشلارنى بىلگۈچىدۇر.

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 131 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھەج سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بويۇنتاۋلىق ۋە كۇپۇرلۇق قىلىپ، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمىغانلارنىمۇ بىلگۈچىدۇر.

*******

مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ ٱللَّهَ ۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرْسَلْنَـٰكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا ﴿٨٠﴾ وَيَقُولُونَ طَاعَةٌ فَإِذَا بَرَزُوا۟ مِنْ عِندِكَ بَيَّتَ طَآئِفَةٌ مِّنْهُمْ غَيْرَ ٱلَّذِى تَقُولُ ۖ وَٱللَّهُ يَكْتُبُ مَا يُبَيِّتُونَ ۖ فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ وَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿٨١﴾

كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ الله غا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى، پەيغەمبەر الله نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق﴿80﴾. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلدۇق» دەيدۇ، سېنىڭ يېنىڭدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ (يەنى ئەمرىڭگە خىلاپلىق قىلىدۇ)، الله ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتكەنلىرىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ (يەنى پەرىشتىلەرنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ). سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن) يەنى كەچۈرگىن)، الله غا تەۋەككۇل قىلغىن (تەۋەككۇل قىلغۇچىغا) الله نىڭ ھامىيلىقى يېتەرلىكتۇر﴿81﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇشنىڭ الله تائالاغا بويسۇنۇش بولىدىغانلىقى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنداق خەۋەر بەردى: ئۇنىڭغا بويسۇنغان ئادەم، ھەقىقەتەن الله تائالاغا بويسۇنغان بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەم، ھەقىقەتەن الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئۆز نەپسى - خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ماڭا بويسۇنسا، ئۇ جەزمەن الله غا بويسۇنغان بولىدۇ. كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ جەزمەن الله غا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. كىمكى باشلىققا بويسۇنسا (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن بولغان، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان باشلىققا بويسۇنسا) ئۇ جەزمەن ماڭا بويسۇنغان بولىدۇ. كىمكى باشلىققا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ جەزمەن ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ**

**ئەۋەتمىدۇق﴾** يەنى سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت (مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمنى) يەتكۈزۈش، كىمكى ساڭا ئەگەشسە، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ ۋە (دوزاختىن) قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ساڭا ئەجرى بېرىلىدۇ. كىمكى سەندىن يۈز ئۆرۈسە، (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتىدۇ، ساڭا ئۇنىڭ يامان ئەمەللىرىدىن ھېچقانداقلىقى يېزىلمايدۇ. ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنسا، جەزمەن توغرا يولنى تاپقان بولىدۇ. كىمكى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، شەكسىزكى، ئۇ ئۆزىگە زىيان كەلتۈرگەن بولىدۇ».

## مۇناپىقلارنىڭ ئەخمەقلىقى توغرىسىدا

الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلىدۇق» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قوشۇلغانلىقىنى ۋە بويسۇنغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ.

**﴿سېنىڭ يېنىڭدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ (يەنى ئەمرىڭگە خىلاپلىق قىلىدۇ)﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يوشۇرغان نەرسىسىنى، يەنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنغانلىقىنى ۋە قوشۇلغانلىقىنى ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبەرگە قارشىلىق ۋە ئاسىيلىق قىلىشقا كېچىدە ئۆزئارا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئۇلارغا تەھدىت سالماقتا.

الله تائالا بۇ ھەقتە (يەنى ئۇلارنىڭ بويسۇنغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ قويۇپ كېيىن ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دەيدۇ: ﴿(مۇناپىقلار) «الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۆمىن ئەمەس﴾[1].

**﴿سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن) يەنى كەچۈرگىن)﴾** يەنى ئۇلارغا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنى جازالىمىغىن، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كىشىلەرگە ئاشكارىلىمىغىن ۋە يەنە ئۇلاردىن قورقۇپ كەتمىگىن. **﴿الله غا تەۋەككۈل قىلغىن (تەۋەككۈل قىلغۇچىغا) الله نىڭ ھامىيلىقى يېتەرلىكتۇر﴾**.

* * * * * *

أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ وَلَوْ كَانَ مِنْ عِندِ غَيْرِ ٱللَّهِ لَوَجَدُوا۟ فِيهِ ٱخْتِلَٰفًا كَثِيرًا ﴿٨٢﴾ وَإِذَا
جَآءَهُمْ أَمْرٌ مِّنَ ٱلْأَمْنِ أَوِ ٱلْخَوْفِ أَذَاعُوا۟ بِهِۦ ۖ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى ٱلرَّسُولِ وَإِلَىٰٓ أُو۟لِى ٱلْأَمْرِ مِنْهُمْ

(1) شۇرا سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

لَعَلِمَهُ ٱلَّذِينَ يَسۡتَنۢبِطُونَهُۥ مِنۡهُمۡۗ وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ لَٱتَّبَعۡتُمُ ٱلشَّيۡطَٰنَ إِلَّا قَلِيلٗا ﴿٨٣﴾

ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) الله دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى﴿82﴾. (مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۆمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ مەرھەمىتى ۋە پەزلى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار﴿83﴾.

## قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى

الله تائالا ئۇلارنى قۇرئان ئۈستىدە ئويلىنىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ ئوچۇق مەنىلىرىنى ۋە چوڭقۇر پىكىرلىرىنى چۈشىنىشتىن (ئۇلارنىڭ) يۈز ئۆرۈشىنى توسۇپ، ئۇ ھېكمەتلىك، مەدھىيىلەنگۈچى (الله ) تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا (بىر ئايەت بىلەن يەنە بىر ئايەتنىڭ ئارىلىقىدا) زىددىيەت ۋە ئىختىلاپنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇلارغا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)﴾[1].

**﴿ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) الله دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى﴾** يەنى بۇنىڭدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوقتۇر، بۇ الله تەرىپىدىندۇر.

الله تائالا ئىلىمدە توشقانلارنىڭ بۇ (قۇرئان) نىڭ الله تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ﴾[2] يەنى قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى مۇتەشابىھ (مەنىسى ئېنىق بولمىغان) ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەقتۇر.

ئىلىمدا توشقانلار بۇ ئايەتلەرنى مۇھكەم (مەنىسى ئېنىق بولغان) ئايەتلەرگە قاراپ چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېزىپ كەتمەيدۇ. ئەمما دىللىرىدا ئەگرىلىك بار كىشىلەر مۇھكەم (مەنىسى ئېنىق بولغان) ئايەتلەرنى مۇتەشابىھ (مەنىسى ئېنىق بولمىغان) ئايەتلەرگە قاراپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا الله تائالا ئىلىمدا توشقانلارنى ماختىدى، دىللىرىدا ئەگرىلىك بارلارنى ئەيىبلىدى.

(1) نۇر سۈرىسى 47 ـ ئايەت.
(2) مۇھەممەد سۈرىسى 24 ـ ئايەت.

ئىمام ئەھمەد ئەمرى ئىبنى شۇئەيبتىن ئۇنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ۋە ئىبرىنىدىشىم ئىككىمىز (ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭا بىر قىزىل تۆگە بەرسىمۇ تېگىشمەيدىغان) بىر مۇنازىرە سورۇنىدىن قايتىپ كېلىۋاتساق، بىر تۈركۈم كاتتا ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇشۇپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىنى كېسىپ ئۆتۈشنى يامان كۆرۈپ، بىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردۇق. توساتتىن ئۇلار قۇرئاننىڭ بىر ئايىتىنى ئوقۇپ، ئۇ توغرۇلۇق تالاش - تارتىش قىلىشىپ قالدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى يۇقىرى چىقىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلانغان ھالەتتە چىقىپ كەلدى، ئاچچىقتىن ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۇلارغا توپا چېچىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئادەملەر! ئۆزەڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن قارشىلاشقانلىقى، ئۇلارغا نازىل قىلىنغان كىتابلارنىڭ بەزى جايلىرى بىلەن بەزى جايلىرىنى قارىمۇ قارشى قىلغانلىقى ئۈچۈن (يەنى بۇ يەر بىلەن ئۇ يەر قارىمۇ قارشىمىكىن دېگەنلىكى ئۈچۈن) ھالاك قىلىنغان ئىدى، قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرى بەزى ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن چۈشمىدى، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرى بەزى ئايەتلىرىنى راستقا چىقىرىدۇ. سىلەر ئۇنىڭ ئىچىدىن بىلگىنىڭلارغا ئەمەل قىلىڭلار، بىلمىگىنىڭلارنى بىلىدىغان كىشىلەردىن سوراڭلار».

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بىر كۈنى چۈشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردىم. بىز ئولتۇرغان ئىدۇق، توساتتىنلا ئىككى كىشى بىر ئايەت توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىپ ئاۋازلىرى بارغانچە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەكسىزكى، سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن كىتابىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن ھالاك قىلىنىپ كەتكەن» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

## بىر خەۋەرنى تولۇق ئېنىقلىماي تۇرۇپ تارقىتىشتىن توسۇش توغرىسىدا

**﴿(مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ﴾ الله** بۇ ئايەتتە ھەر قانداق ئىشنى ياخشى ئېنىقلاشتىن بۇرۇن (ئۇنى) تارقاتقان كىشىنى ئەيىبلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ خەۋەرنىڭ توغرا بولماسلىق ئېھتىمالىمۇ بار.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشىنىڭ ئاڭلىغان گېپىنىڭ ھەممىسىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ يالغانچىلىقىغا يېتەرلىكتۇر».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇغىرە ئىبنى شۇئبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقمىش - بۇنداقمىش دېيىشتىن توستى».

سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «كىمكى بىر سۆزنى يالغانمىكىن دەپ تۇرۇپ سۆزلىسە، ئۇ يالغانچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ».

بىز بۇ يەردە: "ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ" دېگەن گەپ يەتكەندە، ئۇنىڭ دېگەن سۆزىنى بايان قىلىمىز. ئۆمەرگە ئۇ سۆز يەتكەندە، ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ مەسچىتكە كىرىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭمۇ شۇ سۆزنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. ئۇ چىداپ تۇرالماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت سورايدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: سەن ئاياللىرىڭنى تالاق قىلىۋەتتىڭمۇ؟ - دەپ سورايدۇ. پەيغەمبىرىمىز: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۆمەر: "الله ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ.

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: سەن ئۇلارنى تالاق قىلىۋەتتىڭمۇ؟ - دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن مەن مەسچىتنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋەتمەپتۇ، - دەپ ۋاقىرىدىم. شۇ چاغدا بۇ ئايەت چۈشتى: ﴿**(مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىققا ياكى قورقۇنچقا ئائىت بىرەر خەۋەر ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ...**﴾. ئۆمەر: مەن شۇ ئىشنى ئېنىقلاپ چىققۇچى بولدۇم، - دېدى.

﴿**سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى مۆمىنلەردىن باشقىڭلار، ئەلۋەتتە شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتى.

* * * * * * *

فَقَٰتِلۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفۡسَكَۚ وَحَرِّضِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ عَسَى ٱللَّهُ أَن يَكُفَّ بَأۡسَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ
وَٱللَّهُ أَشَدُّ بَأۡسٗا وَأَشَدُّ تَنكِيلٗا ﴿٨٤﴾ مَّن يَشۡفَعۡ شَفَٰعَةً حَسَنَةٗ يَكُن لَّهُۥ نَصِيبٞ مِّنۡهَاۖ وَمَن
يَشۡفَعۡ شَفَٰعَةٗ سَيِّئَةٗ يَكُن لَّهُۥ كِفۡلٞ مِّنۡهَاۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ مُّقِيتٗا ﴿٨٥﴾ وَإِذَا حُيِّيتُم بِتَحِيَّةٖ
فَحَيُّواْ بِأَحۡسَنَ مِنۡهَآ أَوۡ رُدُّوهَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ حَسِيبًا ﴿٨٦﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۚ لَيَجۡمَعَنَّكُمۡ
إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ فِيهِۗ وَمَنۡ أَصۡدَقُ مِنَ ٱللَّهِ حَدِيثٗا ﴿٨٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) **الله** نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە). سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋابكارسەن، مۆمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن، **الله** نىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر. **الله** نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، **الله** نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر﴿84﴾. كىمكى (كىشىلەر ئارىسىدا) ياخشى (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى ياخشى ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ؛ كىمكى بىر يامان (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى يامان ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ. **الله** ھەممە ئىشقا قادىردۇر﴿85﴾ سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالام ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار) ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن

قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار). **الله** ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن (يەنى بەندىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدىن) ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿86﴾. **الله** دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. **الله** شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا) جەزمەن يىغىدۇ. **الله** دىنمۇ توغرا سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى سۆزىدە، ۋەدىسىدە **الله** دىنمۇ سادىق ھېچكىم يوق)﴿87﴾.

## الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى جەڭگە يالغۇز چىقىشقا بۇيرۇغانلىقى

**الله** تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جەڭگە يالغۇز چىقىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋابكارسەن**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بەرا ئىبنى ئازىبتىن: يالغۇز بىر كىشى يۈز دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلسا، ئۇ كىشى **الله** تائالانىڭ: ﴿**ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار**﴾[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالارمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. بەرا ئىبنى ئازىب: ياق، چۈنكى، **الله** تائالا پەيغەمبىرىنى يالغۇز ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە). سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋابكارسەن، مۆمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن**﴾ دېگەن، ـ دېدى. كىمكى جىھادتىن يۈز ئۆرۈسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېچقانداق گۇناھ يوق. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە). سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋابكارسەن**﴾.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بەرادىن: ئۆزىنى مۇشرىكلارنىڭ ئىچىگە ئاتقان (يەنى ئۆزى يالغۇزلا بىر نەچچە مۇشرىكقا ھۇجۇم قىلغان) كىشى ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ: ياق، چۈنكى **الله** تائالا پەيغەمبىرىنى ئەۋەتىپ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە). سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋابكارسەن**﴾ دېگەن ئىدى. يەنى "ئۆزەڭلەرنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار" دېگەن ئايەت بولسا، سەدىقە قىلىش ھەققىدە چۈشكەن[2]، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

## مۆمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

﴿**مۆمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن**﴾ بەدرى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى تۈزەۋېتىپ (ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ) مۇنداق دېدى: «سىلەر

(1) بەقەرە سۈرىسى 195 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بىز بۇ ئايەتنىڭ شۇ مەنىدە ئىكەنلىكىنى بەقەرە سۈرىسى نىڭ 195 ـ ئايىتىدە بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار». مۆمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇرغان نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر شۇلاردىن بىر نەچچىسىدۇر.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى **الله** تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرسە، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە ۋە رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتسا، ئۇ **الله** تائالانىڭ يولىدا ھىجرەت قىلسۇن ياكى تۇغۇلغان يېرىدە ياشىسۇن (يەنى ھىجرەت قىلمىسۇن)، **الله** تائالانىڭ ئۈستىگە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش ھەقلىق بولۇپ قالىدۇ». ساھابىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە خۇش بېشارەت بېرەيلىمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە **الله** تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلىغان يۈز خىل دەرىجە بار، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان ـ زېمىننىڭ كەڭلىكىدەك بار، سىلەر **الله** تائالادىن تىلىگەن ۋاقتىدا پىردەۋس جەننىتىنى تىلەڭلار، ئۇ جەننەتنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ ئالىيسىدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە شەپقەتلىك **الله** تائالانىڭ ئەرشى بار ۋە جەننەتلەرنىڭ ئۆستەڭلىرى ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇسەئىد خۇدرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئەبۇسەئىد! كىمكى **الله** تائالانىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ (ھەقىقىي) دىن ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە رازى بولسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ». مەن (ئەبۇسەئىد) بۇ سۆزدىن ھەيران قېلىپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئۇنى قايتا دەپ بەرگىن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى قايتىلاپ مۇنداق دېدى: «جەننەتتە **الله** تائالا بەندىسىنى يۈز دەرىجە كۆتۈرىدىغان، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدىغان يەنە بىر ئىش بار.» مەن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇ بولسا) **الله** تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

﴿**الله نىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر**﴾ يەنى ئۇلارنى جىھادقا قىزىقتۇرۇشۇڭ ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئىسلامنى قوغداش يولىدا چىداملىق ۋە سەۋرچان قىلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ﴿**الله نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، الله نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر**﴾.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر **الله** خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن **الله** بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمر قىلدى)﴾[1].

## ياخشى شاپائەت ۋە يامان شاپائەت توغرىسىدا

**﴿كىمكى (كىشىلەر ئارىسىدا) ياخشى (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى**

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ياخشى ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ؛ كىمكى بىر يامان (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى يامان ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ﴾** ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شاپائەت قىلىڭلار، ئەجرىگە ئېرىشىسىلەر (يەنى ياخشىلىقتا ياخشىلىق، يامانلىقتا يامانلىق بويىچە)، **الله** تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئارقىلىق خالىغىنىنى ھۆكۈم قىلىدۇ». مۇجاھىد ئىبنى جەبەر مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا شاپائەت قىلىشىشى توغرىسىدا چۈشكەن.

**﴿الله ھەممە ئىشقا قادىردۇر﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئەتا، ئەتىيە، قەتادە ۋە مەتار ۋەرراق قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى **﴿قادىردۇر﴾** دېگەن ساقلىغۇچىدۇر[1]، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

مۇجاھىد مۇنداق دېدى: گۇۋاھ بولغۇچىدۇر[2]. يەنە بىر رىۋايەتتە (ئۇ) مۇنداق دېدى: ھېساب ئالغۇچىدۇر[3].

## سالامغا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش توغرىسىدا

**﴿سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار) ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار)﴾** سالامغا سالام قوشۇپ قايتۇرۇش مۇستەھەب، ئۆزىنى ئەينەن قايتۇرۇش پەرزدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" دەپ سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇردى. سالام قىلغان كىشى بىرىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئون ساۋاب» دېدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇردى. سالام بەرگەن كىشى ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يىگىرمە ساۋاب» دېدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەراكاتۇھۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇردى. ئۇ كىشى ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوتتۇز ساۋاب» دېدى.

مۇسۇلمانلار زىممىلار (يەنى مۇسۇلمانلارغا تۆلەم تۆلەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار) غا بالدۇر سالام قىلمايدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا باشتا سالام قىلىدۇ.

(1) ئۇنداقتا ئايەتنىڭ مەنىسى: **الله** ھەممە نەرسىنى ساقلىغۇچىدۇر، ـ دېگەن بولىدۇ.
(2) ئۇنداقتا ئايەتنىڭ مەنىسى: **الله** تائالا ھەممە نەرسىگە گۇۋاھ بولغۇچىدۇر، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.
(3) ئۇنداقتا ئايەتنىڭ مەنىسى: **الله** تائالا ھەممە نەرسىدىن، يەنى بەندىلەرنىڭ قىلغان چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئىشلىرىدىن ھېساب ئالغۇچىدۇر، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرغاندا، قوشۇپ قايتۇرمايدۇ. بەلكى، ئۇلارغا «ۋەئەلەيكە» يەنى: "ساڭىمۇ بولسۇن!" دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يەھۇدىيلار سىلەرگە سالام قىلغاندا: "ئەسسامۇ ئەلەيكە" (يەنى ساڭا ئۆلۈم بولسۇن) دەيدۇ. سىلەر (ئۇنىڭغا): "ۋەئەلەيكە" (يەنى "ساڭىمۇ بولسۇن!" دېگەن سۆز بىلەن) جاۋاب قايتۇرۇڭلار».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارغا باشتا سالام قىلماڭلار. سىلەر ئۇلار بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇلارنى يولنىڭ تار يېرىگە قىستاڭلار».

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۆمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر. ئۆزئارا دوستلۇق ئورناتمىغىچە مۆمىن بولالمايسىلەر. مەن سىلەرنى (قىلساڭلار) ئۆزئارا دوست بولۇشىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ ئۇ ئىش، ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشتۇر».

**﴿الله شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنىدە سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا) جەزمەن يىغىدۇ﴾** يەنى قىيامەت كۈنى **الله** تائالا ھەر بىر كىشىگە (ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا قاراپ) جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ. **﴿الله دىنمۇ توغرا سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى سۆزىدە، ۋەدىسىدە الله دىنمۇ سادىق ھېچكىم يوق)﴾**.

* * * * * * *

۞ فَمَا لَكُمْ فِي الْمُنَافِقِينَ فِئَتَيْنِ وَاللَّهُ أَرْكَسَهُم بِمَا كَسَبُوا ۚ أَتُرِيدُونَ أَن تَهْدُوا مَنْ أَضَلَّ اللَّهُ ۖ
وَمَن يُضْلِلِ اللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُ سَبِيلًا ﴿٨٨﴾ وَدُّوا لَوْ تَكْفُرُونَ كَمَا كَفَرُوا فَتَكُونُونَ سَوَاءً ۖ فَلَا تَتَّخِذُوا
مِنْهُمْ أَوْلِيَاءَ حَتَّىٰ يُهَاجِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ ۚ فَإِن تَوَلَّوْا فَخُذُوهُمْ وَاقْتُلُوهُمْ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْ ۖ وَلَا
تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿٨٩﴾ إِلَّا الَّذِينَ يَصِلُونَ إِلَىٰ قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَاقٌ أَوْ جَاءُوكُمْ
حَصِرَتْ صُدُورُهُمْ أَن يُقَاتِلُوكُمْ أَوْ يُقَاتِلُوا قَوْمَهُمْ ۚ وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَسَلَّطَهُمْ عَلَيْكُمْ فَلَقَاتَلُوكُمْ ۚ فَإِنِ
اعْتَزَلُوكُمْ فَلَمْ يُقَاتِلُوكُمْ وَأَلْقَوْا إِلَيْكُمُ السَّلَمَ فَمَا جَعَلَ اللَّهُ لَكُمْ عَلَيْهِمْ سَبِيلًا ﴿٩٠﴾ سَتَجِدُونَ
آخَرِينَ يُرِيدُونَ أَن يَأْمَنُوكُمْ وَيَأْمَنُوا قَوْمَهُمْ كُلَّ مَا رُدُّوا إِلَى الْفِتْنَةِ أُرْكِسُوا فِيهَا ۚ فَإِن لَّمْ يَعْتَزِلُوكُمْ
وَيُلْقُوا إِلَيْكُمُ السَّلَمَ وَيَكُفُّوا أَيْدِيَهُمْ فَخُذُوهُمْ وَاقْتُلُوهُمْ حَيْثُ ثَقِفْتُمُوهُمْ ۚ وَأُولَٰئِكُمْ
جَعَلْنَا لَكُمْ عَلَيْهِمْ سُلْطَانًا مُّبِينًا ﴿٩١﴾

ئى مۆمىنلەر! نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟ **الله** ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كاپىرلار ھۆكمىدە قىلدى، **الله** ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ كىمنىكى **الله** گۇمراھ قىلىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز

توغرا يول تېپىپ بېرەلمەيسەن﴿88﴾. ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار **الله** يولىدا ھىجرەت قىلمىغىچە (يەنى ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنى ئىسپات قىلمىغىچە) ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار، ئەگەر ئۇلار **الله** يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى دوستمۇ تۇتماڭلار، ياردەمچىمۇ قىلماڭلار﴿89﴾. پەقەت سىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا ئەھدە بولغان بىر قەۋمگە سېغىنغانلار ياكى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۆز قەۋمگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن يۈرەكلىرى سىقىلىپ (يەنى سىلەر تەرەپمۇ ئەمەس، ئۆز قەۋمى تەرەپمۇ ئەمەس بولۇپ) سىلەرگە كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى مۇنداقلارنى ئۆلتۈرمەڭلار ۋە ئەسىر ئالماڭلار). ئەگەر **الله** خالىسا، ئۇلارنى سىلەرگە مۇسەللەت قىلاتتى، ئۇلار، ئەلۋەتتە، سىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى (يەنى **الله** ئۇلارنى كۈچلۈك قىلىپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلاتتى)، ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا (يەنى سىلەرگە چېقىلمىسا)، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تەسلىم بولسا، **الله** سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ﴿90﴾. ئىمانىنى ئىزھار قىلىش بىلەن سىلەردىنمۇ ئامانلىققا ئېرىشمەكچى ۋە قەۋمگە قايتقاندا (كۇفرىنى ئىزھار قىلىش بىلەن) ئۆز قەۋمىدىنمۇ ئامانلىققا ئېرىشمەكچى بولغان ئىككىنچى بىر خىل كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرىسىلەر، ئۇلار ھەرقاچان پىتنە ـ پاساتقا (يەنى كۇفرىغا ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا) چاقىرىلسا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن تارتىدۇ، ئەگە ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەرگە تەسلىم بولمىسا، (سىلەر بىلەن) ئۇرۇشۇشتىن قول يىغمىسا، بۇ چاغدا ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە (ئەسىر ئېلىڭلار) تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، (ئۇلارنىڭ خىيانىتى سەۋەبلىك) سىلەرگە ئۇلارغا قارشى (يەنى ئۇلارنى ئەسىر ئېلىشقا، ئۆلتۈرۈشكە) روشەن پاكىت ئاتا قىلدۇق﴿91﴾.

## ساھابىلەرنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشماي قايتىپ كەلگەنلەر ھەققىدىكى ئىختىلاپىنىڭ ئەيىبلەنگەنلىكى

**الله** تائالا (بۇ ئايەتتە) مۆمىنلەرنىڭ مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى ئەيىبلىدى. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. ئىمام ئەھمەد زەيد ئىبنى سابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۇھۇدقا ماڭدى، ئۇنىڭ بىلەن ماڭغان بىر تۈركۈم كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار يولنىڭ يېرىمىدىن) قايتىپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇلار توغرىسىدىكى پىكىردە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر تۈركۈم كىشىلەر: ئۇلارنى ئۆلتۈرىمىز دېسە، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر: (ئۇلارنى) ئۆلتۈرمەيمىز، ـ دېدى. **الله** تائالا بۇ ھەقتە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**ئى مۆمىنلەر! نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟**﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەدىنە پاكىزدۇر. پاسكىنا نەرسىنى

خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكى تۆمۈرنىڭ پوقىنى يوقاتقاندەك يوقىتىدۇ»[1].

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بۇ ئايەت) مەككىدە ئىسلامغا كىرگەن مۇشرىكلارغا ياردەم بېرىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر توغرىسىدا چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار مەككىدىن بىر ھاجەت ئۈچۈن چىقتى ۋە: بىز مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىغا ئۇچراپ قالساق، ئۇلاردىن بىزگە ھېچ يامانلىق كەلمەيدۇ، - دېدى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ مەككىدىن چىققانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەن (مۆمىنلەرنىڭ بىر تۈركۈمى): سىلەر قورقۇنچاقلارغا قارشى ئاتلىنىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار سىلەرگە قارشى دۈشمەنلىرىڭلارغا ياردەم بەردى، - دېدى. مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇنداق دېدى: سۇبھانەللا (الله پاكتۇر)! سىلەر ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ئۇلار ھىجرەت قىلمىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ يۇرتلىرىنى تاشلاپ (مەدىنىگە كەلمىگەنلىكى) ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قانلىرى ۋە ماللىرى سىلەرگە ھالالمۇ؟- دېدى.

ئۇلار بۇ ئىختىلاپ سەۋەبى بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ قېشىدا بولسىمۇ، ئۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ پىكرىگە ئېتىراز بىلدۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿ئى مۆمىنلەر! نېمىشقا مۇناپىقلار توغرىسىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىسىلەر؟﴾**

**﴿الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كاپىرلار ھۆكمىدە قىلدى. الله ئازدۇرغان كىشىلەرنى سىلەر ھىدايەت قىلماقچى بولامسىلەر؟ كىمنىكى الله گۇمراھ قىلىدىكەن، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز توغرا يول تېپىپ بېرەلمەيسەن﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنى خاتالىققا يۈزلەندۈردى.

**﴿ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن﴾** ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قارشىلىق قىلغانلىقى ۋە ناھەق يولغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

**﴿ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ شۇنى ئۈمىد قىلىشى، سىلەرنى بەك يامان كۆرگەنلىكى ۋە سىلەرگە قاتتىق دۈشمەن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**﴿ئۇلار الله يولىدا ھىجرەت قىلمىغىچە (يەنى ھىجرەت قىلىش ئارقىلىق ئىمانىنى ئىسپات قىلمىغىچە) ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار، ئەگەر ئۇلار الله يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار﴾** سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: (ئەگەر ئۇلار) ئۆزلىرىنىڭ كۇپۇرلۇقىنى ئاشكارىلىسا ئۆلتۈرۈڭلار.

(1) يەنى مەدىنە مۇناپىقلارنى ئۆز قوينىغا ئالماي سىقىپ چىقىرىدۇ. ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەن مۇناپىقلارنىڭ مۇناپىقلىقى بۇرۇن ئاشكارا بولمىغان ئىدى، يېرىم يولدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئاشكارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مەدىنە پاكىز ئورۇندۇر، ئۇ مۇناپىقلاردەك پاسكىنىلارنى ئاشكارا قىلىپ ئۆز قېتىغا ئالماي، ئۇلارنى تازىلايدۇ» دېدى.

## ئۇرۇش قىلىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا

ئاندىن الله تائالا بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇقىرىدىكى (ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ، ئۆلتۈرۈڭلار دېگەن) كىشىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەقەت سىلەر بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا ئەھدە بولغان بىر قەۋمگە سېغىنغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾ يەنى ئۇلار سىلەر بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىۋالسا، ئۇلارغىمۇ شۇ ھۆكۈم بويىچە مۇئامىلە قىلىڭلار (يەنى سىلەر بىلەن ئەھدىسى بار كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشۈڭلار دۇرۇس ئەمەس، شۇنىڭدەك، ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرمەڭلار). بۇ سۇددى، ئىبنى زەيد ۋە ئىبنى جەرىرنىڭ سۆزىدۇر.

سەھىھۇلبۇخارىدا مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ھۇدەيبىيەدە تۈزگەن كېلىشىمىنىڭ بىر ماددىسى مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: كىمكى قۇرەيشنىڭ كېلىشىمى ۋە ئۇنىڭ ئەھدىسىگە كىرىشنى خالىسا كىرسۇن. كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كېلىشىمگە ۋە ئەھدىسىگە كىرىشنى خالىسا كىرسۇن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى الله تائالانىڭ: ﴿(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار﴾[1] دېگەن ئايىتى ئەمەلدىن قالدۇردى.

﴿**ياكى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۆز قەۋمىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن يۈرەكلىرى سىقىلىپ (يەنى سىلەر تەرەپمۇ ئەمەس، ئۆز قەۋمى تەرەپمۇ ئەمەس بولۇپ) سىلەرگە كەلگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى مۇنداقلارنى ئۆلتۈرمەڭلار ۋە ئەسىر ئالماڭلار). ئەگەر الله خالىسا، ئۇلارنى سىلەرگە مۇسەللەت قىلاتتى، ئۇلار، ئەلۋەتتە، سىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى (يەنى الله ئۇلارنى كۈچلۈك قىلىپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلاتتى)، ئەگەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا (يەنى سىلەرگە چېقىلمىسا)، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە سىلەرگە تەسلىم بولسا، الله سىلەرنىڭ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشىڭلارغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ**﴾ ئۇلار بەدرى كۈنى مۇشرىكلار بىلەن مەجبۇرى ئۇرۇشقا چىققان (ھاشىم جەمەتىدىن) ئابباس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا (ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇرۇشۇشنى يامان كۆرگەن ھالدا مەجبۇرى كەلگەن) كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كۈنى ئابباسنى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇپ، ئەسىر ئېلىشقا بۇيرىدى.

﴿**ئىمانىنى ئىزھار قىلىش بىلەن سىلەردىنمۇ ئامانلىقتا ئېرىشمەكچى ۋە قەۋمىگە قايتقاندا (كۇفرىنى ئىزھار قىلىش بىلەن) ئۆز قەۋمىدىنمۇ ئامانلىقتا ئېرىشمەكچى بولغان ئىككىنچى بىر خىل كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرىسىلەر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شاياتۇنلىرى (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز» دەيدۇ﴾[2].

﴿**ئۇلار ھەرقاچان پىتنە ـ پاساتقا (يەنى كۇفرىغا ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا)**

(1) تەۋبە سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**چاقىرىلسا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن تارتىدۇ﴾** ئىبنى جەرىر مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، شەكىل جەھەتتىن مۇسۇلمان بولۇپ قويۇپ، ئاندىن قۇرەيشنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بۇ يەردىمۇ ۋە ئۇ يەردىمۇ (ھەر ئىككى تەرەپتە) خاتىرجەملىكنى ئىزدىگەن بىر تۈركۈم مەككىلىك كىشىلەر ھەققىدە چۈشتى. ئاندىن الله تائالا ئەگەر ئۇلار (مۇسۇلمانلاردىن) يىراقلاشمىسا ۋە (ئۇلار بىلەن) كېلىشىم تۈزمىسە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئەگە ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرمىسا، سىلەرگە تەسلىم بولمىسا، (سىلەر بىلەن) ئۇرۇشۇشتىن قول يىغمىسا، بۇ چاغدا ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە (ئەسىر ئېلىڭلار) تۇتۇپ ئۆلتۈرۈڭلار، (ئۇلارنىڭ خىيانىتى سەۋەبلىك) سىلەرگە ئۇلارغا قارشى (يەنى ئۇلارنى ئەسىر ئېلىشقا، ئۆلتۈرۈشكە) روشەن پاكىت ئاتا قىلدۇق﴾**.

* * * * * * *

وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ أَن يَقْتُلَ مُؤْمِنًا إِلَّا خَطَـًٔا ۚ وَمَن قَتَلَ مُؤْمِنًا خَطَـًٔا فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ
مُّؤْمِنَةٍ وَدِيَةٌ مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَصَّدَّقُوا۟ ۚ فَإِن كَانَ مِن قَوْمٍ عَدُوٍّ لَّكُمْ وَهُوَ
مُؤْمِنٌ فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ۖ وَإِن كَانَ مِن قَوْمٍۭ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَٰقٌ
فَدِيَةٌ مُّسَلَّمَةٌ إِلَىٰٓ أَهْلِهِۦ وَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ ۖ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ شَهْرَيْنِ
مُتَتَابِعَيْنِ تَوْبَةً مِّنَ ٱللَّهِ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿٩٢﴾ وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا
مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُۥ جَهَنَّمُ خَٰلِدًا فِيهَا وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُۥ وَأَعَدَّ لَهُۥ عَذَابًا
عَظِيمًا ﴿٩٣﴾

مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس، كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك، ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا، (شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنى) تۆلىمىسە ھېچ باك يوق، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن سىلەرگە دۈشمەن (كۇففار) قەۋمدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم (دىيەت كەلمەيدۇ، چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى مۇسۇلمان بولمىغاچقا ئۇنىڭغا ۋارىس بولمايدۇ)، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئاراڭلاردا مۇئاھىدە بولغان (كۇففار) قەۋمدىن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلەش ۋە بىر نەپەر قۇلنى ئازاد قىلىش كېرەك، ئازاد قىلىدىغان قۇل تاپالمىغان ئادەم (يەنى قۇل ئازاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئادەم) (تەۋبىسىنى الله نىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن) ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿92﴾. كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴿93﴾.

## مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ ھۆكمى

**﴿كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك﴾** ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**اللە** تائالادىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ **اللە** نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرگەن بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈشنى پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن باشقىسىدا ھالال بولمايدۇ: جانغا جان (قىساس) ئېلىش. تۇرمۇش قۇرۇپ بولۇپ پاھىشە قىلغاننى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش. دىنىنى تاشلاپ (يەنى مۇرتەد بولۇپ) جامائەتتىن ئايرىلىپ كەتكەن كىشىنى ئۆلتۈرۈش (تىن ئىبارەت، مۇشۇ ئۈچ ئىشلا ھالال قىلالايدۇ)»[1].

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ئىختىلاپلار بار بولۇپ، مۇجاھىد ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: (بۇ ئايەت) ئەبۇجەھلنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ئەياش ئىبنى ئەبۇرەبىيئە توغرىسىدا چۈشتى. (ئۇلارنىڭ ئانىسى) ئەسما بىنتى مۇخەررەبە ئىدى. ئەياش ئۆزىنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ئەبۇجەھل بىلەن بىرلىكتە ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئازابلىغان ھارىس ئىبنى يەزىدنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەسلىدە ئەياش ئۆزۈڭدىن بىرى (ئۆزىنى ئازابلىغانلىقى ئۈچۈن) ھارىس ئىبنى يەزىدكە كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ يۈرگەن ئىدى. ھارىس ئىبنى يەزىد مۇسۇلمان بولدى ۋە (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلدى. ئەياش بۇنى بىلمەيتتى، مەككىنى فەتھى قىلغان كۈنى ئەياش ھارىسنى كۆرۈپ، ئۇنى تېخىچە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كۇپۇرلىقىدا دەپ گۇمان قىلىپ، ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، **اللە** تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئەبۇدەردا توغرىسىدا چۈشكەن. ئۇ قىلىچى بىلەن بىرسىنى چاپماقچى بولغاندا، ئۇ ئادەم مەن ئىمان ئېيتتىم دەپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلىنغاندا، ئەبۇدەردا: ئۇ ئادەم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن،ـ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. سەھىھ كىتابلاردا بۇ ۋەقەنى ئەبۇدارداdىن باشقىسى قىلغان دېيىلگەن.

**﴿كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك﴾** بۇ ئىككى ھۆكۈم (بىر مۆمىننى) سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغاندا ۋاجىب بولىدۇ.

بۇ ئىككى ۋاجىپنىڭ بىرىنچىسى، سەۋەنلىكتىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، مۆمىننى ئۆلتۈرگەن چوڭ گۇناھى ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىش ئارقىلىق كەففارەت بېرىشى، ئازاد قىلىنىدىغىنى كاپىر بولماي مۆمىن قۇل بولۇشى شەرتتۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

(1) بۇ ئۈچ ئىشتىن بىرىنى قىلغان كىشىنى ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلتۈرۈۋشى ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. بۇنىڭغا پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى ياكى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ھۆكۈم قىلىدۇ.

قىلدۇ: مەن قارا بىر دېدەكنى ئېلىپ كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا مۆمىن بىر قۇلنى ئازاد قىلىش لازىم بولۇپ قالغان ئىدى، ئەگەر سەن بۇنى مۆمىن ئىكەن دېسەڭ، مەن ئۇنى ئازاد قىلىۋېتەي،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارا دېدەككە: «سەن الله دىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟» دېدى. ئۇ: ھەئە،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن مېنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟» دېدى. ئۇ يەنە: ھەئە،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ (قەبرىدىن) قوپۇشنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسەن؟» دېدى. ئۇ: ھەئە،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «بۇنى ئازاد قىلغىن» دېدى.

﴿**ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك**﴾. بۇ ئىككىنچى ۋاجىب بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرگۈچى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە دىيەت تۆلەپ بېرىدۇ.

دىيەت ئۈچۈن بەش تۈرلۈك تۆگىنى تۆلەش ۋاجىب بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قالغان ئادەمنىڭ دىيىتى ئۈچۈن، بىر ياشتىن ئىككى ياشقا ماڭغان 20 چىشى ۋە 20 ئەركەك تۆگە، ئىككى ياشتىن ئۈچ ياشقا ماڭغان 20 چىشى تۆگە، تۆت ياشتىن بەش ياشقا ماڭغان 20 تۆگە، ئۈچ ياشتىن تۆت ياشقا ماڭغان 20 تۆگە (جەمئى 100 تۆگە) ھۆكۈم قىلدى[1].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇزەيلى قەبىلىسىدىن ئىككى ئايال ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىرى يەنە بىرىگە تاش ئاتتى، تاش ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئۆلۈكنىڭ جەمەتى دەۋالىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن بىر قۇل ياكى بىر دېدەك بېرىلىشىگە، ئايالنىڭ دىيىتىنى قاتىل ئايالنىڭ مىراسخور بولالايدىغان تۇغقانلىرىنىڭ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلدى.

بۇ ھەدىس دىيەتنىڭ ۋاجىب بولۇشىدا سەۋەنلىككە ئوخشاپ قالىدىغان ئىشلارنىڭ ھۆكمىمۇ سەۋەنلىكنىڭ ھۆكمى بويىچە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[2]. لېكىن

(1) بۇ دىيەتنى قاتىلنىڭ (ئۇنىڭغا مىراسخور بولالايدىغان) تۇغقانلىرىنىڭ تۆلىشى ۋاجىب بولۇپ، (دىيەت بېرىلىدىغان تۆگىنىڭ پۇللىرى) قاتىلنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئېلىنمايدۇ. بەلكى قاتىلنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ (يەنى بىز يۇقىرىدا 33 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، مىراسخورنىڭ مۇئەييەن ئۈلچەم بېكىتىلگەن مىراسخورلار ۋە مۇئەييەن ئۈلچەم بېكىتىلمىگەن، ئەمما قالغان مىراسنىڭ ھەممىنى ئالىدىغان مىراسخورلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالغان ئىدۇق. دىيەتنىڭ پۇلى مۇئەييەن ئۈلچەم بېكىتىلمىگەن مىراسخورلارنىڭ) مال ـ مۈلكىدىن يىغىش قىلىنىدۇ. ئەمما كەففارەت، يەنى قۇل ئازاد قىلىش، ئۇنى قىلالمىسا ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇش قاتىلنىڭ ئۆزىگىلا ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر قۇل ئازاد قىلسا، ئۇنىڭ پۇلىنى مىراسخورلىرىدىن يىغىش قىلماي ئۆزىلا چىقىرىدۇ، روزىنىمۇ ئۆزىلا تۇتىدۇ.

(2) يەنى ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ يوللىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش، مەسىلەن: قولىغا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان بىر نەرسە ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتى بىلەن ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش. ئىككىنچى، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇش، مەسىلەن: بىر كىشى ئۇخلاۋېتىپ يۆمىلىنىپ، يەنە بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش. ئۈچىنچى، قەستەنلىككە ئوخشاپ قالىدىغان ئادەم ئۆلتۈرۈش.

ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇنىڭدىكى ئادەم ئۇرۇشقا نىيەت قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىكى قەستەنلىك، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىكى قەستەنلىككە ئوخشىشىپ قالغاچقا، بۇنىڭدىكى دىيەت ئۈچ تۈرلۈك نەرسىدىن ۋاجىب بولىدۇ[1].

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدنى جۇزەيمە جەمەتىگە (ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن) ئەۋەتتى. خالىد ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە چاقىرغاندا، ئۇلار: بىز ئىسلامغا كىردۇق دېمەي، بىز ئەسلىدىكى دىنىمىزدىن چىقتۇق،ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، خالىد ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى اللە ! ھەقىقەتەن مەن خالىدنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئادا ـ جۇدامەن» دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە دىيەت بېرىش، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىتىنىڭ يالىقىغىچە بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسىلىرىنىمۇ تۆلەپ بېرىش ئۈچۈن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتتى. بۇ ھەدىستىن دۆلەت باشلىقى ياكى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى (ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا ئوخشاش) سەۋەنلىك بىلەن قىلىپ قالغان ئىشلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەت پۇلىنىڭ دۆلەتنىڭ خەزىنىسىدىن چىقىرىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

﴿**ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا، (شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنى) تۆلىمىسە ھېچ باك يوق**﴾ يەنى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگىلىرى دىيەتنى كەچۈرۈم قىلىۋەتسە، دىيەت تۆلەش ۋاجىب ئەمەس. ﴿ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئاراڭلاردا مۇئاھىدە بولغان (كاپىر) قەۋمدىن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلەش ۋە بىر نەپەر قۇلنى ئازاد قىلىش كېرەك﴾[2]، ﴿**ئازاد قىلىدىغان قۇل تاپالمىغان ئادەم (يەنى قۇل ئازاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان**

مەسىلەن، بىر كىشى ئادەتتە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان تاش، تۆمۈردەك سايمانلارنى (ئۇرۇش نىيىتى بىلەن) ئادەتتە ئۆلىدىغان يېرىگە قارىتىپ ئاتماي باشقا بىر ياققا ئاتسا، ئۇ نەرسە بېرىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا ئوخشاش، بۇلارنىڭ ھەر بىرسى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم ھۆكۈم بار. لېكىن بەزى تۈرلىرىنىڭ ھۆكۈملىرى ئوخشىشىپ قالىدۇ. بىز يۇقىرىدا: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ دىيىتى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنىنىڭ دىيىتىگە ئوخشاش بولىدۇ، ـ دېدۇق.

(1) دىيەت بولسا، يەڭگىل دىيەت ۋە ئېغىر دىيەت دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. يەڭگىل دىيەت پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشىگە ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭ يەڭگىللىكى. بىرىنچى: قاتىلنىڭ مىراسخور بولالايدىغان تۇغقانلىرىنىڭ دىيەتنىڭ پۇلىنى يىغىش قىلىپ بەرسە بولىدىغانلىقى. ئىككىنچى: بۇنى ئۈچ يىلغىچە ئادا قىلىپ بەرسە بولىدىغانلىقى. ئۈچىنچى: يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بەش تۈرلۈك تۆگىدىن بېرىشى ۋاجىب بولىدىغانلىقى. ئېغىر دىيەت: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشىشىپ قالىدىغان ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتە ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭ ئېغىر بولۇشى ھەنەفىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىدە: قاتىلنىڭ تۆت تۈرلۈك تۆگىنى تۆلىشى ۋاجىب دەپ قارىغانلىقىدۇر. بۇ تۆت تۈرلۈك تۆگە بولسا: بىر ياشتىن ئىككى ياشقا ماڭغان 25 چىشى تۆگە، ئىككى ياشتىن ئۈچ ياشقا ماڭغان 25 تۆگە، ئۈچ ياشتىن تۆت ياشقا ماڭغان 25 تۆگە، تۆت ياشتىن بەش ياشقا ماڭغان 25 تۆگىدۇر. بۇنىڭ ئېغىر بولۇشى شافىي بىلەن مالىكىي مەزھەبلىرىدە قاتىلنىڭ ئۈچ تۈرلۈك تۆگىنى تۆلىشى ۋاجىب دەپ قارىغانلىقىدۇر. بۇ ئۈچ تۈرلۈك تۆگە بولسا: ئۈچ ياشتىن تۆت ياشقا ماڭغان 30 تۆگە، تۆت ياشتىن بەش ياشقا ماڭغان 30 تۆگە ۋە بوغاز تۆگىدىن 40 تۆگىدۇر. شۇڭا ئاپتور يۇقىرىدا: دىيەت ئۈچ تۈرلۈك نەرسىدىن ۋاجىب بولىدۇ، ـ دېگەن.

(2) ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن كىشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ دىيىتى تولۇق بېرىلىدۇ. ئالىملار ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن يەھۇدىي ياكى خىرىستىئانلاردىن بولسا، بۇنىڭ دىيىتىگە قانچىلىك بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ھەنەفىي مەزھىبىدىكىلەر: ئۇ كىشىلەرگە بېرىلىدىغان دىيەت مۇسۇلمانلارغا بېرىلىدىغان دىيەت بىلەن ئوخشاش، ـ دەيدۇ. مالىكىي بىلەن ھەنبەلىي مەزھىبىدىكىلەر: ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ دىيىتى مۇسۇلمان ئەرلىرىنىڭ

**ئادەم) (تەۋبىسىنى الله نىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن) ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم﴾** ئەگەر ئۇ (كېسەل، ھەيز ياكى نىفاس سەۋەبى بىلەن بولماي) ھېچقانداق سەۋەبسىز روزىنى ئۈزۈپ قويغان بولسا، روزىنى يېڭىباشتىن باشلاپ تۇتىدۇ. **﴿الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**.

## قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قەتئىي ساقلىنىشنىڭ تەلەپ قىلىنغانلىقى

الله تائالا يۇقىرىدا سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇشنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلدى، (بۇ يەردە) قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ﴾** بۇ ئايەت باشقا ئايەتلەردە الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتەك (قاتتىق چوڭ) گۇناھ بىلەن بىر يەردە كەلتۈرۈلگەن. بۇ، چوڭ گۇناھنى قىلىپ سالغان كىشى ئۈچۈن قاتتىق بىر تەھدىتتۇر.

الله تائالا (بۇ گۇناھنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشتەك چوڭ گۇناھ بىلەن بىر يەردە كەلتۈرۈپ) مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار **الله** غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، **الله** ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ﴾[1] ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، **الله** ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر **الله** غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، **الله** نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[2].

قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلاردىن بىر نەچچىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا ئالدى بىلەن قىلىنىدىغان ھۆكۈم قان توغرىسىدا بولىدۇ».

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئۇبادە ئىبنى سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىن ھارام قانغا پېتىپ قالمىغانلا بولسا (يەنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويمىغانلا بولسا)، بوينى ئۇستۇن، ياخشى ھالەتتە تۇرىدۇ. ناۋادا

---

دىيىتى بىلەن ئوخشاش، دەيدۇ (چۈنكى، ھەنەفىي مەزھىبىدە ئەر ـ ئاياللىنىڭ دىيىتى ئوخشاش بېرىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ). شافىئىي مەزھىبىدىكىلەر: ئۇلارنىڭ دىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ دىيىتىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر بولىدۇ، ـ دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھىبىدىن باشقا ئۈچ مەزھەبتىكىلەر مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن ئوتپەرەس ۋە بۇتپەرەس كاپىرلارغا تۆلىنىدىغان دىيەت مۇسۇلمانلارغا تۆلىنىدىغان دىيەتنىڭ ئون ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر بولىدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ دىيىتى ئەرلىرىنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر كېلىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.

(1) فۇرقان سۈرىسى 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئەنئام سۈرىسى 151 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھارام قانغا پېتىپ قالغان بولسا، قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ» يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ: «الله تائالانىڭ دەرگاھىدا بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن، پۈتۈن دۇنيانى يوقىتىپ قويغىنى ياخشىراقتۇر».

## قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ؟

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ـ دەپ قارايدۇ. ئىمام بۇخارى ئىبنى جۇبەيرنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كۇفىلىق ئالىملار بۇ ھەقتە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق سورىغان ئىدىم. ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: ﴿**كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ**﴾ دېگەن ئايەت ئاخىرىدا چۈشكەن ئايەت بولۇپ، ھېچ نېمە (يەنى ھېچقانداق بىر ئايەت) ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى[1].

سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچىنىڭ قىلغان تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم چىن كۆڭلىدىن تەۋبە قىلسا، الله تائالاغا يېلىنسا ۋە ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلارغا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنمۇ ئۇنىڭ يامانلىقلىرىنىڭ ئورنىغا (ياخشىلىق بېرىش بىلەن) رازى قىلىدۇ.

الله تائالا (گۇناھلارنى كەچۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار اللهغا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، الله ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، الله تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾[2] بۇ ئايەت بايان جۈملە شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، بۇنداق ئايەتنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ۋە ھۆكمىنىڭ ئىچىگە مۇشرىكلارنىڭمۇ كىرگۈزۈلۈشى دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىبنى ئابباسنىڭ دېگىنىدەك، بۇ ئايەت مۆمىنلەر توغرىسىدا، يۇقىرىدىكى ئايەت بولسا، مۇشرىكلار توغرىسىدا چۈشكەن (يەنى مۆمىن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىپ تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلمەيدۇ. ئەمما كاپىر ئادەم ئۆلتۈرىۋېتىپ ئاندىن ئىمان ئېيتسا ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ، ـ دېيىش ھەر ئىككى ئايەتنىڭ باش ـ ئايىغىدىكى مەزمۇنلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ). ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت

---

(1) يەنى بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقى ئېھتىمالغايېقىندۇر.
(2) فۇرقان سۈرىسى 68 ـــ 70 ـ ئايەتلەر.

قىلغان بەندىلىرىم! اللە نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. اللە ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] بۇ كۇپۇرلۇق، شېرىك (دىندا شەك كەلتۈرۈش) مۇناپىقلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، پاسىقلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق گۇناھلارغا ئومۇمىيدۇر.

كىمكى مۇشۇ گۇناھلاردىن بىرنى قىلىپ قويۇپ، ئۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلسا اللە تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ﴿اللە ھەقىقەتەن اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[2] بۇ ئايەت شېرىكتىن باشقا گۇناھلارغا ئومۇمىيدۇر. قاتىللارنىڭ (ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى اللە نىڭ كەچۈرىدىغانلىقىغا) چوڭقۇر ئۈمىد باغلىشى ئۈچۈن، بۇ ئايەت قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ھۆكمىنى چۈشەندۈرۈپ كەلگەن ئايەتنىڭ بېشىدا بىر قېتىم، كەينىدىن يەنە بىر قېتىم بايان قىلىنغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنغان: بەنى ئىسرائىلدىن بىر كىشى يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، بىر ئالىمدىن: ماڭا تەۋبە بارمۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئالىم: سەن بىلەن تەۋبىنىڭ ئارىلىقىدا كىم توسالغۇ بولالايدۇ؟ــ دەپ، ئۇنى اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىنىدىغان بىر شەھەرگە بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شۇ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپ يولدا ئۆلۈپ قاپتۇ، ئاندىن ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئېلىپ كېتىپتۇ (يەنى ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىپتۇ). اللە تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدىن يۈز كىشىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغان يەردە بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ تەۋبىسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى، اللە تائالا ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىللارنىڭ) ئۈستىدىكى ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى كەچۈرۈۋەتتى ۋە بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ئاسان، ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى.

**﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ﴾** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە سەلەپلەردىن بىر تۈركۈم ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر (اللە تائالا) ئۇ كىشىنى جازالىسا، ئۇ، ئۇ كىشىنىڭ جازاسى بولىدۇ. ھەر قانداق بىر گۇناھ ئۈچۈن كەلگەن تەھدىت شۇنداق بولىدۇ ۋە لېكىن ئۇ كىشىنى جازادىن ساقلاپ قالىدىغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر پىكىردىكى كىشىلەر: قاتىلغا تەۋبە يوق،ــ دېگەن بولسا، كۆپ ساندىكى ئالىملار: قاتىلنى (دوزاختىن) قۇتۇلدۇرىدىغان ئەمەلى بولمىسا، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ،ــ دەيدۇ. بىز بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسەن قاتىلنى دوزاخقا كىرىدۇ دەپ پەرەز قىلساقمۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ. ئايەتتىكى "مەڭگۈ قالىدۇ" دېگەن سۆز "ئۇزۇن تۇرىدۇ" دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. (ئايەتتىكى) "مەڭگۈ قالىدۇ" دېگەن سۆز بولسا، ئۇزۇن تۇرىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

---

(1) زۇمەر سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەررىدىن كىچىك ئىمانى بار كىشىنىڭ دوزاختا قېلىپ قالمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دىلىدا زەررىدىنمۇ كىچىك ئىمانى بار كىشىمۇ جەزمەن دوزاختىن چىقىدۇ».

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا ضَرَبْتُمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَتَبَيَّنُوا۟ وَلَا تَقُولُوا۟ لِمَنْ أَلْقَىٰٓ إِلَيْكُمُ ٱلسَّلَـٰمَ
لَسْتَ مُؤْمِنًا تَبْتَغُونَ عَرَضَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا فَعِندَ ٱللَّهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٌ ۚ كَذَٰلِكَ
كُنتُم مِّن قَبْلُ فَمَنَّ ٱللَّهُ عَلَيْكُمْ فَتَبَيَّنُوٓا۟ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ
خَبِيرًا ﴿٩٤﴾

ئى مۆمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار). الله نىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن الله سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزەڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴿94﴾.

## سالام قىلىش ـ ئىسلامنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

ئىمام ئەھمەد ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەلىم جەمەتىدىن بىر كىشى بىر تۈركۈم ساھابىلەرنىڭ قېشىدىن قويلىرىنى ھەيدىگەچ ئۆتۈپ قالغاندا ئۇلارغا سالام قىلىپ ئۆتتى. ساھابىلەر: ئۇ بىزگە پەقەت بىزنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىمىزدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سالام قىلدى، ـ دېيىشتى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قويلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەندە: ﴿**ئى مۆمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)**﴾ دېگەن ئايەت چۈشتى.

ئىمام بۇخارى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئولجىسىنىڭ قېشىدا تۇراتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ كىشى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئولجىسىنى ئېلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىكى ”دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى“ دېگەن سۆزدىن ھېلىقى ئولجا مەقسەت قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد قائىقا ئىبنى ئابدۇللاھتىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئىزام دېگەن يەرگە ئەۋەتتى، مەن بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە چىقتىم. ئارىمىزدا ئەبۇقەتادە ھارىس ئىبنى رەبىيئە ۋە مۇھلىم ئىبنى جۇسامە ئىبنى قەيس بار ئىدى. بىز (يولغا) چىقىپ ئىزام دېگەن يەرنىڭ بىر تۈزلەڭلىكىدە تۇرغان ئىدۇق، قېشىمىزدىن ئامىر ئىبنى ئەزبەت ئەشجەئى بىر تۆگە بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرى ۋە سۈت قاچىسى بار ئىدى. ئۇ بىزگە سالام قىلدى، بىز جىم تۇردۇق. مەھلەم ئىبنى جۇسامە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭ تۆگىسى بىلەن يۈك ـ تاقلىرىنى ئېلىۋالدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن (بىز توغرۇلۇق) بۇ ئايەت چۈشتى.

ھافىز ئەبۇبەكرى بەززار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشۇننى بىر يەرگە ئەۋەتتى، ئۇ قوشۇندا مىقداد ئىبنى ئەسۋەدمۇ بار ئىدى. ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تاراپ كېتىپ، پەقەت مال ـ مۈلكى جىق بىرلا كىشىنىڭ مىدىرلىماي قېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى، ئۇ كىشى: ”ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا“ دەپ ئىمان ئېيتتى. مىقداد ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىر كىشى (ئۇنىڭغا): ”ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ“ دەپ ئىمان ئېيتقان كىشىنى ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بېرىپ بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەيمەن، ـ دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىر كىشى ئىمان ئېيتقان ئىدى، ئەمما مىقداد ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مىقدادنى چاقىرىڭلار» دېدى. (ئۇ كىردى) ئۇنىڭغا: «ئى مىقداد! سەن: ”ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ“ دېگەن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟ قىيامەت كۈنى ”ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھ“ ئالدىڭغا كەلسە قانداق قىلىسەن؟» دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىقدادقا مۇنداق دېدى: «كاپىرلار ئىچىدە ئىمانىنى يوشۇرۇپ كەلگەن بىر مۆمىن ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ئاشكارا قىلسا، سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ. سەنمۇ بۇرۇن مەككىدىكى چېغىڭدا ئىمانىڭنى يوشۇراتتىڭغۇ؟» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿الله نىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار﴾** يەنى الله نىڭ دەرگاھىدىكى ھالال رىزىق، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى سالام بېرىش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ تۇرغان كىشىگە، ئۇ بىزگە مال ـ مۈلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سالام قىلدى دەپ تۆھمەت قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئېرىشمەكچى بولغان مال ـ مۈلۈكتىن ياخشىدۇر.

**﴿ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن الله سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات**

**قىلدى﴾** يەنى سىلەرمۇ بۇرۇن ئۆزۈڭنىڭ ئىمانىنى كاپىرلاردىن يوشۇرغان ھېلىقى كىشىنىڭ ھالىتىدە ئىدىڭلار. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار﴾[1].

**﴿ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار﴾** ئابدۇرازاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەئىد ئىبنى جۇبەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: سىلەرمۇ خۇددى ئۇ پادىچى ئىمانىنى يوشۇرغاندەك، ئىمانىڭلارنى يوشۇراتتىڭلار.

**﴿ئۇلارنى ئۆزەڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾** سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دېدى: بۇ (ئايەت) تەھدىت سېلىش ئۈچۈن كەلگەن.

* * * * * * *

لَّا يَسْتَوِي ٱلْقَٰعِدُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُوْلِي ٱلضَّرَرِ وَٱلْمُجَٰهِدُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْۚ فَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلْمُجَٰهِدِينَ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ عَلَى ٱلْقَٰعِدِينَ دَرَجَةًۚ وَكُلًّا وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْحُسْنَىٰۚ وَفَضَّلَ ٱللَّهُ ٱلْمُجَٰهِدِينَ عَلَى ٱلْقَٰعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ﴿٩٥﴾ دَرَجَٰتٍ مِّنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةًۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿٩٦﴾

مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار، الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى﴿95﴾. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿96﴾.

## مۇجاھىدلار بىلەن جىھادقا چىقماي قېلىپ قالغانلارنىڭ باراۋەر بولمايدىغانلىقى

ئىمام بۇخارى بەرائنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: **﴿مۆمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ﴾** دېگەن ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنى چاقىرىپ، ئۇنى بۇ ئايەتنى يېزىشقا بۇيرۇدى. ئىبنى ئۇممۇمەكتۇم كېلىپ ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ كور ئىكەنلىكىدىن شىكايەت قىلدى (يەنى مېنىڭ كۆزۈم كۆرمەس تۇرسا، قانداق جىھادقا چىقالايمەن دېدى). الله تائالا بۇ

(1) ئەنفال سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەقتە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار..**﴾.

ئىمام بۇخارى يەنە سەھل ئىبنى سەئىد سائىدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەسچىتتە مەرۋان ئىبنى ھەكەمنى كۆرۈپ، قېشىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ئاندىن مەرۋان ئىبنى ھەكەم بىزگە زەيد ئىبنى سابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**مۆمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى يېزىشىم ئۈچۈن ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، ئىبنى ئۇمموۇمەكتۇم كېلىپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن جىھاد قىلىشقا قادىر بولالىسام، ئەلۋەتتە جىھاد قىلاتتىم، ـ دېدى (ئۇ ئەما ئىدى). دەل شۇ پەيتتە، **الله** تائالا پەيغەمبىرىگە ۋەھيي قىلىش ئۈچۈن پەرىشتە چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسى مېنىڭ يوتامنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇنىڭ يوتىسى شۇ قەدەر ئېغىرلىشىپ كەتتىكى، مېنىڭ يوتام سۇنۇپ كېتەيلا دەپ قالدى. بۇ ئەھۋال تاكى پەرىشتە ۋەھيىنى يەتكۈزۈپ بولغىچە داۋاملاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا **الله** تائالانىڭ: ﴿**ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار..**﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

تىرمىزى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**مۆمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، بەدرىگە چىققانلار بىلەن (ئۇنىڭغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار باراۋەر بولمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئايەت بەدرى ئۇرۇشىدا چۈشكەن ئىدى، ئەبۇئەھمەد ئىبنى جەھشى ۋە ئىبنى ئۇمموۇمەكتۇم: «ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئىككىمىزنىڭ كۆزى كۆرمەيدۇ، بىزگە (جىھادقا چىقماسلىقىمىز ئۈچۈن) رۇخسەت بارمىدۇ؟» دېدى. ئاندىن بۇ ئايەت چۈشتى: ﴿**ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار..**﴾.

**الله** تائالا جىھاد قىلغۇچىلارنى ئۆزرىسىز جىھادقا چىقماي قالغان كىشىلەردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. ﴿**الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى**﴾ يەنى جىھاد قىلغۇچىلارنى مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزرىسىز جىھادقا چىقماي قالغان كىشىلەردىن ئارتۇق قىلدى.

﴿**مۆمىنلەردىن جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ**﴾ بۇ ئايەت ھەممىگە ئومۇمىيدۇر. ئاندىن **الله** تائالا: ﴿**ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا)**﴾ دېگەن ئايەتنى چۈشۈرۈپ (ئاقساق ۋە كېسەلگە ئوخشاش) ئۆزرىسى بار كىشىلەرنىڭ جىھادقا چىقماسلىقىنى دۇرۇس قىلدى ۋە ئۇلارنى (ئۆزرە ئىگىلىرىنى) ئومۇمىي ئايەتنىڭ ھۆكمىدىن چىقىرىۋەتتى[1].

(1) يەنى يۇقىرىدىكى ئايەت ھەممە كىشىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى، كېيىنكى ئايەت چۈشكەن ھامان قارىغۇ، ئاقساق ۋە كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىلىك كىشىلەر بۇ ئايەتنىڭ ئومۇمىي ھۆكمى ئىچىدىن چىقىرىۋېتىلدى، بۇ ئۆزرىلىك كىشىلەر جىھادقا چىقماي قېلىپ قالسىمۇ، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ دەرىجىسى مۇجاھىدلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەدىنىدە سىلەر بىلەن بىللە يول يۈرمىگەن ۋە جىلغىلارنى كېسىپ ئۆتمىگەن، لېكىن ساۋابتا سىلەر بىلەن ئوخشاش بولىدىغان كىشىلەر بار». بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار مەدىنىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە ئۇلارنىڭ ئۆزرىسى بولغاچقا قېلىپ قالغان» دېدى.

**﴿بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى﴾** بۇ ئايەتتە جىھادنىڭ پەرز ئەيىن ئەمەس، بەلكى پەرز كۇپايە ئىكەنلىكىگە پاكىت بار[1].

**الله** تائالا ئۇلارغا ئالىي جەننەتلەردە گۇناھلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن رەھمەت ۋە بەرىكەت چۈشۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت مەرھەمىتىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى﴾**.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئەبۇسەئىد خۇدرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن جەننەتتە (**الله** تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارغا تەييارلىغان) ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان ـ زېمىننىڭ كەڭلىكىدەك كېلىدىغان يۈز خىل دەرىجە بار».

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ تَوَفَّىٰهُمُ ٱلۡمَلَـٰٓئِكَةُ ظَالِمِيٓ أَنفُسِهِمۡ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمۡۖ قَالُواْ كُنَّا مُسۡتَضۡعَفِينَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ قَالُوٓاْ أَلَمۡ
تَكُنۡ أَرۡضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٗ فَتُهَاجِرُواْ فِيهَاۚ فَأُوْلَـٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ﴿٩٧﴾ إِلَّا ٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ
مِنَ ٱلرِّجَالِ وَٱلنِّسَآءِ وَٱلۡوِلۡدَٰنِ لَا يَسۡتَطِيعُونَ حِيلَةٗ وَلَا يَهۡتَدُونَ سَبِيلٗا ﴿٩٨﴾ فَأُوْلَـٰٓئِكَ عَسَى ٱللَّهُ أَن
يَعۡفُوَ عَنۡهُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَفُوًّا غَفُورٗا ﴿٩٩﴾ ۞ وَمَن يُهَاجِرۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يَجِدۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُرَٰغَمٗا كَثِيرٗا
وَسَعَةٗۚ وَمَن يَخۡرُجۡ مِنۢ بَيۡتِهِۦ مُهَاجِرًا إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ يُدۡرِكۡهُ ٱلۡمَوۡتُ فَقَدۡ وَقَعَ أَجۡرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۗ وَكَانَ ٱللَّهُ
غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿١٠٠﴾

ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن:

---

(1) جىھاد پەرز ئەيىن ۋە پەرز كۇپايە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. پەرز ئەيىن ـ ھەممە كىشى قىلمىسا بولمايدىغان پەرز بولۇپ، كاپىرلار ئەزەلدىنلا مۇسۇلمانلار ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىسلام دۆلەتلىرىنى بېسىۋالغان بولسا، جىھاد قىلىش شۇ دۆلەتتىكى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايالغا ۋە ئەتراپتىكى مۇسۇلمان دۆلەت خەلقلىرىگە پەرز ئەيىن بولىدۇ. كىمكى شۇ جىھادقا قاتناشمىسا ياكى ئۇنى قوللىمىسا، قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ، **الله** تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دۆلەت مۇسۇلمان دۆلىتى ئەمەس، بەلكى كاپىر دۆلىتى بولسا، ئۇنىڭغا ئىسلامنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز كۇپايە بولىدۇ. بۇ جىھادقا قاتناشقان مۇسۇلمانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ، قاتناشمىغانلار بولسا، گۇناھكار بولمايدۇ.

«(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى هالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «هىجرەت قىلساڭلار اللە نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (هىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەهەننەمدۇر. جەهەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴿97﴾ پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، باللاردىن چارىسىز قالغان (يەنى هىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴿98﴾. ئەنە شۇلارنى اللە ئەپۇ قىلغاي. اللە ناهايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴿99﴾. كىمكى اللە يولىدا هىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ. كىمكى ئۆيىدىن اللە نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە هىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم اللە بېرىدۇ. اللە ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناهايىتى مېھرىباندۇر﴿100﴾.

## هىجرەت قىلالايدىغان كىشىلەرنى (هىجرەت قىلماي) مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇشتىن توسۇش توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى مۇهەممەد ئىبنى ئابدۇراهمان ئەبۇئەسۋەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەدىنىدىكى كىشىلەرگە بىر قوشۇن تەييارلاش بۇيرۇق قىلىندى، ئۇ قوشۇنغا مەنمۇ تىزىملاندىم (بۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ خەلىپە بولغان زامانىسىدا، خەلىپىلىك تالىشىپ شاملىقلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تەييارلانغان قوشۇن ئىدى). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ ئازاتگەردىسى ئىكرىمە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا (بۇ ئىشنى) دېدىم، ئۇ مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقىش ئۈچۈن ئىسمىمنى تىزىملاتقانلىقىمدىن ناهايىتى قاتتىق نارازى بولۇپ مۇنداق دېدى: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇما ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى دەپ بەرگەن ئىدى: بەدرى كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسساالامغا قارشى ئاتلانغان كاپىرلار سېپىدىكى مۇسۇلمانلار كاپىر دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى تېخىمۇ ئاۋۇتۇۋەتكەنىدى.[1] ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى ئوقيا ياكى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئاندىن اللە تائالا (ئۇلارنىڭ هۆكمى توغرىسىدا بۇ ئايەتنى) چۈشۈردى: ﴿ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى هىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا﴾[2].

زەههاك مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيهىسساالام بىلەن بىللە (هىجرەت قىلماي) مەككىدە قېلىپ قالغان، بەدرى كۈنى مۇشرىكلار بىلەن بىللە (پەيغەمبەر ئەلەيهىسساالام بىلەن

(1) يەنى مەككىدە مەخپىي مۇسۇلمان بولغان، هىجرەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ (هىجرەت قىلماي) مۇشرىكلار بىلەن بىللە تۇرغان كىشىلەر بەدرى ئۇرۇشى بولغاندا، (ئۇلارنىڭ نىيىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسساالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش بولمىسىمۇ) كاپىرلار بىلەن بىللە مەجبۇرلانغان هالەتتە كەلگەن ئىدى.

(2) ئىكرىمە بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق مۇهەممەد ئىبنى ئابدۇراهمانغا: اللە تائالا گەرچە نىيىتىدە كاپىرلار بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ، سانىنى ئاۋۇتۇپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى ئەيىبلىدى. سەنمۇ بۇ قوشۇننىڭ سانىنى ئاۋۇتمىغىن. چۈنكى، ئۇلار اللە تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلمايدۇ، ـ دېمەكچى.

ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن) چىققان ۋە (ئۇرۇشتا) ئۇلاردىن بەزىسى ئۆلتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم مۇناپىقلار توغرىسىدا چۈشتى. بۇ ئايەت (كاپىرلارنىڭ توسالغۇ بولۇشى بىلەن) دىنىي ئىشلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمىسىمۇ، ھىجرەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ (ھىجرەت قىلماي) كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئايەتنىڭ مەزمۇنى ۋە پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئورتاق قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ كىشى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى، بىر ھارام ئىشنى قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار الله نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾**

ئەبۇ داۋۇد، سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى مۇشرىكنىڭ كۆز قارىشىغا (ۋە ئۇنىڭ پىلانلىرىغا) قوشۇلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ياشىسا، شەكسىز كى، ئۇ مۇشرىكقا ئوخشاش بولىدۇ».

**﴿پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾** بۇ، الله تائالانىڭ ئۇ ئاجىز كىشىلەردىن (ھىجرەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قىلىنىدىغان) مالامەتنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىدۇر. چۈنكى، ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ قوللىرىدىن قۇتۇلۇشقا قادىر بولالمايدىغان، قادىر بولغان تەقدىردىمۇ، يولنى بىلەلمەيدىغانلاردۇر. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنىڭ (ھىجرەت قىلمىغان) گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتتى.

**﴿ئەنە شۇلارنى الله ئەپۇ قىلغاي. الله ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾** ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىرگە) خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بېرىۋېتىپ "سەمىئاللاھۇ لىمەن ھەمىدە" دەپ بولۇپ، سەجدە قىلىشتىن بۇرۇن: «ئى الله ! ئەيياش ئىبنى ئەبۇرەبىيئەنى قۇتقۇزغىن، ئى الله ! سەلىمە ئىبنى ھىشامنى قۇتقۇزغىن. ئى الله ! ۋەلىد ئىبنى ۋەلىدنى قۇتقۇزغىن، ئى الله ! ئاجىز مۆمىنلەرنى قۇتقۇزغىن. مۇزەر قەبىلىسىنى قاتتىق تۇتقىن (يەنى ئۇنى قاتتىق ئازابلىغىن). ئى الله ! ئۇلارنى (ئازابلىغاندا) يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يىللىرىدەك قەھەتچىلىك يىللارنى قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئانام بىلەن ئىككىمىز الله تائالا مالامەت قىلىشنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئۆزرىلىك كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئىدۇق».

**﴿كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ﴾** بۇ، ھىجرەت قىلىشقا ۋە مۇشرىكلاردىن ئايرىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. چۈنكى، مۆمىن مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن، شۇ جايدا ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ماكان تاپالايدۇ. ئىبنى ئابباس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كەڭچىلىك تاپىدۇ**﴾ دېگەنلىك، بىر زېمىندىن يەنە بىر زېمىنغا يۆتكىلىش دېگەنلىك بولىدۇ.

زەھھاك، رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە سەۋرى قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقىدەك دېدى. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ھىجرەت قىلغان كىشى يامان كۆرىدىغان نەرسىدىن يىراق بولىدۇ ۋە رىزىق مول بولىدۇ. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالا ئۇ كىشىنى ئازغۇنلۇقتىن توغرا يولغا، پېقىرلىقتىن بايلىققا ئېلىپ چىقىدۇ.

﴿**كىمكى ئۆيىدىن الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم الله بېرىدۇ**﴾ يەنى كىمكى ئۆيىدىن ھىجرەت قىلىش نىيىتى بىلەن چىقسا، ئاندىن شۇ سەپەر ئۈستىدە ئۆلسە، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدا ھىجرەت قىلغان كىشىنىڭ ساۋابى بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسەئى قاتارلىق ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ئالىملار ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ھەممە ئىشلارنىڭ نىيەتكە باغلىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتتە بارلىق ئەمەللەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقى نىيەتكە باغلىق. شۇنداقلا ھەر قانداق كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى **الله** ۋە **الله** نىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنى تاپىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ» . بۇ ھەدىس ھىجرەت ۋە باشقا ھەممە ئىشلارغا ئومۇمىيدۇر.

99 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە: "ساڭا تەۋبە يوق" دېگەن كىشىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ سانىنى 100 قىلغان. ئاندىن باشقا ئالىمدىن: "ساڭا تەۋبە بار" دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەردىن (**الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان) باشقا شەھەرگە قاراپ يولغا چىققان (ھېلىقى) ئىسرائىللىق كىشى توغرىسىدىكى ھەدىسمۇ بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەدىسنىڭ داۋامى مۇنداق: ئۇ ئۆزىنىڭ شەھىرىدىن باشقا شەھەرگە ھىجرەت قىلىپ مېڭىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە ئۆلۈپ قالىدۇ، ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى تالىشىپ قالىدۇ. رەھمەت پەرىشتىلىرى: ئۇ تەۋبە قىلىپ كەلگەن، ـ دەيدۇ. ئازاب پەرىشتىلىرى: ئۇ تېخى شەھەرگە يېتىپ بارمىغان، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار ئارىلىقنى يەنى ئۇ كىشىنىڭ شەھىرى بىلەن بارماقچى بولغان شەھەرنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەشكە، ئۇنىڭ جەسىتى بار جاي ئىككى شەھەرنىڭ قايسىغا يېقىن بولسا، ئۇنى شۇنىڭغا تەۋە قىلىشقا كېلىشىدۇ. **الله** تائالا ئۇ بارماقچى بولغان شەھەرنى يېقىنلىتىشقا، بۇرۇنقى شەھىرىنى بولسا يىراقلىتىشقا بۇيرۇدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ ھىجرەت قىلىپ ماڭغان تەرەپكە بىر غېرىچ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى رەھمەت پەرىشتىلىرى ئېلىپ كېتىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ سەكراتتىكى چېغىدا ھىجرەت قىلماقچى بولغان زېمىن تەرەپكە مەيدىسى بىلەن سۈرۈلگەن، ـ دېيىلگەن.

* * * * * * *

144

وَإِذَا ضَرَبْتُمْ فِي ٱلْأَرْضِ فَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَقْصُرُواْ مِنَ ٱلصَّلَوٰةِ إِنْ خِفْتُمْ أَن يَفْتِنَكُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْۚ إِنَّ ٱلْكَٰفِرِينَ كَانُواْ لَكُمْ عَدُوًّا مُّبِينًا ﴿١٠١﴾

سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. كاپىرلار سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر (ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ)﴿101﴾.

## نامازنى قەسر قىلىپ (قىسقارتىپ) ئوقۇش توغرىسىدا

**﴿سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾**. بۇ ئايەت چۈشكەن ۋاقىتلاردا، بۇ ئەھۋال كۆپ يۈز بەرگەن ئىدى. ھىجرەتتىن كېيىن (ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە)، ئۇلار كۆپىنچە سەپەرلىرىدە قورقۇنچ ئىچىدە يول يۈرەتتى. ئۇلار پەقەت ئومۇمىيۈزلۈك غازات قىلىش ياكى خاس قوشۇن چىقارغاندىلا سەپەر قىلاتتى.

ئىمام ئەھمەد يەئلا ئىبنى ئۇمەييەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا: **﴿كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، نامازنى قەسرى قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: ھازىر الله تائالا كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلدى (يەنى الله تائالا ئايەتتە: سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قېلىشىدىن قورققان بولساڭلار، نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇساڭلار، سىلەرگە گۇناھ يوق، ـ دېدى. ئەمدىلىكتە الله تائالا كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلدى)، ئەمدى نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئۆزرە بولىدىغان سەۋەبىمىز يوق بولغاندىن كېيىن، نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇمىساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۆمەر ماڭا مۇنداق دېدى: مەنمۇ سەندەك (بۇ ئىشتىن) ھەيران قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇ توغرىسىدا سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «خاتىرجەم بولغاندىمۇ نامازنى قىسقارتىپ ئوقۇشىمىز، الله نىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان بىر سەدىقىسىدۇر. سىلەر الله تائالانىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار».

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبۇشەيبە ئەبۇھەنزەلە ھىزائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەردىن سەپەردە ئوقۇيدىغان نامازنىڭ قانچە رەكئەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا سورىغان ئىدىم. ئۆمەر: ئىككى رەكئەت، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن مەن: الله تائالا: **﴿كاپىرلارنىڭ ئۆزەڭلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ﴾** دېگەن تۇرسا، بىز ھازىر خاتىرجەم تۇرساق، ـ دېدىم. ئۆمەر: شۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر، ـ دېدى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن مەدىنىدىن مەككىگە يولغا چىقتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تاكى بىز مەدىنىگە قايتقىچە، نامازنى ئىككى رەكئەت - ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇدى. مەن ئەنەستىن[1]: سىلەر مەككىدە تۇردۇڭلارمۇ؟- دەپ سورىدىم. ئۇ: مەككىدە ئون كۈن تۇردۇق،- دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام ئەھمەد ھارىسە ئىبنى ۋەھب خوزائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىنى كىشىلەر ئەڭ كۆپ بولغان ۋە خاتىرجەم تۇرىدىغان مىنادىمۇ ئىككى رەكئەت ئوقۇدۇم.

سەھىھ بۇخارىنىڭ ھەدىسىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىزگە مىنادىكى خاتىرجەم ۋاقتىدىمۇ نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بەردى،- دەپ بايان قىلىنغان.

* * * * * * *

وَإِذَا كُنتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَلْتَقُمْ طَآئِفَةٌ مِّنْهُم مَّعَكَ وَلْيَأْخُذُوٓا۟ أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُوا۟ فَلْيَكُونُوا۟ مِن وَرَآئِكُمْ وَلْتَأْتِ طَآئِفَةٌ أُخْرَىٰ لَمْ يُصَلُّوا۟ فَلْيُصَلُّوا۟ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا۟ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ ۗ وَدَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُم مَّيْلَةً وَٰحِدَةً ۚ وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِن كَانَ بِكُمْ أَذًى مِّن مَّطَرٍ أَوْ كُنتُم مَّرْضَىٰٓ أَن تَضَعُوٓا۟ أَسْلِحَتَكُمْ ۖ وَخُذُوا۟ حِذْرَكُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ أَعَدَّ لِلْكَٰفِرِينَ عَذَابًا مُّهِينًا ﴿١٠٢﴾

(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن، كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار، الله ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى﴿102﴾.

(1) بۇ يەردە ئىمام بۇخارى بىلەن ئەنەسنىڭ ئارىلىقىدا ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان يەھيا ئىبنى ئەبۇئىسھاق دېگەن كىشى بار بولۇپ، ئۇ ھەدىسنى ئەنەستىن شۇنداق ئاڭلىغان. بۇ يەردىكى "مەن" يەھيا ئىبنى ئەبۇئىسھاق دېگەن كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

## قورقۇنچلۇق پەيتتە ئوقۇلىدىغان نامازلارنىڭ بايانى

قورقۇنچلۇق پەيتتە ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ تۈرى ھەرخىل بولىدۇ. چۈنكى، دۈشمەن گاھى قىبلە تەرەپتە بولىدۇ، گاھى ئۇنىڭ باشقا تەرىپىدە بولىدۇ ناماز گاھى تۆت رەكئەتلىك، گاھى ناماز شامغا ئوخشاش ئۈچ رەكئەتلىك، گاھى بامدات نامىزى ۋە سەپەردىكى قەسىر نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەتلىك بولىدۇ. (ناماز) گاھى جامائەت بولۇپ ئوقۇلسا، ئۇرۇش قاتتىق قىزىپ كەتكەندە، جامائەت بولۇپ ئوقۇش مۇمكىن بولمايدۇ. بەزىدە قىبلىگە يۈزلەنگەن ۋە يۈزلەنمىگەن ھالەتتە، ئۇلاغقا مىنگەن ۋە پىيادە يول يۈرگەن ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ ھالەتتە نامازدا تۇرۇپ مېڭىشى ۋە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئالىملارنىڭ ئېچىدىن: ئۇلار بۇ ھالەتتە نامازنى بىر رەكئەت ئوقۇسا بولىدۇ، ـ دېگەنلەرمۇ بار.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بۇنىڭ پاكىتىدۇر: **اللہ** تائالا نامازنى سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارنىڭ تىلى ئارقىلىق سەپەرگە چىقمىغاندا تۆت رەكئەت، سەپەردە ئىككى رەكئەت ۋە قورقۇنچلۇق پەيتلەردە بىر رەكئەت ئوقۇشنى پەرز قىلدى. بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ: قورقۇنچلۇق پەيتتە ناماز بىر رەكئەت ئوقۇلىدۇ، ـ دېدى. مۇنزىرى مۇنداق دەيدۇ: ئەتا، جابىر، ھەسەن، مۇجاھىد، ھەكەم، قەتادە، ھەمماد، تائۇس ۋە زەھھاك قاتارلىقلاردىنمۇ شۇنداق بايان قىلىنغان. ئەبۇئاسىم ئابادى مۇھەممەد ئىبنى نەسرى مەئرۇزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قورقۇنچلۇق پەيتلەردە بامدات نامىزىنى بىر رەكئەت ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئىبنى ھەزمىمۇ شۇنداق دېدى. ئىسھاق ئىبنى راھۇيە مۇنداق دەيدۇ: قىلىچ چېپىپ ئۇرۇشۇۋاتقان چاغدا، ئىشارەت بىلەن ئوقۇلغان بىر رەكئەت نامازمۇ كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، بىر سەجدىمۇ كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ **اللہ** تائالانى زىكرى قىلىشتۇر. بىز قورقۇنچ نامىزىنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇئىياش زۇرقىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئەسفان دېگەن جايدا ئىدۇق. مۇشرىكلار خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ باشچىلىقىدا قىبلە تەرەپتىن بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. مۇشرىكلار مۇنداق دېيىشتى: ئۇلار شۇنداق بىر ھالەتتە ئىدىكى، ئەگەر بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى خالىغان بولساق، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلالايتتۇق. ھازىر ئۇلارغا (ئەسىر) نامىزىنىڭ ۋاقتى بولىدۇ، ناماز ئۇلار ئۈچۈن باللىرىدىن ۋە ئۆزلىرىدىنمۇ قىممەتلىكتۇر. بىز ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا ھۇجۇم قىلايلى.

شۇنىڭ بىلەن پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئېلىپ چۈشتى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن (جىھادتا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا...**﴾

نامازنىڭ ۋاقتىمۇ كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا قوراللىرىنى ئېلىشقا

بۇيرۇدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ئىككى سەپ بولۇپ تۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ قىلدى، بىزمۇ رۇكۇ قىلدۇق. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) رۇكۇدىن بېشىنى كۆتەردى، بىزمۇ بېشىمىزنى كۆتەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى سەپتىكىلىرىمىز بىلەن بىللە سەجدە قىلدى. ئىككىنچى سەپتىكىلىرىمىز سەجدىگە بارماي ئۆرە تۇرۇپ ئۇلارنى قوغدىدى. ئۇلار سەجدىنى قىلىپ بولۇپ ئۆرە تۇرغاندا، ئىككىنچى سەپتىكىلەر ئۆز ئورۇنلىرىدا سەجدە قىلدى. بىرىنچى سەپتىكىلەر بىلەن ئىككىنچى سەپتىكىلەر ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى رەكئەت ئۈچۈن رۇكۇ قىلدى، بىزمۇ رۇكۇ قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن باش كۆتەرگەندە، بىزمۇ بېشىمىزنى كۆتەردۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بىرىنچى سەپ سەجدە قىلدى. ئىككىنچى سەپتىكىلەر سەجدە قىلماي، ئۆرە تۇرۇپ ئۇلارنى قوغدىدى. ئۇلار تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا، ئىككىنچى سەپتىكىلەر سەجدە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام بەردى (يەنى ھەممىمىز نامازنى تاماملىدۇق). ئەبۇئىياش يەنە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نامازنى ئەسفان دېگەن يەردە بىر قېتىم، سەلىم جەمەتىنىڭ زېمىنىدا يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بەردى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇردى، كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇلاق قاقتى، ئۇلارمۇ قۇلاق قاقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇ قىلدى، كىشىلەرمۇ بىللە رۇكۇ قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدە قىلدى، ئۇلارمۇ بىللە سەجدە قىلدى. ئىككىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەجدە قىلغان كىشىلەر قوپۇپ قېرىنداشلىرىنى قوغدىدى. ئىككىنچى رەكئەتتە ئىككىنچى تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە سەجدە قىلدى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى نامازدا تۇرغان ھالەتتە بولسىمۇ، (لېكىن) بەزىسى بەزىسىنى قوغدىدى. (بۇ ھەدىستىن نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى رەكئەت، ئارقىسىدىكى ساھابىلەرنىڭ بىر رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ).

ئىمام ئەھمەد جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە قورقۇنچ نامىزىنى ئوقۇپ بەردى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا بىر سەپ، كەينىدە بىر سەپ بولۇپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەينىدىكى سەپتە تۇرغان كىشىلەرگە بىر رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلىپ بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى. ئاندىن ئالدىدىكى سەپتە تۇرغان كىشىلەر كەينى سەپتىكى كىشىلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ بىر رۇكۇ، ئىككى سەجدە قىلىپ بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىپ سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزى ئىككى رەكئەت، ساھابىلەرنىڭ بىر رەكئەت بولدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم سالىمدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت قورقۇنچ نامىزى ھەققىدە كەلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرىگە بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى، يەنە بىر گۇرۇھ دۈشمەنلەرگە ئالدىنى قىلىپ تۇردى. دۈشمەنلەرگە قاراپ تۇرغان گۇرۇھ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدە نامازغا تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغىمۇ بىر رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىپ سالام بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر گۇرۇھ قوپۇپ، بىر رەكئەتتىن، بىر رەكئەتتىن ناماز ئوقۇدى.

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەردىن قورقۇنچ نامىزىنىڭ ئۈچ خىل يول بىلەن ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى ئالىملار ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىگە ئاساسەن: قورقۇنچ نامىزىدا قوراللارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ۋاجىبتۇر، ـ دەيدۇ. الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىمۇ بۇ سۆزنى دەلىللەپ بېرىدۇ: ﴿**ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار**﴾ يەنى زۆرۈر بولغاندا قوراللىرىڭلارنى دەرھال قولۇڭلارغا ئالغىدەك تەييار تۇرۇڭلار. ﴿**الله ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى**﴾.

*******

فَإِذَا قَضَيْتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ قِيَٰمًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِكُمْ ۚ فَإِذَا ٱطْمَأْنَنتُمْ فَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ ۚ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ كَانَتْ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ كِتَٰبًا مَّوْقُوتًا ﴿١٠٣﴾ وَلَا تَهِنُوا۟ فِى ٱبْتِغَآءِ ٱلْقَوْمِ ۖ إِن تَكُونُوا۟ تَأْلَمُونَ فَإِنَّهُمْ يَأْلَمُونَ كَمَا تَأْلَمُونَ ۖ وَتَرْجُونَ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا يَرْجُونَ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٠٤﴾

نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا، ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا الله نى ياد ئېتىڭلار (الله سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى مۇمكىن). خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى﴿103﴾. دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار؛ ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىت بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) الله دىن ئۈمىد قىلىسىلەر. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿104﴾.

## قورقۇنچ نامىزىدىن كېيىن، الله تائالانى كۆپ زىكىر قىلىش توغرىسىدا

ھەممە نامازلارنىڭ ئارقىسىدىن الله تائالانى زىكىر قىلىش يولغا قويۇلغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق قورقۇنچ نامىزىنىڭ پەرزلىرىنىڭ يەڭگىل بولۇپ قالغانلىقى (يەنى بەزىدە بىر رەكئەت بولۇپ قالغانلىقى)، بىرسى ـ بىرسىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ ئوقۇسا بولىدىغانلىقى، باشقا چاغدىكى ئوقۇلىدىغان نامازلاردا قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار ئۇرۇشتا قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، (الله تائالا بۇ يەردە) قورقۇنچ نامىزىنىڭ ئارقىسىدىن زىكىرنى كۆپ قىلىشقا ئالاھىدە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**نامازدىن فارىغ بولغىنىڭلاردا، ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا الله نى ياد ئېتىڭلار (الله سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى مۇمكىن)**﴾ بۇ، الله تائالانىڭ ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلار توغرىسىدىكى مۇنۇ ئايىتىگە ئوخشايدۇ: ﴿بۇ ئايلاردا (ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق بىلەن، الله چەكلىگەن گۇنا

ئىشلارنى قىلىش بىلەن) ئۆزەڭلارغا زىيان سالماڭلار﴾[1] زۇلۇم قىلىش بۇ ئايلاردىن باشقا ئايلاردىمۇ توسالغان بولسىمۇ، بۇ ئايلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن (الله تائالا بۇ يەردە) بۇ ئايلاردا زۇلۇم قىلماسلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

﴿**خاتىرجەم بولغان چېغىڭلاردا نامازنى (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن) مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: نامازنىڭمۇ ھەجگە ئوخشاش ۋاقتى بار. مۇجاھىد، سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ، ئەلى ئىبنى ھۈسەين، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ھەسەن، مۇقاتىل، سۇددى، ئەتىيە ئەۋفىي قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئوخشاش بايان قىلدى.

## يارىلانغان بولسىمۇ، دۈشمەننى قوغلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا

﴿**دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار**﴾ يەنى ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى)﴾[2].

﴿**سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىت بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) الله دىن ئۈمىد قىلىسىلەر**﴾ ئۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر ئۇلارغا قارىغاندا جىھاد قىلىشقا بەكرەك ھەقلىقتۇر. سىلەر الله تائالانىڭ ھۆكمىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئۈستۈن قىلىشقا ناھايىتى ھېرىسمەن بولۇشۇڭلار كېرەك.

﴿**الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ الله تائالا ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىشتا، شەرئىي ھۆكۈملىرىدە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

* * * * * * *

إِنَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ لِتَحۡكُمَ بَيۡنَ ٱلنَّاسِ بِمَآ أَرَىٰكَ ٱللَّهُۚ وَلَا تَكُن لِّلۡخَآئِنِينَ
خَصِيمٗا ﴿١٠٥﴾ وَٱسۡتَغۡفِرِ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿١٠٦﴾ وَلَا تُجَٰدِلۡ عَنِ ٱلَّذِينَ
يَخۡتَانُونَ أَنفُسَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ خَوَّانًا أَثِيمٗا ﴿١٠٧﴾ يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱلنَّاسِ وَلَا
يَسۡتَخۡفُونَ مِنَ ٱللَّهِ وَهُوَ مَعَهُمۡ إِذۡ يُبَيِّتُونَ مَا لَا يَرۡضَىٰ مِنَ ٱلۡقَوۡلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطًا
﴿١٠٨﴾ هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ جَٰدَلۡتُمۡ عَنۡهُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فَمَن يُجَٰدِلُ ٱللَّهَ عَنۡهُمۡ يَوۡمَ
ٱلۡقِيَٰمَةِ أَم مَّن يَكُونُ عَلَيۡهِمۡ وَكِيلٗا ﴿١٠٩﴾

(1) تەۋبە سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 140 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا اللّٰه نىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلىسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن﴿105﴾. اللّٰه دىن مەغپىرەت تىلىگىن. اللّٰه ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿106﴾. (گۇناھ قىلىش) بىلەن ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى اللّٰه ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴿107﴾. ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، اللّٰه دىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرمايدۇ؛ ئۇلار اللّٰه رازى بولمايدىغان سۆزنى، (يەنى بوھتان چاپلاش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە يالغان قەسەمنى) پىلانلىغان چاغدا، اللّٰه ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇراتتى، سۆزنى ئاڭلاپ تۇراتتى). ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى اللّٰه تامامەن بىلگۈچىدۇر﴿108﴾. سىلەر شۇنداق كىشىلەر سىلەركى، ھاياتىي دۇنيادا ئۇلارنىڭ (يەنى ئوغرى ۋە خائىنلارنىڭ) تەرىپىنى ئالدىڭلار، قىيامەت كۈنى كىم اللّٰه غا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ؟ (يەنى اللّٰه نىڭ ئازابىنى ئۇلاردىن كىم دەپئى قىلىدۇ؟) ياكى كىم ئۇلارغا ھامىي بولىدۇ؟﴿109﴾

## اللّٰه تائالانىڭ نازىل قىلغان ئايىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا اللّٰه نىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلىسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق﴾** ئىمام ئەھمەد ئۇممۇسەلەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلاردىن ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۆزلىرىنىڭ مىراس دەۋاسى توغرۇلۇق شىكايەت قىلىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ پاكىتى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ قېشىمغا دەۋالىشىپ كېلىپسىلەر، ھەقىقەتەن مەنمۇ بىر ئىنسان، بەزىڭلار بەزىڭلاردىن پاكىت كەلتۈرۈش جەھەتتە ئۇستا بولۇشۇڭلار مۇمكىن، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا پەقەت سىلەردىن ئاڭلىغىنىم بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن. كىمگە قېرىندىشىنىڭ ھەققىدىن بىر نەرسە ھۆكۈم قىلىپ بەرسەم، ئۇنى ئالمىسۇن. (ئەگەر ئۇنى ئالسا) قىيامەت كۈنى گەدىنىدە ئېلىپ كېلىدىغان بىر پارچە ئوتنى بۆلۈپ بەرگەن بولىمەن». ئۇ ئىككى كىشى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يىغلىشىپ كەتتى ۋە ئىككىلىسى: مېنىڭ ھەققىم قېرىندىشىم ئۈچۈن بولسۇن، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇنداق دېسەڭلار، بېرىپ ماللارنى ئادىللىق بىلەن بۆلۈشكە تىرىشىپ چەك تاشلاڭلار. ئاندىن بىر ـ بىرىڭلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىڭلار».

**﴿ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرىدۇ، اللّٰه دىن (خىجىل بولۇپ) يوشۇرمايدۇ﴾** مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ يامانلىقلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئەيىپلىمەسلىكى ئۈچۈن يوشۇرغان بولىسىمۇ، لېكىن اللّٰه تائالاغا ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن، اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنى ئەيىبلىگەن. چۈنكى، اللّٰه تائالا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ۋە دىللىرىدىكىنى بىلگۈچىدۇر. شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار**

**الله رازى بولمايدىغان سۆزنى، (يەنى بوھتان چاپلاش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە يالغان قەسەمنى) پىلانلىغان چاغدا، الله ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇراتتى، سۆزىنى ئاڭلاپ تۇراتتى). ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى الله تامامەن بىلگۈچىدۇر﴾** بۇ، ئۇلار ئۈچۈن قىلىنغان بىر تەھدىتتۇر.

﴿**سىلەر شۇنداق كىشىلەر سىلەركى، ھاياتىي دۇنيادا ئۇلارنىڭ (يەنى ئوغرى ۋە خائىنلارنىڭ) تەرىپىنى ئالدىڭلار﴾** يەنى ئۇلار بۇ دۇنيادا سىرتقى كۆرۈنۈشكە قاراپ ھۆكۈم قىلىدىغان كىشىلەر ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىكى پاكىتلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق غەلىبە قازاندى. قىيامەت كۈنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە يوشۇرغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان زات الله تائالانىڭ ئالدىدا قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئۇ كۈنى ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى ھەققە چىقىرىپ بېرىشكە كىم ۋەكىل بولار؟ ئۇلارغا ئۇ كۈنى ھېچكىم ۋەكىل بولالمايدۇ ھەم ياردەم قىلالمايدۇ. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قىيامەت كۈنى كىم الله غا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ؟ (يەنى الله نىڭ ئازابىنى ئۇلاردىن كىم دەپئى قىلىدۇ؟) ياكى كىم ئۇلارغا ھامىي بولىدۇ؟﴾**

* * * * * * *

وَمَن يَعْمَلْ سُوٓءًا أَوْ يَظْلِمْ نَفْسَهُۥ ثُمَّ يَسْتَغْفِرِ ٱللَّهَ يَجِدِ ٱللَّهَ غَفُورًا رَّحِيمًا ﴿١١٠﴾
وَمَن يَكْسِبْ إِثْمًا فَإِنَّمَا يَكْسِبُهُۥ عَلَىٰ نَفْسِهِۦ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١١١﴾ وَمَن
يَكْسِبْ خَطِيٓـَٔةً أَوْ إِثْمًا ثُمَّ يَرْمِ بِهِۦ بَرِيٓـًٔا فَقَدِ ٱحْتَمَلَ بُهْتَٰنًا وَإِثْمًا مُّبِينًا ﴿١١٢﴾ وَلَوْلَا
فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكَ وَرَحْمَتُهُۥ لَهَمَّت طَّآئِفَةٌ مِّنْهُمْ أَن يُضِلُّوكَ وَمَا يُضِلُّونَ
إِلَّآ أَنفُسَهُمْ ۖ وَمَا يَضُرُّونَكَ مِن شَىْءٍ ۚ وَأَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ
وَعَلَّمَكَ مَا لَمْ تَكُن تَعْلَمُ ۚ وَكَانَ فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكَ عَظِيمًا ﴿١١٣﴾

كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ الله نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ﴿110﴾. كىمكى، (قەستەن) بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا قىلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزى تارتىدۇ). الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿111﴾. كىمكى بىر كىچىك گۇناھ ياكى بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ﴿112﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ساڭا الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى؛ ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى. الله نىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر﴿113﴾.

## تەۋبە قىلىشقا ۋە مەغپىرەت تىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش، گۇناھ قىلغان ياكى گۇناھنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويغان ئادەمگە قىلىنغان ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

الله تائالا (مەيلى قانداق گۇناھ قىلغان بولسۇن) گۇناھىدىن تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ الله نىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ**﴾.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ كەچۈرىدىغانلىقىنى، جازا بېرىشكە ئالدىراپ كەتمەيدىغانلىقىنى، سېخى، رەھمىتىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكىنى ۋە گۇناھلارنى كەچۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ھەر قانداق ئادەم (كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن) بىر گۇناھ قىلسا، ئاندىن الله تائالادىن گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تىلىسە، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئاسمان - زېمىن ۋە تاغلاردىن چوڭ بولسىمۇ، ئۇ الله تائالانىڭ گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى ۋە ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسىنى ئاڭلىسام، الله تائالا ماڭا ئۇ نەرسىدىن ئۆزى خالىغان بويىچە مەنپەئەت بېرىدۇ. ئەبۇبەكرى ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمان كىشى گۇناھتىن بىرنى قىلىپ قويۇپ، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، الله تائالادىن گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشنى تىلىسە، الله تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ» دەپ، بۇ ئىككى ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىپ بەردى: ﴿**كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا...**﴾، ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، الله نى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله دىن باشقا كىم بار؟﴾[1].

﴿**كىمكى، (قەستەن) بىرەر گۇناھ قىلسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا قىلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ۋابالىنى ئۆزى تارتىدۇ)**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ﴾[2] يەنى بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ، ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ ئەمەلىگە قارىتا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى يەنە بىر ئادەم ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

﴿**الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا بىلىملىك، ئادىل، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە شەپقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ.

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 135 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك)، ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن. (ئۇ) ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس بولغان **الله** نىڭ يولىدۇر. بىلىڭلاركى، ھەممە ئىش **الله** غا قايتىدۇ﴾[1] ﴿سەن (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ، پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىپ (ساڭا ئۇنى نازىل قىلدى)﴾[2] شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله نىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر﴾**.

* * * * * * *

﴿ لَّا خَيۡرَ فِي كَثِيرٖ مِّن نَّجۡوَىٰهُمۡ إِلَّا مَنۡ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوۡ مَعۡرُوفٍ أَوۡ إِصۡلَٰحِۭ بَيۡنَ ٱلنَّاسِۚ وَمَن يَفۡعَلۡ ذَٰلِكَ ٱبۡتِغَآءَ مَرۡضَاتِ ٱللَّهِ فَسَوۡفَ نُؤۡتِيهِ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿١١٤﴾ وَمَن يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلۡهُدَىٰ وَيَتَّبِعۡ غَيۡرَ سَبِيلِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ نُوَلِّهِۦ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصۡلِهِۦ جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا ﴿١١٥﴾

ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ (ئىش) لارنى **الله** نىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجر ئاتا قىلىمىز﴿114﴾. كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴿115﴾.

## ياخشىلىق ئۈچۈن قىلىنغان مەخپىي سۆز توغرىسىدا

**﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾** ئىمام ئەھمەد ئەقەبەنىڭ قىزى ئۇممۇكۇلسۇمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ياخشى سۆزنى كۆپتۈرگەن ياكى ياخشى گەپنى قىلغان كىشى

(1) شۇرا سۈرىسى 52 ــ 53 ـ ئايەتلەر.
(2) قەسەس سۈرىسى 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يالغانچى ھېسابلانمايدۇ»[1].

ئۇممۇكۇلسۇم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن باشقا ئىشتا كىشىلەرنىڭ يالغان ئېيتىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم: بىرىنچى، ئۇرۇشتا[2]. ئىككىنچى، كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشتا. ئۈچىنچى، ئەر ـ ئايالنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان سۆزلىرىدە[3]. ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: ئەقەبەنىڭ قىزى ئۇممۇكۇلسۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئاياللاردىندۇر[4].

ئىمام ئەھمەد ئەبۇداردانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن: «مەن سىلەرگە روزىنىڭ، نامازنىڭ ۋە سەدىقە قىلغانىنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ كاتتا بىر ئىشتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ھەئە، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇ ئىش) يامانلىشىپ قالغان ئىككى ئادەمنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشتۇر. ئەمما يامانلىشىپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش (ئۇلارنى) ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر» دېدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿كىمكى ئۇ (ئىش) لارنى الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجر ئاتا قىلىمىز﴾**.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قارشىلاشقان ۋە مۆمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگەشمىگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى

**﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز﴾** يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن يولنىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، قەستەن باشقا يولغا مېڭىش ۋە مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يولغا ئەگىشىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ۋە مۆمىنلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرىگە قارشىلىق قىلىش بولىدۇ. چۈنكى، مۆمىنلەر بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەر خاتالىقتىن خالىيدۇر. الله تائالا ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن تەھدىت سالىدى.

**﴿ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾**



(1) يەنى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن يالغاندىن ياخشى گەپلەرنى قىلغان بولسا، ئۇ كىشى يالغان ئېيتقان ھېسابلانمايدۇ.

(2) يەنى ئۇرۇشتا ئۆزلىرىنىڭ قەيەرگە ماڭغانلىقىنى دۈشمەنىنىڭ ياكى مۇناپىقلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرەپكە ماڭىمىز دەپ قويۇپ باشقا تەرەپكە ماڭسا، يالغانچى ھېسابلانمايدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: زالىم پادىشاھقا ياكى زالىم ھۆكۈمەتكە يالغان ئېيتىسمۇ بولىدۇ، ـ دەپ بايان قىلىنغان.

(3) يەنى ئەر ـ ئايال بىرسى بىرسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشىسمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بىرسى يەنە بىرسىنى بەك ياخشى كۆرمىسىمۇ، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. ياكى چىرايلىق بولمىسىمۇ، سەن بەك چىرايلىق دېگەنگە ئوخشاش. ئەمما بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلىش، ئالداش ئۈچۈن يالغان سۆزلەش دۇرۇس ئەمەس.

(4) بۇ يەردە بۇ ھەدىسنىڭ ئىشەنچلىك بىر ئايالدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى تەكىتلىمەكچى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلارنى ماڭا قويۇۋەتكىن، ئۇلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا-ئاستا ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىمىز﴾[1]، ﴿ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى﴾[2]، ﴿ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾[3] يەنى دوزاخ ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى قىلىندى، چۈنكى، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى دوزاختىن باشقا بىر يەرگە يول تېپىلمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(الله پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ الله نى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار﴾[4] ﴿گۇناھكارلار دوزاخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىدۇ، دوزاختىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴾[5].

* * * * * * *

إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ
ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا ﴿١١٦﴾ إِن يَدْعُونَ مِن دُونِهِۦٓ إِلَّآ إِنَٰثًا وَإِن يَدْعُونَ إِلَّا شَيْطَٰنًا مَّرِيدًا
﴿١١٧﴾ لَّعَنَهُ ٱللَّهُ ۘ وَقَالَ لَأَتَّخِذَنَّ مِنْ عِبَادِكَ نَصِيبًا مَّفْرُوضًا ﴿١١٨﴾ وَلَأُضِلَّنَّهُمْ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمْ
وَلَءَامُرَنَّهُمْ فَلَيُبَتِّكُنَّ ءَاذَانَ ٱلْأَنْعَٰمِ وَلَءَامُرَنَّهُمْ فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلْقَ ٱللَّهِ ۚ وَمَن يَتَّخِذِ
ٱلشَّيْطَٰنَ وَلِيًّا مِّن دُونِ ٱللَّهِ فَقَدْ خَسِرَ خُسْرَانًا مُّبِينًا ﴿١١٩﴾ يَعِدُهُمْ وَيُمَنِّيهِمْ ۖ
وَمَا يَعِدُهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ إِلَّا غُرُورًا ﴿١٢٠﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ مَأْوَىٰهُمْ جَهَنَّمُ وَلَا يَجِدُونَ عَنْهَا مَحِيصًا ﴿١٢١﴾
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ سَنُدْخِلُهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ
خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا ۖ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقًّا ۚ وَمَنْ أَصْدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلًا ﴿١٢٢﴾

الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴿116﴾. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) الله نى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت الله نىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ﴿117﴾. الله شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى: «مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگەللەيمەن﴿118﴾. شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن (يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن)، ئۇلارنى چوقۇم چاھارپايلارنىڭ



---

(1) قەلەم سۈرىسى 44 - ئايەت.
(2) سەپ سۈرىسى 5 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 110 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ساففات سۈرىسى 22 ـ 23 - ئايەتلەر.
(5) كەھف سۈرىسى 53 - ئايەت.

(بۇتلارغا نەزرە قىلىپ بەلگە ئۈچۈن) قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھ نىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە (يەنى قۇللارنى ئاختا قىلىش، ئۇلارغا مەڭ ئۇيدۇرۇشقا ئوخشاش) ئىشلارغا بۇيرۇيمەن». كىمكى ئاللاھ نى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ﴿119﴾. شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ)، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ﴿120﴾. ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴿121﴾ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاللاھ دىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى ئاللاھ دىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچ ئەھەدى بولمايدۇ)﴿122﴾.

## ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ كەچۈرۈلمەيدىغانلىقى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئەمەلىيەتتە شەيتانغا ئىبادەت قىلىدىغانلىقى

﴿**ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ**﴾ بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن ۋە ھەدىسلەر بۇ سۈرىنىڭ 48 ـ ئايىتىدە بايان قىلىندى.

﴿**كىمكى ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ**﴾ يەنى كىمكى ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇ ھەق يولدىن باشقا يولغا ماڭغان، توغرا يولدىن ئېزىپ يىراقلىشىپ كەتكەن، ئۆزىنى ـ ئۆزى ھالاك قىلغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقان، (شۇنىڭ بىلەن) دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىدىن قۇرۇق قالغان بولىدۇ.

﴿**ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھ نى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ**﴾ جۇۋەيبىر بۇ ئايەت توغرىسىدا زەھھاكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار: پەرىشتىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ قىزلىرىدۇر، بىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشىمىز ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەرىشتىلەرنى ئىبادەت قىلىدىغان بىر نەرسە قىلىۋالدى، ئۇلار پەرىشتىلەرنى قىزلار دەپ ئويلاپ قالدى ۋە پەرىشتىلەرنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈم قىلغۇچى قىلىۋالدى. ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار پەرىشتىلەرنى: ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئىبادەت قىلىدىغان قىزلىرى، ـ دېدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (ئاللاھ تائالادەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)﴾[1]، ﴿ئۇلار مەرھەمەتلىك ئاللاھ نىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى﴾[2]، ﴿ئۇلار: «ئاللاھ بىلەن جىنلارنىڭ

---

(1) نەجم سۈرىسى 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئارىسىدا قۇدا ـ باجىلىق بار» دەپ جۆيلۇدى﴾[1].

﴿**پەقەت الله نىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ**﴾ يەنى شەيتان ئۇلارنى ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئىبادەت قىلىشنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. **الله** تائالا ئىنسانلارنىڭ شەيتانغا ئىبادەت قىلماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾[2] ۋە **الله** تائالا مۇشرىكلارنىڭ قىيامەت كۈنى: دۇنيادا پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلدۇق، ـ دەپ دەۋا قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارنى ئىنكار قىلىپ: ﴿(ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى، جىنغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى»﴾[3] دەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

﴿**الله شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى: «مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگەللەيمەن**﴾ مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ھەر مىڭ ئادەمنىڭ 999 دوزاختا، بىرى جەننەتتە بولىدۇ.

﴿**شۈنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن (يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن)**﴾ يەنى: كېيىنچە تەۋبە قىلىۋالساڭمۇ بولىدۇ، ـ دېگەنگە ئوخشاش خام ـ خىياللارنى قىلدۇرىمەن.

﴿**ئۇلارنى چوقۇم چاھارپايلارنىڭ (بۇتلارغا نەزرە قىلىپ بەلگە ئۈچۈن) قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم الله نىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە (يەنى قۇللارنى ئاختا قىلىش، ئۇلارغا مەڭ ئويدۇرۇشقا ئوخشاش) ئىشلارغا بۇيرۇيمەن»**﴾ ھەسەن ئىبنى ئەبۇھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: شەيتان بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى بەدەنلىرىگە ھەر خىل نەرسىلەرنى چەكتۈرۈشكە بۇيرۇيمەن، ـ دېمەكچى. **الله** شۇنداق قىلغان كىشىنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن!

سەھىھ بۇخارىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: «**الله** تائالا بەدەنلىرىگە ھەر خىل نەرسىلەرنى چەككۈچىلەرگە ۋە چەكتۈرگۈچىلەرگە، تۈكلىرىنى يۇلغۇچىلارغا،[4] چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن چىشلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىنى (ئىككىلىتىش ئارقىلىق) شالاڭ قىلغۇچىلارغا[5] ۋە **الله** تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىنى ئۆزگەرتكۈچىلەرگە لەنەت قىلدى (يەنى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر).

يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، ئابدۇللاھ شۇنداق قىلغۇچىلارغا ئۆزى لەنەت ئوقۇيدۇ، ئابدۇللاھنىڭ بۇ سۆزى بىر ئايالغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئايال كېلىپ: سەن ئۇنداق قىلغۇچىلارغا

(1) ساففات سۈرىسى 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ياسىن سۈرىسى 60 ـ 61 ـ ئايەتلەر.
(3) سەبەئ سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەگەر ئاياللارغا ساقال ياكى بۇرۇت ئۈنۈپ قالغان بولسا، بۇنى يۇلسا بولىدۇ. ئەمما قېشىنى تېرىش، قاش چەكتۈرۈش ياكى يۈزلىرىنىڭ باشقا يەردىكى تۈكلەرنى تېرىشقا بولمايدۇ.
(5) ئەگەر چىشتىكى كېسەل ياكى بىر قانداق ئەيب ئۈچۈن داۋا قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

لەنەت ئوقۇپسەن، ـ دەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالغا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەنەت ئېيتقان كىشىگە لەنەت ئېيتمامدىمەن؟ ئۇ ئايال: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن لەنەت ئوقۇغانغا سىلەرمۇ لەنەت ئوقۇڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانغۇ؟ ـ دەيدۇ. ئابدۇللاھ: سەن الله تائالانىڭ: ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ـ دەيدۇ.

**﴿كىمكى الله نى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ﴾** ئۇ زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ.

**﴿شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ)، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ﴾** بۇ، ئەمەلىيەتتىن بېرىلگەن خەۋەردۇر. چۈنكى، شەيتان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا يالغان ۋەدە بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا دۇنيا ـ ئاخىرەتتە شەكسىز غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنى خام ـ خىيال قىلدۇرىدۇ. ھەقىقەتەن شەيتان يالغان ئېيتقۇچىدۇر.

**﴿شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ﴾** الله تائالا شەيتاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ، جەننەتىلەر بىلەن دوزىخىلار ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان: «الله ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب، جازا دېگەنلەر يوق دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققىلا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى الله غا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ﴾[2]، **﴿ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ﴾**.

## مۆمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى

الله تائالا بەختلىك، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئىلتىپاتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز﴾** يەنى ئۇلار چىن دىللىرى بىلەن ئىشەندى، بۇيرۇلغان ياخشىلىقلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەل قىلدى، چەكلەنگەن يامان



(1) ھەشر سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 22 ـ ئايەت.

ئىشلاردىن ياندى.

﴿**ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. الله نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، الله دىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ (يەنى الله دىنمۇ راست سۆزلۈك ھېچ ئەھەدى بولمايدۇ)**﴾ يەنى سۆزىدە ۋە خەۋەر بېرىشتە الله تائالادىن راستچىل زات يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق زات يوق ۋە (ئۇنىڭدىن باشقا) پەرۋەردىگار يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ راستچىل سۆز، شەكسىز الله تائالانىڭ سۆزىدۇر. ئەڭ ياخشى ھەدىيە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىيەسىدۇر. ئەڭ يامان ئىشلار، دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردۇر. يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتتۇر. ھەممە بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر، ھەممە ئازغۇنلۇقنىڭ (ئاقىۋىتى) دوزاختۇر.»

* * * * * * *

لَّيۡسَ بِأَمَانِيِّكُمۡ وَلَآ أَمَانِيِّ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِۗ مَن يَعۡمَلۡ سُوٓءٗا يُجۡزَ بِهِۦ وَلَا يَجِدۡ لَهُۥ مِن دُونِ
ٱللَّهِ وَلِيّٗا وَلَا نَصِيرٗا ﴿١٢٣﴾ وَمَن يَعۡمَلۡ مِنَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ مِن ذَكَرٍ أَوۡ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤۡمِنٞ
فَأُوْلَٰٓئِكَ يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ وَلَا يُظۡلَمُونَ نَقِيرٗا ﴿١٢٤﴾ وَمَنۡ أَحۡسَنُ دِينٗا مِّمَّنۡ أَسۡلَمَ وَجۡهَهُۥ لِلَّهِ
وَهُوَ مُحۡسِنٞ وَٱتَّبَعَ مِلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۗ وَٱتَّخَذَ ٱللَّهُ إِبۡرَٰهِيمَ خَلِيلٗا ﴿١٢٥﴾ وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٖ مُّحِيطٗا ﴿١٢٦﴾

(الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن الله دىن باشقا (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ﴿123﴾. ئەر ـ ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ)﴿124﴾. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى الله غا تاپشۇرغان (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلىنى خالىس الله ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا، ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىني جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ الله ئىبراھىمنى دوست تۇتتى﴿125﴾. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، بەندىلىرىدۇر، مەخلۇقاتلىرىدۇر). الله ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر﴿126﴾.

## ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئارزۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىشلار ئارقىلىق روياپقا چىقىدىغانلىقى

قەتادە مۇنداق دەيدۇ (بىزگە مۇنداق دەپ بايان قىلىندى): مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھلى

كىتابلار ئۆزئارا پەخىرلىنىپ، ئەھلى كىتابلار: بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ۋە كىتابىمىز سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار ۋە كىتابىڭلاردىن بۇرۇن كەلگەن، شۇڭا بىز الله تائالاغا سىلەردىن بەكرەك يېقىندۇرمىز، ـ دەيدۇ. مۇسۇلمانلار: بىز الله تائالاغا سىلەردىن بەكرەك يېقىندۇرمىز، چۈنكى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، كىتابىمىز بولغان قۇرئان بۇرۇنقى ھەممە كىتابلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىدۇر، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**(الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن الله دىن باشقا (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ**﴾ يەنى الله تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ (ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقان باشقا دىندىكى كىشىلەرگە كەلتۈرگەن) پاكىتلىرىنى ئىسپاتلىدى.

سۇددى، مەسرۇق، زەھھاك ۋە ئەبۇسالىھ قاتارلىقلاردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى. ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساماۋىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر جېدەللىشىپ قالدى. تەۋراتقا ئېتىقاد قىلىدىغان يەھۇدىيلار: كىتابىمىز (تەۋرات) كىتابلارنىڭ ئەڭ ياخشىراقى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى، ـ دېدى. ئىنجىلغا ئېتىقاد قىلىدىغان خىرىستىيانلارمۇ شۇنداق دېدى. مۇسۇلمانلار بولسا: ئىسلامدىن باشقا (ھەق) دىن يوق، بىزنىڭ كىتابىمىز ئىلگىرىكى ھەممە كىتابنىڭ (ھۆكمىنى) ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، بىز سىلەرنىڭ كىتابلىرىڭلارغا ئىشىنىشكە ۋە بىزنىڭ كىتابىمىزغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلدۇق، ـ دېدى.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ھۆكۈم چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ**﴾. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: دىن دېگەن دىنىي قىياپەتكە كىرىۋېلىش ۋە ئارزۇ قىلىش بىلەن بولمايدۇ. بەلكى، ئۇ دىللارغا ئورۇنلىشىش ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتتە ئىپادىلىنىش بىلەن بولىدۇ. بىر نەرسىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان كىشى، ئۇ نەرسىنى دەۋا قىلىش بىلەنلا ئېرىشەلمەيدۇ. بىر كىشى ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ دەۋا قىلىشى بىلەنلا (تاكى ئۇنىڭغا الله تائالا تەرىپىدىن بىر پاكىت بولمىغىچە ئۇنىڭ) سۆزى راست دەپ قارالمايدۇ.

﴿**(الله ۋەدە قىلغان ساۋاب) سىلەرنىڭ قۇرۇق ئارزۇيۇڭلار ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرۇق ئارزۇسى بىلەن قولغا كەلمەيدۇ**﴾ (دوزاختىن) قۇتۇلۇش سىلەرگىمۇ ۋە ئۇلارغىمۇ ئارزۇ قىلىش بىلەنلا بولمايدۇ. بەلكى الله تائالاغا بويسۇنۇش، پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان دىنغا ئەگىشىش ئارقىلىق بولىدۇ. الله تائالا بۇ ئايەتنىڭ كەينىدىنلا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1] بۇ ئايەت چۈشكەندە، نۇرغۇنلىغان ساھابىلەرگە ئېغىر كەلگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

(1) زەلزەلە سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى (ساھابىلەرگە) ئەڭ ئېغىر كەلگەن ئايەتنى بىلىمەن،- دېگىنىمدە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئى ئائىشە! ئۇ قايسى ئايەت؟» دېدى. مەن: ﴿**كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن (دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە) جازالىنىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتۇر،- دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بىر مۆمىن بەندىگە قىلغان يامانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن جازا ئۇنىڭ (يولدا كېتىۋېتىپ) پۇتى قايرىلىپ كەتكەن چاغلىق مۇسىبەتتۇر» دېدى.

سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئۇ ئۆزى ئۈچۈن الله دىن باشقا (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ**﴾ دېگەن ئايەت (چۈشكەندە) مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەر توغرا يولدا مېڭىڭلار، ئەڭ توغرىسىنى تاپالمىساڭلار، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىڭلار. شەكسىزكى، بىر مۇسۇلمانغا كەلگەن مۇسىبەت (ھەتتا كىرىپ كەتكەن بىر تال تىكەن ۋە پۇتى قايرىلىپ كەتكەن چاغلىق بىر مۇسىبەتمۇ) ئۇنىڭ قىلغان گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ».

﴿**ئۇ ئۆزى ئۈچۈن الله دىن باشقا (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ تەۋبە قىلسا، **الله** ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

﴿**ئەر - ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ**﴾ **الله** تائالا يۇقىرىدا يامان ئىشلارنىڭ جازاسىنى (جازاغا لايىق بولغان كىشىنىڭ) دۇنيادا (يەنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇ كىشى دۇنيادىكى مۇسىبەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ، بۇ جازانىڭ يەڭگىلرەكىدۇر) ۋە ئاخىرەتتە تېتىيدىغانلىقىنى بايان قىلدى. (بىز ئاخىرەتنىڭ جازاسىنى تېتىغۇچىلاردىن بولۇپ قېلىشىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز! شۇنداقلا **الله** تائالانىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈۋېتىپ، بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز!). **الله** تائالا بۇ يەردە ئىمانى بارلىكى كىشىگە (مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن) رەھمەت قىلىپ، ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا (ئۇنىڭ قىلغان) ياخشىلىقلىرىنىڭ ئەجرىنى (قىلچە زۇلۇم قىلماي) تولۇق بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

﴿**ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى الله غا تاپشۇرغان (يەنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلىنى خالىس الله ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا، ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىني جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟**﴾ يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىدە، **الله** تائالانىڭ ئۇنىڭغا يول قويۇپ بەرگەن ھۆكۈملىرىگە ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ئارقىلىق ئەۋەتكەن توغرا يول ۋە ھەق دىنغا ئەگىشىپ، ئىخلاسمەن بولمىسا ۋە شەرىئەتكە بويسۇنمىسا (يەنى ئۇنىڭدا بۇ ئىككى خىسلەت تېپىلمىسا)، ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئەمەل - ئىبادىتى توغرا بولمايدۇ. ئەمەل - ئىبادەتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى شەرىئەتكە ئەگىشىش

بىلەن توغرىلانسا، ئىچكى جەھەتتە ئىخلاسمەن بولۇش بىلەن توغرىلىنىدۇ. ئەمەل قاچانكى بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىدىن ئايرىلسا، (ئۇ) بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. كىمكى ئىخلاسنى يوقاتسا، ئۇ مۇناپىقتۇر. مۇناپىق بولسا، قىلغان ئەمەلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر. شەرىئەتكە ئەگىشىشنى تاشلىغۇچى ئېزىپ كەتكۈچىدۇر. بۇ ئىككى خىسلەت (ياخشىلىقلىرى قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە يامانلىقلىرى كەچۈرۈلىدىغان) مۆمىنلەردىلا (بىرلا ۋاقىتتا) تېپىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىني جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟**﴾ ئۇلار (يەنى ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەر) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكۈچىلەردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىمغا ئەڭ يېقىن بولغانلار، شۈبھىسىزكى، (ئىبراھىمنىڭ زامانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ يولىغا) ئەگەشكەنلەردۇر، بۇ پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) دۇر، (بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان) مۆمىنلەردۇر. الله مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر﴾[1]، ﴿ئاندىن ساڭا: «باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[2].

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ دوستى ئىكەنلىكى

﴿**الله ئىبراھىمنى دوست تۇتتى**﴾ بۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. چۈنكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئەگىشىدىغان دىني پېشۋادۇر. ئۇ، بەندىلەر الله تائالاغا يېقىنلىشىدىغان نۇقتىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا يەتكەن ئىدى. يەنى ئۇ يېقىنچىلىق دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بولغان دوستلۇق دەرىجىسىگە يەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ دەرىجىگە يېتىشى پەرۋەردىگارىغا قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن قولغا كەلگەن.

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتنى تولۇق قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى، بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتەرمەيدۇ (يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ)﴾[3]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى﴾[4]، ﴿ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا، الله غا ئىتائەتمەن (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ الله غا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى﴾[5].

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 68 ـ ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 123 ـ ئايەت.
(3) نەجم سۈرىسى 37 ـــ 38 ـ ئايەتلەر.
(4) بەقەرە سۈرىسى 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) نەھل سۈرىسى 120 ـ ئايەت.

ئىمام بۇخارى ئەمرى ئىبنى مەيمۇنەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاز يەمەنگە كەلگەندە، ئۇلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ: ﴿**اﷲ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى قوپۇپ: ئۇنداقتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى شادلىنىپتۇ، ـ دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام **اﷲ** تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتنى قىلغاچقا، **اﷲ** تائالا ئۇنى ناھايىتى يېقىن كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ دوستى دەپ ئاتىدى.

شۇڭا ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (**اﷲ** تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن): «ئى خالايىق! ئەگەر مەن يەر يۈزىدىن (بىر كىشىنى) دوست تۇتماقچى بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇقۇھافەنىڭ ئوغلى ئەبۇبەكرىنى دوست تۇتاتتىم، لېكىن سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) **اﷲ** تائالانىڭ دوستىدۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، **اﷲ** تائالا مېنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوست تۇتقاندەك دوست تۇتتى».

﴿**ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى اﷲ نىڭدۇر (يەنى اﷲ نىڭ مۈلكىدۇر، بەندىلىرىدۇر، مەخلۇقاتلىرىدۇر)**﴾ يەنى ھەممە نەرسە **اﷲ** تائالانىڭ مۈلكىدۇر. **اﷲ** ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خالىغانچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمىنى ھېچكىم رەت قىلالمايدۇ ھەم قارشى تۇرالمايدۇ. ئۇ زات كاتتا، قۇدرەتلىك، ئادىل، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ۋە مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن، قىلغان ئىشىدىن سورالمايدۇ.

﴿**اﷲ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر**﴾ **اﷲ** تائالانىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھېچ نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىدىن سىرتتا قالمايدۇ. ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسى **اﷲ** تائالانىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ.

* * * * * * *

وَيَسۡتَفۡتُونَكَ فِي ٱلنِّسَآءِۖ قُلِ ٱللَّهُ يُفۡتِيكُمۡ فِيهِنَّ وَمَا يُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ فِي يَتَٰمَى ٱلنِّسَآءِ ٱلَّٰتِي لَا تُؤۡتُونَهُنَّ مَا كُتِبَ لَهُنَّ وَتَرۡغَبُونَ أَن تَنكِحُوهُنَّ وَٱلۡمُسۡتَضۡعَفِينَ مِنَ ٱلۡوِلۡدَٰنِ وَأَن تَقُومُواْ لِلۡيَتَٰمَىٰ بِٱلۡقِسۡطِۚ وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِهِۦ عَلِيمٗا ﴿١٢٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدا **اﷲ** سىلەرگە پەتىۋا بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان (ئاياللارنىڭ مىراسىغا ئائىت) ئايەتلەرمۇ پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنداق يېتىملار توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەيىن قىلىنغان مىراسىنى بەرمەيسىلەر، (ئۇلارنىڭ مىراسى قولىمىزدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ

دەپ) ئۇلارنى ئەرگە بەرمەيسلەر (يەنى مۇنداق قىلماسلىقىڭلارغا پەتىۋا بېرىدۇ)، بوزەك قىلىنغان بالىلار (نىڭ ھەققىنى بېرىشىڭلار) ۋە يېتىملەرگە ھەققانىي بولۇشىڭلار ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ. (ئاياللارغا ۋە يېتىملەرگە) قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (يەنى شۇنىڭغا ئاساسەن اللّٰه سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ)﴿127﴾.

## يېتىم قىزنىڭ ھۆكمى

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاياللار توغرىسىدا **پەتىۋا سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدا اللّٰه سىلەرگە پەتىۋا بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان (ئاياللارنىڭ مىراسىغا ئائىت) ئايەتلەرمۇ پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنداق يېتىملار توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەيىن قىلىنغان مىراسىنى بەرمەيسلەر، (ئۇلارنىڭ مىراسى قولۇمىزدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ دەپ) ئۇلارنى ئەرگە بەرمەيسلەر (يەنى مۇنداق قىلماسلىقىڭلارغا پەتىۋا بېرىدۇ)**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قېشىدا يېتىم قىز بار كىشى ئۇ قىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان مىراسخوردۇر. ھەقىقەتەن ئۇ قىزنىڭ خورمىچىلىك مال ـ مۈلكى بولسىمۇ، ئۇ قىز ئۇنىڭغا شېرىك بولىدۇ، ئۇ كىشى قىزنى ئېلىشقا قىزىقىدۇ ۋە ئۇنى باشقا بىرسىنىڭ ئېلىپ (ئۇ كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئۇ قىز شېرىك بولغاندەك) شېرىك بولۇۋېلىشىنى يامان كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى ئۇ قىزنى باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىشتىن توسىدۇ. ئۇ كىشى توغرىسىدا يۇقىرىدىكى بۇ ئايەت چۈشتى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى) ﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتتىن كېيىن، كىشىلەر يېتىم قىزلار توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەتىۋا سوراشتى. بۇنىڭغا قارىتا اللّٰه تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتىكى: ﴿**قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنغان**﴾ دېگەن سۆزدىن سۈرىنىڭ بېشىدىكى: ﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار﴾[2] دېگەن ئايەت مەقسەت قىلىنغان.

﴿**(ئۇلارنىڭ مىراسى قولۇمىزدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ دەپ) ئۇلارنى ئەرگە بەرمەيسلەر (يەنى مۇنداق قىلماسلىقىڭلارغا پەتىۋا بېرىدۇ)**﴾ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدىكى مال ـ مۈلكى ئاز ۋە چىرايى سەت يېتىم قىزنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىدىغانلىقى ئۈچۈن، مال ـ مۈلكى كۆپ، ئۆزى چىرايلىق يېتىم قىزلارغا

(1) نىسا سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىزنىقىپ، ئۇلارنى ئالماقچى بولغان كىشىلەر ئۇلارغا تولۇق تويلۇق بەرمىگۈچە ئۇلارنى ئېلىشتىن توسۇلدى. بۇ سۆز سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭ خۇلاسە مەزمۇنى مۇنداق: بىر كىشىنىڭ تەربىيىسىدە يېتىم قىز بولسا (يەنى ئاتىسى ئۆلۈپ قالغان قىزنى بىرسى ئۆز تەربىيەسىگە ئالسا)، ئۇ كىشىگە ئۇ قىزنى ئېلىش ھالال بولىدۇ. بەزىدە ئۇ كىشى ئۇ قىزنى ئېلىشقا قىزىقىدۇ. الله تائالا ئۇ كىشىنى ئۇ قىزغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىزلارغا بېرىلىدىغان تويلۇقنى بېرىشكە بۇيرۇدى. ئەگەر ئۇ ئۇنداق قىلمىسا (يەنى ئۇ قىزغا باشقىلارغا بېرىلىدىغان تويلۇقنىڭ باراۋىرىدە تويلۇق بەرمىسە)، ئۇنىڭدىن باشقا قىزنى ئالسۇن. ھەقىقەتەن الله تائالا ئۇنىڭ رىزقىنى كەڭرى قىلىپ بەردى. بۇ، سۈرىنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر. بەزىدە ئۇ كىشى (يېتىم قىز سەت بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۇنى ئېلىشقا قىزىقمايدۇ. الله تائالا ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى يېتىم قىز بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدىكى مال ـ مۈلۈككە باشقا بىرىنىڭ شېرىك بولۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، توسماسلىققا بۇيرۇدى.

ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**شۇنداق يېتىملار توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەيىن قىلىنغان مىراسىنى بەرمەيسىلەر**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى زاماندا، ئۆز تەربىيەسى ئاستىدا يېتىم قىز بار كىشى كىيىمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن باشقا بىر كىشى ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشقا مەڭگۈ قادىر بولالمايتتى. ئەگەر يېتىم قىز چىرايلىق بولسا، كىيىمىنى تاشلاپ قويغان كىشى ئۇنىڭغا قىزىقسا، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، قىزنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋالاتتى. ئەگەر ئۇ قىز سەت بولسا، يېتىم قىزنىڭ (تاكى ئۆلگىچىلىك) باشقىلار بىلەن توي قىلىشىنى چەكلەيتتى، ئۇ ئۆلگەن ھامان ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلاتتى. الله تائالا بۇنى ھارام قىلىپ توستى.

﴿**بوزەك قىلىنغان بالىلار (نىڭ ھەققىنى بېرىشىڭلار)**﴾ ئۇلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردا كىچىك بالىلارغا، قىز ـ ئاياللارغا مىراس بەرمەيتتى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق قىلىشتىن توسۇپ ۋە ھەر بىرىگە تېگىشلىك مىراسنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ﴾[1] يەنى مەيلى كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن. سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇشۇنىڭدەك دېدى.

﴿**ۋە يېتىملەرگە ھەققانىي بولۇشۇڭلار ھەققىدە پەتىۋا بېرىدۇ**﴾ سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ يېتىم قىز چىرايلىق ۋە مال ـ مۈلكى كۆپ بولسا، سىلەر ئۇنى ئەمرىڭلارغا ئېلىپ ئېرىنىلگەندەك، سەت ۋە مال ـ مۈلكى ئاز بولسىمۇ، ئۇنى ئەمرىڭلارغا ئېلىپ ئېرىنىلەڭلار.

﴿**(ئاياللارغا ۋە يېتىملەرگە) قانداقلا ياخشىلىق قىلساڭلار، شۈبھىسىزكى، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (يەنى شۇنىڭغا ئاساسەن الله سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ)**﴾ بۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ۋە بۇيرۇققا بويسۇنۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچىدۇر ۋە ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

(1) نىسا سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

وَإِنِ ٱمۡرَأَةٌ خَافَتۡ مِنۢ بَعۡلِهَا نُشُوزًا أَوۡ إِعۡرَاضٗا فَلَا جُنَاحَ عَلَيۡهِمَآ أَن يُصۡلِحَا بَيۡنَهُمَا صُلۡحٗاۚ
وَٱلصُّلۡحُ خَيۡرٞۗ وَأُحۡضِرَتِ ٱلۡأَنفُسُ ٱلشُّحَّۚ وَإِن تُحۡسِنُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا
تَعۡمَلُونَ خَبِيرٗا ﴿١٢٨﴾ وَلَن تَسۡتَطِيعُوٓاْ أَن تَعۡدِلُواْ بَيۡنَ ٱلنِّسَآءِ وَلَوۡ حَرَصۡتُمۡۖ فَلَا تَمِيلُواْ
كُلَّ ٱلۡمَيۡلِ فَتَذَرُوهَا كَٱلۡمُعَلَّقَةِۚ وَإِن تُصۡلِحُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ غَفُورٗا رَّحِيمٗا
﴿١٢٩﴾ وَإِن يَتَفَرَّقَا يُغۡنِ ٱللَّهُ كُلّٗا مِّن سَعَتِهِۦۚ وَكَانَ ٱللَّهُ وَٰسِعًا حَكِيمٗا ﴿١٣٠﴾

ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىششى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش (ئۇزلۇشۇپ كېتىشتىن) ياخشى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن، ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار (ﷲ سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ). ﷲ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴿128﴾. قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر (بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرلىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار، (يەنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، ﷲ ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغپىرەت قىلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ﴿129﴾. ئەگەر ئىككىسى ئۇزلۇشۇپ كەتسە، ﷲ ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ، ﷲ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿130﴾.

## ئەرنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئەر ـ ئايالنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بەردى. (بۇ ئەھۋاللار) شۇلاردىن ئىبارەتكى، گاھى ئەرلەر ئايالىدىن يۈز ئۆرۈگەن، گاھى ئەرلەر ئايالى بىلەن يارىشىپ قالغان، گاھى ئايالىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللاردۇر.

بىرىنچى ھالەتتە: ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈشىدىن قورقسا، ئېرىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىب بولغان ئۆزىنىڭ چىقىمىنى، كىيىم بېرىش ياكى ئۆي تۇتۇپ بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياكى ئۇنىڭ بەزىسىنى ئەرنىڭ زىممىسىدىن ساقىت قىلىۋەتسە، ئەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلسا، ئۇ ئىككىسىگە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ[1].

(1) بىر ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىسە (ئېرىنىڭ ئۇنى قويۇۋەتمەسلىك شەرتى بىلەن)، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ ئۈستىدىكى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ھەقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى ساقىت قىلىۋەتسە بولىدۇ. يەنى: مەن يۇقىرىدىكى ھەقلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى بەزىسىنى سەندىن تەلەپ قىلمايمەن، مېنى قويۇۋەتمىگىن، ـ دەپ كېلىشسە بولىدۇ. بۇ كېلىشىمدە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ھېچ قانداق گۇناھ بولمايدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش (ئۇزلۇشۇپ كېتىشتىن) ياخشى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن﴾** يەنى يارىشىۋېلىش ئايرىلىپ كەتكەندىن ياخشىدۇر.

ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەۋدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى تالاق قىلىۋەتمىگىن. مەن نۆۋەت كۈنلىرىمنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆتۈنۈپ بېرەي، مېنىڭ نۆۋىتىم كېلىدىغان كۈنلىرى سەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە بولغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت چۈشتى: **﴿ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىككىسى بىر نەرسىگە كېلىشىشە دۇرۇس بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زەمئەنىڭ قىزى سەۋدە قېرىپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كېلىدىغان كۈننى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋدەنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە مېنىڭ قېشىمدا بولاتتى.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشىنىڭ ئەمرىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆپ بىر يەردە بولالمايدىغان قېرى بىر ئايالى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشنى خالايتتى. ئۇ ئايال: مەن توغرۇلۇق سېنىڭ خالىغىنىڭچە بولسۇن (يەنى سەن ماڭا يېقىنلاشمىساڭمۇ مەيلى، لېكىن مېنى تالاق قىلىۋەتمىگىن)، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت چۈشتى: **﴿ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس﴾**.

## كېلىشىشنىڭ ئايرىلىپ كېتىشتىن ياخشى ئىكەنلىكى

**﴿كېلىشىش (ئۇزلۇشۇپ كېتىشتىن) ياخشى﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەر كىشىگە ئايالىدىن ئايرىلىپ كېتىش ياكى كەتمەسلىك ئىختىيارلىقى بېرىلدى. ئەگەر ئەر كىشى ئايالىغا كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىپ، باشقا بىر ئايالنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان بولسا، ئۇ ئەرنىڭ ئايالىدىن ئايرىلىپ كەتكىنى ياخشى. لېكىن ئايەتنىڭ مەنىسىدىن مۇنداق مەزمۇن چىقىدۇ: خۇددى زەمئەنىڭ قىزى سەۋدە ئۆزىنىڭ نۆۋەت كۈنىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ كەتمەي، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئاياللىرى قاتارىدا كۆرۈشكە كېلىشكەندەك، باشقا ئاياللارنىڭمۇ ئېرىنىڭ ئۈستىدىكى بەزى ھەقلىرىدىن ۋاز كېچىش ئارقىلىق ئەرنىڭ ئۇنى تالاق قىلماسلىقىغا كېلىشىشى (ئۇلار ئۈچۈن) پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتكىنىدىن ياخشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشى

ئۈممىتىگە شۇ ئىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر. ﷲ تائالاغا ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنىدىن يارىشىپ قېلىشى ياخشى كۆرۈلىدۇ.

**﴿كېلىشىش (ئۈزلۈشۈپ كېتىشتىن) ياخشى﴾** بەلكى، ﷲ تائالا تالاقنى يامان كۆرىدۇ. **﴿ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار (ﷲ سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ). ﷲ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾**.

**﴿قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ئۇبەيدە سالمانى، مۇجاھىد، ھەسەنبەسرى ۋە زەھھاك ئىبنى مۇزاھىم قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىنسانلار! سىلەر ئاياللىرىڭلار ئارىسىدا ھەممە ئىشتا باراۋەر بولالمايسىلەر، سىلەر ئاياللىرىڭلارنىڭ قېشىدا بىر كۈن ـ بىر كۈندىن تۇرۇپ (ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا) ئادىللىق قىلالىساڭلارلا، كۆڭۈللىرىڭلارنىڭ مەلۇم بىرسىگە بەكرەك مايىل بولۇشىدا (سىلەرگە) ھېچ گۇناھ يوق.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئارىسىدا (يەنى كېچىدە ئۇلارنىڭ قېشىدا يېتىش ئىشلىرىدا) ئادىللىق قىلاتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى ﷲ ! بۇ مېنىڭ قىلالايدىغان ئادىل تەقسىماتىمدۇر (يەنى مەن كېچىنى بۆلۈشتە ئادىللىق قىلالايمەن). ئەمما سەن ئۆزەڭ ئىگە بولىدىغان، مەن ئىگە بولالمايدىغان ئىشتا ماڭا مالامەت قىلمىغىن»[1].

**﴿شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، زەھھاك، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، سۇددى ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى ئېرى باردەكمۇ، (ئېرى يوق) تالاق قىلىنغان ئايالدەكمۇ تاشلاپ قويماڭلار.

ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشىنىڭ ئىككى ئايالى بولسا، ئۇ ئۇنىڭ بىرىگە بەكرەك ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىر يېنى يوق ھالەتتە كېلىدۇ».

**﴿ئەگەر (بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرلىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار، (يەنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، ﷲ ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغپىرەت قىلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ﴾** يەنى ئەگەر سىلەر ئىشلىرىڭلارنى تۈزىسەڭلار، (ئەگەر ئاياللىرىڭلارنىڭ قېشىدا كېچىدە يېتىشتا) ئادىللىق قىلساڭلار، ھەممە ئەھۋاللاردا ﷲ تائالادىن قورقساڭلار، ﷲ تائالا سىلەرنىڭ بەزى ئاياللىرىڭلارغا (دىللىڭلاردا) مايىل بولۇپ قالغانلىقىڭلارنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.



---

(1) يەنى دىلىمنىڭ ئاياللىرىمدىن بىرىنى بەكرەك ياخشى كۆرۈشىگە ۋە بېرىلىپ كېتىشىگە سەن ئىگە بولىسەن، مەن ئىگە بولالمايمەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرىگە بەكرەك مۇھەببەت باغلاپ قالسام، بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا مالامەت قىلمىغىن.

﴿**ئەگەر ئىككىسى ئايرىلىشىپ كەتسە، الله ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ**﴾ ئۈچىنچى ھالەت ئايرىلىپ كېتىش ھالىتىدۇر. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئەگەر ئۇ ئىككىسى ئايرىلىپ كەتسە، الله تائالا ئايالغا ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئەرنى بېرىش بىلەن، ئەرگىمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئايالنى بېرىش بىلەن (ئۇ ئىككىسىنى) بىر - بىرىدىن بىھاجەت قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى ﴿**الله (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِۗ وَلَقَدْ وَصَّيْنَا ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ وَإِيَّاكُمْ
أَنِ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ وَإِن تَكْفُرُواْ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَنِيًّا حَمِيدًا ﴿١٣١﴾
وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلًا ﴿١٣٢﴾ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ أَيُّهَا ٱلنَّاسُ
وَيَأْتِ بِـَٔاخَرِينَۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلَىٰ ذَٰلِكَ قَدِيرًا ﴿١٣٣﴾ مَّن كَانَ يُرِيدُ ثَوَابَ ٱلدُّنْيَا فَعِندَ ٱللَّهِ ثَوَابُ
ٱلدُّنْيَا وَٱلْأَخِرَةِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ سَمِيعًا بَصِيرًا ﴿١٣٤﴾

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر)، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە سىلەرگە الله غا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق، ئەگەر كاپىر بولساڭلار (كۇفرىڭلار الله غا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر الله نىڭ (مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). الله (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴿131﴾. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر)، ھەممە ئىشنى باشقۇرۇشقا الله يېتەرلىكتۇر﴿132﴾. ئى ئىنسانلار! ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى يوق قىلىپ ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ، الله بۇنىڭغا قادىردۇر﴿133﴾. كىمكى (قىلغان ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ نېمىتىنى تىلەيدىكەن، (ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىنكى) دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتى الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر (بەندە ئۆز پەرۋەردىگارىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتىنى تىلىسۇن). الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿134﴾.

## الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) ئۆزىنىڭ ئاسمان - زېمىنلارنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇ ئىككىسىدە ھۆكۈم چىقارغۇچى زات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش بىلەن تەقۋادارلىق قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە سىلەرگە الله غا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق**﴾.

﴿**ئەگەر كاپىر بولساڭلار (كۇفرىڭلار الله غا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى: ﴿«ئەگەر

سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (اﷲ غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى، اﷲ ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر» دېدى﴾[1]، ﴿(پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدى، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى. اﷲ (ئۇلارنىڭ ئىمانىغا) موھتاج ئەمەستۇر، اﷲ (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[2].

﴿**ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر اﷲ نىڭدۇر (يەنى اﷲ نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر)، ھەممە ئىشنى باشقۇرۇشقا اﷲ يېتەرلىكتۇر**﴾ يەنى اﷲ تائالا ھەر بىر ئىنساننىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھەممە نەرسىنى كۆزەتكۈچىدۇر، گۇۋاھ بولغۇچىدۇر.

﴿**ئى ئىنسانلار! ئەگەر اﷲ خالىسا، سىلەرنى يوق قىلىپ ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ، اﷲ بۇنىڭغا قادىردۇر**﴾ اﷲ تائالا (سىلەر ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان چېغىڭلاردا) سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا باشقا كىشىلەرنى ئالماشتۇرۇشقا قادىردۇر.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر (اﷲ نىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، اﷲ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى، اﷲ غا ئىتائەت قىلىدۇ)﴾[3].

﴿**كىمكى (قىلغان ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ نېمىتىنى تىلەيدىكەن، (ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىنكى) دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتى اﷲ نىڭ دەرگاھىدىدۇر (بەندە ئۆز پەرۋەردىگارىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتىنى تىلىسۇن)**﴾ يەنى ئى دۇنيا كويىغا بېرىلىپ كەتكەن كىشى! بىلگىنكى، اﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمىتى باردۇر. ئەگەر اﷲ تائالادىن دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ نېمىتىنى سورىساڭ، اﷲ تائالا سېنى بىھاجەت قىلىدۇ.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەزى كىشىلەر: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر﴾[4]، ﴿كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز﴾[5]، ﴿بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) بىزنىڭ خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (اﷲ نىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (اﷲ نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق)

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەغابۇن سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مۇھەممەد سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) بەقەرە سۈرىسى 200 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) شۇرا سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر﴾[1] شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾**.

* * * * * * *

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُواْ قَوَّٰمِينَ بِٱلۡقِسۡطِ شُهَدَآءَ لِلَّهِ وَلَوۡ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۡ أَوِ ٱلۡوَٰلِدَيۡنِ
وَٱلۡأَقۡرَبِينَۚ إِن يَكُنۡ غَنِيًّا أَوۡ فَقِيرٗا فَٱللَّهُ أَوۡلَىٰ بِهِمَاۖ فَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلۡهَوَىٰٓ أَن تَعۡدِلُواْۚ وَإِن تَلۡوُۥٓاْ
أَوۡ تُعۡرِضُواْ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٗا ١٣٥ ﴾

ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، **الله** سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا **الله** ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر﴾135﴿.

## ئادالەتنى بەرپا قىلىش ۋە گۇۋاھلىقتا ئادىل بولۇش توغرىسىدا

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى ئادالەتنى تۇرغۇزۇشقا ۋە ئادالەتتىن چەتنەپ كەتمەسلىككە، ئۇلارنى **الله** تائالانىڭ يولىدا مالامەتخورنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا ۋە (بۇ يولدا) ئۆزئارا ياردەملىشىشكە بۇيرۇيدۇ.

**﴿ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿خۇدالىق ئۈچۈن (توغرا) گۇۋاھ بولۇڭلار﴾[2] يەنى گۇۋاھلىق بېرىش **الله** تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزلەش ئۈچۈن بولسۇن. شۇ چاغدا ئۇ گۇۋاھلىق توغرا ۋە ئادىل بولغان بولىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۆزەڭلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار﴾**.

**﴿(گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار﴾** يەنى خاھىشىڭلار، تەرەپبازلىق ۋە كىشىلەرنىڭ سىلەرنى يامان كۆرۈشى ئىشلىرىڭلاردا ئادالەتسىزلىك قىلىپ سېلىشىڭلارغا

(1) ئىسرا سۈرىسى 18 ــ 21 ـ ئايەتلەر.
(2) تالاق سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەۋەبچى بولمىسۇن، سىلەر ھەر قانداق ئەھۋالدا ئادالەتپەرۋەر بولۇڭلار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولالماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن. دۈشمىنىڭلارغا ئادىل بولۇڭلار. بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ خەيبەردە يەھۇدىيلارغا دېگەن سۆزى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى خەيبەرلىك يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا (ئۇلارنىڭ مېۋىلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى مۆلچەرلەپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە رەھىم قىلىشى (يەنى مېۋە ۋە زىرائەتلەرنىڭ سان - مىقدارىنى ئازلىتىشى) ئۈچۈن ئۇنىڭغا پارا بەرمەكچى بولدى. ئۇ يەھۇدىيلارغا: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) قېشىدىن كەلدىم. مەن سىلەرنى مايمۇن ۋە چوشقىلارنى ئۆچ كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ئۆچ كۆرىمەن، مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ۋە سىلەرنى ئۆچ كۆرگەنلىكىم مېنىڭ سىلەرگە ئادىللىق قىلماسلىقىمغا سەۋەبچى بولالمايدۇ، - دەيدۇ. يەھۇدىيلار: مۇشۇنداق ئادالەت بىلەن ئاسمان - زېمىنلار بەرپا بولغاندۇر، - دېدى. بۇ توغرىسىدىكى ھەدىسنى الله خالىسا ئالدىمىزدىكى سۈرىدە بايان قىلىمىز.

**﴿ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار﴾** يوشۇرغانلىقمۇ باش تارتقانلىق بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى ئۇنىڭدىن سورۇلۇشتىن بۇرۇن گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىدۇر»[3].

شۇڭا الله تائالا گۇۋاھلىقنى بۇرمىلىغان ۋە ئۇنى يوشۇرغان كىشىگە ئۆزىنىڭ بۇ ئايىتى ئارقىلىق تەھدىت سالدى: **﴿الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر﴾**.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلۡكِتَٰبِ ٱلَّذِي نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَٱلۡكِتَٰبِ
ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ مِن قَبۡلُۚ وَمَن يَكۡفُرۡ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ فَقَدۡ ضَلَّ
ضَلَٰلَۢا بَعِيدًا ١٣٦

(1) مائىدە سۈرىسى 8 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 283 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) يەنى گۇۋاھلىق بېرىش لازىم بولغان ۋە ۋاقتى كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭدىن بىردىن - بىردىن سورىمىسىمۇ، توغرا گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىدۇر.

ئى مۆمىنلەر! الله غا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋىي كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴿136﴾.

## ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى ئىمانىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا (يەنى ئۇنىڭ ھەممە شاخچىلىرى ۋە رۇكنىلىرىغا) ئىشىنىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىر قېتىم قىلغان ئىشنى يەنە قايتىدىن قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ تولۇقلاش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتۇر. خۇددى مۆمىننى ھەر نامازدا: ﴿بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن﴾[1] نى ئوقۇشقا بۇيرۇغانغا ئوخشاش، ئۆزىگە ۋە پەيغەمبىرىگە ئىشىنىشكە بۇيرۇدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى (ئىساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! الله دىن قورقۇڭلار، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار﴾[2].

**﴿الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋىي كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾** بۇ ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئاننى چۈشۈرگەنلىكىنى "نەززەلە" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىدى. چۈنكى، قۇرئان بەندىلەرنىڭ ھاياتى تۇرمۇشىدىكى ئىشلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چۈشۈرۈلگەن. ئەمما بۇرۇنقى كىتابلار بىراقلا چۈشكەن.

**﴿ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋىي كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾** بۇرۇنقى كىتابلارنى بىراقلا چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن "ئەنزەلە" دېگەن سۆزنى كەلتۈردى.

**﴿كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾**.

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ءَامَنُواْ ثُمَّ كَفَرُواْ ثُمَّ ٱزْدَادُواْ كُفْرًا لَّمْ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغْفِرَ لَهُمْ وَلَا
لِيَهْدِيَهُمْ سَبِيلًا ﴿١٣٧﴾ بَشِّرِ ٱلْمُنَٰفِقِينَ بِأَنَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ﴿١٣٨﴾ ٱلَّذِينَ يَتَّخِذُونَ ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ
مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَ أَيَبْتَغُونَ عِندَهُمُ ٱلْعِزَّةَ فَإِنَّ ٱلْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا ﴿١٣٩﴾ وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِى
ٱلْكِتَٰبِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُواْ مَعَهُمْ حَتَّىٰ يَخُوضُواْ فِى
حَدِيثٍ غَيْرِهِۦٓ إِنَّكُمْ إِذًا مِّثْلُهُمْ إِنَّ ٱللَّهَ جَامِعُ ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْكَٰفِرِينَ فِى جَهَنَّمَ جَمِيعًا ﴿١٤٠﴾

(1) فاتىھە سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) ھەدىد سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كاپىر بولغان، ئاندىن ئىمان ئېيتقان، ئاندىن كاپىر بولغان، ئاندىن كۇفرىدا ئەزۋەيلىگەن (يەنى شۇ كۇفرى بىلەن ئۆلگەن) كىشىلەرنى ﷲ مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا (يەنى جەننەتكە) يېتەكلىمەيدۇ﴿137﴾. (ئى مۇھەممەد!) مۇناپىقلارغا بېشارەت بەرگىنكى، ئۇلار قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدۇ﴿138﴾. ئۇلار مۆمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟ (يەنى كۇففارلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى ﷲ غا خاستۇر﴿139﴾. ﷲ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر، ﷲ ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ﴿140﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئىمان ئېيتىپ ئاندىن ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان، ئاندىن قايتا ئىمانغا قايتقان ۋە ئۇنىڭدىن يەنە يېنىۋېلىپ، ئۆلگىچە ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا داۋاملاشقان كىشىگە تەۋبە يوقلۇقىدىن، شۇنداقلا ﷲ تائالانىڭ ئۇنى كەچۈرمەيدىغانلىقىدىن ۋە ئۇ ياشاۋاتقان ئازغۇنلۇقتىن توغرا يولغا چىقىدىغان بىر چىقىش يولى بەرمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿(يەنى شۇ كۇفرى بىلەن ئۆلگەن) كىشىلەرنى ﷲ مەغپىرەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا (يەنى جەننەتكە) يېتەكلىمەيدۇ﴾** ئىبنى ھاتەم ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿ئاندىن كۇفرىدا ئەزۋەيلىگەن﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇپۇرلۇقلىرىنى ئۆلگىچىلىك داۋاملاشتۇردى. بۇ مۇجاھىدمۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) مۇناپىقلارغا بېشارەت بەرگىنكى، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** يەنى مۇناپىقلار مۇشۇ سۈپەتلىك كىشىلەردىندۇر. چۈنكى، ئۇلار ئىمان ئېيتىپ، ئاندىن كاپىر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلىۋېتىلدى. ﷲ تائالا ئۇلارنى: ئۇلار مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ،- دەپ سۈپەتلىدى. يەنى ئۇلار ھەقىقەتەن كاپىرلارغا دوستلۇقنى يوشۇرۇن يەتكۈزىدۇ ۋە كاپىرلار بىلەن بىللە بولسا: ھەقىقەتەن بىز سىلەر بىلەن بىللە، بىز ئىمان ئېيتىپ قويۇپ مۆمىنلەرنى مازاق قىلىمىز،- دەيدۇ.

ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتقانلىقىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟ (يەنى كۇففارلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلىبە تىلەمدۇ؟) ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى ﷲ غا خاستۇر﴾** ﷲ تائالا پۈتۈن ئىززەتنىڭ شېرىكى يوق (بىر) ﷲ غا ۋە ﷲ ئىززەت ئاتا قىلغان كىشىلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿غەلىبە الله غا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴾[1] بۇنىڭدىن مەقسەت ئىززەتنى الله نىڭ تەرىپىدىن ئىزدەشكە، ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىشكە ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە غەلىبىگە ئېرىشىدىغان مۆمىن بەندىلەرنىڭ سېپىغا قوشۇلۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر.

**﴿الله كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگىچە، ئۇلار بىلە بىللە ئولتۇرمىغىن﴾[2].

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دېدى: بۇ الله تائالانىڭ: **﴿بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر﴾** دېگەن ئايىتى يۇقىرىقى ئايەت (ئەنئام سۈرىسى 68 ـ ئايەت) نىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. چۈنكى، ئۇ ئايەتنىڭ كەينىدىنلا الله تائالانىڭ: ﴿تەقۋادارلارغا (قۇرئاننى مەسخىرە قىلغۇچى) كاپىرلارنىڭ ھېسابىدىن ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، لېكىن تەقۋادارلار ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشلىرى كېرەك. (شۇنداق قىلغاندا) ئۇلار (قۇرئاننى مەسخىرە قىلىشتىن) ساقلىنىشلىرى مۇمكىن﴾[3] دېگەن ئايىتى كەلگەن.[4]

**﴿الله ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ﴾** يەنى مۇناپىقلار كاپىرلارغا كۇپۇرلۇقتا شېرىكلەشكەندەك، الله تائالا ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدىمۇ مەڭگۈ شېرىك قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى دوزاختىكى ھەرخىل ئازابلاردا، دوزاخقا كىرگەنلەر يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان ھەر خىل يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە ئوخشاش قىلىدۇ.

* * * * * * *

ٱلَّذِينَ يَتَرَبَّصُونَ بِكُمۡ فَإِن كَانَ لَكُمۡ فَتۡحٞ مِّنَ ٱللَّهِ قَالُوٓاْ أَلَمۡ نَكُن مَّعَكُمۡ وَإِن كَانَ لِلۡكَٰفِرِينَ نَصِيبٞ قَالُوٓاْ أَلَمۡ نَسۡتَحۡوِذۡ عَلَيۡكُمۡ وَنَمۡنَعۡكُم مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۚ فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَكُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ وَلَن يَجۡعَلَ ٱللَّهُ لِلۡكَٰفِرِينَ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ سَبِيلًا ﴿١٤١﴾

ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) سىلەرگە ھادىسە كېلىشىنى كۈتىدۇ، ئەگەر سىلەر الله نىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟ (كاپىرلاردىن ئالغان

(1) مۇنافىقۇن سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 69 ـ ئايەت.
(4) چۈنكى بۇ ئايەتتە (ئەنئام سۈرىسى 69 ـ ئايەتتە) تەقۋادارلارنىڭ ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەگەر تەقۋادارلار ۋەز ـ نەسىھەت قىلمىسا، گۇناھتا ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

غەنىمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار)» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلار زەپەر تاپسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): «بىز سىلەردىن غالىپ بولۇپ تۇرۇپ (سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق) ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى مۆمىنلەردىن ساقلىمىدۇقمۇ؟» دەيدۇ. الله قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا (ھەققانىي) ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴿141﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا يامانلىق كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى

الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ مۆمىنلەرگە يامانلىق كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. يەنى ئۇلار مۇسۇلمانلار دۆلىتىنىڭ يوقىلىشىنى، كاپىرلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۈگەپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**﴿ئەگەر سىلەر الله نىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟ (كاپىرلاردىن ئالغان غەنىمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار)» دەيدۇ﴾** ئى مۇناپىقلار! الله تائالا دىلىڭلاردىكى يامانلىقنى بىلىدۇ، بىر ھېكمەتنىڭ سەۋەبىدىن سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا قاراپ مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان مۇئامىلىدەك (مۇئامىلە) قىلىنغىنىڭلارغا ئالدىنىپ كەتمەڭلار. دۇنيادىكى بۇ كۆرۈنۈشۈڭلار قىيامەت كۈنى ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ، بەلكى، قىيامەت كۈنى بارلىق سىرلار ئاشكارا قىلىنىپ، شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

**﴿ئەگەر كاپىرلار زەپەر تاپسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): «بىز سىلەردىن غالىپ بولۇپ تۇرۇپ (سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق) ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى مۆمىنلەردىن ساقلىمىدۇقمۇ؟» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇھۇد كۈنىگە ئوخشاش (الله تائالا) مۆمىنلەرنى سىناش ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا غەلىبىنى مۆمىنلەرگە تەۋە قىلمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەر (مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن) سىنىلىدۇ، لېكىن ئاخىرقى غەلىبە ئۇلارغا بولىدۇ. **﴿الله قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا (ھەققانىي) ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾**.

**﴿الله كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴾** ئابدۇرازاق يەسەئىي كېنىدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورايدۇ، ئەلى مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كىشىنى ماڭا يېقىن قىلىڭلار، ئۇ كىشىنى ماڭا يېقىن قىلىڭلار! (بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق) **﴿الله قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا (ھەققانىي) ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴾** (يەنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى بۇ قىيامەت كۈنى دېمەكچىدۇر).

شۇنىڭدەك، ئىبنى جۇرەيج ئەتا خۇراسانىيدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ قىيامەت كۈنىدۇر. سۇددى ئەبۇمالىك ئەشجەئىينىڭ: ”ئۇ قىيامەت كۈنىدە“ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. سۇددى مۇنداق دېدى: **﴿يول بەرمەيدۇ﴾** (يەنى پاكىت قىلمايدۇ).

الله تائالانىڭ: **﴿الله كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ﴾** دېگەن ئايىتىدىن پەقەت قىيامەت كۈنىلا كۆزدە تۇتۇلغان بولماستىن، (بەلكى) دۇنيامۇ كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنى كاپىرلار مۆمىنلەرنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتكىدەك دەرىجىدە غالىب كەلمەيدۇ. كاپىرلار بەزى ۋاقىتلاردا بەزى كىشىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، دۇنيا ـ

ئاخىرەتنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ياخشى، تەقۋادار كىشىلەرنىڭ بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[1] شۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ ئايەت مۇناپىقلار مۆمىنلەرنىڭ دۆلىتىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىش بىلەن بىرگە، ئەگەر كاپىرلار مۆمىنلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىنئالا كاپىرلارغا ياردەم بەرگەنلىكىگە بېرىلگەن قاتتىق رەددىيەدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە (يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئەندىشە قىلىپ كاپىرلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا) مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن، الله (رەسۇلۇللاغا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (يەنى مەككىنى فەتھە قىلىشنى) ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (يەنى مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ﴾[2].

* * * * * * *

إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَهُوَ خَٰدِعُهُمْ وَإِذَا قَامُوٓاْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ قَامُواْ كُسَالَىٰ يُرَآءُونَ ٱلنَّاسَ
وَلَا يَذْكُرُونَ ٱللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٤٢﴾ مُّذَبْذَبِينَ بَيْنَ ذَٰلِكَ لَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ وَلَآ إِلَىٰ هَٰٓؤُلَآءِ وَمَن يُضْلِلِ
ٱللَّهُ فَلَن تَجِدَ لَهُۥ سَبِيلًا ﴿١٤٣﴾

شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)، الله نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴿142﴾. مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، نە ئۇلارغا، نە بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس (يەنى مۆمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس)، كىمنى الله گۇمراھ قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ توغرا يول تاپالمايسەن﴿143﴾.

## مۇناپىقلارنىڭ مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارىلىقىدا ئارىسالدا بولۇشى

بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا الله تائالانىڭ: ﴿ئۇلار الله نى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى

(1) غافىر سۈرىسى 51 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. الله تائالا بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ**﴾ ھەقىقەتەن الله تائالا ئالدانمايدۇ. چۈنكى، الله بارلىق يوشۇرۇن ئىشلارنى ۋە دىللاردىكى (بارلىق ئويلارنى) بىلگۈچىدۇر. لېكىن مۇناپىقلار نادانلىقى، بىلىمسىزلىكى ۋە ئەقىلسىزلىكىدىن، ئۇلارنىڭ ئىشى كىشىلەرگە ئاشكارىلانماي قالىدىغاندەك (يەنى مۇناپىقلىقى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا چانماي قالىدىغاندەك) ھەم ئۇلارغا تاشقى سۈپىتىگە قاراپ شەرىئەتنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنغاندەك، ئۇلار گەرچە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، ھۆكۈمدە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ھۆكۈم قىلىنغاندەك، قىيامەت كۈنىمۇ الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ ھۆكمى مۇسۇلمانلاردەك بولۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى الله نىڭ دەرگاھىدىمۇ چانماي قېلىشى مۇمكىنلىكىنى خام خىيال قىلىشىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلار الله تائالاغا ئۆزلىرىنىڭ توغرا يولدا بولغانلىقىدىن قەسەم ئىچىدۇ ۋە ئىچكەن قەسىمىمىز بىزگە پايدا يەتكۈزىدۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە الله ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلار (دۇنيادىكى چاغلىرىدا «بىز مۇسۇلمانمىز» دەپ يالغاندىن) سىلەرگە قەسەم ئىچكەندەك الله غا قەسەم ئىچىدۇ، ئۇلار بۇ قەسەمنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر﴾[2] يەنى الله تائالا تەدرىجى ھالدا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىغا پاتتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيادا ھەقىقەتكە يېتىشى ئۈچۈن ياردەم بەرمەيدۇ، قىيامەت كۈنى ھەم شۇنداق قىلىدۇ.

الله تائالا قىيامەت كۈنى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ. ئۇلار مۆمىنلەرنى: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق» دەپ توۋلايدۇ، مۆمىنلەر: «شۇنداق، لېكىن سىلەر ئۆزەڭلارنى پىتنىگە سالدىڭلار (يەنى كۆرۈنۈشتە بىز بىلەن بىللە بولساڭلارمۇ، لېكىن ئۆزەڭلارنى مۇناپىقلىق بىلەن ھالاك قىلدىڭلار، مۆمىنلەرگە بالايى ـ ئاپەتلەر كېلىشىنى) كۈتتۈڭلار، (ئىسلام دىنىدىن) شەكلەندىڭلار، (الله نىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىگە بولغان قۇرۇق) ئارزۇلار سىلەرنى ئالدىدى، تاكى سىلەرگە ئۆلۈم كەلدى، شەيتان سىلەرنى الله نىڭ (ئەپۇ قىلىدىغانلىقى ۋە ئازاب قىلمايدىغانلىقى بىلەن ئالدىدى» دەيدۇ. بۈگۈن سىلەردىن ۋە كاپىرلاردىن فىدىيە ئېلىنمايدۇ، جايىڭلار دوزاختۇر، دوزاخ سىلەرگە ئەڭ لايىقتۇر، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[3].

سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «كىمكى قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىشنى نىيەت قىلسا، الله ئۇنى كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. كىمكى قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى

(1) بەقەرە سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(2) مۇجادەلە سۈرىسى 18 ـ ئايەت.
(3) ھەدىد سۈرىسى 13 ـــ 15 ـ ئايەتلەر.

كىشىلەرگە كۆرسىتىشنى نىيەت قىلسا، الله تائالا ئۇنى كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ».

﴿ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)﴾ بۇ ئۇلارنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئەڭ ياخشىسى بولغان نامازدا قىلىدىغان قىلىقىدۇر. يەنى ئۇلار ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغاندا، خوشياقمىغان ۋە قىزىقمىغان ھالەتتە تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇش نىيىتى، ناماز ئارقىلىق ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتى ۋە نامازدا بولىدىغان قورقۇنچ، ئەيمىنىشلەر يوقتۇر. شۇنداقلا ئۇلار نامازنىڭ نېمىلىكىنىمۇ ئويلىيالمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدۇر.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ناچار سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿(نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)﴾ يەنى ئۇلاردا ئىخلاس ۋە الله تائالا بىلەن ئالاقە باغلاش پەقەتلا يوق، بەلكى ئۇلار نامازلىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ، شۇڭا ئۇلار كۆپىنچە ھالەتتە بامدات ۋە خۇپتەن نامىزىغا ئوخشاش كىشىلەر كۆرمەيدىغان نامازلاردا (جامائەتكە) چىقمايدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر تۇيۇلىدىغان ناماز خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدۇر. ئەگەر ئۇلار ئۇ ئىككى نامازنىڭ ساۋابىنى بىلسە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئۆمىلەپ بولسىمۇ كېلەتتى. مەن ھەقىقەتەن بىر كىشىنى نامازغا تەكبىر چۈشۈرۈشكە، بىر كىشىنى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇپ قويۇپ، بىر قانچە كىشىگە ئوتۇننى كۆتۈرگۈزۈپ، نامازغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتسەم دەيمەن».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: «مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر نامازغا كەلمەيدىغانلار سېمىز گۆش ياكى ئىككى دانە چىرايلىق ئوقياغا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە نامازغا كېلەتتى[1]. ئەگەر ئۆيلەردە ئاياللار ۋە كىچىك بالىلار بولمايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە جامائەت بىلەن نامازغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتەتتىم».

﴿الله نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾ يەنى ئۇلار نامازلىرىدا قورقۇنچ بىلەن تۇرمايدۇ، نامازدا قايسى ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئۇلار نامازلىرىدا غەپلەت بىلەن تۇرغۇچىدۇر، نامازدىن ئېرىشىدىغان ياخشىلىقلاردىن قۇرۇق قالغۇچىدۇر.

ئىمام مالىك ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەنە شۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىدۇر، ئەنە شۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىدۇر، ئەنە شۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىدۇر، ئۇ كۈننى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقىغا كەلگەندە (يەنى كۈن كىرىپ كېتەي دېگەندە)، قوپۇپ تۆتنى چوقۇيدۇ (يەنى توخۇ دان چوقۇغاندەك تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ)، ئۇ نامازدا الله تائالانى ئازغىنا زىكرى قىلىدۇ».

(1) يەنى بۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەر ئىدى.

**﴿مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، نە ئۇلارغا، نە بۇلارغا مەنسۇپ ئەمەس (يەنى مۆمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس)﴾** يەنى مۇناپىقلار ئىمان بىلەن كۇپۇرلۇقنىڭ ئارىلىقىدا ئارىسالدى بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار مۆمىنلەر بىلەنمۇ، كاپىرلار بىلەنمۇ ئىچىقويۇن - تاشقويۇن ئەمەس. بەلكى، ئۇلار سىرتقى كۆرۈنۈشتە مۆمىنلەر بىلەن، ئەمەلىيەتتە كاپىرلار بىلەن بىللىدۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەكلىنىپ ياشايدىغانلارمۇ بار. بۇلار گاھى مۇسۇلمانلار تەرىپىدە تۇرسا، گاھى كاپىرلار تەرىپىدە تۇرىدۇ. (ئۇلار **الله** تائالا بۇ ئايەتتە بايان قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاشتۇر): ﴿ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ﴾[1].

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇناپىق بىردەم بۇنىڭ قېشىغا كېلىدىغان، بىردەم ئۇنىڭ قېشىغا بارىدىغان، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىغا ئەگىشىشنى بىلمەيدىغان، ئىككى پادىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرىدىغان قويغا ئوخشايدۇ» .

**﴿كىمنى الله گۇمراھ قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ توغرا يول تاپالمايسەن﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) **الله** ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىز تاپالمايسەن﴾[2]، ﴿**الله** ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴾[3] **الله** نىجاتلىق يولىدىن ئازدۇرۇۋەتكەن مۇناپىقلارنى توغرا يولغا باشلىغۇچى ۋە (ئۇلارنى) ئازابتىن قۇتقازغۇچى يوقتۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلۡكَٰفِرِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۚ أَتُرِيدُونَ أَن تَجۡعَلُواْ لِلَّهِ
عَلَيۡكُمۡ سُلۡطَٰنٗا مُّبِينًا ﴿١٤٤﴾ إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِي ٱلدَّرۡكِ ٱلۡأَسۡفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمۡ
نَصِيرًا ﴿١٤٥﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ وَأَصۡلَحُواْ وَٱعۡتَصَمُواْ بِٱللَّهِ وَأَخۡلَصُواْ دِينَهُمۡ لِلَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ
مَعَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَۖ وَسَوۡفَ يُؤۡتِ ٱللَّهُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَجۡرًا عَظِيمٗا ﴿١٤٦﴾ مَّا يَفۡعَلُ ٱللَّهُ بِعَذَابِكُمۡ
إِن شَكَرۡتُمۡ وَءَامَنتُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ شَاكِرًا عَلِيمٗا ﴿١٤٧﴾

ئى مۆمىنلەر! مۆمىنلەرنى (دوست تۇتۇشنى) قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتماڭلار، سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا (يەنى مۇناپىق ئىكەنلىكىڭلارغا) **الله** نىڭ روشەن پاكىتى بولۇشىنى خالامسىلەر؟﴿144﴾ مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن﴿145﴾. پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، **الله** (نىڭ كىتابى) غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى **الله** ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمەلىدىن پەقەت **الله** نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۆمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى

(1) بەقەرە سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) كەھف سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەئراف سۈرىسى 186 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلارنىڭ قاتارىدا)دۇر. الله مۆمىنلەرگە (ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت) بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ﴿147﴾ (ئەگەر الله نىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، الله سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ الله شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿147﴾.

## كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى (مۆمىنلەرنى قويۇپ) كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن يەنى كاپىرلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇش، دوستلۇق ئىزھار قىلىش، نەسىھەت قىلىش، (قەلبىدە) ئۇلارغا مۇھەببەت ساقلاش ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ئۇلارغا دەپ بېرىشتىن توستى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ﴾[1] الله تائالا سىلەرنى (ئۆزىنىڭ) توسقان ئىشنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابىدىن قورقۇتىدۇ.

**﴿سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا (يەنى مۇناپىق ئىكەنلىكىڭلارغا) الله نىڭ روشەن پاكىتى بولۇشىنى خالامسىلەر؟﴾** يەنى سىلەر الله نىڭ سىلەرنى ئازابلىشى ئۈچۈن (الله تائالانىڭ) روشەن پاكىت كەلتۈرۈشىنى خالامسىلەر؟

## كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ (تەۋبە قىلمىغان) مۇناپىقلارنىڭ دوزاخنىڭ ئەڭ تەكتىگە چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا

**﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ﴾** ۋالىبى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە بولىدۇ. باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: خۇددى جەننەتتە بىر نەچچە دەرىجە بولغىنىدىكىدەك، دوزاختىمۇ بىر نەچچە قەۋەت بولىدۇ.

ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ﴾** يەنى قاتمۇ قات ئوتلاردىن بولغان ئورۇنلاردا بولىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇناپىقلار توغرىسىدىكى سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى: مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى قاتمۇ قات ئوتلاردىن بولغان ئورۇنلاردا بولىدۇ.

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن﴾**

ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دۇنيادا تەۋبە قىلغان، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ۋە پۇشايمىنىنى قوبۇل قىلغان، تەۋبىسىدە ئىخلاسمەن بولغان، ئەمەل - ئىبادىتىنى ياخشىلىغان ۋە ھەممە ئىشلىرىدا پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماڭغان كىشىلەرنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، الله (نىڭ كىتابى) غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى الله ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمەلىدىن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۆمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا) دۇر. الله مۆمىنلەرگە (ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت) بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ. (ئەگەر الله نىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، الله سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ الله شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغىچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾**.

* * * * * * *

﴿ لَّا يُحِبُّ ٱللَّهُ ٱلْجَهْرَ بِٱلسُّوٓءِ مِنَ ٱلْقَوْلِ إِلَّا مَن ظُلِمَ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ سَمِيعًا عَلِيمًا ﴿١٤٨﴾ إِن تُبْدُوا۟ خَيْرًا أَوْ تُخْفُوهُ أَوْ تَعْفُوا۟ عَن سُوٓءٍ فَإِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَفُوًّا قَدِيرًا ﴿١٤٩﴾

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا (ھەرقانداق كىشىنىڭ) ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى الله ياقتۇرمايدۇ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زالىمدىن شىكايەت قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا دۇئايىبەت قىلىشىغا بولىدۇ). الله (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىنى) ئاڭلىغۇچىدۇر، (زالىمنى) بىلگۈچىدۇر﴿148﴾. سىلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىر ياخشىلىقنى قىلساڭلار ياكى بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار (ساۋاب تاپىسىلەر). شۈبھىسىزكى، الله ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر﴿149﴾

## زالىمنى كەچۈرۈۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلسا گۇناھبولمايدىغانلىقى

**﴿زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا (ھەرقانداق كىشىنىڭ) ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى الله ياقتۇرمايدۇ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زالىمدىن شىكايەت قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا دۇئايىبەت قىلىشىغا بولىدۇ)﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئاببساس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىدىن باشقا ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە بەددۇئا قىلىشىنى (يەنى قاغىشىنى) الله ياخشى كۆرمەيدۇ. الله تائالا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنى (ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىگە) بەددۇئا قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئەگەر ئۇ (بەددۇئا قىلماي) سەۋرى قىلسا، (بۇنداق قىلىش) ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كىشى ئۇنىڭغا بەددۇئا قىلماي، ئى الله ! ماڭا ياردەم

بەرسەڭ ۋە ئۇنىڭدىن مېنىڭ ھەققىمنى ئېلىپ بەرسەڭ، ـ دېسۇن.

ئۇ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ھەقىقەتەن زالىمغا تاجاۋۇز قىلماستىن ئۇنىڭغا بەتدۇئا قىلىشنى رۇخسەت قىلدى.

ئابدۇكەرىم ئىبنى مالىك جەزەرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان كىشى سېنى تىللايدىغان، ئاندىن سەن ئۇنى تىللايدىغان كىشىدۇر. الله تائالانىڭ: ﴿زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامنى ئالسا، ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىگە ئاساسەن، ئەگەر ئۇ ساڭا بوھتان چاپلىسا، سەن ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىمىغىن.

ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تىللىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان يامان سۆزلەرنىڭ گۇناھى (زۇلۇم قىلىنغان كىشى زالىمغا تاجاۋۇز قىلمىغانلا بولسا) (ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىچىدىن) تىللاشنى بېشىدا باشلىغان كىشىگە بولىدۇ».

﴿**سىلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىر ياخشىلىقنى قىلساڭلار ياكى بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار (ساۋاب تاپىسىلەر)**﴾ چۈنكى، الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى ئازابلاشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىدۇر.

﴿**شۈبھىسىزكى، الله ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر**﴾ شۇڭلاشقا رىۋايەتلەردە ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنىڭ الله تائالاغا تەسبىھ ئېيتىپ بەزىلىرى: سەن (بەندىلىرىڭنى) بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئازابلاشقا ئالدىرىمىغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا تەسبىھ ئېيتىمىز، ـ دېسە، يەنە بەزىلىرىنىڭ: يامان بەندىلىرىڭنى ئازابلاشقا كۈچۈڭ يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن ساڭا تەسبىھ ئېيتىمىز، ـ دەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: «مال ـ مۈلۈك سەدىقە قىلغانلىقتىن كېمىيىپ كەتمەيدۇ، الله تائالا بىر بەندىنى (ئۇنىڭ) باشقىلارنى كەچۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن تېخىمۇ ئەزىز قىلىدۇ. كىمكى الله ئۈچۈن كەمتەرلىك قىلسا، الله تائالا ئۇنى (تېخىمۇ) كۆتۈرىدۇ».

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡفُرُونَ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيُرِيدُونَ أَن يُفَرِّقُواْ بَيۡنَ ٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَيَقُولُونَ
نُؤۡمِنُ بِبَعۡضٖ وَنَكۡفُرُ بِبَعۡضٖ وَيُرِيدُونَ أَن يَتَّخِذُواْ بَيۡنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا ﴿١٥٠﴾ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡكَٰفِرُونَ حَقّٗاۚ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٗا مُّهِينٗا ﴿١٥١﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦ وَلَمۡ يُفَرِّقُواْ
بَيۡنَ أَحَدٖ مِّنۡهُمۡ أُوْلَٰٓئِكَ سَوۡفَ يُؤۡتِيهِمۡ أُجُورَهُمۡۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورٗا رَّحِيمٗا ﴿١٥٢﴾

شۈبھىسىزكى، الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، الله بىلەن ئۇنىڭ

(1) شۇرا سۈرىسى 41 ـ ئايەت.

پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (الله غا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار﴿150﴾. ئەنە شۇلار (ئىمانىنى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق﴿151﴾. الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئۇلاردىن ھېچ بىرىنىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىۋەتمىگەن (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە الله ئۇلارنىڭ (تېگىشلىك) ئەجىرلىرىنى ئاتا قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿152﴾.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ، بەزىسىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكى

الله تائالا يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن بولغان، ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمىگەن كاپىرلارغا تەھدىت سالدى. ئۇلار ئىشىنىشتە الله بىلەن ئۆنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىلىقىنى پەرقلەندۈرۈپ، بەزى پەيغەمبەرلەرگە ئىشەندى ۋە بەزىسىگە ئىشەنمىدى. بۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىدا ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يوللىرىغا ئەگىشىشتىن باشقا ھېچقانداق پاكىتى يوق.

يەھۇدىيلار ـ الله تائالانىڭ لەنەتلىرى ئۇلارغا بولسۇن ـ ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىدۇ. خرىستىئانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىدۇ. سامىرىيلار[1] مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورۇنباسارى بولغان يۇشەئتىن كېيىن كەلگەن بىرمۇ پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدۇ. ئوتپەرەس كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ زەرداشتى دېيىلىدىغان پەيغەمبىرىگە ئىشىنەتتى. كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئىشەنمەي، ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. الله ھەقىقەتنى بىلگۈچىدۇر!

بۇ يەردىكى مەقسەت قايسى پەيغەمبەر بولسۇن، پەيغەمبەرلەردىن بىرىگە ئىشەنمىگەن كىشى ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنمىگەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، الله تائالا يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە ئەۋەتكەن بارلىق پەيغەمبەرگە ئىشىنىش ۋاجىبتۇر. كىمكى بىر پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى (ئۇنىڭغا) ھەسەت قىلىپ، ياكى ئۇ باشقا مىللەتتىن كەلگەن پەيغەمبەر بولسا مىللەتچىلىك قىلىپ، ياكى ئۆز خاھىشىغا ئەگىشىپ ئىشەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە كەلتۈرگەن ئىمانىنىڭ ھەقىقىي، الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ كەلتۈرگەن ئىمان ئەمەسلىكى ئاشكارىلىنىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇ كىشىنىڭ ئېيتقان ئىمانى مەقسەتلىك، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ۋە ئىشەنگەن پەيغەمبەرنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئېيتىلغان ئىماندۇر.



(1) بۇلار بەنى ئىسرائىلدىن بولۇپ، بەزى ئەقىدىلەردە يەھۇدىيلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇلار موزاي ياساپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان ۋە ئادەملىرىنى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان سامىر دېگەن كىشىنىڭ قەبىلىسىدىن.

**﴿شۈبھىسىزكى، اللە تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، اللە بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (اللە غا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار﴾** چۈنكى، ئۇلار باشقا غەرەز ئۈچۈن ئەمەس، پەيغەمبەرنىڭ اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ دەرىجىسىدىكى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭدىن كاتتا پەيغەمبەرلەرگە ئەلۋەتتە ئىشىنەتتى. ياكى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە توغرا كۆز قاراشتا بولاتتى.

**﴿ئەنە شۇلار (ئىمانىنى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق﴾** يەنى كاپىرلار پەيغەمبەرنىڭ اللە تەرىپىدىن ئىبلىپ كەلگەن دىنغا قاراپ باقمىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە قىممىتى يوق دۇنيانى توپلاشقا يۈزلىنىشى بىلەن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالىملىرى اللە تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن پەيغەمبەرلىكىگە ھەسەت قىلىش، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىش، يالغانچىغا چىقىرىش، دۈشمەنلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشەنمىگىنىدەك، بىر پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكى بىلەن، ئۆزلىرى ئىشەنمىگەن پەيغەمبەرلەرنى خارلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ قىيامەت كۈنى قاتتىق خارلىغۇچى ئازاب ئىچىدە بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن، اللە تائالا ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار ياشاشنى پۈتتۈۋەتكەن.

**﴿اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئۇلاردىن ھېچ بىرىنىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىۋەتمىگەن (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە﴾** بۇ ئايەتتىكى كىشىلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى كۆزدە تۇتۇلغاند. شەكسىزكى، ئۇلار اللە تائالا چۈشۈرگەن ھەممە كىتابلارغا ۋە اللە تائالا ئەۋەتكەن ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللە غا ۋە اللە نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ﴾[1].

ئاندىن اللە تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلارغا كاتتا مۇكاپات ۋە تولۇق ئەجىر تەييارلىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللە ئۇلارنىڭ (تېگىشلىك) ئەجىرلىرىنى ئاتا قىلىدۇ﴾** ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ گۇناھى بولسا، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: **﴿اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾**.

(1) بەقەرە سۈرىسى 285 ـ ئايەت.

*******

يَسْـَٔلُكَ أَهْلُ ٱلْكِتَـٰبِ أَن تُنَزِّلَ عَلَيْهِمْ كِتَـٰبًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ ۚ فَقَدْ سَأَلُوا۟ مُوسَىٰٓ أَكْبَرَ مِن ذَٰلِكَ فَقَالُوٓا۟ أَرِنَا ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْهُمُ ٱلصَّـٰعِقَةُ بِظُلْمِهِمْ ۚ ثُمَّ ٱتَّخَذُوا۟ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَـٰتُ فَعَفَوْنَا عَن ذَٰلِكَ ۚ وَءَاتَيْنَا مُوسَىٰ سُلْطَـٰنًا مُّبِينًا ﴿١٥٣﴾ وَرَفَعْنَا فَوْقَهُمُ ٱلطُّورَ بِمِيثَـٰقِهِمْ وَقُلْنَا لَهُمُ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْبَابَ سُجَّدًا وَقُلْنَا لَهُمْ لَا تَعْدُوا۟ فِى ٱلسَّبْتِ وَأَخَذْنَا مِنْهُم مِّيثَـٰقًا غَلِيظًا ﴿١٥٤﴾

ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سەندىن ئۈزلىرىگە ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشنى سورايدۇ، ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى سوراپ: «بىزگە اللە نى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ زۇلمى سەۋەبلىك ئۇلارنى چاقماق سوقتى (يەنى ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى). ئۇلار روشەن مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىن موزاينى (مەبۇد) قىلىۋالدى. كېيىن بىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلدۇق. بىز مۇساغا (ئۇنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەردىن) روشەن پاكىت ئاتا قىلدۇق﴿153﴾. (تەۋرات شەرىئىتىنى قوبۇل قىلمىغانلىقلىرى سەۋەبلىك) ئۇلاردىن ئەھدە ئالماق ئۈچۈن ئۈستىگە تۇر (تېغى) نى تىكلەپ قويدۇق، ئۇلارغا: «(بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار» دېدۇق. ھەمدە ئۇلارغا: «شەنبىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاڭلار (يەنى شەنبىدە بېلىق تۇتۇش بىلەن ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار)» دېدۇق. ئۇلاردىن (بۇ ھەقتە) مەھكەم ۋەدە ئالدۇق﴿154﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ جاھىللىقى

مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىي، سۇددى ۋە قەتادە قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار تەۋراتنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يېزىلغان ھالەتتە چۈشكىنىگە ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئۈزلىرىگە ئاسماندىن بىر كىتاب چۈشۈرۈشنى سورىدى.

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن پالان ۋە پالانىلارغا يېزىلغان ھالەتتە اللە تەرىپىدىن بىر نەچچە سەھىپىلەرنى چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار بۇنى خۇددى ئۇلاردىن بۇرۇن قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش جاھىللىق، تەرسالىق، كۇپۇرلۇق ۋە دەھرىيلىك يۈزىسىدىن تەلەپ قىلدى.

اللە تائالا قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىنى ئۆزىنىڭ بۇ ئايەتلىرىدە بايان قىلدى: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن، ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى

قىلىپ الله نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن﴾[1].

يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار مۇسادىن بۇنىڭدىنمۇ چوڭراقىنى سوراپ: «بىزگە الله نى ئاپئاشكارا كۆرسەتكىن» دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ زۇلمى سەۋەبلىك ئۇلارنى چاقماق سوقتى (يەنى ئاسماندىن بىر ئوت كېلىپ ئۇلارنى ھالاك قىلدى)**﴾ بۇ ۋەقەلىك بەقەرە سۈرىسىدە الله تائالانىڭ: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا: «ئى مۇسا! الله نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار ـ دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى. ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق**﴾[2] دېگەن ئايىتىدە كەڭ دائىرىدە بايان قىلىنغان ئىدى.

﴿**ئۇلار روشەن مۆجىزىلەر كەلگەندىن كېيىن موزاينى (مەبۇد) قىلىۋالدى**﴾ يەنى ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئاشكارا بولغان (مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) ئوچۇق پاكىتلارنى، (ئۆزلىرى دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن) دۈشمەنلىرى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ دېڭىزدا ھالاك بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بۇتقا چوقۇنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپلا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بۇ تەلەپنى قويدى: ﴿**«ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن»**﴾.

مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالا بىلەن سۆزلەشكىلى كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ موزايغا چوقۇنغانلىقى ھەققىدىكى قىسسىلىرى ئەئراف ۋە تاھا سۈرىلىرىدە تەپسىلي بايان قىلىنىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالا بىلەن سۆزلىشىپ قايتقاندا، بۇ ئىش ئاللىقاچان يۈز بېرىپ بولغان ئىدى. الله تائالا موزايغا ئىبادەت قىلغان كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى موزايغا ئىبادەت قىلمىغان كىشىلەر، ئىبادەت قىلغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن قوبۇل بولىدىغان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى، ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى تىرىلدۈردى (يەنى ئۇلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغانلىقى ھېسابلاندى).

﴿**كېيىن بىز ئۇلارنى ئەپۇ قىلدۇق. بىز مۇساغا (ئۇنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەردىن) روشەن پاكىت ئاتا قىلدۇق. (تەۋرات شەرىئىتىنى قوبۇل قىلمىغانلىقلىرى سەۋەبلىك) ئۇلاردىن ئەھدە ئالماق ئۈچۈن ئۈستىگە تۇر (تېغى) نى تىكلەپ قويدۇق**﴾ ئۇلار تاغنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قاراشقا باشلىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا (تۇر) تاغنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدۇق، ئۇلار تاغنى ئۈستىلىرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «تەقۋادارلار قاتارىدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۆزەڭلارغا بېرىلگەن كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىڭلار»﴾[3] ئۇلار دېيىشكە ۋە

(1) ئىسرا سۈرىسى 90 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 55 ـــ 56 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەئراف سۈرىسى 171 ـ ئايەت.

قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە خىلاپلىق قىلدى. ئۇلار: ئى **الله** ! بىزنىڭ 40 يىل ئېزىشىمىزغا سەۋەبچى بولغان جىھادنى تاشلىغانلىقىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى كەچۈرگىن، ـ دېگەن ھالەتتە بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئىشىكىدىن سەجدە قىلغان ھالەتتە كىرىشكە بۇيرۇلدى، ئەمما ئۇلار: ساغرىسىنى يەرگە سۈركەپ: «ئارپىنىڭ دېنى» دېگىنىچە كەينىچىلەپ كىردى.

**﴿ئۇلارغا: «(بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار» دېدۇق. ھەمدە ئۇلارغا: «شەنبىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاڭلار (يەنى شەنبىدە بېلىق تۇتۇش بىلەن ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار)» دېدۇق. ئۇلاردىن (بۇ ھەقتە) مەھكەم ۋەدە ئالدۇق﴾** ئۇلار (بۇ ئىشلارغا) خىلاپلىق قىلدى، (**الله** غا) ئاسىيلىق قىلدى. **الله** تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلەتتى. بۇ ھەقتە **الله** خالىسا ئەئراف سۈرىسىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

* * * * * * *

فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَٰقَهُمْ وَكُفْرِهِم بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَقَتْلِهِمُ ٱلْأَنۢبِيَآءَ بِغَيْرِ حَقٍّ وَقَوْلِهِمْ قُلُوبُنَا غُلْفٌۢ ۚ بَلْ
طَبَعَ ٱللَّهُ عَلَيْهَا بِكُفْرِهِمْ فَلَا يُؤْمِنُونَ إِلَّا قَلِيلًا ﴿١٥٥﴾ وَبِكُفْرِهِمْ وَقَوْلِهِمْ عَلَىٰ مَرْيَمَ بُهْتَٰنًا عَظِيمًا
﴿١٥٦﴾ وَقَوْلِهِمْ إِنَّا قَتَلْنَا ٱلْمَسِيحَ عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ رَسُولَ ٱللَّهِ وَمَا قَتَلُوهُ وَمَا صَلَبُوهُ وَلَٰكِن شُبِّهَ لَهُمْ ۚ
وَإِنَّ ٱلَّذِينَ ٱخْتَلَفُوا۟ فِيهِ لَفِى شَكٍّ مِّنْهُ ۚ مَا لَهُم بِهِۦ مِنْ عِلْمٍ إِلَّا ٱتِّبَاعَ ٱلظَّنِّ ۚ وَمَا قَتَلُوهُ يَقِينًۢا ﴿١٥٧﴾ بَل
رَّفَعَهُ ٱللَّهُ إِلَيْهِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا ﴿١٥٨﴾ وَإِن مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ إِلَّا لَيُؤْمِنَنَّ بِهِۦ قَبْلَ مَوْتِهِۦ ۖ وَيَوْمَ
ٱلْقِيَٰمَةِ يَكُونُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا ﴿١٥٩﴾

ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى، **الله** نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ۋە (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) دىللىرىمىز پەردىلەنگەن (يەنى سۆزۈڭنى چۈشەنمەيدۇ) دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). بەلكى، **الله** ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴿155﴾. يەنە ئۇلارنىڭ كۇفرى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)﴿156﴾. يەنە **الله** نىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبن مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى، (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى) دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى) نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى﴿157﴾. بەلكى، **الله** ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى **الله** ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). **الله** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿158﴾. ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەرقانداقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە **الله** نىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا

قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن داۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا الله نىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى) غا گۇۋاھ بولىدۇ﴿159﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ جىنايەتلىرى توغرىسىدا

يەھۇدىيلار الله تائالانىڭ ئۆزلىرىدىن ئالغان ئەھدىنى بۇزدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ قوللىرىدا بولغان، چوڭ ـ چوڭ مۆجىزىلەرنى ۋە الله تائالانىڭ ئوچۇق پاكىتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىنكار قىلدى.

﴿**پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى**﴾ يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆتكۈزگەن بۇ جىنايەتلىرى الله تائالانىڭ لەنەت ئېيتىشىغا ۋە ئۇلارنى توغرا يولدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. ئۇلارنىڭ: ﴿**(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) دىللىرىمىز پەردىلەنگەن (يەنى سۆزۈڭنى چۈشەنمەيدۇ)**﴾ دېگەن سۆزى مۇشرىكلارنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ: ﴿ئۇلار (پەيغەمبەرگە): «بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن» ... دەيدۇ﴾[1].

﴿**بەلكى، الله ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبىدىن دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى**﴾ ئۇلار: دىللىرىمىز پەردىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەيمىز، ـ دەپ الله تائالاغا ئۆزرە ئېيتتى. الله تائالا مۇنداق دېدى: ئۇلارنىڭ دىللىرى كاپىر بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن پېچەتلىۋېتىلگەندۇر.

﴿**شۇڭا ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمايدۇ**﴾ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى بەقەرە سۈرىسىدە بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

## ئۇلارنىڭ ھەزرىتى مەريەم ھەققىدە دېگەن سۆزى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق دەپ قىلغان دەۋاسى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىتى

﴿**يەنە ئۇلارنىڭ كۇفرى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ۋە مەريەمگە چوڭ بوھتان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلار ھەزرىتى مەريەمنى زىنا قىلدى دەپ بوھتان چاپلىدى.

سۇددى، جۇۋەيبەر، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلارمۇ بۇ توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا ئوخشاش دېدى. بۇ ئايەتنىڭ ئوچۇق مەنىسىدۇر. يەنى ئۇلار مەريەمگە ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا چوڭ ـ چوڭ ئىشلار بىلەن بوھتان چاپلىدى. ئۇلار مەريەمنى: زىنا قىلىپ قورساق كۆتەردى، ـ دېدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى: ئۇ ھەيزدار تۇرۇپ زىنا قىلدى، ـ دېدى. ئۇلارغا

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تا قىيامەت كۈنىگىچە اللە تائالانىڭ لەنەتلىرى بولسۇن!

**﴿يەنە اللە نىڭ رەسۇلى ئىسا ئىبن مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)﴾** بۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى مازاق قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ سۆز مۇشرىكلارنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: ﴿«ئى قۇرئان نازىل قىلىنغان ئادەم! سەن ھەقىقەتەن مەجنۇنسەن﴾[1] اللە تائالا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانى ئاشكارا پاكىت ۋە ھىدايەت بىلەن ئەۋەتكەندە، يەھۇدىيلار اللە تائالا ئۇنىڭغا بەرگەن پەيغەمبەرلىكنى، تۇغما كورنى ۋە ئاق كېسەلنى ساقايتىش، اللە نىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش، لايدىن ئۇچار قۇشلارنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، ئاندىن ئۇنى پۈۋلەپ اللە نىڭ ئىزنى بىلەن ھەممە كىشىلەر ئېنىق كۆرىدىغان ھالەتتە ئۇچۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا اللە تائالا ئۇنىڭ قولىدا چىقارغان مۆجىزىلەرنى بەرگەنلىكىگە ھەسەت قىلدى. ئۇلار (مۇشۇنداق مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ) ئۇنىڭغا ئىشەنمەي قارشىلىق قىلدى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا ئەزىيەت بېرىشكە تىرىشتى. ھەتتا اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىر شەھەردە ياشىيالماي، ئانىسى بىلەن بىللە (ئۇ يەردىن بۇ يەرگە) يۆتكىلىپلا يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. يەھۇدىيلار شۇ ئىشلىرى بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇنى دەمەشقنىڭ شۇ زامانىدىكى پادىشاھىغا چاقتى. پادىشاھ يۇنانلىق بولۇپ، يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىدىغان مۇشرىك ئىدى. ئۇلار پادىشاھقا: بەيتۇلمۇقەددەستە كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان ۋە كىشىلەرنى پادىشاھقا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان بىر كىشى بار، ـ دېيىشتى. پادىشاھ بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ، ئۆزىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىكى ۋالىيسىغا ئۇ كىشىدىن ئېھتىيات قىلىش، ئۇنى ئېسىپ بېشىغا تىكەن قويۇش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئازدۇرۇۋېتىشىدىن ساقلاش توغرۇلۇق خەت يازدى. خەت ۋالىيغا يېتىپ بارغان ھامان (بۇيرۇقنى ئورۇنلاش ئۈچۈن) بىر تۈركۈم يەھۇدىيلار بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇرۇۋاتقان ئۆيگە باردى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئون ئىككى ياكى ئون ئۈچ ھەمراھلىرىدىن تەركىب تاپقان جامائەت بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار ئون يەتتە كىشى ئىدى دېگەن قاراشلارمۇ بار. ئۇ جۈمە كۈنى ئەسىردىن كېيىن يەنى شەنبە كۈنى كىرگەن كېچىسى ئىدى. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى شۇ يەردە قورشىۋالدى، ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ چوقۇم ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جايغا بېسىپ كىرىدىغانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىدىغانلىقىغا جەزم قىلدى ـ دە، ھەمراھلىرىغا: «قايىسىڭلار مېنىڭ سۈرىتىمگە ئۆزگىرىشنى خالايسىلەر؟ كىمكى مېنىڭ سۈرىتىمگە ئۆزگەرسە (ئۇلار شۇنى ئۆلتۈرىدۇ)، ئۇ كىشى جەننەتتە مېنىڭ ھەمراھىم بولىدۇ» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياش بىر بالا ئۆزىنىڭ خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى كىچىك كۆرگەندەك: يەنە قايىسىڭلار مېنىڭ سۈرىتىمگە ئۆزگۈرۈشنى خالايسىلەر؟ ـ دېگەن سۆزنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئەمما شۇ ياش بالىدىن باشقىسى جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسا ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ جەننەتتىكى ھەمراھىم سەندۇرسەن» دېدى. اللە تائالا ئۇ بالىنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزدى، ئۇ بالا خۇددى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدەكلا بولدى. ئۆينىڭ ئۆگزىسى تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى بىر مۈگدەك باستى ـ دە، ئۇ ئاسمانغا شۇ ھالىتى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا اللە ئېيتتى: «ئى ئىسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ

---

(1) ھىجر سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن، (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن)﴾[1] ئۇ (ئاسمانغا) كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشىلەر سىرتقا چىقتى، سىرتتا قورشاپ تۇرغانلار ھېلىقى ياش بالىنى ئىسا دەپ گۇمان قىلىپ، كېچىدە ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ئاستى ۋە بېشىغا تىكەن قويدى. يەھۇدىيلار ئۇنى بىز ئاستۇق دەپ، ئۇ ئىشى ئۇچۇن پەخىرلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىيلارغا ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۆيدە بولغان ۋە ئۇنىڭ (ئاسمانغا) كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلەردىن باشقا بىر تۈركۈم خىرىستىئانلار بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقىدىن ئىشىنىپ كېتىپ، (يەھۇدىيلار گۇمان قىلغاندەك) ئېسىلغان كىشى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا دەپ گۇمان قىلىشتى، ھەتتا ئۇلار: مەريەمنىڭ ئېسىلغان شۇ كىشىنىڭ ئاستىغا كېلىپ يىغلىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئېسىلغان كىشى مەريەمگە سۆزلىدى دېگەن قاراشمۇ بار. ھەقىقەتنى الله ئۆزى بىلگۈچىدۇر. بۇنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ بەندىلىرىنى سىنىشىدۇر. بۇ ئىشتا الله تائالانىڭ چوڭ بىر ھېكمىتى باردۇر. ئەڭ راستچىل بولغان پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پۈتۈن دىللاردىكى نەرسىنى ۋە ئاسمان - زېمىندىكى يوشۇرۇن ئىشلارنى، بولغان ۋە بولىدىغان ۋە بولسا قانداق بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلگۈچى الله تائالا بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتنى مۆجىزىلەر ۋە ئوچۇق پاكىتلار بىلەن توغرىلىقى ئىسپاتلانغان، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن، بۈيۈك قۇرئاندا ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى، (ئىسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)**﴾ يەنى ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدىكى بىر كىشىنىڭ ئېسىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئۇنى ئىسا دەپ ئويلىدى.

﴿**ئىسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى) دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى) نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ**﴾ يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈردۇق دەپ دەۋا قىلغان يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارغا ئىشەنگەن خىرىستىئانلارنىڭ نادانلىرى بۇ ئىشتا گۇمان، ھەيرانلىق ۋە گۇمراھلىق ئىچىدىدۇر، شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار ئىسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى**﴾.

﴿**بەلكى، الله ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى الله ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى). الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا كۆتۈرۈشنى خالىغاندا، ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدىكى بىر بۇلاقتىن ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا چىقتى. ئۆيدە ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ئون ئىككى كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىن سۇ تېمىپ تۇراتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ماڭا ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا ئون ئىككى قېتىم كاپىر بولىدىغان كىشى بولىدۇ. قايسىڭلار مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرسەڭلار، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە مەن بىلەن بىر دەرىجىدە بولىدۇ،- دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياش بالا ئورنىدىن تۇردى. ئىسا ئەلەيھىسسالام

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 55 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭغا: ئۆلتۈرگىن، - دېدى. ۋە سۆزنى تەكرارلىدى. ھېلىقى ياش يەنە ئورنىدىن تۇردى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، (ئۇلارغا) سۆزنى يەنە تەكرارلىدى. يەنىلا ھېلىقى ياش ئورنىدىن تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسا ئەلەيھىسسالام: ئۇ كىشى سەندۇرسەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ياش ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىگە كىردى. ئىسا ئەلەيھىسسالام بولسا، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەۋاتقان يەھۇدىيلار كېلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىگە كىرگەن كىشىنى تۇتۇپ، دارغا ئاستى (كرېستقا مىخلىدى). شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن) ئون ئىككى قېتىم كاپىر بولدى، ئۇلار ئۈچ پىرقىگە بۆلۈندى. بىر پىرقىسى: الله تائالا بىزنىڭ ئىچىمىزدە[1]. ئۇ ئۆزى خالىغان مۇددەت تۇرۇپ كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى- دەيدۇ. بۇلار يەقۇبىيە پىرقىسىدۇر. يەنە بىر پىرقە: ئىسا ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ ئوغلى، ئۇ ئىچىمىزدە ئۆزى خالىغان بىر مۇددەتكىچە تۇردى، كېيىن الله تائالا ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى، - دەيدۇ. بۇلار نەستۇرى پىرقىسىدۇر. يەنە بىر پىرقە: ئىسا ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى. ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدە الله خالىغان مۇددەتكىچە تۇردى. ئاندىن الله تائالا ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، - دەيدۇ. بۇلار ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇسۇلمانلاردۇر. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى كاپىر پىرقە مۇسۇلمان پىرقىسىگە قارشى بىرلىشىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، تاكى الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنگە قەدەر ئىسلام دىنى (بۇ خىل) ئۆچكەن ھالەتتە تۇردى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: كىمكى مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرسە، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە مېنىڭ جەننەتتىكى ھەمراھىم بولىدۇ.

## ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بارلىق خرىستىئانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقى

**﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەرقانداق جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە الله نىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا الله نىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى) غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾** ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەھلى كىتابلار ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىدۇ. ئەۋفىمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئەبۇمالىك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىسا ئەلەيھىسسالام (ئاسماندىن) چۈشۈپ تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە، ئەھلى كىتابتىن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىغان بىرمۇ كىشى قالمايدۇ.

(ھەزرىتى مەريەم ئوغلى) ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان بولغاندا (قىيامەت بولۇشتىن

(1) بۇ پىرقە: «ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىلاھتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

بۇرۇن) ئاسماندىن زېمىنغا چۈشىدىغانلىقى ۋە شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام پات يېقىندا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئادىل ھۆكۈم سۈرگۈچى بولۇپ چۈشىدۇ. ئۇ خىرىستىئانلارنىڭ كرېست بەلگىسىنى سۇندۇرىدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، زىممىلار تۆلەيدىغان تۆلەمنى بىكار قىلىدۇ (يەنى ئۇلاردىن ئىسلامدىن باشقىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ). مال - مۈلۈككە تولۇپ كېتىدۇ (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئادىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكتىن بەرىكەت يېغىپ كېتىدۇ). ھەتتا ئۇ مال - مۈلۈكنى ئالىدىغان بىرمۇ كىشى تېپىلماي قالىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن بىر قېتىم سەجدە قىلىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ». ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر خالىساڭلار، الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى ئوقۇپ بېقىڭلار: **﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەرقاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسا نىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە الله نىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن داۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا الله نىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى) غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدۇ. ئۇ چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، كرېست بەلگىسىنى سۇندۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ناماز جۇغلىنىپ بېرىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە مال - مۈلۈك بەرسە، ئالىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. زىممىلاردىن ئالىدىغان تۆلەمنى بىكار قىلىۋېتىدۇ (يەنى ئۇلاردىن ئىسلامدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ)، ئۇ روھا دېگەن يەرگە چۈشىدۇ، ئۇ يەردىن ھەج قىلىدۇ ياكى ئۆمرە قىلىدۇ ياكى ئۇ ئىككىسىنى بىراقلا قىلىدۇ». ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەرقاندىقى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسا نىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە الله نىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەرلەر بىر كىشىنىڭ بالىلىرىدۇر (يەنى ھەممىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن دىنى بىردۇر). ئۇلارنىڭ ئانىلىرى باشقا باشقىدۇر (ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئەسلى بىر، ئەمما شەرىئەتلىرى ئوخشاش ئەمەستۇر). ئۇلارنىڭ دىنى بىردۇر. شەكسىزكى، مەن مەريەمنىڭ ئوغلى ئىساغا ئەڭ يېقىن كىشىدۇرمەن. چۈنكى، ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق پەيغەمبەر يوق. ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىدە شەك يوقتۇر. سىلەر ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىڭلاردا تۆۋەندىكى ئالامەتلىرىدىن تونۇڭلار. (ئۇ) ئوتتۇرا بوي، رەڭگى ئاقۇش قىزىل كىشىدۇر، ئۇستىدە سۇس قىزىل رەڭ بىلەن بويالغان ئىككى قۇر كىيىم بار، ئۇنىڭ چېچى ھۆل بولمىسىمۇ، ھەر دائىم سۇ تېمىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ كرېست بەلگىسىنى سۇندۇرىدۇ، چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ. (زىممىلارغا قويۇلغان) تۆلەمنى بىكار قىلىدۇ، كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭ زامانىدا ئىسلامدىن باشقا ھەممە دىنلارنى يوقىتىدۇ، دەججالنى يوقىتىدۇ، يەر -

يۈزىدە خاتىرجەملىك بەرپا بولىدۇ، ھەتتا يىلپىز، يولۋاس ۋە بۆرىلەر قوي، تۆگىلەر بىلەن بىرگە ئوتلايدۇ، كىچىك بالىلار يىلانلارنى ئوينايدۇ، يىلانلار بالىلارغا چېقىلمايدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام زېمىندا قىرىق يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلار چۈشۈرىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «رۇملۇقلار ئەئماق ياكى دابىق[1] دېگەن يەرگە (ئۇرۇش ئۈچۈن) كەلمىگىچىلىك قىيامەت بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا مەدىنىدىن، شۇ ۋاقىتتىكى يەر - يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بولغان بىر قوشۇن چىقىدۇ. مەدىنىدىن چىققان قوشۇن ئۇرۇش ئۈچۈن سەپ تۈزگەندە، رۇملۇقلار: بىز سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمايمىز، بەلكى، بۇرۇن بىزنى ئەسىرگە ئالغان كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز، - دەيدۇ. مۇسۇلمانلار: ياق، ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز سىلەرنى بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئۇرۇشقىلى قويمايمىز، - دەپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇرۇشتا يېڭىلىدۇ. ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى مەڭگۇ قوبۇل قىلمايدۇ (يەنى ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەۋبە قىلىشنى سالمايدۇ). يەنە ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇلار ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتا شېھىتلار ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئۈچتىن بىرى ئۇرۇش قىلىپ شەھەرلەرنى ئالىدۇ، ئۇلار ى مەڭگۈ ئېزىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار قۇستانتىنىيەنى قولغا ئالىدۇ، ئۇلار قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، ئولجىلارنى ئۈلۈشۈۋاتقان چاغدا، تۇساتتىنلا شەيتان (ئۇلارنىڭ ئىچىدە): دەججال سىلەرنىڭ خوتۇن - بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىغا كەلدى، - دەپ ۋاقىرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار (قۇستانتىنىيەدىن) چىقىپ كېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە، دەججالنىڭ چىققانلىقى يالغان ئىدى. ئۇلار شامغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتدا ئاندىن دەججال چىقىدۇ. ئۇلار سەپلەرنى تۈزۈپ ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىدۇ، (شۇ چاغدا) مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام (ئاسماندىن) چۈشىدۇ - دە، ئۇلارغا ئىمام بولۇپ بېرىدۇ. ﷲ نىڭ دۈشمىنى (دەججال) ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان خۇددى تۇز سۇدا ئېرىگەندەك ئېرىيدۇ، ئەگەر ئىسا ئەلەيھىسسالام (دەججالنى) شۇ پېتىچە تاشلاپ قويغان بولسا، ئۇ پۈتۈنلەي (تۈگىگىچە) ئېرىپ كېتەتتى. لېكىن، ﷲ تائالا ئۇنى مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام نەيزىسىنىڭ ئۇچىدىكى دەججالنىڭ قېنىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ.»

ئىمام مۇسلىم نوۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەتىگىنى دەججالنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۇنى بىر ھاقارەتلەپ، بىر گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا (ئۇنىڭ) سۈپىتىنى بايان قىلىپ بەردى. بىز دەججالنى خورمىزارلىقتىمىكىن دەپ گۇمان قىلدۇق ۋە ئۇ يەرگە باردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقىمىزنى بىلىپ قېلىپ: «نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئەتىگىنى سەن بىزگە دەججالنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۇنى بىر ھاقارەتلەپ، بىر گەۋدىلەندۈرۈپ (ئۇنىڭ) سۈپىتىنى بايان قىلىپ بەرگەنتىڭ، بىز ئۇنى خورمىزارلىقتىمىكىن دەپ

(1) ھازىرقى سۈرىيەنىڭ ھەلەب شەھىرى بىلەن تۈركىيەنىڭ ئانتاكيا شەھىرى ئارىلىقىدىكى ئىراققا يېقىن بىر جاي.

گۇمان قىلدۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە دەججالنىڭ پىتنىسىدىن باشقا پىتنىنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن بەك قورقىمەن. ئەگەر دەججال چىققاندا، مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بولسام، ئۇنىڭغا ئۆزەم تېتىيمەن. ئەگەر ئىچىڭلاردا بولمىسام، ھەممە كىشى ئۆزىنى ئۆزى قوغدىسۇن. الله تائالا مېنىڭ ئورنۇمدا ھەممە مۇسۇلمانلارنى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلايدۇ. دەججال قويۇق بۈدرە چاچلىق، كۆزى تېشىغا پولتۇيۇپ چىقىپ قالغان بىر يىگىتتۇر. ئۇنى خۇددى قەتەننىڭ ئوغلى ئابدۇلئۇززاغا ئوخشامدىكىن دەيمەن، ئىچىڭلاردىن كىم ئۇنى كۆرسە، كەھف سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن. ئۇ شام بىلەن ئىراقنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يولدىن چىقىدۇ ۋە ئوڭ ـ سول تەرەپ بولۇپ، ھەممە يەردە پاساتچىلىق تېرىيدۇ. ئى الله نىڭ بەندىلىرى! ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار» دېدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ زېمىندا قانچە ئۇزۇن تۇرىدۇ؟ ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىرىق كۈن تۇرىدۇ، ئۇ قىرىق كۈننىڭ بىر كۈنى بىر يىلدەك، بىر كۈنى بىر ئايدەك، يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىدەك، قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنلۈكلاردەك بولىدۇ» دېدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھېلىقى بىر يىلدەك بولىدىغان ئۇزۇن كۈندە بىر كۈنلۈك نامازنى ئوقۇساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، سىلەر ئۇ كۈننى ئۆلچەپ (بىر كۈنگە توغرىلاپ) بىر كۈنلۈك نامىزىڭلارنى ئوقۇڭلار» دېدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ مېڭىش سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ سۈرئىتى شامال ئىتتەرگەن كەلكۈندەك بولىدۇ. ئۇ بىر كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىدۇكى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ (ئۇنىڭغا) بويسۇنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاسماننى يامغۇر ياغدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئاسماندىن يامغۇر ياغىدۇ. زېمىننى بۇيرۇيدۇ، زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەر ئۈنىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوتلىغىلى كەتكەن چارۋىلىرى كەچتە سېمىز، يىلىنلىرى سۈتكە تولغان، توقلىقىدىن بېقىنلىرى چىقىپ كەتكەن ھالدا قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ باشقا بىر كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەي سۆزىنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا قەھەتچىلىك كېلىپ، قوللىرىدا ھېچقانداق مال ـ مۈلكى قالمايدۇ. ئۇ بىر خارابىلىقتىن ئۆتۈپ ئۇنىڭغا: "ئىچىڭدىكى بايلىقلارنى چىقارغىن" دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايلىقلار ھەسەل ھەرىسى ئۇۋىسىدىن چىققاندەك ئارقىمۇ ئارقا چىقىشقا باشلايدۇ. ئاندىن ئۇ تازا ياشلىق قۇرامىغا يەتكەن بىر كىشىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپ، ئۇ كىشىنى قايتا چاقىرىدۇ. ئۇ تىرىلىپ خۇشال كۈلگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە الله تائالا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا، بويالغان ئىككى كىيىم كىيگەن، ئىككى قولىنى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالىتىدە چۈشىدۇ. ئۇ بېشىنى پەس قىلسا، بېشىدىن سۇ تامچىيدۇ. بېشىنى كۆتۈرسە، سۈزۈكلىكى مەرۋايىتتەك سۇ تامچىلىرى چاچراپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ تىنىقىنى پۇراپ قالغان كاپىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ تىنىقى كۆز يەتكەن يەرگىچە بارىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى ئىزدەپ، ئۇنى پەلەستىنگە يېقىن بىر شەھەردە تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا (الله تائالا دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلاپ قالغان) بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يۈز كۆزلىرىنى سىلاپ، (ئۇلارغا) ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا،

ﷲ تائالا تۇساتتىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا: ”ھەقىقەتەن مەن ھېچبىر كىشى سوقۇشۇشقا كۆچى يەتمەيدىغان بىر تۈركۈم بەندىلىرىمنى چىقاردىم. سەن، مەن دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلاپ قالغان بەندىلىرىمنى تۇر تېغىغا ئېلىپ چىقىپ كەت“ دەپ ۋەھيى قىلىدۇ. ﷲ تائالا يەجۇجى ـ مەجۇجنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىرى تەبەرىيە كۆلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ سۈلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرقىلىرى ئۆتكەندە: ”بۇ كۆلدە بىر چاغلاردا سۇ بار ئىدى“ دېيىشىدۇ. ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۇر تېغىدا قورشاۋدا قالىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن كالىنىڭ بىر تال بېشى سىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈڭلاردىكى يۈز تىللادىن ئەلا بولۇپ قالىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ﷲ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. ﷲ تائالا يەجۇجى ـ مەجۇجلەرنىڭ گەدىنىگە قۇرۇتلارنى ئەۋەتىش بىلەن، ئۇلار خۇددى بىر كىشى ئۆلگەندەك تەڭلا ئۆلىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۇر تېغىدىن زېمىنغا چۈشىدۇ. ئۇلار زېمىننىڭ بىر غېرىچ يېرىمۇ قالماي يەجۇجى ـ مەجۇجلارنىڭ سېسىق پۇراقلىق جەسەدلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ﷲ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. ﷲ تائالا تۆگىلەرنىڭ بوينىغا ئوخشاش قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ قۇشلار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆتۈرۈپ، ﷲ خالىغان يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. ﷲ تائالا يامغۇرنى ئەۋەتىدۇ، يامغۇر بىرەر ئۆي ۋەياكى بىرەر چېدىرنىمۇ قويماي ھەممىسنى تازىلاپ، (زېمىننى يۇيۇپ) ئەينەكتەك قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زېمىنغا: ”مېۋىلىرىڭنى ئۆستۈر، بۇرۇنقى بەرىكەتلىرىڭنى قايتۇر“ دېيىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە كىشىلەر ئانارنى يەپ، ئۇنىڭ شۆپەكلىرى ئاستىدا سايىدايدۇ. سۈتلەرگە بەرىكەت بېرىلىپ، (ھەتتا) بىر تۆگىنىڭ سۈتى نۇرغۇن كىشىلەرگە، بىر كالىنىڭ سۈتى بىر قەبىلە كىشىلىرىگە، بىر قوينىڭ سۈتى بىر جەمەت كىشىلىرىگە يېتىدۇ. ئۇلار شۇنداق ياشاۋاتقان چاغدا، ﷲ تائالا تۇيۇقسىزلا مەيىن بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ. شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ مۆمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي (ھەممىسىنىڭ) جېنىنى ئالىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن (يەر يۈزىدە) ئېشەكلەردەك ئاشكارا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدىغان، ئەڭ ئەسكى ئادەملەر قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا قىيامەت بولىدۇ» دېدى.

ھىجرىيەنىڭ 741 ـ يىلى، ئوت كېتىش سەۋەبى (خرىستىئانلارنىڭ قىلغانلىقى گۇمان قىلىنماقتا) بىلەن (ئۇمەۋىي مەسچىتىنىڭ) ئۆرۈلۈپ كەتكەن مۇنارىنىڭ ئورنىغا يونۇلغان تاشتىن بىر ئاق مۇنار سېلىندى. ئۇنىڭغا كەتكەن چىقىمنىڭ كۆپ قىسمى خرىستىئانلارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئىشلىتىلدى. بۇ ھەدىستىكى (ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدىغان) ئاق مۇنارنىڭ مۇشۇ مۇنار بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى ئەڭ كۈچلۈك گۇمانلاردىن بولۇپ قالدى.

ئىمام مۇسلىم يەئقۇب ئىبنى ئاسىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: بىر كىشى قېشىمغا كېلىپ: سەن كىشىلەرگە نېمىنى سۆزلەپ بەرگەنتىڭ؟ قىيامەت كۈنى مۇنداق، مۇنداق بولىدۇ دەپسەنغۇ؟ ـ دېدى. مەن (ئابدۇللاھ): سۇبھانەللا (ياكى لائىلاھە ئىللەللا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن)، مەن بۇ ھەقتە ھېچكىمگە بىر نېمە دېمەيمەن دېگەن ئىدىم. مەن پەقەت: جەزمەن سىلەر ئازغىنا زاماندىن كېيىن چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى

كۆرىسىلەر؛ ئۆي (بۇ ئۆيدىن كەبە مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن) كۆيدۈرۈلدۇ ۋە مۇنداق - مۇنداق ئىشلار بولىدۇ دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدىم: «دەججال مېنىڭ ئۈممىتىمگە چىقىدۇ، ئاندىن ئۇ قىرىق تۇرىدۇ، قىرىق كۈنمۇ ياكى قىرىق ئايمۇ ياكى قىرىق يىلمۇ بىلمەيمەن. ئاندىن الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام خۇددى ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشايدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنى يوقىتىدۇ، شۇندىن كېيىن كىشىلەر ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ ئارىلىقىدا قىلچە ئاداۋەت يوق، ياخشى ھالەتتە يەتتە يىل ياشايدۇ. الله تائالا شام تەرەپتىن مەيىن بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ شامال يەر يۈزىدىكى دىلىدا زەررىچىلىك ياخشىلىق ياكى ئىمانى بار كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ھەتتا ئۇلاردىن بىرەرسى تاغدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسىمۇ، شامال (ئۇ يەرگە كىرىپ) ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يەر يۈزىدە يامان ئىشلارنى قىلىشتا قۇشلارنىڭ ئۇچىشىدەك تېز، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشتا يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ۋەھشىي، ياخشى ئىشنى بىلمەيدىغان، يامان ئىشنى ئەيىبلىمەيدىغان، ئەڭ ئەسكى ئادەملەر قالىدۇ. شەيتان ئۇلارغا: ”سىلەر مېنىڭ گېپىمگە كىرەمسىلەر؟“ دەيدۇ. ئۇلار: ”سەن بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟“ دەپ سورايدۇ. شەيتان ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ رىزىقلىرى ئۈزۈلۈپ قالماي، تۇرمۇشلىرى ياخشى ھالەتتە بولىدۇ. كېيىن سۇر چېلىنىدۇ، ئۇنى ئاڭلىغان ھەر بىر كىشى بوينىنى سوزۇپ ئۇياققا - بۇياققا قارايدۇ، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ تۆگىسىنىڭ ئېغىلىنى ئوڭشاۋاتقان بىر كىشى ئاڭلايدۇ، ئاندىن ھەممە كىشى ئۆلىدۇ. ئارقىدىن الله شەبنەمدەك بىر يامغۇرنى ئەۋەتىدۇ. شۇ يامغۇردىن كىشىلەرنىڭ جىسىملىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن سۇر يەنە بىر قېتىم چېلىنىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا: ”ئى خالايىق! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قېشىغا كېلىڭلار“ دېيىلىدۇ، الله پەرىشتىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى، ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال - سوراق قىلىنىدۇ﴾[1] دوزاخقا كىرىپ قالغانلارنى ئېلىپ چىقىڭلار، - دېيىلىدۇ، پەرىشتىلەر: قانچىدىن قانچىنى ئېلىپ چىقىمىز؟ - دەپ سورىغاندا، ھەر مىڭدىن 999 نى ئېلىپ چىقىڭلار، - دېيىلىدۇ». بۇ، الله تائالا ئايەتلىرىدە بايان قىلغان كۈندۇر: ﴿(دەھشىتىدىن) بالىلارنىڭ بېشىنى ئاقارتىۋېتىدىغان كۈندىن قانداق ساقلىنىسىلەر﴾[2]، ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئىش قىيىنلىشىدۇ﴾[3].

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى



ئابدۇراھمان ئىبنى ئادەمنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان يۇقىرىدىكى ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرسەڭلار، ئۇنى تۆۋەندىكى سۈپەتلىرىدىن تونۇۋالالايسىلەر: ئۇ ئورتا بوي،

(1) سافات سۈرىسى 24 - ئايەت.
(2) مۇزەممىل سۈرىسى 17 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) قەلەم سۈرىسى 42 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(رەڭگى) ئاقۇش قىزىل كىشى بولۇپ، ئۇستىدە سۇس قىزىل رەڭ بىلەن بويالغان ئىككى قۇر كىيىم بار. چېچى ھۆل بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بېشىدىن خۇددى سۇ تېمىپ تۇرغاندەك (كۆرۈنىدۇ)» .

نۇۋاس ئىبنى سەمئاننىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىسا ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا زەپە بىلەن بويالغان ئىككى قۇر سېرىق كىيىم كىيگەن، ئىككى قولىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالەتتە چۈشىدۇ، ئۇ بېشىنى ئەگسە، ئۇنىڭدىن سۇ تامچىلىرى ئاقىدۇ. بېشىنى كۆتۈرسە، ئۇنىڭدىن مەرۋايىتقا ئوخشاش سۈزۈك تامچىلار چاچرايدۇ. ئۇنىڭ تىنىقى يەتكەن ھەر بىر كاپىر ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ تىنىقى ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن يەرگىچە بارىدۇ» .

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسرا كېچىسى مەن مۇسا بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ئورۇق، چېچى تۈز (بۈدرە ئەمەس) بولۇپ، خۇددى يەمەندىكى شەنۇئە دەيدىغان قەبىلىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشايدىكەن. مەن ئىسا بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ئوتتۇرا بوي، خۇددى مۇنچىدىن (ھازىر) چىققاندەك ئۆڭى ئاققىزىل ئىدى. مەن ئىبراھىمنى كۆردۈم، (ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ئىچىدە) مەن ئۇنىڭغا بەك ئوخشايدىكەنمەن» .

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسا، ئىسا ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارنى كۆردۈم. ئىسا ئاقۇش قىزىل، بەدىنى قاۋۇل، كۆكسى كەڭ ئىكەن. ئەمما مۇسا بۇغداي ئۆڭلۈك، بويى ئېگىز، چېچى تۈز (بۈدرە ئەمەس) بولۇپ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى جەھەتتىن زۇتتىلىقلارغا[1] ئوخشايدىكەن» .

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم نافىئدىن ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە دەججال توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىۋېتىپ مۇنداق دېدى: «شەكسىزكى، الله تائالا ئالغاي ئەمەس، بىلىپ قېلىڭلاركى، دەججالنىڭ ئوڭ كۆزى ئالغاي بولۇپ، خۇددى پولتىيىپ چىققان پاقىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ» .

سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىندى: «مەن كەبىنىڭ قېشىدا ئۇخلاۋاتقاندا، الله تائالا چۈشۈمدە ماڭا كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك،[2] (بۈدرە ئەمەس) چېچى مۆرىسىگە چۈشكەن، بېشىدىن سۇ تېمىپ تۇرىدىغان (يەنى پاكىزلىقتىن بېشىدىن سۇ تېمىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان)، ئىككى قولىنى ئىككى كىشىنىڭ دولىسىغا قويغان ھالەتتە كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرسەتتى. مەن: ”ئۇ كىم؟“ دەپ سورىدىم. ماڭا: ”ئۇ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا“ دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەينىدە چېچى ئۇششاق بۈدرە، ئوڭ كۆزى ئالغاي، خۇددى ئىبنى قەتەن دېگەن كىشىگە

---

(1) زۇتتىلىقلاردىن ھىندىستانلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگۈچىلەرمۇ، سۇدانلىقلار كۆزدە تۇتىلىدۇ دېگۈچىلەرمۇ بار.

(2) يۇقىرىدىكى ھەدىستە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ رەڭگى سۇس قىزىل دەپ كەلدى، بۇ ھەدىستە بۇغداي ئۆڭلۈك دەپ كەلدى. ئالىملار بۇ ئىككى ھەدىسنى مۇنداق بىرلەشتۈرىدۇ: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى رەڭگى بۇغداي ئۆڭ بولۇپ، روھىي كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولسا، ئۇنىڭ ئۆڭى سۇس قىزىلغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ

ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئىككى قولىنى بىر كىشىنىڭ ئىككى دولىسىغا قويغان ھالەتتە كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆردۈم. مەن: "ئۇ كىم؟" دەپ سورىدىم. ماڭا: "ئۇ دەججال" دەپ جاۋاب بېرىلدى.»

**﴿ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا الله نىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى) غا گۇۋاھ بولىدۇ﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلارغا الله تەرىپىدىن ئۇلۇغ ۋەزىپىنى يەتكۈزگەنلىكىگە ۋە ئۆزىنىڭ الله نىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىقىغا گۇۋاھچى بولىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، الله نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، ـ دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى: مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ـ دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»﴾[1].

* * * * * * *

فَبِظُلۡمٖ مِّنَ ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ طَيِّبَٰتٍ أُحِلَّتۡ لَهُمۡ وَبِصَدِّهِمۡ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ كَثِيرٗا ﴿١٦٠﴾
وَأَخۡذِهِمُ ٱلرِّبَوٰاْ وَقَدۡ نُهُواْ عَنۡهُ وَأَكۡلِهِمۡ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡبَٰطِلِۚ وَأَعۡتَدۡنَا لِلۡكَٰفِرِينَ مِنۡهُمۡ عَذَابًا أَلِيمٗا
﴿١٦١﴾ لَّٰكِنِ ٱلرَّٰسِخُونَ فِي ٱلۡعِلۡمِ مِنۡهُمۡ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ يُؤۡمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَۚ وَٱلۡمُقِيمِينَ
ٱلصَّلَوٰةَۚ وَٱلۡمُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ أُوْلَٰٓئِكَ سَنُؤۡتِيهِمۡ أَجۡرًا عَظِيمًا ﴿١٦٢﴾



يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ھەقسىزلىقلىرى (يەنى زۇلمى ۋە قىلغان گۇناھلىرى)، نۇرغۇن كىشىلەرنى الله نىڭ يولىدىن (يەنى الله نىڭ دىنىغا كىرىشتىن) توسقانلىقلىرى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ناھەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا

(1) مائىدە سۈرىسى 116 ـــ 118 ـ ئايەتلەر.

قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق﴿160 ـ 161﴾. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارغا، ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، سەندىن ئىلگىرى (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتىدىغان مۆمىنلەرگە، نامازنى ئۆتىگۈچىلەرگە، زاكات بەرگۈچىلەرگە، اللە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا (جەننەتتە مەڭگۈ قېلىشتىن ئىبارەت) كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴿162﴾.

## يەھۇدىيلارغا ئىلگىرى ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

اللە تائالا (بۇ ئايەتتە) يەھۇدىيلارنىڭ چوڭ ـ چوڭ گۇناھلارنى قىلىشى ئارقىلىق (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن، بۇرۇن ھالال قىلىنغان (پاكىز) نەرسىلەرنى ئۇلارغا ھارام قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. بۇ ھارام قىلىش يەھۇدىيلارنىڭ شەرىئەت يوللىرىنى ئۆزلىرىگە چىڭىتىۋېلىشى ۋە تارلاشتۇرىۋېلىشى يۈزىسىدىن، كىتابلىرىغا خالىغانچە مەنا بېرىپ، ھالال نەرسىلەرنى ھارامغا ئۆزگەرتىۋېلىشىنى اللە تائالا ئەسلىدىلا ئۇلارغا پۈتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ياكى ئۇلارغا بۇرۇن ھالال بولغان نەرسىلەرنى اللە تائالا تەۋراتتا ھارام قىلىپ چۈشۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى﴾[1].

ئاندىن اللە تائالا ئۇلارغا تەۋراتتا نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلدى، اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەھۇدىيلارغا توم تۇياقلىق (يەنى تۆگە، تۆگىقۇشقا ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولماي توم تۇياقلىق بولغان) ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۇمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلىشقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە قىلىش، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش قاتارلىق) زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، بىز ئەلۋەتتە (بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە) راستچىلمىز﴾[2] اللە تائالا ئۇلارغا شۇ نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرى، تاجاۋۇزچىلىقلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان قارشىلىقلىرىنىڭ سەۋەبىدىن شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇلارغا ھارام قىلىنىشى تېگىشلىك بولدى.

﴿چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى﴾ بۇ ئۇلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ سۈپەتلىنىپ كەلگەن خۇيىدۇر. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپ كەلدى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارغا ئىشەنمىدى. ﴿**ئۇلارنىڭ**

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 146 ـ ئايەت.

**ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق**﴾.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: **اللّٰه** تائالانىڭ: ﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلمى چوڭقۇر بولغانلارغا، ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، سەندىن ئىلگىرى (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتىدىغان مۆمىنلەر**﴾ دېگەن ئايىتى ئىسلامغا كىرگەن ۋە **اللّٰه** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەۋەتكەن قۇرئانغا ئىشەنگەن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، سۇئلەبە ئىبنى سەئيە، ئەسەد، زەيد ئىبنى سەئيە ۋە ئەسەد ئىبنى ئۇبەيدە قاتارلىقلار توغرىسىدا چۈشتى.

﴿**زاكات بەرگۈچىلەرگە**﴾ بۇ ئايەتتىن كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت، ماللارنىڭ زاكىتىنى بەرگەن ياكى دىللارنى پاكىزلىغان ياكى ھەر ئىككىلىسىنى قىلغان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. ﴿**(جەننەتتە مەڭگۈ قېلىشتىن ئىبارەت) كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز**﴾.

* * * * * * *

﴿ إِنَّآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡكَ كَمَآ أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ نُوحٖ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ مِنۢ بَعۡدِهِۦۚ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ
وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطِ وَعِيسَىٰ وَأَيُّوبَ وَيُونُسَ وَهَٰرُونَ وَسُلَيۡمَٰنَۚ وَءَاتَيۡنَا دَاوُۥدَ
زَبُورٗا ﴿١٦٣﴾ وَرُسُلٗا قَدۡ قَصَصۡنَٰهُمۡ عَلَيۡكَ مِن قَبۡلُ وَرُسُلٗا لَّمۡ نَقۡصُصۡهُمۡ عَلَيۡكَۚ وَكَلَّمَ ٱللَّهُ
مُوسَىٰ تَكۡلِيمٗا ﴿١٦٤﴾ رُّسُلٗا مُّبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى ٱللَّهِ حُجَّةُۢ بَعۡدَ
ٱلرُّسُلِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمٗا ﴿١٦٥﴾

(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھيى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴿163﴾. بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، **اللّٰه** مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى﴿164﴾. ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن **اللّٰه** نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، **اللّٰه** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿165﴾.



## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلىنغان نەرسىنىڭ ۋەھيى قىلىنغانلىقى

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: سەكىن ۋە ئەدى ئىبنى زەيد قاتارلىقلار: ئى مۇھەممەد! بىز اللە نىڭ مۇسادىن كېيىن بىر كىشىگە بىر نەرسە چۈشۈرگەنلىكىنى بىلمەيمىز، ـ دېگەن ئىدى.

اللە تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزى توغرىسىدا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھيى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق﴾.

## قۇرئاندا بايان قىلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ يىگىرمە بەش ئىكەنلىكى

﴿بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار﴾ اللە تائالا قۇرئاندا ئىسىملىرىنى بايان قىلغان پەيغەمبەرلەر تۆۋەندىكىچە: ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۇسۇپ، ئەييۇب، شۇئەيب، مۇسا، ھارۇن، يۇنۇس، داۋۇد، سۇلايمان، ئىلياس، يەسە، زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا، (كۆپىنچە تەپسىر ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىچە) زۇلكىفىل ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

﴿ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار﴾ يەنى قۇرئاندا بايان قىلىنمىغان، نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر باردۇر.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى

﴿اللە مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى﴾ بۇ سۈپەت مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر شەرەپتۇر. شۇڭا ئۇ "سۆزلەشكۈچى" دەپ ئاتىلىدۇ (يەنى اللە تائالا سۆزلىگۈچى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاڭلىغۇچى بولىدۇ).

ھافىز ئەبۇبەكرى ئىبنى مەردەۋەيدىن ئابدۇجاببار ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئىياشنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن بىر كىشىنىڭ بۇ ئايەتنى: مۇسا اللە تائالاغا بىۋاستە سۆز قىلدى دەپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. ئەبۇبەكرى: بۇ ئايەتنى كاپىردىن باشقىسى بۇنداق ئوقۇمايدۇ، ـ دېدى. بەزى مۆئتەزىلەر[1] بىر شەيخكە (بۇ ئايەتنى): مۇسا اللە تائالاغا بىۋاستە سۆز قىلدى، ـ دەپ ئوقۇپ بەردى. ھېلىقى شەيخ ئۇنىڭغا: ھەي ئەدەبسىز! (ئۇنى ئۇنداق ئوقۇساڭ) اللە تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى قانداق ئوقۇيسەن: ﴿مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان چاغدا: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىركۆرۈپ ئالاي» دېدى﴾[2] يەنى بۇ ئايەتنى (يۇقىرىقىنى ئۆزگەرتكەندەك) ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى.

(1) ئىزاھاتى 6 ـ كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# پەيغەمبەرلەرنىڭ ﷲ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا پاكىت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى

**﴿ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ﷲ نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ﷲ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** ﷲ تائالا ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەۋەتىشتىن بۇرۇن ئازابلايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ باھانە كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر بىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشتىن) ئىلگىرى ھالاك قىلغان بولساق، ئۇلار چوقۇم: «نېمىشقا بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىڭ؟ بىز خار ۋە رەسۋا بولۇشتىن ئىلگىرى سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق» دەيتتى﴾[1]، ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى (يەنى كۇفرى ۋە گۇناھلىرى) تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر ئازاب كەلسە: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ ئىدىڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈن (سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)﴾[2].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يامان ئىشلارغا ﷲ تائالادىنمۇ بەكرەك قارشى تۇرىدىغان بىر زات يوق، شۇڭا ﷲ تائالا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدى. مەدھىيىلىنىشنى ﷲ تائالادىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان باشقا بىر زات يوق. شۇڭا ﷲ تائالا ئۆزىنى ئۆزى مەدھىيىلىدى. (باشقىلارغا) پاكىت كەلتۈرۈشنى ﷲ تائالادىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان باشقا بىر زات يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى خۇش بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى ۋە كىتابلارنى نازىل قىلدى».

* * * * * * *

لَّٰكِنِ ٱللَّهُ يَشْهَدُ بِمَآ أَنزَلَ إِلَيْكَ ۖ أَنزَلَهُۥ بِعِلْمِهِۦ ۖ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ يَشْهَدُونَ ۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا
﴿١٦٦﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَصَدُّوا۟ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ قَدْ ضَلُّوا۟ ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا ﴿١٦٧﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
وَظَلَمُوا۟ لَمْ يَكُنِ ٱللَّهُ لِيَغْفِرَ لَهُمْ وَلَا لِيَهْدِيَهُمْ طَرِيقًا ﴿١٦٨﴾ إِلَّا طَرِيقَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًا
وَكَانَ ذَٰلِكَ عَلَى ٱللَّهِ يَسِيرًا ﴿١٦٩﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُمُ ٱلرَّسُولُ بِٱلْحَقِّ مِن رَّبِّكُمْ فَـَٔامِنُوا۟
خَيْرًا لَّكُمْ ۚ وَإِن تَكْفُرُوا۟ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا ﴿١٧٠﴾

(1) تاھا سۈرىسى 134 ـ ئايەت.
(2) قەسەس سۈرىسى 47 ـ ئايەت.

(يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار سىنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرمىسە گۇناھى ئۆزىگە) لېكىن الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، الله قۇرئاننى (باشقىلار بىلمەيدىغان ئۆزىگە خاس) ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى. پەرىشتىلەرمۇ (الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (باشقىلار گۇۋاھلىق بەرمىگەندىمۇ) الله نىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر﴿166﴾. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغانلار ۋە (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسقانلار ھەقىقەتەن قاتتىق ئازدى﴿167﴾. شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغانلار ۋە زۇلۇم قىلغانلارنى الله مەغپىرەت قىلمايدۇ، توغرا يولغىمۇ (يەنى جەننەتنىڭ يولىغىمۇ) باشلىمايدۇ﴿168﴾. (ئۇلارنى) پەقەت جەھەننەمنىڭ يولىغا باشلايدۇ، ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ (يەنى ئۇلارنى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالدۇرۇش) الله غا ئاسان﴿169﴾. ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق (دىن) ئېلىپ كەلدى، ئىمان ئېيتىڭلاركى، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق، ئەگەر ئىنكار قىلساڭلار (يەنى كۇفرىنى داۋاملاشتۇرساڭلار) (الله سىلەردىن بىھاجەت). چۈنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر، مۈلكىدۇر). الله (بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿170﴾.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق...﴾** دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاشنى ۋە مۇشرىكلار ۋە ئەھلى كىتابلاردىن ئۇنىڭ پەيغەمبرلىكىگە ئىشەنمىگەن كىشىلەرگە رەددىيە بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار سىنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرمىسە گۇناھى ئۆزىگە) لېكىن الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾** يەنى (ساڭا ئىشەنمىگەن ۋە ساڭا قارشىلىق قىلغان) كىشىلەر گەرچە ساڭا ئىشەنمىسىمۇ، الله تائالا سىنىڭ كىتاب (قۇرئان) بېرىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. الله تائالا (ئۇنىڭغا بېرىلگەن قۇرئاننى سۈپەتلەپ) مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر﴾[1].

**﴿الله قۇرئاننى (باشقىلار بىلمەيدىغان ئۆزىگە خاس) ئىلمى بىلەن نازىل قىلدى﴾** يەنى بۇ بىلىم الله تائالا بىلدۈرۈشنى خالىغان كىشىلەردىن باشقا، پەيغەمبەر ۋە ئەڭ يېقىن پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدىغان دەلىل ـ ئىسپات ۋە ھىدايەت، الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان، يامان كۆرىدىغان ۋە رازى بولمايدىغان ئىشلار، غەيبنى بىلىش ۋە الله تائالانىڭ ئۇلۇغ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت بىلىملەردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار الله نىڭ مەلۇماتىدىن (الله ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ﴾[2]، ﴿الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 42 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 255 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ﴾[1].

**﴿پەرىشتىلەرمۇ (الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (باشقىلار گۇۋاھلىق بەرمىگەندىمۇ) الله نىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر﴾**

**﴿شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغانلار ۋە (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسقانلار ھەقىقەتەن قاتتىق ئازدى﴾** يەنى ئۇلار كاپىر بولدى، ھەقكە ئەگەشمىدى ۋە باشقىلارنى ھەقكە ئەگىشىشتىن توستى، شۇنىڭ بىلەن (ئۇلار) ھەق يولدىن ئېزىپ كەتتى.

ئاندىن الله تائالا ئايەتلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەي، باشقىلارنىمۇ ئىشىنىشتىن توسۇپ، گۇناھ ۋە ھارام ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان كاپىرلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا جەھەننەمدىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدۇ: **﴿(ئۇلارنى) پەقەت جەھەننەمنىڭ يولىغا باشلايدۇ، ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ (يەنى ئۇلارنى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالدۇرۇش) الله غا ئاسان﴾** يەنى الله تائالا كاپىرلاردىن بىھاجەتتۇر، ئۇلار كۇپۇرلۇق قىلىش بىلەن الله تائالاغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ دېگەنلىكتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇسا (ئۆز قەۋمىگە): «ئەگەر سىلەر ۋە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەر كاپىر بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (الله غا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر)، چۈنكى، الله ئەلۋەتتە (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر» دېدى﴾[2].

**﴿چۈنكى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر، مۈلكىدۇر). الله (بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى (ئۇ) سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ھىدايەتكە لايىق بولىدىغان كىشىنى بىلگۈچى ۋە ئۇنى ھىدايەتكە باشلىغۇچىدۇر. شۇنداقلا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئازغۇنلۇققا لايىق بولىدىغان كىشىنى بىلگۈچىدۇر، ئاندىن ئۇنى ئازغۇنلۇققا باشلىغۇچىدۇر. الله تائالا: **﴿ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾**.

*******

يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَا تَغۡلُواْ فِي دِينِكُمۡ وَلَا تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡحَقَّۚ إِنَّمَا ٱلۡمَسِيحُ
عِيسَى ٱبۡنُ مَرۡيَمَ رَسُولُ ٱللَّهِ وَكَلِمَتُهُۥٓ أَلۡقَىٰهَآ إِلَىٰ مَرۡيَمَ وَرُوحٞ مِّنۡهُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرُسُلِهِۦۖ
وَلَا تَقُولُواْ ثَلَٰثَةٌۚ ٱنتَهُواْ خَيۡرٗا لَّكُمۡۚ إِنَّمَا ٱللَّهُ إِلَٰهٞ وَٰحِدٞۖ سُبۡحَٰنَهُۥٓ أَن يَكُونَ لَهُۥ وَلَدٞۘ لَّهُۥ
مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ وَكِيلٗا ﴿١٧١﴾



ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، الله نىڭ شەنىگە ھەق (سۆز) دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى الله غا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار). مەسىھ ئىسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت الله نىڭ رەسۇلىدۇر

(1) تاھا سۈرىسى 110 ـ ئايەت.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

(سىلەر گۇمان قىلغاندەك الله نىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە الله نىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، الله نىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، الله تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، (الله ئىسا، مەريەمدىن ئىبارەت) ئۈچتۇر دېمەڭلار، (خۇدا ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، الله پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن الله پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر) الله يېتەرلىك ھامىيدۇر﴿171﴾.

## ئەھلى كىتابلارنىڭ دىنىدا ھەددىدىن ئېشىش ۋە مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانى ئاشۇرۇپ ماختاشتىن توسۇلغانلىقى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) ئەھلى كىتابلارنى (دىنىدا) ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ھەددىدىن ئارتۇق ماختىۋېتىشتىن توسىدۇ. بۇنداق ئىشلار خىرىستىئانلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ھەتتا ئۇلار ئۇنى الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن مەرتىۋىسىدىن ئارتۇق كۆتۈرۈۋەتتى، يەنى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدىن ئارتۇق كۆتۈرۈپ (الله تائالاغا ئىبادەت قىلغاندەك) ئىبادەت قىلىدىغان (الله تائالادىن باشقا) بىر ئىلاھ قىلىۋالدى. بەلكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلغان ئەگەشكۈچىلىرى ھەققىدىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى خاتالىقتىن خالىي دەپ دەۋا قىلدى، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە (مەيلى ھەق ياكى ناھەق بولسۇن، خاتا ياكى توغرا بولسۇن) ئۇلارغا ئەگەشتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر مېنى خىرىستىئانلار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانى ھەددىدىن ئارتۇق ماختىغاندەك ماختىماڭلار، مەن پەقەت (الله نىڭ) بىر بەندىسىدۇرمەن، سىلەر (مېنى) الله نىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئاتاڭلار».

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا): ئى مۇھەممەد! ئى غوجىمىز! غوجىمىزنىڭ ئوغلى! بىزنىڭ ئېچىمىزدىكى ئەڭ ياخشى كىشى ۋە ئەڭ ياخشى كىشىنىڭ بالىسى، ـ دەپ چاقىردى. شۇنىڭ

(1) تەۋبە سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! سىلەر سۆزلىرىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار، شەيتان سىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن. مەن ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەددۇرمەن، مەن الله نىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ مېنى الله تائالا ماڭا بەرگەن مەرتىۋىدىن ئارتۇق كۆتۈرۈۋېتىشىڭلارنى ياخشى كۆرمەيمەن».

**﴿الله نىڭ شەنىگە ھەق (سۆز) دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى الله غا شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار)﴾** الله دىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگارمۇ يوق.

**﴿مەسىھ ئىسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت الله نىڭ رەسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك الله نىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە الله نىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، الله نىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، الله تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر﴾** يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بەندىلىرىدىن بىرى، مەخلۇقاتلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا پەيغەمبەرلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ، الله تائالانىڭ مەريەمگە تاشلىغان: «ۋۇجۇتقا كەل» دېگەن سۆزىدۇر. يەنى الله تائالا ئۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مەريەم ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزى بىلەن ياراتقاندۇر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن الله تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر روھنى پۈۋلىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا پۈۋلىگەن ھېلىقى روھ ھەزرىتى مەريەمنىڭ كۆينىكىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ، ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئۇرۇغى ئۇچراشقاندەك كېيىمدىن ئۇنىڭ بالا ياتقۇسىغا ئۆتتى. پۈتكۈل ئىنسانلار الله تائالانىڭ مەخلۇقاتىدۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن ئىسا ئەلەيھىسسالام: ”الله تائالانىڭ سۆزى ۋە الله تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھ“ دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاتىسىز تۇغۇلغان. پەقەت ئۇ الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەۋەتكەن روھ ئارقىلىق يارىتىلغاندۇر.

الله تائالا بۇ ئىشلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەريەم ئوغلى ئىسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل خوتۇندۇر، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى (يەنى ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا، گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى)﴾[1]، ﴿شۈبھىسىزكى، الله نىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى الله (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇتقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)﴾[2]، ﴿نومۇسىنى ساقلىغان ئايالنىڭ (يەنى مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇنىڭغا (يەنى كېيىمنىڭ ئىچىگە) بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (پۈۋلەنگەن روھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇنى ۋە ئوغلىنى (يەنى ئىسا بىلەن مەريەمنى)

(1) مائىدە سۈرىسى 75 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 59 ـ ئايەت.

ئەھلى جاھان ئۈچۈن (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل قىلدۇق﴾[1]، ﴿ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلغان) كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى ۋە الله غا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى﴾[2].

الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (يەنى ئىسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر﴾[3].

ئىمام بۇخارى ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى شېرىكى يوق، بىر الله دىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە، ئىسانىڭ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى، مەريەمگە تاشلىغان ئۇنىڭ (ۋۇجۇدقا كەل دېگەن) سۆزى ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھ ئىكەنلىكىگە، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، الله تائالا ئۇنى قىلغان ئەمەلىگە قاراپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدۇ: «ئۇ جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكىنىڭ خالىغىنىدىن كىرىدۇ».

ئايەتتە ۋە ھەدىستە كەلگەن «الله تەرىپىدىن بولغان بىر روھ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى الله تائالانىڭ: ﴿الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾[4] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام خىرىستىئانلار (الله ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن!) دېگەندەك الله نىڭ روھى ئەمەس، بەلكى الله تەرەپتىن كەلگەن بىر روھتۇر[5]. روھنىڭ (يەنى الله تەرىپىدىن كەلگەن روھ دەپ) الله غا قوشۇلۇپ كېلىشى خۇددى: ﴿بۇ الله (بىۋاستە) ياراتقان چىشى تۆگە سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر﴾[6]، ﴿«ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن﴾[7] دېگەن ئايەتلەردە تۆگە ۋە ئۆي (يەنى كەبە) ھۆرمەت يۈزىسىدىن الله غا قوشۇلۇپ كەلگەندەك قوشۇلۇپ كەلدى.

**﴿الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، (الله ئىسا، مەريەمدىن ئىبارەت)**

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 91 ـ ئايەت.
(2) تەھرىم سۈرىسى 12 ـ ئايەت.
(3) زۇخرۇف سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) جاسىيە سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) بۇ ئىككى خىل سۆزنىڭ ئارىلىقىدا پەرق ناھايىتى ئوچۇقتۇر، ئىسانى خىرىستىئانلار دېگەندەك الله نىڭ روھىنىڭ بىر بۆلۈكى دېسەك، ئۇ چاغدا ئىسا ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بىر پارچىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە خاتادۇر.
(6) ھۇد سۈرىسى 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(7) ھەج سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئۈچتۇر دېمەڭلار، (خۇدا ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار﴾** يەنى سىلەر **الله** نىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ بالىسى ۋە ئايالىنىڭ يوقلۇقىغا ۋە ئىسانىڭ **الله** نىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭلار. سىلەر **الله** تائالاغا ئىسانىڭ ئانىسى مەريەمنىمۇ شېرىك قىلماڭلار!

**﴿(بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، الله پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن الله پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر) الله يېتەرلىك ھامىيدۇر﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾[1]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا **الله** ئېيتتى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، **الله** نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، ـ دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن﴾[2].

خرىستىئانلار (**الله** ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن!) بىلىمسىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ (ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا) مۇقىم بىر ئېتىقادى يوق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلارنىڭ (ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى) چۈشەنچىسىمۇ بىردەك ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلسا، بەزىلىرى ئۇنى **الله** نىڭ شېرىكى دەيدۇ. يەنە بەزىلىرى ئۇنى **الله** نىڭ ئوغلى دەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ناھايىتى كۆپ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز قاراش ۋە پىكىرلىرى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. (شۇڭا) بەزى ئالىملار: ئەگەر ئون خرىستىئان بىر جايغا يىغىلىپ قالسا، ئۇلار (ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا) ئون بىر خىل قاراشقا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ـ دەپ ناھايىتى توغرا باھا بەرگەن.

## خرىستىئانلارنىڭ گۇرۇھلىرى

ھىجرىيەنىڭ 400 ـ يىللىرى ئىسكەندىرىيەنىڭ پوپى ۋە خرىستىئانلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى سەئىد ئىبنى بىترىق مۇنداق دەپ بايان قىلغان: شەكسىزكى، خرىستىئانلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئامانەت دەپ ھېسابلىنىدىغان بىر ئامانەتنى قارار قىلىدىغان چوڭ بىر يىغىلىش قىلدى. ئۇ يىغىلىش ئەمەلىيەتتە بولسا (چوڭ بىر ئامانەت ئەمەس)، ئەڭ رەزىل بىر خىيانەت ئىدى. بۇ يىغىلىش مەشھۇر قۇستانتىنىيە شەھىرىنى قۇرغۇچى قۇستەنتىنىنىڭ زامانىدا بولغان بولۇپ، ئۇ بىر چوڭ پەيلاسوپ كىشى ئىدى. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ناھايىتى قاتتىق ئىختىلاپ قىلدى. ئۇ يىغىلىشقا ئىككى مىڭدىن ئارتۇقراق پوپ قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار كۆز قاراش جەھەتتە ناھايىتى كۆپ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ ئىچىدىن

(1) مائىدە سۈرىسى 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مائىدە سۈرىسى 116 ـ ئايەت.

ئەللىكى بىر گۇرۇھ، يىگىرمىسى بىر گۇرۇھ، يۈزى بىر گۇرۇھ، يەتمىشى بىر گۇرۇھ ئىدى. بەزى گۇرۇھلار ئۇنىڭدىن كۆپ، بەزى گۇرۇھلار ئاز ئىدى. پادىشاھ قۇستەنتىن گۇرۇھلارنىڭ ئىچىدىن ئادىمى 318 كىشىدىن ئاشىدىغان بىر گۇرۇھنىڭ ئېتىقادقا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، (ئۇ) بۇ قاراشنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى قوغداپ كۈچلەندۈردى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە قاراشلارنى بىكار قىلدى. ئاشۇ 318 كىشىنىڭ سۈيىقەستى نىزام قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇلار ئۈچۈن چېركاۋلار سېلىندى. ئۇلار ئۆزلىرىگە كىتاب ۋە قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا ئېتىقاد قىلىش ۋە نىزام ئورنىدا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىدىغان ئامانەتنى پەيدا قىلدى. بۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مەلەكىيە دەپ ئاتالدى. ئاندىن يوپلار ئىككىنچى قېتىم يىغىلدى. (بۇ يىغىلىشتا) يەئقۇبىيە گۇرۇھى پەيدا بولدى. ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم يىغىلغاندا، نېستۇرىيە گۇرۇھى پەيدا بولدى. بۇ ئۈچ پىرقىنىڭ ئۈچىلىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامدا (دادا، بالا ۋە روھۇلقۇدۇستىن ئىبارەت) ئۈچ خىل نەرسىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەيدۇ. يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاتىلىق (يەنى ئىلاھلىق)، باللىق (يەنى ئىنسانلىق) ۋە روھۇلقۇدۇستىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسىنى ئىسا دەيمىز، ئىسا ۋۇجۇدىدا مۇشۇ ئۈچ نەرسە بار دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھلىق تەرىپى بىلەن ئىنسانلىق تەرىپى بىرلەشتىمۇ ياكى بىرلەشمىدىمۇ ياكى ئۇ ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنمۇ دېگەن مەسىلىلەردە ئۈچ خىل گۇرۇھقا ئايرىلىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر گۇرۇھ يەنە بىرسىنى كاپىرغا چىقىرىدۇ. بىز يەنى مۇسۇلمانلار بولساق، ئۈچىلىسىنى كاپىرغا چىقىرىمىز.

﴿**(خۇدا ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، الله پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن الله پاكتۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر) الله يېتەرلىك ھامىيدۇر**﴾ يەنى ھەممىسى الله نىڭ مۈلكىدۇر ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتىدۇر. ئاسمان ـ زېمىندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ۋە بۇيرۇقى ئاستىدىدۇر. ئۇ ھەممە نەرسىگە ئۆزى ئىگىدۇر. (شۇنداق بولغان ئىكەن) ئۇنىڭ قانداقمۇ ئايالى ۋە بالىسى بولسۇن؟

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، **الله** نىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى **الله** ياراتقان، ھەممە نەرسىنى **الله** ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾[1]، ﴿ئۇلار: «**الله** نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار **الله** نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا **الله** غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى **الله** نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[2].

* * * * * * *

(1) ئەنئام سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(2) مەريەم سۈرىسى 88 ـــ 95 ـ ئايەتلەر.

لَّن يَسْتَنكِفَ ٱلْمَسِيحُ أَن يَكُونَ عَبْدًا لِّلَّهِ وَلَا ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ ٱلْمُقَرَّبُونَ ۚ وَمَن يَسْتَنكِفْ عَنْ عِبَادَتِهِۦ وَيَسْتَكْبِرْ فَسَيَحْشُرُهُمْ إِلَيْهِ جَمِيعًا ﴿١٧٢﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدُهُم مِّن فَضْلِهِۦ ۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱسْتَنكَفُوا۟ وَٱسْتَكْبَرُوا۟ فَيُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَلَا يَجِدُونَ لَهُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ﴿١٧٣﴾

مەسىھمۇ، (الله غا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ الله غا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىملەركى الله غا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ﴿172﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، نېمىتىنى ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، (الله غا قۇلچىلىق قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، الله ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن الله دىن باشقا (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ﴿173﴾.

## پەيغەمبەرلەر ۋە پەرىشتىلەرنىڭ الله تائالاغا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتمايدىغانلىقى

**﴿مەسىھمۇ، (الله غا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ الله غا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ھەرگىزمۇ چوڭلۇق قىلمايدۇ. قەتادە مۇنداق دېدى: ئىككىلەنمەيدۇ.

**﴿كىملەركى الله غا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى ئۆزىنىڭ ئادىل ھۆكمى بىلەن ئايرىيدۇ.

**﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، نېمىتىنى ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»﴾[1].

*******

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُم بُرْهَٰنٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكُمْ نُورًا مُّبِينًا ﴿١٧٤﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱللَّهِ وَٱعْتَصَمُوا۟ بِهِۦ فَسَيُدْخِلُهُمْ فِى رَحْمَةٍ مِّنْهُ وَفَضْلٍ وَيَهْدِيهِمْ إِلَيْهِ صِرَٰطًا مُّسْتَقِيمًا ﴿١٧٥﴾

(1) غافىر سۈرىسى 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) ئوچۇق دەلىل كەلدى، سىلەرگە روشەن نۇرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق﴿174﴾. الله غا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئانغا) چىڭ يېپىشقانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە ۋە نېمىتىگە (يەنى جەننىتىگە) داخىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ﴿175﴾.

## الله تەرىپىدىن كەلگەن نەرسىنىڭ سۈپەتلىرى

الله تائالا (بۇ ئايەتتە) ھەممە ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ تەرىپىدىن كاتتا بىر پاكىتنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ پاكىت بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئورۇن قويمايدىغان ۋە شۈبھىلەرنى يوقىتىدىغان دەلىل - ئىسپاتلاردۇر. ﴿**سىلەرگە روشەن نۇرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق**﴾ يەنى سىلەرگە ھەقلىقى ناھايىتى ئوچۇق بولغان بىر نۇرنى چۈشۈردۇق. ئىبنى جۇرەيج ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ نۇر قۇرئان كەرىمدۇر.

﴿**الله غا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭغا (يەنى قۇرئانغا) چىڭ يېپىشقانلارغا كەلسەك، الله ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىگە ۋە نېمىتىگە (يەنى جەننىتىگە) داخىل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ**﴾ بۇ مۆمىنلەرنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتتىكى سۈپەتلىرىدۇر. ئۇلار دۇنيالىقىدا ئېتىقاد ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە توغرا يولدا بولسا، قىيامەت كۈنىدە الله تائالانىڭ جەننەتلەرگە يەتكۈزىدىغان توغرا يوللىرىدا بولىدۇ.

* * * * * * *

يَسۡتَفۡتُونَكَ قُلِ ٱللَّهُ يُفۡتِيكُمۡ فِي ٱلۡكَلَٰلَةِۚ إِنِ ٱمۡرُؤٌاْ هَلَكَ لَيۡسَ لَهُۥ وَلَدٞ وَلَهُۥٓ أُخۡتٞ فَلَهَا
نِصۡفُ مَا تَرَكَۚ وَهُوَ يَرِثُهَآ إِن لَّمۡ يَكُن لَّهَا وَلَدٞۚ فَإِن كَانَتَا ٱثۡنَتَيۡنِ فَلَهُمَا ٱلثُّلُثَانِ مِمَّا تَرَكَۚ وَإِن
كَانُوٓاْ إِخۡوَةٗ رِّجَالٗا وَنِسَآءٗ فَلِلذَّكَرِ مِثۡلُ حَظِّ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۗ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ أَن تَضِلُّواْۗ وَٱللَّهُ
بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمُۢ ﴿١٧٦﴾

(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاتا - ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «الله ئاتا - ئانىسى، بالىسى يوق كىشى (قالدۇرغان مىراس) توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇ، ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا، بالىسى بولمىسا، پەقەت بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ تەرەكىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ بالىسى بولمىسا، ئەر بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ۋارىسى بولىدۇ (يەنى مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ)، ئەگەر ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار تەرەكىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ئالىدۇ، ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ، ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدۇ. الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»﴿176﴾.

## ئاتا ـ ئانىسى ۋە بالىسى يوق كىشىنىڭ مىراسىنىڭ ھۆكمى ۋە بۇ ھەقتىكى ئايەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ئايەت ئىكەنلىكى

ئىمام بۇخارى بەرائنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن سۈرە تەۋبە سۈرىسى، ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن ئايەت بولسا: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق پەتىۋا سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «الله ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق كىشى (قالدۇرغان مىراس) توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇ...**﴾ دېگەن ئايەتتۇر.

ئىمام ئەھمەد جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن (ھېچ نەرسىنى) ئويلىيالمايدىغان ئېغىر كېسەل ھالىتىدە ياتقىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمغا كىردى ۋە ماڭا تاھارەت سۈيىدىن تۆكتى ياكى: «تۆكۈڭلار» دېدى. مەن ھوشۇمغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمدىن ماڭا مىراسخور بولىدىغان ھېچ كىشى يوق (يەنى مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ۋە بالا ـ چاقىلىرىم يوق)، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم مىراسنى قانداق ئۈلۈشىدۇ؟ ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا مىراس ئايىتىنى چۈشۈردى. ﴿**ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا، بالىسى بولمىسا**﴾ دېگەن ئايەتتىكى مەقسەت قىلىنغان ھۆكۈمنى چۈشىنىش مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىيىن كەلدى.

سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئۆمەرنىڭ بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ ئىش بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى) ئۇلارنى بىزگە ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن بولسا، بولۇپتىكەن دەپ كەتتىم. ئۇ ئۈچ ئىش بولسا؛ چوڭ دادىسىنىڭ (مىراستىكى ھۆكمى)، ئايەتتىكى: ﴿**ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىت**﴾ دېگەن سۆزدىن مەقسەت قىلىنىدىغان ھۆكۈم ۋە جازانىنىڭ تۈرلىرىدۇر.

ئىمام ئەھمەد مەئدان ئىبنى ئەبۇتەلھەدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن (ئايەتتىكى): ﴿**ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق مېيىت**﴾ دېگەن سۆزدە مەقسەت قىلىنغان ھۆكۈم توغرىسىدا كۆپ سوئال سورىدىم. ھەتتا ئۇ سوئالنى كۆپ سورىغانلىقىمدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارمىقىنى مەيدەمگە نوقۇشلاپ قويۇپ: «(بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن) ساڭا نىسا سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى (يازدا چۈشكەن) ئايىتى يېتەرلىكتۇر» دېدى.



## بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ بايانى

﴿**ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا، بالىسى بولمىسا**﴾ يەنى بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى بولمىسا. بۇ ئايەتنىڭ بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى بولمىسا دېگەن مەنىنى بېرىدىغانلىقىنى

اللّٰه تائالانىڭ بۇ ئايىتى چۈشەندۈرىدۇ: ﴿**پەقەت بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ تەرەكىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ**﴾ ئەگەر ئۆلگەن كىشىنىڭ ھەمشىرىسى بىلەن ئاتىسى ھايات بولسا، ھەمشىرىسى ھېچقانداق مىراسقا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى بويىچە، ئاتىسى قىز ھەمشىرىسىنىڭ مىراس ئېلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. (ئۇنداق بولغان ئىكەن) اللّٰه تائالانىڭ: ﴿**ئەگەر بىر كىشى ۋاپات بولسا، بالىسى بولمىسا**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ ئاشكارا مەنىسى: "بالىسى يوق" دېگەنلىك بولسا، ئايەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ: "ئاتا ـ ئانىسىمۇ يوق كىشى" دېگەن مەنىسىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، مېيىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولسا، ھەمشىرىسى مېيىتنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇ ھېچقانداق مىراسقا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىبنى جەرىر ۋە باشقىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللّٰه تائالانىڭ: ﴿**بالىسى بولمىسا، پەقەت بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ تەرەكىنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ**﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، ئۆلگەن كىشىنىڭ بىر قىز بالىسى ۋە بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇ ھەمشىرىسىگە ھېچقانداق مىراس تەگمەيدۇ. ئۇنىڭ بىر قىزىنىڭ بولغانلىقى بىر بالىنى قالدۇرغانلىقى بولىدۇ. مېيىتنىڭ بالىسى بار بولغان ئەھۋالدا قىز ھەمشىرىسى مىراسقا ئېرىشەلمەيدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئۇ ئىككىسىگە قارشى پىكىر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مېيىتنىڭ قىزى بىلەن ئۇنىڭ ھەمشىرىسى بار مەسىلىدە (بۇ ئايەتتىن باشقا بىر ئايەتنىڭ پاكىتىغا ئاساسەن)، قىزغا مۇئەييەن مىقداردا ئۆلچەلگەن مىراس بويىچە مالنىڭ يېرىمى ۋە قىز بىر تۇغقانغا مىقدار ئۆلچەلمىگەن مىراس بويىچە قالغان يېرىمى تېگىدۇ. بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، مېيىتنىڭ مىراسخورلىرى ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىغا (ئۈچتىن بىرىنى ياكى تۆتتىن بىرىنى ئالىدۇ دېگەندەك) مۇئەييەن مىقدار بېكىتىلىپ قويۇلغان بولىدۇ، يەنە بىر خىلىغا مۇئەييەن مىقدار بېكىتىلگەن بولماستىن، بەلكى بىرىنچى خىلدىكى مىراسخورلاردىن (مال مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن) قالغىنىنى ئالىدىغان مىراسخورلاردۇر.

مەسىلەن: (بۇ ھەدىسلەردە) قىز مالنىڭ يېرىمىنى مۇئەييەن مىقدار بېكىتىلىپ قويۇلغان مىراسخورلار بويىچە ئالسا، ھەمشىرىسى قالغان يېرىمىنى ئىككىنچى خىلدىكى مىراسخورلار قاتارىدا ئالىدۇ. (ھەمشىرىسى بەزىدە بىرىنچى خىلدىكى مىراسخورلار بويىچە مىراس ئالسا، بەزىدە ئىككىنچى خىلدىكى مىراسخورلار بويىچە مىراس ئالىدۇ). بۇنداق ئەھۋالدا (يەنى مىراس قالدۇرغان كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى يوق ئەھۋالدا) قىزنىڭ بىرىنچى خىلدىكى مىراسخورلار بويىچە ئۆلگەن كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىغا ئېرىشىدىغانلىقى بۇ ئايەت ئارقىلىق سابىت بولغان. ئەمما ئۆلگەن كىشىنىڭ قىزى بار ئەھۋالدا ئىككىنچى خىلدىكى مىراسخورلار بويىچە مىراس ئېلىش تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئارقىلىق سابىت بولغان.

ئىمام بۇخارى ئەسۋەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا مۇئاز ئىبنى جەبەل (مال ـ مۈلكىنىڭ) يېرىمىنى (ئۆلگەن كىشىنىڭ) قىزىغا ۋە يېرىمىنى ئۇنىڭ ھەمشىرىسىگە بېرىشكە ھۆكۈم چىقاردى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان سۇلايمان: بىزنىڭ ئىچىمىزدە ھۆكۈم قىلدى، ـ دەپ بايان قىلدى. لېكىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا، ـ دېگەن گەپنى قىلمىدى.

ئىمام بۇخارى ھۇزەيل ئىبنى شۇرەھبىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن ئۆلگەن كىشىنىڭ قىزىنىڭ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قىزىنىڭ ۋە ھەمشىرىسىنىڭ مېيىتنىڭ مىراسلىرىنى قانداق ئۈلۈشىشى توغرىسىدا سوئال سورالدى. ئۇ: (مالنىڭ) يېرىمى قىزغا ۋە يېرىمى ھەمشىرىسىگە بولىدۇ. (ئاندىن سوئال سورىغان كىشىگە) ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ماڭا ئوخشاش جاۋاب بېرىدۇ، ـ دېدى. سوئال سورىغان كىشى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ھەقتە سورىغاندا، ئۇنىڭغا ئەبۇ مۇسانىڭ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ماڭا ئوخشاش جاۋاب بېرىدۇ، ـ دېگەن سۆزىنى يەتكۈزدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئەگەر مەن بۇ مەسىلىدە ئەبۇ مۇساغا ئوخشاش جاۋاب بېرىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئېزىپ كەتكەن بولىمەن، توغرا يول تاپقۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولالمايمەن. مەن بۇ مەسىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقارغان ھۆكۈمنى چىقىرىمەن: (مالنىڭ) يېرىمى قىزغا، ئۇنىڭ ئالتىدىن بىرى ئوغلىنىڭ قىزىغا، قالغىنى (ئىككىنچى خىلدىكى مىراسخور بويىچە) ھەمشىرىسىگە تېگىدۇ، ـ دېدى. (سوئال سورىغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ:) بىز ئەبۇ مۇسانىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەرگەن جاۋابىنى دەپ بەردۇق. ئەبۇ مۇسا مۇنداق دېدى: بۇ ئىشتا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالىم، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاراڭلاردا تۇرۇپ، مەندىن بىر نەرسە سورىماڭلار.

﴿**ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ بالىسى بولمىسا، ئەر بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ۋارىسى بولىدۇ (يەنى مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ)**﴾ يەنى ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ (مېيىتنىڭ) بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى بولمىسا، ئۇنىڭ ئەر بىر تۇغقان قېرىندىشى ئۇنىڭ مىراسىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئەر بىر تۇغقان قېرىندىشى بىلەن بىرىنچى خىلدىكى مىراسخورلارنىڭ قاتارىدىن (ئايالنىڭ) ئېرىگە ئوخشاش ياكى ئۇنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا ئەر بىر تۇغقان قېرىندىشىغا ئوخشاش كىشىلەر بولسا، ئۇلارغا تېگىشلىك مىقداردىكى مىراسلارنى بېرىپ بولۇپ، ئاندىن قالغىنى (ئىككىنچى خىلدىكى مىراسخورلار بويىچە) بىر تۇغقان قېرىندىشىغا بېرىلىدۇ. مىراستا بىر تۇغقان قېرىندىشى بىلەن ئاتا باشقا، ئانا بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ ئارىلىقىدا پەرق بار. (ئاتا ـ ئانىسى بىر بولغان) بىر تۇغقان قېرىنداش مۇئەييەن مىقدارى يوق، ئىككىنچى خىلدىكى مىراسخورلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئانا بىر ئاتا باشقا بولغان بىر تۇغقان قېرىنداش بىرىنچى خىلدىكى مىراسخورلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇنداق قىلىشنى سەھىھ بۇخارى بىلەن مۇسلىمدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ: «سىلەر مىراسلارنى ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان

(يەنى بىرىنچى خىلدىكى) كىشىلەرگە بېرىڭلار، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى ئەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا (بېرىڭلار)».

**﴿ئەگەر ئىككى ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلار تەرەكىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ئالىدۇ﴾** شۇنىڭدەك، ھەمشىرىلىرى ئىككىدىن ئارتۇق بولسىمۇ، ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ئالىدۇ.

**﴿ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ﴾** بۇ باللار، باللارنىڭ باللىرى ۋە بىر تۇغقانلاردىن ئىبارەت ئىككىنچى خىلدىكى مىراسخورلارنىڭ ھۆكمىدۇر.

**﴿ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدۇ. الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»﴾** ئىبنى جەرىر تارىق ئىبنى شىھابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر (تۆگىنىڭ) تاغاق سۆڭىكىدىن بىرنى ئالدى ۋە ساھابىلەرنى يىغىپ: ئەلۋەتتە، مەن: **﴿ئاتا - ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق﴾** دېگەن ئايەتتە ئاياللار پەردىلىرى ئىچىدە سۆزلىشىدىغان ھۆكۈمدىن بىرنى چىقىرىمەن، - دېدى. شۇ چاغدا ئۆيدىن بىر يىلان چىقتى، شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر (ئۇنىڭدىن قورقۇپ) تاراپ كەتتى. ئاندىن ئۆمەر: ئەگەر الله بۇ ئىشنىڭ پۈتۈشىنى خالىغان بولسا، ئەلۋەتتە پۈتتۈرەتتى، - دېدى.

ھاكىم ئەبۇئابدۇللاھ نىيسابۇر ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقى، "ماللىرىمىزنىڭ زاكىتىنى بېرىشكە قارشى ئەمەسمىز. لېكىن، بۇنى ساڭا بەرمەيمىز" دېگەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرسە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ۋە: **﴿ئاتا - ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى سورىۋالغان بولسام، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىراق ئىدى، - دېدى.

ئىبنى جەرىر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرى **﴿ئاتا - ئانىسى، بالىسى يوق مېيىتنىڭ مىراسى توغرۇلۇق﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدە بالىسى ۋە ئاتا - ئانىسىدىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلار كۆزدە تۇتۇلغاندۇر، - دەيتتى (يەنى ئاتا - ئانىسى ۋە بالىسى يوق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار دېمەكچىدۇر)، ئەلۋەتتە مەن ئەبۇبەكرىنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشىلىق قىلىشتىن ھايا قىلدىم[1].

ساھابىلەر، تابىئىنلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى، شۇنداقلا بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى زاماننىڭ چوڭ ئالىملىرى بۇ ئايەت توغرىسىدا ئەبۇبەكرىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. قۇرئان كەرىممۇ شۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

(1) ئۆمەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى باشقىچە چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ ئۆزى چۈشەنگەن مەنىنى دېسە، ئەبۇبەكرىگە قارشىلىق قىلغان بولۇپ قېلىشىدىن ھايا قىلغان.

**﴿ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدۇ. الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى ھەقىقەتتىن ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن، الله تائالا سىلەرگە مىراس ھۆكۈملىرىنى ۋە بەلگىلىمىلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. الله تائالا ئىشلارنىڭ ياخشى ۋە يامان ئاقىۋىتىنى، قايسى ئىشتا بەندىلىرىگە ياخشىلىق بولىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ قانچىلىك مىراسقا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلگۈچىدۇر.

الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ پەزلى، مەرھەمىتى بىلەن نىسا سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# مائىدە سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 120 ئايەت

## مائىدە سۈرىسىنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئۇنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى

ئىمام تىرمىزى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مائىدە سۈرىسى ۋە فەتھى سۈرىسى ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان سۈرىلەردۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: ئەڭ ئاخىرىدا نازىل قىلىنغان سۈرە، نەسر سۈرىسىدۇر. ھاكىممۇ كىتابىدا ئىمام تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدەك رىۋايەت قىلغان.

ھاكىم جۇبەير ئىبنى نۇفەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەجگە بارغىنىمدا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىردىم، ئۇ مەندىن: ئى جۇبەير! مائىدە سۈرىسىنى ئوقۇمسەن؟- دەپ سورىدى. مەن: ھەئە،- دەپ جاۋاب بەردىم. ئائىشە: ئۇ سۈرە ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغاچقا، ئۇنىڭدا ھالال قىلىنغاننى ھالال، ھارام قىلىنغاننى ھارام دەپ بىلىڭلار![1]- دېدى.

ئىمام ئەھمەدمۇ بۇ ھەدىسنى مۇئاۋىيە ئىبنى سالىھتىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇئاۋىيە ئىبنى سالىھ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورىغىنىمدا، ئائىشە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى،- دەپ جاۋاب بەردى دېگەننى قوشۇپ قويغان. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

(1) مائىدە سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ھۆكۈملىرى باشقا ئايەتلەر ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان دېمەكچى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَوْفُواْ بِٱلْعُقُودِۚ أُحِلَّتْ لَكُم بَهِيمَةُ ٱلْأَنْعَٰمِ إِلَّا مَا يُتْلَىٰ عَلَيْكُمْ غَيْرَ مُحِلِّي
ٱلصَّيْدِ وَأَنتُمْ حُرُمٌۗ إِنَّ ٱللَّهَ يَحْكُمُ مَا يُرِيدُ ﴿١﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُحِلُّواْ شَعَٰٓئِرَ ٱللَّهِ وَلَا ٱلشَّهْرَ
ٱلْحَرَامَ وَلَا ٱلْهَدْيَ وَلَا ٱلْقَلَٰٓئِدَ وَلَآ ءَآمِّينَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّن رَّبِّهِمْ وَرِضْوَٰنًاۚ وَإِذَا
حَلَلْتُمْ فَٱصْطَادُواْۚ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَـَٔانُ قَوْمٍ أَن صَدُّوكُمْ عَنِ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ أَن تَعْتَدُواْۘ
وَتَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلْبِرِّ وَٱلتَّقْوَىٰۖ وَلَا تَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ
﴿٢﴾ حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ ٱلْمَيْتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحْمُ ٱلْخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيْرِ ٱللَّهِ بِهِۦ وَٱلْمُنْخَنِقَةُ وَٱلْمَوْقُوذَةُ
وَٱلْمُتَرَدِّيَةُ وَٱلنَّطِيحَةُ وَمَآ أَكَلَ ٱلسَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى ٱلنُّصُبِ وَأَن تَسْتَقْسِمُواْ
بِٱلْأَزْلَٰمِۚ ذَٰلِكُمْ فِسْقٌۗ ٱلْيَوْمَ يَئِسَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن دِينِكُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَٱخْشَوْنِۚ ٱلْيَوْمَ
أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلْإِسْلَٰمَ دِينًاۚ فَمَنِ ٱضْطُرَّ فِي
مَخْمَصَةٍ غَيْرَ مُتَجَانِفٍ لِّإِثْمٍۙ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٣﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **الله** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى **الله** بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆزئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار. سىلەرگە (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا، ھايۋانلار (يەنى تۆگە، كالا، قوي‌لار) نىڭ ھەممىسىنى (زەبھى قىلىنغاندىن كېيىن يېيىش) ھالال قىلىندى. لېكىن سىلەر ئېھرام (ياكى ھەرەم) دە بولغىنىڭلاردا شىكارنى ھالال سانىماڭلار، شۈبھىسىزكى، **الله** (ھالال ـ ھارام توغرۇلۇق) خالىغان نەرسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ﴿1﴾. ئى مۆمىنلەر! **الله** نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (يەنى ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەھرى ھەرام (دا ئۇرۇش قىلىش) نى، ھەدىينى (يەنى كەبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى)، قەلادە (يەنى ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە) لەرگە (چېقىلىشنى) پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاغا (ھەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) ھالال سانىماڭلار، ئېھرامدىن چىققان چېغىڭلاردا شىكار قىلساڭلار بولىدۇ، بىرەر قەۋم (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرام (زىيارىتى) دىن توسقانلىقتىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، **الله** (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، **الله** نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق﴿2﴾. سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، **الله** دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا)

بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى. ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى، بۇ گۇناھتۇر، كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم، كىمكى ئاچلىقتا، ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېسە گۇناھ بولمايدۇ) ﷲ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿3﴾.

ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: ماڭا نەسىھەت قىلغىن! دېگەندە، ئۇنىڭغا: ﷲ تائالانىڭ: ﴿**ئى مۆمىنلەر!**﴾ دېگەن چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندا دىققەت قىلىپ ئاڭلىغىن. چۈنكى ئۇ چاقىرىق يا بۇيرۇلغان بىر ياخشىلىق ياكى توسۇلغان بىر يامانلىقتۇر، ـ دېگەن.

خەيسەمە مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاندا كەلگەن: ﴿**ئى مۆمىنلەر!**﴾ دېگەن ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى تەۋراتتىكى: ئى مىسكىنلەر! ـ دېگەن سۆزگە ئوخشايدۇ.

﴿**ئەھدىلەرگە (يەنى ﷲ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆزئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار**﴾ ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇنىڭدىن ئەھدە ۋە كېلىشىملەر مەقسەت قىلىنىدۇ، ـ دېگەن.

ئىمام ئىبنى جەرىر بارلىق ئالىملارنىڭ بۇ ئايەتنىڭ شۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەھدىلەر بولسا، كىشىلەرنىڭ قەسەم ئىچىش ياكى باشقا شەكىلدە بەرگەن ۋەدىلىرىدۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەھدىلەر بولسا، (قۇرئاندا كەلگەن) ﷲ ھارام قىلغان، ھالال قىلغان، پەرز قىلغان ۋە توسقان نەرسىلەردۇر. شۇڭا بەرگەن ئەھدەڭلاردىن يېنىۋالماڭلار، ئەھدىگە خىيانەت قىلماڭلار. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە تېخىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿ﷲ غا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، ﷲ نىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ـ ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ﴾[1].

زەھھاك: ﴿**ئەھدىلەرگە (يەنى ﷲ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆزئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﷲ تائالا پەيغەمبەرگە ۋە قۇرئانغا ئىشەنگەن كىشىلەرنى ئۇلاردىن ھالال ۋە ھارام قىلىنغان، يولغا قويۇلغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلار توغرىسىدا ئېلىنغان ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇغان.

(1) رەئد سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

# هالال قىلىنغان ۋە هارام قىلىنغان هايۋانلار

**﴿سىلەرگە (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا، هايۋانلار (يەنى تۆگە، كالا، قويلار) نىڭ ھەممىسىنى (زەبھى قىلىنغاندىن كېيىن يېيىش) هالال قىلىندى﴾** بۇلارنىڭ تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىقلار ئىكەنلىكىنى ھەسەن قەتادە ۋە باشقىلارمۇ رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى جەرى مۇنداق دەيدۇ: ئەرەب تىلىدىمۇ بۇ سۆز شۇنداق (يەنى تۆگە، كالا ۋە قوي) مەنىدە كېلىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇ ئايەتكە ئاساسەن: بوغۇزلانغان چىشى مالنىڭ قورسىقىدىكى بالىسى ئۆلۈك چىقسىمۇ، ئۇنى يېيىش دۇرۇس بولىدۇ، ـ دېگەن.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز تۆگە، كالا ۋە قويىنى بوغۇزلىغىنىمىزدا، بەزىدە قورسىقىدىن بالىسى چىقىپ قالاتتى. بىز: ئۇنى يەيمىزمۇ ياكى تاشلىۋېتىمىزمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خالىساڭلار يەڭلار، چۈنكى ئانىسىنى بوغۇزلاش ئۇنى بوغۇزلىغانلىقتۇر» دېگەن.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قورساقتىكى قوزا ئانىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى بىلەن بوغۇزلانغان بولىدۇ».

**﴿(بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ يەردە ئۆلۈك، قان ۋە چوشقا گۆشىنى دېمەكچى.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىكى هارام قىلىنغان نەرسىلەر ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋانلار بىلەن **الله** تائالانىڭ نامى ئاتالماي بوغۇزلانغان هايۋانلاردۇر.

ئايەتنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسىدىن بۇ ئايەتتىن كېيىنكى: **﴿سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان، قان، چوشقا گۆشى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان هايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن هايۋان، هايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، يىرتقۇچ هايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن هايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) هارام قىلىندى﴾** دېگەن ئايەت كۆزدە تۇتۇلغىنى ئاشكارىدۇر. چۈنكى بۇلار بوغۇزلاپ يېيىلىدىغان هايۋانلار بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردا هارام بولىدۇ.

**﴿لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك هايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار هالال بولىدۇ ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان هايۋانلار هارام قىلىندى﴾** الله تائالانىڭ: **﴿(بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا﴾** دېگەن ئايىتىدىن ئەسلىدە هالال بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئەھۋاللاردا هارام بولىدىغان هايۋانلار كۆزدە تۇتۇلغان[1].

(1) يۇقىرىدىكى ئۆزى ئۆلۈپ قېلىش، بۇدقا ئاتاپ بوغۇزلاشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلمىسە، ئەسلىدىلا هارام قىلىندى دەپ بايان قىلىنغان هايۋانلاردىن باشقىسى سىلەرگە هالال قىلىندى.

﴿لېكىن سىلەر ئېھرام (ياكى ھەرەم) دە بولغىنىڭلاردا شىكارنى ھالال سانىماڭلار﴾ بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت چارۋا ماللاردىن تۆگە، كالا ۋە قوي قاتارلىق كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلار ياكى كىيىك، قوتاز ۋە قۇلاندەك ياۋايى ھايۋانلار بولسۇن، ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتە ئىنسانغا كۆنگەن چارۋىلارنىڭ ھارام قىلىنغانلىرى بايان قىلىندى. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئېھرام ھالىتىدە ئوۋلانغانلىرىمۇ ھارام قىلىندى. بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق كۆز قاراشمۇ بار: چارۋا ماللارنى يۇقىرىدا دېيىلگەن (ئېگىزدىن يىقىلىپ ئۆلگەن، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان، بوتىلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان) ئەھۋاللاردىن باشقا بارلىق ئەھۋاللاردا ئېھرام ھالىتىدە ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ھاراملىقىغا رىئايە قىلغانلار ئۈچۈن ھالال قىلىدۇق.

چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئىختىيارىيچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا (يېسە) الله (ئۇنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇنىڭغا) كۆيۈنگۈچىدۇر﴾[1] يەنى مەجبۇرى بولۇپ قالغان كىشىگە يۇقىرىدا يېيىش چەكلەنگەن ھايۋانلارنى چېكىدىن ئاشماسلىق شەرتى بىلەن يېيىشكە رۇخسەت قىلدۇق. شۇنىڭدەك، چارۋا ماللارنى ئادەتتە ھالال قىلغىنىمىزدەك، ئېھرام ھالىتىدە ئوۋ ئوۋلاشنىمۇ ھارام دەپ بىلىڭلار. چۈنكى الله تائالا بۇنىڭغا شۇنداق ھۆكۈم قىلدى. الله تائالا بۇيرۇغان ۋە توسقان بارلىق كۆرسەتمىلىرىدە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ﴿شۈبھىسىزكى، الله (ھالال ـ ھارام توغرۇلۇق) خالىغان نەرسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ﴾.

## ھەرەم ۋە ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش توغرىسىدا

﴿ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (يەنى ھەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەھرى ھەرام (دا ئۇرۇش قىلىش) نى ھالال سانىماڭلار﴾ ئىبنى ئابباس: بۇ ئايەتتە ھەج پائالىيەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. مۇجاھىد: سەفا ـ مەرۋە ۋە قۇربانلىق قىلىش ھەجدىكى الله بەلگىلىگەن پائالىيەتلەردۇر، ـ دېدى.

الله بەلگىلىگەن پائالىيەتلەر الله چەكلىگەن، ھارام قىلغان نەرسىلەردۇر. يەنى الله ھارام قىلىپ چەكلىگەن نەرسىلەرنى ۋە بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىشنى ھالال دەپ قارىماڭلار ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئېتىراپ قىلىڭلار ھەمدە شۇ ئاي ئىچىدە ئۇرۇش قوزغاشتەك الله تائالانىڭ چەكلىگەن ئىشلىرىنى قىلماڭلار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر﴾[2]، ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ

(1) نەھل سۈرىسى 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 217 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سانى الله نىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) 12 دۇر﴿[1].

ئىمام بۇخارى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش ھەجىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاسمان ـ زېمىن الله تائالا ياراتقان كۈندىكى ھالىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بىر يىل 12 ئاي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت ئاي ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلار بولۇپ، زۇلقەئدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم ئايلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىنىپ كېلىدۇ. رەجەب ئېيى بولسا، جۇمادىيەلئاخىر بىلەن شەئبان ئېيىنىڭ ئارىلىقىدا كېلىدۇ». مانا بۇ ھەدىس بۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشنىڭ تاكى قىيامەتكىچە ھارام قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## ھەجدىكى قۇربانلىق توغرىسىدا

**﴿ھەدىينى (يەنى كەبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى)، قەلادە (يەنى ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە) لەرگە (چېقىلىشنى) پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاغا (ھەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) ھالال سانىماڭلار﴾** الله تائالانىڭ بەيتىگە سوۋغا قىلىشنى تاشلاپ قويماڭلار. چۈنكى سوۋغا قىلىش الله تائالانىڭ بەلگىلىگەن پائالىيەتلىرىنى ئۇلۇغلىغانلىق بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ قويماسلىقى، ھەمدە ئۇنى كۆرگەنلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سوۋغىلارنى قىلىشقا قىزىقىشى ئۈچۈن، قىلىنىدىغان سوۋغىنىڭ الله تائالانىڭ بەيتىگە ئاتالغان سوۋغا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان، ھەمدە باشقا ماللاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر بەلگىنى بوينىغا ئېسىپ قويۇڭلار. كىمكى بىرەر ئادەمنىڭ ياخشى ئىش قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدىكەن، ئەگەشكۈچىلەرگە ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ساۋابتىن ئازراقمۇ كېمەيتىلمەستىن ئۇ كىشىگىمۇ بېرىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغاندا زۇلھۇلەيفە دېگەن جايدا قوندى. ئۇ يەر ئەقىق ۋادىسى دەپ ئاتىلاتتى. تاڭ ئاتقاندا ئۇ توققۇز ئايالىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ ـ چىقىپ يۇيۇنۇپ، ئەتىرە چېچىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. كېيىن ھەدىيە ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن چارۋىلىرىغا بەلگە سېلىپ بوينىغا ئېسىپ قويدى ـ دە، ھەج ۋە ئۆمرىگە ئېھرام باغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوۋغاتلىرى ھەرخىل ھەر رەڭدىن تاللانغان ئاتمىشتىن ئارتۇق ئەڭ ئېسىل تۆگىدىن ئىبارەت ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر﴾[2].



مۇقاتىل ئىبنى ھەييان الله تائالانىڭ: **﴿قەلادە (يەنى ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە)﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: بوينىغا ئېسىلغان بەلگىلەرگىمۇ چېقىلماڭلار. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن

(1) تەۋبە سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەج سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

ئەرەبلەر ئۇرۇش هارام قىلىنغان ئايلاردىن باشقا چاغلاردا ئۆز يۇرتلىرىدىن چىققان ۋاقتىدا، ئامان بولۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە يۇڭ ۋە تۈكلەر بىلەن بەلگە تاقىشاۋالاتتى. هەرەم مۇشرىكلىرىمۇ هەرەمدىكى دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىنى بەلگە قىلىپ ئېسىۋالاتتى.

بۇنى ئىبنى ئەبۇهاتەم رىۋايەت قىلغان. يەنە ئۇ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىككى ئايەتنىڭ هۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ئىككى ئايەت: بوينىغا ئاسىدىغان بەلگە توغرىسىدىكى ئايەت بىلەن: ﴿(ئى مۇهەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا هۆكۈم قىلىپ قويساڭ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتۇر.

## الله تائالانىڭ بەيتىگە ماڭغانلارغا چېقىلىشنىڭ هارام قىلىنغانلىقى

**﴿پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاغا (هەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) هالال سانىماڭلار﴾** يەنى (كىرگەن كىشى ئامان بولىدىغان) الله تائالانىڭ بەيتىنى كۆزلەپ ماڭغانلارغا چېقىلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىشنى هالال دەپ قارىماڭلار. شۇنىڭدەك، الله تائالانىڭ بەيتىگە الله تائالانىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىپ ۋە رازىلىقىنى خالاپ ماڭغانلارنى توسىماڭلار ۋە ئۇلارغا چېقىلماڭلار.

مۇجاهىد، ئەتا، ئەبۇئالىيە، مۇترىق ئىبنى ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئۆمەير، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، مۇقاتىل ئىبنى هەييان قەتادە ۋە باشقىلار الله تائالانىڭ: **﴿پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى تىجارەتنى دېمەكچى.

الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (هەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە هېچ گۇناه بولمايدۇ﴾[2].

**﴿رازىلىقىنى﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار هەجلىرى بىلەن الله تائالانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشىدۇ.

ئىكرىمە، سۇددى ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىق ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت هەتەم ئىبنى هىند ئەبۇبەكرى هەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇ مەدىنە سىرتىغا ئوتلاشقا قويۇپ بېرىلگەن چارۋىلارغا هۇجۇم قىلىپ، بۇلىغان ئىدى. كېيىنكى يىلى الله تائالانىڭ بەيتىگە ئۆمرە قىلماقچى بولۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ساهابىلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولۇشتى. دەل شۇ سەۋەبتىن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى. **﴿پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاغا (هەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) هالال سانىماڭلار﴾**.



(1) مائىدە سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن ئوۋ ئوۋلىسا بولىدىغانلىقى

﴿**ئېھرامدىن چىققان چېغىڭلاردا شىكار قىلساڭلار بولىدۇ**﴾ يەنى ئېھرامىڭلاردىن چىققاندىن كېيىن، ئېھرامدىكى ھالىتىڭلاردا ھارام قىلىنغان ئوۋ ئوۋلاشنى سىلەرگە ھالال قىلدۇق. مانا بۇ، چەكلىمىدىن كېيىنكى رۇخسەتتۇر. بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىنكى چىقىرىلغان توغرا يەكۈن شۇكى، چەكلەشتىن كېيىن كەلگەن بۇيرۇق ھۆكۈمنى چەكلىمىدىن ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتۇرىدۇ. ئۇ ھۆكۈم چەكلەشتىن ئىلگىرى ۋاجىب بولغان بولسا، ئۇنى ۋاجىپلىققا؛ مۇستەھەب بولغان بولسا، مۇستەھەبلىككە؛ مۇباھ بولغان بولسا، مۇباھلىققا قايتۇرىدۇ. كىمكى: چەكلەشتىن كېيىن كەلگەن بۇيرۇق ۋاجىبلىقنى بىلدۈرىدۇ، ـ دېسە، ئۇنىڭ سۆزى كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ دەلىلى بىلەن رەت قىلىنىپ كېتىدۇ. بىرى: مۇباھلىقنى بىلدۈرىدۇ، ـ دېسىمۇ، ئوخشاشلا باشقا ئايەتلەر بىلەن رەت قىلىنىپ كېتىدۇ. بارلىق ئايەتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قاراش بىز بايان قىلغان يۇقىرىقى قاراشتۇر.

## ھەرقانداق ئەھۋالدا ئادىل بولۇشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى

﴿**بىر ەر قەۋم (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرام (زىيارىتى) دىن توسقانلىقتىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن**﴾ يەنى ھۇدەيبىيە يىلى سىلەرنى **الله** تائالانىڭ بەيتىگە بېرىشتىن توسقان كىشىلەرگە قارىتا ساقلىغان ئۆچمەنلىكىڭلار، سىلەرنىڭ ئۇلارغا ناھەقچىلىق قىلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلىش ئارقىلىق (ئۇلاردىن) ئۆچ ئېلىپ، **الله** تائالانىڭ ئۇلار ھەققىدە كۆرسەتكەن ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلماسلىقىڭلارغا ئېلىپ بارمىسۇن.

ھەر بىر كىشى ھەققىدە **الله** كۆرسەتكەن ۋە بۇيرۇغان ئادالەت بىلەن ئىش قىلىڭلار. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿**بىر ەر قەۋم (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرام (زىيارىتى) دىن توسقانلىقتىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار**﴾ يەنى بىر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئادالەتنى تاشلاشقا ئېلىپ بارمىسۇن. چۈنكى ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەر بىر كىشىنىڭ ھەرقانداق بىر شەخسكە ئادىل بولۇشى ۋاجىبتۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى بەيتۇللاغا كىرىشتىن توسۇۋالدى. مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيە دېگەن جايدىكى يول ئۈستىدە ئىدى. بۇ ئىش ئۇلارغا قاتتىق ئېغىر كەلدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن شەرقتىن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر گۇرۇپ مۇشرىكلار ئۆتتى. ساھابىلەر: بىزنى ئۇلارنىڭ دوستلىرى توسۇۋالغاندەك بىزمۇ ئۇلارنى توسۇۋالايلى! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

﴿**ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار**﴾

يەنى الله تائالا بەندىلىرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، يامان ئىشلارنى تاشلاشقا، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا بۇيرۇيدۇ. مانا بۇ، تەقۋادارلىقتۇر. ھەمدە ئۇلارنى ھەقسىزلىككە ياردەملىشىشتىن، گۇناھ ۋە ھارام قىلىنغان ئىشلارغا ھەمكارلىشىشتىن توسىدۇ.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دېدى: گۇناھ دېگەن، الله تائالا قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشنى قىلماي تاشلاپ قويۇشتۇر. دۈشمەنلىك قىلىش دېگەن، دىنىڭلاردا الله تائالا بەلگىلىگەن چەك ـ چېگرىدىن ئېشىپ كېتىش ھەمدە الله سىلەرگە ۋە باشقىلارغا پەرز قىلغان بەلگىلىمىلەردىن ھالقىپ كېتىشتۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن ياكى زۇلۇم قىلىنغۇچى بولسۇن، ھەر ئىككى قېرىندىشىڭغا ياردەم قىل» دېگەندە، بەزىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! زۇلۇم قىلىنغانغۇ ياردەم قىلارمىز. زۇلۇم قىلغانغا قانداق ياردەم قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسۇۋالسەن، بۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىڭدۇر» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەدنىڭ بىر ساھابىدىن رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋرى قىلىدىغان مۆمىن، كىشىلەرگە ئارىلاشماي، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە چىدىمايدىغان ئادەمدىن كۆپ ئەجىرگە ئېرىشىدۇ».

يەنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «توغرا يولغا چاقىرىپ تەشۋىق قىلغان كىشىگە، تا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. ئەگەشكۈچىنىڭمۇ ساۋابىدىن بىر نەرسە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ. ئازغۇنلۇققا چاقىرىپ تەشۋىق قىلغان كىشىگىمۇ تا قىيامەتكە قەدەر ئەگەشكۈچىسىنىڭ قىلغان گۇناھىدىن بىر كىشىلىك يېزىلىدۇ. ئەگەشكۈچىنىڭ گۇناھىمۇ كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ».

## گۆشى ھارام قىلىنغان چارۋاماللار

الله تائالا بەندىلىرىگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ماللارنى ئىستېمال قىلىشتىن توسۇپ بۇ ئايەتلەرنى بايان قىلدى. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان دېگىنىمىز: بوغۇزلانماستىن ئۆزلىكىدىن ئۆلۈپ قالغان ھايۋان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاقماي تۇرۇپ قالغان قان، دىنغا ۋە بەدەنگە زىيانلىق بولغاچقا، الله تائالا ئۇنى ھارام قىلىۋەتتى. لېكىن بېلىق ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ. بېلىق بوغۇزلاش ياكى باشقا سەۋەبتىن ئۆلۈپ قالسىمۇ، يەنىلا ھالالدۇر.

بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىمام مالىك "مۇۋەتتا" ناملىق كىتابىدا، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھەببى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دېڭىز سۈيى ھەققىدە سورالغاندا: «ئۇنىڭ سۈيى پاكىزلىغۇچى سۇدۇر. ئۆلۈكى ھالالدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن. چېكەتكىمۇ تۆۋەندە بايان قىلىنغان ھەدىسكە ئاساسەن ھالالدۇر.

ئايەتتىكى ﴿**قان**﴾ دىن ئاققان قان مەقسەت قىلىنغىنىدەك، ﴿ياكى ئېقىپ چىققان قان﴾[1] دېگەن ئايەتتىمۇ ئېقىتىلغان قان كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنى ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شۇنداق بايان قىلدى. ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباستىن تال ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: يەڭلار، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. سورىغۇچىلار: ئۇ قان تۇرسا، ـ دەپ تۇرىۋالغاندا، ئىبنى ئابباس: سىلەرگە ھارام قىلىنغىنى ئېقىتىلغان قاندۇر، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام شافىئىي ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىزگە ئىككى ئۆلۈك ۋە ئىككى قان ھالال قىلىندى. ئىككى ئۆلۈك بولسا: بېلىق بىلەن چېكەتكىدۇر. ئىككى قان بولسا: جىگەر بىلەن تالدۇر».

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل، ئىبنى ماجە دارىقۇتنى ۋە بەيھەقىي قاتارلىق ئالىملارمۇ بۇ ھەدىسنى ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن شۇنداق رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس ئاجىزدۇر.

﴿**چوشقا گۆشى**﴾ يەنى بېقىلىدىغان چوشقا ۋە ياۋا چوشقىلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر. گۆش دېگەن چوشقىنىڭ جىسمىدىكى ياغ قاتارلىق ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زاھىرى مەزھەبتىكىلەرنىڭ بۇ مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىشى ئورۇنسىزدۇر.

ئىمام مۇسلىم بۇرەيدە ئىبنى ھەسىب ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى قىمار ئوينايدىكەن، ئۇ خۇددى قولىنى چوشقا گۆشى ۋە قېنى بىلەن بويىۋالغان بولىدۇ». بۇ ھەدىستە پەقەت قولى بىلەن تۇتقۇچىغا بىلدۈرۈلگەن نەپرەت شۇنچىلىك قاتتىق بولسا، ئۇنىڭ يېگۈچىگە بولىدىغان نەپرەتنىڭ دەرىجىسى ۋە تەھدىتى قانچىلىك بولار!؟ يەنە شۇ ھەدىستە گۆشنىڭ ياغ قاتارلىق ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا دەلىل بار.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** تائالا ھاراق، ئۆلۈك ھايۋان، چوشقا ۋە بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلغان» دېگەن. بەزىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ يېغىچۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن كېمىلەر مايلىنىدۇ، تېرىلەر ياغلىنىدۇ، جىن چىراقمۇ ئۇنىڭ بىلەن يورۇيدۇ، ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇ ھارام» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە، ئەبۇسۇفياننىڭ رۇم پادىشاھى ھىرەقلىگە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇھەممەد بىزنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى ۋە قاننى يېيىشتىن توستى ...

﴿**الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان**﴾ يەنى **الله** تائالادىن باشقىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان ھارامدۇر. چۈنكى **الله** تائالا بارلىق ھايۋانلارنى ئۆزىنىڭ ئىسمى زاتىنى ئاتاپ بوغۇزلاشنى ۋاجىب دەپ بەلگىلىگەن،

(1) ئەنئام سۈرىسى 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇڭا الله تائالانىڭ ئىسمىدىن باشقا بۇت ياكى ھەرقانداق بىر مەخلۇقنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىسا، بۇنداق ھايۋاننىڭ گۆشىنىڭ ھاراملىقىغا پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن.

﴿بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان﴾ يەنى قەستەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى تاسادىپىي بوغۇلۇپ ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشى ھارامدۇر.

﴿ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان﴾ بۇنىڭ مەنىسى ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلارنىڭ دېگىنىدەك، توقماق ياكى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن يەنى بىسى يوق ئېغىر نەرسىلەر بىلەن ئۆلگىچە ئۇرۇلغان ھايۋانلارنىڭ گۆشى ھارامدۇر. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئەرەبلەر ھايۋاننى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ يەيتتى.

ئىمام بۇخارى ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن تۆمۈرنى ئېتىپ ئوۋ ئوۋلايمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئاتقان تۆمۈرىڭ ھايۋاننىڭ بەدىنىنى تېشىپ كىرگەن بولسا ئۇنى يېگىن. ناۋادا تۆمۈر يېنىچە تېگىپ ھايۋاننىڭ بەدىنىگە كىرمىگەن بولسا، ئۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنى يېمىگىن» دېدى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىدە ئوۋلاش نىيىتى بىلەن ئوق ياكى زىختەك ئۇچلۇق ياكى تىغدەك بىسلىق بىر نەرسە ھايۋاننىڭ بەدىنىگە تېشىپ كىرىپ ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ گۆشى ھالالدۇر. ئۇ نەرسىلەر بەدىنىگە كىرمەي يانچە تېگىپ ئۆلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى ھارامدۇر. بۇ مەسىلىدە فىقھى ئالىملىرىنىڭ پىكرى بىردەكتۇر.

﴿(ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان﴾ يەنى ئېگىز يەردىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشى ھارامدۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ يەردە دېيىلگىنى تاغدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن ھايۋاندۇر.

قەتادە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بۇ بولسا، قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن ھايۋاندۇر.

﴿ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان﴾ يەنى ئۈسكەن ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزى بوغۇزلايدىغان ئورۇننى يارا قىلىپ ئۇنىڭدىن قان چىققان تەقدىردىمۇ يەنىلا ھايۋانلار تەرىپىدىن (ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشى ھارامدۇر.

﴿يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى﴾ يەنى شىر، يولۋاس، يىلپىز، بۆرە ياكى ئىتقا ئوخشىغان يىرتقۇچ ھايۋان ھۇجۇم قىلىپ بەزى ئەزالىرىنى يېگەندىن كېيىن، شۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ قالغان ھايۋان گەرچە بوغۇزلىنىدىغان جايىدىن چىشلىنىپ قېنى ئاققان بولسىمۇ، بارلىق فىقھى ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆز قارىشى بويىچە ئۇنىڭ گۆشى ھارامدۇر. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەر يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئېشىپ قالغان (قوي، كالىغا ئوخشاش) ھايۋانلارنىڭ قالدۇقلىرىنى يەيتتى. الله تائالا بۇنى مۆمىنلەرگە ھارام قىلدى.

﴿لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار

**ھالال بولىدۇ﴾** يەنى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بوغۇلۇپ، سوقۇلۇپ، ئېگىزدىن چۈشۈپ كېتىپ ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار چىشلىگەنلىكتىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ھايۋاننى جېنى چىقىپ بولۇشتىن ئىلگىرى بوغۇزلاپ ئۆلگۈرسە، ئۇنىڭ گۆشى ھارام ئەمەس دېگەنلىكتۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەر پەقەت ئاشۇ ھايۋانلاردىن جېنى بار چاغدا، بوغۇزلىيالىغىنىڭلارنىلا يەڭلار. چۈنكى ئۇ بوغۇزلانغان بولىدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەنبەسرى ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ بۇ مەسىلىنى ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سوقۇلغان، ئۇسسۇلگەن ۋە ئېگىزدىن چۈشۈپ كەتكەن ھايۋاننى قولى ياكى پۇتى مىدىرلاۋاتقان چاغدا بوغۇزلىۋالساڭ، يېسەڭ بولىدۇ.

تاۋۇس، ھەسەن، قەتادە، ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير، زەھھاك ۋە باشقا ئالىملاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدى: بوغۇزلىغاندا ئۇ ھايۋاننىڭ جېنىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىرەر ھەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئاندىن ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بىز دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقا چىققان ۋاقتىمىزدا، بىزدە پىچاق بولماي قالسا، چارۋا ماللارنى قومۇش بىلەن بوغۇزلىساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قان ئاققۇزۇپ، **الله** تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆلتۈرگەن مالنى يەڭلار. قان ئاققۇزغان نەرسە ھايۋانلارنىڭ چىشلىرى ياكى تىرناقلىرى بولۇپ قالسا بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سىلەرگە دەپ بېرەي؛ چىش بولسا سۆڭەكتۇر، تىرناق بولسا ھەبەشلەرنىڭ پىچىقىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

**﴿ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى﴾** مۇجاھىد ۋە ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققدە مۇنداق دەيدۇ: بۇتلار كەبىنىڭ ئەتراپىدا تىكلەگلىك تاشلاردىن ئىدى». ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: كەبىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچيۈز ئاتمىش بۇت بولۇپ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەبلەر شۇ بۇتلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ چارۋىلىرىنى بوغۇزلىشاتتى. بۇتلارنىڭ كەبىگە قاراپ تۇرغانلىرىغا ئاتاپ بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ قانلىرىنى چاچاتتى، گۆشنى ئۇزۇن ياپىلاق تىلىپ بۇتلارنىڭ ئۈستىگە ياياتتى. بۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى باشقا ئالىملارمۇ رىۋايەت قىلغان.

شۇڭا **الله** تائالا مۆمىنلەرنى بۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ، ئۇلارنى بۇ بۇتلارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى ھەتتا بۇتلارنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىغاندا **الله** تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغان بولسىمۇ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلدى. بۇ **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان (شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان) ئىشلاردىندۇر[1]. چۈنكى **الله** تائالادىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلانغان نەرسىنىڭ ھارام بولىدىغانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتۈلدى.

(1) يەنى ، **الله** تائالانىڭ نامىنى ئاتىماي، بۇتلار ياكى مازار غوجاملارغا ئاتاپ، مال بوغۇزلىسا ئىمانىغا دەخلە يېتىدۇ.

## پال سېلىش توغرىسىدا

**﴿ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾** يەنى ئى مۆمىنلەر! پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش سىلەرگە ھارام قىلىندى. ئەرەبلەر ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنى قىلاتتى. بۇ ئوق ئۈچ خىل بولۇپ، بىرىنچىسىگە "قىل"، ئىككىنچىسىگە "قىلما" دەپ يېزىلغان، ئۈچىنچىسىگە بولسا، ھېچ نەرسە يېزىلمىغان ئىدى.

يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، بىرىنچىسىگە "پەرۋەردىگارىم بۇيرۇدى"، ئىككىنچىسىگە "پەرۋەردىگارىم توستى" دەپ يېزىلغان، ئۈچىنچىسىگە بولسا، ھېچ نەرسە يېزىلمىغان بولۇپ، ناۋادا بۇيرۇق ئوقى چىقسا، ئۇنى دەرھال قىلاتتى. قىلماسلىق بۇيرۇقى چىقسا قىلمايتتى. ناۋادا قۇرۇق ئوق چىقىپ قالسا، يەنە بىر قېتىم تاللايتتى.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئىشلارنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن پال سالىدىغان ئوقلار ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشنىڭ "ھۇبەل" دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ چوڭ بىر بۇتى بولۇپ، بۇ، كەبىنىڭ ئىچىدىكى بىر (سۈيى يوق) قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە تىكلەنگەن ئىدى. بۇ قۇدۇققا سوۋغا ـ سالاملار ۋە كەبىنىڭ مال ـ مۈلكى قويۇلاتتى. بۇ بۇتنىڭ قېشىدا يەتتە دانە ئوق بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر تەرەپ قىلالماي قالغان ئىشلارنى تاللايدىغان سۆزلەر يېزىلغان ئىدى. ئۇلارغا قايسى ئوق چىقسا، ئۇلار شۇ بويىچە ئىش قىلاتتى. ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايتتى.

سەھىھ ھەدىستە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قوللىرىدا پال ئوقىنى تۇتقان ھالدا تەسۋىرلەنگەن سۈرىتىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ ئوقلار بىلەن ھېچقاچان پال سېلىپ باقمىغانلىقىنى بىلىدۇ. الله ئۇلارنىڭ جازاسىنى بەرگەي!»

**﴿ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ بولسا، ئەرەبلەرنىڭ ئوقلىرى، پارس ۋە رۇملۇقلارنىڭ ئوشۇقلىرىدۇر. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن قىمار ئوينايتتى. مۇجاھىدنىڭ بۇ كۆز قارىشى توغرىسىدا ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر مۇجاھىد بۇ سۆزدىن ئۇلار ئۇنى بەزىدە قىمار ئويناش ئۈچۈن قوللىناتتى، ـ دېگەننى كۆزدە تۇتقان بولسا، بۇ توغرا بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى الله تائالا قىمار بىلەن پال ئوقلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى

(هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾(1)

﴿بۇ گۇناھتۇر﴾ يەنى ئۇنى قىلىش پاسىقلىق، ئازغۇنلۇق، جاھالەت ۋە شېرىكتۇر. الله تائالا مۆمىنلەرنى ئۆز ئىشلىرىدا ئارسالدى بولۇپ قېلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندا، الله تائالاغا ئىبادەت قىلىپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغىنىنى الله تائالانىڭ تاللاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئىستىخار سېلىشقا بۇيرۇغان.

ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇد داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەر قانداق ئىشتا ئىستىخار سېلىشنى خۇددى قۇرئاندىكى بىر سۈرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگەتكەن ئىدى ۋە: «سىلەر بىرەر ئىش قىلماقچى بولۇپ ئۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرساڭلار، پەرز نامىزىدىن باشقا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن: "ئى الله ! مەن سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن تاللاپ بېرىشىڭنى، ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن قىلدۇرۇشىڭنى، ھەممىدە ماڭا سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن بېرىشىڭنى سورايمەن. چۈنكى، سەن قادىر بولالايسەن، مەن قادىر بولالمايمەن. سەن بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن. سەن غەيبلەرنى بىگۈچىدۇرسەن. ئى الله ! ناۋادا سېنىڭ ئىلمىڭدە بۇ ئىش (قىلماقچى بولغان مەقسىتىنى ئاتايدۇ) مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم، تۇرمۇش ۋە ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىگە (ياكى ھازىرقى ۋە كېيىنكى ئىشلىرىمغا دېسىمۇ بولىدۇ) ياخشىلىق بولسا، ماڭا ئۇنى قىلىشقا نىسىپ قىلغىن ۋە ماڭا ئۇنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن ھەممىدە ئۇ ئىشتا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ناۋادا سېنىڭ ئىلمىڭدا بۇ ئىش ماڭا دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا، تۇرمۇشۇمدا ۋە ئىشلىرىمنىڭ ئاقىۋىتىدە يامانلىق بولىدىغان بولسا، مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، ئۇ ئىشنىمۇ مەندىن يىراق قىلغىن. مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، ماڭا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. ھەممىدە مېنى شۇ ياخشى ئىشقا رازى قىلغىن"(2) دەڭلار» دېگەن ئىدى.

## كاپىرلار ۋە شەيتاننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن يېنىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىشى

﴿كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن يېنىشىدىن ئۈمىد ئۈزدى. ئەتا ئىبنى ئەبۇرەباھ، سۇددى ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق رىۋايەت قىلدى. 232

(1) مائىدە سۈرىسى 90 ـــ 91 ـ ئايەتلەر.

(2) ئەرەبچە ئوقۇلۇشى: ئاللاھۇمما ئىننى ئەستەخىرۇكە بىئىلمىكە ۋە ئەستەقدىرۇكە بقۇدرەتىكە ۋە ئەسئەلۇكە مىن پەزلىكەلئەزىم، فەئىننەكە تەقدىرۇ ۋەلا ئەقدىرۇ ۋە تەئلەمۇ ۋەلا ئەئلەمۇ، ۋە ئەنتە ئاللامۇلغۇيۇب. ئاللاھۇمما ئىن كۇنتە تەئلەمۇ ئەننە ھازەلئەمرە خەيرۇنلى فى دىنى ۋە دۇنيايە ۋە مائاشى، ۋە ئاقىبەتى ئەمرى فەقدۇرھۇ لى ۋە يەسسىرھۇ لى سۇمما بارىك لى فىھى. ئاللاھۇمما ۋە ئىنكۇنتە تەئلەمۇ ئەننۇھۇ شەررۇن لى فى دىنى ۋە دۇنيايە ۋە مائاشى ۋە ئاقىبەتى ئەمرى فەسرىفنى ئەنھۇ، ۋەسرىفھۇ ئەننى ۋەقدۇر لىيەلخەيرە، ھەيسۇ كانە سۇمما رەدزىنى بىھى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇشۇ مەنە تەكىتلەنگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇنۇشىدىن ئۈمىد ئۈزدى. لېكىن ئۇنىڭ قىلالايدىغىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە تېرىپ، زىددىيەت پەيدا قىلىشتۇر». بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ سۈپەتلىرى مۇشرىك كاپىرلاردىن پەرقلىق بولغاچقا، كاپىرلار بۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشىيالىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى دېگەن مەنە مەقسەت قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، **الله** تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە پەقەت ئۆزىدىنلا قورقۇشقا، كاپىرلارغا زىت ۋە خىلاپ ئىش قىلىشتا تەۋرەنمەي تۇرۇپ، سەۋرى قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار**﴾ يەنى ئۇلارغا قارشىلىق قىلىشتا ئۇلاردىن قورقماي مەندىنلا قورقۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، مەن سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇپ، سىلەرنىڭ ئۆچۈڭلارنى ئېلىپ بېرىمەن، سىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن.

## ئىسلام دىنىنىڭ مۇكەممەل قىلىنغانلىقى

﴿**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم**﴾ **الله** تائالانىڭ ئۇلارغا دىنىنى مۇكەممەل قىلىپ بەرگەنلىكى بۇ ئۈممەتكە بەرگەن نېئمەتنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. شۇڭا بۇ ئۈممەت باشقا بىر دىنغا ياكى باشقا بىر پەيغەمبەرگە موھتاج بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن **الله** تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانلارغا ۋە جىنلارغا ئەۋەتكەن. شۇڭا **الله** تائالا ھالال قىلغاندىن باشقا ھالال يوق ۋە ھارام قىلغاندىن باشقا ھارام يوق. يولغا قويۇلغان شەرىئەتتىن باشقا شەرىئەت يوق. ئۇ خەۋەر بەرگەن بارلىق نەرسىلەر راست ۋە ھەقتۇر. ئۇنىڭدا يالغانچىلىق ياكى بولماي قالمايدىغان ئىش يوقتۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر﴾[1] يەنى بەرگەن خەۋەرلەردە راستچىل، بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىدە ئادىلدۇر. **الله** تائالا بەندىلىرىگە دىنىنى مۇكەممەل قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى تولۇقلاپ بەردى.

﴿**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم**﴾ يەنى سىلەرمۇ بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ دىنىنىڭ ئۆزەڭلارنىڭ دىنى بولۇشىغا رازى بولۇڭلار. چۈنكى بۇ دىن **الله** ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە رازى بولغان، بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتكەن ھەم بۇ دىن ئارقىلىق كىتابلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغاندۇر.

ئىمام ئىبنى جەرىر ھارۇن ئىبنى ئەنتەرەنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەججى ئەكبەر (يەنى ۋىدالىشىش ھەججى) كۈنى **الله** تائالانىڭ: ﴿**بۈگۈن سىلەرنىڭ**

(1) ئەنئام سۈرىسى 115 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾** دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن نېمە ئۈچۈن يىغلىدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئۆمەر: ھەر قانداق نەرسە تولۇقلانغاندىن كېيىن كېمىيىشكە قاراپ ماڭىدۇ. بىزنىڭ دىنىمىزمۇ ئەمدى تولۇقلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راست ئېيتتىڭ» دېدى.

بۇ مەزمۇننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىسلام غېرىبلىق بىلەن باشلانغان، غېرىبلىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇ غېرىبلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش ـ مۇبارەك بولسۇن» دېگەن ھەدىسى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد تارىق ئىبنى شىھابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلاردىن بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! سىلەرنىڭ كىتابىڭلاردا شۇنداق بىر ئايەت باركى، ناۋادا ئاشۇ ئايەت بىز يەھۇدىيلارغا چۈشكەن بولسا، شۇ ئايەت چۈشكەن كۈننى بىز بايرام كۈنى قىلىۋالاتتۇق، ـ دېدى. ئۆمەر: ئۇ قايسى ئايەت؟ ـ دەپ سورىدى. ھېلىقى يەھۇدىي: **﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾** دېگەن ئايەت، ـ دېدى. ئۆمەر: **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئايەتنىڭ قايسى كۈن، قايسى ۋاقىتتا چۈشكەنلىكىنى بىلىمەن. بۇ ئايەت ئەرەپات كۈنى كەچقۇرۇندا چۈشكەن ئىدى. ئۇ دەل جۈمە كۈنى ئىدى، ـ[1] دېدى.

بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: يەھۇدىيلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر شۇنداق بىر ئايەتنى ئوقۇيسىلەركى، مۇبادا ئاشۇ ئايەت بىزگە چۈشكەن بولسا، بىز چوقۇم شۇ ئايەت چۈشكەن كۈننى بايرام قىلىۋالاتتۇق، ـ دېيىشتى. ئۆمەر بۇنى ئاڭلاپ: مەن بۇ ئايەتنىڭ قاچان، قەيەردە چۈشكەنلىكىنى بىلىمەن. ھەمدە بۇ ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. بۇ ئايەت ئەرەپات كۈنى چۈشكەن ئىدى. **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن شۇ چاغدا ئەرەپاتتا ئىدىم، ـ دېدى.

بۇ ئايەتنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە (ئەرەپات كۈنى) ئەرەپات تېغىدا چۈشكەنلىكىگە ۋە بۇ كۈننىڭ دەل جۈمە كۈنى ئىكەنلىكىدە پۈتكۈل ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.



## زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا يېيىش چەكلەنگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشنى يېيىشكە بولىدىغانلىقى

**﴿كىمكى ئاچلىقتا، ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن (ھارام قىلىنغان**

(1) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەقستى بۇ ئايەت ئەرەپات ۋە جۈمە كۈنىدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى ئۇلۇغ بايرام كۈنىدە چۈشتى دېمەكچى.

**نەرسىلەرنى يېسە گۇناھ بولمايدۇ) الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** يەنى كىمكى مەلۇم بىر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن الله تائالا يېيىشنى توسقان ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن ھاياتىنى ساقلاپ قالالىغۇدەك يېسە بولىدۇ. الله كەچۈرگۈچى ۋە رەھمەت قىلغۇچىدۇر. چۈنكى الله تائالا ئاشۇ بەندىنىڭ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بەندىنىڭ چەكلەنگەن نەرسىنى يېگەنلىكىنى كەچۈرىۋېتىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان ئىبنى ئۆمەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله چەكلىگەن گۇناھلارنىڭ قىلىنىشىنى قانداق يامان كۆرسە، رۇخسەت قىلغان ئىشلىرىنىڭ قىلىنىشىنىمۇ شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ»[1].

يېيىش چەكلەنگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك، يېگۈدەك تاماق تېپىلماي قالغاندىن تارتىپ ئۈچ كۈن ئۆتىشىنى ساقلاش شەرت ئەمەس. بەلكى قاچان يېيىش زۆرۈر بولغاندا يېسە بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇۋاقىد لەيسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن جايدا ياشايمىز. بىز قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېسەك بولىدۇ؟ـ دەپ سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەتىگەن ۋە ئاخشاملاردا تاماقسىز قالساڭلار ۋە يېگۈدەك ئوت ـ چۆپ تاپالماي قالساڭلار، ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېسەڭلار بولىدۇ» دېدى.

**﴿گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېسە گۇناھ بولمايدۇ)﴾** يەنى گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن ھالەتتە دېگەنلىكتۇر. دېمەك، الله گۇناھ ئىش قىلمىغان ھالەتتە ئاچ قالغۇچىغا يېيىش چەكلەنگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان. لېكىن گۇناھ ئىش قىلغۇچىغا رۇخسەت قىلىنىدى دېمىگەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2] گۇناھ ئىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققۇچىلارغا بۇ رۇخسەت بېرىلمەيدۇ دېگۈچىلەر بۇ ئايەتنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن. الله تائالانىڭ رۇخسەت قىلىشتىن ئىبارەت رەھمىتى گۇناھ ئىش قىلغۇچىلارغا قارىتىلمايدۇ[3].



(1) ئىسلام دىنىدا ھۆكۈملەر قىلىشقا تېگىشلىك ھۆكۈملەر ۋە قىلىش رۇخسەت قىلىنغان ھۆكۈملەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك ھۆكۈملەر بولسا، نامازنى تولۇق ئوقۇش، ئەسلىدە يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەرنى يېمەسلىككە ئوخشاش نەرسىلەردۇر. رۇخسەت قىلىنغان ھۆكۈملەر بولسا، سەپەردىكى ئادەملەر ئۈچۈن نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇش، زۆرۈر بولغاندا يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەرنى ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىشكە ئوخشاش ھۆكۈملەردۇر.

(2) بەقەرە سۈرىسى 173 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) مۇشۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىچە، الله تائالانىڭ يېيىش چەكلەنگەن نەرسىلەرنى يېيىشكە زۆرۈرىيەت ئاستىدا رۇخسەت قىلىشى الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى. لېكىن، بۇ رۇخسەت مۇسۇلمان پادىشاھلارغا قارشى

* * * * * * *

يَسۡـَٔلُونَكَ مَاذَآ أُحِلَّ لَهُمۡۖ قُلۡ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُ وَمَا عَلَّمۡتُم مِّنَ ٱلۡجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ ٱللَّهُۖ فَكُلُواْ مِمَّآ أَمۡسَكۡنَ عَلَيۡكُمۡ وَٱذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهِۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿٤﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە (ئىت، قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر الله نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) الله نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) تىن ساقلىنىڭلار، الله ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر»﴿4﴾.

## ھالال نەرسىلەرنىڭ بايانى

الله يۇقىرىقى ئايەتلەردە يېگۈچىلەرنىڭ دىنىغا ۋە سالامەتلىكىگە زىيانلىق بولغان ھارام نەرسىلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، زۆرۈر بولۇپ قالغاندا ئۇ نەرسىلەردىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زۆرۈرىيەت بولمىغىچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى الله سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن، (باشقىلارنى) ھەقىقەتەن ئازدۇرىدۇ﴾[1].

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى﴾** ئەئراف سۈرىسىدىمۇ ئۈممىتىگە پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ بېرىش ۋە ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. مۇقاتىل: پاك نەرسىلەر دېگەن ئىستىمال قىلىش ھالال قىلىنغان رىزىقلاردۇر، ـ دەيدۇ.

ئىمام زۆھرىدىن سۈيدۈكنى داۋا ئۈچۈن ئىچىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: سۈيدۈك پاك نەرسىلەردىن ئەمەس، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.



تۇرۇپ، مۇسۇلمانلار تويىدىن ئايرىلىپ تاغلارغا سەپەر قىلغۇچىلارغا، بۇلاڭچىلىق ئۈچۈن سەپەر قىلغۇچىلارغا ۋەياكى الله تائالا چەكلىگەن ھارام تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە چىققۇچىلارغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يەنە بىر خىل كۆز قاراشتىكى ئالىملار: دىنىنى ساقلاپ قالغۇدەك مىقداردا يېيىشتىن ئاشۇرىۋەتمىسىلا، مەيلى ئۇ كىشى قايسى خىل سەپەردە بولمىسۇن، يېيىش دۇرۇس بولىدۇ، ـ دەپ قارايدۇ. الله تائالا بەندىلىرىگە ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىپ بەرگەن ئىشلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

(1) ئەنئام سۈرىسى 119 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ ئۆۋلىغان ئۆۋلىرىنىڭ ھۆكمى

**﴿(ئىت قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر الله نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى﴾** يەنى سىلەرگە الله تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغان ھايۋانلار، پاك رىزىقلار ھالال قىلىندى. شۇنداقلا ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ئىت، يىلپىز ۋە قارچۇغا قاتارلىق ئوۋ ھايۋانلىرى ئۆۋلىغان نەرسىلەرمۇ ھالال قىلىندى. ئۆگىتىلگەن ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ئۆۋلىغان نەرسىلىرىنىڭ ھالال بولىدىغانلىقى كۆپلىگەن ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە مەزھەب ئىماملىرىنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆگىتىلگەن ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ئىچىگە ئىت ۋە يىلپىزغا ئوخشاش ھايۋانلار، بۈركۈت ۋە قارچىغىغا ئوخشاش قۇشلار كىرىدۇ. بۇ ھەقتە ھەيسەمە تاۋۇس، مۇجاھىد، مەكھۇل ۋە يەھيا ئىبنى ئەبۇكەسىر قاتارلىقلاردىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۇڭقار ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوۋغا ئۆگىتىلگەن قۇشلار ئۆۋلىغان ھايۋاننى تىرىك ھالەتتە قولغا چۈشۈرسەڭ، ئۇنى بوغۇزلاپ يېگىن، ئۆلۈك بولسا يېمىگىن». لېكىن كۆپىنچە ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە، ئۆگىتىلگەن قۇش ئۆۋلىغان نەرسە بىلەن ئۆگىتىلگەن ئىت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئۆۋلىغان نەرسىسى ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئىت ئۆۋلىغاندا، ئوۋنى قانداق قاماللاپ تۇتقان بولسا، قۇشمۇ شۇنداق قاماللاپ تۇتىدۇ.

ئىمام ئىبنى جەرىر بۇ ھەقتە ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوۋغا ئۆگىتىلگەن شۇڭقارنىڭ ئۆۋلىغان نەرسىسى توغرىسىدا سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا تۇتۇپ بەرگەن بولسا يېگىن» دېدى.

**﴿ئۆگىتىلگەن﴾** بۇ سۆزنىڭ جۈملە ئىچىدىكى ئورنى ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى بويىچە ئۆگەتكۈچىنىڭ ئۆگىتىش ھالىتى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ياكى ئۆگىتىلگەن ھايۋانلارنىڭ ئۆگىتىلگىنى بويىچە تۇتۇش ھالىتى كۆزدە تۇتۇلغان بولىشىمۇ مۇمكىن. ئىككىنچى خىل ھالەت بويىچە بولغاندا، بۇ ئايەتنىڭ ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ھايۋانلارنىڭ ئوۋنى تىرناقلىرى ۋە چاڭگاللىرى ئارقىلىق تۇتسا، ئۇ ئوۋ ھالال، باشقىسى ھالال ئەمەس. ئەگەر تىرنىقى ياكى چاڭگىلى بىلەن قاماللاپ تۇتماي، سوقۇپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئوۋ ھالال بولمايدۇ، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

**﴿سىلەر الله نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى﴾** يەنى ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆگىتىلگىنى بولسا، ئوۋنىڭ ئارقىدىن قويۇپ بەرسە، ئۇنى قوغلايدىغان، كۇشكۇرتسە كۇشكۇرىدىغان، ئوۋنى تۇتسا، ئۇنى ئۆزى يېيىش ئۈچۈن تۇتماي، پەقەتلا ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن تۇتۇپ ساقلاپ تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك.

**﴿ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئۆۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) الله نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)﴾** ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى بويىچە، ئوۋلىغۇچى هايۋان ئوۋ ئوۋلاشقا ئۆگىتىلگەن بولسا، ئۇ هايۋان ئوۋنى ئىگىسى ئۈچۈن تۇتقان بولسا، ئىگىسى ئوۋ هايۋىنىنى قويۇپ بەرگۈچە بىسمىللاھ دېگەن بولسا، ئوۋ هايۋىنى گەرچە ئوۋنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، هالال بولىدۇ. تۆۋەندىكى هەدىس مۇشۇ مەزمۇننى تەكىتلەيدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەدىي ئىبنى هاتەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆگىتىلگەن ئوۋ ئىتلىرىنى ئوۋغا قويۇپ بەرگىچە الله تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ قويۇپ بېرىمەن، ئىتلار ئوۋلىغان ئوۋلارنىڭ هۆكمى قانداق بولىدۇ؟ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ئىتىڭنى الله نىڭ نامىنى ئاتىغان بولساڭ، ئۇ ئىتلار ساڭا تۇتۇپ بەرگەن ئوۋنى يېگىن» دېدى. مەن: ئەگەر ئۇ ئىتلار ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويسىچۇ؟ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «باشقا بىر ئىت ئىتلىرىڭغا قوشۇلۇپ قالمىغانلا بولسا، ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، يېسەڭ بولىدۇ. چۈنكى سەن باشقا ئىتقا ئەمەس، دەل ئۆزەڭنىڭ ئىتىڭغا "بىسمىللاھ" دېدىڭ» دېدى. مەن يەنە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بەزىدە ئوۋچى ئۇچلۇق تۆمۈرنى ئېتىپ ئوۋنى ئۆلتۈرىمەن ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «تۆمۈرنى ئاتقاندا ئۇنىڭ ئۇچى هايۋاننىڭ بەدىنىگە تېشىپ كىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولسا، يېسەڭ بولىدۇ. ئەگەر تۆمۈرنىڭ يان تەرىپى تېگىپ ئۆلگەن بولسا يېمىگىن. چۈنكى ئۇ هايۋان سوقۇلۇپ ئۆلگەننىڭ قاتارىدىن بولىدۇ» دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: «ئىتىڭنى قويۇپ بەرگەندە الله تائالانىڭ نامىنى ئاتىغىن، ئۇ ئىت ئوۋنى ساڭا تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەندە، ئوۋ تىرىك بولسا، ئۇنى بوغۇزلاپ يېگىن. ئەگەر ئوۋ ئۆلگەن بولۇپ، ئىت ئۇنىڭدىن يېمىگەن بولسا، ئوۋنى يېگىن. چۈنكى ئىتنىڭ ئوۋنى تۇتۇشى بوغۇزلىغىنى هېسابلىنىدۇ.»

يەنە باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئوۋنى ئىت يېگەن بولسا، سەن ئۇنى يېمىگىن. چۈنكى ئىتنىڭ ئۇ ئوۋنى ئۆزى يېيىش ئۈچۈن تۇتقان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن».



## ئوۋچىنىڭ ئوۋ هايۋىنىنى قويۇپ بېرىش ئەسناسىدا «بىسمىللاھ» دېيىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا

**﴿ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئۆۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) الله نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)﴾** يەنى ئوۋ ئوۋلىغۇچى هايۋاننى قويۇپ بەرگەندە، بىسمىللاھ دەڭلار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئۇۋغا ئۆگىتىلگەن ئىتىڭنى قويۇپ بەرگىنىڭدە، اللە نىڭ نامىنى ئاتىغان بولساڭ، ئۇ ئىت تۇتۇپ كەلگەن ئوۋنى يېسەڭ بولىدۇ» دېگەن.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇسۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئىتىڭنى قويۇپ بەرگىنىڭدە، اللە نىڭ نامىنى ئاتىغىن، ئوقنى ئاتقاندا اللە نامىنى ئاتىغىن!»

**﴿(ئوچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) اللە نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىتىڭنى ئوۋ ئوۋلاشقا قويۇپ بەرگىنىڭدە، بىسمىللاھ دېگىن. مۇبادا ئۇنتۇپ قالساڭ، ھېچ ۋەقەسى يوق». بۇ ئايەتتىن يېگەندە: بىسمىللاھ دېيىشمۇ بولىدۇ، ـ دېگەنلىك مەقسەت قىلىنغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم (يېگەندە بىسمىللاھ دېيىش توغرىسىدا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز تەربىيىسىدە بولغان ئۆمەر ئىبنى ئەبۇسەلەمگە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاماق يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن، ئالدىڭدىن يېگىن».

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلەر: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر بىزگە (يېيىش ئۈچۈن) گۆش ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا، بىسمىللاھ دەيدىغان ياكى دېمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. بۇ گۆشلەرنى يېسەك بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر بىسمىللاھ دەپ يەڭلار» دېدى.

* * * * * * *

ٱلۡيَوۡمَ أُحِلَّ لَكُمُ ٱلطَّيِّبَٰتُۖ وَطَعَامُ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ حِلّٞ لَّكُمۡ وَطَعَامُكُمۡ حِلّٞ لَّهُمۡۖ وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنَٰتِ وَٱلۡمُحۡصَنَٰتُ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ إِذَآ ءَاتَيۡتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحۡصِنِينَ غَيۡرَ مُسَٰفِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِيٓ أَخۡدَانٖۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلۡإِيمَٰنِ فَقَدۡ حَبِطَ عَمَلُهُۥ وَهُوَ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٥﴾



بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر، كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەملى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ﴿5﴾.

## يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنىڭ ھالال ئىكەنلىكى

**اللە** تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە ھارام قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن ھالال قىلىنغان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى**﴾ ئاندىن يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر**﴾.

ئىبنى ئابباس ئەبۇئۇمامە، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىكرىمە، ئەتا، ھەسەن، مەكھۇل ئىبراھىم نەخەئىي، سۇددى ۋە مۇقاتىل قاتارلىق ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىنى دېمەكچى، ـ دەپ تەپسىر قىلىشقان. بۇ بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. چۈنكى ئۇلار ھايۋاننى **اللە** تائالادىن باشقىغا ئاتاپ بوغۇزلاشنى ھارام دەپ قارايدۇ. گەرچە ئۇلار **اللە** تائالاغا بولغان ئېتىقادىدا **اللە** تائالانىڭ سۈپەتلىرىگە لايىق بولمىغان ئەقىدىلەردە بولسىمۇ، (مال) بوغۇزلىغاندا **اللە** تائالادىن غەيرىنىڭ نامىنى تىلغا ئالمايدۇ.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل مۇنداق دېگەن: خەيبەر جېڭىدا قولۇمغا قوي يېغى قاچىلانغان بىر تۇلۇم چۈشۈپ قالدى. مەن بۈگۈن بۇنىڭدىن ھېچكىمگە بەرمەيمەن، ـ دېدىم. تۇيۇقسىز كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ...

فىقھشۇناس ئالىملار: بۇ ھەدىستە لازىم بولغان ئەھۋال ئاستىدا قولغا چۈشكەن ئولجىلارنى تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن ئىشلەتسە بولىدۇ، ـ دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقان. ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىنمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنە ھەنەفىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىپىدىكىلەر مالىكىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ: يەھۇدىيلارغا ھارام قىلىنغان، ياغقا ئوخشاش نەرسىلەر مۇسۇلمانلارغىمۇ ئوخشاشلا ھارام، ـ دەپ قارايدىغان قارىشىغا رەددىيە بېرىشكە مۇشۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك بولغان دەلىل شۇكى، ئىمام بۇخارىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: خەيبەر ئۇرۇشى بولغان كۈنى يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاۋاپ قىلىنغان بىر قوينى سوۋغا قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوينىڭ قولىغا ئامراقلىقىنى بىلگەن يەھۇدىيلار قوينىڭ قولىنى زەھەرلەپ قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوينىڭ قولىنى ئېلىپ ئېغىزىغا سالغاندا، **اللە** تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ زەھەرلەنگەنلىكى خەۋەر قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال تۈكۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ زەھەرنىڭ قالدۇقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىز چىشلىرىغىچە تەسىر قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بەشىر ئىبنى بەرا دېگەن ساھابىمۇ ئۇ قوينىڭ قولىدىن يېگەچكە زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن. زەھەرنى زەينەب ئىسىملىك يەھۇدىي ئايال سالغان بولۇپ، ئۇ بۇ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان دەلىل شۇكى، گۆش ئېلىپ كېلىنگەندە، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كەلگۈچىلەردىن: سىلەر ھارام دەپ قارايدىغان ياغلارنى ئېلىۋەتتىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىماستىن يېيىشكە تەمشەلگىنىدۇر.

﴿ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر﴾ يەنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار سىلەر بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېسە دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ئايەتتىن مەقسەت: ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە سىلەر بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى ئۇلارنىڭ يېيىشى دۇرۇس بولىدۇ، ـ دېگەن بىر ھۆكۈمنى بىزگە خەۋەر بېرىش ئەمەستۇر. مۇبادا بۇنى خەۋەر بېرىش دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ شەرىئىتىدە باشقا دىندىكىلەرنىڭ الله تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىغان ھايۋانلىرىنىڭ گۆشلىرى ئۇلارغا ھالال قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھۆكۈمنى بىزگە خەۋەر بەرمەكچى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ئايەتنىڭ: سىلەر بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەھۇدىي ـ خرىستىئانلارنىڭ يېيىشى دۇرۇس بولىدۇ، ـ دېگەن قاراشنى بىلدۈرىدىغانلىقى كۈچلۈكرەكتۇر. يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ نامىنى ئاتاپ بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىش سىلەرگە دۇرۇس بولغىنىدەك، سىلەر بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ئۇلارنىڭ يېيىشىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تونىنى كەيدۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇللاھ ئىبنى سەلۇل ئۆلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تونىنى ئۇنىڭغا كەيدۈرۈپ، شۇ تون بىلەن يەرلىكىگە قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ سوۋغىسىنى قايتۇرغان. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پەقەت مۆمىن بىلەنلا ھەمسۆھبەت بول. تامىقىڭنى تەقۋاداردىن باشقىغا يېگۈزمە» دېگەن ھەدىسىگە كەلسەك، شۇنداق قىلىش مۇستەھەب ۋە تېخىمۇ ياخشى دېگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ.

## ئەھلى كىتاب ئاياللارغا ئۆيلىنىشنىڭ ھالاللىقى

﴿مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ﴾ يەنى ئېپپەتلىك، ھۆر، مۆمىن ئاياللارغا ئۆيلىنىش سىلەرگە ھالال قىلىندى. بۇ ئايەتتىن ئېپپەتلىك ئاياللارنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئاشكارا زىنا قىلمايدىغان، يوشۇرۇن ئاشنا تۇتمايدىغان ئەففە بولۇشلىرى كېرەك﴾[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما خرىستىئان ئاياللارغا ئۆيلىنىشنى توغرا تاپمايتتى ۋە: مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ قىلىۋالغاندىنمۇ ئېغىر مۇشرىكلىك بولامدۇ؟ چۈنكى الله تائالا: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾[2] دېگەن تۇرسا، ـ دەيتتى.

(1) نىسا سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، مۇسۇلمانلار باشقا دىندىكى ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشنى توختاتتى.

ئاندىن: **﴿سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، مۇسۇلمانلار ئەھلى كىتابنىڭ ئاياللىرىغا ئۆيلىنىشكە باشلىدى ۋە بىر تۈركۈم ساھابىلەر خىرىستىئان ئاياللارغا ئۆيلەندى. ھەممە ئۇلار بۇ ئايەتكە ئاساسەن بۇنداق قىلىشتا گۇناھ يوق دەپ قارايتتى. چۈنكى **الله** تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾[2] دېگەن ئايىتىدىكى مۇشرىك ئاياللار ئەھلى كىتابنىڭ ئاياللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ پەرەز قىلساق، **الله** تائالانىڭ: **﴿سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار﴾** دېگەن ئايىتى يۇقىرىقى ئايەت زىكىر قىلغان (ئۆيلىنىشكە) بولمايدىغان مۇشرىك ئاياللارنىڭ ئىچىدىن ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللارنى ئايرىۋالىدۇ.

ناۋادا **الله** تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇسۇلمانلار!) مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾[3] دېگەن ئايىتى ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ دەپ پەرەز قىلساق، مۇشرىك ئاياللارغا ئۆيلىنىش توغرىسىدا قويۇلغان چەكلىمە ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللارغا ئۆيلىنىشكە قويۇلمايدۇ. چۈنكى قۇرئاننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە ئەھلى كىتاب مۇشرىكلاردىن پەرقلەندۈرۈلۈپ زىكىر قىلىنغان.

بۇنىڭ مىساللىرى تۆۋەندىكىچە: ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) كاپىر بولغانلار ۋە مۇشرىكلار ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلغۇچى بولمىدى﴾[4]، ﴿كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۈممىلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن﴾[5].

**﴿ئەففە ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار﴾** يەنى ئۇلارمۇ ھۆر، ئىپپەتلىك ئاياللار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەھلى كىتابتىن بولغان ئاياللارنىڭ مەھرىنىمۇ رازىمەنلىك بىلەن تولۇق بېرىڭلار.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئامىر، شەئبىي، ئىبراھىم نەخەئىي ۋە ھەسەنبەسرى قاتارلىقلار: «ئەگەر بىر كىشى بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇشتىن بۇرۇن، ئۇ ئايال باشقا بىرى بىلەن پاھىشە قىلغان بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى نىكاھ بىكار قىلىنىپ، ئايالغا بېرىلگەن مەھىر تولۇق قايتۇرۇۋېلىنىدۇ» دەپ پەتىۋا بەرگەن.

**﴿ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار ھالدا (ئۇلارنى**

(1) بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) بەييىنە سۈرىسى1 ـ ئايەت.
(5) ئال ئىمران سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئالساڭلار)، ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾** يەنى ئاياللارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشى شەرت قىلىنغاندەك، ئەرلەرنىڭمۇ ئىپپەتلىك بولۇشى شەرت قىلىنغان.

**﴿ئاشكارا - يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگىنىڭلار﴾** يەنى بۇنىڭدىن گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن يانمايدىغان، ئۇچرىغانلا ئادەم بىلەن پاھىشە قىلىۋېرىدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلغاندۇر.

**﴿ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار﴾** بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى بولسا، پەقەت ئاشنىلىرى بىلەنلا پاھىشە قىلىدىغانلاردۇر. بۇ ھەقتە نىسا سۈرىسىدىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى.

*******

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا قُمۡتُمۡ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ فَٱغۡسِلُواْ وُجُوهَكُمۡ وَأَيۡدِيَكُمۡ إِلَى
ٱلۡمَرَافِقِ وَٱمۡسَحُواْ بِرُءُوسِكُمۡ وَأَرۡجُلَكُمۡ إِلَى ٱلۡكَعۡبَيۡنِۚ وَإِن كُنتُمۡ جُنُبٗا فَٱطَّهَّرُواْۚ
وَإِن كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ أَوۡ عَلَىٰ سَفَرٍ أَوۡ جَآءَ أَحَدٞ مِّنكُم مِّنَ ٱلۡغَآئِطِ أَوۡ لَٰمَسۡتُمُ ٱلنِّسَآءَ فَلَمۡ
تَجِدُواْ مَآءٗ فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدٗا طَيِّبٗا فَٱمۡسَحُواْ بِوُجُوهِكُمۡ وَأَيۡدِيكُم مِّنۡهُۚ مَا يُرِيدُ
ٱللَّهُ لِيَجۡعَلَ عَلَيۡكُم مِّنۡ حَرَجٖ وَلَٰكِن يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمۡ وَلِيُتِمَّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكُمۡ
لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٦﴾

ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلە قوشۇپ يۇيۇڭلار، ئەگەر جۇنۇب بولساڭلار پاكلىنىڭلار (يەنى غۇسلى قىلىڭلار)، ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، ﷲ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ﷲ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴿6﴾.



## تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا﴾** يەنى ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا، تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. تاھارەت ئېلىش تاھارەتسىز كىشىگە پەرز، تاھارىتى بار كىشىگە مۇستەھەبتۇر.

ھەر بىر نامازغا بىر تاھارەت ئېلىش ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پەرز بولۇپ، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار.

ئىمام ئەھمەد سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدەنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازغا بىر تاھارەت ئالاتتى، مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى ئايىغىغا مەسھى قىلدى. ھەممە شۇ كۈنكى بەش ۋاخ نامازنى شۇ بىر تاھارەت بىلەنلا ئوقۇدى، بۇنى كۆرگەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بۇرۇن قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلدىڭغۇ؟- دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۆمەر! (بۇ ئىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن) قەستەن شۇنداق قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئىبنى جەرىر فەزل ئىبنى مۇبەششىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ بىر تاھارەت بىلەن بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ تاھارەتى سۇنغاندا، قايتا تاھارەت ئېلىپ ئايىغىغا مەسھى قىلغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: سەن بۇ ئىشنى ئۆزەڭچىلا قىلىۋاتامسەن؟- دەپ سورىدىم. ئۇ: ياق مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن،- دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن دادام ئابدۇللاھتىن: مەيلى تاھارەت بولسۇن - بولمىسۇن، نېمىگە ئاساسەن ھەر بىر نامازغا قايتىدىن تاھارەت ئالىسەن،- دەپ سورىسام، ئۇ مۇنداق دېدى: زەيد ئىبنى خەتتابنىڭ قىزى ئەسما ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنزەلەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى تاھارىتى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ھەر بىر نامازغا يېڭىدىن تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋىدى، ھەر بىر نامازغا مىسۋاك ئىشلىتىشكە، پەقەت تاھارىتى سۇنغاندىلا يېڭىلاشقا بۇيرۇلدى. ئۇبەيدۇللا: دادام ھەر بىر نامازغا يېڭىدىن تاھارەت ئېلىش ئېغىر كەلمەيدۇ دەپ قاراپ تاكى ۋاپات بولغۇچە شۇنداق قىلدى،- دەيدۇ.

كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بۇ ئىشنى تاكى ۋاپات تاپقىچە داۋاملاشتۇرۇشى بۇ ئىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالادىن چىققاندا، ئالدىغا تاماق كەلتۈرۈلدى. بەزىلەر: تاھارەت ئېلىشىڭ ئۈچۈن سۇ كەلتۈرەيلىمۇ؟- دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت نامازغا تۇرماقچى بولغاندا، تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلدۇم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. ئۇ خالاغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن. تاماق كەلتۈرۈلدى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! تاھارەت ئالامسەن؟- دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھازىر ناماز ئوقۇمايدىغان تۇرسام، نېمىشقا تاھارەت ئالغۇدەكمەن؟» دېدى.

## تاھارەت ئالغاندا نىيەت قىلىش ۋە «بىسمىللاھ» دېيىش توغرىسىدا

**﴿ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار﴾** بۇ ئايەتنى ئاز بىر تۈركۈم ئۆلىمالار تاھارەت ئېلىشقا نىيەت قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىشقان.[1] چۈنكى ئايەتتە يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار دېيىلگەن. ئەسلى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ناماز ئۈچۈن يۇيۇڭلار دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەمەللەرگە ساۋاب بېرىلىش ياكى بېرىلمەسلىك نىيەتكە باغلىق، شۇنداقلا ھەر قانداق ئادەم نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ».

تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېيىش سۈننەتتۇر. ھەدىستە بىر قانچە ساھابىلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاھارەت ئالغاندا بىسمىللاھ دېمىسە، ئالغان تاھارەت تاھارەت ھېسابلانمايدۇ. تاھارەت ئالىدىغان سۇ ئەگەر داس ياكى كۇپقا ئوخشاش نەرسىلەرگە قاچىلانغان بولسا، ئۇنىڭغا قولنى تىقىپ تاھارەت ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئاۋۋال قولنى پاكىز يۇيۇۋېتىشى لازىم. بولۇپمۇ ئۇيقىدىن ئويغانغاندا شۇنداق قىلىش كېرەك».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇۋەتمىگىچە (قولىنى قەتئىي) سۇغا تىقمىسۇن. چۈنكى ئۇ كىشى ئۇخلىغاندا قولىنىڭ قەيەردە تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ».

يۈزنى يۇيۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، يۈزنىڭ يۇيۇلىدىغان دائىرىسى فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ قارىشىچە، باشنىڭ چاچ ئۈنگەن جايىدىن تارتىپ تاكى ئېڭەككىچە ۋە ئىككى قۇلاقىچە بولسۇن. ئەگەر تاقىرباش ئادەم بولسا ياكى پېشانىسىگە چاچ ئۈنگەن ئادەم بولسا، تاھارەت ئالغاندا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ چاچ ئۈنىدىغان يېرىنى ئۆلچەم قىلىپ يۇيىدۇ.

## ساقالنى ئارىلاش توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئەبۇۋائىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئوسماننىڭ تاھارەت ئالغانلىقىنى، يۈزىنى يۇغاندا ساقىلىنى ئۈچ قېتىم ئارىلىغانلىقىنى (قولىنى ھۆل قىلىپ ساقىلىنىڭ ئارىسىنى سىلاش) كۆردۈم. ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ـ دېدى.

(1) ھەنەفىي مەزھىپىدە تاھارەت ئېلىشقا نىيەت قىلىش سۈننەتتۇر. ئۇلارنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۇلار: قۇرئان ياكى ھەدىستە نىيەتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلدۈرىدىغان پاكىت يوقتۇر. خۇددى ئەۋرەتنى يېپىش، قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشكە ئوخشاش نامازنىڭ باشقا شەرتلىرىگە نىيەت قىلىش پەرز بولمىغىنىدەك، نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بولغان تاھارەت ئېلىشقىمۇ نىيەت قىلىش پەرز ئەمەس بەلكى سۈننەتتۇر، ـ دەيدۇ . بۇلارنىڭ باشقا دەلىللىرىمۇ بار.

## تاھارەتنىڭ ئېلىنىش ئۇسۇلى

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ تاھارەت ئالغاندا، ئالدى بىلەن قولىنى يۇدى. ئاندىن ئېغىزىغا سۇ ئېلىپ چايقاپ بولۇپ، بۇرنىغا سۇ ئالدى. ئاندىن يۈزىنى يۇدى. ئاندىن ئوڭ قولىنى (جەينىكىگىچە) يۇدى. ئاندىن سول قولىنى (جەينىكىگىچە) يۇدى. ئاندىن بېشىغا مەسھى قىلدى. ئاندى ئوڭ پۇتىنى يۇدى. ئاندىن سول پۇتىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار**﴾ يەنى قولۇڭلارنى يۇغاندا جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار. تاھارەت ئالغۇچى قولىنى يۇغاندا جەينىكىنىڭ ئۈستىنى قوشۇپ يۇيۇشى مۇستەھەبتۇر.

بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى مېنىڭ ئۈممىتىم تاھارەت ئالغانلىقتىن يۈزلىرى ۋە قوللىرى ئاتنىڭ قاشقىسىدەك نۇرلۇق ھالدا كېلىدۇ. كىمكى نۇرلۇق يەرلىرىنى كېڭەيتەلىسە كېڭەيتسۇن».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «تاھارەتنىڭ سۈيى قەيەرگىچە بارغان بولسا، مۆمىننىڭ قىيامەت كۈندىكى زىننىتى شۇ يەرگىچە بولىدۇ».

﴿**بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار**﴾ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەمر ئىبنى يەھيا مازىنىنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئەمر ئىبنى يەھيانىڭ چوڭ دادىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدتىن: ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تاھارەت ئالغانلىقىنى ئەمەلىيىتىڭ بىلەن كۆرسىتىپ قويالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئۇ كىشىگە ماقۇل بولۇپ، تاھارەت سۈيى كەلتۈردى. قولىنى ئىككى قېتىم، ئىككى قېتىمدىن يۇدى. ئاندىن ئېغىزىنى ئۈچ قېتىم چايقىدى. بۇرۇنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئالدى. ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇپ بولۇپ، قوللىرىنى جەينىكىگىچە ئىككى قېتىم يۇدى. قولىنى ھۆل قىلىپ بېشىنى پېشانىسى تەرەپتىن گەدىنىگىچە ئاندىن گەدىنىدىن پېشانىسىگىچە سىلىدى، ئاندىن پۇتىنى يۇدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالىدىغانلىقى ئەلى ۋە مىقدام قاتارلىق ساھابىلەردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھەدىس باشنىڭ ھەممە يېرىگە تولۇق مەسھى قىلىشنىڭ پەرزلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇررازاق ھەمران ئىبنى ئابباننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: مەن ئوسمان ئىبنى ئاففاننىڭ تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ قولىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ئېغىزىنى چايقاپ بۇرنىغا سۇ ئالدى. ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن ئوڭ قولىنى

جەينەكگىچە ئۈچ قېتىم، سول قولنى جەينەكگىچە ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن بېشىغا مەسھى قىلىپ بولۇپ ئوڭ پۇتىنى ئۈچ قېتىم، سول پۇتىنى ئۈچ قېتىم يۇدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇددى مەن ھازىر ئالغاندەك تاھارەت ئېلىپ بولۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «كىمكى مېنىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغىنىمدەك تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ھېچ نەرسىنى ئويلىماي ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ داۋۇدنىڭ ھەدىس كىتابىدا (ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت ئېلىشى بايان قىلىنىپ كەلگەن ھەدىسلەردە): بېشىغا بىر قېتىم مەسھى قىلدى، ـ دەپمۇ كەلگەن[1].

## پۇتنى يۇيۇشنىڭ پەرزلىكى

**﴿پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار﴾** كۆپىنچە سەلەپ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدا پۇتنى يۇيۇش پەرزدۇر[2].

پۇتنى چوقۇم يۇيۇشنىڭ پەرزلىكىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەر:

ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق ساھابىلەردىن قىلىنغان يۇقىرىقى رىۋايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئالغاندا پۇتنى بىر قېتىم، ئىككى قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم يۇغانلىقى بايان قىلىنىپ كەلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر قېتىملىق سەپىرىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىمىزدا قېلىپ قالدى. بىز ئەسىر نامىزىغا تاھارەت ئېلىپ پۇتلىرىمىزنى يۇيىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلدى ۋە بىزگە: «تاھارەتنى تولۇق ئېلىڭلار، تولۇق يۇيۇلمىغان تاپاننىڭ ئارقىسى ئوت ئازابىغا قالىدۇ» دېدى.

بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىممۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. بەيھەقى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاپاننىڭ ئارقىسى ۋە پۇتنىڭ ئاستى ئوتتا قالىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

(1) يۇقىرىقى ھەدىسلەردە تاھارەت ئالغاندا، بەزى ئەزالارنىڭ يۇيۇلۇش قېتىم سانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى شۇ ئەزالارنى يۇيۇش قېتىم سانىنى پەرقلەندۈرۈپ يۇيۇش كېرەك بولماستىن، تاھارەت ئالىدىغان سۇنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قارىتا ئېلىنغانلىقىدۇر. ئەسلى تاھارەت ئالغاندا ئەزالارنى بىر قېتىم يۇيۇش پەرز، ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم يۇيۇش سۈننەت بولىدۇ. سۇ ئۈچ قېتىمغا يەتمىسە، ئىككى قېتىم ياكى بىر قېتىم يۇسىمۇ بولىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان ئەزالارنىڭ يۇيۇلۇش قېتىم سانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى زۆرۈر بولغاندا شۇنداق يۇيۇشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەندۇر.

(2) شىئە مەزھىپىدىكىلەر ۋە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم سەلەپ ئالىملىرى بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر خىل ئوقۇلۇش ئۇسلۇبىدىن: ئاياغ كىيمىگەن (يالاڭئاياغ) پۇت يۇيۇلماي مەسھى قىلىنىدۇ، ـ دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. لېكىن توغرىسى پۇتنى يۇيۇشتۇر.

قىلدۇ: بىر كىشى تاھارەت ئېلىپ پۇتىدىن تىرناقچىلىك جايى يۇيۇلمىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ: «قايتىپ تاھارىتىڭنى تولۇق ئالغىن» دېدى.

ئىمام بەيھەقىي ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى تاھارەت ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ پۇتىدىن تىرناقچىلىك بىر جايىنىڭ يۇيۇلماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «تاھارىتىڭنى تولۇق ئېلىپ كەل» دېدى.

ئىمام ئەھمەد يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ پۇتىدىن تەڭگىچىلىك بىر جايىنىڭ يۇيۇلماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى تاھارەتنى قايتا ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: تاھارەت ئېلىشقا ۋە نامازنى قايتىدىن ئوقۇشقا بۇيرىدى، - دەپ بايان قىلىنغان.

## بارماقلارنىڭ ئارىسىنى يۇيۇش توغرىسىدا

ھەمراننىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەتنى قانداق ئالغانلىقىنى بايان قىلىنغان) ھەدىسىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئارىلاپ سىلىدى، - دېيىلگەن.

تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار لۇقەيد ئىبنى سۇبرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا تاھارەت ئېلىش ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «تاھارەتنى تولۇق ئال، بارماقلىرىڭنى ئارىلاپ سىلا، روزا تۇتمىغان چاغدا سۇنى بۇرنىڭغا تولۇق ئېلىپ قاتتىق مىشقىرغىن».

## ئۆتۈككە مەسھى قىلىش توغرىسىدا

ئىمام ئەھمەد ئەۋس ئىبنى ئەبۇئەۋسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئالغاندا ئىككى ئايىقىغا مەسھى قىلىپ، ئاندىن نامازغا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.



ئەبۇ داۋۇدمۇ ئەۋس ئىبنى ئەبۇئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك تەرەت قىلغاندىن كېيىن، تاھارەت ئالغاندا ئىككى پۇتىغا مەسھى قىلغانلىقىنى كۆردۈم.

ئىمام ئەھمەد جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مائىدە سۈرىسى نازىل بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولدۇم. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا مەسھى قىلغانلىقىنى كۆردۈم.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم هامامىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەرىر كىچىك تەرەت قىلىپ بولۇپ تاھارەت ئالغاندا ئىككى ئۆتىكىگە مەسھى قىلدى. ئۇنىڭغا: مۇشۇنداق قىلامسەن؟ـ دېيىلگەندە، ئۇ: ھەئە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك تەرەت قىلىپ بولۇپ، تاھارەت ئالغاندا ئىككى ئايىغىغا مەسھى قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ـ دېدى.

ئەئمەش ئىبراھىم نەخەئىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جەرىر مائىدە سۈرىسى نازىل بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغاچقا، ئالىملار ئۇنىڭ بايان قىلغان ھەدىسىگە ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئاياغقا مەسھى قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق بايان قىلىنغانلىقى، شەكلىنىشكە بولمايدىغان ھەدىس رىۋايەت قىلىش يولى بىلەن بايان قىلىندى.

## سۇ تېپىلمىغاندا ياكى كېسەل بولۇپ قالغاندا تەيەممۇم قىلىشقا بولىدىغانلىقى

**﴿ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار﴾** بىز نىسا سۈرىسىدىكى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بۇ ھەقتە تولۇق توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ھەم بىز ئۇ جايدا تەيەممۇم ئايىتىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنىمۇ بايان قىلغان ئىدۇق. شۇڭا سۆزنىڭ ئۇزىراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ يەردە قايتا توختالمايمىز.

بۇ جايدا ئىمام بۇخارىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلغان مۇشۇ ئايەتكە خاس بىر ھەدىسنى كەلتۈرىمىز. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: بىز مەدىنىگە كېتىۋېتىپ، بەيدا دېگەن جايغا كەلگەندە، مېنىڭ بىر بۇلاپكام چۈشۈپ قالدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ چۈشۈپ يوتامغا بېشىنى قويۇپ ياتتى. بۇ چاغدا دادام ئەبۇبەكرى كېلىپ مەيدەمگە قاتتىق بىرنى نوقۇپ: بىر بۇلاپكىنى دەپ ھەممە كىشىنى توختاتتىڭ!ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوتامدا ياتقانلىقى ئۈچۈن مەن ئىزادىن ئۆلەي دېدىم. دادامنىڭ مېنى نوقۇغان يېرى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن ئىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئويغاندى، تاڭمۇ ئاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ ئىزدىگەن ئىدى، سۇ تېپىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ: **﴿ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار﴾** دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. ئىبنى ھۇزەير: ئى ئەبۇبەكرى جەمەتى! الله سىلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە بەرىكەت ۋە

قولايلىق ئاتا قىلدى. سىلەر خالايىققا بەرىكەت ئىكەنسىلەر، ـ دېدى.

**﴿اللّٰه سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ﴾** يەنى سىلەرگە قىيىنلاشتۇرماي بەلكى قولايلاشتۇرۇپ بەردى. كېسەل ياكى سۇ تاپالمىغان ئەھۋالدا كەڭچىلىك قىلىپ تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. بۇ اللّٰه تائالانىڭ سىلەرگە رەھىمدىللىق قىلغانلىقىدۇر. اللّٰه تائالا تەيەممۇمنى تەيەممۇم قىلىشى كېرەك بولغان كىشىگە نىسبەتەن بەزى تەرەپتىن سۇنىڭ ئورنىدا قىلىپ بەردى. بىز ئۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

**﴿لېكىن اللّٰه شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾** يەنى اللّٰه تائالانىڭ سىلەرگە قىلىپ بەرگەن كەڭچىلىك، قولايلىق ۋە رەھىمدىللىك نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن شۇنداق قىلىندى.

## تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىش توغرىسىدا

تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىشقا تەرغىب قىلغان ھەدىسلەر بار. چۈنكى دۇئا قىلغۇچىلار يۇقىرىدىكى ئايەتكە ئەمەل قىلغان پاكلانغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئۇقبە ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىزنىڭ تۆگە بېقىش ۋەزىپىمىز بار ئىدى. ماڭا بېقىش نۆۋىتى كەلگەندە، تۆگىلەرنى (كەچتە) قوتانلارغا قايتۇرۇپ كەلدىم. دەل شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ كىشىلەرگە سۆزلەۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ: «ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللّٰه تائالاغا يۈزلىنىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلمەي قالمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: نېمىدېگەن ياخشى سۆز!ـ دېيىشىمگە، يېنىمدىكى بىرسى ماڭا: ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قىلىنغان سۆز تېخىمۇ ياخشى ئىدى، ـ دېدى. مەن سۆزلىگۈچىگە قارىسام، ئۇ ئۆمەر ئىكەن. ئۆمەر يەنە مۇنداق دېدى: مەن سېنىڭ كېچىكىپ كەلگىنىڭنى كۆردۈم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ قايسىڭلار تاھارەتنى كامىل ئېلىپ: "ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ"[1] دەيدىكەن، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئۇ خالىغان دەرۋازىدىن كىرىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىس ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە مۇشۇنداق بايان قىلىنغان.

## تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتى

ئىمام مالىك ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

(1) تەرجىمىسى: اللّٰه تائالادىن باشقا ھەق مەبۇدنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللّٰه تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان ياكى مۆمىن بەندە تاھارەت ئالغاندا يۈزىنى يۇسا، كۆزى بىلەن قىلىپ قويغان بارلىق گۇناھى يۈزىنى يۇغان سۇ بىلەن ياكى شۇ سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. ئىككى قولىنى يۇسا، قولى بىلەن تۇتۇپ قىلغان بارلىق گۇناھلىرى قولىنى يۇغان سۇ بىلەن ياكى شۇ سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. پۇتىنى يۇسا، پۇتى بىلەن مېڭىپ قىلغان گۇناھلىرى پۇتنى يۇغان سۇ بىلەن ياكى شۇ سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. تاھارەتنى ئېلىپ بولغاندا ئۇ ئادەم گۇناھتىن پاكلىنىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇمالىك ئەشئەرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى، ئەلھەمدۇلىللاھ دېگەن سۆز تارازىنى تولدۇرىدۇ. سۇبھانەللاھ ۋە ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەن سۆز ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىنى تولدۇرىدۇ. روزا پاناگاھ ۋە سەۋرى نۇرىدۇر. سەدىقە ئىسپاتتۇر. قۇرئان بولسا، سېنىڭ پايداڭغا ياكى زىيىنىڭغا ھۆججەتتۇر. ئىنسان ھەر ئەتىگىنى بىر ئىشنى باشلايدۇ. شۇ ئىش سەۋەبىدىن يا ئۆزىنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىدۇ ياكى ھالاكەتكە تاشلايدۇ».

ئىمام مۇسلىم يەنە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ئېلىنغان ئولجىدىن، ئوغرىلانغان مالدىن قىلىنغان سەدىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنداقلا نامازنىمۇ تاھارەتسىز قوبۇل قىلمايدۇ.»

* * * * * * *

وَٱذۡكُرُواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَمِيثَٰقَهُ ٱلَّذِي وَاثَقَكُم بِهِۦٓ إِذۡ قُلۡتُمۡ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ وَٱتَّقُواْ
ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٧﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُونُواْ قَوَّٰمِينَ لِلَّهِ شُهَدَآءَ
بِٱلۡقِسۡطِۖ وَلَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ شَنَـَٔانُ قَوۡمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعۡدِلُواْۚ ٱعۡدِلُواْ هُوَ أَقۡرَبُ لِلتَّقۡوَىٰۖ
وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ ﴿٨﴾ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ
ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَهُم مَّغۡفِرَةٞ وَأَجۡرٌ عَظِيمٞ ﴿٩﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ
أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١٠﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ هَمَّ
قَوۡمٌ أَن يَبۡسُطُوٓاْ إِلَيۡكُمۡ أَيۡدِيَهُمۡ فَكَفَّ أَيۡدِيَهُمۡ عَنكُمۡۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ
ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿١١﴾

(ئى مۆمىنلەر!) الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن (ئۇلۇغ) نېمىتىنى ۋە سىلەر بىلەن قىلغان مۇئاھىدىسىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا سىلەر: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېگەن ئىدىڭلار، الله دىن قورقۇڭلار (يەنى الله غا بەرگەن ئەھدىنى بۇزۇشتىن ساقلىنىڭلار). الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ) دىللىرىدىكى سىرلىرىنى بىلگۈچىدۇر﴿7﴾. ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۇشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، الله

دىن قورقۇڭلار، ﷲ ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴿8﴾. ﷲ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب ۋەدە قىلدى﴿9﴾. كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان كىشىلەر ئەھلى دوزاختۇر﴿10﴾. ئى مۆمىنلەر! ﷲ نىڭ سىلەرگە بەرگەن (يەنى سىلەرنى دۈشمەنلىرىڭلاردىن ساقلىغانلىق) نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە قوللىرىنى ئۇزاتماقچى (يەنى سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى) بولغان ئىدى. ﷲ ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توستى (يەنى سىلەرنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىدى). ﷲ دىن (ﷲ نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن) قورقۇڭلار، مۆمىنلەر ﷲ غا تەۋەككۈل قىلسۇن﴿11﴾.

## ﷲ تائالانىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرنى ۋە ئىسلام دىنىنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت نېئمىتىنى ئەسلىتىشى

ﷲ تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە ئىسلام دىنىنى بەرگەنلىكى ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت نېمىتىنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، ئۇنى قوللاش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ۋە دىنىنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئالغان ئەھدىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۆمىنلەر!) ﷲ نىڭ سىلەرگە بەرگەن (ئۇلۇغ) نېمىتىمنى ۋە سىلەر بىلەن قىلغان مۇئاھىدىسىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا سىلەر: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېگەن ئىدىڭلار﴾** بۇ ئەھدە مۇسۇلمانلار ئىسلامغا كىرگەندە: بىز مەيلى ياخشى ۋە يامان كۈنلەردە بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلايمىز ۋە بۇيرۇقىغا بويسۇنىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىمىزدىنمۇ ئەلا كۆرىمىز ۋە ھوقۇق ئىگىلىرىدىن ھوقۇق تالاشمايمىز، ـ دەپ بەرگەن بەيئىتىدۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى كۇففارلار!) سىلەر نېمىشقا ﷲ غا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ، ﷲ سىلەردىن چىن ئەھدە ئالدى، ئەگەر ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلساڭلار (ئىمانغا ئالدىراڭلار)﴾[1] بۇ يەھۇدىيلارغا ئۇلاردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە بويسۇنۇش ھەققىدە ئېلىنغان ئەھدە ۋە ۋەدىلەرنى ئەسلىتىشتۇر دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان.

**﴿ﷲ دىن قورقۇڭلار﴾** بۇ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا تەقۋادار بولۇشقا تەرغىب قىلىش ۋە تەكىتلەشتۇر. ئاندىن كېيىن، ﷲ تائالا بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە كېلىۋاتقان ئوي ـ خىياللىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: **﴿ﷲ ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾**.

(1) ھەدىد سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

## ئادىل بولۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

**﴿ئى مۆمىنلەر! اﷲ نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار﴾** يەنى ئى ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار! ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەياكى نام - ئابرۇي ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى اﷲ تائالا ئۈچۈن ھەقىقەتتە ئادالەت بىلەن تۇرۇڭلار.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دادام ماڭا بىر نەرسە بەرگەن ئىدى. ئانام ئەمرە بىنتى راۋاھە دادامغا: بۇ ئىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھ قىلىپ قويمىساڭ، رازى بولمايمەن، - دەپ تۇرىۋالدى. شۇڭا دادام (بەرگەن نەرسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھ قىلىش ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ھەممە باللىرىڭغا مۇشۇ بالاڭغا بەرگەندەك بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. دادام: ياق، - دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اﷲ تائالادىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار! مەن ھەرگىز ناھەق ئىشقا گۇۋاھ بولمايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، دادام ماڭا بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋالدى.

**﴿بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن﴾** يەنى بىرەرسىگە بولغان ئۆچمەنلىك سەۋەبىدىن ئۇلارغا ئادالەتسىزلىك قىلىپ قويماڭلار، مەيلى دوست ياكى دۈشمەن بولسۇن، ھەرقانداق ئادەمگە ئادىل مۇئامىلە قىلىڭلار.

**﴿(دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر﴾** يەنى ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭلار ئادالەتسىزلىك قىلىشىڭلارغا قارىغاندا، تەقۋادارلىققا بەكرەك يېقىندۇر.

**﴿اﷲ دىن قورقۇڭلار، اﷲ ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾** يەنى اﷲ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇ چوقۇم سىلەرنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىڭلارغا ياخشىلىقچە، يامان ئىشىڭلارغا يامانلىقچە ساۋاب ياكى جازا بېرىدۇ.

**﴿اﷲ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب ۋەدە قىلدى﴾** يەنى سىلەردىن ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ، جەننەت ئاتا قىلىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتكە قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى اﷲ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن كىرىدۇ. لېكىن اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى، مەرھەمىتى، رازىلىقى ۋە كەچۈرۈشىگە سەۋەبچى قىلدى. شۇڭا ھەممە نەرسە اﷲ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىنئامدۇر. ئىنئام قىلىش پەزلىمۇ اﷲ تائالا تەرىپىدىندۇر. بارلىق ھەمدۇسانا ۋە مىننەتدارلىق اﷲ تائالاغا خاستۇر.

**﴿كاپىر بولغان ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان كىشىلەر ئەھلى دوزاختۇر﴾** يەنى اﷲ تائالادىن تانغان ۋە اﷲ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقارغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر. مانا بۇ، اﷲ تائالانىڭ ئادىللىقى، ھېكمىتى ۋە كىچىككىنىمۇ زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل ھۆكمىدۇر. اﷲ تائالا بىردىنبىر ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى، ھېكمەتلىك ۋە قۇدرەتلىك زاتتۇر.

## مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ قېلىشنىڭ الله تائالانىڭ ئىنئامى ئىكەنلىكى

**﴿ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن (يەنى سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن ساقلىغانلىق) نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە قوللىرىنى ئۇزاتماقچى (يەنى سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى) بولغان ئىدى. الله ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توستى (يەنى سىلەرنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىدى)﴾** ئىمام ئابدۇرازاق بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە بىر جايغا كېلىپ چۈشتى. قوشۇن تىكەنلىك دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا سايىداش ئۈچۈن تارقىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قىلىچىنى دەرەخكە ئېسىپ قويغان ئىدى. بىر سەھرالىق ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىچىنى ئېلىۋېلىپ، قېنىدىن سۇغاردى ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سېنى مەندىن كىم قوغداپ قالالايدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلۇغ ۋە كاتتا الله» دەپ جاۋاب بەردى. سەھرالىق ئەرەب ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم: سېنى مەندىن كىم قوغداپ قالالايدۇ؟ ـ دەپ سوراۋەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەر قېتىمدا: «الله» دەپ جاۋاب بېرىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى سەھرالىق ئەرەب قىلىچنى غىلاپقا سالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى چاقىردى ۋە ئۇلارغا بۇ سەھرالىق ئەرەبنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ھېلىقى سەھرالىق ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنى جازالاشقا بۇيرۇمىدى.

بۇ ۋەقەلىكنى قەتادەمۇ مۇشۇنداقراق بايان قىلغان، ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە: بىر گۇرۇھ ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقاتماقچى بولۇپ ھېلىقى سەھرالىق ئەرەبنى ئەۋەتكەن. قەتادە الله تائالانىڭ: **﴿ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن (يەنى سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن ساقلىغانلىق) نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئەينى زاماندا بىر جامائە سىلەرگە قوللىرىنى ئۇزاتماقچى (يەنى سىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى) بولغان ئىدى. الله ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سىلەردىن توستى (يەنى سىلەرنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلىدى)﴾** دېگەن ئايىتىنى ئاشۇنداق چۈشەندۈرگەن.

ئۇ سەھرالىق ئەرەبنىڭ ئىسمى غەۋرەس ئىبنى ئەلھارىس بولۇپ، بۇنىڭ ۋەقەلىكى ئىمام بۇخارىنىڭ كىتاۋىدىمۇ بايان قىلىنغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە باشقىلار مۇنداق بايان قىلىدۇ: بۇ ئايەت بەنى نەزىر جەمەتى ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن بولغان ئىككى كىشى ئۆلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ دىيىتىگە ھەسسە قاتقۇزۇش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ قېشىغا باردى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تۈگمەن تېشىنى تاشلاشنى پىلانلىدى. ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى ئەمر ئىبنى جەھھاش ئىبنى كەئب دېگەن يەھۇدىيغا تاپشۇرغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلار بىلەن تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغاندا، ئۈستىدىن تۈگمەن تېشىنى تاشلاشقا بۇيرۇدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ پىلانىنى

پەيغەمبىرىگە بىلدۈرگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. ساھابىلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ۋەقەلىك ھەققىدە مۇشۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

﴿**الله دىن (الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن) قورقۇڭلار، مۆمىنلەر الله غا تەۋەككۇل قىلسۇن**﴾ يەنى كىمكى الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلسا، ئۇنىڭ غەم قىلغان نەرسىسىگە الله تائالا ئۆزى يېتەرلىكتۇر. ئۇنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئامان ـ ئېسەن ساقلايدۇ. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە قەست قىلماقچى بولغان ئاشۇ يەھۇدىيلارنى ئەدەبلەشكە بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال قوشۇن تارتىپ ئۇلارنى قورشاپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۆز ھۆكمىگە بويسۇندۇرۇپ، مەدىنىدىن قوغلاپ چىقاردى.

* * * * * * *

۞ وَلَقَدْ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ وَبَعَثْنَا مِنْهُمُ ٱثْنَىْ عَشَرَ نَقِيبًا ۖ وَقَالَ
ٱللَّهُ إِنِّى مَعَكُمْ ۖ لَئِنْ أَقَمْتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَيْتُمُ ٱلزَّكَوٰةَ وَءَامَنتُم بِرُسُلِى وَعَزَّرْتُمُوهُمْ
وَأَقْرَضْتُمُ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا لَّأُكَفِّرَنَّ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَلَأُدْخِلَنَّكُمْ جَنَّٰتٍ
تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۚ فَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ مِنكُمْ فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ
﴿١٢﴾ فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَٰقَهُمْ لَعَنَّٰهُمْ وَجَعَلْنَا قُلُوبَهُمْ قَٰسِيَةً ۖ يُحَرِّفُونَ ٱلْكَلِمَ عَن
مَّوَاضِعِهِۦ ۙ وَنَسُوا۟ حَظًّا مِّمَّا ذُكِّرُوا۟ بِهِۦ ۚ وَلَا تَزَالُ تَطَّلِعُ عَلَىٰ خَآئِنَةٍ مِّنْهُمْ إِلَّا قَلِيلًا مِّنْهُمْ ۖ فَٱعْفُ
عَنْهُمْ وَٱصْفَحْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿١٣﴾ وَمِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّا نَصَٰرَىٰٓ
أَخَذْنَا مِيثَٰقَهُمْ فَنَسُوا۟ حَظًّا مِّمَّا ذُكِّرُوا۟ بِهِۦ فَأَغْرَيْنَا بَيْنَهُمُ ٱلْعَدَاوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ إِلَىٰ
يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ وَسَوْفَ يُنَبِّئُهُمُ ٱللَّهُ بِمَا كَانُوا۟ يَصْنَعُونَ ﴿١٤﴾

شۈبھىسىزكى، الله ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەربىرىسىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن جەببارلارغا يەنى ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق ھەمدە الله : « مەن سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، (ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! الله بىلەن قەسەمكى) ئەگەر سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، الله غا قەرزى ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن، سىلەرنى ئەلۋەتتە ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن. شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمر قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى﴿12﴾. ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتا)

ئۆزلىرى ئۇچۇن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن، (ئەگەر تەۋبە قىلسا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، (ئەگەر ئىمان ئېيتسا) ئۇلارنى كەچۈرگىن، ﷲ ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴿13﴾. بىز ناسارامىز دېگەنلەردىنمۇ (ﷲ نى بىر دەپ تونۇشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا) مەھكەم ئەھدە ئالدۇق، ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق، (شۇ چاغدا) ﷲ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ)﴿14﴾.

## ئەھلى كىتابلارنىڭ ئەھدە بەرگەنلىكى ۋە بەرگەن ئەھدىسىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن لەنەت قىلىنغانلىقى

ﷲ تائالا يۇقىرىدا مۆمىن بەندىلىرىنى ﷲ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ئەھدىسىدە تۇرۇشقا، ھەقنى تۇرغۇزۇپ ئادالەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشكە ھەمدە ئۇلارغا كۆرسىتىپ بەرگەن ھەق يول ۋە ھىدايەتتىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نېئمەتلىرىنى ئەسلەشكە بۇيرۇغان ئىدى. بۇ يەردە ئىلگىرىكى ئىككى كىتاب ئەھلىلىرى بولغان يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردىن قانداق ئەھدە ئالغانلىقىنى، ئۇلار بەرگەن ئەھدىلىرىدە تۇرماي ۋاپاسىزلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا لەنەت قىلىپ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ھىدايەت ۋە ھەق دىنغا يېتىشكە توسالغۇ بولىدىغان پەردە قىلىۋەتكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ پايدىلىق ئىلىم ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتىن قۇرۇق قالغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ﷲ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن مەھكەم ئەھدە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن (يەنى ئون ئىككى ئايماقنىڭ ھەربىرىسىدىن بىردىن) ئون ئىككى باشلىقنى (كېپىللىك ئۈچۈن جەببارلارغا يەنى ئەمالىقەلەرگە) ئەۋەتتۇق**﴾ يەنى بەنى ئىسرائىلدىن 12 باشلىقنى ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە كىتابىغا بويسۇنۇشقا بەيئەت قىلدۇرۇپ، ئۆز ئايماقلىرىغا ئەۋەتتۇق.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق، ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: بۇ ۋەقە مۇسا ئەلەيھىسسالام كۈچلۈك پالۋانلار بىلەن جەڭ قىلىشقا قاراپ يۈرۈش قىلغاندا يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھەر بىر ئايماقتىن بىردىن باشلىق ياكى ۋەكىل چىقىرىشقا بۇيرۇغان.

## ئەقەبە كېچىسىدىكى ئەنسارىلارنىڭ ۋەكىللىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقەبە كېچىسى ئەنسارىلار بىلەن بەيئەتلەشكەندە، ئۇلارمۇ 12 ئادەم بولۇپ، ئەۋس قەبىلىسىدىن: ئۇسەيد ئىبنى خۇزەير، سەئىد ئىبنى خەيسەمە ۋە رىفائە ئىبنى ئابدىلمۇنزىر (ئۇنىڭ ئورنىدا ئەبۇھەيسەم ئىبنى تەيھا ئىدى دېگەنلەرمۇ بار) رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇم قاتارلىق ئۈچ كىشى؛ خەزرەج قەبىلىسىدىن: ئەبۇئۇمامە ئەسەد ئىبنى زۇرارە، سەئىد ئىبنى رەبىئ، ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە، رافىئ ئىبنى مالىك ئىبنى ئەجلان، بەرا ئىبنى مەئرۇر، ئۇبادە ئىبنى سامىت، سەئىد ئىبنى ئۇبادە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەررام ۋە مۇنزىر ئىبنى ئەمرى ئىبنى ھۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق توققۇز كىشى ئىدى. كەئب ئىبنى مالىك ئۇلارنى بىر شېئىرىدا بايان قىلغان بولۇپ، بۇنى مەرھۇم ئىبنى ئىسھاق رىۋايەت قىلغان. بۇ يەردە مەقسەت قىلىنغىنى شۇكى، ئاشۇ 12 نەپەر ۋەكىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن شۇ كېچىدە ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، شۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇش، بەيئەت قىلىش ۋە قول بېرىشكە ئۆز قەبىلىلىرىگە ۋەكىللىك قىلغان ئىدى.

## مەھكەم ئەھدە بېرىش ۋە ئۇنىڭدا تۇرماسلىق توغرىسىدا

﴿شۇنىڭدىن (يەنى مەھكەم ئەھدىدىن) كېيىن سىلەردىن كىمكى (ئەمر قىلغان نەرسىلىرىمنى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ» دېدى﴾ يەنى كىمكى مەھكەم ۋەدە بېرىپ بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇرمىسا ۋە خۇددى ۋەدە بەرمىگەندەك ئۇنىڭدىن تانسا، توغرىلىقى ئېنىق بولغان يولدىن چىقىپ كەتكەن ۋە ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا ماڭغان بولىدۇ.

**الله** تائالا ئۇلارنىڭ **الله** تائالاغا بەرگەن مۇستەھكەم ئەھدىسىدە تۇرماي، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قانداق جازاغا دۇچار بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئېلىنغان مەھكەم ئەھدىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەقتىن ئۇزاقلاشتۇردۇق، توغرا يولدىن يىراقلاشتۇردۇق. ﴿**ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق**﴾ شۇنىڭ بىلەن ئۇلا دىللىرىنىڭ قاتتىقلىقى ۋە قوپاللىقىدىن ھېچقانداق نەسىھەت قوبۇل قىلمايدۇ.

﴿**ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ**﴾ ئۇلار **الله** تائالانىڭ ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى بۇرمىلاپ، **الله** تائالانىڭ كىتابىنى ئەسلى چۈشۈرگەن مەنىسىدىن باشقا مەقسەتكە يۆتكىۋەتتى. **الله** دېمىگەننى: **الله** دېدى،- دەپ تۇرىۋالدى. **الله** بۇنداق ئىشتىن بىزنى ساقلىسۇن! ﴿**ئۇلار (تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى**﴾.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا ۋە ساھابىلىرىڭغا قارشى ھىيلە ـ مىكىر ۋە نامەرتلىك قىلغانلىقىنى بايقاپ تۇرىسەن. مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنى يوقىتىۋېتىشكە تويلانغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

﴿**(ئەگەر تەۋبە قىلسا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، (ئەگەر ئىمان ئېيتسا) ئۇلارنى كەچۈرگىن**﴾ يەنى ئۇلارنى كەچۈرۈۋەت ۋە ئەپۇ قىلىۋەت. مانا بۇ، غەلىبىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. خۇددى بەزى

سەلەپ ئالىملىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپ، ساڭا زىيانكەشلىك قىلغانلارغا، الله تائالا سېنى بۇيرۇغىنىدەك مۇئامىلىدە بولىشىڭدىن ياخشى بىر ئىش يوقتۇر. مانا شۇنداق قىلغىنىڭدىلا ئۇلارنى ھەقىقەت ئۈستىگە توپلىغىلى بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ سەۋەب بىلەن الله تائالانىڭ ھىدايەت قىلىشىغا لايىق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

﴿**الله ھەقىقەتەن ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا يامانلىق قىلغان ئادەمنى كەچۈرۈۋەتكەنلەرنى دوست تۇتىدۇ.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئەگەر تەۋبە قىلسا) ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، (ئەگەر ئىمان ئېيتسا) ئۇلارنى كەچۈرگىن**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى: ﴿سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ، خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ چۈشىشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## خرىستىيانلارنىڭ بەرگەن مەھكەم ئەھدىسىنى ئۇنۇتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

﴿**بىز ناسارامىز دېگەنلەردىنمۇ (الله نى بىر دەپ تونۇشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا) مەھكەم ئەھدە ئالدۇق**﴾ يەنى ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن ناسارالار دەۋالغانلاردىنمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، ئۇنى قوللاش، ياردەم بېرىش، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا مېڭىش ۋە الله ئەۋەتكەن ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرگە ئىشىنىش توغرۇلۇق مەھكەم ۋەدىلەرنى ئالدۇق. لېكىن ئۇلارمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ۋەدىلىرىدە تۇرماي ۋەدىسىنى بۇزدى.

﴿**ئۇلار (ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق**﴾ ئۇلار قىلىنغان نەسىھەتلەردىن يۈز ئۆرىدى. نەتىجىدە ئۇلارنى بىر ـ بىرلىرىگە دۈشمەن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تاشلىدۇق. ئۇلار تاكى قىيامەتكىچە شۇنداق بولىدۇ. خرىستىيانلارنىڭ خىلمۇ خىل تائىپىلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك قىلغان ھالىتىدە بىر ـ بىرىنى كاپىر دەپ لەنەت قىلىشىدۇ. ھەر بىر گۇرۇھ باشقا گۇرۇھلارنى چەكلەپ، ئۆز ئىبادەتخانىلىرىغا كىرگۈزمەيدۇ. مەسىلەن، مەلەكىيە گۇرۇھى يەئقۇبىيە گۇرۇھىنى كاپىر دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك، نېستۇرىيە ۋە ئەريۇسىيە گۇرۇھلىرىمۇ شۇنداق قىلىشىدۇ. يۇقىرىقى

(1) تەۋبە سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىنى كاپىرغا چىقىرىشىدۇ.

﴿**(شۇ چاغدا) اﷲ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ)**﴾ بۇ، خىرىستىيانلارنىڭ اﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغاننى چاپلاپ، ئۇلۇغ، پاك ۋە مۇقەددەس پەرۋەردىگارىغا بالا ۋە خوتۇننى مەنسۇپ قىلغان جىنايەتلىرىگە قارىتا قىلىنغان تەھدىتتۇر. ئۇلۇغ، يەككە - يېگانە، يالغۇز بولغان، بالا تاپمىغان، تۇغۇلمىغان ۋە ھېچ تەڭدىشى بولمىغان زات ئۇلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.

* * * * * * *

يَـٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَـٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمۡ كَثِيرٗا مِّمَّا كُنتُمۡ
تُخۡفُونَ مِنَ ٱلۡكِتَـٰبِ وَيَعۡفُواْ عَن كَثِيرٖۚ قَدۡ جَآءَكُم مِّنَ ٱللَّهِ نُورٞ
وَكِتَـٰبٞ مُّبِينٞ ﴿١٥﴾ يَهۡدِي بِهِ ٱللَّهُ مَنِ ٱتَّبَعَ رِضۡوَٰنَهُۥ سُبُلَ ٱلسَّلَـٰمِ
وَيُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَـٰتِ إِلَى ٱلنُّورِ بِإِذۡنِهِۦ وَيَهۡدِيهِمۡ إِلَىٰ صِرَٰطٖ
مُّسۡتَقِيمٖ ﴿١٦﴾

ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇننى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە اﷲ تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى﴿15﴾. اﷲ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (اﷲ نىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ﴿16﴾.

## ھەقىقەتنىڭ پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ئارقىلىق بايان قىلىنىدىغانلىقى

اﷲ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەرەب ۋە ئەرەبتىن باشقا پۈتكۈل مىللەتلەرگە ھەق دىن بىلەن ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان ئايەتلەر بىلەن ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇننى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى**﴾ يەنى ئۇ سىلەرگە سىلەر ئالماشتۇرغان، بۇرمىلىغان، اﷲ تائالاغا بوھتان چاپلىۋالغان ھەقسىزلىقلىرىڭلارنى ۋە جىنايەتلىرىڭلارنى پاش قىلىپ بېرىدۇ. سىلەر ئۆزگەرتكەن نۇرغۇن نەرسىلەر ھەققىدە بايان قىلىشنىڭ پايدىسى بولمىغاچقا سۆز ئاچمايدۇ.

ھاكىم "مۇستەدرەك" دېگەن كىتابىدا ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلىدۇ: كىمكى پاھىشىۋازنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش ھۆكمىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن قۇرئاننى ئىنكار قىلغان، قۇرئاندىن تانغان بولىدۇ.

**﴿ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەرگە سىلەر كىتابىتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇننى كەچۈرىدىغان (ئاشكارىلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى﴾** بۇ ئايەتتىكى يوشۇرۇلغان ئىشلار قاتارىدا چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىمۇ باردۇر. ھاكىم مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەسەر ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىس قوبۇل قىلىش شەرتلىرىگە توشىدۇ.

**الله** تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە چۈشۈرگەن كىتابى (قۇرئان كەرىم) توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەرگە الله تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى﴾** يەنى ئۇ قۇرئان نىجاتلىق يوللىرىغا باشلايدۇ. ھالاكەت يوللىرىدىن قۇتقۇزۇپ، داغدام يوللارنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئەندىشە ۋە قورقۇنچتىن خالاس قىلىدۇ. ئۇلارنى ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلىدۇ. كۆڭۈللىرى سۆيىنىدىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ. ئۇلاردا ئازغۇنلۇقنىڭ ئەسەرلىرىنى قالدۇرمايدۇ.

* * * * * * *

لَّقَدْ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْمَسِيحُ ٱبْنُ مَرْيَمَ ۚ قُلْ فَمَن يَمْلِكُ مِنَ ٱللَّهِ
شَيْـًٔا إِنْ أَرَادَ أَن يُهْلِكَ ٱلْمَسِيحَ ٱبْنَ مَرْيَمَ وَأُمَّهُۥ وَمَن فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ۗ
وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا ۚ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ
﴿١٧﴾ وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ وَٱلنَّصَٰرَىٰ نَحْنُ أَبْنَٰٓؤُا۟ ٱللَّهِ وَأَحِبَّٰٓؤُهُۥ ۚ قُلْ فَلِمَ يُعَذِّبُكُم بِذُنُوبِكُم ۖ بَلْ
أَنتُم بَشَرٌ مِّمَّنْ خَلَقَ ۚ يَغْفِرُ لِمَن يَشَآءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ ۚ وَلِلَّهِ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَمَا
بَيْنَهُمَا ۖ وَإِلَيْهِ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٨﴾

مەريەم ئوغلى مەسىھ (يەنى ئىسا) **الله** دۇر دېگەن كىشىلەر (يەنى ناسارالارنىڭ بىر پىرقىسى) ھەقىقەتەن كاپىر بولدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر **الله** مەريەم ئوغلى مەسىھنى، مەسىھنىڭ ئانىسىنى (يەنى مەريەمنى) ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، **الله** (نىڭ ئىرادىسى) دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟» ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى **الله** غا خاستۇر، **الله** خالىغىنىنى خەلق ئېتىدۇ، **الله** ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿17﴾. يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار: «بىز **الله** نىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز **الله** نىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) **الله** نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟» بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش **الله** ياراتقان ئىنسانسىلەر، **الله** خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ. ئاسمانلارنىڭ يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى **الله** غا خاستۇر، ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي **الله** نىڭ دەرگاھىدۇر﴿18﴾.

## خىرىستىئانلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشى ۋە كۇپرىلىق قىلىشى

الله تائالا خىرىستىئانلارنىڭ الله تائالانىڭ بەندىسى بولغان مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيهىسسالامنى ئىلاھ دەۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا كۇپرىلىق ھۆكمىنى بەردى. الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر.

الله تائالا يەنە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر الله مەريەم ئوغلى مەسىھنى، مەسىھنىڭ ئانىسىنى (يەنى مەريەمنى) ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلسا، الله (نىڭ ئىرادىسى) دىن بىرەر نەرسىنى توسۇشقا كىم قادىر بولالايدۇ؟»**﴾ يەنى ناۋادا الله تائالا ئىسا بىلەن ئانىسى مەريەمنى ۋە زېمىندىكى بارلىق ئىنسانلارنى ھالاك قىلىۋېتىشنى خالىسا، الله تائالانى توسايدىغان زادى كىم بار؟ ياكى ئۇنى ئۇنداق قىلدۇرمايدىغان بىرسى بارمۇ؟! بارلىق مەۋجۇداتلار ئۇنىڭ مۈلكى ۋە مەخلۇقلىرىدۇر. ئۇ خالىغان نەرسىنى قىلالايدۇ. ئۆز قۇدرىتى ھوقۇقى، ئادالىتى ۋە ئۇلۇغلىقى بىلەن قىلغان ئىشىدىن سورالمايدۇ. مانا بۇ، خىرىستىئانلارغا بېرىلگەن رەددىيەدۇر. ئۇلارغا تا قىيامەتكىچە الله تائالانىڭ لەنەتلىرى بولسۇن!

## يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ: "بىز الله تائالانىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز" دېگەن سۆزىگە بېرىلگەن رەددىيە

يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار يالغان ـ ياۋداق سۆزلەپ ۋە بوھتان توقۇپ مۇنداق دەۋا قىلىدۇ: ﴿**«بىز الله نىڭ ئوغۇللىرىدۇرمىز (يەنى ئاتا ـ بالىدەك يېقىنمىز) ۋە (بىز الله نىڭ دىنىدا بولغاچقا) دوستلىرىدۇرمىز»**﴾ يەنى بىز الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە مەنسۇپ، پەيغەمبەرلەر بولسا، الله تائالانىڭ ئوغۇللىرىدۇر. الله ئوغۇللىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، بىزنى ياخشى كۆرىدۇ.

يەھۇدىي، خىرىستىئانلار ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدىن نەقىل قىلىشىچە، الله بەندىسى ئىسرائىلغا: سەن مېنىڭ ئوغلۇم، ـ دېگەن. يەھۇدىيلار بۇ سۆزنى باشقا مەنىگە بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمان بولغان بىر قانچە ئالىمى ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆز بىزنىڭ بۇرۇنقى ئادىتىمىزدە ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلاتتى. بۇ خۇددى خىرىستىئانلار ئىسا ئەلەيهىسسالامدىن نەقىل قىلىپ: «مەن مېنىڭ ئاتام ۋە سىلەرنىڭ ئاتاڭلارنىڭ يېنىغا بارىمەن» دېگەن سۆزگە ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى: مەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ يېنىغا بارىمەن، ـ دېگەنلىك بولىدۇ. مەلۇمكى، گەرچە ئۇلار ئىسا ئەلەيهىسسالامنى الله تائالانىڭ بالىسى دەۋالسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنى الله تائالانىڭ باللىرى دەپ تۇرىۋالمىغان. لېكىن ئايەتتىكى ئۆزلىرىنى الله تائالانىڭ ئوغۇللىرى دەۋالغان سۆزدىن ئۆزلىرىنى الله تائالانىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك ۋە ئەتىۋارلىق دېمەكچىدۇر. شۇڭا ئۇلار: بىز الله تائالانىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى، ـ دېگەن.

الله  تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئېيتقىنكى، «(ئۇنداق بولسا) الله نېمە ئۈچۈن سىلەرگە گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن ئازاب قىلىدۇ؟»**﴾ يەنى سىلەر دەۋا قىلغىنىڭلاردەك الله تائالانىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى بولىدىغان بولساڭلار، نېمە ئۈچۈن كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىڭلار، يالغانچىلىقىڭلار ۋە بوھتان چاپلىغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە جەھەننەمنىڭ ئوتىنى تەييارلاپ قويىدى.

﴿**بەلكى سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش الله ياراتقان ئىنسانسىلەر**﴾ يەنى سىلەر باشقا ئادەم بالىلىرىغا ئوخشاشتۇرسىلەر. الله بارلىق بەندىلىرىگە ئوخشاش ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

﴿**الله خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ؛ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ**﴾ يەنى الله خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. خالىغان كىشىنى كەچۈرىۋېتىدۇ. خالىغان كىشىنى ئازابلايدۇ. ھۆكمىگە ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدۇ، الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

﴿**ئاسمانلارنىڭ، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر. ئەڭ ئاخىر بارىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر**﴾ يەنى بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ مۈلكى ۋە ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاخىرى قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر. الله تائالا بەندىلىرىگە ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدىغان ۋە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل زاتتۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَهۡلَ ٱلۡكِتَٰبِ قَدۡ جَآءَكُمۡ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمۡ عَلَىٰ فَتۡرَةٍ مِّنَ ٱلرُّسُلِ أَن تَقُولُواْ مَا جَآءَنَا مِنۢ بَشِيرٍ
وَلَا نَذِيرٍۖ فَقَدۡ جَآءَكُم بَشِيرٌ وَنَذِيرٌۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٍ قَدِيرٌ ﴿١٩﴾

ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! بىزگە (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (شەرىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان رەسۇلىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى (ئەمدى سىلەرگە ئۆزرە قالمىدى). الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿19﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارغا ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر پەيغەمبەر كەلمەيدىغان، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. شۇڭا مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا پەيغەمبەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زامان بولدى. بۇ زامانىنىڭ مۇددىتى ھەققىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار مەيدانغا كەلدى.

ئەبۇئوسمان نەھدى ۋە قەتادە بىر رىۋايىتىدە: ئۇ زامان 600 يىل، - دېدى. بۇ سۆزنى ئىمام بۇخارى سەلمان فارسىيدىن رىۋايەت قىلغان.

قەتادەنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: 560 يىل، - دېيىلگەن. مەئمەر ئۆزىنىڭ بەزى

ئۇستازلىرىدىن رىۋايەت قىلىشچە: 540 يىل، ـ دېگەن. بەزىلەر يەنە: 620 يىلمۇ دېيىشكەن. لېكىن 600 يىل دېگەن سۆز بىلەن 620 يىل دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىتلىق يوق. چۈنكى بىرىنچى سۆزنى دېگەنلەر 600 مىلادىيە يىلىنى ھېساب قىلغان. ئىككىنچىسى ھىجرىيە يىلىنى ھېساب قىلغان. مىلادىيە يىلى بىلەن قەمەرىيە يىلىنىڭ ئوتتۇرىدا ھەر يۈز يىلدا 3 يىل پەرق بار.

شۇڭا الله تائالا ئەسھابۇلكەھف قىسسىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆز غارىدا ئۈچيۈز توققۇز يىل تۇردى﴾[1] يەنى ئۈچيۈز توققۇز يىل ھىجرىيە[2] يىل ھېسابىدا ئېلىنغان بولۇپ، مىلادىيە يىلى بىلەن ھېسابلىغاندا، ئەھلى كىتابقا مەلۇم بولغان ئۈچيۈز يىل تولۇق بولغان بولىدۇ. ئايەتتىكى بۇ زامان مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىدىكى مۇددەت ئىدى. بۇ مۇددەتتە ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كېلىپ باقمىغان.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەريەم ئوغلىغا ئەڭ يېقىن بولغان كىشى ئەلۋەتتە مەندۇرمەن. مەن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىدا ھېچبىر پەيغەمبەر بولمىغان». مانا بۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن خالىد ئىبنى سىنان ئاتلىق بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان قۇزائى ۋە باشقىلارغا بېرىلگەن رەددىيەدۇر.

بۇ يەردە مەقسەت قىلىنغىنى شۇكى، الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دىللار ئۆزگىرىپ، ئىزلىرى ئۆچۈپ بۇتلارغا، ئوتلارغا ۋە كرېستلارغا ئىبادەت قىلىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلگىنىگە ئۇزۇن بىر مۇددەت بولغان بىر پەيتتە ئەۋەتكەن. شۇڭا الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىشى ئىنسانلارغا بەرگەن ئەڭ كاتتا نېمىتى بولدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج ئومۇمىيۈزلۈك بولدى.

چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاز بىر قىسىم يەھۇدىي مولللىرى، خرىستىئان ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان راھىبلار، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن قالغان دىنلارنىڭ قالدۇقلىرىغا ئەگىشىدىغان بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا بارلىق كىشىلەر نادانلىق ئىچىدە قالغان، جەمئىيەتتە زۇلۇم ۋە بۇزۇقچىلىق يامراپ كەتكەن بىر پەيتتە ئەۋەتىلگەن.

ئىمام ئەھمەد ئاياز ئىبنى ھىمار مۇجاشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋيەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم بۇگۈن (ماڭا ئۆگەتكەن) سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى (سىلەرگە) ئۆگىتىپ قويۇشىمنى بۇيرۇدى. پەرۋەردىگارىم مۇنداق دېدى: بەندىلىرىمگە مەن ئاتا قىلغان ھەرقانداق مال ھالالدۇر. مەن بەندىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتتىم، شەيتان كېلىپ ئۇلارنى دىنلىرىدىن ئازدۇردى. مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئۇلارغان ھارام قىلىپ چەكلەتكۈزۈۋەتتى. ئۇلارنى ھەققەت ئىكەنلىكىگە مەن ھېچقانداق پاكىت چۈشۈرمىگەن

(1) كەھف سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) بۇ يەردە دېيىلگەن ھىجرىيە يىلى ئەرەبلەر قوللىنىپ كېلىۋاتقان قەمەرىيە يىلىنىڭ ھېساۋىدىن ئېلىنغان.

نەرسىنى ماڭا شېرىك قىلىشقا بۇيرۇدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگارىم مەيلى ئەرەب ۋە باشقا مىللەتلەر بولسۇن، بارلىق زېمىن ئەھلىگە غەزەپلەندى. پەقەتلا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر قىسىم كىشىلەرگىلا غەزەپلەنمىدى. پەرۋەردىگارىم يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن سېنى سىناشقا ۋە سەن ئارقىلىق بەندىلىرىمنى سىناشقا ئەۋەتتىم، سەن بىلەن سۇ يۇيىۋېتەلمەيدىغان (ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدىغان، يوقىتىلمايدىغان)، ئۇيقىدا ۋە ئويغاقلىق ھالەتتە (يەنى ئوقۇش ئاسان بولغان) كىتابنى نازىل قىلدىم».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبىسىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى قۇرەيشنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. مەن: ئى پەرۋەدىگارىم! ئۇنداقتا، ئۇلار بېشىمنى نان پارچىسىدەك قىلىپ پارچىلاپ تاشلايدۇ،ـ دېدىم. پەرۋەدىگارىم ماڭا: سېنى يۇرتۇڭدىن چىقىرىۋەتكەندەك، ئۇلارنىمۇ چىقىرىۋەت! ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىل! ئۇرۇشتا بىز ساڭا ياردەم بېرىمىز. ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن مال سەرپ قىل، بىز ساڭا سەرپ قىلىمىز. سەن بىر قوشۇن ئەۋەتسەڭ، بىز ساڭا بەش قوشۇن قوشۇپ ئەۋەتىمىز، ساڭا بويسۇنغانلار بىلەن بىرگە ساڭا بويسۇنمىغانلارغا قارشى ئۇرۇشقىن!

جەننەت ئەھلى ئۈچ خىلدۇر: ئۇنىڭ بىرى، سەدىقە بېرىدىغان، بىز تەرەپتىن نۇسرەت ئاتا قىلىنغان ئادىل ھوقۇق ئىگىسى. ئىككىنچىسى، ھەر قانداق مۇسۇلمانغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا مېھرى ـ شەپقەت قىلىدىغان ئادەم. ئۈچىنچىسى، باقىدىغان بالىلىرى بار بولسىمۇ، باشقىلاردىن تىلىمەي، ئەكسىچە سەدىقە بېرىدىغان كەمبەغەل ئادەم.

دوزاخ ئەھلى بەش خىلدۇر: ئۇنىڭ بىرى، ياخشى ـ يامان ئىشلارنى پەرقلەندۈرمەيدىغان ئەقىلسىز، ئاجىز ئادەم. ئىككىنچىسى، يا مال تەلەپ قىلماي، يا ئائىلە تەلەپ قىلماي سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن ئەگىشىپ يۈرىيدىغان ئادەم. ئۈچىنچىسى، قىلچىلىك بولسىمۇ، مەنپەئەت چىقىدىغان جاينى بايقىسا، پۇرسەت تاپسىلا خىيانەت قىلىدىغان ئادەم. تۆتىنچىسى، كېچە ـ كۈندۈز سېنى بالا ـ چاقىلىرىڭدا، مال ـ مۈلكىڭدە ئالداپ قويىمەنلا دەپ تۇرىدىغان ئادەم. بەشىنچىسى، بېخىل ياكى يالغانچى، ئېغىزى بېزەپ، ئەخلاقسىز، پەسكەش ئادەم».

بۇ ھەدىسنى كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله تائالا ئەرەب ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان ئىنسانلارغا قاراپ ئۇلارغا قاتتىق غەزەپلەندى. پەقەتلا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن قالغان بىر قىسىم كىشىلەرگىلا غەزەپلەنمىدى» دېگەن سۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: ئىسرائىل ئەۋلادى،ـ دېمەي؛ ئەھلى كىتابتىن قالغان بىر قىسىم كىشىلەر،ـ دەپ كەلگەن.

ئەسلىدە زېمىندىكى بارلىق ئىنسانلار ئۆز دىنلىرىنى بىلەلمەي تاكى الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتكەنگە قەدەر قايمۇقۇش ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ھىدايەت يولىغا باشلاپ، ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەق يول ۋە پاك شەرىئەت ئۈستىدە قويۇپ كەتتى.

**﴿(ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ**

**قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (شەرىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان رەسۇلىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى (ئەمدى سىلەرگە ئۆزرە قالمىدى)﴾** يەنى ئى دىنلىرىنى بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىۋەتكەنلەر! بىزگە ياخشىلىقتىن بىشارەت بېرىپ، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىر پەيغەمبەر كەلمىدى دەپ تۇرۇۋالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە خۇش - بىشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلدى. ئەمدى ئۇنداق دېيەلمەيسىلەر.

**﴿الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾** ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى مەن (الله ) ماڭا ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشقا، ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاشقا قادىرمەن، ـ دېگەنلىكتۇر.

* * * * * * *

وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ يَٰقَوْمِ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَةَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَعَلَ فِيكُمْ أَنۢبِيَآءَ وَجَعَلَكُم
مُّلُوكًا وَءَاتَىٰكُم مَّا لَمْ يُؤْتِ أَحَدًا مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢٠﴾ يَٰقَوْمِ ٱدْخُلُوا۟ ٱلْأَرْضَ ٱلْمُقَدَّسَةَ ٱلَّتِى كَتَبَ
ٱللَّهُ لَكُمْ وَلَا تَرْتَدُّوا۟ عَلَىٰٓ أَدْبَارِكُمْ فَتَنقَلِبُوا۟ خَٰسِرِينَ ﴿٢١﴾ قَالُوا۟ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّ فِيهَا قَوْمًا جَبَّارِينَ وَإِنَّا
لَن نَّدْخُلَهَا حَتَّىٰ يَخْرُجُوا۟ مِنْهَا فَإِن يَخْرُجُوا۟ مِنْهَا فَإِنَّا دَٰخِلُونَ ﴿٢٢﴾ قَالَ رَجُلَانِ مِنَ
ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمَا ٱدْخُلُوا۟ عَلَيْهِمُ ٱلْبَابَ فَإِذَا دَخَلْتُمُوهُ فَإِنَّكُمْ غَٰلِبُونَ ۚ
وَعَلَى ٱللَّهِ فَتَوَكَّلُوٓا۟ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٢٣﴾ قَالُوا۟ يَٰمُوسَىٰٓ إِنَّا لَن نَّدْخُلَهَآ أَبَدًا مَّا دَامُوا۟ فِيهَا ۖ
فَٱذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ ﴿٢٤﴾ قَالَ رَبِّ إِنِّى لَآ أَمْلِكُ إِلَّا نَفْسِى
وَأَخِى ۖ فَٱفْرُقْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ ٱلْقَوْمِ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٢٥﴾ قَالَ فَإِنَّهَا مُحَرَّمَةٌ عَلَيْهِمْ ۛ أَرْبَعِينَ سَنَةً ۛ
يَتِيهُونَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ فَلَا تَأْسَ عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٢٦﴾

ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! **الله** نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد قىلىڭلار، **الله** ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلارغا خوجا قىلدى). سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئۆتتۈرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېئمەتلەرنى بەردى﴿20﴾. ئى قەۋمىم! **الله** سىلەرگە تەقدىر قىلغان (يەنى سىلەرنى كىرىشكە ئەمر قىلغان) مۇقەددەس زېمىنغا (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر»﴿21﴾. ئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى جاسامەتلىك، قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز» دېدى﴿22﴾. **الله** دىن قورققۇچىلاردىن بولغان، **الله** نىڭ (ئىمان بىلەن تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشەئ ئىبنى نۇن) ئۇلارغا:

«(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر الله نىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، الله غا تەۋەككۈل قىلىڭلار» دېدى﴿23﴾. ئۇلار: «ئى مۇسا! مادامىكى ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېدى﴿24﴾. مۇسا دېدى: «پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزەمگە ۋە قېرىندىشىمغىلا ئىگىمەن، سەن بىز بىلەن (ئىتائەتسىزلىك قىلغان بۇ) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن»﴿25﴾. الله دېدى: «ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ. پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن»﴿26﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە الله تائالانىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلەتكەنلىكى، ئۇلارنى مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشكە بۇيرۇغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بويسۇنماسلىق قىلغانلىقى

الله تائالا ئۆز بەندىسى ۋە ئۆزى بىۋاسىتە سۆز قىلغان پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە الله تائالانىڭ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئەسلىتىپ: ئەگەر سىلەر الله بەلگىلەپ بەرگەن يولدا ماڭغىنىڭلاردا، الله سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى جەملەپ بەرگەن بولاتتى، - دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ياد قىلىڭلار، الله ئۆز ۋاقتىدا ئىچىڭلاردا (سىلەرنى توغرا دىنغا يېتەكلەيدىغان) نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى»﴾ يەنى سىلەرنىڭ بوۋاڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتسە، سىلەرگە يەنە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلدى. ئۇ پەيغەمبەرلەر سىلەرنى الله تائالانىڭ يولىغا چاقىرىپ، ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلدى. بۇ تاكى مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاخىرلاشقانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئاندىن كېيىن الله تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، نەسەب جەھەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەردىن بەكرەك شەرەپلىك ۋە كاتتا زاتتۇر.

﴿سىلەردىن پادىشاھلار قىلدى (يەنى ئۆزەڭلارنى ئۆزەڭلارغا خوجا قىلدى)﴾ ئابدۇرازاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى سىلەرنى خىزمەتچىلەرگە، ئايالغا ۋە ئۆيگە ئىگە قىلدى، - دېگەنلىك بولىدۇ.

ھاكىم "مۇستەدرەك" دېگەن كىتابىدا ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە يەنە: ئايال ۋە خىزمەتچىگە ئىگە قىلدى دېگەنلىك بولىدۇ، - دېگەنلىكىنى؛ ﴿سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەريانى يېرىپ ئوتتۇرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېئمەتلەرنى بەردى﴾ دېگەن

ئايەت ھەققىدە بولسا: شۇ چاغدا ئەتراپتىكى مىللەتلەردىن ھېچ قايسىسىغا بەرمىگەننى سىلەرگە بەردى، ــ دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلدى.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار بىرىنچى بولۇپ خىزمەتچى ئىشلەتكەنلەر ئىدى. ھەدىستە كېلىشىچە: «قايسىڭلار تېنى ساغلام، ئۆزى خاتىرجەم، يېنىدا شۇ كۈننىڭ ئوزۇقى بار بولغان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزسا، ئۇ خۇددى پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشكەندەك بولىدۇ».

**﴿سىلەرگە جاھان ئەھلىدىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن (دەرياني يېرىپ ئوتتۇرىسىدىن يول ئېچىپ بېرىش، بۇلۇتلارنى سايىۋەن قىلىپ بېرىش، ئاسماندىن يېمەكلىك چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق) نېئمەتلەرنى بەردى﴾** يەنى شۇ زاماندىكى كىشىلەردىن ھېچكىمگە بەرمىگەننى بەردى. چۈنكى ئۇلار ئۆز زامانىدا رۇملۇقلار، مىسىرلىقلار ۋە باشقا مىللەتلەردىن شەرەپلىك ئىدى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى)، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردۇق، ئۇلارنى (زامانىدىكى) جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[1].

ﷲ تائالا مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿«ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى. شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر. مۇسا: «ﷲ سىلەرنى (زامانىڭلاردىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىم؟» دېدى﴾[2].

بۇ يەردە مەقسەت قىلىنغىنى شۇكى، ئۇلار ئۆز زامانىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىدى. ئەمەلىيەتتە ھەممە زامان، ھەممە دەۋردىكىلەرنىڭ ئەۋزىلى توغرىسىدا سۆز ئاچساق، بىزنىڭ ئۈممىتىمىز ئەڭ شەرەپلىك، ﷲ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەۋزەل، شەرىئىتى ئەڭ مۇكەممەل، يولى ئەڭ توغرا، پەيغەمبىرى ئەڭ ئۇلۇغ، مەملىكەتلىرى ئەڭ كاتتا، رىزقى ئەڭ مول، مال ـ مۈلكى ۋە نوپۇسى ئەڭ كۆپ ۋە دەۋر سۈرگەن ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن ئۈممەتتۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك، (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق﴾[3].

بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ پەزىلىتى، شەرىپى ۋە ﷲ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ھۆرمىتى ھەققىدە كەلگەن، نۇرغۇن كىشىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى ﷲ تائالانىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ﷲ غا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ

(1) جاسىيە سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 139 ــ 140 ـ ئايەتلەر.
(3) بەقەرە سۈرىسى 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلغاندا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئاندىن الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى جىھاد قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ بوۋىسى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئۆز قوللىرىدا تۇتقان بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرىشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇرۇن يەئقۇب ئەلەيھىسسالام باللىرى بىلەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردا تاكى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مىسىردىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر ياشىدى. ئۇلار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرىنىڭ كۈچتۈڭگۈر بىر مىللەت تەرىپىدىن ئىگەللىنىپ كېتىلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇ يەرگە ماكانلىشىپ بولغانلىقىنى كۆرىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئۇ زېمىنغا كىرىشكە، دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغا نۇسرەت ۋە غەلىبە بىلەن خۇش ـ بېشارەت بەردى. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتى. شۇڭا ئۇلار قىرىق يىلغا يېقىن ئېزىپ، قەيەرگە بېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈرۈش جازاسى تارتتى. بۇ ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىمىغان جىنايىتىگە بېرىلگەن جازادۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: ﴿**ئى قەۋمىم! الله سىلەرگە تەقدىر قىلغان (يەنى سىلەرنى كىرىشكە ئەمر قىلغان) مۇقەددەس زېمىنغا (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، بولمىسا (ئىككىلا دۇنيادا) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر»**﴾ يەنى ئى قەۋمىم! پاكلانغان زېمىنغا كىرىڭلار، الله تائالا سىلەرگە ئاتاڭلار ئىسرائىلنىڭ ئېغىزى بىلەن ئۇ زېمىننى سىلەرنى ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقانلارغا مىراس قالدۇرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان جىهادتىن باش تارتماڭلار، بولمىسا، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر.

﴿**ئۇلار: «ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا كۈچلۈك (يەنى جاسامەتلىك، قامەتلىك) بىر قەۋم بار (ئۇلار ئاد قەۋمىنىڭ قالدۇقى بولغان ئەمالىقەلەر)، ئۇلار چىقىپ كەتمىگۈچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە چوقۇم كىرىمىز» دېدى**﴾ يەنى ئۇلار: سەن بىزنى كىرىشكە بۇيرۇغان بۇ يۇرتتا كۈچتۈڭگۈر، قاۋۇل بىر قەۋم بار ئىكەن. بىز ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا ياكى ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىز كېلىمىز، ئۇلار ئاشۇ يۇرتتىن ئۆزلىرى چىقىپ كەتمىسە، بىز كىرەلمەيمىز. ناۋادا ئۇلار ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتسە، ئاندىن كىرەلەيمىز، ـ دەپ ئۆزرە ئېيتىشتى.

## يۇشەئ ئەلەيھىسسالام ۋە كالىبنىڭ جىھاد ھەققىدىكى سۆزلىرى

﴿**الله دىن قورققۇچىلاردىن بولغان، الله نىڭ (ئىمان بىلەن تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالىب ئىبنى يەفۇننە بىلەن يۇشەئ ئىبنى نۇن)**﴾ يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى الله تائالاغا بويسۇنۇش ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن باش تارتقاندا، الله تائالانىڭ كاتتا نېمىتىگە ئېرىشكەن، الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان ۋە ئۇنىڭ جازاسىدىن

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قورقىدىغان ئىككى كىشى ئۇلارنى جىهاد قىلىشقا تەرغىب قىلدى. بەزىلەر بۇ ئايەتنى اللە تائالادىن قورققۇچىلاردىن بولغان دېگەن ئۇسلۇبتا ئوقۇماي، كىشىلەر ئۇلاردىن قورقىدىغان، سۇرلۇك ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۇسلۇب بىلەن ئوقۇدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار يۇشەئ ئىبنى نۇن ۋە كالىب ئىبنى يەفۇننا ئىدى. بۇنى ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەتىيە، سۇددى، رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرى رىۋايەت قىلغان. اللە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن!

بۇ ئىككىسى مۇنداق دېدى: ﴿**«(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر اللە نىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، اللە غا تەۋەككۇل قىلىڭلار»**﴾ يەنى اللە تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرسەڭلار، پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلمىساڭلار، اللە تائالا سىلەرنى دۈشمىنىڭلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. سىلەرنى قوللايدۇ ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، اللە سىلەرگە ۋەدە قىلغان يۇرتقا كىرىسىلەر. لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزى ئۇلارغا قىلچىمۇ تەسىر قىلمىدى.

﴿**ئۇلار: «ئى مۇسا! مادامىكى ئۇلار مۇقەددەس يەردە ئىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېدى**﴾ ئى مۇسا! مۇقەددەس زېمىندا شۇ كۈچتۈڭگۈرلەرلا بولىدىكەن بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بېرىپ ئۇرۇش قىلغىن، بىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرىمىز، ـ دېدى.

مانا بۇ، ئۇلارنىڭ جىهاد قىلىشتىن باش تارتقانلىقى، پەيغەمبەرگە قارشىلىق قىلغانلىقى ۋە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلماي يېنىۋالغانلىقىدۇر.

## ساھابىلەرنىڭ بەدرى ئۇرۇشى بولىدىغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن جاۋابى

بەدرى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇسۇفيان باشچىلىقىدىكى كارۋاننى قوغداش ئۈچۈن كەلگەن قۇرەيش قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇش ياكى ئۇرۇشماسلىق توغرىسىدا ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالغاندا، ساھابىلەرنىڭ بەرگەن جاۋابى نېمە دېگەن ياخشى ـ ھە؟! كارۋاننى ئولجا ئېلىش يۇرستى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، كارۋاننى قوغداش ئۈچۈن قىلىچ ـ نەيزىلەر بىلەن تولۇق قوراللانغان مىڭ كىشىلىك قوشۇن يېقىنلىشىپ قالغاندا، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق قىلىش ھەققىدە ساھابىلىرىگە سالغان مەسلىھەتىگە) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى ئوبدان سۆز قىلدى. كېيىن مۇھاجىرلاردىن بىر قانچە كىشىمۇ شۇ سۆزنى قىلدى. ھەممەيلەن سۆز قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى مۇسۇلمانلار! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى پەقەت ئەنسارىلارنىڭ پىكرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈنلا دېگەن ئىدى. چۈنكى ئۇلار شۇ كۈندىكى قوشۇننىڭ كۆپچىلىكىنى

تەشكىل قىلاتتى.

سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز قىلىپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بۇ سۆزنى بىزگە قارىتىپ دېگەنىدەك قىلسەن، سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن بىزگە مۇشۇ دېڭىزنى كۆرسىتىپ: دېڭىزغا كىر دېسەڭ، بىرىمىزمۇ قېلىپ قالماي سەن بىلەن دېڭىزغا كىرىمىز. بىزنى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇششقا باشلىشىڭنى يامان كۆرمەيمىز. بىز دېگەن جەڭگە چىدامىلىق، ئىماندا سادىق كىشىلەرمىز. بەلكى **الله** تائالا بىزدە سېنى سۆيۈندۈرىدىغان سەممىيلىكنى ساڭا كۆرسىتىشى مۇمكىن، بىزنى بۇ ئىشقا باشلاپ ماڭغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىدنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدى. بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى.

ئەبۇبەكرى ئىبنى مەردەۋىي ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشىغا مېڭىش ئالدىدا مۇسۇلمانلارغا مەسلىھەت سالغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مەسلىھەت بەرگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتا مەسلىھەت سالغاندا، ئەنسارىلار: ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ مەسلىھەت بېرىشىڭلارنى كۈتىۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى. ئەنسارىلار: بىز ئۇنىڭغا ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: **﴿سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى﴾** دېگىنىدەك دېمەيمىز. سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىزنى بەركىلغامات[1] قا باشلاپ ماڭساڭمۇ، ساڭا ئەگىشىپ ماڭىمىز، ـ دېدى. بۇنى ئىمام ئەھمەد، نەسەئى ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى كۈنى مىقداد: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: **﴿سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى﴾** دېگەنىدەك دېمەيمىز. سەن باشلاپ ماڭ، بىز سەن بىلەن بىللىمىز» دېدى. بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈندۈردى.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلارغا بەددۇئا قىلغانلىقى

**﴿مۇسا دېدى: «پەرۋەردىگارىم! مەن پەقەت ئۆزەمگە ۋە قېرىنداشلىرىمغىلا ئىگىمەن﴾** يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئۇرۇشتىن باش تارتقاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا غەزەپلىنىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بىلەن ئىنىم ھارۇندىن باشقا ماڭا بويسۇنۇپ، سېنىڭ بۇيرۇقۇڭنى ئىجرا قىلىدىغان ۋە مەن چاقىرغان نەرسىگە قوشۇلىدىغان بىرمۇ كىشى يوق.

**﴿سەن بىز بىلەن (ئىتائەتتىن باش تارتقان) قەۋمنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتكىن»﴾** يەنى مەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغىن. بۇنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ۋە ئەۋفىي ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان.

(1) مەككىدىن يەمەنگە بارىدىغان بەش كۈنلۈك يولدىكى بىر جاي.

زەھھاك: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا ھۆكۈم قىل دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ. باشقىلار بولسا: بىزنى ئۇلاردىن ئايرىۋەتكىن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشتىن قىرق يىل چەكلەنگەنلىكى

﴿الله دېدى: «ئۇلارنىڭ مۇقەددەس يەرگە كىرىشى 40 يىلغىچە ھارام قىلىندى، (بۇ جەرياندا) ئۇلار زېمىندا ئادىشىپ يۈرىدۇ﴾ يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى جىھادتىن باش تارتقاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بەددۇئا قىلىۋېدى، الله تائالا ئۇلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا كىرىشىنى 40 يىلغىچە چەكلىۋەتتى. ئۇلار داۋاملىق ئېزىپ يۈرۈپ يول تاپالمايدىغان بىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. بۇ 40 يىل ئىچىدە ئۇلارنى بۇلۇتلار بىلەن سايىدىتىش، ئۇلارغا تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بېرىش ۋە قۇرام تاشتىن ئېقىن سۇ چىقىرىپ بېرىشتەك ئاجايىپ ئىشلار ۋە الله تائالا ئىمران ئوغلى مۇسانى قوللاپ كۆرسەتكەن مۆجىزىلەر يۈز بەردى. تەۋراتمۇ ئاشۇ ۋاقىتتا نازىل بولدى. ئەھكاملار بەلگىلەندى. ”ئەھدە گۈمبىزى“مۇ شۇ چاغدا ياسالدى. ئۇ: ”زامان گۈمبىزى“[1] دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقى

ئۇ مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يۇشەئ ئىبنى نۇن ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ياكى ئۇلاردىن قالغان ئىككىنچى ئەۋلاد ئىسرائىل ئەۋلادىنى باشلاپ چىقىپ، بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇنى پەتھى قىلىش جۈمە كۈنى ئەسىردىن كېيىن بولغانىدى. كۈن پاتقىلى ئاز قالغاندا، شەنبە كۈنىنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن[2] يۇشەئ: ئى كۈن! سەنمۇ بۇيرۇق بويىچە ماڭىسەن، مەنمۇ بۇيرۇق بويىچە ماڭىمەن. ئى الله ! كۈننى ماڭا توختىتىپ بەرگىن، ـ دەپ دۇئا قىلىۋېدى، الله تائالا كۈننى تاكى شەھەرنى پەتھى قىلىپ بولغۇچە توختىتىپ تۇردى.

الله تائالا يۇشەئ ئىبنى نۇنغا ئىسرائىل ئەۋلادى بەيتۇلمۇقەددەسكە كىرگەندە دەرۋازىدىن سەجدە قىلغان ھالدا: گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، ـ دەپ كىرىشنى بۇيرۇشنى تاپىلىدى. لېكىن ئۇلار بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىپ ساغرىسىنى سۈركەپ: ”ئارپىنىڭ دېنى“ دېگىنىچە ئارقىچىلاپ كىردى... بۇلارنىڭ ھەممىسى بەقەرە سۈرىسىدە بايان قىلىنىپ بولدى.



(1) بۇ گۈمبەز الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بۇيرۇشى بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، تېرە، يۇڭ، ۋە شىمشار ياغاچلىرى بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىبادەتلىرىدە ئۇ گۈمبەزنى قىبلە قىلغان ۋە شۇ گۈمبەزنىڭ ياسالغان ۋاقتىنى ئۆزلىرىگە يىل نامىلىرىنىڭ باشلىنىشى قىلىپ بېكىتكەن. ھەمدە ئۇلار ئۇنى ھەتتا بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ كېلىپ ئورناتقۇچە ئۆزلىرى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكەن. بۇ گۈمبەز تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگۈچە قىبلە بولغان. [”بىدايە ۋە نىھايە“نىڭ بىرىنچى قىسمىدىن ئېلىندى]

(2) چۈنكى يەھۇديي دىنىدا شەنبە كۈنى دەم ئېلىش كۈنى بولۇپ، ئۇ كۈندە ئىبادەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلغىلى بولمايتتى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شۇنداق قىلىپ، ئۇلار 40 يىل ئېزىپ يۈرگەن، مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار شۇ ۋاقىتتا ۋاپات بولغان. ئېزىپ كېتىشتىن بۇرۇنقى 40 ياشتىن ئاشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىگەن. 40 يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىشنى قولىغا ئالغان يۇشەئ ئىبنى نۇن ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى غەيرەتلەندۈرۈپ، بەيتۇلمۇقەددەسنى پەتھى قىلغان. يۇشەئ ئىبنى نۇنغا: بۈگۈن جۈمە كۈنى،ـ دېيىلدى. بەيتۇلمۇقەددەسنى پەتھى قىلىۋاتقاندا، كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان بولۇپ، يۇشەئ ئەلەيھىسسالام شەنبە كېچىسى كىرىپ قالسا، شەنبە كۈنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، كۈنگە قاراپ: سەن بۇيرۇق بويىچە ماڭىسەن، مەنمۇ بۇيرۇق بويىچە ماڭىمەن،ـ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، كۈن ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسنى پەتھى قىلىپ بولغۇچە تۇرۇپ تۇرغان. ئۇنى پەتھى قىلغاندا، ئۇلار بۇ شەھەردىن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە مال ـ دۇنيا ئولجا ئالغان، ئۇ ماللارنى ئوتقا تاشلىغاندا، ئوت ئۇنى كۆيدۈرمىگەن[1]. يۇشەئ ئىبنى نۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئولجىغا خىيانەت قىلغانلار بار ئىكەن،ـ دەپ 12 ئايماقنىڭ 12 ئاقساقىلىنى چاقىرتىپ، ئۇلار بىلەن بەيئەتلەشكەن. ئۇلارنىڭ بىرى بەيئەت قىلغاندا، قولى يۇشەئنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالغان. يۇشەئ: ئوغرىلانغان ئولجا سەندە ئىكەن، ئۇنى دەرھال چىقارغىن،ـ دەپ بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاقسال ئالتۇندىن ياسالغان بىر كالىنىڭ بېشىنى چىقارغان. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى ياقۇتتىن، چىشلىرى مەرۋايىتتىن ياسالغان ئىكەن. ئۇنى ئولجىلار بىلەن بىللە قويغاندا، ئۇنىڭغا ئوت تۇتۇشۇپ ھەممىسى كۆيۈپ كەتكەن. بۇ رىۋايەتنى كۈچلەندۈرىدىغان باشقا سەھىھ ھەدىسلەرمۇ بار.

## الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەنلىكى

**﴿پاسىق قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن﴾** **الله** تائالانىڭ بۇ سۆزى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ ناچارلىقى يۈزىسىدىن بېرىلگەن تەسەللىدۇر. مەزمۇنى: مېنىڭ قىلغان ھۆكمىمدىن ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئەپسۇسلىنىپ يۈرمە! چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا لايىقتۇر.

مانا بۇ، قىسسە يەھۇدىيلارغا بېرىلگەن بىر رەددىيە بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي، ئارىلىرىدا **الله** تائالانىڭ بىۋاستە سۆز قىلغان پەيغەمبىرى ۋە شۇ چاغدىكى بەندىلىرى ئىچىدىن تاللىغان بەندىسى مۇسا ئەلەيھىسسالام بار تۇرۇقلۇق، ھەمدە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، زەپەر قازىنىشقا ۋەدە بەرگەن تۇرۇقلۇق تېخى يېقىندىلا **الله** تائالانىڭ پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى غەرق قىلىپ ھالاك قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرى ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلغان، دۈشمەنلىرىنىڭ سانى مىسىردىكى ئۆزلىرىنى قوغلاپ چىققان دۈشمەنلىرىگە قارىغاندا سان ۋە قورال جەھەتتىن يۈزنىڭ بىرىگە تەڭ كەلمەيدىغان تۇرۇقلۇق، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشتىن قورقۇپ جىھادتىن باش تارتىپ، **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە



(1) ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى دىنلارنىڭ شەرىئىتىدە ئۇرۇشتا ئېلىنغان ئولجىلار كۆيدۈرۈلەتتى.

بويسۇنماي قىلغان بويۇنتاۋلىقلىرىنى ۋە شەرمەندىچىلىكلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ پەسكەش قىلمىشلىرى يوشۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پۈتۈن خەلققە ئاشكارا بولغان. ئۇلار الله تائالانىڭ ئۆچ كۆرىدىغان دۈشمەنلىرىدۇر. ئۇلار ئازغۇنلۇق ۋە نادانلىققا كەتكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئۆزلىرىنى: بىز الله تائالانىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى، ـ دەۋالغان. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى مايمۇن ۋە چوشقىلارنىڭ يۈزىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپ، تاكى ئۇلار ئوتى لاۋۇلداپ تۇرغان دوزاخقا كىرىپ، ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالغانغا قەدەر ئاجرىيالمايدىغان لەنەتنى ئۆمۈرلۈك چاپلىۋەتتى. ئۇلۇغ الله تائالاغا بارلىق ھەمدۇسانالار بولسۇن!

* * * * * * *

۞ وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ ٱبۡنَيۡ ءَادَمَ بِٱلۡحَقِّ إِذۡ قَرَّبَا قُرۡبَانٗا فَتُقُبِّلَ مِنۡ أَحَدِهِمَا وَلَمۡ يُتَقَبَّلۡ مِنَ
ٱلۡأٓخَرِ قَالَ لَأَقۡتُلَنَّكَۖ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلۡمُتَّقِينَ ﴿٢٧﴾ لَئِنۢ بَسَطتَ إِلَيَّ يَدَكَ لِتَقۡتُلَنِي مَآ
أَنَا۠ بِبَاسِطٖ يَدِيَ إِلَيۡكَ لِأَقۡتُلَكَۖ إِنِّيٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٢٨﴾ إِنِّيٓ أُرِيدُ أَن تَبُوٓأَ بِإِثۡمِي
وَإِثۡمِكَ فَتَكُونَ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلنَّارِۚ وَذَٰلِكَ جَزَٰٓؤُاْ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢٩﴾ فَطَوَّعَتۡ لَهُۥ نَفۡسُهُۥ قَتۡلَ أَخِيهِ
فَقَتَلَهُۥ فَأَصۡبَحَ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٣٠﴾ فَبَعَثَ ٱللَّهُ غُرَابٗا يَبۡحَثُ فِي ٱلۡأَرۡضِ لِيُرِيَهُۥ كَيۡفَ
يُوَٰرِي سَوۡءَةَ أَخِيهِۚ قَالَ يَٰوَيۡلَتَىٰٓ أَعَجَزۡتُ أَنۡ أَكُونَ مِثۡلَ هَٰذَا ٱلۡغُرَابِ فَأُوَٰرِيَ سَوۡءَةَ أَخِيۖ
فَأَصۡبَحَ مِنَ ٱلنَّٰدِمِينَ ﴿٣١﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى ئەھلى كىتابقا ۋە قەۋمىڭگە) ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى (يەنى ھابىل بىلەن قابىل) نىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (يەنى ھابىل بىلەن قابىل) ئىككىيلەن قۇربانلىق قىلغان ئىدى. بىرسى (يەنى ھابىل) نىڭ قوبۇل بولدى، يەنە بىرسى (يەنى قابىل) نىڭ قوبۇل بولمىدى. (قابىل ھابىلغا) «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن» دېدى، ھابىل نېمىشقا دېۋىدى، قابىل: «الله سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدى» دېدى. (ھابىل) ئېيتتى: «الله پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ﴿27﴾. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دىن قورقىمەن﴿28﴾. مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن بولغان گۇناھنى (يەنى مېنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىڭنى) ۋە سېنىڭ (ئىلگىرىكى) گۇناھىڭنى (يەنى ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى) ئۈستۈڭگە ئېلىپ ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر»﴿29﴾. ئۇ (يەنى قابىل) نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (يەنى ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى﴿30﴾. الله ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ (تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن) يەرنى كولىدى. ئۇ (بۇنى كۆرۈپ): «ۋاي! مەن قېرىندىشىمنىڭ

جەستىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نادامەت قىلغۇچىلاردىن بولدى﴿31﴾.

## هابىل بىلەن قابىلنىڭ قىسسىسى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە زومىگەرلىك، ھەسەت ۋە زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نەقەدەر يامانلىقىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قابىل ۋە هابىل دېگەن ئىككى ئوغلىنىڭ قىسسىسى ئارقىلىق بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىگە ﷲ تائالا بەرگەن نېمەتكە، ﷲ تائالاغا ئىخلاس بىلەن قىلغان قۇربانلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ جەننەتكە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولغانلىقى، ئۆلتۈرگۈچىنىڭ بولسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى ئەھلى كىتابقا ۋە قەۋمىڭگە) ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى (يەنى هابىل بىلەن قابىل) نىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن﴾ يەنى مايمۇن ۋە چوشقىلارنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان يەھۇدىيلار ۋە ئۇلارغا ئوخشايدىغان ھەسەتخور زومىگەرلەرگە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قابىل ۋە هابىل دېگەن ئىككى ئوغلىنىڭ ھېكايىسىنىڭ ھەقىقىتىنى سۆزلەپ بەرگىن. نۇرغۇنلىغان سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرى بۇنى شۇنداق بايان قىلغان.

﴿راستلىق بىلەن﴾ يەنى ساختىلىق، يالغانچىلىق، خاتا چۈشىنىپ قېلىش ياكى ۋەھىمە، ئالماشتۇرۇۋېتىش، كېمەيتىۋېتىش ۋەياكى مۇبالىغە قىلىش يوق، ئېنىق دېگەنلىك بولىدۇ.

كۆپلىگەن سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ رىۋايەتلىرىگە كۆرە، قابىل بىلەن هابىلنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: ﷲ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا زۈرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئوغۇللىرىغا قىزلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويغان ئىدى. ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەۋۋا ئانىمىز ھەر بىر قېتىم قورساق كۆتۈرگەندە بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغاتتى. بىر قېتىملىق قورساق كۆتۈرۈشتىن تۇغۇلغان ئوغۇلغا يەنە بىر قېتىم قورساق كۆتۈرۈشتىن تۇغۇلغان قىزنى ئېلىپ بېرەتتى. هابىلنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ھەمشىرىسى سەت، قابىلنىڭ ئۆز بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ھەمشىرىسى چىرايلىق بولۇپ، قابىل ھەمشىرىسىنى هابىلغا بەرمەي ئۆزى ئالماقچى بولدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇنى رەت قىلىپ، ئۇلارغا قۇربانلىق قىلىشنى، قايىسىسىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنسا، چىرايلىق قىزنى شۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەتىجىدە، هابىلنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنىپ، قابىلنىڭ قوبۇل قىلىنمىدى. ﷲ تائالا بايان قىلغان بۇ قىسسە شۇ سەۋەبتىن يۈز بەرگەن.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىز ئۆزىنىڭ قوشكېزەك (بىر تۇغقان) قېرىندىشىغا ئۆيلىنىشى چەكلىنىپ، باشقا بىر تۇغقانلىرىغا ئۆيلىنىشكە بۇيرۇلغان. ھەۋۋا ئانىمىز ھەر بىر قېتىم قورساق كۆتۈرگەندە، بىر قىز، بىر ئوغۇل تۇغىدىغان بولۇپ، بىر قېتىملىق قورساق كۆتۈرگەندە چىرايلىق قىز، يەنە بىر قېتىملىق قورساق كۆتۈرگەندە سەت قىز تۇغۇلغان. سەت قىزنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشى چىرايلىق قىزنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشىغا: مەن سېنىڭ قوشكېزەك قىز قېرىندىشىڭنى ئالاي، سەن مېنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشىمنى ئال، ـ دېگەندە، ئۇ: مەن ئۆزۈمنىڭ قوشكېزەك قىز

قېرىندىشىمنى ئېلىشقا ھەقلىقراق، ـ دەپ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇربانلىق قىلىشىپ باققان. قوچقار قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنىپ، بۇغداي قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنمىغان. قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنمىغىنى ھەسەت قىلىپ، قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنغىنىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

**﴿الله پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **الله** تائالانىڭ مېنىڭ بىر قېتىملىق نامىزىمنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالىسام، بۇ مەن ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىنمۇ سۆيۈملۈكرەكتۇر. چۈنكى: **﴿الله پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ﴾**.

قابىل تەقۋالىقىدىن قۇربانلىقى قوبۇل قىلىنغان قېرىندىشى ھابىلنى سەۋەبسىز ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ھابىل مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله دىن قورقىمەن﴾** مەن سېنىڭ يامان قىلمىشىڭغا قارىتا يامانلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، جىنايەتتە سەن بىلەن تەڭ بولۇپ يۈرمەيمەن. سەن قىلماقچى بولغان جىنايەتنى مېنىڭمۇ قىلىپ سېلىشىمدىن قورقىمەن. مەن سەۋر قىلىپ، ئۆزەمنى **الله** تائالاغا تاپشۇرىمەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆلتۈرۈلگۈچى ئۆلتۈرگۈچىدىن كۈچلۈكرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەۋادارلىقى قارشىلىق قىلىشتىن توستى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىككى مۇسۇلمان قىلىچلىرى بىلەن ئۆزئارا ئۇرۇشسا، ئۆلگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ھەر ئىككىلىسى دوزاختىدۇر». ساھابىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلتۈرگۈچىغۇ دوزاخقا كىرسۇن. ئۆلگۈچى نېمە ئۈچۈن دوزاخقا كىرىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆلگۈچىمۇ ئۆلتۈرگۈچىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن بولغان» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن: «شۇنداق بىر پىتنە ـ پاساتقا تولغان زامان بولىدۇكى، ئۇ چاغدا ئولتۇرۇۋالغان ئادەم ئۆرە تۇرغاندىن، ئۆرە تۇرغان ئادەم ماڭغان ئادەمدىن، ماڭغان ئادەم يۈگۈرگەن ئادەمدىن ياخشىدۇر». بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئەگەر بىرى ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرىپ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم ئاتىمىزنىڭ ئوغلى ھابىلدەك بولغىن»[1] دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

(1) بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن شۇ قېتىمقى پىتنە كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن پىتنىدە مۇسۇلمانلارغا قارشىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرىشىپ، ئولتۇرغان ئادەم ئۆرە تۇرغان ئادەمدىن... ياخشىدۇر. شۇنداقلا ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگۈچىگە قارشىلىق بىلدۈرمەسلىك ياخشىدۇر دېگەن مەنە چىقىدۇ. ئەمما مۇسۇلمان بىلەن كاپىرلار ئارىسىدىكى ياكى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئادەتتىكى ۋاقىتتا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن باستۇرۇپ كىرگەنلەرگە قارشى تۇرۇش پەرزدۇر.

**﴿ئۇ (يەنى قابىل) نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشىنى (يەنى ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى﴾** يەنى ئۇنىڭ نەپسى قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشنى ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرسەتتى ئۇ قېرىندىشى ئۇنىڭغا يۇقىرىقى نەسىھەتنى قىلغاندىن كېيىن (قېرىندىشىنى) ئۆلتۈردى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، قانداق ئۆلتۈرۈشنى بىلمەي، ئۇنىڭ بوينىنى قايرىغىلى تۇردى. دەل شۇ پەيتتە ئىبلىس بىر ھايۋاننى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يەنە بىر تاش بىلەن يانچىپ ئۆلتۈردى. قابىل بۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئىدى. ئاندىن ئۇمۇ قېرىندىشىنى شۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈردى. بۇنى ئىبنى ھاتەممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەمنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ بېشىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، قېرىندىشى ئۇنىڭغا يېتىپ بەردى. ئۇ قېرىندىشىنىڭ بېشىنى ۋە سۆڭەكلىرىنى سىقىشقا باشلاپ قانداق ئۆلتۈرۈشنى بىلەلمەي قالدى. دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يېنىغا ئىبلىس كېلىپ: ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى خالامسەن؟ـ دېدى. ئۇ: ھەئە،ـ دېدى. ئىبلىس: ئۇنداق بولسا، مۇشۇ تاشنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا تاشلىغىن،ـ دېدى. ئۇ دەرھال تاشنى ئېلىپ قېرىندىشىنىڭ بېشىغا تاشلىدى. قېرىندىشىنىڭ بېشى يېرىلىپ كەتتى. ئاندىن ئىبلىس ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىپ: ئى ھەۋۋا! قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋەتتى،ـ دېدى. ھەۋۋا ئانىمىز: يوقال! ئۆلۈك دېگەن نېمە ئۇ؟ـ دېدى. ئىبلىس: ئۆلۈك دېگەن يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ ۋە مىدىرلىمايدۇ،ـ دېدى. ھەۋۋا: بۇ ئۆلۈممۇ؟ـ دېدى. ئىبلىس: ئۆلۈم دېگەن شۇ،ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز تۋۋلىغىلى تۇردى. ئۇ توۋلاۋاتقاندا ئادەم ئەلەيھىسسالام كىرىپ: ساڭا نېمە بولدى؟ـ دەپ سورىدى. ئۇ جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام: ـساڭا ۋە قىزلىرىمىزغا ۋارقىراش پۇتۇلگەي، مەن ۋە ئوغۇللىرىمىز مۇنداق قىلمىغايمىز،ـ دېدى. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى﴾** يەنى بۇ ئىش بىلەن ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر زىيان بارمۇ؟!

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر قانداق بىر ئىنسان ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئۆلتۈرگۈچىنىڭ گۇناھىدىن ئادەم بالىسىغا بىر ھەسسە يېزىلىدۇ. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى بىرىنچى بولۇپ ئۆلتۈرۈشنى پەيدا قىلغان كىشىدۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بەختسىزى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن بالىسىدۇر. ئۇ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەندىن تارتىپ تاكى قىيامەتكىچە زېمىندا تۆكۈلگەن ھەر قانداق قاندىن ئۇنىڭغا بىر گۇناھ يېزىلىپلا تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆلتۈرۈشنى بىرىنچى بولۇپ باشلىغان ئادەمدۇر.

**﴿اللّٰه ئۇنىڭغا قېرىندىشىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر قاغا ئەۋەتتى. ئۇ (تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى بىلەن) يەرنى كولىدى. ئۇ (بۇنى كۆرۈپ): «ۋاي! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نادامەت قىلغۇچىلاردىن بولدى﴾** سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ساھابىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قانداق كۆمۈشنى بىلەلمەي شۇ پېتى تاشلاپ قويدى. اللّٰه تائالا ئۇ يەرگە ئىككى قېرىنداش قاغىنى ئەۋەتتى. بۇ ئىككى قاغا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بىرى يەنى بىرىنى ئۆلتۈرىۋەتتى. ئۆلتۈرىۋەتكۈچى قاغا ئورا كولاپ ئۆلگەن قاغىنى تاشلاپ، ئۈستىگە توپا تىندۇردى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بۇنى كۆرۈپ: **﴿«ۋاي! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟» دېدى﴾**.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر قاغا يەنە بىر ئۆلۈك قاغىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى تولۇق كۆمگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا توپا چاچتى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن بالىسى بۇنى كۆرۈپ: **﴿«ۋاي! مەن قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈشتە مۇشۇ قاغىچىلىك بولۇشتىن ئاجىز كەلدىممۇ؟» دېدى﴾**.

**﴿شۇنىڭ بىلەن ئۇ نادامەت قىلغۇچىلاردىن بولدى﴾** ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ زىيان تارتقاندىن كېيىن، اللّٰه تائالا ئۇنى قاتتىق پۇشايمانغا سالدى.

## زالىمنىڭ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويغۇچىنىڭ جازاسىنىڭ كېچىكتۈرۈلمەيدىغانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالا بۇ دۇنيادا ئەڭ تېز جازا بېرىدىغان، ئاخىرەتتە ئەڭ قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايدىغان گۇناھ زۇلۇم قىلىش ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇش گۇناھىدۇر». قابىلدا بۇ ئېغىر جىنايەتنىڭ ھەر ئىككىسىلا كۆرۈلدى. بۇ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ـ ھە!

* * * * * * *

مِنْ أَجْلِ ذَٰلِكَ كَتَبْنَا عَلَىٰ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ أَنَّهُۥ مَن قَتَلَ نَفْسًۢا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِى
ٱلْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ ٱلنَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَآ أَحْيَا ٱلنَّاسَ جَمِيعًا ۚ
وَلَقَدْ جَآءَتْهُمْ رُسُلُنَا بِٱلْبَيِّنَٰتِ ثُمَّ إِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم بَعْدَ ذَٰلِكَ فِى ٱلْأَرْضِ لَمُسْرِفُونَ
﴿٣٢﴾ إِنَّمَا جَزَٰٓؤُا۟ ٱلَّذِينَ يُحَارِبُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَسْعَوْنَ فِى ٱلْأَرْضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُوٓا۟ أَوْ
يُصَلَّبُوٓا۟ أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم مِّنْ خِلَٰفٍ أَوْ يُنفَوْا۟ مِنَ ٱلْأَرْضِ ۚ ذَٰلِكَ

لَهُمۡ خِزۡيٞ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٣٣﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِن قَبۡلِ أَن
تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهِمۡۖ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٣٤﴾

شۇ (يەنى قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى) سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ، پەيغەمبەرلىرىمىز بەنى ئىسرائىلغا راستلا (شانلىق) مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ (بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ) تولىسى (كۇفرىدا، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە) زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى﴿32﴾. **الله** ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿33﴾. سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، **الله** مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿34﴾.

## ئىنساننىڭ ئىنساننى ھۆرمەتلىشىنىڭ ۋاجىبلىقى

**الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى قېرىنداشىنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بەنى ئىسرائىلغە كىمكى بىر ئىنساننى ناھەق ئۆلتۈرسە، سەۋەبسىزلا گۇناھسىز ئۆلتۈرۈشنى توغرا دەپ قارىسا، ئۇ خۇددى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر ئىنسان بىلەن يەنە بىر ئىنساننىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بولمىغان بولىدۇ. كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەي، ئۇنداق قىلىشنى ھارام دەپ قارىسا، بۇ سەۋەبتىن بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ ـ دە، بارلىق ئىنسانلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلغاندەك بولىدۇ، ـ دەپ بىلدۈردۇق ۋە قانۇن قىلىپ بەلگىلىدۇق.

ئىمام ئەئمەش ۋە باشقىلار ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئوسماننىڭ ئۆيى قورشىۋېلىنغاندا مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! مەن ساڭا ياردەم بەرگىلى كەلدىم، ـ دېدىم. ئوسمان: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! بارلىق كىشىلەرنىڭ مەن بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇرامسەن؟ ـ دېگەن ئىدى. مەن: ياق، ـ دېدىم. ئوسمان: چۈنكى سەن بىر ئىنساننى ئۆلتۈرسەڭ بارلىق ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىسەن، شۇڭا گۇناھ ئالماي، ساۋاب ئېلىپ قايتىپ كەت. ساڭا رۇخسەت قىلىندى، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇرۇشماي قايتىپ كەتتىم.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئىش، (يەنى **الله** تائالا: ﴿**كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە**

**بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ﴾** دېگىنىدەك) كىشىلەرنى تىرىلدۈرۈش بولسا، اللە تائالا ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان بىر ئىنساننى ئۆلتۈرمەسلىكتۇر. شۇنداق قىلغان كىشى بارلىق ئىنسانلارنى ياشاتقان بولىدۇ. يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك ياكى ئادەمنى پەقەت ھەققەت ئۈچۈنلا ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق بارلىق ئىنسانلار ھايات قالىدۇ. مۇجاھىدمۇ: بىر ئىنساننى ناھەق ئۆلتۈرمىسە، بارلىق ئىنسانلارنى ياشاتقان بولىدۇ، ـ دېگەن.

ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى اللە تائالا ھارام قىلغان بىر جاننى ئۆلتۈرسە، ئۇ بارلىق ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال سانىسا، ئۇ بارلىق ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال سانىغان بولىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھارام دەپ قارىسا، ئۇ بارلىق ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھارام دەپ قارىغان بولىدۇ.

ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى بىر مۆمىن جاننى قەستەن ئۆلتۈرسە، اللە تائالا ئۇنىڭ جازاسىنى جەھەننەم قىلىدۇ. ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ، لەنەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇ ئازاب شۇنداق ئېغىركى، بارلىق ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، شۇ ئازابتىن ئارتۇق ئازابقا دۇچار بولمايتتى. كىمكى ھېچقانداق بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمىسە، بارلىق ئىنسانلار ئۇنىڭدىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ.

## ئىسرائىلخولۇقتىن توسۇپ سېلىنغان تەھدىت توغرىسىدا

**﴿پەيغەمبەرلىرىمىز بەنى ئىسرائىلغا راستلا (شانلىق) مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى﴾** يەنى بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆججەت، ئىسپات ۋە ئېنىق دەلىللەر بىلەن كەلدى.

**﴿شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ (بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ) تولىسى (كۇفرىدا، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە) زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى﴾** بۇ، مەدىنە ئەتراپىدىكى بەنۇنەزىر، بەنۇقۇرەيزە ۋە بەنۇقەينۇقا قاتارلىق يەھۇدىيلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەۋس بىلەن خەزرەج ئارىسىدا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئۇلار بىلەن بىللە ئۇرۇشۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن قولىغا چۈشكەن ئەسىرلەرگە تۆلەم ئېلىپ قويۇپ بېرىپ، ئۆلگەن كىشىلەرگە تۆلەم تۆلەپ بەرگىنىدەك، ھارام ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلىقىنى ئەيىبلەشتۇر.

اللە تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر ـ بىرىڭلارنى يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا

سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار، بۇنىڭغا ئۆزەڭلار گۇۋاھسىلەر. كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار ئەسىر چۈشۈپ كەلسە فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى (يەنى بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى راۋا كۆرىسىلەرۇ، ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيسىلەر). سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. الله قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴾[1].

## بۇلاڭچى، قاراقچى ۋە بۇزغۇنچىلارغا بېرىلىدىغان جازا

**﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك﴾** يەنى ئايەتتىكى ئۇرۇش قىلىدىغانلار بولسا كاپىرلار، قاراقچىلار ۋە بۇلاڭچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشمۇ ھەر خىل يامانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبنى جەرىر ئىكرىمە ۋە ھەسەنبەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت مۇشرىكلار ھەققىدە چۈشكەن. شۇڭا ئۇلارنى تۇتۇپ جازالاشتىن ئىلگىرى (ئۇلارنىڭ قايسى بىرى) تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن بۇ ئايەتتىن مۇسۇلمانىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ ياكى زېمىندا بۇزۇغۇنچىلىق قىلىپ ۋەياكى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇتۇلۇشتىن ئىلگىرى كاپىرلار سېپىگە قوشۇلۇۋالغانلارنى تەۋبە قىلسىلا، كەچۈرۈۋېتىپ جازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ دېگەن مەنا چىقمايدۇ. بەلكى ئۇ قاچان قولغا چۈشسە، جىنايىتىگە قارىتا جازاسىنى تارتىدۇ.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت مۇشرىكلار ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قايسى بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىۋالسا، ئۇنىڭ قىلغان تەۋبىسى ئىلگىرى قىلغان جىنايەتلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىشتىن توساپ قالمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

توغرىسى بۇ ئايەت مۇشرىك ياكى مۇسۇلمانلاردىن بولسۇن، يۇقىرىقى سۈپەتلەر تېپىلغان ھەممە كىشىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك قارىتىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بەسرىلىك ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد جەرمىدىن ئەنەس ئىبنى مالىك

(1) بەقەرە سۈرىسى 84 ـــ 85 ـ ئايەتلەر.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇكەل قەبىلىسىدىن سەككىز كىشى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (ئىسلام ئۈچۈن) بەيئەت قىلدى. كېيىن ئۇلارغا مەدىنىنىڭ ھاۋاسى مۇناسىپ كەلمەي كېسەل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھال ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بىزنىڭ پادىچىلىرىمىز بىلەن بىللە چىقىپ، تۆگىلىرىنىڭ سۈت ۋە سۈيدۈكلىرى بىلەن داۋالىنىپ باقامسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: شۇنداق قىلايلى! - دەپ مەدىنە سىرتىغا چىقىپ، تۆگىلەرنىڭ سۈت ۋە سۈيدۈكلىرى بىلەن داۋالاندى. كېسەللىرى ساقايغاندا بولسا، پادىچىنى ئۆلتۈرۈپ تۆگىلەرنى ھەيدەپ قېچىپ كەتتى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئەۋەتىلگەنلەر بۇلاڭچىلارغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى كېسىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ تاكى ئۆلگىچە تاشلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم مۇشۇ ئۇسۇلدا رىۋايەت قىلغان. لېكىن ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ ئوخشاش ئۇسۇلدا قىلغان رىۋايىتىدە: ئۇ كىشىلەر ئۇكەل ياكى ئۇرەينە قەبىلىسىدىن ئىدى، - دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇلار ئاپتاپقا تاشلىنىپ سۇ تەلەپ قىلىسمۇ بېرىلمىدى، - دېيىلگەن.

**﴿ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك﴾** ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قارشى قورال كۆتۈرسە، يولۇچىلارنى قورقۇتسا، تۇتۇۋېلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى ئۇلارغا قارىتا ئۈچ خىل جازادىن بىرىنى تاللايدۇ. ئۇ ئۈچ خىل جازا: ئۆلتۈرۈش، دارغا ئېسىش ياكى پۇت - قولىنى كېسىشتۇر.

ئىبنى جەرىرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، مۇجاھىد، ئەتا، ھەسەنبەسرى، ئىبراھىم نەخەئىي ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ بۇ ھەقتە يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايان قىلغان.

**﴿ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك﴾** بەزىلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ، جازا ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. ياكى ئۇ ئىسلام دىيارىدىن قېچىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك. بۇ قاراشنى ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس، ئەنەس ئىبنى مالىك، سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك، رەبىيئ ئىبنى ئەنەس، زۆھرى، لەيس ئىبنى سەئىد ۋە مالىك ئىبنى ئەنەس قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا بەزى كىشىلەر: بۇ ئۇنى ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتقا پالىۋېتىدۇ ياكى دۆلەت باشلىقى ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى ئۇنى دۆلەتنىڭ پۇقرالىقتىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، - دېدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇشەئسا، ھەسەن، زۆھرى، زەھھاك ۋە مۇقاتىل ئىبنى ھەييان قاتارلىقلار: ئۇ باشقا يۇرتقا پالىنىدۇ، لېكىن ئىسلام دىيارىدىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ، - دېدى.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر: بۇ يەردە دېيىلگەن پالىۋىتىش تۇرمىگە سولاش دېگەنلىكتۇر، ـ دەيدۇ.

﴿بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ يەنى ئۆلتۈرۈش، دارغا ئېسىش، پۇت ـ قولىنى كېسىش ۋە پالاق قاتارلىق جازالار ئۇلارغا ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان ئېغىر ئازاب بىلەن بىرگە، دۇنيا ھاياتلىقىدا كىشىلەر ئالدىدا بېرىلىدىغان بىر رەسۋالىقتۇر. بۇ: بۇ ئايەت مۇشرىكلار ھەققىدە چۈشكەن، ـ دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئەمما: مۇسۇلمانلارغا قارىتا چۈشكەن، ـ دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى بولسا تۆۋەندىكىلەردۇر: ئىمام مۇسلىم ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللاردىن ئەھدە ئالغاندا، بىزدىنمۇ الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋە بىر ـ بىرىمىزگە زىيان سالماسلىققا ئەھدە ئېلىپ مۇنداق دېدى: «قايسى بىرىڭلار ئەھدىسىدە تۇرسا، ئەجرىنى الله تائالادىن ئالىدۇ. ئەھدىسىدە تۇرالماي بەزى گۇناھلارنى قىلىپ سېلىپ، بۇ دۇنيادا جازالانسا، ئۇ جازا گۇناھىنى يۇيۇۋېتىدۇ. گۇناھى ئاشكارىلانماي الله تائالا يوشۇرۇپ قويغان بولسا، ئۇنى الله ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ خالىسا جازالايدۇ، خالىسا كەچۈرۈۋېتىدۇ».

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى دۇنيادا بىر گۇناھنى قىلىپ، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتسا، الله تائالا ئادىللىقىدىن ئىككىنچى قېتىم جازا بەرمەيدۇ. كىمكى دۇنيادا بىر گۇناھ قىلىپ، الله تائالا ئۇنى ئاشكارىلىماي (يوشۇرۇپ قويۇپ) كەچۈرۈۋەتسە، الله كەچۈرۈمچانلىقىدىن كەچۈرۈۋەتكەن گۇناھقا قايتا جازا بەرمەيدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

﴿بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئاخىرەتتىكى جازالىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا دۇنيادا بېرىلگەن خارلىق، رەسۋالىق ۋە جازادۇر. ئۇلار جىنايەتلىرىگە تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارغا دۇنيادىكى جازادىن باشقا، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى باردۇر.

## قولغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغان قاراقچى ۋە بۇزغۇنچىلارنىڭ جازالانمايدىغانلىقى

282

﴿سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ بۇ ئايەت مۇشرىكلار ھەققىدە چۈشكەن دەپ قارىغۇچىلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بولسا، مەنىسى چۈشىنىشلىكتۇر. ئەمما: بۇزغۇنچىلىق ۋە قاراقچىلىق قىلىپ قالغان مۇسۇلمانلار ھەققىدە چۈشكەن، ـ دېگەن قاراش بويىچە ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇلار تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى، دارغا ئېسىش، پۇت ـ

قولنى كېسىش قاتارلىق جازالار يۈرگۈزۈلمەيدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسىدىن ھەممە جازانىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقى چىقىدۇ. ساھابىلەرمۇ بۇ ھۆكۈم بويىچە ئەمەل قىلغان.

ئىبنى ئەبۇھاتەم شەئبىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھارىسە ئىبنى بەدرى تەمىيمى بەسرىلىك بولۇپ، ئۇ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق بولغان ئىدى. ئۇ قۇرەيشتىن ھەسەن ئىبنى ئەلى، ئىبنى ئابباس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر قاتارلىق بىر قانچە كىشىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا (ئۆزىنى كەچۈرۈۋېتىشنى سوراپ) ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىشكە ئۇنىمىدى. ئاندىن ھارىسە ئىبنى تەمىيمى سەئىد ئىبنى قەيس ئەلھەمەدانىينىڭ قېشىغا باردى. سەئىد ئۇنى ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! **اللە** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققان، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق ۋە قاراقچىلىق قىلغان ئادەمگە قانداق قارايسەن؟ - دەپ ئاندىن: **﴿سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، اللە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋېدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئامانلىق يېزىپ بەردى. سەئىد ئىبنى قەيس: سەن ئامانلىق يېزىپ بەرگەن ئادەم ھارىسە ئىبنى بەدرىدۇر، - دېدى.

ئىبنى جەرىر ئامىر شەئبىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ مۇسا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن كۇفە شەھىرىگە باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىدى. ئۇ پەرز نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇراد قەبىلىسىدىن بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇ مۇسا! مەن سەندىن پاناھ تىلەپ كەلدىم. مەن مۇراد قەبىلىسىدىكى پالانىنىڭ ئوغلى پۈكۈنى بولىمەن، مەن بۇندىن بۇرۇن **اللە** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىپ، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئىدىم. مانا ئەمدى سىلەر مېنى تۇتۇۋالغۇچە تەۋبە قىلىۋالدىم، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ مۇسا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پۈكۈنى، ئۇ **اللە** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئىدى. بىز ئۇنى تۇتۇۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇ تەۋبە قىلدى. كىم ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمىسۇن. ئەگەر ئۇ تەۋبىسىدە راستچىل بولسا، راستچىللارنىڭ يولىنى تۇتىدۇ. يالغانچى بولسا، ھامان گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، - دېدى. ئۇ كىشى شۇ ھالەتتە بىر مەزگىل ياشىدى. ئاندىن ئۇ يەنە توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. **اللە** تائالا ئۇنىڭ جېنىنى گۇناھلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى.

ئىبنى جەرىر مۇسا ئىبنى ئىسھاق مەدەنىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەسەد قەبىلىسىدىن ئەلى دېگەن كىشى **اللە** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىپ، يولۇچىلارنى قورقىتىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ يۈردى. ئۇنى دۆلەت باشلىقلىرى ۋە پۈتكۈل خەلق ئىزدىشىپمۇ تۇتالمىدى. كېيىن ئۇ ئۆزى تەۋبە قىلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەۋبە قىلىپ قايتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئۇ بىر كىشىنىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! **اللە** نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. **اللە** ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، **اللە** ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1]

(1) زۇمەر سۈرىسى 53 - ئايەت.

دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ ئايەت ئوقۇغان كىشىگە: ئى الله نىڭ بەندىسى! ئۇنى قايتا ئوقۇغىن،ـ دېدى. ئۇ كىشى قايتا ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، تەۋبە قىلىپ، سەھەر ۋاقتىدا مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ، يۇيۇنۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە كېلىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ سورۇنىدا ئولتۇرغانلارغا قېتىلىپ ئولتۇردى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى تونۇپ قېلىپ تۇتماقچى بولۇشۇپتۇ، ئۇ: مېنى تۇتالمايسىلەر، مەن سىلەر مېنى تۇتۇشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىپ كەلدىم،ـ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ راست ئېيتتى،ـ دېدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ مەدىنە شەھىرىنىڭ باشلىقى (مۇئاۋىيە تەرىپىدىن مەدىنىگە ئەمىر بولغان) مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ قېشىغا بېرىپ: بۇ ئەلى، تەۋبە قىلىپ كەلدى. سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىشىڭلار ھەم ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈڭلار دۇرۇس ئەمەس،ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى پۈتۈن جازالاردىن قۇتۇلۇپ ئەركىن يۈردى. ئاندىن الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا ئاتلىنىپ، رۇملۇقلار بىلەن ئۇچراشتى. رۇملۇقلار ئۇنىڭ كېمىسىگە يېقىنلىشىۋىدى، ئەلى ئۇلارنىڭ كېمىسىگە بېسىپ چىقتى. رۇملۇقلار ئۇنىڭدىن قېچىپ، كېمىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە توپلىنىۋېلىشىدى، كېمە سىڭايان بولۇپ، ئۆرۈلۈپ ھەممەيلەن غەرق بولۇپ كەتتى.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱبۡتَغُوٓاْ إِلَيۡهِ ٱلۡوَسِيلَةَ وَجَٰهِدُواْ فِي سَبِيلِهِۦ لَعَلَّكُمۡ
تُفۡلِحُونَ ﴿٣٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لَوۡ أَنَّ لَهُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا وَمِثۡلَهُۥ مَعَهُۥ
لِيَفۡتَدُواْ بِهِۦ مِنۡ عَذَابِ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ مَا تُقُبِّلَ مِنۡهُمۡۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٞ ﴿٣٦﴾ يُرِيدُونَ أَن
يَخۡرُجُواْ مِنَ ٱلنَّارِ وَمَا هُم بِخَٰرِجِينَ مِنۡهَاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٞ مُّقِيمٞ ﴿٣٧﴾

ئى مۆمىنلەر! مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار؛ الله غا (تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن) يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار، الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار﴿35﴾. يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەر كاپىرلارنىڭ بولۇپ، ئۇلار قىيامەت كۈنى (الله ) نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ (بۇ فىدىيىسى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار قىيىنغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿36﴾. ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇيۇ، ئەمما ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلار (ئۇزۇلۇپ قالمايدىغان) دائىملىق ئازابقا قالىدۇ﴿37﴾.

## تەقۋادارلىق قىلىشنىڭ، الله تائالاغا يېقىنلىششىنىڭ ۋە جىھاد قىلىشنىڭ بۇيرۇلۇشى

**﴿ئى مۆمىنلەر! مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار﴾ الله** تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى تەقۋادار بولۇشقا بۇيرۇغان. تەقۋادارلىق دېگەن سۆز تائەت

ـ ئىبادەت ۋە ئەمەللەر بىلەن بىر يەردە كەلگەندە، ھارام قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ.

**﴿اللّٰه غا (تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن) يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇفيان سەۋرى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى اللّٰه تائالاغا يېقىنچىلىق قىلىڭلار. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: پەرۋەردىگارىڭلارغا بويسۇنۇش ۋە ئۇ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق يېقىنلىشىڭلار.

ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنى اللّٰه تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (اللّٰه نى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى ئارقىلىق تەپسىر قىلغان.

ئايەتتىكى "يېقىنچىلىق" بولسا، مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغان نەرسىنى تىلەڭلار دېگەنلىك بولىدۇ ۋە يەنە «ۋەسىيلە» دېگەن جەننەتتىكى ئەڭ ئۈستۈن مەرتىۋىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسى ۋە جەننەتتىكى تۇرالغۇسىدۇر. شۇنداقلا ئۇ جەننەتتىكى ئەرشكە ئەڭ يېقىن جايدۇر.

ئىمام بۇخارى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلىغاندا: ئى مۇشۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ ۋە ئوقۇلۇۋاتقان نامازنىڭ پەرۋەردىگارى! مۇھەممەدكە ۋەسىيلە (جەننەتتىكى ئالىي مەرتىۋىنى) ۋە ھەممىدىن ئارتۇق دەرىجىنى بەرگىن. ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان ھېلىقى ئىسىل ئورۇندا تۇرغۇزغىن[2]، ـ دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنى شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «نامازنىڭ ئەزىنىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا، مۇئەززىننىڭ دېگىنىنى دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇد ئوقۇڭلار، كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئوقۇسا، اللّٰه تائالا ئۇنىڭ ئون گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. ئاندىن ماڭا جەننەتتىكى ۋەسىيلىنى (ئالىي مەرتىۋىنى) تىلەڭلار. ئۇ جەننەتتىكى بىر مەرتىۋە بولۇپ، پەقەت اللّٰه تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىرىگىلا بېرىلىدۇ. مەن شۇ بەندە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ سەۋەبتىن كىم ماڭا شۇ مەرتىۋىنى تىلىسە، ئۇ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ».

**﴿اللّٰه يولىدا جىھاد قىلىڭلار﴾** اللّٰه تائالا مۆمىنلەرنى ھارام ئىشلارنى تاشلاشقا، تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەنە توغرا يولدىن چىقىپ، ھەق دىنىنى تاشلىغان مۇشرىك، كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدە اللّٰه يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارغا تەييارلاپ قويغان كاتتا نېمەت بولغان جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك، خاتىرجەم، كۆركەم، ئۆلتۈرغان ئادەم خالىغان نەرسىسگە جاپا تارتماي

(1) ئىسرا سۈرىسى 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئاللاھۇممە رەببە ھازىھىد دەئۋەتىت تاممە، ۋەسسالاتىل قائىمە، ئاتى مۇھەممەدەن ئەلۋەسىيلەتە ۋەلفەزىيلەتە ۋەبئەسھۇ ماقەمەن مەھمۇدەن ئەللەزى ۋەئەدتەھ.

ئېرىشىدىغان، ئۆلمەي مەڭگۈ هايات تۇرىدىغان، كىيىمى كونىراپ كەتمەيدىغان، ياشلىقى تۈگىمەيدىغان، ئېسىل قەسىرلەردە تۇرۇشتەك مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە قىزىقتۇردى.

## قىيامەتتە كاپىرلارنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئازابتا قالىدىغانلىقى

الله تائالا كاپىر دۈشمەنلىرىگە قىيامەت كۈنىدە ئازابلاش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر، يەنە شۇنىڭدەك بىر ھەسسە كېلىدىغان نەرسىلەر كاپىرلارنىڭ بولۇپ، ئۇلار قىيامەت كۈنى (الله ) نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىدىيە قىلىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ (بۇ فىدىيىسى) قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾** يەنى ناۋادا قىيامەت كۈنىدە كاپىرلار چوقۇم ئېتىشقا ھۆكۈم قىلىنىپ كەتكەن الله تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پۈتۈن زېمىن تولغۇدەك ياكى ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئالتۇن ئېلىپ كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ **﴿ئۇلار قىينىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾**.

**﴿ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولىدۇيۇ، ئەمما ھەرگىز چىقالمايدۇ، ئۇلار (ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان) دائىملىق ئازابقا قالىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەر قاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم ـ قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ﴾[1] يەنى ئۇلار تارتىۋاتقان ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقىپ كېتىشنى خالايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشكە ھېچبىر يول يوقتۇر. ئوتنىڭ يالقۇنى ئۇلارنى ھەر قېتىمدا ئېگىز كۆتۈرۈپ جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە چىقارغاندا، جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەر تۆمۈر بازغانلىرى بىلەن ئۇرۇپ، يەنە ئاستىغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلار قۇتۇلالمايدىغان دائىملىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەھەننەمدىكى كىشىلەردىن بىرى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! سەن ياتىدىغان جاي قانداقراق ئىكەن؟ ـ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ئەڭ يامىنى ئىكەن، ـ دەيدۇ. ئۇنىڭدىن: زېمىنغا پاتقۇدەك ئالتۇن تۆلەپ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى خالامسەن؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ماقۇل، ئى پەرۋەردىگارىم! ـ دەيدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا: يالغان ئېيتتىڭ، مەن سەندىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاز نەرسىنى تەلەپ قىلسام ئورۇندىمىدىڭ، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جەھەننەمگە تاشلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ.

*******

وَٱلسَّارِقُ وَٱلسَّارِقَةُ فَٱقْطَعُوٓاْ أَيْدِيَهُمَا جَزَآءًۢ بِمَا كَسَبَا نَكَٰلًا مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ
٣٨ فَمَن تَابَ مِنۢ بَعْدِ ظُلْمِهِۦ وَأَصْلَحَ فَإِنَّ ٱللَّهَ يَتُوبُ عَلَيْهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ٣٩ أَلَمْ

(1) ھەج سۈرىسى 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ يُعَذِّبُ مَن يَشَآءُ وَيَغۡفِرُ لِمَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٤٠﴾

ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، الله تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، الله (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿38﴾. كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئەمەلىنى) تۈزىسە (يەنى ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿39﴾. بىلەمسەنكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، الله خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴿40﴾.

## ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئەر ـ ئايال ئوغرىلارنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم قىلدى. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردىمۇ ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش قانۇنى بار ئىدى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ قانۇن ئېتىراپ قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا بىر قانچە شەرتلەر قوشۇلدى. الله خالىسا، بۇ ھەقتە يەنە توختىلىمىز. بۇ خۇددى ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە بىر مەھەللىدە ئادەم ئۆلتۈرۈلسە، شۇ مەھەللىدىكى 50 كىشى قەسەم قىلىپ بىز ئۆلتۈرمىدۇق دەيدىغان، ئەگەر قەسەم قىلالمىسا، شۇ مەھەللە ئاھالىسى ئۆلۈكنىڭ ئىگىسىگە دىيەت تۆلەيدىغان تۈزۈمدىن ئىبارەت قەسەم ئىچىش ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ئۆلۈكنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش يولىنى ئىشلىتىشكە بېرىپ پايدىسىغا شېرىك بولۇش قاتارلىق تۈزۈملەرگە ئوخشايدىغان بىر ئىش بولۇپ، بۇ ئىشلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى. ئىسلام كەلگەندە، بەزى پايدىلىق مەنپەئەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ بەزى شەرتلەر قوشۇلۇپ يولغا قويۇلغان.

## ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنىڭ شەرتلىرى

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ئوغرىغا لەنەت قىلسۇن! ئۇ بىر تال تۇخۇمنى ئوغرىلاپ قولى كېسىلىدۇ. بىر ئارغامچىنى ئوغرىلاپ قولى كېسىلىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوغرىنىڭ قولى بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن قىممەت نەرسىنى ئوغرىغانلىقى ئۈچۈن كېسىلىدۇ».

مانا بۇ، ھەدىس ئوغرىنىڭ قولىنىڭ قانچىلىك مال ئوغرىلىغاندا كېسىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنداقلا بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىنىڭ قىممىتىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن

ئاز بولغاننى ھېسابقا ئالماسلىقنى بەلگىلەيدۇ. قالقان باھاسى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس[1] بىلەن قالقاننىڭ باھاسىنىڭ ئۈچ تەڭگە ئىكەنلىكى بۇنىڭغا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى شۇ چاغلاردا بىر تىللا 12 تەڭگە ئىدى. ئۈچ تەڭگە بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرى بولاتتى. مانا مۇشۇ يول ئارقىلىق بۇ ئىككى خىل رىۋايەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ قاراش ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. بۇ قاراشنى ئۆمەر ئىبنى ئابدىل ئەزىز، لەيس ئىبنى سەئد، ئەۋزائى، شافىئىي ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى (بىر رىۋايەتتە ئىسھاق ئىبنى راھىۋىيە، ئەبۇسەۋر، داۋۇد ئىبنى ئەلى ۋە زاھىرى) قاتارلىقلار تۇتقان. **اللہ** ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىسھاق ئىبنى راھىۋىيە يەنە بىر رىۋايىتىدە: بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرى بىلەن ئۈچ تەڭگىنىڭ ھەر ئىككىلىسى شەرئى ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مۇشۇ ئىككى ئۆلچەمنىڭ بىرى ياكى بىرىنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغان ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئوغرىلىسا، قولى كېسىلىدۇ، ـ دەپ قارىغان.

ئەمما ئىمام ئىبنى ئەبۇھەنىيفە ۋە شاگىرتلىرىدىن ئەبۇيۇسۇف، مۇھەممەد، زۇفەر ۋە يەنە سۇفيان سەۋرى قاتارلىقلار بولسا: بۇ مەسىلىدە ساختا ئەمەس، ساپ (تەڭگىدىن) ئون تەڭگە ئۆلچەم قىلىنىدۇ، ـ دەپ قارىغان.

ھەدىستە ئىسپاتلانغىنى بولسا بىرىنچى قاراشتۇر. يەنى بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرى ۋە ئۇنىڭدىن قىممەت باھالىق نەرسە ئۈچۈن ئوغرىنىڭ قولىنىڭ كېسىلىدۇ.

قول كېسىلىدىغان ئوغرىلىق ۋەقەسىدە ئوغرىلانغان مالنىڭ تۆتتىن بىر تىللا قىممىتىدە بولۇشىنىڭ مۇناسىب دەپ قارىلىشى، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئوغرىلانماسلىقى ئۈچۈندۇر. مانا بۇ، ھەكىملەرنىڭ كۆز قارىشىدا ھېكمەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. شۇڭا **اللہ** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، اللہ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، اللہ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلاشتىن ئىبارەت بۇنداق يامان قىلمىشقا ئىشلەتكەن ئەزا بولغان قولىنى كېسىش مۇناسىب جازادۇر. **اللہ** تائالا ئىنتىقام ئېلىشتا غالىبتۇر. بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرىدە ۋە شەرئىي ھۆكۈملىرىدە ھېكمەتلىكتۇر.

## ئوغرىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى

﴿**كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئەمەلىنى) تۈزىسە (يەنى ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، اللہ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، اللہ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**﴾ يەنى كىمكى ئوغرىلىغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ، **اللہ** تائالاغا قايتسا، **اللہ** تائالامۇ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ كەچۈرۈۋېتىدۇ.



---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا بىر ئوغرى قىممىتى ئۈچ تەڭگە كېلىدىغان بىر قالقاننى ئوغرىلاپ قولى كېسىلگەن ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئوغرىلىق قىلغان بىر ئايالنى مال ئىگىلىرى تۇتۇپ كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايال بىزنىڭ مېلىمىزنى ئوغرىلىدى،ـ دېدى. ئايالنىڭ تۇغقانلىرى بولسا: بىز بۇ ئايالنىڭ قولىنىڭ كېسىلمەسلىكى ئۈچۈن تۆلەم تۆلەيلى،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئايالنىڭ قولىنى كېسىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. ئۇ ئايالنىڭ تۇغقانلىرى: ئۇنىڭغا 500 تىللا تۆلەيلى،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئۇ ئايالنىڭ قولىنى كېسىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايالنىڭ ئوڭ قولى كېسىلدى. ئاندىن ئۇ ئايال: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا تەۋبە قىلىش يولى بارمۇ؟ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە! بۈگۈن سەن قىلغان گۇناھىڭدىن خۇددى ئاناڭدىن تۇغۇلغان چاغدىكىدەك پاك بولدۇڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

بۇ ئايال بەنى مەخزۇم قەبىلىسىدىكى ئوغرىلىق قىلغان ھېلىقى ئايال بولۇپ، ئۇ ئايال ھەققىدە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتىدا ئوغرىلىق قىلغان بۇ ئايالنىڭ مەسىلىسى ھەققىدە قۇرەيش قەبىلىسى باش قاتۇرۇپ: كىم بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلىدۇ؟ـ دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار: بۇ ئىشقا زەيدنىڭ ئوغلى ئۇساملا جۈرئەت قىلالايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئامراق،ـ دېيىشتى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە، زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامە ئۇ ئايال ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى تاتىرىپ: «اللە تائالا بەلگىلىگەن بىر جازاغا شاپائەت قىلماقچىمۇسەن!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇسامە دەرھال: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! گۇناھىمنىڭ كەچۈرۈۋېتىلىشىنى تىلىگىن،ـ دېدى. كەچ بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلىپ، اللە تائالاغا لايىق ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن: «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر، (ئۇلارنىڭ) ئېسىلزادىلىرى ئوغرىلىق قىلسا، جازالىماي تاشلاپ قويۇپ، ئاجىز بىچارىلىرى ئوغرىلىق قىلسا، جازالىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ، مەن چوقۇم ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم» دېدى ـ دە، ھېلىقى ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئايالنىڭ قولى كېسىلدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن ئۇ ئايال تەۋبە قىلىپ، ئەرگە تەگدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئايال بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ تۇراتتىم. بۇ ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلغان ئۇسلۇبىدۇر.

ئىمام مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە كېلىشىچە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ئۇ بەنى مەخزۇم قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايال بولۇپ بىر نەرسىلەرنى ئارىيەتكە ئېلىپ، كېيىن ئۇنىڭدىن تېنىۋالاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇغان ئىدى.

**﴿بىلەمسەنكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى اللە غا خاستۇر﴾** يەنى اللە نىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى، ھاكىمى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟! ئۇنىڭ ھۆكمىگە

ھېچكىم قارشى تۇرالمايدۇ. ئۇ خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. ﴿**اﷲ خالىغان ئادەمگە ئازاب قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، اﷲ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر**﴾.

* * * * * * *

۞ يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ لَا يَحۡزُنكَ ٱلَّذِينَ يُسَٰرِعُونَ فِي ٱلۡكُفۡرِ مِنَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا
بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَلَمۡ تُؤۡمِن قُلُوبُهُمۡۛ وَمِنَ ٱلَّذِينَ هَادُواْۛ سَمَّٰعُونَ لِلۡكَذِبِ سَمَّٰعُونَ
لِقَوۡمٍ ءَاخَرِينَ لَمۡ يَأۡتُوكَۖ يُحَرِّفُونَ ٱلۡكَلِمَ مِنۢ بَعۡدِ مَوَاضِعِهِۦۖ يَقُولُونَ إِنۡ أُوتِيتُمۡ هَٰذَا
فَخُذُوهُ وَإِن لَّمۡ تُؤۡتَوۡهُ فَٱحۡذَرُواْۚ وَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ فِتۡنَتَهُۥ فَلَن تَمۡلِكَ لَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ شَيۡـًٔاۚ
أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ لَمۡ يُرِدِ ٱللَّهُ أَن يُطَهِّرَ قُلُوبَهُمۡۚ لَهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا خِزۡيٞۖ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ
عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿٤١﴾ سَمَّٰعُونَ لِلۡكَذِبِ أَكَّٰلُونَ لِلسُّحۡتِۚ فَإِن جَآءُوكَ فَٱحۡكُم بَيۡنَهُمۡ
أَوۡ أَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡۖ وَإِن تُعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ فَلَن يَضُرُّوكَ شَيۡـٔٗاۖ وَإِنۡ حَكَمۡتَ فَٱحۡكُم بَيۡنَهُم
بِٱلۡقِسۡطِۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُقۡسِطِينَ ﴿٤٢﴾ وَكَيۡفَ يُحَكِّمُونَكَ وَعِندَهُمُ ٱلتَّوۡرَىٰةُ فِيهَا حُكۡمُ ٱللَّهِ
ثُمَّ يَتَوَلَّوۡنَ مِنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۚ وَمَآ أُوْلَٰٓئِكَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٤٣﴾ إِنَّآ أَنزَلۡنَا ٱلتَّوۡرَىٰةَ فِيهَا
هُدٗى وَنُورٞۚ يَحۡكُمُ بِهَا ٱلنَّبِيُّونَ ٱلَّذِينَ أَسۡلَمُواْ لِلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلرَّبَّٰنِيُّونَ وَٱلۡأَحۡبَارُ بِمَا
ٱسۡتُحۡفِظُواْ مِن كِتَٰبِ ٱللَّهِ وَكَانُواْ عَلَيۡهِ شُهَدَآءَۚ فَلَا تَخۡشَوُاْ ٱلنَّاسَ وَٱخۡشَوۡنِ
وَلَا تَشۡتَرُواْ بِـَٔايَٰتِي ثَمَنٗا قَلِيلٗاۚ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴿٤٤﴾

ئى پەيغەمبەر! دىللىرىدا ئىشەنمەي، ئېغىزلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويىدىغانلار (يەنى مۇناپىقلار) دىن ۋە يەھۇدىيلاردىن كۇفرىغا (پۇرسەت تاپسىلا كۇفرىنى ئىزھار قىلىشقا) ئالدىرايدىغان كىشىلەر سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ئۇلار (ئەھبارلىرى توقۇغان) يالغانغا قۇلاق سالىدۇ، ساڭا كەلمىگەن (يەنى ئۆچلۈك قىلىپ سېنىڭ سۆھبىتىڭگە ھازىر بولمىغان) باشقا بىر قەۋمگە (يەنى خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سالىدۇ، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى جايلىرىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ (يەنى اﷲ نىڭ ئەھكاملىرىنى باشقىلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ). ئۇلار: «ئەگەر سىلەرگە بۇ (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ بېرىلمىسە قوبۇل قىلماڭلار» دەيدۇ، اﷲ بىركىمنىڭ گۇمراھلىقىنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن اﷲ غا قارشى قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ (يەنى ھېچ ئادەم ئۇنىڭدىن گۇمراھلىقنى دەپئى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ). دىللىرىنى (قىلمىشى قەبىھ بولغانلىقتىن كۇفرىدىن) پاك قىلىشنى اﷲ خالىمىغان كىشىلەر ئەنە شۇلاردۇر، ئۇلار دۇنيادا رەسۋالىقتا، ئاخىرەتتە چوڭ ئازابتا قالىدۇ﴿41﴾.
ئۇلار يالغانغا قۇلاق سالغۇچىلاردۇر، (پارا ۋە جازانىغا ئوخشاش) ھارامنى يىگۈچىلەردۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ، (يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ). ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ (چۈنكى اﷲ سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، اﷲ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست

تۇتىدۇ﴿42﴾. ئۇلارنىڭ يېنىدا الله نىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا (يەنى تەۋراتتىكى ھۆكۈملەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايۋاتسا)، (ئى مۇھەممەد!) قانداقچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟ ئاندىن كېيىن (يەنى ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن) سېنىڭ ھۆكمىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئەنە شۇلار (تەۋراتقىمۇ، ساڭىمۇ) ئىشەنمىگۈچىلەردۇر﴿43﴾. بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (الله نىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللا (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل - مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴿44﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىققا بۇيرۇلغانلىقى

**﴿ئى پەيغەمبەر! دىللىرىدا ئىشەنمەي، ئېغىزلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويىدىغانلار (يەنى مۇناپىقلار) دىن ۋە يەھۇدىيلاردىن كۇفرىغا (پۇرسەت تاپسىلا كۇفرىنى ئىزھار قىلىشقا) ئالدىرايدىغان كىشىلەر سېنى غەمكىن قىلمىسۇن﴾** يەنى ئى پەيغەمبەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى الله نىڭ ھۆكۈملىرىدىن ئەۋزەل كۆرۈپ، تىلى بىلەن ئىمان ئىزھار قىلغىنى بىلەن قەلبلىرىدە ئۇ ئىماندىن ئەسەرمۇ بولمىغان، كۇپرلىققا ئالدىرايدىغان مۇناپىق ۋە يەھۇدىيلاردەك ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان سۆزلەرگە قۇلاق سالغۇچىلار ۋە يالغان سۆزلەردىن تەسىرلەنگۈچىلەردۇر. ئۇلار سېنىڭ بۇ سورۇنىڭغا كەلمىگەن باشقا كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايدۇ. بەزىلەر: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئۇلار سۆزۈڭنى ئاڭلاپ، سېنىڭ سورۇنىڭغا كەلمىگەن دۈشمەنلىرىڭگە سۆزلىرىڭنى يەتكۈزىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، - دەيدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ ھۆكۈملەرنى بۇرمىلىغانلىقى ۋە يامان ئىش قىلغان ئىككى يەھۇدىينىڭ چالما - كېسەك قىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى

**﴿ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى جايلىرىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ (يەنى الله نىڭ ئەھكاملىرىنى باشقىلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ)﴾** يەنى ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىنى ئالماشتۇرىۋېتىدۇ ۋە ئۇ ھۆكۈملەرنى باشقا مەنىلەرگە بۇرمىلايدۇ.

**﴿ئۇلار: «ئەگەر سىلەرگە بۇ (ھۆكۈم) بېرىلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر ئۇ بېرىلمىسە قوبۇل قىلماڭلار» دەيدۇ﴾** بۇ ئايەت بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ: كېلىڭلار، مۇھەممەدكە ھۆكۈم قىلدۇرايلى! ناۋادا ئۇ دىيەت بېرىدىغان قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىپ قالسا، ئۇنى قوبۇل قىلايلى. قىساس ئالىدىغان قىلىپ ھۆكۈم قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايلى دېگەن يەھۇدىيلار ھەققىدە چۈشكەن، ـ دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار.

توغرىسى بۇ ئايەت پاھىشە قىلغان ئىككى يەھۇدىي ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، يەھۇدىيلار قوللىرىدىكى الله تائالانىڭ كىتابىدا كۆرسىتىلگەن: "تويي قىلىپ بولغانلار پاھىشە قىلسا، چالما ـ كېسەك قىلىش" ھۆكمىنى ئۆزلىرىچە ئۆزگەرتىپ، يۈز دەررە ئۇرۇپ، يۈزىگە قارا سۈركەپ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈشكە پۈتۈشۈۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن (ئاشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە)، يەھۇدىيلار ئۆزئارا مۇنداق دېيىشكەن: كېلىڭلار، بىز مۇھەممەدكە ھۆكۈم قىلدۇرايلى! ئەگەر ئۇ دەررە ئۇرۇشقا ۋە يۈزىگە قارا سۈركەشكە ھۆكۈم قىلسا، ماقۇل دەيلى ۋە ئۇنى الله تائالانىڭ ئالدىدا ئىسپات قىلايلى! چۈنكى بۇ ئىشقا الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى ئاراڭلاردا شۇنداق ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىشقا ھۆكۈم قىلىپ قالسا ئۇنىمايلى!

بۇ ۋەقەلىك تۆۋەندىكى ھەدىسلەردىمۇ بايان قىلىنغان.

ئىمام مالىك ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرى ئىچىدىن بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ پاھىشە قىلغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ئۇلاردىن: «چالما ـ كېسەك قىلىش گۇناھىغا تەۋراتتا قانداق ھۆكۈم بار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ دەررە ئۇرىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام: يالغان ئېيتتىڭلار، تەۋراتتا چالما ـ كېسەك ھۆكمى بار. تەۋراتنى ئېلىپ كېلىڭلار!ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئاچتى. ئۇلاردىن بىرى قولىنى چالما كېسەك قىلىش ئايىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ، ئۇ ئايەتنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئۇنىڭغا: قولۇڭنى كۆتەر!ـ دېدى. ئۇ قولىنى كۆتەرگەندە، دەل شۇ جايدىن چالما كېسەك ـ قىلىش توغرىسىدىكى ئايەت كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ئى مۇھەممەد! ئابدۇللاھ راست ئېيتتى. تەۋراتتا چالما ـ كېسەك قىلىش ئايىتى بار، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى يەھۇدىينى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. مەن ئۇ ئەر كىشىنىڭ ئايالغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى تاشتىن توسۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام بۇخارىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلاردىن: «ئۇ ئىككەيلەننى قانداق قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. يەھۇدىيلار: يۈزلىرىگە قازاننىڭ قارىسىنى سۈركەپ رەسۋا قىلىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر راستچىل بولساڭلار تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلارچۇ؟» دېدى. ئۇلار ئۆز ئىچىدىكى ئۆزلىرىگە قوشۇلىدىغان بىر كۆز كور كىشىگە: ئوقۇ!ـ دېيىشتى. ئۇ تەۋراتنى ئوقۇپ بىر جايغا كەلگەندە، قولىنى شۇ جايغا قويۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: «قولۇڭنى كۆتەر!» دېدى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈۋېدى، ئۇ جايدىن چالما ـ

كېسەك قىلىش ئايىتى كۆرۈندى. ئۇ يەھۇدىي: ئى مۇھەممەد! تەۋراتتا چالما ـ كېسەك قىلىش ئايىتى بار. لېكىن بىز ئۇنى ئۆز ئىچىمىزدە يوشۇرىمىز، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككەيلەننى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. جازا ئىجرا قىلىندى.

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پاھىشە قىلغان ئىككى يەھۇدىي كەلتۈرۈلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا: «پاھىشە قىلغانلارغا تەۋراتتا قانداق جازا بېرىلىدۇ؟» دېدى. يەھۇدىيلار: يۈزلىرىنى قارا قىلىپ ئۇلاغقا تەتۈر (بىر ـ بىرىگە ئارقىنى قىلدۇرۇپ) مىندۈرۈپ سازايى قىلىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ باقمامسىلەر؟» دېدى. تەۋراتنى ئوقۇۋاتقان ياش بالا قولىنى چالما ـ كېسەك قىلىش ئايىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇنى قولىنى كۆتۈرۈشكە بۇيرۇغىن!ـ دېدى. ئۇ بالا قولىنى كۆتۈرۈۋېدى، دەل شۇ يەردىن چالما ـ كېسەك قىلىش ئايىتى كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككەيلەننى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇلارنى چالما ـ كېسەك قىلغانلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. ئۇ ئەرنىڭ ئۆزىنى دالدا قىلىپ، ھېلىقى ئايالنى قوغدىغانلىقىنى كۆردۈم.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلاردىن بىرقانچەيلەن كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇف دېگەن جايغا تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىدراس دېگەن بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. يەھۇدىيلار: ئى ئەبۇلقاسىم! بىزدىن بىر كىشى بىر ئايال بىلەن پاھىشە قىلدى، ئۇلارغا ھۆكۈم قىلغىن!ـ دېدى. يەھۇدىيلار ياستۇق قويۇپ بېرىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: «تەۋراتنى ئېلىپ كېلىڭلار!» دېدى. تەۋرات كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ياستۇقنى ئېلىپ، تەۋراتنى ياستۇقنىڭ ئۈستىگە قويدى ـ دە: «مەن ساڭا ۋە سېنى نازىل قىلغان زاتقا ئىمان كەلتۈردىم» دېدى. ئاندىن يەھۇدىيلارغا: ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ئالىم كىشىنى چاقىرىڭلار!ـ دېدى. ياش بىر يىگىت چاقىرىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بۇ ۋەقەنىڭ داۋامىنى ئىمام مالىكنىڭ يۇقىرىدىكى رىۋايىتىگە ئوخشاش بايان قىلدى.

مانا بۇ، ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋرات ھۆكمىگە مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇنداق قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ يەھۇدىيلار توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغان شەرىئەت ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلارنى ئىززەتلىگەنلىكى ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئەسلىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان، لېكىن بۇ ئىشنى الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشىنى خاس ۋەھىي بىلەن بۇيرۇغاندۇر.

ئۇلارنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىش ھۆكمىگە گەرچە ئۆزلىرى ئەمەل قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكى، جاھىللىقى ۋە قوللىرىدىكى كىتابنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئەمەل قىلماي كەلگەنلىكى ئاشكارىلاندى.

ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلغان مەسىلىسگە كەلسەك، بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقىي توغرا ھۆكۈم قىلىدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى كۆڭۈللىرىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ خاھىشىمىزغا مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلارمىكىن، ـ دېگەن تەمەدە بولغانلىقىدىندۇر. شۇڭا ئۇلار مۇنداق دېيىشكەن: ئەگەر دەررە ئۇرۇش ۋە قارا سۈركەش بىلەن ھۆكۈم قىلىنىپ قالساق، ماقۇل دەيلى. ئۇنداق بولمىسا، ماقۇل دېيىشتىن ۋە ئەگىشىشتىن ھەزەر ئەيلەيلى. الله تائالا بۇنداق سۈپەتلىك ئادەملەرنىڭ قەلبىنى قانداقمۇ پاكلىسۇن؟! قانداقمۇ كەچۈرسۇن؟!

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ، (يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ). ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار سېنى ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلسە، سەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلمىساڭمۇ ھېچقىسى يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ساڭا ھۆكۈم قىلدۇرۇشتىكى مەقسىتى ھەقىقەتكە ئەگىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ھۆكۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر.

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ھەسەن، قەتادە، سۇددى، زەيد ئىبنى ئەسلەم، ئەتا خۇراسانىي ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى: ﴿ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن﴾[1]، **﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن﴾** دېگەن ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ـ دېدى. يەنى يەھۇدىيلار ئادالەت يولىدىن چىقىپ كەتكەن زالىملار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەق ۋە ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. چۈنكى **﴿الله ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴾**.

## يەھۇدىيلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىنىڭ سۆكۈلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كىتابى تەۋراتنىڭ ماختالغانلىقى

الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئېتىقادلىرىنى، بىزنىڭ قوللىرىمىزدىكى كىتابقا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى ۋە كىتابىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي، خاتا (يوللارنىڭ خاتا) ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ماڭغانلىقلىرىنى ۋە ئەگەشكەنلىكلىرىنى تەنقىد قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ يېنىدا الله نىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا (يەنى تەۋراتتىكى ھۆكۈملەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايۋاتسا)، (ئى مۇھەممەد!) قانداقچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟ ئاندىن كېيىن (يەنى ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن) سېنىڭ ھۆكمىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ئەنە شۇلار (تەۋراتقىمۇ، ساڭىمۇ) ئىشەنمىگۈچىلەردۇر﴾**.

**﴿مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل ـ مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە**

294

---

(1) مائىدە سۈرىسى 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار. اﷲ خالىسا بۇ ھەقتە كېيىنچە توختىلىمىز.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشىدىكى باشقا سەۋەبلەر

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اﷲ تائالا: **﴿كىملەركى اﷲ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾** ۋە **﴿ئۇلار پاسىقلاردۇر﴾** دېگەن ئايەتلىرىنى يەھۇدىيلاردىن بولغان ئىككى گۇرۇھ ھەققىدە نازىل قىلغان بولۇپ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى بوزەك قىلىپ، كۈچلۈك گۇرۇھنىڭ بىر ئادىمى ئاجىز گۇرۇھنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ دىيىتى 50 ۋەسەق ئاشلىق، ئاجىز گۇرۇھنىڭ بىر ئادىمى كۈچلۈك گۇرۇھنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ دىيىتى 100 ۋەسەق بولىدۇ دەپ كېلىشكەن. تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەنگە قەدەر شۇنداق قىلىشىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن ھەر ئىككى گۇرۇھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ كېلىشىمىنى ئېتىراپ قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاجىز گۇرۇھتىكى بىرسى كۈچلۈك گۇرۇھنىڭ بىر ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان. كۈچلۈك گۇرۇھتىكىلەر: بىزگە 100 ۋەسەق ئاشلىق دىيەت بېرىڭلار، ـ دېگەندە، ئاجىز گۇرۇھتىكىلەر: بىزنىڭ دىنىمىز بىر، يۇرتىمىز بىر، دىيىتىمىز بىر تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ سىلەر بىز تۆلىگەننىڭ يېرىمىنى تۆلەيدىكەنسىلەر؟ بىز بۇرۇن سىلەرگە بوزەك بولۇپ قالغاچقا سىلەردىن قورقۇپ شۇنداق تۆلەپ كەلگەن ئىدۇق. ھازىر مۇھەممەد كەلدى. ئەمدى ئۇنداق بەرمەيمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى گۇرۇھنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىغىلى تاس قالدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆكۈم قىلدۇرماقچى بولۇپ كېلىشتى. كۈچلۈك گۇرۇھ ئۆز ئىچىدە مۇنداق دېيىشتى: مۇھەممەد ھەرگىز بىزگە ئۇلاردىن ئالىدىغان دىيەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى ئېلىپ بەرمەيدۇ. بىزنىڭ قارشىمىزدىكى گۇرۇھ راست ئېيتىدۇ. ئۇلار بۇرۇن بىزدىن قورققانلىقى ئۈچۈن دىيەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى تۆلەپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن مۇھەممەدنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ رايىنى بىلىپ باقايلى. ئەگەر بىزگە ئىككى ھەسسە دىيەت تۆلىتىپ بەرسە، ئۇنى ھۆكۈم قىلدۇرايلى. ناۋادا تۆلىتىپ بەرمىسە، ھۆكۈم قىلدۇرمايلى. ئۇلار شۇ مەسلىھەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بەزى مۇناپىقلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، اﷲ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە كىشىلەرنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنى بىلدۈرۈپ بۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. بۇنى ئىمام ئەبۇ داۋۇدمۇ شۇنداقراق رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مائىدە سۈرىسىدىكى: **﴿ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ، (يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ). ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ (چۈنكى اﷲ سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، اﷲ**

**ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ﴿** دېگەن ئايەت بەنى نەزىر بىلەن بەنى قۇرەيزە جەمەتىنىڭ ئوتتۇرىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتى ھەققىدە چۈشكەن. سەۋەبى بەنى نەزىر جەمەتى ئابرويلۇقراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دىيىتى تولۇق تۆلىنەتتى. بەنى قۇرەيزە جەمەتىگە بولسا، دىيەتنىڭ يېرىمى تۆلىنەتتى. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا دەۋالىشىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا يۇقىرىقى ئايەتنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇ ئىشتا ئادالەتكە بويسۇندۇرۇپ، تۆلەمنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا تەڭ باراۋەر قىلدى. بۇ ۋەقەلىكنى يەنە ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئىبنى ئىسھاقتىن شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئەۋفي ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ رىۋايەتلەرنىڭ زىنا قىلغان ئىككى يەھۇدىي ھەققىدە نازىل قىلىنغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بەلكى بۇ ئايەتلەر بۇ ئىككى ئىش ئۈچۈن نازىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ ئايەتلەردىن كېيىنلا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز...﴾[1]. مانا بۇ، ئايەت يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ قىساس مەسىلىسى توغرىسىدا نازىل بولغانلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

**﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾** بەرا ئىبنى ئازىب، ھۇزەيفە ئىبنى يەمان، ئىبنى ئابباس، ئەبۇمەجلەز، ئەبۇرىجا ئەتارىدى، ئىكرىمە، ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئابدۇللاھ ھەسەنبەسرى ۋە باشقىلار: بۇ ئايەت ئەھلى كىتاب ھەققىدە چۈشكەن، ـ دەيدۇ. ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتلەرگە ئەمەل قىلىش بىزگىمۇ ۋاجىبتۇر، ـ دەپ قېتىپ قويىدى.

ئىبنى جەرىر ئىبراھىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتلەر ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدە چۈشكەن، **الله** تائالا ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگىمۇ مۇۋاپىق كۆرگەن.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى **الله** تائالا نازىل قىلغان ھۆكۈمنى ئىنكار قىلسا، ئۇ كاپىر ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ئۇنى ئەستىقلاپ ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا، ئۇ زالىم، پاسىق ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى جەرىر تاۋۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباستىن **الله** تائالانىڭ: **﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: ئاشۇ ئايەتكە كۇپۇرلۇق قىلغانلىقتۇر، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن. تاۋۇس بۇ ھەقتە: **الله** تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى كۇپۇرلۇق **الله** تائالانى، پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ كۇپۇرلىقىنىڭ دەرىجىسىدىكى كۇپۇرلۇق ئەمەس، ـ دەيدۇ.

ئىبنى جۇرەيج ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ كۇپۇرلۇق چوڭ كۇپۇرلۇققا

(1) مائىدە سۈرىسى 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەتمەيدىغان، زۇلۇم چوڭ زۇلۇمغا يەتمەيدىغان، پاسىقلىق چوڭ پاسىقلىققا يەتمەيدىغان پاسىقلىقتۇر. تاۋۇس يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ كۇپۇرلۇق ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان دەرىجىدىكى كۇپۇرلۇق ئەمەس.

* * * * * * *

وَكَتَبْنَا عَلَيْهِمْ فِيهَآ أَنَّ ٱلنَّفْسَ بِٱلنَّفْسِ وَٱلْعَيْنَ بِٱلْعَيْنِ وَٱلْأَنفَ بِٱلْأَنفِ وَٱلْأُذُنَ بِٱلْأُذُنِ وَٱلسِّنَّ بِٱلسِّنِّ وَٱلْجُرُوحَ قِصَاصٌ ۚ فَمَن تَصَدَّقَ بِهِۦ فَهُوَ كَفَّارَةٌ لَّهُۥ ۚ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٥﴾

ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا) بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كەففارەت بولىدۇ، الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴿45﴾.

مانا بۇ ئايەتمۇ يەھۇدىيلارغا كايىپ، ئۇلارنى ئەيىبلىگەن ئايەتلەردىندۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى تەۋراتنىڭ تېكىستىدە: جانغا جان،- دەپ بار بولۇپ، بۇلار ئاشۇ ھۆكۈمگە كاجلىق بىلەن قەستەن خىلاپلىق قىلىشقان. ئۇلار بەنى قۇرەيزىلىككە بەنى نەزىرلىكتىن قىساس ئېلىپ بېرىپ، بەنى نەزىرلىككە بەنى قۇرەيزىلىكتىن قىساس ئېلىپ بەرمەي دىيەت تۆلەتكەن. بۇ خۇددى ئۇلارنى قوللىرىدىكى تەۋراتنىڭ ئۆيلەنگەن بىرى زىنا قىلغان تەقدىردە ئۇنى چالما - كېسەك قىلىش جازاسىنى بېرىش ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەررە ئۇرۇش ۋە يۈزىگە قارا سۈركەپ، سازايى قىلىشتەك يەڭگىلرەك جازانى ئىجرا قىلىشۋالغىنىغا ئوخشاشتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[1]. چۈنكى ئۇلار الله تائالانىڭ ھۆكمىگە كاجلىق بىلەن قەستەن كۇپۇرلۇق قىلغان.

**﴿الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴾** چۈنكى ئۇلار ئادالەت ۋە باراۋەرلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشتا مەزلۇمنىڭ ھەققىنى زالىمدىن ئېلىپ بەرمىگەن، الله تائالانىڭ ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلىپ زۇلۇم قىلغان، ئۆزئارا بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقان زالىملاردۇر.

(1) مائىدە سۈرىسى 44 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئايال كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئەر كىشىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى

ئىمام ئەبۇنەسىر ئىبنى سەبباغ «شامىل» دېگەن كىتابىدا ئالىملارنىڭ بۇ ئايەتنىڭ ئۆلتۈرۈلگۈچى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، جانغا جان ئېلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەزھەب ئىماملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئايەتنى ئايال كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئەر كىشىنىڭمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىغا دەلىل قىلغان.

ئىمام نەسەئى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر ئىبنى ھەزمگە: «ئايال كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئەر كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەپ خەت يازغانلىقى، «مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى باب - باراۋەر» دېگەن ھەدىسلەردىمۇ ئەر كىشى ئايال كىشىنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ھۆكۈم كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرمۇ ئىمام ئەبۇنەسىر ئىبنى سەبباغنىڭ كۆزقارىشىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنەسنىڭ ھاما ئاچىسى رۇبەييىئ بىر كىچىك قىزنىڭ ئۇدۇل چىشىنى تۆكۈۋەتكەن ئىدى. رۇبەييىئنىڭ ئانا جەمەتى قىزچاقنىڭ ئائىلىسىدىن كەچۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار ئۇنىماي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «قىساس ئېلىنىدۇ» دېگەن. رۇبەييىئنىڭ ئاكىسى ئەنەس ئىبنى ئەنزە بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! رۇبەييىئدەك بىر ئايالنىڭ چىشىنى تۆكەمسەن؟ - دەيدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئېيتىشىچە، كېيىن قىزچاقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كەچۈرۈپ، قىساس ئالماسلىققا رازى بولۇشقان. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: «**الله** تائالانىڭ شۇنداق بەندىلىرى باركى، **الله** تائالا بىلەن قەسەم قىلسا، **الله** تائالا چوقۇم ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

## يارىلاندۇرۇشنىڭ قىساسى

﴿(كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جانغا جان ئېلىنىدۇ، كۆزگە كۆز ئويۇلىدۇ، بۇرۇنغان بۇرۇن كېسىلىدۇ، چىشقا چىش تۆكۈلىدۇ ۋە يارىلاندۇرۇشقا يارىلاندۇرۇش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ.

بۇنىڭدا ھۆر مۇسۇلمانلار ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ئۆزئارا باراۋەر بولىدۇ. يەنى جىنايەت قەستەن بولسا، ئۆلتۈرۈش ۋە ئەزانى يارىلاندۇرۇشتا ھەممە ھۆر مۇسۇلمان باراۋەردۇر. قۇللارمۇ ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ئۆزئارا باراۋەر بولىدۇ. بۇنى ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

## جاراھەتلەندۈرگۈچىدىن قىساس ئېلىشنىڭ قائىدىسى

يارىلانغۇچىنىڭ يارىسى سەللىمازا ساقىيىپ بولغۇچە قىساس ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ساقىيىپ بىر تەرەپ بولغۇچە يارىلاندۇرغۇچىدىن قىساس ئېلىنسا، ئاندىن يارىلانغۇچىنىڭ يارىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتسە، ئۇ يارىلاندۇرغۇچىدىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلالمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئەمر ئىبنى شۇئەيبىنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ پۇتىنى مۈڭگۈز بىلەن يارىلاندۇرغان ئىدى. يارىلانغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ماڭا قىساس ئېلىپ بەرگىن» دەپ تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ساقايغىچە ساقلىغىن» دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ماڭا قىساس ئېلىپ بەرگىن» دەپ تۇرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەردى. كېيىن ئۇ ئادەم: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن توكۇر بولۇپ قالدىم، ـ دەپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن سېنى توسسام ئۇنىماي ماڭا خىلاپلىق قىلدىڭ، شۇڭا الله تائالا ساڭا غەزەپلىنىپ، سېنىڭ توكۇرلۇقىڭنىڭ تۆلىمىنى بىكار قىلىۋەتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يارىلانغۇچى ساقىيىپ بولمىغۇچە قىساس ئېلىشنى چەكلىدى.

ئەگەر يارىلانغۇچى يارىلاندۇرغۇچىدىن قىساس ئالسا، يارىلاندۇرغۇچى قىساس ئېلىنغانلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ قالسا، قىساس ئالغۇچىغا ھېچقانداق مەسئۇلىيەت كەلمەيدۇ. بۇ ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ۋە كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر[1].

## ھەق ئىگىسىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشى بىلەن جىنايەتچىنىڭ الله تائالا ئالدىدىكى گۇناھىنىڭ يۇيۇلىدىغانلىقى

**﴿كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا) بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كەففارەت بولىدۇ﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى كەچۈرۈۋېتىپ، قىساس ئالماسلىققا رازى بولسا، ئۇ جىنايەتچىنىڭ الله ئالدىدىكى گۇناھى يۇيۇلىدۇ. كەچۈرۈۋەتكۈچىگە ئەجىر ـ ساۋاب بولىدۇ.

سۇفيان سەۋرى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى قىساس ئالماسلىققا رازى بولسا، ئۇنىڭ رازى بولۇشى، ئۇ جىنايەتچىنىڭ گۇناھىنى يۇيىۋېتىدۇ.

---

(1) ئىمام ئەبۇھەنىيفە: قىساس ئالغۇچىغا قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن دىيەت تۆلەش ۋاجىب بولىدۇ. بۇ دىيەت قىساس ئېلىنىپ بېرىلگۈچىنىڭ مېلىدىن ئېلىنىدۇ، ـ دەپ قارايدۇ. ئامىر، شەئبىي، ئەتا، تائۇس، ئەمر ئىبنى دىنار، ھارىس ئۇكلى، مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇسۇلايمان، زۆھرى ۋە سۇفيان سەۋرى قاتارلىقلار: بۇ دىيەت قىساس ئېلىپ بېرىلگۈچىنىڭ مىراسخور بولالايدىغان كىشىلەرنىڭ مېلىدىن ئېلىنىدۇ، ـ دەپ قارايدۇ. ئىبنى مەسئۇد، ئىبراھىم نەخەئىي، ھەكىم ئىبنى ئۇتبە ۋە ئوسمان بەتتى قاتارلىقلار: دىيەت قىساس ئېلىنىپ بېرىلگۈچىنىڭ مېلىدىن يارىسىنىڭ تۆلىمىگە چۈشلۇق قىسمى ئېلىپ قېلىنىپ، ئاشقان قىسمى تۆلىنىدۇ، ـ دەپ قارايدۇ.

ﷲ كەچۈرگۈچىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەممۇ رىۋايەت قىلغان.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ: يارىلانغۇچىنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈۋېتىلىدۇ، ـ دېگەن. بۇ قاراش ھەسەنبەسرى، ئىبراھىم نەخەئىي ۋە ئەبۇئىسھاق ھەمەدانى قاتارلىقلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ھەر قانداق بىر ئادەم مەلۇم بىر ئەزاسىنى يارىلاندۇرغۇچىنى كەچۈرۈۋەتسە، ﷲ تائالا ئۇنىڭ كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ئۆلچۈن گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ». بۇنى ئىمام ئىبنى جەرىر ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿ﷲ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدا تاۋۇس ۋە ئەتانىڭ: چوڭ كۇپۇرلۇقتىن تۆۋەنرەك كۇپۇرلۇق، چوڭ زۇلۇمدىن تۆۋەنرەك زۇلۇم، چوڭ پاسىقلىقتىن تۆۋەنرەك پاسىقلىق، ـ دېگەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى.

* * * * * * *

وَقَفَّيْنَا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم بِعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ ۖ وَءَاتَيْنَٰهُ ٱلْإِنجِيلَ فِيهِ هُدًى
وَنُورٌ وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلتَّوْرَىٰةِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٤٦﴾ وَلْيَحْكُمْ أَهْلُ ٱلْإِنجِيلِ
بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فِيهِ ۚ وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٤٧﴾

ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۇزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ ﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند ـ نەسىھەتتۇر﴿46﴾. ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) ﷲ ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ﷲ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر﴿47﴾.



## ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئېلىنىشى ۋە ئىنجىلنىڭ مەدھىيلىنىشى

**﴿ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ ﷲ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)﴾** يەنى بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگەشتۈرۈپ،

مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تەۋراتقا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلغان ھالدا ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق. ئۇنىڭدا ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلىدىغان، قايمۇقۇش ۋە ئازغۇنلۇقلارنى تۈگىتىدىغان، روشەنلەشتۈرگۈچى نۇر بار. ئاز بىر قىسىم ئەھكاملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ تەۋرات ئەھكاملىرىنى تەستىقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.

باشقا بىر ئايەتتە ئىسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلغا: ﴿**مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغان ھالدا (كەلدىم)، سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن (كەلدىم)**﴾ دېگەن. يەنى مەن سىلەرگە چەكلەنگەن نەرسىلەرنىڭ بەزىسىدىن چەكلىمىنى كۆتۈرۈۋەتكىلى كەلدىم. شۇڭا ئۆلىمالارنىڭ ئىككى خىل كۆز قارىشىنىڭ مەشھۇرراقى ئىنجىل تەۋراتنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان دېگەن قاراشتۇر.

﴿**تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند - نەسىھەتتۇر**﴾ يەنى ئىنجىلنى اللە تائالادىن قورقۇپ، اللە تائالانىڭ غەزىپىدىن ساقلىناي دېگۈچىلەرگە گۇناھلارنى قىلىشتىن توسقۇچى ۋە ھىدايەت قىلغۇچى قىلدۇق.

﴿**ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) اللە ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن**﴾ بۇ ئايەتنىڭ ئوقۇلۇشى ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنچى خىل ئوقۇلۇشىنىڭ مەنىسى مۇنداق: بىز ئىنجىلنى ئىنجىل ئەھلى ئۆز زامانىدا ئىنجىل بىلەن ھۆكۈم قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق. ئىككىنچى خىل ئوقۇلۇشىنىڭ مەنىسى: ئىنجىلدىكى ھەممە نەرسىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغان خۇش - خەۋىرىگىمۇ ئىمان كەلتۈرۈڭلار. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغىچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر»﴾[1] ﴿ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممىي پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا - كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[2].

(1) مائىدە سۈرىسى 68 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 157 - ئايەت.

﴿**الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بوي سۇنماي، باش تارتقانلار ۋە ھەقنى تاشلاپ باتىلغا ئېسىلغانلار پاسىقلاردۇر. يۇقىرىدا بۇ ئايەتنىڭ خىرىستىيانلار ھەققىدە چۈشكەنلىكى بايان قىلىندى. ئايەتنىڭ باش ـ ئايىغىغا باغلانغان مەزمۇنىمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

* * * * * * *

وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ ٱلْكِتَٰبِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ ۖ
فَٱحْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ ۖ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ عَمَّا جَآءَكَ مِنَ ٱلْحَقِّ ۚ لِكُلٍّ جَعَلْنَا
مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَلَٰكِن لِّيَبْلُوَكُمْ فِى مَآ ءَاتَىٰكُمْ ۖ
فَٱسْتَبِقُوا۟ ٱلْخَيْرَٰتِ ۚ إِلَى ٱللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿٤٨﴾
وَأَنِ ٱحْكُم بَيْنَهُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَآءَهُمْ وَٱحْذَرْهُمْ أَن يَفْتِنُوكَ عَنۢ بَعْضِ مَآ أَنزَلَ
ٱللَّهُ إِلَيْكَ ۖ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَٱعْلَمْ أَنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُصِيبَهُم بِبَعْضِ ذُنُوبِهِمْ ۗ وَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِ لَفَٰسِقُونَ
﴿٤٩﴾ أَفَحُكْمَ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ يَبْغُونَ ۚ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿٥٠﴾

(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋىي) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن الله سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) الله سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴿48﴾. ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر ئۇلار (الله ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر)﴿49﴾. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (الله غا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە الله دىنمۇ ئادىل كىم بار﴿50﴾.

## قۇرئاننىڭ مەدھىيىلىنىشى، سۈپەتلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا ئۆزى بىۋاستە سۆزلەشكەن پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان تەۋراتنى تىلغا ئېلىپ ۋە ئۇنى مەدھىيىلەپ، ئۆز زامانىسىدىكىلەرنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئىدى. شۇنداقلا ئىنجىلنىمۇ تىلغا ئېلىپ ۋە ئۇنى مەدھىيىلەپ، ئۆز زامانىسىدىكىلەرنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئىدى.

بۇ يەردە بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دىدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋىي) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق﴾** يەنى قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان راستچىللىق بىلەن، ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (قۇرئان تەسۋىرلەنگەن) ۋە قۇرئاننى مەدھىيىلىگەن، قۇرئاننىڭ الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان كىتابلارنى تەستىقلاپ نازىل قىلدۇق. بۇ جەھەتتىن قۇرئاننىڭ يۇقىرىقى كىتابلاردا خەۋەر بېرىلگىنىدەك، نازىل قىلىنىشى ئەھلى كىتابلاردىن بولغان، الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان، شەرىئىتىگە ئەگەشكەن ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرئانغا ئىشىنىڭلار ياكى ئىشەنمەڭلار (مەيلى، چۈنكى ئىشىنىشىڭلار ئۇنىڭغا كامالەت، ئىشەنمەسلىكىڭلار ئۇنىڭغا نۇقسان ئېلىپ كەلمەيدۇ)» دېگىن. شۈبھىسىزكى، قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ» دەيدۇ﴾[1] يەنى قۇرئان ئىلگىرى كىتاب نازىل قىلىنغانلارغا ئوقۇلسا، ئۇلار الله تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ۋەدە قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولغان سۆزى شەكسىز ۋە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، ـ دەپ سەجدە قىلىدۇ.

**﴿ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى﴾** سۇفيان سەۋرى ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇنىڭغا ئامانەت قويۇلغان. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئىشەنچلىك دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەپ كەلدى. يەنى قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى ھەممە كىتابلارنىڭ كۆزەتچىسىدۇر. بۇ قاراش ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، مۇھەممەد ئىبنى كەئب، ئەتىيە، ھەسەن، قەتادە، ئەتا، سۇددى ۋە ئىبنى زەيد قاتارلىقلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ كۆزەتچىسىدۇر. ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ھۆكۈملىرىدىن قۇرئانغا مۇۋاپىق كەلگىنى توغرا، مۇۋاپىق كەلمىگىنى

(1) ئىسرا سۈرىسى 107 ــ 108 ـ ئايەتلەر.

باتىل ھېسابلىنىدۇ. ۋالبىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئىلگىرىكى كىتابلارغا گۇۋاھچى، ـ دەپ رىۋايەت قىلغان. مۇجاھىد، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان. ئەۋفىي ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرئان ئىلگىرىكى كىتابلارغا ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.

بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر. چۈنكى ئايەت مۇشۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا قۇرئان ئىلگىرىكى كىتابلارغا كۆزەتچى، گۇۋاھچى ۋە ھۆكۈمراندۇر. **الله** تائالا بارلىق كىتابلارنىڭ ئاخىرىدا نازىل قىلغان، مۇشۇ كاتتا كىتاب ـ قۇرئان كەرىمنى ئىلگىرىكى بارلىق كىتابلاردىن ئۇلۇغ ۋە ئۇ كىتابلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئالمىغان ئارتۇقچىلىقلارنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ھالەتتە نازىل قىلدى.

شۇڭا قۇرئاننى ھەممە كىتابلارغا كۆزەتچى، گۇۋاھچى ۋە ھۆكۈمران قىلدى. ئۇنى ساقلاشنى **الله** ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز﴾[1].

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! ئەرەب ياكى ئەرەبتىن باشقا مىللەت بولسۇن، كىتاب نازىل قىلىنغان ياكى نازىل قىلىنمىغان بولسۇن، بارلىق ئىنسانلار ئارىسىدا **الله** تائالا ساڭا مۇشۇ ئۇلۇغ كىتابتا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن قالغان ۋە سېنىڭ شەرىئىتىڭدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلماي بېكىتىلگەن ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم قىلغىن.

بۇنى ئىبنى جەرىرمۇ شۇنداق مەنىدە تەپسىر قىلغان. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خالىسا ھۆكۈم قىلاتتى، خالىسا ھۆكۈم قىلماي، ئۇلارنى ئۆز قانۇنلىرىغا قايتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن **الله** تائالا: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ كىتابىمىز قۇرئانى كەرىمدىكى شەرىئەتكە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇدى.

**﴿ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان ئېتىقاد ـ قاراشلىرىغا ئەگەشمىگىن. ئۇلار شۇ ئېتىقاد قاراشلىرى سەۋەبىدىن **الله** تائالا پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان قانۇننى تاشلاپ قويغان.

**﴿(ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىردىن يول قىلدۇق.

**﴿ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى)﴾** بۇ بارلىق ئۈممەتلەرگە قىلىنغان خىتاب بولۇپ، بۇ **الله** تائالانىڭ خالىسا بارلىق ئىنسانلارنى بىر دىنغا، بىر قانۇنغا بويسۇندۇرىدىغان قىلىۋېتەلەيدىغان ئۇلۇغ قۇدرىتىنى

(1) ھىجر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

نامايەندە قىلىشىدۇر. لېكىن الله تائالا ھەر بىر پەيغەمبەرگە خاس شەرىئەت بەلگىلەپ، ئاندىن بۇ شەرىئەتنى ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى كېيىنكى پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئاخىرىدا ھەممە شەرىئەت ـ قانۇنلارنى پۈتۈن زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتكەن ئاخىرقى پەيغەمبىرى، ئۆزىنىڭ بەندىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغان.

**﴿لېكىن الله سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى)﴾** يەنى الله تائالا بەندىلىرىنى سىناپ بويسۇنغانلارنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك شەرىئەت ـ قانۇنلارنى بەلگىلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتاب بىلەن سىلەرنى سىناش ئۈچۈندۇر دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

الله تائالا بەندىلىرىنى ياخشى ئىشقا ئالدىراشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار﴾** يەنى الله تائالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ، ئىلگىرىكى شەرىئەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئاخىرقى شەرىئەتكە ئەگىشىپ، ئاخىرقى قېتىم نازىل قىلىنغان كىتابى قۇرئان كەرىمگە ئىشىنىشكە ئالدىراڭلار.

**﴿ھەممىڭلار الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر﴾** يەنى ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ قايتىدىغان ۋە قىيامەت كۈنىدە بارىدىغان جايىڭلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر.

**﴿سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) الله سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴾** يەنى سىلەرنىڭ ھەقىقەتكە ئۇنىماي ئىختىلاپلاشقىنىڭلارنى سىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇپ، راستچىللارنىڭ راستچىللىقىغا مۇكاپات بېرىدۇ. ھەقتىن تانغان ۋە ئىشەنمىگەن ھەمدە ھەقنى تاشلاپ ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان نەرسىلەرگە ئېسىلىۋالغان ۋە دەلىل ـ ئىسپاتقا كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالغان كاپىرلارنى ئازابلايدۇ.

زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇشقا ئالدىراڭلار. بۇ ئايەتكە يۇقىرىدا بېرىلگەن مەنە زەھھاك بەرگەن تەپسىردىن كۈچلۈكتۇر.

**﴿ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن﴾** بۇ الله تائالانىڭ ئىلگىرى تاپىلىغان ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماسلىق دېگەن بۇيرۇقنى قايتا تەكىتلەشتۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن﴾** يەنى سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ بولغان يەھۇدىيلارنىڭ ساڭا يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىدە ھەقنى بۇرمىلاپ يەتكۈزۈشىدىن ئېھتىيات قىلغىن، ئۇلارغا ئالدانما. چۈنكى ئۇلار خائىن، يالغانچى، كاپىرلاردۇر.

**﴿ئەگەر ئۇلار (الله ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ﴾** يەنى

ئۇلار سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغان ھەقىقەتكە ئۇنىماي، **الله** تائالانىڭ شەرىئىتىگە قارشىلىق قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى بۇرۇن قىلغان جىنايەتلىرى سەۋەبىدىن **الله** تائالانىڭ (ھېكمىتى بىلەن) ئۇلارنى توغرا يولدىن يىراقلاشتۇرۇشنى پۈتۈۋەتكەنلىكىدىن دەپ بىلگىن.

**﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەقكە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر)﴾** يەنى ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەقكە قارشى چىققۇچىلاردۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[1]، ﴿ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى **الله** نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ﴾[2].

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كەئب ئىبنى ئەسەد، ئىبنى سۇلابە، ئابدۇللاھ ئىبنى سۇرىيە ۋە شائىس ئىبنى قەيس قاتارلىقلار بىر ـ بىرىگە: «بىز مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارايلى، ئۇنى دىنىدىن ياندۇرۇۋېتەلىسەك ئەجەب ئەمەس» دېيىشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى مۇھەممەد! سەن بىزنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ موللىلىرى، چوڭلىرى ۋە ئېسىلزادىلىرى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىسەن. ئەگەر بىز ساڭا ئەگىشىدىغان بولساق پۈتۈن يەھۇدىيلار بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ساڭا ئەگىشىدۇ. بىز بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپلىق بىر مەسىلە بار. بىز ئۇلارنى بۇ مەسىلىدە سېنى ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا ماقۇل كەلتۈرسەك، سەن بىزگە يان بېسىپ ھۆكۈم چىقارساڭ، بىز ساڭا ئىمان ئېيتىپ ئەگىشىمىز» دەپ تەكلىپ بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، **الله** تائالا: **﴿ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن. ئەگەر ئۇلار (الله ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەقكە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر)﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. بۇنى ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ھاتەممۇ رىۋايەت قىلغان.

**الله** تائالا ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى كىشىلەردەك خاتا قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلغان، موڭغۇللاردەك چىڭگىزخان ۋاقتىدىكى يەھۇدىي، خىرىستىئان، ئىسلام دىنى ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك قانۇنلاردىن تاللاپ تۈزۈپ بېرىلگەن، شەخسىي قاراش ۋە خاھىشلىرىغا ئاساسلانغان نۇرغۇن ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ ھەتتا قۇرئان ۋە ھەدىسنىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇۋالغان «ياساق» تىن ئىبارەت قانۇنلىرى

(1) يۇسۇف سۈرىسى 103 ـ ئايەت.
(2) ئەنئام سۈرىسى 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن ھۆكۈم قىلغان، ھەممە ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەممە يامانلىقتىن توسقان الله تائالانىڭ مۇستەھكەم قانۇنىنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادەملەر ئۆز خاھىشى بويىچە دەلىل ـ ئىسپاتسىز پەيدا قىلىۋالغان تۈزۈملەرگە ئېسىلىۋالغانلارنى تەنقىد قىلغان. كىمكى شۇنداق قىلسا، كاپىر بولىدۇ. ئۇ تاكى الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە قايتمىغۇچە، ئۇنىڭدىن باشقىنى ئازراقمۇ ھۆكۈم قىلمايدىغان بولغۇچە، ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىش كېرەك.

﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟﴾ يەنى ئۇلار جاھىلىيەت قانۇنلىرىنى خالامدۇ؟ جاھىلىيەت قانۇنلىرىنى مەقسەت قىلامدۇ؟ الله تائالانىڭ ھۆكمىنى تاشلاپ باشقىغا ئېسىلامدۇ؟ ﴿(الله غا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە الله دىنمۇ ئادىل كىم بار﴾ يەنى الله تائالانىڭ شەرىئىتىنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈپ، الله تائالانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ھاكىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بىر كىشى ئۈچۈن ئادىللىقتا الله تائالادىنمۇ ئادىل، ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا مېھرىبانلىقتا ئانا بالىسىغا مېھرىبان بولغاندىنمۇ بەكرەك مېھرىبان بولغان الله تائالادىن باشقا بىر مېھرىبان زات بارمۇ؟! چۈنكى الله تائالا ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە قۇدرىتى يەتكۈچى، ئادىل زاتتۇر.

ئىمام ئەبۇقاسىم تەبەرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئادەم ئىسلامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ جاھىلىيەت (ئىسلام دىنىنىڭ سىرتىدىكى) يولىنى خالايدىغان، بىر ئىنساننىڭ قېنىنى ناھەق تۆكمەن دەپ تۇرۇۋالغان ئادەمدۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى تېخىمۇ تەپسىلىي شەكىلدە رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلْيَهُودَ وَٱلنَّصَٰرَىٰٓ أَوْلِيَآءَ ۘ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ ۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُۥ
مِنْهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥١﴾ فَتَرَى ٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ يُسَٰرِعُونَ فِيهِمْ يَقُولُونَ
نَخْشَىٰٓ أَن تُصِيبَنَا دَآئِرَةٌ ۚ فَعَسَى ٱللَّهُ أَن يَأْتِىَ بِٱلْفَتْحِ أَوْ أَمْرٍ مِّنْ عِندِهِۦ فَيُصْبِحُواْ عَلَىٰ مَآ أَسَرُّواْ فِىٓ
أَنفُسِهِمْ نَٰدِمِينَ ﴿٥٢﴾ وَيَقُولُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَهَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقْسَمُواْ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَٰنِهِمْ ۙ إِنَّهُمْ لَمَعَكُمْ ۚ
حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ فَأَصْبَحُواْ خَٰسِرِينَ ﴿٥٣﴾

ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ﴿51﴾. دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن، الله (رەسۇلۇللاغا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (يەنى مەككىنى فەتھ قىلىشنى) ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (يەنى مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ﴿52﴾. (بۇ

مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ھىيلە ـ مىكرى پاش قىلىنغاندا) مۆمىنلەر (بىر ـ بىرىگە): «سىلەر بىلەن چوقۇم بىللە ئىكەنلىكلىرىگە **الله** نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەنلەرمۇ شۇ كىشىلەرمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلار (دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچى بولدى﴿53﴾.

## يەھۇدىي، خىرىستىئان ۋە باشقا ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن دوستلىشىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

**الله** تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى خىرىستىئان ۋە يەھۇدىيلاردەك ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كىشىلەر بىلەن دوستلىشىشتىن توستى. ئاندىن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن دوست ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ۋە ئۇلار بىلەن دوست بولغانلارغا قاتتىق تەھدىت سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ**﴾.

ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى ئېلىم ـ بېرىم ھېساباتلىرىنى بىر پارچە تېرىگە يېزىپ، ئۆزىگە مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئەبۇ مۇسانىڭ بىر خىرىستىئان كاتىبى بار بولۇپ، ئۇ كاتىبىنىڭ يازغان خېتى ئۆمەرگە سۇنۇلغاندا، ئۆمەر ئۇنىڭ خېتىنى يارىتىپ قېلىپ: سەن ھەقىقەتەن ئۇستا كاتىب ئىكەنسەن، شامدىن ماڭا كەلگەن بىر پارچە مەكتۇبنى مەسچىتتە ئوقۇپ بېرەمسەن؟ـ دېدى. كاتىب ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۆمەر: سەن يۇيۇنمىغانمىدىڭ؟ـ دەپ سورىدى. ئۇ: مەن خىرىستىئان،ـ دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، ئۆمەر ئۇنى قوپال سىلكىپ، پۇتىغا ئۇردى ۋە: ئۇنى چىقىرىۋېتىڭلار،ـ دەپ **الله** تائالانىڭ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇھەممەد ئىبنى سىرىيننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە: سىلەر تۇيماستىن يەھۇدىي ۋە خىرىستىئان بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىڭلار!ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى سىرىين بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبەنى بۇ سۆزدە **الله** تائالانىڭ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنى كۆزدە تۇتقانمىكىن دەپ گۇمان قىلىشتۇق،ـ دېدى.

﴿**دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن**﴾ يەنى سەن كۆڭلىدە گۇمان ۋە مۇناپىقلىق بارلارنىڭ ئۇلارنى دوست تۇتۇشقا، ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇشقا ئالدىراشقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلار كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتا ئەگەر كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى يېڭىۋالسا، بىزنىڭ دوستلىقىمىزنى ئۇنۇتماي بىزگە ياخشىلىق قىلار، نەتىجىدە بىز بەزى بالايى ـ ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇپ قالارمىز

دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ.

**﴿الله (رەسۇلۇللاغا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (يەنى مەككىنى فەتھە قىلىشنى) ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (يەنى مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ﴾** يەنى ئۇلار ئۇنداق قىلغىنى بىلەن، بەلكى الله تائالا مەككىنى پەتھى قىلىۋېتىشى ياكى مۇسۇلمانلارغا يەھۇدىي ـ خىرىستىئانلاردىن جىزيە (تۆلەم) ئالىدىغان نۇسرەت ئاتا قىلىۋېتىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا يەھۇدىي ـ خىرىستىئانلارنى دوست تۇتۇۋالغان مۇناپىقلار ئۇلارنى دوست تۇتقىنىغا ۋە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلغىنىغا، ھېچبىر پايدا زىيىنى بولمىغان دوستلۇق ئورنىتىپ (زىيان تارتقىنىغا) پۇشايمان قىلغۇچىلاردىن بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قىلغان دوستلۇقلىرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا مۆمىن بەندىلىرىگە ئاشكارىلاپ، ئۇلارنى رەسۋا قىلىدۇ. مۆمىن بەندىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئاشكارىلانغاندا، مۆمىن بەندىلەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۆمىن دەپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە يالغانچى، بوھتان چاپلىغۇچى ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(بۇ مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ھىيلە ـ مىكرى پاش قىلىنغاندا) مۆمىنلەر (بىر ـ بىرىگە): «سىلەر بىلەن چوقۇم بىللە ئىكەنلىكلىرىگە الله نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشكەنلەرمۇ شۇ كىشىلەرمۇ؟» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولدى، ئۇلار (دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچى بولدى﴾**.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرىنچى بولۇپ كېلىشىمنى بۇزغان قەبىلە بەنۇقەينۇقا قەبىلىسى ئىدى. ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار كېلىشىمنى بۇزغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قورشاۋغا ئالدى. ئاخىرى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا ماقۇل بولدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا چۈشكەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى مۇھەممەد! مېنىڭ دوستلىرىمغا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، ئۇلار خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىغان ئىدى. ئابدۇللاھ يەنە: ئى مۇھەممەد! دوستلىرىمغا ياخشىلىق قىلغان بولساڭ!ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا گەپ قىلماي يۈزىنى باشقا تەرەپكە ئۆرۈۋالدى. ئابدۇللاھ قولىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ يانچۇقىغا كىرگۈزگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مېنى قويىۋەت» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىدىن يۈزى تاتىرىپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ۋاي ساڭا! مېنى قويىۋەت» دېدى. ئابدۇللاھ: ياق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ دوستلىرىمغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلاردىن 400 ساۋۇت دوبۇلغىسىز ۋە 300 دۇبۇلغىلىق كىشىنى ماڭا بەرمىگىچە مەن سېنى قويىۋەتمەيمەن. ئۇلار مېنى ھەر قانداق دۈشمەندىن قوغدىغان تۇرسا، سەن ئۇلارنى بىردەمدىلا يوقىتىۋېتەمتىڭ؟ مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە (كاپىرلار غەلىبە قىلىپ) بىزگە پالاكەت كېلىشىدىن قورقىمەن،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇلار سېنىڭ بولسۇن» دېدى.

ئۇبادە ئىبنى ۋەلىيدنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە: بەنۇقەينۇقا جەمەتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشقاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ تۇرىۋالدى. ئۇبادە ئىبنى سامىت خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بەنى ئەۋف جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇمۇ بەنۇقەينۇقا بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدەكلا ئىتتىپاقداش ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! مەن **الله** تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىقىمنى بىكار قىلغانلىقىمنى، **الله** تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىغانلىقىمنى، كاپىرلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىدىن، دوستلىقىدىن ئادا - جۇدا بولغانلىقىمنى جاكارلايمەن. شۇنىڭ بىلەن **الله** تائالانىڭ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ...**﴾ دېگەن ئايەتلىرى ئۇبادە ئىبنى سامىت ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ھەققىدە نازىل بولدى.

* * * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِۦ فَسَوْفَ يَأْتِى ٱللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُۥٓ أَذِلَّةٍ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى ٱلْكَـٰفِرِينَ يُجَـٰهِدُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَآئِمٍ ۚ ذَٰلِكَ فَضْلُ ٱللَّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ ﴿٥٤﴾ إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُمْ رَٰكِعُونَ ﴿٥٥﴾ وَمَن يَتَوَلَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَإِنَّ حِزْبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلْغَـٰلِبُونَ ﴿٥٦﴾

ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، **الله** (ئۇنىڭ ئورنىغا) **الله** ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ **الله** نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، **الله** نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) **الله** نىڭ پەزلىدۇركى، (**الله** ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، **الله** (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (**الله** ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿54﴾. شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار **الله** دۇر، **الله** نىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۆمىنلەردۇركى، مۆمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (**الله** نىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر﴿55﴾. كىمكى **الله** نى، **الله** نىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، (ئۇ **الله** نىڭ جامائەسىدىندۇر) **الله** نىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر﴿56﴾.



## مۆمىنلەر دىنىدىن يانسا، ئورنىغا باشقا بىر مىللەتنىڭ كەلتۈرۈلىدىغانلىقى

﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ**﴾ **الله** تائالا بۇ ئايەتتە كىمكى **الله** تائالانىڭ دىنىنى ۋە شەرىئىتىنى

تىكلەشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق، كۈچلۈكرەك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ راۋۇرۇس، دىنىي قېرىنداشلىرىغا كەمتەر ۋە رەھىمدىل، دۈشمەنلىرىگە قەھرلىك ۋە شەپقەتسىز، **الله** تائالاغا تائەت قىلىشتا، **الله** تائالانىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا، ياخشىلىققا بۇيرۇشتا، يامانلىقتىن توسۇشتا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ھەرقانداق توسقۇچىنىڭ توسالغۇسىغا پەرۋا قىلمايدىغان، ھەر قانداق تاپا ـ تەنە ۋە مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان، ھەقىقىي مۆمىنلەرنى ئالماشتۇرىۋېتىشكە ئۆز تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ يېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئەگەر **الله** تائالا خالىسا، بۇ ئۇنىڭغا تەس ئەمەس. بۇ تاكى قىيامەتكە قەدەر بىر ئومۇمىي خىتابتۇر.

**الله** تائالا بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر (**الله** نىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، **الله** سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ﴾[1]، ﴿ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى **الله** نىڭ ھەق ئاساستا ياراتقانلىقىنى (يەنى بىكار ياراتمىغانلىقىنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر **الله** خالىسا، (ئى ئىنسانلار!) سىلەرنى يوق قىلىۋېتىپ (ئورنۇڭلارغا سىلەردىن ياخشى) يېڭى ئادەملەرنى يارىتىدۇ. بۇ **الله** غا قىيىن ئەمەس﴾[2].

**﴿مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ﴾** **الله** تائالا ھەقىقىي مۆمىنلەرنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىغا كەمتەر، كاپىلارغا قەھرلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇھەممەد **الله** نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر﴾[3] ۋە يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "كۈلدۈرگۈچى"، "كۈلۈمسىرىگۈچى"، "ئۇرۇشقۇچى" ياكى "جەڭ قىلغۇچى" دەپ سۈپەتلەنگەن. دېمەك، ئۇ دوستلىرىغا كۈلۈمسىرەيدۇ. دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دوستۇم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مېنى يەتتە ئىشقا بۇيرۇغان، ئۇلار: بىچارە، مىسكىنلەرگە ئامراق بولۇش ۋە ئۇلارغا يېقىنلىشىش، تۇرمۇشتا ئۆزەمدىن تۆۋەندىكىلەرگە قاراش ۋە ئۈستۈنلەرگە قارىماسلىق، باشقىلار سىلەر ـ رەھىمنى مەندىن ئۈزۈپ قويسىمۇ، ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، ھېچقانداق ئادەمدىن بىر نەرسە سورىماسلىق، ئاچچىق بولسىمۇ، ھەقنى سۆزلەش، **الله** يولىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىق، "لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ" نى كۆپ دېيىش قاتارلىقدۇر. سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئەرشنىڭ ئاستىدىن چىققان ئەڭگۈشتەرلەردۇر.

سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۆمىنگە ئۆزىنى ئۆزى خارلاش لايىق ئەمەس» دېگەندە، ساھابىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆزىنى ئۆزى قانداق خارلايدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر سىناقلارنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىبراھىم سۈرىسى 19 ــ 20 ـ ئايەتلەر.
(3) فەتىھ سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿**بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) اللّٰه نىڭ پەزلىدۇركى، (اللّٰه ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ**﴾ يەنى كىمكى يۇقىرىدىكى مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنسە، ئۇنىڭ بۇنداق سۈپەتلىنىشى چوقۇم اللّٰه تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مەرھەمىتىدىندۇر. ﴿**اللّٰه (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (اللّٰه ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى كىمنىڭ اللّٰه تائالانىڭ مەرھەمىتىگە لايىق بولىدىغانلىقىنى اللّٰه تائالا ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

﴿**شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار اللّٰه دۇر، اللّٰه نىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۆمىنلەردۇركى، مۆمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ**﴾ يەنى يەھۇدىيلار سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئەمەس، سىلەرنىڭ دوستلۇقىڭلار اللّٰه تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە خاستۇر.

بۇ يەردىكى دوستلۇققا لايىق بولغان مۆمىنلەر: شېرىكى يوق بىرلا اللّٰه تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان نامازنى تولۇق ئوقۇغان، پېقىر - مىسكىنلەرنىڭ ھەققى بولغان زاكاتنى بەرگەن مۆمىنلەردۇر.

﴿**ئۇلار (اللّٰه نىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر**﴾ بەزىلەر بۇ ئايەتنى رۇكۇ ھالىتىدە تۇرۇپ زاكات بىرىدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان، ناۋادا شۇنداق دېيىلگەن بولسا، زاكاتنى رۇكۇ قىلغان ھالەتتە بېرىش باشقا ھالەتتە بېرىشتىن ئەۋزەل بولغان بولاتتى. ئېتىبارغا ئالغۇچىلىكى بار ئالىملارنىڭ ھېچ بىرى بۇنداق دەپ قارىمىغان. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئايەتنىڭ ئەسلى مەنىسى: پەرز نامازلىرىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئۈچۈن اللّٰه تائالانىڭ مەسچىتلىرىگە كېلىدۇ. زاكاتلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا خەجلەيدۇ، - دېگەنلىك بولىدۇ.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى

يۇقىرىدا بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ، اللّٰه تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتۇشقا رازى بولغانلىقى ھەققىدە چۈشكەنلىكى بايان قىلىندى.

شۇڭا اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىمكى اللّٰه نى، اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، (ئۇ اللّٰه نىڭ جامائەسىدىندۇر) اللّٰه نىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر**﴾ اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، اللّٰه ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. اللّٰه غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ اللّٰه بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى - ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ - دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا اللّٰه ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، اللّٰه ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار

جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، الله دىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار الله نىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، الله نىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1]
يەنى الله تائالانىڭ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەرنىڭ دوستلۇقىغا رازى بولغان ھەر قانداق ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىق تاپقۇچى، (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) نۇسرەت بېرىلگۈچىدۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَكُمْ هُزُوًا وَلَعِبًا مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ وَٱلْكُفَّارَ أَوْلِيَآءَ ۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٥٧﴾ وَإِذَا نَادَيْتُمْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ ٱتَّخَذُوهَا هُزُوًا وَلَعِبًا ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَعْقِلُونَ ﴿٥٨﴾

ئى مۆمىنلەر سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى دوست قىلىۋالماڭلار. ئەگەر (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، الله دىن قورقۇڭلار﴿57﴾. سىلەر نامازغا چاقىرغان (يەنى ئەزان ئېيتقان) چېغىڭلاردا، ئۇلار نامازنى (ھەم سىلەرنى) مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (نامازنىڭ ھېكمىتىنى ۋە نامازنىڭ نەپسىنى پاكلاشتىكى غايىسىنى) چۈشەنمەس قەۋمدۇر﴿58﴾.

## كاپىرلار بىلەن دوستلىشىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

**﴿ئى مۆمىنلەر سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى دوست قىلىۋالماڭلار﴾** يەنى بۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە پايدىلىق مەنپەئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پاك ئىسلام شەرىئەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق پىكىرلىرى، ئويۇن ـ تاماشاسىغا سېلىشتۇرۇپ، بىكار ئىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدىغان مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىي ـ خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئىسلام دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇش ۋە ئۇلار بىلەن دوستلىشىشتىن يىرگەندۈرۈشتۇر.

**﴿ئەگەر (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، الله دىن قورقۇڭلار﴾** يەنى ئەگەر سىلەر الله تائالانىڭ شەرىئىتىگە ئىشەنسەڭلار، دىنىنى مەسخىرە قىلغان، سىلەرگە ۋە دىنىڭلارغا دۈشمەنلىك قىلغان كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتا الله تائالادىن قورقۇڭلار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن

(1) مۇجادەلە سۈرىسى 21 ـــ 22 ـ ئايەتلەر.

قورقۇتىدۇ، ئاخىرى قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر﴾[1].

## كاپىرلارنىڭ ناماز ۋە ئەزاننى مەسخىرە قىلىدىغانلىقى

**﴿سىلەر نامازغا چاقىرغان (يەنى ئەزان ئېيتقان) چېغىڭلاردا، ئۇلار نامازنى (ھەم سىلەرنى) مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىدۇ﴾** يەنى ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئەمەللەرنىڭ بىرى بولغان نامازغا چاقىرىپ ئەزان ئېيتقىنىڭلاردا، ئۇلار مەسخىرە قىلىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەنىسىنى، شەرىئەتلىرىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇنداق قىلىش شەيتاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ: «شەيتان ئەزاننى ئاڭلىغاندا ئۇنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئاۋازلىق ئوسۇرغان ھالەتتە تىكىۋېتىدۇ. ئەزان تۈگىگەندە قايتىپ كېلىدۇ. تەكبىر ئوقۇلسا، يەنە قاچىدۇ. تەكبىر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بەندىنىڭ كۆڭلىگە بۇنى ئويلا، بۇنى ئەسلە دەپ ۋەسۋەسە پەيدا قىلىپ، قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى بىلەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش ئۈچۈن قايتىپ كېلىدۇ. كىمكى شۇنداق ئىشقا دۇچ كەلسە، سالام بېرىشتىن بۇرۇن ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن». بۇ، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر.

ئىمام زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا كىتابىدا ئەزان ئېيتىشنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر نامازغا چاقىرغان (يەنى ئەزان ئېيتقان) چېغىڭلاردا، ئۇلار نامازنى (ھەم سىلەرنى) مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (نامازنىڭ ھېكمىتىنى ۋە نامازنىڭ نەپسىنى پاكلاشتىكى غايىسىنى) چۈشەنمەس قەۋمدۇر﴾** بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ هَلْ تَنقِمُونَ مِنَّآ إِلَّآ أَنْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبْلُ وَأَنَّ أَكْثَرَكُمْ فَٰسِقُونَ
﴿٥٩﴾ قُلْ هَلْ أُنَبِّئُكُم بِشَرٍّ مِّن ذَٰلِكَ مَثُوبَةً عِندَ ٱللَّهِ ۚ مَن لَّعَنَهُ ٱللَّهُ وَغَضِبَ عَلَيْهِ وَجَعَلَ مِنْهُمُ ٱلْقِرَدَةَ
وَٱلْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ ٱلطَّٰغُوتَ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ شَرٌّ مَّكَانًا وَأَضَلُّ عَن سَوَآءِ ٱلسَّبِيلِ ﴿٦٠﴾ وَإِذَا جَآءُوكُمْ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا
وَقَد دَّخَلُوا۟ بِٱلْكُفْرِ وَهُمْ قَدْ خَرَجُوا۟ بِهِۦ ۚ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِمَا كَانُوا۟ يَكْتُمُونَ ﴿٦١﴾ وَتَرَىٰ كَثِيرًا مِّنْهُمْ يُسَٰرِعُونَ فِى
ٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَأَكْلِهِمُ ٱلسُّحْتَ ۚ لَبِئْسَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿٦٢﴾ لَوْلَا يَنْهَىٰهُمُ ٱلرَّبَّٰنِيُّونَ وَٱلْأَحْبَارُ
عَن قَوْلِهِمُ ٱلْإِثْمَ وَأَكْلِهِمُ ٱلسُّحْتَ ۚ لَبِئْسَ مَا كَانُوا۟ يَصْنَعُونَ ﴿٦٣﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى)! پەقەت بىزنىڭ الله غا، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، بۇنىڭدىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار پاسىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بىزنى ئەيىبلەمسىلەر؟»﴿59﴾. (ئى مۇھەممەد!)

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

ئېيتقىنىكى، «سىلەرگە الله نىڭ نەزىرىدىكى بۇنىڭدىنمۇ يامان جازانى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ (ئۇ شۇنداق) كىشىلەرنىڭ (جازاسىكى)، الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، الله ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلدى، بىر قىسمىنى شەيتانغا ئىبادەت قىلىدىغان قىلدى، ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ ياماندۇر (يەنى دوزاختۇر)، (ئۇلار) توغرا يولدىن ئەڭ ئاداشقاندۇر»﴿60﴾. (يەھۇدىيلارنىڭ مۇناپىقلىرى) يېنىڭلارغا كەلگەن چاغدا، بىز ئىمان ئېيتتۇق، دەيدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇلار (ئى مۇھەممەد! يېنىڭغا) كۇفرى بىلەن كىرىپ، كۇفرى بىلەن چىقىپ كەتتى (يەنى سەندىن ئاڭلىغان ئىلىمدىن پايدىلانمىدى). الله ئۇلارنىڭ يوشۇرغان نەرسىسىنى (يەنى نىفاقىنى ۋە كۇفرىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴿61﴾. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھقا، زۇلۇم سېلىشقا ۋە ھارام يېيىشكە ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان﴿62﴾. ئۇلارنىڭ زاھىتلىرى، ئەھبارلىرى نېمىشقا ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن، ھارام يېيىشتىن توسمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴿63﴾

## مۆمىنلەر الله تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئەھلى كىتابلارنىڭ ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتنىڭ بېشىدا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سىلەرنى، دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇن قىلىۋالغان ئەھلى كىتابلارغا ئېيتقىنىكى: ﴿**«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى) پەقەت بىزنىڭ الله غا، بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) بۇنىڭدىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار پاسىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بىزنى ئەيىبلەمسىلەر؟»**﴾ يەنى سىلەرنىڭ بىزنى ئەيىبلەيدىغان بۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسەڭلار بارمۇ؟ بۇ ئەيىب ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا ئەيىبلەيدىغان باشقا بىر نەرسەڭلار يوق.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق الله غا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى﴾[1]، ﴿ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) يامان كۆرۈشى پەقەت الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر﴾[2].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: ئىبنى جەمىلنىڭ زاكات بېرىشنى يامان كۆرۈشى، ئۇ ئەسلىدە پېقىر بولۇپ، الله تائالا ئۇنى باي قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**﴿سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار پاسىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن﴾** دېگەن ئايەت: **﴿بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، بۇنىڭدىن ئىلگىرى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا**

(1) بۇرۇج سۈرىسى 8 ـ ئايەت.
(2) تەۋبە سۈرىسى 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئىمان ئېيتقانلىقىمىز﴾** دېگەن ئايەتكە باغلىنىشلىقتۇر. مەنىسى: سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلارنىڭ پاسىق ئىكەنلىكىڭلارغا ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىزنى يامان كۆرىسىلەر.

## ئەھلى كىتابنىڭ قىيامەت كۈنىدە ئەڭ يامان ئازابقا لايىق بولىدىغانلىقى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە الله نىڭ نەزىرىدىكى بۇنىڭدىنمۇ يامان جازانى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟»﴾** يەنى سىلەرگە قىيامەت كۈنىدە الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى سىلەر ئويلىغاندىنمۇ يامانراق جازانى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ شۇ جازاغا ئۇچرايدىغان كىشىلەر تۆۋەندىكى ئايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەردۇر:

**﴿الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن قوغلىدى. **﴿ئۇلارغا غەزەپ قىلدى﴾** يەنى كېيىن كەچۈرۈۋەتمەيدىغان دەرىجىدە قاتتىق غەزەپ قىلدى. **﴿الله ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلدى﴾** بۇ ئايەتنىڭ ئىزاھاتى بەقەرە سۈرىسىدە بايان قىلىنغان ئىدى. ئەئراف سۈرىسىدە يەنە بىر قېتىم بايان قىلىنىدۇ.

سۇفيان سەۋرى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن مايمۇنلار ۋە چوشقىلار ھەققىدە: بۇلار الله تائالا سۈرىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىنسانلارمۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «الله تائالا بىر قەۋمنى ھالاك قىلىۋەتسە ياكى ئىنسان سۈرىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتسە، ئۇلاردىن نەسىل قالدۇرمىدى. ۋەھالەنكى، ھازىرقى مايمۇن ۋە چوشقىلار بۇرۇنلا بار ئىدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿بىر قىسمىنى شەيتانغا ئىبادەت قىلىدىغان قىلدى﴾** يەنى ئۇلاردىن تاغۇتقا خىزمەت قىلىدىغان مالاي ۋە خىزمەتچىلەرنى قىلغان. بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئى (بىزنىڭ يالغۇز بىر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتەك پاك دىنىمىزغا تەنە قىلىدىغان) ئەھلى كىتابلار! قانداقمۇ سىلەردىن بۇنداق ئىشلار سادىر بولىدۇ؟ ھالبۇكى، سىلەردىن شۇ جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغان تۇرسا. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەنە شۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ ياماندۇر (يەنى دوزاختۇر)﴾** يەنى سىلەر بىزنى يامان دەپ ئويلىغىنىڭلاردىنمۇ بەكرەك ياماندۇرسىلەر. **﴿(ئۇلار) توغرا يولدىن ئەڭ ئاداشقاندۇر﴾** سىلەرگە تېگىشلىك بولغان شۇ ئورۇن، سىلەر بىزگە ئويلىغان يامان ئورۇندۇر.

## ئىماننى ئاشكارىلاپ، كۇپۇرلۇقنى يوشۇرۇشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئادەتلىرىدىن ئىكەنلىكى

**﴿(يەھۇدىلارنىڭ مۇناپىقلىرى) يېنىڭلارغا كەلگەن چاغدا، بىز ئىمان ئېيتتۇق، دەيدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇلار (ئى مۇھەممەد! يېنىڭغا) كۇفرى بىلەن كىرىپ كۇفرى بىلەن چىقىپ كەتتى (يەنى سەندىن ئاڭلىغان ئىلىمدىن پايدىلانمىدى)﴾** بۇ سۈپەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇناپىقلارنىڭ

سۈپەتلىرى بولۇپ، ئۇلار كۇپۇرلۇقنى قەلبلىرىدە ساقلاپ، تاشقى كۆرۈنۈشتە مۆمىنلەرگە ساختا مۇئامىلە قىلىدۇ.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (ئى مۇھەممەد! يېنىڭغا) كۇفرى بىلەن كىرىپ**﴾ ئى مۇھەممەد! ئۇلار سېنىڭ قېشىڭغا كۇپرىنى كۆتۈرۈپ كىردى. لېكىن سەندىن ئاڭلىغان ئىلىم ۋە ۋەز - نەسىھەتلەر ئۇلارغا كار قىلمىغان ھالەتتە يەنىلا كۆڭۈللىرىدە ﴿**كۇفرى بىلەن چىقىپ كەتتى**﴾.

﴿**الله ئۇلارنىڭ يوشۇرغان نەرسىسنى (يەنى نىفاقىنى ۋە كۇفرىنى) ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار كۆڭلىدىكى كۇپۇرلۇقنى يوشۇرۇپ، ساختىلىق قىلىپ، ئىنسانلارغا باشقا بىر نەرسىنى كۆرسەتكىنى بىلەن، الله تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ۋە سىرلىرىنى بىلگۈچىدۇر. چۈنكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نەرسىنىمۇ بىلگۈچى بولغان الله ھەممىنى ئاشۇ ئىنسانلاردىنمۇ ئوبدانىراق بىلىدۇ.

﴿**ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھقا، زۇلۇم سېلىشقا ۋە ھارام يېيىشكە ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرىسەن**﴾ يەنى ئۇلار گۇناھ ئىشلارغا، ھارام قىلىنغان نەرسىلەرگە، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا ۋە باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىلىش قاتارلىق چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ﴿**ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكى نېمىدېگەن يامان!

## يەھۇدىي موللىلارنىڭ كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكى

﴿**ئۇلارنىڭ زاھىتلىرى، ئەھبارلىرى نېمىشقا ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن، ھارام يېيىشتىن توسمايدۇ؟**﴾ يەنى الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىدىغان كىشىلەر، ئالىملار ئۇلارنى مۇنداق گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن توسسا بولماسمىدى؟ ﴿**ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىدىغانلارنىڭ ۋە ئالىملارنىڭ كىشىلەرنى گۇناھتىن توسمىغانلىقلىرى نېمىدېگەن يامان!

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرئان كەرىمدە مۇشۇ ئايەتتىنمۇ بەكرەك كايىغان ئايەت يوقتۇر.

ئىبنى ئەبۇھاتەم يەھيا ئىبنى يەئمۇرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ ئەلي ئىبنى ئەبۇتالىب خۇتبە ئوقۇپ، الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ئى خالايىق! سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر گۇناھ قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەقۋادارلار ۋە ئالىملار ئۇلارنى توسمىغاچقا ئۇلار گۇناھنى تېخىمۇ كۆپ قىلىۋەرگەن، ئاخىرى ئۇلار الله تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ھالاك بولغان ئىدى. سىلەرگىمۇ ئۇلارغا كەلگەن ھالاكەتنىڭ كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ياخشىلىققا بۇيرۇڭلار، يامانلىقتىن توسۇڭلار! بىلىپ قويۇڭلاركى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە

يامانلىقتىن توسۇش، رىزىقنى ئۈزۈپ قويمايدۇ، ئەجەلنى يېقىنلاشتۇرمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى جەرىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قايسى بىر مىللەتتە گۇناھ ئىشلارنى قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، ئۇ مىللەتنىڭ گۇناھ قىلغۇچىلارنى توسۇش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ، ئۇلارنى توسىمىسا، الله تائالا ئۇلارنى شۇ سەۋەبتىن بىرەر بالايىئاپەت بىلەن جازالايدۇ».

ئىمام ئەبۇ داۋۇدمۇ ئىبنى جەرىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «بىر كىشى بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە گۇناھ ئىشلارنى قىلسا، شۇ مىللەت ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قادىر تۇرۇپ ئۆزگەرتمەيدىكەن، شۇ مىللەت كىشىلىرىگە ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن الله تائالا چوقۇم (ئۇلارنى) بىرەر بالايىئاپەت بىلەن جازالايدۇ». بۇنى ئىمام ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ يَدُ ٱللَّهِ مَغْلُولَةٌ ۚ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ وَلُعِنُوا۟ بِمَا قَالُوا۟ ۘ بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ يُنفِقُ
كَيْفَ يَشَآءُ ۚ وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَٰنًا وَكُفْرًا ۚ وَأَلْقَيْنَا بَيْنَهُمُ
ٱلْعَدَٰوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ كُلَّمَآ أَوْقَدُوا۟ نَارًا لِّلْحَرْبِ أَطْفَأَهَا ٱللَّهُ ۚ وَيَسْعَوْنَ فِى
ٱلْأَرْضِ فَسَادًا ۚ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٦٤﴾ وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ ءَامَنُوا۟ وَٱتَّقَوْا۟
لَكَفَّرْنَا عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ وَلَأَدْخَلْنَٰهُمْ جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٦٥﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ أَقَامُوا۟ ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ
وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِم مِّن رَّبِّهِمْ لَأَكَلُوا۟ مِن فَوْقِهِمْ وَمِن تَحْتِ أَرْجُلِهِم ۚ مِّنْهُمْ أُمَّةٌ مُّقْتَصِدَةٌ ۖ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ
سَآءَ مَا يَعْمَلُونَ ﴿٦٦﴾

يەھۇدىيلار: «الله نىڭ قولى باغلاغلىقتۇر (يەنى الله بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)» دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى، ئەمەلدە الله نىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق بىلەن كۇفرىنى ئاشۇرىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا دۈشمەنلىكىنى ۋە قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىنى زىيادە قىلىدۇ). بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق، ئۇلار ھەرقاچان (رەسۇلۇللاھقا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، الله ئۇنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، الله بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴿64﴾. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) (الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي) ئىمان ئېيتسا ۋە (الله چەكلىگەن ئىشلاردىن) پەرھىز قىلسا ئىدى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى بىز چوقۇم كەچۈرەتتۇق، ئۇلارنى چوقۇم نازۇ ـ نېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزەتتۇق﴿65﴾. ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل

قىلسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن يەر ئىدى (يەنى ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى)، ئۇلاردىن بىر جامائە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار) توغرا يولدىدۇر. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى نېمىدېگەن يامان ئىش قىلغۇچىلار!﴿66﴾

## يەھۇدىيلارنىڭ: «الله تائالانىڭ قولى باغلاغلىق» دېگەن سۆزى توغرىسىدا

الله تائالا يەھۇدىيلارنىڭ (ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە الله تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!) الله تائالانى بېخىل ۋە پېقىر، ئۆزلىرىنى بولسا، باي دەپ سۈپەتلىگەنلىكىدىن، الله تائالانى بېخىل دېمەكچى بولغانلىقىنى ۋە "الله تائالانىڭ قولى باغلاقلىق" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ بەدناملىرىدىن پاكتۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ: ﴿**يەھۇدىيلار: «الله نىڭ قولى باغلاغلىقتۇر (يەنى الله بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)» دېدى**﴾ دېگەن ئايىتىدە يەھۇدىيلار الله تائالانىڭ قولى باغلاغلىق دېمەكچى ئەمەس، بەلكى الله تائالا ئۆزىدىكى نەرسىنى چىڭ تۇتۇۋالىدىغان، بېخىل دېمەكچى. الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. مۇجاھىد، ئىكرىمە، قەتادە، سۇددى ۋە زەھھاك قاتارلىقلاردىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان.

زەھھاك الله تائالانىڭ: ﴿قولۇڭنى بويىنۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ، پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ: الله تائالا بېخىللىقتىن ۋە بەتخەجلىكتىن توسايدۇ. الله بېخىللىقنى: ﴿**قولۇڭنى بويىنۇڭغا باغلىۋالمىغىن**﴾ دەپ ئىپادىلىگەن. لەنەتتەككۈر يەھۇدىيلارمۇ مۇشۇ سۆزنى ئىشلىتىپ، بۇنىڭدىن بېخىللىق دېگەننى كۆزدە تۇتقان، ـ دېگەن.

ئىكرىمە: ﴿**يەھۇدىيلار: «الله نىڭ قولى باغلاغلىقتۇر (يەنى الله بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)» دېدى**﴾ دېگەن ئايەت فىنھاس (الله تائالا ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!) ئىسىملىك بىر يەھۇدىي ھەققىدە چۈشكەن، ـ دېدى. يۇقىرىدىكى: ﴿«الله بولسا ھەقىقەتەن پېقىر، بىز بولساق باي»﴾[2] دېگۈچىنىڭ ئاشۇ يەھۇدىي ئىكەنلىكى، ئۇ شۇنداق دېگەندە، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنى ئۇرغانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئويدۇرۇپ تېپىۋالغان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە الله تائالا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى**﴾ يەنى توقۇپ چىقىپ دېگەن سۆزلىرى تۈپەيلىدىن قوللىرى باغلىنىپ لەنەت قىلىندى. دەرۋەقە، ئۇلارغا شۇنداق بولغان، چۈنكى ئۇلاردىكى بېخىللىق، پىخسىقلىق، ھەسەتخورلۇق، قورقۇنچاقلىق ۋە خارلىق ئىنتايىن ئېغىر بولغان.



(1) ئىسرا سۈرىسى 29 ـ ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 181 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياكى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقتىن نېسىۋىسى بارمۇ؟ (ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق) ئەگەر بولىدىغان بولسا، (زىيادە بېخىللىقتىن) ئۇلار كىشىلەرگە قىلچىلىك نەرسە بەرمەيدۇ. ياكى ئۇلار الله ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟﴾[1] ﴿ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى﴾[2].

## الله تائالانىڭ قولى ئوچۇق، سېخى ئىكەنلىكى

**﴿ئەمەلدە الله نىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ﴾** يەنى الله تائالا مەرھەمىتى كەڭ بولغان ئىنئام قىلغۇچى، ھەرقانداق نەرسىنىڭ خەزىنىلىرىنى ئىلكىدە تۇتقۇچىدۇر. ئۇ شۇنداق زاتتۇركى، مەخلۇقلىرىدىكى ھەر بىر نېئمەت شېرىكى بولمىغان ئاشۇ زاتنىڭ بەرگىنىدۇر. ئۇ زات بىزگە كېچە ـ كۈندۈزلىرىمىزدە، سەپەرگە چىققانلىرىمىزدا ۋە ھەر قانداق ئەھۋالىمىزدا ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىنى يارىتىپ بەرگەندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر الله نىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (الله نىڭ نېئمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾[3] بۇ توغرۇلۇق كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ ئوڭ قولى لىقمۇلىق تولغان بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز سەرپ قىلىش ئۇنى كېمەيتىۋېتەلمەيدۇ. ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقاندىن بۇيان سەرپ قىلغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى ئويلاڭلاركى، ئۇ ئوڭ قولىدىكى نېئمەتلەرنى كېمەيتىۋېتەلمىگەن، الله تائالانىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدىدۇر. يەنە بىر قولىدا ئۆلچىگۈچى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆتۈرىدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ»[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: سەرپ قىلغىن، مەن ساڭا سەرپ قىلىمەن». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## قۇرئاننىڭ يەھۇدىيلارنى تېخىمۇ بەك تانغۇچى ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى قىلىدىغانلىقى

**﴿پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق**

(1) نىسا سۈرىسى 53 — 54 ـ ئايەتلەر.
(2) بەقەرە سۈرىسى 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىبراھىم سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
(4) يەنى الله تائالا بەزى ئىنسانلارنىڭ رىزقىنى كەڭ، بەزى ئىنسانلارنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ.

بىلەن كۇفرىنى ئاشۇرىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا دۈشمەنلىكىنى ۋە قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىنى زىيادە قىلىدۇ)﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! الله تائالا ساڭا ئاتا قىلغان (قۇرئاندىن ئىبارەت) نېئمەت يەھۇدىي ۋە ئۇلارغا ئوخشىغان دۈشمەنلىرىڭگە نىسبەتەن بىر ئازابتۇر. ئۇنىڭ بىلەن مۆمىنلەر قانچىكى بەك ئىشىنىدىغان، بەك ئەمەل قىلىدىغان، بەك پايدىلىنىدىغان بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە ساڭا ۋە ئۈممىتىڭگە ھەسەت قىلىدىغان كاپىرلارمۇ شۇنچىلىك بەك ھەددىدىن ئاشىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾[1]، ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[2].

الله تائالانىڭ: ﴿**بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى، ئۇلارنىڭ دىللىرى ھەرگىزمۇ بىرلەشمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئاداۋەت داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەق ئۈستىدە ئىتتىپاقلىشالمايدۇ. ئۇلار سەندىمۇ تېنىپ، قارشىلىق قىلدى.

﴿**ئۇلار ھەرقاچان (رەسۇلۇللاھقا قارشى) ئۇرۇش ئوتىنى ياقماقچى بولسا، الله ئۇنى ئۆچۈرىدۇ**﴾ يەنى قاچانكى ئۇلار ساڭا سۇيىقەست قىلىپ، پىلان تۈزۈشسىلا، الله تائالا ئۇنى بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئۆزىگە ياندۇرىدۇ. ئوساللىقىنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىدۇ.

﴿**ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، الله بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ**﴾ يەنى زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ھەرىكەت قىلىش ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن. الله تائالا بۇنداق تەبىئەتلىك كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

## ئەھلى كىتابلارنىڭ ئۆز كىتابلىرىغا ئەمەل قىلغىنىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدىغانلىقى

﴿**ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) (الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ھەقىقىي) ئىمان ئېيتسا ۋە (الله چەكلىگەن ئىشلاردىن) پەرھىز قىلسا ئىدى**﴾ يەنى ناۋادا ئۇلار



(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن ۋە قىلىۋاتقان يامان قىلمىشلىرىدىن يانغان بولسا ئىدى، ئازابتىن قۇتۇلۇپ، مەقسىتىگە ئېرىشكەن ۋە جەننەتكە كىرگەن بولاتتى.

**﴿ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل قىلسا ئىدى﴾** ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ”باشقا كىتاب“ دېگەن سۆزدىن قۇرئان كۆزدە تۇتۇلغاندۇر، ـ دەيدۇ.

**﴿ئۇلار چوقۇم ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن يەر ئىدى (يەنى ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى)﴾** يەنى ناۋادا ئۇلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلىنغان كىتابلارنى ئۆزگەرتمەستىن، ئالماشتۇرماستىن ۋە بۇرمىلىماستىن ئەمەل قىلغان بولسا، شۇ كىتابلار ئۇلارنى چوقۇم الله تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتكەن ھەق دىنىغا ئېلىپ بارغان بولاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كىتابلىرى ئۇلارنى ئاشۇ پەيغەمبەرگە ئىشىنىشكە، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ.

الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلار چوقۇم ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن يەر ئىدى (يەنى ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى)﴾** دېگەن ئايىتى ئۇلارغا ئاسماندىن چۈشۈرۈلۈپ بېرىلىدىغان ۋە زېمىندىن چىقىرىلىدىغان رىزىقنىڭ كۆپلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق﴾[1].

**﴿ئۇلاردىن بىر جامائە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار) توغرا يولدىدۇر. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى نېمىدېگەن يامان ئىش قىلغۇچىلار!﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ) ئىچىدە (كىشىلەرنى) ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان، ھەق بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان بىر جامائە بار﴾[2]، ﴿ئۇلاردىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بەردۇق﴾[3] بۇ ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىنى ئوتتاھال دەپ كۆرسەتتى. ئۇ دەرىجە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنىڭ دەرىجىلىرىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىسىگە باراۋەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ياخشى ئىشلارنى ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلارنىڭ دەرىجىسى بار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى الله نىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر. ئۇلار ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى، مەرۋايىتلارنى

(1) ئەئراف سۈرىسى 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 159 ـ ئايەت.
(3) ھەدىد سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ﴾[1].

* * * * * *

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغۡ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ وَإِن لَّمۡ تَفۡعَلۡ فَمَا بَلَّغۡتَ رِسَالَتَهُۥۚ وَٱللَّهُ يَعۡصِمُكَ مِنَ ٱلنَّاسِۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٦٧﴾

ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ﷲ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ﷲ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ﷲ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴿67﴾.

## ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دىننى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغانلىقى ۋە ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بەرگەنلىكى

ﷲ تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا (ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك نامى بىلەن) خىتاب قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا بارلىق دىن ئەھكاملىرىنى يەتكۈزۈشنى تاپشۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن**﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنداپ، تاپشۇرۇلغان ئامانەتنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە يەتكۈزدى.

ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﷲ تائالا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان دىن ئەھكاملىرىدىن بىر نەرسىنى يوشۇرغان، ـ دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم يالغان ئېيتقان بولىدۇ. چۈنكى ﷲ تائالا: ﴿**ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن**﴾ دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئۆز كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ناۋادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىن بىر ئايەتنى يوشۇرۇپ قالىدىغان بولسا، ﴿ﷲ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ﷲ دىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى﴾[2] دېگەن ئايەتنى يوشۇرغان بولاتتى.

ئىمام بۇخارى زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئەۋەتىش ﷲ تائالادىن، ئۇنى يەتكۈزۈش پەيغەمبەردىن، بويسۇنۇش بىزدىن،

(1) فاتىر سۈرىسى 32 ــ 33 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەھزاب سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىگە ۋە ئامانەتنى ئادا قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ساھابىلىرىدىن قىرىق مىڭغا يېقىن كىشى توپلانغان (ئەڭ چوڭ توپلىنىش بولغان) ۋىدالىشىش ھەججىدىكى خۇتبىسىدە ساھابىلىرىنى گۇۋاھلىققا تارتىپ، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىۋالغان.

ئىمام مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ كۈندىكى خۇتبىسىدە: «ئى خالايىق! سىلەر مەن توغرۇلۇق سورىلىسىلەر، سىلەر نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: بىز سېنىڭ ۋەزىپەڭنى يەتكۈزگەنلىكىڭگە، ئادا قىلغانلىقىڭغا ۋە بىزگە نەسىھەت قىلغانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئۇلارغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى الله ! ۋەزىپەمنى يەتكۈزدۈممۇ؟ ئى الله ! يەتكۈزدۈممۇ؟»

﴿**ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ**﴾ يەنى ساڭا تاپشۇرغان نەرسىنى كىشىلەرگە يەتكۈزمىسەڭ، ﴿**الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن**﴾ يەنى الله تائالا بۇ ئىشتىن نېمىلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر الله تائالا ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاندىن بىر ئايەتنى يوشۇرساڭ، الله ساڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن.

﴿**الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ**﴾ يەنى سەن مېنىڭ ئەلچىلىكىمنى ئادا قىل، مەن سېنى ساقلىغۇچى، ساڭا نۇسرەت بەرگۈچى ۋە دۈشمەنلىرىڭگە قارشى سېنى قوللاپ، ئۇلارنى مەغلۇب قىلىپ بەرگۈچىدۇرمەن. شۇڭا سەن قورقما، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ساڭا قىلچىلىكمۇ زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. بۇ ئايەت نازىل بولۇشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر تەرىپىدىن قوغدىلاتتى.

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى ئۇخلىماي تۈنىدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كېچە ساھابىلىرىمدىن بىرەرسى مېنى قوغدىسا ياخشى بولاتتى» دېدى. بىز شۇنداق دەپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدا سىرتتىن قورال ئاۋازى ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كىم؟» دېگەندە، تاشقىرىدىن: مەن سەئىد ئىبنى مالىك، ـ دېگەن جاۋاب كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمىگە كەلدىڭ؟» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن سېنى قوغدىغىلى كەلدىم، ـ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇخلىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىرگە بولغان بىر كېچىسى كېچىچە ئۇخلىمىغان. بۇ ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى ئىدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **الله** تائالانىڭ: ﴿**الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى نازىل بولغىچە قوغدىلاتتى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ: «ئى خالايىق! سىلەر قايتىپ كېتىڭلار، **الله** تائالا مېنى قوغدىدى» دېدى.

﴿**الله ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ**﴾ يەنى سەن يەتكۈزگىن، **الله** تائالا خالىغاننى ھىدايەت قىلىدۇ، خالىغاننى ئازدۇرىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە **الله** نىڭ ۋەھيسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن **الله** خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[1]، ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[2].

* * * * * * *

قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لَسْتُمْ عَلَىٰ شَىْءٍ حَتَّىٰ تُقِيمُوا۟ ٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ ۗ
وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَٰنًا وَكُفْرًا ۖ فَلَا تَأْسَ عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٦٨﴾
إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَٱلَّذِينَ هَادُوا۟ وَٱلصَّٰبِـُٔونَ وَٱلنَّصَٰرَىٰ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَعَمِلَ
صَٰلِحًا فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغىچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر». پەرۋەردىگارىڭدىن نازىل قىلىنغان ئەھكاملار ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق ۋە كۇفرىنى ئاشۇرىدۇ، كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن (چۈنكى پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىش ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر)﴿68﴾. مۆمىنلەردىن، يەھۇدىيلاردىن، پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن، ناسارالاردىن **الله** غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر﴿69﴾.

## قۇرئانغا ئىشەنمەي تۇرۇپ نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)! سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغىچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر»**﴾ يەنى تەۋرات بىلەن

(1) بەقەرە سۈرىسى 272 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) رەئد سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىنجىلنى تۇرغۇزمىغۇچە، پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان بارلىق كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلمىغىچە، سىلەر ھەق دىندا بولغان بولمايسىلەر. ئۇ كىتابلاردا كەلگەن ئەھكاملار ئىچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە شەرىئىتىگە بويسۇنۇش قاتارلىق كۆرسەتمىلەر بار.

﴿**پەرۋەردىگارىڭدىن نازىل قىلىنغان ئەھكاملار ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق ۋە كۇفرىنى ئاشۇرىدۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدا توختالغان ئىدۇق.

﴿**كاپىر قەۋم ئۈچۈن قايغۇرمىغىن (چۈنكى پەيغەمبەرلەرنى يالغانغا چىقىرىش ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر)**﴾ يەنى كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما.

﴿**مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار**﴾ يەنى تەۋرات ئىگىلىرى ﴿**پەرىشتىلەرگە ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار**﴾ يەنى سابىئىلار[1]، ﴿**ناسارالار**﴾ يەنى خىرىستىئانلار (ئىنجىل ئىگىسى) دىن ﴿**الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر**﴾ بۇ يەردە مەقسەت قىلىنغىنى شۇكى، **الله** تائالا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە، يەنى قايتا تىرىلىش ۋە قىيامەتتە جازالىنىشقا ئىشەنگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھەر قانداق بىر كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىنسى ـ جىنغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئەمەل قىلمىسا، بارلىق قىلغان ئىشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇلاردىن كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە مۇۋاپىق ئىش قىلسا، بۇرۇنقى ئەمەللىرىگىمۇ، كېيىنكى ئاقىۋىتىگىمۇ خەۋپ يوق ھەم كۆڭلى پەرىشانمۇ بولمايدۇ. بىز بۇ مەزمۇندا بەقەرە سۈرىسىدە توختالغان ئىدۇق.

* * * * * * *

لَقَدۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ وَأَرۡسَلۡنَآ إِلَيۡهِمۡ رُسُلٗاۖ كُلَّمَا جَآءَهُمۡ رَسُولُۢ بِمَا
لَا تَهۡوَىٰٓ أَنفُسُهُمۡ فَرِيقٗا كَذَّبُواْ وَفَرِيقٗا يَقۡتُلُونَ ﴿٧٠﴾ وَحَسِبُوٓاْ أَلَّا تَكُونَ فِتۡنَةٞ
فَعَمُواْ وَصَمُّواْ ثُمَّ تَابَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ ثُمَّ عَمُواْ وَصَمُّواْ كَثِيرٞ مِّنۡهُمۡۚ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا
يَعۡمَلُونَ ﴿٧١﴾

بىز بەنى ئىسرائىلدىن ھەقىقەتەن چىن ئەھدە ئالدۇق. ئۇلارغا (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن) پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ئەھكامنى ئېلىپ كەلسە، (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ) بىر بۆلۈكىنى يالغانچى قىلدى، بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈردى﴿70﴾. ئۇلار، (بىز ئىسرائىل ئەۋلادى پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن) ئازابقا دۇچار بولمايمىز، دەپ ئويلىدى. ئۇلار كور بولدى (يەنى ھەقىقەتنى كۆرمىدى)، ئۇلار گاس بولدى (يەنى ھەقىقەتنى ئاڭلىمىدى)، ئاندىن كېيىن (ئۇلار تەۋبە قىلدى)، **الله** ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يەنە (ھەقنى كۆرۈشتىن) كور بولدى، (پەند ـ نەسىھەت ئاڭلاشتىن) گاس بولدى، **الله** ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى

---

(1) مۇجاھىد: بۇلارنى خىرىستىئان ۋە ئاتەش پەرەسلەردىن بولغان، دىنى بولمىغان بىر تۈركۈم كىشىلەردۇر، دېگەن.

كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿71﴾.

**﴿بىز بەنى ئىسرائىلدىن ھەقىقەتەن چىن ئەھدە ئالدۇق. ئۇلارغا (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن) پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە بەنى ئىسرائىلدىن ئۆزىگە ۋە پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇپ، تائەت قىلىشقا ۋەدە ئالغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرىدە تۇرماي، ئەھدىلىرىنى بۇزۇپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ، ئۆز خاھىشلىرىنى شەرىئەت تۈزۈملىرىدىن ئەۋزەل كۆرۈپ ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن ئۆزلىرىگە يارىغىنىنى ئېلىپ، قالغىنىنى تاشلاپ قويغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**﴿ئۇلارغا ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ئەھكامنى ئېلىپ كەلسە، (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ) بىر بۆلۈكىنى يالغانچى قىلدى، بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈردى. ئۇلار، (بىز ئىسرائىل ئەۋلادى پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن) ئازابقا دۇچار بولمايمىز، دەپ ئويلىدى. ئۇلار كور بولدى (يەنى ھەقىقەتنى كۆرمىدى)، ئۇلار گاس بولدى (يەنى ھەقىقەتنى ئاڭلىمىدى)، ئاندىن كېيىن (ئۇلار تەۋبە قىلدى)، الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى﴾** يەنى ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىدىن يامان نەتىجە كېلىپ چىقمايدۇ دەپ گۇمان قىلغان ئىدى. لېكىن يامان نەتىجە كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە، ئۇلار ھەقنى كۆرۈشتىن ئەما ۋە ئاڭلاشتىن گاس بولۇپ، ھەقنى ئاڭلىماي، توغرا يولنى تاپالمايدىغان قىلىۋېتىلدى. كېيىن الله تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.

**﴿ئاندىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى يەنە (ھەقنى كۆرۈشتىن) كور بولدى، (پەند ـ نەسىھەت ئاڭلاشتىن) گاس بولدى، الله ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى ئاندىن كېيىن كۆپىنچىسى يەنە شۇنداق قىلدى. الله تائالا ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، ئۇلاردىن ئازغۇنلۇقا ۋە ھىدايەتكە لايىقلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

* * * * * * *

لَقَدْ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلْمَسِيحُ ٱبْنُ مَرْيَمَ ۖ وَقَالَ ٱلْمَسِيحُ يَـٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ
ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ رَبِّى وَرَبَّكُمْ ۖ إِنَّهُۥ مَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ ٱلْجَنَّةَ وَمَأْوَىٰهُ ٱلنَّارُ ۖ وَمَا
لِلظَّـٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ ﴿٧٢﴾ لَّقَدْ كَفَرَ ٱلَّذِينَ قَالُوٓا۟ إِنَّ ٱللَّهَ ثَالِثُ ثَلَـٰثَةٍ ۘ وَمَا مِنْ إِلَـٰهٍ
إِلَّآ إِلَـٰهٌ وَٰحِدٌ ۚ وَإِن لَّمْ يَنتَهُوا۟ عَمَّا يَقُولُونَ لَيَمَسَّنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ
﴿٧٣﴾ أَفَلَا يَتُوبُونَ إِلَى ٱللَّهِ وَيَسْتَغْفِرُونَهُۥ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٧٤﴾ مَّا ٱلْمَسِيحُ
ٱبْنُ مَرْيَمَ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ ٱلرُّسُلُ وَأُمُّهُۥ صِدِّيقَةٌ ۖ كَانَا يَأْكُلَانِ
ٱلطَّعَامَ ۗ ٱنظُرْ كَيْفَ نُبَيِّنُ لَهُمُ ٱلْـَٔايَـٰتِ ثُمَّ ٱنظُرْ أَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٧٥﴾

شۈبھىسىزكى، الله مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ئىسا: «ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله دىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا

ھېچبىر مەدەتكار (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ» دېدى﴿72﴾. الله ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى. بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴿73﴾. ئۇلار الله غا تەۋبە قىلمامدۇ؟ الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿74﴾. مەريەم ئوغلى ئىسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل خوتۇندۇر، ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى (يەنى ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆڭەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى). ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىللىقىغا) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغا قارىغىن﴿75﴾.

## خرىستىئانلارنىڭ كاپىر بولغانلىقى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى تەۋھىدكە چاقىرغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى الله تائالانىڭ دەل ئۆزى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەلەكىييە، يەئقۇبىيە ۋە نېستۇرىيە قاتارلىق خرىستىئان تائىپىلىرىنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم قىلغان. الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن پاك ۋە بوھتانلىرىدىن يىراقتۇر.

ئەمەلىيەتتە، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: مەن الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، ـ دېگەنلىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇ بۆشۈكتىكى چاغدىلا: مەن الله تائالانىڭ بەندىسىدۇرمەن، ـ دەپ ئېغىزىدىن چىقارغان (بىرىنچى ئېغىز) سۆزىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ: «مەن الله ياكى مەن الله تائالانىڭ ئوغلى» دېمىگەن. الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بوۋاق ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ)﴾[1].

شۇنداقلا ياش قۇرامىغا يېتىپ، پەيغەمبەر بولغاندىمۇ قەۋمىنى يالغۇز بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿«ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله دىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾** يەنى كىمكى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ، الله تائالاغا باشقا باتىل ئىلاھلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلسا، ئۇنىڭغا دوزاخ بىلەن جازا بېرىدۇ. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ھېچبىر نۇسرەت بەرگۈچى ياكى قۇتقۇزغۇچى يوق.

(1) مەريەم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ھەقىقەتەن الله غا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[1]، ﴿ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە: «سۇدىن ياكى الله سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن): «الله ئۇلارنى كاپىرلارغا ھارام قىلغان» دەيدۇ﴾[2].

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر جاكارچىنى ئەۋەتىپ: «جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمانلارلا كىرىدۇ» دەپ جاكارلاتقۇزغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

شۇڭا الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىلغا: **﴿كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله دىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾** دېگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿الله ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر، دېگۈچىلەر شەكسىز كاپىر بولدى﴾** مۇجاھىد ۋە باشقىلار: بۇ ئايەت خىرىستىئانلار ھەققىدە چۈشكەن، ـ دېدى. سۇددى ۋە باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئايەت خىرىستىئانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئانىسىنى ئىككى ئىلاھ، الله تائالانى ئۇلارغا قېتىپ ئۈچ ئىلاھ قىلىپ، الله تائالانى ئىلاھنىڭ ئۈچۈنچىسى قىلىۋالغانلىقى ھەققىدە چۈشكەن. سۇددى بۇنىڭغا ئاساسەن: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇشۇ سۈرىنىڭ ئاخىرىدىكى: ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، الله نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن...﴾[3] دېگەن ئايەتكە ئوخشايدۇ، ـ دېدى.

**﴿بىر ئىلاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر﴾** يەنى ئىلاھ بىر قانچە ئەمەس، بەلكى شېرىكسىز، يالغۇزدۇر ۋە مەۋجۇدات ۋە كائىناتلارنىڭ ئىلاھىدۇر. ئاندىن كېيىن، الله تائالا ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئەگەر ئۇلار ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن قايتمىسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىر بولغانلار (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾** يەنى مۇشۇ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى تاشلىمايدىغان بولسا، ئاخىرەتتە خارلىق ئازابىنى كۆرىدۇ.

**﴿ئۇلار الله غا تەۋبە قىلمامدۇ؟ الله دىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمامدۇ؟ الله (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** مانا بۇ، بۇنداق ئېغىر گۇناھ ئالدىدا الله تائالانىڭ كاتتا مەرھەمەتلىك، مېھرىبان ۋە ئەپۇچانلىقىدۇر. چۈنكى ئۇلار شۇنداق چوڭ بوھتان چاپلىغان ۋە يالغان سۆز قىلغان بولسىمۇ، الله تائالا ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا ۋە گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشنى تىلەشكە چاقىردى. شۇڭا كىمكى تەۋبە قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.



(1) نىسا سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(3) مائىدە سۈرىسى 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر بەندە، ئانىسىنىڭ راستچىل ئاياللاردىن ئىكەنلىكى

﴿**مەريەم ئوغلى ئىسا پەقەت (ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش) پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن**﴾ يەنى ئۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا الله تائالانىڭ بەندىسى ۋە ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ (يەنى ئىسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، ئۇنى بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق﴾[1].

﴿**ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل خوتۇندۇر**﴾ يەنى ئىسانىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن. بۇ بولسا، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىبىسىدۇر. دېمەك، بۇ ئايەت ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

﴿**ئۇ ئىككىسى تاماق يەيتتى (يەنى ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاشلا گۆش، سۆگەك، تومۇر ۋە پەيلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى)**﴾ يەنى ئۇ ئىككىسى تاماق يېيىشكە ۋە ھاجەت قىلىشقا موھتاج بولاتتى. دېمەك، ئۇلارمۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاش الله تائالانىڭ بەندىلىرى بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىلىمسىز خىرىستىئان گۇرۇھلىرى دەۋالغاندەك (ئۇ ئىككىسى) ئىلاھ ئەمەس. (ئۇ خىرىستىئانلارغا قىيامەت كۈنىگىچە الله تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!)

﴿**ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ باتىللىقىغا) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن؛ ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغا قارىغىن**﴾ يەنى ئايەتلەرنى ئۇلارغا قانداق ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىمىزگە، مۇشۇنداق ئېنىق كۆرسەتكىنىمىزدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نەگە قاراپ ماڭغانلىقىغا ۋە قانداق ئېتىقادتا بولغانلىقىغا، قانداق ئازغۇن گۇرۇھلارغا ئەگەشكەنلىكىگە قارىغىن.

* * * * * *

قُلْ أَتَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَمْلِكُ لَكُمْ ضَرًّا وَلَا نَفْعًا ۚ وَٱللَّهُ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ
﴿٧٦﴾ قُلْ يَٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَٰبِ لَا تَغْلُوا۟ فِى دِينِكُمْ غَيْرَ ٱلْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعُوٓا۟ أَهْوَآءَ قَوْمٍ قَدْ
ضَلُّوا۟ مِن قَبْلُ وَأَضَلُّوا۟ كَثِيرًا وَضَلُّوا۟ عَن سَوَآءِ ٱلسَّبِيلِ ﴿٧٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) «سىلەر الله دىن باشقا سىلەرگە پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟» دېگىن. الله بولسا (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿76﴾. (ئى مۇھەممەد!) «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار،

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 59 - ئايەت.

ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار» دېگىن﴿77﴾.

## شېرىك كەلتۈرۈش ۋە دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

الله تائالا يالغۇز ئۆزىگە ئىبادەت قىلماي بۇت ۋە ھەيكەللەرگە ئوخشاش باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلغان كىشىلەرنى تەنقىد قىلىپ ۋە بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) «سىلەر **الله** دىن باشقا سىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟» دېگىن﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! خرىستىئانلار ۋە باشقا كاپىرلاردىن ئىبارەت الله تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلغان ئاشۇ كىشىلەرگە ئېيتقىنكى: ﴿چوقۇنامسىلەر؟﴾ يەنى سىلەردىن قىلچە زىياننى كەتكۈزەلمەيدىغان ۋە سىلەرگە قىلچە پايدىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدىغان ئاشۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلامسىلەر؟

**﴿الله بولسا (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى الله بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلماي، نېمە ئۈچۈن ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان، ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدىغان، جانسىز بىر نەرسىگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟

**﴿(ئى مۇھەممەد!) «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار» دېگىن﴾** يەنى ھەققە ئەگىشىشتە چەكتىن ئاشماڭلار، سىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدىن كۆتۈرۈپ، ئۇنى الله تائالادىن باشقا يەنە بىر ئىلاھ قىلىۋالغاندەك، ئۇلۇغلاشقا بۇيرۇلغان كىشىلەرنى ئاشۇرۇۋېتىپ، پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن ئىلاھلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈۋەتمەڭلار! سىلەرنىڭ ئىسانى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدىن كۆتۈرۈپ، ئىلاھ قىلىۋالغانلىقىڭلار پەقەت ئىلگىرىكى ئازغۇن ئەجدادىڭلارغا ئەگەشكىنىڭلار ئۈچۈندۇر.

**﴿«ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار» دېگىن﴾** يەنى توغرا ۋە نورمال يولدىن ئازغۇنلۇق ۋە ناتوغرا يولغا چىقىپ كەتكەنلەرگە ئەگىشىپ شۇنداق قىلدىڭلار.

* * * * * * *

لُعِنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۢ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ عَلَىٰ لِسَانِ دَاوُۥدَ وَعِيسَى ٱبۡنِ مَرۡيَمَۚ ذَٰلِكَ بِمَا
عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ﴿٧٨﴾ كَانُواْ لَا يَتَنَاهَوۡنَ عَن مُّنكَرٖ فَعَلُوهُۚ لَبِئۡسَ
مَا كَانُواْ يَفۡعَلُونَ ﴿٧٩﴾ تَرَىٰ كَثِيرٗا مِّنۡهُمۡ يَتَوَلَّوۡنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْۚ لَبِئۡسَ مَا
قَدَّمَتۡ لَهُمۡ أَنفُسُهُمۡ أَن سَخِطَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَفِي ٱلۡعَذَابِ هُمۡ خَٰلِدُونَ ﴿٨٠﴾ وَلَوۡ كَانُواْ

يُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلنَّبِيِّ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِ مَا ٱتَّخَذُوهُمْ أَوْلِيَآءَ وَلَٰكِنَّ كَثِيرًا مِّنْهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٨١﴾

بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلار داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە هەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى﴿78﴾. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴿79﴾. ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ كاپىرلارنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆچ كۆرۈش يۈزىسىدىن، مۇشرىكلارنى) دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان ئەمەللىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ ئەمەللەر) ئۇلارغا الله نىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابتا قالغۇچىلاردۇر﴿80﴾. ئەگەر ئۇلار الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتسا ئىدى، كاپىرلارنى دوست تۇتمايتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر﴿81﴾.

## الله تائالانىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن چىققان كاپىرلارغا لەنەت قىلغانلىقى

الله تائالا ناھايىتى بۇرۇنقى زاماندا ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئايەتلىرى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان سۆزلىرى ئارقىلىق بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن چىققان كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن لەنەت قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار تەۋراتتا، ئىنجىلدا، زەبۇردا ۋە قۇرئاندا لەنەت قىلىنغاندۇر. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ھېچبىرى گۇناھ ۋە ھارام ئىش قىلغانلارنى توسمايتتى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!**﴾

## ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە ھەدىس

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز بۇ يەردە بىر نەچچىسىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

ئىمام ئەھمەد ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسايسىلەر. ئۇنداق قىلمىساڭلار، الله تائالا سىلەرگە بىر ئازابنى ئەۋەتىشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن الله تائالاغا دۇئا قىلساڭلارمۇ، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئەبۇسەئىيد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە، قەلبىدە نارازى بولسۇن. قەلبىدە نارازى بولۇش، ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز دەرىجىسىدۇر».

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «زېمىندا بىر گۇناھ قىلىنسا، ئۇنى يامان كۆرگەن كىشى (يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇنى ئەيىبلىگەن كىشى دېيىلگەن) شۇ گۇناھقا قاتناشمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ گۇناھنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا رازى بولغان ئادەم ئۇنىڭغا قاتناشقان (ئادەم) بىلەن ئوخشاشتۇر».

ئىمام ئەبۇ داۋۇد يەنە ساھابىلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر جازالىنىشقا لايىق بولمىغىچە ھالاك قىلىنمايدۇ».

ئىمام ئىبنى ماجە ئەبۇسەئىيد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبىسىدە مۇنداق دېدى: «بىر كىشى ھەقنى بىلگەن ئىكەن، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ سۆزلىمەي قالمىسۇن». ئاندىن ئەبۇسەئىيد يىغلاپ كېتىپ: «ھەقىقەتەن بىز نۇرغۇن خاتا ئىشلارنى كۆردۇقيۇ، ئەمما كىشىلەردىن قورقۇپ سۆزلىيەلمىدۇق» دېدى.

ئەبۇسەئىيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا دېيىلگەن ھەق سۆزدۇر» بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

## مۇناپىقلارنىڭ ئەيىبلىنىشى

**﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ كاپىرلارنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆچ كۆرۈش يۈزىسىدىن، مۇشرىكلارنى) دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان ئەمەللىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ ئەمەللەر) ئۇلارغا الله نىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابتا قالغۇچىلاردۇر﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتتە مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلغان.

بۇ ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ مۆمىنلەرنى دوست تۇتماي، كاپىرلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلغانلىقى، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە مۇناپىقلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىك ئىللىتىنى قالدۇرغانلىقى، الله تائالانىڭ ئۇلارغا تا قىيامەت كۈنىگىچە غەزەپ قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ ئايەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەيىبلەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

ئاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىدىن

خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئەگەر ئۇلار الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتسا ئىدى، كاپىرلارنى دوست تۇتمايتتى**﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالاغا، پەيغەمبەرگە ۋە قۇرئان كەرىمگە ھەقىقي ئىشەنگەن بولسا ئىدى، مۆمىنلەرگە، پەيغەمبەرگە ۋە قۇرئانغا دۈشمەنلىك قىلىپ، كاپىرلارنى يوشۇرۇن دوست تۇتۇشتەك جىنايەتنى قىلمىغان بولاتتى.

﴿**لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى **الله** تائالا ۋە پەيغەمبەرگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقۇچىلار، **الله** تائالا چۈشۈرگەن ۋەھيي ۋە قۇرئان ئايەتلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلاردۇر.

* * * * * * *

﴿لَتَجِدَنَّ أَشَدَّ ٱلنَّاسِ عَدَٰوَةً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلۡيَهُودَ وَٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْۖ وَلَتَجِدَنَّ
أَقۡرَبَهُم مَّوَدَّةً لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلَّذِينَ قَالُوٓاْ إِنَّا نَصَٰرَىٰۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّ مِنۡهُمۡ قِسِّيسِينَ
وَرُهۡبَانًا وَأَنَّهُمۡ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٨٢﴾ وَإِذَا سَمِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَى ٱلرَّسُولِ تَرَىٰٓ أَعۡيُنَهُمۡ تَفِيضُ
مِنَ ٱلدَّمۡعِ مِمَّا عَرَفُواْ مِنَ ٱلۡحَقِّۖ يَقُولُونَ رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٨٣﴾ وَمَا لَنَا لَا
نُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَمَا جَآءَنَا مِنَ ٱلۡحَقِّ وَنَطۡمَعُ أَن يُدۡخِلَنَا رَبُّنَا مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٤﴾ فَأَثَٰبَهُمُ ٱللَّهُ
بِمَا قَالُواْ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٨٥﴾ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿٨٦﴾

(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن، بىز ناسارا دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن، بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر﴿82﴾. ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: «رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن﴿83﴾. بىز نېمىشقا **الله** غا، بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى؟ ھالبۇكى، بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى ياخشى كىشىلەر قاتارىدا (جەننەتكە) كىرگۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز»﴿84﴾. بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن **الله** ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ئەنە شۇ﴿85﴾. كاپىر بولغانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر﴿86﴾.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇددى ۋە باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئايەتلەر نەجاشىنىڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى توغرىسىدا چۈشكەن. نەجاشى ئۆز ئادەملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەرگەندە، مۇسۇلمان بولۇپ، كۆڭۈللىرى ئېرىپ يىغلاپ كەتكەن. ئاندىن ئۇلار نەجاشىنىڭ قېشىغا قايتىپ، بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن.

ئەتا ئىبنى ئەبۇرىباھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھەبەشىستانلىق بولۇپ، ھەبەشىستانغا مۇسۇلمانلار ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، مۇسۇلمان بولغانلاردۇر.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىكى كىشىلەر بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى كۆرگەندە ۋە قۇرئاننى ئاڭلىغاندا، ئىككىلەنمەي مۇسۇلمان بولغانلاردۇر. ئىمام ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتلەرنىڭ (ھەبەشىستانلىق ياكى باشقىلار بولسۇن) مۇشۇنداق سۈپەتلىك كىشىلەر ھەققىدە چۈشكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

﴿(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن﴾ يەنى ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى پەقەتلا يەھۇدىيلارنىڭ كاپىرلىقى، كاجلىقى، تانغاقلىقى، تەكەببۇرلۇقى ۋە ھەققە بويسۇنمىغانلىقى، شۇنداقلا ئىلىم ئەھلىنى كەمسىتىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇلار بۇرۇن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەن، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بىر قانچە قېتىم ئۇرۇنۇپ، ئۇنى زەھەرلىگەن ۋە سېھىرلىگەن، مۇشرىكلارنى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتكەن. الله تائالا ئۇلارغا تا قىيامەت كۈنىگىچە لەنەت قىلسۇن!

﴿بىز ناسارا دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن﴾ يەنى ئۆزلىرىنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، ئىنجىل يولىدا ماڭغۇچىلار دېگەن خىرىستىئانلاردا ئومۇمەن ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا يېقىنلىق تۇيغۇسى بار. بۇ پەقەت ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە سىڭگەن باغرى يۇمشاقلىق ۋە مېھرى ـ شەپقەتلىك تۇيغۇسى سەۋەبىدىندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دىللىرىغا شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنى سالدۇق﴾[1].

﴿بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار ۋە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچى ئىبادەتكە يۈزلەنگۈچى كىشىلەر بار.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ھامىيە ئىبنى رائىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بىر كىشىنىڭ سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى سورىغاندا ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ئۇلار خارابىلەردە ۋە ئىبادەتخانىلاردا ئىبادەت قىلىدىغان

(1) ھەدىد سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىشىلەر، ئۇلارغا چېقىلماڭلار.

**﴿بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر﴾** يەنى بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ ئىلىملىك، ئىبادەتكار ۋە كەمتەر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئاندىن **الله** تائالا ئۇلارنى ھەققە بويسۇنغۇچى ۋە ئەگەشكۈچى ئىنساپلىق كىشىلەر دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغانلىقىنى كۆرىسەن﴾** يەنى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى بىلگەنلىكتىن: **﴿رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن﴾** دەيدۇ. يەنى بىزنى ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ۋە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلاردىن قىلغىن.

بۇ خىل سۈپەتتىكى خىرىستىئانلار، **الله** تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە بايان قىلىنغان خىرىستىئانلاردۇر: ﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن **الله** غا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار؛ ئۇلار **الله** دىن قورقىدۇ﴾[1].

**الله** تائالا بۇ كىشىلەر ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (يەنى ئىنجىل، تەۋرات) نازىل قىلغانلار (يەنى ناسارا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۆمىنلىرى) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر ـ تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): «بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز» دەيدۇ﴾[2].

**﴿بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى، ئىشەنگەنلىكى ۋە ھەقنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، **الله** تائالا ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتلەردىن چىقىپ كەتمەي، مەڭگۈ قالىدۇ.

**﴿ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ئەنە شۇ﴾** يەنى بۇ مۇكاپات ھەق مەيلى كىمدە، قەيەردە، قايسى زاماندا ۋە قايسى يوسۇندا بولسۇن، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئەگەشكەنلەر ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

ئاندىن **الله** تائالا بەتبەختلەرنىڭ ھالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿كاپىر بولغانلار،**

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 199 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .
(2) قەسەس سۈرىسى 52 ـــ 55 ـ ئايەتلەر.

**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر﴾** يەنى ھەقتىن تانغان ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلغۇچىلار جەھەننەم ئەھلىدۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُحَرِّمُوا۟ طَيِّبَٰتِ مَآ أَحَلَّ ٱللَّهُ لَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوٓا۟ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْمُعْتَدِينَ ﴿٨٧﴾ وَكُلُوا۟ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ حَلَٰلًا طَيِّبًا ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ٱلَّذِىٓ أَنتُم بِهِۦ مُؤْمِنُونَ ﴿٨٨﴾

ئى مۆمىنلەر! **الله** سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار. (**الله** بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، **الله** چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴿87﴾. **الله** سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال ، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقان **الله** غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴿88﴾

## ئىسلام دىنىدا راھىبلىقنىڭ يوق ئىكەنلىكى

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەتلەر: بىز ئۆزىمىزنى ئاختا قىلىپ، دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىنى تاشلاپ، خۇددى راھىبلارغا ئوخشاش جاھان كېزىپ، **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەنلا مەشغۇل بولايلى، ـ دېيىشكەن بىر تۈركۈم ساھابىلەر ھەققىدە چۈشكەن. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ: «سىلەر مۇنداق ـ مۇنداق دېدىڭلارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ھەئە، ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ـ دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئەمما مەن (رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا) بەزى كۈنلىرى روزا تۇتىمەن، بەزى كۈنلىرى تۇتمايمەن. (كېچىلەرنىڭ) بىر قىسمىدا ناماز ئوقۇيمەن، بىر قىسمىدا ئۇخلايمەن ھەم ئۆيلىنىمەن. كىمكى مەن تۇتقان يولغا ئەگەشسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدۇر. كىمكى مەن تۇتقان يولغا ئەگەشمىسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەستۇر» دېدى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ مەزمۇندىكى ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغان.

﴿**الله بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار﴾** يەنى يېيىش چەكلىمە قويۇلمىغان نەرسىلەرنى ئۆزەڭلارغا چەكلەپ قىيىنلاشتۇرۇۋالماڭلار. ھالال قىلىنغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، ئېھتىياجىڭلارغا چۇشلۇق ئىشلىتىڭلار.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار﴾[1]، ﴿ئۇلار (يەنى **الله** ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ﴾[2] يەنى **الله** تائالا شەرىئەتتە ئاشۇرىۋەتمەي

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) فۇرقان سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

ياكى كېمەيتىۋەتمەي، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇشنى بەلگىلىگەن. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۆمىنلەر! الله سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار. (الله بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، الله چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾**.

**﴿الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقان الله غا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾** يەنى ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى يەڭلەر، بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا الله تائالادىن قورقۇڭلار، الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇڭلار، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلماڭلار.

* * * * * * *

لَا يُؤَاخِذُكُمُ ٱللَّهُ بِٱللَّغْوِ فِىٓ أَيْمَٰنِكُمْ وَلَٰكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ ٱلْأَيْمَٰنَ ۖ فَكَفَّٰرَتُهُۥٓ إِطْعَامُ
عَشَرَةِ مَسَٰكِينَ مِنْ أَوْسَطِ مَا تُطْعِمُونَ أَهْلِيكُمْ أَوْ كِسْوَتُهُمْ أَوْ تَحْرِيرُ رَقَبَةٍ ۖ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ
ثَلَٰثَةِ أَيَّامٍ ۚ ذَٰلِكَ كَفَّٰرَةُ أَيْمَٰنِكُمْ إِذَا حَلَفْتُمْ ۚ وَٱحْفَظُوٓا۟ أَيْمَٰنَكُمْ ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ
لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٨٩﴾

الله سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسىمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسىمڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ (مۇنداق قەسەمڭلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر، كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمڭلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر، قەسىمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە ـ كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار). سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴿89﴾.

## مەقسەتسىز قەسەم قىلىش توغرىسىدا

بىز بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرىدە مەقسەتسىز قىلىنغان قەسەم ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەچكە، بۇ يەردە قايتا تەكرارلىمايمىز. مەقسەتسىز قەسەم قىلىش دېگەنلىك بولسا، كىشىلەرنىڭ قەسەم قىلىشنى نىيەت قىلماستىن: «الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن» دېيىشىدۇر.

## قەسەمنى بۇزۇشنىڭ كەففارىتى

﴿(مۇنداق قەسەمڭلارنى بۇزساڭلار) ئۇنىڭ كەففارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا

**دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر﴾** يەنى مىسكىن ۋە پېقىرلارغا تاماق بېرىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئىكرىمە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بالا ـ چاقاڭلارغا يېگۈزىدىغان تامىقىڭلارنىڭ ئەڭ ئوبدىنىنى بېرىڭلار دېگەنلىكتۇر، ـ دەيدۇ.

**﴿ياكى ئۇلارغا (يەنى ئون مىسكىنگە بەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر﴾** يەنى مەيلى ئەر ياكى ئايال كىشىگە بولسۇن، ئۇلارغا ناماز ئوقۇغاندا ئەۋرەت يەرلىرىنى ياپقۇدەك كىيىم ـ كېچەك بېرىش دېگەنلىكتۇر.

ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەر بىر مىسكىنگە بىر تون ياكى بىر يەكتەك بېرىش لازىم.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئەڭ ئاددىسى بىر كىيىم بېرىش لازىم، ئەگەر ئۇنىڭدىن كۆپ بىرىمەن دېسىمۇ، ئۆز ئىختىيارى، ـ دەيدۇ.

ھەسەن، ئەبۇجەئفەر باقىر، ئەتا، تاۋۇس، ئىبراھىم نەخەئىي، ھاماد ئىبنى ئەبۇسۇلايمان ۋە ئەبۇمالىك قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: كىيىم ـ كېچەك بەرگەندە (ھەر بىر مىسكىنگە) بىردىن ـ بىردىن بەرسە بولىدۇ، ـ دېگەن.

**﴿ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر﴾** ئازاد قىلىنىدىغان قۇلنىڭ مۇسۇلمان قۇل بولۇشى شەرت. ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەمدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس بۇنىڭ دەلىلى بولۇپ، بۇ ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلگەن: مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەمگە بىر قۇل ئازاد قىلىش كېرەك بولۇپ قالغاندا، ئۇ بىر قارا دېدەكنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: بۇ دېدەكنى ئازاد قىلسام، دۇرۇس بولامدۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ دېدەكتىن: «الله قەيەردە؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ دېدەك: ئاسماندا، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «مەن كىم؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ دېدەك: سەن الله نىڭ پەيغەمبىرى، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاۋىيەگە: «ئۇ مۆمىن ئىكەن، ئازاد قىلساڭ بولىدۇ» دەيدۇ[1].

---

**(1) ئازاد قىلىنىدىغان قۇلنىڭ مۇسۇلمان قۇل بولۇشىنىڭ كېرەكلىكى شافىئىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارشى بولۇپ، بۇلارنىڭ پاكىتلىرى تۆۋەندىكىچە:**
**بىرىنچى، الله تائالانىڭ:** ﴿ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر﴾ **دېگەن ئايىتىدىكى ئازاد قىلىنىدىغان قۇلنىڭ مۆمىن قۇل بولۇش كېرەك دېگەن ھۆكمى، الله تائالانىڭ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان كىشىنىڭ كەففارىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن:** ﴿كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك﴾ **دېگەن ئايىتىدىكى "بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىش" دېگەن سۆزىگە قىياس قىلىپ تۇرۇپ ئېلىنغان.**
**ئىككىنچى، يۇقىرىدا بايان قىلغان ھەدىس.**
**ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىيفەنىڭ مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارشىچە، قەسەمنىڭ كەففارىتىدە ئازاد قىلىنىدىغان قۇلنىڭ چوقۇم مۆمىن قۇل بولۇشى شەرت ئەمەس، ئازاد قىلىنىدىغان ئۇ قۇل مەيلى مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن، پەقەت ئازاد قىلىنسىلا قەسەمنىڭ كەففارىتى ئادا بولىدۇ.**
**بۇلارنىڭ پاكىتلىرى مۇنداق: بىرىنچى، الله تائالا سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، قىلغان قەسىمىنى بۇزۇۋېتىش ۋە ئايالىنى ئانىسىغا ئوخشىتىپ سېلىشتەك گۇناھلارنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىشقا**

يۇقىرىقىلار قەسەمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن تاللاشقا بولىدىغان ئۈچ خىل يول بولۇپ، قەسەمنى بۇزغان كىشى بۇ ئۈچ خىل يولنىڭ مەيلى قايسى بىرىسىنى تاللىسۇن، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى بويىچە كەففارەتنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئايەتتە كەففارەت بېرىش تەرتىۋى ئاسان يولدىن، يەنى مىسكىنلەرگە تاماق بېرىشتىن باشلاندى. چۈنكى تاماق بېرىش كىيىم كىيگۈزۈشتىن ئاسان، كىيىم كىيگۈزۈش بولسا، قۇل ئازاد قىلىشتىن ئاسان. ئەگەر قەسەمنى بۇزغان كىشى يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنىمۇ قىلالمىسا، كەففارەت ئۈچۈن ئۈچ كۈن روزا تۇتسا بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم**﴾.

ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى بۇ ئايەتنى: ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ كۈن رۇزا تۇتىدۇ، - دېگەن مەنىنى بېرىدىغان ئۇسلۇب بىلەن ئوقۇغان. بۇ خىل ئوقۇلۇش ئۇسۇلى كۆپچىلىك ئوقۇپ كېلىۋاتقان يەتتە خىل ئوقۇش ئۇسۇلىدىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاددىسى بىر ياكى ئىككى ساھابىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ياكى ساھابىلەرنىڭ تەپسىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ھەر ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە ئاڭلىغان

---

بۇيرۇيدۇ.
بۇ گۇناھلارنىڭ بەزىسىگە كەففارەت ئۈچۈن ئازاد قىلىنىدىغان قۇلنىڭ مۆمىن قۇل بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇش گۇناھىغا ئوخشاش. بەزىلىرىگە ئازاد قىلىنىدىغان قۇلنىڭ مۆمىن قۇل بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. مەسىلەن، قەسەمنى بۇزغان ۋە ئايالىنى ئانىسىغا ئوخشىتىپ سالغان گۇناھلارغا ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە بۇيرۇقلارغا ئۆز ئورنىدا ئەمەل قىلىنىدۇ، يەنى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى كەففارەت ئۈچۈن چوقۇم ئايەتتە دېيىلگەندەك مۆمىن قۇل ئازاد قىلىشى كېرەك. قەسەمنى بۇزغانلىقنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن الله تائالا پەقەت بىر قۇل ئازاد قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇ قۇلنىڭ مۆمىن ياكى كاپىر قۇل بولۇشىنى شەرت قىلمىدى. شۇڭا قەسەمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن ئازاد قىلىنىدىغان قۇل مۆمىن قۇل بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.
يەنە بىر جەھەتتىن شافىئىيلارنىڭ يۇقىرىدىكى قىياسەن چىقارغان ھۆكۈمى قىياس قىلىشنىڭ شەرتىگە تولۇق توشمايدۇ. چۈنكى، قىياس قىلىشنىڭ بىر شەرتى قىياس قىلماقچى بولغان ئايەت قىياس قىلىنماقچى بولغان ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك. ئەمما الله تائالانىڭ قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن ﴿ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر﴾ دېگەن ئايىتى، الله تائالانىڭ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغۇچىنىڭ كەففارىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن: ﴿كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك﴾ دېگەن ئايىتىگە قىياس قىلىپ ئالماقچى بولغان ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى قەسەمنىڭ كەففارىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتتە ئازاد قىلىنىدىغان قۇل مۆمىن ياكى كاپىر بولىدۇ، - دەپ ئېنىق بەلگىلەنمىدى. شۇڭا، ئازاد قىلىنىدىغان قۇل مەيلى مۆمىن ياكى كاپىر بولسۇن، ئازاد قىلىنغان بولسىلا، قەسەمنىڭ كەففارىتىدە قۇل ئازاد قىلىشقا بويرۇپ كەلگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلىنغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئايەتنىڭ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقنىڭ كەففارىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتكە قىياس قىلىنىشقا شەرتى توشمايدۇ.
بۇ ئايەتنى بىر - بىرىگە قىياس قىلىشقا بولماسلىقنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، گەرچە بۇ ئىككى ئايەتنىڭ قۇل ئازاد قىلىش دېگەن ھۆكمى بىر بولسىمۇ، لېكىن، سەۋەبلىرى باشقا - باشقىدۇر. بۇ سەۋەبلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇش، يەنە بىرى بولسا، قەسەمدە تۇرماسلىقتۇر.
ئەمدى بۇ يەردە دەلىل قىلىنغان يۇقىرىدىكى ھەدىسكە كەلسەك، قۇل ئازاد قىلماقچى بولغان ساھابىگە چوقۇم بىر قۇلنى ئەمەس، بەلكى بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىش شەرت بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇ ھېلىقى دېدەكنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇ دېدەكنىڭ مۆمىن ياكى مۆمىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغان.

ھەدىس دەرىجىسىدە تۇرىدۇ[1].

﴿بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەمگىلارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كەففارىتىدۇر﴾ يەنى بۇ، قەسەمنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن كەففارىتىدۇر.

﴿قەسەمگىلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە ـ كەلمەس قەسەم ئىچمەڭلار)﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: قەسەمگىلارنى بۇزساڭلار كەففارەت بەرمەي تاشلاپ قويماڭلار، ـ دېدى. ﴿سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلْخَمْرُ وَٱلْمَيْسِرُ وَٱلْأَنصَابُ وَٱلْأَزْلَٰمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ ٱلشَّيْطَٰنِ فَٱجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴿٩٠﴾ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ ٱلْعَدَٰوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ فِى ٱلْخَمْرِ وَٱلْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ ٱللَّهِ وَعَنِ ٱلصَّلَوٰةِ ۖ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ ﴿٩١﴾ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ وَٱحْذَرُواْ ۚ فَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّمَا عَلَىٰ رَسُولِنَا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ ﴿٩٢﴾ لَيْسَ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ جُنَاحٌ فِيمَا طَعِمُوٓاْ إِذَا مَا ٱتَّقَواْ وَّءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ ثُمَّ ٱتَّقَواْ وَّءَامَنُواْ ثُمَّ ٱتَّقَواْ وَّأَحْسَنُواْ ۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٩٣﴾

ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴿90﴾. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟﴿91﴾ الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر﴿92﴾. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە

---

(1) تۆت مەزھەپ ئىماملىرى: قەسەمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان ئۈچ كۈن روزىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۇتامدۇ ياكى بۆلۈپ تۇتسىمۇ بولامدۇ؟ ـ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى.
ئىمام مالىك روزىنى ئارقىمۇ ئارقا تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، ـ دەپ، الله تائالانىڭ: ﴿ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم﴾ دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى.
ئىمام ئەبۇھەنىيفە ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: روزىنى ئارقىمۇ ئارقا تۇتىدۇ، ـ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەلىلى ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە شاگىرتلىرىنىڭ بۇ ئايەتنى: «ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان ئۇسلۇب بىلەن ئوقۇغانلىقىدۇر. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە ئاڭلىغان ھەدىس دەرىجىسىدە تۇرىدىغان ھەدىس ياكى تەپسىردۇر.
بۇ مەسىلىدە ئىمام شافىئىينىڭ ئىككى خىل كۆز قارىشى بولۇپ، بىر خىلى ئىمام مالىكنىڭكىگە، يەنە بىر خىلى ئىمام ئەبۇھەنىيفە بىلەن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشايدۇ.

ساقلانسا ۋە هارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴿93﴾.

## هاراق بىلەن قىمارنىڭ هارام قىلىنغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە مۆمىن بەندىلىرىنى هاراق ئىچىشتىن، قىمار ئويناشتىن توستى. ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ: شاخمات ئويناشمۇ قىماردۇر، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

ئەتا، مۇجاهىد ۋە تاۋۇس قاتارلىقلار: قىمارنىڭ تۈسىنى ئالغان (هەتتا كىچىك باللارنىڭ ياڭاق ئۇرۇشتۇرۇپ ۋە تۇخۇم چېكىپ ئويناشلىرىدەك) ئىشلارنىڭ هەممىسى بۇ ئايەتتە چەكلەنگەن قىمارنىڭ تۈرلىرى ئىچىگە كىرىدۇ، ـ دەيدۇ. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە ئەرەبلەر قىمار ئوينايتتى. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن، الله تائالا ئۇلارنى بۇنداق پەس قىلمىشلاردىن توستى.

## تىكلەنگەن تاشلار ۋە پال ئوقلىرى توغرىسىدا

ئىبنى ئابباس، مۇجاهىد، ئەتا، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە هەسەن قاتارلىقلار تىكلەنگەن تاشلار ۋە پال ئوقلىرى توغرىسىدا توختىلىپ: تىكلەنگەن تاشلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەر قۇربانلىق قىلىدىغان ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ (ئالدىغا قويۇپ) بوغۇزلايدىغان تاشلاردۇر. پال ئوقلىرى بولسا، پال سېلىشقا ئىشلىتىدىغان ئوقلاردۇر، ـ دەيدۇ.

**﴿ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلهە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئىشلار الله تائالانى غەزەپلەندۈرىدىغان شەيتاننىڭ قىلىقلىرىدىندۇر. ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە: بۇ ئىشلار گۇناھ ئىشلاردىندۇر ـ دېدى. زەيد ئىبنى ئەسلەم: شەيتاننىڭ ئەڭ يامان ئىشلىرىدىندۇر، ـ دېدى.

**﴿بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾** بۇ ئايەت كىشىلەرنى هاراقتىن يىراقلىشىشقا قىلىنغان رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. **﴿شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾** دېگەن ئايەت بولسا، كىشىلەرنى ئاگاهلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈندۇر.

## هاراقنىڭ هارام قىلىنغانلىقىغا دائىر هەدىسلەر

ئىمام ئەهمەد ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

ھاراق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنۈپ ھارام قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن مەزگىلدە كىشىلەر ھاراق ئىچىشىپ، قىمار ئوينىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، الله تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن، ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «(ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن. (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[1]. كىشىلەر بۇ ئايەت بىزگە ھاراقنى ھارام قىلىنىۋەتمىدى. پەقەت: **﴿بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار﴾** دەپ كۆرسەتتى دېيىشىپ، يەنىلا ھاراقنى ئىچىپ يۈرىۋەردى. بۇنداق قىلىش تاكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇھاجىرلاردىن بىر كىشى ھەمراھلىرىغا شام نامىزىغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا، ئايەتنى ئالماشتۇرۇپ خاتا ئوقۇش ۋەقەسى يۈز بەرگىچە داۋاملاشتى. بۇ چاغدا الله تائالا مەنىسى بۇرۇنقى ئايەتتىن قاتتىقراق بولغان: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

بۇ ئايەتتىن كېيىنمۇ كىشىلەر ھاراق ئىچىپ يۈرۈشەتتى، لېكىن نامازغا مەستلىك ھالىتىدە كەلمەيتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن الله تائالا: **﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىشلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار﴾** دىن ئىبارەت ھاراقتىن قاتتىق پوزىتسىيەدە توسقان ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇ چاغدىلا كىشىلەر: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بولدى، بىز ھاراقنى تاشلىدۇق، ـ دېيىشتى.

بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى! بەزىلەر الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلدى، بەزىلىرى ئۆيلىرىدە ۋاپات بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار ھاراق ئىچەتتى ۋە قىمار ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋابەن: **﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىمانىدا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا. الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئەگەر ھاراق ۋە قىمار ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ھارام قىلىنغان بولسا، ئۇلارمۇ چوقۇم سىلەرگە ئوخشاشلا تاشلايتتى» دېدى.

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى پەرۋەردىگارىم! ھاراق

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 219 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەققىدە بىرگە قانائەتلىنەرلىك بىر ھۆكۈم بايان قىلىپ بەرسەڭ،ـ دەپ تىلەيتتى. ئاندىن **الله** تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغانداتېخىمۇ چوڭ» دېگىن﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقىرتىلىپ ئۇنىڭغا بۇ ئايەت ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇ يەنىلا: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ھاراق ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك، ئېنىق بىر ھۆكۈمنى بايان قىلىپ بەرسەڭ،ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار﴾[2] دېگەن ئايەت نازىل قىلىندۇ.

بۇ ئايەت نازىل قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنلىرى ئەزان ئېيتقاندا: «نامازغا كېلىڭلار» دېگەن چاقىرىقتىن كېيىن: «نامازغا مەست ھالىتىدە كەلمەڭلار» دېگەننى قوشۇپ ئېيتاتتى.

بۇ ئايەت ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنىلا: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ھاراق ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك، ئېنىق بىر ھۆكۈمنى بايان قىلىپ بەسەڭ،ـ دەپ تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿**ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟**﴾ دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى.

ئۆمەر چاقىرتىلىپ كېلىپ، بۇ ئايەت ئوقۇپ بېرىلىپ: ﴿**سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟**﴾ دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئۆمەر: ياندۇق، ياندۇق!ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلارمۇ بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىگە چىقىپ) كىشىلەرگە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى خالايىق! ھاراقنى ھارام قىلغان ئايەتلەر نازىل قىلىندى. ھاراق ئۈزۈم، خورما، ھەسەل، بۇغداي، ئارپا قاتارلىق بەش تۈرلۈك نەرسىدىن ياسىلىدۇ. ئىچسە ئەقىلنى كەتكۈزۈۋېتىدىغان ھەر قانداق نەرسە ھاراقتۇر».

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھاراق ھارام قىلىنغان شۇ چاغلاردا مەدىنىدە بەش تۈرلۈك ھاراق بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم ھارىقى يوق دېيەرلىك ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇتەلھەنىڭ ئۆيىدە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە سۇھەيل ئىبنى

(1) بەقەرە سۈرىسى 219 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەيدا قاتارلىق كىشىلەرگە ھاراق قۇيۇپ بېرىۋاتاتتىم. ئۇلار مەست بولۇپ قالايلا دېگەن ئىدى. مۇسۇلمانلاردىن بىرى كىلىپ: سىلەر ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى بىلمەمدىڭلارمۇ؟- دەپ سورىدى. ئۇلتۇرغانلار: بىز سوراشتۇرۇپ قىلىپ كۆرەيلى،- دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئاندىن ماڭا: ئى ئەنەس! كوزاڭدا قالغان ھاراقنى تۆكۈۋەت، كىشىلەر ھاراق ئىچمەيدىغان بولۇپتۇ،- دېدى. كوزىدىكى خورما ھارىقى ئىدى. شۇ چاغلاردا مەدىنىلىكلەر ھاراقنى خورمىدىن ياسايتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھاراق ھارام قىلىنغان چاغدا، مەن ئەبۇتەلھەنىڭ ئۆيىدە كىشىلەرگە خورمىدىن ياسالغان ھاراق قۇيۇپ بېرىۋاتاتتىم. دەل شۇ چاغدا بىرسىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەبۇتەلھە مېنى چىقىپ قاراپ بېقىشقا بۇيرىدى. چىقىپ قارىسام، بىر جاكارچى: ھاراق ھارام قىلىندى!- دەپ توۋلاۋېتىپتۇ. تۆكۈۋېتىلگەن ھاراقلار مەدىنە كوچىلىرىدا ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئەبۇتەلھە بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ: ھاراقنى ئېلىپ چىقىپ تۆكۈۋەت،- دېدى. مەن ھاراقنى تۆكۈۋەتتىم. ئۇلتۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى: پالانى، پوكۇنىلار ئىچكەن ھاراقلىرى قورساقلىرىدا قالغان ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكمى قانداق بولار؟- دېيىشتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە: **﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا. الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾** دېگەن ئايىتنى نازىل قىلدى.

ئىبنى جەرىر ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەبۇتەلھە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، ئەبۇدۇجانە، مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە ئىبنى سۇھەيل ئىبنى بەيزا قاتارلىقلارغا خورمىنىڭ غورىسى بىلەن قېقىدىن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ھاراقنى قۇيۇپ بېرىۋاتاتتىم. بۇ ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئۇلارنىڭ باشلىرى ئايلىنىشقا باشلىغاندا، مەن: ھاراق ھارام قىلىندى!- دەپ جاكارلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن، دەرھال ھاراقلار تۆكۈلۈپ، كوزىلار چېقىلدى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى تاھارەت ئالدى، بەزىلىرى غۇسلى قىلدى. بىز ئۇممۇسۇلەيمەنىڭ ئەتىرىدىن ئۆزلىرىمىزگە چېچىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە كىردۇق. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اللهنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى. ئارىدىن بىر كىشى: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىدىن ئىلگىرى ھاراق ئىچىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟- دەپ سورىدى. شۇ چاغدا الله تائالا: **﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (ھارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە،**

**ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (ھارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىمانىدا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

كېيىنكى بىر مەزگىلدە بىر كىشى قەتادەدىن: سەن بۇ ۋەقەلىكنى ئەنەستىن ئاڭلىغانمۇ؟ - دەپ سورىغاندا، قەتادە: ھەئە، - دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە بىر كىشى ئەنەستىن: سەن بۇ ھەدىسنى راستىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟ - دەپ سورىغاندا، ئەنەس: ھەئە ئاڭلىدىم ياكى: پەقەت يالغان سۆزلىمەيدىغان بىر كىشىدىن (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) ئاڭلىدىم. بىز يالغان ئېيتمايتتۇق ھەم يالغان ئېيتىشنىمۇ بىلمەيتتۇق، - دېگەن.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھاراققا ئالاقىدار مۇنداق ئون نەرسىگە لەنەت قىلىندى، ئۇ بولسىمۇ؛ ھاراقنىڭ ئۆزى، ئۇنى ئىچكۈچى، قۇيۇپ بەرگۈچى، ساتقۇچى، سېتىۋالغۇچى، ھاراق سىققۇچى، سىقتۇرغۇچى، توشىغۇچى، توشىغۇزغۇچى».

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىلەرنىڭ ئېغىلىغا بېرىش ئۈچۈن چىقتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقىپ، ئوڭ تەرىپىدە ماڭدىم. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ،بىزگە قوشۇلدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئەبۇ بەكرىگە بېرىپ، سول تەرىپىگە ئۆتۈپ ماڭدىم. ئازراق ئۆتكەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە قېتىلدى. مەن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىنى بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭدىم. بىز تۆگەنىڭ ئېغىلىغا كەلسەك، ئېغىلدا بىر تۇلۇمدا ھاراق بار ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ، مېنى قىڭراق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مەن شۇ كۈنگىچە قىڭراقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم. قىڭراقنى ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىڭراق بىلەن تۇلۇمنى كېسىپ ھاراقنى تۆكتۈرىۋەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «ھاراققا ۋە ئۇنى ئىچكۈچى، قۇيۇپ بەرگۈچى، ساتقۇچى، سېتىۋالغۇچى، توشىغۇچى، توشىغۇزغۇچى، ھاراق ياسىغۇچى، ياساتقۇچى ۋە پۇلىنى يېگۈچىدىن ئىبارەت ھەممىسىگە لەنەت قىلىندى».

ئىمام بەيھەقى سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھاراق ھەققىدە تۆت ئايەت چۈشتى. سەئىد يۇقىرىدىكى ھەدىسنى بايان قىلدى ۋە يەنە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئەنسارىلاردىن بىرى بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. بۇ زىياپەت ھاراق ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى. بىز ھاراق ئىچىپ تەڭشىلىپ، ئۆز - ئۆزىمىزنى ماختىشىپ، پەخىرلىنىشكە باشلىدۇق. ئەنسارىلار: بىز ئەۋزەلدۇرمىز، - دېدى. مۇھاجىرلار: بىز ئەۋزەل، - دېدى. تالاش - تارتىش ئەۋجىگە چىققاندا، بىر ئەنسارى تۆگىنىڭ سۆڭىكىنى ئېلىپ، بۇرنۇمغا بىرنى قويدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇرنۇم يۇچۇق بولۇپ قالدى. بۇ سەۋەب بىلەن الله تائالا: **﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار شەيتان ھاراق،**

**قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ: **﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر﴾** دېگەن ئايىتى تەۋراتتا مۇنداق شەكىلدە بايان قىلىنغان: الله تائالا ھەقىقەتەن خاتا ئىشلارنى يوقىتىش، ئويۇن ـ تاماشا قىلىش، ئۇسسۇل ئويناش، ئۇد، داپ، تەمبۇر ۋە سۇناي چېلىش ، شېئىر ئوقۇش قاتارلىقلارنى چەكلەش ئۈچۈن تەۋراتنى چۈشۈردى.

ھاراقنىڭ تەمى ئاچچىقتۇر. الله تائالا ئۆزىنىڭ كاتتا نامى بىلەن: «كىمكى ھاراقنى (ھاراق) ھارام قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئىچسە، قىيامەت كۈنى مەن ئۇنى (ئىچىدىغان ئۇسسۇلۇقى يوق) چاڭقىغان ھالدا تاشلاپ قويىمەن، كىمكى ھاراق ھارام قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى تاشلىسا، مەن ئۇنى قىيامەت كۈنى جەننەتتە شاراب بىلەن سۇغىرىمەن» دەپ قەسەم ئىچتى.

ئىمام شافىئىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بۇ دۇنيادا ھاراق ئىچىپ، بۇ قىلمىشتىن تەۋبە قىلمىسا، ئاخىرەتتە (مۇكاپات ئۈچۈن) بېرىلىدىغان شارابتىن قۇرۇق قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقانداق مەست قىلغۇچى نەرسە ھاراقتۇر ۋە ھەر قانداق مەست قىلغۇچى نەرسە ھارامدۇر. كىمكى ھاراق ئىچىپ تەۋبە قىلماي، ھاراقكەش پېتى ئۆلۈپ كەتسە، ئاخىرەتتە (جەننەتنىڭ) شارابلىرىن ئىچەلمەيدۇ».

ئابدۇراھمان ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھاراقتىن يىراق بولۇڭلار، چۈنكى ھاراق ھەممە يامانلىقلارنىڭ بېشىدۇر. بۇرۇنقى زاماندا بىر ئابىد كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ھېچكىمگە ئارىلاشماي ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. يولدىن چىققان بىر ئايال ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، دېدىكىنى ئەۋەتىپ: سىزنى گۇۋاھچى بولۇپ بېرىش ئۈچۈن چاقىرىمىز، ـ دەپتۇ. ئابىد كىشى دېدەك بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ ھەر بىر ئىشىكتىن كىرگەندە، دېدەك ئىشىكلەرنى ئىچىدىن تاقاپ قويۇپتۇ. ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگەندە، ناھايىتى چىرايلىق بىر ئايال بار بولۇپ، قېشىدا بىر كىچىك ئوغۇل بالا بىلەن بىر كۈپ ھاراق بار ئىكەن. ئۇ ئايال ئۇ كىشىگە: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى گۇۋاھ بولۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن چاقىرتمىدىم، بەلكى مەن سېنى يا مەن بىلەن كۆڭۈل ئېچىشقا يا بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى بۇ ھاراقتىن ئىچىشكە چاقىرتتىم، ـ دەپتۇ. ئۇ ئابىد (زىنا قىلىشتىن ۋە بالىنى ئۆلتۈرۈشتەك ئىشتىن ھاراق ئىچىشنى

يەڭگىل بىلىپ) هاراقنى ئىچىپتۇ. ئاندىن ئۇ مەست بولۇپ قېلىپ هېلىقى ئايال بىلەن زىنا قىلىپتۇ ھەم ھېلىقى كىچىك بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇڭا هاراقتىن يىراق تۇرۇڭلار، چۈنكى هاراق بىلەن ئىمان ھېچقاچان پېتىشالمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: هاراق هارام قىلىنغاندا، بەزى كىشىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىڭدىن بۇرۇن هاراق ئىچىپ ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قانداق ھۆكۈم قىلىنىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا: ﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (هارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (هارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە هارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

قىبلە ئۆزگەرتىلگەن چاغدا بەزى كىشىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىڭدىن بۇرۇن بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نامىزىغا قانداق ھۆكۈم قىلىنىدۇ؟ ـ دەپ سوراشقاندا، **الله** تائالا: ﴿**الله** سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، **الله** تائالانىڭ: ﴿**ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر (هارام قىلىنمىغان نەرسىلەرنى) يېسە، ئىچسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، قاچانكى ئۇلار (هارام نەرسىلەردىن) ساقلانسا، ئىماندا ۋە ياخشى ئەمەللىرىدە ئىزچىل بولسا، ئاندىن (هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يەنە ساقلانسا ۋە هارام دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاندىن (هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن داۋاملىق) ساقلانسا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلسا، الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**﴾ دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئابدۇللاھ! سېنىڭمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىڭ ھەققىدە بېشارەت بېرىلدى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَيَبۡلُوَنَّكُمُ ٱللَّهُ بِشَيۡءٖ مِّنَ ٱلصَّيۡدِ تَنَالُهُۥٓ أَيۡدِيكُمۡ وَرِمَاحُكُمۡ لِيَعۡلَمَ ٱللَّهُ مَن يَخَافُهُۥ بِٱلۡغَيۡبِۚ
فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٞ ٩٤ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقۡتُلُواْ ٱلصَّيۡدَ وَأَنتُمۡ حُرُمٞۚ وَمَن قَتَلَهُۥ مِنكُم
مُّتَعَمِّدٗا فَجَزَآءٞ مِّثۡلُ مَا قَتَلَ مِنَ ٱلنَّعَمِ يَحۡكُمُ بِهِۦ ذَوَا عَدۡلٖ مِّنكُمۡ هَدۡيَۢا بَٰلِغَ ٱلۡكَعۡبَةِ أَوۡ كَفَّٰرَةٞ طَعَامُ
مَسَٰكِينَ أَوۡ عَدۡلُ ذَٰلِكَ صِيَامٗا لِّيَذُوقَ وَبَالَ أَمۡرِهِۦۗ عَفَا ٱللَّهُ عَمَّا سَلَفَۚ وَمَنۡ عَادَ فَيَنتَقِمُ ٱللَّهُ مِنۡهُۗ وَٱللَّهُ
عَزِيزٞ ذُو ٱنتِقَامٍ ٩٥

(1) بەقەرە سۈرىسى 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئى مۆمىنلەر! كۆرمەي تۇرۇپ الله دىن قورقىدىغانلارنى بىلىش ئۈچۈن، قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان بىر ئاز ئوۋ بىلەن الله سىلەرنى چوقۇم سىنايدۇ، كىمكى بۇنىڭدىن كېيىن ھەددىدىن ئاشسا (يەنى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا)، ئۇ قىينىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿94﴾. ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كەففارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئۆتكەنكى گۇناھنى (يەنى بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، بۇنى) الله ئەپۇ قىلدى، كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكەزسە (يەنى قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، الله ئۇنى جازالايدۇ، الله غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر﴿95﴾.

## ھەرەمدە ۋە ئېھرام ھالىتىدە ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ھاراملىقى

﴿**ئى مۆمىنلەر! كۆرمەي تۇرۇپ الله دىن قورقىدىغانلارنى بىلىش ئۈچۈن، قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان بىر ئاز ئوۋ بىلەن الله سىلەرنى چوقۇم سىنايدۇ**﴾ ۋالىبى بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتىكى ئوۋدىن ئاجىز ۋە كىچىك ئوۋلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئوۋ ھايۋانلىرى شۇنچىلىك كىچىك ۋە ئاجىزكى، كىشىلەر خالىسا، ھەتتا ئۇلارنى قوللىرى بىلەنلا تۇتالايدۇ. الله تائالا بەندىلىرىنى شۇنداق سىنىغان ۋە ئوۋ ھايۋانلىرىغا يېقىن كېلىشتىن توسقان.

مۇجاھىد: ﴿**قولۇڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان**﴾ دېگەن ئايەت ئوۋنىڭ كىچىكلىرىنى ۋە باچكىلىرىنى، ﴿**نەيزەڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان**﴾ دېگەن ئايەت چوڭلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ـ دەيدۇ.

مۇقاتىل: بۇ ئايەت ھۇدەيبىيە ئۆمرىسى ۋاقتىدا چۈشكەن بولۇپ، شۇ چاغدا ئۆمرىگە كەلگۈچىلەرنىڭ تىككەن چېدىرلىرىغا ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ئوۋلىنىدىغان ھايۋانلار كىرىۋالاتتى، كىشىلەر بۇرۇن بۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتمايتتى. الله تائالا ئۇلارنى ئېھرام ھالىتىدە ئوۋ ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. الله تائالا ئۇلارنى ئوۋ بىلەن سىنايدۇ. ئوۋ ھايۋانلىرى ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتتە ئوۋنى قوللىرى ياكى نەيزىلىرى بىلەن تۇتاي دېسىلا تۇتالايدۇ. بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا بويسۇنىدىغانلىقىنى ياكى بويسۇنمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر سىناقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار مەغپىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ﴾[1].

(1) مۇلك سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

**﴿كىمكى بۇنىڭدىن كېيىن ھەددىدىن ئاشسا (يەنى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا)﴾** ھەققىدە سۇددى ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: كىمكى بۇ ئۇقتۇرۇشتىن ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن ھەددىدىن ئېشىپ (ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا)، ئۇ، **الله** تائالانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا ۋە چەكلىمىسىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، **﴿قىيىنىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾**، ـ دەيدۇ.

**﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار﴾**
**الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئېھرام ئىچىدە تۇرۇپ ئۆي ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش ۋە ئۆلتۈرۈشنى توستى. ئېھرام ھالىتىدە ياكى ھەرەمدە ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەن ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قاغا، سا، چايان، چاشقان ۋە غالجىر ئىتتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك زىيانلىق ھايۋان مەيلى ھەرەمنىڭ ئىچىدە ياكى باشقا جايدا بولسۇن، ئۇچرىغان ھامانلا ئۆلتۈرۈلىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئېھرامدىكى ئادەم قاغا، سا، چاشقان، چايان ۋە غالجىر ئىتقا ئوخشاش بەش تۈرلۈك ھايۋاننى ئۆلتۈرسە، گۇناھ بولمايدۇ».

ئەييۇب نافىئدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىقىدەك دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ ھەمدە ئەييۇب ئۆزىنىڭ نافىئدىن: يىلانچۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، نافىئنىڭ: يىلاننى ئۆلتۈرۈۋېتىشتە شەك يوق ھەم ئىختىلاپمۇ يوق، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بۆرە، يىلپىز، يولۋاس ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ غالجىر ئىتقا ئوخشاشلا ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

ئەبۇسەئىد مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئېھرام باغلىغان كىشى قانداق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يىلان، چايان، چاشقان، سا ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۆلتۈرۈلسە بولىدۇ، قاغا ئۆلتۈرۈلمەستىن ئېتىپ يارىلاندۇرۇلىدۇ (ياكى قاچۇرۇۋېتىلىدۇ)» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.



## ھەرەمدە ياكى ئېھرامدىكى ھالىتىدە ئوۋ ئوۋلاشنىڭ جازاسى

**﴿سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىكى قەستەن دېگەن سۆزدىن (قەستەن) ئوۋ ئوۋلاش ۋە ئوۋ ئوۋلىغۇچى ئۆزىنىڭ ئېھرامدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىش ھالىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما

ئۆزىنىڭ ئېھرامدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ھالەتتە قەستەن ئوۋ ئوۋلىغۇچىنىڭ گۇناھى تۆلەم بىلەن يۇغلى بولمىغىدەك دەرىجىدە ئېغىر بولۇپ، ئېھرامى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ـ دەيدۇ.

بۇ بىر يات سۆز بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە، قەستەن ئوۋ ئوۋلاش ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئوۋ ئوۋلاشقا تۆلىنىدىغان تۆلەم جازاسىنىڭ پەرقى يوقتۇر.

ئىمام زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: (قۇرئان كەرىم) قەستەن ئوۋ ئوۋلىغاننى كۆرسىتىپ كەلدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە بۇ جازا سەۋەنلىك بىلەن ئوۋ ئوۋلىغۇچىغىمۇ ئىجرا قىلىندى. شۇنداق بولۇشى ﷲ تائالانىڭ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كەففارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئۆتكەنكى گۇناھنى (يەنى بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، بۇنى) ﷲ ئەپۇ قىلدى، كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكۈزسە (يەنى قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، ﷲ ئۇنى جازالايدۇ، ﷲ غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر**﴾ دېگەن ئايىتىدە قەستەن ئوۋ ئوۋلىغۇچىغا تۆلەم كېلىدىغانلىقى ۋە گۇناھكار بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر قۇرئان كەرىمدە قەستەن ئوۋ ئوۋلىغۇچى ھەققىدە بايان قىلىنغان تۆلەم جازاسىنىڭ ئۆز ئەينىسىنى سەۋەنلىك بىلەن ئوۋ ئوۋلىغۇچىغىمۇ تۆلەشكە ھۆكۈم قىلغان.

سەۋەنلىك بىلەن ئوۋ ئوۋلىغان كىشىنىڭ قەستەن ئوۋ ئوۋلىغان كىشى تۆلەيدىغان تۆلەمنىڭ ئۆز ئەينىنى تۆلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، ئوۋ ئوۋلاش بىر نەرسىنى بۇزۇۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسە بۇزۇۋەتكۈچى مەيلى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن بۇزۇۋەتسۇن، ئوخشاشلا تۆلەم تۆلەيدۇ.

بىراق قەستەن قىلغۇچى گۇناھكار بولىدۇ. سەۋەنلىك بىلەن قىلىپ سالغۇچى گۇناھكار بولمايدۇ. ئېھرام ھالىتىدە تۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ئوۋنىڭ تۆلمى ئۈچۈن شۇ ئوۋغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھايۋانلاردىن تۆلەش كېرەك. بۇ، ئوۋلانغان ھايۋان ئىنسانلار تەرىپىدىن بېقىلىدىغان ھايۋانغا ئوخشاش بولسا، شۇنداق بولىدۇ.

ساھابىلەرمۇ ئوۋلانغان ھايۋانغا ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان ھايۋاننى تۆلەشكە ھۆكۈم قىلغان. مەسىلەن، بىر تۆگە قۇشى ئۈچۈن بىر تۆگە، بىر ياۋا كالا ياكى قوتاز ئۈچۈن بىر كالا، بىر كىيىك ئۈچۈن بىر ئۆچكە تۆلەشكە ھۆكۈم قىلغان.

ئىمام بەيھەقى ئىبنى ئابباسنىڭ ناۋادا ئوۋلانغان ئوۋنىڭ ئوخشىشى بولمىسا، شۇ ئوۋنىڭ قىممىتىدىكى پۇلنى مەككىگە ئېلىپ بېرىپ، سەدىقە قىلىشقا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئوۋنىڭ ئوخشىشىنى تۆلەشكە، ئوخشىشى بولمىسا، ئۇنىڭ قىممىتىدە پۇل تۆلەشكە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن مۇسۇلمان ۋە ئادىل ئىككى كىشى بولۇشى شەرت.

ئىمام ئىبنى جەرىر ئەبۇجەرىر بەجەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئېھرامدىكى چېغىمدا بىر كىيىكنى ئۇۋلاپ سالدىم ۋە مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ ئىشنى دېسەم، ئۇ: (دىنىي) قېرىنداشلىرىڭدىن ئىككى كىشىنىڭ قېشىغا بارغىن. بۇ ھەقتە ساڭا ھۆكۈم قىلىپ قويسۇن، ـ دېدى. مەن ئابدۇراھمان بىلەن سەئىد ئىككىسىنىڭ قېشىغا باردىم، ئۇ ئىككىسى مېنىڭ بىر ئۆچكە تۆلىشىمگە ھۆكۈم قىلدى.

ئىبنى جەرىر تارىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەربەت دېگەن كىشى ئېھرام ھالىتىدە تۇرۇپ بىر كىيىكنى دەسسەپ قويۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا (ھۆكۈم قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ) كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا (يەنى تارىققا): بۇ ئىشقا ئىككىمىز بىللە ھۆكۈم قىلايلى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىمىز ئەربەتكە سۇ تېتىن ئايرىلغان بىر ئوغلاق تۆلەشكە ھۆكۈم قىلدۇق. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿**ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

ئوۋلانغان ھايۋاننىڭ ئورنىغا تۆلەنگەن ھايۋان كەبىگە ئېلىپ بېرىلىپ، شۇ يەردە بوغۇزلىنىپ، گۆشى ھەرەمنىڭ مىسكىنلىرىگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

﴿**ياكى كەففارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر**﴾ يەنى ئوۋلانغان ھايۋاننىڭ تۆلىمى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوخشىشى تېپىلمىغان بولسا ياكى ئوۋلانغان ھايۋان ئوخشىشى تېپىلمايدىغان ھايۋان بولسا، تۆلەم ئۈچۈن مىسكىنلەرگە تاماق يېگۈزىدۇ ياكى روزا تۇتىدۇ.

﴿**ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كەففارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئېھراملىق كىشى ئوۋ ئوۋلىسا، ئوۋلانغان ھايۋاننىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىگە قاراپ تۆلەم تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىيىك ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھايۋان بولسا، مەككىگە بىر قوي ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلىشى، قوي تاپالمىسا، ئالتە مىسكىنگە تاماق بېرىشى، ئۇنىمۇ قىلالمىسا، ئۈچ كۈن رۇزا تۇتۇشى كېرەك. ئەگەر ئوۋلانغان ھايۋان قوتازغا ئوخشاش ھايۋان بولسا، ئۇنىڭ تۆلىمى ئۈچۈن بىر كالا بوغۇزلىشى، كالا تاپالمىسا، يىگىرمە مىسكىنگە تاماق بېرىشى، ئۇنىمۇ قىلالمىسا، يىگىرمە كۈن رۇزا تۇتۇشى كېرەك. ئوۋلانغان ھايۋان تۆگە قۇشى ياكى قۇلان (ياۋا ئېشەك) تەك ھايۋان بولسا، ئۇنىڭ تۆلىمى ئۈچۈن بىر تۆگە بوغۇزلىشى، ئۇنى تاپالمىسا، ئوتتۇز مىسكىنگە تاماق بېرىشى، ئۇنىمۇ قىلالمىسا، 30 كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك.

بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىرلەرمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەردە: مىسكىنلەرگە تويغۇدەك تاماق بېرىلىدۇ، ـ دېيىلگەن. بۇنداق قىلىش (ﷲ تائالانىڭ) ئەمرىگە

خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ قىلغان گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتىشى ئۈچۈندۇر.

**﴿ئۆتكەنكى گۇناھنى (يەنى بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغانلىقىڭلارنى) ئاللاھ ئەپۇ قىلدى﴾** ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، **الله** تائالانىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىپ، گۇناھ ئىشلارنى تاشلىغۇچىلارنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرىنى **الله** كەچۈرۈۋېتىدۇ.

**﴿كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكەزسە (يەنى قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، الله ئۇنى جازالايدۇ، الله غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر﴾** يەنى كىمكى بۇ خىل گۇناھ ئىشلارنى ئىسلام شەرىئىتى چەكلىگەندىن كېيىن (بىلىپ تۇرۇپ) قىلسا، **الله** تائالا ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالىدۇ. **الله** تائالاغالىبتۇر ۋە ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەتادىن: **﴿ئۆتكەنكى گۇناھنى (يەنى بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، بۇنى) الله ئەپۇ قىلدى﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىدىم. ئەتا: **الله** تائالا ئەپۇ قىلغان بۇ گۇناھلاردىن ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن قىلىپ سالغان گۇناھلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. مەن يەنە: **﴿كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكەزسە (يەنى قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، الله ئۇنى جازالايدۇ، الله غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىچۇ؟ ـ دېسەم، ئەتا: كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، يەنە ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا، **الله** تائالا ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالىدۇ ۋە تۆلەم تۆلىتىدۇ، ـ دېدى. مەن: قايتا گۇناھ قىلغۇچىغا قارىتا مۇئەييەن بىر جازا بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئەتا: ياق، ـ دېدى. مەن: دۆلەت باشلىقىنىڭ ئۇنى جازالاش ھوقۇقى بارمۇ؟ ـ دېسەم. ئەتا: ياق، ئېھرامدا ئوۋ ئوۋلاش بىر كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن **الله** تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۇناھدۇر، شۇڭا ئۇ كىشى تۆلەم تۆلىسىلا بولىدۇ، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەرىرمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جۇبەير ۋە ئەتا قاتارلىقلار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالا ئۇ كىشىدىن تۆلەم تۆلىتىش ئارقىلىق ئىنتىقام ئالىدۇ.

سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى: ئېھرام ھالىتىدىكى ئادەم قاچانلا بولمىسۇن ئوۋ ئوۋلىسىلا، تۆلەم تۆلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قېتىم بولۇشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقتۇر. شۇنداقلا ئۇۋنىڭ قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن بولغىنىنىڭ ھېچ پەرقى يوقتۇر، ـ دەيدۇ.

**﴿الله غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر﴾** ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا ھېچكىمنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىمايدۇ. بىرسىدىن ئىنتىقام ئېلىشتىن ئۇنى ھېچكىم توسيالمايدۇ. جازالىماقچى بولسا، جازالاشتىن ئۇنى ھېچكىم توسيالمايدۇ. چۈنكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەخلۇقاتىدۇر. جازا بېرىش ياكى مۇكاپاتلاش ئۇنىڭ ھەققىدۇر. **الله** تائالا، ھېچكىم زورلۇق ئىشلىتەلمەيدىغان، ھېچكىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان كاتتا ئىززەت ئىگىسىدۇر. ئاسىيلىق قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئاسىيلىقىغا قارىتا جازا بەرگۈچىدۇر.

* * * * * * *

أُحِلَّ لَكُمْ صَيْدُ ٱلْبَحْرِ وَطَعَامُهُۥ مَتَٰعًا لَّكُمْ وَلِلسَّيَّارَةِ ۖ وَحُرِّمَ عَلَيْكُمْ صَيْدُ ٱلْبَرِّ مَا دُمْتُمْ حُرُمًا ۗ وَٱتَّقُوا۟
ٱللَّهَ ٱلَّذِىٓ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٩٦﴾ ۞ جَعَلَ ٱللَّهُ ٱلْكَعْبَةَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ قِيَٰمًا لِّلنَّاسِ وَٱلشَّهْرَ
ٱلْحَرَامَ وَٱلْهَدْىَ وَٱلْقَلَٰٓئِدَ ۚ ذَٰلِكَ لِتَعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ وَأَنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ
شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٩٧﴾ ٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ وَأَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٩٨﴾ مَّا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا
ٱلْبَلَٰغُ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا تَكْتُمُونَ ﴿٩٩﴾

سلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز هايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر هالال قىلىندى، مادامكى سىلەر ئېهرامدا ياكى هەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق هايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە هارام قىلىندى، سىلەر (قىيامەت كۈنى) دەرگاهىغا توپلىنىدىغان الله دىن قورقۇڭلار﴿96﴾. الله بەيتۇلهەرام بولغان كەبىنى، هەج ئېيىنى، هەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى، (قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە) بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈتقىسى قىلدى، بۇ، الله نىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ هەر شەيئىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى سىلەرنىڭ بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴿97﴾. بىلىڭلاركى، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) الله ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېهرىباندۇر﴿98﴾. پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. الله سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿99﴾.

## ئېهرام هالىتىدىكى كىشىلەرگە دېڭىز ئوۋلىرىنىڭ هالال قىلىنغانلىقى

**﴿سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز هايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر هالال قىلىندى﴾** سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە مۇنداق دېدى: بۇ ئايەتتە كەلگەن: **﴿دېڭىز هايۋانلىرى﴾** دېگەن سۆزدىن دېڭىزدىن يېڭى تۇتۇلغان دېڭىز هايۋانلىرى ۋە: **﴿دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر﴾** دېگەن ئايىتىدىن دېڭىز هايۋانلىرىدىن ئوزۇقلۇق ئۈچۈن قۇرۇتۇپ ئېلىۋېلىنغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ: بۇ ئايەتتە كەلگەن: **﴿دېڭىز هايۋانلىرى﴾** دېگەن سۆزدىن دېڭىز هايۋانلىرىدىن تىرىك تۇتۇلغانلىرى ۋە **﴿دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر﴾** دېگەن سۆزدىن دېڭىز هايۋانلىرىدىن ئۆلۈك هالەتتە سۇ يۈزىگە لەيلەپ قالغانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەيدۇ.

ئەبۇبەكرى، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى، ئەبۇئەييۇب ئەنسارى، ئىكرىمە، ئەبۇسەلەمە ئىبنى ئابدۇراهمان، ئىبراهىم نەخەئىي ۋە هەسەنبەسەر قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. **﴿سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن﴾** يەنى سىلەرنىڭ دېڭىز هايۋانلىرىدىن ئوزۇقلىنىشىڭلار ۋە پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇلار هالال قىلىندى. ئىكرىمە: ئايەتتىكى **﴿ۋە يولۇچىلارنىڭ﴾** دېگەن سۆزدىن دېڭىزغا يېقىن

جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ۋە دېڭىز سەپىرىدە بولغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

باشقا ئالىملار: ئايەتتىكى ﴿**دېڭىز ھايۋانلىرى**﴾ دېگەن ئايەتتىن دېڭىز ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن دېڭىزدىن ئوۋلىغان يېڭى دېڭىز ھايۋانلىرى ۋە: ﴿**دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر**﴾ دېگەن ئايەتتىن دېڭىزدا ئۆزى ئۆلۈپ، لەيلەپ چىقىپ قالغان دېڭىز ھايۋانلىرى ۋە تۇزلىنىپ مۇساپىرلارغا ۋە دېڭىزدىن يىراق جايدىكى كىشىلەرگە ئوزۇقلۇق ئۈچۈن تەييارلانغان ھايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سۇددى ۋە باشقىلارمۇ بۇ ھەقتە يۇقىرىقىغا ئوخشاش دەيدۇ.

ئىمام مالىك جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنىڭ قوماندانلىقىدىكى 300 كىشىلىك بىر قوشۇننى دېڭىز بويى تەرەپكە ئەۋەتتى. مەنمۇ شۇ قوشۇندا ئىدىم، سەپەردە ئوزۇقلىقىمىز تۈگەيلا دەپ قالغانىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قوشۇندىكىلەرنى ئوزۇقلارنى بىر يەرگە توپلاشقا بۇيرىدى. بۇ ئوزۇقلار پەقەت خورمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ خورمىلار كىشىلەرگە كۈندە ئاز ـ ئازدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئوزۇقلۇق ئاخىرلىشىپ قالغاندا، ھەر بىرىمىزگە كۈنگە پەقەت بىر تالدىنلا بېرىلىشكە باشلىدى. مەن: بىر تال خورما نېمىگە دالدا بولاتتى؟ ـ دېسەم، ئەبۇ ئۇبەيدە: بېرىلىدىغان بۇ خورمىمۇ تۈگىسە، ئوزۇقلۇق پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ، ـ دېدى. بىز ئاخىرى دېڭىزغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. دېڭىز بويىدا ناھايىتى يوغان بىر كىت ئۆلۈك ھالەتتە يېتىپتۇ. بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئاشۇ كىتنىڭ گۆشىدىن ئوزۇقلاندى. كېيىن ئەبۇ ئۇبەيدە كىتنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسىنى تىكلەشكە ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىن تۆگىنى ئۆتكۈزۈپ بېقىشقا بۇيرۇدى. (قوۋۇرغا ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن) تۆگە ئۇنىڭ ئاستىدىن ناھايىتى ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتى.

ئىمام مالىك ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى **اللە** نىڭ پەيغەمبىرى! بىز دېڭىزغا سەپەرگە چىققان ۋاقىتلىرىمىزدا ئۆزىمىز بىلەن ئازغىنا سۇ ئېلىپ ماڭىمىز. ئەگەر بۇ سۇنى تاھارەت ئېلىشقا ئىشلەتسەك، (ئىچىدىغانغا سۇ قالماي) ئۇسساپ قالىمىز. شۇڭا دېڭىز سۈيىدە تاھارەت ئالساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «دېڭىزنىڭ سۈيى پاكىز، ئۇنىڭدىكى ھايۋانلارنىڭ ئۆلىكىمۇ ھالالدۇر» دېدى.

بۇ ھەدىسنى ئىمام شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. ساھابىلەردىنمۇ مۇشۇ مەزمۇندىكى كۆز قاراشلار رىۋايەت قىلىنغان.



## ئېھرامدىكى كىشىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ھايۋانلارنى ئوۋلىشىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

﴿**مادامىكى سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى**﴾ يەنى ئېھرام باغلىغان ھالەتتە ئوۋ ئوۋلاش ھارام قىلىندى. بۇ ئايەت

ئېھرامدىكى كىشىنىڭ ئۇۋلىغان ئۇۋنىنىڭ هاراملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېھرام باغلىغان كىشى قەستەن ئوۋ ئوۋلىسا گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ، ھەم تۆلەم تۆلەيدۇ. سەۋەنلىك بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ قويغان بولسىمۇ، تۆلەم تۆلەيدۇ. ئوۋلانغان ھايۋاننىڭ گۆشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ۋە مەيلى ئېھرام باغلىغان ياكى باغلىمىغان بولسۇن ھەر قانداق بىر ئادەمگە خۇددى ئۆلۈك ھايۋاننىڭ گۆشى ھارام بولغاندەك ھارام بولىدۇ.

ئېھرام باغلىمىغان بىر كىشى مەخسۇس ئېھرام باغلىغان كىشى ئۈچۈن ئاتاپ ئوۋ ئوۋلاپ، ئۇ ئوۋنىڭ گۆشىنى سوۋغا قىلغان بولسا، ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ ئۇ گۆشتىن يېيىشى دۇرۇس ئەمەس. بۇنىڭ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر.

سائىب ئىبنى جۇسامە دېگەن ساھابە ئابۋا (ياكى ۋەددان) دېگەن جايدا بىر ياۋا ئېشەكنى ئوۋلاپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوۋغا قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە بۇ ساھابىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ: «بىزنىڭ سىنىڭ سوۋغاڭنى قوبۇل قىلماسلىقىمىز باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى ھازىر بىز ئېھرام ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈندۇر» دېگەن.

بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىس يەنە بىر قانچە ئۇسۇلدا رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوۋلانغان ئاشۇ ئوۋنى مەخسۇس بىزگىلا ئاتاپ ئوۋلىدى دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇۋەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمما ئوۋنى ئېھرامدىكى كىشىلەرگە ئاتاپ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى يېيىش ئۈچۈن ئوۋلىغان بولسا، ئېھرامدىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن يېسە بولىدۇ. بۇنىڭ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر.

ئەبۇقەتادە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئېھرام باغلىمىغاندا، بىر ياۋا ئېشەك ئوۋلىغان ئىدىم، ھەمراھلىرىم ئېھرام باغلىغان ھالەتتە بولغاچقا، ئۇنىڭ گۆشىدىن يېيىشكە ئىككىلىنىپ قېلىشتى. كېيىن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغىنىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىرەرسىڭلار ئوۋ ھايۋىنىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويغان ياكى ئوۋلاشتا ئۇنىڭغا ياردەملەشكەنمۇ؟» دەپ سورىدى. ھەمراھلىرىم: ياق، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭدىن يەڭلار» دېدى ۋە ئۆزىمۇ يېدى. بۇ ۋەقەلىك ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ كىتابىدا بىر نەچچە خىل ئۇسۇلدا رىۋايەت قىلىنغان.

**﴿سىلەر (قىيامەت كۈنى) دەرگاھىغا توپلىنىدىغان الله دىن قورقۇڭلار﴾** يەنى: ئى ئىنسانلار! الله تائالادىن قورقۇڭلار، الله تەرىپىدىن بۇيرۇلغان پەرز ئەمەللەرنى ئورۇنداڭلار. ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، تىكلەنگەن تاشلارغا ئىبادەت قىلىش ۋە پال ئوقلىرى بىلەن پال ئېچىش، ئېھرام باغلىغان ھالەتتە ئوۋ ئوۋلاشتەك پەيغەمبىرىڭلارغا چۈشكەن قۇرئاندا چەكلىنىپ كەلگەن ئىشلاردىن يېنىڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭ ئاخىرى قايتىدىغان جايىڭلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. الله تائالا ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا جازا، بويسۇنغۇچىلارغا مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

**﴿الله بەيتۇلھەرام بولغان كەبىنى، ھەج ئېيىنى، ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى، (قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە) بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە**

**ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ تۈۋرۈكى قىلدى﴾** يەنى الله تائالا ئاجىزنى بوزەك ئەتكۈچىلەرنى، ياخشى كىشىلەرگە يامانلىق قىلغۇچىلارنى ۋە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى توسىيالىغۇدەك قارشىلىق كۆچى بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن بەيتۇلھەرەم بولغان كەبىنى، ھەج ئېيىنى، ھەجدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقنى، (قۇربانلىقنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە) بويۇنلىرىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەرنى پاناھگاھ قىلىپ بەردى.

الله تائالا مۇشۇلار ئارقىلىق كىشىلەرنى بىر - بىرىگە زۇلۇم قىلىشتىن توسۇپ قالدى. چۈنكى باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغان كىشىلەرنى مۇشۇلاردىن باشقا توساپ قالىدىغان بىر نەرسە يوق ئىدى.

الله تائالا بۇ نەرسىلەرنى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ بىر ئالامىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ پايدىلىق ئامىللىرى قىلدى. مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ (يەنى بەيتۇلھەرەم بولغان كەبە، ھەج ئېيى، ھەجدە قىلىنغان قۇربانلىق، قۇربانلىقنىڭ سۈپىتىدە بوينىغا بەلگە ئېسىلغان تۆگىلەر) ھۆرمىتىنى بىلىدىغان ئەرەبلەر ئۈچۈن مۇشۇ نەرسىلەر ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تۈزەيدىغان بىر باشلىقنىڭ رولىنى ئوينايتتى. كەبىنىڭ "ھەرەم" دەپ ئاتىلىشى، الله تائالانىڭ بۇ ئورۇننىڭ دەل - دەرەخلىرىنى كېسىش، ئوت - چۆپلىرىنى يۇلۇشتەك ئىشلارنى ھارام قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ ئىشلار ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردىمۇ ئەرەبلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىشلىرىنىڭ پايدىلىق ئامىللىرى بولغىنىدەك، ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى ۋە نامازدا يۈز كەلتۈرىدىغان قىبلىسى بولدى.

**﴿بۇ، الله نىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ ھەر شەيئىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى سىلەرنىڭ بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر﴾** يەنى: ئى ئىنسانلار! الله تائالانىڭ مۇشۇنداق قىلىشى، سىلەرنىڭ پايدا - زىيىنىڭلارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارنى ياخشىلايدىغان ئامىللارنى قىلىپ بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئاسمان - زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەردىن قايسىسىنىڭ سىلەرنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنى ھەم سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بولغان ھەممە ئىشىڭلارنى بىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا مۇكاپات، يامان ئەمەل قىلغانلارغا جازا بېرىدىغانلىقىنى سىلەرنىڭ بىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

**﴿بىلىڭلاركى، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** يەنى ئاسمان - زېمىندىكى ھەرقانداق نەرسىنى ۋە سىلەرنىڭ ئاشكارا - يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغان الله ، ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ، ئۆزىگە بويسۇنغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. گۇناھ قىلىپ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلغان بەندىسىنى جازالىمايدىغان مەرھەمەت ئىگىسىدۇر.

**﴿پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. الله سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾** بۇ، الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان تەھدىتىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىمىز پەقەت دىننى

يەتكۈزۈپلا قويىدۇ. بويسۇنغانلارغا مۇكاپات، بويسۇنمىغانلارغا جازا بېرىش بىزنىڭ ئىشىمىزدۇر. بىز بويسۇنغان ۋە بويسۇنمىغانلارنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان ۋە قوشمىغانلارنى ئوبدان بىلىمىز. سىلەرنىڭ ئاشكارا سۆز ـ ھەرىكىتىڭلارنىمۇ، يوشۇرغان بۇزۇق ئېتىقاد ۋە مۇناپىقلىقىڭلارنىمۇ ئوبدان بىلىمىز. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىزگە مەخپىي ئەمەستۇر. شۇڭا بەندىلەر الله تائالادىن قورقۇشى ۋە بويسۇنۇشى كېرەك.

* * * * * * *

قُل لَّا يَسْتَوِى ٱلْخَبِيثُ وَٱلطَّيِّبُ وَلَوْ أَعْجَبَكَ كَثْرَةُ ٱلْخَبِيثِ ۚ فَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ يَـٰٓأُو۟لِى ٱلْأَلْبَـٰبِ لَعَلَّكُمْ
تُفْلِحُونَ ﴿١٠٠﴾ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَسْـَٔلُوا۟ عَنْ أَشْيَآءَ إِن تُبْدَ لَكُمْ تَسُؤْكُمْ وَإِن تَسْـَٔلُوا۟ عَنْهَا
حِينَ يُنَزَّلُ ٱلْقُرْءَانُ تُبْدَ لَكُمْ عَفَا ٱللَّهُ عَنْهَا ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ حَلِيمٌ ﴿١٠١﴾ قَدْ سَأَلَهَا قَوْمٌ مِّن قَبْلِكُمْ ثُمَّ
أَصْبَحُوا۟ بِهَا كَـٰفِرِينَ ﴿١٠٢﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى ئىنسان) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن الله دىن قورقۇڭلار﴿100﴾. ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ، ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى الله ئەپۇ قىلدى. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴿101﴾. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قەۋم (پەيغەمبەرلىرىدىن) شۇنداق مەسىلىلەرنى سورىغان ئىدى، كېيىن بۇنىڭ سەۋەبىدىن (يەنى سورىغان ئىشلىرى بايان قىلىنىپ ئۇلار ئەمەل قىلمىغانلىقتىن) كاپىر بولۇپ كەتتى﴿102﴾.

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى ئىنسان) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس﴾** يەنى مەنپەئىتى بار ئازغىنە ھالال نەرسە، زىيىنى كۆپ ھارام نەرسىدىن ياخشىدۇر.

بۇ ھەقتە ھەدىستىمۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ئاز بولسىمۇ، ئېھتىياجىغا يېتەرلىك بولغان ھالال نەرسە، ئېزىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولىدىغان كۆپ ھارام نەرسىدىن ياخشىدۇر».

**﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى! نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن الله دىن قورقۇڭلار﴾** يەنى: ئى ئەقىل ئىگىلىرى! الله تائالادىن قورقۇڭلار، ھارامدىن يىراق تۇرۇڭلار، ھالال نەرسىلەرگە قانائەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار مۇمكىن.



## پايدىسىز سوئاللارنى سوراشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى

**﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىگە

ئەدەپ ئۆگىتىپ، ئۇلارنى پايدىسىز سوئاللارنى زېرىكتۈرۈپ سوراشتىن توستى. چۈنكى بەزى سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇلارغا ئېغىر كېلىشى مۇمكىن.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر سۆز قىلدىكى، مەن ھېچقاچان مۇنداق سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار». بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ساھابىلەر يۈزلىرىنى ئېتىپ، يىغلاپ كەتتى. بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: مېنىڭ دادام كىم؟ــ دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پالانى» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ ۋاقىتتا الله تائالا: **﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئىبنى جەرىر قەتادەدىن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ناھايىتى كۆپ سوئال سوراپ كەتكەنلىكتىن، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ (رەنجىگەن تەلەپپۇزدا): «بۈگۈن نېمە سورىساڭلار، شۇنىڭغا جاۋاب بېرىمەن» دېدى. ساھابىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چوڭ بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ كېتىشتى. ئەتراپىمغا قارىسام، ھەممىسى يۈزلىرىنى توسۇۋېلىپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا باشقىلار بىلەن جېدەللىشىپ قالسىلا: «ھارامدىن بولغان» دەپ ھاقارەتلىنىدىغان بىر كىشى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ دادام كىم؟ــ دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ داداڭ ھۇزافە» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: بىز الله تائالانىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئىكەنلىكىگە، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىمىز ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇق. مەن پىتنە ـ پاساتنىڭ زىيان يەتكۈزىشىدىن الله تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن،ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەيلى ياخشىلىق ياكى يامانلىق تەرەپتىن بولسۇن، مەن بۈگۈنكىدەك بىر كۈننى كۆرمىگەن ئىدىم. ماڭا جەننەت بىلەن دوزاخ توساقسىز كۆرسىتىلدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن (شۇنداق) رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن: «دادام كىم؟»؛ تۆگىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغانلار: «تۆگەم نەدە؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى.

الله تائالا ئۇلار ھەققىدە: **﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ، ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى الله ئەپۇ قىلدى. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾[1] دېگەن ئايەت چۈشكەندە، بەزى كىشىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەر يىلى ھەج قىلىمىزمۇ؟- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمەي، جىم تۇرىۋالدى. ئۇلار يەنە سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئەگەر مەن ھەئە دېگەن بولسام، سىلەرگە يىلدا ھەج قىلىش پەرز بولۇپ قالىدۇ- دە، سىلەر ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ چاغدا الله تائالا: **﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاشكارا قىلىنسا، سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق (پەيغەمبەردىن) سورىماڭلار. ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ، ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى الله ئەپۇ قىلدى. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن جاۋابى بېرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىغان ياكى قىيىن كېلىدىغان سوئاللارنى سورىماسلىقنىڭ كېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

**﴿ئەگەر قۇرئان نازىل قىلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلار توغرۇلۇق سورىساڭلار، سىلەرگە بىلدۈرۈلىدۇ﴾** يەنى سىلەر سوراشتىن چەكلەنگەن سوئاللارنى پەيغەمبەرگە ۋەھيي چۈشىۋاتقاندا سورىساڭلار، پەيغەمبەر سىلەرگە ئۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

**﴿ئۆتكەندە سورىغانلىرىڭلارنى الله ئەپۇ قىلدى﴾** يەنى بۇ الله تائالاغا ئاسان. سىلەرنىڭ بۇرۇن ئورۇنسىز كۆپ سوئال سورىغانلىقىڭلارنى الله تائالا كەچۈرۈۋەتتى. **﴿الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر﴾**.

بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت: ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن كۆپ سوئال سورىماڭلار. بەلكىم كۆپ سوئال سورىغىنىڭلار سەۋەبىدىن سىلەرگە قىيىن كېلىدىغان بىرەر ھۆكۈم بېكىتىلىپ قېلىنىشى مۇمكىن،- دېگەنلىكتۇر.

ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «مۇسۇلمانلار ئىچىدە گۇناھى ئېغىرراق ھېسابلىنىدىغان كىشى، ھارام قىلىنمىغان بىر نەرسە توغرىسىدا ئورۇنسىز سوئال سوراپ، شۇ سوئالىنىڭ سەۋەبىدىن سورىغان نەرسىسى ھارام قىلىنىپ قالغان كىشىدۇر».

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرگە بايان قىلمىغان نەرسىلەر ھەققىدە سوئال سورىماڭلار. سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر تولا سوئال سورىغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەر بىلەن قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن».

ئىمام بەيھەقىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «الله تائالا پەرزلەرنى بېكىتتى، ئۇنىڭغا ئۆز جايىدا ئەمەل قىلىڭلار. بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىدى، ئۇ بەلگىلىمىلەردىن

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 97- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھالقىپ كەتمەكچىلار. بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلدى، ئۇنىڭدىن يېنىۋالار. بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى سىلەرگە رەھىم قىلغانلىقتىن بايان قىلماي قويۇپ قويدى. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىنى زىغىرلاپ سوراپ يۈرمەڭلار.»

﴿**سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قەۋم (پەيغەمبەرلىرىدىن) شۇنداق مەسىلىلەرنى سورىغان ئىدى، كېيىن بۇنىڭ سەۋەبىدىن (يەنى سورىغان ئىشلىرى بايان قىلىنىپ ئۇلار ئەمەل قىلمىغانلىقتىن) كاپىر بولۇپ كەتتى**﴾ يەنى سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر سوراش چەكلەنگەن سوئاللارنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋابقا ئىشەنمەي، شۇ سەۋەبتىن كاپىر بولۇپ كەتكەن.

دېمەك، ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار شۇ جاۋابلاردىن پايدىلانمىغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ سوئال سورىشى ھەرگىزمۇ بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەسخىرە قىلىش ۋە جاھىللىقىدىن بولغاندۇر.

* * * * * * *

مَا جَعَلَ ٱللَّهُ مِنۢ بَحِيرَةٍ وَلَا سَآئِبَةٍ وَلَا وَصِيلَةٍ وَلَا حَامٍ وَلَٰكِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ
وَأَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ﴿١٠٣﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْاْ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ قَالُواْ حَسْبُنَا مَا
وَجَدْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ أَوَلَوْ كَانَ ءَابَآؤُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَهْتَدُونَ ﴿١٠٤﴾

بەھىرە (سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى، يۈك ئارتمايتتى)، سائىبە (چىشىدىن ئوننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى) ۋەسىلە (بىرىنچىنى ۋە ئىككىنچىنى چىشى تۇغقان، بۇتلار ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن تۆگە)، ھام (ئون تۆگىگە ئاتا بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك - ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى) لارغا **الله** (يۇقىرىقىدەك قىلىشنى) بۇيرۇغىنى يوق، (لېكىن كاپىرلار **الله** غا يالغاننى چاپلايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنىڭ يالغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ﴿103﴾. ئۇلارغا **الله** نازىل قىلغان ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ)﴿104﴾.



## ئايەتتە كەلگەن ھايۋانلارنىڭ بايانى

ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "بەھىرە" دېگەن سۈتىنى بۇتلار ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن تۆگىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلارنى ھېچكىم ساغمايتتى. "سائىبە" دېگەن ئىلاھلىرىغا ئاتاپ باغلاقسىز، قويۇۋېتىلگەن تۆگىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلارغا ھېچكىم يۈك ئارتمايتتى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئەمرى ئىبنى خۇزائىينىڭ دوزاختا ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ تۇنجى بولۇپ سائىبەلەرنى قويۇۋەتكەن كىشى ئىدى».

"ۋەسىلە" دېگەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى چىشى بوتىلاق تۇغقان تۆگىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەر ئۇلارنى ئىلاھلىرىغا ئاتىۋېتەتتى.

"ھام" بىر نەچچە قېتىم بوتىلاق تاپقان ئەركەك تۆگىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلارنى ئەرەبلەر ئىلاھلىرىغا ئاتاپ قويۇپ بېرەتتى. ئۇلارغا ھېچقانداق يۈك ئارتمايتتى. بۇنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسەئىيمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەمر ئىبنى ئامىرنىڭ دوزاختا ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ "سائىبە" دەپ ئاتالغان تۆگىنى بىرىنچى بولۇپ قويۇۋەتكەن ۋە بۇتقا ئىبادەت قىلغان كىشى ئىدى».

ئۇ كەبىنى باشقۇرىدىغان خۇزائە قەبىلىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تۇنجى بولۇپ ئۆزگەرتكەن، مەككىگە بۇتلارنى كىرگۈزۈپ، كىشىلەرنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا، الله تائالاغا بۇت ئارقىلىق يېقىنلىششقا چاقىرغان، يۇقىرىدا دېيىلگەن ھايۋانلار ھەققىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خاتا تۈزۈملەرنى يولغا قويغان كىشىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار الله ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھار پايلاردىن (يەنى تۆگە، كالا، قويلاردىن) الله ئۈچۈن بىر ھەسسە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆز گۇمانلىرىچە (ھېچقانداق دەلىلسىزلا): «بۇ الله ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى...﴾[1].

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ "بەھىيرە" ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر تۆگە بەشنى تۇغسا، بەشىنچىسى ئەركەك بولسا، تۇغۇلغان بوتىلاقنى بوغۇزلاپ گۆشىنى ئەرلەرلا يەيدۇ. ئەگەر بەشىنچىسى چىشى بولسا، بۇ چىشى بوتىلاقنىڭ قۇلاقلىرىنى كېسىپ، ئۇنى "بەھىيرە" دەپ ئاتايدۇ. سۇددى ۋە باشقىلاردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان.

مۇجاھىد "سائىبە" ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "سائىبە" دېگەن ئالتە چىشى قوزا قوزىلىغان، يەتتىنچىسىنى چىشى ياكى ئەركەك قوزىلىغان قوي بولۇپ، يەتتىنچىسىنى ئەرلەر يەيدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: "سائىبە" دېگەن ئون چىشى بوتىلاق بوتىلاقلىغان تۆگە بولۇپ، بۇنداق تۆگە مىنىلمەيدۇ، يۇڭىمۇ قىرقىلمايدۇ، سۈتى مېھماندىن باشقىغا سېغىلماي قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئىشى ئۈچۈن ئاتىلىنىپ چىقىپ،

(1) ئەنئام سۈرىسى 136 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇ ئىشى ئوڭۇشلۇق بولسا، چارۋا ماللىرىدىن بىرىنى بۇتلارغا ئاتاپ قويۇپ بېرىدۇ. قويۇپ بېرىلگەن بۇ مېلى "سائىبە" دەپ ئاتىلىپ ،ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بوتىلاقمۇ بۇتقا تەۋە بولىدۇ.

سۇددى "سائىبە" ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشىنىڭ بىرەر ئىشى ئوڭۇشلۇق بولسا، ياكى كېسىلىدىن ساقايسا، ياكى كۆپ بايلىققا ئېرىشسە، چارۋا ماللىرىدىن بىرىنى بۇتقا ئاتىۋېتەتتى. كىمكى بۇ مالغا چېقىلسا جازالىناتتى[1].

﴿(لېكىن كاپىرلار اللّٰه غا يالغاننى چاپلايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنىڭ يالغانلىقىنى) **چۈشەنمەيدۇ﴾** يەنى اللّٰه بۇ نەرسىلەرنى يولغا قويمىدى. ئۇ نەرسىلەر اللّٰه تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسىلەر بولماي قالماستىن، بەلكى اللّٰه تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىدىغان نەرسىلەردۇر. مۇشرىكلار ئۆزلىرىچىلا ئۇ نەرسىلەرنى اللّٰه تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالدى. ئەمەلىيەتتە، مۇشرىكلار بۇ نەرسىلەر بىلەن ھەرگىزمۇ اللّٰه تائالاغا يېقىنلىشالمايدۇ.

**﴿ئۇلارغا اللّٰه نازىل قىلغان ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار اللّٰه تائالانىڭ شەرىئىتىگە، بۇيرۇغان ئىشلىرىغا، چەكلىگەن ھارام ئىشلارنى تاشلاشقا چاقىرىلسا، ئۇلار: ئەجدادلىرىمىز قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي پائالىيەتلىرىمىزنى قىلىش بىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر، - دەيدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ)﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەقنى تونۇمىغان ۋە ھەق يولدا ماڭمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟ ئۇلارغا پەقەت ئۇلاردىنمۇ نادان، ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئازغان ئادەملا ئەگىشىدۇ.

* * * * * * *

**يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ عَلَيۡكُمۡ أَنفُسَكُمۡۖ لَا يَضُرُّكُم مَّن ضَلَّ إِذَا ٱهۡتَدَيۡتُمۡۚ إِلَى ٱللَّهِ مَرۡجِعُكُمۡ جَمِيعٗا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ١٠٥**

ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر ھەممىڭلار اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، اللّٰه قىلغان ئەمەللىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴿105﴾.

## مۆمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تۈزىتىشكە بۇيرۇلغانلىقى

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىشكە،

(1) بايانى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قانچە ئابزاس قالدۇرۇلدى.

ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئوڭشىغان كىشى ئۈچۈن، مەيلى يېقىن ياكى يىراقتىكى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد قەيسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: سىلەر الله تائالانىڭ: ﴿**ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ**﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، لېكىن ئۇنى توغرا مەنىسى بىلەن چۈشەنمەيسىلەر. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىلەر بىر يامان ئىشنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزگەرتمىسە الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جازالىشى مۇمكىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئى خالايىق! ھەرگىزمۇ يالغان ئېيتماڭلار، يالغانچىلىق بىلەن ئىمان بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشىدۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ شَهَٰدَةُ بَيۡنِكُمۡ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ حِينَ ٱلۡوَصِيَّةِ ٱثۡنَانِ ذَوَا عَدۡلٖ
مِّنكُمۡ أَوۡ ءَاخَرَانِ مِنۡ غَيۡرِكُمۡ إِنۡ أَنتُمۡ ضَرَبۡتُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَأَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةُ ٱلۡمَوۡتِۚ تَحۡبِسُونَهُمَا
مِنۢ بَعۡدِ ٱلصَّلَوٰةِ فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ إِنِ ٱرۡتَبۡتُمۡ لَا نَشۡتَرِي بِهِۦ ثَمَنٗا وَلَوۡ كَانَ ذَا قُرۡبَىٰ وَلَا نَكۡتُمُ شَهَٰدَةَ
ٱللَّهِ إِنَّآ إِذٗا لَّمِنَ ٱلۡأٓثِمِينَ ١٠٦ فَإِنۡ عُثِرَ عَلَىٰٓ أَنَّهُمَا ٱسۡتَحَقَّآ إِثۡمٗا فَـَٔاخَرَانِ يَقُومَانِ مَقَامَهُمَا مِنَ
ٱلَّذِينَ ٱسۡتَحَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَوۡلَيَٰنِ فَيُقۡسِمَانِ بِٱللَّهِ لَشَهَٰدَتُنَآ أَحَقُّ مِن شَهَٰدَتِهِمَا وَمَا ٱعۡتَدَيۡنَآ إِنَّآ
إِذٗا لَّمِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٠٧ ذَٰلِكَ أَدۡنَىٰٓ أَن يَأۡتُواْ بِٱلشَّهَٰدَةِ عَلَىٰ وَجۡهِهَآ أَوۡ يَخَافُوٓاْ أَن تُرَدَّ أَيۡمَٰنُۢ بَعۡدَ أَيۡمَٰنِهِمۡۗ
وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَٱسۡمَعُواْۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ١٠٨

ئى مۆمىنلەر ئاراڭلاردىن بىركىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ياكى (ئۆز دىنىڭلاردىكىلەردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى كىشى تېپىلمىسا) غەيرىي دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن، ئەگەر سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەندە، سىلەر (بۇ ئىككى گۇۋاھنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار، ئۇلار: «بىز پايدىسىغا قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرمىز، بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، خۇدالىق ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز» دەپ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن﴿106﴾. ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: «بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز شەرىئەتتىن چىقىپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولىمىز» دەپ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن﴿107﴾. بۇ (ئۇسۇل) گۇۋاھچىلارنى

ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق قىلدىغان قىلىشقا، قىلغان قەسىمنى رەت قىلىشتىن (يەنى ئۆلاردىن كېيىن باشقىلار قەسەم قىلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەسۋا بولۇشىدىن) قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ يېقىن (ئۇسۇل) دۇر. اﷲ دىن قورقۇڭلار، (اﷲ نىڭ ئەمرىنى) ئاڭلاڭلار. اﷲ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾(108)﴿.

## ۋەسىيەت قىلغاندا ئىككى ئادىل مۇسۇلماننى گۇۋاھچى قىلىش توغرىسىدا

بۇ ئايەتلەر مۇھىم بىر ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**﴾ئى مۆمىنلەر! ئاراڭلاردىن بىرىڭىز ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن﴿** يەنى مۇسۇلمانلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھچى بولسۇن.

**﴾ياكى (ئۆز دىنىڭلاردىكىلەردىن گۇۋاھ بولىدىغان ئىككى كىشى تېپىلمىسا) غەيرىي دىندىكىلەردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولسۇن﴿** ئىبنى ئەبۇھاتەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلاردىن بولمىسا، يەھۇدىي ياكى خىرىستىئانلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھچى قىلىڭلار.

**﴾ئەگەر سىلەر سەپەردە بولۇپ، بېشىڭلارغا ئۆلۈم دەھشىتى كەلگەندە﴿** گۇۋاھلىق قىلىدىغان ئىككى مۇسۇلمان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىشنىڭ شەرتلىرى بولۇپ، بۇ شەرتلەر سەپەر ئۈستىدە بولۇش ۋە پەقەت ۋەسىيەتكىلا گۇۋاھ قىلىشتۇر.

ئىمام جەرىر قازى شۇرەيھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنى پەقەت سەپەردىلا، يەنە كېلىپ پەقەت ۋەسىيەتكىلا گۇۋاھچى قىلىشقا بولىدۇ.

**﴾سىلەر (بۇ ئىككى گۇۋاھنىڭ راستچىللىقىدىن) گۇمانلانساڭلار، نامازدىن كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ قېلىڭلار﴿** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بۇ يەردىكى نامازدىن دىگەر نامىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەن.

سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئىبراھىم نەخەئىي، قەتادە، ئىكرىمە ۋە مۇھەممەد ئىبنى سىرىين قاتارلىقلارمۇ ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش دېدى. زۆھرى: بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزى، ـ دېدى.

بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزى دېگەن سۆزدىن؛ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ مۇسۇلمانلار جەم بولۇپ ئوقۇغان نامازدىن كېيىن، جامائەت ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

**﴾ئۇلار: «بىز پايدىسىغا قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرمىز، بىزنىڭ يېقىنىمىز بولغان تەقدىردىمۇ قەسىمىمىزنى ھېچ نەرسىگە ساتمايمىز، خۇدالىق ئۈچۈن بولغان گۇۋاھلىقنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر ئۇنى يوشۇرساق، بىز ئەلۋەتتە گۇناھكارلاردىن بولىمىز» دەپ اﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن﴿** يەنى ئەگەر گۇۋاھلىقىمىزنى يوشۇرساق ياكى يالغان گۇۋاھلىق

بەرسەك، بىزگە گۇناھ بولسۇن. ﴿**ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ياكى مىراسقا خىيانەت قىلغانلىق) گۇناھى بىلىنسە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مىراس ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان ۋارىسلاردىن ئىككى كىشى گۇۋاھ بولۇپ: «بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىنمۇ توغرىدۇر، بىز شەرىئەتتىن چىقىپ كەتمىدۇق، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولىمىز» دەپ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن**﴾.

بۇ يەردىكى مىراسخورلارنى قەسەم قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاساس قىلىش بولسا، بەزى قىساس ئېلىش دەۋالىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ھالەتلىرىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن، قاتىلنىڭ قاتىللىق دەلىلى بىرەر شۈبھە پەيدا قىلسا، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى قەسەم قىلىش ئارقىلىق قاتىلنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك پاكىتىنى تولۇقلايدۇ.

﴿**بۇ (ئۇسۇل) گۇۋاھچىلارنى ئەڭ توغرا گۇۋاھلىق قىلدىغان قىلىشقا**﴾ يەنى مۇسۇلمان ئەمەس ئىككى كىشىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالغاندا، ئۇ ئىككىسىنى قەسەم قىلدۇرۇش ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئەڭ جايىدا ئادا قىلىشغا ئەڭ يېقىن ئۇسۇلدۇر.

﴿**قىلغان قەسىمنى رەت قىلىشتىن (يەنى ئۇلاردىن كېيىن باشقىلار قەسەم قىلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەسۋا بولۇشىدىن) قورقىدىغان قىلىشقا ئەڭ يېقىن (ئۇسۇل) دۇر**﴾ يەنى مۇسۇلمان ئەمەس ئىككى كىشىنىڭ گۇۋاھچىلىقنى ئۆز جايىدا، توغرا ئادا قىلىشغا تۈرتكە بولىدىغان نەرسە الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكۈزۈش بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئۇلار گۇۋاھلىققا الله نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغاندا، الله تائالانى ئۇلۇغ بىلىش يۈزىسىدىن ھەقىقىي گۇۋاھلىق بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار: ئەگەر بىز ھەقىقىي گۇۋاھلىق بەرمىسەك، مىراس ئىگىلىرى الله نىڭ نامى بىلەن: ”بىزنىڭ گۇۋاھلىقىمىز توغرا ۋە كۈچلۈكتۇر“ دەپ قەسەم قىلسا، بىزنىڭ يالغانچىقلىمىز خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ رەسۋا بولىمىز، ـ دەپ قورقۇپ، گۇۋاھلىقنى جايىدا بېرىشكە تىرىشىدۇ.

﴿**الله دىن قورقۇڭلار، (الله نىڭ ئەمرىنى) ئاڭلاڭلار**﴾ يەنى بارلىق ئىشلىرىڭلاردا الله تائالادىن قورقۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار. ﴿**الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ**﴾ يەنى الله تائالا بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلمىغان ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىدىن چىقىپ كەتكەن كىشىلەرگە توغرا يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بەرمەيدۇ.

* * * * * * *

﴿ يَوْمَ يَجْمَعُ ٱللَّهُ ٱلرُّسُلَ فَيَقُولُ مَاذَآ أُجِبْتُمْۖ قَالُواْ لَا عِلْمَ لَنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ﴿١٠٩﴾

الله قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «(قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىڭلاردا) قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «(سېنىڭ بىلگىنىڭگە سېلىشتۇرغاندا) بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن» دەيدۇ﴿109﴾.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى ھەققىدە سورىلىدىغانلىقى

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەردىن ئاشۇ پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى سورايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ ـ دەپ) سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە (**الله** تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز﴾[1]، ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى خالايىق) نىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ دۇنيادا) قىلغان ئىشلىرىنى چوقۇم سورايمىز﴾[2].

مۇجاھىد ھەسەنبەسرى ۋە سۇددى قاتارلىقلار پەيغەمبەرلەرنىڭ: ﴿«**(سېنىڭ بىلگىنىڭگە سېلىشتۇرغاندا) بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز**﴾ دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقى ھەققىدە: ئۇلار قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىدىن قورقۇپ كېتىپ شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ، ـ دېدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار پەرۋەردىگارىغا: بىز بىلمەيمىز، بىلگەن تەقدىردىمۇ سەن بىزدىن بەكرەك بىلىسەن، ـ دەيدۇ. بۇ، **الله** تائالاغا سەمىيمىلىك بىلەن بېرىلگەن جاۋاب بولۇپ، يەنى: سېنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىلمىڭگە سېلىشتۇرغاندا بىزدە ھېچقانداق ئىلىم يوق. شۇڭا بىزگە جاۋاب بېرىلگەن، شۇنداقلا كىمنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلسەكمۇ، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلالايمىز. ئىچكى سىرلىرىنى بولسا، سەن بىلىسەن. سەن ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچىدۇرسەن. سېنىڭ بىلىمىڭگە نىسبەتەن بىزنىڭ بىلىمىمىز يوق دېيەرلىك، چۈنكى سەن غەيبنى بىلگۈچىدۇرسەن، ـ دېگەنلىك بولىدۇ.

* * * * * * *

إِذْ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱذْكُرْ نِعْمَتِى عَلَيْكَ وَعَلَىٰ وَٰلِدَتِكَ إِذْ أَيَّدتُّكَ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ
تُكَلِّمُ ٱلنَّاسَ فِى ٱلْمَهْدِ وَكَهْلًا ۖ وَإِذْ عَلَّمْتُكَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَٱلتَّوْرَىٰةَ وَٱلْإِنجِيلَ ۖ
وَإِذْ تَخْلُقُ مِنَ ٱلطِّينِ كَهَيْـَٔةِ ٱلطَّيْرِ بِإِذْنِى فَتَنفُخُ فِيهَا فَتَكُونُ طَيْرًۢا بِإِذْنِى ۖ وَتُبْرِئُ ٱلْأَكْمَهَ
وَٱلْأَبْرَصَ بِإِذْنِى ۖ وَإِذْ تُخْرِجُ ٱلْمَوْتَىٰ بِإِذْنِى ۖ وَإِذْ كَفَفْتُ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ عَنكَ إِذْ جِئْتَهُم
بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْهُمْ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿١١٠﴾ وَإِذْ أَوْحَيْتُ إِلَى ٱلْحَوَارِيِّۦنَ أَنْ
ءَامِنُوا۟ بِى وَبِرَسُولِى قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَٱشْهَدْ بِأَنَّنَا مُسْلِمُونَ ﴿١١١﴾

ئۆز ۋاقتىدا **الله** ئېيتتى: ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن

(1) ئەئراف سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) ھىجر سۈرىسى 92 ـــ 93 ـ ئايەت.

نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم، (كىچىككىڭدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ، ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ. ئۇنى پۈۋلىسەڭ، ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى. ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتتىڭ، ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن) چىقىراتتىڭ، ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى﴿110﴾. ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى﴿111﴾.

## اللە تائالانىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىشى

بۇ ئايەتلەردە اللە تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن مۆجىزە خاراكتېرلىك پەۋقۇلئاددە چوڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن﴾** يەنى سېنى دادىسىز ياراتقانلىقىمنى، سېنىڭ يارىتىلىشىڭنى قۇدرىتىمگە دالالەت قىلىدىغان بىر ئالامەت قىلغانلىقىمنى، سېنى نادان، جاھىل كىشىلەرنىڭ ئاناڭغا تۆھمەت قىلغاندا، ئاقلاشقا ئىسپات قىلغانلىقىمنى ئەسلىگىن.

**﴿ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن مەدەت بەردىم﴾** يەنى مەن سېنى كىچىك ۋاقتىڭدىمۇ چوڭ بولغاندىمۇ اللە تەرەپكە چاقىرىدىغان پەيغەمبەر قىلدىم ۋە سېنى بۆشۈكتىكى چېغىڭدا سۆزلەتتىم. شۇنىڭ بىلەن، ئاناڭنىڭ كىشىلەر چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاك ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردىڭ. سەن ئۆزەڭنىڭ مېنىڭ بەندەم ئىكەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلدىڭ. كىشىلەرگە ئۆزەڭنىڭ مەن تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئىكەنلىكىڭنى خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنى ئىبادەت قىلىشقا چاقىردىڭ.

**﴿(كىچىككىڭدە) بۆشۈكتە ۋە (پەيغەمبەر بولغان) ئوتتۇرا ياش ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلەيتتىڭ﴾** يەنى سەن كىچىك چېغىڭدا ھەم چوڭ بولغاندا كىشىلەرنى اللە تائالانىڭ دىنىغا چاقىردىڭ.

**﴿ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى ئۆگەتتىم﴾** يەنى مەن ساڭا خەت يېزىشنى، ئوقۇشنى، چۈشىنىشنى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن تەۋراتنى بىلدۈردۈم.

**﴿ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدە بىر نەرسە ياسايتتىڭ. ئۇنى پۈۋلىسەڭ، ئىزنىم بىلەن ئۇچىدىغان قۇش بولاتتى﴾** يەنى سەن مېنىڭ رۇخستىم

بىلەن لايدىن قۇشنىڭ شەكلىنى ياسايسەن ھەم مېنىڭ رۇخسىتىم بىلەن ئاشۇ قۇشنىڭ شەكلىگە پۈۋلىسەڭ، مېنىڭ ئىرادەم بىلەن ئۇ ئۇچىدىغان قۇش بولىدۇ.

**﴿ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن تۇغما كورنى، بەرەس كېسىلىنى ساقايتتىڭ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئال ئىمران سۈرىسىدە توختالغان بولغاچقا، بۇ يەردە قايتا بايان قىلمايمىز.

**﴿ئەينى زاماندا مېنىڭ ئىزنىم بىلەن ئۆلۈكلەرنى (تىرىلدۈرۈپ قەبرىلىرىدىن) چىقىراتتىڭ﴾** يەنى سەن ئۆلۈكلەرنى چاقىرساڭ، الله تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆلۈكلەر قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ قوپىدۇ.

**﴿ئەينى زاماندا بەنى ئىسرائىلنى ساڭا چېقىلىشتىن توستۇم، سەن ئۇلارغا مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن چېغىڭدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلار: «بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر» دېدى﴾** يەنى سەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۆزەڭنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرىدىغان ئېنىق دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن كەلگىنىڭدە، ئۇلار ساڭا ئىشەنمەي، سېنى يالغانچى، سېھىرگەر دەپ تۆھمەت قىلىپ، سېنى كرستقا مىخلاپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، مەن سېنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ، ئۆز دەرگاھىمغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، سېنى ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىدىن ئاقلىدىم. سېنى ئۇلارنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ساقلاپ قالدىم، سەن مېنىڭ بۇ نېئمەتلىرىمنى ئەسلىگىن!

**﴿ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلدىم﴾** الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەسلەتكەن نېئمەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا يۇقىرىقى نېئمەتلەردىن باشقا ساھابىلەرنى، قوللىغۇچى ۋە ياردەم بەرگۈچىلەرنى قىلىپ بەرگەن. بەزىلەر الله تائالانىڭ: **﴿ۋەھيي قىلدىم﴾** دېگەن سۆزىنى ئىلھام قىلدىم دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشنى دىللىرىغا ئىلھام قىلغان. سۇددى: ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە سالغان، ـ دەيدۇ. **﴿ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز» دېدى﴾**.

* * * * * * *

إِذْ قَالَ ٱلْحَوَارِيُّونَ يَٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ هَلْ يَسْتَطِيعُ رَبُّكَ أَن يُنَزِّلَ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ
ٱلسَّمَآءِ قَالَ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿١١٢﴾ قَالُوا۟ نُرِيدُ أَن نَّأْكُلَ مِنْهَا وَتَطْمَئِنَّ
قُلُوبُنَا وَنَعْلَمَ أَن قَدْ صَدَقْتَنَا وَنَكُونَ عَلَيْهَا مِنَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿١١٣﴾ قَالَ عِيسَى ٱبْنُ مَرْيَمَ
ٱللَّهُمَّ رَبَّنَآ أَنزِلْ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ تَكُونُ لَنَا عِيدًا لِّأَوَّلِنَا وَءَاخِرِنَا وَءَايَةً مِّنكَ
وَٱرْزُقْنَا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلرَّٰزِقِينَ ﴿١١٤﴾ قَالَ ٱللَّهُ إِنِّى مُنَزِّلُهَا عَلَيْكُمْ فَمَن يَكْفُرْ بَعْدُ مِنكُمْ فَإِنِّىٓ أُعَذِّبُهُۥ
عَذَابًا لَّآ أُعَذِّبُهُۥٓ أَحَدًا مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١١٥﴾

ئۇز ۋاقتىدا ھەۋارىيلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېدى. ئىسا: «ئەگەر (اللە نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنسەڭلار (بۇنداق سوئاللارنى بېرىشتە) اللە دىن قورقۇڭلار» دېدى﴿112﴾. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تىنچلىنىشنى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز» دېدى﴿113﴾. مەريەم ئوغلى ئىسا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز اللە ! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن» دېدى﴿114﴾. اللە (ئىسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچكىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن» دېدى﴿115﴾.

## ئاسماندىن چۈشكەن داستىخاننىڭ قىسسىسى

بۇ سۈرە ئاسماندىن چۈشكەن داستىخاننىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغان بولغاچقا، سۈرىنىڭ ئىسمى: ”مائىدە سۈرىسى“ (داستىخان سۈرىسى) دەپ ئاتالغان. بۇ، اللە تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام اللە تائالادىن ئۇ داستىخاننى چۈشۈرۈپ بېرىشنى تىلىگەندە، اللە تائالا ئۇنىڭغا نېئمەت قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگەن داستىخاندۇر. اللە تائالا بۇ داستىخاننى (ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان) پاكىت قىلىپ چۈشۈردى.

**﴿ئۇز ۋاقتىدا ھەۋارىيلار: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! رەببىڭ بىزگە ئاسماندىن ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟» دېدى﴾** يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تاماق تىزىلغان داستىخاننى تەلەپ قىلدى. بەزىلەر: ئۇلار ناھايىتى پېقىر ۋە موھتاج بولغانلىقتىن، ئوزۇقلىنىپ پۇت ـ قولىغا كۈچ كىرىپ، اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، اللە تائالانىڭ ئۇلارغا ئاسماندىن كۈندە بىر داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ـ دەيدۇ.

**﴿ئىسا: «ئەگەر (اللە نىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنسەڭلار (بۇنداق سوئاللارنى بېرىشتە) اللە دىن قورقۇڭلار» دېدى﴾** يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: اللە تائالادىن قورقۇڭلار، بۇنداق تەلەپلەرنى قىلماڭلار. بۇ سوئاللار بەلكىم سىلەرگە پايدىسىز بولۇشى، سىلەرنىڭ توغرا يولدىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىلەر ھەققىي مۆمىن بولساڭلار، رىزىق تەلەپ قىلىشتا اللە تائالاغا تەۋەككۇل قىلىڭلار، ـ دېدى.

**﴿ئۇلار: «بىز ئۇنىڭدىن يېيىشنى، كۆڭلىمىزنىڭ تىنچلىنىشنى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى بىلىشنى ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھچىلاردىن بولۇشنى ئىرادە قىلىمىز»**

**دېدى﴾** يەنى ئۇلار: داستىخاننىڭ ئاسماندىن چۈشۈرۈلگىنىنى كۆرسەك، سېنىڭ **الله** تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەقىقي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە، داستىخاننىڭ **الله** تەرىپىدىن كەلگەن بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىگە، سەن بىزگە ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ راستلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر پاكىت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز، ـ دېيىشتى.

**﴿مەريەم ئوغلى ئىسا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز الله ! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن»﴾** سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە : بىز ۋە ئەۋلادىمىز بۇ داستىخان چۈشكەن كۈننى بايرام كۈنى قىلىۋالىمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دەيدۇ. سۇفيان سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز بۇ كۈننى ناماز ئوقۇيدىغان بىر كۈن قىلىۋالىمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. **﴿ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە (قۇدرىتىڭنى ۋە پەيغەمبەرلىكىمنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن. بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن» دېدى﴾**.

**﴿الله (ئىسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن» دېدى﴾** يەنى ئۇلارنى سېنىڭ زامانىڭدا ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئازاب بىلەن ئازابلايمەن، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: «ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!» (دېيىلىدۇ)﴾[1]، ﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن﴾[2] دېگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشىلەر: مۇناپىقلار، داستىخان چۈشۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ كاپىر بولغانلار، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدۇر.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۇنىڭغا: **الله** تائالاغا بىزگە بىر داستىخان چۈشۈرۈپ بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ دېگەندە، پەرىشتىلەر ئۈستىدە يەتتە دانە نان ۋە يەتتە تال بېلىق بار داستىخاننى ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش غىزالاندى.

ئىمام ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاسماندىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن داستىخاندا يەتتە تال بېلىق ۋە يەتتە دانە نان بار بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تويغىچە ھوزۇرلانغان، بەزىلەر ئەتە چۈشمەي قالمىسۇن دەپ داستىخاندىكى تاماقتىن ئوغرىلىغان، شۇنىڭ بىلەن، داستىخان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن.



---

(1) غافىر سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 145 ـ ئايەت.

يۇقىرىقى بايان ۋە رىۋايەتلەر بۇ داستىخاننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئىسا ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىسىدا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. **الله** تائالانىڭ: ﴿**الله (ئىسانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ): «ئۇنى مەن سىلەرگە چوقۇم (ئاسماندىن) چۈشۈرىمەن، سىلەردىن كىمكى شۇنىڭدىن كېيىن كاپىر بولسا، ئۇنى شۇنداق بىر ئازاب بىلەن ئازابلايمەنكى، ئەھلى جاھاندىن ھېچ كىشىنى مۇنداق ئازابلىمايمەن» دېدى**﴾ دېگەن ئايىتىمۇ مۇشۇ پاكىتنى دەلىللەيدۇ.

## تارىختا يۈز بەرگەن ھەيران قالارلىق بىر ۋەقە

تارىخچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە، ماراكەش قاتارلىق غەربتىكى دۆلەتلەرنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن بەنى ئۇمەييە تەرىپىدىن ۋەكىل ئورنىدا تەيىنلىنىپ بارغان مۇسا ئىبنى نەسىر (شۇ چاغدا) خىلمۇخىل ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار تىزىلغان بىر داستىخاننى تېپىۋېلىپ، بۇنى ئۇمەۋىي مەسچىتىنى سالدۇرغان مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىككە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇ داستىخان ئۇنىڭ قولىغا تەككۈچە (ئۇ كىشى) ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ داستىخان ئۇنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولۇپ سايلانغان قېرىندىشى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىككە تاپشۇرۇلىدۇ.

كىشىلەر داستىخاندىكى خىلمۇخىل ئۈنچە مەرۋايىتلارنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. بەزىلەر: بۇ، داۋۇد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيهىسسالامدىن قالغان داستىخان بولۇشى مۇمكىن، ـ دېيىشىدۇ.

*******

وَإِذْ قَالَ ٱللَّهُ يَٰعِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ءَأَنتَ قُلْتَ لِلنَّاسِ ٱتَّخِذُونِى وَأُمِّىَ إِلَٰهَيْنِ مِن دُونِ ٱللَّهِ ۖ
قَالَ سُبْحَٰنَكَ مَا يَكُونُ لِىٓ أَنْ أَقُولَ مَا لَيْسَ لِى بِحَقٍّ ۚ إِن كُنتُ قُلْتُهُۥ فَقَدْ عَلِمْتَهُۥ ۚ تَعْلَمُ مَا
فِى نَفْسِى وَلَآ أَعْلَمُ مَا فِى نَفْسِكَ ۚ إِنَّكَ أَنتَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ﴿١١٦﴾ مَا قُلْتُ لَهُمْ إِلَّا مَآ أَمَرْتَنِى بِهِۦٓ أَنِ
ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ رَبِّى وَرَبَّكُمْ ۚ وَكُنتُ عَلَيْهِمْ شَهِيدًا مَّا دُمْتُ فِيهِمْ ۖ فَلَمَّا تَوَفَّيْتَنِى كُنتَ أَنتَ ٱلرَّقِيبَ
عَلَيْهِمْ ۚ وَأَنتَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ شَهِيدٌ ﴿١١٧﴾ إِن تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ ۖ وَإِن تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ
ٱلْحَكِيمُ ﴿١١٨﴾

ئۆز ۋاقتىدا **الله** ئېيتتى: «ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، **الله** نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟» ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن﴿116﴾. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى

مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن﴿117﴾. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»﴿118﴾.

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شېرىك ئەمەلدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، تەۋھىدكە چاقىرىدىغانلىقى

اللە تائالا قىيامەت كۈنى بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنى ئىلاھ قىلىۋالغانلار ئالدىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«ئى مەريەم ئوغلى ئىسا! سەن كىشىلەرگە، اللە نى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار، دېدىڭمۇ؟»**﴾ بۇ اللە تائالانىڭ پۈتكۈل ئىنسانلار ئالدىدا خىرىستىئانلارغا قىلغان تەھدىت سۆزى ۋە كايىشىدۇر.

قەتادە ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ. قەتادە يەنە مۇشۇ سۆزنىڭ قىيامەت كۈنى دېيىلىدىغانلىقىنى اللە تائالانىڭ مۇشۇ ئايەتلەردىن كېيىنلا كېلىدىغان: ﴿**«بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر»**﴾ دېگەن ئايىتىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

﴿**ئىسا ئېيتتى: «(رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن**﴾ بۇ ئەڭ ئەدەپلىك جاۋاب بېرىش ئۇسلۇبىدۇر. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئەدەپ بىلەن سۆز قىلىشنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىنى اللە تائالا ئۆگەتكەن. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. سەۋرىمۇ تاۋۇسنىڭ بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.

﴿**ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق)**﴾ يەنى: ئى پەرۋەردىگارىم! ئەگەر مۇشۇنداق دېگەن بولسام، ئەلۋەتتە، سەن مېنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىمنى بىلگەن بولاتتىڭ. چۈنكى ساڭا ھېچ نەرسە مەخپىي ئەمەس ۋە ئۇنداق دېمىدىم، ئۇنداق دېيىشنىمۇ ئويلاپ قويمىدىم.

﴿**سەن مېنىڭ زاتىمدىكىنى بىلىسەن، مەن سېنىڭ زاتىڭدىكىنى بىلمەيمەن، غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن. مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار،**

**دېدىم﴾** يەنى مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى دېيىشكە بۇيرۇغان: مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله تائالاغا ئىبادەت قىلىڭلار!- دېگەن سۆزنىلا قىلدىم.

**﴿مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن﴾** ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ئى خالايىق! الله تائالا: ﴿مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز﴾[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلغاندەك، الله تائالانىڭ دەرگاھىغا يالاڭئاياغ، كىيىمسىز ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالىتىڭلاردا توپلىنىسىلەر. ئۇ كۈنى تۇنجى بولۇپ كىيىم كىيگۈزۈلىدىغان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئايرىپ چىقىرىلىپ، دوزاخ تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىدۇ. مەن: «مېنىڭ ئۈممەتلىرىم! ئۈممەتلىرىم!» دەيمەن. ماڭا: «سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن» دېيىلىدۇ. مەن خۇددى الله تائالانىڭ تەقۋادار بەندىسى ئىسا ئەلەيھىسسالام دېگەندەك: **﴿مەن ئۇلارغا پەقەت سەن مېنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان سۆزنى، يەنى مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن. ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»﴾** دەيمەن. ماڭا: «ئۇ ئۈممەتلىرىڭ سەندىن كېيىن دىنىدىن يېنىپ كەتكەن» دېيىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿«ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر، (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن»﴾** يەنى خالاش ۋە قارار قىلىش پەقەت الله تائالاغىلا خاستۇر. چۈنكى الله تائالا خالىغىنىنى قىلىدىغان، قىلغىنىدىن سورالمايدىغان زاتتۇر. ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى قىلمىشلىرىدىن سورىلىدۇ.

بۇ سۆز: الله تائالانىڭ ئاپالى، بالىسى بار دەپ، الله تائالاغا ۋە الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە يالغان سۆزلىگەن خىرىستىئانلاردىن ئادا - جۇدا بولۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ مۇنداق سۈپەتلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. بۇ ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ بىر ئايەت بولۇپ، ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچىسى تاڭ ئاتقىچە ئاشۇ ئايەتلەرنى (نامازدا) تەكرار - تەكرار ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.



---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 104 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

* * * * * * *

قَالَ ٱللَّهُ هَٰذَا يَوۡمُ يَنفَعُ ٱلصَّٰدِقِينَ صِدۡقُهُمۡۚ لَهُمۡ جَنَّٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ
رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ١١٩ لِلَّهِ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا فِيهِنَّۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ
شَيۡءٖ قَدِيرُۢ ١٢٠

**الله** ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، **الله** ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار **الله** دىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر»﴿119﴾. ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى **الله** غا مەنسۇپتۇر، **الله** ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿120﴾.

## قىيامەت كۈنىدە پەقەت راستچىللىقنىڭلا ئەسقاتىدىغانلىقى

**الله** تائالا ئۆزىنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان ئىسا ئەلەيھىسسالامغا **الله** تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانچى دېگەن كاپىر خىرىستىئانلاردىن قانداق ئادا ـ جۇدا بولۇش ۋە ئۇلارغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر**﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ كۈن **الله** تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىدە تۇرغان كىشىلەرگە شۇ ئەقىدىسى ئەسقاتىدىغان كۈندۇر. ﴿**ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ**﴾.

﴿**الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار الله دىن مەمنۇن بولىدۇ**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلار ئېرىشىدىغان) **الله** نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېئمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر﴾

﴿**بۇ زور بەختتۇر**﴾ يەنى بۇ ئۇتۇقنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىشلىگۈچىلەر مۇشۇنداق زور بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشلىسۇن﴾[1]، ﴿قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!﴾[2]

﴿**ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى مەۋجۇداتنىڭ پادىشاھلىقى الله غا مەنسۇپتۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر**﴾ يەنى **الله** ھەممە نەرسىنى ياراتقان، ھەممە نەرسىگە ئىگە بولغان، ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋە ھەممە نەرسىنى قىلالايدىغان زاتتۇر. چۈنكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ مۈلكىدۇر ۋە ئىگىدارچىلىقىدىدۇر. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئوخشىشى، ياردەمچىسى، ھەمراھى، بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە

(1) تەۋبە سۈرىسى 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سافقات سۈرىسى 61 ـ ئايەت.

ئايالى يوقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ھەم يوقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگارمۇ يوقتۇر.

ئىبنى ۋەھب ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مائىدە سۈرىسى ئەڭ ئاخىرىدا چۈشكەن سۈرىدۇر.

الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ پەزلى مەرھەمىتى بىلەن مائىدە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# ئەنئام سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 165 ئايەت

## ئەنئام سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە نازىل بولغان ۋاقتى

ئەۋفي، ئىكرىمە ۋە ئەتا قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئەنئام سۈرىسى مەككىدە چۈشتى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام تەبەرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنئام سۈرىسى مەككىدە بىر كېچىسى (ئۇ سۈرىنىڭ ئەتراپىدا 70 مىڭ پەرىشتە ئاۋازلىق تەسبىھ ئېيتقان ھالدا) بىراقلا چۈشكەن.

سۇددى مۇررەدىن ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنئام سۈرىسى 70 مىڭ پەرىشتە ئۇزىتىپ قويغان ھالەتتە چۈشتى.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ وَجَعَلَ ٱلظُّلُمَٰتِ وَٱلنُّورَ ۖ ثُمَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
بِرَبِّهِمْ يَعْدِلُونَ ﴿١﴾ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن طِينٍ ثُمَّ قَضَىٰٓ أَجَلًا ۖ وَأَجَلٌ مُّسَمًّى عِندَهُۥ ۖ
ثُمَّ أَنتُمْ تَمْتَرُونَ ﴿٢﴾ وَهُوَ ٱللَّهُ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَفِى ٱلْأَرْضِ ۖ يَعْلَمُ سِرَّكُمْ وَجَهْرَكُمْ وَيَعْلَمُ مَا
تَكْسِبُونَ ﴿٣﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان الله غا خاستۇر! ئاندىن (يەنى مۇشۇنداق دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ) كاپىرلار

پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ﴿1﴾. ﷲ سىلەرنى (يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى) لايدىن ياراتتى، ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى، سىلەرنىڭ تىرىلىدىغان) ۋاقتىڭلار ﷲ نىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر، ئاندىن سىلەر ئى ـ كۇففارلار! (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) شەك كەلتۈرىسىلەر﴿2﴾. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك) ﷲ ئەنە شۇدۇر، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى، (ياخشى۔ يامان) قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ﴿3﴾.

## ﷲ تائالانىڭ كاتتا ۋە قۇدرەتلىك ھۆكۈمران زات ئىكەنلىكىگە ھەمدۇسانا ئېيتىش

ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ ئاسمانلارنى ۋە بەندىلىرىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زېمىننى ياراتقانلىقى، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى بەندىلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز پايدىلىنىشىغا لايىق رەۋىشتە پەيدا قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز۔ ئۆزىنى ماختىغان ۋە ھەمدۇسانا ئېيتقان ھالدا مۇنداق دېدى: ﴿**جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ﷲ غا خاستۇر**﴾ بۇ يەردە ”زۇلمەتلەر“ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن، ”نۇر“ ﷲ تائالانىڭ نۇرى دەپ بىرلىك شەكلىدە كەلدى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، نۇرنىڭ زۇلمەتلەردىن ئەلا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭدەك: ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ﷲ نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتىمۇ توغرا يول: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇم» دەپ بىرلىك شەكلىدە كەلدى. ناتوغرا يوللار: «ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار» دەپ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن كەلدى.

﴿**ئاندىن (يەنى مۇشۇنداق دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ) كاپىرلار پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ**﴾ يەنى ﷲ تائالا بەندىلىرىگە مۇشۇنداق نېئمەت بەرسىمۇ، بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن بەزىسى كاپىر بولدى، شېرىك كەلتۈردى ۋە: ﷲ تائالانىڭ ئايالى، بالىسى بار،۔ دېدى. ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر.

﴿**ﷲ سىلەرنى (يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى) لايدىن ياراتتى**﴾ يەنى ﷲ تائالا بەندىلەرنىڭ ئاتىسى ۋە ئەسلى بولغان ئادەمنى (لايدىن ياراتتى)، ئىنسانلار شۇ ئادەمدىن كۆپىيىپ شەرق ـ غەربلەرگە تارقالدى. ﴿**ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى، سىلەرنىڭ تىرىلىدىغان) ۋاقتىڭلار ﷲ نىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر**﴾.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباسنىڭ: ﴿**ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى**﴾ دېگەن ئايەتتىن «ئۆلۈم» ۋە: ﴿**سىلەرنىڭ تىرىلىدىغان) ۋاقتىڭلار ﷲ نىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر**﴾ دېگەن ئايەتتىن «ئاخىرەت» كۆزدە تۇتۇلىدۇ،۔ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەسەن، قەتادە، زەيد ئىبنى ئەسلەم، زەھھاك، ئەتىيە، سۇددى، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە باشقىلاردىنمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق رىۋايەت قىلىندى.

(1) ئەنئام سۈرىسى 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىد: ﴿**ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى**﴾ دېگەن ئايەتتىن دۇنيانىڭ مۇددىتى ۋە ﴿**(سىلەرنىڭ تىرىلىدىغان) ۋاقتىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر**﴾ دېگەن ئايەتتىن ئىنسانىنىڭ تاكى ئۆلگىچە بولغان ئۆمرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

بۇ مەنىنىڭ **الله** تائالانىڭ: ﴿**الله** سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىدىن ئېلىنغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

﴿**(سىلەرنىڭ تىرىلىدىغان) ۋاقتىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر**﴾ يەنى **الله** تائالادىن باشقىسى ئۇنى بىلمەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بەزى ئىشلارنى **الله** تائالادىن باشقىسىنىڭ بىلمەيدىغانلىقى جەھەتتىن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (**الله** ) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ﴾[2]، ﴿ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. سەن ئۇنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيسەن؟ ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر﴾[3].

﴿**ئاندىن سىلەر ئى ـ كۇففارلار! (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) شەك كەلتۈرىسىلەر**﴾ سۇددى ۋە باشقىلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، سىلەر قىيامەت توغرىسىدا شەك كەلتۈرىسىلەر دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

﴿**ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك) الله ئەنە شۇدۇر، ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى، (ياخشى ـ يامان) قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى ئاسمان ۋە زېمىندا مەقسەتلەر تىلىنىدىغان ئۇ زات **الله** تائالادۇر. ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتلار **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنى بىر دەپ تونۇيدۇ، ئۇنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. جىنلار ۋە ئىنسانلاردىن كاپىر بولغانلىرىدىن باشقىسى ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئازابىدىن قورققان ھالدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** ئاسماندىمۇ ئىلاھتۇر، زېمىندىمۇ ئىلاھتۇر﴾[4] يەنى **الله** تائالا ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئىلاھىدۇر. ئۇ سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتتۇر.

﴿**(ياخشى ـ يامان) قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى ئۇ سىلەرنىڭ بارلىق ئىشىڭلارنى ۋە ئۇ ئىشىڭلارنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

* * * * * * *

(1) ئەنئام سۈرىسى 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نازىئات سۈرىسى 42 ــ 44 ـ ئايەتكىچە.
(4) زۇخرۇف سۈرىسى 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وَمَا تَأْتِيهِم مِّنْ ءَايَةٍ مِّنْ ءَايَٰتِ رَبِّهِمْ إِلَّا كَانُوا۟ عَنْهَا مُعْرِضِينَ ﴿٤﴾ فَقَدْ كَذَّبُوا۟ بِٱلْحَقِّ لَمَّا جَآءَهُمْ
فَسَوْفَ يَأْتِيهِمْ أَنۢبَٰٓؤُا۟ مَا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿٥﴾ أَلَمْ يَرَوْا۟ كَمْ أَهْلَكْنَا مِن قَبْلِهِم مِّن قَرْنٍ مَّكَّنَّٰهُمْ فِى
ٱلْأَرْضِ مَا لَمْ نُمَكِّن لَّكُمْ وَأَرْسَلْنَا ٱلسَّمَآءَ عَلَيْهِم مِّدْرَارًا وَجَعَلْنَا ٱلْأَنْهَٰرَ تَجْرِى مِن تَحْتِهِمْ
فَأَهْلَكْنَٰهُم بِذُنُوبِهِمْ وَأَنشَأْنَا مِنۢ بَعْدِهِمْ قَرْنًا ءَاخَرِينَ ﴿٦﴾

ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا ئۇنىڭدىن باش تارتىدۇ﴿4﴾. ئۇلارغا (الله تەرىپىدىن) ھەق كىتاب (يەنى قۇرئان) كېلىۋىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا چىنپۈتمىدى، ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋەرلىرى كېلىدۇ (يەنى ئۇلارغا ئازاب نازىل بولۇپ، ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋىرى ئېنىق بولىدۇ)﴿5﴾. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار كۆرمىدىمۇ؟ (يەنى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟) ئۇلارنى زېمىندا سىلەرنى يەرلەشتۈرمىگەن بىر شەكىلدە يەرلەشتۈرگەن ئىدۇق، ئۇلارغا مول يامغۇرلار ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، ئۆستەڭلەرنى ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قىلغان ئىدۇق، ئاندىن كېيىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن كېيىن باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق﴿6﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ تەرسالىق قىلمىشلىرىغا قارىتا تەھدىت سېلىنغانلىقى

**﴿ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىدىن بىرەر ئايەت كەلسىلا ئۇنىڭدىن باش تارتىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، تەرسالىق قىلغان مۇشرىكلارنىڭ ئۇلارغا مەيلى قاچانلا بولمىسۇن، الله تائالانىڭ بىرلىكىنى ۋە الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر دەلىل - ئىسپات ۋە مۆجىزە كەلسىلا، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭغا پىسەنت ۋە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿ئۇلارغا (الله تەرىپىدىن) ھەق كىتاب (يەنى قۇرئان) كېلىۋىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا چىنپۈتمىدى، ئۇزاققا قالماي ئۇلارغا ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋەرلىرى كېلىدۇ (يەنى ئۇلارغا ئازاب نازىل بولۇپ، ئۆزلىرى مەسخىرە قىلغان نەرسىنىڭ خەۋىرى ئېنىق بولىدۇ)﴾** بۇ ئۇلارنىڭ ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا سېلىنغان تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇ تەھدىت ئۇلار ئىشەنمىگەن قۇرئاندا خەۋەر بېرىلگەن ئازابنىڭ ئۇلارغا چوقۇم كېلىشى ۋە ئىشەنمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتىگە قېلىشى، شۇنداقلا ئىشەنمىگەنلىكىنىڭ ئازابىنى تېتىشىدۇر.

ئاندىن كېيىن، الله تائالا ئۇلارغا غەزەپ قىلىپ ئىلگىرى ئۆتكەن، ئۇلاردىن كۈچلۈك، سانى كۆپ، مال ۋە ئەۋلادى جىق، زېمىنلاردىن پايدىلىنىشتا ئۇ زېمىنلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتا ئىقتىدارلىق بولغان قەۋملەرگە كەلگەن دۇنيالىق ئازاب ۋە جازالارنىڭ ئۇلارغىمۇ يېتىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار كۆرمىدىمۇ؟ (يەنى ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمىدىمۇ؟) ئۇلارنى زېمىندا سىلەرنى يەرلەشتۈرمىگەن بىر شەكىلدە يەرلەشتۈرگەن ئىدۇق﴾** يەنى ئۇلارغا دۇنيا، بالا - چاقا،

ئۇزۇن ئۆمۈر، يۇقىرى مەرتىۋە ۋە باياشات تۇرمۇش ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆپ قىلدۇق.

﴿**ئۇلارغا مول يامغۇرلار ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدۇق، ئۆستەڭلارنى ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان قىلغان ئىدۇق**﴾ يەنى بىز ئۇلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا گۇناھلارغا پېتىشى ئۈچۈن ۋە ئۇلارغا مۆھلەت بېرىش يۈزىسىدىن يامغۇرلارنى ئۇلارغا كۆپ ياغدۇرۇپ بەردۇق. بۇلاقلارنى كۆپلەپ چىقىرىپ بەردۇق.

﴿**ئاندىن كېيىن ئۇلارنى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق**﴾ يەنى بىز ئۇلارنى (ئۇلارنىڭ) قىلغان ئەسكىلىكلىرى ۋە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ھالاك قىلدۇق.

﴿**ئۇلاردىن كېيىن باشقا خەلقنى پەيدا قىلدۇق**﴾ يەنى بۇرۇنقىلار يوقىلىپ، چۆچەكلەردە سۆزلىنىدىغان كىشىلەرگە ئايلاندى. ئۇلاردىن كېيىن سىناش ئۈچۈن باشقا بىر ئەۋلادنى پەيدا قىلدۇق. بۇلارمۇ بۇرۇنقىلار قىلغاندەك خاتا ئىشلارنى، ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلارمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا ھالاك قىلىندى.

ئى كاپىرلار! ئۇلارغا كەلگەن ھالاك قىلىنىشنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىشىدىن ساقلىنىڭلار. سىلەر اللہ تائالانىڭ ئالدىدا ئۇلاردىن ئەزىز ئەمەس، لېكىن سىلەر ئىنكار قىلىۋاتقان بۇ پەيغەمبەر اللہ تائالانىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن ھۆرمەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، اللہ تائالانىڭ مېھرىبانلىقى ۋە ياخشىلىقى بولمىسا ئىدى، ئۇلارغا قارىغاندا، سىلەر ئازابقا ۋە جازانىڭ تېز كېلىشىگە ئەڭ ھەقلىق ئىدىڭلار.

* * * * * * *

وَلَوْ نَزَّلْنَا عَلَيْكَ كِتَٰبًا فِى قِرْطَاسٍ فَلَمَسُوهُ بِأَيْدِيهِمْ لَقَالَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِنْ هَٰذَآ إِلَّا سِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧﴾
وَقَالُوا۟ لَوْلَآ أُنزِلَ عَلَيْهِ مَلَكٌ ۖ وَلَوْ أَنزَلْنَا مَلَكًا لَّقُضِىَ ٱلْأَمْرُ ثُمَّ لَا يُنظَرُونَ ﴿٨﴾ وَلَوْ جَعَلْنَٰهُ مَلَكًا
لَّجَعَلْنَٰهُ رَجُلًا وَلَلَبَسْنَا عَلَيْهِم مَّا يَلْبِسُونَ ﴿٩﴾ وَلَقَدِ ٱسْتُهْزِئَ بِرُسُلٍ مِّن قَبْلِكَ فَحَاقَ
بِٱلَّذِينَ سَخِرُوا۟ مِنْهُم مَّا كَانُوا۟ بِهِۦ يَسْتَهْزِءُونَ ﴿١٠﴾ قُلْ سِيرُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ ثُمَّ ٱنظُرُوا۟
كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُكَذِّبِينَ ﴿١١﴾

(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار، شەكسىزكى، بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر، دەيتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ غەرىزى ئەڭ روشەن دەلىل كەلگەندىمۇ ئىمان ئېيتماسلىقتۇر﴿7﴾. ئۇلار: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ) نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟» دەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى (يەنى بۇ چاغدا ھەقنى ئىنكار قىلسا، ھالاك قىلىناتتى)، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيتتى﴿8﴾. بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان

تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى يەنى شۇبھىگە چۈشۈرەتتۇق (يەنى ئۇلار پەرىشتىنى ئىنسان شەكلىدە كۆرگەندە: «بۇ ئىنسان، ئەمما پەرىشتە ئەمەس» دەيتتى)﴿9﴾. سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر (كاپىرلار تەرىپىدىن) مەسخىرە قىلىندى، مەسخىرە قىلغۇچىلار مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردى﴿10﴾. (ئى مۇھەممەد! بۇ مەسخىرە قىلغۇچىلارغا) ئېيتقىنكى، «زېمىندا سەير قىلىڭلار، ئاندىن پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار»﴿11﴾.

## تەرسالىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەيىبلەنگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنساندىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە قايىل بولمىغانلىقى

الله تائالا بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ تەرسالىق قىلغانلىقىدىن ۋە ھەققە بويسۇنماسلىقىدىن تولغاپ، ھەق ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ جېدەللەشكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا (ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) قەغەزگە يېزىلغان بىر كىتابنى نازىل قىلغان، كاپىرلار ئۇنى قوللىرى بىلەن تۇتۇپ كۆرگەن تەقدىردىمۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۇ كىتابنى ۋە ئۇنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن تەقدىردىمۇ ﴿**ئۇلار، شەكسىزكى، بۇ پەقەت روشەن سېھىردۇر، دەيتتى**﴾.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، الله تائالا كاپىرلارنىڭ ماددىي نەرسىلەرگىمۇ ئىشەنمەي، چوڭچىلىق قىلىپ شۇنداق قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ كەلگەن تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. ﴿بىز ئۇلارغا ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىپ بەرگەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن ئاسمانغا ئۆرلەپ (ئالەمى ئەرۋاھنى، پەرىشتىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ) ئۇلار چوقۇم: «كۆزلىرىمىز باغلىنىپ قالدى، بەلكى سېھىرلەنگەن قەۋم بولۇپ قالساق كېرەك» دېيىشىدۇ﴾،[1] ﴿ئەگەر ئۇلار ئاسماننىڭ بىر پارچىسى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە: «بۇ توپلاشقان بۇلۇتتۇر» دەيدۇ﴾[2].

﴿**ئۇلار: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ) نېمىشقا بىر پەرىشتە چۈشمىدى؟» دەيدۇ**﴾ يەنى: الله تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇتقىلى نېمە ئۈچۈن بىرەر پەرىشتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە چۈشمىدى؟ - دەيدۇ.

﴿**ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر پەرىشتە چۈشۈرگەن بولساق، ئۇلارنىڭ ئىشى تۈگىگەن بولاتتى (يەنى بۇ چاغدا ھەقنى ئىنكار قىلسا، ھالاك قىلىناتتى)، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيتتى**﴾ يەنى ئۇلار شۇ ھالىتى بىلەن تۇرغاندا، ئۇلارغا پەرىشتە چۈشۈرۈلسە، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا الله تائالا تەرىپىدىن بىر ئازاب كەلگەن بولاتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرىشتىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدا (يەنى ئازاب نازىل قىلىشىمىز مۇقەررەر بولغان چاغدىلا) نازىل قىلىمىز، بۇ چاغدا ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ئازابى كېچىكتۈرۈلمەيدۇ)﴾[3]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ئېلىش

(1) ھىجر سۈرىسى 14 — 15 - ئايەتلەر.
(2) تۇر سۈرىسى 44 - ئايەت.
(3) ھىجر سۈرىسى 8 - ئايەت.

ئۈچۈن چۈشكەن) پەرىشتىلەرنى كۆرگەن كۈنى گۇناھكارلارغا خۇش خەۋەر بولمايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «(سىلەرگە جەننەت) ھارامدۇر» دەيدۇ﴾[1].

**﴿بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى يەنى شۈبھىگە چۈشۈرەتتۇق (يەنى ئۇلار پەرىشتىنى ئىنسان شەكلىدە كۆرگەندە: «بۇ ئىنسان، ئەمما پەرىشتە ئەمەس» دەيتتى)﴾** يەنى ئەگەر بىز ئىنسانلاردىن بولغان پەيغەمبەرلەر بىلەن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرسەك ۋەياكى بىز ئىنسانلارغا پەرىشتىلەردىن بولغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتسەك، ئىنسانلارغا ئۇ پەرىشتىنىڭ سۆزلىيەلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇ پەرىشتىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلالىشى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، ئۇ پەرىشتە شۇ ئىنساننىڭ شەكلىدە بولىدۇ. ئەگەر ئىش شۇنداق بولىدىغان بولسا، خۇددى ئۇلار ئىنسانلاردىن بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىشتا ئۆزلىرىگە شۈبھە پەيدا قىلغىنىدەك، پەرىشتىلەردىن بولغان پەيغەمبەرلەرگىمۇ شۈبھە بىلەن قارايدۇ (شۈبھىلىنىدۇ).

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق»﴾[2] يەنى بىرى يەنە بىرىنى ھەقىقەتكە سۆز ئارقىلىق دەۋەت قىلىشى، ئۆزئارا سوئال سوراپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، الله تائالا رەھىم قىلىپ ھەر بىر مەخلۇقاتقا ئۆز جىنسىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله مۆمىنلەرگە الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى﴾[3].

**﴿بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق﴾** زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر ئۇلارغا پەرىشتە كېلىدىغان بولسا، پەرىشتىمۇ ئىنساننىڭ سۈرىتىدە كېلىدۇ. چۈنكى پەرىشتە نۇردىن يارالغاچقا ئۆز شەكلىدە چۈشسە، ئۇلار پەرىشتىگە قارىيالمايدۇ.

**﴿ئۇلارنى يەنى شۈبھىگە چۈشۈرەتتۇق (يەنى ئۇلار پەرىشتىنى ئىنسان شەكلىدە كۆرگەندە: «بۇ ئىنسان، ئەمما پەرىشتە ئەمەس» دەيتتى)﴾** يەنى ئۇلارنى پەرىشتە بىلەن ئىنساننىڭ ئارىلىقىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان قىلىپ قايمۇقتۇرۇۋېتەتتۇق.

ۋالبىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى ئۇلاردا قايتا شۈبھە پەيدا قىلاتتۇق.

**﴿سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر (كاپىرلار تەرىپىدىن) مەسخىرە قىلىندى، مەسخىرە قىلغۇچىلار مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردى﴾** بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ

(1) فۇرقان سۈرىسى 22 ـ ئايەت.
(2) ئىسرا سۈرىسى 95 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىچىدىن ئۇنى يالغانچىغا چىقارغانلار ئۇچۇن بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن مۆمىنلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بەرگۈچى ۋە ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بېرىلىشىگە قىلىنغان ۋەدىدۇر.

**﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مەسخىرە قىلغۇچىلارغا) ئېيتقىنكى، «زېمىندا سەير قىلىڭلار، ئاندىن پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈڭلار»﴾** يەنى سىلەر ئۆزەڭلار ھەققىدە ئويلىنىڭلار. سىلەر بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان، تەرسالىق قىلىپ ئۇلار بىلەن قارشىلاشقان قەۋملەرگە الله تائالانىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابنى ساقلاپ قويۇش بىلەن بىرگە، مۇشۇ دۇنيادا ئۇلارغا ئازاب ـ ئۇقۇبەتلەرنى چۈشۈرگەنلىكىگە، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە مۆمىن بەندىلىرىنى ئازابتىن قانداق قۇتقۇلدۇرغانلىقىغا قاراڭلار.

* * * * * * *

قُل لِّمَن مَّا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ قُل لِّلَّهِۚ كَتَبَ عَلَىٰ نَفۡسِهِ ٱلرَّحۡمَةَۚ لَيَجۡمَعَنَّكُمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ
ٱلۡقِيَٰمَةِ لَا رَيۡبَ فِيهِۚ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ (١٢) ۞ وَلَهُۥ مَا سَكَنَ فِي
ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ (١٣) قُلۡ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَتَّخِذُ وَلِيّٗا فَاطِرِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَهُوَ يُطۡعِمُ
وَلَا يُطۡعَمُۗ قُلۡ إِنِّيٓ أُمِرۡتُ أَنۡ أَكُونَ أَوَّلَ مَنۡ أَسۡلَمَۖ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ (١٤) قُلۡ
إِنِّيٓ أَخَافُ إِنۡ عَصَيۡتُ رَبِّي عَذَابَ يَوۡمٍ عَظِيمٖ (١٥) مَّن يُصۡرَفۡ عَنۡهُ يَوۡمَئِذٖ فَقَدۡ رَحِمَهُۥۚ
وَذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡمُبِينُ (١٦)

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟» (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله نىڭ». الله (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، ھېچقانداق گۇمان بولمىغان قىيامەت كۈنى الله سىلەرنى ئەلۋەتتە يىغىدۇ، (كۇفرنى ئىختىيار قىلىشى بىلەن) ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴿12﴾. كېچە ۋە كۈندۈزدە جىم تۇرغان (ياكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان) شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿13﴾. (ئى مۇھەممەد!) بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى الله دىن غەيرىينى مەبۇد تۇتامدىم؟ الله رىزىق بېرىدۇ، ئۆزى رىزىققا موھتاج ئەمەس». (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن (بۇ ئۈممەت ئىچىدە خۇدانىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. (ماڭا دېيىلدىكى) سەن ھەرگىز مۇشرىكلاردىن بولمىغىن»﴿14﴾. (ئۇلارغا يەنە) ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام (يەنى پەرۋەردىگارىمدىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلسام)، بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن ئەلۋەتتە قورقىمەن»﴿15﴾. مۇشۇ كۈندە كىمكى ئازابتىن قۇتقۇلدىكەن، الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىدۇ، ئەنە شۇ روشەن نىجات تاپقانلىقتۇر﴿16﴾.

## ﷲ تائالا ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى ۋە نېئمەت ئاتا قىلغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەتئى بويسۇنۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى مەۋجۇداتلار كىمنىڭ؟» (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ﷲ نىڭ». ﷲ (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى﴾ ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن ۋە رەھمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتى ئۈستىگە ئالغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن ﷲ تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتقان چاغدا، ئەرشنىڭ ئۈستىدىكى (ئۆزىنىڭ يېنىدىكى) كىتابقا: "ھەقىقەتەن رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۈستۈن كەلدى" دەپ يازدى».

﴿ھېچقانداق گۇمان بولمىغان قىيامەت كۈنى ﷲ سىلەرنى ئەلۋەتتە يىغىدۇ﴾ يەنى ﷲ تائالا مۆمىن بەندىلىرى ئۇنىڭ بولىدىغانلىقىدا ھېچقانداق شەك قىلمايدىغان قىيامەت كۈنىدە، بەندىلىرىنى بىر يەرگە يىغىدىغانلىقىغا ئۇلۇغ زاتى بىلەن قەسەم ئىچتى. ئەمما قىيامەتتىن تانغۇچى، ئۇنى ئىنكار قىلغۇچى بولغان كاپىرلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ شەكلىرىدە تېڭىرقاپ يۈرىشىدۇ.

﴿(كۇفرنى ئىختىيار قىلىشى بىلەن) ئۆزىگە ئۆزى زىيان سالغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴾ يەنى قىيامەت كۈنى زىيان تارتقۇچىلار بولسا، قىيامەتكە ئىشەنمەيدۇ ۋە شۇ كۈننىڭ ئېغىرچىلىقىدىن قورقمايدۇ.

﴿كېچە ۋە كۈندۈزدە جىم تۇرغان (ياكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان) شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ﷲ نىڭ مۈلكىدۇر﴾ يەنى ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەر ﷲ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىدۇر. ئۇلار ﷲ تائالانىڭ ھۆكۈمرانلىقى، بۇيرۇقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدىدۇر. ﷲ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر.

﴿ﷲ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ يەنى ﷲ تائالا بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ شەك كەلتۈرگەنلىرىنى، دىللىرىنى ۋە مەخپىي سىرلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئاندىن كېيىن ﷲ تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسى، توغرا بولغان شەرىئەت بىلەن ئەۋەتكەن بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنى ﷲ تائالانىڭ توغرا يولىغا چاقىرىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، «ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى ﷲ دىن غەيرىينى مەبۇد تۇتامدىم؟﴾

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى نادانلار! مېنى

الله دىن غەيرىيگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇمسىلەر؟»﴾[1] يەنى مەن ئۆزەمگە شېرىكى يوق، بىر الله تائالادىن باشقا بىرىنى ئىگە تۇتمايمەن. چۈنكى الله تائالا ئاسمان ـ زېمىنلارنى ئۇخشىشى بولمىغان بىر شەكىلدە پەيدا قىلىپ ياراتتى.

**﴿الله رىزىق بېرىدۇ، ئۆزى رىزىققا موھتاج ئەمەس»﴾** يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا رىزىق بەرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ رىزىق بېرىشى ھەرگىزمۇ الله تائالانىڭ ئۇلارغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئەمەستۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن﴾[2].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان. مەدىنىدىكى قۇبا دېگەن يەرلىك بىر ئەنسارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاماققا چاقىردى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە باردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقنى يەپ ۋە قولىنى يۇيۇپ بولۇپ: «رىزىق بېرىدىغان ۋە رىزىققا موھتاج بولمىغان، بىزگە نېئمەت ئاتا قىلىپ، توغرا يولغا باشلىغان، بىزگە رىزىق ئاتا قىلغان، سۇ بەرگەن ۋە كىيىم بەرگەن ۋە بىزنى بارلىق سىناقلار بىلەن سىنىغان الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! مېنى تاشلاپ قويمايدىغان، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجىم چۈشمەي قالمايدىغان، مەن ئۇنىڭغا كۇپۇرلۇق قىلمايدىغان ۋە مەن ئۇنىڭدىن بىھاجەت قىلىنمايدىغان پەرۋەردىگارىم الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن. بىزگە تائام بەرگەن، سۇ بەرگەن، كىيىم بەرگەن، ئازغۇنلۇقتىن توغرا يولغا باشلىغان، بىزنى قارىغۇ قىلماي كۆرىدىغان قىلغان، ئۆزى ياراتقان نۇرغۇنلىغان مەخلۇقاتلىرىدىن بىزنى پەزىلەتلىك قىلغان، پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دېدى.

**﴿مۇشۇ كۈندە كىمكى ئازابتىن قۇتۇلدىكەن، الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىدۇ، ئەنە شۇ روشەن نىجات تاپقانلىقتۇر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ﴾[3].

* * * * * * *

وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَ ۖ وَإِن يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٧﴾ وَهُوَ
ٱلْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْحَكِيمُ ٱلْخَبِيرُ ﴿١٨﴾ قُلْ أَىُّ شَىْءٍ أَكْبَرُ شَهَٰدَةً ۖ قُلِ ٱللَّهُ ۖ شَهِيدٌۢ بَيْنِى وَبَيْنَكُمْ ۚ وَأُوحِىَ إِلَىَّ هَٰذَا
ٱلْقُرْءَانُ لِأُنذِرَكُم بِهِۦ وَمَنۢ بَلَغَ ۚ أَئِنَّكُمْ لَتَشْهَدُونَ أَنَّ مَعَ ٱللَّهِ ءَالِهَةً أُخْرَىٰ ۚ قُل لَّآ أَشْهَدُ ۚ قُلْ إِنَّمَا هُوَ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ
وَإِنَّنِى بَرِىٓءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ ﴿١٩﴾ ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَعْرِفُونَهُۥ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَآءَهُمُ ۘ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ
فَهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٢٠﴾ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓ ۗ إِنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٢١﴾

(1) زۇمەر سۈرىسى 64 ـ ئايەت.
(2) زارىيات سۈرىسى 56 ــ 57 ـ ئايەتلەر.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 185 ـ ئايەت.

ئەگەر الله ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى الله دىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿17﴾. الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴿18﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟» ئېيتقىنكى، «الله مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر (ماڭا الله نىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر). بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى. (ئى مۇشرىكلار!) سىلەر الله بىلەن باراۋەر باشقا ئىلاھ بار دەپ چوقۇم گۇۋاھلىق بېرەلەمسىلەر؟» (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن (مۇنداق) گۇۋاھلىق بەرمەيمەن». (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئۇ ھەقىقەتەن بىر ئىلاھتۇر، سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلاردىن مەن ھەقىقەتەن ئادا ـ جۇدامەن»﴿19﴾. بىز كىتاب بەرگەن كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئۇنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) (تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى سۈپىتى بويىچە) خۇددى ئۆلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زىيان سالغانلار (ئېنىق پاكىتلار تۇرسىمۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتمايدۇ﴿20﴾. الله غا يالغان چاپلىغان ياكى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم ئادەملەر بارمۇ؟ زالىملار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشەلمەيدۇ﴿21﴾.

## الله تائالانىڭ پايدا ـ زىيان يەتكۈزگۈچى ۋە تىزگىنلىگۈچى ئىكەنلىكى

الله تائالا ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيان ئىگىسى ۋە مەخلۇقاتلىرىغا خالىغىنى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ھېچبىرىنىڭ قارشى تۇرالمايدىغانلىقى ۋە ھېچبىرىنىڭ ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿ئەگەر الله ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى الله دىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر الله ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ)، چۈنكى الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله رەھمىتىدىن كىشىلەرگە ئاچقان نەرسىنى ھەرگىزمۇ توسۇپ قالالىغۇچى بولمايدۇ، الله رەھمىتىدىن توسقان نەرسىنى، الله توسقاندىن كېيىن، ئۇنى ھېچ قويۇپ بەرگۈچى بولمايدۇ، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى الله ! سەن بەرگەننى توسۇپ قالغۇچى يوق. سەن توسۇپ قالغاننى بېرەلىگۈچى يوق. سەن دۇنيادا بەرگەن مال ـ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ».

**﴿الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)﴾** يەنى بارلىق بويۇنلار الله تائالاغا ئېگىلىدۇ. ھۆكۈمرانلار باش ئېگىدۇ ۋە بارلىق گۇناھكارلار

(1) فاتىر سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

تەسلىم بولىدۇ.

**﴿ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى ئۇ ھەممە ئىشلىرىدا ھېكمەت ئىگىسىدۇر. **﴿ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾** ھەممە نەرسىنىڭ جايلاشقان ئورنىدىن ۋە جايلىرىدىن خەۋەرداردۇر. شۇڭا ئۇ بېرىدىغىنىنى شۇ نەرسىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغان كىشىگە بېرىدۇ. **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟»﴾** يەنى قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ بولالايدۇ؟

**﴿ئېيتقىنكى، «الله مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر (ماڭا الله نىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر)﴾** يەنى مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ۋە سىلەرنىڭ ماڭا نېمە دېگەنلىكىڭلارنى بىلگۈچى بولغان الله تائالا گۇۋاھتۇر. **﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى﴾** يەنى ئۇ قۇرئان يەتكەن بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.

رەبىيئ ئىبنى ئەنەس مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىنىڭ ۋەزىپىسى باشقىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالا تەرىپىگە دەۋەت قىلغاندەك دەۋەت قىلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرغان نەرسە بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

**﴿(ئى مۇشرىكلار!) سىلەر الله بىلەن باراۋەر باشقا ئىلاھ بار دەپ چوقۇم گۇۋاھلىق بېرەلەمسىلەر؟» (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن (مۇنداق) گۇۋاھلىق بەرمەيمەن»﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) «الله بۇنى ھارام قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلىرىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار» دېگىن، ئەگەر ئۇلار (ھازىر بولۇپ يالغاندىن) گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلارغا قوشۇلۇپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن (چۈنكى ئۇ پۈتۈنلەي يالغاندۇر)﴾[1]، **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئۇ ھەقىقەتەن بىر ئىلاھتۇر، سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلاردىن مەن ھەقىقەتەن ئادا ـ جۇدامەن»﴾**.

## ئەھلى كىتابلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدىغانلىقى

الله تائالا ئەھلى كىتابلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ قېشىدا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەردىن سەن توغرۇلۇق خەۋەرلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، سەن ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن بۇ ھەقىقەتنى ئۇلار خۇددى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى بىلگەندەك بىلىدۇ. چۈنكى بارلىق پەيغەمبەرلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ سۈپىتى، ئەخلاقى، يۇرتى، ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان يېرى ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ سۈپەتلىرىدىن خۇش بېشارەت بەرگەن ئىدى.

شۇڭا الله تائالا بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: **﴿ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زىيان سالغانلار﴾** يەنى چوڭ زىيان تارتىۋاتقانلار **﴿(ئېنىق پاكىتلار تۇرسىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان**

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 150 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئېيتمايدۇ﴾** يەنى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى كىشىلەر ئارىسىغا تارقاتقان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمەيدۇ.

**﴿الله غا يالغان چاپلىغان ياكى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم ئادەملەر بارمۇ؟﴾** يەنى الله تائالاغا بوھتان چاپلاپ الله تائالا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمىسىمۇ، ئۆزىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى دەپ دەۋا قىلغان كىشىدىن ۋە الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى، دەلىل ـ ھۆججەت ۋە مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغان كىشىدىن ئارتۇقراق ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقان كىشى يوقتۇر.

**﴿زالىملار ھەقىقەتەن مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾** يەنى الله تائالاغا بوھتان چاپلىغۇچى ۋە الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ھەرگىزمۇ نىجات تاپالمايدۇ.

* * * * * * *

وَيَوْمَ نَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشْرَكُوٓا۟ أَيْنَ شُرَكَآؤُكُمُ ٱلَّذِينَ كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٢٢﴾ ثُمَّ لَمْ تَكُن فِتْنَتُهُمْ إِلَّآ
أَن قَالُوا۟ وَٱللَّهِ رَبِّنَا مَا كُنَّا مُشْرِكِينَ ﴿٢٣﴾ ٱنظُرْ كَيْفَ كَذَبُوا۟ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ ۚ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟ يَفْتَرُونَ ﴿٢٤﴾
وَمِنْهُم مَّن يَسْتَمِعُ إِلَيْكَ ۖ وَجَعَلْنَا عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ وَفِىٓ ءَاذَانِهِمْ وَقْرًا ۚ وَإِن يَرَوْا۟ كُلَّ ءَايَةٍ لَّا يُؤْمِنُوا۟
بِهَا ۚ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوكَ يُجَٰدِلُونَكَ يَقُولُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِنْ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٢٥﴾ وَهُمْ يَنْهَوْنَ عَنْهُ وَيَنْـَٔوْنَ
عَنْهُ ۖ وَإِن يُهْلِكُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿٢٦﴾

قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: «الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە»؟ دەيمىز﴿22﴾. ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «پەرۋەردىگارىمىز! الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ﴿23﴾. ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ) بوھتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ﴿24﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىچىدە (قۇرئان ئوقۇغان چېغىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، قۇرئاننى چۈشەنمەسلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. ئۇلار ھەممە مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ. ھەتتا كاپىرلار سېنىڭ يېنىڭغا مۇنازىرىلىشىپ كەلگەندىمۇ: «بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر» دەيدۇ﴿25﴾. ئۇلار كىشىلەرنى قۇرئاندىن (ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن) توسىدۇ، ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ﴿26﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرى شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن سورىلىدىغانلىقى

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىمىز﴾** ئاندىن كېيىن، الله تائالا ئۇلاردىن

ئۇلارنىڭ الله تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرى ۋە الله تائالاغا ئوخشاتقان نەرسىلىرىدىن سوراق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿**ئاندىن مۇشرىكلارغا: «الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە»؟ دەيمىز**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۇ كۈنى الله ئۇلارغا: «سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟» دەپ نىدا قىلىدۇ**﴾[1].

﴿**ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ**﴾ يەنى ھۆججەت كەلتۈرۈپ ﴿**(دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «پەرۋەردىگارىمىز! الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ**﴾. ئەتا خۇراسانىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنغاندا، ئۇلارنىڭ بېرىدىغان جاۋابى: ﴿**«پەرۋەردىگارىمىز! الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق»**﴾ دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

﴿**ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ) بوھتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇلارغا: «الله نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلار قەيەردە؟» دېيىلىدۇ، ئۇلار: «ئۇ بۇتلار ئۆزلىرىنى بىزدىن چەتكە ئالدى، بەلكى بىز ئىلگىرى ھېچنەرسىگە ئىبادەت قىلمايتتۇق» دەيدۇ. الله كاپىرلارنى مۇشۇنداق گۇمراھ قىلىدۇ﴾[2].

## بەتبەختلەرنىڭ قۇرئاندىن پايدىلىنالمايدىغانلىقى

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىچىدە (قۇرئان ئوقۇغان چېغىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، قۇرئاننى چۈشەنمەسلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىدۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق. ئۇلار ھەممە مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ**﴾ ئۇلاردىن بەزىلىرى (قۇرئان ئوقۇغان چېغىڭدا) قۇلاق سالغىلى كېلىدۇ، لېكىن قۇرئان ئۇلارغا ھېچبىر پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى الله تائالا ئۇلارنىڭ قۇرئاننى چۈشىنەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پەردىلىۋەتتى ۋە قۇلاقلىرىنى پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى ئاڭلاشتىن گاس قىلدى.

الله تائالا كاپىرلارنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ پايدىلىق نەرسىلەرنى ئاڭلاشتىن گاس قىلىنغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشىنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ (كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز-نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ﴾[3].

---

(1) قەسەس سۈرىسى 62 ـ ئايەت.
(2) غافىر سۈرىسى 73 ــ 74 ـ ئايەتلەر.
(3) بەقەرە سۈرىسى 171 ـ ئايەت.

﴿**ئۇلار ھەممە مۆجىزىلەرنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار قانداقلىكى بىر مۆجىزە، دەلىل ـ پاكىت ۋە ئىسپات ـ ھۆججەتلەرنى كۆرسۇن، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئاڭ ۋە چۈشىنىش دېگەن نەرسە يوق.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر **الله** ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى؛ ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى﴾[1].

﴿**ھەتتا كاپىرلار سېنىڭ يېنىڭغا مۇنازىرىلىشىپ كەلگەندىمۇ**﴾ يەنى سەن بىلەن ھەق توغرىسىدا ئورۇنسىز مۇنازىرىلىشىپ كەلگەندىمۇ ﴿**«بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلاردۇر» دەيدۇ**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ دىن بۇرۇنقىلارنىڭ كىتابلىرىدىن ئېلىنغان ۋە ئۇلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن نەرسىدۇر، ـ دەيدۇ.

﴿**ئۇلار كىشىلەرنى قۇرئاندىن (ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن) توسىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ئەگىشىشتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ۋە قۇرئانغا بويسۇنۇشتىن توسىدۇ. ﴿**ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ**﴾ يەنى ئۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراقتۇر. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ قۇرئاندىن مەنپەئەتلەنمەسلىك، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشىدىن توسۇشتەك ئىككى يامان ئىشنى سادىر قىلىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كاپىرلار كىشىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن توسىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفە مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قېچىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلمەيتتى. قەتادە، زەھھاك، مۇجاھىد ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

﴿**ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار (بۇنى) تۇيمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىلا ھالاك قىلىدۇ. قىلمىشلىرىنىڭ ئۇۋالى پەقەت ئۆزلىرىگىلا قايتىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنى سەزمەيدۇ.

* * * * * * *

وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ وُقِفُوا۟ عَلَى ٱلنَّارِ فَقَالُوا۟ يَٰلَيْتَنَا نُرَدُّ وَلَا نُكَذِّبَ بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا وَنَكُونَ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٢٧﴾ بَلْ بَدَا لَهُم مَّا
كَانُوا۟ يُخْفُونَ مِن قَبْلُ ۖ وَلَوْ رُدُّوا۟ لَعَادُوا۟ لِمَا نُهُوا۟ عَنْهُ وَإِنَّهُمْ لَكَٰذِبُونَ ﴿٢٨﴾ وَقَالُوٓا۟ إِنْ هِىَ إِلَّا حَيَاتُنَا ٱلدُّنْيَا
وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ ﴿٢٩﴾ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ وُقِفُوا۟ عَلَىٰ رَبِّهِمْ ۚ قَالَ أَلَيْسَ هَٰذَا بِٱلْحَقِّ ۚ قَالُوا۟ بَلَىٰ وَرَبِّنَا ۚ قَالَ
فَذُوقُوا۟ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٣٠﴾

ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى

(1) ئەنفال سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ﴿27﴾. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى (قەبىھ قىلمىشلىرى تۆپەيلىدىن شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ) ئۇلارغا ئاشكارا بولدى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴿28﴾. ئۇلار: «ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز» دەيدۇ﴿29﴾. ئەگەر ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (غايەت چوڭ ئىشنى كۆرىسەن). الله ئۇلارغا: «بۇ (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راست ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن» دەيدۇ. الله : «كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴿30﴾.

## ئازابنى كۆرگەندە قۇرۇق ئارزۇلارنىڭ پايدىسى بولمايدىغانلىقى

الله تائالا كاپىرلارنىڭ قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئۈستىدە توختىتىپ قويۇلۇپ، دوزاختىكى كويزا ـ كىشەنلەرنى ۋە دوزاخنىڭ ئىچىدىكى قاتتىق ئازابلارنى كۆرگەن چاغدىكى ھالىدىن خەۋەر بېرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ شۇ ھالەتتە مۇنداق دەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: **﴿ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ﴾** يەنى ئۇلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلماسلىق ۋە مۆمىنلەردىن بولۇشى ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

**﴿ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى (قەبىھ قىلمىشلىرى تۆپەيلىدىن شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ) ئۇلارغا ئاشكارا بولدى﴾** يەنى ئۇلار گەرچە دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە تېنىۋالغان بولسىمۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا ئۇلار كۆڭۈللىرىدە يوشۇرۇپ كەلگەن كۇپۇرلۇق، ئىنكار قىلىش ۋە تەرسالىقلىرى ئاشكارا بولىدۇ.

الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى كۇپۇرلۇقتىن تېنىۋالىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «پەرۋەردىگارىمىز! الله بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ) بوھتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ﴾.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ: ئۇلار گەرچە ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلەرگە ئەكسىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە كۆڭۈللىرىدە پەيغەمبەرلەر بۇ دۇنيادا ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ راستلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى بۈگۈن ئاشكارىلاندى، ـ دېگەن مەنىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

الله تائالا كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلسىمۇ، ئۇنى ئاشكارىلىمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋنگە دېگەن سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇسا ئېيتتى: «(ئى پىرئەۋن!) بۇلار (يەنى توققۇز مۆجىزە) نى پەقەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ

پەرۋەردىگارى (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل قىلىپ نازىل قىلغانلىقىنى سەن (گەرچە تىلىڭدا ئىقرار قىلمىساڭمۇ، دىلىڭدا ئەلۋەتتە) ئوبدان بىلىسەن﴾[1].

﴿ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى (قەبىھ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ) ئۇلارغا ئاشكارا بولدى﴾ يەنى ئۇلار ئىمان ئېيتىشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ۋە ئىماننى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى ئۇلار كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىغا بېرىلگەن ئازابنى ئۆز كۆزى كۆرگەندىن كېيىن، شۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

﴿ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتىشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى يۈزىسىدىن دۇنياغا قايتىشنى تەلەپ قىلىشىدا يالغانچىلاردۇر.

﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى﴾ يەنى كۇپۇرلۇقنى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشنى يەنىلا قىلاتتى. ئۇلار: ﴿«كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق»﴾ دېگەن سۆزلىرىدە ﴿شۈبھىسىزكى، يالغانچىلاردۇر﴾.

ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلسىمۇ، چەكلەنگەن ئىشلارنى يەنە قىلىپ: ﴿ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر﴾ يەنى ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتلىقتۇر. بۇ ھايات تۈگىسە، قايتا تىرىلىش يوق، ـ دېگەن بولاتتى. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنىڭ ﴿ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلمەيمىز﴾ دېگەنلىكىنى بايان قىلدى.

﴿ئەگەر ئۇلارنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (غايەت چوڭ ئىشنى كۆرىسەن). الله ئۇلارغا: «بۇ (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش) راست ئەمەسمىكەن؟» دەيدۇ﴾ يەنى بۇ تىرىلىشنىڭ راستلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇ سىلەر گۇمان قىلغاندەك قۇرۇق گەپ ئەمەسمىكەن؟!

﴿ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز بىلەن قەسەمكى، راست ئىكەن» دەيدۇ. الله : «كاپىر بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴾ يەنى ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن بۈگۈن ئازابنى تېتىڭلار. ئۇلارغا: ﴿«(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمۇ؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر﴾[2] دېيىلىدۇ.

* * * * * * *

قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَتْهُمُ ٱلسَّاعَةُ بَغْتَةً قَالُوا۟ يَٰحَسْرَتَنَا عَلَىٰ مَا فَرَّطْنَا فِيهَا وَهُمْ يَحْمِلُونَ أَوْزَارَهُمْ عَلَىٰ ظُهُورِهِمْ ۚ أَلَا سَآءَ مَا يَزِرُونَ ﴿٣١﴾ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا لَعِبٌ وَلَهْوٌ ۖ وَلَلدَّارُ ٱلْءَاخِرَةُ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَ ۗ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٣٢﴾

(1) ئەنئام سۈرىسى 23 ــ 24 ـ ئايەتلەر.
(2) ئىسرا سۈرىسى 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**الله** غا مۇلاقات بولۇشنى (يەنى قايتا تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «ئۇ دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىزدىن نادامەت» دەيدۇ. گۇناھلىرىنى ئۈستىلىرىگە يۈكلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ (گۇناھلىرىنى) يۈكلىگىنى نېمىدېگەن يامان!﴿31﴾. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن، غەپلەتتىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴿32﴾.

**الله** تائالا بۇ ئايەتلەردە قىيامەت كۈنى تىرىلىپ، ئۆزىگە ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىدىن، قىيامەت ئۇلارغا تۇيۇقسىز كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىدىن، ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلالمىغانلىقىغا ۋە يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «ئۇ دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىزدىن نادامەت» دەيدۇ. گۇناھلىرىنى ئۈستىلىرىگە يۈكلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ (گۇناھلىرىنى) يۈكلىگىنى نېمىدېگەن يامان!﴾** ئەسبات سۇددىنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان كىشى قەبرىسىگە قويۇلىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ قېشىغا چىرايى ناھايىتى سەت، رەڭگى قارا، تېنى ناھايىتى سېسىق پۇرايدىغان ۋە ئۈستىدىكى كىيىمى مەينەت بىر كىشى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قەبرىگە كىرىدۇ. ئۆلگۈچى بۇ كىشىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا: سېنىڭ چىرايىڭ نېمىدېگەن سەت؟ـ دەيدۇ. ئۇ كىشى: سېنىڭ ئەمەلىڭمۇ شۇنداق سەت ئىدى،ـ دەيدۇ. ئۆلگۈچى: سېنىڭ تېنىڭ نېمىدېگەن سېسىق؟ـ دەيدۇ. ئۇ كىشى: سېنىڭ ئەمەلىڭمۇ شۇنداق سېسىق ئىدى،ـ دەيدۇ. ئۆلگۈچى كىيىملىرىڭ نېمىدېگەن مەينەت؟ـ دەيدۇ. ئۇ كىشى: سېنىڭ ئەمەلىڭمۇ شۇنداق مەينەت ئىدى دەيدۇ. ئۆلگۈچى: سەن كىم؟ـ دەيدۇ. ئۇ كىشى: مەن سېنىڭ قىلغان ئەمەلىڭ،ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۆلگۈچى بىلەن بىللە قەبرىدە قالىدۇ. ئۆلگۈچى قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلدۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئۇ كىشى ئۆلگۈچىگە: دۇنيادا مەن سېنى ھارام يوللاردىن ھۇزۇرلىنىشىڭ ئۈچۈن كۆتۈرەتتىم، بۈگۈن سەن مېنى كۆتۈرگىن دەپ، ئۆلگۈچىنىڭ يەلكىسىگە مىنىدۇ ۋە ئۇنى دوزاخقا ھەيدەپ ئېلىپ بارىدۇ.

مانا بۇ، **الله** تائالانىڭ: **﴿گۇناھلىرىنى ئۈستىلىرىگە يۈكلىۋالىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىدۇر. **﴿دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن، غەپلەتتىنلا ئىبارەت﴾** يەنى دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداقتۇر. **﴿تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴾**

*******

قَدْ نَعْلَمُ إِنَّهُۥ لَيَحْزُنُكَ ٱلَّذِى يَقُولُونَ ۖ فَإِنَّهُمْ لَا يُكَذِّبُونَكَ وَلَـٰكِنَّ ٱلظَّـٰلِمِينَ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ يَجْحَدُونَ ﴿٣٣﴾
وَلَقَدْ كُذِّبَتْ رُسُلٌ مِّن قَبْلِكَ فَصَبَرُوا۟ عَلَىٰ مَا كُذِّبُوا۟ وَأُوذُوا۟ حَتَّىٰٓ أَتَىٰهُمْ نَصْرُنَا ۚ وَلَا مُبَدِّلَ لِكَلِمَـٰتِ ٱللَّهِ ۚ
وَلَقَدْ جَآءَكَ مِن نَّبَإِى۟ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٣٤﴾ وَإِن كَانَ كَبُرَ عَلَيْكَ إِعْرَاضُهُمْ فَإِنِ ٱسْتَطَعْتَ أَن تَبْتَغِىَ نَفَقًا
فِى ٱلْأَرْضِ أَوْ سُلَّمًا فِى ٱلسَّمَآءِ فَتَأْتِيَهُم بِـَٔايَةٍ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَجَمَعَهُمْ عَلَى ٱلْهُدَىٰ ۚ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ
ٱلْجَـٰهِلِينَ ﴿٣٥﴾ ۞

ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ﴿33﴾. سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى، الله نىڭ سۆزلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى﴿34﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن)، ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەتكە بىرلەشتۈرەتتى، سەن ھەرگىز (الله نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدىغانلاردىن بولمىغىن﴿35﴾. (سۆزۈڭگە) ھەقىقىي قۇلاق سالىدىغانلار (سېنىڭ دەۋىتىڭنى) قوبۇل قىلىدۇ (سۆزۈڭگە قۇلاق سالمىغانلار ئۆلۈكلەرنىڭ ئورنىدا)، ئۆلۈكلەرنى الله تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ﴿36﴾.

## الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەنلىكى

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئۇنى يالغانچىغا چىقارغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ سېنى يالغانچى دېگەنلىكىنى، سېنىڭ ئۇلارغا قايغۇرۇپ ھەسرەت چەككەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن (يەنى ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن) قايغۇرۇپ ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋالمىغىن﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴾[2]، ﴿ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزەڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن﴾[3].

﴿**ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ئەمەلىيەتتە سېنى يالغانچىلىق قىلىدۇ، دەپ تۆھمەت قىلمايدۇ. ﴿**(لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ھەقىقەتكە تەرسالىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى مەيدىلىرىنى كېرىپ توسىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق زۆھرىنىڭ ئەبۇجەھل ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كېچىسى ئەبۇجەھل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان قۇرئانىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئوغرىلىقچە كەلدى. ئەبۇسۇفيان ۋە ئەخنەس ئىبنى شەرىقمۇ دەل شۇ كېچىسى قۇرئان

(1) تۇر سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
(2) فاتىر سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) شۇئەرا سۈرىسى 3 ـ ئايەت.

تىڭشاش ئۈچۈن ئوغرىلىقچە كەلگەن ئىدى. لېكىن بۇ ئۈچى بىر ـ بىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلار تاكى تاڭ ئاتقۇچە قۇرئان تىڭشىدى. تاڭ ئېتىپ، ئۆيلىرىگە قايتىش ئۈچۈن ماڭغاندا، يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە: سەن نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ ـ دېيىشتى ۋە ھەر بىرى كېلىش سەۋەبلىرىنى بايان قىلىشتى. ئاندىن ئۇلار: ئەگەر بىز بۇ يەرگە قايتا كەلسەك، بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى قۇرەيش ياشلىرىنىڭ بىلىپ قېلىپ، (بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىز سەۋەبى بىلەن ئۇلار) مۇھەممەدكە ئەگىشىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، قايتا كەلمەسلىككە ئۆزئارا ۋەدىلەشتى. ئىككىنچى كۈنى كېچىسى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى قىلىشقان ۋەدىگە ئاساسەن قالغان ئىككىسى كەلمەيدۇ دەپ گۇمان قىلىپ، يەنە كەلدى. تاڭ ئېتىپ، قايتىش يولىدا يەنە ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە كايىشتى. يەنە ئۇلار ئاۋالقى كۈندىكى ۋەدىسىنى قايتا قىلىشتى. ئۈچىنچى كۈنى كېچىدە ئۇلار يەنە كەلدى. تاڭ ئاتقاندا، ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئەمدى ھەرگىز كەلمەسلىككە ۋەدىلەشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەخلەس ئىبنى شەرىق ھاسىسىغا تايىنىپ ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ: ئى ئەبۇسۇفيان! سەن بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مۇھەممەدتىن ئاڭلىغان نەرسە ھەققىدە قانداق قارايدىغانلىقىڭ توغرىسىدا ماڭا سۆزلەپ بەرگىن! ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان: ئى ئەخنەس! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭدىن مەن بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى چۈشىنەلەيدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەرنى، شۇنداقلا مەن بىلەلمەيدىغان ۋە نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. ئەخنەس: مەندىمۇ سەن قەسەم ئىچىپ ئېيتقان ئەھۋال يۈز بەردى، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئەبۇسۇفيانىنىڭ قېشىدىن چىقىپ، ئەبۇجەھلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇجەھل! سەن ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مۇھەممەدتىن ئاڭلىغان نەرسىلىرىڭ ئۈستىدە قانداق قارايدىغانلىقىڭنى دەپ بەرسەڭ، ـ دېدى. ئەبۇجەھل: نېمىنى ئاڭلايتتىم. بىز ۋە ئابدۇمەناف جەمەتى ئۆزئارا ئابرۇي تالىشاتتۇق. ئۇلار كىشىلەرگە تائام بەرسە بىزمۇ بەردۇق. ئۇلار جەڭگە ئاتلانسا، بىزمۇ ئاتلاندۇق. ئۇلار كىشىلەرگە بىر نەرسە بەرسە بىزمۇ بەردۇق، ھەتتا بىز مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىمىزگە قارىمۇ قارشى يۈكنىپ ئولتۇرغىنىمىزدا، خۇددى گۆرەگە قويۇلغان ئىككى ئاتقا ئوخشاش بولاتتۇق. ئۇلار: بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ئاسماندىن ئۇنىڭغا ۋەھيي چۈشىدىغان بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ. بۇنى قاچانمۇ كۆرەرمىز؟ ـ دەيتتى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمايمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەخنەس ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

**﴿سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى﴾** بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەۋمى ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن تەسەللى، كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇشتۇر. ھەم ئۇنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىرادىلىك، كاتتا پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋرى قىلىشقا بۇيرۇغانلىقتۇر. شۇنداقلا ئۇلارغا ياردەم بەرگىنىدەك، ئۇنىڭغىمۇ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا، خۇددى ئۇلار ئۆز قەۋملىرى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ياخشى ئاقىۋەت بولغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا بېرىلگەن ۋەدىدۇر.

ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئاخىرەتتە ياردەم بېرىلىدىغىنىدەك، بۇ دۇنيادىمۇ ياردەم بېرىلگەن ئىدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**الله نىڭ سۆزلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ**﴾ يەنى الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە يېزىۋەتكەن سۆزىنى ھېچكىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

الله تائالا ياخشى بەندىلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر﴾[1]، ﴿الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[2].

﴿**شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ساڭا نازىل بولدى**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋمىدىكىلەرنىڭ ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قازانغانلىقى ۋە الله تائالا تەرىپىدىن قانداق ياردەمگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋىرى ساڭا يەتكۈزۈلدى. شۇڭا ئۇلار ساڭا بۇ ئىشلاردا ئۈلگە ۋە نەمۇنىدۇر.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ سەن دەۋەت قىلغان نەرسىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا، ﴿**ئۇنداقتا يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن)**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغان چىقىشقا شوتا تاپالىساڭ، ئاسمانغا چىقىپ، مەن ئۇلارغا بەرگەن مۆجىزىدىنمۇ كاتتا بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ، شۇنداق قىلغىن. قەتادە، سۇددى ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېدى.

﴿**ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەتكە بىرلەشتۈرەتتى، سەن ھەرگىز (الله نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدىغانلاردىن بولمىغىن**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى﴾[3].

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەتكە بىرلەشتۈرەتتى**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ)، ھىدايەت يولىدا مېڭىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇنىڭغا پەقەت لەۋھۇلمەھپۇزدا ئىمان ئېيتىدۇ دەپ، الله تائالا تەرىپىدىن يېزىلىپ كەتكەنلەردىن باشقىسىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

(1) ساففات سۈرىسى 171 ــ 173 ـ ئايەتكىچە.
(2) مۇجادەلە سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿(سۆزۈڭگە) ھەقىقىي قۇلاق سالىدىغانلار (سېنىڭ دەۋىتىڭنى) قوبۇل قىلىدۇ﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! پەقەت سېنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالغان، ئۇنى بىلىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان كىشىلەرلا سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز ـ نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر﴾[1].

**﴿(سۆزۈڭگە قۇلاق سالمىغانلار ئۆلۈكلەرنىڭ ئورنىدا)، ئۆلۈكلەرنى الله تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ﴾** يەنى بۇ ئۆلۈكلەردىن كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەمەلىيەتتە تىرىك بولسىمۇ، دىللىرى ئۆلۈك كىشىلەردۇر. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنى ھەقىقىي ئۆلۈككە ئوخشاتتى. الله تائالانىڭ: **﴿ئۆلۈكلەرنى الله تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇلار الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ﴾** دېگەن سۆزى ئۇلارنى مازاق قىلىش ۋە كەمسىتىش يۈزىسىدىن دېيىلگەن سۆزدۇر.

* * * * * * *

وَقَالُواْ لَوۡلَا نُزِّلَ عَلَيۡهِ ءَايَةٞ مِّن رَّبِّهِۦۚ قُلۡ إِنَّ ٱللَّهَ قَادِرٌ عَلَىٰٓ أَن يُنَزِّلَ ءَايَةٗ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ
﴿٣٧﴾ وَمَا مِن دَآبَّةٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا طَٰٓئِرٖ يَطِيرُ بِجَنَاحَيۡهِ إِلَّآ أُمَمٌ أَمۡثَالُكُمۚ مَّا فَرَّطۡنَا فِي ٱلۡكِتَٰبِ مِن شَيۡءٖۚ
ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِمۡ يُحۡشَرُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا صُمّٞ وَبُكۡمٞ فِي ٱلظُّلُمَٰتِۗ مَن يَشَإِ ٱللَّهُ يُضۡلِلۡهُ
وَمَن يَشَأۡ يَجۡعَلۡهُ عَلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٣٩﴾

ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى): «نېمىشقا مۇھەممەدكە پەرۋەردىگارىدىن بىر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ، ئېيتقىنكى، «الله مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ھەقىقەتەن قادىر». لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (مۆجىزە نازىل بولۇپ ئىمان ئېيتمىسا بالاغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ﴿37﴾. مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى الله تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (الله ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)﴿38﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار گاسلاردۇر (يەنى قوبۇل قىلىش يۈزىسىدىن ئاڭلىمايدۇ)، گاچىلاردۇر (يەنى ھەقنى سۆزلىمەيدۇ). ئۇلار (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە قالغانلاردۇر، الله خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا سالىدۇ﴿39﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى

الله تائالا: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ

(1) ياسىن سۈرىسى 70 ـ ئايەت.

چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن، ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ **الله** نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن. ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن، ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن، تاكى (**الله** تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز»﴾[1] دېگەن ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغىنىدەك، مۇشرىكلارنىڭ: نېمە ئۈچۈن مۇھەممەدكە پەرۋەردىگارىدىن بىز تەلەپ قىلغاندەك بىرەر مۆجىزە چۈشمەيدىغاندۇ؟ - دەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

﴿**ئېيتقىنكى، «الله مۆجىزە چۈشۈرۈشكە ھەقىقەتەن قادىر». لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (مۆجىزە نازىل بولۇپ ئىمان ئېيتمىسا بالاغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا شۇنداق قىلىشقا قادىردۇر. لېكىن **الله** تائالانىڭ ھېكمىتى شۇ مۆجىزىنى كېچىكتۈرۈپ چۈشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى ئەگەر **الله** تائالا ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك مۆجىزىنى چۈشۈرسە، ئۇلار بۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىسا، **الله** تائالا ئۇلارنىمۇ چوقۇم بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنى جازالىغاندەك جازالاشقا ئالدىرىغان بولاتتى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر، بىز سەمۇدقا چىشى تۆگىنى روشەن (مۆجىزە) قىلىپ بەردۇق، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى. بىز مۆجىزىلەرنى پەقەت (بەندىلەرنى) قورقۇتۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىمىز﴾[2]، ﴿ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتىشىنى) خالايدىغان بولساق، ئۇلارغا ئاسماندىن (ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلايدىغان) بىر ئايەتنى (ئالامەتنى) نازىل قىلاتتۇقتە، ئۇنىڭغا ئۇلار باش ئەگكەن بولاتتى﴾[3].

## "ئۈممەتلەر" دېگەن سۆزنىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن. مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى الله تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر)**﴾ مۇجاھىد مۇنداق دېدى: يەنى ئۆزىنىڭ ناملىرى بىلەن تونۇلىدىغان تۈرلۈك جانىۋارلاردۇر. قەتادە مۇنداق دېدى: قۇشلار بىر ئۈممەت، ئىنسانلار بىر ئۈممەت ۋە جىنلار بىر ئۈممەت ھېسابلىنىدۇ. سۇددى: ﴿**ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقاتلاردۇر دېگەنلىك بولىدۇ، - دېدى.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 90 — 93 - ئايەتكىچە.
(2) ئىسرا سۈرىسى 59 - ئايەت.
(3) شۇئەرا سۈرىسى 4 - ئايەت.

﴿**لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)**﴾ يەنى ھەممىسى اللە تائالانىڭ ئىلمى دائىرىسىدىدۇر. مەيلى قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىزدىكى نەرسىلەر بولسۇن، اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرىگىمۇ رىزىق بېرىشنى ياكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى اللە (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، اللە ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ۋە (ئۆلگەندىن كېيىن) كۆمۈلىدىغان جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابقا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزغا) يېزىلغاندۇر﴾[1] يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىملىرى، سانلىرى، ياشايدىغان جايلىرى، ھەرىكەتلىرى ۋە تۇرىدىغان ماكانلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغاندۇر. ﴿نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ (يەنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشتىن ئاجىزدۇر)، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى اللە رىزىقلاندۇرىدۇ، اللە (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

﴿**كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (اللە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)**﴾ ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتىن ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى (ئۇلارنى تىرىلدۈرىدىغان كۈن) كۆزدە تۇتۇلىدۇ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

ئابدۇررازاق ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ﴿**مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن. مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى اللە تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (اللە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پۈتۈن مەخلۇقاتلار مەيلى ئۇلار تۇياقلىق ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى قىيامەت كۈنى اللە تائالانىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ. ئۇلار شۇ كۈنى اللە تائالانىڭ ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىغا ئېرىشىپ، مۈڭگۈزسىز ھايۋانلارغا مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلاردىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاندىن اللە تائالا ئۇلارغا: تۇپراققا ئايلىنىڭلار، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا كاپىرلار: ﴿«كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!» دەيدۇ﴾[3].



## كاپىرلارنىڭ زۇلمەت ئىچىدىكى گاس ـ گاچىلار ئىكەنلىكى

﴿**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار گاسلاردۇر (يەنى قوبۇل قىلىش يۈزىسىدىن**

(1) ھۇد سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 60 ـ ئايەت.
(3) نەبە سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئاڭلىمايدۇ)، گاچىلاردۇر (يەنى ھەقنى سۆزلىمەيدۇ). ئۇلار (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە قالغانلاردۇر﴾** يەنى كاپىرلارنىڭ نادانلىق، قارا قورساقلىق ۋە بىر نەرسىنى چۈشەنمەسلىكلىرى خۇددى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئىچىدە قالغان گاس ـ گاچا كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ كىشى مۇشۇنداق ھالىتىدە تۇرۇپ قانداقمۇ چىقىش يولى تاپالىسۇن؟! ياكى شۇ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدىن قانداقمۇ چىقىپ كېتەلىسۇن؟!

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، **الله** ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرىۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپىدىكى ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى. ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ﴾[1]، ﴿ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇقات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، **الله** نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى **الله** ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ)﴾[2].

**﴿الله خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا سالىدۇ﴾** يەنى **الله** تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىشلىرىدا خالىغانىنى قىلىدۇ.

* * * * * * *

قُلۡ أَرَءَيۡتَكُمۡ إِنۡ أَتَىٰكُمۡ عَذَابُ ٱللَّهِ أَوۡ أَتَتۡكُمُ ٱلسَّاعَةُ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ تَدۡعُونَ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٤٠﴾
بَلۡ إِيَّاهُ تَدۡعُونَ فَيَكۡشِفُ مَا تَدۡعُونَ إِلَيۡهِ إِن شَآءَ وَتَنسَوۡنَ مَا تُشۡرِكُونَ ﴿٤١﴾ وَلَقَدۡ أَرۡسَلۡنَآ إِلَىٰٓ أُمَمٖ
مِّن قَبۡلِكَ فَأَخَذۡنَٰهُم بِٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ لَعَلَّهُمۡ يَتَضَرَّعُونَ ﴿٤٢﴾ فَلَوۡلَآ إِذۡ جَآءَهُم بَأۡسُنَا تَضَرَّعُواْ وَلَٰكِن
قَسَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَزَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿٤٣﴾ فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِۦ
فَتَحۡنَا عَلَيۡهِمۡ أَبۡوَٰبَ كُلِّ شَيۡءٍ حَتَّىٰٓ إِذَا فَرِحُواْ بِمَآ أُوتُوٓاْ أَخَذۡنَٰهُم بَغۡتَةٗ فَإِذَا هُم مُّبۡلِسُونَ ﴿٤٤﴾
فَقُطِعَ دَابِرُ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ وَٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٥﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار ئېيتىپ بېقىڭلار، ئەگەر سىلەرگە **الله** نىڭ ئازابى ياكى قىيامەت كەلسە، **الله** دىن غەيرىيگە ئىلتىجا قىلامسىلەر؟﴿40﴾ ئۇنداق ئەمەس، سىلەر پەقەت **الله** غا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئەگەر **الله** خالىسا، سىلەر **الله** نىڭ كۆتۈرۈۋېتىشىنى ئىلتىجا قىلغان بالانى **الله** كۆتۈرۈۋېتىدۇ، سىلەر **الله** نىڭ شېرىكلىرى قىلىۋالغان بۇتلارنى ئۇنتۇيسىلەر (يەنى بۇتلارغا ئىلتىجا قىلمايسىلەر)»﴿41﴾. شەك ـ

(1) بەقەرە سۈرىسى 17 ــ 18 ـ ئايەتلەر.
(2) نۇر سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

شۇبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە (نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتۇق (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). ئۇلارنى اللّٰه غا (تەۋبە قىلىپ) يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق ـ سىلاق بىلەن جازالىدۇق﴿42﴾. ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا نېمىشقا يېلىنمىدى؟ لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قەساۋەتلەشتى (ئىمانغا يۇمشىمىدى)، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى﴿43﴾. ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى﴿44﴾. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇ سانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا خاستۇر!﴿45﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئازابنى كۆرگەندە، ھېچ شېرىكى يوق اللّٰه تائالاغىلا ئىلتىجا قىلىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى پاكىت بولىدىغانلىقى

اللّٰه تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلىدىغانلىقىدىن، مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە خالىغانچە ھۆكۈم يۈرگۈزۈدىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ھېچكىمنىڭ قارشى تۇرالمايدىغانلىقىدىن ۋە اللّٰه تائالانىڭ ھۆكمىنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈلىشىنى ھېچكىمنىڭ توساپ قالالمايدىغانلىقىدىن، بەلكى ئۇ خالىغان كىشىنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىدىغان، شېرىكى يوق، بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار ئېيتىپ بېقىڭلار، ئەگەر سىلەرگە اللّٰه نىڭ ئازابى ياكى قىيامەت كەلسە، اللّٰه دىن غەيرىيگە ئىلتىجا قىلامسىلەر؟﴾** يەنى سىلەرگە كېلىدىغان ئازابنى ياكى قىيامەتتە كېلىدىغان ئازابنى اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچقانداق بىرىنىڭ كۆتۈرۈۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن، اللّٰه تائالادىن باشقىسىغا ئەلۋەتتە ئىلتىجا قىلمايسىلەر.

**﴿ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار ئېيتىپ بېقىڭلار﴾** يەنى سىلەرنىڭ اللّٰه تائالاغا باشقا ئىلاھلارنى شېرىك قىلىشىڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئېيتىپ بېقىڭلار.

**﴿ئۇنداق ئەمەس، سىلەر پەقەت اللّٰه غا ئىلتىجا قىلىسىلەر، ئەگەر اللّٰه خالىسا، سىلەر اللّٰه نىڭ كۆتۈرۈۋېتىشىنى ئىلتىجا قىلغان بالانى اللّٰه كۆتۈرۈۋېتىدۇ، سىلەر اللّٰه نىڭ شېرىكلىرى قىلىۋالغان بۇتلارنى ئۇنتۇيسىلەر (يەنى بۇتلارغا ئىلتىجا قىلمايسىلەر)»﴾** يەنى سىلەر مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋال ئاستىدا اللّٰه تائالادىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايسىلەر. بۇتلىرىڭلار ۋە سىلەر اللّٰه تائالانىڭ شېرىكى دەپ قارىغان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى سىلەردىن يوقاپ كېتىدۇ.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت اللّٰه لا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا اللّٰه دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)، اللّٰه سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋالقى ھالىتىڭلارغا

قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى الله نىڭ نېئمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر)﴾[1].

﴿**شەك - شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە (نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتۇق (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). ئۇلارنى الله غا (تەۋبە قىلىپ) يېلىنسۇن دەپ نامراتلىق ۋە ئاغرىق - سىلاق بىلەن جازالىدۇق. ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا نېمىشقا يېلىنمىدى؟**﴾ يەنى بىز ئۇلارنى شۇنىڭ بىلەن سىنىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇلار نېمىشقا بىزگە يېلىنمىدى.

﴿**لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرى قەساۋەتلەشتى (ئىمانغا يۇمشىمىدى)، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى**﴾ يەنى شەيتان ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈش، تەرسالىق قىلىش ۋە ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىبارەت، قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتتى.

﴿**ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا**﴾ يەنى ئۇ نەسىھەتنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تاشلىۋەتكەن چاغدا، ﴿**ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق**﴾ يەنى ئۇلارغا ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان رىزىقلارنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق. بۇ الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئاستا - ئاستا گۇناھقا پېتىشىغا مۆھلەت بېرىشىدۇر. بىز الله تائالادىن مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز.

﴿**ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن مال - مۈلۈك، بالا - چاقا ۋە باشقا ھەر خىل نېئمەتلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ تۇرغاندا، ﴿**(ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى**﴾ يەنى ئۇلار بارلىق ياخشىلىقلاردىن نائۈمىد قالدى.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دېدى: الله تائالا قايسى بىر كىشىگە ئۇنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىپ بەرسە، ئۇ كىشى: بۇ الله تائالانىڭ ماڭا قىلغان ئىمتىھانىدۇر دەپ قارىمىسا، ئۇ كەم ئەقىل كىشىدۇر. الله تائالا كىمنىڭ رىزقىنى تار قىلسا، ئۇ كىشى: بۇ الله تائالانىڭ ماڭا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر دەپ قارىمىسا، بۇ كىشىمۇ ئوخشاشلا كەم ئەقىل كىشىدۇر دەپ، - ئاندىن: ﴿**ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: كەبىنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئاستا - ئاستا گۇناھقا پېتىشىدۇر. ئاۋال ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرى راۋا قىلىنىدۇ، ئاندىن تۇيۇقسىز جازالىنىدۇ، - دېدى. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

قُلْ أَرَءَيْتُمْ إِنْ أَخَذَ ٱللَّهُ سَمْعَكُمْ وَأَبْصَـٰرَكُمْ وَخَتَمَ عَلَىٰ قُلُوبِكُم مَّنْ إِلَـٰهٌ غَيْرُ ٱللَّهِ يَأْتِيكُم بِهِ ۗ ٱنظُرْ
كَيْفَ نُصَرِّفُ ٱلْـَٔايَـٰتِ ثُمَّ هُمْ يَصْدِفُونَ ﴿٤٦﴾ قُلْ أَرَءَيْتَكُمْ إِنْ أَتَىٰكُمْ عَذَابُ ٱللَّهِ بَغْتَةً أَوْ

(1) ئىسرا سۈرىسى 67 - ئايەت.

جَهۡرَةً هَلۡ يُهۡلَكُ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿٤٧﴾ وَمَا نُرۡسِلُ ٱلۡمُرۡسَلِينَ إِلَّا مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَۖ فَمَنۡ
ءَامَنَ وَأَصۡلَحَ فَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿٤٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا يَمَسُّهُمُ ٱلۡعَذَابُ بِمَا
كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿٤٩﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر **الله** سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا، دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (يەنى سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)، ئۇلارنى **الله** دىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟» قارىغىنكى، بىز (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلغانمىز، ئەمما ئۇلار (شۇ ئايەتلەردىن) يۈز ئۆرۈيدۇ (يەنى ئىمان ئېيتمايدۇ)﴿46﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە **الله** نىڭ ئازابى ئۇشتۇمتۇت ياكى ئاشكارا كەلسە، زالىم قەۋمدىن باشقا يەنە كىملەر ھالاك قىلىنىدۇ؟»﴿47﴾. بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز، ئىمان ئېيتقان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزىگەن كىشىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر﴿48﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار، (**الله** غا) ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن، ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿49﴾.

**الله** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! سەن ئىنكار قىلغۇچى ۋە تەرسالىق قىلغۇچىلارغا تۆۋەندىكىدەك دېگىن!ـ دەپ بۇيرۇدى.

**﴿ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر الله سىلەرنىڭ قۇلىقىڭلارنى گاس، كۆزۈڭلارنى كور قىلىپ قويسا﴾** يەنى **الله** ئۇنى سىلەرگە بۇرۇن بەرگەندەك، ئۇنى سىلەردىن تارتىۋالسا. **الله** تائالا مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ بەرگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «**الله** سىلەرنى ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن قۇلاقنى، كۆزلەرنى، دىللارنى ياراتتى، سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر»﴾[1].

بۇ ئايەت ئارقىلىق يۇقىرىقى ئايەتتىن (قۇلاقلىرىنى گاس، كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتكەنلىكىدىن) شۇ ئەزالاردىن **الله** تائالانى تونۇشتا پايدىلىنالمايدىغان قىلىپ قويغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشمۇ ئېھتىماللىققا يېقىندۇر. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿دىللىرىڭلارنى پېچەتلىۋەتسە (يەنى سىلەرنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويسا)﴾** **الله** تائالا ئىنسانلاردىكى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟﴾[2]، ﴿بىلىڭلاركى، **الله** كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)﴾[3].

**﴿ئۇلارنى الله دىن باشقا يەنە قايسى ئىلاھ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ؟»﴾** يەنى **الله** تائالادىن

(1) مۇلك سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنفال سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باشقا بىرەرسى شۇلاردىن بىرىنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىشكە قادىرمۇ؟ الله تائالا ئۇلارنى سىلەردىن تارتىۋالسا، ئۇنى الله تائالادىن باشقا ھېچبىرى قايتۇرۇپ كېلىشكە قادىر ئەمەس.

﴿قارىغىنىكى، بىز (قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئايەتلىرىمىزنى قانداق بايان قىلغانمىز﴾ يەنى الله تائالادىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالانى تاشلاپ قويۇپ ئىبادەت قىلغان گۇمراھلىقتا باشلىغۇچى، يالغان ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئايەتلىرىمىزنى قانداق ئوچۇق بايان قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن.

﴿ئەمما ئۇلار (شۇ ئايەتلەردىن) يۈز ئۆرۈيدۇ (يەنى ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾ يەنى شۇنداق ئوچۇق بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار ھەقتىن يۈز ئۆرۈپ، كىشىلەرنى ھەقكە ئەگىشىشتىن توسىدۇ.

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ ئازابى ئۇشتۇمتۇت﴾ يەنى سىلەر الله تائالانىڭ ئازابىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمىگەن چېغىڭلاردا، ئۇ ئازاب تۇيۇقسىز كەلسە، ﴿ياكى ئاشكارا كەلسە، زالىم قەۋمدىن باشقا يەنە كىملەر ھالاك قىلىنىدۇ؟»﴾ يەنى ئۇ ئازاب پەقەتلا الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغان كىشىلەرگىلا كېلىدۇ. شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلغان كىشىلەر بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلارغا كەلگۈسىدىن غەم قىلىش، ئۆتكەنگە قايغۇرۇش يوقتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر﴾[1].

﴿بىز پەيغەمبەرلەرنى پەقەت (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز﴾ يەنى الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە مۇكاپاتلار بىلەن خۇش بېشارەت بەرگۈچى ۋە الله تائالاغا كاپىر بولغان كىشىلەرنى الله تائالانىڭ غەزەپلىرى ۋە ئازابلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىمىز.

﴿ئىمان ئېيتقان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزىگەن كىشىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر﴾ يەنى ئۇلار كېلەچەكتىن غەم قىلمايدۇ، تاشلاپ كەلگەن دۇنيالىق ئىشلىرىغا قايغۇرمايدۇ. چۈنكى الله تائالا ئۇلار قالدۇرۇپ قويغان نەرسىگە ئىگە بولغۇچىدۇر. ئۇلارنىڭ تاشلاپ قويغان نەرسىسىنى ساقلىغۇچىدۇر.

﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار، (الله غا) ئىتائەتسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن، ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە كاپىر بولغانلىقى، الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشتىن چىقىپ كەتكەنلىكى، الله تائالا توسقان ھارام ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە الله تائالا ھۆرمىتىنى ساقلاشقا بۇيرۇغان نەرسىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب يېتىدۇ.

* * * * * *

(1) ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قُل لَّآ أَقُولُ لَكُمْ عِندِى خَزَآئِنُ ٱللَّهِ وَلَآ أَعْلَمُ ٱلْغَيْبَ وَلَآ أَقُولُ لَكُمْ إِنِّى مَلَكٌ ۖ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا
يُوحَىٰٓ إِلَىَّ ۚ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلْأَعْمَىٰ وَٱلْبَصِيرُ ۚ أَفَلَا تَتَفَكَّرُونَ ﴿٥٠﴾ وَأَنذِرْ بِهِ ٱلَّذِينَ يَخَافُونَ أَن
يُحْشَرُوٓا۟ إِلَىٰ رَبِّهِمْ ۙ لَيْسَ لَهُم مِّن دُونِهِۦ وَلِىٌّ وَلَا شَفِيعٌ لَّعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿٥١﴾ وَلَا تَطْرُدِ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ
رَبَّهُم بِٱلْغَدَوٰةِ وَٱلْعَشِىِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُۥ ۖ مَا عَلَيْكَ مِنْ حِسَابِهِم مِّن شَىْءٍ وَمَا مِنْ حِسَابِكَ
عَلَيْهِم مِّن شَىْءٍ فَتَطْرُدَهُمْ فَتَكُونَ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٢﴾ وَكَذَٰلِكَ فَتَنَّا بَعْضَهُم بِبَعْضٍ
لِّيَقُولُوٓا۟ أَهَٰٓؤُلَآءِ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مِّنۢ بَيْنِنَآ ۗ أَلَيْسَ ٱللَّهُ بِأَعْلَمَ بِٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٥٣﴾ وَإِذَا جَآءَكَ
ٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِـَٔايَٰتِنَا فَقُلْ سَلَٰمٌ عَلَيْكُمْ ۖ كَتَبَ رَبُّكُمْ عَلَىٰ نَفْسِهِ ٱلرَّحْمَةَ ۖ أَنَّهُۥ مَنْ
عَمِلَ مِنكُمْ سُوٓءًۢا بِجَهَٰلَةٍ ثُمَّ تَابَ مِنۢ بَعْدِهِۦ وَأَصْلَحَ فَأَنَّهُۥ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٥٤﴾

(ئى مۇھەممەد! سەندىن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى تەلەپ قىلغۇچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە، مەندە الله نىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن، مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن، سىلەرگە، مەن بولسام ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە، دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھىيگىلا ئەمەل قىلىمەن». ئېيتقىنكى، «كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەرمۇ؟ (يەنى كاپىر بىلەن مۆمىن باراۋەرمۇ؟) ئويلاپ باقمامسىلەر؟»﴿50﴾. پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن قورقىدىغانلارنىڭ (كۇفرىدىن، گۇناھتىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇلارغا الله دىن غەيرى دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى يوقتۇر﴿51﴾. الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن﴿52﴾. ئۇلارنىڭ: «الله ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي ـ چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق). الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى الله ھىدايەت قىلىدۇ)﴿53﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى، سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە، الله ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ» دېگىن﴿54﴾.



## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ خەزىنىلىرىگە ئىگە ئەمەسلىكى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۇھەممەد! سەندىن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى تەلەپ قىلغۇچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «مەن سىلەرگە، مەندە الله نىڭ خەزىنىلىرى بار، دېمەيمەن﴾** يەنى مەن الله تائالانىڭ خەزىنىلىرىگە ئىگە بولالمايمەن ھەم ئۇنى ئۆزۈم خالىغانچە ئىشلىتەلمەيمەن.

﴿**مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن**﴾ يەنى مەن سىلەرگە مەن غەيبنى بىلىمەن، ـ دېمەيمەن. غەيبنى بىلىش پەقەت اللّٰه تائالاغىلا خاستۇر. مەن غەيبتىن پەقەت اللّٰه تائالا ماڭا بىلدۈرگەننىلا بىلىمەن.

﴿**سىلەرگە، مەن بولسام ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە، دەپمۇ ئېيتمايمەن**﴾ يەنى مەن ئۆزەمنى پەرىشتە دەپ دەۋامۇ قىلمايمەن. مەن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن بولغان بىر ئىنساندۇرمەن. اللّٰه تائالا تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيي قىلىندى. اللّٰه تائالا مېنى شۇ ۋەھيي بىلەن ئۇلۇغلىدى ۋە شۇ ۋەھيي ئارقىلىق نېئمەت ئاتا قىلدى.

﴿**مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن»**﴾ يەنى مەن ۋەھيىدىن قىلچىلىكمۇ چىقىپ كەتمەيمەن.

﴿**ئېيتقىنكى، «كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەرمۇ؟ (يەنى كاپىر بىلەن مۆمىن باراۋەرمۇ؟)**﴾ يەنى ھەقىقەتكە ئەگەشكەن ۋە توغرا يولغا ھىدايەت قىلىنغان كىشى بىلەن ھەقتىن ئېزىپ كەتكەن ۋە توغرا يولغا ھىدايەت قىلىنمىغان كىشى باراۋەرمۇ؟ ﴿**ئويلاپ باقمامسىلەر؟»**﴾.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم (ھەقنى كۆرمەيدىغان دىلى) كور ئادەم بىلەن ئوخشاش بولامدۇ؟ (اللّٰه نىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ﴾[1].

﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن قورقىدىغانلارنىڭ (كۇفرىدىن، گۇناھتىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! مۇشۇ قۇرئان بىلەن تۆۋەندىكى سۈپەتكە ئىگە كىشىلەرنى قورقۇتقىن! ئۇلار: ﴿ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققۇچى كىشىلەر﴾[2]، ﴿اللّٰه دىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ﴾[3] دېيىلگەن كىشىلەردۇر.

﴿**ئۇلارغا اللّٰه دىن غەيرى دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى يوقتۇر**﴾ يەنى قىيامەت كۈنىدە اللّٰه تائالا ئۇلارنى ئازابلىماقچى بولسا، اللّٰه تائالانىڭ ئازابىدىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان بىر يېقىن ئادىمى ياكى شاپائەتچىسى يوقتۇر.

﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن قورقىدىغانلارنىڭ (كۇفرىدىن، گۇناھتىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن**﴾ يەنى سەن ئۇلارنى پۈتۈن ھۆكۈمرانلىق اللّٰه تائالانىڭ ئىلكىدىلا بولىدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقۇتقىن. شۇڭا ئۇلار اللّٰه تائالا قىيامەت كۈنى شۇ ئەمەللىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئازابتىن ساقلاپ قالىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئەجىر ـ ساۋاب بېرىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى (مۇشۇ دۇنيادا) قىلسۇن.

(1) رەئد سۈرىسى 19 ـ ئايەت.
(2) مۆئمىنۇن سۈرىسى 57 ـ ئايەت.
(3) رەئد سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئاجىز ساھابىلەرنى قوغلىۋېتىشتىن توسۇلغانلىقى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى

**﴿الله نىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن﴾** يەنى مۇشۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشىلەرنى ئۆزەڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتمىگىن. بەلكى سەن ئۇلارنى ئۆزەڭنىڭ سۆھبەتدىشى، يېقىنلىرى قىلىۋالغىن، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن﴾[1].

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، مۇجاھىد، ھەسەن ۋە قەتادە قاتارلىقلار يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (ئۇلارنىڭ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىدىن) ئۇلارنىڭ نامازلارنى ئوقۇيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەيدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى بىلەن الله تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىدە الله تائالاغا ئىخلاسمەن كىشىلەردۇر.

**﴿ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن)﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: ﴿ساڭا تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەر ئەگەشكەن تۇرسا، ساڭا بىز ئىمان ئېيتامدۇق؟»﴾[2] دېگەندە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جاۋابىنى بايان قىلىپ كەلگەن مۇنۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿نۇھ ئېيتتى: «مەن ئۇلارنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى ئۇقمايمەن. ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشنى پەقەت پەرۋەردىگارىم ئۈستىگە ئالغان﴾[3] يەنى ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش پەقەت الله تائالانىڭ ئىشىدۇر. خۇددى مېنىڭ ھېسابىمدىن ئۇلارغا ھېچقانداق مەسئۇلىيەت ئارتىلمىغاندەك، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىنمۇ ماڭا ھېچبىر مەسئۇلىيەت ئارتىلمايدۇ.

**﴿ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن﴾** يەنى مۇبادا سەن ئۇلارنى ئۆزەڭدىن يىراق قىلساڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن.

**﴿ئۇلارنىڭ: «الله ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟» دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي ـ چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق)﴾** پەيغەمبەر

(1) كەھف سۈرىسى 28 ـ ئايەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) شۇئەرا سۈرىسى 112 ـــ 113 ئايەتكىچە.

ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن باشلاپلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاجىز ئەر ـ ئاياللار، قۇللار ۋە دېدەكلەر بولۇپ، مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا ئەگەشكەن ئىدى.

پەيغەمبەرلەرگە ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئەگىشىدىغانلىقىنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتتىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: ﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن، بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن﴾[1].

بۇ ئەھۋالنى رۇمنىڭ پادىشاھى ھىرەقلنىڭ ئەبۇسۇفياندىن سورىغان سوئاللىرىنىڭ بەزىلىرىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ ئەبۇ سۇفياندىن مۇنداق دەپ سورىدى: مۇھەممەدكە كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىكلىرى ئەگىشەمدۇ ياكى ئاجىزلىرىمۇ؟ ئەبۇسۇفيان: ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىرى ئەگىشىدۇ، ـ دېدى. ھىرەقل: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئاجىز كىشىلەردىن بولىدۇ، ـ دېدى.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەقسىتى مۇنداق: قۇرەيشنىڭ مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان ئاجىز كىشىلەرنى مەسخىرە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۈچى يەتكەنلەرنى ئازابلايتتى ۋە: ئەگەر ئۇ كىشىلەر قوبۇل قىلغان دىنىدا بىر ياخشىلىق بولسا، الله تائالا بىزنى تاشلاپ قويۇپ، ئاشۇ ئاجىز كىشىلەرنى شۇ ياخشىلىققا باشلامدۇ؟ ـ دېيىشەتتى دېگەنلىكتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئېشەنمىگەن بولاتتى» دېدى﴾[2]، ﴿ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئىككى گۇرۇھتىن قايسىسىنىڭ ئورنى ياخشى، سورۇنى گۈزەل؟» دېدى﴾[3] الله تائالا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلاردىن بۇرۇن (بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، بۇلار مەيلى مال ـ مۈلۈك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلاردىن ئارتۇق ئىدى﴾[4].

الله تائالا كاپىرلارنىڭ: **﴿الله ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟﴾** دېگەن سۆزىگە جاۋابەن مۇنداق دېدى: **﴿الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى الله ھىدايەت قىلىدۇ)﴾**.

الله تائالا يەنە ئۆزىگە ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرى، ئىش ـ ھەرىكەت ئەمەللىرى ۋە دىللىرى بىلەن شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئۇتۇق ئاتا قىلىپ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن گۇمراھلىقتىن ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ۋە تۈپتۈز يولغا باشلايدۇ.

(1) ھۇد سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەھقاف سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مەريەم سۈرىسى 73 ـ ئايەت.
(4) مەريەم سۈرىسى 74 ـ ئايەت.

الله تائالا شۈكۈر ئېيتىپ، (الله تائالاغا) يۈزلەنگەن كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن الله تائالا سىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىڭلارغا، رەڭگى - روھىڭلارغا قارىمايدۇ. بەلكى سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ».

**﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقانلار يېنىڭغا كەلگەن چاغدا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن﴾** يەنى سەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ سالىمىنى قايتۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلغىن. ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا رەھمىتى بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن.

**﴿پەرۋەردىگارىڭلار (بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن) ئۆز ئۈستىگە ئالدى﴾** يەنى پەرۋەردىگارىڭلار مەرھەمەت، ياخشىلىق ۋە نېئمەت ئاتا قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرگە رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

**﴿سىلەردىن كىمكى بىلمەستىن بىرەر يامانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا ۋە (ئەمەلىنى) تۈزىسە﴾** يەنى ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ نادانلىق بىلەن قىلىپ سالغان يامان ئىشلىرىدىن يانسا، ئۇ يامان ئىشنى قايتا قىلماسلىققا ئىرادە باغلىسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى تۈزەتسە، **﴿الله ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە رەھىم قىلىدۇ» دېگىن﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا يارىتىشنى تاماملاپ بولۇپ، ئەرشنىڭ ئۈستىدە (يېنىدىكى) كىتابقا: "ھەقىقەتەن رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۈستۈن كەلدى" دەپ يازدى».

* * * * * * *

﴿وَكَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلْـَٔايَٰتِ وَلِتَسْتَبِينَ سَبِيلُ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٥٥﴾ قُلْ إِنِّى نُهِيتُ أَنْ أَعْبُدَ ٱلَّذِينَ
تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ ۚ قُل لَّآ أَتَّبِعُ أَهْوَآءَكُمْ ۙ قَدْ ضَلَلْتُ إِذًا وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلْمُهْتَدِينَ ﴿٥٦﴾ قُلْ
إِنِّى عَلَىٰ بَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّى وَكَذَّبْتُم بِهِۦ ۚ مَا عِندِى مَا تَسْتَعْجِلُونَ بِهِۦٓ ۚ إِنِ ٱلْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ ۖ
يَقُصُّ ٱلْحَقَّ ۖ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْفَٰصِلِينَ ﴿٥٧﴾ قُل لَّوْ أَنَّ عِندِى مَا تَسْتَعْجِلُونَ بِهِۦ لَقُضِىَ ٱلْأَمْرُ بَيْنِى
وَبَيْنَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ أَعْلَمُ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٥٨﴾ ۞ وَعِندَهُۥ مَفَاتِحُ ٱلْغَيْبِ لَا يَعْلَمُهَآ إِلَّا هُوَ ۚ
وَيَعْلَمُ مَا فِى ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ ۚ وَمَا تَسْقُطُ مِن وَرَقَةٍ إِلَّا يَعْلَمُهَا وَلَا حَبَّةٍ فِى ظُلُمَٰتِ ٱلْأَرْضِ وَلَا
رَطْبٍ وَلَا يَابِسٍ إِلَّا فِى كِتَٰبٍ مُّبِينٍ ﴿٥٩﴾﴾

(بۇ سۈرىدە مۇشرىكلارنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بايان قىلغىنىمىزدەك) گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز﴿55﴾. (ئى

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 69 - ئايەت.

مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر **الله** نى قايرىپ قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن مەن ھەقىقەتەن مەنئى قىلىندىم». ئېيتقىنكى، مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئەگەشمەيمەن، بولمىسا مەن ئازغان بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن»﴿56﴾. ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان روشەن دەلىلگە (يەنى قۇرئانغا ۋە ۋەھىگە) ئاساسلىنىمەن، ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدىڭلار، سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدا ئەمەس، بارچە ھۆكۈم **الله** غا خاس، **الله** ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، **الله** ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىدۇر»﴿57﴾. ئېيتقىنكى، «سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئۇ چاغدا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش چوقۇم ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان بولاتتى (يەنى سىلەردىن ئارام تېپىش ئۈچۈن، سىلەرنى ھالاك قىلغان بولاتتىم)». **الله** زالىملارنى ئوبدان بىلىدۇ﴿58﴾. غەيبنىڭ خەزىنىلىرى **الله** نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا **الله** بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى **الله** بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن **الله** بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (**الله** غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴿59﴾.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ ئوچۇق پاكىتقا ئىگە ئىكەنلىكى، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنىڭ پەقەت الله تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكى

**الله** تائالا يۇقىرىدا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئورۇنسىز دە ـ تالاش قىلىشنى، تەرسالىقنى ئەيىبلەيدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ يەردە گۇناھلارنىڭ يولىنىڭ روشەن بولۇشى ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز،ـ دەپ مۇنداق دېدى: ﴿**گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى روشەن بايان قىلىمىز**﴾ يەنى پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق كۆرسەتكەن گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن دەپ، كىشىلەرگە روشەنلەشتۈرۈلىشى زۆرۈر بولغان ئايەتلەرنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىمىز.

﴿**ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن نازىل بولغان روشەن دەلىلگە (يەنى قۇرئانغا ۋە ۋەھىگە) ئاساسلىنىمەن**﴾ يەنى **الله** تائالا ماڭا ۋەھيي قىلغان ئوچۇق شەرىئەتكە ئاساسلىنىمەن.

﴿**ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدىڭلار**﴾ يەنى سىلەر **الله** تائالا تەرىپىدىن ماڭا كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلدىڭلار.

﴿**سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدا ئەمەس، بارچە ھۆكۈم الله غا خاس**﴾ يەنى بۇنىڭ ھەممىسى **الله** تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئەگەر **الله** تائالا خالىسا، سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئازابنى سىلەرگە بالدۇرلا بېرىدۇ. ئەگەر خالىسا، چوڭ بىر ھېكمەت يۈزىسىدىن سىلەرگە مۆھلەت بېرىپ، ئۇ ئازابنى كېچىكتۈرىدۇ.

**﴿الله ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، الله ھۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىدۇر»﴾** يەنى الله تائالا بەندىلەر ئارىسىدىكى ئىشلارغا ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئادىلى ۋە ئەڭ ياخشىسىدۇر.

**﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئۇ چاغدا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش چوقۇم ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان بولاتتى (يەنى سىلەردىن ئارام تېپىش ئۈچۈن، سىلەرنى ھالاك قىلغان بولاتتىم)»﴾** يەنى ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن سىلەرگە سىلەر ھەقلىق بولغان شۇ ئازابنى چۈشۈرەتتىم. **﴿الله زالىملارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾**.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سىنىڭ بېشىڭغا ئۇھۇد غازىتىدىنمۇ ئېغىر كۈن كېلىپ باققانمۇ؟- دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىنىڭ قەۋمىڭدىن شۇنداق بىر كۈنگە ئۇچرىغانمەن، ئۇ كۈن ئۇھۇد غازىتىدىن قاتتىقراق ئىدى. مەن ئابدۇيالىلە ئىبنى ئابدۇكۇلالنىڭ بالىسىنى[1] ئىسلامغا دەۋەت قىلدىم. ئۇ مەن دەۋەت قىلغان نەرسىگە ئۇنىمىدى. مەن ناھايىتى غەمكىن ھالدا قايتتىم. قەرنى سەئالىب[2] دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئېسىمنى يىغىپ شۇنداق بېشىمنى كۆتۈرسەم، بىر پارچە بۇلۇت ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇ بۇلۇتتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن. ئۇ: الله تائالا قەۋمىڭنىڭ ساڭا دېگەن سۆزىنى ۋە ساڭا بەرگەن رەددىيەسىنى ئاڭلىدى. الله تائالا ساڭا (سەن قەۋمىڭ ھەققىدە خالىغىنىڭغا بۇيرۇشۇڭ ئۈچۈن) تاغقا مەسئۇل پەرىشتىنى ساڭا ئەۋەتتى،- دەپ توۋلىدى. ئاندىن تاغقا مەسئۇل پەرىشتە ماڭا سالام بېرىپ: ئى مۇھەممەد! الله تائالا سىنىڭ قەۋمىڭنىڭ ساڭا دېگەن سۆزىنى ئاڭلىدى. پەرۋەردىگارىڭ بولغان الله خالىغىنىڭغا بۇيرۇشۇڭ ئۈچۈن مېنى ساڭا ئەۋەتتى. ئەگەر خالىساڭ، مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەككىدىكى ئىككى تاغنى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىمەن،- دېدى. مەن: الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن الله تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت يالغۇز الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن،- دېدىم» دېدى.

بۇ ھەدىستە كەلگەندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىققان قەۋمنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنى ئازابلاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ ئۇ قەۋم ئىچىدىن الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارنى ئازابلاشقا قوشۇلمىغانلىقى بىلەن الله تائالانىڭ: **﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر بالدۇر يۈز بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئازاب مېنىڭ قولۇمدىن كەلسە ئىدى، ئۇ چاغدا مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىش چوقۇم ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان بولاتتى (يەنى سىلەردىن ئارام تېپىش ئۈچۈن، سىلەرنى ھالاك قىلغان بولاتتىم)». الله زالىملارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشىمىز كېرەك؟- دېگەن سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب تۆۋەندىكىدەكتۇر.

ئايەت بولسا، كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئازاب كېلىشنى تىلىگەن ۋاقتىتا،

---

(1) بۇ ئادەم ئەينى زاماندا سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى تائىف شەھىرى ئاھالىسىنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى.
(2) مەككىدىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر يەر.

تىلىگەن شۇ ئازابنى چۈشۈرۈش ئىشى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قولىدا ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەمما ھەدىسكە كەلسەك، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئازاب چۈشۈرۈشنى تىلىگەن ئەمەس، بەلكى تاغقا مەسئۇل پەرىشتە ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خالىسىلا، ئۇ تاغنى دۈم كۆمتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بولسا، ئۇ قەۋمگە رەھىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ جازالىنىشىغا قوشۇلمىغان.

## غەيبنى پەقەت الله تائالانىڭلا بىلىدىغانلىقى

**﴿غەيبنىڭ خەزىنىلىرى الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا الله بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ﴾** ئىمام بۇخارى سالىم ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى بەش بولۇپ، ئۇلار الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە بايان قىلغان ئىشلاردۇر: ﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر. الله يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىداندىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) الله بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى- يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1]».

**﴿قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى الله بىلىدۇ﴾** يەنى مەيلى قۇرۇق ياكى دېڭىزدىكى نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسىنى الله تائالانىڭ كاتتا بىلىمى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. الله تائالاغا ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررىچىلىك نەرسىمۇ مەخپىي قالمايدۇ.

**﴿(دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن الله بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق﴾** يەنى الله تائالا ھەتتا جانسىز نەرسىلەردىن سادىر بولغان ھەرىكەتلەرنىمۇ بىلىدۇ. الله تائالا شۇنداق قۇدرەتكە ئىگە زات بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ جانلىق نەرسىلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىنسان ۋە جىنلاردەك الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت، ئەمەللىرىنى بىلىپ تۇرۇشىدا قانداق قاراشقا كېلەرسەن؟

الله تائالا ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[2].

* * * * * * *

وَهُوَ ٱلَّذِى يَتَوَفَّىٰكُم بِٱلَّيْلِ وَيَعْلَمُ مَا جَرَحْتُم بِٱلنَّهَارِ ثُمَّ يَبْعَثُكُمْ فِيهِ لِيُقْضَىٰٓ أَجَلٌ

(1) لوقمان سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
(2) غافىر سۈرىسى 19 ـ ئايەت.

مُّسَمًّىۖ ثُمَّ إِلَيۡهِ مَرۡجِعُكُمۡ ثُمَّ يُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٦٠ وَهُوَ ٱلۡقَاهِرُ فَوۡقَ عِبَادِهِۦۖ
وَيُرۡسِلُ عَلَيۡكُمۡ حَفَظَةً حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءَ أَحَدَكُمُ ٱلۡمَوۡتُ تَوَفَّتۡهُ رُسُلُنَا وَهُمۡ لَا يُفَرِّطُونَ ٦١ ثُمَّ
رُدُّوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ مَوۡلَىٰهُمُ ٱلۡحَقِّۚ أَلَا لَهُ ٱلۡحُكۡمُ وَهُوَ أَسۡرَعُ ٱلۡحَٰسِبِينَ ٦٢

الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى الله سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴿60﴾. الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان ـ ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ. ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ﴿61﴾. ئاندىن ئۇلار (يەنى بەندىلەر) ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى، ئىگىسى الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ (قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم قىلىش يالغۇز الله غىلا خاستۇر، الله ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿62﴾.

## بەندىلەرگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ الله تائالانىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكى

﴿**الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا بەندىلىرىنىڭ جېنىنى (ئۇلار كېچىدە) ئۇخلىغان ۋاقىتتا ئالىدۇ (يەنى ئۇخلىتىدۇ) ئۇخلاش بولسا، يېرىم ئۆلۈم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيقۇنىڭ يېرىم ئۆلۈم ھېسابلىنىدىغانلىقىنىمۇ الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: ﴿ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، الله ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان (يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر) نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكۈچە) قويۇپ بېرىدۇ﴾[1] الله تائالا بۇ ئايەتتە ھەقىقىي ئۆلۈمنى ۋە ئۇخلاشتىن ئىبارەت يېرىم ئۆلۈمنى بايان قىلدى.

شۇنىڭدەك، بۇ يەردىمۇ ھەر ئىككى ئۆلۈمنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى سىلەرنىڭ كۈندۈزى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئايەت الله تائالانىڭ ئىلمىنىڭ ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ كېچە ۋە كۈندۈزدىكى، جىم تۇرغان ۋە ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان چاغدىكى ھالىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يوشۇرۇن سۆز قىلغان، ئاشكارا سۆز قىلغان، كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى (الله ئۈچۈن ئېيتقاندا) ئوخشاشتۇر (يەنى الله ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ)﴾[2]، ﴿سىلەرنى كېچىدە

(1) زۇمەر سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) رەئد سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

ئارام ئالسۇن، كۆندۈزدە (ھاياتلىق يولىدا ھەرىكەتلىنىپ) الله نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە (الله نىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى يارىتىشى الله نىڭ رەھمىتىدىندۇر﴾،[1] ﴿كېچىنى لىباس قىلدۇق. كۈندۈزنى (سىلەر) تىرىكچىلىك قىلىدىغان (ۋاقىت) قىلدۇق﴾[2].

**﴿الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى الله سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴾** يەنى شۇ قىلغان ئەمەلىڭلارغا ئاساسەن سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەمەللەر ياخشى بولسا مۇكاپاتلايدۇ، يامان بولسا جازالايدۇ.

**﴿الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)﴾** يەنى الله تائالا ھەممە نەرسىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممە نەرسە الله تائالانىڭ كاتتىلىقىغا ۋە ئۇنىڭ چوڭلۇقىغا بويسۇنغۇچىدۇر.

**﴿ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان ـ ئەتكەننى خاتىرىلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتىدۇ﴾** يەنى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن ئىنسانلارنى خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلاپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدى ـ كەينىدە الله نىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار﴾[3] ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ساقلاپ، ھېسابلاپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھالبۇكى، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (الله نىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار)نى يېزىپ تۇرىدۇ﴾[4]، ﴿ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، (ئىنساننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقان) ۋاقىتتا، ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى (يەنى ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغۇچى ئاخىرەتنىڭ دەھشىتىنى ئېنىق كۆرىدۇ)، سەن ئۇنىڭدىن (يەنى ئۆلۈمدىن) قاچاتتىڭ﴾[5].

**﴿بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ﴾** يەنى بىرىڭلارنىڭ ئەجىلى توشسا، شۇ ئىشقا مەسئۇل پەرىشتىلەر ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئىبنى ئاббاس ۋە باشقىلار: جان ئالغۇچى پەرىشتىلەرگە ياردەمچى بولىدىغان پەرىشتىلەر بار، ـ دېدى. ئۇ ياردەمچى پەرىشتىلەر جاننى جەسەدتىن تارتىپ چىقىپ كېكىردەككە يەتكەندە، ئۇنى جان ئېلىشقا مەسئۇل پەرىشتە قولىغا ئالىدۇ.

(1) قەسەس سۈرىسى 73 ـ ئايەت.
(2) نەبە سۈرىسى 10 ــ 11 ـ ئايەتلەر.
(3) رەئد سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئىنفىتار سۈرىسى 10 ــ 11 ـ ئايەتلەر.
(5) قاف سۈرىسى 17 ــ 19 ـ ئايەتكىچە.

**﴿ئۇلار (اللە نىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ﴾** يەنى ئۆلگۈچىنىڭ جېنىنى ساقلاشتا بىپەرۋالىق قىلماي، ئۇ جاننى ياخشى ساقلاپ، اللە تائالا قويۇشقا بۇيرۇغان جايغا قويىدۇ. ئەگەر شۇ جاننىڭ ئىگىسى ياخشى كىشىلەردىن بولسا، ئۇنى ياخشىلارنىڭ تىزىملىكى يېزىلغان دەپتەرگە تىزىملاپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ يامان كىشىلەردىن بولسا، يامانلارنىڭ تىزىملىكى يېزىلغان دەپتەرگە تىزىملاپ قويىدۇ. اللە تائالادىن ئۆزىمىزنىڭ يامانلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز.

**﴿ئاندىن ئۇلار (يەنى بەندىلەر) ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى، ئىگىسى اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ﴾** ئىمام ئەھمەد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەجىلى توشۇپ، ئۆلۈشكە ئاز قالغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا پەرىشتىلەر كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى كىشى بولسا، پەرىشتىلەر: ئى پاك تەندىكى پاكىزە روھ، چىققىن! سەن سەندىن رازى بولغان ھالدا چىققىن ۋە راھەت - پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە غەزەپلەنمىگەن پەرۋەردىگار بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىن! - دەيدۇ. بۇ سۆز ئۇ روھقا تاكى روھ جەسەدتىن چىقىرىۋېلىنغىچە شۇنداق دېيىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ روھ بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا: ئۇ كىمنىڭ روھى؟ - دېيىلىدۇ. بۇ پالاننىڭ روھى، - دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا: قارشى ئالىمىز، ئى پاك تەندە بولغان پاكىزە جان! سەن سەندىن رازى بولۇنغان ھالدا كىرگىن. راھەت - پاراغەت، ياخشى رىزىق ۋە غەزەپلەنمىگەن پەرۋەردىگار بىلەن خۇش بېشارەت ئالغىن! - دېيىلىدۇ. بۇ سۆز تاكى پەرۋەردىگارىنىڭ قارارگاھى بولغان ئاسمانغا چىققۇچە دېيىلىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر ئۇ يامان كىشى بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: ئى ناپاك تەندىكى مەينەت جان! سەن سەندىن نارازى بولغان ھالدا چىققىن، سەن قىززىق قايناقسۇ، قان - يىرىڭ ۋە مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بىلەن شۇم خەۋەر ئالغىن! - دەيدۇ. بۇ سۆز ئۇ روھقا ئۇنىڭ جېنى تېنىدىن چىقىرىۋېلىنغىچە شۇنداق دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇ روھ بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىپ بېرىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا: بۇ كىمنىڭ روھى؟ - دېيىلىدۇ. بۇ پالاننىڭ روھى، - دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: قارشى ئالمايمىز، ئى ناپاك تەندىكى مەينەت جان! سەن سەندىن نارازى بولغان ھالدا قايتقىن. چۈنكى ساڭا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ بېرىلمەيدۇ، - دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇ روھ ئاسماندىن قەبرىگە قايتۇرۇلىدۇ.

ياخشى كىشى قەبرىسىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇنىڭ روھىغا بۇرۇن دېيىلگەن ياخشى سۆزلەر دېيىلىدۇ. شۇنداقلا يامان كىشىمۇ قەبرىدە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىڭ روھىغا بۇرۇن دېيىلگەن يامان سۆزلەر دېيىلىدۇ».

**﴿ئاندىن ئۇلار (يەنى بەندىلەر) ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى، ئىگىسى اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ: بارلىق مەخلۇقاتلار قىيامەت كۈنى اللە تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلۇپ، اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئادىللىقى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، - دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) توپلىنىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)، ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز. ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ ـ سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ، (كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغنى بېكىتمەيدۇ، دەپ ئويلىغانسىلەر (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساپ بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغانسىلەر؟)» دەيمىز. كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامە ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە ـ ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[2].

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دىدى: **﴿(قىيامەت كۈنى) ھۆكۈم قىلىش يالغۇز الله غىلا خاستۇر، الله ئەڭ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾**.

* * * * * * *

قُلْ مَن يُنَجِّيكُم مِّن ظُلُمَٰتِ ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ تَدْعُونَهُۥ تَضَرُّعًا وَخُفْيَةً لَّئِنْ أَنجَىٰنَا مِنْ هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿٦٣﴾ قُلِ ٱللَّهُ يُنَجِّيكُم مِّنْهَا وَمِن كُلِّ كَرْبٍ ثُمَّ أَنتُمْ تُشْرِكُونَ ﴿٦٤﴾ قُلْ هُوَ ٱلْقَادِرُ عَلَىٰٓ أَن يَبْعَثَ عَلَيْكُمْ عَذَابًا مِّن فَوْقِكُمْ أَوْ مِن تَحْتِ أَرْجُلِكُمْ أَوْ يَلْبِسَكُمْ شِيَعًا وَيُذِيقَ بَعْضَكُم بَأْسَ بَعْضٍ ۗ ٱنظُرْ كَيْفَ نُصَرِّفُ ٱلْءَايَٰتِ لَعَلَّهُمْ يَفْقَهُونَ ﴿٦٥﴾

(ئى مۇھەممەد! بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى (يەنى بالايى ـ ئاپەتلىرى) دىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بۇ قاراڭغۇلۇقلارنى كۆرگەن چېغىڭلاردا) ئەگەر الله بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ الله غا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر»﴿63﴾. ئېيتقىنكى، «(يالغۇز) الله سىلەرنى ئۇلاردىن ۋە بارلىق غەمدىن قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر (بۇنى) تونۇغۇنۇڭلاردىن كېيىن، ئىمان ئېيتماي الله غا شېرىك كەلتۈرىسىلەر»﴿64﴾. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلپىلگە ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (پىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر». ئۇلارنى چۈشەنسۇن

(1) ۋاقىئە سۈرىسى 49 ـــ 50 ـ ئايەتلەر.
(2) كەھف سۈرىسى 47 ـــ 49 ـ ئايەتكىچە.

دەپ ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن﴿65﴾.

## الله تائالانىڭ مەرھەمىتى، ئىززەتلىشى، غەزەپ قىلىشى ۋە جازالىشىنىڭ بايانى

الله تائالا قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇش بىلەن يەنى قۇرۇقلۇقتا يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك بالايى ـ ئاپەتكە يولۇقۇپ ۋە قاتتىق بوران چىققاندا، دېڭىزنىڭ چوڭ دولقۇنلىرىغا ئۇچراپ قېلىپ، گاڭگىراپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇش بىلەن بەندىلىرىگە نېئمەت ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە قالغاندا، پەقەت شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغىلا ئىلتىجا قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئېسىڭلارغا سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلار كەلمەي، پەقەت الله لا كېلىدۇ (يەنى ئىنسان مۇنداق چاغدا الله دىن باشقىغا ئىلتىجا قىلمايدۇ)﴾[1]، ﴿الله سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزمى قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ) «ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ﴾[2]، ﴿قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا سىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان، رەھمىتىدىن (يەنى يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشتىن) ئىلگىرى شاماللارنى بىشارەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان كىم؟ الله دىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ (ھېچ ئىلاھ يوقتۇر) الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴾[3].

**﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «قۇرۇقلۇقنىڭ ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى (يەنى بالايى ـ ئاپەتلىرى) دىن سىلەرنى كىم قۇتقۇزىدۇ؟ (بۇ قاراڭغۇلۇقلارنى كۆرگەن چېغىڭلاردا) ئەگەر الله بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزسا، چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ الله غا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلتىجا قىلىسىلەر»﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتىن كېيىنلا مۇنداق دېدى: **﴿ئېيتقىنكى، «(يالغۇز) الله سىلەرنى ئۇلاردىن ۋە بارلىق غەمدىن قۇتقۇزىدۇ، ئاندىن سىلەر (بۇنى) تونۇغۇنۇڭلاردىن كېيىن، ئىمان ئېيتماي الله غا شېرىك كەلتۈرىسىلەر»﴾** يەنى سىلەر خاتىرجەم ياشىغان ۋاقتىڭلاردا، الله تائالاغا قوشۇپ باشقا ئىلاھلارغىمۇ دۇئا قىلىسىلەر. **﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلپىلغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (پىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ،**

(1) ئىسرا سۈرىسى 67 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 22 ـ ئايەت.
(3) نەمل سۈرىسى 63 ـ ئايەت.

**ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر»﴾**.

**الله** تائالا بېشىغا قىيىنچىلىق كەلگەندە، ئىلتىجا قىلىسا قۇتقۇزىدىغانلىقى، كېيىن بۇ نېئمەتنى ئۇنتۇپ، شۈكۈر قىلمىغانلارنى ئازابلايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭلار، سىلەرنى پەزلىنى (يەنى پەزلىدىن بولغان رىزقىڭلارنى) تەلەپ قىلىسۇن دەپ، كېمىلەرنى سىلەر ئۈچۈن دېڭىزدا ماڭدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەر دېڭىزدا بىرەر ئاپەتكە يولۇققان چېغىڭلاردا، ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىڭلار ئۇنتۇلىدۇ. ﴾... 

**الله** سىلەرنى (غەرق بولۇشتىن) قۇتقۇزۇپ، (ئامان ـ ئېسەن) قۇرۇقلۇققا چىقارغاندا يۈز ئۆرۈيسىلەر (يەنى ئىخلاسىڭلار تۈگەپ ئاۋالقى ھالىتىڭلارغا قايتىۋالىسىلەر). ئىنسان كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر (يەنى **الله** نىڭ نېئمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر). (دېڭىزدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلغىنىڭلار بىلەن) **الله** نىڭ سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى سىلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇپ ھالاك قىلىشىدىن، ئاندىن سىلەرنى (**الله** نىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان) ھېچ ھامىي تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسسىلەر؟ ياكى **الله** نىڭ سىلەرنى دېڭىزدا قايتا قاتناتقۇزۇپ (دېڭىزدىكى چېغىڭلاردا) قارا بوران چىقىرىپ، كۇفرىلىق قىلغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن سىلەرنى غەرق قىلىۋېتىشىدىن، ئاندىن سىلەرگە بىزدىن ئۆچ ئېلىپ بېرىدىغان ھېچ ئەھەدى تاپالماسلىقىڭلاردىن قورقماسسىلەر؟﴾[1]

ئىمام بۇخارى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلپىلگە ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازابنى ئەۋەتىشكە قادىردۇر﴾** دېگەن ئايەت چۈشكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بۇ خىل ئازابنىڭ بىزگە كېلىشىدىن سېنىڭ زاتىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن پاناھ تىلەيمەن» دېدى. **الله** تائالانىڭ: ﴿**ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (پىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە قادىردۇر»﴾** دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بۇ خىل ئازابنىڭ بىزگە كېلىشىدىن سېنىڭ زاتىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن پاناھ تىلەيمەن» دېدى.

﴿**ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر»﴾** دېگەن ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئازابتىن ئاددى ۋە يەڭگىلرەكتۇر» دېدى.

ئىمام ئەھمەد سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىر يەردىن كېلىۋاتاتتۇق. يولدا بەنى مۇئاۋىيەنىڭ مەسچىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇزۇن دۇئا قىلىپ بولۇپ، مۇنداق دېدى: «مەن پەرۋەردىگارىمدىن مۇنداق ئۈچ ئىشنى سورىدىم: مەن پەرۋەردىگارىمدىن ئۈممىتىمنى سۇ ئاپىتى بىلەن ھالاك قىلماسلىقىنى تىلىدىم، ئۇ ماڭا ماقۇل بولدى. مەن ئۈممىتىمنى ئاچارچىلىق بىلەن

(1) ئىسرا سۈرىسى 66 ــ 69 ـ ئايەتكىچە.

هالاك قىلماسلىقنى تىلىدىم، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدى. مەن ئۈممىتىمنى بىر - بىرى بىلەن ئازابلىماسلىقنى تىلىدىم، بۇنىڭغا ماقۇل بولمىدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد بەنى زۆھرىنىڭ ئازاتگەردىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان كىشى خەبباب ئىبنى ئىرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇپ قالدىم. ئۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى تاڭ ئاتقۇچە ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى تۈگىتىپ سالام بەرگەن چاغدا، مەن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بۇ كېچىدە مەن بۇرۇن ئوقۇغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقمىغان بىر نامازنى ئوقۇدۇڭ؟ - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق. ھەقىقەتەن ئۇ ناماز **الله** تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش نامىزىدۇر. مەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمدىن بۇ نامازدا ئۈچ ئىشنى سورىدىم. **الله** تائالا ئۇنىڭ ئىككىسىگە ماقۇل بولۇپ، بىرىنى رەت قىلدى. مەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمدىن بىزنى بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئازابلار بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىدىم. **الله** تائالا ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. مەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمدىن دۈشمەنلىرىمىزنى بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلدۇرماسلىقنى سورىدىم، **الله** تائالا بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بولدى. مەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمدىن ئۈممىتىمنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، بىر - بىرىگە ئازاب قىلىشماسلىقنى سورىدىم، **الله** تائالا ئۇنى رەت قىلدى» دېدى. بۇ ھەدىسنى نەسەئى، ئىبنى ھاببان ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**ئەۋەتىشكە، ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ**﴾ ۋابىلى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى سىلەرنى ئازغۇنلۇق يولىدىكى پىرقىلەردىن قىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇجاھىد ۋە باشقىلارمۇ شۇنداق دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىندى: «بۇ ئۈممەت 73 پىرقىگە ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پىرقىسىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى دوزاختا بولىدۇ».

﴿**بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر»**﴾ ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **الله** تائالا بەزىڭلارنى يەنە بەزىڭلارنىڭ ئۆلتۈرۈشىگە، ئازابلىشىغا سېلىپ قويىدۇ.

﴿**ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن**﴾ يەنى ئۇلارنى **الله** تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە دەلىل - ئىسپاتلىرىنى چۈشەنسۇن ۋە ئويلانسۇن دەپ، ئۇنى قانداق ئۇسۇلدا بايان قىلغانلىقىمىز ۋە روشەنلەشتۈرگەنلىكىمىزگە قارىغىن.

* * * * * * *

420

وَكَذَّبَ بِهِۦ قَوۡمُكَ وَهُوَ ٱلۡحَقُّۚ قُل لَّسۡتُ عَلَيۡكُم بِوَكِيلٖ ﴿٦٦﴾ لِّكُلِّ نَبَإٖ مُّسۡتَقَرّٞۚ وَسَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ﴿٦٧﴾ وَإِذَا
رَأَيۡتَ ٱلَّذِينَ يَخُوضُونَ فِيٓ ءَايَٰتِنَا فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ حَتَّىٰ يَخُوضُواْ فِي حَدِيثٍ غَيۡرِهِۦۚ وَإِمَّا يُنسِيَنَّكَ ٱلشَّيۡطَٰنُ
فَلَا تَقۡعُدۡ بَعۡدَ ٱلذِّكۡرَىٰ مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٦٨﴾ وَمَا عَلَى ٱلَّذِينَ يَتَّقُونَ مِنۡ حِسَابِهِم مِّن
شَيۡءٖ وَلَٰكِن ذِكۡرَىٰ لَعَلَّهُمۡ يَتَّقُونَ ﴿٦٩﴾

قۇرئان ھەق تۇرسا، ئۇنى قەۋمىڭ ئىنكار قىلدى. «مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەس» دېگىن﴿66﴾. (الله تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار، ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر﴿67﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگىچە، ئۇلار بىلە بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن﴿68﴾. تەقۋادارلارغا (قۇرئاننى مەسخىرە قىلغۇچى) كاپىرلارنىڭ ھېسابىدىن ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ، لېكىن تەقۋادارلار ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشلىرى كېرەك. (شۇنداق قىلغاندا) ئۇلار (قۇرئاننى مەسخىرە قىلىشتىن) ساقلىنىشلىرى مۇمكىن﴿69﴾.

## دىنغا دەۋەت قىلىشنىڭ مەجبۇرلاش ئەمەس، پەقەت توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى

﴿**قۇرئان ھەق تۇرسا، ئۇنى قەۋمىڭ ئىنكار قىلدى**﴾ يەنى (ئۇنىڭدىن باشقا بىر ھەق بولمىغان) ھەقنى، سەن ئېلىپ كەلگەن قۇرئاننى، توغرا يولنى ۋە ئوچۇق پاكىتلارنى سېنىڭ قەۋمىڭ بولغان قۇرەيشلىكلەر ئىنكار قىلدى.

﴿**«مەن سىلەرگە ھامىي ئەمەس» دېگىن**﴾ يەنى مەن سىلەرنى ساقلاپ قالغۇچى ۋە سىلەرگە مەسئۇل ئەمەسمەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) «(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن﴾[1] يەنى مېنىڭ ئۈستۈمدىكى مەسئۇلىيەت پەقەت سىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇشتۇر. ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش سىلەرنىڭ ئىشىڭلاردۇر. كىمكى ماڭا ئەگەشسە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشىدۇ. كىمكى ماڭا قارشىلىق قىلسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەتبەخت بولىدۇ.

﴿(الله تەرىپىدىن) ئالدىنئالا بېرىلگەن ھەر بىر خەۋەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغان ۋاقتى بار﴾ ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ھەر قانداق بىر خەۋەرنىڭ ھەقىقىيلىقى بار. يەنى ھەر قانداق بىر خەۋەر بىر زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن بولسىمۇ ھامىنى يۈز بېرىدۇ.

(1) كەھف سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ راستلىقىنى چوقۇم بىلىسىلەر»﴾[1]، ﴿ھەربىر ۋاقىتنىڭ (ئۆزىگە مۇناسىپ) ھۆكمى بولىدۇ﴾[2].

بۇ ئۇلارغا قىلىنغان تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر**﴾.

## الله تائالانىڭ ئايەتلىرى مەسخىرە قىلىنغان سورۇنلاردا ئولتۇرۇشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

﴿**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۈشمىگىچە، ئۇلار بىلە بىللە ئولتۇرمىغىن**﴾ يەنى ئۇلار گەپلىرىنىڭ تېمىسىنى باشقا سۆزگە يۆتكىمىگىچە ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرما.

﴿**ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن**﴾ بۇ بۇيرۇقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى ھەر بىر كىشى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، ئۇ ئايەتلىرىنىڭ مەنىلىرىنى (ئۇ ئايەتنىڭ مەنىلىرى) مۇناسىپ بولمىغان ئورۇنغا قويغان يالغانچىلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشتىن توسۇلدى. ئەگەر بىر كىشى ئۇنتۇپ قېلىپ ئولتۇرۇپ قالسا، ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن ئازغۇنلۇقتىكى ئۇنداق كىشىلەر بىلەن ئولتۇرماسلىقى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنتۇپ قېلىپ قىلىپ قويغان يامانلىقتا گۇناھ يېزىلمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن خاتالىشىپ، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ قىلغان ئىشنىڭ گۇناھى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى».

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر﴾[3] يەنى ئەگەر سىلەر ئۇلار بىلەن بىللە بولساڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان پاراڭلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرمىسەڭلار، سىلەر ئۇلار چۆكۈۋاتقان گۇناھتا (ئۇلار بىلەن) ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر.

﴿**تەقۋادارلارغا (قۇرئاننى مەسخىرە قىلغۇچى) كاپىرلارنىڭ ھېسابىدىن ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ**﴾ يەنى ئۇلاردىن يىراقلىشىپ، ئۇلار بىلەن شۇ سورۇندا ئولتۇرمىسا، تەقۋادارلار

(1) ساد سۈرىسى 88 ـ ئايەت.
(2) رەئد سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نىسا سۈرىسى 140 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چوقۇم ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى كۆتۈرۈشتىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرىدىن ساقلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا قايتماسلىقى ئۈمىدى بىلەن ئۇلارغا شۇ قىلمىشلىرىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، سىلەرنى ئۇلار مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن الله تائالانىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشكەن چاغدا، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇدۇق.

* * * * * * *

وَذَرِ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَهُمْ لَعِبًا وَلَهْوًا وَغَرَّتْهُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا ۚ وَذَكِّرْ بِهِۦٓ أَن تُبْسَلَ نَفْسٌۢ بِمَا كَسَبَتْ لَيْسَ لَهَا مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلِىٌّ وَلَا شَفِيعٌ وَإِن تَعْدِلْ كُلَّ عَدْلٍ لَّا يُؤْخَذْ مِنْهَآ ۗ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ أُبْسِلُوا۟ بِمَا كَسَبُوا۟ ۖ لَهُمْ شَرَابٌ مِّنْ حَمِيمٍ وَعَذَابٌ أَلِيمٌۢ بِمَا كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ ﴿٧٠﴾

دىنىنى ئويۇن ـ كۈلكە قىلىۋالغان، دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى تەرك ئەت. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشى تۈپەيلى ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، (كىشىلەرگە) قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىلغىن، ئۇنىڭغا الله دىن باشقا دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ئۇ ھەر قانداق فىدىيە بەرسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولىدىغانلاردۇر، ئۇلار كۇفرى تۈپەيلىدىن (ئۈچەيلىرىنى ئۆرتىۋېتىدىغان) قايناقسۇدىن بولغان شارابقا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿70﴾.

**﴿دىنىنى ئويۇن ـ كۈلكە قىلىۋالغان، دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغانلارنى تەرك ئەت﴾** يەنى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئۇلارنى تاشلىۋەت. چۈنكى ئۇلار كاتتا ئازابقا دۇچار بولغۇچىدۇر.

**﴿ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشى تۈپەيلى ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، (كىشىلەرگە) قۇرئان بىلەن نەسىھەت قىلغىن﴾** يەنى كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا مۇشۇ قۇرئان بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن. ئۇلارنى الله تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدىكى غەزىپى ۋە ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن.

الله تائالا ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئۆز قىلمىشى تۈپەيلىدىن ھالاكەتكە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر. پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1]، **﴿ئۇنىڭغا الله دىن باشقا دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى بولمايدۇ﴾**.

**﴿ئۇ ھەر قانداق فىدىيە بەرسىمۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾** يەنى ئەگەر سەن بىرەلگۈدەك نەرسەڭنىڭ ھەممىسىنى بەرسەڭمۇ، ئۇ نەرسىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، كاپىر بولۇپ (تەۋبە قىلماستىن) كۇفرى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن فىدىيە بەرسىمۇ،

(1) مۇددەسسىر سۈرىسى 38 ـــ 39 ـ ئايەتلەر.

قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئۇلارغا (ئۇلارنى **اللە** نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچبىر مەدەتكار بولمايدۇ﴾[1]، **﴿ئەنە شۇلار قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولىدىغانلاردۇر، ئۇلار كۇفرى تۈپەيلىدىن (ئۈچەيلىرىنى ئۆرتىۋېتىدىغان) قايناقسۇدىن بولغان شارابقا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾**.

* * * * * * *

قُلْ أَنَدْعُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُنَا وَلَا يَضُرُّنَا وَنُرَدُّ عَلَىٰٓ أَعْقَابِنَا بَعْدَ إِذْ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ كَٱلَّذِى
ٱسْتَهْوَتْهُ ٱلشَّيَٰطِينُ فِى ٱلْأَرْضِ حَيْرَانَ لَهُۥٓ أَصْحَٰبٌ يَدْعُونَهُۥٓ إِلَى ٱلْهُدَى ٱئْتِنَا ۗ قُلْ إِنَّ هُدَى
ٱللَّهِ هُوَ ٱلْهُدَىٰ ۖ وَأُمِرْنَا لِنُسْلِمَ لِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٧١﴾ وَأَنْ أَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَٱتَّقُوهُ ۚ وَهُوَ ٱلَّذِىٓ
إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٧٢﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ بِٱلْحَقِّ ۖ وَيَوْمَ يَقُولُ كُن
فَيَكُونُ ۚ قَوْلُهُ ٱلْحَقُّ ۚ وَلَهُ ٱلْمُلْكُ يَوْمَ يُنفَخُ فِى ٱلصُّورِ ۚ عَٰلِمُ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ۚ وَهُوَ
ٱلْحَكِيمُ ٱلْخَبِيرُ ﴿٧٣﴾

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، بىز **اللە** نى قويۇپ بىزگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلامدۇق؟ بىزنى **اللە** ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئارقىمىزغا چېكىنەمدۇق؟ (يەنى مۇرتەد بولامدۇق؟) (مۇبادا بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق، مۇنداق) بىر ئادەمگە: شەيتانلار ئۇنى بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، (چۆلدە ئۇ) تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بىزى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان، (ئۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي، ئاخىر ھالاك بولغان ئادەمگە) ئوخشاپ قالىمىز (بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، **اللە** نىڭ ھىدايىتى ھەقىقەتەن ھەقىقىي ھىدايەتتۇر، بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇق﴿71﴾. ناماز ئوقۇشقا ۋە **اللە** دىن قورقۇشقا بۇيرۇلدۇق، (قىيامەت كۈنى) **اللە** نىڭ دەرگاھىغا (ھېساب ئۈچۈن) يىغىلىسىلەر﴿72﴾. **اللە** ئاسمانلارنى، زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى، **اللە** (بىرەر شەيئىگە) «ۋۇجۇدقا كەل» دېسە، (دەرھال) كېلىدىغان كۈندىكى (يەنى قىيامەت كۈنىدىكى) ئازابتىن قورقۇڭلار. **اللە** نىڭ سۆزى ھەقتۇر، سۇر چېلىنىدىغان كۈندىكى (يەنى قىيامەت كۈنىدىكى) پادىشاھلىق **اللە** غا خاستۇر. **اللە** يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەرسىلەرنى بىلگۈچىدۇر، **اللە** ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن) خەۋەرداردۇر﴿73﴾.



## ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغاندىن كېيىن، كۇپۇرلۇققا قايتقان كىشىنىڭ مىسالى

سۇددى مۇنداق دېدى: مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا: سىلەر بىزگە ئەگىشىپ مۇھەممەدنىڭ دىنىنى

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 91 ـ ئايەت.

تاشلاڭلار!- دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!** **ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، بىز الله نى قويۇپ بىزگە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلامدۇق؟ بىزنى الله ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئارقىمىزغا چېكىنەمدۇق؟ (يەنى مۇرتەد بولامدۇق؟)**﴾ ئۇ چاغدا، بىز شەيتان بىر چۆلگە باشلاپ بارغان كىشىگە ئوخشاپ قالىمىز.

ئىبنى جەرىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن كاپىر بولساڭلار، سىلەرنىڭ مىسالىڭلار خۇددى ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىللە يولغا چىققان بىر ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇ ئادەم يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى شەيتانلار قايمۇقتۇرۇپ، بىر چۆلگە باشلاپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يول ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزلىرى تەرەپكە چاقىرىشىپ: بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كەل! بىز يول ئۈستىدىدۇرمىز، - دەيدۇ. ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىشكە ئۇنىمايدۇ. مانا بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، كاپىرلارغا ئەگىشىپ كەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت توغرا يولغا چاقىرىدۇ.

﴿**(مۇبادا بىز شۇنداق قىلىدىغان بولساق، مۇنداق) بىر ئادەمگە: شەيتانلار ئۇنى بىر چۆلگە باشلاپ بارغان، (چۆلدە ئۇ) تېڭىرقاپ قالغان، دوستلىرى ئۇنى بىزى كەل دەپ توغرا يولغا چاقىرىۋاتقان، (ئۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلماي، ئاخىر ھالاك بولغان ئادەمگە) ئوخشاپ قالىمىز**﴾ ئۇ شەيتانلار بولسا، ئېزىتقۇلاردۇر. ئۇلار ئۇ ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىدۇ. ئۇ ئادەم ئېزىقىپ كەتمىدىم دەپ ئويلاپ، ئېزىتقۇلارغا ئەگىشىدۇ. تاڭ ئاتقاندا، ئېزىتقۇلارنىڭ ئۆزىنى ئازدۇرۇپ ھالاكەتكە تاشلىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ھەتتا يەپ كېتەيلا دېگەنلىكىنى ياكى ئۇ ئېزىتقۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ ئۆلۈپ كېتىدىغان بىر چۆلگە ئاپىرىپ تاشلىغانلىقىنى كۆرىدۇ. مانا بۇ، الله تائالانى تاشلاپ قويۇپ، باشقا يالغان ئىلاھلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ مىسالىدۇر. بۇنى ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلدى.

﴿**(بۇ كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، الله نىڭ ھىدايىتى ھەقىقەتەن ھەقىقىي ھىدايەتتۇر**﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿الله ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچ ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ﴾[1]، ﴿سەن ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ، الله ئۆزى گۇمراھ قىلغان كىشىنى ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلارنى (الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق مەدەتكار يوق﴾[2].

﴿**بىز ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇق**﴾ يەنى شېرىكى يوق، يالغۇز بىر الله تائالاغىلا ئىبادەتنى خالىس قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. ﴿**ناماز ئوقۇشقا ۋە الله دىن قورقۇشقا بۇيرۇلدۇق**﴾ يەنى ناماز ئوقۇشقا ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا الله تائالادىن قورقۇشقا بۇيرۇلدۇق. ﴿**(قىيامەت كۈنى) الله نىڭ دەرگاھىغا (ھېساب ئۈچۈن) يىغىلىسىلەر**﴾.

﴿**الله ئاسمانلارنى، زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى**﴾ يەنى الله تائالا ئاسمان - زېمىننىڭ

(1) زۇمەر سۈرىسى 37 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەھل سۈرىسى 37 - ئايەت.

ياراتقۇچىسى، ئىگىسى، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر. ﴿**الله** **(بىرەر شەيئىگە) «ۋۇجۇدقا كەل» دېسە، (دەرھال) كېلىدىغان كۈندىكى (يەنى قىيامەت كۈندىكى) ئازابتىن قورقۇڭلار**﴾ يەنى الله تائالا بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭغا: «بولغىن» دېسە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ئارىلىقتا بولىدىغان قىيامەت كۈندىكى ئازابتىن قورقۇڭلار!

## سۇر چېلىنىشنىڭ بايانى

﴿**سۇر چېلىنىدىغان كۈندىكى (يەنى قىيامەت كۈندىكى) پادىشاھلىق الله غا خاستۇر**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿بۈگۈن پادىشاھلىق كىمگە خاس؟ غالىب بىر الله غا خاستۇر﴾[1]، ﴿پادىشاھلىق بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك الله غا خاستۇر، بۇ كۈن كاپىرلارغا قىيىندۇر﴾[2] بۇ سۇردىن ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام چالىدىغان سۇر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن ئىسرافىل سۇرنى ئېغىزىغا ئېلىپ بولدى. ئۇنى چېلىشقا قاچان بۇيرۇلىدىغانلىقى كۈتۈپ، يۈزىنى پەسكە قارىتىپ تۇرىۋاتىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يېزىلىق ئەرەبتىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سۇر دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ چېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان مۈڭگۈزدۇر» دېدى.

* * * * * * *

۞ وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ ءَازَرَ أَتَتَّخِذُ أَصْنَامًا ءَالِهَةً إِنِّىٓ أَرَىٰكَ وَقَوْمَكَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ
﴿٧٤﴾ وَكَذَٰلِكَ نُرِىٓ إِبْرَٰهِيمَ مَلَكُوتَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَلِيَكُونَ مِنَ ٱلْمُوقِنِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّا
جَنَّ عَلَيْهِ ٱلَّيْلُ رَءَا كَوْكَبًا قَالَ هَٰذَا رَبِّى فَلَمَّآ أَفَلَ قَالَ لَآ أُحِبُّ ٱلْءَافِلِينَ ﴿٧٦﴾ فَلَمَّا رَءَا
ٱلْقَمَرَ بَازِغًا قَالَ هَٰذَا رَبِّى فَلَمَّآ أَفَلَ قَالَ لَئِن لَّمْ يَهْدِنِى رَبِّى لَأَكُونَنَّ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلضَّآلِّينَ
﴿٧٧﴾ فَلَمَّا رَءَا ٱلشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَٰذَا رَبِّى هَٰذَآ أَكْبَرُ فَلَمَّآ أَفَلَتْ قَالَ يَٰقَوْمِ إِنِّى بَرِىٓءٌ مِّمَّا
تُشْرِكُونَ ﴿٧٨﴾ إِنِّى وَجَّهْتُ وَجْهِىَ لِلَّذِى فَطَرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ حَنِيفًا وَمَآ أَنَا۠ مِنَ
ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿٧٩﴾

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئۆز ئاتىسى ئازەرگە: «سەن ئۆزەڭنى ياراتقان الله نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟ مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن ئېنىق گۇمراھلىقتا

(1) فۇرقان سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
(2) غافىر سۈرىسى 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆرىمەن» دېدى﴿74﴾. ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق﴿75﴾. ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن» دېدى﴿76﴾. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ: «(يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە) بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن» دېدى﴿77﴾. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە) «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدامەن﴿78﴾. مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»﴿79﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىغا بۇتقا ئىبادەت قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ كايىدى ۋە دادىسىنى بۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن توستى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئۆز ئاتىسى ئازەرگە: «سەن ئۆزەڭنى ياراتقان الله نى قويۇپ) بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟**﴾ يەنى الله تائالانى قويۇپ، بۇتلارنى ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھ قىلىۋالامسەن؟ ﴿**مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى**﴾ يەنى سېنىڭ يولۇڭدا ماڭغان كىشىلەرنى ﴿**ھەقىقەتەن ئېنىق گۇمراھلىقتا كۆرىمەن» دېدى**﴾ يەنى قەيەرگە مېڭىشنى بىلمەي ئېزىپ كەتكەنلەردىن، قايمۇقۇپ نادانلىقتا قالغانلاردىن دەپ قارايمەن. نادانلىق ۋە گۇمراھلىقتىكى ھالىڭلار ھەر قانداق بىر ساغلام ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ناھايىتى ئوچۇقتۇر.

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىغا قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىبراھىم (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن. ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر نازىل بولدى، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك الله غا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى. ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك الله نىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن». ئۇ (يەنى ئازەر) ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن، ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، ئۇزاق

زامان مەندىن يىراق تۇرغىن». ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، اللّٰه ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر. سىلەردىن ۋە سىلەر اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن»﴾[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاكى دادىسى ئۆلۈپ كەتكۈچە، اللّٰه تائالادىن دادىسىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. دادىسى شېرىك ئەقىدىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندە ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا دادىسىنىڭ شېرىك ئەقىدىدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق بولغاندا، اللّٰه تائالادىن دادىسىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن يالتايدى ۋە دادىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولدى.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ اللّٰه نىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم بولسا، ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىدامىلىق ئىدى﴾[2].

ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «قىيامەت كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسى ئازەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئازەر ئۇنىڭغا: ئى ئوغلۇم! بۈگۈن مەن ساڭا ئاسىيلىق قىلمايمەن، ـ دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! قىيامەت كۈنى مېنى مات قىلمايدىغانلىقىڭ توغرىسىدا ماڭا ۋەدە بەرگەن ئەمەسمىدىڭ؟ (نىجات تېپىشتىن) يىراق بولغان دادامنىڭ مات بولۇشىدىن بەكرەك مات بولۇش بارمۇ؟ ـ دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: ئى ئىبراھىم! ئارقىڭغا قارا! ـ دېيىلىدۇ. (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئارقىسىغا قارىغۇدەك بولسا) قېنىغا ياكى تېزىكىگە مىلىنىپ، بۇلغانغان بىر قاپلاننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا، ئۇ قاپلان پۇتلىرىدىن سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ»[3].

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا اللّٰه تائالانى بىر دەپ تونۇش پاكىتلىرىنىڭ ئايدىڭلاشقانلىقى

**﴿ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭغا ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ،**



(1) مەريەم سۈرىسى 41 ــ 48 ـ ئايەتكىچە.
(2) تەۋبە سۈرىسى 114 ـ ئايەت.
(3) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسى ئازەرنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن اللّٰه تائالادىن شاپائەت تىلەپ (اللّٰه تائالانىڭ ئالدىغا) بارغاندا، ئۇنىڭغا مۇشرىكلارغا جەننەتنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئازەرنى ئىنسانلىق شەكلىدە دوزاخقا تاشلىسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەمەلدە ئىنسانلىق تەبىئىتىدىن چىقىپ كەتكەن دادىسىنى يىرتقۇچ ھايۋان بولغان قاپلاننىڭ شەكلىدە دوزاخقا تاشلاش ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزغان.

**زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق﴿** يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلغانلىقىغا قارىغان ۋاقتىدا، **اللّٰه** تائالانىڭ ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا ۋە يارىتىشتا يالغۇز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىلاھ ۋە پەرۋەردىگارنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتلارنى ئۇنىڭغا ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردۇق.

**اللّٰه** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار﴿[1]، ﴿ئۇلار ئالدىدىكى ۋە ئارقىسىدىكى (ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان) ئاسمان بىلەن زېمىنغا قارىمامدۇ؟ ئەگەر خالىساق ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزىمىز ياكى ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرىمىز. بۇنىڭدا **اللّٰه** غا قايتقۇچى ھەر بەندە ئۈچۈن ئەلۋەتتە (**اللّٰه** نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار﴿[2].

﴿**ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن» دېدى﴿** قەتادە مۇنداق دېدى: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارنىڭ يوق بولۇپ كەتمەي، داۋاملىق تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا تاڭ ئېتىپ، يۇلتۇز يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەرۋەردىگار ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى.

﴿**ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ: «(يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە) بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن» دېدى. ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە) «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر» دېدى﴿** يەنى بۇ قۇياش يۇلتۇز بىلەن ئايدىن چوڭدۇر ۋە يورۇتۇشىمۇ كۈچلۈكتۇر، ـ دېدى. ﴿**قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدامەن﴿**.

﴿**مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم﴿** يەنى مەن شېرىكتىن **اللّٰه** تائالانى بىر دەپ تونۇش ئەقىسىدىسىگە يۈزلىنىپ، ئاسمان ـ زېمىننى ئۈلگىسىز يوقتىن بار قىلغان زاتقا دىنىمنى خالىس قىلىمەن، ئىبادىتىمنى پەقەت ئۇنىڭغىلا قىلىمەن. ﴿**مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»﴿** دېدى.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكى

بۇ ئەمەلىيەتتە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاسمان جىسىملىرى ۋە بۇتلارغا قىلغان ئىبادىتىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشى ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسى بىلەن بولغان دەسلەپكى مۇنازىرىدە مۇشرىكلارنىڭ نەزىرىدىمۇ ئىبادەت قىلىشقا ھېچ ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىلىدىغان، ئەمما **اللّٰه**

(1) يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سەبەئ سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

تائالانىڭ دەرگاھىدا شاپائەتچى بولالايدۇ دەپ قاراپ، پەرىشتىلەرنىڭ سۈرىتىدە ياسالغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتەك خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار پەرىشتىلەرنى ئۆزلىرىگە **الله** تائالانىڭ دەرگاھىدا رىزىق، ياردەم ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئېھتىياجلىرىغا شاپائەت قىلىدۇ دەپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق **الله** تائالاغا ۋەسىلە ئىزدىدى.

بۇ يەردە، بۇلارنىڭ ئاسمان جىسىملىرىغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت خاتالىقلىرىنى ۋە گۇمراھلىقلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇلار ئىبادەت قىلغان ئاسمان جىسىملىرى بولسا، ئاي، كۈن، ئەتارىت، زۇھەر، مىررىخ، مۇشتەرى، زۆھرەلەردىن ئىبارەت تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز يەتتە يۇلتۇزدۇر.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدە يورۇقلۇق دەرىجىسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان قۇياشتۇر. ئاندىن قالسا ئاي، ئاندىن قالسا، زۆھرە يۇلتۇزىدۇر. شۇڭا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىرىنچى بولۇپ زۆھرە دېگەن يۇلتۇزنىڭ ئىلاھ قىلىنىشقا لايىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى. چۈنكى ئۇ ئوڭ - سولغا ئازراقمۇ چەتنەپ كەتمەي، بەلگىلىگەن مۇئەييەن بىر دائىرە ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشقا بېكىتىلىپ كېتىلگەن يۇلتۇزدۇر. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن كىچىككىنە بىرەر ئىش قىلىشقىمۇ قادىر ئەمەستۇر. بەلكى ئۇ **الله** تائالا چوڭ بىر ھېكمەت ئۈچۈن نۇرلۇق قىلىپ ياراتقان ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر جىسىمدۇر. ئۇ شەرقتىن چىقىپ، غەرب تەرەپكە قاراپ ئۆز يولىدا ماڭىدىغان، مۇساپىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن كۆزدىن ئاستاغىنا غايىب بولىدىغان، ئاندىن ئىككىنچى كېچىسىمۇ شۇ يوسۇندا ھەرىكەت قىلىدىغان بىر جىسىمدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق بىر جىسىمنىڭ ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ قىلىنىشقا لايىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى.

ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭمۇ يۇلتۇزغا ئوخشاش ئىلاھ قىلىنىشقا لايىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى. ئاندىن قۇياشتا توختىلىپ، ئۇنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى. كۆزگە ئەڭ يورۇق بولۇپ كۆرۈنىدىغان يۇقىرىقى ئۈچ ئاسمان جىسمىنىڭ ئىلاھ قىلىنىشقا لايىق ئەمەسلىكى ئايدىڭلاشقاندا ۋە بۇ ھەقىقەت كەسكىن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: ﴿**«ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا - جۇدامەن**﴾ يەنى مەن ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ئۇلارنى ئۆزەمگە ئىلاھ قىلىشتىن ئادا - جۇدامەن. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار ۋە مۆھلەت بەرمەڭلار، - دېدى.

﴿**مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»**﴾ يەنى مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، ئۇنى پەيدا قىلغۇچىسى، بويسۇندۇرغۇچىسى، ئۇنىڭ مېڭىشلىرىنى بېكىتكۈچى، ئۇنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچى، ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئۇنىڭ قولىدا بولغان ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋەردىگارى، ئىگىسى ۋە ئىلاھى بولغان بىر **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىمەن.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار **الله** ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، **الله** كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن)

كۆندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ **الله** قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى **الله** نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا **الله** نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى **الله** نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر﴾[1].

**الله** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(مۇسا، ھارۇنلاردىن بۇرۇن) بىز ئىبراھىمغا ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق، بىز ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەھلى) ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم (كۇففارلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى مەنسىتمەي) ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)» دېدى. ئۇلار: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ (پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر» دېدى. ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن﴾[2].

بۇ يەردە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ **الله** تائالانى تونۇش يولىدىكى پىكىر يۈرگۈزگۈچى ئەمەس، بەلكى شېرىك ئۈستىدىكى قەۋملەر بىلەن **الله** تائالا يولىدا مۇنازىرىلەشكۈچى ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

* * * * * * *

وَحَآجَّهُۥ قَوۡمُهُۥۚ قَالَ أَتُحَـٰٓجُّوٓنِّي فِي ٱللَّهِ وَقَدۡ هَدَىٰنِۚ وَلَآ أَخَافُ مَا تُشۡرِكُونَ بِهِۦٓ إِلَّآ أَن يَشَآءَ رَبِّي
شَيۡـٔٗاۚ وَسِعَ رَبِّي كُلَّ شَيۡءٍ عِلۡمًاۚ أَفَلَا تَتَذَكَّرُونَ ﴿٨٠﴾ وَكَيۡفَ أَخَافُ مَآ أَشۡرَكۡتُمۡ
وَلَا تَخَافُونَ أَنَّكُمۡ أَشۡرَكۡتُم بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ عَلَيۡكُمۡ سُلۡطَٰنٗاۚ فَأَيُّ ٱلۡفَرِيقَيۡنِ أَحَقُّ
بِٱلۡأَمۡنِۖ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٨١﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمۡ يَلۡبِسُوٓاْ إِيمَٰنَهُم بِظُلۡمٍ أُوْلَـٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلۡأَمۡنُ وَهُم
مُّهۡتَدُونَ ﴿٨٢﴾ وَتِلۡكَ حُجَّتُنَآ ءَاتَيۡنَٰهَآ إِبۡرَٰهِيمَ عَلَىٰ قَوۡمِهِۦۚ نَرۡفَعُ دَرَجَٰتٖ مَّن نَّشَآءُۗ إِنَّ رَبَّكَ
حَكِيمٌ عَلِيمٞ ﴿٨٣﴾

ئىبراھىمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى، ئىبراھىم ئېيتتىكى، «مېنى **الله** ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مەن بىلەن **الله** (نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ **الله** غا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە

(1) ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەت.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 51 ـــ 56 ـ ئايەتكىچە.

نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، (مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلىمامسىلەر!﴿80﴾ ﷲ نىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە ﷲ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى ﷲ غا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك»﴿81﴾. ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴿82﴾. ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر، خالىغان كىشىمىزنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز، پەرۋەردىگارىڭ ھەققەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿83﴾.

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمى بىلەن تەۋھىد ھەققىدە مۇنازىرىلەشكەنلىكى ۋە قەۋمىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ناتوغرا سۆزلىرى ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن جېدەللەشكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿«مېنى ﷲ ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مەن بىلەن ﷲ (نىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟﴾** يەنى سىلەر مەن بىلەن ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ بولمىغان ﷲ توغرۇلۇق جېدەللىشەمسىلەر؟ ئۇ ماڭا ھەققەتنى كۆرسەتتى. مېنى شۇنىڭغا باشلىدى. مەن ﷲ توغرىسىدا ئوچۇق پاكىت ئۈستىدەدۇرمەن. ئۇنداق بولغان ئىكەن، مەن سىلەرنىڭ سەپسەتەڭلەر ۋە خاتا قارىشىڭلارغا قانداقمۇ ئەگىشەي؟!

**﴿مەن سىلەرنىڭ ﷲ غا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ﴾** يەنى سىلەرنىڭ قارىشىڭلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر پاكىت شۇكى، سىلەر ئىلاھ دەپ چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلارنىڭ ھېچقانداق بىر نەرسىگە تەسىر يەتكۈزەلمەسلىكىدۇر. مەن شۇڭا بۇ ئىلاھىڭلاردىن قورقۇپ قالمايمەن. ئەگەر ئۇ ئىلاھلارنىڭ قولىدىن بىرەر سۇيىقەست قىلىش كەلسە، ماڭا ھەممىڭلار ئۇنىڭ بىلەن سۇيىقەست قىلىۋېرىڭلار. ماڭا مۆھلەتمۇ بەرمەڭلار، بەلكى سۇيىقەست قىلىشنى تېزلىتىڭلار. ھەقىقەتتە پەقەت ﷲ تائالالا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ.

**﴿پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان﴾** يەنى ﷲ تائالانىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ﷲ تائالانىڭ بىلىمىدىن ھېچقانداق نەرسە يوشۇرۇن بولمايدۇ.

**﴿(مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلىمامسىلەر!﴾** يەنى مەن سىلەرگە بايان قىلىپ بەرگەن ھەقىقەتنى ئويلىمامسىلەر؟ سىلەر مۇشۇ ئىلاھلارنىڭ يالغان ئىكەنلىكىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن يانمامسىلەر؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان بۇ مۇنازىرىسى ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئاد بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىگە ئوخشايدۇ. ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە (ئۆزەڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان) ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز ۋە سېنىڭ (پەيغەمبەرلىكىڭگە) ئىشەنمەيمىز. بىز پەقەت

سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز» ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن اللّٰه نى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ اللّٰه نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللّٰه غا مەن تەۋەككۈل قىلدىم، اللّٰه نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچكىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ)﴾[1].

﴿**اللّٰه نىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە اللّٰه سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم!**﴾ اللّٰه تائالا ئۆزىنىڭ بىرەر شېرىكى بارلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر پاكىت چۈشۈرمىگەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلارنىڭ اللّٰه رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾[2]، ﴿بۇ بۇتلار پەقەت سىلەر ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئاتىۋالغان قۇرۇق ناملاردىنلا ئىبارەت، اللّٰه بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھېچبىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرگىنى يوق﴾[3].

﴿**ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك»**﴾ يەنى ئىككى گۇرۇھنىڭ قايسىسى ھەق ئۈستىدە؟ قولىدىن پايدا ـ زىيان كېلىدىغان زاتقا ئىبادەت قىلغانلارمۇ ياكى پايدا ـ زىيان كەلتۈرەلمەيدىغان، ئىلاھلىقىغا ھېچقانداق دەلىل ـ پاكىتى بولمىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلغانلارمۇ؟ ئۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ قايسىسى قىيامەت كۈنى اللّٰه تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قېلىشقا ھەقلىق بولىدۇ؟

﴿**ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر**﴾ يەنى ئىبادەتنى شېرىكى يوق، بىر اللّٰه تائالاغىلا قىلغان ۋە اللّٰه تائالاغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ئاشۇ كىشىلەر، قىيامەت كۈنى اللّٰه تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالغۇچىلاردۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقىقەتكە باشلانغۇچىلاردۇر.

## شېرىكنىڭ ئەڭ چوڭ زۇلۇم ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر**﴾ دېگەن ئايەت چۈشكەندە، ساھابىلەر: قايسى بىرىمىز ئۆز ـ ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلمايمىز؟ ـ[4] دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، اللّٰه تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿شېرىك

(1) ھۇد سۈرىسى 53 ـــ 56 ـ ئايەتكىچە.
(2) شۇرا سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نەجم سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) اللّٰه تائالانىڭ: ﴿**ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان**﴾ دېگەن ئايىتىدىكى مۇشرىكلىكنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز ئەسلىدە زۇلۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، بۇنداق بولغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرمىغان، ـ دېگەن مەنىدە بولىدۇ. شۇڭا ساھابىلەر زۇلۇم سۆزىنى ئادەتتىكى زۇلۇم دەپ چۈشىنىپ قالغان.

كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر﴾[1].

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿**ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر**﴾ دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، بۇ ساھابىلەرگە ئېغىر تۇيۇلۇپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى بىرىمىز ئۆز ـ ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلمايمىز؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى سىلەر چۈشەنگەندەك ئەمەس، سىلەر **الله** تائالانىڭ ياخشى بەندىسىنىڭ: ﴿ئى ئوغۇلچىقىم، **الله** غا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر﴾[2] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ئۇ پەقەت **الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر» دېدى.

﴿**ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر**﴾ يەنى بىز ئىبراھىمنىڭ دەلىلىنى ئۇلارغا قارشى يۈزلەندۈردۇق.

مۇجاھىد ۋە باشقىلار: **الله** تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن دەلىللىرىدىن: ﴿**الله نىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە الله سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك»**﴾ دېگەن ئايەتتە كەلگەن (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ) دەلىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

**الله** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى راستچىلغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ **الله** تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدىغان ھىدايەت ۋە توغرا يول ئۈستىدىكى كىشىلەردىن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر**﴾.

﴿**ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر، خالىغان كىشىمىزنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ھېكمەتلىكتۇر. ھىدايەتكە ماڭىدىغان كىشىنى ۋە بارلىق دەلىل ـ ئىسپاتلار تۇرغۇزۇلسىمۇ، ئېزىپ كېتىدىغان كىشىنى بىلگۈچىدۇر. **الله** تائالا ئېزىپ كېتىدىغان كىشىلەرگە دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[3]، ﴿**پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

(1) لوقمان سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) لوقمان سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 96 ــــ 97 ـ ئايەتلەر.

وَوَهَبْنَا لَهُۥٓ إِسْحَٰقَ وَيَعْقُوبَ ۚ كُلًّا هَدَيْنَا ۚ وَنُوحًا هَدَيْنَا مِن قَبْلُ ۖ وَمِن ذُرِّيَّتِهِۦ دَاوُۥدَ
وَسُلَيْمَٰنَ وَأَيُّوبَ وَيُوسُفَ وَمُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ۚ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٨٤﴾ وَزَكَرِيَّا وَيَحْيَىٰ
وَعِيسَىٰ وَإِلْيَاسَ ۖ كُلٌّ مِّنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٥﴾ وَإِسْمَٰعِيلَ وَٱلْيَسَعَ وَيُونُسَ وَلُوطًا ۚ وَكُلًّا
فَضَّلْنَا عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٨٦﴾ وَمِنْ ءَابَآئِهِمْ وَذُرِّيَّٰتِهِمْ وَإِخْوَٰنِهِمْ ۖ وَٱجْتَبَيْنَٰهُمْ وَهَدَيْنَٰهُمْ إِلَىٰ صِرَٰطٍ
مُّسْتَقِيمٍ ﴿٨٧﴾ ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهْدِى بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۚ وَلَوْ أَشْرَكُوا۟ لَحَبِطَ عَنْهُم مَّا كَانُوا۟
يَعْمَلُونَ ﴿٨٨﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحُكْمَ وَٱلنُّبُوَّةَ ۚ فَإِن يَكْفُرْ بِهَا هَٰٓؤُلَآءِ فَقَدْ وَكَّلْنَا بِهَا
قَوْمًا لَّيْسُوا۟ بِهَا بِكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُ ۖ فَبِهُدَىٰهُمُ ٱقْتَدِهْ ۗ قُل لَّآ أَسْـَٔلُكُمْ
عَلَيْهِ أَجْرًا ۖ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرَىٰ لِلْعَٰلَمِينَ ﴿٩٠﴾

بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ھىدايەت قىلدۇق. (ئىبراھىمدىن) ئىلگىرى نۇھنى ھىدايەت قىلدۇق، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز﴿84﴾. زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا ۋە ئىلياسلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر﴿85﴾. ئىسمائىل، ئىليەسە، يۇنۇس ۋە لۇتلارنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى (ئۆز زامانىدىكى) تامامى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴿86﴾. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرىنى ھىدايەت قىلدۇق، ئۇلارنى تاللىدۇق، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق﴿87﴾. اللّٰه نىڭ توغرا يولى ئەنە شۇدۇر، اللّٰه بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى شۇ يولغا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى﴿88﴾. ئۇلارغا كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق، ئەگەر بۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى (يەنى كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى) ئىنكار قىلسا، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز﴿89﴾. ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) اللّٰه ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر»﴿90﴾.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ياشانغاندا، ئۇنىڭغا ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بېرىلگەنلىكى

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېرىپ قالغاندا ۋە ئۇنىڭ ئايالى سارە بالىلىق بولۇشتىن ئۈمىد ئۈزگەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى بەرگەنلىكىنى بايان قىلدۇ.

پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى تەرەپكە كېتىۋاتقاچ يول ئۈستىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەر - ئايال ئىككىسىگە ئىسھاقتىن ئىبارەت بىر پەرزەنت

بېرىلىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بەردى. سارە بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ: ﴿«ۋىيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى. ئۇلار: «اللّٰه نىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟ اللّٰه نىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. اللّٰه ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر» دېدى﴾[1].

ئۇ ئىككىسىگە ئىسھاقنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقى ھەم ئۇنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئىسھاقتىن نەسىل قالدۇرۇلىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭغا بىز پەيغەمبەر بولىدىغان ۋە ياخشىلاردىن بولىدىغان ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾[2] بۇ ئەڭ چوڭ خۇش خەۋەر ۋە كاتتا نېئمەتتۇر.

اللّٰه تائالا بېرىلىدىغان بۇ بالىدىن نەسىل قالىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى، بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق﴾[3] يەنى سىلەر ھايات ۋاقتىڭلاردا، سىلەردىن تۇغۇلىدىغان بۇ بالىنىڭ بالىسى دۇنياغا كېلىدۇ. خۇددى سىلەر بۇ بالاڭلارنىڭ تۇغۇلغىنىغا خۇش بولغاندەك، ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگەن بالىسى ئۈچۈنمۇ شادلىنىسىلەر. چۈنكى بالىسىنىڭ بالىسى بىلەن شادلىنىش ئۆزىدىن نەسىل قالغانلىقى ئۈچۈن بولىدىغان شادلىنىشتۇر. ياشىنىپ قالغان بوۋاي ـ مومايدىن تۇغۇلغان ئىسھاقنىڭ: مەن ئاجىز تۇغۇلغانلىقىم ئۈچۈن نەسلىم قالماسمىكىن، ـ دەپ ئەنسىرەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كەلگۈسىدە يەئقۇب ئىسىملىك پەرزەنتىنىڭ بېرىلىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بېرىلدى.

بۇ بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كاپىر قەۋمىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلارنى ۋە ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، اللّٰه تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن باشقا يۇرتقا ھىجرەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر. اللّٰه تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىدىن ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا شادلىق بېغىشلىنىشى ئۈچۈن، ئۆز نەسلىدىن ئۆزىنىڭ دىنىدا بولىدىغان ياخشى ئەۋلادلارنى ئاتا قىلدى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اللّٰه نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشتى، ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرىسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق﴾[4].

**﴿بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ھىدايەت قىلدۇق. (ئىبراھىمدىن) ئىلگىرى نۇھنى ھىدايەت قىلدۇق﴾** يەنى نۇھنى ھىدايەت قىلغىنىمىزدەك، ئىبراھىمنىمۇ ھىدايەت قىلدۇق. ئۇنىڭغا ياخشى ئەۋلادلارنى ئاتا قىلدۇق.

(1) ھۇد سۈرىسى 72 ــــ 73 ـ ئايەتلەر.
(2) ساففات سۈرىسى 112 ـ ئايەت.
(3) ھۇد سۈرىسى 71 ـ ئايەت.
(4) مەريەم سۈرىسى 49 ـ ئايەت.

## نۇھ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىمتىيازلار

بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ھەر ئىككىسىگە چوڭ ـ چوڭ ئىمتىيازلار بېرىلگەن. نۇھ ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىمتىياز بولسا، ﷲ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ كېمىگە بىللە چىققان كىشىلەردىن باشقا، يەر ـ يۈزىدىكى بارلىق كىشىلەرنى سۇغا چۆكتۈرۈپ ھالاك قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلار ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن كۆپەيدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىمتىياز بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەۋەتىلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن ئەۋەتىلدى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن نۇھنى، ئىبراھىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا (ئاتا) قىلدۇق﴾[1]، ﴿ﷲ نىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئادەم (ئەلەيھىسسالام) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە سالغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز (ئىمانغا) ھىدايەت قىلغان، (پەيغەمبەرلىككە) تاللىغانلاردىندۇر، ئۇلارغا مەرھەمەتلىك ﷲ نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا سەجدە قىلغان ۋە يىغلىغان ھالدا (زېمىنغا) يىقىلدۇ﴾[2].

**﴿ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق﴾** دېگەن ئايەتتىكى «ئۇ» دېگەن بىر كىشىلىك ئالماش بولۇپ، ئايەتنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى: ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن، ـ دېگەنلىك بولىدۇ. بەزى ئالىملار: بۇ يەردىكى «ئۇ» دېگەن ئالماشتىن نۇھ ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلغان، ـ دەيدۇ. بۇنداق بولىدىغانلىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا ئايەتنىڭ مەنىسى: «نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن... ھىدايەت قىلدۇق» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇشۇنداق بولغاندا، مەنىدە ھېچقانداق بىر زىدلىق بولمايدۇ. بۇ مەنىنى ئىبنى جەرىرمۇ توغرا دەپ قارىدى.

«ئۇ» دېگەن ئالماش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. چۈنكى بۇ ئايەتتە باشتىن ـ ئاخىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدە توختالغان. شۇڭا ئالماشنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىشى توغرىراقتۇر. مۇنداق بولغاندا، ئايەتنىڭ مەنىسى: **﴿ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق﴾** دېگەن بولىدۇ.

لېكىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇشۇنداق مۇقىملاشتۇرغاندا، بۇنىڭدا بىر زىدلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ زىدلىق لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولمىسىمۇ، ئەۋلادى قاتارىدا سانىلىپ قېلىشىدۇر. چۈنكى لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ

(1) ھەدىد سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مەريەم سۈرىسى 58 ـ ئايەت.

قېرىندىشى بولغان مارانىنىڭ ئوغلىدۇر. گەرچە لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولمىسىمۇ، ئاز سانلىقنى كۆپ سانلىققا بويسۇندۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە، لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىغا قوشۇۋېتىلگەن. مەسلىنى بۇ ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلغاندا، يۇقىرىدىكى زىدلىقمۇ تۈگەيدۇ.

ئاز سانلىقنى كۆپ سانلىققا بويسۇندۇرۇپ بايان قىلىش ئۇسۇلىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: ﴿يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر **الله** غا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى﴾[1] بۇ ئايەتتە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنى ئاتا ـ بوۋىلىرى قاتارىدىن سانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىدۇر. بۇمۇ يۇقىرىقى قائىدىدىندۇر.

﴿پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ ئايرىلىپ قالماي ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى﴾[2] مانا بۇ، ئايەتتىمۇ ئىبلىس گەرچە پەرىشتىلەرنىڭ قاتارىدىن بولمىسىمۇ، يۇقىرىقى قائىدە بويىچە پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلدى ۋە سەجدە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەندى. ئۇ ئەسلىدە جىنلاردىن بولۇپ، ئوتنىڭ ئۇچقۇنىدىن يارىتىلغان، پەرىشتىلەر بولسا، نۇردىن يارىتىلغان ئىدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ (يەنە بىر قاراش بويىچە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئەۋلادىدىن ساناش بىر كىشىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىگە ئۇ كىشىنىڭ قىزىنىڭ بالىلىرىنىڭمۇ كىرىدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى قاتارىغا ئانىسى ئارقىلىق تەۋە قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى يوق. ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇھەرب ئىبنى ئەبۇئەسۋەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھەججاج يەھيا ئىبنى يەئمەرنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: سېنىڭ ماڭا ھەسەن، ھۈسەيننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىدىن دەپ قارىغانلىقىڭ ۋە شۇنداق بولىدىغانلىقىنى قۇرئاندىن كۆرگەنلىكىڭ ھەققىدە خەۋەر يەتتى. مەن قۇرئان كەرىمنى باشتىن ـ ئاخىرى ئوقۇدۇم. لېكىن ئۇنداق بولىدىغانلىقىنى ھېچ كۆرمىدىم،ـ دەيدۇ. يەھيا ئىبنى مەئمەر: سەن قۇرئاندا **الله** تائالانىڭ: **﴿ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۇسۇف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق﴾** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانمىدىڭ؟ـ دېدى. ھەججاج: ھەئە،ـ دېدى. يەھيا ئىبنى يەئمەر: ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى بولمىسىمۇ، ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ قاتارىدىن سانالمىدىمۇ؟ـ[3] دېدى. ھەججاج: توغرا ئېيتتىڭ،ـ دېدى.

(1) بەقەرە سۈرىسى 133 ـ ئايەت.

(2) ھىجر سۈرىسى 30 ـــ 31 ـ ئايەتلەر.

(3) ئىسا ئەلەيھىسسالام مەريەم ئانىمىز ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تەۋە بولغاندەك، ھەسەن ۋە ھۈسەينمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە بولدى. چۈنكى، فاتىمە ھەسەن ۋە ھۈسەيننىڭ

شۇڭا بىر كىشى بىر نەرسىنى: بۇ نەرسە مېنىڭ ئەۋلادىمغا قالسۇن،ـ دەپ ۋەسىيەت قىلسا ياكى: ئۇ نەرسە ئارقىلىق قولغا كەلگەن پايدىلار مېنىڭ ئەۋلادىمغا بولسۇن ياكى بۇ نەرسىلەرنى ئەۋلادىمغا بېرىڭلار،ـ دېگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىگە ئۇ كىشىنىڭ قىزىنىڭ باللىرىمۇ كىرىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى يۇقىرىدىكى ۋەسىيەتلىرىدە: مېنىڭ بالا ـ چاقىلىرىمغا بېرىلىدۇ،ـ دېگەن بولسا، پەقەتلا شۇ كىشىنىڭ باللىرىغا ۋە ئوغۇللىرىنىڭ باللىرىغا بېرىلىدۇ. قىزىنىڭ باللىرىغا بېرىلمەيدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، ئەۋلاتلىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرىنى ھىدايەت قىلدۇق﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى، ئەۋلادلىرىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ھىدايەت ۋە توغرا يولغا باشلىنىشنىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسگە ئومۇم بولغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئۇلارنى تاللىدۇق، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلىدۇق﴾**.

## شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەمەللىرىنىمۇ بىكار قىلىۋېتىدىغانلىقى

**﴿الله نىڭ توغرا يولى ئەنە شۇدۇر، الله بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى شۇ يولغا باشلايدۇ﴾** يەنى ئۇلار شۇ توغرا يولغا پەقەت الله تائالانىڭ ئۇلارغا ئۇتۇق، ھىدايەت ئاتا قىلىشى بىلەنلا ئېرىشىدۇ.

**﴿ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى﴾** بۇ ئايەت شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ چوڭ جىنايەت، قاتتىق گۇناھ ۋە ئېغىر قىلمىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر) لەرگە: «ئەگەر سەن الله غا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن﴾[1] بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قويۇلغان شەرت بولۇپ، بۇ شەرت نەتىجىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشىنى تەلەپ قىلمايدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ شەرتنىڭ نەتىجىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ﴿«ئەگەر مېھرىبان الله نىڭ بالىسى بولىدىغان بولسا، مەن (ئۇ بالىغا) ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولاتتىم» دېگىن﴾[2]، ﴿ئەگەر بىز ئىچ پۇشۇقى قىلماقچى بولساق، قېشىمىزدىكى نەرسىلەر بىلەن قىلاتتۇق، ئەگەر (شۇنى) ئىرادە قىلغان بولساق

---

ئانىسى ئىدى.

(1) زۇمەر سۈرىسى 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) زۇخرۇف سۈرىسى 81 ـ ئايەت.

(لېكىن بۇ ئۇلۇغ زاتىمىزغا مۇھال بولغانلىقتىن ئۇنداق قىلىشنى ئىرادە قىلمىدۇق)﴾[1]، ﴿ئەگەر الله بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقات ئىچىدىن خالىغىنىنى ئىختىيار قىلاتتى، الله (بالا تۇتۇشتىن) پاكتۇر، ئۇ غالىب، بىر الله دۇر﴾[2].

﴿**ئۇلارغا كىتابنى، ھېكمەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇق**﴾ يەنى بەندىلەرگە ئۇلار ئارقىلىق رەھمەت ۋە مېھرىبانلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن، ئۇلارغا مۇشۇ نەرسىلەرنى نېئمەت قىلىپ بەردۇق.

﴿**ئەگەر بۇ مۇشرىكلار ئۇلارنى (يەنى كىتاب، ھېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى) ئىنكار قىلسا، ئۇلارنى ئىنكار قىلمايدىغان باشقا بىر قەۋمگە تاپشۇرىمىز**﴾ يەنى قۇرەيش ۋە ئۇلاردىن باشقا، مەيلى ئەرەب ياكى ئەرەبتىن باشقا مىللەتلەر بولسۇن، ياكى كىتاب بېرىلگەن ۋە كىتاب بېرىلمىگەنلەر بولسۇن، شۇ نېئمەتلەرنى ئىنكار قىلسا، ئۇ نېئمەتلەرنى باشقا بىر قەۋمگە يەنى ئۇ نېئمەتلەرنىڭ ئىچىدىن كىچىككىنىمۇ بىر نەرسىنى ئىنكار قىلمايدىغان، رەت قىلمايدىغان، بەلكى ئۇ نېئمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان ئېيتىدىغان مۇھاجىر، ئەنسارى ۋە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكۈچىلىرىگە بېرىمىز. الله تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، پەزلىتى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن بىزنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغاي!

ئاندىن الله تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿**ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر)**﴾ بۇلارنىڭ ئىچىگە ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، قېرىنداشلىرى ۋە ئەۋلادلىرىمۇ كىرىدۇ. ﴿**الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر**﴾ يەنى پەقەت ئۇلارلا ھىدايەتكە ئېرىشكەن كىشىلەردۇر.

﴿**ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن**﴾ يەنى ئۇلارغا ئەگەشكىن! بۇ بۇيرۇق قارىماققا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بۇيرۇق بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ ئۈممىتىمۇ كىرىدۇ.

ئىمام بۇخارى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مۇجاھىد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: ساد سۈرىسىدە سەجدە ئايىتى بارمۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ. ئىبنى ئابباس: ھەئە، بار، ـ دەپ: ﴿**بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق... ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن**﴾ دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ: داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ قاتارىدىندۇر[3]، ـ دېدى.

﴿**(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن**﴾ يەنى مېنىڭ سىلەرگە بۇ قۇرئاننى يەتكۈزگەنلىكىم ئۈچۈن،



(1) ئەنبىيا سۈرىسى 17 ـ ئايەت.
(2) زۇمەر سۈرىسى 4 ـ ئايەت.
(3) ساد سۈرىسىدىكى سەجدە ئايىتى بولسا: ﴿**داۋۇد بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى. پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، سەجدىگە باردى. (الله غا) تەۋبە قىلدى**﴾ دېگەن ئايەتتۇر. بۇ ئايەتتە ئەسلى سەجدە قىلغۇچى داۋۇد ئەلەيھىسسالام بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇجاھىد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۇ سەجدە قىلغان مۇشۇ ئايەتكە كەلگەندە، بىزنىڭ سەجدە قىلىدىغان قىلمايدىغانلىقىمىز ھەققىدە سورىغان ئىدى. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا يۇقىرىدا دېگەندەك: «داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان پەيغەمبەرلەردىندۇر» دېگەن سۆزى بىلەن، بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىنىڭمۇ سەجدە قىلىشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن.

﴿**قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر»**﴾ يەنى جاھان ئەھلى شۇ قۇرئاندىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىپ ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە، گۇمراھلىقتىن توغرا يولغا ۋە كۇپۇرلۇقتىن ئىمانغا چىقىدۇ.

* * * * * * *

وَمَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِۦٓ إِذْ قَالُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَىٰ بَشَرٍ مِّن شَىْءٍ ۗ قُلْ مَنْ أَنزَلَ ٱلْكِتَـٰبَ ٱلَّذِى جَآءَ بِهِۦ
مُوسَىٰ نُورًا وَهُدًى لِّلنَّاسِ ۖ تَجْعَلُونَهُۥ قَرَاطِيسَ تُبْدُونَهَا وَتُخْفُونَ كَثِيرًا ۖ وَعُلِّمْتُم مَّا لَمْ تَعْلَمُوٓاْ أَنتُمْ وَلَآ
ءَابَآؤُكُمْ ۖ قُلِ ٱللَّهُ ۖ ثُمَّ ذَرْهُمْ فِى خَوْضِهِمْ يَلْعَبُونَ ﴿٩١﴾ وَهَـٰذَا كِتَـٰبٌ أَنزَلْنَـٰهُ مُبَارَكٌ مُّصَدِّقُ ٱلَّذِى
بَيْنَ يَدَيْهِ وَلِتُنذِرَ أُمَّ ٱلْقُرَىٰ وَمَنْ حَوْلَهَا ۚ وَٱلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِٱلْـَٔاخِرَةِ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۖ وَهُمْ عَلَىٰ صَلَاتِهِمْ
يُحَافِظُونَ ﴿٩٢﴾

ئۇلار **الله** نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى، ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆز ۋاقتىدا: «**الله** ھېچكىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى» دېدى (يەنى ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟ ئۇ كىتابنى پارچە ـ پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. (ئى يەھۇدىيلار!) سىلەرگە ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى، (بۇ قۇرئاننى) **الله** (نازىل قىلدى)». ئاندىن ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار باتىللىرىدا (يەنى قالايمىقان سۆزلىرىدە) ئويناپ يۈرسۇن﴿91﴾. بۇ (قۇرئان) مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىدىغانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىدۇ﴿92﴾.

## پەيغەمبەرنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن چىقىرىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كىتاب نازىل قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿**ئۇلار الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى**﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالانى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۇلۇغلىمىدى. چۈنكى ئۇلار **الله** تائالانىڭ ئۇلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىر قاتارلىقلار: بۇ ئايەت قۇرەيشلىكلەر توغرىسىدا چۈشتى، ـ دېدى. بۇ ئايەت: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا: «الله ھېچكىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى»**﴾ دېگەن بىر تۈركۈم يەھۇدىيلار توغرىسىدا چۈشتى، ـ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

**الله** تائالا كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلاردىن بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قالىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانلارنىڭ بىرىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا):

ئىنسانلار (يەنى كاپىرلار) نى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھىي قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟﴾[1]، ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى «الله ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ؟» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق»﴾[2].

**﴿ئۇلار الله نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى، ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆز ۋاقتىدا: «الله ھېچكىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى» دېدى (يەنى ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى)﴾** ئاندىن الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزى تەرىپىدىن بىرەر كىشىگە ۋەھيىنىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشنى بۇيرۇدى. **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟﴾** يەنى ئۇ بولسىمۇ، سىلەر بىلىدىغان تەۋراتتۇر. كىشىلەر تەۋرات بىلەن قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلسۇن ۋە گۇمراھلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن توغرا يولغا چىقسۇن دەپ، الله تائالانىڭ تەۋراتنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ.

**﴿ئۇ كىتابنى پارچە ـ پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر﴾** يەنى سىلەر ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى قولۇڭلاردىكى كىتابتىن پارچە ـ پارچە قىلىپ قەغەزگە كۆچۈرۈپ يازىسىلەر. ئۇنىڭدىن خالىغىنىڭلارنى ئالماشتۇرۇسىلەر، خالىغىنىڭلارنى ئۆزگەرتىسىلەر ۋە خالىغىنىڭلارنى باشقا مەنىگە بۇراپ: بۇ الله تائالا تەرىپىدىن مۇشۇنداق چۈشكەن،ـ دەيسىلەر. ئەمەلىيەتتە، ئۇ الله تائالا تەرىپىدىن چۈشكەن ئەمەستۇر.

**﴿(ئى يەھۇدىيلار!) سىلەرگە ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى﴾** يەنى الله تائالا سىلەرگە ئىلگىرى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ خەۋىرىنى، سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلار بىلمەيدىغان كېلەچەكنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلدۈرگەن شۇ قۇرئاننى كىم نازىل قىلدى؟ **﴿(بۇ قۇرئاننى) الله (نازىل قىلدى)»﴾**.

**﴿ئاندىن ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار باتىللىرىدا (يەنى قالايمىقان سۆزلىرىدە) ئويناپ يۈرسۇن﴾** يەنى ئۇلارنى تاشلىغىن! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقى، گۇمراھلىقلىرىدا تاكى ئۇلارغا قىيامەت كەلگۈچە ئوينىسۇن. ئۇلار ياخشى ئاقىۋەتنىڭ ئۆزلىرىگە ياكى مۆمىنلەرگە ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلىدۇ.

**﴿بۇ (قۇرئان) مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىز نازىل قىلغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر﴾** يەنى ئۇ قۇرئان مەككىلىكلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەب ياكى باشقا مىللەتتىن بولسۇن، بارلىق كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن نازىل قىلىندى.

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 94 ـــ 95 ـ ئايەتلەر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[1]، ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى﴾[2]، ﴿كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[3]، ﴿پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[4]، ﴿كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۈممىلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): « مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، الله بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[5].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا مەندىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا بېرىلمىگەن بەش خىل ئالاھىدىلىك بېرىلدى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بەش خىل ئالاھىدىلىكنىڭ بىرىنى مۇنداق بايان قىلدى: «بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر پەقەت ئۆزىنىڭ قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى، مەن بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم».

**﴿ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىدىغانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! كىمكى الله تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، قۇرئاندىن ئىبارەت ساڭا نازىل قىلىنغان بۇ مۇبارەك كىتابىمىزغا ئىشىنىدۇ.

**﴿ئۇلار نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىدۇ﴾** يەنى ئۆزلىرىگە پەرز قىلىنغان نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىدۇ.

*******

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ قَالَ أُوحِىَ إِلَىَّ وَلَمْ يُوحَ إِلَيْهِ شَىْءٌ وَمَن قَالَ سَأُنزِلُ مِثْلَ مَآ
أَنزَلَ ٱللَّهُ وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلظَّٰلِمُونَ فِى غَمَرَٰتِ ٱلْمَوْتِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةُ بَاسِطُوٓا۟ أَيْدِيهِمْ أَخْرِجُوٓا۟
أَنفُسَكُمُ ٱلْيَوْمَ تُجْزَوْنَ عَذَابَ ٱلْهُونِ بِمَا كُنتُمْ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ غَيْرَ ٱلْحَقِّ وَكُنتُمْ عَنْ
ءَايَٰتِهِۦ تَسْتَكْبِرُونَ ﴿٩٣﴾ وَلَقَدْ جِئْتُمُونَا فُرَٰدَىٰ كَمَا خَلَقْنَٰكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَتَرَكْتُم مَّا خَوَّلْنَٰكُمْ وَرَآءَ
ظُهُورِكُمْ وَمَا نَرَىٰ مَعَكُمْ شُفَعَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ زَعَمْتُمْ أَنَّهُمْ فِيكُمْ شُرَكَٰٓؤُا۟ لَقَد تَّقَطَّعَ بَيْنَكُمْ وَضَلَّ
عَنكُم مَّا كُنتُمْ تَزْعُمُونَ ﴿٩٤﴾

(1) ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھۇد سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) فۇرقان سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(5) ئال ئىمران سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللە غا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيى قىلىندى دېگەن، ياكى اللە نازىل قىلغاندەك مەنمۇ كىتاب نازىل قىلالايمەن دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشىلەر بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتىقا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرىسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: «سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر اللە توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئىپتىرا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە اللە نىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ﴿93﴾. بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق، دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار، سىلەرگە بىز ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا (يەنى دۇنيادا) قويۇپ كەلدىڭلار، (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتا) اللە نىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلغان شاپائەتچىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن ئۈزۈلدى، سىلەر (شاپائەت قىلىدۇ) دەپ گۇمان قىلغان بۇتلار بەربات بولدى﴿94﴾.

## اللە تائالاغا بوھتان چاپلىغان ۋە ئۆزىگە ۋەھيي چۈشكەنلىكىنى دەۋا قىلغان كىشىدىن ئارتۇق ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىنىڭ يوقلۇقى

**﴿اللە غا يالغان چاپلىغان ياكى ئۆزىگە ھېچ نەرسە ۋەھيى قىلىنمىغان تۇرۇقلۇق، ماڭا ۋەھيى قىلىندى دېگەن، ياكى اللە نازىل قىلغاندەك مەنمۇ كىتاب نازىل قىلالايمەن دېگەن كىشىلەردىنمۇ زالىم كىشىلەر بارمۇ؟﴾** يەنى اللە تائالاغا بوھتان توقۇپ: ئۇنىڭ شېرىكلىرى ياكى بالىسى بار،ـ دېگەن ياكى اللە تائالا ئۇنى پەيغەمبەر قىلمىسىمۇ، مېنى اللە تائالا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى،ـ دەپ دەۋا قىلغان ۋەياكى اللە تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىگە ئۆزىنىڭ توقۇغان سۆزلىرى بىلەن قارشى تۇرماقچى بولغانلىقىنى دەۋا قىلغان كىشىدىنمۇ ئارتۇق ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچى يوقتۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار: «بىز (بۇ سۆزلەرنى) ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايتتۇق، بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر» دېدى﴾[1].

## ئۆزلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچىلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللىرى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتىقا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرىسەن)﴾** يەنى سەكراتتىقا چۈشۈپ قىينىلىۋاتقان ۋاقتىدا، **﴿پەرىشتىلەر**

(1) ئەنفال سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

**(يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ﴾** يەنى قوللىرىنى ئۇرۇش ئۈچۈن سۇنۇپ.

زەھھاك ئەبۇسالىھ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، ئازاب پەرىشتىلىرى قوللىرىنى ئازابلاش ئۈچۈن سۇنىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. **الله** تائالا ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ كاپىرلارنى ئۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرىشتىلەر (بەدرى ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ). (پەرىشتىلەر ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» (دەيتتى)﴾[1].

**﴿پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ﴾** يەنى ئۇلار كاپىرلارنىڭ جانلىرى جەسەدلىرىدىن چىققۇچە قوللىرى بىلەن ئۇلارنى ئۇرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: **﴿«سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار!﴾** يەنى كاپىر سەكراتقا چۈشكەندە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئازاب، قىيىن ـ قىستاق، زەنجىر ـ كىشەنلەر، دوزاختىكى قىززىق قايناقسۇ ۋە **الله** تائالانىڭ غەزىپى بىلەن شۇم خەۋەر بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قورقۇنچتىن جېنى جەسىتىگە قايتا تاراپ كېتىدۇ ۋە چىقىشقا ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەرىشتىلەر تاكى ئۇنىڭ جېنى تېنىدىن ئايرىلىپ چىققۇچە ئۇرىدۇ.

**﴿«سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر الله توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئۇيتىرا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر» دەيدۇ﴾** يەنى سىلەر **الله** تائالاغا بوھتان چاپلىغانلىقىڭلار، ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئەگىشىشتىن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە بويسۇنۇشتىن باشباشتاقلىق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن ئەڭ قاتتىق خارلىققا ئۇچرايسىلەر. مۆمىن ۋە كاپىرلارنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ھالەتلىرىنى بايان قىلىپ كەلگەن كۆپلىگەن كۈچلۈك ھەدىسلەر بار. بۇ ھەدىسلەر ئىبراھىم سۈرىسى 27 ـ ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنىدۇ.

**﴿بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق، دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار﴾** بۇ سۆز ئۇلارغا قىيامەت كۈنى دېيىلىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ ـ سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ، (كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار﴾[2] يەنى بىز سىلەرنى قانداق ياراتقان بولساق، شۇ پېتى قايتۇرۇپ كەلدۇق. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلاتتىڭلار ۋە يىراق دەپ ئويلايتتىڭلار. مانا بۇ، قىيامەت كۈنىدۇر.

**﴿سىلەرگە بىز ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا (يەنى دۇنيادا) قويۇپ كەلدىڭلار﴾** يەنى سىلەر ئۆزەڭلار ئۈچۈن دۇنيادا توپلىغان نېئمەت ۋە مال ـ دۇنيالارنى شۇ دۇنيادا قويۇپ كەلدىڭلار.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەم بالىسى، مېنىڭ مېلىم، مېنىڭ مېلىم!ـ دەيدۇ. ئى ئادەم بالىسى! سېنىڭ مېلىڭدىن يەپ

(1) ئەنفال سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(2) كەھف سۈرىسى 48 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تۆگەتكىنىڭ، كىيىپ كونىراتقىنىڭ ۋە سەدىقە قىلىپ **الله** تائالانىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزىۋەتكىنىڭلا ساڭا ھېساب، قالغىنى باشقا كىشىلەر ئۈچۈندۇر».

ھەسەنبەسرى: قىيامەت كۈنى بىر ئىنسان خارلىقتا ۋە ئاددىيلىقتا خۇددى ئوغلاققا ئوخشاش كەلتۈرۈلىدۇ. **الله** تائالا ئۇنىڭغا: قېنى سېنىڭ يىغقان ماللىرىڭ؟ـ دەيدۇ. ئۇ ئىنسان: ئى پەرۋەردىگارىم! مالنى توپلىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ھەممىسنى دۇنيادا قويۇپ كەلدىم، ـ دەيدۇ. **الله** تائالا ئۇنىڭغا: ئى ئىنسان! سېنىڭ ئۆزەڭ ئۈچۈن قىلغان ئىبادەتلىرىڭ قېنى؟ـ دەيدۇ. ئۇ ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ـ دەپ: ﴿**بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق، دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم رىۋايەت قىلغان.

﴿**(ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتا) الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلغان شاپائەتچىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟**﴾ بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ ئەگەر قىيامەت بولۇپ قالسا، ئۆزلىرىگە دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئەسقىتىدۇ دەپ گۇمان قىلىشىپ، دۇنيادا بۇتلارنى ۋە **الله** تائالانىڭ ئوخشاشلىرى دەپ قارىغان نەرسىلىرىنى **الله** تائالانىڭ شېرىكلىرى دەپ قارىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەيىبلەش ۋە تەنقىد قىلىش ئۈچۈن كەلگەندۇر.

قىيامەت بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ. ئۇلارنى ئازدۇرغان نەرسىلەر ئۇلاردىن يوقىلىدۇ. ئۇلارنىڭ **الله** تائالانىڭ شېرىكى دەپ بوھتان قىلغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ. **الله** تائالا پۈتۈن خالايىقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، مۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ: ﴿سىلەر گۇمان قىلغان مېنىڭ شېرىكلىرىم قەيەردە؟﴾[1] ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ﴿«سىلەر ئىلگىرى **الله** نى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قەيەردە؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرىگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟»﴾[2].

﴿**(ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتا) الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلغان شاپائەتچىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟**﴾ يەنى سىلەر ئىبادەتلەردە **الله** تائالاغا شېرىك قىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟

﴿**ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن ئۈزۈلدى**﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى. ﴿**سىلەر (شاپائەت قىلىدۇ) دەپ گۇمان قىلغان بۇتلار بەربات بولدى**﴾ يەنى سىلەرنىڭ بۇتلاردىن قىلغان تەمە ـ ئارزۇيۇڭلار بەربات بولدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر: «كاشكى بىزلەرگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ. **الله** ئۇلارغا (يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ﴾[3]، ﴿سۈر

(1) قەسەس سۈرىسى 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 92 ـــ 93 ـ ئايەتلەر.
(3) بەقەرە سۈرىسى 166 ـــ 167 ـ ئايەتلەر.

چىلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ﴾[1]، ﴿ئىبراھىم ئېيتتى: «بۇ دۇنيادا (بۇتلارغا چوقۇنۇش مەقسىتىدە يىغىلىشىڭلارنىڭ) ئاراڭلاردىكى دوستلۇققا سەۋەب بولۇشى ئۈچۈن، **الله** نى قويۇپ بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار، ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلارنى بەزىڭلار ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە لەنەت ئوقۇيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى دوستلۇقى **الله** ئۈچۈن بولغان ئەمەس)، سىلەرنىڭ جايىڭلار دوزاخ بولىدۇ، سىلەرنى (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ»﴾[2]، ﴿ئۇلارغا: «شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار» دېيىلگەن ھامان، ئۇلار شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىنى چاقىرىدۇ، ئۇلاردىن جاۋاب كەلمەيدۇ، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا، (كاپىر بولغانلىقلىرىغا نادامەت قىلىپ) (دۇنيادىكى ۋاقتىدا) ھىدايەت تاپقان بولۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ﴾[3]، ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: «**الله** نىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېتىقاد قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە؟» دەيمىز. ئاندىن ئۇلار پەقەت ئۆزرە ئېيتىپ (دۇنيادىكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش يالغانغا ئىلتىجا قىلىپ): «پەرۋەردىگارىمىز! **الله** بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز مۇشرىك بولمىغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ (بىز مۇشرىك بولمىغان دەپ) ئۆزلىرىگە قارشى قانداق يالغان سۆزلىگەنلىكىگە قارىغىن، ئۇلارنىڭ (**الله** نىڭ شېرىكلىرى دەپ) بوھتان چاپلىغان بۇتلىرى ئۇلاردىن قاچىدۇ﴾[4] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

﴿إِنَّ ٱللَّهَ فَالِقُ ٱلْحَبِّ وَٱلنَّوَىٰ ۖ يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَمُخْرِجُ ٱلْمَيِّتِ مِنَ ٱلْحَىِّ ۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ ۖ فَأَنَّىٰ تُؤْفَكُونَ ﴿٩٥﴾ فَالِقُ ٱلْإِصْبَاحِ وَجَعَلَ ٱلَّيْلَ سَكَنًا وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ حُسْبَانًا ۚ ذَٰلِكَ تَقْدِيرُ ٱلْعَزِيزِ ٱلْعَلِيمِ ﴿٩٦﴾ وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلنُّجُومَ لِتَهْتَدُوا۟ بِهَا فِى ظُلُمَٰتِ ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ ۗ قَدْ فَصَّلْنَا ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٩٧﴾

دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن **الله** دۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ **الله** دۇر، (**الله** نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴿95﴾. **الله** سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، **الله** كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى، (سىلەرنىڭ ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن) قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى. بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى **الله** نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر ﴿96﴾. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(3) قەسەس سۈرىسى 64 ـ ئايەت.
(4) ئەنئام سۈرىسى 22 ــ 24 ـ ئايەتكىچە.

(يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. (الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (الله نىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق﴿97﴾.

## الله تائالانى (ئۇنىڭ) بەزى ئالامەتلىرى ئارقىلىق تونۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ دانلارنى ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. يەنى الله تائالا شۇ نەرسىلەرنى تۇپراق ئىچىدە يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر دانە ئۇرۇقتىن رەڭگى، شەكلى ۋە تەمى ئوخشاشمىغان دان ۋە مېۋىلەردىن ئىبارەت ھەر تۈرلۈك زىرائەتلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ.

الله تائالا: **﴿دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن الله دۇر﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى: **﴿تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ الله دۇر﴾** دېگەن ئايىتى بىلەن روشەنلەشتۈردى. يەنى الله تائالا ئۆلۈكتەك جانسىز بولغان دان، ئۇرۇقچىلاردىن تىرىك جانلىق بولغان ئۆسۈملۈكلەرنى چىقاردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (الله نىڭ قۇدرىتى كامىلەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر. بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق. ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار (الله نىڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟ الله (پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى. زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىپ مەخلۇقاتلار) نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپتى بار﴾[1].

**﴿دانلارنى ۋە ئۇرۇقچىلارنى بىخ ئۇرغۇزغۇچى ھەقىقەتەن الله دۇر، تىرىكنى ئۆلۈكتىن ۋە ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقارغۇچى ئەنە شۇ الله دۇر﴾** دېگەن بۇ ئايەت خىلمۇ خىل ئۇسلۇب بىلەن كەلگەن مەنىسى ئوخشاش ئايەتلەردۇر. بەزى ئالىملار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، الله تائالا توخۇنى تۇخۇمدىن، تۇخۇمنى توخۇدىن چىقىرىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. بەزى ئالىملار: الله تائالا ياخشى پەرزەنتنى ئەسكى ئادەمنىڭ پۇشتىدىن، ئەسكى پەرزەنتنى ياخشى ئادەمنىڭ پۇشتىدىن چىقىرىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئالىملارنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مۇشۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان مىساللىرى بار.

**﴿ئەنە شۇ الله دۇر﴾** يەنى مۇشۇ ئىشنى قىلغۇچى شېرىكى يوق، يالغۇز الله دۇر. **﴿(الله نىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟﴾** يەنى سىلەر قانداقمۇ ھەقتىن يۈز ئۆرۈيسىلەر ۋە ھەقنى تاشلاپ ناھەققە يۈزلىنىپ، الله تائالاغا باشقىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئىبادەت قىلىسىلەر؟!

(1) ياسىن سۈرىسى 33 ـــ 36 ـ ئايەتكىچە.

**﴿الله سۈبھىنى (قاراڭغۇدىن) يېرىپ چىقارغۇچىدۇر (يەنى تاڭنى يورۇتقۇچىدۇر)، الله كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى﴾** يەنى الله تائالا ئۆزى يورۇقلۇقنى ۋە قاراڭغۇلۇقنى ياراتقۇچىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان اللهغا خاستۇر! ئاندىن (يەنى مۇشۇنداق دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ) كاپىرلار پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ﴾[1] الله تائالا تاڭنى يورۇتۇپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بارلىق نەرسىلەر يورۇقلۇققا چىقىپ، جاھان يورۇپ كېتىدۇ. قاراڭغۇلۇق يوقاپ كېچە تۈگەيدۇ. كۈندۈز يورۇقلۇقى بىلەن كېلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)﴾[2] يەنى الله تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىنى، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چوڭلۇقىنى ئۇقتۇرىدىغان، ئوخشاشمىغان، بىر ـ بىرىگە قارشى نەرسىلەرنى يارىتالايدىغان قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ قاراڭغۇدىن يورۇقلۇقنى يېرىپ چىقارغۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

**﴿الله كېچىنى (سىلەر ئۈچۈن) ئىستىراھەت قىلىپ ياراتتى﴾** يەنى ھەممە نەرسىنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن، كېچىنى قاتتىق قاراڭغۇ قىلىپ بەردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى﴾[3]، ﴿قاراڭغۇلۇقى ئالەمنى قاپلىغان كېچە بىلەن قەسەمكى. يورۇغان چاغدىكى كۈندۈز بىلەن قەسەمكى﴾[4]، ﴿قۇياشنى ئاشكارا قىلغان كۈندۈز بىلەن قەسەمكى. قۇياشنى يوشۇرغان چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى﴾[5].

**﴿(سىلەرنىڭ) ۋاقىت ھېسابلىشىڭلار ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى ياراتتى﴾** يەنى قۇياش بىلەن ئاي ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان، بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان، ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ۋە قانۇنلاشتۇرۇلغان ناھايىتى نازۇك بىر ھېساب بىلەن ماڭىدۇ. شۇنداق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ياز ۋە قىش مەزگىللىرىدە ماڭىدىغان مەخسۇس يوللىرى بار. ئۇلارنىڭ شۇ يوللاردا مېڭىشى بىلەن قىش ۋە يازلاردىكى كۈنلەرنىڭ ئۇزىرىشى ۋە قىسقىرىشى مەيدانغا كېلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ

(1) ئەنئام سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) زۇھا سۈرىسى 1 ــ 2 ـ ئايەتلەر.
(4) لەيل سۈرىسى 1 ــ 2 ـ ئايەتلەر.
(5) شەمس سۈرىسى 3 ــ 4 ـ ئايەتلەر.

ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1]، ﴿اللّٰه قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلىپ ياراتتى، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئايغا مەنزىللەرنى (يەنى بۇرۇجلارنى) تەيىن قىلدى﴾[2]، ﴿اللّٰه قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى اللّٰه نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى﴾[3].

**﴿بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾** يەنى ھېچبىر ئىشتا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، قارشىلىق بىلدۈرۈلمەيدىغان، غالىب، ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ئۇنىڭ ئىلمىدىن يوشۇرۇن قالماي، ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى اللّٰه تائالانىڭ بېكىتكەن تۈزۈملىرى بويىچە ماڭغۇچىدۇر.

اللّٰه تائالا كېچە ـ كۈندۈز، قۇياش ۋە ئايلارنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلغاندا، كۆپىنچە سۆزنى: «غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى» دېگەن سۆزلەر بىلەن تاماملايدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ شۇنداق قىلغان:

﴿ئۇلارغا (اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز ـ دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز ـ دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ. كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر﴾[4]، ﴿اللّٰه يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه نىڭ تەقدىرىدۇر﴾[5].

**﴿قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن اللّٰه سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى﴾** بەزى سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دېدى: كىمكى مۇشۇ يۇلتۇزلاردا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئىشتىن باشقىچە ئىش بار دەپ قارىسا، ئۇ كىشى خاتالاشقان ۋە اللّٰه تائالاغا بوھتان چاپلىغان بولىدۇ. ئۇ ئۈچ ئىش: ھەقىقەتەن اللّٰه تائالا يۇلتۇزلارنى ئاسمانلارنى زىننەتلىگۈچى، شەيتانلارنى قوغلىغۇچى ۋە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئۇنىڭ بىلەن يوللارنىڭ يۆنىلىشلىرىنى بەلگىلىگۈچى قىلىپ ياراتقان.

**﴿(اللّٰه نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن، (اللّٰه نىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق﴾** يەنى اللّٰه تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى، ھەقىقەتنى تونۇپ، ھەق ئۈستىدە ئويلايدىغان ۋە ناھەقتىن ساقلىنالايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئوچۇق بايان قىلدۇق.

* * * * * * *

(1) ياسىن سۈرىسى 40 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەئراف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ياسىن سۈرىسى 37 ــ 38 ـ ئايەتلەر.
(5) فۇسسىلەت سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَكُم مِّن نَّفۡسٖ وَٰحِدَةٖ فَمُسۡتَقَرّٞ وَمُسۡتَوۡدَعٞۗ قَدۡ فَصَّلۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَفۡقَهُونَ
﴿٩٨﴾ وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَخۡرَجۡنَا بِهِۦ نَبَاتَ كُلِّ شَيۡءٖ فَأَخۡرَجۡنَا مِنۡهُ خَضِرٗا
نُّخۡرِجُ مِنۡهُ حَبّٗا مُّتَرَاكِبٗا وَمِنَ ٱلنَّخۡلِ مِن طَلۡعِهَا قِنۡوَانٞ دَانِيَةٞ وَجَنَّٰتٖ مِّنۡ أَعۡنَابٖ
وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُشۡتَبِهٗا وَغَيۡرَ مُتَشَٰبِهٍۗ ٱنظُرُوٓاْ إِلَىٰ ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ وَيَنۡعِهِۦٓۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكُمۡ
لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٩٩﴾

**الله** سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا قارارلاشتۇردى، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق﴿98﴾ **الله** بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن، بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى، خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى، (يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى، (ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ) يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار، ئۇلاردا **الله** نىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (**الله** نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئوچۇق دەلىللەر بار﴿99﴾.

﴿**الله سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى**﴾ **الله** ئادەملەرنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياراتقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾[1].

﴿**سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا قارارلاشتۇردى**﴾ ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، ئەبۇئابدۇراھمان سەلمى، قەيس ئىبنى ئەبۇھازىم، مۇجاھىد، ئەتا، ئىبراھىم نەخەئىي، زەھھاك، قەتادە، سۇددى ۋە ئەتا خۇراسانىي قاتارلىقلار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا ۋە ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا قارار ئالدۇردى دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر تۈركۈم ئالىملار: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، سىلەرنى دۇنيادا ۋە ئۆلگەن كېيىن قەبرىدە قارار ئالدۇردى دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

﴿**چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق**﴾ يەنى **الله** تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق. ﴿**الله بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى**﴾ يەنى **الله** تائالا يامغۇرنى بەندىلەرگە



(1) نىسا سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەرىكەت ۋە رىزىق قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، مەخلۇقلارنى ياشارتىش ۋە ھايات قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ ئېھتىياجىغا چۈشلۇق ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.

**﴿شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۇردى﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ھەممە جانلىق مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق﴾[1]، **﴿ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى﴾** يەنى الله تائالا ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل زىرائەت ۋە دەرەخلەرنى چىقاردى. ئۇ زىرائەت، دەرەخلەردە دان ۋە مېۋىلەرنى ياراتتى. **﴿(بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى﴾**.

**﴿خورما دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى. (يامغۇر سۈيى بىلەن) ئۈزۈملۈك باغلارنى يېتىشتۈردى﴾** بۇ ئىككى خىل مېۋە ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە مېۋىلەرنىڭ ئېسىلىدۇر. بۇ ئىككىسى دۇنيادىكى مېۋىلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

الله تائالا بۇ ئىككى خىل مېۋىنى نېئمەت قىلىپ بەرگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿(سىلەر ئۈچۈن يەنە بۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر﴾[2] يەنى ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى خورمىدىن ۋە ئۈزۈمدىن شارابلار ياسىلاتتى. ﴿بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق﴾[3].

**﴿(يامغۇر سۈيى بىلەن) شەكىلدە، ھەجىمدە، تەمدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن، ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى﴾** يەنى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى، شەكىللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان، لېكىن بەرگەن مېۋىسىنىڭ تەمى، شەكلى ۋە تەبىئىتى ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانار دەرەخلىرىنى يېتىشتۈردى.

**﴿ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ (يېڭى تۇتقان مېۋىسىگە ۋە پىشقان مېۋىسىگە قاراڭلار﴾** يەنى سىلەر بۇ دەرەخلەرنى يوقتىن بار قىلغۇچى، قۇرۇق قاقشاللىق ھالىتىدىن ھۆل ـ مېۋىلىك ھالىتىگە ئايلاندۇرغۇچى، ئۇلارغا رەڭ، شەكىل، تەم ۋە خۇش پۇراق كىرگۈزگۈچى الله تائالانىڭ قۇدرىتى ھەققىدە ئويلىنىڭلار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەر يۈزىدە بىرـ بىرىگە تۇتىشاڭغۇ قىتئەلەر بار ۋە تۈرلۈك زىرائەتلەر بار، كۆپ شاخلىق بولغان ۋە كۆپ شاخلىق بولمىغان (بىر ئۇرۇقتىن بىر قانچە تال ئۈنۈپ چىققان، بىر ئۇرۇقتىن پەقەت بىر تال ئۈنۈپ چىققان) خورما دەرەخلىرى بار، (ئۇلارنىڭ ھەممىسى) بىر خىل سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن تەمدە ئارتۇق قىلىمىز، بۇلاردا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار﴾[4].

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نەھل سۈرىسى 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ياسىن سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
(4) رەئد سۈرىسى 4 ـ ئايەت.

﴿ئۇلاردا الله نىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئۈچۈق دەلىللەر بار﴾ يەنى الله تائالاغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن كىشىلەر ئۈچۈن مۇشۇ نەرسىلەردە ۋە شۇ نەرسىلەرنى ياراتقۇچى بولغان زاتنىڭ قۇدرەتلىك، ھېكمەتلىك ۋە مېھرىبان زات ئىكەنلىكىگە ئۈچۈق دەلىل - پاكىتلار باردۇر.

*******

وَجَعَلُواْ لِلَّهِ شُرَكَآءَ ٱلْجِنَّ وَخَلَقَهُمْ وَخَرَقُواْ لَهُۥ بَنِينَ وَبَنَٰتٍۭ بِغَيْرِ عِلْمٍ سُبْحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يَصِفُونَ ﴿١٠٠﴾

جىنلارنى الله ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) جىنلارنى الله غا شېرىك قىلىشىۋېلىشتى، الله غا جاھالەتتىن ئوغۇل، قىزلارنى، ئويدۇرۇپ چىقىرىشتى، الله (مۇشرىكلار ئىپتىرا قىلغان نەرسىلەردىن) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر﴿100﴾.

## مۇشرىكلارنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

بۇ، الله تائالاغا باشقىلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان ۋە الله تائالاغا قىلىدىغان ئىبادەتتە جىنلارنى شېرىك قىلىپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلغان، شۇنداقلا جىنلارنى الله تائالاغا قىلىنىدىغان ئىبادەتتە الله تائالانىڭ شېرىكلىرى دەپ قارىغان مۇشرىكلارغا بېرىلگەن بىر رەددىيەدۇر. الله تائالا ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىدىن، كۇپۇرلىرىدىن پاكتۇر. ئەگەر: مۇشرىكلار ئەمەلىيەتتە بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىغان تۇرسا، سەن قانداقمۇ جىنلارغا ئىبادەت قىلدى دەيسەن؟ - دېگەن سوئال قويۇلسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب مۇنداق: ئۇلارنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ پەقەت جىنلارغا بويسۇنغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ جىنلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) الله نى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (نامىلار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت الله نىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. الله شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى: «مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگەللەيمەن. شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن (يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن)، ئۇلارنى چوقۇم چاھارپايلارنىڭ (بۇتلارغا نەزرە قىلىپ بەلگە ئۈچۈن) قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم الله نىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە (يەنى قۇللارنى ئاختا قىلىش، ئۇلارغا مەڭ ئويدۇرۇشقا ئوخشاش) ئىشلارغا بۇيرۇيمەن». كىمكى الله نى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ. شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى

كۆڭلىگە سالىدۇ)، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ﴾[1]، ﴿مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟﴾[2].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىغا مۇنداق دېدى: ﴿ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك الله غا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى﴾[3]، ﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟﴾[4].

قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەر مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ دوستىمىز ئۇلار ئەمەس، سەن. (ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى جىنغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى﴾[5].

**﴿جىنلارنى الله ياراتقان تۇرسا، (مۇشرىكلار) جىنلارنى الله غا شېرىك قىلىۋېلىشتى﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنى ياراتتى. ئۇلارنى ياراتقان الله تائالانىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوق زاتتۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن، قانداقمۇ الله تائالاغا باشقا بىرىنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغىلى بولسۇن؟!

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ كەلگەن تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئىبراھىم ئېيتتى: «(ئۆزەڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر»﴾[6] يەنى الله تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆزى يالغۇز ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالاغا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، ئىبادەتنى يالغۇز الله تائالاغىلا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

**﴿الله غا جاھالەتتىن ئوغۇل، قىزلارنى، ئويدۇرۇپ چىقىرىشتى﴾** بۇ خۇددى بەزى يەھۇدىيلارنىڭ ئۇزەير ئەلەيھىسسالامنى الله تائالانىڭ بالىسى، بەزى خىرىستىئانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى الله تائالانىڭ بالىسى ۋە بەزى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ پەرىشتىلەرنى الله تائالانىڭ قىزلىرى دەپ گۇمان قىلغىنىدەك، الله تائالانى بالىسى بار دەپ سۈپەتلىگەن كىشىلەرنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىگە بېرىلگەن بىر رەددىيەدۇر. الله تائالا بۇنداق كىشىلەرنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر.

**﴿الله (مۇشرىكلار ئېپتىرا قىلغان نەرسىلەردىن) پاكتۇر، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر﴾** يەنى الله تائالا شۇ ئازغۇن ۋە نادان كىشىلەرنىڭ: الله تائالانىڭ بالىسى، تەڭدىشى، ئوخشىشى ۋە شېرىكلىرى بار، ـ دەپ سۈپەتلىگەن سۈپەتلىرىدىن پاكتۇر.



* * * * * * *

(1) نىسا سۈرىسى 117 ـــ 120 ـ ئايەتكىچە.
(2) كەھف سۈرىسى 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مەريەم سۈرىسى 44 ـ ئايەت.
(4) ياسىن سۈرىسى 60 ـــ 61 ـ ئايەتلەر.
(5) سەبەئ سۈرىسى 41 ـ ئايەت.
(6) ساففات سۈرىسى 95 ـــ 96 ـ ئايەتلەر.

﴿بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ أَنَّىٰ يَكُونُ لَهُۥ وَلَدٌ وَلَمْ تَكُن لَّهُۥ صَٰحِبَةٌ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴿١٠١﴾﴾

الله ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر، الله نىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ھەممە نەرسىنى الله ياراتقان، ھەممە نەرسىنى الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴿101﴾.

## الله تائالانىڭ ئاسمان ـ زېمىنلارنى ئوخشىشى بولۇپ باقمىغان شەكىلدە ياراتقانلىقى

**﴿الله ئاسمانلارنى ۋە يەرنى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئاسمان ـ زېمىننى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر شەكىلدە بارلىققا كەلتۈرگۈچى، پەيدا قىلغۇچى ۋە ياراتقۇچىدۇر.

**﴿الله نىڭ خوتۇنى يوق تۇرسا، قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟﴾** يەنى بىر بالا بىر تىپتىكى ئىككى جىنسلىق نەرسىدىن پەيدا بولىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ الله تائالانىڭ بالىسى بولسۇن؟! مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق نەرسە الله تائالاغا ئوخشىمايدۇ ۋە ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ تىپىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئايالى بولمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «الله نىڭ بالىسى بار» دېيىشتى. سىلەر شەك ـ شۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله نىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى. بالىسى بولۇش الله غا لايىق ئەمەستۇر. ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا الله غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇلارنى تولۇق ئىگەللىدى ۋە سانىنى مۇكەممەل بىلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[1].

**﴿ھەممە نەرسىنى الله ياراتقان، ھەممە نەرسىنى الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنى ياراتقانلىقى ۋە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. شۇنداق بولغان ئىكەن، مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن قانداقمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئايالى بولسۇن؟ ھالبۇكى، الله تائالا ھېچقانداق ئوخشىشى بولمىغان زاتتۇر. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ الله تائالا ئۇلارنىڭ بۇ بوھتانلىرىدىن پاكتۇر.

* * * * * *

(1) مەريەم سۈرىسى 88 ــــ 95 ـ ئايەتكىچە.

ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ خَٰلِقُ كُلِّ شَيۡءٖ فَٱعۡبُدُوهُۚ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ
وَكِيلٞ ﴿١٠٢﴾ لَّا تُدۡرِكُهُ ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَهُوَ يُدۡرِكُ ٱلۡأَبۡصَٰرَۖ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلۡخَبِيرُ ﴿١٠٣﴾

ئەنە شۇ ﷲ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ﷲ دىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر﴿102﴾. كۆزلەر ﷲ نى كۆرمەيدۇ، ﷲ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ﷲ (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴿103﴾.

## ﷲ تائالانىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئىكەنلىكى

**﴿ئەنە شۇ ﷲ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر﴾** يەنى ھەممە نەرسىنى ياراتقان، بالىسى ۋە ئايالى بولمىغان، يالغۇز ﷲ تائالالا سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر.

**﴿ﷲ دىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾** يەنى سىلەر شېرىكى يوق، يالغۇز ﷲ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىڭلار. ﷲ تائالادىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بىر ئىلاھ يوقتۇر. ﷲ تائالانىڭ بالىسى، ئاتا ـ ئانىسى، ئايالى، ئوخشىشى ۋە تەڭدىشى يوقتۇر. **﴿ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر﴾** يەنى ﷲ تائالا ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ بارلىق نەرسىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر. ئۇلارغا كېچە ـ كۈندۈز رىزىق بەرگۈچى ۋە كۆڭۈل بۆلگۈچىدۇر.

## ئاخىرەتتە ﷲ تائالانى كۆرۈش توغرىسىدا

**﴿كۆزلەر ﷲ نى كۆرمەيدۇ، ﷲ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾** يەنى كۆزلەر ﷲ تائالانى ئاخىرەتتە كۆرەلىسىمۇ، دۇنيادا كۆرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار.

مەسرۇق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۆزلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ﷲ تائالانى كۆرەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە: كىمكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنى كۆردى دەپ گۇمان قىلسا، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلىغان بولدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: ﷲ تائالاغا بوھتان چاپلىغان بولدى. چۈنكى ﷲ تائالا: **﴿كۆزلەر ﷲ نى كۆرمەيدۇ، ﷲ كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾** دېدى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﷲ تائالا ھەقىقەتەن ئۇخلىمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۇخلاش لايىق ئەمەس. ﷲ تائالا نېسۋىنى بىردە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، بىردە تۆۋەنلىتىدۇ. ئۇنىڭغا كۈندۈزنىڭ ئەمەلى كېچە كىرىشتىن بۇرۇن، كېچىنىڭ ئەمەلى كۈندۈز كېلىشتىن بۇرۇن كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ پەردىسى نۇر ياكى ئاتەشتىندۇر. مۇبادا ئۇ پەردىسىنى ئېچىپ قالسا، يۈزىدىن تۆكۈلىدىغان نۇر ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ (يەنى ھەممە مەخلۇقاتلارنى

كۆيدۈرىۋېتىدۇ. چۈنكى الله تائالانىڭ كۆزى ھەممە مەخلۇقاتلارغا يېتىدۇ).

ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ كىتابلىرىدا مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغاندا، الله تائالا: ئى مۇسا! ھەر قانداق بىر جانلىق مېنى كۆرگەن ھامانلا ئۆلىدۇ. ھەر قانداق بىر جانسىز مېنى كۆرگەن ھامانلا پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدۇ، - دېدى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: «(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى﴾[1].

تىرىك جانلىقنىڭ الله تائالانى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن بۇ ئەسەر، بۇ دۇنيادا الله تائالانى كۆرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ھەرگىز قىيامەت كۈنى مۆمىنلەرنىڭ الله تائالانى كۆرەلەيدىغانلىقىغا زىت كەلمەيدۇ. ئەمما كۆزلەر الله تائالانى ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە كۆرەلمەيدۇ. الله تائالا كۆزلەرنىڭ ئۆزىنى ئەسلى قىياپىتى بىلەن كۆرەلىشىدىن پاكتۇر.

شۇڭا مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا الله تائالانى ئاخىرەتتە كۆرۈشنىڭ بولىدىغانلىقىنى، دۇنيادا كۆرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىغا تۆۋەندىكى ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ: ﴿**كۆزلەر الله نى كۆرمەيدۇ، الله كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ**﴾ **ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: الله تائالانى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس، - دېگەن سۆزىدىن الله تائالانى ئەسلى قىياپىتى بىلەن كۆرۈش ئىنسانلارغا مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، ھەتتا پەرىشتىلەر ۋە ھەرقانداق بىر مەخلۇقاتنىڭ كۆرىشىنىڭمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.** ﴿**الله كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ**﴾ يەنى الله تائالا كۆزلەرنى قورشاپ تۇرغۇچى ۋە كۆزنى ئۆز شەكلى بويىچە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. چۈنكى الله تائالا كۆزلەرنى ياراتقان زاتتۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[2].

﴿**كۆزلەر الله نى كۆرمەيدۇ، الله كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ**﴾ بۇ يەردىكى كۆزلەردىن كۆزگە چېلىقىدىغان مەخلۇقاتلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانى ھېچقانداق نەرسە كۆرەلمەيدۇ. الله تائالا بولسا ھەممە نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

﴿**الله (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر**﴾ ئابۇئالىيە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: الله تائالا نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشتا ئەڭ نازۇك يەرلىرىگىچە بىلگۈچىدۇر. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلىرىدىن خەۋەرداردۇر.

(1) ئەئراف سۈرىسى 143 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۇلك سۈرىسى 14 - ئايەت.

بۇ سۆز خۇددى لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆز ئوغلىغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ كەلگەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿(لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ ئىچىدە ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، اللہ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). اللہ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1].

* * * * * * *

قَدْ جَآءَكُم بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمْۖ فَمَنْ أَبْصَرَ فَلِنَفْسِهِۦۖ وَمَنْ عَمِىَ فَعَلَيْهَاۚ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيْكُم بِحَفِيظٍ
﴿١٠٤﴾ وَكَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ ٱلْءَايَٰتِ وَلِيَقُولُوا۟ دَرَسْتَ وَلِنُبَيِّنَهُۥ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿١٠٥﴾

(ئى پەيغەمبەر ئېيتقىنكى) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتىن ئايرىپ كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر كەلدى، كىمكى ھەقنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا ئۆزىگە پايدا، كىمكى ئۇنىڭدىن كۆز يۇمسا (يەنى باش تارتسا) ئۆزىگە زىيان. مەن سىلەرگە (ئەمەللىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان) كۆزەتچى ئەمەسمەن (پەقەت سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن)﴿104﴾. ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): (ئى مۇھەممەد!) سەن (قۇرئاننى باشقىلاردىن) ئۆگەندىڭ دەيدۇ دەپ، ھەقنى بىلىدىغان قەۋمگە بايان قىلىمىز دەپ، ئايەتلەرنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلدۇق﴿105﴾.

## دەلىل ـ پاكىتلارنىڭ بايانى

﴿**(ئى پەيغەمبەر ئېيتقىنكى) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتىن ئايرىپ كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر كەلدى**﴾ يەنى بۇ دەلىللەر قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دەلىل ـ پاكىتلاردۇر.

﴿**كىمكى ھەقنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا ئۆزىگە پايدا**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿كىمكى ئازىدىكەن، ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ﴾[2].

﴿**كىمكى ئۇنىڭدىن كۆز يۇمسا (يەنى باش تارتسا) ئۆزىگە زىيان**﴾ يەنى ئۇنىڭ ئۇۋالى پەقەت ئۆزىگىلا قايتىدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾[3].

﴿**مەن سىلەرگە (ئەمەللىرىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان) كۆزەتچى ئەمەسمەن (پەقەت سىلەرنى**

(1) لوقمان سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن)﴾** يەنى مەن سىلەرنى ساقلىغۇچى ۋە سىلەرنى كۆزەتكۈچى ئەمەسمەن. بەلكى مەن سىلەرگە دىننى يەتكۈزگۈچىمەن. ﷲ تائالا خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ.

**﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): (ئى مۇھەممەد!) سەن (قۇرئاننى باشقىلاردىن) ئۆگەندىڭ دەيدۇ دەپ، ھەقنى بىلىدىغان قەۋمگە بايان قىلىمىز دەپ، ئايەتلەرنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلدۇق﴾** يەنى بىز مۇشۇ سۈرىدە ﷲ تائالانى بىر دەپ تونۇشنى بىلدۈرىدىغان ۋە ﷲ تائالادىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئايەتلەرنى بايان قىلغىنىمىزدەك، نادان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنكار قىلغۇچى كاپىر ۋە مۇشرىكلارنىڭ: ئى مۇھەممەد! سەن كىتاب بېرىلگەن بۇرۇنقى كىشىلەردە ئوقۇدۇڭ، ئۇلاردىن دەرس ئالدىڭ ۋە ئۇلاردىن ئۆگەندىڭ، ـ دەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر ئورۇندا يەنە شۇ ئايەتلەرنى بايان قىلىمىز. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، زەھھاك ۋە باشقىلارمۇ تەستىقلىدى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلار: «بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ (يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر، ئۇنىڭغا ئۇنى توقۇشقا باشقا بىر قەۋم (يەنى ئەھلى كىتاب) ياردەم بەرگەن» دەيدۇ، ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاش بىلەن ئۇنىڭغا) زۇلۇم قىلدى ۋە يالغاننى چاپلىدى. ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېپزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ»﴾[1].

ﷲ تائالا كاپىرلارنىڭ كاتتىبېشى ۋە يالغانچىلىقتىكى پېشۋاسىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى، (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ئاندىن ئۇ قارىدى. ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى، (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى. «بۇ (كالامۇﷲ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى﴾[2].

**﴿ھەقنى بىلىدىغان قەۋمگە بايان قىلىمىز دەپ، ئايەتلەرنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلدۇق﴾** يەنى ئۇ ئايەتلىرىمىزنى ھەقنى بىلىدىغان قەۋملەرگە بايان قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق بايان قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھەقىقەتكە ئەگىشىدۇ ۋە ناھەقتىن ساقلىنىدۇ. ﷲ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق يۇقىرىقى تىلغا ئېلىنغان مۇشرىكلارنى ئازدۇرىۋېتىشتىكى ۋە تۆۋەندىكىلەرگە ھەقنى بايان قىلىپ بېرىشتىكى چوڭ ھېكمەت بولسا، ﷲ تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغاندەك بولۇشى مۇمكىن: ﴿ﷲ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن)

---

(1) فۇرقان سۈرىسى 4 ــــ 5 ـ ئايەتلەر .

(2) مۇددەسسىر سۈرىسى 18 ــــ 25 ـ ئايەتكىچە.

هىدايەت قىلىدۇ﴾[1]، ﴿(الله تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى) ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئاننىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، شۇنىڭ بىلەن، ئىمان ئېيتىشلىرى، دىللىرىنىڭ قۇرئانغا بويسۇنۇشى ئۈچۈندۇر. الله مۆمىنلەرنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر﴾[2]، ﴿بىز دوزاخ مۇئەككەللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق، بىز ئۇلارنىڭ سانى بىلەن پەقەت كاپىرلارنى سىنىدۇق، تاكى ئەھلى كىتاب (ئۆزلىرىنىڭ ساماۋىي كىتابلىرىدىكى بۇ ساننى كۆرۈپ قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتقاي، مۆمىنلەرنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئىشەنگەنلىكلىرىدىن ۋە ئەھلى كىتابنىڭ قۇرئان خەۋەرلىرىنىڭ تەۋرات، ئىنجىلدىكى خەۋەرلەرگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن) ئىمانى كۈچەيگەي، ئەھلى كىتاب ۋە مۆمىنلەر (بۇنىڭدىن) شەكلەنمەيدۇ، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلار)، كاپىرلار: «بۇ مىسالدىن الله نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ» دەيدۇ، الله مۇشۇنداق خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ قوشۇنىنى (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى چوڭلۇقىنى) پەقەت ئۇ ئۆزى بىلىدۇ، بۇ، (يەنى الله بايان قىلغان دوزاخ) پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴾[3]، ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[4]، ﴿ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھىگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ)﴾[5]. بۇ ئايەتلەردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئايەتلەردىمۇ قۇرئاننىڭ تەقۋادارلارغا ھىدايەت قىلىنىپ چۈشۈرۈلگەنلىكى، الله تائالانىڭ ئۇ قۇرئان ئارقىلىق خالىغان كىشىنى ئازدۇرۇپ، خالىغان كىشىنى ھىدايەت يولىغا باشلايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

*******

﴿ٱتَّبِعۡ مَآ أُوحِيَ إِلَيۡكَ مِن رَّبِّكَۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١٠٦ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشۡرَكُواْۗ وَمَا جَعَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظٗاۖ وَمَآ أَنتَ عَلَيۡهِم بِوَكِيلٖ ١٠٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن؛

(1) بەقەرە سۈرىسى 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەج سۈرىسى 54 ـ ئايەت.
(3) مۇددەسسىر سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(4) ئىسرا سۈرىسى 82 ـ ئايەت.
(5) فۇسسىلەت سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مۇشرىكلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾106﴿. ئەگەر الله (ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى) خالىسا، ئۇلار شېرىك كەلتۈرمەيتتى، سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق، سەن ئۇلارغا ھامىيمۇ ئەمەسسەن﴾107﴿.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەھيىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانلىقى

الله تائالا پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە مۇنداق بۇيرۇق بېرىدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان قۇرئانغا ئەمەل قىلغىن؛ الله دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾** يەنى ساڭا ۋەھيي قىلىنغان قۇرئانغا ئەگەشكىن، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغىن. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن، پەرۋەردىگارىڭ تەرەپتىن ساڭا قىلىنغان نەرسە شەكسىز ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئۇ پەرۋەردىگارىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر.

**﴿مۇشرىكلار بىلەن تەڭ بولمىغىن﴾** يەنى تاكى الله تائالا ساڭا مەككىنى پەتھى قىلىپ بولغۇچە، ئۇلارغا قارشى ساڭا ياردەم بەرگىچە، سەن مۇشرىكلارنى كەچۈر ۋە ئۇلاردىن كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغىن. بىلگىنكى، ئۇلارنى الله تائالانىڭ ئازدۇرۇۋېتىشىدا بىر ھېكمەت بار. ئەگەر الله تائالا خالىغان بولسا ئىدى، بارلىق كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلىغان، بارلىق ئىنسانلارنى توغرا يول ئۈستىگە توپلىغان بولاتتى.

**﴿ئەگەر الله (ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى) خالىسا، ئۇلار شېرىك كەلتۈرمەيتتى﴾** يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ خالىغان ھۆكمىدە ۋە تاللىغان ئىشىدا بىر خاھىشى ۋە ھېكمىتى باردۇر. الله تائالا قىلغان ئىشىدىن سورالمايدۇ. ئىنسانلار بولسا، سورىلىدۇ.

**﴿سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق﴾** يەنى سېنى ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى، ئىش - ئەمەللىرىنى ساقلايدىغان كۆزەتچى قىلغىنىمىز يوق. **﴿سەن ئۇلارغا ھامىيمۇ ئەمەسسەن﴾** يەنى سەن ئۇلارنىڭ رىزىقلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغۇچى ئەمەسسەن. سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەتلا دىنىنى يەتكۈزۈشتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن﴾[1]، ﴿سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېساب ئېلىشتۇر﴾[2].

* * * * * * *

وَلَا تَسُبُّوا۟ ٱلَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ فَيَسُبُّوا۟ ٱللَّهَ عَدْوًۢا بِغَيْرِ عِلْمٍ ۗ كَذَٰلِكَ زَيَّنَّا لِكُلِّ أُمَّةٍ
عَمَلَهُمْ ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّهِم مَّرْجِعُهُمْ فَيُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٠٨﴾

(1) غاشىيە سۈرىسى 21 ــــ 22 ـ ئايەتلەر.
(2) رەئد سۈرىسى 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ الله نى تىللايدۇ. شۇنىڭدەك، بىز ھەر ئۈممەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى الله نىڭ دەرگاھىدۇر، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ياخشىغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانىنى جازالايدۇ)﴿108﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ الله تائالانى تىللىماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللاشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللاش، ئەمەلىيەتتە پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرنىڭ ئىلاھى بولغان الله تائالانى تىللىشىدىن ئىبارەت ناھايىتى يامان بىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەرنى مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللاشتىن توستى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار: ئى مۇھەممەد! ياكى سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى تىللاشتىن يالتىيىسەن ياكى بىز سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭنى سۆكىمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا مۆمىنلەرنى مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللاشتىن توسۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ الله نى تىللايدۇ**﴾.

ئابدۇرازاق مۇئەممەردىن قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ بۇتلىرىنى تىللايتتى. شۇنىڭ بىلەن، كاپىرلار ھەددىنى بىلمەستىن الله تائالانى تىللاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىشمۇ يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن بولغان ئىشلارنى قىلماسلىققا بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىغان كىشىگە لەنەت بولسۇن!» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىر كىشى قانداقمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىسۇن؟ ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر كىشى بىرسىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ. ئۇ كىشىمۇ بۇ كىشىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ. بىر كىشى باشقا بىر كىشىنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ. ئۇ كىشىمۇ بۇ كىشىنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ» دېدى.

﴿**شۇنىڭدەك، بىز ھەر ئۈممەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق**﴾ يەنى بىز قەۋمىگە ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى، ئۇنى قوغداشنى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى چىرايلىق كۆرسەتكىنىمىزدەك، گۇمراھلىقتا ئۆتكەن ھەر بىر ئۈممەتكىمۇ ئۆزلىرىنىڭ شۇ گۇمراھلىقىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق. الله تائالانىڭ خاھىشى ۋە قىلغان بۇ ئىشىدا تولۇق دەلىلى ۋە كاتتا ھېكمىتى باردۇر.

**﴿ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى الله نىڭ دەرگاھىدۇر، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ياخشىغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانىنى جازالايدۇ)﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ھېساب ئېلىپ، ياخشى ئىشىغا مۇكاپات، يامان ئىشىغا جازا بېرىدۇ.

* * * * * * *

وَأَقْسَمُوا۟ بِٱللَّهِ جَهْدَ أَيْمَـٰنِهِمْ لَئِن جَآءَتْهُمْ ءَايَةٌ لَّيُؤْمِنُنَّ بِهَا ۚ قُلْ إِنَّمَا ٱلْـَٔايَـٰتُ عِندَ ٱللَّهِ ۖ وَمَا يُشْعِرُكُمْ
أَنَّهَآ إِذَا جَآءَتْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٠٩﴾ وَنُقَلِّبُ أَفْـِٔدَتَهُمْ وَأَبْصَـٰرَهُمْ كَمَا لَمْ يُؤْمِنُوا۟ بِهِۦٓ أَوَّلَ مَرَّةٍ
وَنَذَرُهُمْ فِى طُغْيَـٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١١٠﴾

ئەگەر ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى (بىلدۈرۈپ) الله نىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) مۆجىزىلەر (مېنىڭ ئەمەس)، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئىش، دېگىن. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر كەلسە ئۇلار ئېھتىمال، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن﴿109﴾. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴿110﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ: مۆجىزە كەلسە چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز،ـ دەپ قەسەم بەرگەنلىكى

**﴿ئەگەر ئۇلارغا بىرەر مۆجىزە كەلسە، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى (بىلدۈرۈپ) الله نىڭ نامى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشىدۇ﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشرىكلارنىڭ (ئەگەر ئۇلارغا) بىرەر مۆجىزە كەلسە، ئۇ مۆجىزىگە ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، الله تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، چوڭقۇر قەسەم ئىچكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) مۆجىزىلەر (مېنىڭ ئەمەس)، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئىش، دېگىن﴾** يەنى: ئى مۇھەممەد! سەندىن توغرا يولنى تېپىش ۋە ئۇ يولدىن مېڭىش ئەمەس، بەلكى قىيىنلاشتۇرۇش، كۇپۇرلۇق ۋە تەرسالىق قىلىش يۈزىسىدىن سەندىن مۆجىزە تەلەپ قىلغان ئاشۇ كاپىرلارغا: بۇ مۆجىزىلەر الله تائالانىڭدۇر. ئەگەر الله تائالا خالىسا، ئۇ مۆجىزىلەرنى سىلەرگە كەلتۈرىدۇ، خالىسا كەلتۈرمەيدۇ،ـ دېگىن!

**﴿(ئى مۆمىنلەر!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر كەلسە ئۇلار ئېھتىمال، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن﴾** بۇ ئايەتتە خىتاب قىلىنغان: «سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟» دېگەن سۆزدىن مۇشرىكلار كۆزدە تۇتۇلغان دېگەن كۆز قاراشلارمۇ بار. مۇجاھىدمۇ شۇ كۆز قاراشتا بولدى. ئۇنداقتا، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئىچكەن قەسىمىڭلاردا ئۆزەڭلارنى راستچىل دەپ بىلەمسىلەر؟ يەنى مۇشرىكلار تەلەپ قىلغان مۆجىزە

(ئۇلارغا) كەلسمۇ، ئۇلار (ئۇنىڭغا) ئىمان ئېيتمايدۇ.

بۇ ئايەتتىكى خىتاب مۆمىنلەرگە قارىتىلغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇنداق بولغاندا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلىپ، مۆجىزە كېلىشىنى ئارزۇ قىلغىنىغا قاراپ، ئۇلارغا مۆجىزە كەلسە، چوقۇم ئىمان ئېيتىدۇ دەپ بىلەمسىلەر؟

**﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)﴾** ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار الله تائالا چۈشۈرگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر نەرسىدە مۇستەھكەم تۇرالمايدىغان، ھەممە نەرسىدىن قايتۇرۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇلار بىلەن ئىماننىڭ ئوتتۇرىسىغا توسالغۇ بولۇپ تۇرىۋالىمىز، خۇددى بىز دەسلەپتىلا ئۇلار بىلەن ئىماننىڭ ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولىۋېلىپ (ئۇلار ئىمان ئېيتمىغاندەك)، ئۇلارغا بارلىق مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئىكرىمە ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەسلەممۇ مۇجاھىدقا ئوخشاش پىكىردە بولدى.

ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا بۇ يەردە بەندىلىرىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ قانداق ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئۇلار قىلىشتىن بۇرۇن خەۋەر بەردى ۋە مۇنداق دېدى : ﴿ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى الله دەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ﴾[1]، ﴿ھەر قانداق ئادەم: «الله نىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت! مەن (الله نىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن ياكى «الله مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا بولسا ئىدى، (ئۇ چاغدا الله غا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (پەرۋەردىگارىڭغا بويسۇنۇڭلار)﴾[2].

ئاندىن الله تائالا ئەگەر ئۇلار دۇنياغا قايتا ـ قايتا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا توغرا يولنىڭ ئۈستىدە بولمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴾[3].

**﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)﴾** يەنى ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلسا (ئۇلار

(1) فاتىر سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) زۇمەر سۈرىسى 56 ــ 58 ـ ئايەتكىچە.
(3) ئەنئام سۈرىسى 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دۇنيادىكى چاغدا)، دەسلەپتە بىز ئۇلار بىلەن ئىمانىنىڭ ئارىلىقىدا توسالغۇ بولىۋالغىنىمىزدەك يەنە شۇنداق توسالغۇ بولىۋالىمىز.

**﴿ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾** ئىبنى ئابباس، سۇددى، مۇجاھىد، ئەبۇئالىيە، رەبىئ، ئەبۇمالىك ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۇپۇرلۇقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دەيدۇ.

* * * * * * *

﴿ وَلَوْ أَنَّنَا نَزَّلْنَآ إِلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةَ وَكَلَّمَهُمُ ٱلْمَوْتَىٰ وَحَشَرْنَا عَلَيْهِمْ كُلَّ شَىْءٍ قُبُلًا مَّا كَانُوا۟ لِيُؤْمِنُوٓا۟ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ يَجْهَلُونَ ﴿١١١﴾

بىز ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، **الله** خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴿111﴾.

**الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئەگەر ئۇلارنىڭ **الله** غا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىلگەن، ئۇلار ئىشىنىدىغان مۆجىزىلەر كەلتۈرۈلگەن، ئۇلارغا (خۇددى ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك) **الله** تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدىغان پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، تاكى **الله** تائالا خالىمىغىچە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿بىز ئۇلارغا (يەنى كۇففارلارغا) پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن، ئۆلۈكلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۈرگەن، بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، **الله** خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴾.

**الله** تائالا كاپىرلارنىڭ پەرىشتىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ **الله** نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن﴾[1]، ﴿(ئۇلار) بىزگە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىگىچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دەيدۇ﴾[2]، ﴿بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار) يەنى مۇشرىكلار): «نېمىشقا بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ، ياكى) بىز نېمىشقا) پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرمەيمىز» دېيىشتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتتى ۋە تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى﴾[3].

**﴿بىز ھەممە نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىغىپ بەرگەن (يەنى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان) تەقدىردىمۇ، الله خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ھەر بىر ئۈممەت مۇشرىكلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارغا كەلگەن

(1) ئىسرا سۈرىسى 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 124 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) فۇرقان سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىدىن خەۋەر بەرسىمۇ، ﷲ تائالا خالىمىغىچە ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. يەنى ھىدايەت ئاتا قىلىش ﷲ تائالانىڭ ئىشىدۇر، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. ﷲ تائالا خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ، خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ. ﷲ تائالا خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. ﴿ﷲ نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾[1] ﷲ تائالانىڭ خالىغىنىنى توغرا يولغا باشلاپ، خالىغىنىنى ئازدۇرۇۋېتىشى، ﷲ تائالا بىلىملىك، ھېكمەتلىك، تىزگىنلەپ تۇرغۇچى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى زات بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[2].

* * * * * * *

وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَا لِكُلِّ نَبِيٍّ عَدُوًّا شَيَٰطِينَ ٱلْإِنسِ وَٱلْجِنِّ يُوحِي بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ زُخْرُفَ
ٱلْقَوْلِ غُرُورًا ۚ وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ مَا فَعَلُوهُ ۖ فَذَرْهُمْ وَمَا يَفْتَرُونَ ﴿١١٢﴾ وَلِتَصْغَىٰٓ إِلَيْهِ أَفْـِٔدَةُ ٱلَّذِينَ لَا
يُؤْمِنُونَ بِٱلْـَٔاخِرَةِ وَلِيَرْضَوْهُ وَلِيَقْتَرِفُوا۟ مَا هُم مُّقْتَرِفُونَ ﴿١١٣﴾

شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك)، ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى تۈزگەن ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (ﷲ ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ)﴿112﴾. ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دىللىرى ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە مايىل بولسۇن، ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن ۋە ئۇلار قىلىۋاتقان گۇناھلارنى بۇلارمۇ قىلسۇن، دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴿113﴾.

## ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمىنى بولىدىغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ يەردە: ئى مۇھەممەد! خۇددى ساڭا قارشىلىق قىلىدىغان، دۈشمەنلىك قىلىدىغان ۋە ساڭا تەرسالىق قىلىدىغان دۈشمەنلەرنى قىلغىنىمىزدەك، سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەر بىر پەيغەمبەرگىمۇ دۈشمەنلەرنى قىلدۇق. شۇڭلاشقا دۈشمەنلىرىڭنىڭ بولۇشى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ـ دەيدۇ.

ﷲ تائالا ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ دۈشمىنى بولغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـــ 97 ـ ئايەتلەر.

ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى﴾[1]، ﴿ساڭا (مۇشرىكلار تەرىپىدىن) ئېيتىلىدىغان سۆزلەر پەقەت ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە (قەۋملىرى تەرىپىدىن) ئېيتىلغان سۆزلەردۇر، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت ئىگىسىدۇر ۋە قاتتىق ئازاب ئىگىسىدۇر﴾[2]، ﴿شۇنىڭدەك، (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەربىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق﴾[3].

ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سەن ئېلىپ كەلگەن پەيغەمبەرلىك قانداقلىكى بىر كىشىگە كەلسە، ئۇ كىشى دۈشمەنلىك بولىدۇ». يەنى ئۇ كىشىنىڭ دۈشمەنلىرى بولىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمەنلىرى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىدىندۇر. مەيلى ئىنساندىن ياكى جىندىن بولسۇن، يامانلىق قىلىشتا ئۆز جىنسدىكىلەردىن ئېشىپ كەتكۈچى شۇ جىنستىكىلەرنىڭ شەيتانلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەرگە مۇشۇ شەيتانلار دۈشمەنلىك قىلىدۇ. **الله** تائالا ئۇلارنى ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن ۋە ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن!

ئابدۇرازاق مۇئەممەردىن قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جىنلاردىنمۇ، ئىنسانلاردىنمۇ شەيتانلار بار بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىشىدۇ. ﴿**ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار بىر ـ بىرىگە چىرايلىق سۆزلەرنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ سۆز چىرايلىق ئاڭلىنىپ ئۇنىڭغا ئالدىنىپ كېتىدۇ.

﴿**ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى**﴾ يەنى ھەممە پەيغەمبەرلەرگە شەيتانلاردىن دۈشمەنىنىڭ بولۇشى، **الله** تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھۆكمى، خالىشى ۋە خاھىشى بىلەن بولغاندۇر.

﴿**ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (الله ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ)**﴾ يەنى سەن ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان ئەزىيەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشمەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى **الله** تائالاغا تاپشۇرغىن. چۈنكى **الله** تائالا ساڭا يېتەرلىكتۇر ۋە ئۇلارغا قارشى ساڭا ياردەم بەرگۈچىدۇر.

﴿**ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دىللىرى ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە مايىل بولسۇن**﴾ يەنى ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمىغان كاپىرلارنىڭ دىللىرى، ئەقىللىرى ۋە قۇلاقلىرى ئۇلارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە مايىل بولسۇن! ﴿**ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسۇن**﴾ سۇددى: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، كاپىرلارنىڭ دىللىرى ئۇنى ياقتۇرسۇن، خالىسۇن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. يەنى شەيتاننىڭ شۇ شېرىن ۋەسۋەسىلىرىنى پەقەت ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتمىغان كىشىلەرلا قوبۇل قىلىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى كاپىرلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەر (**الله**)

(1) ئەنئام سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 43 ـ ئايەت.
(3) فۇرقان سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دوزاخقا كىرىشنى (پۈتتۈۋەتكەن) كىشىدىن باشقا ھېچ ئەھەدىنى ئازدۇرالمايسىلەر، سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارمۇ ئازدۇرالمايدۇ﴾[1]، ﴿يوللىرى بار ئاسمان بىلەن قەسەمكى، (پەيغەمبەر ھەققىدە) سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار ھەقىقەتەن خىلمۇ ـ خىلدۇر. (الله تائالانىڭ ئىلمىي ئەزەلىسىدە ھىدايەتتىن) بۇرۇۋېتىلگەن ئادەم (قۇرئانغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن) بۇرۇۋېتىلىدۇ﴾[2]، ﴿**ئۇلار قىلىۋاتقان گۇناھلارنى بولارمۇ قىلسۇن، دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ**﴾.

* * * * * * *

أَفَغَيْرَ ٱللَّهِ أَبْتَغِي حَكَمًا وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ إِلَيْكُمُ ٱلْكِتَٰبَ مُفَصَّلًا ۚ وَٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ
ٱلْكِتَٰبَ يَعْلَمُونَ أَنَّهُۥ مُنَزَّلٌ مِّن رَّبِّكَ بِٱلْحَقِّ ۖ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلْمُمْتَرِينَ ﴿١١٤﴾ وَتَمَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ
صِدْقًا وَعَدْلًا ۚ لَّا مُبَدِّلَ لِكَلِمَٰتِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١١٥﴾

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرگە روشەن كىتاب نازىل قىلغان تۇرسا، (ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئۈچۈن) الله دىن غەيرىي ھۆكۈم قىلغۇچىنى تەلەپ قىلامدىم؟» بىز كىتاب ئاتا قىلغانلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇنىڭ (يەنى قۇرئاننىڭ) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن﴿114﴾. پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچكىشى يوقتۇر. الله (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿115﴾.

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: سەن الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە الله تائالانى قويۇپ باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلارغا: ﴿«**الله سىلەرگە روشەن كىتاب نازىل قىلغان تۇرسا، (ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلىش ئۈچۈن) الله دىن غەيرىي ھۆكۈم قىلغۇچىنى تەلەپ قىلامدىم؟**»﴾ دېگىن، ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

﴿**بىز كىتاب ئاتا قىلغانلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلىمالىرى) ئۇنىڭ (يەنى قۇرئاننىڭ) پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ**﴾ **يەنى ئۇلار ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن قالغان، ئۆزلىرىنىڭ قېشىدىكى سەن توغرۇلۇق بېشارەتلەر ئارقىلىق سېنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكىڭنى ۋە قۇرئاننىڭ ھەق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.** ﴿**سەن ھەرگىزمۇ شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇبادا سەن ساڭا بىز نازىل قىلغان كىتابتىن شەكلىنىدىغان بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇغانلار (يەنى تەۋرات بىلەن ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى، ساڭا پەرۋەردىگارىڭ

(1) سافقات سۈرىسى 161 ـــ 163 ـ ئايەتكىچە.
(2) زارىيات سۈرىسى 7 ـــ 9 ـ ئايەتكىچە.

تەرىپىدىن ھەق (قۇرئان) كەلدى. سەن ھەرگىز شەك قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن﴾[1] بۇ بىر شەرت بولۇپ، بۇ شەرت نەتىجىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ.

**﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: پەرۋەردىگارىڭ دېگەن سۆزىدە راستچىل، چىقارغان ھۆكمىدە ئادىلدۇر، ـ دېدى. يەنى الله تائالا بەرگەن خەۋەرلەردە راستچىلدۇر، تەلەپلىرىدە ئادىلدۇر. الله تائالا بەرگەن ھەممە خەۋەر شەكسىز ھەقتۇر ۋە بۇيرۇقلىرى ئادىلدۇر. ئۇنىڭ ئادىللىقىدىنمۇ ئۈستۈن ئادىللىق يوقتۇر. الله تائالا توسقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى يامان ئىشلاردۇر. چۈنكى ئۇ يامان ئىشلارنىلا توسىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[2].

**﴿ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچكىشى يوقتۇر﴾** يەنى مەيلى دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن، الله ھېچكىشى تائالانىڭ چىقارغان ھۆكمىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

**﴿الله (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ۋە جىم تۇرغان ۋاقىتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەر بىر ئىنساننىڭ قىلغان ئەمەلىگە قارىتا جازا ياكى مۇكاپات بەرگۈچىدۇر.

* * * * * *

وَإِن تُطِعْ أَكْثَرَ مَن فِي ٱلْأَرْضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَخْرُصُونَ ﴿١١٦﴾ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ مَن يَضِلُّ عَن سَبِيلِهِۦ ۖ وَهُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١١٧﴾

ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغانىلا سۆزلەيدۇ﴿116﴾. (ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ھەقىقەتەن ئوبدان بىلىدۇ، توغرا يول تاپقانلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ﴿117﴾.

(1) يۇنۇس سۈرىسى 94 ـ ئايەت.
(2) ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايەت.

## كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ يەردە يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نىڭ تولىسى ھەقىقەتەن ئازدى﴾[1]، ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[2] يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئازغۇنلۇقلىرىدىمۇ بىرەر دەلىل ـ پاكىتقا ئىگە ئەمەس. ئۇلار پەقەت يالغان گۇمان ۋە خاتا مۆلچەرلىرى ئۈستىدىدۇر.

**﴿ئۇلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت يالغانىنىلا سۆزلەيدۇ﴾** يەنى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى بىلەن بولغاندۇر.

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ھەقىقەتەن ئوبدان بىلىدۇ﴾** شۇڭا الله تائالا ئۇنى شۇ ئازغۇنلۇق يولىغا گىرىپتار قىلىدۇ.

**﴿توغرا يول تاپقانلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ﴾** شۇڭا الله تائالا ئۇنى شۇ توغرا يولغا باشلايدۇ. ھەر قانداق كىشى قايسى يولدا مېڭىشقا پۇتۇلگەن بولسا، شۇ يولدا مېڭىشقا گىرىپتار قىلىنىدۇ.

* * * * * * *

فَكُلُوا۟ مِمَّا ذُكِرَ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ إِن كُنتُم بِـَٔايَـٰتِهِۦ مُؤْمِنِينَ ﴿١١٨﴾ وَمَا لَكُمْ أَلَّا تَأْكُلُوا۟ مِمَّا ذُكِرَ ٱسْمُ
ٱللَّهِ عَلَيْهِ وَقَدْ فَصَّلَ لَكُم مَّا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ إِلَّا مَا ٱضْطُرِرْتُمْ إِلَيْهِ ۗ وَإِنَّ كَثِيرًا لَّيُضِلُّونَ بِأَهْوَآئِهِم بِغَيْرِ
عِلْمٍ ۗ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِٱلْمُعْتَدِينَ ﴿١١٩﴾

الله نىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار﴿118﴾. زۆرۈرىيەت بولمىغىچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى الله سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن، (باشقىلارنى) ھەقىقەتەن ئازدۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ (شەرئى دەلىلسىز ھالال، ھارام دەپ) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴿119﴾.

## الله تائالانىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ماللارنىڭ ھالال قىلىنغانلىقى

الله تائالا بۇ يەردە مۆمىن بەندىلىرىگە الله تائالانىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، بوغۇزلانغان

(1) ساففات سۈرىسى 71 ـ ئايەت.
(2) يۇسۇف سۈرىسى 103 ـ ئايەت.

ماللارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مۇبادا بىر كىشى خۇددى قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان، بۇتلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئاتاپ بوغۇزلانغان ماللارنىڭ گۆشنى يېيىش دۇرۇست دەپ قارىغىنىدەك قاراپ، مالنى **الله** تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماي بوغۇزلىغان بولسا، بۇ مالنىڭ گۆشنى يېيىش دۇرۇست بولمايدۇ.

ئاندىن **الله** تائالا ئۆزىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشنى يېيىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زۆرۈرىيەت بولمىغىچە يېيىش هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى الله سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا، الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان هايۋانلارنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟**﴾ ئەگەر يېيىشكە زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا، تېپىلغانلىكى ھەرقانداق گۆشنى يېيىش دۇرۇست بولىدۇ.

ئاندىن **الله** تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئۆلۈپ قالغان ۋە **الله** تائالانىڭ نامىدىن باشقىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان هايۋانلارنىڭ گۆشنى هالال سانىشىدىكى خاتا كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**نۇرغۇن كىشىلەر نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، بىلمەستىن، (باشقىلارنى) ھەقىقەتەن ئازدۇرىدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ (شەرئى دەلىلسىز هالال، هارام دەپ) ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشلىرىنى، يالغانچىلىقلىرىنى ۋە بوھتانلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

* * * * * * *

وَذَرُواْ ظَٰهِرَ ٱلۡإِثۡمِ وَبَاطِنَهُۥٓۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَكۡسِبُونَ ٱلۡإِثۡمَ سَيُجۡزَوۡنَ بِمَا كَانُواْ يَقۡتَرِفُونَ ﴿١٢٠﴾

ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار، شۈبھىسىزكى، گۇناھ قىلغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئاخىرەتتە) جازاغا تارتىلىدۇ﴿120﴾.

﴿**ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار**﴾ مۇجاھىد: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، سىلەر گۇناھلارنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا تاشلاڭلار دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

قەتادە: گۇناھ مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، سىلەر ئۇنى تاشلاڭلار دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (**الله** نىڭ شېرىكى بولۇشقا) **الله** ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى **الله** غا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى **الله** نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى»﴾[1].

﴿**شۈبھىسىزكى، گۇناھ قىلغۇچىلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (ئاخىرەتتە) جازاغا تارتىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇ گۇناھ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، **الله** تائالا گۇناھ قىلغۇچىلارغا

(1) ئەئراف سۈرىسى 33 ـ ئايەت.

(قىلغان گۇناھلىرىغا قارىتا) جازا بېرىدۇ.

ئىبنى ئەبۇھاتەم نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن گۇناھ توغرۇلۇق سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گۇناھ بولسا، سېنىڭ دىلىڭدا شۈبھە پەيدا قىلغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمىغان نەرسىدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَلَا تَأْكُلُوا۟ مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ ٱسْمُ ٱللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُۥ لَفِسْقٌ ۗ وَإِنَّ ٱلشَّيَـٰطِينَ لَيُوحُونَ إِلَىٰٓ أَوْلِيَآئِهِمْ لِيُجَـٰدِلُوكُمْ ۖ وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ إِنَّكُمْ لَمُشْرِكُونَ ﴿١٢١﴾

(ئى مۆمىنلەر) اﷲ نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دە ـ تالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر﴿121﴾.

## اﷲ تائالانىڭ نامى تىلغا ئېلىنماي بوغۇزلانغان ماللارنىڭ گۆشىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ: مالنى بوغۇزلىغۇچى گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ، اﷲ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئالماي بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالال بولمايدۇ، ـ دېگەن كۆز قارىشىغا اﷲ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) اﷲ نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)﴾[1] دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى.

شۇڭا اﷲ تائالا: **﴿(ئى مۆمىنلەر) اﷲ نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار﴾** دېگەن ئايەتتىن كېيىن، ئۇنى يېيىشكە بولمايدىغانلىقنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ: **﴿ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر﴾** دېدى.

ئالىملار اﷲ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ مال بوغۇزلاش ياكى ئوۋ ئوۋلاشقا بۇيرۇپ كەلگەن تۈۋەندىكى ھەدىسلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا دەلىل قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەدى ئىبنى ھاتەم ۋە ئەبۇسەئلەبەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئىككىسىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ئىتىڭنى قويۇپ بەرگەندە، اﷲ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئالغان بولساڭ، ئۇ ئىت تۇتۇپ بەرگەن ئوۋنىڭ گۆشىنى

(1) مائىدە سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يېسەك بولىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رافىئ ئىبنى خۇدەيجەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « **الله** تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، قان ئاققۇزۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشلىرىنى يەڭلار».

ئىمام مۇسلىم ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جىنلارغا: «**الله** نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ سىلەرنىڭ ئوزۇقلۇقۇڭلاردىندۇر» دېگەن.

جۇندۇب ئىبنى سۇفيان رەجالىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن، قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتىغان مالنى بوغۇزلىغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىرنى بوغۇزلىسۇن. كىمكى ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە بوغۇزلىمىغان بولسا (مالنى بوغۇزلىغاندا)، **الله** نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ (بىسمىللا دەپ) بوغۇزلىسۇن.» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## شەيتاننىڭ ۋەھيىسىنىڭ ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسى ئىكەنلىكى

**﴿شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دە ـ تالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم كېلىپ، ئىبنى ئۆمەرگە: مۇختار ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغانلىقىنى گۇمان قىلىدىكەن، ـ دېدى. ئىبنى ئۆمەر: ئۇ راست ئېيتىپتۇ، ـ دەپ يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇدى.

ئەبۇزەمىلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: مەن كەبىدە ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە كېلىپ تاۋاپ قىلدى. ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: ئى ئىبنى ئابباس! مۇختار ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە كېچە ئۆزىگە ۋەھيي قىلىنغانلىقىدىن گۇمان قىلىدىكەن، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس: مۇختار راست ئېيتىپتۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن چۆچۈپ كېتىپ: ئىبنى ئابباسمۇ مۇختار راست ئېيتىپتۇ دەمدۇ؟! ـ دېدىم. ئىبنى ئابباس: ۋەھيي ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، **الله** تائالانىڭ ۋەھيىسى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىدۇر. يەنە بىرى، شەيتاننىڭ ۋەھيىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ دوستلىرىغا قىلغان ۋەسۋەسىسىدۇر دەپ، تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دە ـ تالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴾**.

بىز يۇقىرىدا **الله** تائالانىڭ: ﴿شۇنىڭدەك، (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە ئىكرىمەنىڭ مۇشۇنىڭدەك دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

(1) ئەنئام سۈرىسى 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿(ئى مۆمىنلەر) اللە نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دە ـ تالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: شەيتانلار ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا: سىلەر ئۆزەڭلار ئۆلتۈرگەن ماللارنىڭ گۆشىدىن يەپ، اللە تائالا ئۆلتۈرگەن ماللارنىڭ گۆشىنى (يەنى ئۆلۈكلەرنى) يېمەمسىلەر؟ ـ دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ.

بەزى رىۋايەتلەردە، ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: سىلەر ئۆلتۈرگەن ھايۋان اللە نىڭ نامى تىلغان ئېلىنغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆزى ئۆلۈپ قالغىنى بولسا، اللە نىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغىنى بولىدۇ.

سۇددى بۇ يەردە مۇنداق دېدى: مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا: سىلەر قانداقمۇ ئۆزەڭلارنى اللە تائالانىڭ رازىلىقنى ئىزدەيمىز دەپ ئويلايسىلەر؟ اللە ئۆلتۈرۈپ بەرگەننى يېمەيسىلەر، ئۆزەڭلار ئۆلتۈرگەننى يەيسىلەر، ـ دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، اللە تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار﴾ يەنى (ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرىپ) ئۆلۈكنى يېسەڭلار ﴿سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر﴾ بۇ ھەقتە مۇجاھىد، زەھھاك ۋە كۆپلىگەن سەلەپ ئالىملىرىمۇ شۇنداق دېدى.

## بىر ئادەمنىڭ سۆزىنى اللە تائالانىڭ ھۆكمىنىڭ ئۈستىگە قويۇشىنىڭ شېرىك ھېسابلىنىدىغانلىقى

﴿ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر﴾ يەنى سىلەرنىڭ اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىدىن ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىدىن باشقا بىرسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە چىقىپ كېتىپ، ئۇنى اللە تائالانىڭ بۇيرۇقىدىن ئۈستۈن قويۇشۇڭلار، شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە دىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، اللە ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر﴾[1].

ئىمام تىرمىزى بۇ ئايەتكە مەنە بەرگەن ۋاقىتتا ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرى ۋە راھىبلىرىغا ئىبادەت قىلمىدى، دېگەنلىكىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھىبرلىرى ۋە راھىبلىرى ئۇلارغا ھارامنى ھالال، ھالالنى ھارام قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھىبرلىرى ۋە راھىبلىرىغا ئەگەشتى. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ھىبرى ۋە راھىبلىرىغا ئىبادەت قىلغانلىقىدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

(1) تەۋبە سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

* * * * * * *

أَوَمَن كَانَ مَيۡتٗا فَأَحۡيَيۡنَٰهُ وَجَعَلۡنَا لَهُۥ نُورٗا يَمۡشِي بِهِۦ فِي ٱلنَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُۥ فِي ٱلظُّلُمَٰتِ لَيۡسَ بِخَارِجٖ مِّنۡهَاۚ كَذَٰلِكَ زُيِّنَ لِلۡكَٰفِرِينَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٢٢﴾

ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟ كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى﴿122﴾.

## كاپىرلارنىڭ زۇلمەتكە، مۆمىنلەرنىڭ نۇرغا ئوخشىتىلغانلىقى

**﴿ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟﴾** بۇ ئەسلىدە گۇمراھلىقتا ھالاك بولغان، قايمۇقۇپ يۈرگەن، ئاندىن اللە تائالا ئۇنى ئىمانى بىلەن تىرىلدۈرۈپ، ئۇنى ئىمان ئېيتىشقا باشلىغان ۋە پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلغان، كىشىلەر ئارىسىدا ماڭىدىغان يولنى تېپىش ئۈچۈن (ئەۋفىي ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىشىچە، قۇرئاندىن ئىبارەت نۇرنى، سۇددىنىڭ كۆز قارىشىچە ئىسلامدىن ئىبارەت) نۇرنى بەرگەن بىر مۆمىن كىشىنىڭ، نادانلىقلاردا، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردە ۋە خىلمۇ خىل گۇمراھلىقلاردا قېلىپ، ئۇنىڭدىن چىقىش ۋە قۇتۇلۇش يولى تاپالمىغان بىر كىشىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر.

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، اللە تائالا بارلىق مەخلۇقاتلىرىنى زۇلمەت ئىچىگە يارىتىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ نۇرىنى مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئىچىگە چاچتى. شۇ نۇر كىمگە يەتسە، ئۇ كىشى توغرا يولنى تاپتى. ئۇ نۇر كىمگە يەتمىگەن بولسا، ئۇ زۇلمەت ئىچىدە قالدى».

اللە تائالا بەندىلىرىنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللە مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلىقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلىقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾[1]، ﴿زادى قايسى ئادەم يول تاپالايدۇ؟ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ماڭغان ئادەممۇ؟ ياكى قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭغان ئادەممۇ؟﴾[2]، ﴿(كاپىرلار ۋە مۆمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار، (بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، (يەنە بىر پىرقە بولسا) كۆزى كۆرىدىغان،

(1) بەقەرە سۈرىسى 257 ـ ئايەت.
(2) مۇلك سۈرىسى 22 ـ ئايەت.

قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئىبرەت ئالامسىلەر؟﴾[1]، ﴿كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم (يەنى كاپىر بىلەن مۆمىن) باراۋەر بولمايدۇ. زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ. سايە بىلەن ئىسسىق (يەنى جەننەت بىلەن دوزاخ) باراۋەر بولمايدۇ. تىرىكلەر بىلەن ئۆلۈكلەر (يەنى مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلار) باراۋەر بولمايدۇ، شۈبھىسىزكى، الله (ھەق دەۋەتنى) خالىغان كىشىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. سەن قەبرىلەردىكىلەرگە (يەنى كاپىرلارغا) ئاڭلىتالمايسەن. سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن﴾[2] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر يەنە ناھايىتى كۆپتۇر.

الله تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىكى: ﴿زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان الله غا خاستۇر!﴾[3] دېگەن ئايەتتە قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەچكە، بۇ يەردە قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇققا ئالاقىدار مىساللارنى كەلتۈرۈش بىلەنلا چەكلەندى.

**﴿كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەنە شۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى﴾** يەنى، كاپىرلارنىڭ گۇمراھلىقتا قالغانلىقى الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھېكمىتى بىلەن (ئۇلارنىڭ نادانلىقىدىن) ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلىدۇ. الله تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق ھەم ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر.

* * * * * * *

وَكَذَٰلِكَ جَعَلۡنَا فِي كُلِّ قَرۡيَةٍ أَكَٰبِرَ مُجۡرِمِيهَا لِيَمۡكُرُواْ فِيهَاۖ وَمَا يَمۡكُرُونَ إِلَّا
بِأَنفُسِهِمۡ وَمَا يَشۡعُرُونَ ﴿١٢٣﴾ وَإِذَا جَآءَتۡهُمۡ ءَايَةٞ قَالُواْ لَن نُّؤۡمِنَ حَتَّىٰ نُؤۡتَىٰ مِثۡلَ مَآ أُوتِيَ رُسُلُ ٱللَّهِۘ
ٱللَّهُ أَعۡلَمُ حَيۡثُ يَجۡعَلُ رِسَالَتَهُۥۗ سَيُصِيبُ ٱلَّذِينَ أَجۡرَمُواْ صَغَارٌ عِندَ ٱللَّهِ وَعَذَابٞ شَدِيدُۢ
بِمَا كَانُواْ يَمۡكُرُونَ ﴿١٢٤﴾

ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن (مەككىدە قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلغىنىمىزدەك)، ھەر بىر شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئۆزلىرىگە ياندۇ (يەنى ئۇلار شۇ ھىيلە ـ مىكىرلەرنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ)، ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ﴿123﴾. ئۇلارغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) بىرەر مۆجىزە كەلگەن چاغدا، (ئۇلار) بىزگە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىگىچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دەيدۇ. الله پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ، (بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلەر تۈپەيلىدىن الله نىڭ دەرگاھىدا خورلۇققا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴿124﴾.

(1) ھۇد سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
(2) فاتىر سۈرىسى 19 ــ 23 ـ ئايەتكىچە.
(3) ئەنئام سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## گۇناھكارلارنىڭ چوڭلىرى، ھىيلە ـ مىكىرلىرى ۋە ئاقىۋىتى توغرىسىدا

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! خۇددى سېنىڭ يۇرتۇڭدا گۇناھكارلارنىڭ چوڭلىرىنى كۆپەيتكىنىمىزدەك، ﷲ تائالانىڭ يولىدىن توسۇشقا، ساڭا قارشىلىق قىلىشقا ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى ئاداۋەتلىشىشكە چاقىرغۇچى قىلغىنىمىزدەك، سەندىن ئىلگىركى پەيغەمبەرلەرنىمۇ مۇشۇلار بىلەن سىنىغان ئىدۇق. ياخشى ئاقىۋەت بولسا، پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئىدى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەربىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق﴾[1]، ﴿بىرەر شەھەر (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىسقى ـ پاسات قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز﴾[2].

بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز ئۇلارنى بويسۇنۇشقا بۇيرۇيمىز، ئۇلار بولسا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇلارنى ھالاك قىلىمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى ۋە بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارغا بېشىدىلا پۈتۈنلەپ كەتكەن بۇيرۇق بويىچە ئۇلارغا شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇيمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

**﴿ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن (مەككىدە قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلغىنىمىزدەك)، ھەر بىر شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلدۇق﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنى ھۆكۈمران قىلدۇق. ئاندىن ئۇلار شۇ شەھەردە يامان ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار شۇنداق قىلغاندا، بىز ئۇلارنى ئازاب بىلەن ھالاك قىلدۇق.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قايسى شەھەرگە بولمىسۇن، بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتسەكلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىككىلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى. ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابلانمايمىز» دېدى﴾[3]، ﴿شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز» دېيىشتى﴾[4].

ئايەتتىكى ھىيلە ـ مىكىر دېگەن سۆزدىن ئۇلارنىڭ ياسالما ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن

(1) فۇرقان سۈرىسى 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(3) سەبەئ سۈرىسى 34 ــ 35 ـ ئايەتلەر.
(4) زۇخرۇف سۈرىسى 23 ـ ئايەت.

ئازغۇنلۇقتا چاقىرغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خۇددى الله تائالانىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن خەۋەر بەرگەن تۆۋەندىكى ئايىتىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى كاتتىباشلار) (ماڭا چىنپۈتمىدى، ماڭا ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ) چوڭ ھىيلە تۈزدى﴾[1] ۋە: ﴿ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدا بەزىسى بەزىسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ. چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزەڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار» دەيدۇ. بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللهنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ﴾[2].

ئىبنى ئەبۇھاتەم سۇفيان سەۋرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرئاندا كەلگەن ھىيلە ـ مىكىر دېگەن بارلىق سۆزدىن يامان ئىش قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئۆزلىرىگە يانىدۇ (يەنى ئۇلار شۇ ھىيلە ـ مىكىرلەرنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ)، ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان شۇ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنى ئازدۇرۇۋەتكەنلىكىنىڭ جازاسى پەقەت ئۆزلىرىگىلا قايتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىغا تولۇق جاۋابكار بولۇشلىرى ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان سۆزلەرنى قىلدى)، ئۇلارنىڭ جاۋابكار بولىدىغىنى نېمىدېگەن يامان!﴾[3]، ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى (يەنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئازدۇرغانلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) ئۈستىگە ئالىدۇ﴾[4].

**﴿ئۇلارغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) بىرەر مۆجىزە كەلگەن چاغدا﴾** يەنى ئۇلارغا بىرەر ئايەت، پاكىت ۋە كەسكىن ھۆججەت كەلگەندە: **﴿(ئۇلار) بىزگە پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىگىچە (ئۇنىڭغا) ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، دەيدۇ﴾** يەنى پەرىشتىلەر خۇددى پەيغەمبەرلەرگە الله تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ كەلگەندەك، بىزگىمۇ ئېلىپ كەلمىگىچە ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزگە مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار) يەنى مۇشرىكلار): «نېمىشقا بىزگە پەرىشتىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ ياكى) بىز نېمىشقا) پەرۋەردىگارىمىزنى كۆرمەيمىز» دېيىشتى﴾[5].

478

---

(1) نۇھ سۈرىسى 22 ـ ئايەت.
(2) سەبەئ سۈرىسى 32 ـــ 33 ـ ئايەتلەر.
(3) نەھل سۈرىسى 25 ـ ئابەت.
(4) ئەنكەبۇت سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) فۇرقان سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿الله پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ﴾ يەنى الله تائالا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەردە قويىدىغانلىقىنى، بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ شۇنىڭغا لايىق كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى؟» دېيىشتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟﴾[1] يەنى ئۇلار: بۇ قۇرئان نېمە ئۈچۈن مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئىچىدىكى (ئۇلارنىڭ نەزىرىدە) كاتتا، چوڭ ۋە ھۆرمەتلىك بولغان بىر كىشىگە چۈشۈرۈلمىدى؟ ـ دېيىشىدۇ. ئۇلار ئەسكىلىك، ھەسەت، تەرسالىق ۋە چوڭچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتىپ شۇنداق دېيىشىدۇ.

الله تائالا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار سېنى كۆرسە پەقەت مەسخىرە قىلىشىپ: «الله پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن مۇشۇمۇ؟ ئەگەر دىنىمىزدا چىڭ تۇرمىساق (مۇھەممەد) بىزنى ئىلاھلىرىمىزدىن ئازدۇرۇۋەتكىلى تاس قالاتتى» (دېدى)﴾[2]، ﴿كاپىرلار سېنى كۆرگەن چاغدا: «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم مۇشۇمۇ؟» (دېيىشىپ) سېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار مەرھەمەتلىك اللهتەرىپىدىن نازىل بولغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشىدۇ﴾[3]، ﴿سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر (كاپىرلار تەرىپىدىن) مەسخىرە قىلىندى، مەسخىرە قىلغۇچىلار مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردى﴾[4].

## كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنىڭ ئېسىللىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى

كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ھۆرمەتلىك، ئېسىل نەسەبلىك ۋە ئائىلىسىنىڭ، تەربىيىلەنگەن مۇھىتىنىڭ، ئۆسۈپ يېتىلگەن جايىنىڭ پاكلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت يوللايدۇ. پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. ھەتتا مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى «ئەڭ ئىشەنچلىك» كىشى دەپ ئاتايتتى. ھىرەقل ئەبۇسۇفياندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سورىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كاپىرلارنىڭ كاتتىبېشى بولغان ئەبۇسۇفيانمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنىڭ ئېسىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

ھىرەقل: سىلەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭ نەسەبى قانداق؟ ـ دەپ سورىغاندا، ئەبۇسۇفيان:

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 31 ــ 32 ـ ئايەتلەر.
(2) فۇرقان سۈرىسى 41 ــ 42 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەنبىيا سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
(4) ئەنئام سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

ئۇ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى نەسەبى ئېسىل كىشىدۇر، ـ دېدى. ھىرەقل: ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەر ئۇنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى كۆرۈپ باققانمىدىڭلار؟ ـ دېدى. ئەبۇسۇفيان: ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھىرەقل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئېسىللىقى بىلەن ئۇنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ توغرا دىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، **الله** تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىسمائىلنى تاللىدى، ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن كەنانە جەمەتىنى تاللىدى، كەنانە جەمەتى ئىچىدىن قۇرەيشنى تاللىدى، قۇرەيشتىن ھاشىم جەمەتىنى تاللىدى. ھاشىم جەمەتى ئىچىدىن مېنى تاللىدى» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئادەم بالىلىرى ياشىغان ئەسىرلەر ئىچىدە ياخشى ئەسىردىن ياخشى ئەسىرگە (يەنى ياخشى بىر ئەجدادنىڭ پۇشتىدىن يەنە بىر ئەجدادنىڭ پۇشتىغا) يۆتكىلىپ، مۇشۇ ئەسىرگە كەلگەندە دۇنياغا كەلدىم».

**﴿(بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلەر تۈپەيلىدىن الله نىڭ دەرگاھىدا خورلۇققا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** بۇ، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەت ھەققىدە پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشتىن ۋە ئۇلارغا بويسۇنۇشتىن باش تارتقان كىشىلەرگە **الله** تائالا تەرىپىدىن بولغان قاتتىق بىر قورقۇتۇش ۋە تەھدىتتۇر. چۈنكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى **الله** تائالانىڭ ئالدىدا داۋاملىق خارلىنىشقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار دۇنيادا چوڭچىلىق قىلىشىدى، **الله** تائالا ئۇلارنى قىيامەت كۈنى خارلىققا قالدۇرۇپ جازالىدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»﴾[1] يەنى ئۇلار خار ۋە تۆۋەن ھالەتتە جەھەننەمگە كىرىدۇ.

**﴿(بۇ) گۇناھكارلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلەر تۈپەيلىدىن الله نىڭ دەرگاھىدا خورلۇققا ۋە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾** ھىيلە ـ مىكىرنىڭ كۆپىنچىسى يوشۇرۇن بولغاچقا، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى تولۇق جازا بېرىلىشى ئۈچۈن، ئۇلار **الله** تائالا تەرىپىدىن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

**الله** تائالا ئۆزىنىڭ ھېچكىمگە ئۇۋال قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[2]. **الله** تائالا قىيامەت كۈنىنىڭ ھەممە سىرلار ئېچىلىدىغان بىر كۈن ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىرلار ئاشكارا قىلىنىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەتتە)﴾[3] يەنى ئۇ كۈندە بارلىق يوشۇرۇن نەرسىلەر ۋە سىرلار ئاشكارىلىنىدۇ.

(1) غافىر سۈرىسى 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) كەھف سۈرىسى 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) تارىق سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى خىيانەت قىلغان ئىنسانلارنىڭ ساغرىسىغا بىردىن بايراق تىكىلىنىپ: بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ خىيانىتىدۇر، ـ دېيىلىدۇ».

بۇنداق قىلىشتىكى ھېكمەت شۇكى، خىيانەت ئەسلىدە كىشىلەر بىلمەيدىغان يوشۇرۇن ئىش بولغاچقا، اللہ تائالا قىيامەت كۈنى (شۇ خىيانەت قىلغۇچىنىڭ) خىيانەت قىلغانلىقىغا بىر بەلگە بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

* * * * * * *

فَمَن يُرِدِ ٱللَّهُ أَن يَهْدِيَهُۥ يَشْرَحْ صَدْرَهُۥ لِلْإِسْلَٰمِ ۖ وَمَن يُرِدْ أَن يُضِلَّهُۥ يَجْعَلْ صَدْرَهُۥ ضَيِّقًا حَرَجًا كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِى ٱلسَّمَآءِ ۚ كَذَٰلِكَ يَجْعَلُ ٱللَّهُ ٱلرِّجْسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٢٥﴾

اللہ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، اللہ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى اللہ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ﴿125﴾.

**﴿اللہ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)﴾** يەنى ئىمان ئېيتىشنى ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىپ، شۇنىڭغا نىيىسىپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئىمان ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللہ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولغان ئادەم (دىلى كور ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟﴾[1]، ﴿لېكىن اللہ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىللىرىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار اللہ نىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر﴾[2].

**﴿اللہ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالا ئۇنىڭ دىلىنى اللہ تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسىگە ۋە اللہ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا كېڭەيتىپ بېرىدۇ. بۇ ئايەتنى ئەبۇمالىك ۋە باشقىلارمۇ ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش تەپسىر قىلغان. بۇ، ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسىدۇر.

**﴿اللہ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان**

(1) زۇمەر سۈرىسى 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇجرات سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ﴾** يەنى ئۇنداق كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا پايدىلىق نەرسىلەردىن كىچىككىنىمۇ كىرمەيدۇ، ياخشىلىقتىن ھېچقانداق بىر نەرسە يېتىپ بارمايدۇ. مۇناپىقلارنىڭ دىللىرىمۇ شۇنداقتۇر. لېكىن ئىبنى ئەببان ئىكرىمەدىن ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئادەم بالىسى ئاسمانغا چىقالمىغىنىدەك، تاكى الله تائالا ئىماننى دىلىغا كىرگۈزمىگىچە، الله تائالانى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسى ۋە ئىمان ئۇنىڭ دىلىغا كىرمەيدۇ.

ئىمام ئەبۇجەئفەر ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ، ئىمان كىرىشتىن قاتتىق تار قىلىنغان كاپىرنىڭ دىلى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر. كاپىرنىڭ ئىماننى قوبۇل قىلماسلىقتىكى ۋە ئىماننىڭ ئۆزىگە يېتىپ قېلىشىدىن قېچىشىدىكى مىسالى، ئۇنىڭ ئاسمانغا ئۆرلەشكە ئۇنىمىغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئاجىز كەلگەنلىكىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئاسمانغا ئۆرلەش كاپىرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ[1].

**﴿ئىمان ئېيتمىغانلارنى الله مۇشۇنداق ئازابلايدۇ﴾** يەنى خۇددى الله تائالا ئۆزى ئازدۇرماقچى بولغان ئادەمنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تار قىلىۋەتكىنىدەك، الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشقا ئۇنىمىغان ئۇ كاپىرنىڭ ئوخشاشلىرىغا شەيتاننى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن شەيتان ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە الله تائالانىڭ يولىدىن توسىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى، الله تائالا ئىمان ئېيتمىغانلارغا شەيتاننى مۇشۇنداق ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇجاھىد ئىمان ئېيتمىغانلارنى مۇشۇنداق پايدىسىز ئىشلارغا دۇچار قىلىپ قويىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَهَٰذَا صِرَٰطُ رَبِّكَ مُسۡتَقِيمٗاۗ قَدۡ فَصَّلۡنَا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٢٦﴾ ۞ لَهُمۡ دَارُ ٱلسَّلَٰمِ عِندَ
رَبِّهِمۡۖ وَهُوَ وَلِيُّهُم بِمَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٢٧﴾

بۇ (يەنى ئىسلام دىنى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ توغرا يولىدۇر، ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلدۇق﴿126﴾. پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا دارۇسسالام (يەنى جەننەت) بار، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ئۈچۈن الله ئۇلارغا مەدەتكاردۇر﴿127﴾.

الله تائالا يۇقىرىدا ھەق يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭ ۋە ھەق يولدىن توسقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ يەردە پەيغەمبىرى بىلەن ئەۋەتكەن توغرا

(1) بۇ يەردىكى "ئاسمانغا ئۆرلىيەلمەيدۇ" دېگەن سۆزدىن: ئىنسان ھېچقانداق بىر ۋاستىنى قوللانماي ئۆرلىيەلمەيدۇ، ـ دېگەن مەنە چىقىدۇ.

يول ۋە ھەق دىنىنىڭ ھۆرمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**بۇ (يەنى ئىسلام دىنى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ توغرا يولىدۇر**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! ساڭا مۇشۇ قۇرئاننى ۋەھيي قىلىشىمىز ئارقىلىق يولغا قويۇپ بەرگەن مۇشۇ دىن الله تائالانىڭ توغرا يولىدۇر.

﴿**ئىبرەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلدۇق**﴾ چۈشىنەلەيدىغان، يەنى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا چۈشىنەلەيدىغان، پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بىز ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي، روشەن بايان قىلدۇق.

﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا دارۇسسالام (يەنى جەننەت) بار**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا جەننەت بېرىلىدۇ.

الله تائالا بۇ يەردە جەننەتنى دارۇسسالام (يەنى خاتىرجەملىك قورۇسى) دەپ سۈپەتلىدى. بۇنداق سۈپەتلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىغا ئەگىشىپ توغرا يولدا مېڭىپ، سالامەت قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلار خاتا يوللارنىڭ ئاپەتلىرىدىن قانچىكى سالامەت قالسا، خاتىرجەملىك قورۇسىغا (يەنى جەننەتكە) شۇنچىلىك يېقىنلاپ بارىدۇ.

﴿**ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ئۈچۈن الله ئۇلارغا مەدەتكاردۇر**﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ساقلىغۇچىدۇر. ئۇلارغا ياردەم ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچىدۇر. الله تائالا ئۇلارغا ئىگە بولدى. ئۆزىنىڭ نېمىتى ۋە رەھمىتى بىلەن ئۇلارغا جەننەتنى مۇكاپات قىلىپ بەردى.

* * * * * * *

**وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ جَمِيعًا يَٰمَعْشَرَ ٱلْجِنِّ قَدِ ٱسْتَكْثَرْتُم مِّنَ ٱلْإِنسِ ۖ وَقَالَ أَوْلِيَآؤُهُم مِّنَ ٱلْإِنسِ رَبَّنَا**
**ٱسْتَمْتَعَ بَعْضُنَا بِبَعْضٍ وَبَلَغْنَآ أَجَلَنَا ٱلَّذِىٓ أَجَّلْتَ لَنَا ۚ قَالَ ٱلنَّارُ مَثْوَىٰكُمْ خَٰلِدِينَ فِيهَآ إِلَّا مَا شَآءَ**
**ٱللَّهُ ۗ إِنَّ رَبَّكَ حَكِيمٌ عَلِيمٌ ﴿١٢٨﴾**

الله (ئىنسانلارنى، جىنلارنى ھېساب ئۈچۈن) تولۇق يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن، (بۇ كۈندە الله ئېيتىدۇكى) «ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار». ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر ـ بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (يەنى قىيامەت كۈنىگە) يەتتۇق» دەيدۇ، الله : «دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر الله نىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر» دەيدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿128﴾.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارغا قىسسە قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ۋەز ـ نەسىھەتىڭگە قوشۇپ تۆۋەندىكىنىمۇ سۆزلەپ بەرگىن: ﴿**الله (ئىنسانلارنى، جىنلارنى ھېساب ئۈچۈن) تولۇق يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن**﴾ يەنى جىنلارنى

ۋە دۇنيادا جىنلارغا ئىبادەت قىلغان، ئۇلاردىن پاناھ تىلىگەن، ئۇلارغا بويسۇنغان ۋە ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە يالغان سۆزنى ۋەسۋەسە قىلغان جىنلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرىنى يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن.

﴿(بۇ كۈندە اللە ئېيتىدۇكى) «ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار»﴾ اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر؟﴾[1]

﴿ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر ـ بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق﴾ يەنى جىنلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى اللە تائالاغا مۇشۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: جىنلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىشى بولسا؛ جىننىڭ بۇيرۇشى، ئىنساننىڭ بۇيرۇقدا ئەمەل قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردا بىر كىشى بىرەر جايغا قونۇش ئۈچۈن چۈشسە، ئۇ كىشى مەن مۇشۇ جىلغىنىڭ چوڭى (يەنى جىنى) بىلەن پاناھ تىلەيمەن،ـ دەيتتى. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن پايدىلانغانلىقىدۇر. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ قىلمىشىدىن ئۆزرە ئېيتىدۇ.

ئەمما جىنلارنىڭ ئىنسانلاردىن پايدىلىنىشى بولسا، قىلىنغان رىۋايەتكە ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ جىنلاردىن ياردەم تىلەش ئارقىلىق (ئىنسانلارنىڭ جىنلارنى چوڭ بىلىشىدىن ئىبارەت) جىنلارنىڭ ئىنسانلاردىن ئېرىشكەن ھۆرمىتىدۇر. شۇنىڭ بىلەن، جىنلارنىڭ كاتتىباشلىرى: بىز ئىنسان بىلەن جىنلارغا خوجايىن بولدۇق،ـ دەيدۇ. ﴿بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (يەنى قىيامەت كۈنىگە) يەتتۇق» دەيدۇ﴾ سۇددى: بۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئۇلارنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقىتلىرى كۆزدە تۇتۇلغاندۇر،ـ دەيدۇ.

﴿اللە : «دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر اللە نىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر» دەيدۇ﴾ يەنى: ئى جىنلار! سىلەر ۋە سىلەرنىڭ دوستۇڭلار بولغان ئىنسانلارنىڭ تۇرار جايى ۋە ئورۇنلىشىدىغان ئورنى دوزاختۇر. سىلەر دوزاختا اللە تائالانىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا مەڭگۈ قالىسىلەر.

* * * * * * *



﴿وَكَذَٰلِكَ نُوَلِّي بَعْضَ الظَّالِمِينَ بَعْضًا بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ ﴿١٢٩﴾﴾

شۇنىڭغا (يەنى ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆز ئارا پايدىلاندۇرغىنىمىزغا) ئوخشاش، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز﴿129﴾.

(1) ياسىن سۈرىسى 60 ــــ 62 ـ ئايەتكىچە .

## اللە تائالانىڭ بەزى زالىملارنى بەزى زالىملارغا ھۆكۈمران قىلىپ قويىدىغانلىقى

**﴿شۇنىڭغا (يەنى ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆز ئارا پايدىلاندۇرغىنىمىزغا) ئوخشاش، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز﴾** مۇئەممەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللە تائالا دوزاختا بەزى زالىملارنى بەزى زالىملارغا ئىگە قىلىپ قويىدۇ. بەزىسى بەزىسىگە ئەگىشىدۇ.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز جىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە ھۆكۈمران قىلىمىز دېگەنلىكتۇر، ـ دەپ بۇ ئايەتنى ئۆز سۆزىگە دەلىل قىلىپ ئوقۇدى: ﴿كىمكى مېھرىبان اللە نى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ﴾[1] يەنى بىز جىنلارنىڭ زالىملىرىنى ئىنسانلارنىڭ زالىملىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قىلىپ قويىمىز. بۇ ھەقتە بەزى شائىرلار مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

ھەر قولنىڭ ئۈستىدە بار اللە نىڭ قولى،
زالىمغا زالىمدىن كېلەر ۋابالى.

ئايەتنىڭ مەنىسى خۇددى بىز ئىنسانلار ئىچىدىكى زىيانكارلارغا ئۇلارنى ئازدۇرۇۋېتىدىغان جىنلارنى ھۆكۈمران قىلىپ قويغىنىمىزدەك، زالىملارنىڭمۇ بەزىسىنى بەزىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قىلىپ قويىمىز. ئۇلارنىڭ زالىملىق، يولسىزلىق قىلغانلىقلىرىغا جازا بېرىش ئۈچۈن، بەزىسىنى بەزىسى ئارقىلىق ھالاك قىلىمىز. بەزىسىدىن بەزىسى ئارقىلىق ئىنتىقام ئالىمىز، ـ دېگەنلىكتۇر.

*******

يَٰمَعۡشَرَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِ أَلَمۡ يَأۡتِكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ يَقُصُّونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِي وَيُنذِرُونَكُمۡ لِقَآءَ يَوۡمِكُمۡ هَٰذَاۚ قَالُواْ شَهِدۡنَا عَلَىٰٓ أَنفُسِنَاۖ وَغَرَّتۡهُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا وَشَهِدُواْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمۡ أَنَّهُمۡ كَانُواْ كَٰفِرِينَ ﴿١٣٠﴾

«ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

كەلمىدىمۇ؟» ئۇلار: «گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق» دەيدۇ. ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلدۇ﴿130﴾.

## الله تائالانىڭ ئىنسان ۋە جىنلاردىن: سىلەرگە پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟ - دەپ سوراش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغانلىقى

مانا بۇمۇ ھەم الله تائالانىڭ قىيامەت كۈنى جىن ۋە ئىنسانلار ئىچىدىكى كاپىرلارغا قىلىدىغان تەنقىتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالا ئۇلاردىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلارغا الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ۋەزىپىسىنى يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ: «سىلەرگە پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟» دەپ سورايدۇ. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن سورالغان قايتۇرما سوئالدۇر.

**﴿«ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟»﴾** مۇجاھىد، ئىبنى جۇرەيج ۋە كۆپلىگەن سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ دېيىشىچە، پەيغەمبەرلەر پەقەت ئىنسانلاردىن بولىدۇ. جىنلاردىن پەيغەمبەر بولمايدۇ.

الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ پەقەت ئىنسانلاردىنلا بولىدىغانلىقىنىڭ پاكىتىدۇر: ﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق. بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، الله مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى. ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر) گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق﴾[1]

الله تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنساندىن بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر: ﴿ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇدالىق ئۈچۈن قەۋمىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ياخشى پەرزەنت ئىسھاقنى بەردۇق ۋە ئىسھاقنىڭ ئوغلى بولغان نەۋرىسى يەئقۇبنى بەردۇق)، (ئۇنىڭدىن كېيىن) پەيغەمبەرلىكنى، كىتابنى (يەنى ساماۋىي كىتابلارنى) ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلدۇق﴾[2] يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەرلىكنى ۋە

(1) نىسا سۈرىسى 163 ـــ 165 ـ ئايەتكىچە.
(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىتابنى ئۇنىڭ ئەۋلادىغا خاس قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ھېچبىر ئالىمنىڭمۇ: پەيغەمبەرلىك ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى جىنلاردا ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشى بىلەن جىنلاردىن پەيغەمبەرلىك ئۈزۈلۈپ قالغان، ـ دېگىنى يوق.

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى﴾[1]، ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق﴾[2] بۇ ئىشتا جىنلار ئىنسانلارغا ئەگىشىدۇ. شۇڭا الله تائالا جىنلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر ـ بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى. ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق». «ئى قەۋمىمىز! الله غا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە الله غا ئىمان ئېيتىڭلار، الله بەزى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ». كىمكى الله غا (ئىمان ئېيتىشقا) دەۋەت قىلغۇچىنىڭ (يەنى رەسۇلۇللانىڭ) دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىسا، ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، الله دىن باشقا (ئۇنى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى) ياردەمچىلەر بولمايدۇ، ئۇلار (يەنى رەسۇلۇللانىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار) ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر﴾[3].

تىرمىزى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنلارغا رەھمان سۈرىسىنى ئوقۇپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ سۈرىدە الله تائالانىڭ جىنلار بىلەن ئىنسانلارغا قارىتىپ سۆزلەنگەن: ﴿ئى ئىنسانلار ۋە جىنلار جامائەسى! سىلەردىن (يەنى سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن) ھېساب ئېلىشقا يۈزلىنىمىز. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېئمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾[4] دېگەن ئايەتلىرى بار.

**﴿«ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟» ئۇلار: «گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق» دەيدۇ﴾** يەنى بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ سەن تەرەپتىن بىزگە ئېلىپ كەلگەن ۋەزىپىلىرىنى بىزگە يەتكۈزگەنلىكىنى، بىزنىڭ ساڭا ئۇچرىشىدىغانلىقىمىز بىلەن ۋە مۇشۇ كۈننىڭ شەكسىز بولىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز.

**﴿ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىغان﴾** يەنى ئۇلار قىسقىغىنە شۇ ھاياتىدا پەرۋارسىزلىق قىلغان. ئۇلار ھاياتى دۇنيانىڭ رەڭگا ـ رەڭ كۆرۈنۈشلىرى، زىننەتلىرى ۋە ھاۋايى ـ

---

(1) فۇرقان سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يۇسۇف سۈرىسى 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەھقاف سۈرىسى 29 ــــ 32 ـ ئايەتكىچە.
(4) رەھمان سۈرىسى 31 ــــ 32 ـ ئايەتلەر.

ھەۋەسلىرىگە گوللىنىپ كېتىپ، پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە مۆجىزىلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن ھالاك بولۇپ كەتتى.

﴿**ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كاپىر بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ**﴾ يەنى ئۇلار دۇنيادا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن دىنغا كاپىر بولغانلىقلىرىنى (قىيامەت كۈنى) ئېتىراپ قىلىدۇ.

* * * * * * *

ذَٰلِكَ أَن لَّمْ يَكُن رَّبُّكَ مُهْلِكَ ٱلْقُرَىٰ بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا غَٰفِلُونَ ﴿١٣١﴾ وَلِكُلٍّ دَرَجَٰتٌ مِّمَّا عَمِلُوا۟ ۚ وَمَا رَبُّكَ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعْمَلُونَ ﴿١٣٢﴾

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى (ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ ئاگاھلاندۇرماستىن) غەپلەتتىكى ۋاقىتلىرىدا زۇلۇم قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلغىنى يوق﴿131﴾ (ئاخىرەتتە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەس﴿132﴾.

﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسىنى (ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ ئاگاھلاندۇرماستىن) غەپلەتتىكى ۋاقىتلىرىدا زۇلۇم قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلغىنى يوق**﴾ يەنى ئىنسانلار ۋە جىنلار ئىچىدىن بىرەرسىنىڭ (دەۋەت ئۇنىڭغا يېتىپ بارماي) ناھەق ئازابقا قالماسلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىشىگە ئورۇن قويمىدۇق. بىز بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭمۇ باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىشىگە ئورۇن قويمىغان ئىدۇق. بىز كىشىلەرنى پەقەت ئۇلارغا پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئازابلىدۇق.

الله تائالا ھەر بىر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن﴾[1]، ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[2]، ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾[3]، ﴿دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بىزگە ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن، بىز (ئۇنى) ئىنكار قىلدۇق ھەمدە بىز: "الله (ھېچ ئادەمگە ۋەھىيدىن) بىرەر نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا"

(1) فاتىر سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
(2) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېدۇق» دەيدۇ﴾[1] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

﴿(ئاخىرەتتە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ﴾ يەنى الله تائالانىڭ تائىتىدە ياكى ئۇنىڭ چەكلىگەن ئىشلىرىدا، ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىغا قارىتا مەرتىۋىلەر ۋە دەرىجىلەر بولىدۇ. الله تائالا ئۇ ئادەمنى ئۇنىڭ دەرىجىسى ۋە مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ياخشىلاردىن بولسا ياخشى، يامانلاردىن بولسا يامان مەرتىۋە ۋە دەرىجىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ جىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قارىتا دوزاختا دەرىجىلىرى ۋە مەرتىۋىلىرى باردۇر دېگەنلىكنىڭمۇ ئېھتىمالى بار.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (يەنى باشلىقلىرىغا) قارىتىپ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ. الله: «ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ﴾[2]، ﴿كاپىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز﴾[3].

﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن غاپىل ئەمەس﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئى مۇھەممەد! ئۇلارنىڭ قىلغان بارلىق قىلمىشلىرىنى سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بىلىدۇ. ئۇلار الله تائالاغا ئۇچراشقان چاغدا يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا جازا بېرىش ئۈچۈن الله ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرىنى ھېسابلاپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ساقلاپ قويىدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَرَبُّكَ ٱلْغَنِىُّ ذُو ٱلرَّحْمَةِ ۚ إِن يَشَأْ يُذْهِبْكُمْ وَيَسْتَخْلِفْ مِنۢ بَعْدِكُم مَّا يَشَآءُ
كَمَآ أَنشَأَكُم مِّن ذُرِّيَّةِ قَوْمٍ ءَاخَرِينَ ﴿١٣٣﴾ إِنَّ مَا تُوعَدُونَ لَـَٔاتٍ ۖ وَمَآ أَنتُم
بِمُعْجِزِينَ ﴿١٣٤﴾ قُلْ يَٰقَوْمِ ٱعْمَلُوا۟ عَلَىٰ مَكَانَتِكُمْ إِنِّى عَامِلٌ ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ مَن
تَكُونُ لَهُۥ عَٰقِبَةُ ٱلدَّارِ ۗ إِنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ ٱلظَّٰلِمُونَ ﴿١٣٥﴾

پەرۋەردىگارىڭ (خالايىقتىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن) بىھاجەتتۇر، رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئۇ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ، سىلەرنى باشقا بىر قەۋمنىڭ ئەۋلادىدىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا ئۆزى خالىغان (ئىتائەتمەن) باشقا بىر قەۋمنى قويىدۇ﴿133﴾. سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش قاتارلىق) ئىشلار چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ، سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر﴿134﴾. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىشلەڭلار (يەنى كۇفرىڭلاردا چىڭ

(1) مۇلك سۈرىسى 8 ــ 9 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەئراف سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نەھل سۈرىسى 88 ـ ئايەت.

تۇرغۇچىلار)، مەنمۇ چوقۇم كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلەيمەن (يەنى مەنمۇ ئۆز دەۋىتىمدە چىڭ تۇرىمەن). ئاخىرەتتە كىمنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۇزۇنغا قالماي بىلىسىلەر، زالىملار ئەلۋەتتە مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ»﴿135﴾.

## ئاسىيلىق قىلغۇچىلارغا يوق قىلىنىۋېتىدىغانلىقى بىلەن قىلىنغان تەھدىت سېلىنغانلىقى

﴿**پەرۋەردىگارىڭ (خالايىقتىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن) بىھاجەتتۇر**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرىدىن ھەممە جەھەتتە بىھاجەتتۇر. مەخلۇقاتلار بولسا، ھەممە ئەھۋاللىرىدا **الله** تائالاغا موھتاجدۇر.

﴿**رەھمەت ئىگىسىدۇر**﴾ يەنى **الله** تائالا بارلىق مەخلۇقاتلىرىدىن بىھاجەت تۇرۇقلۇق ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىدۇ. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[1].

﴿**ئەگەر ئۇ خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ**﴾ يەنى سىلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق قىلساڭلار، ﴿**سىلەرنى باشقا بىر قەۋمنىڭ ئەۋلادىدىن پەيدا قىلغاندەك، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا ئۆزى خالىغان (ئىتائەتمەن) باشقا بىر قەۋمنى قويىدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا شۇنداق قىلىشقا قادىردۇر. **الله** تائالاغا بۇ ئاسان ۋە ئاددىيدۇر. خۇددى **الله** تائالا ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقىلارنى پەيدا قىلغىنىدەك، بۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقىلارنى كەلتۈرۈشكە قادىردۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! ئەگەر **الله** خالىسا، سىلەرنى يوق قىلىپ ئورنۇڭلارغا باشقىلارنى كەلتۈرىدۇ، **الله** بۇنىڭغا قادىردۇر﴾[2]، ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەر **الله** غا موھتاجسىلەر، **الله** (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر. ئەگەر **الله** خالىسا، سىلەرنى ھالاك قىلىپ (ئورنۇڭلارغا) يېڭى بىر خەلقنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ **الله** غا قىيىن ئەمەس﴾[3]، ﴿ئەگەر سىلەر (**الله** نىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، **الله** سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى **الله** غا ئىتائەت قىلىدۇ)﴾[4].

﴿**سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان (قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش قاتارلىق) ئىشلار چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگىن. ﴿**سىلەر قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر**﴾ يەنى **الله** تائالانى ئاجىز قىلالمايسىلەر. بەلكى، سىلەر چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسەڭلارمۇ، پارچىلىنىپ يوق بولۇپ

(1) بەقەرە سۈرىسى 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 133 ـ ئايەت.
(3) فاتىر سۈرىسى 15 ـــ 17 ـ ئايەتكىچە.
(4) مۇھەممەد سۈرىسى 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەتسەڭلارمۇ، الله تائالا قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىردۇر. الله تائالا، ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئاجىز قىلالمايدىغان قۇدرەتلىك زاتتۇر.

**﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى قەۋمىم! سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىشلەڭلار (يەنى كۇفرىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار)، مەنمۇ چوقۇم كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلەيمەن (يەنى مەنمۇ ئۆز دەۋىتىمدە چىڭ تۇرىمەن)﴾** بۇ بىر قاتتىق تەھدىتتۇر. يەنى ئەگەر سىلەر ئۆزەڭلارنى توغرا يول ئۈستىدە دەپ گۇمان قىلسىڭىز، ئۆزەڭلارنىڭ خاتا يول ۋە پىرىنسىپلىرىڭدا داۋاملىشىۋەرسەڭلار، مەنمۇ ئۆزەمنىڭ يولى ۋە پىرىنسىپىمدا داۋاملىشىۋېرىمەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەر ئۆز يولۇڭلار بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار، بىزمۇ ئۆز يولىمىز بويىچە ھەرىكەت قىلايلى. سىلەر (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (شۇنى) كۈتىمىز»﴾[1].

**﴿ئاخىرەتتە كىمنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۇزۇنغا قالماي بىلىسىلەر، زالىملار ئەلۋەتتە مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ»﴾** يەنى ئۇ ياخشى ئاقىۋەتنىڭ ماڭا ياكى سىلەرگە بولىدىغانلىقىنى پات ئارىدا بىلىسىلەر. ھەقىقەتەن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇندىدى. يەنى ئۇنى شەھەرلەرگە يەرلەشتۈردى. ئۇنى ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچى كىشىلەرگە ھۆكۈمران قىلدى. ئۇنىڭغا مەككىنى پەتھى قىلىپ بەردى. قەۋملىرى ئىچىدىن ئۇنى يالغانغا چىقارغان، دۈشمەنلىك قىلغانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇردى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى ئۇ ھايات ۋاقتىدىلا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا، شۇنىڭدەك، يەمەن ۋە بەھرەيىنلەرگە تارقاتتى. باشقا شەھەر، ئىقلىم ۋە رايونلار ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان خەلىپىلىرىنىڭ قولى بىلەن پەتھى قىلىندى.

الله تائالا پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[2]، ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾[3]، ﴿بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾[4].

* * * * * * *

**وَجَعَلُواْ لِلَّهِ مِمَّا ذَرَأَ مِنَ ٱلۡحَرۡثِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ نَصِيبٗا فَقَالُواْ هَٰذَا لِلَّهِ بِزَعۡمِهِمۡ**

(1) ھۇد سۈرىسى 121 ــــ 122 ـ ئايەتلەر.
(2) مۇجادەلە سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(3) غافىر سۈرىسى 51 ــــ 52 ـ ئايەتلەر
(4) ئەنبىيا سۈرىسى 105 ـ ئايەت.

وَهَٰذَا لِشُرَكَآئِنَا ۖ فَمَا كَانَ لِشُرَكَآئِهِمْ فَلَا يَصِلُ إِلَى ٱللَّهِ ۖ وَمَا كَانَ لِلَّهِ فَهُوَ يَصِلُ إِلَىٰ شُرَكَآئِهِمْ ۗ سَآءَ مَا يَحْكُمُونَ ﴿١٣٦﴾

مۇشرىكلار الله ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھار پايلاردىن (يەنى تۆگە، كالا، قويلاردىن) الله ئۈچۈن بىر ھەسسە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆز گۇمانلىرىچە (ھېچقانداق دەلىلسىزلا): «بۇ الله ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى. بۇتلىرىنىڭ نېسۋىسىدىن الله نىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، الله نىڭ نېسۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى (مۇشرىكلار الله غا ئاتىغان ھەسسىسىدىن بۇتلارغا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىنىڭ ھەسسى ئىچىدە قالدۇراتتى ۋە الله باي، بۇنىڭغا موھتاج ئەمەس، دەيتتى. بۇتلىرىغا ئاتىغان ھەسسىسىدىن الله غا ئاتىغان ھەسسىسىگە بىرەر نەرسە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلارنىڭ ھەسسىسىگە قايتۇرۇۋېتەتتى). ئۇلارنىڭ قارارى نېمىدېگەن قەبىھ!﴿136﴾

## بەزى شېرىك ئىشلارنىڭ بايانى

بۇ، الله تائالانىڭ يوق ئىشنى، كۇپۇرلۇقنى ۋە شېرىكنى پەيدا قىلغان، گەرچە الله تائالا ھەممە نەرسىلەرنى ياراتقان تۇرسىمۇ، ياراتقان ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى الله تائالاغا، يەنە بىر قىسمىنى بۇتلىرىغا ئاتىغان مۇشرىكلارنى ئەيىبلىشى ۋە تەنقىد قىلىشىدۇر. الله تائالا ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشىدىن پاكتۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ۋە ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان مۇشرىكلار زىرائەت تېرىسا ياكى ئۇلارنىڭ باغلىرى بولسا، ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى الله تائالاغا، يەنە بىر قىسمىنى بۇتقا ئاتىشاتتى. مەيلى زىرائەت، مېۋە ياكى باشقا نەرسىلەر بولسۇن، بۇتقا ئاتىغانلىرىنى ياخشى ساقلاپ ھېسابىنى قىلىپ تۇراتتى. ئەگەر بۇتقا ئاتىغان شۇ نەرسىلىرىدىن الله تائالاغا ئاتىغان نەرسىلەرگە (بىرەر نەرسە) قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنى بۇتلىرىغا ئاتىغان نەرسىلىرى ئىچىگە قايتۇرىۋېتەتتى. بۇتقا ئاتالغان زىرائەتلەرنى ياكى مېۋىلىرىنى سۇغىرىدىغان سۇ الله تائالاغا ئاتالغان ئېتىزلىققا ئېقىپ كېتىپ قالسا، سۇغىرىلىپ قالغان شۇ يەرنى بۇتلارغا ئاتالغان زىرائەت ۋە مېۋىلىك يەرلەرنىڭ ھېسابىغا قوشۇۋېتەتتى. ئەگەر الله تائالاغا ئاتىغان زىرائەت ۋە مېۋىلەردىن بىرەر نەرسە بۇتقا ئاتىغان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ قالسا، ئۇلار: بۇ بۇت پېقىردۇر دەپ، ئۇ نەرسىلەرنى الله تائالاغا ئاتالغان نەرسىلەرگە قايتۇرۇۋەتمەيتتى. ھەمدە الله تائالاغا ئاتالغان زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى سۇغىرىدىغان سۇ بۇتلارغا ئاتالغان زىرائەت ۋە مېۋىلەرگە ئېقىپ كېتىپ قالسا، ئۇ ئېتىزلىقنى يەنىلا بۇتلارنىڭ ھېسابىغا قويۇپ قوياتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چاۋا - ماللىرىدىن بەھىرە، سائىبە ۋەسىلە ۋە ھام[1] قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىگە ھارام ھېسابلاپ، ئۇلارنى بۇتلىرىغا ئاتىشاتتى. ئۇلار الله تائالاغا يېقىنلىشىمىز دەپ گۇمان قىلىپ شۇ

(1) بۇ ھايۋانلار ھەققىدىكى تەپسىلات مائىدە سۈرىسىنىڭ 103 - ئايىتىدە بايان قىلىندى.

چارۋاماللارنى ئۆزلىرىگە هارام قىلاتتى.

**﴿مۇشرىكلار الله ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چاھار پايلاردىن (يەنى تۆگە، كالا، قويلاردىن) الله ئۈچۈن بىر ھەسسە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر ھەسسە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆز گۇمانلىرىچە (ھېچقانداق دەلىلسىزلا): «بۇ الله ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى. بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن الله نىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، الله نىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى﴾** ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار الله تائالا ئۈچۈن ئاتاپ بوغۇزلىغان ھەر قانداق مالنىڭ گۆشىنى تاكى ئۇنىڭغا بۇتلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتىمىغىچە ھەرگىزمۇ يېمەيتتى. بۇتلىرىغا ئاتاپ بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتىماي يەيتتى دەپ، يۇقىرىقى ئايەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ سۆزىگە دەلىل قىلدى.

**﴿ئۇلارنىڭ قارارى نېمىدېگەن قەبىھ!﴾** يەنى ئۇلارنىڭ بۇ تەقسىماتى نېمىدېگەن يولسىز. ئۇلار تۇنجى قېتىملىق تەقسىماتىدىلا خاتالاشتى. چۈنكى الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. ھەممە نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تەۋەدۇر. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشى، قۇدرىتى ۋە خاھىشى ئاستىدىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ۋە پەرۋەردىگار يوقتۇر. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانلىرىچە توغرا بولغان خاتا تەقسىماتلىرىدىمۇ ناھەقچىلىق قىلدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تەقسىم قىلىش جەھەتتىن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئۇلار الله غا قىزلارنى نىسبەت بېرىدۇ، الله (بۇنداق بوھتاندىن) پاكتۇر، ئۇلار ئۆزى ئارزۇ قىلىدىغانلىرىنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار (پەرىشتىلەرنى الله نىڭ قىزلىرى دېيىش بىلەن) الله نىڭ بىر قىسىم بەندىلىرىنى الله نىڭ بىر جۈزئىيى قىلىۋالدى. (مۇنداق دېگۈچى) ئىنسان ھەقىقەتەن الله غا ئاشكارا ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىدۇر﴾[2]، ﴿ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) (سىلەرچە ياخشى ھېساپلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا الله غا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر﴾[3].

* * * * * * *

وَكَذَٰلِكَ زَيَّنَ لِكَثِيرٍ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ قَتْلَ أَوْلَٰدِهِمْ
شُرَكَآؤُهُمْ لِيُرْدُوهُمْ وَلِيَلْبِسُواْ عَلَيْهِمْ دِينَهُمْ ۖ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا فَعَلُوهُ ۖ فَذَرْهُمْ
وَمَا يَفْتَرُونَ ﴿١٣٧﴾

مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى (يەنى شەيتانلار) مۇشرىكلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى، شۇنىڭدەك

(1) نەھل سۈرىسى 57 ـ ئايەت.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
(3) نەجم سۈرىسى 21 ـــ 22 ـ ئايەتلەر.

(يەنى الله غا ۋە بۇتلارغا ھەسسە ئايرىپ قويۇشتەك تەقسىماتنى شەيتانلارغا ۋە مۇشرىكلارغا چىرايلىق كۆرسەتكەندەك) چىرايلىق كۆرسەتتى. ئەگەر الله خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ (قەبىھ) ئىشنى قىلمايتتى، ئۇلارنى الله غا چاپلىغان يالغانلىرى بىلەن بىللە تەرك ئەت﴿137﴾.

## شەيتاننىڭ مۇشرىكلارغا ئۆز باللىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتكەنلىكى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: خۇددى شەيتان مۇشرىكلارغا الله تائالا ياراتقان زىرائەت ۋە چارۋا ماللاردىن بۇتلارغا نېسىۋە ئايرىشنى چىرايلىق كۆرسەتكىنىدەك، ئۇلارغا پېقىرلىقتىن قورقۇپ ئوغۇل باللىرىنى ئۆلتۈرۈشنى، نومۇستىن قورقۇپ قىز باللىرىنى تىرىك كۆمۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەيتانلار ئۇلارغا ئۆز باللىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلارنىڭ شەيتانلىرى ئۇلارنى پېقىرلىقتىن قورقۇتۇپ، باللىرىنى تىرىك كۆمۈشكە بۇيرۇدى. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: شەيتانلار مۇشرىكلارنى ھالاك قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قىزلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

**﴿ئەگەر الله خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ (قەبىھ) ئىشنى قىلمايتتى﴾** يەنى مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ خاھىشى، ئىرادىسى ۋە شۇنداق بولۇشنى تاللىغانلىقى بىلەن بولغاندۇر. بۇنىڭدا الله تائالانىڭ چوڭ بىر ھېكمىتى بار. الله تائالا قىلغان ئىشدىن سورالمايدۇ، ئىنسانلار سورىلىدۇ.

**﴿ئۇلارنى الله غا چاپلىغان يالغانلىرى بىلەن بىللە تەرك ئەت﴾** يەنى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى بىلەن بىرگە تاشلا، ئۇلاردىن يىراقلاش. الله تائالا يېقىندا سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

* * * * * * *

وَقَالُواْ هَٰذِهِۦٓ أَنۡعَٰمٞ وَحَرۡثٌ حِجۡرٞ لَّا يَطۡعَمُهَآ إِلَّا مَن نَّشَآءُ بِزَعۡمِهِمۡ وَأَنۡعَٰمٌ حُرِّمَتۡ
ظُهُورُهَا وَأَنۡعَٰمٞ لَّا يَذۡكُرُونَ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَا ٱفۡتِرَآءً عَلَيۡهِۚ سَيَجۡزِيهِم بِمَا كَانُواْ
يَفۡتَرُونَ ﴿١٣٨﴾

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە: «بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) ھارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ، بۇ ھايۋانلارنى مىنىش ھارامدۇر، بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ» دېدى. ئۇلار الله

غا يالغان چاپلىدى، اللە ئۇلارنى يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ﴿138﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ بەزى چارۋا ماللارنى ئۆزلىرىگە هارام قىلىۋالغانلىقى

﴿**ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە: «بۇ هايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) هارامدۇر**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ هارام قىلىش ئۇلارنىڭ شەيتانلىرى تەرىپىدىن بولغاندۇر. بۇ بىر قىيىنلاشتۇرۇش ۋە تەسلەشتۈرۈش بولۇپ، اللە تائالا تەرىپىدىن بولغان ئەمەستۇر.

ئابدۇراهمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دېدى: هارام قىلىنغان ئۇ نەرسلەر مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىلاهلىرى ئۈچۈنلا ئاتىغان نەرسلىرىدۇر.

﴿**ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ**﴾ سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار بۇ هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش بىز خالىغان ئادەمدىن باشقىسىغا هارامدۇر، ـ دەيدۇ.

اللە تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە اللە چۈشۈرگەن رىزىقتىن بەزىسىنى هارام ، بەزىسىنى هالال قىلدىڭلار، اللە سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا ئىزنى بەردىمۇ؟ ياكى اللە غا ياللغاننى چاپلامسىلەر؟»﴾[1]، ﴿بەهىرە (سەككىزنى تۇغقان، بەشىنچىسىنى ئەركەك تۇغقان تۆگە بولۇپ، جاهلىيەت ئەرەبلىرى بۇ تۆگىنىڭ قۇلىقىنى يېرىپ قويۇپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى، مىنمەيتتى، يۈك ئارتمايتتى)، سائىبە (چىشىدىن ئۇننى تۇغقان تۆگە بولۇپ، مىنىلمەيتتى، قىرقىلمايتتى، سۈتى مۇساپىرلارغىلا بېرىلەتتى) ۋەسىلە (بىرىنچىنى ۋە ئىككىنچىنى چىشى تۇغقان، بۇلارغا ئۈچۈن ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن تۆگە)، هام (ئون تۆگىگە ئاتا بولغان بۇغرا تۆگە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى مىنمەي، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى) لارغا اللە (يۇقىرىقىدەك قىلىشنى) بۇيرۇغىنى يوق، (لېكىن كاپىرلار اللە غا ياللغاننى چاپلايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنىڭ ياللغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ﴾[2].

سۇددى مۇنداق دېدى: مىنىش ۋە ئىشلىتىش هارام قىلىنغان هايۋانلار بولسا، بەهىرە، سائىبە، ۋەسىلە ۋە هام قاتارلىقلاردۇر. ئەمما بوغۇزلىغاندا، اللە تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ دەپ قارىلىدىغان هايۋانلار بولسا، ئۇلار ئۇ هايۋانلارنى تۇغدۇرغاندىمۇ ۋە بوغۇزلىغاندىمۇ اللە تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئالمايدىغان هايۋانلاردۇر.

ئەبۇبەكرى ئىبنى ئىياش ئاسىم ئىبنى ئەبى نەجۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇۋائىل مەندىن: ﴿**بۇ هايۋانلارنى مىنىش هارامدۇر، بۇ هايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا اللە نىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ**﴾ دېگەن ئايەتتىن نېمىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن: ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: ئۇ هايۋان ئۇلار هەجگە بارغاندىمۇ

(1) يۇنۇس سۈرىسى 59 ـ ئايەت.
(2) مائىدە سۈرىسى 103 ـ ئايەت.

مىنمەيدىغان بەھىرەدۇر، ـ دېدى.

مۇجاھىد مۇنداق دېدى: مۇشرىكلارنىڭ تۆگىلىرىنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم تۆگىلەر باركى، مۇشرىكلار ئۇ تۆگىلەرگە مەيلى ئۇلار ئۇ تۆگىلەرنى مىنگەندە ياكى ساغقاندا بولسۇن، مەيلى ئۇلارغا يۈك ئارتقاندا ياكى ئۇلارنى تۇغدۇرغاندا ۋەياكى ئۇلارنى ئىشلەتكەندە بولسۇن، **اللّٰه** تائالانىڭ نامىنى ئاتىمايتتى.

﴿**ئۇلار اللّٰه غا يالغان چاپلىدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئىشنى **اللّٰه** تائالانىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە دۆڭگەپ قويۇشىدا **اللّٰه** تائالاغا يالغاننى چاپلىدى. چۈنكى **اللّٰه** تائالا ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى ھەمدە بۇ ئىشتا ئۇلاردىن رازى بولمىدى. ﴿**اللّٰه ئۇلارنى يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ**﴾.

* * * * * * *

وَقَالُوا۟ مَا فِى بُطُونِ هَٰذِهِ ٱلْأَنْعَٰمِ خَالِصَةٌ لِّذُكُورِنَا وَمُحَرَّمٌ عَلَىٰٓ أَزْوَٰجِنَا ۖ وَإِن يَكُن مَّيْتَةً فَهُمْ فِيهِ شُرَكَآءُ ۚ سَيَجْزِيهِمْ وَصْفَهُمْ ۚ إِنَّهُۥ حَكِيمٌ عَلِيمٌ ﴿١٣٩﴾

ئۇلار: «بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى بىزنىڭ ئەر كىشىلىرىمىزگە خاستۇر، بىزنىڭ خوتۇن كىشىلىرىمىزگە ھارامدۇر» دېدى. ئەگەر تۇغۇلغان ھايۋان ئۆلۈك بولسا، بۇ ئەر كىشىلەر بىلەن خوتۇن كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاقتۇر (يەنى ئۇنى ھەممەيلەن تەڭ يەيدۇ) دەپ (ھالال ـ ھارامنى تەيىنلەشتى) **اللّٰه** غا يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن **اللّٰه** ئۇلارنى جازالايدۇ. شۈبھىسىزكى، **اللّٰه** ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴿139﴾.

ئەبۇ ئىسھاق سەبىئى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزەيلدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ھايۋانلارنىڭ قورسىقىدىكى نەرسىلەردىن ئۇلارنىڭ سۈيتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ[1].

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى نەرسىدىن ئۇلارنىڭ سۈتى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار سۈتنى ئاياللارغا ھارام قىلىپ، ئەرلىرى ئىچەتتى. قوي ئەركەك تۇغسا، قوزىسىنى بوغۇزلاپ، ئاياللىرىغا بەرمەي ئەرلەرلا يەيتتى. ئەگەر قوزىسى چىشى تۇغۇلسا، ئۇنى بوغۇزلىماي قويۇپ قوياتتى. ئەگەر قوزا ئۆلۈك تۇغۇلسا، ئەر ـ ئايال تەڭ يەيتتى. شۇڭا **اللّٰه** تائالا بۇ ئىشتىن توستى. بۇنى سۇددىمۇ شۇنداق بايان قىلغان.

شەئبىي مۇنداق دېدى: بەھىرەنىڭ سۈتىدىن پەقەت ئەرلەرلا ئىچەتتى، بەھىرەنىڭ بوتىلىقى ئۆلۈك تۇغۇلسا ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى ئەر ـ ئايال تەڭ يەيتتى.

(1) بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئەسلىدە: «ئۇلار بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى نەرسە بىزنىڭ ئەرلىرىمىزگە خاستۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ نەرسىنى بەزى ئالىملار: «باللىرى» دەپ تەپسىر قىلسا، بەزى ئالىملار: «سۈتلىرى» دەپ تەپسىر قىلغان.

مۇجاھىد مۇنداق دېدى: قورسىقىدىكى نەرسىلىرى ئەرلىرىگە خاس، ئاياللىرىغا ھارام بولغان ھايۋانلار بولسا، سائىبە ۋە بەھىرەدىن ئىبارەتتۇر.

﴿**اللّٰه غا يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن اللّٰه ئۇلارنى جازالايدۇ**﴾ ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: **اللّٰه** تائالا ئۇلارنى يالغان سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن جازالايدۇ.

**اللّٰه** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى (مۇنداقتا) **اللّٰه** نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، **اللّٰه** نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. (ئۇلار دۇنيادىن پەقەت) ئازغىنا بەھرىمان بولىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

﴿**شۈبھىسىزكى، اللّٰه ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ يەنى **اللّٰه** تائالا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدا، سۆزلىرىدە، يولغا قويغان ۋە تەقدىر قىلغان ئىشلىرىدا ھېكمەتلىك زاتتۇر. ﴿**ھەممىنى بىلگۈچىدۇر**﴾ يەنى بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى مەيلى ياخشى ۋەياكى يامىنى بولسۇن، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇلارغا شۇنىڭغا قارىتا ئەڭ تولۇق مۇكاپات ياكى جازا بەرگۈچىدۇر.

* * * * * * *

قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ قَتَلُوٓاْ أَوْلَٰدَهُمْ سَفَهًۢا بِغَيْرِ عِلْمٍ وَحَرَّمُواْ مَا رَزَقَهُمُ ٱللَّهُ ٱفْتِرَآءً عَلَى ٱللَّهِ ۚ قَدْ ضَلُّواْ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ ﴿١٤٠﴾

ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە **اللّٰه** نامىدىن يالغان ئېيتىپ، **اللّٰه** رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، ھىدايەت تاپمىدى﴿140﴾.

**اللّٰه** تائالا مۇنداق دەيدۇ: مۇشۇ ئىشلارنى قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتتى. ئۇلارنىڭ دۇنيادا تارتقان زىيىنى بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش بىلەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىش بولدى. چارۋا ماللىرىدا ئۆزلىرىگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىپ، نۇرغۇنلىغان چارۋا ماللارنى ئۆزلىرىچىلا ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالدى. (**اللّٰه** تائالاغا يالغاننى ۋە بوھتاننى چاپلىغانلىقى ئۈچۈن) ئاخىرەتتە تارتىدىغان زىيىنى بولسا، ئۇلار ئەڭ يامان ئورۇن بولغان دوزاخقا كىرىدۇ.

**اللّٰه** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «**اللّٰه** تائالاغا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ». ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾[2] ئەبۇبەكرى

(1) نەھل سۈرىسى 116 ــــ 117 ـ ئايەتلەر.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 69 ــــ 70 ـ ئايەتلەر.

ئىبنى مەردەۋەي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر ئەرەبلەرنىڭ نادانلىقىنى بىلىشنىڭ سېنى خۇرسەن قىلسا، ئەنئام سۈرىسىدىكى: ﴿**ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە الله نامىدىن يالغان ئېيتىپ، الله رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، ھىدايەت تاپمىدى**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغىن. بۇنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَهُوَ ٱلَّذِىٓ أَنشَأَ جَنَّٰتٍ مَّعْرُوشَٰتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَٰتٍ وَٱلنَّخْلَ وَٱلزَّرْعَ مُخْتَلِفًا أُكُلُهُۥ
وَٱلزَّيْتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُتَشَٰبِهًا وَغَيْرَ مُتَشَٰبِهٍ ۚ كُلُوا۟ مِن ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثْمَرَ وَءَاتُوا۟ حَقَّهُۥ
يَوْمَ حَصَادِهِۦ ۖ وَلَا تُسْرِفُوٓا۟ ۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿١٤١﴾ وَمِنَ ٱلْأَنْعَٰمِ حَمُولَةً
وَفَرْشًا ۚ كُلُوا۟ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ وَلَا تَتَّبِعُوا۟ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِ ۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿١٤٢﴾

الله بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقتىتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴿141﴾. الله چاھار پايلارنى (يەنى تۆگە، كالا، قويلارنى)، يۈك كۆتۈرىدىغانلارنى، بوغۇزلىنىدىغانلارنى ياراتتى. الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوچۇق دۈشمەندۇر﴿142﴾.

## الله تائالانىڭ مېۋىلەرنى، دانلارنى ۋە چارۋاماللارنى ياراتقان زات ئىكەنلىكى

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە ھۆكۈم قىلىپ، بىر قانچە قىسىملارغا بۆلگەن، بەزىسىنى ھالال ۋە بەزىسىنى ھارام دەپ قارىغان زىرائەت، مېۋە ۋە چارۋا ماللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**الله بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى**﴾.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ "بىدىشلىك باغلار" دېگەن ئايىتىدىن يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ باراڭ قىلىنغان باغلار؛ "بىدىشسىز باغلار" دېگەن ئايىتىدىن تاغ ۋە بىنەم يەرلەردە ئۆزلىكىدىن ئۈنۈپ قالغان مېۋىلەردىن شەكىللەنگەن باغلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەتا خۇراسانىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلىدۇ: **الله** تائالانىڭ "بىدىشلىك باغلار" دېگەن ئايىتىدىن باراۋ قىلىنىپ ياسالغان ئۈزۈم باغلىرى؛ "بىدىشسىز باغلار" دېگەن ئايىتىدىن باراۋ قىلىنمىغان ئۈزۈم باغلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنى سۇددىمۇ ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش بايان قىلغان.

**﴿مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىرـ بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى، مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار﴾** مۇھەممەد ئىبنى كەئب بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: يەنى سىلەر ئۇ باغنىڭ مېۋىلىرىدىن ۋە ئۈزۈملىرىدىن يەڭلار.

**﴿مېۋە (نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى مېۋىسىنى يىغقان چاغدا، يېنىڭغا مىسكىنلەر كەلگەن بولسا، ئۇلارغا مېۋىدىن بەرگىن.

ئابدۇرازاق مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پېقىرغا زىرائەت تېرىغاندا بىر سىقىم، ئورىغاندا بىر سىقىم بېرىدۇ. ئاندىن پېقىرلارنى ئورمىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا ئەگىشىشكە يول قويىدۇ[1].

سەۋرى ئىبراھىم نەخەئىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى پېقىرغا ئاشلىقتىن بىر سىقىمچىلىك بېرىدۇ. ئىبنى مۇبارەك سەئىدى ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇنداق بېرىش زاكات پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. ئۇ چاغدا، ئاشلىقتىن مىسكىنلەرگە بىر سىقىم، ئۇلىغىغا بىر سىقىم بېرىلەتتى.

**الله** تائالا زىرائەتنى يىغىپ، ئۇنىڭدىن سەدىقە قىلمىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ ۋە بىر باغ ئىگىسىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**الله** سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ھەرگىز قايتا مۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار... ئۆيلىنەلمەيدىغانلار **الله** ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن، قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە **الله** ئاتا قىلغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار، ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن **الله** ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى پاھىشىغا مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، **الله** ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ)﴾[2].

(1) يەنى خامان تېپىپ، ھوسۇل ئالغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن پېقىرلارغا بېرىدۇ.
(2) نۇر سۈرىسى 17 ـــ 33 ـ ئايەتكىچە.

## ئىسراپچىلىقنىڭ بايانى

**﴿ئىسراپ قىلماڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾** يەنى سىلەر بېرىشتە ئادەتتىن تاشقىرى بېرىپ، ئىسراپچىلىق قىلماڭلار. ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس ھەققىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇ خورمىلىرىنى يىغىپ: بۈگۈن مېنىڭ قېشىمغا كەلگەنلىكى ئادەمگە خورمىدىن بېرىمەن دەپ، تاكى كەچ كىرگىچە كەلگەنلەرگە خورمىدىن بەردى. كەچتە قارىسا، ئۇنىڭغا خورمىدىن بىر تالمۇ قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى. بۇ ھەدىسنى ئۇنىڭدىن ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان. لېكىن بۇ ئايەتنىڭ بايان قىلىش ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، ئايەتنىڭ ئاشكارا مەنىسى: ئەقىل ۋە تەنگە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، سىلەر يەپ ـ ئىچىشتە ھەددىدىن كۆپ يەپ ـ ئىچىپ، ئىسراپخورلۇق قىلماڭلار دېگەنلىك بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾[1].

ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى: «ئىسراپخورلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماستىن يەڭلار، ئىچىڭلار ۋە كىيىنىڭلار».

## چارۋاماللارنىڭ پايدىلىرى

**﴿الله چاھار پايلارنى (يەنى تۆگە، كالا، قويلارنى)، يۈك كۆتۈرىدىغانلارنى، بوغۇزلىنىدىغانلارنى ياراتتى﴾** سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى: الله تائالا تۆگىلەردىن يۈك ئارتىلىدىغىنىنى ۋە كىچىكلىرىنى ياراتتى. بۇنى ھاكىممۇ رىۋايەت قىلدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دېدى: الله تائالا ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىن سىلەر مىنىدىغانلارنى ۋە گۆشىنى يەپ، سىغىپ ئىچىدىغانلارنى ياراتتى. مەسىلەن، قويغا يۈك ئارتىلمايدۇ. ئۇنىڭ گۆشلىرىنى يەيسىلەر. ئۇنىڭ يۇڭىدىن يېپىنچا ۋە سېلىنچا قىلىسىلەر.

ئابدۇراھماننىڭ بۇ ئايەتكە بەرگەن مەنىسى مۇناسىپ بىر مەنە بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى ئايەتلەرمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى (قۇدرەت) قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق، ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ﴾[2]، ﴿چاھار پايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار. سىلەرنى چاھار پايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق ـ تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز... الله سىلەرگە ئۆيلۈڭلارنى

(1) ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
(2) ياسىن سۈرىسى 71 ـــ 72 ـ ئايەتلەر.

تۇرالغۇ جاي قىلىپ بەردى، سىلەرگە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن ئۆيلەرنى (چېدىرلەرنى) قىلىپ بەردى، سىلەر كۆچكەن كۈنۈڭلاردىمۇ، تۇرغان كۈنۈڭلاردىمۇ ئۇنىڭ يېنىكلىكىنى ھېس قىلىسىلەر، سىلەرگە قويلارنىڭ يۇڭلىرىدىن، تۆگىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن، ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭلىرىدىن ئۆي جاھازلىرىنى (يەنى سىلەر كىيىدىغان ۋە ئۆيۈڭلارنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغان) ھەم مەلۇم مۇددەتكىچە (يەنى ئۆلۈم كەلگۈچە ياكى ئۇلار كونىراپ تۈگىگىچە) پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى قىلىپ بەردى﴾[1].

## ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە ۋە شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەسلىككە بۇيرۇش

﴿**الله سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن يەڭلار**﴾ يەنى مېۋە، زىرائەت ۋە ھايۋانلارنى يەڭلار. الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە رىزىق قىلىپ يارىتىپ بەرگەن.

﴿**شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار**﴾ يەنى الله تائالاغا يالغان چاپلاپ، الله تائالا رىزىق قىلىپ يارىتىپ بەرگەن مېۋە، زىرائەت ۋە ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغان مۇشرىكلارنىڭ شەيتانغا ئەگەشكىنىدەك، سىلەرمۇ شەيتاننىڭ يولىغا ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئەگەشمەڭلار.

﴿**شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوچۇق دۈشمەندۇر**﴾ يەنى: ئى ئىنسانلار! شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارىلانغان بىر دۈشمەندۇر. الله تائالا شەيتاننىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ﴾[2]، ﴿لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى، شەيتان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر»﴾[3]، ﴿مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى اللهغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن! يامان)﴾[4] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

ثَمَٰنِيَةَ أَزۡوَٰجٖۖ مِّنَ ٱلضَّأۡنِ ٱثۡنَيۡنِ وَمِنَ ٱلۡمَعۡزِ ٱثۡنَيۡنِۗ قُلۡ ءَآلذَّكَرَيۡنِ حَرَّمَ أَمِ ٱلۡأُنثَيَيۡنِ
أَمَّا ٱشۡتَمَلَتۡ عَلَيۡهِ أَرۡحَامُ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۖ نَبِّـُٔونِي بِعِلۡمٍ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١٤٣﴾ وَمِنَ ٱلۡإِبِلِ

(1) نەھل سۈرىسى 66 — 80 ـ ئايەتكىچە.
(2) فاتىر سۈرىسى 6 ـ ئايەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(4) كەھف سۈرىسى 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ٱثۡنَيۡنِ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ ٱثۡنَيۡنِۗ قُلۡ ءَآلذَّكَرَيۡنِ حَرَّمَ أَمِ ٱلۡأُنثَيَيۡنِ أَمَّا ٱشۡتَمَلَتۡ عَلَيۡهِ أَرۡحَامُ ٱلۡأُنثَيَيۡنِۖ أَمۡ كُنتُمۡ شُهَدَآءَ إِذۡ وَصَّىٰكُمُ ٱللَّهُ بِهَٰذَاۚ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّنِ ٱفۡتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبٗا لِّيُضِلَّ ٱلنَّاسَ بِغَيۡرِ عِلۡمٍۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ١٤٤

(الله سىلەرگە يېيىش ھالال قىلىنغان) سەككىز خىل چاھارپاينى ياراتتى: «قويدىن ئىككى (قوچقار ۋە ساغلىق)، ئۆچكىدىن ئىككى (تېكە ۋە ئۇرغاچى). (ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «الله (قوي بىلەن ئۆچكىدىن) ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنىمۇ ۋەياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنىمۇ؟ ئەگەر (سىلەر الله بۇلارنى بىزگە ھارام قىلدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، قېنى ماڭا بىلىپ ئېيتىپ بېرىڭلار!»﴿143﴾. (الله سىلەرگە) تۆگىدىن ئىككىنى (يەنى ئەركەك بىلەن چىشىنى)، كالىدىن ئىككىنى (يەنى ئەركەك بىلەن چىشىنى) ياراتتى، (مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «الله ئىككى ئەركەكنى ھارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنىمۇ ۋەياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلاق بىلەن موزاينىمۇ؟ ياكى الله بۇنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان چاغدا سىلەر ھازىرمىدىڭلار؟ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ الله نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»﴿144﴾.

بۇ، ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ئەرەبلەرنىڭ نادانلىقىنىڭ بايانىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن بەھىرە، سائىبە، ۋەسىلە ۋە ھام قاتارلىقلارنى شۇنىڭدەك (بۇتلىرىغا ئاتاپ) باشقا ھايۋانلارنى، زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى ھارام قىلدى. الله تائالا يۇقىرىدا ئۆزىنىڭ باراڭلىق ۋە باراڭسىز باغلارنى قىلغانلىقىنى، ھايۋانلاردىن مىنىلىدىغان ۋە مىنىلمەيدىغانلارنى ياراتقانلىقىنى بايان قىلدى. ئاندىن تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنى قوي، ئۆچكە، تۆگە ۋە كالا دەپ تۈرلەرگە ئايرىپ، ھەر بىر تۈرنىڭ ئەركەك ـ چىشىسىنىڭ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا مۇشۇ ھايۋانلاردىن ۋەياكى بۇ ھايۋانلارنىڭ باللىرىدىن بىرەرسىنىمۇ ھارام قىلمىغانلىقىنى، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارغا يېيىش، مىنىش، يۈك ئارتىش، سېغىپ ئىچىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل پايدىلىنىشلار ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بايان قىلدى.

الله تائالا تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن سەككىز خىلنى ياراتقانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ھايۋانلاردىن سەككىزنى[1] سىلەر ئۈچۈن ياراتتى﴾[2].

الله تائالانىڭ: **﴿ياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنىمۇ؟﴾** (يەنى شۇلارنى ھارام قىلدىمۇ؟) دېگەن ئايىتى: ﴿ئۇلار: «بۇ ھايۋانلارنىڭ قورساقلىرىدىكى باللىرى بىزنىڭ ئەر كىشىلىرىمىزگە خاستۇر، بىزنىڭ خوتۇن كىشىلىرىمىزگە ھارامدۇر» دېدى﴾[3]

(1) يەنى تۆگە، كالا، قوي، ۋە ئۆچكىدىن ئەركەك ـ چىشى بولۇپ جەمئى سەككىز.
(2) زۇمەر سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئەنئام سۈرىسى 139 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغان مۇشرىكلارنىڭ سۆزىگە قارىتا بېرىلگەن رەددىيەدۇر.

**﴿ئەگەر (سىلەر الله بۇلارنى بىزگە هارام قىلدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، قېنى ماڭا بىلىپ ئېيتىپ بېرىڭلار!»﴾** يەنى سىلەر هارام دەپ گۇمان قىلغان بەهىرە، سائىبە، ۋەسىلە، هام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا هايۋانلارنى الله تائالانىڭ سىلەرگە قانداق هارام قىلغانلىقىنى ماڭا ئىشەنچلىك قىلىپ دەپ بېرىڭلار.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ: **﴿«قويدىن ئىككى (قوچقار ۋە ساغلىق)، ئۆچكىدىن ئىككى (تېكە ۋە ئۇرغاچى)﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە: ئەركەك - چىشى بولۇپ تۆت جۈپ هايۋان كۆزدە تۇتۇلىدۇ، - دېگەنلىكىنى؛ **﴿(ئى مۇهەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «الله (قوي بىلەن ئۆچكىدىن) ئىككى ئەركەكنى هارام قىلدىمۇ؟ ياكى ئىككى چىشىنىمۇ﴾** دېگەن ئايەتتىن: مەن مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ هېچبىرىنى هارام قىلمىدىم؛ **﴿ۋەياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنىمۇ؟﴾** دېگەن ئايەتتىن: تۇغۇلىدىغان هايۋاندىن ئەركەك - چىشى هەر ئىككىلىسى بىر چىشى هايۋاننىڭ قورسىقىدا تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئۇنىڭ بەزىسىنى هارام، بەزىسىنى هالال قىلىۋالىسىلەر؟ **﴿ئەگەر (سىلەر الله بۇلارنى بىزگە هارام قىلدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، قېنى ماڭا بىلىپ ئېيتىپ بېرىڭلار!»﴾** دېگەن ئايەتتىن: بۇلارنىڭ هەممىسى هالالدۇر دېگەن مەنە چىقىدۇ، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

الله تائالانىڭ: **﴿ياكى الله بۇنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان چاغدا سىلەر هازىرمىدىڭلار؟﴾** دېگەن ئايىتى مۇشرىكلارنىڭ الله تائالاغا بوهتان چاپلاپ، شۇ هايۋانلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرىچە ئۆزلىرىگە بەزىلىرىنى هارام قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشتۇر.

**﴿كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ الله نامىدىن يالغان ئېيتقان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟﴾** يەنى ئۇلاردىن زالىم كىشى يوقتۇر. **﴿شۈبهىسىزكى، الله زالىم قەۋمنى هىدايەت قىلمايدۇ»﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا بىرىنچى بولۇپ كىرىدىغان كىشى ئەمرى ئىبنى لەهيي ئىبنى قەۋمەئەدۇر. چۈنكى هەدىسلەردە كېلىشىچە، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتكەن كىشىلەرنىڭ شۇنداقلا سائىبە، ۋەسىلە ۋە هام قاتارلىقلارنى بۇتلىرىغا ئاتىغان كىشىلەرنىڭ تۇنجىسىدۇر.

*******

قُل لَّآ أَجِدُ فِى مَآ أُوحِىَ إِلَىَّ مُحَرَّمًا عَلَىٰ طَاعِمٍ يَطْعَمُهُۥٓ إِلَّآ أَن يَكُونَ مَيْتَةً أَوْ دَمًا مَّسْفُوحًا
أَوْ لَحْمَ خِنزِيرٍ فَإِنَّهُۥ رِجْسٌ أَوْ فِسْقًا أُهِلَّ لِغَيْرِ ٱللَّهِ بِهِۦ ۚ فَمَنِ ٱضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَإِنَّ
رَبَّكَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٤٥﴾

(ئى مۇهەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەهيي قىلىنغان ئەهكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋەياكى چوشقا گۆشى - چوشقا نىجىس بىمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر - ۋە الله دىن غەيرىينىڭ

ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەرقانداق ئادەم ئۇچۇن ھارام كۆرمەيمەن. كىمكى ئۇلاردىن (يەنى يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە (ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر﴿145﴾.

## ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ بايانى

**الله** تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى **الله** تائالاغا بوھتان چاپلاپ، ئۇلارغا **الله** رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلغان كاپىرلارغا مۇنداق دېيىشنى بۇيرۇدى:

**﴿ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋەياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە الله دىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەرقانداق ئادەم ئۇچۇن ھارام كۆرمەيمەن﴾** يەنى مەن مۇشۇ ھايۋانلاردىن باشقا بىر ھايۋاننى ھارام دەپ قارىمايمەن. بۇ مەنىگە ئاساسەن بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ كەلگەن مائىدە سۈرىسىنىڭ ئايىتى[1] ۋە ھەدىسلەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

**﴿ياكى ئېقىپ چىققان قان﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: قانلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئېقىپ چىققان قانلا ھارام قىلىنىدى. لېكىن گۆشلەرگە يۇقۇپ قالغان قانلار ھارام ئەمەستۇر.

ھۇمەيدى سۇفياندىن ئەمرى ئىبنى دىينارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھقا: كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەيبەردە يەرلىك ئېشەكنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشتىن توسقانلىقىدىن گۇمان قىلىشىدۇ،ـ دېدىم. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرلىك ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توسقانلىقىنى ھەكەم ئىبنى ئەمرى رىۋايەت قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئىبنى ئابباس ئۇنىماي[2]: **﴿(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋەياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ۋە الله دىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەرقانداق ئادەم ئۇچۇن ھارام كۆرمەيمەن﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى،ـ دېدى. بۇنى بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇدمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئەبۇبەكرى ئىبنى مەردەۋەي ۋە ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋردىكى كىشىلەر نۇرغۇن نەرسىلەرنى يەيتتى ۋە نۇرغۇن نەرسىلەرنى پاكىزە ئەمەس دەپ يېمەيتتى. ئاندىن **الله**

(1) ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ تەپسىلاتى مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايىتىدە بايان قىلىنىدى.
(2) يەنى بۇ ئايەتتە ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە يەرلىك ئېشەك يوق دېمەكچى.

تائالا پەيغەمبىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن كىتابىدا ئۆزى ھالال قىلغان ۋە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بەردى. شۇڭا الله تائالا ھالال قىلغان نەرسە ھالال، ھارام قىلغان نەرسە ھارام بولىدۇ. الله تائالا ھالال ـ ھاراملىقىنى ئېنىق بايان قىلمىغان نەرسىلەر بولسا، يېسە گۇناھ بولمايدىغان نەرسىلەردۇر. ئۇ بۇ سۆزنى دەلىللەش ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: **﴿(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋەياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە الله دىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن﴾**. بۇنى ئەبۇ داۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: زەمئەنىڭ قىزى سەۋدەنىڭ بىر قويى ئۆلۈپ قالغاندا، ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قوي ئۆلۈپ قالدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمىشقا ئۇنىڭ تېرىسىنى ئېلىۋالمىدىڭلار؟» دېدى. سەۋدا: ئۆلۈپ قالغان قوينىڭ تېرىسىنى ئېلىۋالامدۇق؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا **﴿(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋەياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە الله دىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن﴾** دېدى. سىلەر ئۇنىڭ تېرىسىنى يېمەيسىلەر، ئۇنى ئاشلاپ پايدىلانساڭلار بولاتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، سەۋدە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ قوينىڭ تېرىسىنى سويدۇرۇپ كېلىپ ئاشلاتقۇزۇپ، ئۇنىڭدىن بىر تۇلۇم ياساتقۇزدى. ئۇ تۇلۇمنى تاكى كونىراپ كەتكۈچە ئىشلەتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە نەسەئىمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

**﴿كىمكى ئۇلاردىن (يەنى يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە (ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)﴾** يەنى كىمكى الله تائالا مۇشۇ ئايەتتە ھاراملىقىنى بايان قىلغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، بەك تويغۇچە يېمەي پەقەت جېنىنى ساقلاپ قالغۇدەكلا يېسە بولىدۇ.

**﴿چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر﴾** يەنى الله تائالا (مەجبۇرلۇقتىن ھارام قىلىنغان نەرسىدىن جېنىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېگەن كىشىنى) كەچۈرۈۋەتكۈچىدۇر ۋە ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلغۇچىدۇر. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار بەقەرە سۈرىسىنىڭ 173 ـ ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغان ئىدى.

بۇ يەردە بۇ ئايەتنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت بولسا، ئۆزلىرىنىڭ خاتا قاراشلىرى بىلەن بەھىرە، سائىبە، ۋەسىلە، ھام ۋە شۇنىڭدەك ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا الله تائالا پەيغەمبىرىنى الله تائالا ۋەھيي قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە شۇ ھايۋانلارنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى كۆرمىگەنلىكىنى، ھارام قىلىنغان نەرسىلەر پەقەت مۇشۇ ئايەتتىلا بايان قىلىنغان ئۆلۈك، ئېقىپ چىققان قان، چوشقا گۆشى ۋە الله تائالادىن باشقىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، بۇلاردىن باشقىسىنىڭ ھارام ئەمەس، بەلكى يېسە گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى

بايان قىلىشقا بۇيرۇدى. ھەمدە: شۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر قانداقمۇ ئۇنى ھارام دەپ گۇمان قىلىسىلەر؟! الله تائالا ئۇنى ھارام قىلمىغان تۇرسا، سىلەر نېمىگە ئاساسەن ئۇنى ھارام قىلىۋالىسىلەر؟ ـ دېيىشكە بۇيرۇدى.

* * * * * *

وَعَلَى ٱلَّذِينَ هَادُواْ حَرَّمۡنَا كُلَّ ذِي ظُفُرٖۖ وَمِنَ ٱلۡبَقَرِ وَٱلۡغَنَمِ حَرَّمۡنَا عَلَيۡهِمۡ شُحُومَهُمَآ إِلَّا مَا حَمَلَتۡ ظُهُورُهُمَآ أَوِ ٱلۡحَوَايَآ أَوۡ مَا ٱخۡتَلَطَ بِعَظۡمٖۚ ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم بِبَغۡيِهِمۡۖ وَإِنَّا لَصَٰدِقُونَ ﴿١٤٦﴾

يەھۇدىيلارغا توم تۇياقلىق (يەنى تۆگە، تۆگىقۇشقا ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولماي توم تۇياقلىق بولغان) ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە قىلىش، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش قاتارلىق) زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، بىز ئەلۋەتتە (بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە) راستچىلمىز﴿146﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئەسلىدە ھالال نەرسىنىڭ ئۇلارغا ھارام قىلىنىپ كەتكەنلىكى

﴿**يەھۇدىيلارغا توم تۇياقلىق (يەنى تۆگە، تۆگىقۇشقا ئوخشاش ئاچا تۇياقلىق بولماي توم تۇياقلىق بولغان) ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق**﴾ يەنى تۆگە، تۆگىقۇشى، غاز ۋە ئۆردەكلەرگە ئوخشاش توم تۇياقلىق ھايۋانلارنى ۋە قۇشلارنى يەھۇدىيلارغا ھارام قىلدۇق.

﴿**ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلىشىقلىق ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق**﴾ سۇددى: ھارام قىلىنغان ياغلار بولسا، قېرىنلارغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئىچماي ۋە بۆرەك مېيىدۇر. بىزمۇ بۇنى ھارام دەپ قارايمىز، ـ دېدى.

ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دېدى: قۇيرۇق مېيى، پۇت، ياmپاش، باش ۋە كۆز سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان مايلار ھالالدۇر.

﴿**بۇ ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە قىلىش، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش قاتارلىق) زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر**﴾ يەنى مۇشۇ قىيىنچىلىق ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى ۋە بىزنىڭ بۇيرۇقلىرىمىزغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ھەقسىزلىقلىرى (يەنى زۇلمى ۋە قىلغان گۇناھلىرى)، نۇرغۇن كىشىلەرنى الله نىڭ يولىدىن (يەنى الله نىڭ

دىنىغا كىرىشتىن) توسقانلىقلىرى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ناھەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا (ئىلگىرى) ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر بولغانلارغا قاتتىق ئازاب ھازىرلىدۇق﴾[1].

﴿بىز ئەلۋەتتە (بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە) راستچىلمىز﴾ يەنى بىز ئۇلارغا بەرگەن جازالىرىمىزدا، ئادىلدۇرمىز. ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد! بىز شۇ نەرسىلەرنى ئۇلارغا ھارام قىلدۇق دەپ ساڭا بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە ئەلۋەتتە راستچىلدۇرمىز. ئىش ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك، يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزىگە ھارام قىلغان ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ.

## يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلىسى ۋە الله تائالانىڭ ئۇلارغا لەنەت قىلغانلىقى

ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سەمەرىنىڭ ھاراق ساتقانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلدى. ئۆمەر: الله تائالا سەمەرىگە لەنەت قىلسۇن! ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله تائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن! ئۇلارغا چارۋا ماللارنىڭ بەزى مايلىرى ھارام قىلىنغان ئىدى، ئۇلار ئۇنى ئېرىتىپ ساتتى» دېگەنلىكىنى بىلمەمدىكەن؟ ـ دېدى. بۇنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ھەققەتەن الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھاراق، ئۆلۈك، چوشقا ۋە بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلدى». ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ماللارنىڭ مايلىرىنىڭ ھۆكمىنى بىزگە دەپ بەرگىن، چۈنكى ئۇ مايلار بىلەن تېرىلەر ۋە كېمىلەرنىڭ ياغاچلىرى مايلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنى كۆيدۈرۈپ چىراق ياقىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇنى ئىشلىتىش ھارامدۇر» دەپ تۆۋەندىكى ھەدىسنى بايان قىلدى: «الله تائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن! ئۇلارغا ھايۋانلارنىڭ دۈمبە مايلىرى ھارام قىلىنغان ئىدى، ئۇلار ئۇنى ئېرىتىپ سېتىپ پۇلىنى يېدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * *



فَإِن كَذَّبُوكَ فَقُل رَّبُّكُمْ ذُو رَحْمَةٍ وَٰسِعَةٍ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُهُۥ عَنِ ٱلْقَوْمِ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿١٤٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) سېنى ئىنكار قىلسا، سەن: «پەرۋەردىگارىڭلار (قىلمىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىغانلىقتىن) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، (الله نىڭ رەھمىتىگە مەغرۇر بولماڭلاركى) الله نىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن

(1) نىسا سۈرىسى 160 ـــ 161 ـ ئايەتلەر.

قايتۇرۇلمايدۇ» دېگىن﴿147﴾.

الله تائالا: ئى مۇھەممەد! ئەگەر مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە شۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىدىن بولغان كاپىرلار، يەنى ساڭا قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر سېنى ئىنكار قىلسا، سەن ئۇلارغا: **﴿پەرۋەردىگارىڭلار (قىلمىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىغانلىقتىن) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر﴾** دېگىن. بۇ، ئۇلارنى الله تائالانىڭ كەڭ رەھمىتىنى ئىزدەشكە ۋە پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتۇر.

**﴿(الله نىڭ رەھمىتىگە مەغرۇر بولماڭلاركى) الله نىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ» دېگىن﴾** بۇ، ئۇلارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشنى كۆپلىگەن ئەھۋاللاردا بىر يەردە كەلتۈرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلىرىمۇ شۇنىڭ قاتارىدىندۇر:

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن (نۇھ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋمىگە، ئەسھابۇلپىلغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ياكى ئايىغىڭلار ئاستىدىن (پىرئەۋن ۋە قارۇنلارغا ئەۋەتىلگەن ئازابقا ئوخشاش) ئازاب ئەۋەتىشكە ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىتىشقا قادىردۇر». ئۇلارنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلىرىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەردە قانداق بايان قىلىدىغانلىقىمىزغا قارىغىن﴾[1]، ﴿پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىڭ (گۇناھلارغا چۆمۈپ تەۋبە قىلمىغانلارنى) شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىق جازالايدۇ﴾[2]، ﴿ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾[3]، ﴿(الله) گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. (الله نىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر﴾[4]، ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ـ شۈبھىسىز قاتتىقتۇر. الله (خالايىقنى) ھەقىقەتەن يوقتىن بار قىلىدۇ (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنى) تىرىلدۈرىدۇ. الله (مۆمىن بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارنى) دوست تۇتقۇچىدۇر﴾[5] بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

سَيَقُولُ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ لَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ مَآ أَشۡرَكۡنَا وَلَآ ءَابَآؤُنَا وَلَا حَرَّمۡنَا مِن شَيۡءٖۚ كَذَٰلِكَ
كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ حَتَّىٰ ذَاقُواْ بَأۡسَنَاۗ قُلۡ هَلۡ عِندَكُم مِّنۡ عِلۡمٖ فَتُخۡرِجُوهُ لَنَآۖ إِن
تَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنۡ أَنتُمۡ إِلَّا تَخۡرُصُونَ ﴿١٤٨﴾ قُلۡ فَلِلَّهِ ٱلۡحُجَّةُ ٱلۡبَٰلِغَةُۖ فَلَوۡ شَآءَ لَهَدَىٰكُمۡ

(1) ئەنئام سۈرىسى 65 ـ ئايەت.
(2) رەئد سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھىجىر سۈرىسى 49 ـــ 50 ـ ئايەتلەر.
(4) غافىر سۈرىسى 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) بۇرۇج سۈرىسى 12 ـــ 14 ـ ئايەتكىچە.

أَجۡمَعِينَ ﴿١٤٩﴾ قُلۡ هَلُمَّ شُهَدَآءَكُمُ ٱلَّذِينَ يَشۡهَدُونَ أَنَّ ٱللَّهَ حَرَّمَ هَٰذَاۖ فَإِن شَهِدُواْ فَلَا تَشۡهَدۡ
مَعَهُمۡۚ وَلَا تَتَّبِعۡ أَهۡوَآءَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡأٓخِرَةِ وَهُم بِرَبِّهِمۡ
يَعۡدِلُونَ ﴿١٥٠﴾

مۇشرىكلار: «ئەگەر الله خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، الله غا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر»﴿148﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) الله نىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى»﴿149﴾. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) «الله بۇنى ھارام قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلىرىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار» دېگىن، ئەگەر ئۇلار (ھازىر بولۇپ يالغاندىن) گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلارغا قوشۇلۇپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن (چۈنكى ئۇ پۈتۈنلەي يالغاندۇر). بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ﴿150﴾.

## الله تائالانىڭ مۇشرىكلارنىڭ خاتالىقىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا رەددىيە بەرگەنلىكى

**﴿مۇشرىكلار: «ئەگەر الله خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق» دەيدۇ﴾** بۇ، الله تائالا بايان قىلغان بىر مەيدان مۇنازىرە بولۇپ، مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشلىرىدە ۋە ئۆزلىرىچىلا ھايۋانلارنى ھارام قىلىۋالغان ئىشلىرىدا تايانغان بىر شۈبھىسىدۇر. چۈنكى، الله تائالا ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن شېرىكلىرىنى ۋە بەزى ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغانلىقلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. الله تائالا بىزنىڭ ھەممىمىزگە ئىمان ئاتا قىلىش، بىز بىلەن كۇپۇرلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا توساق بولۇش بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنى ئۆزگەرتمىدى. شۇڭا بۇ ئىشلارنىڭ الله تائالانىڭ خالىشى، ئىرادىسى ۋە رازىلىقى بىلەن بولغانلىقىنى كۆرسەتكۈچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشرىكلار: **﴿«ئەگەر الله خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق»﴾** دېدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «مەرھەمەتلىك الله خالىسا، بىز ئۇلارغا (يەنى پەرىشتىلەرگە) چوقۇنمايتتۇق» دېدى﴾[1]، ﴿مۇشرىكلار: «مۇبادا الله خالىغان بولسا، بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز الله نى قويۇپ ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان بولاتتۇق،

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**اللە** هارام قىلمىغان (يەنى **اللە** نىڭ ھۆكمىسىز) ھېچ نەرسىنى هارام قىلمىغان بولاتتۇق» دېدى﴾[1].

﴿**ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى**﴾ يەنى بۇلاردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرمۇ مۇشۇ شۇبھە بىلەن ئېزىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئورۇنسىز بولغان خاتا پاكىتتۇر. ئەگەر بۇ پاكىت توغرا بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، **اللە** تائالا ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئازابىنى تېتىتمىغان، ئۇلارنى هالاك قىلمىغان، ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋەتمىگەن ۋە ئىنتىقام ئېلىشنىڭ تەمىنى تېتىتمىغان بولاتتى.

**اللە** تائالا پەيغەمبىرىنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: ﴿**(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار**﴾ يەنى ئۆزەڭلارنىڭ هازىرقى هالىتىڭلاردىن **اللە** تائالانىڭ سىلەردىن رازى ئىكەنلىكىگە بىرەر پاكىتىڭلار بولسا، ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ، بايان قىلىپ ئاشكارىلاڭلار.

﴿**سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر**﴾ يەنى سىلەر پەقەت قۇرۇق خىيال ۋە خاتا ئېتىقادقىلا ئاساسلىنىسىلەر ﴿**اللە غا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر»**﴾.

**اللە** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى: ﴿**(ئى مۇهەممەد!) ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) اللە نىڭ ئېنىق پاكىتى بار**﴾ يەنى **اللە** تائالانىڭ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىشىدا، خالىغان كىشىنى ئازدۇرۇۋېتىشىدا ئۆزىنىڭ چوڭ هېكمىتى ۋە ئېنىق پاكىتى بار.

﴿**ئەگەر ئۇ خالىسا هەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، هىدايەت قىلاتتى»**﴾ يەنى بۇلارنىڭ هەممىسى **اللە** تائالانىڭ قۇدرىتى، خاهىشى ۋە خالىشى بىلەن بولغاندۇر. بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسى **اللە** تائالانىڭ خاهىشى بىلەن بولسىمۇ، لېكىن **اللە** تائالا مۆمىنلەردىن رازى بولۇپ، كاپىرلارنى يامان كۆرىدۇ.

**اللە** تائالا ئەگەر ئۆزى خالىسا، بارلىق كىشىلەرنى توغرا يولدا قىلىدىغانلىقى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر **اللە** خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى هىدايەتكە بىرلەشتۈرەتتى﴾[2]، ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى ئىمان ئېيتاتتى﴾،[3] ﴿ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت (يەنى بىر دىندا) قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر، پەقەت پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. **اللە** ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى ئىختىلاپ ئۈچۈن) ياراتتى. پەرۋەردىگارىڭنىڭ: «مەن چوقۇم پۈتۈن جىنلار ۋە ئىنسانلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىمەن» دېگەن سۆزى ئېنىق بەلگىلەندى﴾[4].

(1) نەهل سۈرىسى 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 99 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) هۇد سۈرىسى 118 ــــ 119 ـ ئايەتلەر.

زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: ﷲ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىدا ھېچقانداق بىر پاكىتى يوقتۇر. لېكىن ﷲ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈستىدە ئۇچۇق دەلىل ـ پاكىتى بار.

**﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) «ﷲ بۇنى ھارام قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىلىرىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار» دېگىن﴾** يەنى سىلەر ھارام قىلغان ۋە بۇ ھەقتە ﷲ تائالاغا بوھتان چاپلىغان بۇ نەرسىنى ﷲ تائالانىڭ ھارام قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار.

**﴿ئەگەر ئۇلار (ھازىر بولۇپ يالغاندىن) گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلارغا قوشۇلۇپ گۇۋاھلىق بەرمىگىن (چۈنكى ئۇ پۈتۈنلەي يالغاندۇر)﴾** چۈنكى ئۇلار پەقەتلا يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. **﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلار پەرۋەردىگارىڭغا شېرىك كەلتۈرىدۇ﴾**.

* * * * * * *

﴿ قُلْ تَعَالَوْا۟ أَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْ ۖ أَلَّا تُشْرِكُوا۟ بِهِۦ شَيْـًٔا ۖ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَـٰنًا ۖ
وَلَا تَقْتُلُوٓا۟ أَوْلَـٰدَكُم مِّنْ إِمْلَـٰقٍ ۖ نَّحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَإِيَّاهُمْ ۖ وَلَا تَقْرَبُوا۟ ٱلْفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ
مِنْهَا وَمَا بَطَنَ ۖ وَلَا تَقْتُلُوا۟ ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِى حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۚ ذَٰلِكُمْ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ
تَعْقِلُونَ ﴿١٥١﴾

ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىڭلار (ئاڭلاڭلار)، ﷲ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ﷲ غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ﷲ نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ﷲ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴿151﴾.

## ئون تۈرلۈك نەسىھەت

ئىمام داۋۇد ئەۋدى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ۋەسىيەتلىرىنى بىلمەكچى بولسا، ﷲ تائالانىڭ: **﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىڭلار (ئاڭلاڭلار)، ﷲ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ﷲ غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ﷲ نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن**

**مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ﷲ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ﷲ غا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ﷲ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ» .بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ﷲ نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ﷲ نىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ﷲ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتلىرىنى ئوقۇسۇن.

ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئەنئام سۈرىسىدەمەنىلىرى ئوچۇق بولغان ئايەتلەر بار. بۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسىدۇر، ـ دەپ يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ھاكىم ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قايىسىڭلار ئۈچ ئىشتا ماڭا بەيئەت قىلىسىلەر؟» دەپ: **﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، ﷲ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ﷲ غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ﷲ نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ﷲ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن: كىمكى مۇشۇ ۋەسىيەتلەرگە ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرىش ﷲ تائالانىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. كىمكى بۇ ۋەسىيەتلەردىن بىرەرىگە ئەمەل قىلالماي قالسا، شۇنىڭ بىلەن، ﷲ تائالا ئۇنى دۇنيادا بىرەر يامانلىق بىلەن تۇتقان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئەمەل قىلالمىغان گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ. كىمنىكى ﷲ تائالا (دۇنيادا بىرەر يامان ئىش بىلەن تۇتماي) ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىشى ﷲ تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ. ﷲ تائالا خالىسا ئۇنى ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرۈۋېتىدۇ، ـ دېدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق: ﷲ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق قاراشلىرى ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشلىرى بىلەن ﷲ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان، ﷲ تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام سانىغان ۋە پېقىرلىقتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇشرىكلارغا **﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، ﷲ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي﴾** يەنى سىلەر كېلىڭلار، مەن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار ھارام قىلغان نەرسىنى بايان قىلىپ بېرەي. مېنىڭ بۇ بايانىم ھەرگىزمۇ گۇمانغا ئاساسلانغان بولماستىن، بەلكى ﷲ تائالا تەرىپىدىن بولغان بىر ۋەھيي ۋە بۇيرۇق بىلەن بولغاندۇر. ئۇ ۋەسىيەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

## اللّٰه تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

﴿**سىلەر اللّٰه غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار**﴾ يەنى مەن سىلەرگە اللّٰه تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ـ دەپ ۋەسىيەت قىلىمەن.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىئىل كېلىپ: سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن كىمكى اللّٰه تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ـ دەپ خۇش بېشارەت بەردى. مەن: ئەگەر ئۇ كىشى زىنا قىلغان ۋە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ (جەننەتكە كىرەمدۇ) ؟ـ دېدىم. جىبرىئىل: ئۇ زىنا قىلغان ۋە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ (جەننەتكە كىرىدۇ)، ـ دېدى. مەن يەنە: ئۇ زىنا قىلغان ۋە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ (جەننەتكە كىرەمدۇ)؟ـ دېدىم. جىبرىئىل: ئۇ زىنا قىلغان ۋە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ (جەننەتكە كىرىدۇ)، ـ دېدى».

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللّٰه تائالا: ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر سەن ماڭا دۇئا قىلىدىغانلا ۋە مەندىن ئۈمىد قىلىدىغانلا بولساڭ، مەن سەندىن ئۆتۈلگەن گۇناھلارنى چوقۇم كەچۈرىمەن. (ئۇ گۇناھلىرىڭ ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا) پەرۋا قىلمايمەن. ئەگەر ئالدىمغا ماڭا شېرىك كەلتۈرمەيلا زېمىن توشقىچە گۇناھ بىلەن كەلسەڭمۇ، مەن ئالدىڭغا زېمىن توشقىچە مەغپىرەت (يەنى كەچۈرۈم قىلىش) بىلەن بارىمەن. سەن ئاسماننىڭ قەھرىگە يەتكۈچە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن مەندىن خاتالىقىڭنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلىسەڭ، مەن كەچۈرىمەن، ـ دېدى».

بۇ ھەدىسنى اللّٰه تائالانىڭ: ﴿اللّٰه ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (اللّٰه ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى اللّٰه تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ»[2]. بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.



## ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ بۇيرۇلۇشى

﴿**ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار**﴾ يەنى ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيمەن

---

(1) نىسا سۈرىسى 116 ـ ئايەت.

(2) زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش ۋە ئوغرىلىق قىلىشقا ئوخشىغان چوڭ گۇناھلارنى قىلغان بولسىمۇ، اللّٰه تائالاغا شېرىك كەلتۈرمىگەنلا بولسا، ئۇ كىشى مۆمىن ھېسابلىنىپ جەننەتكە كىرىدۇ. لېكىن ئۇ شۇ گۇناھلىرىنىڭ ھېسابىنى بەرمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ گۇناھلىرىنىڭ ھېسابىنى بەرگەندە، اللّٰه تائالا خالىسا ئۇنى كەچۈرۈپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. خالىسا دوزاخقا كىرگۈزۈپ، گۇناھىنى تارتىپ بولغۇچە دوزاختا ئازابلاپ، ئاندىن جەننەتكە چىقىرىدۇ.

ۋە تەۋسىيە قىلىمەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى﴾[1] الله تائالا كۆپ ھاللاردا ئۆزىگە بويسۇنۇش بىلەن ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقلىرىنى بىر يەردە كەلتۈرىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتتىمۇ شۇنداق كەلگەن: ﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن﴾[2] بۇ ئايەتتە الله تائالا ئاتا ـ ئانا مۇشرىك بولسىمۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن الله دىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق﴾[3] بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قايسى ئەمەل ـ ئىبادەت ئەڭ ياخشى؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن قايسى؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى. ئاندىنچۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. ئىبنى مەسئۇد: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئەگەر ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ سوئال سورىغان بولسام، ئۇ سوئاللىرىمغىمۇ جاۋاب بەرگەن بولاتتى، ـ دېدى.

## بالىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

الله تائالا يۇقىرىدا ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بۇ يەردە بالىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ: **﴿نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز﴾** دېدى. بۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب، كىشىلەر (شەيتاننىڭ ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا قىزىقتۇرغىنىدەك) بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىزلىرىنى نومۇستىن قورقۇپ تىرىك كۆمسە، بەزىلىرى نامراتلىقتىن قورقۇپ ئوغۇل بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

ئىمام مۇسلىم ۋە بۇخارىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان

(1) ئىسرا سۈرىسى 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) لوقمان سۈرىسى 14 ــــ 15 ـ ئايەتلەر.
(3) بەقەرە سۈرىسى 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەدىسىدە مۇنداق كەلدى: (ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد) مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟ - دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنى ياراتقان اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ئاندىنچۇ؟ - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالاڭنىڭ سەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشىدىن (يەنى ئۇنىڭ تاماق يېيىشى بىلەن پېقىر بولۇپ قېلىشىڭدىن) قورقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ» دېدى. مەن: ئاندىن قالسىچۇ؟ - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ» دەپ، ئاندىن: ﴿ئۇلار اللە غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اللە ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

اللە تائالا كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾[2] يەنى سىلەر كەلگۈسىدە پېقىر بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇلارنىڭ رىزقىنى بىز بېرىمىز. اللە تائالا بۇ ئايەتتە بالىلارغا بەك كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن ئۇلارغا رىزىق بېرىشنى ئاتا - ئانىسىدىن بالدۇر كەلتۈردى. يەنى سىلەر ئۇلارنىڭ تاماق يېيىشى سەۋەبى بىلەن ئۆزەڭلارنىڭ پېقىر بولۇپ قېلىشىدىن قورقماڭلار. چۈنكى ئۇلارغا رىزىق بېرىش اللە تائالانىڭ ئىشىدۇر.

ئەمما بۇ يەردە ئاتا - ئانىغا ھەقىقەتەن پېقىرلىق يەتكەن بولغاچقا، اللە تائالا: **﴿نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز﴾** دېگەن ئايەتتە: «سىلەرگە» دەپ ئاتا - ئانىنى بالىدىن ئاۋۋال كەلتۈردى. چۈنكى ئاۋۋال پېقىرلىق ھالىتىدىكى ئاتا - ئانىغا رىزىق بېرىش تېخىمۇ مۇھىم. ھەقىقەتنى بىلگۈچى اللە تائالادۇر.

**﴿ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار﴾** اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (اللە نىڭ شېرىكى بولۇشقا) اللە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى اللە غا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى اللە نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى»﴾[3] يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلارنى تەرك ئېتىڭلار﴾[4] دېگەن ئايەتتە تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئىدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالادىن بەكرەك كۈندەشلىك قىلغۇچى يوقتۇر. شۇڭا اللە تائالا ئاشكار ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنى ھارام قىلدى».

ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئۇمەير مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

(1) فۇرقان سۈرىسى 68 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 31 - ئايەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 33 - ئايەت.
(4) ئەنئام سۈرىسى 120 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىدۇ: سەئىد ئىبنى ئۇبادە: ئەگەر مەن ئايالىم بىلەن بىر كىشىنىڭ يامان ئىش قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسەم، ئۇ كىشىنى قىلىچىنىڭ بىسى بىلەن ئۇرىمەن،- دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر سەئىدنىڭ كۈندەشلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ھەيران قالامسىلەر؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ كۈندەشلىكىم سەئىدنىڭكىدىنمۇ قاتتىقتۇر. الله تائالا مەندىنمۇ بەكرەك كۈندەشلىك قىلغۇچىدۇر. شۇڭا الله تائالا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنى ھارام قىلدى» دېدى.

## ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

**﴿الله نىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾** ئادەم ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ قاتارىغا كىرسىمۇ، الله تائالانىڭ بۇنى (بۇ يەردە) ئايرىم بايان قىلىشى، بۇ ئىشنى قىلماسلىققا قىلىنغان تەۋسىيەنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئىبيتقان تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال بولمايدۇ. ئۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولسا: تۇرمۇشقا چىقىپ بولۇپ زىنا قىلغان، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە ئىسلام دىنىنى تاشلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن چىقىپ كەتكەن كىشىدۇر».

شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەن كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈشمۇ چەكلەندى. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كېلىشىم تۈزگەن كاپىردىن بىرنى ئۆلتۈرسە، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ پۇرىقى 40 يىللىق مۇساپىدىن پۇرىلىدۇ».

ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كېپىللىكىگە ئۆتكەن كېلىشىم تۈزگۈچى بىر كاپىرنى ئۆلتۈرسە، ئۇ ھەقىقەتەن الله تائالانىڭ كېپىللىكىنى بۇزغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ پۇرىقى 70 يىللىق مۇساپىدىن پۇرىلىدۇ».

**﴿سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾** يەنى بۇلار الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ۋە توسقان ئىشلىرىنى چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، الله تائالا سىلەرگە ۋەسىيەت قىلغان ئىشلاردۇر.

* * * * * *

وَلَا تَقْرَبُواْ مَالَ ٱلْيَتِيمِ إِلَّا بِٱلَّتِى هِىَ أَحْسَنُ حَتَّىٰ يَبْلُغَ أَشُدَّهُۥ ۖ وَأَوْفُواْ ٱلْكَيْلَ وَٱلْمِيزَانَ بِٱلْقِسْطِ ۖ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا ۖ وَإِذَا قُلْتُمْ فَٱعْدِلُواْ وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَىٰ ۖ وَبِعَهْدِ ٱللَّهِ أَوْفُواْ ۚ ذَٰلِكُمْ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ﴿١٥٢﴾

يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، الله غا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ»﴿152﴾.

## يېتىملارنىڭ مېلىنى يەۋېلىشنىڭ ھاراملىقى

ئەتا ئىبنى سائىب سەئىد ئىبنى جۇبەيرىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت چۈشكەندە، يېنىدا يېتىم بالىلىرى بار كىشىلەر ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدىن ئايرىدى. شۇنىڭ بىلەن، يېتىملار تاماقلىرىنى يەپ بولالماي ئاشۇرۇپ قويۇشقا باشلىدى. يېتىملارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار ئېشىپ قالغان تاماقلارنى ساقلاپ قوياتتى. يېتىملار ئۇ تاماقلارنى بەزىدە يەيتتى، بەزىدە ئۇ تاماقلار بۇزۇلۇپ قالاتتى. ئۇلارغا بۇ ئىش ئېغىر كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ھال ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، «(تەربىيلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلساڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. الله (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن ئۇلار يېتىملارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۆزلىرىنىڭكىگە قوشۇۋەتتى. بۇنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

## ئۆلچەم ـ تارازىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿**ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار**﴾ الله تائالا ئېلىم ـ سېتىمدا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇپ ۋە ئادىل بولمىغانلارغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم

(1) نىسا سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 220 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ. ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾[1].

الله تائالا ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بېرىدىغان بىر ئۈممەتنى ھالاك قىلىۋەتتى ﴿ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز﴾ يەنى كىمكى ھەقنى بېرىش ۋە ئېلىشتا (ئادىل بولۇش ئۈچۈن) تىرىشقان بولسىمۇ، يەنىلا خاتالىقتىن ساقلىنالمىغان بولسا، بۇنىڭغا ھېچ گۇناھ يوق.

## گۇۋاھلىقتا ئادىل بولۇشنىڭ ئەمر قىلىنىشى

﴿**سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! **الله** نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار﴾[2] **الله** تائالا كىشىلەرنى تۇغقان ۋە يات كىشىلەرگە مۇئامىلىدە ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى ۋە ھەممە ئىنسانىنى ھەرقانداق ئەھۋال ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى.

## الله تائالاغا بەرگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

﴿**الله غا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: **الله** سىلەرگە تەۋسىيە قىلغان ۋەسىيەتلەرگە ۋاپا قىلىڭلار. ۋاپا قىلىش بولسا، **الله** ساڭا بۇيرۇغان ئىشتا ۋە توسقان ئىشتا **الله** تائالاغا بويسۇنۇشىڭدۇر. **الله** تائالانىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشىڭدۇر. مانا بۇ، **الله** تائالاغا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتۇر. ﴿**ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ**»﴾ سىلەر ئىبرەت ئېلىپ بۇنىڭدىن ئىلگىرى قىلىۋاتقان قىلمىشىڭلاردىن يېنىشىڭلار ئۈچۈن، **الله** سىلەرگە بۇلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. سىلەرنى بۇلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە سىلەرنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىشىڭلارنى تەكىتلەيدۇ دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

**وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِي مُسۡتَقِيمٗا فَٱتَّبِعُوهُۖ وَلَا تَتَّبِعُواْ ٱلسُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمۡ عَن سَبِيلِهِۦۚ ذَٰلِكُمۡ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ١٥٣**

بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى

---

(1) مۇتەففىفىن سۈرىسى 1 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.
(2) مائىدە سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اللە نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (اللە نىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴿153﴾.

## توغرا يولغا ئەگىشىشكە بۇيرۇش ۋە خاتا يوللاردىن توسۇش توغرىسىدا

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباسنىڭ: **﴿(نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللە نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾** ۋە ﴿سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقچىلىك قىلماڭلار﴾[1] دېگەندەك ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە: اللە مۆمىن بەندىلىرىنى بىرلىشىشكە بۇيرۇدى. ئۇلارنى ئىختىلاپلىشىش، بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىن توستى. ئۇلارغا ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنى پەقەت اللە نىڭ دىنى توغرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا، تالاش ـ تارتىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنىڭ ھالاك قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەردى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى مۇجاھىد ۋە باشقىلارمۇ شۇنىڭدەك بايان قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن يەرگە بىر تۈز سىزىق سىزىپ: «بۇ اللە نىڭ توغرا يولىدۇر» دېدى. ئاندىن ئۇ سىزىقنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە سىزىقلارنى سىزىپ «بۇ، بۇ يوللارنىڭ ھەر بىرىدە ئۇنىڭغا كىرىشكە چاقىرىپ تۇرىدىغان شەيتان بار يوللاردۇر» دەپ: **﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللە نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. بۇ ھەدىسنى ھاكىممۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھۇمەيد جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدىكى يەرگە بىر سىزىق سىزىپ: «بۇ اللە تائالانىڭ يولىدۇر» دېدى. ئاندىن ئۇ سىزىقنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە ئىككىدىن سىزىق سىزىپ: «بۇ شەيتاننىڭ يوللىرىدۇر» دېدى. ئاندىن قولىنى ئوتتۇرىدىكى سىزىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ: **﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللە نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (اللە نىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، اللە سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

ئىبنى جەرىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى ئىبنى مەسئۇدتىن تۈز يول دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى مەسئۇد: ئۇ تۈز يول بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئايرىلغان، ئۇ يولنىڭ بىر ئۇچى جەننەتكە تۇتىشىدىغان، ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىدە جاكارچىلار يولدىن ئۆتكەن ئادەملەرنى چاقىرىپ تۇرىدىغان كىچىك يوللىرى بولغان بىر يولدۇر. كىمكى شۇ كىچىك يوللارغا كىرىپ قالسا، ئۇ يوللار ئۇنى دوزاخقا يەتكۈزىدۇ. كىمكى تۈز يولنىڭ ئۈستىدە ماڭسا، ئۇ يول ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ دەپ، اللە تائالانىڭ: **﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى اللە نىڭ**

---

(1) شۇرا سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ﴿** دېگەن ئايىتنى ئوقۇدى.

ئىمام ئەھمەد نەۋۋاس ئىبنى سەمئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**اللّٰه** تائالا توغرا يولغا بىر مىسال كەلتۈردى. (بۇ مىسالنىڭ تەپسىلاتى مۇنداقتۇر) بىر توغرا يول بولۇپ، ئۇ توغرا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېچىلغان ئىشىكلەر بولغان تام بار. ئىشىكلەرگە پەردىلەر تارتىلغان بولۇپ، چوڭ يولنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا: "ئى كىشىلەر! ھەممىڭلار بۇ تۈز يولغا كىرىڭلار، بۆلۈنۈپ كەتمەڭلار" دەپ تووۋلاپ تۇرىدىغان بىرسى بار. يولنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر چاقىرغۇچى بار. ئىنسان (يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا بېكىتىلگەن) ئىشىكلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ پەردىسىنى ئاچماقچى بولسا، يول ئۈستىدىكى ئۇ چاقىرغۇچى: "ۋاي ساڭا! ئۇنى ئېچىپ سالما، ئەگەر سەن ئۇنى ئېچىپ قالساڭ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ قالىسەن" دەيدۇ. چوڭ يول بولسا ئىسلامدۇر. ئىككى تام بولسا، **اللّٰه** تائالانىڭ بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىلىرىدۇر. ئىشىكلەر بولسا، **اللّٰه** تائالانىڭ ھارام قىلىپ، چەكلىگەن ئىشلىرىدۇر. چوڭ يولنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى چاقىرغۇچى بولسا، **اللّٰه** تائالانىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمدۇر. يول ئۈستىدىكى چاقىرغۇچى بولسا، ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ دىلىدىكى **اللّٰه** تائالانىڭ نەسىھەت قىلغۇچىسىدۇر». بۇ ھەدىسنى نەسەئى ۋە تىرمىزى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار﴾** يەنى **اللّٰه** نىڭ يولى "مېنىڭ يولۇم" دەپ بىرلىك ئۇسلۇبى بىلەن، خاتا يوللار: "ناتوغرا يوللار" دا دەپ كۆپلۈك ئۇسلۇبى بىلەن كەلتۈرۈلدى. چۈنكى ھەق دېگەن بىردۇر، ناتوغرىلىق كۆپتۇر. ھەقنىڭ بىر، ناتوغرىلىقنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: ﴿**اللّٰه** مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾[1].

* * * * * * *

ثُمَّ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ تَمَامًا عَلَى ٱلَّذِيٓ أَحۡسَنَ وَتَفۡصِيلٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٗ لَّعَلَّهُم

بِلِقَآءِ رَبِّهِمۡ يُؤۡمِنُونَ ﴿١٥٤﴾ وَهَٰذَا كِتَٰبٌ أَنزَلۡنَٰهُ مُبَارَكٞ فَٱتَّبِعُوهُ وَٱتَّقُواْ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ ﴿١٥٥﴾

ئاندىن ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ، ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىدىغان نېمىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان) ھەر بىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ھىدايەت قىلىش ۋە (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) ئاتا قىلدۇق﴿154﴾. بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر، **اللّٰه** نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار،

(1) بەقەرە سۈرىسى 257 ـ ئايەت.

(ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار﴿155﴾.

## تەۋرات بىلەن قۇرئاننى مەدھىيلەش توغرىسىدا

اللە تائالا يۇقىرىدىكى: ﴿**بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار**﴾ دېگەن ئايەتتە قۇرئاننى ماختاپ ئۆتكەن ئىدى. ئارقىدىنلا بۇ يەردە تەۋرات ۋە تەۋرات بېرىلگەن پەيغەمبەرنى ماختاپ مۇنداق دېدى: ﴿**مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) ئاتا قىلدۇق**﴾.

اللە تائالا كۆپلىگەن ئورۇنلاردا قۇرئان بىلەن تەۋراتنى بىر يەردە بايان قىلىپ كېلىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ شۇنداق بايان قىلىنغان: ﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇسانىڭ كىتابى (يەنى تەۋرات) ئەھلى جاھانغا پېشىۋا ۋە رەھمەت ئىدى. بۇ ئەرەب تىلىدىكى كىتابتۇر، (ئىلگىرىكى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟ ئۇ كىتابنى پارچە ـ پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. (ئى يەھۇدىيلار!) سىلەرگە ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى، (بۇ قۇرئاننى) اللە (نازىل قىلدى)»﴾[2]، ﴿ئۇلارغا بىز ۋەھىي قىلغان ھەقىقەت نازىل بولغان چاغدا، ئۇلار: «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) نېمىشقا مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزە بېرىلمىدى» دېدى. ئۇلار ئىلگىرى مۇساغا بېرىلگەن مۆجىزىنى ئىنكار قىلمىدىمۇ؟ ئۇلار: «(تەۋرات بىلەن قۇرئان) بىر ـ بىرىنى تەستىق قىلىدىغان سېھىردۇر» دېدى. ئۇلار: «بىز ھەقىقەتەن (ئىككى كىتابنىڭ) ھەربىرىنى ئىنكار قىلغۇچىمىز» دېدى﴾[3].

اللە جىنلار توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن ئايەتتىمۇ شۇنداق بايان قىلدى: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق»﴾[4].

﴿**ئاندىن ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ، ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىدىغان نېمىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان) ھەر بىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ھىدايەت قىلىش ۋە (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) ئاتا قىلدۇق**﴾ يەنى بىز مۇساغا ئۇ ئۆزىنىڭ شەرىئىتىدە ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىلەرنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋراتنى بەردۇق. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج

(1) ئەھقاف سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) قەسەس سۈرىسى 48 ـ ئايەت.
(4) ئەھقاف سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

بولغان) ۋەز ـ نەسىھەت، (دىنىي) ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق﴾[1].

﴿ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىلىدىغان نېمىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش﴾ يەنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىزنىڭ بۇيرۇقلىرىمىز بويىچە ماڭغان ۋە بىزگە بويسۇنغان كىشىگە مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن، بىز تەۋراتنى مۇساغا ئاتا قىلدۇق.

الله تائالا ياخشى ئىش قىلغان كىشىلەرنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴾[2]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. الله (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. الله : « مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى﴾[3]، ﴿ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴾[4].

الله تائالا: ﴿**ئاندىن ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) ئۆز پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسۇن دەپ، ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىلىدىغان نېمىتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان) ھەر بىر نەرسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش، (ئىسرائىل ئەۋلادىنى) ھىدايەت قىلىش ۋە (ئۇلارغا) رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن، مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) ئاتا قىلدۇق**﴾ دېگەن ئايىتىدە ئۆزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن كىتابىنى مەدھىيىلىدى.

﴿**بۇ بىز نازىل قىلغان (قۇرئان) مۇبارەك كىتابتۇر، الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار، (ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار**﴾ بۇ، قۇرئانغا ئەگىشىشكە قىلىنغان بىر دەۋەتتۇر. الله تائالا بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ كىتابىغا قىزىقتۇرىدۇ. ئۇلارنى كىتابىنى چۈشىنىشكە، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭ تەرىپىگە چاقىرىشقا بۇيرۇيدۇ.

الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىنى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە ئەمەل قىلغان كىشى ئۈچۈن دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەرىكەتلىك بولىدىغانلىقى بىلەن سۈپەتلىدى. چۈنكى ئۇ كىتاب الله تائالانىڭ مەھكەم ئارغامچىسىدۇر.

* * * * * *

أَن تَقُولُوٓاْ إِنَّمَآ أُنزِلَ ٱلۡكِتَٰبُ عَلَىٰ طَآئِفَتَيۡنِ مِن قَبۡلِنَا وَإِن كُنَّا عَن دِرَاسَتِهِمۡ لَغَٰفِلِينَ ١٥٦
أَوۡ تَقُولُواْ لَوۡ أَنَّآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا ٱلۡكِتَٰبُ لَكُنَّآ أَهۡدَىٰ مِنۡهُمۡۚ فَقَدۡ جَآءَكُم بَيِّنَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ

(1) ئەئراف سۈرىسى 145 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) رەھمان سۈرىسى 60 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 124 ـ ئايەت.
(4) سەجدە سۈرىسى 24 ـ ئايەت.

وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞۚ فَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَصَدَفَ عَنۡهَاۗ سَنَجۡزِي ٱلَّذِينَ يَصۡدِفُونَ عَنۡ ءَايَٰتِنَا سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ بِمَا كَانُواْ يَصۡدِفُونَ ﴿١٥٧﴾

(مېنىڭ قۇرئان نازىل قىلىشىم) سىلەرنىڭ، پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى ئىككى تائىپىگىلا (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا) كىتاب نازىل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر﴿156﴾. ياكى سىلەرنىڭ، ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەققەتەن پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايمىز﴿157﴾.

## قۇرئاننىڭ الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلار ئۈستىدىكى پاكىتى ئىكەنلىكى

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ: ﴿**پەقەت بىزدىن ئىلگىرىكى ئىككى تائىپىگىلا (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغىلا) كىتاب نازىل قىلىنغان**﴾ دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، بىز بۇ كىتابنى چۈشۈردۇق دېگەنلىكتۇر. يەنى (الله تائالانىڭ قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىشى) كىشىلەرنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرى ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان) باھانە - سەۋەبلىرىگە يول قويماسلىق ئۈچۈندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى (يەنى كۇفرى ۋە گۇناھلىرى) تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر ئازاب كەلسە، «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساڭ ئىدىڭ، سېنىڭ ئايەتلىرىڭگە ئەگىشەتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈن (سېنى ئۇلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)﴾[1]، ﴿**ئۇلارنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بىزنىڭ زادىلا خەۋىرىمىز يوق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى: ئۇلار بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى چۈشەنمىدۇق ھەم بىز ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمىز، - دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بۇ كىتابنى (چۈشۈردۇق).

﴿**ياكى سىلەرنىڭ، ئەگەر بىزگە كىتاب نازىل قىلىنغان بولسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلاردىن ئارتۇق ھىدايەت تاپقان بولاتتۇق، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر**﴾ يەنى بىزنىڭ بۇ كىتابنى چۈشۈرۈشىمىز سىلەرنىڭ: ئەگەر بىزگىمۇ ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن كىتاب چۈشۈرۈلگەن بولسا، بىز ئۇلاردىن بەكرەك توغرا يولدا بولاتتۇق، - دەپ باھانە - سەۋەب كۆرسىتىشىڭلارغا يول قالدۇرماسلىق ئۈچۈندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر)

(1) قەسەس سۈرىسى 47 - ئايەت.

كەلسە، ھەر قانداق ئۈممەتكە قارىغاندا ئەڭ ھىدايەت تاپقۇچى بولىدىغانلىقلىرى بىلەن قاتتىق قەسەم ئىچىشتى. ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەن چاغدا (ھىدايەتتىن) تېخىمۇ يىراق بولۇشتى﴾[1].

﴿سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى﴾ يەنى ھەقىقەتەن سىلەرگە ئەرەب مىللىتىدىن بولغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق (الله تائالا تەرىپىدىن) كاتتا بىر قۇرئان كەلدى. ئۇ قۇرئاندا ھالال ۋە ھارامنىڭ بايانى باردۇر، ئۇ قۇرئان دىللارغا ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن ماڭغانلارغا، ئۇ قۇرئان الله تائالا تەرىپىدىن بولغان بىر رەھمەتتۇر.

﴿الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟﴾ يەنى پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن شۇ قۇرئاندىن پايدىلانمىغان، ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن ۋاز كەچمىگەن، بەلكى كىشىلەرنى الله تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ئەگىشىشتىن توسقان كىشىدىنمۇ بەكرەك ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلغۇچى بارمۇ؟

* * * * * * *

هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّآ أَن تَأْتِيَهُمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ أَوْ يَأْتِىَ رَبُّكَ أَوْ يَأْتِىَ بَعْضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَ ۗ يَوْمَ يَأْتِى بَعْضُ ءَايَٰتِ رَبِّكَ لَا يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَٰنُهَا لَمْ تَكُنْ ءَامَنَتْ مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِىٓ إِيمَٰنِهَا خَيْرًا ۗ قُلِ ٱنتَظِرُوٓا۟ إِنَّا مُنتَظِرُونَ ﴿١٥٨﴾

ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. «(سىلەر ئۆزەڭلارغا كېلىدىغان ئىشلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز» دېگىن﴿158﴾.

## ئىمان ئېيتىش ۋە تەۋبە قىلىشنى كەينىگە تارتقۇچىغا قىلىنغان تەھدىت توغرىسىدا

الله تائالا كاپىرلارغا، پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە، ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋە توغرا يولدىن توسقۇچىلارغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ﴾ ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسىز بولۇشى قىيامەت بولۇشتىن بۇرۇن،



---
(1) فاتىر سۈرىسى 42 ـ ئايەت.

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرنى كۆرگەن چاغدا بولىدىغان ئىشتۇر.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇياش تاكى ئۆزى ئولتۇرغان يەر (غەرب) تىن چىقمىغۇچە قىيامەت بولمايدۇ. كىشىلەر (قۇياشنىڭ غەربتىن چىققانلىقىنى) كۆرگەندە ئىمان ئېيتىدۇ. مانا بۇ، ﴿**ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ**﴾ غان بىر ۋاقىتتۇر».

ئىبنى جەرىر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇياشنىڭ غەربتىن قايتا چىقىشى، دەججالنىڭ چىقىشى ۋە زېمىندىن چىقىدىغان بىر ھايۋاندىن ئىبارەت ئۈچ ئىش مەيدانغا كەلگەندە، ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەدنىڭ قىلغان رىۋايىتىدە: «تۆتتۆن مەيدانغا كەلگەندە» دېگەن سۆزمۇ بار.

ئىمام ئەھمەد ئەمر ئىبنى جەرىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەرۋان مەدىنىدىكى چېغىدا كىشىلەرگە قىيامەت ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ كىشى بۇنى ئاڭلاش ئۈچۈن مەرۋاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. مەرۋان سۆزىنى داۋام قىلىپ: قىيامەتنىڭ بىرىنچى ئالامىتى دەججالنىڭ چىقىشىدۇر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۈچ كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، مەرۋاندىن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى: ئۇ مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە يادلىۋالغانلىرىمدىن بىرنىمۇ سۆزلىمەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە: «قىيامەتنىڭ بىرىنچى ئالامىتى، قۇياشنىڭ پاتقان يېرىدىن چىقىشىدۇر ۋە زېمىندىن چىقىدىغان ھايۋاننىڭ چاشكا ۋاقتىدا چىقىشىدۇر. بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى ئەۋۋەل بولۇپ چىقسا، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئارقىدىنلا چىقىدۇ» دېگەن ئىدى، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى بۇرۇنقى ساماۋىي كىتابلارنى ئوقۇغان كىشى ئىدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: مەن قۇياشنىڭ پاتقان يېرىدىن چىقىشىنى ئەڭ بۇرۇن بولىدۇ دەپ گۇمان قىلىمەن. چۈنكى قۇياش ھەر قېتىم پاتقىنىدا ئەرشنىڭ تېگىگە كېلىپ، سەجدە قىلىپ، قايتا چىقىش ئۈچۈن الله تائالادىن رۇخسەت سورايدۇ. الله تائالا ئۇنىڭ قايتا چىقىشىغا رۇخسەت بېرىدۇ. الله تائالانىڭ قۇياشنى پاتقان يېرىدىن چىقىرىدىغان ۋاقتى كەلگەندە، كۈن بۇرۇنقىدەكلا ئەرشنىڭ ئاستىغا كېلىپ سەجدە قىلىپ، قايتا چىقىش ئۈچۈن الله تائالادىن رۇخسەت سورايدۇ. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىلمەيدۇ. قۇياش قايتا چىقىش ئۈچۈن يەنە رۇخسەت سورايدۇ. ئۇنىڭغا يەنىلا جاۋاب بېرىلمەيدۇ. شۇ كېچىدىن الله خالىغان بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، قۇياش مۇبادا ئۆزىگە الله تائالا تەرىپىدىن رۇخسەت بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، چىقىدىغان جايغا (شەرققە) ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ بۇ يەردىن كىشىلەرگە چىقىپ بېرىشىم ئۈچۈن شەرق نەقەدەر يىراق؟ ـ دەيدۇ. ئۇپۇق خۇددى چەمبەردەك بولغاندا، قۇياش چىقىشقا قايتا رۇخسەت سورايدۇ. شۇ چاغدا، قۇياشقا: سەن مۇشۇ ئورنىڭدىن چىققىن، ـ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پاتقان يېرىدىن چىقىدۇ. ئابدۇللاھ ئاندىن تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز**

بولىدۇ﴾ بۇنى ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ**﴾ يەنى شۇ كۈنى كاپىر ئىمان ئېيتسا، ئېيتقان ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ كۈندىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغان بولسا، ئۇ كىشى كاتتا بىر ياخشىلىق ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى گەرچە ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى ياخشى بولماي، شۇ كۈنى تەۋبە قىلغان بولسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەردىمۇ شۇنداق بايان قىلىندى.

﴿**«(سىلەر ئۆزەڭلارغا كېلىدىغان ئىشلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز» دېگىن**﴾ بۇ كاپىرلارغا، ئىمان ئېيتىشنى ۋە تەۋبە قىلىشنى ئۇ ئىشلار پايدا قىلمايدىغان بىر ۋاقىتقا كېچىكتۈرگەن كىشىلەرگە قاتتىق بىر تەھدىتتۇر. بۇ ۋاقىت بولسا، قىيامەتنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، قۇياش پاتقان يېرىدىن چىققان ۋاقىتتۇر.

الله تائالا بۇ ۋاقىتتا ئېيتىلغان ئىماننىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) پەقەت قىيامەتنىڭ ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، شۈبھىسىزكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى، ئۇلارغا قىيامەت كەلگەندە ئۇلار قانداقمۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ (يەنى بۇ چاغدا ۋەز ـ نەسىھەت ئالغانلىقنىڭ پايدىسى بولمايدۇ)﴾[1]، ﴿ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا: «بىز بىر الله غا ئىمان ئېيتتۇق، بىز بۇرۇن (الله غا) شېرىك قىلغان بۇتلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېدى. بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى﴾[2].

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ فَرَّقُواْ دِينَهُمْ وَكَانُواْ شِيَعًا لَّسْتَ مِنْهُمْ فِى شَىْءٍ إِنَّمَآ أَمْرُهُمْ إِلَى ٱللَّهِ ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ ﴿١٥٩﴾

دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا ـ جۇداسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت الله غىلا خاستۇر (يەنى الله نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر)، كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴿159﴾.



## دىنىدا بۆلۈنۈپ كېتىشنى ئەيىبلەش توغرىسىدا

مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك ۋە سۇددى قاتارلىقلار: بۇ ئايەت يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار ھەققىدە چۈشكەن، ـ دېدى.

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 18 ـ ئايەت.
(2) غافىر سۈرىسى 84 ــ 85 ـ ئايەتلەر.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئارا ئىختىلاپلىشىپ بىر نەچچە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەندە، الله تائالا ئۇنىڭغا: ﴿**دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا ـ جۇداسەن**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

بۇ ئايەتنىڭ الله تائالانىڭ دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، دىنغا قارشىلىق قىلغانلارغا ئومۇمىي ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى الله تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھىدايەت ۋە توغرا دىن بىلەن ئەۋەتتى. ئۇنىڭ دىنى ھېچقانداق ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈش بولمىغان مۇكەممەل بىر دىندۇر. كىمكى ئۇنىڭدا بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىختىلاپ پەيدا قىلسا، ئۇ ئازغۇنلۇقتا، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلگەن ۋە گۇمراھلىق ئىچىدە قالغان گۇرۇھلاردەك بىر گۇرۇھ بولۇپ قالىدۇ. الله تائالا پەيغەمبىرىنى شۇ گۇرۇھتىكىلەرنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئادا ـ جۇدا قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «بىز پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى بىر ئاتا ۋە باشقا ـ باشقا ئانىلارنىڭ باللىرىدۇرمىز[2]. بىزنىڭ دىنىمىز بىردۇر». ئۇ دىن توغرا يول ئۈستىدە بولۇش، بارلىق پەيغەمبەرلەر بۇيرۇغاندەك شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئىش بۇنىڭغا قارشى بولسا، ئۇ ئىش گۇمراھلىق، نادانلىق ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەر بۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدادۇر. ﴿**سەن ئادا ـ جۇداسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت الله غىلا خاستۇر (يەنى الله نىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر)**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەر، يەھۇدىيلار، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار، ناسارالار، مەجۇسىيلەر (يەنى ئاتەشپەرەسلەر) ۋە مۇشرىكلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى الله ھەقىقەتەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ (يەنى الله تائالا مۆمىنلەر بىلەن مەزكۇر بەش پىرقە ئارىسىدا توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، مۆمىنلەرنى جەننەتكە، كۇففارلارنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[3].

ئاندىن الله تائالا قىيامەت كۈنى چىقىرىدىغان ھۆكمىدە ئۆزىنىڭ مېھرىبان ۋە ئادىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

* * * * * * *

(1) شۇرا سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) دىنىمىزنىڭ ئاساسىي بىر، لېكىن ھەر بىر پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرى پەرقلىقتۇر.
(3) ھەج سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

مَن جَآءَ بِٱلْحَسَنَةِ فَلَهُۥ عَشْرُ أَمْثَالِهَا ۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَىٰٓ إِلَّا مِثْلَهَا وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ ﴿١٦٠﴾

بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ، بىرەر يامانلىق قىلغان ئادەمگە پەقەت ئۇنىڭ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴿160﴾.

## بىر ياخشىلىقنىڭ ئون ھەسسە قىلىنىدىغانلىقى، بىر يامانلىقنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭلا يېزىلىدىغانلىقى

الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى: ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار قىلغان ياخشىلىقىدىن ئوبدانراق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن مۇكاپاتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى مۇجمەل بولغان مەزمۇننى تەپسىلىي بايان قىلىپ كەلدى. ھەدىسلەرمۇ يۇقىرىقى ئايەتتە بايان قىلىنغان مەزمۇننى بايان قىلىپ كەلدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان پەرۋەردىگارىڭ ناھايىتى مېھرىباندۇر. كىمكى بىر ياخشىلىقنى قىلىشقا نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئەگەر ئۇ ياخشىلىقنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇ ياخشىلىقىدىن (ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ خالىسلىقىغا قاراپ) ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ۋەياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ يېزىلىدۇ. كىمكى بىر يامانلىق قىلىشقا نىيەت قىلىپ، ئۇنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى نىيەت قىلغان يامانلىقنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر يامانلىقلا يېزىلىدۇ ياكى الله خالىسا ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. ھالاك بولغۇچىلار، ھالاكەت يولىغا پۈتۈنلەي كىرىپ كەتكۈچىدۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇددىسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى بىر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا ئون ھەسسە ياخشىلىق ۋەياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بېرىمەن، كىمكى بىر يامانلىقنى قىلسا، ئۇنىڭغا شۇ بىر يامانلىق يېزىلىدۇ ياكى ئۇنى كەچۈرۈۋېتىمەن. كىمكى زېمىن توشقىدەك خاتالىق قىلىپ، ئاندىن مەن بىلەن ماڭا ھېچنېمىنى شېرىك قىلمىغان ھالدا ئۇچراشسا، مەن ئۇنىڭغا زېمىن توشقىدەك مەغپىرەت ئاتا قىلىمەن. كىمكى ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. كىمكى ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. كىمكى ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

(1) نەمل سۈرىسى 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلگىنكى، بىر كىشىنىڭ بىر يامانلىقنى قىلىشقا نىيەت قىلىپ بولۇپ، ئۇنى قىلماي تاشلىۋېتىشى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئۇ كىشى ئۇ گۇناھ ئىشنى قىلىشنى پەقەت **الله** تائالا ئۈچۈنلا تاشلايدۇ. مانا بۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ. چۈنكى، گۇناھ ئىشنى قىلماي تاشلىغانلىق بولسا، بىر ياخشى ئەمەل ۋە بىر ياخشى نىيەت ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ. بەزى ھەدىسلەردە **الله** تائالانىڭ: «ئۇ كىشى قىلماقچى بولغان ئۇ يامان ئىشنى پەقەت مېنىڭ ئۈچۈنلا تاشلىدى» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئىككىنچىسى، ئۇ كىشى ئۇ گۇناھنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، پەرۋاسىزلىقتىن قىلماي تاشلاپ قويىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىگە ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ يېزىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى (قىلماسلىقىدا) بىرەر ياخشىلىقنى نىيەت قىلمىدى ھەم ئۇ يامانلىقنىمۇ قىلمىدى.

ئۈچىنچىسى، ئۇ كىشى گۇناھ ئىشنى قىلىشنىڭ بارلىق سەۋەبلىرىنى قىلىپ، گۇناھ ئىشقا يېقىنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ گۇناھ ئىشنى قىلىشقا ئىمكانىيىتى يار بەرمەي تاشلايدۇ. بۇ شۇ گۇناھنى قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى مۇسۇلمان (بىر ـ بىرىگە قارشى) قىلىچلىرى بىلەن ئۇچراشسا، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى دوزاختا بولىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلتۈرگۈچىغۇ دوزاخقا كىرسۇن، ئۆلگۈچى نېمە ئۈچۈن دوزاخقا كىرىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چۈنكى ئۇمۇ ئۆزىنىڭ شۇ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن ئىدى» دېدى.

ئەبۇقاسىم تەبرانى ئەبۇمالىك ئەشئەرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(ئۇقۇلغان) بىر جۈمە نامىزى كېيىنكى جۈمە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئۈچ كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا (جۈمە ئوقۇغان شۇ كىشىدىن قىلىنىپ قالىدىغان كىچىك گۇناھلارغا) كەففارەت بولىدۇ. چۈنكى **الله** تائالا: ﴿**بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ**﴾ دېدى»

ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسا، ھەممە ۋاقىتتا روزا تۇتقان ھېسابلىنىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، نەسەئىي ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلدى.

بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ تۆۋەندىكى سۆزنى قوشۇپ رىۋايەت قىلدى: **الله** تائالا مۇشۇنى تەستىقلاپ ئۆزىنىڭ كىتابىدا: ﴿**بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى ۋە: ھەر بىر كۈننىڭ روزىسى 10 كۈن روزا تۇتقانغا باراۋەر بولىدۇ، ـ دېدى. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىس ۋە ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

* * * * * * *

قُلْ إِنَّنِي هَدَىٰنِي رَبِّيٓ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ دِينًا قِيَمًا مِّلَّةَ إِبْرَٰهِيمَ حَنِيفًا ۚ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٦١﴾
قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٦٢﴾ لَا شَرِيكَ لَهُۥ ۖ وَبِذَٰلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا۠ أَوَّلُ
ٱلْمُسْلِمِينَ ﴿١٦٣﴾

(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» ﴿161﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه ئۈچۈندۇر ﴿162﴾. اللّٰه نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللّٰه غىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن» ﴿163﴾.

## ئىسلام دىنىنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكى

اللّٰه تائالا پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەگرى ـ توقايلىقى يوق تۈز يولغا باشلىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىدىن خەۋەر بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى»﴾**.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟﴾[1]، ﴿اللّٰه نىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، اللّٰه (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى). سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۈشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار)﴾[2]، ﴿ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشىۋا، اللّٰه غا ئىتائەتمەن (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم اللّٰه نىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغۇچى ئىدى. اللّٰه ئۇنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدى ۋە ئۇنى توغرا يولغا باشلىدى. ئۇنىڭغا دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلدۇق، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ. ئاندىن ساڭا: «باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾.[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق تەرەپدارى بولغان دىنىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانلىقىدىن ھەرگىزمۇ دىن ئىشلىرىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق مۇكەممەل قىلىنىپ بېرىلگەنلىكى چىقمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر

(1) بەقەرە سۈرىسى 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھەج سۈرىسى 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) نەھل سۈرىسى 120 ـــ 123 ـ ئايەتكىچە.

ئەلەيھىسسالام شۇ دىننى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى ۋە دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەرگە تولۇقلىنىپ بېرىلمىگەن دەرىجىدە تولۇقلىنىپ بېرىلدى. شۇڭا ئۇ شەكسىز پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى، ئادەم بالىلىرىنىڭ ھۆرمەتلىكى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى بارلىق ئىنسانلار ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامۇ ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ماختالغان ئورۇننىڭ ئىگىسى بولدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: دىنلارنىڭ ئىچىدە قايسى دىن الله تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك كۆرۈلىدۇ؟ ـ دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەق تەرەپدارى، ئاسانلاشتۇرغۇچى بولغان دىن[1]» دەپ جاۋاب بەردى.

## ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىشنىڭ بۇيرۇغانلىقى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر﴾** يەنى الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلغان ۋە چارۋا ماللارنى الله تائالادىن باشقىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىغان مۇشرىكلارغا بۇ ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ قارشىسىنى قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشكە بۇيرۇدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇغان نامىزى الله تائالا ئۈچۈندۇر ۋە ئۇنىڭ بوغۇزلىغان مېلى شېرىكى يوق، بىر الله تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بوغۇزلانغاندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن﴾[2] يەنى سەن ئوقۇغان نامىزىڭ ۋە قىلغان قۇربانلىقىڭنى پەقەت الله تائالاغىلا ئاتىغىن. مۇشرىكلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى ۋە ماللارنى بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلىشاتتى. شۇڭا الله تائالا پەيغەمبىرنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ تەتۈرسىنى قىلىشقا، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشتىن يىراق بولۇشقا ۋە نىيىتىنى پەقەت الله تائالاغىلا خالىس قىلىشقا بۇيرۇدى.

مۇجاھىد ئايەتتىكى: ﴿**قۇربانلىقىم**﴾ دېگەن سۆزىدىن ھەج ۋە ئۆمرىدە قىلىنىدىغان قۇربانلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم جابىر ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربان ھېيت كۈنى ئىككى قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى ۋە قۇربانلىق قىلغان ۋاقتىتا: «مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن. مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالا ئۈچۈندۇر. الله تائالانىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن!» دېدى.

(1) بۇنىڭدىن ئىسلام دىنى كۆزدە تۇتۇلغان.
(2) كەۋسەر سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

# ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئىكەنلىكى

﴿**مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن»**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مەن مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇنداقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىلغان دەۋىتى ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئىدى. ئىسلام بولسا، شېرىكى يوق يالغۇز بىر **الله** تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

**الله** تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنىڭ پەقەت مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈنلا بولغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾[1].

**الله** تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى: ﴿ئەگەر سىلەر (مېنىڭ نەسىھىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، سىلەردىن (يۈز ئۆرۈشۈڭلارغا سەۋەبچى بولىدىغان) ھەق سورىغىنىم يوق، مەن ئەجرىمنى پەقەت **الله** دىن سورايمەن، مەن (**الله** غا) بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېدى﴾[2]، ﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى. ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! **الله** سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى﴾[3].

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن»﴾[4].

**الله** تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿مۇسا: «ئى قەۋمىم! ئەگەر **الله** غا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، **الله** غا بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىڭلار (يەنى ھەممە ئىشىڭلارنى **الله** غا تاپشۇرۇڭلار، ھەرقانداق ئەھۋالدا **الله** غا يۆلىنىڭلار)» دېدى. ئۇلار ئېيتتى: «**الله** غا تەۋەككۈل قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن. بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن»﴾[5]،

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 72ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 130 ـــ 132 ـ ئايەتكىچە.
(4) يۈسۈف سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
(5) يۇنۇس سۈرىسى 84 ـــ 86 ـ ئايەتكىچە.

﴿بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (اللە نىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ﴾[1]، ﴿ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا: «ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار» دەپ ۋەھيي قىلدىم. ئۇلار: «بىز ئىمان ئېيتتۇق، گۇۋاھ بولغىنكى، بىز (ئەمرىڭگە) بويسۇنغۇچىلارمىز[2]» دېدى﴾[3] يەنى اللە تائالا بارلىق پەيغەمبەرلىرىنى ئىسلام بىلەن ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. لېكىن پەيغەمبەرلەر ئىسلامدا ئۆزلىرىگە خاس بولغان شەرىئەت ئەھكاملىرى ئارقىلىقلا پەرقلىنىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرىنىڭ ھەممىسى تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانغا قەدەر كېيىنكىسىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرى ئالدىنقىسىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كەلگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى مەڭگۈ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن ۋە اللە تائالا تەرىپىدىن ياردەمگە ئېرىشكەن ھالەتتە بولىدۇ. ئۇ شەرىئەتنىڭ بايراقلىرى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە لەپىلدەپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ بىر ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى بىر ئاتا ۋە باشقا ـ باشقا ئانىلارنىڭ بالىلىرىمىز. بىزنىڭ دىنىمىز بىردۇر». ئۇ دىن ـ گەرچە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ئەھكاملىرى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ، ئەمما شېرىكى يوق، بىر اللە تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان بىر دىندۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا قولاق قاققاندىن كېيىن، نامىزىنى بۇ دۇئا بىلەن باشلايتتى: «مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن. مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. ئى پەرۋەردىگارىم! سەن پادىشاھتۇرسەن، سەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇرسەن، مەن سېنىڭ بەندەڭدۇرمەن. مەن ئۆزەمگە ـ ئۆزەم ئۇۋال قىلدىم، گۇناھىمنى تونۇدۇم، شۇڭا مېنىڭ بارلىق گۇناھىمنى كەچۈرگىن، گۇناھلارنى سەندىن باشقا كەچۈرگۈچى يوقتۇر. مېنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا باشلاپ قويغىن، ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكىگە سەندىن باشقا باشلىغۇچى يوقتۇر. سەن مەندىن ناچار ئەخلاقلارنى توساپ قويغىن، ناچار ئەخلاقلارنى سەندىن باشقا توسىغۇچى يوقتۇر. سەن ھەممە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن. گۇناھىمنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى سورايمەن ۋە تەۋبە قىلىمەن» بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

قُلۡ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَبۡغِي رَبّٗا وَهُوَ رَبُّ كُلِّ شَيۡءٖۚ وَلَا تَكۡسِبُ كُلُّ نَفۡسٍ إِلَّا عَلَيۡهَاۚ وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٞ وِزۡرَ أُخۡرَىٰۚ

(1) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەسلىدە بۇ ئايەتلەردىكى بويسۇنغۇچى دېگەن سۆز مۇسۇلمان دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.
(3) مائىدە سۈرىسى 111 ـ ئايەت.

ثُمَّ إِلَىٰ رَبِّكُم مَّرْجِعُكُمْ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ ﴿١٦٤﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «اللە ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار تەلەپ قىلامدىمەن؟» ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ). كېيىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر دە ـ تالاش قىلىشقان ھەق بىلەن ناھەقنى ئۇ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴿164﴾.

## ئىخلاس بىلەن تەۋەككۈل قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىبادەتتە ۋە تەۋەككۈل قىلىشتا اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىكلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇدى. **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «اللە ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار تەلەپ قىلامدىمەن؟»﴾** يەنى ئۇ مېنى تەربىيىلىگەن، مېنى ساقلىغان، ماڭا ئىگە بولغان ۋە مېنىڭ ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان زاتتۇر. مەن بارلىق ئىشمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىمەن ۋە ئۇنىڭ تەرىپىگە قايتىمەن. چۈنكى ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسىدۇر. يارىتىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش ئۇنىڭغا خاستۇر.

يۇقىرىقى ئايەت اللە تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگىنىدەك، بۇ ئايەت اللە تائالاغا ئىخلاس بىلەن تەۋەككۈل قىلىشقا بۇيرۇپ كەلدى. اللە تائالا كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئىبادەت بىلەن اللە تائالاغا تەۋەككۈل قىلىشنى بىر يەردە كەلتۈرىدۇ.

اللە تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىدىنلا تىلەشنى ئۆگىتىدىغان بۇ ئايىتىدە ۋە تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدە شۇنداق كەلتۈردى: ﴿(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾[1]، ﴿اللە غا ئىبادەت قىلغىن ۋە اللە غا تەۋەككۈل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى اللە غا تاپشۇرغىن)﴾[2]، ﴿ئېيتقىنكى، «ئۇ ناھايىتى مېھرىبان اللە دۇر، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدۇق﴾[3]، ﴿ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن)﴾[4]. بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەردىمۇ شۇنداق كەلگەن.

## بىر گۇناھكار كىشىنىڭ يەنە بىر گۇناھكار كىشىگە مەسئۇل ئەمەسلىكى

**﴿ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان گۇناھقا ئۆزى جاۋابكار، بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ**

(1) فاتىھە سۈرىسى 5 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مۈلك سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) مۇززەممىل سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

**گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)﴾** بۇ، قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ جازا بەرگەندە ۋە ھۆكۈم چىقارغاندا بولىدىغان بىر ئىشتىن ۋە الله تائالانىڭ ئادىللىقىدىن خەۋەر بېرىشتۇر. يەنى بارلىق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدۇ. ئەمەللىرى ياخشى بولسا مۇكاپاتلىنىدۇ، يامان بولسا جازالىنىدۇ. بىر ئىنساننىڭ خاتالىقى يەنە بىر ئىنسانغا يۈكلەنمەيدۇ. بۇ، الله تائالانىڭ ئادىللىقىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھېچبىر گۇناھكار ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، گۇناھى ئېغىر بىر ئادەم باشقا بىراۋنى ئۆز گۇناھىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشقا چاقىرسا، ئۇ يېقىن تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئازراق نەرسىنى ئۈستىگە ئېلىۋالالمايدۇ﴾[1]، ﴿مۆمىن تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار يامانلىقلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ﴾[2] يەنى باشقىلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئۆزىگە يۈكلىنىپ قېلىشىدىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ كېمەيتىۋېتىلىشىدىن قورقمايدۇ.

﴿ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر. پەقە ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[3] يەنى ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاختا تۇتۇپ تۇرۇلغۇچىدۇر. لېكىن ئىمان ئېيىلگەن كىشىلەر ئۇنداق ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ بەرىكىتى ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغىمۇ يېتىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز﴾[4] يەنى ئۇلارنىڭ باللىرى ئۇلار قىلغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەردە ئۇلارغا شېرىك بولمىسىمۇ، ئۇلارمۇ ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسىگە يەتكۈزىمىز. بىز ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىدىن كىچىككىنىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز. بىز ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن بولغان بالا ـ چاقلىرىنىڭ دەرىجىسىنى باراۋەر قىلىمىز. بۇ الله تائالانىڭ مەرھەمىتى ۋە نېمىتىنى ئاتا قىلىش بىلەن بالا ـ چاقىلارنى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتۇر.

ئاندىن الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر﴾[5] يەنى ھەر كىشى ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشىغا ئۆزى مەسئۇلدۇر.

**﴿كېيىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر دە ـ تالاش قىلىشقان ھەق بىلەن ناھەقنى ئۇ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ﴾** يەنى سىلەرمۇ ئۆزەڭلارنىڭ ئىشلىرىڭلارنى

(1) فاتىر سۈرىسى 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 112 ـ ئايەت.
(3) مۇددەسسىر سۈرىسى 38 — 39 ـ ئايەتلەر.
(4) تۇر سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) تۇر سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىۋېرىڭلار، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىڭلارنى قىلىۋېرىمىز. ھەممىمىز الله تائالاغا تۇغرىلىنىمىز. الله تائالا سىلەر ۋە بىزگە دۇنياد قىلغان ئىشلىرىمىزنى، ئىختىلاپلاشقان نەرسىلىمىزنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «بىزنىڭ قىلغان گۇناھىمىز ئۈچۈن سىلەر سوراققا تارتىلمايسىلەر، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلار ئۈچۈن بىز سوراققا تارتىلمايمىز». ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمىز بىزنى (قىيامەت كۈنى) يىغىدۇ. ئاندىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، (خالايىقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر»﴾[1].

* * * * * * *

وَهُوَ ٱلَّذِى جَعَلَكُمْ خَلَٰٓئِفَ ٱلْأَرْضِ وَرَفَعَ بَعْضَكُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَٰتٍ لِّيَبْلُوَكُمْ فِى مَآ ءَاتَىٰكُمْ ۗ إِنَّ رَبَّكَ سَرِيعُ ٱلْعِقَابِ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌۢ ﴿١٦٥﴾

الله سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، الله سىلەرنى بەرگەن نېمەتكە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴿165﴾.

## الله تائالانىڭ سىناش ئۈچۈن كىشىلەرنى بىرى ـ بىرىگە ئورۇنباسار قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق قىلغانلىقى

﴿**الله سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى**﴾ ئىبنى زەيد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: الله تائالا زېمىننى ئاۋاتلاشتۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، ئەسىرلەردىن ـ ئەسىرلەرگە بۇرۇنقىلارغا ئورۇنباسار بولىدىغان قىلدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەتتۇق﴾، ﴿سىلەرنى زېمىننىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟﴾[2]، ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى﴾[3].

﴿**بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى**﴾ يەنى الله تائالا سىلەرگە

(1) سەبەئ سۈرىسى 25 ـــ 26 ـ ئايەتلەر.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 60 ـ ئايەت.
(3) نەمل سۈرىسى 62 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رىزىق بېرىشتە، سىلەرنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشتا، ياخشى ـ يامان ئىشلارنى قىلىشتا، تاشقى كۆرۈنۈشتە، شەكىلدە ۋە رەڭگى رويىڭلاردا بىرى ـ بىرىڭلاردىن پەرقلىق قىلدى. بۇ ئىشتا الله تائالانىڭ چوڭ بىر ھېكمىتى باردۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[1]، ﴿ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر﴾[2].

**﴿الله سىلەرنى بەرگەن نېمىتىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ﴾** الله تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتى سىلەرنى سىناش ئۈچۈندۇر. يەنى بايىنى ئۇنىڭ بايلىقى بىلەن سىناپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە شۈكۈر قىلىدىغان ـقىلمايدىغانلىقىنى؛ پېقىرنى ئۇنىڭ پېقىرلىقى بىلەن سىناپ، ئۇنىڭ سەۋرى قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈندۇر.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇنيا شېرىن ۋە رەڭگا ـ رەڭدۇر. الله تائالا سىلەرنى دۇنيادا ئورۇنباسار قىلىپ سىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا سىلەر دۇنياغا بەك بېرىلىپ كېتىشتىن، ئاياللارغا (مەھلىيا بولۇپ كېتىشتىن) ساقلىنىڭلار. چۈنكى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن پىتنە ئاياللار توغرىسىدا بولغاندۇر.»

**﴿پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾** بۇ الله تائالانىڭ ئاسىيلىق قىلغان ۋە پەيغەمبەرلەرگە قارشىلىق قىلغان كىشىلەردىن ھېسابنى تېز ئالىدىغانلىقى ۋە ئۇلارغا جازانى تېز بېرىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر.

**﴿(ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾** يەنى الله تائالا ئۆزىگە يېقىنلاشقان ۋە پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئەگەشكەن كىشىلەرنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ئۇلارغا مېھرىباندۇر.

الله تائالا قۇرئاندىكى كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ھېساب ئالغۇچى ئىكەنلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، مېھرىبان زات ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپەتلىرىنى بىر يەردە كەلتۈرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردىمۇ شۇنداق كەلدى: ﴿ئىنسانلار زۇلۇم قىلسىمۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[3]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىمەن، ناھايىتى رەھىم قىلغۇچىمەن. مېنىڭ ئازابىم قاتتىقتۇر﴾[4] يەنە نۇرغۇن ئايەتلەر مۇشۇ مەزمۇندا كەلگەن.

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 21 ـ ئايەت.
(3) رەئد سۈرىسى 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ھىجر سۈرىسى 49 ــ 50 ـ ئايەتلەر.

الله تائالا بەندىلىرىنى ئۆزى تەرەپكە بەزىدە ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نازۇ نېئمەتلەرىنى سۈپەتلەش ئارقىلىق قىزىقتۇرۇش بىلەن چاقىرسا، بەزىدە دوزاخ ۋە دوزاختىكى قىيىن ـ قىستاق، ئازاب ۋە قىيامەت كۈنىدىكى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ قورقۇتۇش بىلەن ياكى بەزىدە ھەر ئىككىسىنى بىر ئورۇندا كەلتۈرۈش بىلەن چاقىرىدۇ. الله تائالانىڭ بۇ خىل ئۇسلۇبلارنى قوللىنىشى ھەر بىر ئۇسلۇبنىڭ بەندىلىرىگە مەنپەئەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. الله تائالا بىزنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى قىلغۇچىلاردىن، توسقان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلاردىن ۋە خەۋەر بەرگەن نەرسىلىرىگە ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەردىن قىلسۇن! شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا بىزگە ناھايىتى يېقىندۇر، تىلەكلەرنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر، قىلغان دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، كۆپ بەرگۈچىدۇر ۋە سېخىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر مۆمىن الله تائالانىڭ ئازابىنى بىلسە ئىدى، بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ جەننىتىگە كىرىشنى تەمە قىلمىغان بولاتتى. ئەگەر كاپىر الله تائالانىڭ رەھمىتىنى بىلسە ئىدى، بىرسىمۇ جەننەتكە كىرىشتىن ئۈمىدسىزلەنمەيتتى. الله تائالا 100 رەھمىتىنى يارىتىپ، بىر رەھمەتنى مەخلۇقاتلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چاچتى. 99 رەھمىتى بولسا، ئۆزىنىڭ قېشىدا (ساقلانماقتادۇر)» بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلدى.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مەخلۇقاتلىرىنى ياراتقاندا، ئەرشىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قېشىدىكى بىر كىتابقا: ”مېنىڭ رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۈستۈن كەلدى“ دەپ يازدى».

الله تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇن! نېئمەت ئاتا قىلىش الله تائالاغا خاستۇر. كەرەملىك الله تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن ئەنئام سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# ئەئراف سۈرىسى

مەككىدە نازىل بولغان، 206 ئايەت

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓمٓصٓ ﴿١﴾ كِتَٰبٌ أُنزِلَ إِلَيۡكَ فَلَا يَكُن فِي صَدۡرِكَ حَرَجٞ مِّنۡهُ لِتُنذِرَ بِهِۦ وَذِكۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ
﴿٢﴾ ٱتَّبِعُواْ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡ وَلَا تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِۦٓ أَوۡلِيَآءَۗ قَلِيلٗا مَّا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان **اللە** نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەلىف، لام، مىم، ساد﴿1﴾. (ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ، مۆمىنلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىندى، ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن﴿2﴾. (ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار، **اللە** نى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز - نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر﴿3﴾.

﴿**ئەلىف، لام، مىم، ساد**﴾ ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر ھەققىدە بەقەرە سۈرىسىدە توختالغان ئىدۇق.

﴿**بۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ساڭا نازىل قىلىندى**﴾ يەنى بۇ كىتاب ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىندى. ﴿**ئۇنىڭدىن (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشتا قەۋمىڭنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ئەنسىرەپ) يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن**﴾ مۇجاھىد، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: قۇرئانغا قارىتا ھېچقانداق بىر شەك بولۇپ قالمىسۇن دېگەنلىكتۇر، - دېدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەن قۇرئاننى يەتكۈزۈشتە ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشتا سىقىنچىلىق ھېس قىلما، ـ دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن﴾[1].

**﴿(ئى مۇھەممەد! كاپىرلارنى) ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ، مۆمىنلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىڭ ئۈچۈن﴾** بۇ قۇرئاننى نازىل قىلدۇق. ئاندىن اللە تائالا پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار﴾** يەنى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسى بولغان اللە تائالا تەرىپىدىن سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننى ئېلىپ كەلگەن ساۋاتسىز پەيغەمبەرنىڭ ئىش ئىزلىرىغا ئەگىشىڭلار.

**﴿اللە نى قويۇپ، (جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇرىدىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار﴾** يەنى سىلەر پەيغەمبەر كۆرسەتكەن يولدىن باشقا يولغا چىقىپ كەتمەڭلار. ئەگەر چىقىپ كەتسەڭلار، اللە تائالانىڭ ھۆكمىدىن باشقىسىنىڭ ھۆكمىگە چىقىپ كەتكەن بولىسىلەر.

**﴿سىلەر ۋەز ـ نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿سەن گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا ھېرىس بولساڭمۇ (لېكىن) ئۇلارنىڭ تولىسى ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[2]، ﴿ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار) گە ئىتائەت قىلساڭ، ئۇلار سېنى اللە نىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ﴾[3]، ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى اللە غا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى اللە نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ﴾[4].

* * * * * * *

وَكَم مِّن قَرْيَةٍ أَهْلَكْنَٰهَا فَجَآءَهَا بَأْسُنَا بَيَٰتًا أَوْ هُمْ قَآئِلُونَ ﴿٤﴾ فَمَا كَانَ دَعْوَىٰهُمْ إِذْ جَآءَهُم بَأْسُنَآ
إِلَّآ أَن قَالُوٓا۟ إِنَّا كُنَّا ظَٰلِمِينَ ﴿٥﴾ فَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلَّذِينَ أُرْسِلَ إِلَيْهِمْ وَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٦﴾
فَلَنَقُصَّنَّ عَلَيْهِم بِعِلْمٍ ۖ وَمَا كُنَّا غَآئِبِينَ ﴿٧﴾

بىز نۇرغۇن شەھەر (ئاھالىسىنى) نى ھالاك قىلدۇق، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا كېچىسى ياكى چۈشلۈكى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا كەلدى﴿4﴾. بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چەككەن پەريادى: بىز ھەقىقەتەن زالىم ئىدۇق، دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى﴿5﴾. بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق

(1) ئەھقاف سۈرىسى 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يۇسۇف سۈرىسى 103 ـ ئايەت .
(3) ئەنئام سۈرىسى 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) يۇسۇف سۈرىسى 106 ـ ئايەت.

جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە (الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز﴿6﴾. (قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) ئۇلارغا ھەقىقىي بىلىش ئاساسىدا ئېيتىپ بېرىمىز، بىز ئۇلاردىن ئايرىلمىغان ئىدۇق (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردارمىز)﴿7﴾.

## ھالاك قىلىنغان شەھەرنىڭ ئەھۋالى

﴿**بىز نۇرغۇن شەھەر (ئاھالىسىنى) نى ھالاك قىلدۇق**﴾ يەنى بىز نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسىنى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزگە قارشىلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلدۇق. ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرى ئۆزلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ رەسۋالىقىنى ئېلىپ كەلدى. الله تائالا پەيغەمبەرلىرىگە قارشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھالاك قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر (كاپىرلار تەرىپىدىن) مەسخىرە قىلىندى، مەسخىرە قىلغۇچىلار مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردى﴾[1]، ﴿نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرى زالىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن (شەھەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ) ئۆگزىلىرى ئۆرۈلۈپ، ئۈستىگە تاملىرى يىقىلغان نۇرغۇن تاشلاندۇق قۇدۇقلار ۋە ئېگىز ئىمارەتلەر (ئاھالىسىز) قالغان﴾[2]، ﴿بىز نۇرغۇن شەھەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كۆچۈرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىدۇر، ئۇلار ھالاك بولغاندىن كېيىن (ئۇ جايلاردا) ئازغىنا ۋاقىتتىن تاشقىرى ئادەم تۇرغان ئەمەس، ئۇلار (نىڭ مال ـ مۈلكى ۋە يۇرتىغا) بىز ۋارىسلىق قىلدۇق﴾[3].

﴿**بىزنىڭ ئازابىمىز ئۇلارغا كېچىسى ياكى چۈشلۈكى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا كەلدى**﴾ يەنى الله تائالانىڭ بۇيرۇقى ۋە غەزىپى كەلگەندە، ئۇلار كېچىلىك ئۇيقۇدا ياكى كۈندۈزلۈك دەم ئېلىش ئۇيقۇسىدا ئىدى. بۇ دەل كىشىلەرنىڭ ئويۇن ـ تاماشا قىلىش ۋە ئۇخلاش بىلەن بىخۇت تۇرىدىغان ۋاقىتلىرى ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقىمامدۇ. شەھەرلەر ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چۈش ۋاقتىدا ـ ئۇلار ئويناپ تۇرغانلىرىدا كېلىشىدىن قورقىمامدۇ﴾[4]، ﴿ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ يامان ئىش قىلغانلار الله نىڭ ئۆزلىرىنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن ياكى ئۆزلىرىگە ئويلىمىغان يەردىن ئازاب كېلىشىدىن قورقىمامدۇ؟ ياكى ئۆزلىرىنى سەپەر ئۈستىدىكى چاغلىرىدا جازاغا يولۇقتۇرۇشىدىن قورقىمامدۇ؟ (بۇ چاغدا) ئۇلار قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ياكى (الله نىڭ) ئۆزلىرىنى قەدەممۇقەدەم جازالىشىدىن قورقىمامدۇ؟ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەلۋەتتە مەرھەمەتلىكتۇر، مېھرىباندۇر (شۇڭا سىلەرنى ئالدىراپ جازالىمىدى)﴾[5].

(1) ئەنئام سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
(2) ھەج سۈرىسى 45 ـ ئايەت.
(3) قەسەس سۈرىسى 58 ـ ئايەت.
(4) ئەئراف سۈرىسى 97 ـــ 98 ـ ئايەت.
(5) نەھل سۈرىسى 45 ـــ 47 ـ ئايەتلەر.

﴿**بىزنىڭ ئازابىمىز كەلگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چەككەن پەريادى: بىز ھەقىقەتەن زالىم ئىدۇق، دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى**﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئازاب كەلگەندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز (ئاھالىسى) كۇففار بولغان نۇرغۇن شەھەرلەرنى ھالاك قىلدۇق. ئۇلاردىن كېيىن (ئورنىغا) باشقا قەۋمنى پەيدا قىلدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ (كەلگەنلىكىنى) ھېس قىلغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت قاچىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇلارغا مەسخىرە قىلىپ ئېيتتى) «قاچماڭلار، باياشات تۇرمۇشۇڭلارغا، تۇرالغۇ جايڭلارغا قايتىڭلار، سىلەردىن (مۇھىم ئىشلاردا مەسلىھەت) سورىلىشى مۇمكىن». ئۇلار: «ۋاي ئىست! ھەقىقەتەن بىز زالىم بولۇپتۇق» دېيىشتى. ئۇلارنى ئورۇلغان زىرائەتتەك ھالاك قىلىپ، جانلىرىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر، ئۇلار يۇقىرىقى پەريادىنى تەكرارلاپ تۇردى﴾[1].

﴿**بىز ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز**﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ كۈندە **الله** ئۇلارغا نىدا قىلىپ ئېيتىدۇ: «پەيغەمبەرلەرگە نېمە بىلەن جاۋاب بەردىڭلار؟»﴾[2]، ﴿**الله** قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنى يىغىپ: «(قەۋمىڭلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىنىڭلاردا) قانداق جاۋابقا ئىگە بولدۇڭلار؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار: «(سېنىڭ بىلگىنىڭگە سېلىشتۇرغاندا) بىز ھېچ نەرسە بىلمەيمىز، سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن» دەيدۇ﴾[3] يەنى **الله** تائالا قىيامەت كۈندە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن: سىلەر پەيغەمبەرلەرگە نېمە دەپ جاۋاب قايتۇردۇڭلار؟ ـ دەپ سورايدۇ. شۇنداقلا پەيغەمبەرلەردىنمۇ مەن سىلەرگە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورايدۇ.

شۇڭا ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە: ﴿**پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە (الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىدىن سورىلىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**(قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) ئۇلارغا ھەقىقىي بىلىش ئاساسىدا ئېيتىپ بېرىمىز، بىز ئۇلاردىن ئايرىلمىغان ئىدۇق (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردارمىز)**﴾ ئىبنى ئابباس بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: قىيامەت كۈنى نامى ـ ئەمال خاتىرىلەنگەن كىتاب ئېچىلىدۇ ـ دە، ئۇ كىتاب ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەيدۇ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

﴿**بىز ئۇلاردىن ئايرىلمىغان ئىدۇق (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردارمىز)**﴾ يەنى **الله** تائالا قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە سۆزلىگەن گەپ ـ سۆزىنى، قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، بىرىنىمۇ قويماي خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى **الله** تائالا ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا **الله** تائالاغا ھېچقانداق نەرسە يوشۇرۇن ئەمەستۇر. **الله** تائالا كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى سىرلارنى

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 11 ـــ 15 ـ ئايەتلەر.
(2) قەسەس سۈرىسى 65 ـ ئايەت.
(3) مائىدە سۈرىسى 109 ـ ئايەت.

بىلىدۇ: ﴿(دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن الله بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسە بولسۇن، ھەممىسى (الله غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر﴾[1].

* * * * * * *

وَٱلْوَزْنُ يَوْمَئِذٍ ٱلْحَقُّ ۚ فَمَن ثَقُلَتْ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿٨﴾ وَمَنْ خَفَّتْ مَوَٰزِينُهُۥ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ خَسِرُوٓا۟ أَنفُسَهُم بِمَا كَانُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا يَظْلِمُونَ ﴿٩﴾

بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر﴿8﴾. ياخشى ئەمەللىرى يېنىك چىققانلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر﴿9﴾.

## ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئۆلچىنىدىغانلىقى

**﴿بۇ كۈندە بەندىلەرنىڭ (ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر﴾** يەنى قىيامەت كۈنى بەندىلەرنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتى، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى تارازىغا سېلىنىدۇ. الله تائالا ھېچبىر كىشىگە زۇلۇم قىلمايدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[2]، ﴿الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ﴾[3]، ﴿تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇنېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ. تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر﴾[4]، ﴿سۈر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ (ئەھۋالىنىمۇ) سوراشمايدۇ. تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ

(1) ئەنئام سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
**(2) ئەنبىيا سۈرىسى 47 ـ ئايەت.**
**(3) نىسا سۈرىسى 40 ـ ئايەت.**
**(4) قارىئە سۈرىسى 6 ـ ئايەتتىن 11 ـ ئايەتكىچە.**

قالغۇچىلاردۇر﴾[1].

قىيامەت كۈنى تارازىغا قويۇلىدىغان نەرسە كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەت ۋە ئەمەل - ئىبادەتلىرىدۇر. ناۋادا: مەزكۇر ئەمەل - ئىبادەت ۋە ئىش - ھەرىكەتلەر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مەنىۋى نەرسە تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ تارازىدا ئۆلچىگىلى بولىدۇ؟- دېگەن سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك جاۋابلار بېرىلىدۇ:

بىرىنچى، ئىش - ھەرىكەت، ئەمەل - ئىبادەتلەر گەرچە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مەنىۋى نەرسىلەر بولسىمۇ، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدە ماددىي جىسىم شەكلىگە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئىمام بەغەۋى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

قىيامەت كۈنى مەنىۋى نەرسىنىڭ ماددىي نەرسىگە ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەرمۇ دەلىللەيدۇ:

ئىمام مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بەقەرە سۈرىسى ۋە ئال ئىمران سۈرىسى قىيامەت كۈنىدە ئىككى پارچە چوڭ بۇلۇتتەك ياكى ئىككى سايىۋەندەك ياكى بىر - بىرىگە يېقىن تىزىلىپ ئۇچقان بىر توپ قۇشتەك بولۇپ كېلىدۇ».

ئىمام ئىبنى ماجە قۇرئان توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى قۇرئان (قۇرئان ئوقۇغان) كىشىلەرنىڭ قېشىغا چىرايىدىن ھالسىزلىق چىقىپ تۇرغان ياش يىگىتنىڭ سۈرىتىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن: سەن كىم؟- دەپ سورالغاندا، ئۇ: مەن سىلەرنى كېچىلىرى ئۇيقىدىن، كۈندۈزلىرى نورمال يەپ - ئىچىپ ياشاشتىن توساپ قويغان قۇرئان بولىمەن، - دەيدۇ.

بەرانىڭ قەبرىدىكى سوئال توغرىسىدا سۆزلەنگەن ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مۆمىنىنىڭ قېشىغا تېنى خۇشبۇي، چىرايلىق بىر يىگىت كېلىدۇ. مۆمىن ئۇنىڭدىن: سەن كىم؟- دەپ سورايدۇ. ئۇ يىگىت: مەن سېنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭ بولىمەن، - دەيدۇ. ئەمما كاپىر مۇناپىقلارغا بولسا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋال يۈز بېرىدۇ».

ئىككىنچى، تارازىغا ئىش - ھەرىكەت، ئەمەل - ئىبادەتلەر يېزىلغان كىتاب قويۇلىدۇ. بۇنى "لائىلاھە ئىللەللاھ" دەپ يېزىلغان تەۋھىد كارتۇچكىسى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس دەلىللەيدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم ئۈچۈن، ئۇ ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكەت، ئەمەل - ئىبادەتلىرى يېزىلغان 99 دانە دەپتەر كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر بىر دەپتەرنىڭ چوڭلۇقى كۆز يېتىم يەرگىچە بولۇپ، بۇلار تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلىدۇ. ئاندىن تەۋھىد كەلىمىسى يېزىلغان كارتۇچكا (تارازىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلۇش ئۈچۈن) كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئادەم: ئى پەرۋەردىگارىم! شۇنچىلىك چوڭ دەپتەرلەرنىڭ ئالدىدا بۇ كارتۇچكا قانچىلىك ئېغىرلىقتا ئولتۇراتتى؟- دەيدۇ. الله تائالا ئۇ ئادەمگە: ساڭا ئۇۋال قىلىنمايدۇ، دەيدۇ - دە، ئاشۇ كارتۇچكا تارازىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇلىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تارازىدا ئۇ دەپتەرلەر يەڭگىل، تەۋھىد كەلىمىسى يېزىلغان كارتۇچكا ئېغىر ئولتۇرىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 101 - ئايەتتىن 103 - ئايەتكىچە.

ئۈچىنچى: ئىش ـ ھەرىكەت، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى تارازىغا قويۇلىدۇ. تۆۋەندىكى ھەدىس بۇ مەزمۇننى دەلىللەيدۇ. ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «قىيامەت كۈنى ناھايىتى بەستىلىك، سېمىز بىر ئادەم تارازىغا قويۇلىدۇ. ئۇ ئادەم شۇنچە بەستىلىك تۇرۇقى بىلەن تارازىدا پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ ئېغىرلىقتا ئۆلتۈرمايدۇ.» ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈپ: ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز﴾[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۇنىڭ ئىككى پاچىقىنىڭ ئىنچىكىلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ئىككى پاچىقى (قىيامەت كۈنىدە) تارازىدا ئۇھۇد تېغىدىن ئېغىر ئۆلتۈرىدۇ».

يۇقىرىدا كەلگەن ھەدىسلەرنى شۇنداق بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بىر قېتىمدا ئىنساننىڭ ماددىي نەرسىگە ئۆزگەرتىلگەن ئىش ـ ھەرىكەت، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى، بىر قېتىمدا ئىش ـ ھەرىكەت ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ۋە يەنە بىر قېتىمدا ئىش ـ ھەرىكەت، ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزى تارازىغا قويۇلىشى مۇمكىن.

*******

﴿وَلَقَدْ مَكَّنَّٰكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَٰيِشَ ۗ قَلِيلًا مَّا تَشْكُرُونَ ﴿١٠﴾﴾

شۈبھىسىزكى، سىلەرنى زېمىندا يەرلەشتۈردۇق، زېمىندا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلدۇق، (سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مۇشۇنداق نېئمەتلىرى بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا) ناھايىتى ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر﴿10﴾.

## ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق نېئمەتلەرنىڭ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان تۆۋەندىكى نېئمەتلىرىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى: (ئۇ نېئمەتلەر بولسىمۇ) الله تائالانىڭ زېمىننى ياشايدىغان ماكان قىلىپ، ئۇنىڭدا تاغ ـ دەريالارنى بەرپا قىلغانلىقى، ئۆي ماكانلارنى ھازىرلاپ بەرگەنلىكى، زېمىندىكى بارلىق پايدىلىق نەرسىلەردىن ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقى، زېمىندىكى ئىنسانلار پايدىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلارنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى، زېمىندا تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ۋە ئىنسانلارنىڭ شۇ يوللار ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلاردۇر.



ئىنسانلار ئىچىدىن ئازغىنا بىر قىسىم كىشىلەرلا شۇ نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر الله نىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر، كاپىر ئادەم، شەك ـ

(1) كەھف سۈرىسى 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (الله نىڭ نېئمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر﴾[1].

* * * * * * *

وَلَقَدۡ خَلَقۡنَٰكُمۡ ثُمَّ صَوَّرۡنَٰكُمۡ ثُمَّ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبۡلِيسَ لَمۡ يَكُن مِّنَ ٱلسَّٰجِدِينَ ﴿١١﴾

شۇبھىسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى. ئۇ سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى﴿11﴾.

## ئادەم ئەلەيھىسسالامغا پەرىشتىلەرنىڭ سەجدە قىلغانلىقى، ئەمما ئىبلىسنىڭ سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقى

الله تائالا بۇ ئورۇندا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپىنى بايان قىلىپ ۋە (بۇنىڭدىكى سەۋەب) ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئىبلىسنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىشى ۋە ئۇنىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەسلىكى ئۈچۈن ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەۋلادىغا دۈشمەن ئىكەنلىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى ياراتىمەن. مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار». پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ ئايرىلىپ قالماي ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى﴾[2] يەنى الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قولى بىلەن يېپيېشقاق لايدىن يارىتىپ چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆز روھىدىن پۈۋلەپ جان كىرگۈزگەن ۋاقتىدا، پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلىشى ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. پەرىشتىلەر الله تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ھامان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدى. ئەمما ئىبلىس سەجدە قىلمىدى. بۇ ھەقتىكى قىسسە بەقەرە سۈرىسىدە بايان قىلىنغان ئىدى.

بۇ ئايەتتە كەلگەن: ﴿**سىلەرنى ياراتتۇق**﴾ دېگەن سۆزدىن ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ يەردە "سىلەر" دەپ كۆپلۈك ئىبارىسىنى قوللىنىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ئايەت خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى ئىسرائىل ئەۋلادىغا الله تائالانىڭ: ﴿سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى

(1) **ئىبراھىم سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.**
(2) **ھىجر سۈرىسى 28 ـــ 31 ـ ئايەتلەر**

چۇشۇرۇپ بەردۇق﴾[1] دېگەن ئايىتىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئايەتتىكى ﴿**سىلەرگە**﴾ دېگەن سۆزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى ئىسرائىل ئەۋلادى ئەمەس، بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئايەتنىڭ بۇنداق ئۇسۇلدا بايان قىلىنىشى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىغا بېرىلگەن نېئمەتلەرنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئەمما تۆۋەندىكى ئايەت يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئەكسىچىدۇر:

﴿بىز ئىنسانىنى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق﴾[2] بۇ ئايەتتىكى «ئىنسان» دېگەن سۆزدىن مۇئەييەن بىر ئىنسان ئەمەس، بەلكى لايدىن يارىتىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە لەختە قاندىن يارىتىلغان ئادەم ئەۋلادلىرى بولۇپ بارلىق ئىنسانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

* * * * * * *

قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسْجُدَ إِذْ أَمَرْتُكَ قَالَ أَنَا۠ خَيْرٌ مِّنْهُ خَلَقْتَنِى مِن نَّارٍ وَخَلَقْتَهُۥ مِن طِينٍ ﴿١٢﴾

**الله** (ئىبلىسقا): «سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى﴿12﴾.

﴿**«سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: سېنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان ۋاقتىمدا سېنىڭ سەجدە قىلماسلىقىڭغا نېمە سەۋەبچى بولدى؟ ـ دېگەنلىك بولىدۇ. ئىبنى جەرىرمۇ: بۇ ئايەت مۇشۇنداق مەنە بېرىدۇ، ـ دېدى.

لەنىتى ئىبلىس: ﴿**مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق**﴾ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن باھانىسى گۇناھ قىلغانلىقىنىمۇ ئېغىردۇر. لەنىتى ئىبلىس: يۇقىرى مەتىۋىلىكلەرنىڭ تۆۋەن مەۋتىۋىلىكلەرگە سەجدە قىلىشى توغرا ئەمەس، ـ دېگەن سەپسەتە بىلەن: مەن ئوتتىن، ئادەم لايدىن يارىتىلغان، ئوت لايدىن ئەۋزەل تۇرسا، سەن قانداقمۇ مېنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ ـ دەيدۇ. **الله** تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قولى بىلەن يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ روھىدىن پۈۋلەپ، جان كىرگۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان شەرەپكە قارىماي، ماددىنىڭ ماھىيىتىگە قارىدى. دېمەك، ئىبلىس ئوت بىلەن لاينى سېلىشتۇرمەن دەپ، **الله** تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە: ﴿ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار﴾[3] دېگەن بۇيرۇقىغا بويسۇنتاۋلۇق قىلدى. سەجدە قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدىن ئايرىلىپ، **الله** تائالانىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ: مەن لايدىن يارىتىلغان ئادەمدىن ئەۋزەل، ـ دېگەن سەپسەتىسى بەربات بولدى.

چۈنكى لاينىڭ ئەسلى بولغان تۇپراق ئېغىر، سۇ ساقلىيالايدىغان، يۇمشاق، چىداملىق، زىرائەت ئۈندۈرىدىغان، ئۆزىدە ئۆسۈملۈكلەرنى ياشنىتىدىغان ۋە مول ـ ھوسۇل بېرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە

(1) بەقەرە سۈرىسى 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مۆئمىنۇن سۈرىسى 12 ـ ئايەت.
(3) ھىجر سۈرىسى 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىگە. ئوت بولسا، كۆيدۈرىدىغان، يەڭگىل ۋە تارقىلىشچان، ئاسان يامىشىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئىبلىس ئۆزى يارىتىلغان ماددىغا خىلاپلىق قىلدى. ئادەم **الله** تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش، **الله** تائالاغا بويسۇنۇش، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە **الله** تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئۆز ماددىسىغا ۋاپا قىلدى.

ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلغان، ئىبلىس ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلغان، ئادەم بولسا، سىلەرگە سۈپەتلەپ بېرىلگەندەك (تۇپراقتىن) يارىتىلغان».

## ئىبلىسنىڭ سېلىشتۇرغۇچىلارنىڭ تۇنجىسى ئىكەنلىكى

ئىبلىس: ﴿**«مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبلىس: مەن ئوتتىن، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان تۇرسا دەپ، نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى سېلىشتۇرۇشنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغۇچى بولدى.

بۇ ھەقتە ئىبنى سەئىدىنىڭمۇ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى: ئىبلىس تۇنجى بولۇپ ماددىلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغۇچى بولدى. كېيىنكىلەر قۇياش، ئايلارغىمۇ مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق ئىبادەت قىلدى.

*******

قَالَ فَٱهْبِطْ مِنْهَا فَمَا يَكُونُ لَكَ أَن تَتَكَبَّرَ فِيهَا فَٱخْرُجْ إِنَّكَ مِنَ ٱلصَّٰغِرِينَ ﴿١٣﴾ قَالَ أَنظِرْنِىٓ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ ﴿١٤﴾
قَالَ إِنَّكَ مِنَ ٱلْمُنظَرِينَ ﴿١٥﴾

**الله** (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزەڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن»﴿13﴾. ئىبلىس: «ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) مۆھلەت بەرگىن» دېدى﴿14﴾. **الله** : «ساڭا مۆھلەت بېرىلدۇ» دېدى﴿15﴾.

**الله** تائالا ئىبلىسقا: بۇ يەردە تەكەببۇرلۇق قىلىشقا بولمايتتى، لېكىن سەن تەكەببۇرلۇق قىلىپ بۇيرۇقۇمغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىڭ ۋە ماڭا بويسۇنمىغانلىقىڭ ئۈچۈن: ﴿**«سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت»**﴾ دېدى.

كۆپ ساندىكى ئالىملار: بۇ ئايەتتىكى ﴿**بۇ يەردىن**﴾ دېگەن سۆزدىن جەننەت كۆزدە تۇتۇلماستىن، ئۈستىنكى ئالەمدىكى ئىبلىس ئۈچۈن تۇرالغۇ قىلىنغان بىر ئورۇن كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن، ـ دېيىشتى.

﴿**«يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىن سەن»**﴾ بۇنداق قوغلىنىش ئىبلىسنىڭ مەقسىتى ۋە مۇرادىغا تۈپتىن خىلاپ كەلگەن بىر مۇئامىلىدۇر. لەنىتى ئىبلىس مۇشۇ ۋاقىتتا ھوشىنى تېپىپ:

**﴿«ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنگىچە) مۆھلەت بەرگىن»﴾** دەپ، الله تائالادىن ئۆزىگە تاكى قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

الله تائالا ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن: **﴿«ساڭا مۆھلەت بېرىلدۇ»﴾** دەپ جاۋاب قايتۇردى. الله تائالانىڭ ئىبلىسقا مۆھلەت بېرىشىدە نۇرغۇن ئىبرەت ۋە ھېكمەتلەر بار. بۇ، الله تائالانىڭ بىر خاھىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشىلىق قىلالمايدۇ. الله تائالا تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.

* * * * * * *

قَالَ فَبِمَآ أَغْوَيْتَنِي لَأَقْعُدَنَّ لَهُمْ صِرَٰطَكَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ﴿١٦﴾ ثُمَّ لَءَاتِيَنَّهُم مِّنۢ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ وَمِنْ خَلْفِهِمْ وَعَنْ أَيْمَٰنِهِمْ وَعَن شَمَآئِلِهِمْ ۖ وَلَا تَجِدُ أَكْثَرَهُمْ شَٰكِرِينَ ﴿١٧﴾

ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن﴿16﴾. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن»﴿17﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىبلىسقا قىيامەت كۈنىگىچە مۆھلەت بەرگەندىن كېيىن، ئىبلىسنىڭ بۇنى چىڭ تۇتقا قىلىپ: **﴿«سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن﴾** دەپ ھەددىدىن ئاشقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: سەن مېنى ئازغۇنلۇققا ھۆكۈم قىلغاچقا، ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: سەن ياراتقان ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن مېنى رەھمىتىڭدىن يىراق قىلىپ، ھالاك قىلغىنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز پۇشتىدىن ياراتقان بەندىلىرىڭنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ھەق ۋە نىجاتلىق يولىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. شۇنداقلا، سەن مېنى ئازغۇنلۇققا ھۆكۈم قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، بەندىلىرىڭنىڭ ساڭا ئىبادەت قىلماسلىقى ۋە سېنى بىر دەپ ئەقىدە باغلىماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئازدۇرىمەن.

ئىمام ئەھمەد سەبۇرە ئىبنى ئەبىلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «شەيتان ئادەم بالىلىرىنىڭ يوللىرىدا ئولتۇرىدۇ. يەنى مۇسۇلمان بولماقچى بولغان كىشىنىڭ يولىدا ئولتۇرۇپ: سەن ئۆزەڭنىڭ دىنىڭنى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولامسەن؟ ـ دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي مۇسۇلمان بولىدۇ. الله يولىدا ھىجرەت قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ يولىدا ئولتۇرۇپ: سەن ئۆز ۋەتىنىڭنى ۋە ئۆز يۇرتىڭنى تاشلاپ ھىجرەت قىلامسەن؟ ـ دەيدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله يولىدا ھىجرەت قىلغۇچىنىڭ مىسالى، خۇددى باغلاقتىكى ئاتقا ئوخشايدۇ (باغلىقتىكى ئات بىر يەرگە باغلىنىپ قالغىنىدەك، ھىجرەت قىلغۇچىنىڭ قەلب رىشتىمۇ ئانا ۋەتىنىگە باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا

دىققەت قىلمىسا، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئەگىشىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. شۇنداق تۇرۇغلۇقمۇ) ئۇ كىشى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ھىجرەت يولىغا مېڭىۋېرىدۇ. شەيتان جىھاد قىلغىلى ماڭغانلارنىڭ يولىدا ئولتۇرۇپ: سەن جىھادقا چىقامسەن؟ ئەگەر جىھادتا ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئايالىڭ تۇل قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مېلىڭ باشقىلارغا تەقسىم قىلىنىپ كېتىدۇ، ـ دەيدۇ. مۆمىنلەر ھەر بىر توسالغۇدا شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىدۇ. كىمكى شەيتاننىڭ شۇنداق ۋەسۋەسە قىلىشلىرىغا قارىماي مۇسۇلماندارچىلىقتا چىڭ تۇرسا، ناۋادا ئۇ كىشى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە، ﷲ تائالانىڭ ئۇ كىشىنى جەننەتكە ئەكىرىشى ھەقلىق بولىدۇ. ئەگەر جىھادقا چىقىپ شېھىت قىلىنغان بولسا، ﷲ تائالانىڭ ئۇنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىشى ھەقلىق بولىدۇ. ئەگەر سۇدا غەرق بولۇپ ياكى ئۇلارنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ﷲ تائالانىڭ ئۇ كىشىنى جەننەتكە ئەكىرىشى ھەقلىق بولىدۇ».

﴿**ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەيتاننىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ كەلگەن: ﴿**ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن (ھۇجۇم قىلىمەن)**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مەن ئۇلارنى قىيامەت كۈنىنىڭ بولۇشىدىن شەكلەندۈرىمەن؛ ﴿**ئارقىسىدىن (ھۇجۇم قىلىمەن)**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارنى دۇنيا ھاياتىغا قىزىقتۇرىمەن؛ ﴿**ئوڭدىن (ھۇجۇم قىلىمەن)**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارنى دىن ئىشلىرىدا شۈبھىلەندۈرىمەن؛ ﴿**سولدىن (ھۇجۇم قىلىمەن)**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ھېرىسمەن قىلىمەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

﴿**ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن**﴾ ھەكەم ئىبنى ھەببان بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەزكۇر ئايەتتە شەيتان ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى دېدى. ئەمما ئادەم بالىلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ـ دېمىدى. ئۇنداق دېيەلمەسلىكىدىكى سەۋەب، ﷲ تائالانىڭ رەھمىتى ئادەمنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن چۈشىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

﴿**ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ سېنى بىر دەپ ئەقىدە باغلايدىغان كىشىلەردىن ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن. ئىبلىسنىڭ يۇقىرىدا دېگەن سۆزلىرى گۇمان ۋە پەرەزدىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ئۇنىڭ بۇ پەرەزلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىپ قالدى.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىبلىس ئۇلارنى (ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت) گۇمانىنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى. چۈنكى بىر تۈركۈم مۆمىنلەردىن باشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگەشتى. ئىبلىسنىڭ ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئۈستىدىن (ۋەسۋەسە قىلىش بىلەن) ھۆكۈمرانلىق قىلىشى پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر، پەرۋەردىگارىڭ ھەممە نەرسىنى كۆزەتكۈچىدۇر﴾[1] شۇڭا شەيتاننىڭ ئىنسانىنى

(1) سەبەئ سۈرىسى 20 ـــ 21 ـ ئايەت.

ھەر تەرىپىدىن قورشاپ، ئىسكەنجىگە ئېلىنىشىدىن پاناھ تىلەش توغرىلىق ھەدىس كەلدى.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى دۇئانى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە ئوقۇشنى تاشلاپ قويمايتتى: «ئى **الله** ! دۇنيا ـ ئاخىرەتتە خاتىرجەملىك تىلەيمەن. ئى **الله** ! دىنىم، دۇنيالىقىم، بالا ـ چاقام ۋە ماللىرىمدا كەچۈرۈمچان بولۇشىڭنى تىلەيمەن. ئى **الله** ! ئەيىبىمنى ياپقىن، كۆڭلۈمنى خاتىرجەمسىزلىكتىن ساقلىغىن. ئى **الله** ! مېنى ئالدى تەرىپىمدىن، كەينى تەرىپىمدىن، ئوڭ يېنىمدىن، سول يېنىمدىن ۋە ئۈستى تەرىپىمدىن ساقلىغىن. ئى **الله** ! سېنىڭ كاتتىلىقىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن مېنى يەر يۇتۇپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن» بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

قَالَ ٱخۡرُجۡ مِنۡهَا مَذۡءُومٗا مَّدۡحُورٗاۖ لَّمَن تَبِعَكَ مِنۡهُمۡ لَأَمۡلَأَنَّ جَهَنَّمَ مِنكُمۡ أَجۡمَعِينَ ﴿١٨﴾

**الله** ئېيتتى: «جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن»﴿18﴾.

**الله** تائالا لەنىتى شەيتاننى ئۇستۇنكى ئالەمدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى: ﴿**جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىق**﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى.

سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: سەن جەننەتتىن غەزەپىمگە دۇچار بولغان ھالەتتە چىق دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: سەن جەننەتتىن خارلانغان ۋە غەزىپىمگە ئۇچرىغان ھالدا چىققىن دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەن جەننەتتىن غەزىپىمگە ئۇچرىغان ۋە رەھمىتىمدىن مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىققىن دېگەن بولىدۇ، ـ دەيدۇ.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەن جەننەتتىن لەنىتىمگە ۋە غەزىپىمگە ئۇچرىغان ھالەتتە چىق دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ. مۇجاھىد: سەن جەننەتتىن قوغلانغان ۋە رەھمىتىمدىن يىراق قىلىنغان ھالدا چىق دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى. رەبىئ ئىبنى ئەنەس: سەن جەننەتتىن قوغلانغان ۋە خارلانغان ھالدا چىق دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ.

﴿**ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ، ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ﴿**الله** (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگىشىدىكەن، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا

چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن. شەيتاننىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى پەقەت ئالداپچىلىقتۇر. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ (ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر»﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ.

* * * * * * *

وَيَٰٓـَٔادَمُ ٱسۡكُنۡ أَنتَ وَزَوۡجُكَ ٱلۡجَنَّةَ فَكُلَا مِنۡ حَيۡثُ شِئۡتُمَا وَلَا تَقۡرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٩﴾
فَوَسۡوَسَ لَهُمَا ٱلشَّيۡطَٰنُ لِيُبۡدِيَ لَهُمَا مَا وُۥرِيَ عَنۡهُمَا مِن سَوۡءَٰتِهِمَا وَقَالَ مَا نَهَىٰكُمَا رَبُّكُمَا عَنۡ هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةِ
إِلَّآ أَن تَكُونَا مَلَكَيۡنِ أَوۡ تَكُونَا مِنَ ٱلۡخَٰلِدِينَ ﴿٢٠﴾ وَقَاسَمَهُمَآ إِنِّي لَكُمَا لَمِنَ ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٢١﴾

«ئى ئادەم! سەن ئايالىڭ بىلەن ئىككىڭلار بىللە جەننەتتە تۇرۇڭلار، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، (ئۇنىڭغا يېقىنلاشساڭلار) زالىملاردىن بولۇپ قالىسىلەر»﴿19﴾. لېكىن شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەتلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋەسۋەسە قىلدى، شەيتان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر»﴿20﴾. شۇنىڭدەك ئۇلارغا: «مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى﴿21﴾.

## شەيتاننىڭ ئادەم ۋە ھەۋۋاغا ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزگەنلىكى

اللە تائالا ئادەم ۋە ئايالى ھەۋۋاغا جەننەتتىكى مەلۇم بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن باشقا بارلىق مېۋىلەرنى يېيىشكە رۇخسەت قىلدى. شۇ ۋاقىتتا شەيتان بۇ ئىككىسىگە بېرىلگەن نېئمەتكە ھەسەت قىلدى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن نېئمەت ۋە چىرايلىق كىيىملىرىدىن ئۇلارنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن، ئادەم ۋە ھەۋۋاغا مەزكۇر چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈشكە تۈرلۈك چارە ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەرنى قوللاندى.

شەيتان ئۇلارغا يالغاندىن مۇنداق دېدى: **﴿«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلغانلىقى پەقەت سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى (جەننەتتە) مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر»﴾** يەنى اللە تائالانىڭ سىلەر ئىككىڭلارنى بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن چەكلىشىنىڭ سەۋەبى سىلەرنىڭ پەرىشتە بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ياكى جەننەتتە مەڭگۈ تۇرۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈندۇر. ئەگەر سىلەر بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسەڭلار، پەرىشتىگە ئايلىنىسىلەر ياكى جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر.



---

(1) ئىسرا سۈرىسى 63 ـــ 65 ـ ئايەتلەر.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: «ئى ئادەم! ساڭا مەن (يېگەن ئادەم) ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى﴾[1].

﴿شۇنىڭدەك ئۇلارغا: «مەن چوقۇم سىلەرگە سادىقمەن» دەپ قەسەم ئىچىپ بەردى﴾ يەنى: مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلىۋاتىمەن. مەنمۇ سىلەردىن ئىلگىرى مۇشۇ يەردە ئىدىم، مەن بۇ يەرنى ئوبدان بىلىمەن. مەن دېگەندەك قىلىڭلار. دېمەك، شەيتان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىنى ئالدىدى. مۆمىن بەزىدە الله نىڭ نامى تىلغا ئېلىنىش بىلەن ئالدىنىپ قالىدۇ.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئىبلىس الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ: مەن سىلەردىن ئىلگىرى يارىتىلغان، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى سىلەردىن ياخشى بىلىمەن، ماڭا ئەگىشىڭلار. مەن سىلەرنى پايدىلىق يولغا باشلاپ قويىمەن دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

*******

فَدَلَّىٰهُمَا بِغُرُورٍ ۚ فَلَمَّا ذَاقَا ٱلشَّجَرَةَ بَدَتْ لَهُمَا سَوْءَٰتُهُمَا وَطَفِقَا يَخْصِفَانِ عَلَيْهِمَا مِن وَرَقِ ٱلْجَنَّةِ ۖ وَنَادَىٰهُمَا رَبُّهُمَآ أَلَمْ أَنْهَكُمَا عَن تِلْكُمَا ٱلشَّجَرَةِ وَأَقُل لَّكُمَآ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ لَكُمَا عَدُوٌّ مُّبِينٌ ﴿٢٢﴾ قَالَا رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾

ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇلارنى (يۇقىرى مەرتىۋىدىن تۆۋەن مەرتىۋىگە) چۈشۈردى. دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى (ئۇلارغا كايىپ): «مەن سىلەرگە بۇ دەرەخنى (يەنى مېۋىسىنى) يېيىشنى مەنئى قىلمىغانمىدىم؟ شۈبھىسىزكى، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر، دېمىگەنمىدىم؟» دەپ نىدا قىلدى﴿22﴾. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴿23﴾.

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالام خورما دەرىخىگە ئوخشاش ئېگىز، چاچ ساقاللىرى ئىنتايىن قويۇق ئادەم ئىدى. ئۇ شەيتانغا ئالدىنىپ چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن، ئەۋرەت ئەزالىرى ئېچىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جەننەتنىڭ ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيانغا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. جەننەتتىكى مەلۇم بىر دەرەخ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچىنى ئىلىۋالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: چېچىمنى قويۇۋەتكىن، ـ دېدى. دەرەخ: قويۇۋەتمەيمەن، ـ دېدى. شۇ ئەسنادا الله تائالا: ئى ئادەم! مەندىن قېچىۋاتامسەن؟ ـ دەپ نىدا قىلدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ياق، ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سەندىن ھايا قىلىۋاتىمەن، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى مەردەۋىيە بىر قانچە خىل ئۇسلۇب بىلەن رىۋايەت قىلغان.

**﴿ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى﴾** ئىبنى ئابباس

[1] تاھا سۈرىسى 120 ـ ئايەت.

رەزىيەللاھۇئەنھۇما بۇئايەتنىڭمەنىسى توغرىسىدا: ئايەتتىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىدىن ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ياپرىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار جەننەتتىكى دەرەخلەرنىڭ كىيىم شەكىلدىكى ياپراقلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يېپىشقا كىرىشتى دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ.

ۋەھبە ئىبنى مۇنەببەھ الله تائالانىڭ: ﴿**دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى**﴾ دېگەن ئايىتى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ئەسلىدە ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ كىيىمى نۇردىن بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇلار چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى.

ئابدۇرازاق قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئادەم ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا: ئى رەببىم! مەن تەۋبە قىلىپ ۋە مەغپىرەت تىلىسەم، قوبۇل قىلارسەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. الله تائالا: ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، سېنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبلىس الله تائالادىن گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى سورىماي، پەقەت قىيامەت كۈنىگىچە مۆھلەت بېرىلىشىنى سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ھەر ئىككىسىگە سورىغىنىنى بەردى.

زەھھاك ئىبنى مۇزاھىم مۇنداق دەيدۇ: ﴿**«پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز»**﴾ دېگەن دۇئا بولسا، ئادەمنىڭ ئەلەيھىسسالام گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىدىن تەلىم ئالغان بىر قانچە سۆزدۇر.

*******

قَالَ ٱهۡبِطُواْ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ وَلَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُسۡتَقَرّٞ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ ﴿٢٤﴾ قَالَ فِيهَا تَحۡيَوۡنَ وَفِيهَا تَمُوتُونَ وَمِنۡهَا تُخۡرَجُونَ ﴿٢٥﴾

الله ئېيتتى: «سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا (يەنى شەيتان ئىنسانغا، ئىنسان شەيتانغا) دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەجىلىڭلار پۈتكەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر»﴿24﴾. الله ئېيتتى: «يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلىسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر»﴿25﴾.



## ئادەم، ھەۋۋا، ئىبلىس ۋە يىلاننىڭ زېمىنغا چۈشۈرۈلۈشى

بەزىلەر: بۇ چۈشۈرۈلگەنلەر ئادەم، ھەۋۋا، ئىبلىس ۋە يىلانلاردۇر، ـ دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىلان يوقتى، ـ دەيدۇ.

ئەسلى ئاداۋەت ئادەم بىلەن ئىبلىسنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا تاھا سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن

بولغان هالدا چۈشۈڭلار»﴾[1] بۇ يەردىكى چۈشۈڭلار دېگەن سۆز گەرچە ئادەم بىلەن شەيتانغىلا قارىتىلغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ھەۋۋا ئانىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامغا، يىلان شەيتانغا تەئەللۇق بولغاچقا، ئۇ ئىككىسى تىلغا ئېلىنمىغان. تەپسىرشۇناس ئالىملار: گەرچە ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىبلىس ۋە يىلاننىڭ چۈشۈرۈلگەن يېرى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ توقۇغان ھېكايىسىدۇر خالاس، ھەقىقەتنى الله بىلگۈچىدۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن ئورۇنلىرىنى تىلغا ئېلىش پايدىلىق بولسا، الله ئۇنى قۇرئاندا بايان قىلغان بولاتتى ياكى بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بىلدۈرگەن بولاتتى، ـ دېيىشتى.

**﴿ئەجىلىڭلار پۈتكەنگە قەدەر يەر يۈزىدە تۇرىسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىسىلەر﴾** يەنى سىلەرنىڭ زېمىندا مەلۇم مۇددەتكىچە تۇرۇشۇڭلار تەقدىردە بەلگىلەندى، لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلدى.

**﴿الله ئېيتتى: «يەر يۈزىدە ياشايسىلەر، يەر يۈزىدە ئۆلۈسىلەر، (قىيامەت كۈنى) يەنە يەر ئاستىدىن چىقىرىلىسىلەر»﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگۈنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز (تۇپىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز﴾[2] يەنى الله تائالا زېمىننى ئادەم بالىلىرى ئۈچۈن دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىش مۇددىتىگىچە تۇرالغۇ جاي قىلىپ بەردى. ئادەم بالىلىرى مۇشۇ زېمىندا ياشايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن زېمىنغا كۆمۈلىدۇ. ئىلگىرى ۋە كېيىنكى زاماندا ياشىغان بارلىق ئىنسانلارنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھېساب ئالىدىغان قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ زېمىنغا چىقىرىلىدۇ. قىلمىشىغا ئاساسەن جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ.

*******

يَـٰبَنِىٓ ءَادَمَ قَدْ أَنزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاسًا يُوَٰرِى سَوْءَٰتِكُمْ وَرِيشًا ۖ وَلِبَاسُ ٱلتَّقْوَىٰ ذَٰلِكَ خَيْرٌ ۚ ذَٰلِكَ مِنْ ءَايَـٰتِ
ٱللَّهِ لَعَلَّهُمْ يَذَّكَّرُونَ ﴿٢٦﴾

ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار (يەنى ئىنسان بالىلىرىغا سەترى ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس ياراتماق) ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن الله نىڭ (بەندىلىرىگە بولغان پەزلى ـ مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴿26﴾.



## كىيىم ۋە زىننەتلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بەندىلىرىگە ئەۋرەتلىرىنى ياپىدىغان كىيىملەر ۋە زىننەتلىنىش ئۈچۈن كىيىدىغان كىيىملەرنى نېئمەت قىلىپ بەردى. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد، ئىبنى ئەسلەم: **﴿تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: الله تائالادىن

(1) تاھا سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تاھا سۈرىسى 55 ـ ئايەت.

قورقۇپ، ئەۋرەتلىرىنى يېپىش ئۈچۈن كىيگەن كىيىم تەقۋادارلىق لىباسى ھېسابلىنىدۇ.

*******

يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ لَا يَفۡتِنَنَّكُمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ كَمَآ أَخۡرَجَ أَبَوَيۡكُم مِّنَ ٱلۡجَنَّةِ يَنزِعُ عَنۡهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوۡءَٰتِهِمَآۚ إِنَّهُۥ يَرَىٰكُمۡ هُوَ وَقَبِيلُهُۥ مِنۡ حَيۡثُ لَا تَرَوۡنَهُمۡۗ إِنَّا جَعَلۡنَا ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ لِلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٧﴾

ئى ئادەم باللىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزۇۋەتكەن ئىدى (يەنى ئۇلارنىڭ يالىڭاچ بولۇپ قېلىشىغا شەيتان سەۋەبچى بولغان ئىدى). شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر، شۈبھىسىزكى، بىز شەيتانلارنى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق﴿27﴾.

## شەيتاننىڭ پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

اللە تائالا ئادەم باللىرىغا شەيتاننىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئاداۋەت تۇتۇپ، ئۇنى نازۇ - نېمەتكە تولغان جەننەتتىن جاپا - مۇشەققەتكە تولغان دۇنياغا چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋرىتىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرۇپ، ئادەم باللىرىنى شەيتان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

شەيتاننىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تۇتقان بۇ ئاداۋىتى اللە تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە ھەسەت قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى اللە غا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن يامان!)﴾[1].

*******

وَإِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةٗ قَالُواْ وَجَدۡنَا عَلَيۡهَآ ءَابَآءَنَا وَٱللَّهُ أَمَرَنَا بِهَاۗ قُلۡ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَأۡمُرُ بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ أَتَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٢٨﴾ قُلۡ أَمَرَ رَبِّي بِٱلۡقِسۡطِۖ وَأَقِيمُواْ وُجُوهَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَٱدۡعُوهُ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَۚ كَمَا بَدَأَكُمۡ تَعُودُونَ ﴿٢٩﴾ فَرِيقًا هَدَىٰ وَفَرِيقًا حَقَّ عَلَيۡهِمُ ٱلضَّلَٰلَةُۗ إِنَّهُمُ ٱتَّخَذُواْ ٱلشَّيَٰطِينَ أَوۡلِيَآءَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَيَحۡسَبُونَ أَنَّهُم مُّهۡتَدُونَ ﴿٣٠﴾

(1) كەھف سۈرىسى 50 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ﷲ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ﷲ (بەندىلىرىنى) ھەقىقەتەن يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، ئۆزلىرىڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ﷲ نامىدىن يالغان ئېيتامسىلەر؟» ﴿28﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى. ھەر بىر سەجدە قىلغاندا يۈزۈڭلارنى ﷲ غا يۆنىلدۈرۈڭلار، ﷲ غا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەر ﷲ دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلاردا (ئەسلىگە) قايتىسىلەر» ﴿29﴾. ﷲ (سىلەردىن) بىر گۇرۇھنى ھىدايەت قىلدى؛ يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ﷲ نى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴿30﴾.

## كاپىرلارنىڭ يامان قىلمىشلارنى قىلىپ، ئۇنى ﷲ تائالاغا دۆڭگەپ قويىدىغانلىقى

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار كەبىنى ئايدىن تۇغۇلغان ھالىتىمىزدە تاۋاپ قىلىمىز دەپ كىيىمسىز تاۋاپ قىلاتتى. مۇشرىك ئاياللىرىمۇ بۈگۈن بىزنىڭ ئەۋرەتلىمىزنىڭ بەزى جايلىرى ياكى ھەممىسى ئېچىلىپ قالىدۇ. لېكىن بىز بۇنى ھالال سانىمايمىز دېگەچ، ئەۋرەت جايلىرىنى بىرەر پارچە لاتىدەك نەرسە بىلەن توساپ قويۇپلا كەبىنى كىيىمسىز تاۋاپ قىلىۋېرەتتى.

قۇرەيش قەبىلىسىدىن باشقا قەبىلىدىكى ئەرەبلەر: بىز كىيىپ يۈرۈپ گۇناھ ئىشلارنى قىلغان كىيىملىرىمىز بىلەن كەبىنى تاۋاپ قىلمايمىز دەپ، ئۆزلىرى كىيىپ يۈرگەن كىيىملىرى بىلەن تاۋاپ قىلمايتتى. ئەگەر قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئەرەبلەردىن بىرەرسى ئۇلارغا كىيىم بەرسە، ئۇ كىيىمنى كىيىپ تاۋاپ قىلاتتى ياكى ئۆزلىرىدە تېخى كىيىلمىگەن يېڭى كىيىم بولسا، شۇ كىيىمنى كىيىپ تاۋاپ قىلاتتى.

تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاۋاپ قىلغۇچى يېڭى كىيىمنى سېلىپ تاشلىۋەتسە، ئۇ كىيىمگە ھېچكىم ئىگىدارچىلىق قىلىۋالالمايتتى. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسى كىيىدىغان يېڭى كىيىم تاپالمىسا ياكى قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر ئۇ كىشىگە كىيىم بەرمەي قالسا، ئۇ كەبىنى كىيىمسىزلا تاۋاپ قىلىۋېرەتتى.

ئاياللار: بۈگۈن بىزنىڭ ئەۋرەت جايلىرىمىزنىڭ بەزىسى ياكى ھەممىسى ئېچىلىپ قالىدۇ. بىز بۇنى ھالال دەپ قارىمايمىز،- دېگەچ، ئەۋرەت جايلىرىنى بىرەر پارچە لاتا بىلەن توساپ قويۇپلا كەبىنى كىيىمسىز تاۋاپ قىلىۋېرەتتى. كۆپىنچە ئاياللار كېچىسى تاۋاپ قىلاتتى. ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىنى ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان ئىدى. بەزىسىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قوبۇل قىلىپ، ﷲ تائالا بۇنداق قىلىشنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا ۋە بىزگە شۇنداق بۇيرۇغان،- دەپ قارايتتى.

ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) بىرەر يامان ئىشنى قىلغان چاغلىرىدا: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق، ﷲ بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دەيدۇ**﴾.

# الله تائالانىڭ يامان ئىشلارغا ئەمەس، ئادىل ۋە ئىخلاسمەن بولۇشقا بۇيرۇيدىغانلىقى

﴿ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله (بەندىلىرىنى) ھەقىقەتەن يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ»﴾ يەنى دېگىنكى، الله تائالا سىلەر قىلىۋاتقان بۇ يامان ئىشلارنى بۇيرۇغان ئەمەس. الله ھەرگىزمۇ بۇنداق ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. ﴿«ئۆزلىرىڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى الله نامىدىن يالغان ئېيتامسىلەر؟»﴾ يەنى توغرا ـ خاتالىقىنى ئۆزەڭلار بىلمىگەن سۆزلەرنى الله تائالا دېدى دەپ، الله تائالاغا دۆڭگەپ قويامسىلەر؟

﴿ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى. ھەر بىر سەجدە قىلغاندا يۈزلىنىڭلار، الله غا يۈزلىنىڭلار، الله غا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار»﴾ يەنى الله سىلەرنى ئىبادەتنى راۋۇرۇس ئادا قىلىشىڭلارغا ۋە ئىخلاس بىلەن قىلىشىڭلارغا بۇيرۇدى.

ئىبادەتنى راۋۇرۇس قىلىش بولسا، الله تائالا مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ئىبادەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىخلاس بىلەن قىلىش بولسا، ئىبادەتنى پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تۇرۇپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. الله تائالانىڭ بۇ ئىككى ئىشقا بۇيرۇشىدىكى سەۋەب، ئىبادەتتە بۇ ئىككى ئىش تېپىلمىسا، قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەت الله تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ.

# الله تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكى ۋە قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا

﴿«سىلەر الله دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلاردا (ئەسلىگە) قايتىسىلەر»﴾ ئالىملار الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ئىبنى ئەبۇنۇجەيھ مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله سىلەرنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ.

ھەسەنبەسرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: الله سىلەرگە دۇنيادا ھاياتلىق ئاتا قىلغىنىدەك، ئاخىرەتتىمۇ تىلىرىلدۈرىدۇ، ـ دېدى. قەتادە: الله تائالا سىلەرنى يوقتىن بار قىلدى. ئاندىن سىلەر ئۆلدۈڭلار، الله سىلەرنى قايتا تىرىلدۈرىدۇ، ـ دەيدۇ.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم: الله سىلەرنى قانداق ياراتقان بولسا، ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ، ـ دەيدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىبنى جەرىرمۇ قوللىغان ۋە ئۇنى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان ۋە تۆۋەندىكى ھەدىس بىلەن دەلىللىگەن:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ: «ئى خالايىق! سىلەر الله تائالانىڭ: ﴿مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز﴾[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغاندەك، الله تائالانىڭ دەرگاھىغا يالاڭئاياغ، كىيىمسىز ۋە خەتنە قىلىنمىغان ھالىتىڭلاردا توپلىنىسىلەر» دېدى.

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 104 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿«سىلەر اللّٰه دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلاردا (ئەسلىگە) قايتىسىلەر» اللّٰه (سىلەردىن) بىر گۇرۇھنى ھىدايەت قىلدى؛ يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئادەم ئەۋلادىنى مۆمىن ۋە كاپىردىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ ياراتقان اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاراڭلاردا مۆمىنلەرمۇ بار، كاپىرلارمۇ بار﴾[1] ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزىنى تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ:

ئىمام بۇخارى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھېچقانداق شېرىكى يوق، بىر اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىر ئادەم جەننەتكە كىرىشكە لايىق كىشىلەرنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىشكە (يەنى ئۆلۈشكە) بىر غۇلاچ ياكى بىر گەز قالغاندا، تەقدىردە يېزىلىپ كەتكىنى بويىچە دوزاخقا كىرىشكە لايىق كىشىنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، دوزاخقا كىرىدۇ. بىر كىشى دوزاخقا كىرىشكە لايىق كىشىنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، دوزاخقا كىرىشكە بىر گەز ياكى بىر غۇلاچ قالغاندا جەننەتكە كىرىشكە لايىق كىشىنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، جەننەتكە كىرىدۇ».

ئەگەر ئايەتنىڭ مەنىسى مۇشۇ ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك دەپ قارىساق، بۇ ئايەت بىلەن اللّٰه تائالانىڭ: ﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، اللّٰه نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اللّٰه ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان﴾[2] دېگەن ئايىتى بىلەن ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ): «ھەر قانداق بالا دىننى قوبۇل قىلىش تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلغان بولىدۇ. ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ بالىنى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خىرىستىئان قىلىدۇ ياكى ئاتەشپەرەس قىلىدۇ» دېگەن ھەدىسى ۋە ئىمام مۇسلىم ئىياز ئىبنى ھىمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان: «اللّٰه تائالا: ھەقىقەتەن مەن بەندىلىرىمنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتتىم. ئاندىن شەيتان كېلىپ ئۇلارنى ئۆز دىنلىرىدىن ئازدۇرىۋەتتى، ـ دەيدۇ» دېگەن ھەدىس قۇددىسىنى تۆۋەندىكىدەك باغلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ:

اللّٰه تائالا بەندىلىرىنى ياراتقاندا، ئۇلارنىڭ مۆمىن بولۇشىنى ئاساس قىلىپ، كاپىر بولۇشىنى ئىختىيارىغا قويۇپ ياراتتى. اللّٰه تائالا بەندىلىرىدىن ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىنى تونۇشقا ئەھدە ئېلىشۋالغىنىدەك ۋە بۇ خىل تونۇشنى ئۇلارنىڭ تەبىئەتلىرىدە سىڭدۈرگىنىدەك، پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىنى ئۆزىنى تونۇيدىغان ۋە بىر دەپ بىلىدىغان، "اللّٰه تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق" دەپ قارايدىغان قىلىپ ياراتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ بەندىلىرى ئىچىدە مۆمىن ۋە كاپىرنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ پۈتتۈۋەتتى. اللّٰه تائالا بەندىلەرنىڭ تەقدىرىنى مۇشۇنداق پۈتتۈۋەتكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللّٰه سىلەرنى خەلق ئەتتى، ئاراڭلاردا مۆمىنلەرمۇ بار، كاپىرلارمۇ بار﴾[3].

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر

(1) **تەغابۇن سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.**
(2) **رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.**
(3) **تەغابۇن سۈرىسى 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.**

ئىنسان ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يا ئۆزىنى اﷲ ئۈچۈن سېتىپ، ئۆزىنى اﷲ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ ياكى شەيتاننىڭ يولىدا سېتىپ، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ». اﷲ تائالا كىمگە بىر تەقدىرنى پۈتكەن بولسا، شۇ كىشىنىڭ ئەمەلىيىتى پۈتۈلگەن تەقدىرى بويىچە بولىدۇ. چۈنكى اﷲ تائالا مۇشۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان زاتتۇر.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى﴾[1]، ﴿«ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىب) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»﴾[2].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلدى: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىرسى جەننەتكە كىرىشكە پۈتۈۋېتىلگەن بولسا، ئۇ كىشىگە جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغۇچىلارنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلىرى ئاسانلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىرەرسى دوزاخقا كىرىشكە پۈتۈۋېتىلگەن بولسا، ئۇ كىشىگە دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغۇچىلارنىڭ ئەمەل - ئىبادەتلىرى ئاسانلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ».

**﴿اﷲ (سىلەردىن) بىر گۇرۇھنى ھىدايەت قىلدى؛ يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى﴾** اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿شۈبھىسىزكى، ئۇلار اﷲ نى قويۇپ، شەيتانلارنى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾** ئىبنى جەرىر بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت: اﷲ تائالا بىر كىشىنىڭ بىلمەي قىلىپ قالغان گۇناھ ئىشلىرى ياكى خاتا ئەقىدىلىرى ئۈچۈن ئۇ كىشىنى جازالىمايدۇ. بەلكى، ئۇ كىشى شۇ ئىشلارنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، اﷲ تائالاغا بويۇنتاۋلىق قىلىش ئۈچۈن شۇ گۇناھ ئىشلارنى قىلغان بولسا، ئاندىن اﷲ تائالا ئۇ كىشىنى ئازابلايدۇ، - دېگۈچىلەرنىڭ سەپسەتىسىگە بېرىلگەن كۈچلۈك رەددىيەدۇر. مۇبادا ئىشنىڭ ھەقىقىتى يۇقىرىدىكى سەپسەتىدە دېيىلگەندەك بولسا، اﷲ تائالا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ ئويلاپ تۇرۇپ ئېزىپ كەتكەن گۇرۇھ بىلەن توغرا يولدىكى گۇرۇھنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىمىغان بولاتتى. لېكىن اﷲ تائالا ئۇلارنىڭ بىرىنى توغرا يولدا ۋە جەننەتكە لايىق بولغان گۇرۇھ، يەنە بىرىنى ئازغۇنلۇق يولدا، دوزاخقا لايىق بولغان گۇرۇھ دەپ ئايرىدى.

* * * * * * *

﴿يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمۡ عِندَ كُلِّ مَسۡجِدٖ وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ٣١﴾

ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، اﷲ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴿31﴾.

(1) ئەئلا سۈرىسى 3 - ئايەت.
(2) تاھا سۈرىسى 50 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## مەسچىتكە چىرايلىق كىيىنىپ بېرىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

بۇ ئايەت كەبىنى كىيىمسىز تاۋاپ قىلغان مۇشرىكلارغا بېرىلگەن رەددىيەدۇر. ئىمام مۇسلىم، نەسەئى ۋە ئىبنى جەرىر ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلارنىڭ ئەر ـ ئاياللىرى كەبىنى كىيىمسىز تاۋاپ قىلاتتى. ئەرلىرى كۈندۈزى تاۋاپ قىلسا، ئاياللىرى كېچىدە تاۋاپ قىلاتتى. ئاياللار (كىيىمسىز تاۋاپ قىلغاندا ئەۋرەت جايلىرىنى بىرەر پارچە لاتا بىلەن توسۇپ قويۇپلا): بۈگۈن ئەۋرەت جايلىرىمىزنىڭ بەزىسى ياكى ھەممىسى ئېچىلىپ قالىدۇ، لېكىن بۇنى ھالال دەپ قارىمايمىز، ـ دېگەچ تاۋاپ قىلىشنى باشلايتتى.

**﴿ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار﴾** ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر كەبىنى كىيىمسىز تاۋاپ قىلاتتى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنى مەسچىتكە ئىبادەت ئۈچۈن كىرگەندە، كىيىملىرىنى كىيىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. مۇجاھىد، ئەتا ئىبراھىم نەخەئىي، سەئىيد ئىبنى جۇبەير، قەتادە، سۇددى، زەھھاك ۋە زۆھرى قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش دېدى. كۆپ ساندىكى سەلەپ ئالىملىرى: بۇ ئايەت كەبىنى كىيىمسىز تاۋاپ قىلغان مۇشرىكلار ھەققىدە چۈشكەن، ـ دەيدۇ.

مۇشۇ ئايەت ۋە مۇشۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدا كەلگەن ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەر ناماز ئۈچۈن، بولۇپمۇ جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرى ئۈچۈن مەسچىتكە كەلگەندە، چىرايلىق، پاكىزە كىيىملەرنى كىيىش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە مىسۋاك ئىشلىتىش سۈننەتتۇر[1]. كىيىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاق رەڭلىك كىيىمدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىڭلار، چۈنكى ئۇ كىيىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر[2]. ئۆلۈكلىرىڭلارنىمۇ ئاق رەڭلىك كېپەن بىلەن كېپەنلەڭلار، كۆزۈڭلارغا سۈرمە تارتىڭلار، سۈرمىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىسمىت دېگەن (تەبىئىي) سۈرمىدۇر. چۈنكى ئۇ سۈرمە كۆزنى روشەنلەشتۈرۈپ، كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ.

## يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكتە ئىسراپخورلۇق قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

---

**(1) بۇ يەردە دېيىلگەن خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ مەسچىتكە بېرىش پەقەت ئەرلەرگىلا قارىتىلغان. چۈنكى ئاياللار ئۈچۈن خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ سىرتقا چىقىش چەكلەنگەن. لېكىن ئۆي ئىچىدە ياكى يات ئەر كىشىلەردىن خالى جايدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.**

(2) ئاق رەڭلىك كىيىمنىڭ ئىسسىق قايتۇرۇش، كىيگۈچىنى روھلۇق، تېتىك ۋە پاكىزە كۆرسىتىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بولغاچقا، ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىش تەۋسىيە قىلىنغان. لېكىن ھاۋا كىلىماتى سوغۇق بولغان ۋە باشقا رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىش زۆرۈر بولىدىغان مۇھىتتا قانداقلا رەڭدىكى كىيىم كىيسە بولىدۇ.

﴿**يەڭلار، ئىچىڭلار**﴾ ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىسراپخورلۇق ۋە مۇتەكەببىرلىق قىلمىساڭلا، نېمىنى يېگۈڭ كەلسە ئۇنى يېگىن، نېمىنى كىيگىڭ كەلسە، ئۇنى كىيگىن.

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر يەپ ـ ئىچىش ئىسراپخورلۇق ياكى تەكەببۇرلۇق قىلىش ئۈچۈنلا بولمىسا، **الله** تائالا ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى[1].

ئىمام ئەھمەد مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئادەمنىڭ قورسىقىدەك ئاسان توشقۇزغىلى بولمايدىغان يامان تۇلۇم يوقتۇر. ماغدۇرۇڭنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسەڭ بولىدۇ. ئەگەر سەن بىر نەرسە يېمەكچى بولساڭ، ئاشقازىنىڭنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تاماق يە، ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچ ۋە قالغان ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

﴿**يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ**﴾ ئەتا خۇراساني بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ھەقىقەتەن **الله** تائالا يەپ ـ ئىچىشتە ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

﴿**الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ**﴾ يەنى **الله** تائالا ھالال ـ ھارامدا بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىلەردىن ھالقىپ كەتكۈچىلەرنى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال سانىغانلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. ئەكسىچە، **الله** تائالا ھالال قىلىپ بەرگەننى ھالال، ھارام قىلغاننى ھارام دەپ بىلگۈچىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

* * * * * * *

**قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِىٓ أَخْرَجَ لِعِبَادِهِۦ وَٱلطَّيِّبَٰتِ مِنَ ٱلرِّزْقِ ۚ قُلْ هِىَ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٣٢﴾**

ئېيتقىنكى، «**الله** بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر». (**الله** نىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلي بايان قىلىمىز﴿32﴾.

**الله** تائالا چەكلىمىسىمۇ، بەزى يېمەك ـ ئىچمەك ياكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئۆز خاھىشلىرى

(1) ئەگەر يەپ ـ ئىچىش ۋە كىيىم كىيىش ئىسراپخورلۇق ياكى تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن بولسا، بۇ **الله** تائالانىڭ رۇخسەت (قىلىپ بەلگىلەپ) بەرگەن بەلگىلىمىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەنلىك بولىدۇ.

بويىچە ئۆزلىرىگە هارام قىلىۋالغان كىشىلەرگە (الله تائالا) رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق قاراشلىرى ۋە خاھىشلىرىغا ئاساسلىنىپ، الله تائالانىڭ نازۇ ـ نېئمەتلىرىنى هارام دەپ قارىغان مۇشرىكلارغا ﴿**ئېيتقىنكى، «الله بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم هارام قىلدى؟»**﴾ يەنى دۇنيادا گەرچە كاپىرلار شۇ نازۇ ـ نېئمەتلەر ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇ نەرسىلەردە مۆمىنلەرگە شېرىك بولىۋالسىمۇ، ئەسلىدە ئۇ نەرسىلەر مۆمىنلەردىن ئىبارەت بەندىلىرى ئۈچۈنلا يارىتىلغاندۇر. شۇڭا قىيامەت كۈنى بۇ نەرسىلەر پەقەت مۆمىنلەرگىلا بېرىلىدۇ. كاپىرلار بولسا، ئۇ نەرسىلەردە مۆمىنلەرگە ھەرگىز شېرىك بولالمايدۇ. چۈنكى كاپىرلار نازۇ ـ نېئمەتلەرنىڭ جايى بولغان جەننەتتىن مەھرۇم قىلىنغاندۇر.

* * * * * * *

قُلۡ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّيَ ٱلۡفَوَٰحِشَ مَا ظَهَرَ مِنۡهَا وَمَا بَطَنَ وَٱلۡإِثۡمَ وَٱلۡبَغۡيَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَأَن تُشۡرِكُواْ بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ سُلۡطَٰنٗا وَأَن تَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٣٣﴾

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (الله نىڭ شېرىكى بولۇشقا) الله ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى الله نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى هارام قىلدى»﴿33﴾.

## يامان ئىشلار، الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، بوھتان چاپلاش ۋە ناھەقچىلىق قىلىش قاتارلىقلارنىڭ هارام ئىكەنلىكى

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا كۈندەشلىكى ناھايىتى كۈچلۈك زاتتۇر. شۇڭا ئاشكارا ـ يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى هارام قىلدى. ماختىنىشنى الله تائالادىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان زات يوقتۇر» بىز ئەنئام سۈرىسىدەئاشكارا ـ يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ بايانى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

﴿**گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى**﴾ يەنى ئۆزىگىلا مۇناسىۋەتلىك بولغان يامان ئىشلار ۋە باشقىلارغا ناھەقچىلىق قىلىش ئارقىلىق قىلغان يامان ئىشلارنى هارام قىلدى.

﴿**(الله نىڭ شېرىكى بولۇشقا) الله ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى الله نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى هارام قىلدى»**﴾ يەنى الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى، "الله تائالانىڭ بالىسى بار" دېگەنگە ئوخشاش ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان قالايمىقان سۆز بىلەن الله تائالاغا بوھتان چاپلىشىڭلارنى الله تائالا هارام قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر بۇتلاردىن

ئىبارەت ئىجىستىن ساقلىنىڭلار﴾[1].

* * * * * * *

وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ فَإِذَا جَآءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ ﴿٣٤﴾ يَٰبَنِىٓ ءَادَمَ إِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ
رُسُلٌ مِّنكُمْ يَقُصُّونَ عَلَيْكُمْ ءَايَٰتِى فَمَنِ ٱتَّقَىٰ وَأَصْلَحَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٣٥﴾ وَٱلَّذِينَ
كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱسْتَكْبَرُوا۟ عَنْهَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٣٦﴾

(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) ھەر بىر ئۇممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مۇئەييەن ۋاقتى بولىدۇ، (ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ (يەنى دەرھال ھالاك بولىدۇ)﴿34﴾. ئى ئادەم بالىلىرى! ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، تەقۋادارلىق قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر﴿35﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار ھەمىشە دوزاختا قالغۇسىدۇر﴿36﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۆزلىرىگە الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان ھەر بىر دەۋر ۋە ھەر بىر زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ھالاك بولىدىغان مۇئەييەن بىر ۋاقتى بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلسە، ھالاك قىلىنىشىنىڭ بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى، بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارغا الله تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدىغان، ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى، كىمكى ئاشۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىپ، يامان ئىشلارنى تاشلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئۇنىڭغا كەلگۈسىدىن غەم ـ قايغۇ ۋە ئەندىشە قىلىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، كىمكى ئاشۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشمەي، الله تائالانىڭ ئايىتىگە ئىشەنمەي ۋە ئايەتتە كۆرسىتىپ بېرىلگىنى بويىچە ئەمەل قىلمىسا، ئۇ كىشىنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

* * * * * * *

فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ يَنَالُهُمْ نَصِيبُهُم مِّنَ ٱلْكِتَٰبِ حَتَّىٰٓ إِذَا
جَآءَتْهُمْ رُسُلُنَا يَتَوَفَّوْنَهُمْ قَالُوٓا۟ أَيْنَ مَا كُنتُمْ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ قَالُوا۟ ضَلُّوا۟ عَنَّا وَشَهِدُوا۟ عَلَىٰٓ
أَنفُسِهِمْ أَنَّهُمْ كَانُوا۟ كَٰفِرِينَ ﴿٣٧﴾

الله غا يالغان چاپلىغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ ئۇلار لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان (رىزىقتىن ۋە ئەجەلدىن) ئۆز نېسىۋىسىنى كۆرىدۇ، ھەتتا

---

(1) ھەج سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندىمۇ، ئۇلارغا: «اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە؟» دەيدۇ. ئۇلار: «ئۇلار بىزدىن غايىب بولۇپ كەتتى» دەيدۇ. ئۇلار كاپىر بولغانلىقلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى كاپىر بولغانلىقلىرىغا ئىقرار قىلىدۇ)﴿37﴾.

## اللە تائالاغا بوھتان چاپلىغان مۇشرىكلارنىڭ ئۆز نېسىۋىلىرىگە ئېرىشىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقى

**﴿اللە غا يالغان چاپلىغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟﴾** يەنى اللە تائالاغا يالغاننى چاپلىغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان كىشىدىن زالىم كىشى يوقتۇر. **﴿ئۇلار لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان (رىزىقتىن ۋە ئەجەلدىن) ئۆز نېسىۋىسىنى كۆرىدۇ﴾** مۇھەممەد ئىبنى كەئب بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: زالىملار لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، رىزىقلىرىنى ۋە ئۆمۈرلىرىنى كۆرىدۇ، ـ دېدى. رەبىئ ئىبنى ئەنەس ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيدمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېدى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «اللە غا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەقىقەتەن (دوزاخ ئازابىدىن) قۇتۇلالمايدۇ». ئۇلار بۇ دۇنيادىن (ئازغىنا ۋاقىتلا) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقلىرى سەۋەبىدىن ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز﴾[1]، ﴿كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۇفرى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئۇلارغا (دۇنيادىكى) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز، اللە ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز﴾[2].

**﴿ھەتتا بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندىمۇ، ئۇلارغا: «اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان مەبۇدلىرىڭلار قەيەردە؟» دەيدۇ﴾** يەنى اللە تائالا بۇ ئايەتتە پەرىشتىلەرنىڭ مۇشرىكلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىپ، دوزاخ تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، ئۇلارغا: سىلەرنىڭ دۇنيادىكى چېغىڭلاردا اللە تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان، ھاجىتىڭلارنى تىلىگەن ۋە اللە تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان ئىلاھلىرىڭلار قەيەردە؟ ئۇلارنى چاقىرىڭلار، ئۇلار سىلەرنى بۇ ھالىڭلاردىن قۇتقۇزسۇن، ـ دەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

ئۇلار مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: **﴿ئۇلار بىزدىن غايىب بولۇپ كەتتى﴾** يەنى ئۇلار بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولدى. بىز ئۇلارنىڭ بىزگە پايدا يەتكۈزۈشىنى ۋە ياخشىلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلمايمىز، ـ دەيدۇ ۋە: **﴿ئۇلار كاپىر بولغانلىقلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى كاپىر بولغانلىقلىرىغا ئىقرار قىلىدۇ)﴾**.



(1) يۇنۇس سۈرىسى 69 ــ 70 ـ ئايەتلەر.
(2) لوقمان سۈرىسى 23 ــ 24 ـ ئايەتلەر.

* * * * * * *

قَالَ ٱدۡخُلُواْ فِيٓ أُمَمٖ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِكُم مِّنَ ٱلۡجِنِّ وَٱلۡإِنسِ فِي ٱلنَّارِۖ كُلَّمَا دَخَلَتۡ أُمَّةٞ لَّعَنَتۡ أُخۡتَهَاۖ
حَتَّىٰٓ إِذَا ٱدَّارَكُواْ فِيهَا جَمِيعٗا قَالَتۡ أُخۡرَىٰهُمۡ لِأُولَىٰهُمۡ رَبَّنَا هَٰٓؤُلَآءِ أَضَلُّونَا فَـَٔاتِهِمۡ عَذَابٗا ضِعۡفٗا مِّنَ
ٱلنَّارِۖ قَالَ لِكُلّٖ ضِعۡفٞ وَلَٰكِن لَّا تَعۡلَمُونَ ﴿٣٨﴾ وَقَالَتۡ أُولَىٰهُمۡ لِأُخۡرَىٰهُمۡ فَمَا كَانَ لَكُمۡ عَلَيۡنَا مِن
فَضۡلٖ فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡسِبُونَ ﴿٣٩﴾

**الله** (ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا) ئېيتىدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن، جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان (كاپىر) ئۈممەتلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار» ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ بولۇپ جەملەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (يەنى باشلىقلىرىغا) قارىتىپ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ. **الله** : «ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى بىلمەيسىلەر» دەيدۇ﴿38﴾. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە: «سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق (يەنى گۇمراھلىقتا ۋە ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشاشمىز)، قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ﴿39﴾.

## دوزاخقا كىرگەنلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، ئۆزئارا لەنەت ئېيتىشىدىغانلىقى

**الله** تائالا ئۆزىگە بوھتان چاپلىغان ۋە ئايەتلەرنى ئىنكار قىلغان مۇشرىكلارغا تۆۋەندىكىدەك دەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ: **﴿الله (ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا) ئېيتىدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن، جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان (كاپىر) ئۈممەتلەر بىلەن بىرلىكتە دوزاخقا كىرىڭلار»﴾.**

**﴿ھەرقاچان بىر ئۈممەت دوزاخقا كىرىدىكەن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە (ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ كەلگەن تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿ئاندىن قىيامەت كۈنى بەزىڭلار بەزىڭلارنى ئىنكار قىلىسىلەر، بەزىڭلارغا بەزىڭلار لەنەت ئوقۇيسىلەر (يەنى قىيامەت كۈنى مەزكۇر دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ﴾[1]، ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر:

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«كاشكى بىزلەرگە (دۇنياغا) قايتىشقا بولسا ئىدى، ئۇلار بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولغاندەك، بىزمۇ ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولاتتۇق» دەيدۇ. الله ئۇلارغا (يامان) ئىشلىرىنىڭ ھەسرەت بولغانلىقىنى مۇشۇنداق كۆرسىتىدۇ، ئۇلار دوزاختىن چىقمايدۇ﴾[1].

﴿**ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ بولۇپ جەملەشكەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىن كىرگەنلەر (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئىلگىرى كىرگەنلەرگە (يەنى باشلىقلىرىغا) قارىتىپ: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن» دەيدۇ**﴾ يەنى بۇ ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە قارىتا دېگەن سۆزىدۇر. چۈنكى ئەگەشتۈرگۈچىلەرنىڭ جىنايىتى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەشكۈچىلەردىن بۇرۇن دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن الله تائالاغا شىكايەت قىلىپ: ﴿«**ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان. ئۇلارغا ئىككى ھەسسە دوزاخ ئازابى بەرگىن»**﴾ دەيدۇ. چۈنكى، ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ھەق يولدىن ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز الله غا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن» دەيدۇ﴾[2].

﴿**الله : «ھەممىگە ئىككى ھەسسە ئازاب بېرىلىدۇ، لېكىن سىلەر (ئازابنىڭ دەھشىتىنى) بىلمەيسىلەر» دەيدۇ**﴾ يەنى بىز شۇنداق قىلدۇق ۋە ھەر بىر گۇرۇھنى ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئەمەللىرىگە قارىتا جازالىدۇق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىر بولغانلارغا ۋە (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ، زىيادە ئازاب قىلىمىز﴾[3]، ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا يۈكلەرنى (يەنى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئازدۇرغانلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) ئۈستىگە ئالىدۇ﴾[4]، ﴿ئۆزلىرى تەرىپىدىن بىلمەستىن ئازدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرىغا ئۆزلىرى جاۋابكار بولۇشلىرى ئۈچۈن (يۇقىرىقى بوھتان سۆزلەرنى قىلدى)، ئۇلارنىڭ جاۋابكار بولىدىغىنى نېمىدېگەن يامان!﴾[5]

﴿**ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە**﴾ يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەرگە: ﴿«**سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق (يەنى گۇمراھلىقتا ۋە ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشاشمىز)، قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار» دەيدۇ**﴾ سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرمۇ بىز ئېزىپ كەتكەندەك ئېزىپ كەتتىڭلار، شۇڭا سىلەرمۇ بۇ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار، ـ

(1) بەقەرە سۈرىسى 166 ـــ 167 ـ ئايەت.
(2) ئەھزاب سۈرىسى 66 ـــ 68 ـ ئايەتلەر.
(3) نەھل سۈرىسى 88 ـ ئايەت.
(4) ئەنكەبۇت سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) نەھل سۈرىسى 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەيدۇ.

بۇ ئىشلار ئۇلارنى ھېساب ئېلىش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلىغاندا يۈز بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: «سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزەڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار» دەيدۇ. بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللهنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار» دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ﴾[1].

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَٱسۡتَكۡبَرُواْ عَنۡهَا لَا تُفَتَّحُ لَهُمۡ أَبۡوَٰبُ ٱلسَّمَآءِ وَلَا يَدۡخُلُونَ ٱلۡجَنَّةَ حَتَّىٰ يَلِجَ ٱلۡجَمَلُ فِي سَمِّ ٱلۡخِيَاطِۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿٤٠﴾ لَهُم مِّن جَهَنَّمَ مِهَادٞ وَمِن فَوۡقِهِمۡ غَوَاشٖۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤١﴾

شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴿40﴾. دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ، زالىملارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴿41﴾.

## الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئاسمان ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتكە مەڭگۈ كىرەلمەيدىغانلىقى

**﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)﴾** مۇجاھىد ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئۇلارنىڭ بىرەر ياخشى ئەمەلى ياكى دۇئاسىنىمۇ كىرگۈزمەيدۇ، ـ دەيدۇ.

ئەۋفىي، ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ۋە سەۋرى قاتارلىقلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى

(1) سەبەئ سۈرىسى 32 ــ 33 ـ ئايەتلەر.

ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنىڭ ئۈستۈنكى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئېچىلىپ بېرىلمەيدۇ. سۇددى ۋە باشقىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش دېدى. بۇ رىۋايەتنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىبنى جەرىر بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پەرىشتىلەر يامان كىشىلەرنىڭ جانلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىشقا ماڭىدۇ. بۇ روھ ھەر بىر پەرىشتىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ ئۆتۈلگەندە، ئۇلار: بۇ نېمە دېگەن سېسىق روھ؟ ـ دەپ روھنىڭ ئىگىسىنىڭ دۇنيادا چاقىرىلىدىغان ئەڭ سەت ناملىرىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. روھنى ئېلىپ ماڭغان پەرىشتىلەر كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا يەتكەن چاغدا، ئاسماننىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىشىك ئېچىلمايدۇ» دەپ: ﴿**شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ھەدىس ئەسلىدە ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن بىر ھەدىسنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە ۋە (ئۇلارنىڭ) روھلىرىغا ئېچىلىپ بەرمەيدۇ. ئىبنى جۇرەيج بۇ سۆزى بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆز قاراشلارنى بىرلەشتۈردى.

﴿**تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈچە ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)**﴾ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ ئايەتتىكى تۆگىدىن تۆگىنىڭ بوتىلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دەيدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇنىڭدىن ئەركەك تۆگە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېيىلگەن. ﴿**دوزاختا ئۇلارنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆرپىسىمۇ ئوتتىن، ئۈستىگە يېپىنىدىغان يوتقىنىمۇ ئوتتىن بولىدۇ، زالىملارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز**﴾.

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۖ هُمْ
فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٤٢﴾ وَنَزَعْنَا مَا فِى صُدُورِهِم مِّنْ غِلٍّ تَجْرِى مِن تَحْتِهِمُ ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ وَقَالُوا۟ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى
هَدَىٰنَا لِهَٰذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِىَ لَوْلَآ أَنْ هَدَىٰنَا ٱللَّهُ ۖ لَقَدْ جَآءَتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِٱلْحَقِّ ۖ وَنُودُوٓا۟ أَن تِلْكُمُ ٱلْجَنَّةُ
أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿٤٣﴾

ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ـ كىشىنى پەقەت كۈچى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىمىز ـ ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە ھەمىشە قالىدۇ﴿42﴾. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىكنى ئېلىپ تاشلىدۇق (يەنى جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا ئاغرىق ـ ئاداۋەت بولمايدۇ). ئۇلارنىڭ (سارايلىرى) ئاستىدىن (جەننەتنىڭ)

ئۈستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇلار: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېئمەتلەرنى) ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىگەن ﷲ غا بولسۇنكى، ﷲ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىزگە ھەقنى ئېلىپ كەلدى» دەيدۇ، ئۇلارغا: «قىلغان ئەمەلىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ» دەپ نىدا قىلىنىدۇ (يەنى پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ)﴿43﴾.

## ياخشى كىشىلەرنىڭ بارار جايى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى

ﷲ تائالا يۇقىرىدا يامان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلىپ بولۇپ، ئارقىدىنلا ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشقا باشلاپ مۇنداق دېدى: **﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار﴾** ئۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يامان كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشىلەردۇر. ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئەمەلىيەتتە ئىمان ئېيتىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئاسانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. چۈنكى ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: **﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار - كىشىنى پەقەت كۈچى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىمىز - ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە ھەمىشە قالىدۇ﴾**.

**﴿ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىكنى ئېلىپ تاشلىدۇق (يەنى جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا ئاغرىق - ئاداۋەت بولمايدۇ)﴾** يەنى جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا ئاغرىنىش، ئۆچمەنلىك ۋە ھەسەت قىلىش بولمايدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىنلەر دوزاختا كىرىشتىن ساقلىنىپ قېلىپ (جەننەت تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا)، دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەگمە شەكىللىك كۆۋرۈك ئۈستىدە توختىتىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيادا بىر - بىرگە قىلغان ناھەقچىلىقلىرىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن رازى بولۇشۇپ، گۇناھلىرىدىن پاكلانغاندا، جەننەتكە كىرگۈزىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان جەننەتتىكى ئۆيلىرىنى دۇنيادىكى ياشىغان ئۆيلىرىدىنمۇ بەكرەك تونۇيدۇ».

**﴿ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئۆچمەنلىكنى ئېلىپ تاشلىدۇق (يەنى جەننەتكە كىرگەنلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا ئاغرىق - ئاداۋەت بولمايدۇ). ئۇلارنىڭ (سارايلىرى) ئاستىدىن (جەننەتنىڭ) ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ﴾** سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلار جەننەت تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپ، جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئاستىدىن ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر دەرەخنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇلار بۇلاقلارنىڭ بىرىدىن سۇ ئىچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ دىلىدىكى بىر - بىرىگە بولغان دۈشمەنلىكلىرى، ھەسەتخورلۇق ئىللەتلىرى يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇلار يەنە بىر بۇلاقنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قايتا كىر بولمايدىغان ھالەتتە پاك - پاكىزە بولۇپ كېتىدۇ.

ئىمام نەسەئى ۋە ئىبنى مەردەۋەي ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى كۆرۈپ: ئەگەر ﷲ تائالا بىزگە ھىدايەت ئاتا قىلمىغان بولسا، مۇشۇ جايغا كىرىپ قالاركەنمىز، ـ دېيىشىدۇ. دوزاختىكى ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىش جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن كىشىلەرنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈندۇر. دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەر (ئۇنىڭغا كىرىشتىن بۇرۇن) ئۆزلىرىنىڭ جەننەتتىكى ئورۇنلىرىنى كۆرۈپ: ئەگەر بىزگە ﷲ تائالا ھىدايەت ئاتا قىلغان بولسا _ ھە!ـ دېيىشىپ كېتىدۇ. دوزاخ ئەھلىگە جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىش بولسا، ئۇلارنى پۇشايمان قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر»[1].

شۇڭا جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەر، جەننەتكە كىرىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا: سىلەر ﷲ تائالانىڭ رەھمەت قىلىشى بىلەن قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىڭلارنىڭ سەۋەبىدىن جەننەتكە كىردىڭلار، ـ دېيىلىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۇنى بىلىڭلاركى، ﷲ تائالانىڭ رەھمەت قىلىشى بولمىغىنىدا قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىڭلار سىلەرنى ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ». ساھابىلەر: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ﷲ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتى بولمىغىنىدا، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىم مېنىمۇ جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ» دېدى.

* * * * * * *

وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِ أَصۡحَٰبَ ٱلنَّارِ أَن قَدۡ وَجَدۡنَا مَا وَعَدَنَا رَبُّنَا حَقّٗا فَهَلۡ وَجَدتُّم مَّا وَعَدَ رَبُّكُمۡ حَقّٗاۖ قَالُواْ
نَعَمۡۚ فَأَذَّنَ مُؤَذِّنُۢ بَيۡنَهُمۡ أَن لَّعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٤﴾ ٱلَّذِينَ يَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ وَيَبۡغُونَهَا عِوَجٗا وَهُم
بِٱلۡأٓخِرَةِ كَٰفِرُونَ ﴿٤٥﴾

ئەھلى جەننەت ئەھلى دوزاخقا: «بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار: «ھەئە» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر جاكاچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: «زالىملارغا ﷲ نىڭ لەنىتى بولسۇن﴿44﴾. زالىملار كىشىلەرنى ﷲ نىڭ دائىرىدام يولىدىن توسىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ»﴿45﴾.

## دوزاخقا كىرگەنلەرنىڭ ھەسرەت ئۈستىگە ھەسرەت چېكىدىغانلىقى

(1) ھەر بىر ئىنساننىڭ جەننەتتە ۋە دوزاختا بىردىن ئورنى بولۇپ، ئۇ ئىنسان ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ ياكى ﷲ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن دوزاخقا كىرىدۇ. ﷲ تائالانىڭ بىر بەندىسىگە ھىدايەت ئاتا قىلىش ـ قىلماسلىقى شۇ بەندىنىڭ ھىدايەت تېپىش يولىنى تاللاش ياكى تاللىماسلىقىغا باغلىقتۇر.

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە (دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغان) كىشىلەر دوزاخقا كىرىپ ئۆزلىرىگە لايىق بولغان ئورۇنلىرىغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، جەننەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ۋە رەسۋا قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا دەيدىغان سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەھلى جەننەت ئەھلى دوزاخقا: «بىز پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار: «ھەئە» دەيدۇ**﴾.

ﷲ تائالا مۇشۇ مەزمۇندا كاپىردىن دوستى بولغان مۆمىننىڭ قىيامەت كۈنى شۇ دوستىغا دەيدىغان سۆزىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ قاراپلا ئۇنى (يەنى كاپىر دوستىنى) دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرىدۇ. ئۇ (يەنى مۆمىن) ئېيتىدۇ: «ﷲ بىلەن قەسەمكى، مېنى (ئازدۇرۇپ) ھالاك قىلغىلى تاس قېلىپتىكەنسەن. ئەگەر پەرۋەردىگارىمنىڭ (مېنى ئىمانىمدا مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت) مەرھەمىتى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە، مەن (سەن بىلەن بىللە دوزاخقا) ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم. تۇنجى ئۆلگىنىمىزدىن باشقا ئۆلمەمدۇق؟ ئازابقا دۇچار بولمامدۇق﴾[1] يەنى ئۇ مۆمىن كاپىر دوستىنىڭ دۇنيادا دېگەن سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇنىڭ دوزاخقا كىرىپ قالغانلىقىنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە رەسۋا قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، پەرىشتىلەرمۇ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارغا) «مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر» (دېيىلىدۇ). (ئۇلارغا) «(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمۇ؟ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر. دوزاخقا كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەرىبىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر» (دېيىلىدۇ)﴾[2].

شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بەدرى ئۇرۇشى كۈنى ئۆلتۈرۈلۈپ جەسەتلىرى شۇ جايدىكى بىر قۇدۇققا تاشلانغان كاپىرلارنى مەسخىرە قىلىپ: «ئى ئەبۇجەھىل ئىبنى ھىشام! ئى ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە! ئى شەيبە ئىبنى رەبىيئە![3] سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنىڭ ھەقلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ مەن پەرۋەردىگارىم ۋەدە قىلغان نەرسىنىڭ ھەقلىقىنى كۆردۈم» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! سەن چىرىپ تاپ بولۇپ كەتكەن ئۆلۈكلەرگە سۆز قىلىۋاتامسەن؟ ـ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇلار ئاڭلىغانچىلىكمۇ ئاڭلىيالمايسىلەر، لېكىن ئۇلار جاۋاب بېرەلمەيدۇ» دېدى.

﴿**شۇنىڭ بىلەن بىر جاكاچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: «زالىملارغا ﷲ نىڭ لەنىتى بولسۇن**﴾ ئاندىن ئۇ جاكاچى زالىملارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**زالىملار كىشىلەرنى ﷲ نىڭ داغدام يولىدىن توسىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشىنى تىلەيدۇ ھەمدە ئۇلار ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ»**﴾ يەنى ئۇلار كىشىلەرنى ﷲ تائالانىڭ يولىدىن ۋە شەرىئىتىدىن ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتتىن توسىدۇ. ئۇلار بىر ئادەمنىڭمۇ

(1) **سافقات سۈرىسى 55 ــ 59 ـ ئايەت.**
(2) **تۇر سۈرىسى 14 ــ 16 ـ ئايەتلەر.**
(3) بۇلار قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ كاتتىلىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئەزىيەت بەرگەن ئىدى.

ئەگەشمەسلىكى ئۈچۈن يولىنىڭ ئەگرى توقاي بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى الله تائالاغا ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ ۋە ئىمان كەلتۈرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر قانداق يامان سۆزلەرنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشتىن تەپ تارتمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ھېساب ئېلىنىشتىن ۋە ئازابقا قېلىشتىن قورقمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ يامان سۆز ۋە ئەڭ يامان گۇناھلارنى قىلغۇچىلاردۇر.

* * * * * * *

وَبَيْنَهُمَا حِجَابٌ ۚ وَعَلَى ٱلْأَعْرَافِ رِجَالٌ يَعْرِفُونَ كُلًّۢا بِسِيمَىٰهُمْ ۚ وَنَادَوْا۟ أَصْحَـٰبَ ٱلْجَنَّةِ أَن سَلَـٰمٌ عَلَيْكُمْ ۚ لَمْ يَدْخُلُوهَا وَهُمْ يَطْمَعُونَ ﴿٤٦﴾ ۞ وَإِذَا صُرِفَتْ أَبْصَـٰرُهُمْ تِلْقَآءَ أَصْحَـٰبِ ٱلنَّارِ قَالُوا۟ رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا مَعَ ٱلْقَوْمِ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر توسما بولىدۇ. توسمىنىڭ ئۈستىدە (ئەئرافتا) ئەھلى جەننەت ۋە ئەھلى دوزاخنى ئۇلارنىڭ سىماسىدىن تونۇيدىغان ئادەملەر (يەنى ئەھلى ئەئراف) بولىدۇ، ئۇلارئەھلى جەننەتكە: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر﴿46﴾. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەھلى دوزاخ تەرەپكە بۇرالغاندا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ﴿47﴾.

## ئەئراف (توسما) ۋە ئۈستىدىكى ئادەملەر توغرىسىدا

الله تائالا يۇقىرىدا دوزاخ بىلەن جەننەتتىكىلەرنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان سۆزلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردە دوزاختىكىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توسمىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بۇ توسما الله تائالانىڭ: ﴿ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىدە كەلگەن سېپىلنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ ھەقتە سۇددى ۋە مۇجاھىدمۇ شۇنىڭدەك دېدى.

ئۇ توسمىنىڭ ئۈستىدە بىر تۈركۈم كىشىلەر توختىتىپ قويۇلىدۇ. ھۇزەيفە، ئىبنى ئابباس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ۋە باشقا سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرىنىڭ دېيىشىچە: توختىتىپ قويۇلغان ئۇ كىشىلەر ياخشىلىقى بىلەن يامانلىقى باراۋەر بولۇپ قالغان كىشىلەردۇر.

ئىبنى جەرىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توسمىنىڭ ئۈستىدە توختىتىلىپ قويۇلغان كىشىلەر توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: ئۇلار ساۋابى ۋە گۇناھى باراۋەر بولۇپ

(1) ھەدىد سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

قالغان ۋە ساۋابى دوزاختا كىرىشتىن، گۇناھى جەننەتكە كىرىشتىن توسۇپ قېلىپ، الله تائالا ئۇلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغۇچە توسمىنىڭ ئۈستىدە توختىتىپ قويۇلغان كىشىلەردۇر،ـ دەپ جاۋاب بەردى.

**﴿ئۇلار جەننەتكە كىرمىگەن، (ئەمما) كىرىش ئۈمىدىدە تۇرغانلاردۇر﴾** مۇئەممەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەسەننىڭ: الله تائالا ئۇلارغا مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ دىللىرىغا شۇنداق ئۈمىد قىلىشنى سالغان،ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: الله تائالا بىزگە ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

**﴿ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەھلى دوزاخ تەرەپكە بۇرالغاندا: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن» دەيدۇ﴾** زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: توسما ئۈستىدىكى كىشىلەر دوزاختىكى كىشىلەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندە: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن،ـ دەيدۇ.

* * * * * * *

وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلۡأَعۡرَافِ رِجَالٗا يَعۡرِفُونَهُم بِسِيمَىٰهُمۡ قَالُواْ مَآ أَغۡنَىٰ عَنكُمۡ جَمۡعُكُمۡ وَمَا كُنتُمۡ تَسۡتَكۡبِرُونَ ﴿٤٨﴾ أَهَٰٓؤُلَآءِ ٱلَّذِينَ أَقۡسَمۡتُمۡ لَا يَنَالُهُمُ ٱللَّهُ بِرَحۡمَةٍۚ ٱدۡخُلُواْ ٱلۡجَنَّةَ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡكُمۡ وَلَآ أَنتُمۡ تَحۡزَنُونَ ﴿٤٩﴾

ئەئرافتىكىلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى بىلەن يامانلىقلىرى تەڭ بولۇپ قالغان، جەننەتتىمۇ ئەمەس، دوزاختىمۇ ئەمەس كىشىلەر) سىماسىدىن تونۇيدىغان (دوزىخى) ئادەملەرگە: «توپلىغان پۇل ـ ماللىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى؟» دەپ توۋلايدۇ﴿48﴾. (ئەئرافتىكىلەر دوزىخىلارغا مۆمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) سىلەر الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ (مانا بۇلارغا) جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر (دېيىلدى دەيدۇ)﴿49﴾.

الله تائالا بۇ يەردە توسما ئۈستىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ (ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن تونۇۋالغان) دوزاختىكى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى، يولباشچىلىرىنى مەسخىرە قىلىش ۋە رەسۋا قىلىش يۈزىسىدىن مۇنداق دەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى: **﴿«توپلىغان پۇل ـ ماللىرىڭلار ۋە تەكەببۇرلۇقۇڭلار سىلەرگە نېمىگە ئەسقاتتى؟» دەپ توۋلايدۇ﴾** يەنى سىلەرنىڭ توپلىغان مال ـ دۇنيايىڭلار، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك ۋە ھوقۇقدار بولۇشۇڭلار سىلەرنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن توسۇپ قالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، سىلەر بۇ ئازابقا چۈشۈپ قالدىڭلار.

**﴿(ئەئرافتىكىلەر دوزىخىلارغا مۆمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) سىلەر الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، دەپ قەسەم قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ (مۆمىنلەرنىڭ پېقىرلىرىغا): ﴿**جەننەتكە كىرىڭلار، سىلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر**﴾ دېگەن سۆزنى دېگۈچىلەر بولسا، توسما ئۈستىدە توختىتىپ قويۇلغان كىشىلەردۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

* * * * * *

وَنَادَىٰٓ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِ أَصۡحَٰبَ ٱلۡجَنَّةِ أَنۡ أَفِيضُواْ عَلَيۡنَا مِنَ ٱلۡمَآءِ أَوۡ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُۚ قَالُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ حَرَّمَهُمَا عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ۝٥٠ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ دِينَهُمۡ لَهۡوٗا وَلَعِبٗا وَغَرَّتۡهُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَاۚ فَٱلۡيَوۡمَ نَنسَىٰهُمۡ كَمَا نَسُواْ لِقَآءَ يَوۡمِهِمۡ هَٰذَا وَمَا كَانُواْ بِـَٔايَٰتِنَا يَجۡحَدُونَ ۝٥١

ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە: «سۇدىن ياكى اللە سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ، ئەھلى جەننەت ئۇلارغا (جاۋابەن): «اللە ئۇلارنى كاپىرلارغا هارام قىلغان» دەيدۇ﴿50﴾. كاپىرلار دىنلىرىنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالدى، ئۇلارنى دۇنيا تىرىكچىلىكى ئالدىدى، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز (يەنى ئۇلارنى دوزاختا قالدۇرىمىز)﴿51﴾.

## جەننەتتىكى نازۇنېمەتلەرنىڭ دوزاختىكىلەرگە هارام قىلىنغانلىقى

اللە تائالا بۇ ئايەتتە دوزاختىكى كىشىلەرنىڭ جەننەتتىكى كىشىلەرگە يالۋۇرىدىغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى كىشىلەردىن ئۇسسۇزلۇق ۋە يېمەكلىك سورىغاندا، ئۇلارنىڭ سورىغانلىرىنى بەرمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

﴿**ئەھلى دوزاخ ئەھلى جەننەتكە: «سۇدىن ياكى اللە سىلەرگە بەرگەن ئىچىدىغان نەرسىلەردىن بىزگە بىرئاز قۇيۇپ بەرسەڭلار!» دەپ توۋلايدۇ**﴾ سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار جەننەتتىكى كىشىلەردىن تاماق سورايدۇ.

سەۋرى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئوسمان سەقەفىيدىن سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: دوزاختىقا كىرىپ قالغانلارنىڭ بىرەرسى (جەننەتتىكى) دادىسىنى ياكى قېرىندىشىنى كۆرۈپ، ئۇنى چاقىرىپ: مەن ئوت ئازابىغا چىدىمىدىم، ماڭا ئازراق سۇ بەرگەن بولساڭ، ـ دەيدۇ. جەننەتتىكى كىشىگە: سەن (دوزاختىكى سەندىن) نەرسە سورىغان كىشىگە: ﴿**اللە ئۇلارنى كاپىرلارغا هارام قىلغان**﴾ دەپ جاۋاب بەرگىن، ـ دېيىلىدۇ.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئەسلەم: ﴿**اللە ئۇلارنى كاپىرلارغا هارام قىلغان**﴾ دېگەن ئايەتتىكى هارام قىلىنغان نەرسىلەر بولسا، جەننەتنىڭ ھەر خىل تاماقلىرى ۋە ھەر خىل ئىچىملىكلىرىدۇر، ـ دېدى.

ئاندىن الله تائالا ئۇ كاپىرلارنى: ئۇلار دۇنيادا دىنىنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلىۋالدى. دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە ئالدىنىپ كېتىپ، الله تائالانىڭ ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشلار دېگەن بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمىدى،ـ دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز (يەنى ئۇلارنى دوزاختا قالدۇرىمىز)**﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارغا خۇددى ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ مۇئامىلىسىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، الله تائالا ھېچنېمىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ھېچقانداق نەرسە الله تائالانىڭ بىلىشىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ..

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا (خاتىرىلەكلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ﴾[1].

الله تائالانىڭ: ﴿**بىزمۇ بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز**﴾ دېگەنلىكى كاپىرلارنىڭ دۇنيادا الله تائالاغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە قارىتا الله تائالانىڭمۇ ئۇلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار الله نى ئۇنتۇدى (يەنى الله نىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)، الله مۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى الله ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى)﴾[2]، ﴿الله ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن»﴾[3]، ﴿(ئۇلارغا) دېيىلىدۇ: «سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈندىكى مۇلاقاتىنى ئۇنتۇغانلىقىڭلارغا ئوخشاش، بۈگۈن سىلەرنى ئۇنتۇيمىز (يەنى سىلەرنى ئازابقا تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇپ قالغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز)﴾[4].

﴿**ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز (يەنى ئۇلارنى دوزاختا قالدۇرىمىز)**﴾ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئۇلارنى ئۇلارغا ياخشىلىق ئاتا قىلىشتا ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئازابلاشتا ئۇنتۇپ قالمايدۇ،ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئۇلار خۇددى ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىغا پەرۋا قىلمىغىنىدەك، بىزمۇ ئۇلارغا پەرۋا قىلمايمىز دېگەنلىك بولىدۇ،ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلارنى دوزاخقا تاشلايمىز دېگەنلىك بولىدۇ،ـ دەيدۇ. سۇددى: خۇددى ئۇلار مۇشۇ كۈنگە ئۇچرىشىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى تاشلىۋەتكىنىدەك، بىزمۇ رەھمەت قىلىشتا ئۇلارنى تاشلىۋېتىمىز دېگەنلىك بولىدۇ،ـ دەيدۇ.

ئىمام مۇسلىم مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلدى: قىيامەت كۈنى الله تائالا بەندىسىگە:

---

(1) **تاھا سۈرىسى 52 ـ ئايەت.**
(2) **تەۋبە سۈرىسى 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.**
(3) **تاھا سۈرىسى 126 ـ ئايەت.**
(4) جاسىيە سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەن ساڭا ئاياللارنى ئاتا قىلمىدىممۇ؟ ساڭا مەرھەمەت قىلمىدىممۇ، ئات ۋە تۆگىلەرنى ساڭا بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ؟ باشلىق قىلمىدىممۇ ۋە سېنى باياشات تۇرمۇشتا ياشاتقۇزمىدىممۇ؟ ـ دەيدۇ. بەندە: شۇنداق قىلدىڭ ـ دەيدۇ. الله تائالا: ئۆزەڭنىڭ ماڭا ئۇچرىشىدىغانلىقىڭنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟ ـ دەيدۇ. بەندە: ئويلىمىغان ئىدىم، ـ دەيدۇ. الله تائالا: خۇددى سەن مېنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭدەك، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن، ـ دەيدۇ.

* * * * * * *

وَلَقَدْ جِئْنَاهُم بِكِتَابٍ فَصَّلْنَاهُ عَلَىٰ عِلْمٍ هُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ ﴿٥٢﴾ هَلْ يَنظُرُونَ إِلَّا تَأْوِيلَهُ ۚ
يَوْمَ يَأْتِي تَأْوِيلُهُ يَقُولُ الَّذِينَ نَسُوهُ مِن قَبْلُ قَدْ جَاءَتْ رُسُلُ رَبِّنَا بِالْحَقِّ فَهَل لَّنَا مِن شُفَعَاءَ
فَيَشْفَعُوا لَنَا أَوْ نُرَدُّ فَنَعْمَلَ غَيْرَ الَّذِي كُنَّا نَعْمَلُ ۚ قَدْ خَسِرُوا أَنفُسَهُمْ وَضَلَّ عَنْهُم مَّا كَانُوا
يَفْتَرُونَ ﴿٥٣﴾

ئۇلارغا كىتاب (يەنى قۇرئان) بەردۇق، ئۇنى (يەنى قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى) بىلىش ئاساسىدا بايان قىلدۇق، ئۇنى ئىمان ئېيتقان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق﴿52﴾. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) پەقەت (ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ) نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)، ئىلگىرى كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار: «پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىدۇق، بۈگۈن) بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ ياكى گۇناھ قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالدى، ئۇلارنىڭ الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېيتىرا قىلغان مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى﴿53﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا ھېچبىر باھانە ـ سەۋەبنىڭ يوقلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ھەممە نەرسە ئوچۇق بايان قىلىنغان كىتابلار بىلەن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىمان ئېيتمىغان كىشلەرنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا ھېچقانداق بىر ئۆزرە قالدۇرمىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلەر الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن كىتابلاردا ھەممە نەرسىنىڭ تەپسىلي بايان قىلىنغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار الله تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلي بايان قىلىنغان كىتابتۇر﴾[1].

**﴿ئۇنى (يەنى قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى) بىلىش ئاساسىدا بايان قىلدۇق﴾** الله تائالا يۇقىرىدا كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن ئىدى. بۇ يەردە

(1) ھۇد سۈرىسى 1 ـ ئايەت.

بولسا، دۇنيادا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە ھەممە نەرسىلەر ئوچۇق، تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابلارنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا كىچىككىنىمۇ ئۆزرە قالدۇرمىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ ئازابلىمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق﴾[1].

**﴿ئۇلار (يەنى كۇففارلار) پەقەت (ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان ئازابنىڭ) نەتىجىسىنىلا كۈتىدۇ﴾** مۇجاھىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇلار ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىنغان دوزاخ، ئازاب، جازا ۋە جەننەتلەرنى كۈتىدۇ، ـ دېدى. **﴿ئۇنىڭ نەتىجىسى كەلگەن كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)، ئىلگىرى كىتابقا ئەمەل قىلمىغانلار﴾** يەنى كىتابتا كەلگەن بۇيرۇقلارغا دۇنيادا ئەمەل قىلمىغانلار ۋە ئەمەل قىلىشقا سەل قارىغانلار: **﴿«پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەلچىلىرى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى (بىز ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىدۇق، بۈگۈن) بىزگە شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟﴾** يەنى بىزنى ھازىرقى ھالىتىمىزدىن قۇتۇلدۇرىدىغان شاپائەتچىلەر بارمىدۇ؟ **﴿ياكى گۇناھ قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا قايتۇرۇلۇشىمىزغا بولامدىغاندۇ؟» دەيدۇ﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلارنى دوزاخ ئۈستىدە توختىتىلغان چاغدا كۆرسەڭ (دەھشەتلىك بىر ھالىنى كۆرەتتىڭ). ئۇلار: «كاشكى دۇنياغا قايتۇرۇلساق ئىدۇق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلمايتتۇق ۋە مۆمىنلەردىن بولاتتۇق» دەيدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى يوشۇرغان ئىشلىرى (قەبىھ قىلمىشلىرى تۇپەيلىدىن شۇنداق ئارزۇ قىلىشىدۇ) ئۇلارغا ئاشكارا بولدى، ئۇلار دۇنياغا قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە يەنە قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئىمان ئېيتاتتۇق دېگەن ۋەدىسىدە) يالغانچىلاردۇر﴾[2].

**﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيان سالدى﴾** يەنى ئۇلار دوزاخقا كىرىش ۋە دوزاختا مەڭگۈ قېلىشقا ھۆكۈم قىلىنىش بىلەن ئۆزلىرىگە زىيان سالدى.

**﴿ئۇلارنىڭ الله نىڭ شېرىكلىرى دەپ ئېيتىرا قىلغان مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى﴾** يەنى ئۇلارنىڭ الله تائالانى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسىلىرى ئۇلارنى تاشلاپ كەتتى ۋە ئۇلارغا شاپائەت قىلمىدى، ئۇلارنىڭ يولۇققان ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇلۇشى ئۈچۈن (ئۇلارغا) ياردەم قىلمىدى.

* * * * * * *

﴿إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ يُغْشِى ٱلَّيْلَ ٱلنَّهَارَ يَطْلُبُهُۥ حَثِيثًا وَٱلشَّمْسَ وَٱلْقَمَرَ وَٱلنُّجُومَ مُسَخَّرَٰتٍۭ بِأَمْرِهِۦٓ ۗ أَلَا لَهُ ٱلْخَلْقُ وَٱلْأَمْرُ ۗ تَبَارَكَ ٱللَّهُ رَبُّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٥٤﴾﴾

(1) ئىسرا سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەنئام سۈرىسى 27 ــــ 28 ـ ئايەتلەر.

شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار اﷲ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، اﷲ كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ اﷲ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى اﷲ نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اﷲ نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲ نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر﴿54﴾.

## دۇنيانىڭ ئالتە كۈندە يارىتىلغانلىقى

اﷲ تائالا بۇ يەردە ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئىبارەت دۇنيانى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقىدىن خەۋەر بەردى. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە (بۇ ئايەتتىن باشقا) نۇرغۇن ئايەتلەرنى چۈشۈردى. ئۇ ئالتە كۈن: يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنىدۇر. جۈمە كۈنىدە پۈتكۈل مەخلۇقاتلار يارىتىلىپ تاماملاندى ياكى جۈمە كۈنىدە پۈتكۈل مەخلۇقاتلار يىغىلىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالاممۇ جۈمە كۈنى يارىتىلغان. بۇ يەردە دېيىلگەن ئالتە كۈننىڭ ھەر بىر كۈنى ھازىر بىز ياشاۋاتقان كۈنلىرىمىزگە باراۋەر كېلىدىغان كۈنمۇ ياكى مۇجاھىد، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىبنى ئابباس قاتارلىقلار بىر رىۋايەتتە دېگەندەك، ئۇ ئالتە كۈننىڭ ھەر بىر كۈنى ھازىرقى كۈنلىرىمىزنىڭ مىڭ يىلىغا باراۋەر كېلىدىغان كۈنمۇ؟ ـ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەمما شەنبە كۈنى ھېچنېمە يارىتىلمىغان كۈندۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «اﷲ تائالا شەنبە كۈنىدە زېمىننى، يەكشەنبە كۈنىدە تاغلارنى، دۈشەنبە كۈنىدە دەرەخلەرنى، سەيشەنبە كۈنىدە ئادەمنىڭ خۇي ـ پەيلىگە ياقمايدىغان ئىشلارنى، چارشەنبە كۈنىدە نۇرنى، پەيشەنبە كۈنىدە ئىنساندىن باشقا بارلىق جانلىقلارنى، جۈمە كۈنىدە ئەڭ ئاخىرىدا يارىتىلغۇچى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى (ئەسىر نامىزىدىن كېيىن كېچىگىچە بولغان بىر ۋاقىتتا) ياراتتى»[1] دېگەن ئىدى.

## قارار ئېلىش دېگەن سۆزنىڭ ئىزاھاتى

**﴿ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى﴾** اﷲ تائالانىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقى ھەققىدىمۇ (ئالىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا) نۇرغۇنلىغان ئىختىلاپلار بار. لېكىن بىز بۇ يەردە ئۇ ئىختىلاپلار ئۈچۈن توختالمايمىز. بەلكى بىز بۇ ھەقتە ئىمام

(1) بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن يەتتە كۈننىڭ ھەممىسىدە يارىتىلىش بولغان دېگەن مەنا چىقىدۇ. ئەمما قۇرئاندا: **﴿ئالتە كۈندە ياراتتۇق﴾** دېيىلگەن بولغاچقا، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم قاتارلىق ئالىملار بۇ ھەدىسنى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە قوبۇل قىلىنغان توغرا ھەدىس دەرىجىسىگە يەتمەيدۇ، ـ دەپ قارىدى.

مالىك، ئەۋزائى، سەۋرى لەيس ئىبنى سەئدى، شافىئي، ئەھمەد، ئىسھاق ئىبنى راھۇۋيە ۋە ئۇلاردىن باشقا سەلەپ ئالىملىرىنىڭ تۇتقان يولىنى تۇتىمىز. ئۇ يول، الله تائالانىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئېلىشى، شۇنىڭدەك الله تائالانىڭ قولى ياكى الله تائالا كېلىدۇ... دېگەندەك الله تائالا ئۆزىنى سۈپەتلەپ كەلگەن سۈپەتلەرنى چۈشىنىشتە ئىنسانلاردا بولىدىغان كەيپىياتلارغا ئوخشىتىۋالماستىن، شۇنداقلا ئوخشاتماسلىق كېرەك دەپ مەنىسىنى باشقا مەنىگە ئۆزگەرتىۋەتمەستىن[1]، پەقەت الله تائالانىڭ ئۆز زاتىغا لايىق بولغان رەۋىشتە چۈشىنىش يولىدۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن ھېچ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازى نەئىم ئىبنى ھەمماد بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: كىمكى الله تائالانى مەخلۇقاتقا ئوخشاتسا، ئۇ كاپىر ھېسابلىنىدۇ. كىمكى الله تائالا ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەرنىڭ بىرەرسىنى ئىنكار قىلسا، ئۇمۇ كاپىر ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا ئۆز ـ ئۆزىنى سۈپەتلەپ كەلگەن سۈپەتلەردە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانى سۈپەتلىگەن سۈپەتلىرىدە الله تائالانى بىرەر مەخلۇققا ئوخشاتقىنى يوق. كىمكى ئايەتلەردە ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلمىسا ۋە ئۇ سۈپەتلەر بىلەن الله تائالانى ئۇنىڭ زاتىغا لايىق رەۋىشتە سۈپەتلىسە ۋە الله تائالانى پۈتكۈل كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ قارىسا، ئۇ كىشى توغرا يولنى تاپقان بولىدۇ.

## كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ الله تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى

**﴿الله كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)﴾** يەنى كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىنىڭ كېلىشى بىلەن كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى يوقىلىدۇ. كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى كېلىشى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى يوقىلىدۇ. ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تېز سۈرئەتتە قوغلىشىپ ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئايلىنىپ تۇرۇشىدا ئۆلچەمدىن ئازراقمۇ كېچىكىش ۋە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز ـ دە (يەنى كۈندۈزنىڭ نۇرىنى يوق قىلىۋېتىمىز ـ دە)، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ. كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ. بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر. ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ

(1) مەسىلەن: الله تائالانىڭ قولى دېگەن سۆزنى قۇدرىتى دېگەنگە ئوخشاش مەنىدە چۈشەنمەسلىك كېرەك.
(2) شۇرا سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى (يەنى ئىككىسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى (يەنى ۋاقتى كەلمەستىن كۈندۈزنىڭ ئورنىنى ئېلىشى) مۇمكىن ئەمەس، ھەر بىرى پەلەكتە ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1] يەنى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ باشقۇرۇشى، ئىگىدارچىلىق قىلىشى ۋە خاھىشى ئاستىدىدۇر. ﴿**الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى الله نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر﴾**.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسماندا بۇرۇجلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراقنى (يەنى كۈننى) ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[2] دۇئادا مۇنداق دەپ كەلدى: «ئى الله! ھەممە نەرسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر، بارلىق ماختاشلار ساڭىلا خاستۇر، بارلىق ئىشلار سەن تەرەپكە قايتقۇچىدۇر. سەندىن ھەممە ياخشىلىقلارنى سورايمەن ۋە ھەممە يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن».

* * * * * *

ٱدۡعُواْ رَبَّكُمۡ تَضَرُّعٗا وَخُفۡيَةًۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ ﴿٥٥﴾ وَلَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ بَعۡدَ إِصۡلَٰحِهَا وَٱدۡعُوهُ خَوۡفٗا وَطَمَعًاۚ إِنَّ رَحۡمَتَ ٱللَّهِ قَرِيبٞ مِّنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٥٦﴾

پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغىنىڭلاردا كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ، تۇۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى الله ياقتۇرمايدۇ﴿55﴾. الله (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار، (الله نىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله نىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴿56﴾.

## دۇئا قىلىشقا قىزىقتۇرۇش توغرىسىدا

الله تائالا بەندىلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان دۇئالارنى قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار**﴾ الله تائالا دۇئانى يوشۇرۇن قىلىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۈنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن﴾[3].

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا دۇئا قىلىشقا باشلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

(1) ياسىن سۈرىسى 37 ــ 40 ـ ئايەتلەر.
(2) فۇرقان سۈرىسى 61 ـ ئايەت.
(3) ئەئراف سۈرىسى 205 ـ ئايەت.

«ئى كىشىلەر! مۇنداق ئۈنلۈك ئاۋازادا دۇئا قىلماڭلار، چۈنكى سىلەر گاس ياكى يىراقتىكى بىر زاتتىن تىلەۋاتمايسىلەر (سىلەر تىلەك تىلەۋاتقان) ئۇ زات ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە يېنىڭلاردا تۇرغۇچى زاتتۇر» دېدى.

ئىبنى جەرىر: ﴿**پەرۋەردىگارىڭلارغا تەۋەززۇ بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: الله تائالاغا باش ئەگكەن، الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ تۇرۇپ، رىيا قىلماستىن، يوشۇرۇن ھالدا پۈتۈن ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېدى.

## الله تائالانىڭ دۇئادا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلەرنى ياقتۇرمايدىغانلىقى

﴿**(دۇئا قىلغاندا كەلىسە ـ كەلمەس سۆزلەپ، توۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى الله ياقتۇرمايدۇ**﴾ ئەتا خۇراسانىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: مەيلى دۇئا قىلىشتا ياكى باشقا ئىشلاردا بولسۇن الله تائالا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكۈچىنى ياقتۇرمايدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئەبۇ مەجلەز بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: (دۇئا قىلغاندا) دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ، ـ دەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇنۇئامەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل بالىسىنىڭ: ئى الله ! مەن جەننەتكە كىرسەم، جەننەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئاق رەڭلىك سارايدىن بىرنى بەر، ـ دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ: ئى ئوغلۇم! الله تائالادىن پەقەت جەننەتكە كىرىشىنىلا سورىغىن، دوزاختىن پاناھ تىلىگىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دۇئا قىلغاندا ۋە تاھارەت ئالغاندا، ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى.

## زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسۇش توغرىسىدا

﴿**الله (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار**﴾ يەنى الله تائالا يەر يۈزىگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، يەر يۈزىدىكى بۇزۇقچىلىقلارنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدە قايتا بۇزۇقچىلىق ئېلىپ بېرىشتىن، زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن توسايدۇ. چۈنكى ھەممە ئىش توغرا يولدا كېتىۋاتقاندا، تويۇقسىزلا بۇزۇقچىلىق يۈز بەرسە، بۇ بەندىلەرگە چوڭ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا الله تائالا يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسۇپ، بەندىلىرىنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا، دۇئا قىلىشقا ۋە يېلىنىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(الله نىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار**﴾.

﴿**شۈبھىسىزكى، الله نىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر**﴾ يەنى الله تائالانىڭ رەھمىتى الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەگەشكەن، توسقانلىرىدىن يانغان كىشىلەرنى كۈتۈپ

تۇرغۇچىدۇر. الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر﴾[1].

مەتەرۇلۋاراق دېگەن كىشى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق الله  تائالاغا بەرگەن ۋەدەڭلاردا تۇرۇڭلار، چۈنكى الله  تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتىنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغۇچىلارغا يېقىن بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدى.

* * * * * * *

وَهُوَ ٱلَّذِى يُرۡسِلُ ٱلرِّيَٰحَ بُشۡرَۢا بَيۡنَ يَدَىۡ رَحۡمَتِهِۦۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَقَلَّتۡ سَحَابٗا ثِقَالٗا سُقۡنَٰهُ لِبَلَدٖ
مَّيِّتٖ فَأَنزَلۡنَا بِهِ ٱلۡمَآءَ فَأَخۡرَجۡنَا بِهِۦ مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِۚ كَذَٰلِكَ نُخۡرِجُ ٱلۡمَوۡتَىٰ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ
﴿٥٧﴾ وَٱلۡبَلَدُ ٱلطَّيِّبُ يَخۡرُجُ نَبَاتُهُۥ بِإِذۡنِ رَبِّهِۦۖ وَٱلَّذِى خَبُثَ لَا يَخۡرُجُ إِلَّا نَكِدٗاۚ كَذَٰلِكَ نُصَرِّفُ
ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَشۡكُرُونَ ﴿٥٨﴾

الله  نىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، الله  بىشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ، شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياسىز) جايلارغا سۈرىمىز، ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك ـ تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز﴿57﴾. مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى الله  نىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (بۇ ۋەز ـ نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۆمىننىڭ مىسالىدۇر)، ناچار يەرنىڭ گىياسى ئاز ئۆسىدۇ (بۇ ۋەز ـ نەسىھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر)، شۈكۈر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز﴿58﴾.

## يامغۇرلارنىڭ ياغدۇرۇلۇشى ۋە مېۋىلەرنىڭ چىقىرىلىشىنىڭ الله تائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن ئىكەنلىكى

الله  تائالا يۇقىرىدا ئۆزىنىڭ ئاسمان ـ زېمىنلارنى ياراتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىنى ئىدارە قىلغۇچى، ھۆكۈم قىلغۇچى، ئورۇنلاشتۇرغۇچى ۋە بويسۇندۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بىر نەرسە سورىماقچى بولغاندا، پەقەت ئۆزىدىنلا سوراشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئەمدى بۇ يەردە ئۆزىنىڭ رىزىق بەرگۈچى ۋە قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرگۈچى زات ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿الله  نىڭ رەھمىتى (يەنى يامغۇر) مەيدانغا كېلىش ئالدىدا، الله  بىشارەتچى قىلىپ شاماللارنى ئەۋەتىدۇ﴾** الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله  نىڭ سىلەرگە ئۆزىنىڭ

(1) ئەئراف سۈرىسى 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەھمىتىنى تېتىتىشى ئۈچۈن، ئەمرى بويىچە كېمىلەرنى دېڭىزلاردا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەرھەمىتىدىن تىلىشىڭلار ئۈچۈن، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن شاماللارنى يامغۇر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشى **الله** نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾[1]، ﴿ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) **الله** يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، رەھمىتىنى يايىدۇ، **الله** (ھەممىنىڭ) ئىگىسىدۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[2]، ﴿**الله** نىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى، ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ، شۈبھىسىزكى، **الله** ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر، **الله** ھەممە نەرسىگە قادىردۇر﴾[3].

**﴿شاماللار ئېغىر بۇلۇتلارنى كۆتۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى ئۆلۈك (يەنى قاغجىراپ ياتقان گىياسىز) جايلارغا سۈرىمىز﴾** يەنى سۇنىڭ جىقلىقىدىن، ئېغىرلىقىدىن يەر يۈزىگە قاراپ پەسلەپ كەتكەن بۇلۇتلارنى شاماللار كۆتۈرگەن چاغدا، سۇسىزلىقتىن قاغجىراپ، ئۈنۈمسىز قالغان يەرلەرگە سۈرىمىز. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆلۈك (يەنى قۇرغاق) زېمىننى (يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا (**الله** نىڭ قۇدرىتى كامىلەسىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر﴾[4].

**﴿ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك-تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز﴾** يەنى بىز قاغجىرىغان زېمىنلارنى يامغۇر ئەۋەتىپ تىرىلدۈرگىنىمىزدەك، چىرىپ پارچىلىنىپ كەتكەن جەسەتلەرنى قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلدۈرىمىز.

قىيامەت كۈنى **الله** تائالا 40 كۈن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇددى دان بىخلىنىپ زېمىندىن ئۈنۈپ چىققاندەك، جەسەتلەرمۇ قەبرىلىرىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. قۇرئاندا **الله** تائالانىڭ قۇرغاق زېمىنغا يامغۇر ياغدۇرۇپ ئۇ زېمىننى قايتا ياشارتقىنىدەك، قىيامەت كۈنى ئۆلۈكلەرنى قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر. **الله** تائالا ئۆلۈك زېمىننى يامغۇر بىلەن ياشارتىدىغانلىقى بىلەن قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا مىسال كەلتۈرىدۇ. شۇڭا: **﴿ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (زېمىندىن مېۋىلەرنى چىقارغاندەك، قىيامەتتە) ئۆلۈكلەرنى قەبرىلىرىدىن چىقىرىمىز﴾** دېدى.

﴿مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى **الله** نىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ (بۇ ۋەز- نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان مۆمىننىڭ مىسالىدۇر)﴾ **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنى ئوبدان ئۆستۈردى﴾[5]، **﴿ناچار يەرنىڭ گىياسى ئاز ئۆسىدۇ (بۇ ۋەز - نەسىھەتتىن پايدىلانمايدىغان كاپىرنىڭ مىسالىدۇر)﴾**.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە

(1) رۇم سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(2) شۇرا سۈرىسى 28 ـ ئايەت.
(3) رۇم سۈرىسى 50 ـ ئايەت.
(4) ياسىن سۈرىسى 33 ـ ئايەت.
(5) ئال ئىمران سۈرىسى 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ مەن ئارقىلىق بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلمى خۇددى زېمىنغا ياغقان يامغۇرغا ئوخشايدۇ. زېمىندا بىر قىسىم مۇنبەت يەرلەر بولۇپ، يامغۇرنىڭ يېغىشى بىلەن بۇ يەرلەردىن تۇرلۇك ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەر ئۇنۇپ چىقىدۇ. يەنە بىر قىسىم يەرلەر سۇ سىڭمەس بەز يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەر ياغقان يامغۇرنى يىغىپ ئۆزىدە ساقلايدۇ، كىشىلەر بۇ سۇدىن ئىچىدۇ. زىرائەتلەرنى سۇغىرىدۇ (ھايۋاناتلارمۇ بۇ سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ). يەنە بىر قىسىم يەرلەر شورلۇق، تېتىر يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەر ياغقان يامغۇردىن يا زىرائەت ئۇندۇرمەيدۇ ياكى سۇنى ئۆزىدە ساقلىيالمايدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل يەرنىڭ مىسالى الله تائالانىڭ دىنىدا ئالىم بولغان ۋە الله تائالا مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن نەرسىلەردىن پايدىلانغان، ئۆگەنگەن ۋە كىشىلەرگىمۇ ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر[1]. ئۈچىنچىسى الله تائالا مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئىلىمگە پىسەنت قىلمىغان ۋە مەن ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن الله تائالانىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىلەرنىڭ مىسالىدۇر[2]».

* * * * * * *

لَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَىٰ قَوْمِهِۦ فَقَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥٓ إِنِّىٓ أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿٥٩﴾ قَالَ ٱلْمَلَأُ مِن قَوْمِهِۦٓ إِنَّا لَنَرَىٰكَ فِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ ﴿٦٠﴾ قَالَ يَٰقَوْمِ لَيْسَ بِى ضَلَٰلَةٌ وَلَٰكِنِّى رَسُولٌ مِّن رَّبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٦١﴾ أُبَلِّغُكُمْ رِسَٰلَٰتِ رَبِّى وَأَنصَحُ لَكُمْ وَأَعْلَمُ مِنَ ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٦٢﴾

شەك ـ شۈبھىسىزكى، نۇھنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: «ئى قەۋمىم! الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە الله دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈننىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن» دېدى﴿59﴾. قەۋمىنىڭ چوڭلىرى: «بىز سېنى ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا كۆرىمىز» دېدى﴿60﴾. نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن قىلچىمۇ گۇمراھ ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴿61﴾. سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن الله نىڭ ۋەھيي قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن﴿62﴾.

## نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى

(1) بۇ مىسال ئىككى تۈرلۈك ئالىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى تۈرلۈكى: قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىۋاستە ھۆكۈم ئالالايدىغان ئالىملاردۇر. بۇ خۇددى ياغقان يامغۇردىن تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ۋە زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ مەنپەئەت يەتكۈزگەن مۇنبەت يەرگە ئوخشايدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈكى، ھەدىس بىلىملىرىنى بىلىدىغان ۋە ھەدىسنى يادقا ئالغان، لېكىن ئۇنىڭدىن ھۆكۈم ئالالمايدىغان ئالىملاردۇر. بۇ خۇددى ياغقان يامغۇرنى ئۆزىدە ساقلاپ، كىشىلەرنىڭ ئىچىشى، زىرائەت ۋە ھايۋانلارنىڭ سۇغىرىلىشى ئۈچۈن مەنپەئەت بەرگەن، سۇ سىڭمەس بەز يەرلەرگە ئوخشايدۇ.
(2) بۇ كىشىلەر خۇددى ئۆزىگە ياغقان يامغۇرنى يا يىغىپ ساقلىيالمايدىغان ياكى ئۆسۈملۈكمۇ ئۇندۇرەلمەيدىغان شورلۇق تېتىر يەرگە ئوخشايدۇ.

الله تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بايان قىلغان ئىدى. ئەمدى بۇ يەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ، تۇنجى پەيغەمبەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىن باشلىدى. چۈنكى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەردۇر. مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەسەبشۇناس ئالىملارنىڭ دېيىشىچە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسىنىڭ ئاتىسى ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ قەلەم بىلەن خەت يازغان تۇنجى كىشىدۇر. ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادىدۇر[1].

ئىبنى ئابباس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تەپسىرشۇناس ئالىملار بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم تەقۋادار، ياخشى كىشىلەر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاتاپ مەسچىت سېلىپ، مەسچىتنىڭ تاملىرىغا شۇ كىشىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىشقان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ سۈرەتلەرنى ھەيكەللەشتۈرگەن، يەنە بىر زامانلاردىن كېيىن، شۇ ھەيكەللەرگە ئىبادەت قىلىشقا باشلاپ، ئۇ ھەيكەللەرنى ئاشۇ ئۆلۈپ كەتكەن تەقۋادار ئەجدادلىرىنىڭ ۋۇددە، سۇۋائە، يەغۇسە، يەئۇقە ۋە نەسرا دېگەن ئىسىملىرى بىلەن ئاتاشقان. بۇلارغا ئىبادەت قىلىش چېكىگە يەتكەندە، الله تائالا پەيغەمبىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى شېرىكى يوق، بىر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: **﴿ئى قەۋمىم! الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە الله دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۈيۈك كۈنىنىڭ (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن قورقىمەن﴾**.

**﴿قەۋمىنىڭ چوڭلىرى: «بىز سېنى ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا كۆرىمىز» دېدى﴾** يەنى قەۋمىنىڭ چوڭلىرى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: سېنىڭ بىزنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشىمىزدىن توسقانلىقىڭدىن سېنىڭ راستىنلا ئېنىق گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىڭنى كۆرىمىز، ـ دېدى. ياخشى ئادەملەرنى گۇمراھلىقتا دەپ قاراش ئازغۇن ئادەملەرنىڭ ئىشىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار» دېيىشەتتى﴾[2]، ﴿كاپىرلار مۆمىنلەرگە: «ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۇسۇلمانلار) ئۇنىڭغا بىزدىن بۇرۇن ئېرىشەلمىگەن بولاتتى» دېدى، ئۇلار قۇرئان بىلەن ھىدايەت تاپمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، «بۇ قەدىمكى ئويدۇرمىدۇر» دەيدۇ﴾[3].

(1) الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرى كىتاب بېرىلگەن ۋە كىتاب بېرىلمىگەن پەيغەمبەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. گەرچە ئىدرىس ئەلەيھىسسالام نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كەلگەن بولسىمۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالام كىتاب بېرىلگەن تۇنجى پەيغەمبەر بولغاچقا، ئۇ يەر يۈزىدىكى كىشىلەرگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەر دەپ قارالدى.
(2) مۇتەففىفىين سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(3) ئەھقاف سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

**﴿نۇھ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن قىلچىمۇ گۇمراھ ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، سىلەرگە نەسىھەت قىلىمەن، مەن اللە نىڭ ۋەھىي قىلىشى بىلەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن﴾** يەنى پەيغەمبەردىن باشقىلاردا تېپىلمايدىغان، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى يەتكۈزۈشكە تىلى راۋان بولغان، قەۋمىگە نەسىھەت قىلىدىغان ۋە اللە تائالانى ھەقىقىي تونۇيدىغان سۈپەتلەر تېپىلىشى لازىم.

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ئەڭ كۆپ توپلانغان ئەرەفات كۈنى (ساھابىلىرىغا): «ئى كىشىلەر! سىلەر مەن توغرۇلۇق سورىلىسىلەر. شۇ چاغدا نېمە دەپ گۇۋاھلىق بېرىسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: بىز سېنى ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى يەتكۈزدى، ئۇنى ئادا قىلدى ۋە بىزگە نەسىھەت قىلدى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بۇنى ئاڭلاپ) ئاۋۋال بارمىقىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئۇلارغا قارىتىپ: «ئى اللە ! گۇۋاھ بولغىن، ئى اللە ! گۇۋاھ بولغىن» دېدى.

* * * * * * *

أَوَعَجِبْتُمْ أَن جَآءَكُمْ ذِكْرٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنكُمْ لِيُنذِرَكُمْ وَلِتَتَّقُوا۟ وَلَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٦٣﴾ فَكَذَّبُوهُ فَأَنجَيْنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ فِى ٱلْفُلْكِ وَأَغْرَقْنَا ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَوْمًا عَمِينَ ﴿٦٤﴾

سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، (كۇفرىدىن) ساقلىنىشىڭلار ۋە اللە نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كېلىشىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟»﴿63﴾ ئۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى، نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق، ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى پۈتۈنلەي (سۇغا) غەرق قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ھەقنى كۆرۈشتىن دىللىرى) كور قەۋم ئىدى﴿64﴾.

اللە تائالا بۇ ئايەتتە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى خەۋەر بېرىدۇ: **﴿سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، (كۇفرىدىن) ساقلىنىشىڭلار ۋە اللە نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئاراڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى كېلىشىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟﴾** يەنى ئۇنىڭدىن ئەجەبلەنمەڭلار، چۈنكى سىلەرنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش، اللە تائالانىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىشىڭلارغا تەۋسىيە قىلىش ۋە اللە تائالاغا شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭلارغا چاقىرىش ئۈچۈن، اللە تائالانىڭ سىلەرگە رەھمەت ۋە ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئىچىڭلاردىن بىر كىشىگە ۋەھيي قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

**﴿ئۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى﴾** ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشتا ھەددىدىن ئاشتى. اللە تائالا دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا نۇھقا ئىمان ئېيتتى.

**﴿نۇھنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز نۇھنى ۋە كېمىدىكىلەرنى (غەرق بولۇپ كېتىشتىن) قۇتقۇزدۇق﴾[1].

**﴿ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى پۈتۈنلەي (سۇغا) غەرق قىلدۇق﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (توپان بىلەن) غەرق قىلىندى، دوزاخقا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن الله دىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمىدى﴾[2].

**﴿شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ھەقنى كۆرۈشتىن دىللىرى) كور قەۋم ئىدى﴾** يەنى ئۇلار ھەقنى كۆرەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ. الله تائالا بۇ قىسسىدە ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىپ بەرگەنلىكىنى، پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا يېقىن بەندىلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[3] نۇھنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىۋېتىپ، نۇھ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى قۇتقۇزغىنىدەك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ غەلىبە ۋە ياخشى ئاقىۋەتلىرىنى تەقۋادار بەندىلەرگە ئاتا قىلىش الله تائالانىڭ تۇتقان يولىدۇر.

ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباسنىڭ: نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كېمىدە قۇتۇلۇپ قالغانلار سەكسەن كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى جۇرھۇم بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئىدى، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

* * * * * * *

﴿ وَإِلَىٰ عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًا ۗ قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُ ۚ أَفَلَا تَتَّقُونَ (٦٥) قَالَ الْمَلَأُ
الَّذِينَ كَفَرُوا مِن قَوْمِهِ إِنَّا لَنَرَاكَ فِي سَفَاهَةٍ وَإِنَّا لَنَظُنُّكَ مِنَ الْكَاذِبِينَ (٦٦)
قَالَ يَا قَوْمِ لَيْسَ بِي سَفَاهَةٌ وَلَٰكِنِّي رَسُولٌ مِّن رَّبِّ الْعَالَمِينَ (٦٧) أُبَلِّغُكُمْ رِسَالَاتِ رَبِّي
وَأَنَا لَكُمْ نَاصِحٌ أَمِينٌ (٦٨) أَوَعَجِبْتُمْ أَن جَاءَكُمْ ذِكْرٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَلَىٰ رَجُلٍ مِّنكُمْ لِيُنذِرَكُمْ ۚ
وَاذْكُرُوا إِذْ جَعَلَكُمْ خُلَفَاءَ مِن بَعْدِ قَوْمِ نُوحٍ وَزَادَكُمْ فِي الْخَلْقِ بَسْطَةً ۖ فَاذْكُرُوا آلَاءَ
اللَّهِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ (٦٩)



ئاد (قەۋمى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد: «ئى قەۋمىم! الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە الله دىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. (ئۇنىڭ ئازابىدىن) قورقماسىلەر؟» دېدى﴿65﴾. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى: «بىز سېنى

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نۇھ سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(3) غافىر سۈرىسى 51 ـ ئايەت.

ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز» دېدى﴿66﴾. ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴿67﴾. سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن﴿68﴾. پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىچىڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟» ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى ھالاك بولغاندىن كېيىن، الله نىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغانلىقىنى، ۋۇجۇدۇڭلارنى قامەتلىك، بەستلىك قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار، سىلەر بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ نېئمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار﴿69﴾.

## ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ۋە ئاد قەۋمىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا

**﴿ئاد (قەۋمى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق﴾** بىز خۇددى نۇھنىڭ قەۋمىگە نۇھنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكىنىمىزدەك، ئاد قەۋمىگىمۇ ھۇدنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق: ئاد نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرى بولغان سامنىڭ نەۋرىسىدۇر، ـ دېدى.

بۇلار الله تائالا قىسسىسىنى بايان قىلغان ئاد قەۋمىنىڭ بىرىنچى ئەۋلادى، يەنە ئۇلار يەر يۈزىدە ئەڭ كۈچلۈك سانىلىدىغان ئىرەمنىڭ ئوغلى ئادنىڭ ئەۋلادىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد ـ كۈچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى﴾[1]، ﴿ئاد بولسا زېمىندا (الله نىڭ بەندىلىرى ھۇد ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىمان ئېيتقانلارغا) ھەقسىز رەۋىشتە يوغانچىلىق قىلدى. ئۇلار: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان الله نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى﴾[2].

## ئاد قەۋمىنىڭ ياشىغان جايلىرى توغرىسىدا



ئۇلارنىڭ جايلاشقا ئورنى يەمەندىكى ئەھقاف دېگەن قۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان بىر ماكان ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئەبۇتۇفەيلدىن ئامىر ئىبنى ۋاسىلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەزرەمەۋت (يەمەن) لىك كىشىگە: سەن

(1) فەجىر سۈرىسى 6 ــ 8 ـ ئايەتكىچە.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

ھەزرەمەۋت زېمىنىدىكى پالانى - پالانى يەرنىڭ بىر چېتىدىكى قىزىل رەڭلىك لايدىن سېلىنغان ئۆيلەر جايلاشقان، سىدرە ۋە ئىراك[1] دەرەخلىرى قويۇق ئۆسكەن قىزىل قۇم بارخانلىق يەرنى كۆردىڭمۇ؟- دەيدۇ. ئۇ كىشى: كۆردۇم، ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن خۇددى ئۇ يەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىدەكلا تەسۋىرلىدىڭ،- دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئۇ يەرنى كۆرمىدىم. لېكىن ئۇ يەر ھەققىدە ئاڭلىغان ئىدىم،- دېدى. ھېلىقى كىشى: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! سەن ئەجەب ئۇ يەرنى سوراپ قالدىڭغۇ؟- دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ يەردە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى باردۇر،- دېدى. بۇ رىۋايەتنى ئىبنى جەرىرمۇ رىۋايەت قىلغان. بىز بۇ رىۋايەتتىن ئاد قەۋمىنىڭ يەمەنلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ جايغا يەرلىككە قويۇلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنىڭ ئىچىدە نەسەبى ئەڭ ئېسىل كىشى ئىدى. چۈنكى **الله** تائالا پەيغەمبەرلىرىنى ئۇلارنىڭ قەۋمىنىڭ ئىچىدىكى نەسەبى ئەڭ ئېسىل، قەبىلىسى ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغان كىشىلەر ئىچىدىن تاللايدۇ. لېكىن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى تەققى - تۇرقى جەھەتتە ناھايىتى كۈچلۈك بولغىنىدەك، دىلىمۇ ناھايىتى قاتتىق ئىدى. ئۇلار پۈتكۈل ئۈممەتلەر ئىچىدە پەيغەمبىرىنى ئەڭ قاتتىق ئىنكار قىلغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى شېرىكى يوق، بىر **الله** تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇشقا چاقىردى.

## ھۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئارىسىدا بولغان مۇنازىرىلەر

**﴿ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى: «بىز سېنى ھەقىقەتەن ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز» دېدى﴾** يەنى خۇددى قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر **الله** تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغانلىقىغا ھەيران قېلىپ: ﴿ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش﴾[2] دېگىنىدەك، ئاد قەۋمىمۇ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر **الله** تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغانلىقىغا ھەيران قېلىپ مۇنداق دېگەن: **﴿بىز سېنى، ئەلۋەتتە، (پەيغەمبەرلىك دەۋايىڭدا) يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز﴾**.

**﴿ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مەن ئەخمەق ئەمەسمەن، لېكىن مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴾** يەنى مەن سىلەر ئويلىغاندەك (يالغانچىلاردىن) ئەمەسمەن، بەلكى مەن ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، پەۋەردىگارى ۋە ئىگىسى بولغان **الله** تائالا تەرىپىدىن ھەقنى ئېلىپ كەلدىم. **﴿سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن﴾** ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش،

(1) ئىراك دەرىخى شاخلىرىدىن مىسۋاك قىلىنىدىغان دەرەختۇر. تىببىي ئالىملىرى بۇ دەرەختىن كېسىلگەن مىسۋاكنىڭ چىشقا ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغان.
(2) ساد سۈرىسى 5 - ئايەت.

نەسىھەت قىلىش، ئىشەنچلىك بولۇش قاتارلىقلار پەيغەمبەرلەرگە خاس سۈپەتلەردۇر.

**﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ۋەھيىسى سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئىچىڭلاردىكى بىر كىشى ئارقىلىق كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنەمسىلەر؟»﴾** **الله** تائالانىڭ سىلەرنى **الله** تائالاغا ئۇچرىشىدىغان قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىدىن هەيران قالماڭلار. بەلكى شۇنىڭ ئۈچۈن **الله** تائالاغا هەمدۇسانا ئېيتىڭلار.

**﴿ئۆز ۋاقتىدا نۇھنىڭ قەۋمى هالاك بولغاندىن كېيىن، الله نىڭ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغانلىقىنى، ۋۇجۇدۇڭلارنى قامەتلىك، بەستلىك قىلغانلىقىنى ياد ئېتىڭلار﴾** **الله** تائالانىڭ سىلەرنى نۇھقا ئىشەنمەي، قارشىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن نۇھنىڭ قىلغان دۇئاسى بىلەن هالاك قىلىۋەتكەن كىشىلەرنىڭ پۇشتىدىن ئورۇنباسار قىلغانلىقىدىن ۋە سىلەرنى ئۆز مىللىتىڭلار ئىچىدە ئەڭ كۈچتۈڭگۈر، بەستلىك قىلىپ ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت (**الله** تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى ئەسلەڭلار، **﴿سىلەر بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ نېئمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار﴾**.

* * * * * * *

قَالُوٓاْ أَجِئۡتَنَا لِنَعۡبُدَ ٱللَّهَ وَحۡدَهُۥ وَنَذَرَ مَا كَانَ يَعۡبُدُ ءَابَآؤُنَا فَأۡتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ
مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ ﴿٧٠﴾ قَالَ قَدۡ وَقَعَ عَلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُمۡ رِجۡسٞ وَغَضَبٌۖ أَتُجَٰدِلُونَنِي فِيٓ
أَسۡمَآءٖ سَمَّيۡتُمُوهَآ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُم مَّا نَزَّلَ ٱللَّهُ بِهَا مِن سُلۡطَٰنٖۚ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ
ٱلۡمُنتَظِرِينَ ﴿٧١﴾ فَأَنجَيۡنَٰهُ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥ بِرَحۡمَةٖ مِّنَّا وَقَطَعۡنَا دَابِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۖ
وَمَا كَانُواْ مُؤۡمِنِينَ ﴿٧٢﴾

ئۇلار: «(ئى هۇد!) ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر **الله** غا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرگىن» دېدى﴿70﴾. هۇد: «سىلەرگە چوقۇم پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئازابى ۋە غەزىپى نازىل بولىدۇ، سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئات قويىۋالغان، بۇ هەقتە (ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشقا) **الله** هېچقانداق دەلىل نازىل قىلمىغان (بۇتلارنىڭ) ئىسىملىرى ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ (**الله** نىڭ ئازابىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ هەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە (سىلەرگە نازىل بولىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن» دېدى﴿71﴾. بىز هۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغۇچىلارنى (يەنى مۆمىنلەرنى) رەھمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس هالاك قىلدۇق، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى﴿72﴾.

**الله** تائالا ئاد قەۋمىنىڭ هۇد ئەلەيهىسسالامغا قارشى تۇرۇپ، تەرسالىق قىلىپ، هەددىدىن ئېشىپ ۋە هۇد ئەلەيهىسسالامنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ: **﴿ئۇلار: «(ئى هۇد!) ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەبۇدلارنى تاشلاپ، يالغۇز بىر الله غا ئىبادەت قىلىشىمىزغا دەۋەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ ئەگەر راست سۆزلىگۈچىلەردىن بولساڭ، بىزگە**

**ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرگىن» دېدى﴾**.

ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى خۇددى قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دېگەن تۆۋەندىكى سۆزگە ئوخشايدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار : «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾[1].

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: ئاد قەۋمى سۇدا، سەمۇد ۋە ھەبائ دەيدىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: **﴿سىلەرگە چوقۇم پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئازاب ۋە غەزىپى نازىل بولىدۇ﴾** يەنى سىلەرنىڭ يۇقىرىدا دېگەن سۆزلىرىڭلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىر ئازابنىڭ چۈشىشى پۈتۈلۈپ كەتتى. **﴿سىلەر ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلار ئات قويۇۋالغان، بۇ ھەقتە (ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشقا) اللّٰه ھېچقانداق دەلىل نازىل قىلمىغان (بۇتلارنىڭ) ئىسىملىرى ئۈستىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟﴾**

**﴿(اللّٰه نىڭ ئازابىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىرلىكتە (سىلەرگە نازىل بولىدىغان ئازابنى) كۈتىمەن» دېدى﴾** يەنى بۇ ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە قىلغان تەھدىتىدۇر. شۇڭا ئۇ قەۋمىگە قىلماقچى بولغان سۆزىنى مۇشۇ سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

## ئاد قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتى

**﴿بىز ھۇدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغۇچىلارنى (يەنى مۆمىنلەرنى) رەھمىتىمىز بىلەن قۇتقۇزدۇق، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق، ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان ئىدى﴾** اللّٰه تائالا ئاد قەۋمنى قانداق ھالاك قىلغانلىقىنى قۇرئاننىڭ باشقا ئايەتلىرىدە بايان قىلدى. اللّٰه تائالا ئۇلارنى ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى چىرىگەن سۆڭەكتەك تىتما ـ تىتما قىلىۋېتىدىغان قاتتىق قارا بورانىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ھالاك قىلغان ئىدى.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاد بولسا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق ۋە سوغۇق بوران بىلەن ھالاك قىلىندى. اللّٰه ئۇلارغا بورانىنى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي ئاپىرىدە قىلدى، (ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك ياتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ قالغانلىقىنى كۆرەلەمسەن؟﴾[2] يەنى ئاد قەۋمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. اللّٰه تائالا ئۇلارنى قاتتىق بوران بىلەن ھالاك قىلدى. بوران ئۇلارنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئاندىن بېشىچە يەرگە ئۇرۇپ، بېشىنى تېنىدىن ئۈزۈۋەتتى.

﴿(ئاد) قەۋمىنىڭ (ئۆز ماكانلىرىدا ھالاك بولۇپ) خورما دەرىخىنىڭ پور كۆتەكلىرىدەك

---

(1) ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەت.
(2) ھاققە سۈرىسى 6 ــ 8 ـ ئايەتكىچە.

ياتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾[1] مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئاد قەۋمى يەمەندە ئۇمان بىلەن ھەزرەمەۋتنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر جايدا ياشايتتى. ئۇلار يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق ئېلىپ باردى، ﷲ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان كۈچتۈڭگۈرلىكى بىلەن كىشىلەرگە زۇلۇم قىلدى. ئۇلار ﷲ تائالانى قويۇپ بۇتقا چوقۇناتتى. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ تائالا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نەسەبى ئەڭ ئېسىل ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان ھۇد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ﷲ تائالانى بىر دەپ بىلىشكە، ﷲ تائالاغا باشقا بىرىنى قوشۇپ ئىلاھ تۇتماسلىققا، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلماسلىققا بۇيرۇدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۇنىماي، ئۇنى يالغانچىغا چىقىرىپ: كۈچ ـ قۇۋۋەتتە كىم بىزدىن ئارتۇق؟ـ دېدى. ھۇد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئازغىنا بىر قىسىم كىشىلەرلا ئىمان ئېيتىپ ئەگەشتى. لېكىن ئۇلار ئىمانلىرىنى يوشۇرۇپ ياشايتتى. ئاد ﷲ تائالاغا چوڭچىلىق قىلىپ، ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى يالغانچىغا چىقاردى. زېمىندا كۆپ بۇزۇقچىلىق قىلدى. يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىپ، ھەر بىر ئېگىز يەرگە ئويۇن ـ تاماشا قىلىش ئۈچۈن بىنالارنى سالدى.

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿سىلەر ھەر بىر ئېگىز جايغا ئويۇن ـ كۈلكە ئۈچۈن بىر ئالامەت (يەنى ئېگىز بىنا) سالامسىلەر؟ (گويا سىلەر ئۆلمەيدىغاندەك) دۇنيادا مەڭگۈ قېلىشنى ئۈمىد قىلىپ پۇختا سارايلارنى سالامسىلەر؟ ئەگەر (بىراۋنى) جازالىساڭلار، زالىملاردەك جازالايسىلەر. سىلەر ﷲ دىن قورقۇڭلار، ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار﴾[2]، ﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى ھۇد! سەن بىزگە (ئۆزەڭنىڭ راستلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان) ھېچقانداق روشەن دەلىل كەلتۈرمىدىڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بىز ئىلاھلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيمىز ۋە سېنىڭ (پەيغەمبەرلىكىڭگە) ئىشەنمەيمىز. بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز» ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ﷲ نى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ ﷲ نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ﷲ غا مەن تەۋەككۈل قىلدىم، ﷲ نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ)﴾[3].

## ئاد قەۋمى ئەلچىسىنىڭ قىسسىسى

ئىمام ئەھمەد ھارىس بەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئەلا ئىبنى ھەزرەمىينىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ماڭدىم. رەبىزە دېگەن يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، بەنى تەمىملىق بىر قېرى ئايال يولدا قېلىپ قاپتىكەن، ئۇ ئايال ماڭا: ئى ﷲ تائالانىڭ بەندىسى! مەن بىر ئىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بارماقچى ئىدىم، سەن مېنى ئالغاچ بارامسەن؟ـ دېدى.

---

(1) ھاققە سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 128 ـــ 131 ـ ئايەتلەر.
(3) ھۇد سۈرىسى 53 ـــ 56 ـ ئايەتلەر.

شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇ ئايالنى مەدىنىگىچە ئالغاچ كەلدىم. (بىز يېتىپ كەلگەندە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتى كىشىلەرگە تولغان ئىكەن. بىر دانە قارا بايراق لەپىلدەپ تۇرۇپتۇ. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا تۇرۇپتۇ، مەن: بۇ كىشىلەرگە نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدىم. كىشىلەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر ئىبنى ئاسنى بىر جايغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ساقلاپ ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت سورىدىم. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن) مەن كىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر بىلەن بەنى تەمىمنىڭ ئارىلىقىدا بىرەر ئىش بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: ھەئە، (بىز بىر ئۇرۇشتا) ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىدۇق. مەن بۇ يەرگە كېلىش يولىدا بەنى تەمىملىك بىر قېرى ئايالنى ئۇچراتقان ئىدىم. ئۇ ئايال مېنىڭ ئۆزىنى ئالغاچ كېتىشىمنى تەلەپ قىلىۋېدى، مەن ئۇ ئايالنى بۇ يەرگىچە ئالغاچ كەلدىم. ھازىر ئۇ ئايال سىرتتا ساقلاپ قالدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى چاقىرتىپ كىردى. مەن: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بىز بىلەن بەنى تەمىمنىڭ ئارىلىقىدا بىرەر پاسىل قىلاي دېگەن بولساڭ، دەھنا دېگەن سايلىقنى قىلغىن، ـ دېدىم. ھېلىقى قېرى ئايال قەبىلىۋازلىق قىلىپ، ئۆزىنى باسالماي: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! سىقىنچىلىقتا قالغان ئادەمنى يەنە نەگە قىستايسەن؟ ـ دېدى. مەن: خۇددى بۇرۇنقىلارنىڭ مەئزا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى كۆتۈردى دېگىنىدەك، مەنمۇ بۇ ئايالنى ئالغاچ كەپتىمەن. لېكىن ئۇ ئايالنىڭ ماڭا قارشى دەۋاگەر بولۇپ قېلىشىنى ئويلىماپتىمەن. مەن **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئۆزەمنىڭ خۇددى ئاد قەۋمىنىڭ ئەلچىسىدەك بولۇپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاد قەۋمىنىڭ ئەلچىسى نېمە قىپتىكەن؟» دەپ، گەرچە بۇ قىسسىنى بىلسىمۇ، مەندىن يەنە بىر قېتىم ئاڭلاش مەقسىتىدە سورىدى. مەن مۇنداق دېدىم: ئاد قەۋمى قەھەتچىلىككە ئۇچراپ (مەككىگە بېرىپ سۇ تەلەپ قىلماقچى بولۇپ) بىر تۈركۈم كىشىلەرنى سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. (ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە) قەيىل دېگەن بىر ئادەم مەككىگە كېلىپ، مۇئاۋىيە ئىبنى بەكرىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. ئۇ، ئۇ ئادەمنى ئۆيىدە بىر ئاي تۇرغۇزىدۇ، ئۇنىڭغا ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ. ئىككى دېدىكىنى ناخشا ئېيتقۇزۇپ بېرىدۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قەيىل دېگەن كىشى مەھرە تېغىغا چىقىپ: ئى **الله** ! سەن بىلىسەن، مەن بۇ يەرگە بىرەر كېسەلنى داۋالاش ياكى بىرەر ئەسىرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلمىدىم. ئى **الله** ! سەن ئاد قەۋمىگە ئۆزەڭ خالىغان رەۋىشتە سۇ ئاتا قىلغىن، ـ دەپ دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قارا بۇلۇتلار ئۆتۈشكە باشلايدۇ. بۇلۇتتىن: بۇ بۇلۇتلارنىڭ بىرىنى تاللا دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. ئۇ (يامغۇر ناھايىتى جىق بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىپ) قارا بۇلۇتتىن بىرىنى تاللايدۇ. بۇلۇتتىن: سەن ئاد قەۋمىدىن بىر كىشىنىمۇ قويماي ھەممىسىنى ھالاك قىلىدىغان بىر بۇلۇتنى تاللىدىڭ، ـ دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. (ئۇ كىشى بۇلۇتتىن كەلگەن بۇ ئاۋازنى ھەمراھلىرىدىن ۋە قەۋمىدىن يوشۇرىدۇ). مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئاد قەۋمىگە ئۈزۈكنىڭ بېغىدىن ئۆتكۈچىلىك بىر شامال ئەۋەتىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىۋەتكەن. ئەبۇۋائىل مۇنداق دېدى: ھارىس بەك راست ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بىرەر يەرگە ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، ئەلچىلەرگە: (سىلەر) ئاد قەۋمىنىڭ ئەلچىسىدەك بولماڭلار، ـ دەيتتى. بۇ قىسسىنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

*******

وَإِلَىٰ ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَٰلِحًا ۗ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥ ۖ قَدْ
جَآءَتْكُم بَيِّنَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ ۖ هَٰذِهِۦ نَاقَةُ ٱللَّهِ لَكُمْ ءَايَةً ۖ فَذَرُوهَا تَأْكُلْ فِىٓ أَرْضِ
ٱللَّهِ ۖ وَلَا تَمَسُّوهَا بِسُوٓءٍ فَيَأْخُذَكُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٣﴾ وَٱذْكُرُوٓا۟ إِذْ جَعَلَكُمْ خُلَفَآءَ مِنۢ بَعْدِ عَادٍ
وَبَوَّأَكُمْ فِى ٱلْأَرْضِ تَتَّخِذُونَ مِن سُهُولِهَا قُصُورًا وَتَنْحِتُونَ ٱلْجِبَالَ بُيُوتًا ۖ فَٱذْكُرُوٓا۟
ءَالَآءَ ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿٧٤﴾ قَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ
لِلَّذِينَ ٱسْتُضْعِفُوا۟ لِمَنْ ءَامَنَ مِنْهُمْ أَتَعْلَمُونَ أَنَّ صَٰلِحًا مُّرْسَلٌ مِّن رَّبِّهِۦ ۚ قَالُوٓا۟ إِنَّا بِمَآ
أُرْسِلَ بِهِۦ مُؤْمِنُونَ ﴿٧٥﴾ قَالَ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوٓا۟ إِنَّا بِٱلَّذِىٓ ءَامَنتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ
﴿٧٦﴾ فَعَقَرُوا۟ ٱلنَّاقَةَ وَعَتَوْا۟ عَنْ أَمْرِ رَبِّهِمْ وَقَالُوا۟ يَٰصَٰلِحُ ٱئْتِنَا بِمَا تَعِدُنَآ إِن كُنتَ مِنَ
ٱلْمُرْسَلِينَ ﴿٧٧﴾ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُوا۟ فِى دَارِهِمْ جَٰثِمِينَ ﴿٧٨﴾

سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق). ئۇ: «ئى قەۋمىم! اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللە دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن مۆجىزە كەلدى، مانا بۇ، اللە (بىۋاستە) ياراتقان چىشى تۆگىمۇ سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر، ئۇنى اللە نىڭ زېمىنىدا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارىي ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا، سىلەرنى قاتتىق ئازاب ھالاك قىلىدۇ﴿73﴾. ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا اللە سىلەرنى ئاد قەۋمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلدى، سىلەرنى (ھىجر) زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ تۈزلەڭلىكلىرىگە ئىمارەتلەر سالدىڭلار، تاغلارنى تېشىپ ئۆيلەر ياسىدىڭلار. اللە نىڭ نېئمەتلىرىنى ياد ئېتىڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېدى﴿74﴾. ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «بىز ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز» دېدى﴿75﴾. ھېلىقى تەكەببۇرلار: «سىلەر ئىشەنگەنگە بىز ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴿76﴾. ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىنى تۇتۇشتىن باش تارتتى ۋە ئى سالىھ: «راستىنلا پەيغەمبەرلەردىن بولساڭ، بىزگە ۋەدە قىلغان ئازابنى كەلتۈرۈپ باق» دېدى﴿77﴾. ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴿78﴾.



## سەمۇد قەۋمىنىڭ ياشىغان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەسەبى

تەپسىرشۇناس ۋە نەسەبشۇناس ئالىملار مۇنداق دېدى: سەمۇد بولسا، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سامنىڭ ئەۋرىسى بولىدۇ. سەمۇد جۇدەس ئىبنى ئاسىرنىڭ قېرىندىشى ۋە شۇنىڭدەك تەسمە قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقاندۇر. بۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن بۇرۇن ئەرەبلەشكەن ئەرەبلەرنىڭ قەبىلىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. سەمۇد قەۋمى ئاد قەۋمىدىن

كېيىن كەلگەندۇر. ئۇلار ھىجاز بىلەن شامنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋادىلقۇرا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى تەبۇكقا كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرىدىن ۋە يۇرتلىرىدىن ئۆتكەن ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن تەبۇكقا ماڭغاندا، ساھابىلەرنى سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتى بولغان ھىجر دېگەن يەرگە چۈشۈردى. كىشىلەر سەمۇد قەۋمى سۇ ئىچكەن قۇدۇقتىن سۇ ئىچىشتى ۋە ئۇ سۇ بىلەن تاماق ئېتىش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇرۇشتى ۋە قازانلارغا شۇ سۇدىن قۇيدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قازانلاردىكى سۇلارنى تۆكۈۋېتىپ، خېمىرلارنى تۆگىلەرگە بېرىۋېتىشكە ھەم بۇ يەردىن يۆتكىلىپ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى سۇ ئىچكەن قۇدۇقنىڭ يېنىغا چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ئۇلارنى ﷲ تائالا تەرىپىدىن ئازاب كەلگەن قەۋملەرنىڭ يۇرتىغا كىرىشتىن توسۇپ: «ھەقىقەتەن مەن ئۇلارغا كەلگەن ئازابنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىپ قېلىشىدىن قورقىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا كىرمەڭلار» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەمۇد قەۋمىنىڭ يۇرتى بولغان ھىجر دېگەن يەردە تۇرۇپ: «سىلەر ﷲ تائالا تەرىپىدىن ئازاب چۈشۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ يۇرتىغا كىرمەكچى بولساڭلار، يىغلىغان ھالدا كىرىڭلار، ئەگەر سىلەر يىغلىمىساڭلار، ئۇلارنىڭ يۇرتىغا كىرمەڭلار، مەن ئۇلارغا كەلگەن ئازابنىڭ سىلەرگىمۇ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى.

## سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىسى

**﴿سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق). ئۇ: «ئى قەۋمىم! ﷲ غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ﷲ دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾** يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەر شېرىكى يوق، بىر ﷲ تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق﴾،[1] ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: «ﷲ غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[2].



## سەمۇد قەۋمىنىڭ قۇرام تاشتىن تۆگە چىقىرىلىشىنى تەلەپ قىلىشى ۋە تۆگىنىڭ چىققانلىقى

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن مۆجىزە كەلدى، مانا بۇ، الله (بىۋاستە) ياراتقان چىشى تۆگىمۇ سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر، ئۇنى الله نىڭ زېمىنىدا قويۇۋېتىڭلار، ئىختىيارىي ئوتلىسۇن، ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەڭلار، بولمىسا، سىلەرنى قاتتىق ئازاب ھالاك قىلىدۇ﴾** يەنى سىلەرگە مەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر پاكىت كەلدى.

سەمۇد قەۋمى سالىھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ئالامەت كەلتۈرۈشىنى سورىغان ئىدى. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرى بەلگىلەپ بەرگەن ھىجر يۇرتىنىڭ بىر چېتىدىكى كاتىبە ئىسىملىك يالغۇز بىر (قاتتىق) قۇرام تاشتىن تۇغۇشقا ئازلا قالغان بىر تۆگىنىڭ چىقىشىنى تەلەپ قىلىشتى. سالىھ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ئەگەر الله تائالا ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك تۆگىنى چىقىرىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ئىمان ئېيتىشىغا ۋە الله تائالاغا بويسۇنۇشىغا ۋەدە ئالدى. ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، سالىھ ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇردى ۋە الله تائالاغا دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى قۇرام تاش مىدىرلىدى ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۇلار تەلەپ قىلغاندەك قورسىقىدا بالىسى مىدىرلاپ تۇرغان، قورساقلىق ۋە يوغانلىق بىر تۆگە چىقتى. دەل شۇ چاغدا، سەمۇد قەۋمىنىڭ باشلىقى بولغان جۇندۇب ئىبنى ئەمرى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەزى كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. سەمۇد قەۋمىنىڭ باشقا چوڭ كىشىلىرى ئىمان ئېيتماقچى بولغاندا، بۇتلارغا مەسئۇل بولغان زۇئاب ئىبنى ئەمر ئىبنى لەئىب ۋە رۇئاب ئىبنى سەمئائ قاتارلىقلار ئۇلارنى ئىمان ئېيتىشتىن توستى. جۇندۇب ئىبنى ئەمرىنىڭ شۇ ھاب ئىبنى خەلىفە ئىسىملىك بىر نەۋرە تۇغقىنى بار بولۇپ، ئۇ سەمۇد قەۋمىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئېسىل كىشىلەردىن ئىدى. ئۇمۇ ئىمان ئېيتماقچى بولغاندا، بۇتلارغا مەسئۇل كىشىلەر ئۇنىمۇ توسۇپ، ئۆزلىرىگە قايىل قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ كىشى ھەققىدە سەمۇد قەۋمى ئىچىدىن مىھۋاش ئىبنى ئەنۋە ئىسىملىك ئىمان ئېيتقان بىر كىشى بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

ئەمرىنىڭ جەمەتى بولۇپ بىر گۇرۇھ،
چاقىردى شىھابنى سالىھ دىنىغا.
شىھاب ئەزىزتى قەۋمى ئىچىدە،
كىرمەكچى بولدى ئۇ، سالىھ دىنىغا.
گەر ئۇ كىرسە ئىدى ئىمان يولىغا،
كۆچلۈك بولاتتى سالىھ دىنىدا.
ۋە لېكىن ئازغۇنلار بولمىدى ئەزىز،
قايتۇرۇپ شىھابنى ئۆزىنىڭ يولىغا.
ھىجر جەمەتى بولدى بىر بۆرە،
قايتۇرغاچ شىھابنى ئازغۇن يولىغا.

تۆگە بوتىلاقلىغاندىن كېيىن، تۆگە ۋە ئۇنىڭ بوتىلىقى ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىر

مەزگىلگىچە تۇردى. ئۇ يەردە بىر قۇدۇق بار بولۇپ، (نۆۋەت بىلەن) تۆگە بىر كۈن سۇ ئىچسە، كىشىلەر بىر كۈن سۇ ئىچەتتى. تۆگە سۇ ئىچكەن كۈنى كىشىلەر ئۇ تۆگىنىڭ سۈتىنى ئىچىشەتتى ۋە ئۇنى سېغىپ قاچىلىرىغا تولدۇرىۋالاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿سۇنىڭ ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنگەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە، شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن﴾[1]، ﴿سالىھ ئېيتتى: «بۇ چىشى تۆگە (سۈيۈقلاردىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر﴾[2].

ئۇ تۆگە ئوتلاش ئۈچۈن بەزى جىلغا ئېغىزلىرىدىن كىرگەندە، باشقا تۆگىلەرنىڭمۇ كىرىپ ـ چىقىشىغا توسالغۇ بولماسلىقى ئۈچۈن، كىرىشتە جىلغىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئېغىزدىن كىرسە، قايتىشتا باشقا بىر ئېغىزدىن قايتىپ چىقاتتى. چۈنكى ئۇ تۆگىنىڭ قورسىقى ئىچكەن سۈيىنىڭ جىقلىقىدىن بەكمۇ يوغىناپ كېتەتتى. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ناھايىتى چوڭ ۋە سۈرلۈك، كۆرۈنۈشى چىرايلىق بىر تۆگە بولۇپ، ئۇ تۆگە سەمۇد قەۋمىنىڭ تۆگىلىرىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇ تۆگىلەر بۇ تۆگىدىن ئۈركۈپ قاچىدىكەن. بۇ ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىۋېرىشى ۋە سەمۇد قەۋمىنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقىرىشى ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن ئۇلار تۆگىنىڭ سۇ ئىچىدىغان نۆۋىتى كەلگەن كۈنىدىمۇ سۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن، ئۇ تۆگىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قوشۇلغان.

قەتادە بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ئاڭلىشىمچە، تۆگىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشى ھەر بىر ئادەمنىڭ قېشىغا، ھەتتا ئۆيىدە ئولتۇرغان ئايال ۋە كىچىك باللارنىڭ قېشىغىچە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغان. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ: ﴿ئۇلار پەيغەمبەرنى (يەنى سالىھ ئەلەيھىسسالامنى) يالغانچى قىلدى، تۆگىنى ئۆلتۈردى، گۇناھى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلدى﴾[3]، ﴿بىز سەمۇدقا چىشى تۆگىنى روشەن (مۆجىزە) قىلىپ بەردۇق، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلدى﴾[4]، **﴿ئۇلار چىشى تۆگىنى بوغۇزلىدى﴾** مانا بۇ، ئايەتلەردە (ئەمەلىيەتتە تۆگىنى بىر ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ) تۆگىنى ئۇ ئۆلتۈردى دېمەي، كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن ئۇلار ئۆلتۈردى دەپ بايان قىلىنىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە ماقۇل بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. راستىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.

## تۆگىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ بايانى

ئىمام ئىبنى جەرىر ۋە باشقا تەپسىرشۇناس ئالىملار تۆگىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سەمۇد قەۋمىنىڭ ئىچىدە غەنام ئىبنى مەجلەز دېگەن كىشىنىڭ ئۇنەيزە دېگەن بىر قىزى بولۇپ، ئۇ بىر قېرى كاپىر ئايال ئىدى. ئۇ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ ئۆچ كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئېرى سەمۇد قەۋمىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان زۇئاب ئىبنى ئەمرى

(1) قەمەر سۈرىسى 28 ـ ئايەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 155 ـ ئايەت.
(3) شەمس سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
(4) ئىسرا سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ چىرايلىق قىزلىرى ۋە كۆپ مال ـ دۇنياسى بار ئىدى. سەدۇب بىنتى مەھيا ئىسىملىك يەنە بىر ئايال بولۇپ، ئۇ ئايالمۇ نەسەبى يۇقىرى ۋە مال ـ مۈلكى كۆپ، چىرايلىق ئايال بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە سالىھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان بىر مۇسۇلماننىڭ ئايالى ئىدى. (ئۇ كىشى ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن) ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ ئىككى ئايال ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە كىرىدىغانلا كىشىلەرنى تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە قىزىقتۇراتتى. (مەلۇم بىر كۈنى) سەدۇب ئىسىملىك ھېلىقى ئايال ھەببان ئىسىملىك كىشىنى چاقىرىپ، ئەگەر (ئۇ كىشى) تۆگىنى ئۆلتۈرسە، ئۆزىنى ئۇ كىشىگە ئاتايدىغانلىقىنى دەيدۇ. ئۇ كىشى ئۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. ئاندىن ئۇ ئايال مەسدەئ ئىبنى مەھرەج ئىسىملىك بىر نەۋرە تۇغقىنىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغىمۇ ئاۋۋالقى كىشىگە دېگەن سۆزنى دەيدۇ: ئۇ ئادەم ئايالنىڭ گېپىگە ماقۇل بولىدۇ. ئۇنەيزە ئىسىملىك ھېلىقى قېرى ئايال سالىبنىڭ ئوغلى قەددار دېگەن كىشىنى چاقىرىدۇ. ئۇ رەڭگى قىزىل، كۆزلىرى كۆك، پاكار كىشى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى زىنادىن بولغان، ھازىرقى دادىسى ئۇنىڭ ھەقىقىي دادىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى سەھياد ئىسىملىك ئادەم بىلەن زىنا قىلىپ تاپقان، لېكىن ئۇ سالىبنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈنلا سالىبنىڭ بالىسى دەپ ئاتىلىپ قالغان دەپ قارايتتى. ئۇ قېرى ئايال ئۇنىڭغا: ئەگەر سەن تۆگىنى ئۆلتۈرسەڭ، قىزلىرىمدىن ساڭا خالىغىنىڭنى بېرىمەن، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سالىبنىڭ ئوغلى قەددار ۋە مەسدەئ ئىبنى مەھرەج تۆگىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭىدۇ. بۇ ئىككىسى سەمۇد قەۋمىنىڭ ئەسكى ئادەملىرىنى تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە قىزىقتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەتتە كىشى ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار توققۇز بولىدۇ.

ﷲ تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەھەردە (يەنى ھىجرىدە) يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان توققۇز نەپەر كىشى بار ئىدى﴾[1] ئەگەشكەن يەتتە كىشى ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن ئىدى. ئۇلار قەبىلىسىدىكى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلدى. چاقىرىلغانلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈشكە ماڭدى. ئۇلار تۆگىنىڭ سۇ ئىچىپ قايتقان ۋاقتىنى پەملەپ ئولتۇردى. سالىبنىڭ ئوغلى قەددار تۆگىنىڭ قايتار يولىدىكى بىر قورام تاشنىڭ بىر تەرىپىگە يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن ئورەك كولىدى. مەسدەئ دېگەن كىشى يەنە بىر تەرىپىگە كولىدى. تۆگە مەسدەئ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان تەرەپتىن ئۆتتى. ئۇ تۆگىگە قارىتىپ (ئوقيادىن) بىر تال ئوق ئۈزدى. ئوق (بېرىپ) تۆگىنىڭ يوتىسىغا سانجىلدى. ئۇنەيزە دېگەن ھېلىقى قېرى ئايال ئەڭ چىرايلىق قىزىنىڭ يۈزىنى قەددارغا ئېچىپ، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈشكە بۇيرۇدى. قەددار قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە تۆگىگە ئېتىلىپ بېرىپ، لېپىكىنى كېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، تۆگە يەرگە يىقىلدى. تۆگە بوتىلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋارقىرىدى، قەددار تۆگىنىڭ بوينىغا قىلىچىنى ئۇرۇپ بوغۇزلىدى. ئۇنىڭ بوتىلىقى قېچىپ ناھايىتى ئېگىز بىر تاغنىڭ ئۈستىدىكى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ۋارقىرىدى.

ئابدۇرازاق مۇئەممەردىن ھەسەنبەسرىنىڭ: (ئۇ بوتىلاق) ئى پەرۋەردىگارىم! ئانام قەيەردە؟ـ دېدى، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

(1) نەمل سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

ئۇ بوتىلاق ئۈچ قېتىم ۋارقىراپلا قورام تاشنىڭ ئىچىگە كىرىپ غايىب بولۇپ كەتكەن دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. كىشىلەر ئۇنى قوغلاپ بېرىپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. توغرىسىنى بىلگۈچى الله تائالادۇر. سالىھ ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇلار توپلاشقان يەرگە يېتىپ كەلدى ـ دە، تۆگىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ، يىغلىغان ھالدا: ﴿«ئۆيۈڭلاردا (ھاياتلىقتىن) ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇۋېلىڭلار. بۇ ۋەدە يالغان ئەمەس»﴾[1] دېدى.

## يامان ئادەملەرنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى، ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئازابنىڭ كەلگەنلىكى

ئۇلار تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كۈنى چارشەنبە كۈنى ئىدى. ھېلىقى توققۇز كىشى شۇ كۈنى كەچتە سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ: ئەگەر سالىھ راستچىل بولسا، بىز ئۇنى بىزگە ئازاب كېلىشتىن بۇرۇنراق ئۇجۇقتۇرىۋېتەيلى. ئەگەر ئۇ يالغانچىلاردىن بولسا، تۆگىسىنىڭ قېشىغا يولغا سېلىۋېتەيلى، ـ دېيىشتى.

الله تائالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھالبۇكى، ئۇلار يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەن ئىدى. الله نىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى، ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر، الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئەگەر بىز (زىرائەتكە زىيانلىق) شامالنى ئەۋەتسەك، ئۇلار (شامالنىڭ تەسىرىدىن) زىرائەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار (الله نىڭ ئىلگىرىكى نېئمەتلىرىگە) كۇفرىلىق قىلىدۇ﴾[2].

ئۇلار سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە كېلىشىپ، كېچىدە (سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) يولغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارغا تاش ئەۋەتتى. ئۇ تاش ئۇلارنىڭ قەۋمىگە ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنى ئۇرۇپ تىتما ـ تىتما قىلىۋەتتى. غەلىبە ھامان الله سۇبھانە ۋەتائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈندۇر.

سەمۇد قەۋمى پەيشەنبە كۈنىنىڭ تېڭىنى ئاتقۇزدى. بۇ كۈن ئۇلارغا بېرىلگەن مۆھلەت كۈنلىرىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئىدى. خۇددى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەدە قىلغىنىدەك[3]، بۇ كۈنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرى سارغىيىپ كەتتى. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىلگەن كۈننىڭ ئىككىنچى كۈنىمۇ كىردى. بۇ جۈمە كۈنى ئىدى. بۇ كۈنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قىزىللىققا ئۆزگەردى. ئۈچىنچى كۈنىمۇ كىردى. بۇ دەل شەنبە كۈنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قاپقارا بولۇپ قالدى. ئۇلار يەكشەنبە كۈنى سەھەردە ئىشلارنىڭ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

---

(1) ھۇد سۈرىسى 65 ـ ئايەت.
(2) رۇم سۈرىسى 49 ـــ 51 ـ ئايەتلەر.
(3) سالىھ ئەلەيھىسسالام: ئۆيۈڭلاردا ئۈچ كۈن بەھرىمەن بولۇڭلار دېگەن چاغدا: ئۈچ كۈننىڭ بىرىنچى كۈنى يۈزۈڭلار مۇنداق بولىدۇ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرى مۇنداق ـ مۇنداق بولىدۇ، ـ دېگەن ئىدى.

كېپەنلىك كىيىپ كېپەنلىكلىرىگە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى چېچىپ، الله تائالانىڭ ئازابىنىڭ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئازابىنىڭ قانداق كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ ئولتۇرۇشاتتى. الله تائالا بىزنى بۇنداق ئازابتىن ساقلىسۇن ـ ئامىين! كۈن چىققاندا، ئاسمان تەرەپتىن قاتتىق بىر ئاۋاز كەلدى. زېمىن قاتتىق بىر سىلكىندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ جانلىرى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىندى. **﴿ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴾** ئۇلارنىڭ جېنى تېنىدىن جۇدا بولدى. ئۇلاردىن مەيلى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ۋە ئەر ـ ئاياللاردىن بولسۇن، بىرمۇ كىشى بۇ ئازابتىن قۇتۇلالمىدى[1].

بەزى ئالىملار: ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كەلبە ئىسىملىك بىر پالەج قىزلا قۇتۇلۇپ قالغان (ئۇ قىز زۇرەيقە دەپمۇ ئاتىلاتتى). ئۇ سالىھ ئەلەيهىسسالامغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان كاپىر قىز ئىدى. ئۇ ئازابنى كۆرگەندە، الله تائالا ئۇنىڭ كېسىلىنى ساقايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە باشقا بىر كەنتكە قېچىپ كېلىپ، ئۇ كەنتتىكىلەرگە ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى ۋە قەۋمىگە قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى دەپ بەردى. ئۇ قىز كەنتتىكى كىشىلەردىن ئىچىش ئۈچۈن سۇ سورىدى، ئۇ سۇنى ئىچىپ بولۇپلا ئۆلدى، ـ دەيدۇ.

تەپسىرشۇناس ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: سالىھ ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆمىنلەردىن باشقا، سەمۇد قەۋمىدىن ئەبۇرىغال دېگەن كىشىدىن باشقا ھېچكىم تىرىك قالمىغان. بۇ كىشى ئۆز قەۋمىگە الله تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە ھەرەمدە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا قەۋمىگە كەلگەن ئازابتىن ھېچقايسىسى كەلمىگەن. ئۇ مەلۇم بىر كۈنى ھەرەمنىڭ چېگراسىدىن چىقىشى بىلەنلا، ئاسماندىن بىر تاش چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن.

ئابدۇرازاق مۇئەممەردىن ئىسمائىل ئىبنى ئۇمەييەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەبۇرىغالنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇنىڭ كىمنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بۇ سەمۇد قەۋمىدىن بولغان ئەبۇرىغال دېگەن كىشىنىڭ قەبرىسىدۇر. (قەۋمىگە الله تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە) بۇ كىشى الله تائالانىڭ ھەرىمىدە ئىدى. الله تائالانىڭ ھەرىمى ئۇ كىشىدىن ئازابنى توسۇپ قالدى. ئۇ كىشى (مەلۇم بىر كۈنى) ھەرەمنىڭ چېگرىسىدىن چىقىشى بىلەنلا، ئۇ كىشىگىمۇ قەۋمىگە كەلگەن ئازاب كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بۇ يەرگە كۆمۈلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر زىق ئالتۇن كۆمۈلگەن ئىدى. كىشىلەر قىلىچلارنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ، شۇ ئالتۇننى ئېرزەپ تېپىپ ئېلىۋالدى» دېدى.



ئابدۇرازاق مۇئەممەردىن زۆھرىنىڭ: ئەبۇرىغال ئەبۇسەقىف دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

* * * * * *

(1) سالىھ ئەلەيهىسسالام يەكشەنبە كۈنىنىڭ تېگى يورۇشتىن بۇرۇن ئۆزىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بىلەن بىللە قەۋمىدىن ئايرىلىپ، شام زېمىنى تەرەپكە چىقىپ كەتكەن.

فَتَوَلَّىٰ عَنۡهُمۡ وَقَالَ يَٰقَوۡمِ لَقَدۡ أَبۡلَغۡتُكُمۡ رِسَالَةَ رَبِّي وَنَصَحۡتُ لَكُمۡ وَلَٰكِن لَّا تُحِبُّونَ ٱلنَّٰصِحِينَ ﴿٧٩﴾

ئۇ (ئۇلار هالاك بولغاندىن كېيىن) ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلدى ۋە: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۇم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم، لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمىدىڭلار» دېدى﴿79﴾.

بۇ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە قىلغان تاپا ـ تەنىسىدۇر. سەمۇد قەۋمى اللە تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشىلىق قىلغانلىقى، اللە تائالاغا چوڭچىلىق قىلغانلىقى، ھەقنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ۋە توغرا يولدىن ئازغۇنلۇققا يۈزلەنگەنلىكى ئۈچۈن، اللە تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى سۆزنى ئۇلار ھالاك قىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا تاپا ـ تەنە قىلىش يۈزىسىدىن دېدى. گەرچە ئۇلار ئۆلۈك بولسىمۇ، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالايتتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشىدا كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، بەدرىدە ئۈچ كۈن تۇردى. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە قايتىش ئۈچۈن يۈك ـ تاقلارنى تېڭىشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىگە مىنىپ، كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكلىرى تاشلانغان كونا قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىپ: «ئى ئەبۇجەھىل ئىبنى ھىشام! ئى ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە! ئى شەيبە ئىبنى رەبىيئە! ئى پالانى...! سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان نەرسىنىڭ ھەقلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ مەن پەرۋەردىگارىم ۋەدە قىلغان نەرسىنىڭ ھەقلىقىنى كۆردۈم» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سەن چىرىپ تاپ بولۇپ كەتكەن ئۆلۈكلەرگە سۆز قىلىۋاتامسەن؟ ـ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇلار ئاڭلىغانچىلىكمۇ ئاڭلىيالمايسىلەر. لېكىن ئۇلار جاۋاب بېرەلمەيدۇ» دېدى.

شۇنىڭدەك، سالىھ ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز قەۋمىگە: **﴿«ئى قەۋمىم! سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۇم، سىلەرگە نەسىھەت قىلدىم﴾** يەنى مەن شۇنداق قىلساممۇ، سىلەر نەسىھىتىمنى ئاڭلىمىدىڭلار، چۈنكى سىلەر ھەقىقەتنى ياقتۇرمايسىلەر ۋە نەسىھەت قىلغۇچىغا ئەگەشمەيسىلەر. شۇڭا سالىھ ئەلەيھىسسالام سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: **﴿لېكىن سىلەر نەسىھەت قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمىدىڭلار» دېدى﴾**.

* * * * * * *

وَلُوطًا إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦٓ أَتَأۡتُونَ ٱلۡفَٰحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنۡ أَحَدٖ مِّنَ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٨٠﴾ إِنَّكُمۡ لَتَأۡتُونَ ٱلرِّجَالَ شَهۡوَةٗ مِّن دُونِ ٱلنِّسَآءِۚ بَلۡ أَنتُمۡ قَوۡمٞ مُّسۡرِفُونَ ﴿٨١﴾

لۇتنى (ئەھلى سەدۇمغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ مۇنداق

قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى﴿80﴾. سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلەپلىرىڭلارنى قاندۇرىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر»﴿81﴾.

## لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسى

**﴿لۇتنى (ئەھلى سەدۇمغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)﴾** لۇت ئەلەيھىسسالام ئازەرنىڭ ئوغلى بولغان ھارۇننىڭ ئوغلى يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە شام زېمىنىغا ھىجرەت قىلغان ئىدى. الله تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنى سەدۇم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ كىشىلەرنى الله تائالانىڭ دىنىغا چاقىردى، ياخشىلىققا بۇيرۇدى. ئادەم بالىسى ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان، ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان يامان ھاياسىز ئىشلاردىن توستى. ئۇ ھاياسىز ئىشلار ئاياللارنى قايرىپ قويۇپ، ئەرلەر ئەرلەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىش ئىدى. بۇ ئىشنى سەمۇدلۇق كىشىلەر (ئۇلارغا الله تائالانىڭ لەنەتلىرى بولسۇن!) پەيدا قىلغانغا قەدەر، يەر يۈزىدە ھېچقانداق بىر ئىنسان قىلىپ باقمىغان ھەم بۇ ئىش بىرەر ئادەمنىڭ كۆڭلىگىمۇ كېچىپ باقمىغان ئىدى.

**﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟﴾** ئەمر ئىبنى دىنار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە كەلگۈچە بىر ئەر يەنە بىر ئەرگە (ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ) يېقىنلىشىپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: **﴿مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى. سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلەپلىرىڭلارنى قاندۇرىسىلەر﴾** يەنى پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللارنى قايرىپ قويۇپ، ئەرلەرنىڭ قېشىغا بارامسىلەر؟ ئۇ سىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىڭلار ۋە نادانلىقىڭلاردۇر. ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن تەلەپلىرىڭلارنى قاندۇرۇشىڭلار يولغا قويۇلغان نورماللىقتىن چىقىپ كەتكەنلىكتۇر.

شۇڭا لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: ﴿«بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم (يەنى قەۋمىمنىڭ قىزلىرى) دۇر، ئەگەر (قازائى شەھۋەت) قىلماقچى بولساڭلار (ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار)» دېدى﴾[1] يەنى لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ ئاياللارغا رايى يوقلۇقى بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ: ﴿«قىزلىرىڭغا بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن»﴾[2] دېدى.

* * * * * * *

(1) ھىجر سۈرىسى 71 ـ ئايەت.
(2) ھۇد سۈرىسى 79 ـ ئايەت.

وَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ أَخْرِجُوهُم مِّن قَرْيَتِكُمْۖ إِنَّهُمْ أُنَاسٌ يَتَطَهَّرُونَ ﴿٨٢﴾

لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ بىردىن بىر جاۋابى: «لۇتنى ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ شەھىرىڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار پاك كىشىلەردۇر» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى﴿82﴾.

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامغا قايتۇرغان جاۋابى، لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆز يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىشنى پىلانلاش بولدى. الله تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنى ساق ـ سالامەت يۇرتىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئۇ بۇزۇق قەۋمنى ئۆز زېمىنلىرىدا خار قىلغان ھالەتتە ھالاك قىلىۋەتتى.

﴿**چۈنكى ئۇلار پاك كىشىلەردۇر**﴾ قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلارنى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئورۇنسىز ئەيىبلىدى دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى ئۇلار ئەر ۋە ئاياللارنىڭ كەينى تەرىپىگە كېلىشتىن پاك كىشىلەردۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىنمۇ شۇنىڭدەك رىۋايەت قىلىندى.

* * * * * * *

فَأَنجَيْنَٰهُ وَأَهْلَهُۥٓ إِلَّا ٱمْرَأَتَهُۥ كَانَتْ مِنَ ٱلْغَٰبِرِينَ ﴿٨٣﴾ وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِم مَّطَرًاۖ فَٱنظُرْ كَيْفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُجْرِمِينَ ﴿٨٤﴾

لۇتنى، ئۇنىڭ خوتۇنىدىن باشقا، تەۋە كىشىلىرى بىلەن بىللە (ئۇنىڭ قەۋمىگە نازىل بولغان ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق، پەقەت خوتۇنىلا (شەھەردە) قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولدى﴿83﴾. ئۇلارغا بىر تۈرلۈك يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق، گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن﴿84﴾.

﴿**لۇتنى، ئۇنىڭ خوتۇنىدىن باشقا، تەۋە كىشىلىرى بىلەن بىللە (ئۇنىڭ قەۋمىگە نازىل بولغان ئازابتىن) قۇتقۇزدۇق**﴾ يەنى بىز لۇتنى ۋە ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى قۇتقۇزدۇق. لۇت ئەلەيھىسسالامغا بالا ـ چاقىلىرىدىن باشقا، ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىر كىشىمۇ ئىمان ئېيتمىغان ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ھالاك بولمىسۇن دەپ لۇتنىڭ) شەھىرىدىكى مۆمىنلەرنى (سىرتقا) چىقىرىۋەتتۇق. بىز ئۇ شەھەردىن مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بىر ئائىلىنىلا تاپتۇق﴾[1].

قۇتۇلدۇرۇلغانلارنىڭ ئىچىدە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ

(1) زارىيات سۈرىسى 35 ــــ 36 ـ ئايەتلەر.

لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرمىگەن ئىدى. بەلكى ئۇ ئۆز قەۋمىنىڭ دىنىدا بولۇپ، لۇت ئەلەيھىسسالامغا قارشى قەۋمىگە يان باساتتى ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە قانداق مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى قەۋم بىلەن كېلىشىۋالغان ئىشارەت ـ بەلگىلىرى بىلەن خەۋەر بېرەتتى. شۇڭا لۇت ئەلەيھىسسالام بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇلغاندا، ئايالىغا بۇ ئىشنى بىلدۈرمەسلىككە ۋە ئايالىنى بىللە ئېلىپ ماڭماسلىققا بۇيرۇلدى.

تەپسىرشۇناس ئالىملارنىڭ ئىچىدە: لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئازاب كەلگەندە، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىشى بىلەنلا، قەۋمىگە كەلگەن ئازاب ئۇنىڭغىمۇ تەگ كەلدى، ـ دېگەنلەرمۇ بار. لېكىن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئۇ ئايال شەھەردىن چىقمىغان، لۇت ئەلەيھىسسالاممۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا تۇيدۇرمىغان، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قەۋم بىلەن قېلىپ قالغان. شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**پەقەت خوتۇنىلا (شەھەردە) قېلىپ ھالاك بولغۇچىلاردىن بولدى**﴾.

﴿**ئۇلارغا بىر تۈرلۈك يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق**﴾ الله تائالا بۇ ئايەتتىكى يامغۇرنىڭ زادى قانداق يامغۇر ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە بايان قىلدى: ﴿بىزنىڭ (جازالاش) ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى﴾[1].

﴿**گۇناھكارلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن**﴾ يەنى: ئى مۇھەممەد! الله تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشقا پېتىنغانلارنىڭ ۋە الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمىگەنلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قىلغان ئىشنى قىلغۇچىلارنى ئۇچراتساڭلار قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار».

* * * * * * *

وَإِلَىٰ مَدْيَنَ أَخَاهُمْ شُعَيْبًاۚ قَالَ يَٰقَوْمِ ٱعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مَا لَكُم مِّنْ إِلَٰهٍ غَيْرُهُۥۖ قَدْ
جَآءَتْكُم بَيِّنَةٌ مِّن رَّبِّكُمْۖ فَأَوْفُوا۟ ٱلْكَيْلَ وَٱلْمِيزَانَ وَلَا تَبْخَسُوا۟
ٱلنَّاسَ أَشْيَآءَهُمْ وَلَا تُفْسِدُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَٰحِهَاۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ
إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴿٨٥﴾

مەديەن (خەلقىغە) ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۇ (ئۆز قەۋمىگە) ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە الله دىن باشقا

(1) ھۇد سۈرىسى 82 ــ 83 ـ ئايەتلەر.

ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەقىقەتەن (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار. (الله پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) زېمىننى تۈزىگەندىن كېيىن، زېمىندا (گۇناھلار قىلىپ) بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئەنە شۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴿85﴾.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ۋە مەديەنلىكلەرنىڭ قىسسىسى

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مەديەنلىكلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى مەديانىنىڭ ئوغلى مەدەيەنىنىڭ ئەۋلادىدىندۇر[1]. شۇئەيب ئەلەيھىسسالام يەشجەرنىڭ ئوغلى بولغان مىكىنىڭ ئوغلى ئىدى. سىريانىيە تىلىدا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى يەسرۇن دەپ ئاتىلاتتى. مەديان ھەم قەبىلىنىڭ ھەم ھىجازنىڭ يولىدىكى مەئان دېگەن يەرگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئىسمى ئىدى.

**﴿ئۇ (ئۆز قەۋمىگە) ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە الله دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر﴾** بۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە قىلىدىغان چاقىرىقىدۇر.

**﴿سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەقىقەتەن (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار. (الله پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) زېمىننى تۈزىگەندىن كېيىن، زېمىندا (گۇناھلار قىلىپ) بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ئەنە شۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾** يەنى مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەقلىقىگە الله تائالا ھۆججەت ۋە پاكىتلارنى تۇرغۇزدى. ئاندىن شۇئەيب ئەلەيھىسسالام كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۆلچەم ـ تارازىنىڭ توغرا بولۇشىغا، ئۆلچەم ـ تارازىدا خىيانەت قىلىپ باشقىلارنىڭ ماللىرىنى يەۋالماسلىققا نەسىھەت قىلدى.

الله تائالا ئۆلچەمدە كەم بېرىپ، باشقىلارنىڭ ماللىرىنى يەۋالغان كىشىلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾[2] بۇ قاتتىق بىر تەھدىتتۇر. بىز الله تائالانىڭ بىزنى ئۇ ئازاپلاردىن ساقلىشىنى تىلەيمىز!

* * * * * * *

(1) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن باشقا، كېيىن ئالغان قانتۇر ۋە ھاجۇن ئىسىملىك ئىككى ئايالىدىن تۇغۇلغان 11 بالىسى بار بولۇپ، مەديان شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

(2) مۇتەففىفىين سۈرىسى 1 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.

مۇتەففىفىين سۈرىسى 1 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.

وَلَا تَقْعُدُواْ بِكُلِّ صِرَٰطٍ تُوعِدُونَ وَتَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ مَنْ ءَامَنَ بِهِۦ
وَتَبْغُونَهَا عِوَجًاۚ وَٱذْكُرُوٓاْ إِذْ كُنتُمْ قَلِيلًا فَكَثَّرَكُمْۖ وَٱنظُرُواْ كَيْفَ
كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٨٦﴾ وَإِن كَانَ طَآئِفَةٌ مِّنكُمْ ءَامَنُواْ بِٱلَّذِىٓ أُرْسِلْتُ بِهِۦ
وَطَآئِفَةٌ لَّمْ يُؤْمِنُواْ فَٱصْبِرُواْ حَتَّىٰ يَحْكُمَ ٱللَّهُ بَيْنَنَاۚ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿٨٧﴾

سىلەر اللە غا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، اللە نىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن هالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار، ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، اللە نىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار﴿86﴾. ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، اللە بىزنىڭ ئارىمىزدا هۆكۈم چىقارغىچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. اللە هۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»﴿87﴾.

شۇئەيب ئەلەيهىسسالام قەۋمىنى باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋېلىشتىن ۋە ئۇلارنى شۇئەيب ئەلەيهىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن توسۇش مەقسىتىدە يوللىرىدا ئولتۇرۇشتىن چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿سىلەر اللە غا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، اللە نىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن هالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار﴾** يەنى سىلەر كىشىلەرنى ماللىرىنى بەرمىسە، ئۆلتۈرۈش بىلەن قورقىتىدىغان هالەتتە يولدا ئولتۇرماڭلار. سۇددى ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر شەهەرگە كىرگەن تىجارەتچى ۋە باشقىلاردىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يوللاردا ئولتۇرىۋالماڭلار.

ئىبنى ئابباس، مۇجاهىد ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: سىلەر شۇئەيب ئەلەيهىسسالامغا ئەگىشىش ئۈچۈن كەلگەن مۆمىنلەرنى قورقۇتقان هالدا يوللاردا ئولتۇرىۋالماڭلار. لېكىن بۇ ئايەتكە بېرىلگەن ئالدىنقى مەنا كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ بەرگەن مەنىسىنى اللە تائالانىڭ: **﴿ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن هالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار﴾** دېگەن ئايىتى ئىپادىلەيدۇ.

**﴿ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، اللە نىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار﴾** يەنى سىلەر ئەسلىدە ئاز بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئاجىز ئىدىڭلار، ئەمدى سانىڭلار ئاۋۇپ كۈچلۈك بولدۇڭلار. شۇڭا سىلەر اللە تائالانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار. **﴿بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار﴾** يەنى ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە، ئۇلارنىڭ اللە تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشقا يېقىنلاشقانلىقى ۋە اللە تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا كەلگەن ئازابقا قاراپ بېقىڭلار.

**﴿ئەگەر سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنگەن، يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم ئىشەنمىگەن بولسا، اللە بىزنىڭ ئارىمىزدا هۆكۈم چىقارغىچە سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. اللە هۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»﴾** يەنى اللە تائالا ياخشى ئاقىۋەتنى مۆمىنلەرگە، يامان ئاقىۋەتنى كاپىرلارغا هازىر قىلىدۇ.

* * * * * * *

﴿قَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ ٱسْتَكْبَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ لَنُخْرِجَنَّكَ يَـٰشُعَيْبُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مَعَكَ مِن قَرْيَتِنَآ أَوْ
لَتَعُودُنَّ فِى مِلَّتِنَا ۚ قَالَ أَوَلَوْ كُنَّا كَـٰرِهِينَ ﴿٨٨﴾ قَدِ ٱفْتَرَيْنَا عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا إِنْ عُدْنَا فِى مِلَّتِكُم بَعْدَ
إِذْ نَجَّىٰنَا ٱللَّهُ مِنْهَا ۚ وَمَا يَكُونُ لَنَآ أَن نَّعُودَ فِيهَآ إِلَّآ أَن يَشَآءَ ٱللَّهُ رَبُّنَا ۚ وَسِعَ رَبُّنَا كُلَّ شَىْءٍ عِلْمًا ۚ عَلَى
ٱللَّهِ تَوَكَّلْنَا ۚ رَبَّنَا ٱفْتَحْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمِنَا بِٱلْحَقِّ وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْفَـٰتِحِينَ ﴿٨٩﴾

شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى: «ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ (يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك» دېدى. شۇئەيب: «بىز (بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى) يامان كۆرىدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟)» دېدى﴿88﴾. (شۇئەيب يەنە ئېيتتى) «الله بىزنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتساق، ئەلۋەتتە، الله غا يالغان چاپلىغان بولىمىز. پەرۋەردىگارىمىز الله خالىسىلا، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتمايمىز. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، الله غا تەۋەككۈل قىلدۇق (يەنى ھەممە ئىشىمىزنى الله غا تاپشۇردۇق). پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن»﴿89﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە كاپىرلارنىڭ الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى يۇرتتىن چىقىرىۋېتىشكە ياكى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلاش ئارقىلىق تەھدىت سېلىپ، ئۇلارغا قارشى تۇرغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

﴿**(شۇئەيب يەنە ئېيتتى) «الله بىزنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتساق، ئەلۋەتتە، الله غا يالغان چاپلىغان بولىمىز**﴾ يەنى بىز سىلەر بىزنى چاقىرىۋاتقان ئىشنى يامان كۆرسەكمۇ، يەنىلا شۇ ئىشنى قىلىۋېرەمسىلەر؟ ئەگەر بىز سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا قايتىپ ،سىلەر بىلەن بىرگە دىنىڭلارغا كىرسەك، ئۇ چاغدا بىز الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق (الله تائالاغا) چوڭ بىر بوھتاننى چاپلىغان بولىمىز.

﴿**پەرۋەردىگارىمىز الله خالىسىلا، بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قايتمايمىز. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ**﴾ بۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى الله تائالانىڭ خاھىشىغا تاپشۇرغانلىقتۇر. چۈنكى الله تائالا ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر ۋە ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىلمى ئىچىگە ئالغۇچىدۇر.

﴿**الله غا تەۋەككۈل قىلدۇق (يەنى ھەممە ئىشىمىزنى الله غا تاپشۇردۇق)**﴾ يەنى بىز قىلغان - قىلمىغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلىمىز.

﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن**﴾ يەنى بىز بىلەن قەۋمىمىز ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغىن ۋە ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن. ﴿**سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن»**﴾ چۈنكى سەن ھەرگىزمۇ زۇلۇم قىلمايدىغان، ئادىل زاتتۇرسەن.

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلْمَلَأُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن قَوْمِهِۦ لَئِنِ ٱتَّبَعْتُمْ شُعَيْبًا إِنَّكُمْ إِذًا لَّخَٰسِرُونَ ﴿٩٠﴾ فَأَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ فَأَصْبَحُوا۟ فِى دَارِهِمْ جَٰثِمِينَ ﴿٩١﴾ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ شُعَيْبًا كَأَن لَّمْ يَغْنَوْا۟ فِيهَا ۚ ٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ شُعَيْبًا كَانُوا۟ هُمُ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٩٢﴾

ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمانسىز چوڭلىرى: «ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، شۈبھىسىزكى، چوقۇم زىيان تارتىسىلەر» دېدى﴿90﴾. ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴿91﴾. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار (الله نىڭ ھالاك قىلىشى بىلەن) گويا بۇ يەردە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى. شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى﴿92﴾.

الله تائالا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقتا، چوڭچىلىق قىلىشتا، ئازغۇنلۇقتا قاتتىق تۇرغانلىقىدىن، دىللىرىنىڭ ھەققە قارشى تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار قەسەم ئىچىشىپ مۇنداق دېدى: ﴿«**ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، شۈبھىسىزكى، چوقۇم زىيان تارتىسىلەر**»﴾.

شۇڭا الله تائالا بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلارغا قاتتىق زىلزىلە يۈزلەندى، ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى**﴾ يەنى بۇ يەردە الله تائالا ئۇلارغا زېمىننىڭ قاتتىق بىر تەۋرىنىشىنىڭ يۈزلەنگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى[1]. بۇ خۇددى شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنى، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قورقۇتۇپ تىترەتكىنىگە ۋە ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋېتىشكە تەھدىت سالغانغا ئوخشاش، ئۇلارغىمۇ بىر تەۋرىنىش يۈزلەندى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش) پەرمانىمىز چۈشكەن چاغدا، شۇئەيبنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلارنى مەرھەمەت قىلىپ قۇتۇلدۇردۇق، (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا قاتتىق ئاۋاز يۈزلەندى، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى﴾[2] ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا مەسخىرە قىلىپ: ﴿«ئى شۇئەيب! سېنىڭ نامىزىڭ (يەنى دىنىڭ) سېنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) بىزنى تاشلاتقۇزۇشقا ياكى ماللىرىمىزنى خالىغىنىمىزچە تەسەررۇپ قىلىشىمىزنى تەرك ئەتكۈزۈشكە بۇيرۇمدۇ؟ سەن تازىمۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، تازىمۇ توغرا يول تاپقان ئادەمسەن ـ دە»﴾[3] دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا قاتتىق بىر ئاۋاز يۈزلىنىپ، ئۇلارنى شۈك قىلىپ قويدى.

الله تائالا باشقا بىر يەردە ئۇلار ھەققىدە مۇنداق خەۋەر بەردى: ﴿ئۇلار شۇئەيبنى

(1) الله تائالا ئۇلارنىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ھەر بىر ئىشىغا ئۇدۇللاپ ئۈچ خىل ئازاب ئەۋەتتى. يەرنىڭ تەۋرىشى بىرىنچى خىل ئازابتۇر.
(2) ھۇد سۈرىسى 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھۇد سۈرىسى 87 ـ ئايەت.

ئىنكار قىلدى، ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك كۈنىنىڭ ئازابى ئىدى﴾[1] يەنى بۇ ئازابنىڭ ئۇلارغا كېلىشى ئۇلارنىڭ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن﴾[2] دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك قىلمىشلىرى ئۈچۈن: ﴿ئۇلارنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى ھالاك قىلدى﴾[3] يەنى ئىچىدە ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرى، يالقۇنلىرى ۋە كۈچلۈك تەپتى بولغان بىر بۇلۇت ئۇلارغا سايە تاشلىدى. ئاندىن ئاسمان تەرەپتىن قاتتىق بىر ئاۋاز، يەر ئاستىدىن قاتتىق بىر تەۋرەش كېلىش بىلەن ئۇلارنىڭ جانلىرى تەنلىرىدىن جۇدا بولۇپ، جەسەتلىرى قېتىپلا قالدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان پېتى قېتىپ قالدى**﴾.

﴿**شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار (الله نىڭ ھالاك قىلىشى بىلەن) گويا بۇ يەردە تۇرمىغاندەك (يەنى ياشىمىغاندەك) بولۇپ قالدى**﴾ يەنى ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئازابى كېلىشى بىلەنلا، خۇددى ئۇلار شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەرنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغان يۇرتلىرىدا ياشىمىغاندەك بولۇپ قالدى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىمانسىز كاتتىلىرىنىڭ: ﴿**«ئەگەر سىلەر شۇئەيبكە ئەگەشسەڭلار، شۈبھىسىزكى، چوقۇم زىيان تارتىسىلەر»**﴾ دېگەن سۆزىگە قارىتا: ﴿**شۇئەيبنى ئىنكار قىلغانلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى**﴾ دېدى.

* * * * * * *

فَتَوَلَّىٰ عَنْهُمْ وَقَالَ يَٰقَوْمِ لَقَدْ أَبْلَغْتُكُمْ رِسَٰلَٰتِ رَبِّى وَنَصَحْتُ لَكُمْ ۖ فَكَيْفَ ءَاسَىٰ عَلَىٰ قَوْمٍ كَٰفِرِينَ ﴿٩٣﴾

شۇئەيب ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ: «ئى قەۋمىم! سىلەرگە مەن ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسىھەت قىلدىم، مەن قانداقمۇ كاپىر قەۋمگە قايغۇراي!» دېدى﴿93﴾.

يەنى ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئازابى ۋە غەزىپى كەلگەندىن كېيىن، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تاپا ـ تەنە قىلىش يۈزىسىدىن مۇنداق دېدى: ﴿**ئى قەۋمىم! سىلەرگە مەن ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسىھەت قىلدىم**﴾ يەنى مەن سىلەرگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپەمنى يەتكۈزدۈم، ئەمما سىلەر مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرمىدىڭلار. شۇڭا مەن سىلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭلارغا قايغۇرمايمەن. ﴿**مەن قانداقمۇ كاپىر قەۋمگە قايغۇراي!» دېدى**﴾.

* * * * * * *

(1) شۇئەرا سۈرىسى 189 ـ ئايەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 187 ـ ئايەت.
(3) يۇنۇس سۈرىسى 98 ـ ئايەت.

وَمَآ أَرۡسَلۡنَا فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّبِيٍّ إِلَّآ أَخَذۡنَآ أَهۡلَهَا بِٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ لَعَلَّهُمۡ يَضَّرَّعُونَ ﴿٩٤﴾ ثُمَّ
بَدَّلۡنَا مَكَانَ ٱلسَّيِّئَةِ ٱلۡحَسَنَةَ حَتَّىٰ عَفَواْ وَّقَالُواْ قَدۡ مَسَّ ءَابَآءَنَا ٱلضَّرَّآءُ وَٱلسَّرَّآءُ فَأَخَذۡنَٰهُم
بَغۡتَةٗ وَهُمۡ لَا يَشۡعُرُونَ ﴿٩٥﴾

بىز مەيلى قايسى شەھەرگە بولسۇن، بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولساق (شەھەر ئەھلى ئۇنى ئىنكار قىلغان بولسا)، ئۇلارنىڭ ﷲ غا يالۋۇرۇشلىرى (تەۋبە قىلىشلىرى) ئۈچۈن، ئۇلارنى نامراتلىققا، كېسەللىككە گىرىپتار قىلدۇق﴿94﴾. ئاندىن (ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن) كۈلپەتنى نېئمەتكە ئايلاندۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار كۆپەيدى، ئۇلار: «بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بېشىغا ھەقىقەتەن كۈلپەتلەر، نېئمەتلەر كەلگەن ئىدى (بۇ ـ زاماننىڭ ئادىتى؛ ﷲ تەرىپىدىن كەلگەن ئوقۇبەت ئەمەس)» دېدى. ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت ھالاك قىلدۇق﴿95﴾.

## ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ سىنالغانلىقى توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزى تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ﷲ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلىشى ۋە يېلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى ۋە يوقسۇللۇقلارنى بېرىش بىلەن سىنىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ﷲ تائالاغا يېلىنىشى ۋە دۇئا قىلىشى ئۈچۈن، ﷲ تائالا ئۇلارنى تۈرلۈك قىيىنچىلىق بىلەن سىنايدۇ. ئۇلار ﷲ تائالانىڭ بۇ سىناقلىرىدا ﷲ تائالانىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ﷲ تائالا ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم سىنىلىش پۇرسىتى بېرىپ، ئۇلارنى ئاشۇ قىيىنچىلىق ھالىتىدىن باياشات ـ پاراغەتلىك ھالەتكە ئېلىپ چىقىدۇ.

﴿**ئاندىن (ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن) كۈلپەتنى نېئمەتكە ئايلاندۇردۇق**﴾ يەنى ئۇلارنى ماڭا شۈكۈر قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر تۈرلۈك كېسەللەرنى ساقلىققا، يوقسۇللۇقلىرىنى باياشاتلىققا ئايلاندۇرۇپ بەردۇق. ﴿**شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆپەيدى**﴾ يەنى ئۇلار، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ۋە ماللىرى كۆپەيدى. لېكىن ئۇلار يەنىلا ﷲ تائالانىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمىدى.

﴿**ئۇلار: «بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بېشىغا ھەقىقەتەن كۈلپەتلەر، نېئمەتلەر كەلگەن ئىدى (بۇ ـ زاماننىڭ ئادىتى؛ ﷲ تەرىپىدىن كەلگەن ئوقۇبەت ئەمەس)» دېدى**﴾ يەنى بىز ئۇلارغا ﷲ تائالادىن گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلىشى، يېلىنىشى ۋە دۇئا قىلىشى ئۈچۈن تۈرلۈك كېسەللىك ۋە يوقسۇللۇق سېلىش بىلەن، ئاندىن باياشات ـ پاراغەت تۇرمۇش بېرىش بىلەن سىنىدۇق. لېكىن ئۇلارغا ئۇمۇ، بۇمۇ كار قىلمىدى. ئۇلار كۈپۈرلىقىدىن ئۇنىڭ بىلەنمۇ، بۇنىڭ بىلەنمۇ يانمىدى. بەلكى ئۇلار: بۇرۇنقى زاماندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا كەلگەن تۈرلۈك كېسەللىك ۋە يوقسۇللۇق، ئاندىن باياشاتلىق ۋە پاراۋانلىق بىزگىمۇ كەلدى. بۇ دېگەن تەبىئەتنىڭ قانۇنى، بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە بۇنداق بولۇپ تۇرىدۇ، ـ دېدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ﷲ تائالانىڭ ئۇلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان بۇ خىل ھۆكمى ۋە سىناقلىرىنى سەزمىدى.

كاپىرلارنىڭ بۇنداق قىلمىشى مۆمىنلەرنىڭ ﷲ تائالانىڭ نېئمەتلىرى كەلگەندە، ﷲ

تائالاغا شۈكۈر ئېيتىدىغان، بېشىغا قىيىنچىلىقلار كەلگەندە، ئۇنىڭغا سەۋر قىلىدىغان ھالەتلىرى بىلەن پۈتۈنلەي قارمۇ قارشىدۇر.

ئىمام مۇسلىم مۆمىنلەرنىڭ بۇ خىل پەزىلىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىننىڭ ئىشى كىشىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ. اللە تائالا ئۇنىڭغا قانداقلىكى بىر ئىش بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئۇ، مۆمىن ئۈچۈن ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا خۇشاللىق كەلسە شۈكۈر ئېيتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئۇنىڭغا بىر يامانلىق يېتىپ قالسا، ئۇ سەۋر قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر».

مۆمىن بەندە اللە تائالانىڭ ئۆزىنى ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە نېئمەتلەر بىلەن سىنىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا اللە تائالا ئۆزىنىڭ سىنىغانلىقىنى سېزەلمەيدىغان سۈپەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ بايانىنىڭ ئارقىسىدىنلا مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار خەۋەرسىز تۇرغاندا، ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت ھالاك قىلدۇق**﴾ يەنى ئۇلارنى ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق.

ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئۆلۈم مۆمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت، كاپىرلار ئۈچۈن ئازابتۇر».

* * * * * * *

وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ ٱلْقُرَىٰٓ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوْاْ لَفَتَحْنَا عَلَيْهِم بَرَكَٰتٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ وَلَٰكِن كَذَّبُواْ
فَأَخَذْنَٰهُم بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴿٩٦﴾ أَفَأَمِنَ أَهْلُ ٱلْقُرَىٰٓ أَن يَأْتِيَهُم بَأْسُنَا بَيَٰتًا وَهُمْ نَآئِمُونَ ﴿٩٧﴾
أَوَأَمِنَ أَهْلُ ٱلْقُرَىٰٓ أَن يَأْتِيَهُم بَأْسُنَا ضُحًى وَهُمْ يَلْعَبُونَ ﴿٩٨﴾ أَفَأَمِنُواْ مَكْرَ ٱللَّهِ فَلَا يَأْمَنُ
مَكْرَ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلْقَوْمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٩٩﴾

(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان - زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق﴿96﴾. (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقمامدۇ﴿97﴾. شەھەرلەر ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ چۈش ۋاقتىدا - ئۇلار ئويناپ تۇرغانلىرىدا كېلىشىدىن قورقمامدۇ﴿98﴾. ئۇلار اللە نىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا اللە نىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقمامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا اللە نىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ﴿99﴾.

## بەرىكەتنىڭ ئىمان بىلەن، غەزەپنىڭ كۇپۇرلۇق بىلەن كېلىدىغانلىقى

اللە تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئەۋەتىلگەن جايلاردىكى كىشىلەر ئىچىدە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن باشقا ئۈممەتلەرنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىنىڭلا ئىمان ئېيتقانلىقىدىن

ۋە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ھالاك بولغان شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە) يۇنۇس قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ ئالامىتىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق، يۇنۇس قەۋمى ئىمان ئېيتقاندا، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر دۇنيادىكى شەيئىلەردىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾[1] يەنى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن باشقا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى پۈتۈنلەي ئىمان ئېيتمىدى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتتى. چۈنكى ئۇلار ئازابنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىمان ئېيتقان ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇنى بىز 100 مىڭ، بەلكى (بۇنىڭدىنمۇ) كۆپ (بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق. (ئۇلار ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەن چاغدا) ئىمان ئېيتتى. مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئەجىلى يەتكەنگە قەدەر) ئۇلارنى (ھاياتتىن) بەھرىمەن قىلدۇق﴾[2]، ﴿قايسى شەھەرگە بولمىسۇن، بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتسەكلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى﴾[3].

**﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى﴾** يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە چىن دىلى بىلەن ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن، يامان ئىشلارنى تاشلاپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلغان بولسا، **﴿ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق﴾** يەنى ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرەتتۇق.

**﴿لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق﴾** يەنى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلىش بىلەن جازالىدۇق.

ئاندىن الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشىلىق قىلىشقا پېتىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ؟﴾**

**﴿ئۇلار الله نىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا الله نىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقامدۇ؟﴾** يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز ۋە غەپلەتتە تۇرغاندا، الله تائالانىڭ غەزىپىنىڭ ۋە ئازابىنىڭ كېلىشىدىن، شۇنداقلا الله تائالانىڭ ئۇلارنى قاتتىق تۇتۇشىدىن قورقامدۇ؟ **﴿پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا الله نىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ﴾** شۇڭا ھەسەنبەسرى مۇنداق دېدى: مۆمىن ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى الله تائالادىن قورقۇپ تۇرۇپ قىلىدۇ. يامان ئادەم گۇناھ ئىشلارنى قورقماي قىلىۋېرىدۇ.

(1) شۇئەرا سۈرىسى 189 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ساففات سۈرىسى 147 ـــ 148 ـ ئايەتلەر.
(3) سەبەئ سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

*******

أَوَلَمْ يَهْدِ لِلَّذِينَ يَرِثُونَ ٱلْأَرْضَ مِنۢ بَعْدِ أَهْلِهَآ أَن لَّوْ نَشَآءُ أَصَبْنَٰهُم بِذُنُوبِهِمْ ۚ وَنَطْبَعُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَسْمَعُونَ ﴿١٠٠﴾

زېمىننىڭ ئىلگىرىكى ئىگىلىرى (ھالاك بولغان) دىن كېيىن، (زېمىنغا) ۋارىس بولغۇچىلارنى، خالىساق، گۇناھى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىدىغانلىقىمىز، دىللىرىنى پېچەتلىۋېتىدىغانلىقىمىز ئۇلارغا (يەنى زېمىنغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا) ئايان بولمىدىمۇ؟ ئۇلار (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمايدۇ﴿100﴾.

﴿**ئۇلار (ھەق سۆزنى) ئاڭلىمايدۇ**﴾ يەنى ئۇلار ۋەز ـ نەسىھەتنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىمايدۇ. **الله** تائالا كېيىنكىلەرنىڭمۇ يامان ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارنىمۇ ئوخشاشلا ھالاك قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان) نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟ ئۇلار شۇ ئۈممەتلەرنىڭ ماكانلىرىدا مېڭىپ يۈرىدۇ، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾[1]، ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن قانچىلىغان ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ ئۇلار (يەنى مەككىلىكلەر) ئۇلار (يەنى ھالاك بولغانلار) نىڭ يۇرتىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنىڭ چوڭلۇقىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار، ئۇلار ئاڭلىمامدۇ؟﴾[2]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن، (بۇ كۈندە) زالىملار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ). ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى (ھالاك قىلغىنىمىزدىن كېيىن) سىلەر ئۇلارنىڭ جايلىرىدا تۇردۇڭلار (ئۇلارنىڭ جايلىرىدىن ئىبرەت ئالساڭلارچۇ)، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق مەلۇم بولدى. سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈردۇق (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدۇق)﴾[3]، ﴿ئۇلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلاردىن بىرەر ئەھەدىنى كۆرەلەمسەن؟ ياكى ئۇلاردىن بىرەر پەس ئاۋاز ئاڭلىيالامسەن؟ (يەنى ئۇلار شۇنداق تەلتۆكۈس ھالاك قىلىندىكى، ئۇلاردىن كۆرگىلى ۋە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى ھېچ ئەھەدى قالمىدى)﴾[4] ۋە بۇنىڭدىن باشقا **الله** تائالانىڭ ئازابىنىڭ **الله** تائالانىڭ دۈشمىنى بولغان كاپىرلارغا ۋە نېمىتىنىڭ **الله** تائالانىڭ يېقىنلىرى بولغان مۆمىنلەرگە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

*******

(1) تاھا سۈرىسى 128 ـ ئايەت.
(2) سەجدە سۈرىسى 26 ـ ئايەت.ئىبراھىم سۈرىسى 44 ــ 45 ـ ئايەتلەر .
(3) ئىبراھىم سۈرىسى 44 ــ 45 ـ ئايەتلەر .مەريەم سۈرىسى 98 ـ ئايەت.
(4) مەريەم سۈرىسى 98 ـ ئايەت.

تِلۡكَ ٱلۡقُرَىٰ نَقُصُّ عَلَيۡكَ مِنۡ أَنۢبَآئِهَاۚ وَلَقَدۡ جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْ بِمَا كَذَّبُواْ مِن قَبۡلُۚ كَذَٰلِكَ يَطۡبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٠١﴾ وَمَا وَجَدۡنَا لِأَكۡثَرِهِم مِّنۡ عَهۡدٖۖ وَإِن وَجَدۡنَآ أَكۡثَرَهُمۡ لَفَٰسِقِينَ ﴿١٠٢﴾

ئەشۇ شەھەرلەر (ئاھالىسى) نىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا ھېكايە قىلىپ بېرىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار ئىلگىرى (ھەقنى) ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇ مۆجىزىلەرگە) ئىمان ئېيتمىدى. ﷲ كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيدۇ﴿101﴾. ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ (روزىمىساقتا) بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بايقىمىدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ شەكسىز پاسىقلار (يەنى ﷲ نىڭ ئەمرى ـ پەرمانىدىن باش تارتقۇچىلار) ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق﴿102﴾.

ﷲ تائالا يۇقىرىدا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇھ، ھۇد، سالىھ، لۇت ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملارنىڭ خەۋەرلىرىنى، ئۇ قەۋملەر ئىچىدىن كاپىرلارنى ھالاك قىلىپ، مۆمىنلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ يەردە ﷲ تائالا بۇ قەۋملەرگە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتىپ، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ھەقنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ قەۋملەرنىڭ ئاڭلىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئەشۇ شەھەرلەر (ئاھالىسى) نىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا ھېكايە قىلىپ بېرىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا مۆجىزىلەر ئېلىپ كەلگەن ئىدى**﴾.

ﷲ تائالا ھېچقانداق بىر قەۋمنى ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ ئازابلىمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مانا بۇلار (ئاھالىسىنى بىز ھالاك قىلغان) يۇرتلارنىڭ خەۋەرلىرىدۇر، ئۇنى ساڭا (ۋەھيى ئارقىلىق) بايان قىلىمىز. ئۇ يۇرتلاردىن ئىزى قالغانلىرىمۇ بار (يەنى ئاھالىسى ھالاك قىلىنىپ، يۇرتلىرىنىڭ ئورنى قالدۇرۇلغانلىرىمۇ بار)، ئىزى قالمىغانلىرىمۇ بار (يەنى ئاھالىسى بىلەن قوشۇپ ئورۇۋېتىلگەن زىرائەتتەك ۋەيران قىلىنغانلىرىمۇ بار). بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴾[1].

﴿**ئۇلار ئىلگىرى (ھەقنى) ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن (ئۇ مۆجىزىلەرگە) ئىمان ئېيتمىدى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە ئىمان ئېيتماسلىقى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى دەسلىۋىدىلا ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) مۆجىزىلەر (مېنىڭ ئەمەس)، ﷲ نىڭ دەرگاھىدىكى ئىش، دېگىن. (ئى مۆمىنلەر!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر كەلسە ئۇلار ئېھتىمال، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز﴾[2].

(1) ھۇد سۈرىسى 100 ــ 101 ـ ئايەتلەر.
(2) ئەنئام سۈرىسى 109 ــ 110 ـ ئايەتلەر.

**﴿الله كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ (روزىمىساقتا) بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى بايقىمىدۇق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ شەكسىز پاسىقلار (يەنى الله نىڭ ئەمرى ـ پەرمانىدىن باش تارتقۇچىلار) ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق﴾** يەنى بىز ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىزگە بويسۇنۇشتىن، ئىتائەت قىلىشتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. الله تائالا ئۇلاردىن ئالغان ۋەدە بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىكى چېغىدىلا ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى ئىكەنلىكىگە، الله تائالادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىدىغانلىقىغا ئالغان، ئۇنى ئىقرار قىلغان، گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەتلىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ۋەدىسىدۇر. ئادەم بالىلىرى الله تائالاغا بەرگەن ئاشۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى. ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان، ئەقىلگىمۇ سىغمايدىغان ۋە شەرىئەتمۇ قوبۇل قىلمايدىغان قىلمىشنى، يەنى ئىبادەت قىلغاندا، الله تائالاغا باشقا بىرسىنى شېرىك قىلىپ ئىبادەت قىلىشتەك شېرىك ئىشنى قىلدى. ئەسلى ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئىتىدە بۇنداق ئىشلارنى قىلىش ئىستىكى بولمايدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەر باشتىن ـ ئاخىرى ئىنسانلارنى مۇشۇنداق شېرىك ئىشنى قىلىشتىن توسۇپ كەلدى.

ئىمام مۇسلىم ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئىستىكىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ھەدىسى قۇددىسىدا: مەن ھەقىقەتەن بەندىلىرىمنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتتىم. ئاندىن شەيتان كېلىپ ئۇلارنى ئۆز دىنىدىن ئايرىۋەتتى، مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام سانايدىغان قىلىۋەتتى، ـ دېدى».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بالا دىنىنى تونۇش تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ. (ئۇ بالىنىڭ) ئاتا ـ ئانىسى ئۇ بالىنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ۋەياكى ئاتەشپەرەست قىلىدۇ».

* * * * * * *

ثُمَّ بَعَثۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِم مُّوسَىٰ بِـَٔايَٰتِنَآ إِلَىٰ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَإِيْهِۦ فَظَلَمُواْ بِهَاۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿١٠٣﴾

مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن، (مىسىرنىڭ مۇسا زامانىدىكى پادىشاھى) پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى، بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن﴿103﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى

**﴿مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، مۇسانى مۆجىزىلىرىمىز بىلەن، (مىسىرنىڭ مۇسا**

**زامانىدىكى پادىشاھى) پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق﴾** يەنى يۇقىرىدا قىسسىسى بايان قىلىنغان نۇھ، ھۇد، سالىھ، لۇت ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش، مۇسانىمۇ (مۇسانىڭ زامانىسىدىكى) مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئوچۇق پاكىت ۋە مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق.

**﴿ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى، بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن﴾** يەنى ئۇلار تەرسالىق قىلىپ، ئۇ مۆجىزىلەرنى ۋە پاكىتلارنى ئىنكار قىلدى. ئۇنىڭغا ئىشىنىشتىن باش تارتتى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۇ ئايەتلەرنى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى زۇلۇم ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ئىنكار قىلدى. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارىغىن﴾[1] يەنى بۇزغۇنچىلار بولسا، كىشىلەرنى **الله** تائالانىڭ يولىدىن توسايدىغان ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەردۇر. سەن ئۇلارنى قانداق قىلىۋەتكەنلىكىمىزگە قارىغىن. بىز ئۇلارنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كۆز ئالدىدا بىرىنىمۇ قويماي سۇغا غەرق قىلىۋەتتۇق. بۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە بېرىلگەن ئەڭ ئېغىر دەرىجىدىكى رەسۋا قىلغۇچى ئازاب، مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى تەسەللىدۇر.

* * * * * * *

وَقَالَ مُوسَىٰ يَـٰفِرْعَوْنُ إِنِّي رَسُولٌ مِّن رَّبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿١٠٤﴾ حَقِيقٌ عَلَىٰٓ أَن لَّآ أَقُولَ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا
ٱلْحَقَّ قَدْ جِئْتُكُم بِبَيِّنَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ فَأَرْسِلْ مَعِيَ بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ﴿١٠٥﴾ قَالَ إِن كُنتَ جِئْتَ بِـَٔايَةٍ
فَأْتِ بِهَآ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّـٰدِقِينَ ﴿١٠٦﴾

مۇسا ئېيتتى: «ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن﴿104﴾. **الله** نامىدىن پەقەت ھەقىقەتتىن باشقىنى ئېيتماسلىقىقا لايىقمەن، راستىنلا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن قويۇپ بەرگىن (مەن بىلەن بىللە ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى مۇقەددەس زېمىنغا بارسۇن)»﴿105﴾ پىرئەۋن (مۇساغا): «ئەگەر سەن (پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ دەۋايىڭدا) راستچىللاردىن بولساڭ، ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن» دېدى﴿106﴾.

**الله** تائالا بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن مۇنازىرىلەشكەنلىكىدىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ مىللىتى بولغان قىبتىلارنىڭ ئالدىدا ئوچۇق پاكىت ۋە مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق مۇنازىرىدە پىرئەۋننى ئۇتتۇۋالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿مۇسا ئېيتتى: «ئى پىرئەۋن! مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرمەن﴾** يەنى مېنى ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىدارچىلىق

(1) نەمل سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

قىلغۇچىسى بولغان زات (الله ) پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى.

﴿**الله نامىدىن پەقەت ھەقىقەتتىن باشقىنى ئېيتماسلىقىقا لايىقمەن**﴾ يەنى شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا تەرىپىدىن ماڭا بىلدۈرۈلگەن ھەق ۋە راست بولغاندىن باشقىنى بايان قىلماسلىق ماڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىدۇر.

﴿**راستىنلا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم**﴾ يەنى مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن دىندا مېنىڭ راستچىللىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن الله تائالا ماڭا بەرگەن، الله تائالا تەرىپىدىن ئىكەنلىكى ناھايىتىمۇ روشەن بولغان بىر مۆجىزىنى ئېلىپ كەلدىم.

﴿**شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسرائىل ئەۋلادىنى مەن بىلەن قويۇپ بەرگىن (مەن بىلەن بىللە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى مۇقەددەس زېمىنغا بارسۇن)»**﴾ يەنى سەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئەسىرگە ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىشتىن قويۇپ بەرگىن. ئۇلارنى سېنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله تائالاغا ئىبادەت قىلغىلى قويغىن. چۈنكى ئۇلار الله تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى بولغان يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدۇر.

﴿**پىرئەۋن (مۇساغا): «ئەگەر سەن (پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ دەۋايىڭدا) راستچىللاردىن بولساڭ، ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن» دېدى**﴾ يەنى پىرئەۋن مەن سېنىڭ دېگەنلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن. شۇنداقلا سېنىڭ مەندىن تەلەپ قىلغانلىرىڭنىمۇ ئورۇندىمايمەن ئەگەر سەن مۆجىزە بىلەن ئەۋەتىلدىم دېگەن سۆزلىرىڭدە راستچىل بولساڭ، بۇ مۆجىزىنى چىقىرىپ باققىن، بىز ئۇنى كۆرۈپ باقايلى، - دېدى.

* * * * * * *

فَأَلْقَىٰ عَصَاهُ فَإِذَا هِيَ ثُعْبَانٌ مُّبِينٌ ﴿١٠٧﴾ وَنَزَعَ يَدَهُۥ فَإِذَا هِيَ بَيْضَآءُ لِلنَّٰظِرِينَ ﴿١٠٨﴾

مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى﴿107﴾. قولىنى (ياقىسىدىن) چىقىرىۋىدى، ئۇ ناگاھان قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى﴿108﴾.



## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ۋە قولى توغرىسىدا

﴿**مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاھان ئاشكارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ھاسا ئاشكارا بىر ئەركەك يىلانغا ئايلاندى[1].

(1) ئەجدىھانىڭ ھەقىقىي مەجۇت بولۇپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشەنچلىك پاكىت بولمىغاچقا ھەم ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىرىدە ئەركەك يىلان دەپ بايان قىلىنغاچقا، بۇ يەردە شۇ بويىچە ئېلىندى.

سۇددى ۋە زەھھاك قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش دېدى.

يەزىد ئىبنى ھارۇن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سەئىدى ئىبنى جۇبەيرىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ھاسا ناھايىتى يوغان بىر يىلانغا ئايلاندى ـ دە، دەرھال ئاغزىنى ئاچقان پېتى پىرئەۋن تەرەپكە ئېتىلدى. بۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن پىرئەۋن تەختتىن سەكرەپ چۈشۈپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يىلاننى تىزگىنلىۋېلىشىنى ئۆتۈنۈپ سورىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام يىلاننى تۇختىتىۋالدى.

سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ھاسا ناھايىتى يوغان ئەركەك يىلانغا ئۆزگەردى ـ دە، ئاستىنقى كالپۇكىنى يەردە، ئۈستۈن كالپۇكىنى سارايىنىڭ ئۆگزىسىنىڭ ئېگىزلىكىدە ئېچىپ پىرئەۋنگە ئېتىلدى. ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن پىرئەۋن تەختىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىشتىنىغا سىيىۋەتتى. ئۇنىڭدا ئەزەلدىن مۇنداق ھالەت يۈز بېرىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يېلىنىپ: ئى مۇسا! يىلاننى تىزگىنلىۋالغىن. مەن سېنىڭ ئىلاھىڭغا ئىمان ئېيتاي، ئىسرائىل ئەۋلادىنى سەن بىلەن كېتىشكە قويۇپ بېرەي، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام يىلاننى تىزگىنلىۋىدى، ئۇ يىلان ئەسلىدىكى ھاسا ھالىتىگە قايتتى.

**﴿قولىنى (ياقىسىدىن) چىقىرىۋىدى، ئۇ ناگاھان قارىغۇچىلارغا (نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان) ئاپئاق بولۇپ كۆرۈندى﴾** يەنى ئۇ قولىنى قوينىغا سېلىپ چىقىرىۋىدى، ئۇنىڭ قولى ئاپتاپ نۇر چاقناپ تۇرغان بىر قولغا ئايلاندى. بۇ قولنىڭ ئاقلىقى ھېچقانداق بىر كېسەللىكتىن ئەمەس ئىدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ﴾.[1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قولىنى قوينىغا قايتۇرۇپ سېلىۋىدى، بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتتى. بۇ ھەقتە مۇجاھىد ۋە باشقىلارمۇ ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش دېدى.

* * * * * *

قَالَ ٱلْمَلَأُ مِن قَوْمِ فِرْعَوْنَ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٌ عَلِيمٌ ﴿١٠٩﴾ يُرِيدُ أَن يُخْرِجَكُم مِّنْ أَرْضِكُمْ فَمَاذَا تَأْمُرُونَ ﴿١١٠﴾



پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئېيتتى: «بۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن﴿109﴾. ئۇ سىلەرنى زېمىنىڭلار (يەنى مىسىر زېمىنى) دىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتمەكچى. نېمە مەسلىھەت بېرىسىلەر؟»﴿110﴾.

(1) نەمل سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەر دېگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا سېھىرگەرلەر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلىغانلىقى

پىرئەۋنىنىڭ قورقۇنچىسى تۈگەپ، تەختكە قايتىپ چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن: مۇسا ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن، ـ دېدى. پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرىمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ: ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر ئىكەن، ـ دېيىشتى. ئۇلار يىغىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىنى يەنى ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن نۇرىنى قانداق ھىيلە بىلەن ئۆچۈرۈش، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تەسىرىنى قانداق قىلىپ ئاجىزلاشتۇرۇش، پىرئەۋنىنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سەپسەتىلىرىنى قانداق قىلىپ ئۈستۈنلىككە چىقىرىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى ۋە كىشىلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى) سېھىرلىرىنىڭ تەسىرىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، ئۆزلىرىنى زېمىنلىرىدىن چىقىرىۋېتىشتىن ئەنسىرەشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار قورققان ئىش يۈز بەردى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار) دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسەتمىز﴾[1] ئۇلار شۇ مەسلىھەتلەردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قارارى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە بايان قىلىنغىنىدەك بولدى.

* * * * * * *

قَالُوٓاْ أَرۡجِهۡ وَأَخَاهُ وَأَرۡسِلۡ فِي ٱلۡمَدَآئِنِ حَٰشِرِينَ ﴿١١١﴾ يَأۡتُوكَ بِكُلِّ سَٰحِرٍ عَلِيمٖ ﴿١١٢﴾

ئۇلار ئېيتتى: «(ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۆزەڭ بىر پىكىرگە كەلگۈچە) تەخىر قىلغىن، شەھەرلەرگە (سېھىرگەرلەرنى) يىغقۇچى كىشىلەرنى ئەۋەتكىن﴿111﴾. ئۇلار بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەلسۇن»﴿112﴾.

ئۇلارنىڭ زامانىسىدا سېھىرگەرلىك ئەۋجىگە چىققان ئىدى. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرنىمۇ سېھىرگەرلەرنىڭ ئىشلىرىدىن دەپ تونىدى. شۇڭا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سېھىرگەرلەر ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچى بولۇپ، سېھىرگەرلەرنى توپلىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ساڭا بىز شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىر بىلەن تاقابىل تۇرىمىز، سەن بىزگە ئۆز ئارا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى». مۇسا ئېيتتى: «سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغ بايرام كۈنى بولۇپ، كىشىلەر چاشكا ۋاقتىدا يىغىلسۇن». پىرئەۋن قايتىپ كېتىپ ھىيلە ـ مىكرىنى

(1) قەسەس سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

(يەنى سېھرىگەرلەرنى) توپلىدى. ئاندىن ئۇ (سېھرىگەرلەرنى ۋە سېھرىدە ئىشلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا) كەلدى﴾[1].

* * * * * * *

وَجَآءَ ٱلسَّحَرَةُ فِرۡعَوۡنَ قَالُوٓاْ إِنَّ لَنَا لَأَجۡرًا إِن كُنَّا نَحۡنُ ٱلۡغَٰلِبِينَ ﴿١١٣﴾ قَالَ نَعَمۡ وَإِنَّكُمۡ لَمِنَ ٱلۡمُقَرَّبِينَ ﴿١١٤﴾ قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ أَن تُلۡقِيَ وَإِمَّآ أَن نَّكُونَ نَحۡنُ ٱلۡمُلۡقِينَ ﴿١١٥﴾ قَالَ أَلۡقُواْۖ فَلَمَّآ أَلۡقَوۡاْ سَحَرُوٓاْ أَعۡيُنَ ٱلنَّاسِ وَٱسۡتَرۡهَبُوهُمۡ وَجَآءُو بِسِحۡرٍ عَظِيمٖ ﴿١١٦﴾

(پىرئەۋن سېھرىگەرلەرنى يىغىشقا ئادەملىرىنى ئەۋەتتى) سېھرىگەرلەر پىرئەۋنىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلار: «ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، بىزگە چوقۇم مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟» دېدى﴿113﴾. پىرئەۋن: «ھەئە، (مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە) سىلەر چوقۇم مېنىڭ يېقىن كىشىلىرىم بولۇپ قالىسىلەر» دېدى﴿114﴾. ئۇلار (يەنى سېھرىگەرلەر): «ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى بىز (ئۆزىمىزنىڭكىنى) ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» دېدى﴿115﴾. مۇسا: «سىلەر تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرىنىدىغان) سېھرنى كۆرسەتتى﴿116﴾.

## سېھرىگەرلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ ئارغامچا، ھاسىلىرىنى يىلانغا ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن سېھىر ئىشلەتكەنلىكى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پىرئەۋنىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چاقىرتىپ كەلگەن سېھرىگەرلىرىنىڭ ئەگەر ئۆزلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، پىرئەۋنىنىڭ ئۆزلىرىگە نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بېرىشىنى شەرت قىلغانلىقىدىن، پىرئەۋنىنىڭ ئۇلار تەلەپ قىلغان مال ـ دۇنيانى بەرمەكچى بولغانلىقىدىن ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن قىلىشقا ۋەدە قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. سېھرىگەرلەر پىرئەۋندىن ۋەدە ئېلىپ بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿«ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن ياكى بىز (ئۆزىمىزنىڭكىنى) ئاۋۋال تاشلامدۇق؟»﴾ بۇ سېھرىگەرلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كىمنىڭ ئاۋۋال ماھارەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى سورىغانلىقىدۇر. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن؟ ياكى (ئارغامچا ـ ھاسىلىرىمىزنى) بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟»﴾[2]

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: سىلەر ئاۋۋال تاشلاڭلار، ـ دېدى. بەزى ئالىملار: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋۋال تاشلىماسلىقىدىكى ھېكمەت شۇكى، سېھرىگەرلەرنىڭ سېھرلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ ئويلىنىۋېلىشى، شۇنداقلا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمەكچى بولغان، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە "سېھىر"

(1) تاھا سۈرىسى 58 — 60 ـ ئايەتلەر.
(2) تاھا سۈرىسى 65 ـ ئايەت.

دەپ قارالغان مۆجىزىنى ئۇلار كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ تۇرغاندا كۆرسەتسەل بۇ مۆجىزىنىڭ ئۇلارنىڭ ئېڭىغا قاتتىق تەسىر قىلىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر، ـ دېدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**موسا: «سىلەر تاشلاڭلار!» دېدى. ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى**﴾ يەنى سېھىرگەرلەرنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى كىشىلەرگە خۇددى راستتەكلا تۇيغۇ بەردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىيالى تۇيغۇ بېرىدىغان كۆز بويامچىلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆز بويامچىلىقى كىشىلەرنى قورقۇتىۋەتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(بۇنىڭدىن) موسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى. بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن. قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ»﴾[1] سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سېھىرگەرلەر تۈم ئارغامچا ۋە ئۇزۇن ياغاچلارنى تاشلىدى. ئۇلارنىڭ سېھىرلىرىنىڭ تەسىرىدىن، بۇ نەرسىلەر موسا ئەلەيھىسسالامغا خۇددى ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى.

* * * * * * *

﴿وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ ۖ فَإِذَا هِىَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ (١١٧) فَوَقَعَ ٱلْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُوا۟
يَعْمَلُونَ (١١٨) فَغُلِبُوا۟ هُنَالِكَ وَٱنقَلَبُوا۟ صَٰغِرِينَ (١١٩) وَأُلْقِىَ ٱلسَّحَرَةُ سَٰجِدِينَ (١٢٠) قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا بِرَبِّ
ٱلْعَٰلَمِينَ (١٢١) رَبِّ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ (١٢٢)﴾

موساغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھىي قىلدۇق، (موسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى﴿117﴾. ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەرbات بولدى﴿118﴾. بۇ يەردە ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمى) مەغلۇپ بولدى، خار بولغان ھالدا (شەھەرگە) قايتتى﴿119﴾. سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى﴿120﴾. ئۇلار دېدى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق﴿121﴾. موسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق)»﴿122﴾.



## موسا ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە سېھىرگەرلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكى

الله تائالا بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى موسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ ئايرىلىقىنى ئايرىيدىغان بۇ ئورۇندا ۋەھيي قىلىپ، موسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئوڭ قولىدىكى

---

(1) تاھا سۈرىسى 67 ــــ 69 ـ ئايەتلەر.

هاسىنى تاشلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿«**هاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھى قىلدۇق، (مۇسا هاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى**﴾ يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ هاسىسى سېھىرگەرلەرنىڭ ئۆزلىرىچە توغرا دەپ قاراپ تاشلىغان سېھىرلىرىنى يۇتۇۋەتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇما بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ هاسىسى سېھىرگەرلەرنىڭ تاشلىغان ئارغامچا ۋە ياغاچلىرىنىڭ قايسى بىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى يۇتۇپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن، سېھىرگەرلەر بۇنىڭ سېھىر ئەمەس، بەلكى ئاسماندىن چۈشكەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپ، شۇ هامانلا سەجدىگە بېرىپ: ﴿«**ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق. مۇسا ۋە هارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق)**»﴾ دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ هاسىسى سېھىرگەرلەرنىڭ ئارغامچا ۋە ياغاچلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يۇتۇپ، شۇ مەيداندا سېھىرگەرلەر تاشلىغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى قويمىدى. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ يىلاننى تۇتتۇۋېدى. يىلان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بۇرۇنقىدەك هاسا هالىتىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن، سېھىرگەرلەر سەجدىگە بېرىپ: ﴿«**ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق. مۇسا ۋە هارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق)**»﴾، ئەگەر مۇسا سېھىرگەر بولغان بولسا، بىزنى يېڭەلمىگەن بولاتتى، ـ دېيىشتى.

قاسىم ئىبنى ئەبۇبەزە مۇنداق دېدى: الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: هاساڭنى تاشلا! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى. مۇسا هاسىسىنى تاشلىدى. هاسا شۇ هامانلا ئاشكارا بىر يىلانغا ئايلىنىپ، سېھىرگەرلەر تاشلىغان ئارغامچا ۋە ياغاچلىرىنى يۇتۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، سېھىرگەرلەر سەجدە قىلغان هالەتتە يەرگە يىقىلدى. ئۇلار تاكى جەننەت ۋە دوزاخنى ھەمدە قانداق مۇكاپات ۋە جازالارنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى (الله تائالانىڭ كۆرسىتىشى بويىچە) كۆرمىگىچە باشلىرىنى سەجدىدىن كۆتۈرمىدى.

*******

قَالَ فِرْعَوْنُ ءَامَنتُم بِهِۦ قَبْلَ أَنْ ءَاذَنَ لَكُمْۖ إِنَّ هَٰذَا لَمَكْرٌ مَّكَرْتُمُوهُ فِي ٱلْمَدِينَةِ لِتُخْرِجُواْ مِنْهَآ
أَهْلَهَاۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿١٢٣﴾ لَأُقَطِّعَنَّ أَيْدِيَكُمْ وَأَرْجُلَكُم مِّنْ خِلَٰفٍ ثُمَّ لَأُصَلِّبَنَّكُمْ أَجْمَعِينَ ﴿١٢٤﴾
قَالُوٓاْ إِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا مُنقَلِبُونَ ﴿١٢٥﴾ وَمَا تَنقِمُ مِنَّآ إِلَّآ أَنْ ءَامَنَّا بِـَٔايَٰتِ رَبِّنَا لَمَّا جَآءَتْنَا رَبَّنَآ أَفْرِغْ
عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ ﴿١٢٦﴾

پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ مۇساغا ئىمان ئېيتتىڭلار، بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (يەنى مىسىر) دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلاردۇر. (سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر﴿123﴾. سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول

قولۇڭلارنى) چوقۇم كېسىمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن»﴿124﴾. سېھىرگەرلەر ئېيتتى: «بىز، ئەلۋەتتە، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز﴿125﴾. سەن بىزنى پەقەت پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن، پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن»﴿126﴾.

## سېھىرگەرلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، پىرئەۋننىڭ ئۇلارغا سالغان تەھدىتى ۋە ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى

**الله** تائالا بۇ ئايەتلەردە سېھىرگەرلەرنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، پىرئەۋننىڭ (**الله** ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!) سېھىرگەرلەرگە تەھدىت سېلىپ: بۇگۈن مېنىڭ يېڭىلىپ قېلىشىم سىلەرنىڭ مۇسا بىلەن ئالدىن كېلىشىۋالغان بىر پىلانىڭلارنىڭ سەۋەبىدىندۇر، ـ دېگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. بۇ، تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەرگە مەن رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم سىلەرگە سېھىرنى ئۆگەتكەن چوڭۇڭلار ئىكەن﴾[1].

پىرئەۋن ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ھەرقانداق بىر ئادەم، پىرئەۋننىڭ سۆزىنىڭ ئەڭ خاتا سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. چۈنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام مەديەن دېگەن شەھەردىن كېلىپلا، پىرئەۋننى **الله** تائالا تەرەپكە چاقىردى. ئۆزىنىڭ **الله** تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىگە كاتتا مۆجىزىلەر ۋە كەسكىن پاكىتلارنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پىرئەۋن ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەھەرلىرىگە سېھىرگەرلەرنى يىغىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. ئەۋەتىلگەن ئادەملەر مىسىرنىڭ ھەر بىر شەھەرلىرىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى تاللىغان سېھىرگەرلەرنى يىغىپ پىرئەۋننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. پىرئەۋن ئۇلارغا ئەگەر غەلىبە قىلسا، نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، پىرئەۋننىڭ ئالدىدا يۇقىرى مەرتىبىگە ئېرىشىشكە ناھايىتىمۇ ھېرىسمەن ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا، ئۇلاردىن بىرەر كىشىنىمۇ تونۇمايتتى. ھەتتا ئۇلاردىن بىرسىنىمۇ ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدى. پىرئەۋن بۇنى ئوبدان بىلەتتى. پىرئەۋننىڭ بۇنداق دېيىشى نادان خەلقلىرىنى گوللاش ئۈچۈنلا ئىدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىرئەۋن قەۋمىنى گوللىغانلىقتىن، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى﴾[2]. چۈنكى پىرئەۋننىڭ: **﴿مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن﴾** دېگەن سۆزىگە ئىشەنگەن خەلق ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ نادان ۋە ئازغۇن خەلقتۇر.

**﴿بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەر (يەنى مىسىر) دىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن (مۇسا بىلەن بىرلىشىپ) ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلاردۇر﴾** سۇددى ئىبنى مەسئۇد،

(1) تاھا سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ئابباس ۋە باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام سېھىرگەرلەرنىڭ باشلىقى بىلەن ئۇچراشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ئەگەر مەن سېنى ئۇتۇۋالسام، سەن ماڭا ئىمان ئېيتامسەن؟ ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن دىننىڭ ھەقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ قېنى دەپ باق!ـ دېدى. سېھىرگەرلەرنىڭ باشلىقى: مەن ئەتە ھېچقانداق سېھىرگەر يېڭەلمەيدىغان بىر سېھىرنى قىلىمەن. اللە نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سەن مېنى ئۇتۇۋالساڭ، مەن ساڭا چوقۇم ئىمان كەلتۈرىمەن، سەن ئېلىپ كەلگەن دىننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن،ـ دېدى. بۇ ئىككىسى شۇ سۆزلەرنى قىلىشقاندا، پىرئەۋن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىدى. شۇڭا پىرئەۋن يۇقىرىقى سۆزنى قىلدى. يەنى پۈتۈن دۆلەت مۇسا بىلەن سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سىلەر ئۇ دۆلەتتىن دۆلەتنىڭ چوڭلىرىنى چىقىرىۋېتىسىلەر، دۆلەتكە سىلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىسىلەر. ﴿**(سىلەرنى قانداق جازالايدىغانلىقىمنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر**﴾.

ئاندىن پىرئەۋن ئۇلارغا قانداق جازا بەرمەكچى بولغانلىقىنى تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن ئوچۇق بايان قىلدى: ﴿**«سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى چوقۇم ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى) چوقۇم كېسىمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن»**﴾ بۇ ھەقتە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: ﴿مەن چوقۇم سىلەرنىڭ قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى ئوڭ ـ چەپ قىلىپ (يەنى ئوڭ قول بىلەن سول پۇتنى، ئوڭ پۇت بىلەن سول قولنى) كېسىپ تاشلايمەن، سىلەرنى چوقۇم خورما دەرەخلىرىگە ئاسىمەن﴾[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئەڭ بۇرۇن دارغا ئاسقان ۋە پۇت ـ قوللارنى ئوڭ ـ چەپ قىلىپ كەسكەن كىشى پىرئەۋندۇر.

ئۇ سېھىرگەرلەر پىرئەۋنگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ﴿**«بىز، ئەلۋەتتە، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز**﴾ يەنى بىز ئۆزىمىزنىڭ اللە تائالا تەرىپىگە قايتىدىغانلىقىمىزنى جەزملەشتۈردۇق. اللە تائالانىڭ ئازابى سېنىڭ ئازابىڭدىن قاتتىقتۇر. سېنىڭ بۈگۈن بىزنى چاقىرىشىڭ ۋە مەجبۇرلىشىڭ ئاستىدا سېھىر قىلىشتىن ئىبارەت قىلغان گۇناھىمىزغا اللە تائالانىڭ بېرىدىغان جازاسى سېنىڭ جازايىڭدىن قاتتىقتۇر. شۇڭا بىز اللە تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ ئازابىڭغا بەرداشلىق بېرىمىز.

﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن**﴾ يەنى بىزگە سېنىڭ دىنىڭدا چىڭ تۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن كەلگەن ئەزىيەتنى كۆتۈرۈشكە سەۋر ئاتا قىلغىن. ﴿**بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن»**﴾ يەنى بىزنىڭ جانلىرىمىزنى (بىز سېنىڭ) پەيغەمبىرىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولۇپ تۇرغىنىمىزدا ئالغىن. شۇڭا ئۇلار پىرئەۋنگە مۇنداق دېدى: ﴿(بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ. بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلسۇن دەپ بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق، اللە نىڭ (ساۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ اللە نىڭ (ئازابى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمىيدۇر».

(1) تاھا سۈرىسى 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىمكى گۇناھكار ھالدا الله غا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ دوزاختا كىرىدۇ، دوزاختا ئۇ ئۆلمەيدۇ ۋە (ئوبدان) ياشىمايدۇ. كىمكى مۆمىن بولۇپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا الله غا مۇلاقات بولىدىكەن، ئۇ (الله نىڭ دەرگاھىدا) يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ﴾[1].

ئىبنى ئابباس، ئۇبەيدە ئىبنى قەتادە ۋە ئىبنى جۇرەيج قاتارلىقلار: ئۇلار بىر كۈننىڭ ئەتىگەن ۋاقتىدا الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان سېھىرگەرلەر ئىدى. شۇ كۈننىڭ كەچ ۋاقتىدا بولسا، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئەزىز بولغان شېھىتلەرگە ئايلاندى، ـ دېدى.

* * * * * * *

وَقَالَ ٱلْمَلَأُ مِن قَوْمِ فِرْعَوْنَ أَتَذَرُ مُوسَىٰ وَقَوْمَهُۥ لِيُفْسِدُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ وَيَذَرَكَ وَءَالِهَتَكَ ۚ قَالَ سَنُقَتِّلُ
أَبْنَآءَهُمْ وَنَسْتَحْىِۦ نِسَآءَهُمْ وَإِنَّا فَوْقَهُمْ قَٰهِرُونَ ﴿١٢٧﴾ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِ ٱسْتَعِينُوا۟ بِٱللَّهِ وَٱصْبِرُوٓا۟ ۖ
إِنَّ ٱلْأَرْضَ لِلَّهِ يُورِثُهَا مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۖ وَٱلْعَٰقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ ﴿١٢٨﴾ قَالُوٓا۟ أُوذِينَا مِن قَبْلِ
أَن تَأْتِيَنَا وَمِنۢ بَعْدِ مَا جِئْتَنَا ۚ قَالَ عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يُهْلِكَ عَدُوَّكُمْ وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِى
ٱلْأَرْضِ فَيَنظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ ﴿١٢٩﴾

پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى (پىرئەۋنگە): «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى زېمىندا پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇشقا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟» دېدى. پىرئەۋن: «ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىنى بولسا (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرۇپ قويىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز» دېدى﴿127﴾. مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «الله دىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن الله نىڭ مۈلكىدۇر، (الله ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ» دېدى﴿128﴾. ئۇلار: «سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق» دېدى. مۇسا: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشى مۇھەققەقتۇر» دېدى﴿129﴾.

## پىرئەۋننىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا الله تائالانىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقى بىلەن ۋەدە قىلغانلىقى

الله تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ چوڭلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە قارشى بىرلىككە كەلگەنلىكىدىن ۋە ئۇلارنىڭ يامان نىيەتلىرىنى قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پىرئەۋن قەۋمىنىڭ چوڭلىرى (پىرئەۋنگە): «مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنى زېمىندا پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇشقا، سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟»**

(1) تاھا سۈرىسى 72 ـــ 75 ـ ئايەتلەر.

**دېدى﴾** يەنى سېنىڭ قول ئاستىڭدىكى كىشلەرنى بۇزۇپ، ئۇلارنى سېنى تاشلاپ ئۆزلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشىغا يول قويامسەن؟

كۆلكىلىك يېرى شۇكى، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئۆزلىرى زېمىندا پىتنە - پاسات تېرىيدىغان بۇزۇق كىشلەر تۇرۇقلۇق، مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى پىتنە - پاسات تېرىغۇچىلاردۇر دەپ قورقۇشىدۇ. شۇڭا ئۇلار: **﴿سېنى ۋە سېنىڭ ئىلاھلىرىڭنى تاشلاشقا قويۇۋېتەمسەن؟» دېدى﴾**.

سۇددى مۇنداق دېدى: ئىبنى ئابباسنىڭ قارىشىچە، پىرئەۋنىنىڭ ئىلاھلىرى كالا ئىدى. پىرئەۋن چىرايلىقراق بىر كالىنى كۆرسە، ئۇلارنى شۇ كالىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيتتى. شۇڭا سامىرى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن موزاينىڭ مۆرىشىگە ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر موزاينىڭ ھەيكىلىنى ياساپ بەرگەن.

پىرئەۋن ئادەملىرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: **﴿«ئۇلارنىڭ باللىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئاياللىرىنى بولسا (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرۇپ قويىمىز﴾** بۇ پىرئەۋنىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قىرغىنچىلىق قىلىشى ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قىرغىنچىلىقى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلىشىدىن بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشى ئۆزىنىڭ تەختىنى ئۆرۈۋېتىدىغان مۇسا ئەلەيھىسسالامدەك بىر كىشىنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. بۇ ئىشتا يەنىلا پىرئەۋنىنىڭ قورققان ئىشى يۈز بېرىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام چىقتى. بۇ قېتىمدىمۇ پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئېزىپ، خارلاپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي، الله تائالا ئۇلارنى ئەزىز قىلدى، پىرئەۋنى خار ۋە مات قىلدى. ئۇنى ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇپ سۇغا چۆكتۈرىۋەتتى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك پىرئەۋن بەنى ئىسرائىلنى ئازابلىماقچى بولغاندا، **﴿مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «الله دىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن الله نىڭ مۈلكىدۇر، (الله ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ» دېدى﴾** يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ياخشى ئاقىۋەتنى، كەلگۈسىدە بىر ياشاش ماكانىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

**﴿ئۇلار: «سەن بىزگە كېلىشتىن بۇرۇنمۇ، كەلگەندىن كېيىنمۇ ھامان خارلىنىپ كەلدۇق» دېدى﴾** يەنى: ئى مۇسا! سەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان (بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن) بۇ خارلىق ۋە ئازابلارنى پىرئەۋن سەن كېلىشتىن بۇرۇنمۇ بىزگە قىلغان ئىدى. ھازىر يەنىلا قىلىۋاتىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ياخشى كۈنلەرگە بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېدى: **﴿«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ھالاك قىلىشى، (مىسىر) زېمىنىدا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى دەسسىتىشى، سىلەرنىڭ قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارىشى مۇھەققەقتۇر»﴾** بۇ بولسا، ئۇلارنى ھازىرقى كۈنلەر ئاخىرلىشىپ، ياخشى كۈنلەرگە كەلگەندە الله تائالاغا شۈكۈر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر.

* * * * * *

وَلَقَدۡ أَخَذۡنَآ ءَالَ فِرۡعَوۡنَ بِٱلسِّنِينَ وَنَقۡصٖ مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَذَّكَّرُونَ ﴿١٣٠﴾ فَإِذَا
جَآءَتۡهُمُ ٱلۡحَسَنَةُ قَالُواْ لَنَا هَٰذِهِۦۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةٞ يَطَّيَّرُواْ بِمُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓۗ أَلَآ إِنَّمَا
طَٰٓئِرُهُمۡ عِندَ ٱللَّهِ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٣١﴾

الله غا قەسەمكى، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق﴿130﴾. ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق ـ مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، دەيدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە، ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، دەيدۇ. ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) الله نىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (يەنى ئۇلارغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى الله تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى) ئۇقمايدۇ﴿131﴾.

## پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قەھەتچىلىك بىلەن سىنالغانلىقى

**﴿الله غا قەسەمكى، بىز ھەقىقەتەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەھەتچىلىك بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ ھوسۇلىنى كېمەيتىۋېتىش بىلەن سىنىدۇق﴾** ئەبۇئىسھاق رىجا ئىبنى ھەيۋەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (مېۋە دەرىخىنىڭ ھوسۇل بېرىشىنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكىدىن) ھەتتا بىر تۈپ خورما دەرىخى پەقەت بىر دانە خورملا بېرىدىغان ھالەتكە يەتكەن.

**﴿ئۇلار ئەگەر (پاراۋانلىق ـ مولچىلىقتەك) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز، دەيدۇ﴾** يەنى بىز ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئېرىشتۇق، ـ دەيدۇ. **﴿ئەگەر ئۇلارغا بىرەر يامانلىق كەلسە﴾** يەنى ئۇلارغا قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق كەلسە، **﴿ئۇلار: بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى، ـ دەيدۇ﴾** يەنى: بۇ ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ كاساپىتىدىن بولدى، ـ دەيدۇ. **﴿ئۇلارغا يەتكەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق (مۇسانىڭ شۇملۇقىدىن ئەمەس) الله نىڭ تەقدىرىدۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنى (يەنى ئۇلارغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلى الله تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى) ئۇقمايدۇ﴾**.

* * * * * * *

وَقَالُواْ مَهۡمَا تَأۡتِنَا بِهِۦ مِنۡ ءَايَةٖ لِّتَسۡحَرَنَا بِهَا فَمَا نَحۡنُ لَكَ بِمُؤۡمِنِينَ ﴿١٣٢﴾ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمُ
ٱلطُّوفَانَ وَٱلۡجَرَادَ وَٱلۡقُمَّلَ وَٱلضَّفَادِعَ وَٱلدَّمَ ءَايَٰتٖ مُّفَصَّلَٰتٖ فَٱسۡتَكۡبَرُواْ وَكَانُواْ قَوۡمٗا مُّجۡرِمِينَ
﴿١٣٣﴾ وَلَمَّا وَقَعَ عَلَيۡهِمُ ٱلرِّجۡزُ قَالُواْ يَٰمُوسَى ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ بِمَا عَهِدَ عِندَكَۖ لَئِن كَشَفۡتَ
عَنَّا ٱلرِّجۡزَ لَنُؤۡمِنَنَّ لَكَ وَلَنُرۡسِلَنَّ مَعَكَ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ﴿١٣٤﴾ فَلَمَّا كَشَفۡنَا عَنۡهُمُ ٱلرِّجۡزَ
إِلَىٰٓ أَجَلٍ هُم بَٰلِغُوهُ إِذَا هُمۡ يَنكُثُونَ ﴿١٣٥﴾

ئۇلار (يەنى پىرئەۋن قەۋمى): «كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى﴿132﴾. ئۇلارغا سۇ ئاپىتىنى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى) روشەن مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (الله غا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى﴿133﴾. ئۇلارغا بالا نازىل بولغاندا، ئۇلار: «ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا ئۆزىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدى بىلەن (يەنى ساڭا بەرگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكە) دۇئا قىلساڭ، الله غا قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدى﴿134﴾. ئۇلاردىن بالانى ۋاقىتلىق كۆتۈرۈۋەتكەن چېغىمىزدا، ئۇلار توساتتىن ئەھدىلىرىنى بۇزدى﴿135﴾.

## پىرئەۋن قەۋمىنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئۇلارغا تۈرلۈك ئازابلارنى ئەۋەتكەنلىكى

الله تائالا پىرئەۋن قەۋمىنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقى، چوڭلۇق قىلغانلىقى، ھەقنى قوبۇل قىلىشتا تەرسالىق قىلغانلىقى ۋە ئازغۇنلۇق يوللىرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇلار (يەنى پىرئەۋن قەۋمى): «كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى**﴾ يەنى بىزگە مەيلى قانداق پاكىت ۋە مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلسەڭمۇ، بىز ئۇنى رەت قىلىمىز ۋە قوبۇل قىلمايمىز. ساڭا ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز.

﴿**ئۇلارغا سۇ ئاپىتىنى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى) روشەن مۆجىزىلەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (الله غا ئىمان ئېيتىشقا) ئۇلارنىڭ گەدەنكەشلىكى يول قويمىدى، ئۇلار گۇناھكار قەۋم بولدى**﴾ ئىبنى ئابباس توپان بالاسىنى ئۆلۈم ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىشى دەپمۇ چۈشەندۈرگەن. مۇجاھىد بولسا: بۇ سۇ ئاپىتى ۋە ئىچى سۈرۈش كېسەللىكىدۇر، ـ دەيدۇ. چېكەتكە بولسا، ھەممىگە تونۇشلۇق ھاشارەتتۇر. ئۇنى يېيىشكە بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇيەئفۇرنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئەۋفادىن چېكەتكە ھەققىدە سورىدىم. ئۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەتتە قېتىم غازاتقا چىقتۇق. بىز ئۇ يەرلەردە چېكەتكىنى يەيتتۇق، ـ دېدى.

ئىمام شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىزگە ئىككى ئۆلۈك ۋە ئىككى قان ھالال قىلىندى. ئىككى ئۆلۈك بولسا: بېلىق بىلەن چېكەتكىدۇر. ئىككى قان بولسا: جىگەر بىلەن تالدۇر».

ئىبنى ئەبۇنۇجەيھ مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: چېكەتكىلەر ئۇلارنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ مىخلىرىنى يەپ، ياغاچلىرىنى قويۇپ قوياتتى[1].

(1) مىختىن ئايرىلغان ئىشىكلەر ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پىت بالاسى ھەققىدە توختىلىپ: بۇ بۇغدايلارغا چۈشكەن مىتىنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇ پىتتىن چېكەتكىنىڭ لېچىنكىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەن. مۇجاھىد ۋە ئىكرىمە قاتارلىقلارمۇ: بۇنىڭ مەنىسى شۇنداق بولىدۇ، ـ دېگەن.

ئىبنى جەرىر سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ قېشىغا كېلىپ: ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، ـ دېدى. پىرئەۋن ئۇلارنى قويۇۋەتكىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە ئازراق يامغۇر ياغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇنىڭ بىر ئازاب بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن! بىزدىن بۇ يامغۇرنى كۆتۈرۈۋەتسۇن. بىز ساڭا ئىمان ئېيتىمىز ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى سەن بىلەن بىللە كېتىشكە قويۇپ بېرىمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا دۇئا قىلدى. الله تائالا ئۇلاردىن يامغۇرنى كۆتۈرۈۋەتتى (توختاتتى). لېكىن ئۇلار يەنىلا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتمىدى. ئىسرائىل ئەۋلادىنىمۇ قويۇپ بەرمىدى.

شۇ يىلى الله تائالا ئۇلارغا ئەزەلدىن ئۆستۈرۈپ بەرمىگەن زىرائەت، مېۋە ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ: بىز مۇشۇنداق بولۇشنى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدۇق، ـ دېيىشتى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىگە چېكەتكە ئەۋەتتى. ئۇلار چېكەتكىنىڭ زىرائەتلىرىگە سالغان زىيانلىرىنى كۆرۈپ ۋە چېكەتكىلەرنىڭ زىرائەتلەرنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇسا! سەن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن! بىزدىن چېكەتكە بالاسىنى كۆتۈرۈۋەتسۇن. بىز ساڭا ئىمان ئېيتىمىز ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى سەن بىلەن كېتىشكە قويۇپ بېرىمىز، ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا دۇئا قىلدى. الله تائالا ئۇلاردىن چېكەتكە بالاسىنى كۆتۈرۈۋەتتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا ئىمان ئېيتمىدى ھەم ئىسرائىل ئەۋلادىنىمۇ قويۇپ بەرمىدى.

ئۇلار زىرائەتلىرىنى ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ جايلاشتۇرۇۋېلىپ: بىز زىرائەتلىرىمىزنى ئۆيلىرىمىزگە جايلاشتۇرىۋالدۇق، ـ دېدى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى ئاشلىقلىرىغا مىتە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر ئادەم تۈگمەنگە ئون خالتا بۇغداي ئېلىپ بارسا، (مىتە يەپ كەتكەنلىكتىن) ئۇنىڭدىن ئارانلا ئۈچ ئوچۇم ئۇن ئەكىلەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن! بىزدىن مىتىنىڭ بالاسىنى كۆتۈرۈۋەتسۇن. بىز ساڭا ئىمان ئېيتىمىز ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى سەن بىلەن كېتىشكە قويۇپ بېرىمىز، ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا دۇئا قىلدى. الله تائالا ئۇلاردىن مىتىنىڭ بالاسىنى كۆتۈرۈۋەتتى. لېكىن ئۇلار ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇپ بېرىشكە ئۇنىمىدى.

بىر كۈنى، مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن بىلەن ئولتۇرغان بىر پەيتتە (مۇسا ئەلەيھىسسالام) پاقىنىڭ كوكىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋنگە: سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇ پاقىدىن يەنە قانداق ئىشلارنى كۆرەر؟ ـ دېدى. پىرئەۋن: بۇنىڭدىن يەنە نېمە بالالار كېلەر؟! ـ دېدى. شۇ كۈنى تېخى كەچ بولمايلا، پاقىلار شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتىكى،

ئەگەر بىر ئادەم ئۆلتۈرسا، پاقىلار تاكى ئۇنىڭ مۇرىلىرىگىچە يامىشىپ يۇرگۇدەك ھالەتكە كەلدى. گەپ قىلىش ئۇچۇن ئېغىزىنى ئاچسىلا، پاقىلار ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا سەكرەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مۇساغا: ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن! بىزدىن بۇ پاقىلارنىڭ بالاسىنى كۆتۈرۈۋەتسۇن. بىز ساڭا ئىمان ئېيتىمىز ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنى سەن بىلەن كېتىشكە قويۇپ بېرىمىز،ــ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام **الله** تائالاغا دۇئا قىلدى. **الله** تائالا ئۇلاردىن پاقىنىڭ بالاسىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇلار يەنىلا ئىمان ئېيتمىدى ھەم ئىسرائىل ئەۋلادىنىمۇ قويۇپ بەرمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا ئۇلارغا قان بالاسىنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆستەڭ، قۇدۇق ۋە قاچىلاردىن سۇ ئېلىپ ئىچمەكچى بولغاندا، ئۇ سۇلارنىڭ ساپ قاندىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرەتتى. ئۇلار پىرئەۋنگە: بىز قاننىڭ بالاسىغا قالدۇق. ئىچىدىغان ھېچقانداق سۇ يوق،ــ دەپ شىكايەت قىلىشتى. پىرئەۋن: مۇسا سىلەرنى سېھىرلەپ قويۇپتۇ،ــ دېدى. ئۇلار بىزنى نېمىشقا سېھىرلىگەندۇ؟ بىز ئىچىش ئۇچۇن قاندىن باشقا نەرسە تاپالمىدۇق دېيىشىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۇسا! سەن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن! بىزدىن قان بالاسىنى كۆتۈرۈۋەتسۇن. بىز ساڭا ئىمان ئېيتىمىز ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىمۇ سەن بىلەن كېتىشكە قويۇپ بېرىمىز،ــ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام **الله** تائالاغا دۇئا قىلدى. **الله** تائالا ئۇلاردىن قان بالاسىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇلار يەنىلا ئىمان ئېيتمىدى ھەم ئىسرائىل ئەۋلادىنىمۇ قويۇپ بەرمىدى.

ئىبنى ئابباس، قەتادە، سۇددى ۋە باشقا سەلەپ ئالىملىرىمۇ بۇ قىسسىنى يۇقىرىقىدەك رىۋايەت قىلدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈۋىدى، **الله** تائالانىڭ دۈشمىنى بولغان پىرئەۋن مەغلۇب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئەسكىلىك قىلىشتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، كۇپۇرلۇقىدا چىڭ تۇرۇۋشقا باشلىدى. شۇڭا **الله** تائالا ئۇلارغا تۈرلۈك مۆجىزىلەرنى ئەۋەتتى. **الله** تائالا ئۇنى قۇرغاقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق بىلەن سىنىدى. توپان، چېكەتكە، مىتە، پاقا ۋە قان بالالىرىنى ئاشكارا مۆجىزە قىلىپ ئەۋەتتى.

توپان بالاسى بولسا، يەر يۈزىنى قاپلاپ كەتكەن سۇدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلار زىرائەت تېرىش ۋە شۇنىڭدەك بىر نەرسە ئۇندۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاچارچىلىقتىن قىينالدى. ئۇلارغا مۇشۇ بالالار يەتكەندىن كېيىن، ﴿**ئۇلار: «ئى مۇسا! پەرۋەردىگارىڭغا ئۆزىنىڭ ساڭا ئاتا قىلغان ئەھدى بىلەن (يەنى ساڭا بەرگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەقىقي ھۆرمىتى بىلەن بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋېتىشكە) دۇئا قىلساڭ، الله غا قەسەمكى، ئەگەر بىزدىن بالانى كۆتۈرۈۋەتسەڭ، ساڭا چوقۇم ئىمان ئېيتىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى چوقۇم سەن بىلەن بىللە قويۇپ بېرىمىز» دېگەن ئىدى**﴾ مۇسا ئەلەيھىسسالام **الله** تائالاغا دۇئا قىلدى. **الله** تائالا ئۇلاردىن ئاچارچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتتى. لېكىن ئۇلار دېگەن سۆزلىرىنىڭ بىرىگىمۇ ۋاپا قىلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا ئۇلارغا چېكەتكە بالاسىنى ئەۋەتتى. بۇ چېكەتكىلەر ئۇلارنىڭ

دەل ـ دەرەخلىرىنى، زىرائەتلىرىنى يەپلا قالماي، ھەتتا ئۇلارنىڭ ياغاچ ئۆيلىرىنىڭ، ئىشىكلىرىنىڭ تۆمۈردىن بولغان مىخلىرىنى يەپ كېتىپ، ئۆيلىرىنى ئۆرۈۋەتتى. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن تەلەپ قىلغان نەرسىنى تەلەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ﷲ تائالاغا دۇئا قىلدى. ﷲ تائالا ئۇلاردىن چېكەتكە بالاسىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. لېكىن ئۇلار يەنىلا دېگەن سۆزلىرىنىڭ بىرىگىمۇ ۋاپا قىلمىدى.

ئاندىن ﷲ تائالا ئۇلارغا مىتە بالاسىنى ئەۋەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ھاسىسى بىلەن (ئۇ قۇم دۆۋىسىنى) ئۇرۇشقا بۇيرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام قۇملىرى سىيرىلىپ تۇرىدىغان چوڭ بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ھاسىسى بىلەن بىرنى ئۇردى ـ دە، مىتىلەر پىرئەۋن قەۋمگە ھەر تەرەپتىن يامراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۆيلەرنى ۋە يېمەكلىكلەرنى مىتە بېسىپ كەتتى. پىرئەۋن قەۋمى ئۇخلاشقا، ئولتۇرۇپ قوپۇشقا ئامالسىز قالدى. ئۇلار بۇنىڭدىن قىينىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن تەلەپ قىلغان نەرسىنى تەلەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ﷲ تائالاغا دۇئا قىلدى. ﷲ تائالا ئۇلاردىن مىتىنىڭ بالاسىنى كۆتۈرۈۋەتتى. لېكىن ئۇلار يەنە دېگەن سۆزىنىڭ بىرىگىمۇ ۋاپا قىلمىدى.

ئاندىن ﷲ تائالا ئۇلارغا پاقا بالاسىنى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى، يېمەكلىكلىرى ۋە قاچىلىرى پاقا بىلەن توشۇپ كەتتى. بىرەر كىشى قولىغا كىيىم كېچەكلەرنى ئالسا ۋە يېمەكلىك سالغان قاچىلارنى ئاچسا، پاقىنىڭ توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتى. ئۇلار بۇنىڭدىن قىينىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن تەلەپ قىلغان نەرسىسنى تەلەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ﷲ تائالاغا دۇئا قىلدى. ﷲ تائالا ئۇلاردىن بۇ بالانىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. لېكىن ئۇلار دېگەن سۆزىنىڭ بىرىگىمۇ ۋاپا قىلمىدى.

ئاندىن ﷲ تائالا ئۇلارغا قان بالاسىنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىغان سۇلىرى قانغا ئايلاندى. ئۇلار سۇ ئىچمەكچى بولۇپ بىرەر ئۆستەڭ، قۇدۇق ياكى قاچىدىن سۇ ئالغان ھامانلا، سۇ ساپ قانغا ئايلىناتتى.

* * * * * * *

فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡ فَأَغۡرَقۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡيَمِّ بِأَنَّهُمۡ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُواْ عَنۡهَا غَٰفِلِينَ ﴿١٣٦﴾ وَأَوۡرَثۡنَا
ٱلۡقَوۡمَ ٱلَّذِينَ كَانُواْ يُسۡتَضۡعَفُونَ مَشَٰرِقَ ٱلۡأَرۡضِ وَمَغَٰرِبَهَا ٱلَّتِي بَٰرَكۡنَا فِيهَاۖ وَتَمَّتۡ
كَلِمَتُ رَبِّكَ ٱلۡحُسۡنَىٰ عَلَىٰ بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ بِمَا صَبَرُواْۖ وَدَمَّرۡنَا مَا كَانَ يَصۡنَعُ فِرۡعَوۡنُ
وَقَوۡمُهُۥ وَمَا كَانُواْ يَعۡرِشُونَ ﴿١٣٧﴾

ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ جازالىدۇق﴿136﴾. بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق تەرەپلىرىگە ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى

ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى) نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق﴿137﴾.

## پىرئەۋن ۋە قەۋمىنىڭ دېڭىزغا غەرق قىلىنىپ ھالاك بولغانلىقى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بەرىكەتلىك زېمىنغا مىراسخور قىلىنغانلىقى

الله تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن مۆجىزىلەر بىلەن سىنىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا چوڭچىلىق قىلىپ، ھەددىدىن ئېشىۋەرگەچكە، ئۇلارنى دېڭىزغا غەرق قىلىۋېتىش بىلەن (ئۇلاردىن) ئىنتىقام ئالغانلىقىنى خەۋەر بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادى بىلەن دېڭىزدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن دېڭىزغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا پۈتۈنلەي كىرىپ بولغاندىن كېيىن، دېڭىزنىڭ سۇلىرى قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېپىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ قالماي سۇغا چۆكۈپ كېتىدۇ. بۇ ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇلارغا ئەۋەتكەن مۆجىزىلەرگە پەرۋا قىلمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. الله تائالا بوزەك قىلىنغان ئىسرائىل ئەۋلادىنى زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە مىراسخور قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ھەسەنبەسرى ۋە قەتادە: بۇ زېمىن بولسا، شامنىڭ زېمىنلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى.

﴿**ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى**﴾ مۇجاھىد ۋە ئىبنى جەرىر: بۇ ۋەدە بولسا، الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بايان قىلغان ئىشلاردۇر، ـ دېدى. ﴿بىز (مىسىر) زېمىنىدا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز، ئۇلارنى يولباشچىلاردىن قىلىشنى، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ (مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز. ئۇلارنى مىسىر زېمىنىدا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماقچىمىز، بىز پىرئەۋنگە، (ۋەزىرى) ھامانغا ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا ئۇلار (يەنى بوزەك قىلىنغانلار) دىن قورقىدىغان نەرسىنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىشنى) كۆرسىتىمىز﴾[1].

﴿**پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى) نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق**﴾.

*******

**وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ فَأَتَوۡاْ عَلَىٰ قَوۡمٖ يَعۡكُفُونَ عَلَىٰٓ أَصۡنَامٖ لَّهُمۡۚ قَالُواْ يَٰمُوسَى ٱجۡعَل لَّنَآ إِلَٰهٗا كَمَا لَهُمۡ ءَالِهَةٞۚ قَالَ إِنَّكُمۡ قَوۡمٞ تَجۡهَلُونَ ١٣٨ إِنَّ هَٰٓؤُلَآءِ مُتَبَّرٞ مَّا هُمۡ فِيهِ وَبَٰطِلٞ مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ١٣٩**

(1) قەسەس سۈرىسى 5 ــ 6 ـ ئايەتلەر.

ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىز (قۇلزۇم) دېڭىزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: «ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن» دېدى. مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى﴿138﴾. شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر﴿139﴾.

## ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دېڭىزدىن ساق ـ سالامەت چىققانلىقى ۋە ئىبادەت قىلىنىدىغان بىر بۇت بار جايدىن ئۆتكەنلىكى

﴿**ئۇلار بۇتلىرىغا چوقۇنۇۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە**﴾ **الله** تائالا بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ **الله** تائالانىڭ نۇرغۇن كاتتا مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن ۋە دېڭىزدىن ساق ـ سالامەت چىققاندىن كېيىن، بۇتقا ئىبادەت قىلىۋاتقان يىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ نادانلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزىدىن خەۋە بېرىدۇ.

بەزى تەپسىرشۇناسلار: بۇتلىرىغا چوقۇنىۋاتقان ھېلىقى كىشىلەر كەنئانلىقلاردۇر، ـ دەيدۇ. ئۇلار لەخىم كەنتلىك كىشىلەردىن دېگەن كۆز قاراشمۇ بار.

ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار كالا شەكلىدە ياسالغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى. شۇڭا بۇ كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلىشىغا تەسىر قىلغان. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿**«ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن»**﴾.

﴿**مۇسا: «سىلەر ھەقىقەتەن نادان قەۋم ئىكەنسىلەر» دېدى**﴾ يەنى **الله** تائالانىڭ كاتتىلىقىنى، ئۇلۇغلۇقىنى ۋە شېرىكتىن پاك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئىكەنسىلەر. ﴿**شۈبھىسىزكى، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ باتىل دىنلىرى گۇمران بولغۇسىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىكاردۇر**﴾.

ئىبنى جەرىر ئەبۇۋاقىد لەيسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلەر ھۇنەينگە ماڭماقچى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەككىدىن چىقتى. قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرى ئۇچۇن (ھەر يىلى بىر قېتىم كېلىپ) قېشىدا ئېتىكاپ قىلىدىغان ۋە قىلىچلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان ”ھالقىلىق“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈپ دەرەخ بار ئىدى. (بىز ھۇنەينگە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە) ياپ ـ يېشىل ياشىرىپ تۇرغان بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! كاپىرلارنىڭ (قىلىچلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان) ھالقىلىق دەرىخى بولغىنىدەك سەنمۇ بىزگە بۇ دەرەخنى ھالقىلىق دەرەخ قىلىپ بەرسەڭ، ـ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر خۇددى

634

مۇسانىڭ قەۋمى: ﴿«ئى مۇسا! بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ئوخشاش بۇت ئورنىتىپ بەرگىن»﴾ دېگەندەك بىر سۆزنى قىلدىڭلار» دېدى[1].

* * * * * * *

قَالَ أَغَيۡرَ ٱللَّهِ أَبۡغِيكُمۡ إِلَٰهٗا وَهُوَ فَضَّلَكُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٤٠﴾ وَإِذۡ أَنجَيۡنَٰكُم مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَسُومُونَكُمۡ سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ يُقَتِّلُونَ أَبۡنَآءَكُمۡ وَيَسۡتَحۡيُونَ نِسَآءَكُمۡۚ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَآءٞ مِّن رَّبِّكُمۡ عَظِيمٞ ﴿١٤١﴾

مۇسا: «الله سىلەرنى (زامانىڭلاردىكى) جاھان ئەھلىدىن ئارتۇق قىلغان تۇرسا، سىلەرگە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ ئىزدەمدىم؟» دېدى﴿140﴾. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى پىرئەۋننىڭ قەۋمىدىن قۇتقۇزدۇق، ئۇلار سىلەرگە قاتتىق ئازابنى تېتىتاتتى، ئوغۇللىرىڭلارنى ئۆلتۈرەتتى، ئاياللىرىڭلارنى (خورلاپ ئىشلىتىشكە) ئېلىپ قالاتتى، بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلاردىن سىلەرگە زور سىناق بار ئىدى﴿141﴾.

## ئىسرائىل ئەۋلادىغا الله تائالانىڭ نېئمەتلىرىنىڭ ئەسلىتىلگەنلىكى

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا الله تائالانىڭ ئۇلارنى پىرئەۋننىڭ قۇل قىلىشىدىن، زۇلۇملىرىدىن، خارلىشىدىن، ئېزىشىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېزىز قىلغانلىقى ۋە دۈشمەنلىرىنى كۆز ئالدىدىلا خار، پەس قىلىپ، سۇغا غەرق قىلىپ ھالاك قىلغانلىقى ۋە دىللارغا خۇرسەنلىك ئاتا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بىز بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى بەقەرە سۈرىسىدە بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

* * * * * * *

﴿ ۞ وَوَٰعَدۡنَا مُوسَىٰ ثَلَٰثِينَ لَيۡلَةٗ وَأَتۡمَمۡنَٰهَا بِعَشۡرٖ فَتَمَّ مِيقَٰتُ رَبِّهِۦٓ أَرۡبَعِينَ لَيۡلَةٗۚ وَقَالَ مُوسَىٰ لِأَخِيهِ هَٰرُونَ ٱخۡلُفۡنِي فِي قَوۡمِي وَأَصۡلِحۡ وَلَا تَتَّبِعۡ سَبِيلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿١٤٢﴾ ﴾

مۇساغا (بىزگە مۇناجات قىلىشقا) ئوتتۇز كېچىنى ۋەدە قىلدۇق. ئۇنىڭغا يەنە ئون كېچىنى قوشتۇق، شۇنىڭ بىلەن، پەرۋەردىگارىنىڭ ۋەدە قىلغان ۋاقتى 40 كېچە بولدى. مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېدى﴿142﴾.

(1) ھۇنەيىن غازىتى مەككە پەتھى بولۇپ 15 كۈندىن كېيىن بولغان، بۇ ئۇرۇشقا مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن (يېڭىدىن) ئىمان ئېيتقانلارمۇ قاتناشقان بولۇپ، يۇقىرىقى سۆزنى ئاشۇ يېڭىدىن ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلار دېگەن.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ روزا تۇتقانلىقى ۋە قەۋمىدىن ئايرىلىپ، 40 كۈن ئىبادەت قىلغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەش ۋە ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئالاقىدار شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى ۋە ھۆكۈملىرى بار تەۋراتنى بېرىش بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھىدايەتتىن ئىبارەت نېئمەتنى ئاتا قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا 30 كۈننى ۋەدە قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

تەپسىرشۇناس ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام 30 كۈن روزا تۇتتى. 30 كۈن توشقاندا (مۇسا ئەلەيھىسسالام) بىر دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى مىسۋاك قىلىپ ئېغىزىنى يۇدى. ﷲ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەنە 10 كۈن روزا تۇتۇشنى قوشۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، جەمئى 40 كۈن بولدى. بۇ ۋاقىت توشقاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋەدە قىلىنغان جاي تۇرسىنا تېغىغا بارماقچى بولدى. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرنى ھەقىقەتەن دۈشمىنىڭلاردىن قۇتقۇزدۇق، (مۇناجات ئۈچۈن ۋە مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلىش ئۈچۈن) سىلەرگە (تۇرسىنا) نىڭ ئوڭ تەرىپىنى ۋەدە قىلدۇق﴾[1]. بۇ چاغدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا مەسئۇل قىلىپ قويۇپ كەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئارىسىنى تۈزەشكە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر بۇزغۇنچىلىق ئىشنى قىلىپ سالماسلىققا ۋەسىيەت قىلدى. بۇ ۋەسىيەت ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بىر ئەسلىتىشتۇر. ئەمەلىيەتتە، ھارۇن ئەلەيھىسسالام ﷲ تائالانىڭ ياخشى بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

* * * * * * *

وَلَمَّا جَآءَ مُوسَىٰ لِمِيقَٰتِنَا وَكَلَّمَهُۥ رَبُّهُۥ قَالَ رَبِّ أَرِنِىٓ أَنظُرْ إِلَيْكَ ۚ قَالَ لَن تَرَىٰنِى وَلَٰكِنِ ٱنظُرْ
إِلَى ٱلْجَبَلِ فَإِنِ ٱسْتَقَرَّ مَكَانَهُۥ فَسَوْفَ تَرَىٰنِى ۚ فَلَمَّا تَجَلَّىٰ رَبُّهُۥ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُۥ دَكًّا وَخَرَّ
مُوسَىٰ صَعِقًا ۚ فَلَمَّآ أَفَاقَ قَالَ سُبْحَٰنَكَ تُبْتُ إِلَيْكَ وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٤٣﴾

مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان چاغدا: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي» دېدى. ﷲ: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنساننىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ). لېكىن تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: «(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى﴿143﴾.

(1) تاھا سۈرىسى 80 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقى

بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالا بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن الله تائالا بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت كەلگەندە ۋە الله تائالا ئۇنىڭغا سۆزلىگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالادىن ئۇنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈۋېلىشنى سورىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿«پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزەڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈپ ئالاي» دېدى. الله : «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن (چۈنكى ئىنسانىنىڭ بۇ ئاجىز تېنى بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ)﴾** يەنى ئىنسانلارنىڭ الله تائالانى كۆرەلمەسلىكى پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا بولىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە بولسا، مۆمىن بەندىلەر الله تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈش نېمىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن نۇرغۇنلىغان ھەدىس بار. الله خالىسا، بۇ ھەدىسلەرنى ئالدىمىزدا كەلتۈرىمىز.

بۇرۇنقى پەيغەمبەلەرگە بېرىلگەن كىتابلاردا مۇنداق دەپ بايان قىلىنغان: «الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇسا! ئەگەر تىرىك بىر ھاياتلىق ئىگىسى مېنى كۆرسە، ئۇ شۇ ھامانلا ئۆلىدۇ. جانسىز نەرسە كۆرسە، كۇكۇم تالقان بولۇپ كېتىدۇ، ـ دېدى». الله تائالا مۇنداق دېدى: **﴿پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىش بىلەن، تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە: «(الله تائالانىڭ جامالى تاغقا) مانا مۇشۇنچىلىك كۆرۈنۈۋىدى» دەپ، چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئۇچىنى كۆرسەتكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ھاكىممۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۇددى ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ جامالىدىن تاغقا چىمچىلاق قولنىڭ ئۇچچىلىكلا كۆرۈنۈۋېدى، ئۇ تاغ توزۇپ تۇپىغا ئايلىنىپ كەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ھوشىغا كېلىپ: **﴿«(پەرۋەردىگارىم!) سەن پاكتۇرسەن﴾** دېدى. يەنى سېنى بۇ دۇنيادا بىرەرسىنىڭ كۆرەلىشىدىن پاكتۇرسەن. ئەگەر كىمكى سېنى كۆرۈپ قالسا، ئۇ ئۆلۈپ قالغۇدەك.

**﴿ساڭا تەۋبە قىلدىم﴾** مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: مەن سەندىن سېنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلىق گۇناھىمنى كەچۈرۈشىڭنى سورايمەن. **﴿مەن (سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭغا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىمەن» دېدى﴾** ئىبنى ئابباس ۋە مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە ساڭا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋەلقىسىدۇرمەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئىبنى جەرىر بۇ مەنىنى توغرا دەپ قارىدى.

ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن سېنى ھېچقانداق ئىنساننىڭ كۆرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋىلىدۇرمەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېيىلگەن.

**﴿مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى﴾** ئەبۇسەئىد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇسا

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوشسىزلىنىپ يىقىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: (مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن) يۈزىگە بىر كاچات ئۇرۇلغان يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! سېنىڭ ساھابىلىرىڭنىڭ ئىچىدىن بىر ئەنسارى يۈزۈمگە بىر كاچات سالدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئەنسارىنى چاقىرىڭلار!» دېدى. ئۇ ئەنسارى چاقىرىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمىشقا ئۇ كىشىنىڭ يۈزىگە ئۇردۇڭ؟» دېدى. ئۇ ئەنسارى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن بۇ يەھۇدىينىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ: مۇسانى بارلىق ئىنسانلاردىن ئارتۇق قىلغان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: مۇسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ ئارتۇقمۇ؟ ـ دېدىم ۋە ئاچچىقىمنى باسالماي ئۇنى كاچاتلىۋەتتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر مېنى باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئارتۇق بىلمەڭلار. كىشىلەر قىيامەت كۈنى ھوشسىزلىنىپ كېتىدۇ. مەن بىرىنچى بولۇپ ھوشىغا كەلگەن كىشى بولىمەن. مەن مۇسانى ئەرشنىڭ پۇتلىرىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ھالەتتە كۆرىمەن. ئۇ مەندىن بۇرۇن ھوشىغا كەلدىمۇ ياكى ئۇ تۇر تېغىدا ھوشىدىن كەتكەنلىكىگە مۇكاپات بېرىلىپ بۇ قېتىم ھوشىدىن كەتمىدىمۇ بىلمىدىم ...» دېدى.

* * * * * * *

قَالَ يَٰمُوسَىٰٓ إِنِّي ٱصۡطَفَيۡتُكَ عَلَى ٱلنَّاسِ بِرِسَٰلَٰتِي وَبِكَلَٰمِي فَخُذۡ مَآ ءَاتَيۡتُكَ وَكُن مِّنَ
ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٤٤﴾ وَكَتَبۡنَا لَهُۥ فِي ٱلۡأَلۡوَاحِ مِن كُلِّ شَيۡءٖ مَّوۡعِظَةٗ وَتَفۡصِيلٗا لِّكُلِّ شَيۡءٖ
فَخُذۡهَا بِقُوَّةٖ وَأۡمُرۡ قَوۡمَكَ يَأۡخُذُواْ بِأَحۡسَنِهَاۚ سَأُوْرِيكُمۡ دَارَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿١٤٥﴾

الله ئېيتتى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنى (زامانىڭدىكى) كىشىلەر ئارىسىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە مەن بىلەن (بىۋاستە) سۆزلىشىشكە تاللىدىم، ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن»﴿144﴾. بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن (تەۋرات) تاختىلىرىغا (ئىسرائىل ئەۋلادى دىنىدا موھتاج بولغان) ۋەز ـ نەسىھەت، (دىنىي) ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي يازدۇق. (ئى مۇسا) ئۇنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن ھەمدە قەۋمىڭنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن، سىلەرگە پاسىقلار (يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى) نىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن﴿145﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللانغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تاختىلارنىڭ بېرىلگەنلىكى

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ئۇنى شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەرلىككە ۋە بىۋاستە سۆزلىشىشكە تاللىغانلىقىنى دەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ئادەم باللىرىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇڭا الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى قىلىپ تاللىدى. ئۇنىڭ الله تائالا

تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن شەرىئىتىنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلماي داۋاملىشىدىغان قىلدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن كۆپتۇر. ھۆرمەت ۋە مەرتىبە جەھەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قالسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن قالسا، الله تائالا بىۋاستە سۆز قىلغان پەيغەمبەر مۇسا ئەلەيھىسسالامدۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: ﴿**ساڭا مەن ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن»**﴾ يەنى مەن ساڭا نېسىپ قىلغان سۆزلىشىشتىن ئىبارەت نېئمەتنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن. ئەگەر بېرىلسە، سەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، مېنى كۆرۈشتەك ئىشلارنى مەندىن تەلەپ قىلما.

ئاندىن الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىسرائىل ئەۋلادى دىندا ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ۋەز ـ نەسىھەت ۋە دىنىي ئەھكاملارنى تەپسىلىي يېزىپ بەرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ تاختا ياقۇتتەك قىممەتلىك تاشلاردىن بولۇپ، الله تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق ۋەز ـ نەسىھەت ۋە ھالال ـ ھارامنى بايان قىلىپ كەلگەن دىنىي ئەھكاملارنى شۇ ياقۇتتەك قىممەتلىك تاشلاردىن بولغان تاختىغا يازغان. الله تائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز (نۇھنىڭ قەۋمى ئاد، سەمۇد ۋە لۇتنىڭ قەۋمى قاتارلىق) ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) نىڭ دىللىرىغا (ھەقىقەتنى كۆرىدىغان) نۇر بېرىپ، ئۇلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق، ئۇلار ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق﴾[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنىپ كەلگەن تەۋراتمۇ شۇ تاختىغا يېزىقلىق ئىدى دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇ تاختا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋرات بېرىلىشتىن بۇرۇن بېرىلگەندۇر دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. الله توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

﴿**(ئى مۇسا) ئۇنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن**﴾ يەنى الله تائالاغا بويسۇنۇشقا ئىرادە باغلىغان ھالەتتە تۇتقىن. ﴿**ھەممە قەۋمىڭنى ئۇنىڭدىكى ئەڭ گۈزەل ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغىن**﴾ سۇفيان ئۇيەينە ئىكرىمەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمى بۇيرۇلغان ئەھكاملارنى چىڭ ئىرادە بىلەن تۇتۇشقا بۇيرۇلدى.

﴿**سىلەرگە پاسىقلار (يەنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمى) نىڭ دىيارىنى كۆرسىتىمەن**﴾ يەنى مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا قارشىلىق قىلغان ۋە ماڭا بويسۇنمىغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق ھالاكەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى يېقىندا كۆرىسىلەر.

* * * * * *

سَأَصۡرِفُ عَنۡ ءَايَٰتِيَ ٱلَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَإِن يَرَوۡاْ كُلَّ ءَايَةٖ لَّا يُؤۡمِنُواْ بِهَا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ ٱلرُّشۡدِ لَا يَتَّخِذُوهُ سَبِيلٗا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ ٱلۡغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلٗاۚ ذَٰلِكَ

(1) **قەسەس سۈرىسى 43 ـ ئايەت.**

بِأَنَّهُمْ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا وَكَانُوا۟ عَنْهَا غَـٰفِلِينَ ﴿١٤٦﴾ وَٱلَّذِينَ كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِنَا وَلِقَآءِ ٱلْـَٔاخِرَةِ
حَبِطَتْ أَعْمَـٰلُهُمْ هَلْ يُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٤٧﴾

يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى﴿146﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتە الله غا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى (ئىمانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارغا پەقەت قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ﴿147﴾.

## چوڭچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى چۈشىنىشتىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى

**﴿يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن﴾** يەنى ماڭا بويسۇنۇشتىن چوڭچىلىق قىلغان ۋە كىشىلەرگە ئورۇنسىز يولسىزلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى مېنىڭ كاتتىلىقىمنى، شەرىئىتىمنى ۋە مېنىڭ ھۆكۈملىرىمنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان دەلىل ـ پاكىت ۋە مۆجىزىلەرنى چۈشىنىشتىن چەكلەيمەن. ئۇلارنىڭ ئورۇنسىز قىلغان چوڭچىلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارنى نادان قالدۇرۇش بىلەن خارلىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)﴾[1]، ﴿ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى﴾[2].

**﴿يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن﴾** سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: مەن ئۇلاردىن قۇرئان ۋە مۆجىزىلىرىمنى چۈشىنىشنى تارتىۋالىمەن دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى. ئىبنى جەرىر سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ بۇ سۆزى بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنىڭ پەقەتلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە خاس ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ بۇ سۆزىدىن ئىبنى جەرىر چۈشەنگەندەك يۇقىرىقى مەنە چىقمايدۇ. چۈنكى سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئۆزىنىڭ سۆزىدە: ئۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى بارلىق ئۈممەتلەرگە ئومۇمىيدۇر. بىر ئۈممەت بىلەن يەنە بىر ئۈممەتنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق پەرق يوق، ـ دېمەكچىدۇر. توغرىسىنى بىلگۈچى الله دۇر.

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سەف سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**﴿ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ﴾** **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ لەنىتىگە تېگىشلىك بولغانلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلارغا پۈتۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگىچە (ئىمان ئېيتمايدۇ)﴾[1].

**﴿ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ﴾** يەنى ئۇلارغا نىجاتلىق يولى كۆرۈلسە، ئۇلار ئۇ يولدا ماڭمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىق يولى كۆرۈلسە ئۇ يوللاردا ماڭىدۇ.

ئاندىن كېيىن، **الله** تائالا ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلدى: **﴿بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى﴾** يەنى ئۇلار ئۇ ئايەتلەرگە چىن كۆڭلىدىن ئىشەنمىدى. **﴿ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى﴾** يەنى ئۇلار بۇ ئايەتلىرىمىزنىڭ مەنىلىرىدىن ئازراقمۇ چۈشىنەلمىدى.

**﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ۋە ئاخىرەتتە الله غا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى (ئىمانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن) بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾** يەنى كىمكى شۇ ئىشلارنى قىلسا ۋە شۇ قىلمىشلارنى ئۆلگىچە داۋاملاشتۇرسا، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىكار قىلىنىپ كېتىدۇ.

**﴿ئۇلارغا پەقەت قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ﴾** يەنى بىز ئۇلارغا پەقەت ئۇلارنىڭ بۇرۇن قىلغان ئەمەللىرىگە قارىتا جازا بېرىمىز. يەنى ياخشى ئەمەللىرىگە مۇكاپات، يامان ئەمەللىرىگە جازا بېرىمىز، ئۇلار نېمە قىلغان بولسا، شۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرىدۇ.

* * * * * * *

وَٱتَّخَذَ قَوۡمُ مُوسَىٰ مِنۢ بَعۡدِهِۦ مِنۡ حُلِيِّهِمۡ عِجۡلٗا جَسَدٗا لَّهُۥ خُوَارٌۚ أَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّهُۥ لَا يُكَلِّمُهُمۡ وَلَا
يَهۡدِيهِمۡ سَبِيلًاۘ ٱتَّخَذُوهُ وَكَانُواْ ظَٰلِمِينَ ﴿١٤٨﴾ وَلَمَّا سُقِطَ فِيٓ أَيۡدِيهِمۡ وَرَأَوۡاْ أَنَّهُمۡ
قَدۡ ضَلُّواْ قَالُواْ لَئِن لَّمۡ يَرۡحَمۡنَا رَبُّنَا وَيَغۡفِرۡ لَنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿١٤٩﴾

مۇسانىڭ قەۋمى مۇسادىن كېيىن (يەنى مۇسا پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىش ئۈچۈن تۇر تېغىغا كەتكەندىن كېيىن)، زىننەت بۇيۇملىرىدىن موزايدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر جانسىز موزاي ياسىدى. ئۇلار موزاينىڭ ئۆزلىرىگە سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۇنى مەبۇد قىلىۋالدى، ئۇلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچى بولدى﴿148﴾. ئۇلار (موزايغا چوقۇنغانلىقلىرىغا) پۇشايمان قىلغان ۋە راست ئازغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن چاغدا: «ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴿149﴾.

(1) يۇنۇس سۈرىسى 96 ـــ 97 ـ ئايەتلەر.

## ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايىغا ئىبادەت قىلغانلىقى

الله تائالا بۇ يەردە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە موزايىغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئېزىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئازغۇنلىقىدىن خەۋەر بەردى. سامىرى ئۇلارغا مىسىرلىقلاردىن ئۆتنىگە ئالغان زىبۇزىننەتلەرنى[1] ئوتتا ئېرىتىش ئارقىلىق موزايىنىڭ شەكلىنى ياساپ، ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىنىڭ ئىزىدىن ئالغان بىر ئوچۇم توپىنى ئېلىپ موزايىنىڭ شەكلىگە قارىتىپ چاچتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خۇددى موزايىنىڭ مۆرىگىنىدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ھەيكەلگە ئايلاندى. بۇ ئىش مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلەشكىلى كەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇرسىنا تېغىدىكى چېغىدا، الله تائالا ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى بىلدۈردى. الله تائالا ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى بىلدۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله ئېيتتى: «سەندىن (يەنى سەن كەتكەندىن) كېيىن قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى»﴾[2].

تەپسىرشۇناس ئالىملار: بۇ موزايىنىڭ ھەيكىلى موزايدەك مۆرەيدىغان ھەقىقىي موزايىغا ئايلانغانمۇ ياكى شۇ ھەيكەل پېتىچە قېلىپ، ئۇنىڭدىن ھاۋا ئۆتۈشۈش ئارقىلىق موزايىنىڭ مۆرىشىدەك ئاۋاز چىقارغانمۇ؟ ـ دېگەن ئىككى خىل كۆز قاراشقا بۆلۈندى. توغرىسىنى بىلگۈچى الله دۇر.

بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: موزايىنىڭ ھەيكىلىدىن موزايىنىڭ مۆرىشىدەك ئاۋاز چىققاندا، ئۇلار موزايىنىڭ ئەتراپىدا ئۇسۇل ئويناشتى. موزايىنىڭ مۇھەببىتى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قاتتىق ئورۇنلىشىپ كېتىپ: ﴿«بۇ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلاردۇر ۋە مۇسانىڭ ئىلاھىدۇر، مۇسا (ئىلاھىنى بۇ يەردە) ئۇنتۇپ قېلىپ (ئۇنى ئىزدەپ تۇرسىناغا كەتتى)»﴾[3] دېدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇ موزايىنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟﴾[4].

**﴿ئۇلار موزايىنىڭ ئۆزلىرىگە سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى، يول كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ ئازغۇنلۇق، نادانلىق قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە سۆزلىيەلمەيدىغان، بىرەر ياخشىلىق يوللىرىغا باشلىيالمايدىغان، مۆرىگەندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان موزايىنىڭ ھەيكىلىگە ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ، ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسى بولغان الله تائالادىن يۈز ئۆرىگەنلىكىنى ئەيىبلىدى.

**﴿ئۇلار (موزايغا چوقۇنغانلىقلىرىغا) پۇشايمان قىلغان ۋە راست ئازغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن**



(1) ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى مىسىرلىق قىبتىلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك نىيىتى بىلەن ئۆتنىگە ئېلىپ، كېچىدە چىقىپ كەتكەن.
(2) تاھا سۈرىسى 85 ـ ئايەت.
(3) تاھا سۈرىسى 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) تاھا سۈرىسى 89 ـ ئايەت.

**چاغدا: «ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز بىزگە رەھىم قىلمىسا ۋە مەغپىرەت قىلمىسا، بىز ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» دېدى﴾** يەنى ھالاك بولغۇچىلاردىن بولىمىز. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشى ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە **الله** تائالاغا يېلىنىشىدۇر.

* * * * * * *

وَلَمَّا رَجَعَ مُوسَىٰٓ إِلَىٰ قَوۡمِهِۦ غَضۡبَٰنَ أَسِفٗا قَالَ بِئۡسَمَا خَلَفۡتُمُونِي مِنۢ بَعۡدِيٓۖ أَعَجِلۡتُمۡ أَمۡرَ رَبِّكُمۡۖ وَأَلۡقَى ٱلۡأَلۡوَاحَ وَأَخَذَ بِرَأۡسِ أَخِيهِ يَجُرُّهُۥٓ إِلَيۡهِۚ قَالَ ٱبۡنَ أُمَّ إِنَّ ٱلۡقَوۡمَ ٱسۡتَضۡعَفُونِي وَكَادُواْ يَقۡتُلُونَنِي فَلَا تُشۡمِتۡ بِيَ ٱلۡأَعۡدَآءَ وَلَا تَجۡعَلۡنِي مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٥٠﴾ قَالَ رَبِّ ٱغۡفِرۡ لِي وَلِأَخِي وَأَدۡخِلۡنَا فِي رَحۡمَتِكَۖ وَأَنتَ أَرۡحَمُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١٥١﴾

مۇسا غەزەپلەنگەن، غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىپ، قەۋمىگە: «مەن يوق چاغدا (موزايىغا چوقۇنۇپ) نەقەدەر يامان ئىش قىلدىڭلار ـ ھە! (كۈتۈپ تۇرماي) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئەمرىگە ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟» دېدى ۋە (غەزەپلەنگەنلىكتىن تەۋرات) تاختىلىرىنى (يەرگە) تاشلىدى، قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتتى. (ھارۇن) ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى دۈشمەنلەرگە تەپەررۇج قىلىپ بەرمىگىن؟ مېنى زالىم قەۋم (يەنى موزايىغا چوقۇنغانلار) قاتارىدا سانىمىغىن»﴿150﴾. مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن»﴿151﴾.

**الله** تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، قەۋمىنىڭ قېشىغا ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالەتتە قايتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿مۇسا غەزەپلەنگەن، غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىپ، قەۋمىگە: «مەن يوق چاغدا (موزايىغا چوقۇنۇپ) نەقەدەر يامان ئىش قىلدىڭلار ـ ھە!﴾** يەنى مەن سىلەرنى بۇ يەرگە قويۇپ كەتكەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ موزايىغا ئىبادەت قىلىشىڭلار ناھايىتىمۇ يامان بىر ئىشتۇر.

**﴿(كۈتۈپ تۇرماي) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئەمرىگە ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟» دېدى﴾** يەنى مېنىڭ قېشىڭلارغا قايتىپ كېلىشىمگە ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟ مېنىڭ قاچان قايتىپ كېلىشىم **الله** تائالانىڭ بۇيرۇشى بىلەندۇر. **﴿ۋە (غەزەپلەنگەنلىكتىن تەۋرات) تاختىلىرىنى (يەرگە) تاشلىدى﴾.**

بۇ ئايەتتە ھەدىستە كەلگەن: «ئاڭلىغاندىن كۆرگەن ئەلا» دېگەن سۆزنىڭ ھەقلىقىغا پاكىت باردۇر. ئايەتتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە غەزەپلەنگەنلىكىدىن تەۋرات تاختىلىرىنى يەرگە تاشلىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ كۆپلىگەن سەلەپ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

**﴿قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتتى﴾** مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىنىڭ شۇ ئىشلارنى قىلىشتىن قاتتىق توسمىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. **الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇسا ئېيتتى:

«ئى ھارۇن! ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى كۆرگەن چېغىڭدا (خۇدالىق ئۇچۇن غەزەپلىنىشتە) ماڭا ئەگىشىشتىن ساڭا نېمە توسالغۇ بولدى؟ مېنىڭ بۇيرۇقىمغا خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟» ھارۇن ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ ساقىلىمنى ۋە چېچىمنى تارتمىغىن، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بۆلۈۋېتىپسەن، سۆزۈمگە دىققەت قىلماپسەن، دېيىشىڭدىن قورقتۇم»﴾[1].

الله تائالا ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن جاۋابىنى مۇنداق بايان قىلدى: ﴿**(ھارۇن) ئېيتتى: «ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قەۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. مېنى دۈشمەنلەرگە تەپەررۇج قىلىپ بەرمىگىن؟ مېنى زالىم قەۋم (يەنى موزايغا چوقۇنغانلار) قاتارىدا سانىمىغىن»**﴾ يەنى مېنى ئۇلار بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىمىگىن، مېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەپ گۇمان قىلمىغىن.

الله تائالا: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھارۇن ئۇلارغا (مۇسا قايتىپ كېلىشتىن) بۇرۇن: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاي بىلەن قايمۇقتۇرۇلدۇڭلار، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار مەرھەمەتلىك الله دۇر، ماڭا بوي سۇنۇڭلار، (موزايغا چوقۇنۇشنى تەرك ئېتىش بىلەن) بۇيرۇقىمغا ئىتائەت قىلىڭلار!» دېدى﴾[2] دېگەن ئايەتتە بايان قىلغاندەك، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى شۇ ئىشلارنى قىلىشتىن ھەقىقەتەن توسقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: ﴿**«پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن»**﴾.

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلسۇن! مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا. الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا (ئۇ الله تائالا بىلەن سۆزلىشىشكە كەتكەندىن كېيىن) قەۋمىنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. لېكىن ئۇ چاغدا تاختىلارنى تاشلىماي، (قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ) قەۋمىنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندە، ئاندىن تاشلىدى».

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ ٱلۡعِجۡلَ سَيَنَالُهُمۡ غَضَبٞ مِّن رَّبِّهِمۡ وَذِلَّةٞ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۚ وَكَذَٰلِكَ نَجۡزِي
ٱلۡمُفۡتَرِينَ ﴿١٥٢﴾ وَٱلَّذِينَ عَمِلُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ ثُمَّ تَابُواْ مِنۢ بَعۡدِهَا وَءَامَنُوٓاْ إِنَّ رَبَّكَ مِنۢ بَعۡدِهَا لَغَفُورٞ
رَّحِيمٞ ﴿١٥٣﴾



شۈبھىسىزكى موزايىنى مەبۇد قىلىۋالغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ دۇنيادا خارلىققا قالىدۇ، (الله غا) بوھتان قىلغۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴿152﴾. يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەممىي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن

(1) تاھا سۈرىسى 92 ــــ 94 ـ ئايەتلەر.
(2) **تاھا سۈرىسى 90 ـ ئايەت .**

كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر﴾(153).

ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق الله تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشى بولسا، تەۋبە قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ـ بەزىسىنى ئۆلتۈرمىگۈچە الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. الله تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. الله تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

ھەمدە الله تائالا ئۇلارغا دۇنيادا خار ۋە تۆۋەن ياشاشنى يۈكلىۋەتتى. **﴿(الله غا) بوھتان قىلغۇچىلارغا بىز مۇشۇنداق جازا بېرىمىز﴾** يەنى بۇ خارلىق دىندا دىن نامى بىلەن يېڭى بىر ئىشنى (بىدئەتنى) توقۇپ چىققان كىشىلەرگىمۇ يېتىدۇ. ئۇلارغا يېتىدىغان خارلىقنىڭ ئەسىرى ھەتتا ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىدە كۆرۈلىدۇ.

ھەسەنبەسرى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: دىندا دىن نامى بىلەن يېڭىلىق پەيدا قىلغۇچىلار، يورغىلاپ ماڭغان ئات ـ قېچىرلارنىڭ ئۈستىدە بولسىمۇ، خارلىقنىڭ ئەسىرى ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىدە كۆرۈلىدۇ.

ئەييۇب ساختىيانى ئەبۇقەلابە جەرمەنىڭ: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى تا قىيامەتكىچە دىندا دىن نامى بىلەن يېڭىلىق (بىدئەت) پەيدا قىلغان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئومۇمىيدۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە: دىندا دىن نامى بىلەن يېڭىلىق پەيدا قىلغان ھەر بىر كىشى خارلانغۇچىدۇر، ـ دېدى.

ئاندىن الله تائالا بەندىلىرى ئىچىدىن ھەر قانداق بىر گۇناھ ئىشنى قىلغان (مەيلى ئۇ گۇناھ كۇپۇرلۇق قىلىش ياكى شېرىك كەلتۈرۈش ياكى مۇناپىقلىق قىلىش ۋەياكى مۇسۇلمانلار توپىدىن ئايرىلىۋېلىش بولسۇن)، ئۇ گۇناھلىرى ئۈچۈن چىن دىلىدىن تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭدىن يانغانلا كىشى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ (بۇ قىسسىنىڭ ئاخىرىدا) مۇنداق دېدى: **﴿يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئىمانىدا سەممىي بولغانلارنى تەۋبىسىدىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) رەھىم قىلىدۇ﴾**.



ئىبنى ئەبۇھاتەم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ئايال بىلەن يامان ئىش قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سورالغاندا، بۇ ئايەتنى 10 قېتىم ئوقۇپ، ئۇ كىشىنى ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىشقىمۇ بۇيرۇمىدى ۋە توي قىلماسلىقتىنمۇ توسمىدى.

* * * * * *

(1) بەقەرە سۈرىسى 54 ـ ئايەت.

وَلَمَّا سَكَتَ عَن مُّوسَى ٱلْغَضَبُ أَخَذَ ٱلْأَلْوَاحَ وَفِي نُسْخَتِهَا هُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلَّذِينَ هُمْ لِرَبِّهِمْ
يَرْهَبُونَ ﴿١٥٤﴾

مۇسا غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن (يەردە ياتقان تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە رەھمەت قىلىنىدۇ دەپ يېزىلغان ئىدى﴿154﴾.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچچىقى يانغاندا تاختىلارنى قولىغا ئالغانلىقى

كۆپلىگەن تەپسىرشۇناس ئالىملار مۇنداق دېدى: مۇسا ئەلەيھىسسالام تاختىلارنى يەرگە تاشلىغاندا سۇنۇپ كەتكەن ئىدى. ئاندىن ئۇ ئۇلارنى يەردىن تېرىپ ئالغان ئىدى. شۇڭا بەزى سەلەپ ئالىملىرى: مۇسا ئەلەيھىسسالام يەردىن تېرىپ ئالغان تاختىلاردا: پەرۋەردىگارىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە رەھمەت قىلىنىدۇ،ـ دەپ يېزىلغان خەتنىلا ئۇچراتتى. ئەمما ئۇنىڭ تەپسىلاتى يوقاپ كەتكەن. ئۇ تاختىلارنىڭ پارچىلىرى تاكى ئىسلام دىنى كەلگۈچە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ (يەھۇدىيلارنىڭ) دۆلەت خەزىنىلىرىدە ساقلانغان،ـ دەيدۇ. توغرىسىنى بىلگۈچى الله دۇر.

الله تائالا: ﴿**مۇسا غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن (يەردە ياتقان تەۋرات) تاختىلىرىنى ئالدى. ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارىدىن قورققۇچىلارغا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە رەھمەت قىلىنىدۇ دەپ يېزىلغان ئىدى**﴾ دەپ خەۋەر بەرگەن ھەم ئۇ تاختا جەننەتتىن چىققان ياقۇتتەك ئېسىل تاشلاردىن تۇرسا، "مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى تاشلىغاندا سۇنۇپ كەتتى" دېيىشكە قانداق كەسكىن پاكىت باردۇ؟!

* * * * * * *

وَٱخْتَارَ مُوسَىٰ قَوْمَهُۥ سَبْعِينَ رَجُلًا لِّمِيقَٰتِنَا فَلَمَّآ أَخَذَتْهُمُ ٱلرَّجْفَةُ قَالَ رَبِّ لَوْ شِئْتَ أَهْلَكْتَهُم
مِّن قَبْلُ وَإِيَّٰىَ أَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلسُّفَهَآءُ مِنَّآ إِنْ هِىَ إِلَّا فِتْنَتُكَ تُضِلُّ بِهَا مَن تَشَآءُ وَتَهْدِى مَن
تَشَآءُ أَنتَ وَلِيُّنَا فَٱغْفِرْ لَنَا وَٱرْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلْغَٰفِرِينَ ﴿١٥٥﴾ ۞ وَٱكْتُبْ لَنَا فِى هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا
حَسَنَةً وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ إِنَّا هُدْنَآ إِلَيْكَ

مۇسا، بىز بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۆز قەۋمىدىن 70 كىشىنى تاللىدى: ئۇلارغا زىلزىلە يۈزلەنگەندە، مۇسا: «پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن﴿155﴾. بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە

ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن، بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق» دېدى.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن 70 كىشىنى اللہ بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاك قىلىنغانلىقى

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: اللہ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن 70 كىشىنى تاللاشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام 70 كىشىنى تاللايدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى اللہ تائالاغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى دۇئادا باشلامچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئالىرى ئىچىدىكى: ئى اللہ ! بىزگە بىزدىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە بېرىپ باقمىغان ۋە بىزدىن كېيىنمۇ ھېچ كىشىگە بەرمەيدىغان بىر نەرسىنى بەرسەڭ، ـ دېگەن تىلىكىنى اللہ تائالا ياقتۇرمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى بىر تىترەك تۇتىدۇ. بۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام: ﴿«پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟ بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن﴾ دېدى.

سۇددى مۇنداق دەيدۇ: اللہ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ موزايغا ئىبادەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلاردىن بىر تۈركۈم كىشىنى اللہ تائالاغا ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىدىغان يېرىنى بەلگىلەپ بەردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇ ھامانلا قەۋمى ئىچىدىن يەتمىش كىشىنى تاللىدى. ئاندىن ئۇلارنى اللہ تائالاغا ئۆزرە ئېيتىشى ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرگە كەلگەندە: ﴿«ئى مۇسا! اللہ نى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز»﴾[1] دېدى. چۈنكى سەن اللہ تائالاغا سۆز قىلدىڭ، شۇنداق بولغان ئىكەن، اللہ تائالانى بىزگە كۆرسەتكىن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇلارنى چاقماق سوقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام يىغلاپ تۇرۇپ اللہ تائالا دۇئا قىلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەرنى ھالاك قىلىۋەتتىڭ، مەن قەۋمىمنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇلارغا قانداق جاۋاب بېرىمەن. **﴿«پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟﴾** دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى ياخشىسىنىڭ ياخشىسىدىن 70 كىشىنى تاللاپ: (اللہ تائالا سىلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن يەرگە بېرىپ) سىلەر ۋە قەۋمىڭلار قىلىپ قويغان گۇناھىڭلار ئۈچۈن اللہ تائالادىن كەچۈرۈم سوراڭلار، روزا تۇتۇڭلار، پاكىزلىنىڭلار ۋە كىيىمىڭلارنى پاكىزلاڭلار، ـ دېدى. ئاندىن

---

(1) **بەقەرە سۈرىسى 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.**

كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى اللّٰه تائالا بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا تۇرسىنا تېغىغا ئېلىپ كەلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام اللّٰه تائالا بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن اللّٰه تائالا رۇخسەت قىلغان مەلۇم بىر ۋاقىتتا كېلەتتى. ئۇ يەتمىش كىشى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بۇيرۇغان ئىشنى قىلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن اللّٰه تائالاغا ئۇچراشماقچى بولۇپ، تۇرسىنا تېغىغا كەلگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: سەن بىزگە پەرۋەردىگارىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاتقىن، ــ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ماقۇل، شۇنداق قىلاي! ــ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام سىنا تېغىغا يېقىنلىشىۋىدى، بىر بۇلۇت كېلىپ، تاغ ئۈستىدىكى بوشلۇقنى قاپلىۋالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاشۇ بۇلۇت تومانلىرى ئىچىگە كىرىپ قەۋمىگە: تاغقا يېقىن كېلىڭلار، ــ دېدى. اللّٰه تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلغاندا، مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرەپكە (ئاسماندىن) ئادەمنىڭ كۆزى قاراشقا قادىر بولالمايدىغان چاقناپ تۇرىدىغان بىر نۇر چۈشتى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇ يەتمىش كىشى ئوتتۇرىسىغا بىر توساق قىلىندى. ئۇلار تاغقا يېقىنلاشتى. ھەتتا ئۇلار يېقىنلىشىپ تومانلىق بۇلۇت ئىچىگە كىرگەندە، سەجدە قىلغان ھالەتتە يەرگە يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار اللّٰه تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇنى قىل، بۇنى قىلما دەپ بۇيرۇغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. اللّٰه تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بولغاندا، بۇلۇت مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇسا! اللّٰه تائالانى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ئىشەنمەيمىز، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى چاقماق سوقتى ـ دە، ئۇلارنىڭ روھلىرى تەنلىرىدىن ئايرىلىپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا يالۋۇرۇپ ۋە دۇئا قىلىپ: **﴿پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ، ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟﴾** دېدى. يەنى ئۇلار ئەخمەقلىق قىلدى. شۇ ئەخمەقلىقى تۈپەيلىدىن بۇلارنى ھالاك قىلامسەن؟

ئىبنى ئابباس، قەتادە، مۇجاھىد ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنى بىر تىترەك باستى. چۈنكى ئۇلار قەۋمى موزايغا ئىبادەت قىلغاندا، ئۇلاردىن ئايرىلىپمۇ چىقمىغان ياكى ئۇلارنى توساپمۇ كەتمىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: **﴿پەرۋەردىگارىم! خالىغان بولساڭ ئۇلارنى ۋە مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئارىمىزدىكى ئەخمەقلەرنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟﴾** دېگەن دۇئاسىنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**﴿بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر، شۇ ئارقىلىق خالىغان بەندەڭنى ئازدۇرىسەن، خالىغان بەندەڭنى ھىدايەت قىلىسەن﴾** يەنى بارلىق ئىشلار سېنىڭ بۇيرۇقۇڭ بويىچە بولىدۇ، پۈتۈن ھۆكۈملەر ساڭا قاراشلىقتۇر. سېنىڭ خالىغىنىڭ بولىدۇ. سەن خالىغان كىشىنى ئازدۇرىسەن، خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايسەن. سەن ئازدۇرۇۋەتكەن كىشىنى ھېچكىم توغرا يولغا باشلىيالمايدۇ، سەن توغرا يولغا باشلىغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرىۋېتەلمەيدۇ. سەن بېرىشنى خالىمىغان نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ. سەن بەرمەكچى بولغان نەرسىنى ھېچكىم توساپ قالالمايدۇ. پۈتۈن ئىگىدارچىلىق ساڭا خاستۇر. بارلىق ھۆكۈملەر ساڭا قايتىدۇ، يارىتىش ۋە باشقۇرۇش ساڭا خاستۇر. **﴿سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن ئەڭ ياخشى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن﴾**.

كىمكى دۇئاسىدا اﷲ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش بىلەن بىرگە اﷲ تائالانىڭ رەھمىتىنى تىلىسە، ئۇنىڭ اﷲ تائالانىڭ رەھمىتىنى تىلىگەنلىكىدىن، بۇرۇن قىلىپ سالغان گۇناھ ئىشلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن قايتا قىلماسلىقنى تىلىگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا قىلىنغان دۇئا ئۇلارغا كەلگەن تىترەك تۇتۇش ۋە چاقماق سوقۇشتەك اﷲ تائالانىڭ غەزىپىنى ئۇلاردىن قايتۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمدى ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان تۆۋەندىكى دۇئاسى اﷲ تائالادىن ئەسلىدە تىلمەكچى بولغان نەرسىلىرىنى تىلەش ئۈچۈندۇر:

﴿**بىزگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە تېگىشلىك ياخشىلىق قىلغىن**﴾ يەنى بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن! ﴿**بىز ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدۇق»**﴾ ئىبنى ئابباس، سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، ئەبۇئالىيە، زەھھاك ئىبراھىم تەيمى، سۇددى، قەتادە ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: بىز گۇناھلىرىمىزنى تاشلاپ سەن تەرەپكە قايتتۇق دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

* * * * * * *

قَالَ عَذَابِىٓ أُصِيبُ بِهِۦ مَنْ أَشَآءُ ۖ وَرَحْمَتِى وَسِعَتْ كُلَّ شَىْءٍ ۚ فَسَأَكْتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ
وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَـٰتِنَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٥٦﴾

اﷲ ئېيتتى: «ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن»﴿156﴾.

## اﷲ نىڭ ئايەتلىرىگە، پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن ۋە زاكاتلارنى ئادا قىلغان تەقۋادارلارنىڭ اﷲ نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى



اﷲ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿**بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭدۇر**﴾ دېگەن سۆزىگە قارىتا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر**﴾ يەنى مەن خالىغىنىمنى قىلىمەن ۋە خالىغىنىم بىلەن ھۆكۈم چىقىرىمەن. مۇشۇنداق قىلىشىمدا مېنىڭ مەلۇم ھېكمىتىم بار. مۇشۇ ئىشلاردا مەن ئادىلدۇرمەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق ۋە شېرىكى يوق زات اﷲ ھەممە ئەيىب ـ نۇقساندىن پاكتۇر.

﴿**مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر**﴾ بۇ ئايەت ھەممە مەخلۇقاتلارغا ئورتاق ۋە ھەممە مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئايەتتۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئەرشنى كۆتۈرۈپ

تۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ قىلغان سۆزىدىن خەۋەر بەرگەن **الله** تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ﴾[1].

ئىمام ئەھمەد جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەھرالىق بىر ئەرەب كېلىپ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ (باغلاپ) قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ كىشى تۆگىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا مىنىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا: ئى **الله** ! ماڭا ۋە مۇھەممەدكە رەھمەت ئاتا قىلغىن، بىزگە ئاتا قىلغان رەھمىتىڭگە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىغىن،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: ئۇ گۇمراھلىقتىمۇ ياكى ئۇنىڭ تۆگىسى گۇمراھلىقتىمۇ؟ سىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ـ دېدى. ساھابىلەر: ئاڭلىدۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى سەھرالىق كىشىگە: «ھەقىقەتەن سەن **الله** تائالانىڭ ھەممىگە بولغان رەھمىتىنى چەكلەپ قويدۇڭ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** تائالا 100 رەھمەتنى ياراتتى. ئاندىن ئىنسان، جىن ۋە باشقا بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشى ئۈچۈن بىر رەھمەتنى چۈشۈردى. قالغان 99 رەھمەتنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ قويدى. سىلەرچە ئۇ كىشى گۇمراھلىقتىمۇ ياكى تۆگىسى گۇمراھلىقتىمۇ؟ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**الله** تائالانىڭ 100 رەھمىتى بار. شۇ رەھمەتلەر ئىچىدىكى بىر رەھمەت بىلەن بارلىق مەخلۇقاتلار بىر ـ بىرىگە رەھمەت قىلىشىدۇ. شۇ بىر رەھمەتنىڭ سەۋەبى بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ باللىرىغا مېھرىبانلىق قىلىدۇ. **الله** تائالا قالغان 99 رەھمىتىنى قىيامەت كۈنىگە ئېلىپ قويدى».

**﴿رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن﴾** يەنى مەن ئۇلارغا نېئمەت بېرىش ۋە ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن رەھمىتىمنى ئۇلارغا بېرىشىمنى ئۆزەمگە تېگىشلىك قىلدىم.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الله** (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى﴾[2] **الله** تائالانىڭ بۇ رەھمىتى كۇپۇرلۇقتىن ۋە گۇناھ ئىشلاردىن ساقلانغان، زاكىتىنى ئايرىغان، **الله** تائالانىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنگەن كىشىلەر ئۈچۈندۇر.

**﴿زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا﴾** دېگەن ئايەتتە مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش بار. بۇنىڭ بىرى، بۇ كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ دىللىرىنى ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق پاكىزلىغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىرى، بۇ كىشىلەردىن ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئايرىغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ شۇ ئىككىلا خىل مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. چۈنكى بۇ ئايەت مەككىدە چۈشكەندۇر[3].

---

(1) **غافىر سۈرىسى 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.**
(2) **ئەنئام سۈرىسى 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.**
(3) زاكات دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى پاكىزلاش دېگەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىپ، دىللىرىنى پاكىزلاش ياكى ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بېرىپ ماللىرىنى پاكىزلاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر ئىككى مەنىنى بىلدۈرىشىمۇ مۇمكىن.

* * * * * * *

ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلرَّسُولَ ٱلنَّبِيَّ ٱلْأُمِّيَّ ٱلَّذِى يَجِدُونَهُۥ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ وَٱلْإِنجِيلِ يَأْمُرُهُم بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَىٰهُمْ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ ٱلْخَبَٰٓئِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَٱلْأَغْلَٰلَ ٱلَّتِى كَانَتْ عَلَيْهِمْ ۚ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِهِۦ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَٱتَّبَعُوا۟ ٱلنُّورَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ مَعَهُۥٓ ۙ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ ﴿١٥٧﴾

ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴿157﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى

**﴿ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ﴾** بۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا كەلگەن سۈپەتلىرىدۇر. ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۈممەتلىرىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بەردى. ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ساقلىنىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ دىنىي ئالىملىرى ۋە دىنىي رەھبەرلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇسەخر ئۇقەيلىدىن بىر سەھرالىق ئەرەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا (سېتىش ئۈچۈن) مەدىنىگە سۈت ئېلىپ كەلدىم. سۈتنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلۈمدە: مەن بۇ كىشى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بىر ئاڭلاپ باقاي، ـ دېدىم. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ كېتىۋاتقان ھالەتتە ماڭا ئۇچرىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇلار مېڭىپ، باللىرىدىن ئەڭ چىرايلىقىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەپ، تەۋرات ئوقۇپ ئولتۇرغان بىر يەھۇدىينىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەھۇدىيغا: «تەۋراتنى نازىل قىلغان زات اللّٰه نىڭ نامى بىلەن سەندىن شۇنى ئۆتۈنۈپ سوراپ باقاي، سەن مۇشۇ كىتابتا مېنىڭ سۈپىتىمنى ۋە مېنىڭ قايسى يەردە پەيغەمبەر بولۇپ

چۈنكى بۇ ئايەت مەككىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا ماللاردىن زاكات ئايرىش تېخى پەرز قىلىنمىغان ئىدى.

چىقىشىمنى ئۇچرىتامسەن؟» دېدى. ھېلىقى يەھۇدىي بېشى بىلەن ئۇچراتمايمەن دېگەن ئىشارەتنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ قېشىدا سەكراتتا ياتقان بالىسى: ھەئە، تەۋراتنى نازىل قىلغان اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ھەقىقەتەن تەۋراتتا سېنىڭ سۈپىتىڭنى ۋە سېنىڭ قەيەردىن پەيغەمبەر بولۇپ چىقىشىڭنى ئۇچرىتىمىز. مەن اللە تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە سېنىڭ اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۇ يەھۇدىينى سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار قاتارىغا قويۇڭلار» دېدى. (ئۇ بالا ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى كېپەنلىدى ۋە نامىزىنى چۈشۈردى.

ئىبنى جەرىر ئەتا ئىبنى يەسارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا: سەن ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن بولساڭ! ــ دېدىم. ئۇ: ماقۇل، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئاندا قانداق سۈپەتلەنگەن بولسا، تەۋراتتىمۇ شۇنداق سۈپەتلىنىپ كەلگەندۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتى: ئى پەيغەمبەر! ھەقىقەتەن بىز سېنى گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ساۋاتسىزلارنى (يەنى ئۈممىتىڭنى) ساقلاپ قالغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سەن مېنىڭ بەندەم ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىم. مەن سېنى تەۋەككۈل قىلغۇچى دەپ ئاتىدىم. (اللە تائالا تەۋراتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق) يەنە: ئۇ قوپال ۋە باغرى قاتتىق ئەمەس. بازارلاردا ۋارقىرىمايدۇ، يامانلىققا يامانلىق قايتۇرمايدۇ، بەلكى يامانلىقنى كەچۈرىدۇ. اللە تائالا ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئازغۇن مىللەتنى ”لائىلاھە ئىللەللاھ“ دېگۈزۈش ئارقىلىق تۈزىمىگۈچە، ئۇنىڭ بىلەن قۇلۇپلانغان دىللارنى، گاس بولۇپ قالغان قۇلاقلارنى ۋە كور بولۇپ قالغان كۆزلەرنى ئاچمىغۇچە، ئۇنىڭ جېنىنى ئالمايدۇ دېگەندۇر، ــ دېدى.

ئەتا ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن مەن كەئب بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى سورىدىم، ئۇمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىگە ئوخشاش بايان قىلىپ بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

كۆپلىگەن سەلەپ ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، تەۋرات دېگەن ئاتالغۇ ئەھلى كىتابنىڭ بارلىق كىتابلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسىدۇر. بەزى ھەدىسلەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بايانلار كەلدى.

**﴿ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ﴾** بۇمۇ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا كەلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنداق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتى، يامانلىقتىن توسۇيتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سىلەر اللە تائالانىڭ: **﴿ئى مۆمىنلەر!﴾** دېگەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قۇلاق سېلىڭلار. چۈنكى ئۇ سىلەرنى بىرەر ياخشىلىققا بۇيرۇش ياكى بىرەر يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن قىلىنغان چاقىرىقتۇر. بۇ چاقىرىقلاردىن ئەڭ مۇھىم بولغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شېرىكى يوق

يالغۇز بىر الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇش ۋە الله تائالادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن كەلگەن چاقىرىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرمۇ مۇشۇ چاقىرىق بىلەن ئەۋەتىلگەن ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾[1].

**﴿ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ﴾** يەنى كىشىلەر ئۆزلىرىگە قىيىنلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىچىلا ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغان بەھىيرە، سائىبە، ۋەسىيلە ۋە ھام[2] قاتارلىق تۆگىلەر ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلارغا ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلارغا چوشقىنىڭ گۆشى، جازانە (ئۆسۈم) قاتارلىق الله تائالا يېيىشنى ھارام قىلغان نەرسىلەردىن ئۆزلىرىچە ھالال قىلىۋالغانلىرىنى ھارام قىلىدۇ.

**﴿ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)﴾** يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسانچىلىقنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇ ئىككىسىگە: «خۇش بېشارەت بېرىڭلار، قاچۇرۇۋەتمەڭلار، ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا بويسۇنۇڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھى بولغان ئەبۇبەرزە ئەسلەمى دېگەن ساھابە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ شەرىئەتلىرىدە (ئۇ ئۈممەتلەر ئۈچۈن) قىيىنچىلىقلار بار ئىدى. الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئىشلاردا كەڭچىلىك ۋە ئاسانچىلىق قىلىپ بەردى.

شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئۈممىتىم كۆڭلىگە پۈككەن بىر يامان ئىشنى قىلىپ سالمىغان ياكى ئېغىزىدا دەپ سالمىغانلا بولسا، الله تائالا ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن شۇ يامانلىقىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن خاتالىشىپ، ئۇنتۇلۇپ قېلىپ ياكى مەجبۇرلىنىپ قىلىپ سالغان ئىشلارنىڭ گۇناھى كەچۈرۈۋېتىلدى».

شۇڭا الله تائالا ئۇ ئۈممەتنى مۇنداق دەپ تىلەشكە تەۋسىيە قىلدى: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى

(1) نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بۇ تۆگىلەرنىڭ تەپسىلاتى مائىدە سۈرىسىنىڭ103 ـ ئايىتىدە بايان قىلىنغان.

تولۇق ئورۇنلىيالمساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن﴾[1].

ئىمام مۇسلىم مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا يۇقىرىقى ھەر بىر تىلەكنىڭ كەينىدىن: مەن ئەلۋەتتە شۇنداق قىلدىم، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلدىم،ــ دېدى.

**﴿ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾** يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

* * * * * * *

قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّى رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ
لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ يُحْىِۦ وَيُمِيتُ ۖ فَـَٔامِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِىِّ ٱلْأُمِّىِّ ٱلَّذِى يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ
وَكَلِمَـٰتِهِۦ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿١٥٨﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ الله غا ۋە الله نىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار»﴿158﴾.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكى

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار﴾** بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىچىگە ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، مەيلى ئەرەب مىللىتى ياكى باشقا مىللەتلەردىن بولسۇن، پۈتۈن ئىنسانلار كىرىدۇ. **﴿مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾** يەنى مەن پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى قىلىنغانلىقى، پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئۇنىڭغا بېرىلگەن كاتتا شەرەپ ۋە چوڭ

(1) بەقەرە سۈرىسى 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھۆرمەتتۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن) قايسى نەرسە ئەڭ چوڭ گۇۋاھ؟» ئېيتقىنكى، «اللہ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھتۇر (ماڭا اللہ نىڭ گۇۋاھلىقى كۇپايىدۇر). بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيي قىلىندى﴾[1]، ﴿(كۇففار) جامائەلىرىدىن كىمكى قۇرئاننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان جاي دوزاختۇر﴾[2]، ﴿كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۇممىلەرگە (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرىغا): «مۇسۇلمان بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار﴾[3].

بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتىمۇ كۆپتۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە قارىغاندىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتكۈل ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ ناھايىتىمۇ زۆرۈرلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبۇداردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارىلىقىدا بىر سۆھبەت بولدى. سۆھبەت جەريانىدا ئەبۇبەكرى ئۆمەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەبۇبەكرى ئۆمەرنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۆمەر ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشكە ئۇنىماي، ئىشىكنى يېپىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. شۇ چاغدا، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. (ئەبۇبەكرى ناھايىتىمۇ ئالدىراش كىرىپ كەلدى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بۇ قېرىندىشىڭلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قاپتۇ» دېدى. (ئەبۇبەكرى بولغان ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى) ئۆمەرمۇ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئاچچىقلانغانلىقىدىن ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەبۇبەكرى قورقۇپ كېتىپ: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ماڭا ئۇۋال قىلىنغان ئىدى، ـ دەپ يېلىنىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ماڭا مېنىڭ ھەمراھىمنى تاشلاپ بېرەمسىلەر؟ ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن اللہ تائالا تەرىپىدىن ھەممىڭلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن، ـ دېگەن ۋاقتىمدا، سىلەر: يالغانچى سەن، ـ دەپ جاۋاب بەردىڭلار. ئەبۇبەكرى بولسا: سەن راستچىلسەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى» دېدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا مەندىن بۇرۇن كەلگەن بىرەر پەيغەمبەرگىمۇ بېرىلمىگەن بەش ئىش بېرىلدى. مەن بۇنى پەخىرلىنىش ئۈچۈن دېمەيمەن. (ئۇ بەش ئىش) مەن ئاق

(1) ئەنئام سۈرىسى 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ھۇد سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ئال ئىمرا ن سۈرىسى 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە قارا تەنلىك بارلىق كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم. (دۈشمەنلىرىمنىڭ دىلىغا) بىر ئاي يىراقلىقتىكى مۇساپىدىن قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدىم. ئولجىلار ماڭا ھالال قىلىنىپ بېرىلدى، ئۇ مەندىن بۇرۇن بىرەر كىشىگىمۇ ھالال قىلىنغان ئەمەس ئىدى. ماڭا زېمىننىڭ ھەممە يېرى ناماز ئوقۇشقا ۋە پاكىزلىنىشقا بولىدىغان قىلىپ بېرىلدى. ماڭا شاپائەت قىلىش ئىمتىيازى بېرىلدى، مەن ئۇنى ئۈممىتىم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە ساقلاپ قويدۇم. ئۇ شاپائەت الله تائالاغا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات بولغان كىشىگە نېسىپ بولىدۇ».

**﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله غا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ﴾** يەنى مەن ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋەردىگارى، ئىگىدارچىلىق قىلىش، تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۆز ئىلكىدە بولغان ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇرمەن.

**﴿ئۇنىڭ الله غا ۋە الله نىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۈممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾** يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۆزىگە ئەگىشىشكە ۋە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا ۋەدە قىلىنغان ۋە خۇش بېشارەت بېرىلگەن سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولغان ۋە ئۆزىگە (الله تائالا تەرىپىدىن) چۈشۈرۈلگەن الله تائالانىڭ سۆزلىرىگە ئىمان ئېيتىدىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكى بىلدۈردى.

**﴿ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار»﴾** يەنى سىلەر توغرا يولنى تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇ كۆرسەتكەن يولدا مېڭىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىغا ئەگىشىڭلار.

* * * * * *

وَمِن قَوۡمِ مُوسَىٰٓ أُمَّةٞ يَهۡدُونَ بِٱلۡحَقِّ وَبِهِۦ يَعۡدِلُونَ ﴿١٥٩﴾

مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ) ئىچىدە (كىشىلەرنى) ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان، ھەق بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان بىر جامائە بار﴿159﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىن ھەقكە ئەگىشىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالاردىن) كېچىلىرى الله نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋە سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جامائە كىشىلەر بار﴾[1]، ﴿ئەھلى كىتاب ئارىسىدا ھەقىقەتەن الله غا ئىمان كەلتۈرىدىغان، سىلەرگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، ئۆزلىرىگە نازىل بولغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىشىنىدىغانلار بار؛ ئۇلار الله دىن قورقىدۇ، الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، راھىبلارغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىنى دەپ

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 113 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ)، ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بېرىلىدۇ. اللّٰه ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴿[1]، ﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب (يەنى ئىنجىل، تەۋرات) نازىل قىلغانلار (يەنى ناسارا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۆمىنلىرى) قۇرئانغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: «بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان سەۋر ـ تاقىتى ئۈچۈن ئۇلارغا قوش ساۋاب بېرىلىدۇ﴿[2]، ﴿قۇرئان نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (تەسىرلىنىپ) دەرھال سەجدىگە بارىدۇ. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز پاكتۇر، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار يىغلىغان ھالدا سەجدە قىلىشقا يىقىلىدۇ (قۇرئاننى ئاڭلاش بىلەن ئۇلار اللّٰه غا) تېخىمۇ تەزەررۇ قىلىدۇ﴿[3].

* * * * * * *

وَقَطَّعۡنَٰهُمُ ٱثۡنَتَيۡ عَشۡرَةَ أَسۡبَاطًا أُمَمٗاۚ وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ إِذِ ٱسۡتَسۡقَىٰهُ قَوۡمُهُۥٓ أَنِ
ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡحَجَرَۖ فَٱنۢبَجَسَتۡ مِنۡهُ ٱثۡنَتَا عَشۡرَةَ عَيۡنٗاۖ قَدۡ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٖ
مَّشۡرَبَهُمۡۚ وَظَلَّلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلۡغَمَٰمَ وَأَنزَلۡنَا عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَنَّ وَٱلسَّلۡوَىٰۖ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ
مَا رَزَقۡنَٰكُمۡۚ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ١٦٠ وَإِذۡ قِيلَ لَهُمُ
ٱسۡكُنُواْ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةَ وَكُلُواْ مِنۡهَا حَيۡثُ شِئۡتُمۡ وَقُولُواْ حِطَّةٞ وَٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ
سُجَّدٗا نَّغۡفِرۡ لَكُمۡ خَطِيٓـَٰٔتِكُمۡۚ سَنَزِيدُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٦١ فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ
ظَلَمُواْ مِنۡهُمۡ قَوۡلًا غَيۡرَ ٱلَّذِي قِيلَ لَهُمۡ فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا
كَانُواْ يَظۡلِمُونَ ١٦٢

ئۇلار (يەنى بەنى ئىسرائىل) نى 12 تارماققا (يەنى قەبىلىگە) جامائەلار قىلىپ بۆلۈۋەتتۇق. مۇسانىڭ قەۋمى (باياۋاندا) ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دەپ ۋەھى قىلدۇق. (مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى) ئۇنىڭدىن (قەبىلىلەرنىڭ سانى بويىچە) 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى. ئۇلارغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، ئۇلارغا تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «سىلەر بىز رىزىقلاندۇرغان لەززەتلىك نەرسىلەردىن يەڭلار». (ئۇلار بۇ ئۇلۇغ نېئمەتلەرگە ناشۈكۈرلۇق قىلىش بىلەن) بىزگە زىيان سالغىنى يوق، (ئۆزلىرىنى اللّٰه نىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىشلىرى بىلەن) ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم سالدى﴿160﴾. ئۆز ۋاقتىدا (بىز ئۇلارغا) (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا): «سىلەر بۇ شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس) دە تۇرۇڭلار، ئۇ يەردىكى يېمەكلىكلەردىن خالىغىنىڭلارچە يەڭلار،

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 199 ـ ئايەت.
(2) قەسەس سۈرىسى 52 ـــ 54 ـ ئايەتلەر.
(3) ئىسرا سۈرىسى 107 ـــ 109 ـ ئايەتلەر.

شەھەر دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (كىرىۋاتقان چېغىڭلاردا) ئى الله ! گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، جىمى گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىمىز، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا (ساۋابىنى) زىيادە بېرىمىز» دېدۇق﴿161﴾. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملار ئۇلارغا ئېيتىلغان سۆزلەرنى (يەنى الله نىڭ ئەمرىنى) باشقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب ئەۋەتتۇق﴿162﴾.

بىز بەقەرە سۈرىسىنىڭ 59 ـ 60 ـ ئايەتلىرىنىڭ تەپسىرىدە بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ھەققىدە توختالغان ئىدۇق. بەقەرە سۈرىسى مەدىنىدە چۈشكەن. لېكىن بۇ ئايەتلەرنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئايەتلەرنىڭ مەككىدە چۈشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىز بەقەرە سۈرىسىدە بۇ ئايەتلەر بىلەن بەقەرە سۈرىسىدىكى مۇشۇ مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ كەلگەن ئايەتلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرقلەرنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە قايتا توختالمايمىز. ھەمدۇسانالار الله تائالاغا بولسۇن!

* * * * * * *

وَسۡـَٔلۡهُمۡ عَنِ ٱلۡقَرۡيَةِ ٱلَّتِي كَانَتۡ حَاضِرَةَ ٱلۡبَحۡرِ إِذۡ يَعۡدُونَ فِي ٱلسَّبۡتِ إِذۡ
تَأۡتِيهِمۡ حِيتَانُهُمۡ يَوۡمَ سَبۡتِهِمۡ شُرَّعٗا وَيَوۡمَ لَا يَسۡبِتُونَ لَا تَأۡتِيهِمۡۚ كَذَٰلِكَ
نَبۡلُوهُم بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿١٦٣﴾

ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) دىن دېڭىز (يەنى قۇلزۇم دېڭىزى) بويىدىكى (ئەيلە) شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن. (ئۇنىڭ ئاھالىسى بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن كۈن) شەنبىدە الله نىڭ چەكلىمىسىدىن چىقاتتى. چۈنكى شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. شەنبىدىن غەيرىي كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى. پاسىق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز﴿163﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ الله تائالانىڭ شەنبە كۈنىدىكى چەكلىمىلىرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى

بۇ ئايەت الله تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلغانلىقىمىزنى)، ئەلۋەتتە بىلىسىلەر﴾[1] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان مەزمۇننى تەپسىلىي يېشىپ بېرىدۇ.

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) دىن دېڭىز (يەنى قۇلزۇم دېڭىزى) بويىدىكى (ئەيلە) شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن﴾** يەنى سەن ئەتراپىڭدىكى يەھۇدىيلاردىن ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي ھىيلە

(1) بەقەرە سۈرىسى 65 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىشلەتكەن، **الله** تائالانىڭ بەلگىلەپ بەرگەن چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن **الله** تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ قىسسىسىنى سورىغىن ۋە يەھۇدىيلارنى ئۇلارنىڭ ئاشۇ قېرىنداشلىرىغا كەلگەن ئازابنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ئۇچرىتىدىغان سېنىڭ سۈپەتلىرىڭنى يوشۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرغىن.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىكرىمەدىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ كەنت مەدىيەن شەھىرى بىلەن تۇرسىنانىڭ ئارىلىقىدىكى ئەيلە ئىسىملىك كەنت ئىدى. ئىكرىمە، مۇجاھىد، قەتادە ۋە سۇددى قاتارلىقلار بۇ كەنت توغرىسىدا شۇنداق دېدى.

**﴿ئۇنىڭ ئاھالىسى بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن كۈن) شەنبىدە الله نىڭ چەكلىمىسىدىن چىقاتتى﴾** يەنى ئۇلار شەنبە كۈنىدە **الله** تائالانىڭ شەنبە كۈنى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىسىگە قارشى چىقىپ، **الله** تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن چىقىپ كەتتى. **﴿چۈنكى شەنبە كۈنى بېلىقلار سۇ ئۈستىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى﴾**.

**﴿شەنبىدىن غەيرىي كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى. پاسىق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز﴾** ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇلارنىڭ بېلىق تۇتۇش ھارام قىلىنغان كۈندە بېلىقلارنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ قويۇش بىلەن ۋە بېلىق تۇتۇش ھالال قىلىنغان كۈندە بېلىقلارنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ قويۇش بىلەن سىنايمىز، بىزنىڭ مۇشۇنداق سىنىشىمىز ئۇلارنىڭ **الله** تائالاغا بويسۇنۇشتىن يىراقلاپ كەتكەنلىكى ۋە **الله** تائالانىڭ بۇيرۇقىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر.

بۇلار كۆرۈنۈشتە توغرىدەك، ئەمەلىيەتتە ھارام بولغان سەۋەبلەر بىلەن **الله** تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلەتكەن كىشىلەردۇر. ئىمام ئەبۇئابدۇللاھ بەتتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر يەھۇدىيلار قىلىپ سالغان ئىشنى قىلىپ سالماڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئەڭ ئاددىي ھىيلە بىلەن **الله** تائالا چەكلىگەن ھارام نەرسىلەرنى ھالال ساناپ قالىسىلەر».

* * * * * * *

وَإِذْ قَالَتْ أُمَّةٌ مِّنْهُمْ لِمَ تَعِظُونَ قَوْمًا ٱللَّهُ مُهْلِكُهُمْ أَوْ مُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا شَدِيدًا قَالُوا۟ مَعْذِرَةً إِلَىٰ
رَبِّكُمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَّقُونَ ﴿١٦٤﴾ فَلَمَّا نَسُوا۟ مَا ذُكِّرُوا۟ بِهِۦٓ أَنجَيْنَا ٱلَّذِينَ يَنْهَوْنَ عَنِ ٱلسُّوٓءِ وَأَخَذْنَا
ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ بِعَذَابٍۭ بَـِٔيسٍۭ بِمَا كَانُوا۟ يَفْسُقُونَ ﴿١٦٥﴾ فَلَمَّا عَتَوْا۟ عَن مَّا نُهُوا۟ عَنْهُ قُلْنَا لَهُمْ كُونُوا۟
قِرَدَةً خَـٰسِـِٔينَ ﴿١٦٦﴾

ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر جامائە ئادەملەر «**الله** ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېدى. ئۇلار (يەنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىلار): «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا (گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق دەپ) ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ **الله** دىن قورقۇپ (گۇناھتىن چەكلىنىشلىرىنى ئۈمىد

قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق)» دېدى﴿164﴾. ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، الله نىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق﴿165﴾. ئۇلار نەھيى قىلىنغان نەرسىنى تەرك ئېتىشتىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق﴿166﴾.

## ئۇلارنىڭ مايمۇنغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى توسقۇچىلارنىڭ قۇتۇلدۇرۇلغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇشۇ كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈنگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ الله چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىپ، ھەددىدىن ئېشىپ (ھىيلە ئىشلىتىپ)، شەنبە كۈنىدە بېلىق تۇتتى. بۇ ھەقتىكى بايانلار بەقەرە سۈرىسىدە بايان قىلىنغان ئىدى.

يەنە بىر گۇرۇھ ئۇلارنى شەنبە كۈنى بېلىق تۇتۇشتىن توسۇپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقتى. يەنە بىر گۇرۇھ بولسا، ئۆزلىرى بېلىق تۇتمىدى، تۇتقانلارنى ھەم توسمىدى. لېكىن بۇ گۇرۇھتىكىلەر ئەيىبلىگۈچى كىشىلەرگە: **﴿«الله ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىسىلەر؟» دېدى﴾** يەنى: نېمە ئۈچۈن سىلەر ئۇلارنى توسىسىلەر؟ سىلەر ئۇلارنىڭ چوقۇم ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە الله تەرىپىدىن كېلىدىغان قاتتىق بىر ئازابقا ھەقلىق بولغانلىقىنى بىلىسىلەر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەرنىڭ ئۇلارنى توسقىنىڭلارنىڭ پايدىسى يوق.

ئەيىبلىگۈچىلەر ئۇلارغا: **﴿«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا (گۇناھقا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇق دەپ) ئۆزرە ئېيتماسلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ الله دىن قورقۇپ (گۇناھتىن چەكلىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق)» دېدى﴾** يەنى بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىز ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن بىزدىن ئېلىنغان ۋەدىگە ۋاپا قىلغانلىقىمىز، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ توسقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدىن قىلىۋاتقان يامان ئىشلىرىنى تاشلاپ، تەۋبە قىلىپ الله تائالا تەرەپكە قايتىشىنى، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا رەھىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىز ئۈچۈندۇر.

**﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق، الله نىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق﴾** يەنى الله تائالا بۇ ئايەتتە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگۈچىلەرنى قۇتقۇزىۋالغانلىقىنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ ئۆزلىرىگە ـ ئۆزلىرى ئۇۋال قىلغۇچىلارنى ھالاك قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەمما ئۆزلىرىمۇ بېلىق تۇتمىغان ھەم تۇتقانلارنى توسمىغان گۇرۇھتىكىلەر ھەققىدە الله تائالا ھېچنېمە دېمىدى. چۈنكى مۇكاپات ياكى جازا ھەر كىمنىڭ قىلغان قىلمىشىغا قارىتا بولىدۇ. بۇلار بولسا، ماختانغۇدەك بىرەر ياخشى ئىشنىمۇ ياكى ئەيىبلەنگۈدەك بىرەر يامان ئىشنىمۇ قىلمىدى.

ئىكرىمە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ مۇشۇ ئايەتلەرنى ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ: ﴿**«اللّٰه ھالاك قىلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلايدىغان قەۋمگە نېمە ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىسىلەر؟»**﴾ دېگۈچى گۇرۇھتىكى كىشىلەرنى اللّٰه تائالانىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى ياكى قۇتۇلدۇرۇپ قالمىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سۆز قېتىپ، ئۇلارنىڭ قۇتۇلدۇرۇلۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى ئابباس ماڭا بىر تون كەيدۈردى.

*******

وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكَ لَيَبْعَثَنَّ عَلَيْهِمْ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَـٰمَةِ مَن يَسُومُهُمْ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ ۗ إِنَّ رَبَّكَ لَسَرِيعُ ٱلْعِقَابِ ۖ وَإِنَّهُۥ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿١٦٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا (يەنى يەھۇدىيلارغا) قىيامەتكىچە چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴿167﴾.

## يەھۇدىيلارغا خارلىقنىڭ مەڭگۈ يار بولىدىغانلىقى

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا (يەنى يەھۇدىيلارغا) قىيامەتكىچە چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ اللّٰه تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا، بەلگىلىمىلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى، اللّٰه تائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش يولىدا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، اللّٰه تائالا ئۇلارنى چوقۇم قىيامەتكىچە قاتتىق جازالايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلدى.

بەزى ئالىملار: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يەتتە يىل (يەنە بىر رىۋايەتتە 13 يىل) خىراج تۆلەشنى يولغا قويغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام خىراج تۈزۈمىنى تۇنجى يولغا قويغان كىشىدۇر. ئاندىن يەھۇدىيلار يۇنانلىق، كەشدانلىق ۋە كەلدانلىق پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاپ كەلدى. ئاندىن خىرىستىئانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ خارلىشىغا، ئۇلارغا جىزىيە ۋە خىراجلارنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ، خىراج ۋە جىزىيە تۆلەپ كەلدى، ـ دەيدۇ.

ئەۋفي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئۇلار قىيامەت كۈنىگىچە ئۇچراپ تۇرىدىغان قاتتىق ئازاب بولسا)، ئۇلارنىڭ موھتاجلىققا قېلىشى ۋە جىزىيە تۆلىشىدۇر.

ئابدۇرازاق سەئىد ئىبنى مۇسەييىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەھۇدىيلاردىن

جىزيە ئېلىش ئۈچۈن نىبتى مىللىتىنىڭ ئەۋتىلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىشى شۇكى، زامان ئاخىرى بولغاندا، ئۇلار دەججالغا ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى الله تائالانىڭ ئازابى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان، بەلگىلىمىسىگە قارشى چىققان كىشىلەر ئۈچۈن تېزدۇر.

الله تائالانىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتى گۇناھىنى تونۇپ، تەۋبە قىلىپ، ياخشىلىققا قايتقان كىشى ئۈچۈندۇر. الله تائالا بۇ يەردە كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئازابلايدىغانلىقىنى بايان قىلغان سۆزىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەغپىرەت ۋە رەھمەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ بايان قىلدى. الله تائالا كۆپ ئورۇنلاردا بەندىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد قىلىش بىلەن الله تائالانىڭ غەزىپىدىن قورقۇتۇش كەيپىياتىنىڭ ئارىسىدا نورمال تۇرۇشى ئۈچۈن، ئازابقا ئائىت سۆزى بىلەن رەھىم قىلىدىغانلىقىغا ئائىت سۆزنى بىر يەردە كەلتۈرىدۇ.

* * * * * * *

وَقَطَّعۡنَٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ أُمَمٗاۖ مِّنۡهُمُ ٱلصَّٰلِحُونَ وَمِنۡهُمۡ دُونَ ذَٰلِكَۖ وَبَلَوۡنَٰهُم
بِٱلۡحَسَنَٰتِ وَٱلسَّيِّـَٔاتِ لَعَلَّهُمۡ يَرۡجِعُونَ ﴿١٦٨﴾ فَخَلَفَ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ خَلۡفٞ وَرِثُواْ ٱلۡكِتَٰبَ يَأۡخُذُونَ
عَرَضَ هَٰذَا ٱلۡأَدۡنَىٰ وَيَقُولُونَ سَيُغۡفَرُ لَنَا وَإِن يَأۡتِهِمۡ عَرَضٞ مِّثۡلُهُۥ يَأۡخُذُوهُۚ أَلَمۡ يُؤۡخَذۡ عَلَيۡهِم مِّيثَٰقُ ٱلۡكِتَٰبِ
أَن لَّا يَقُولُواْ عَلَى ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡحَقَّ وَدَرَسُواْ مَا فِيهِۗ وَٱلدَّارُ ٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ لِّلَّذِينَ يَتَّقُونَۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ
﴿١٦٩﴾ وَٱلَّذِينَ يُمَسِّكُونَ بِٱلۡكِتَٰبِ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ إِنَّا لَا نُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُصۡلِحِينَ ﴿١٧٠﴾

ئۇلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ بار، ياخشىلىرىدىن تۆۋەنلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن سىنىدۇق﴿168﴾. ئۇلاردىن كېيىن، (يامان) ئەۋلادلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل ـ مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىغۇيۇق) ئالىدۇ ۋە بىزنى الله ئەپۇ قىلىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق پۇل ـ مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ. كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) الله غا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى ئوقۇغان ئىدى، ھارامنى تەرك ئېتىپ، الله دىن قورقىدىغانلارغا ئاخىرەت ياخشىدۇر، بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟﴿169﴾ كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار، ناماز ئوقۇيدىغانلار (ساۋابقا ئېرىشىدۇ)، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەقىقەتەن زايا قىلىۋەتمەيمىز﴿170﴾.

# ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ يەر يۈزىگە چېچىلىپ كەتكەنلىكى

**﴿ئۇلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) يەر يۈزىدە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتتۇق﴾** الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىر نەچچە گۇرۇھ قىلىپ يەر يۈزىگە چېچىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىرئەۋننى غەرق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا: «(مىسىر) زېمىنىدا تۇرۇڭلار، ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۆمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز» دېدۇق﴾[1].

**﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ بار، ياخشىلىرىدىن تۆۋەنلىرىمۇ بار، ئۇلارنىڭ (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىقچىلىق ۋە كەڭچىلىك بىلەن سىنىدۇق﴾** يەنى ئۇلارنى كەڭچىلىك، قاتتىقچىلىق، قىزىقتۇرۇش، قورقۇتۇش، تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئاتا قىلىش ۋە بالايى ـ ئاپەتلەرنى بېرىش بىلەن سىنىدۇق.

**﴿ئۇلاردىن كېيىن، (يامان) ئەۋلاتلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل ـ مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئالىدۇ ۋە بىزنى الله ئەپۇ قىلىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق پۇل ـ مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ﴾** يەنى ئارىسىدا ياخشى ۋە يامانلىرى بار بولغان بۇ ئەۋلادتىن كېيىن، ئارىسىدا ھېچقانداق ياخشىسى يوق بىر ئەۋلاد كېلىدۇ. ئۇلار تەۋراتنى ئوقۇشقا ۋارىسلىق قىلىدۇ.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن كېيىنكى تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەڭ ئەسكى ئەۋلادتۇر. الله تائالا ئۇلارنى پەيغەمبەرلىرىدىن كېيىن مىراسخور قىلىپ قويدى. ئۇلارغا تەۋراتنى ئەھدە قىلىپ بەردى.

الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى﴾[2].

**﴿ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل ـ مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئالىدۇ ۋە: بىزنى الله ئەپۇ قىلىدۇ﴾** دەپ، الله تائالادىن قۇرۇق ئارزۇلارنى قىلىپ، شۇنىڭغا گوللىنىپ يۈرىشىدۇ.

**﴿شۇنداق پۇل ـ مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ﴾** يەنى ئۇلارنىڭ قولىغا شۇ پۇل ـ ماللىرىنى ئېلىشتىن ئۇلارنى ھېچقانداق نەرسە توساپ قالالمايدۇ، ھېچقانداق نەرسە ئۇلارنى بۇ يولدىن قايتۇرىۋېتەلمەيدۇ. ئۇلار قولىغا چۈشكەنلىكى مال ـ دۇنيانى ئۇنىڭ ھالال ـ ھارام بولۇشىغا قارىماستىن يەۋېرىدۇ.

سۇددى الله تائالانىڭ: **﴿ئۇلاردىن كېيىن، (يامان) ئەۋلاتلار تەۋراتقا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ئەرزىمەس پۇل ـ مېلىنى (ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىماي، قارىقويۇق) ئالىدۇ**

(1) ئىسرا سۈرىسى 104 ـ ئايەت.
(2) مەريەم سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**ۋە بىزنى الله ئەيۇ قىلىدۇ، دەيدۇ. شۇنداق يۇل ـ مال ئۇلارنىڭ قولىغا كەلسە، ئۇلار يەنە ئالىدۇ. كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) الله غا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلار تەۋراتتىكى نەرسىلەرنى ئوقۇغان ئىدى﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بىر قازىنىڭ ئالدىغا (ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىپ) بارغىنىدا، ئۇنىڭغا پارا بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ياخشىلىرى بىر يەرگە توپلىشىپ ھۆكۈم قىلغاندا، پارا ئالماسلىققا ئۆزئارا بىر ـ بىرىدىن ۋەدە ئالاتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر كىشى قازىلىققا تەيىنلەنگەن ھامانلا پارا ئېلىشقا باشلايتتى. ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن پارا ئالىسەن؟ـ دەپ سورالسا، ئۇ: الله تائالا مېنى ئەيۇ قىلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ قازىنىڭ شۇ قىلمىشىنى قالغانلىرى ئەيىبلەيتتى. ئەگەر ئۇ قازى ئۆلسە ياكى ھوقۇقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرۇن ئەيىبلەيدىغانلاردىن بىرەر كىشى سايلاپ قويۇلسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا پارا ئېلىشقا باشلايتتى. ئەگەر باشقىلارغىمۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئەرزىمەس پۇل ـ مېلى كەلسە، ئۇنى ئېلىۋېرەتتى.

**﴿كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) الله غا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟﴾** يەنى الله تائالا ئۇلاردىن (ئۇلارنىڭ ھەققەتنى كىشىلەردىن يوشۇرماستىن ئاشكارا بايان قىلىشىغا) ئەھدە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يەنە شۇنداق يامان ئىشنى قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا، الله كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى الله نىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى، لېكىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئۇلار ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنا بەدەلگە (يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىگە) تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنى نېمىدېگەن يامان!﴾[1]

ئىبنى جەرىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ الله تائالانىڭ: **﴿كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) الله غا (يالغان چاپلىماي) پەقەت ھەقنىلا ئېيتىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن چىڭ ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟﴾** دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ تەۋبە قىلماي داۋاملاشتۇرىۋېرىدىغان گۇناھلىرى ئۈچۈن: الله تائالا بىزنى ئەيۇ قىلىدۇ، ـ دەپ يالغان دەۋا قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، تەۋراتتا ئۇلاردىن ھەق سۆزنىلا قىلىشقا ۋەدە ئېلىنمىدىمۇ؟ دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

**﴿ھارامنى تەرك ئېتىپ، الله دىن قورقىدىغانلارغا ئاخىرەت ياخشىدۇر﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بېرىدىغان ساۋابىنىڭ كۆپلىكىگە قىزىقتۇرىدۇ. ئۇلارنى ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. يەنى مېنىڭ بېرىدىغان ساۋابىم ۋە مېنىڭ تەييارلىغان مۇكاپاتىم ھارام ئىشلاردىن ساقلانغان، كۆڭۈل ـ خاھىشىغا ئەگەشمىگەن ۋە ئۆزىنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىگە يۈزلەندۈرگەن كىشىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.

**﴿بۇنى چۈشەنمەمسىلەر؟﴾** يەنى مېنىڭ دەرگاھىمدىكى مۇكاپاتلارنى بۇ دۇنيانىڭ

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 187 ـ ئايەت.

ئەرزىمەس پۇل ـ ماللىرىغا تېگەشكەن ئاشۇ كىشلەرنىڭ ئۆزلىرىنى بۇنداق ئەخمەقلىقتىن قايتۇرىدىغان بىر ئەقلى يوقمۇ؟

ئاندىن الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە يېتەكلەيدىغان كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنى چىڭ تۇتىدىغانلارنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار**﴾ يەنى قۇرئان كەرىمنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، توسقان ئىشلىرىدىن يانىدىغانلار، ﴿**ناماز ئوقۇيدىغانلار (ساۋابقا ئېرىشىدۇ)، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەقىقەتەن زايا قىلىۋەتمەيمىز**﴾.

*******

وَإِذْ نَتَقْنَا ٱلْجَبَلَ فَوْقَهُمْ كَأَنَّهُۥ ظُلَّةٌ وَظَنُّوٓا۟ أَنَّهُۥ وَاقِعٌۢ بِهِمْ خُذُوا۟ مَآ ءَاتَيْنَـٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱذْكُرُوا۟ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿١٧١﴾

ئۆز ۋاقتىدا (تۇر) تاغنى قومۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەندەك تىكلىدۇق، ئۇلار تاغنى ئۈستىلىرىگە چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «تەۋقادارلار قاتارىدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۆزەڭلارغا بېرىلگەن كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىڭلار»﴿171﴾.

## يەھۇدىيلارنىڭ ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن باشلىرىنىڭ ئۈستىگە تۇر تېغىنىڭ تىكلەنگەنلىكى

قاسىم ئىبنى ئەبۇئەييۇب ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنى بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچچىغى پەسەيگەندىن كېيىن، تاختىنى يەردىن ئېلىپ ئىسرائىل ئەۋلادىنى الله تائالانىڭ ئۇلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا بۇيرۇدى. ئۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۇلارغا ئېغىر تۇيۇلدى. ھەتتا الله تائالا پەرىشتىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ باشلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە تۇر تېغىنى سايىۋەندەك تىكلەپ قويغانغا قەدەر بۇ ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىدى.

*******

وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنۢ بَنِىٓ ءَادَمَ مِن ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ ۖ قَالُوا۟ بَلَىٰ ۛ
شَهِدْنَآ ۛ أَن تَقُولُوا۟ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَـٰذَا غَـٰفِلِينَ ﴿١٧٢﴾ أَوْ تَقُولُوٓا۟ إِنَّمَآ أَشْرَكَ ءَابَآؤُنَا مِن
قَبْلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِّنۢ بَعْدِهِمْ ۖ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ ٱلْمُبْطِلُونَ ﴿١٧٣﴾ وَكَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلْـَٔايَـٰتِ وَلَعَلَّهُمْ
يَرْجِعُونَ ﴿١٧٤﴾

ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى اللە ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكلىرى ياكى: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساقا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴿172ـ173﴾. ئۇلارنىڭ (گۇمراھلىقتىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئەگىشىشتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز﴿174﴾.

## ئادەم بالىلىرىدىن ئېلىنغان ۋەدىنىڭ بايانى

اللە تائالا بۇ يەردە ئادەم بالىلىرىنىڭ نەسلىنى ئۇلارنىڭ دادىسى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىگىسى ئىكەنلىكىگە، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئۇلارنى ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئۇلاردىن گۇۋاھلىق ئېلىۋالغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

اللە تائالا ئىنسان بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دادىلىرى بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان تەبىئەت بىلەن يارىتىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، اللە نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) اللە ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، اللە نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ﴾[1].

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خۇددى ھەرقانداق ھايۋان بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندا، ئەزالىرى ساق ـ سالامەت، ئەيىبسىز تۇغۇلغىنىدەك، ھەر قانداق بالا (باشقا بىر ئاڭ بولمىغان) دىنىي تونۇش تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلغان بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇ بالىنى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خىرىستىئان قىلىدۇ ۋەياكى ئاتەشپەرەس قىلىدۇ».

ئىمام مۇسلىم ئىياز ئىبنى ھىماردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا ھەدىس قۇددىسىدا: ھەقىقەتەن مەن بەندىلىرىمنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتتىم، ئاندىن شەيتان كېلىپ ئۇلارنى ئۆز دىنلىرىدىن ئازدۇرىۋەتتى. مەن ئۇلارغا ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىنى ھارام سانايدىغان قىلىۋەتتى، ـ دەيدۇ.»

ئىنسانلارنىڭ نەسلىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن ياراتقانلىقى ۋە ئۇلارنى جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلار ۋە دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغانلار دەپ ئىككىگە ئايرىغانلىقى

(1) رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلدى. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر:

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغان بىر كىشىگە: ئېيتقىنكى، ئەگەر يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەر سېنىڭ بولغىنىدا، سەن ئۇ نەرسىلەرنى بېرىپ، ئۆزەڭنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ قالامتىڭ؟ـ دەيدۇ. ئۇ كىشى: ھەئە، شۇنداق قىلاتتىم،ـ دەيدۇ. ئاندىن الله تائالا: مەن سەندىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاددى نەرسىنى تەلەپ قىلغان ئىدىم. مەن سەندىن ئاتاڭ ئادەمنىڭ پۇشتىدىكى چېغىڭدا، ماڭا شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭ ئۈچۈن ئەھدە ئالغان ئىدىم. لېكىن سەن ماڭا شېرىك كەلتۈردىڭ،ـ دەيدۇ.» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندا، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى ـ دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن الله تائالا تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ياراتماقچى بولغان پۈتۈن ئىنسانلار تۆكۈلدى. ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقىدا پارقىراپ تۇرىدىغان بىر نۇرنى قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇلار كىملەر؟ـ دېدى. الله تائالا: بۇ سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ،ـ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئىچىدىن بىرىنى كۆردى. ئۇ كىشىنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقىدىكى نۇرى ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ كىم بولىدۇ؟ـ دېدى. الله تائالا: بۇ ئاخىرىدىراق كېلىدىغان ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەۋلادلىرىڭدىن داۋۇت ئىسىملىك بىر كىشىدۇر،ـ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ ئۆمرىنى قانچە ياش قىلدىڭ؟ـ دېدى. الله تائالا: ئاتمىش ياش قىلدىم،ـ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇنىڭغا ئۆز ئۆمرۈمنىڭ 40 يىلىنى بەردىم،ـ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، جان ئالغۇچى پەرىشتە ئۇنىڭ جېنىنى ئالغىلى كەلگەندە، ئادەم ئەلەيھىسسالام: مېنىڭ ئۆمرۈمدىن يەنە 40 يىل قالمىدىمۇ؟ـ دېدى. جان ئالغۇچى پەرىشتە: سەن ئۇ 40 يىل ئۆمرىڭنى ئوغلۇڭ داۋۇدقا بەرمىدىڭمۇ؟ـ دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن تېنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارمۇ تېنىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام: الله تائالاغا (چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىككە بەرگەن ۋەدىسىنى) ئۇنتۇغان ئىدى، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانلارمۇ ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىنسانمۇ خاتالىشىدىغان بولدى».

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋە مۇشۇ مەزمۇندا كەلگەن باشقا ھەدىسلەر الله تائالانىڭ ئادەم ئەۋلادىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلار ۋە دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغانلار دەپ ئايرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**﴿ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ**

**پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. ئۇلار الله تائالاغا بەرگەن گۇۋاھلىقنى ۋۇجۇدى ۋە سۆزى ئارقىلىق بەردى. سوئال سوراش بەزىدە سۆز ئارقىلىق ۋە بەزىدە ئىشارەت ئارقىلىق بولغىنىدەك، گۇۋاھلىق بېرىشمۇ بەزىدە سۆز ئارقىلىق، بەزىدە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى ئارقىلىق بولىدۇ.

بەزى ئالىملار: الله تائالانىڭ ئادەمنىڭ پۇشتى بولغان ئىنسانلاردىن ئالغان گۇۋاھلىقى ۋۇجۇد ئارقىلىق بولغان، ئەگەر بەزى ئالىملارنىڭ دېگىنىدەك سۆز ئارقىلىق ئالغان گۇۋاھلىق بولغان بولسا، ھەر بىر ئىنسان ئۇنى ئەسلىيەلىگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا سۆز ئارقىلىق بەرگەن شۇ گۇۋاھلىقنى ئۇنىڭ زىيىنىغا ئىسپات قىلغان بولاتتى، ـ دېدى.

ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ ئادەم بالىلىرىدىن گۇۋاھلىق ئالغانلىقى ھەققىدە بەرگەن خەۋىرى شۇ گۇۋاھلىقنىڭ ھەر بىر ئىنساندا بار ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ـ دېگەن سوئال قويۇلسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى، مۇشرىكلار پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا يەتكۈزگەن، ئۇلاردىن گۇۋاھلىق ئېلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋىرىنىمۇ، ئۇلاردىن ئېلىنغان گۇۋاھلىقنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇۋاھلىق ھەققىدە ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋەرلىرى ئۇلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئايرىم پاكىت بولىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن ئېلىنغان گۇۋاھلىق (سۆز ئارقىلىق ئېلىنغان گۇۋاھلىق بولماستىن)، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن الله تائالانى بىر دەپ تونۇش تەبىئىتىدۇر.

شۇڭا الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكلىرى ياكى: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر﴾.**

* * * * * * *

وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ ٱلَّذِيٓ ءَاتَيۡنَٰهُ ءَايَٰتِنَا فَٱنسَلَخَ مِنۡهَا فَأَتۡبَعَهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ فَكَانَ مِنَ ٱلۡغَاوِينَ
﴿١٧٥﴾ وَلَوۡ شِئۡنَا لَرَفَعۡنَٰهُ بِهَا وَلَٰكِنَّهُۥٓ أَخۡلَدَ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُۚ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ ٱلۡكَلۡبِ
إِن تَحۡمِلۡ عَلَيۡهِ يَلۡهَثۡ أَوۡ تَتۡرُكۡهُ يَلۡهَثۚ ذَّٰلِكَ مَثَلُ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۚ
فَٱقۡصُصِ ٱلۡقَصَصَ لَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ ﴿١٧٦﴾ سَآءَ مَثَلًا ٱلۡقَوۡمُ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَأَنفُسَهُمۡ
كَانُواْ يَظۡلِمُونَ ﴿١٧٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) غا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق (يەنى كىتابۇللانىڭ بەزى ئىلىملىرىنى ئۆگەتتۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇنىڭغا شەيتان ئاپىرىدە بولۇشى بىلەنلا گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى﴿175﴾. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى (تەقۋادار ئۆلىمالار دەرىجىسىگە) كۆتۈرەتتۇق لېكىن

ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى، ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ، بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ قەۋمنىڭ مىسالىدۇر، ئويلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى (قەۋمىڭگە) سۆزلەپ بەرگىن﴿176﴾. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زىيان سالغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان!﴿177﴾

## بەلئەم ئىبنى بائۇرانىڭ قىسسىسى ۋە ئىلىمدىن ئايرىۋېتىلگەن ئالىمنىڭ مىسالى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) غا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق (يەنى كىتابۇللانىڭ بەزى ئىلىملىرىنى ئۆگەتتۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى﴾** ئابدۇرازاق بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: ئايەتتە دېيىلگەن بۇ ئادەم بولسا، بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بولغان بەلئەم ئىبنى بائۇرا دېگەن كىشىدۇر. شەھبە ۋە باشقىلار مەنسۇرنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئۇرۇبە قەتادەدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ئۇ سەيفى ئىبنى راھىب دېگەن كىشى بولىدۇ،ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

قەتادە يەنە كەئبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ بەلقە دېگەن يەرلىك كىشى بولۇپ، ئۇ كىشى ئىسمى ئەزەم (الله تائالانىڭ كاتتا ئىسىملىرى) نى بىلەتتى. ئۇ ئەينى چاغدا پەلەستىندە ياشايدىغان كۈچلۈك بىر قەۋم بىلەن ياشايتتى.

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ئۇ يەمەنلىك بەلئەمە دېگەن بىر كىشى بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى بىلدۈرگەن، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ بىلىملەرنى تاشلىۋەتكەن،ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئادەم ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئالىملىرىدىن بولۇپ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدىغان كىشى ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادى باشلىرىغا مۇشكۈلچىلىك كەلگەندە، ئۇ كىشىنى ئالدىغا چىقىرىپ قوياتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنى مەديەن پادىشاھىنى الله نىڭ دىنىغا چاقىرىشقا ئەۋەتتى. مەديەن پادىشاھى مەديەن زېمىنىدىن بىر قىسىم يەرلەرنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشى ئۈچۈن بۆلۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم مەديەن پادىشاھىنىڭ دىنىغا كىرىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تاشلىدى.

ئىمران ئىبنى ئۇيەينە ئىمران ئىبنى ھارىستىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ بەلئەم ئىبنى بائىر دېگەن كىشىدۇر. مۇجاھىد ۋە ئىكرىمەمۇ مۇشۇنداق دېدى. سەقىيف: ئۇ ئادەم ئۇمەييە ئەبۇسۇلت دېگەن كىشىدۇر،ـ دېدى.

ئەمما بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئەڭ مەشھۇر كىشى (ئىبنى مەسئۇد ۋە

باشقا سەلەپ ئالىملىرىنىڭ دېگىنىدەك): ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ زامانىسىدىكى پېشقەدەملەردىن بىر كىشى ئىدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئادەم پەلەستىندىكى كۆچلۈك قەۋمدىن ئىسمى ئەزەمنى بىلىدىغان بەلئەم ئىسىملىك كىشىدۇر.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام پەلەستىندىكى كۆچلۈك قەۋم ياشايدىغان جايغا كىرمەكچى بولغاندا، بەلئەمە دېگەن كىشىنىڭ قېشىغا، ئۇ كىشىنىڭ تاغىلىرىنىڭ بالىلىرى ۋە قەۋمى كېلىپ: مۇسا تۆمۈر ئادەم، ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ نۇرغۇن ئەسكىرى بار، ئەگەر مۇسا بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلىپ قالسا، ھەممىمىزنى يوقىتىۋېتىدۇ. شۇڭا سەن بىزنىڭ مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىپ قېلىشىمىز ئۈچۈن **الله** تائالاغا دۇئا قىلساڭ،- دېدى. بەلئەمە: ئەگەر مەن **الله** تائالاغا مۇشۇنداق دۇئا قىلسام، مېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىم تۈگەيدۇ،- دېدى. ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنى قويۇپ بەرمەي، دۇئا قىلىشقا مەجبۇرلاۋەرگەندىن كېيىن، ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، **الله** تائالا ئۇ كىشىگە ئاتا قىلغان ئىلمنى كۆتۈرۈۋەتتى. مانا بۇ، **الله** تائالانىڭ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) غا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق (يەنى كىتابۇللانىڭ بەزى ئىلىملىرىنى ئۆگەتتۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇنىڭغا شەيتان ئەگىشىۋالدى، ئۇنىڭغا شەيتان ئاپىرىدە بولۇشى بىلەنلا گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى**﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر.

﴿**ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى (تەقۋادار ئۆلىمالار دەرىجىسىگە) كۆتۈرەتتۇق**﴾ يەنى ئۇنىڭغا بەرگەن ئايەتلىرىمىز بىلەن ئەلۋەتتە ئۇنى دۇنيانىڭ ئەززىمەس نەرسىلىرى بىلەن بۇلغىنىشتىن ساقلايتتۇق.

﴿**لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى**﴾ يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە بېرىلىپ، ئۇنىڭ راھەت - پاراغەتلىرىگە يۈزلەندى. دۇنيا ئۇنى ئەقلىسىز، نادان كىشىلەرنى ئالدىغاندەكلا ئالداپ كەتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق سالىمدىن ئەبۇنەزەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالام شام زېمىنىدىكى كەنئان قەۋمى ياشايدىغان زېمىنغا كىرمەكچى بولغاندا، بەلئەمنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئۇ ئىسرائىل ئەۋلادىدىكى مۇسا دېگەن كىشىدۇر. ئۇ بىزنى شەھەرلىرىمىزدىن چىقىرىپ، ئىسرائىل ئەۋلادىنى بىزنىڭ زېمىنىمىزغا يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلدى. بىز سېنىڭ قەۋمىڭ، بىزنىڭ باشقا بارىدىغان ماكانىمىز يوق. سەن بولساڭ، دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدىغان كىشىدۇرسەن. شۇڭا سەن **الله** تائالاغا ئۇلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلساڭ،- دېدى. بەلئەمە: سىلەرگە ۋاي! مەن **الله** تائالاغا ئىشەنگەن ياخشى كىشىلەر ۋە پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولغان، **الله** تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلالامدىمەن؟ مەن **الله** تائالا تەرىپىدىن ماڭا ئاتا قىلغان بىلىمنى بىلىمەن،- دېدى. ئۇنىڭ قەۋمى:

بىزنىڭ بارىدىغان باشقا ماكانىمىز يوق تۇرسا؟ ـ دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى، ھەتتا ئۇنى ئازدۇردى. ئۇ ئېزىپ كېتىپ، ئېشىكىگە مىنىپ مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرەلىگىدەك يېقىنلىقتىكى خۇسبان ئىسىملىك تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇ تاغقا قاراپ بىر ئاز مېڭىۋىدى، تاغدا ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسايدىغان توساق پەيدا بولدى. ئۇ قايتىپ چۈشۈپ تاغنى ئۇردى ـ دە، ئارقىغا ياندى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى توساق يوقاپ كەتتى. ئۇ يەنە قايتا تاغقا ياماشتى. ئۇ ئازراق ئىلگىرىلەش بىلەنلا، توساق قايتا پەيدا بولدى. ئۇ توساقنى ئۇردى ـ دە، قايتىپ چۈشتى. توساق ئەۋۋەلقى قېتىمغا ئوخشاشلا يوقاپ كېتىپ، ئۇ كىشىنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولۇپ سۆزلەپ: ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ئى بەلئەمە! قەيەرگە بارىسەن؟ سەن پەرىشتىلەرنىڭ مۇشۇ تەرىپىمدىن توسۇپ تۇرغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ سەن الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ياخشى كىشىلەرنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتامسەن؟ ـ دېدى. بەلئەمە ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپلا تاغنى يەنە بىرنى ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يول بەردى. ئۇ ئېشىكىگە مىنىپ مۇسا ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان خۇسبان تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلىشقا باشلىدى. الله تائالا ئۇنىڭ مۇسا ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ زىيىنىغا قارىتا قىلغان ھەر بىر يامان دۇئاسىنى ئۆز قەۋمىنىڭ زىيىنىغا بۇرىۋەتتى. قەۋمى ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر ياخشى دۇئاسىنى مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە بۇرىۋەتتى.

قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى بەلئەمە! ئۆزەڭنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ سەن بىزنىڭ زىيىنىمىزغا ۋە ئۇلارنىڭ پايدىسىغا دۇئا قىلىپسەنغۇ؟ ـ دېيىشتى. بەلئەمە ئۇلارغا: بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنى الله تائالا شۇنداق قىلدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ تىلى ساڭگىلاپ مەيدىسىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ قەۋمىگە: ئەمدى مېنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىكىم يوقالدى. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىشتىن باشقا يول قالمىدى. مەن سىلەرگە بىر ھىيلە ئۆگىتىپ قوياي، سىلەر ئاياللىرىڭلارنى چىرايلىق ياساڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ساتقۇدەك بىر نەرسە بېرىڭلار ـ دە، شۇ نەرسىلەرنى سېتىشى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇسانىڭ ئەسكەرلىرى بار جايغا ئەۋەتىڭلار. ئەگەر مۇسانىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرەرسى ئاياللىرىڭلارغا چېقىلماقچى بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى تارتمىسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئۇلار غەلىبە قىلالمايدۇ، ـ دېدى. بەلئەمەنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئاياللار ئەسكەرلەر بار يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىچىدىن كەنئان مىللىتىنىڭ باشلىقى سۇۋارنىڭ كەسفى ئىسىملىك قىزى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى كاتتىلىرىدىن بىرى ۋە بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى بولغان زۇمرى ئىبنى شەلۇم ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. ئۇ كىشى ئۇ ئايالنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى ئۇ ئايالنىڭ قولىدىن تۇتۇپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: گۇمانىمچە، سەن ماڭا: بۇ ئىش ھارام، سەن بۇ ئايالغا يېقىنلاشمىغىن! ـ دەيسەنغۇ دەيمەن، ـ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ھەئە، شۇنداق، ئۇ ئايال ساڭا ھارام، ـ دېدى. ئۇ كىشى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئىشتا ھەرگىزمۇ ساڭا بويسۇنمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى ھېلىقى ئايالنى ئۆز چېدىرىغا ئەكىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن يامان

ئىش قىلدى. شۇ سەۋەبتىن **الله** تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا تائۇن (ئىچى سۈرۈش) كېسىلىنى ئەۋەتتى.

ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى بولغان فىنھاس ئىبنى ئىزار ئىسىملىك بىر كىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسكىرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، زۇمرە ئىبنى شەمئۇن يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلغاندا، ئۇ بۇ يەردە يوق ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئىچى سۈرۈش كېسىلى ئەۋەتىلىپ، ئۇ كېسەللىك ئەۋجىگە چىققاندا، ئۇ كىشى كېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھەممە يېرى تۆمۈردىن سوقۇلغان نەيزىسىنى كۆتەرگىنىچە، زۇمرە ئىبنى شەلۇمنىڭ چېدىرىغا كىردى. شۇ چاغدا ئۇ ھېلىقى ئايال بىلەن يامان ئىش قىلىۋاتقان ھالەتتە بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنى (زىخقا ئۆتكۈزگەن كاۋابتەك) نەيزىسگە ئۆتكۈزۈپ، نەيزىنىڭ سېپىنى بېلىگە تىرەپ ،ئۇچىنى زاڭىقىغا يۆلىگەن پېتى ئېلىپ چىقتى. فىنھاسنىڭ قېرىندىشى بەكرى ئىزار: ئى **الله** ! ساڭا ئاسىيلىق قىلغان كىشىنى مۇشۇنداق قىلىمىز،ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، تائۇن كېسىلى ئۇلاردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. زۇمرە ئىبنى شەلۇم يۇقىرىقى يامان ئىشنى قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن تاكى ئۇنى فىنھاس نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن 70 مىڭ كىشى تائۇن (ئىچى سۈرۈش) كېسىلىدە ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى ئەڭ ئاز ھېسابلىغانلارمۇ: ئۇلاردىن 20 مىڭ كىشى ئۆلۈپ كەتتى،ـ دەيدۇ. (فىنھاس ئىبنى ئىزار ئۇ ئىككىسىنىڭ جەسەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەن نەيزىنىڭ سېپىنى بېلىگە تىرەپ، ئۇچىنى زاڭىقىغا يۆلەپ كۆتەرگەنلىكى ئۈچۈن) شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدا قۇربانلىق قىلىنغان ماللارنىڭ بوينىنى، قولىنى ۋە بېشىنى فىنھاسنىڭ ئەۋلادلىرىغا، قالغىنىنى بەكرىگە بېرىدىغان بىر ئادەت يولغا قويۇلغان.

**الله** تائالا بەلئەم ئىبنى بائۇرا ھەققىدە تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) غا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى، ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق (يەنى كىتابۇللانىڭ بەزى ئىلىملىرىنى ئۆگەتتۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى، ئۇنىڭغا شەيتان ئەگىشىپ بولۇشى بىلەنلا گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى (تەقۋادار ئۆلىمالار دەرىجىسىگە) كۆتۈرەتتۇق، لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، نەپسى خاھىشىغا بويسۇندى، ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ، بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ قەۋمنىڭ مىسالىدۇر، ئويلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى (قەۋمىڭگە) سۆزلەپ بەرگىن﴾**.

**﴿ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ﴾** تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق سالىم ئەبۇنەزىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇنىڭ تىلى ساڭگىلاپ ھەتتا مەيدىسىگىچە چۈشۈپ قالدى دېگەن سۆزگە ئاساسەن، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىدىن بەلئەمنىڭ ئىتنىڭ ئىككىلا ھالىتىگە ئوخشاپ قالغانلىقى ئوچۇق چىقىپ تۇرىدۇ.

672

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك كۆز قاراشمۇ بار: بەلئەمە ئۆزىنىڭ گۇمراھلىقىدا، ئۇنىڭدا داۋاملىششتا ۋە ئىمانغا چاقىرىلسىمۇ، چاقىرىلمىسىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق مەنپەئەت ئالالمىغانلىقىدا قوغلىۋەتسىمۇ، قوغلىۋەتمىسىمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرايدىغان ئىتقا ئوخشايدۇ. خۇددى ئىت ئىككىلا ئەھۋالدا تىلىنى چىقىرىپ ھەسرىگىنىدەك، بەلئەمەمۇ ئىمان ئېيتىشقا قىلىنغان ۋەز - نەسھەت، چاقىرىقنىڭ بولغىنى ۋە بولمىغىنىدىن ھېچبىر مەنپەئەت ئالالمىدى.

اللہ تائالا بۇنداق سۈپەتتىكى كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەرىبىر ئوخشاش، ئىمان ئېيتمايدۇ﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن 70 قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، اللہ ھەرگىز ئۇلارنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار اللہ نى ۋە اللہ نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، اللہ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[2].

**﴿ئۇ گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھەسرەيدۇ﴾** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك كۆز قاراشمۇ بار: كاپىر، مۇناپىق ۋە گۇمراھلىقتىكى كىشىنىڭ دىلى ئاجىز ۋە ھىدايەتتىن قۇرۇق بولىدۇ ۋە بۇ تولىمۇ تۇراقسىز كېلىدۇ. اللہ تائالا مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئىتقا ئوخشىتىش بىلەن ئىپادىلىدى. ھەسەنبەسرى ۋە باشقىلاردىن مۇشۇنىڭغا يېقىنراق كۆز قاراش رىۋايەت قىلىندى.

اللہ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئويلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى (قەۋمىڭگە) سۆزلەپ بەرگىن﴾** يەنى اللہ تائالانىڭ بەلئەمەگە (ئۇنىڭ بىلەن) سورىسا بېرىلىدىغان، (ئۇنىڭ بىلەن) دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىنىدىغان ئىسىم ئەزەمنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت (ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان) كاتتا نېمەتنى ئورۇنسىز جايغا، يەنى اللہ تائالا بىۋاستە سۆز قىلغان پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ياخشى كىشىلەرنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلىشقا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن بولۇپ قالغان ھالىنى ۋە اللہ تائالانىڭ ئۇنى ئازدۇرۇپ، رەھمىتىدىن يىراق قىلغانلىقىنى (بىلىدىغان ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئويلىنىشى ئۈچۈن) ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگىن.

اللہ تائالا شۇڭا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئويلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ بەلئەمەدەك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن. چۈنكى اللہ تائالا يەھۇدىيلارغا ئىلىمنى بەردى. ئۇلارنى يېزىلىق ئەرەبلەردىن پەرقلەندۈردى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلدى. ئۇلار شۇ سۈپەتلەر بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا خەۋەر بېرىپ ۋە بۇيرۇپ كەتكىنىدەك، كىشىلەر ئىچىدە

(1) **ياسىن سۈرىسى 10 - ئايەت.**
(2) تەۋبە سۈرىسى 80 - ئايەت.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ۋە ئۇنى قوللاشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى ئۆزىنىڭ كىتابىدىكى نەرسىگە قارشىلىق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنى يوشۇرسا، شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئۇ سۈپەتتىن خەۋەرسىز قېلىپ، (شۇ سەۋەبتىن) الله تائالا ئۇلارغا دۇنيادا تاكى ئاخىرەتنىڭ خارلىقى ئۇلارغا يېتىپ كەلگۈچە داۋاملىشىدىغان خارلىقنى چۈشۈرىدۇ.

﴿**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زىيان سالغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان!**﴾ يەنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان قەۋملىرىمىزنىڭ مىسالى نېمە دېگەن يامان! يەنى ئۇلارنىڭ يېيىش ـ ئىچىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي شەھۋىتىنى قاندۇرۇشتىن باشقا خاھىشى يوق ئىتقىلا ئوخشاپ قېلىشىنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان!

كىمكى ئىلىم ۋە ھىدايەتنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ نەپسى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا يۈزلەنسە ۋە خاھىشىغا ئەگەشسە، ئۇ خۇددى ئىتقا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئىتقا ئوخشاپ قېلىش نېمىدېگەن يامان ـ ھە!

شۇڭا ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «يامان سۈپەتلىك نەرسىلەرنىڭ مىسالىغا ئوخشاپ قېلىش بىزگە لايىق ئەمەستۇر. بەرگەن سوۋغىنى قايتۇرۇۋالغان كىشى قۇسقان قۇسىقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشاشتۇر».

ئۇلارغا الله تائالا ئۇۋال قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ھىدايەتكە ئەگىشىشتىن ۋە الله تائالاغا بويسۇنۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، دۇنياغا دەم چۈشۈش ۋە ئۇنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىگە بېرىلىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىش بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.

* * * * * *

مَن يَهْدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلْمُهْتَدِى ۖ وَمَن يُضْلِلْ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٧٨﴾

الله ھىدايەت قىلغان ئادەم ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، الله گۇمراھ قىلغان ئادەم زىيان تارتقۇچىدۇر﴿178﴾.

ھەرقانداق بىر كىشىنى الله تائالا ھىدايەت قىلسا، ئۇنى ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر كىشىنى الله تائالا ئازدۇرىدىغان بولسا، ئۇ شەكسىز زىيان تارتقان ۋە ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى الله تائالانىڭ خالىغىنى بولىدۇ، خالىمىغىنى بولمايدۇ.

شۇڭا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلدى: «بارلىق ھەمدۇسانا الله غىلا خاستۇر. بىز الله تائالاغىلا ھەمدى ئېيتىمىز، ياردەم سورايمىز، ئۇنىڭدىنلا ھىدايەت سورايمىز ۋە گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەيمىز. الله تائالادىن كۆڭلىمىزنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. الله تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ. الله تائالا ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچىمۇ بولمايدۇ. شېرىكى يوق الله تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ ﷲ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن». 

* * * * * * *

وَلَقَدْ ذَرَأْنَا لِجَهَنَّمَ كَثِيرًا مِّنَ ٱلْجِنِّ وَٱلْإِنسِ ۖ لَهُمْ قُلُوبٌ لَّا يَفْقَهُونَ بِهَا وَلَهُمْ أَعْيُنٌ لَّا يُبْصِرُونَ بِهَا وَلَهُمْ ءَاذَانٌ لَّا يَسْمَعُونَ بِهَآ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ كَٱلْأَنْعَٰمِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْغَٰفِلُونَ ﴿١٧٩﴾

شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ﷲ نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ. ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر﴿179﴾.

## كۈپۈرلۈق ۋە قازايى ـ قەدەر توغرىسىدا

**﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق﴾** يەنى كۆپ ساندىكىلىرىنى دوزاخقا ۋە دوزاخقا كىرىشكە لايىق بولغانلارنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىشقا تەييارلىدۇق. چۈنكى ﷲ تائالا مەخلۇقاتلارنى ياراتماقچى بولغاندا، ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا يارىتىلغۇچى بۇ مەخلۇقلارنىڭ قانداق ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ﷲ تائالا ئۇنى ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن ئۆز دەرگاھىدىكى بىر كىتابقا يازدى.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا ئاسمان زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل ئىلگىرى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىنى بېكىتتى. شۇ چاغدا ﷲ تائالانىڭ ئەرشى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى». بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

قازايى ـ قەدەر مەسىلىسىمۇ ناھايىتى چوڭ مەسىلىدۇر. بۇ ھەقتە بۇ ئورۇندا كەڭ دائىرىدە توختالمايمىز.

**﴿ئۇلار دىللىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ﷲ نىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ، ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار ﷲ تائالا ھىدايەت تېپىشقا سەۋەبچى قىلغان مۇشۇ ئەزالارنىڭ ھېچبىرسىدىن پايدىلانمايدۇ.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارنىڭ شۇ نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق نېئمەتلەرنى بەرگۈچى ﷲ نى تونۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا قۇلاق، كۆز، قەلبلەرنى بەردۇق، ئۇلار ﷲ نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، دىللىرى

ئۇلاردىن (اللە نىڭ ئازابىدىن) ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلمىدى، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارغا نازىل بولدى﴾[1]، ﴿ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ﴾[2] بۇ، مۇناپىقلار ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەردۇر.

اللە تائالا كاپىرلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(كاپىرلار ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاستۇر، (ھەقنى سۆزلەشتىن) گاچىدۇر، (ھەقنى كۆرۈشتىن) كوردۇر، ئۇلار (ۋەز ـ نەسىھەتنى) چۈشەنمەيدۇ﴾[3] يەنى ئۇلار ھىدايەتنى سۆزلەشتىن گاچىدۇر، ئاڭلاشتىن گاستۇر ۋە كۆرۈشتىن كوردۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر اللە ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى؛ ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى﴾[4]، ﴿ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)﴾[5]، ﴿كىمكى مېھرىبان اللە نى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇففارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ﴾[6].

**﴿ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ﴾** يەنى ھەقنى ئاڭلىمايدىغان ۋە ئۇنى كۆرمەيدىغان، ھىدايەتنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان كىشىلەر خۇددى ئۆزىنىڭ بۇ ئەزالىرىدىن مۇشۇ دۇنيادا قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈنلا پايدىلانغان ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ﴾[7] يەنى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىلغان چاغدىكى مىسالى خۇددى ئىگىسى چاقىرسا پەقەت ئىگىسىنىڭ چاقىرىغىنىنى ئاڭلايدىغان، لېكىن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.

شۇڭا اللە تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر﴾** چۈنكى ھايۋانلار باققۇچىنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئىگىسى ئۇلارنى



(1) ئەھقاف سۈرىسى 26 ـ ئايەنىنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 18 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى 171 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) ئەنفال سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
(5) ھەج سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(6) زۇخرۇف سۈرىسى 36 ــ 37 ـ ئايەتلەر.
(7) بەقەرە سۈرىسى 171 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چاقىرىۋەرسە، ئۇنىڭ چاقىرىغىنى ئۆچۈن كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن كاپىرلار ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىلسا كەلمەيدۇ. ھايۋانلار ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى ۋەزىپىسىنى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى ياكى ئۇنىڭغا كۆندۈرۈلگىنى بىلەن ئادا قىلىدۇ. لېكىن كاپىرلار ئۇنداق ئەمەس. كاپىر **اللە** تائالانى بىر دەپ بىلىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا يارىتىلغان ئىدى. لېكىن ئۇلار **اللە** تائالاغا ئىشەنمەي شېرىك كەلتۈردى. شۇڭا ئىنسانلار ئىچىدىن كىمكى **اللە** تائالاغا بويسۇنسا، ئۇ قىيامەت كۈنى پەرىشتىلەردىنمۇ ھۆرمەتلىك بولىدۇ. كىمكى **اللە** تائالاغا ئىشەنمىسە، ھايۋانلار ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولىدۇ. ﴿**ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر**﴾.

* * * * * * *

**وَلِلَّهِ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ فَٱدْعُوهُ بِهَا ۖ وَذَرُوا۟ ٱلَّذِينَ يُلْحِدُونَ فِىٓ أَسْمَٰٓئِهِۦ ۚ سَيُجْزَوْنَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٨٠﴾**

**اللە** نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، **اللە** نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، **اللە** نىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە - كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴿180﴾.

## اللە تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**اللە** تائالانىڭ 99 گۈزەل ئىسمى بار. كىمكى ئۇنى يادا ئېلىپ، ئاشۇ ئىسىملارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە ئەمەلىيلەشتۈرسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. **اللە** تائالا تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

**اللە** تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بۇ 99 ئىسىم بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇنىڭ دەلىلىدۇر: «بىرەر كىشىگە غەم، ئەندىشە ۋە پەرىشانلىق يەتكەندە: ئى **اللە** ! مەن سېنىڭ بەندەڭ بولىمەن، يەنى سېنىڭ ئايال بەندەڭنىڭ بالىسىدۇرمەن. مېنىڭ كوكۇلا چېچىم سېنىڭ چاڭگىلىڭدىدۇر. سېنىڭ ھۆكمىڭ ماڭا يۈرگۈزۈلگۈچىدۇر. مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ھۆكمىڭ ئادىلدۇر. سېنىڭ ئۆز - ئۆزەڭنى ئاتىغان ياكى كىتابلىرىڭدا چۈشۈرگەن ۋەياكى سېنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭنىڭ ئىچىدىن بىرەرىگە بىلدۈرگەن ياكى يېنىڭدىكى غەيب ئىلىملەر قاتارىدا ئۆزەڭگە خاس قىلىپ ئېلىپ قالغان بارلىق ئىسمىڭنىڭ ھۆرمىتى بىلەن قۇرئان كەرىمنى دىلىمنىڭ باھارى، قەلبىمنىڭ نۇرى، پەرىشانلىقىمنى يوقاتقۇچى ۋە غەملىرىمنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى قىلىشىڭنى تىلەيمەن[1]، - دېسە، **اللە** تائالا

(1) ئاللاھۇممە ئىننى ئەبدۇكە ئىبنۇ ئەمەتىكە، ناسىيەتى بىيەدىكە، مازىن فىييە ھوكمۇكە، ئەدلۇن فىييە قەزائۇكە، ئەسئەلۇكە بىكۇللى ئىسمىن ھۇۋە لەكە سەممەيتەبىھى نەفسەكە ئەۋ ئەنزەلتەھۇ فى كىتابىكە ئەۋ ئەللەمتەھۇ ئەھەدەن مىن

ئۇ كىشىنىڭ پەرىشانلىقىنى، غەم ـ ئەندىشىسىنى كەتكۈزىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ». ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئۇنى ئۆگەنمەيمىزمۇ؟ ـ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، ئۆگىنىسىلەر. بۇنى ئاڭلىغان ھەر قانداق كىشى ئۆگىنىشى كېرەك» دېدى.

﴿**الله نىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار**﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلار بولسا، "لات" ئىسىملىك بۇتنى الله تائالانىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرغانلاردۇر.

ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ كىشىلەر بولسا، "لات" دېگەن بۇتنىڭ ئىسمى الله تائالانىڭ الله دېگەن ئىسمىدىن؛ "ئۇززا" دېگەن بۇتنىڭ ئىسمى الله تائالانىڭ ئەزىز دېگەن ئىسمىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدىغانلاردۇر.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ كىشىلەر بولسا، الله تائالاغا ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە شېرىك كەلتۈرىدىغانلاردۇر.

* * * * * * *

وَمِمَّنْ خَلَقْنَآ أُمَّةٌ يَهْدُونَ بِٱلْحَقِّ وَبِهِۦ يَعْدِلُونَ ﴿١٨١﴾

بىز ياراتقان ئۈممەتلەر ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۈممەت بار﴿181﴾.

ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدە سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ھەقنى سۆزلەيدىغان ۋە ھەق تەرەپكە چاقىرىدىغان، ھەقىقەت بويىچە ئىش قىلىدىغان ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان ئۈممەت بار. ئايەتتە بايان قىلىنغان مۇشۇ ئۈممەتتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر كەلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۈممەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر تاكى قىيامەتكىچە ھەقىقەت ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلارنى ياردەمچىسىز قويغان ۋە ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ئۇلارغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: «تاكى الله تائالانىڭ بۇيرۇقى كەلگۈچە، ئۇلار شۇ ھەقىقەت ئۈستىدە بولىدۇ»؛ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇلار شامدا» دەپ كەلگەن.

* * * * * * *

خەلقىكە ئەۋئىستەئەسەرتە بىھى فى ئىلمىلغەيبى ئىندەكە ئەن تەجئەلەل قۇرئانەلئەزىم رەبىيئە قەلبى ۋە نۇرە سەدرى ۋە جەلائە ھوزنى ۋە زىھابە ھەممى ئىللا ئەزھەبەللاھۇ ھوزنەھۇ ۋە ھەممەھۇ ۋە ئەبدەلە مەكانەھۇ فەرھان.

وَٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا سَنَسۡتَدۡرِجُهُم مِّنۡ حَيۡثُ لَا يَعۡلَمُونَ ﴿١٨٢﴾ وَأُمۡلِي لَهُمۡۚ إِنَّ كَيۡدِي مَتِينٌ ﴿١٨٣﴾

بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز﴿182﴾. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴿183﴾.

**﴿بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تۇيدۇرماستىن، ئاستا ـ ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز﴾** يەنى الله تائالا ئۇلارغا دۇنيادا رىزىق كېلىدىغان ئىشكىلەرنى ۋە تۇرمۇش يوللىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇ ياخشى ياشاش ھالىتى بىلەن گۇللىنىپ، ئۆزلىرىنى ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنمىز دەپ قالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇ سانا (پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بېرىپ كۇففارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر!﴾[1].

**﴿ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن﴾** يەنى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ياخشى ھالىتىنى ئۇزارتىپ بېرىمەن. **﴿مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴾**.

* * * * * * *

أَوَلَمۡ يَتَفَكَّرُواْۗ مَا بِصَاحِبِهِم مِّن جِنَّةٍۚ إِنۡ هُوَ إِلَّا نَذِيرٌ مُّبِينٌ ﴿١٨٤﴾

ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەمراھى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ مەجنۇن ئەمەسلىكىنى ئويلىمامدۇ؟ ئۇ پەقەت ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴿184﴾.

**﴿ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەمراھى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ مەجنۇن ئەمەسلىكىنى ئويلىمامدۇ؟﴾** يەنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ ھەمراھى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىشىپ قالغان ئەمەس، بەلكى الله تائالانىڭ ھەقىقەتتىگە چاقىرىدىغان ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئويلىمامدۇ؟

**﴿ئۇ پەقەت ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئويلىيالايدىغان، چۈشىنەلەيدىغان، ئەقلى ۋە دىلى بار كىشىلەر ئۈچۈن ئاشكارىدۇر.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىشىپ قالغان ئەمەس ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) مەجنۇن ئەمەستۇر﴾[2]، ﴿ئېيتقىنكى،



(1) ئەنئام سۈرىسى 44 ـــ 45 ـ ئايەتلەر.
(2) تەكۋىر سۈرىسى 22 ـ ئايەت.

«مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن، يا بىردىن تۇرۇڭلار (يەنى اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا ھەقنى تىلەڭلار)، ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار». ھەمراھىڭلاردا (يەنى مۇھەممەدتە) ھېچ مەجنۇنلۇق يوق، پەقەت ئۇ قاتتىق ئازاب نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴾[1] يەنى ھەقىقەتەن مەن سىلەردىن سىلەرنىڭ تەرەببازلىق ۋە تەرسالىق قىلماستىن، پەقەتلا بىر اللە تائالا ئۈچۈن خالىس يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا تۇرۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

﴿ئاندىن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار﴾[2] يەنى اللە تەرەپتىن سىلەرگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەن مۇشۇ كىشىنىڭ ئېلىشىپ قالغان ياكى قالمىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار سىلەرگە ئۇنىڭ ھەقىقەتەن اللە تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ.

قەتادە ئىبنى دەئامە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرگە ئۆزىنىڭ سەفا تېغىغا چىقىپ: ئى پالانچىنىڭ باللىرى! ئى پۇكۇنچىنىڭ باللىرى! ـ دەپ قۇرەيشلىكلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىسمى بىلەن چاقىرىپ، ئۇلارنى اللە تائالانىڭ قاتتىق ئازابىدىن ۋە اللە تائالانىڭ ئۇلارغا مۇشكۇللۇكلەرنى سېلىپ قويىشىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى، ئاندىن قۇرەيشلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى: بۇ ھەمراھىڭلار ھەقىقەتەن ھەتتا تاڭ ئاتقۇچە جار سالىدىغان ئېلىشىپ قالغان ئادەمدۇر، ـ دېگەندە، اللە تائالانىڭ: **﴿ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەمراھى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ مەجنۇن ئەمەسلىكىنى ئويلىمامدۇ؟ ئۇ پەقەت ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

* * * * * * *

أَوَلَمۡ يَنظُرُواْ فِي مَلَكُوتِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا خَلَقَ ٱللَّهُ مِن شَيۡءٖ وَأَنۡ عَسَىٰٓ أَن يَكُونَ قَدِ
ٱقۡتَرَبَ أَجَلُهُمۡۖ فَبِأَيِّ حَدِيثِۭ بَعۡدَهُۥ يُؤۡمِنُونَ ١٨٥

ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، اللە نىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلى يېقىنلىشىدىغانلىقىنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئۇلار (كالا مۇللا ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴿185﴾.

يەنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئاشۇ كاپىرلار اللە تائالانىڭ ئاسمان ـ زېمىندا ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىدىكى ئىگىدارچىلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارىمامدۇ؟ بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈپ ۋە ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھېچقانداق بىر تەڭدىشى ۋە ئوخششى بولمىغان، ئىبادەت قىلىش ۋە ئىشىنىشنىڭ ئۇنىڭدىن

(1) سەبەئ سۈرىسى 46 ـ ئايەت.
(2) سەبەئ سۈرىسى 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باشقىسىغا لايىق بولمايدىغان بىر زاتنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمدۇ؟ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمامدۇ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەمدۇ؟ ﷲ تائالاغا بويسۇنۇشقا قايتىپ ۋە ئۇنىڭغا شېرىك قىلىنىۋالغان شېرىكلەردىن، بۇتلاردىن ئۆزىنى تارتمامدۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ ئەجەللىرىنىڭ يېقىنلىشىپ كاپىر پېتى ئۆلۈپ كېتىپ، ﷲ تائالانىڭ قاتتىق ئازابلىرىغا دۇچار بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانمامدۇ؟

**﴿ئۇلار (كالا مۇللا ئىكەنلىكى شۇنچە روشەن بولغان) قۇرئاندىن باشقا يەنە قايسى سۆزگە ئىشىنىدۇ؟﴾** يەنى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ﷲ تائالانىڭ كىتابىنىڭ ئايەتلىرىدە ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرى، قورقۇتۇشلىرىغا ئىشەنمىسە، يەنى ﷲ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن مۇشۇ سۆزگە ئىشەنمىسە، قايسى قورقۇتۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشقا ئىشىنىدۇ؟!

* * * * * * *

مَن يُضْلِلِ ٱللَّهُ فَلَا هَادِىَ لَهُۥ ۚ وَيَذَرُهُمْ فِى طُغْيَـٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١٨٦﴾

ﷲ ئازدۇرغان كىشىنى ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ، ﷲ ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقاپ يۈرىدۇ﴿186﴾.

يەنى ئازغۇنلۇق كىمگە يېزىلىپ كەتسە، ئۇ كىشى ئۆزى ھەققىدە ھەر قانچە پىكىر يۈرگۈزسىمۇ، ئۇنى ھېچكىم توغرا يولغا باشلىيالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پىكىر يۈرگۈزگەنلىكى ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ﷲ بىركىمنىڭ گۇمراھلىقىنى ئىرادە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ﷲ غا قارشى قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ (يەنى ھېچ ئادەم ئۇنىڭدىن گۇمراھلىقنى دەپئى قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ)﴾[1]، ﴿ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋمگە پايدىسى بولمايدۇ﴾[2].

* * * * * * *

يَسْـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلسَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَىٰهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ رَبِّى ۖ لَا يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَآ إِلَّا هُوَ ۚ ثَقُلَتْ فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ
وَٱلْأَرْضِ ۚ لَا تَأْتِيكُمْ إِلَّا بَغْتَةً ۗ يَسْـَٔلُونَكَ كَأَنَّكَ حَفِىٌّ عَنْهَا ۖ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِندَ ٱللَّهِ وَلَـٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ
لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٨٧﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (ﷲ ) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى

(1) مائىدە سۈرىسى 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يۇنۇس سۈرىسى 101 ـ ئايەت.

بەلگىلىگەن ۋاقتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر). ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ» . گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت الله بىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ﴿187﴾.

## قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ﴾** الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىشىلەر سەندىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورايدۇ﴾ بۇ ئايەت قۇرەيشلىكلەر ھەققىدە چۈشكەن دېگەن كۆز قاراش بار. بىر تۈركۈم يەھۇدىيلار ھەققىدە چۈشكەن دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. ئالدىنقى كۆز قاراش توغرىراقتۇر. چۈنكى بۇ ئايەت مەككىدە چۈشكەن. قۇرەيشلىكلەر قىيامەتنىڭ بولۇشىنى يىراق چاغلاپ ۋە ئۇنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلىپ، قىيامەت ۋاقتىنى سورىشاتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار: «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟» دەيدۇ﴾[1]، ﴿قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ئۇنىڭ بولۇشىنى ئالدىرىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلار بولسا قىيامەتتىن قورقىدۇ، قىيامەتنى ھەق دەپ بىلىدۇ، بىلىڭلاركى، قىيامەت توغرۇلۇق مۇجادىلە قىلىدىغانلار ئەلۋەتتە چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر﴾[2].

**﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ ئۆزىنىڭ بولىدىغان ۋاقتىغا قاچان يېتىدىغانلىقىنى سورىشىدۇ. يەنى قىيامەت ۋاقتىنىڭ باشلىنىشى بولغان بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرى ۋە قىيامەتنىڭ باشلىنىش ئورنى قاچان، قەيەردە بولىدۇ؟

**﴿ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (الله ) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ﴾** يەنى الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئۇنىڭدىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىدىن سورالغاندا، ئۇ توغرىسىدىكى ئىلىمنىڭ پەقەت الله تائالاغىلا خاس ئىكەنلىكى بىلەن جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى الله تائالا قىيامەتنى ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋاقتى بولغاندىلا ئاندىن مەيدانغا چىقىرىدۇ. يەنى الله تائالا قىيامەتنىڭ ئىشىنى ۋە ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

**﴿قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر)﴾** ئابدۇرازاق مۇئەممەردىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئاسمان ـ زېمىن ئەھلىگە قىيامەت ھەققىدىكى بىلىملەرنى بىلىش ئېغىر كەلدى ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇنى بىلەلمەيدۇ.

---
(1) ئەھزاب سۈرىسى 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ياسىن سۈرىسى 48 ـ ئايەت .

مۇئەممەر ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قىيامەت بولغاندا، ئۇ ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىگە ئېغىر كېلىدۇ. يەنى ئۇلار ئۇچۇن چوڭ بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالانىڭ ھەر قانداق بىر مەخلۇقاتىغا قىيامەت كۈنى بىر كەلگۈلۈك بولىدۇ.

ئىبنى جۇرەيج بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: قىيامەت بولغاندا ئاسمان يېرىلىدۇ. يۇلتۇزلار تۆكۈلىدۇ. قۇياشنىڭ نۇرى ئۆچىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا الله تائالا خەۋەر بەرگەن ئىشلار بولىدۇ. مانا بۇلار، قىيامەتنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىدۇر.

سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئاسمان ـ زېمىن ئەھلىگە يوشۇرۇن بولدى. ئەگەر بولىدىغان ۋاقتى يەتسىمۇ ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى الله تائالانىڭ يېقىن پەرىشتىلىرىمۇ، پەيغەمبەرلىرىمۇ بىلمەيدۇ.

﴿**ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ**﴾ يەنى قىيامەتنىڭ بولۇشى سىلەرگە تۇيۇقسىز بولىدۇ. ئۇ سىلەرگە سىلەر ئۇنىڭدىن بىخۇت چېغىڭلاردا كېلىدۇ.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا قىيامەتنى: ﴿**ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ**﴾ دەپ ھۆكۈم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىپ بەردى: «قىيامەت (كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە) بىر كىشى ئۆزىنىڭ كۆلچىكىنى ئوڭشاۋاتقان چاغدا، بىر كىشى ئۆلغىنى سۇغىرىۋاتقاندا، بىر كىشى مېلىنى بازاردا سېتىۋېتىپ، تارازىسىنى بىر پەسەيتىپ، بىر كۆتۈرۈپ تۇرغان چاغدا كېلىدۇ».

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت تاكى قۇياش ئۆزىنىڭ ئولتۇرغان يېرىدىن چىقمىغىچە بولمايدۇ. قۇياش ئۆزى ئولتۇرغان يېرىدىن چىقىپ، كىشىلەر ئۇنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتىدۇ. بۇ بۇرۇن ئىمان ئېيتىپ باقمىغان ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدا بەرمەيدىغان بىر ۋاقىتتۇر. قىيامەت ئىككى كىشى رەختلىرىنى يېيىشىپ تۇرغىنىدا بولىدۇ. ئۇلار رەختلىرىنى سېتىشقىمۇ ياكى يىغىشتۇرىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. قىيامەت بىر كىشى تۆگىسىنى سېغىپ، سۈتىنى ئېلىپ قايتقان ۋاقىتتا بولىدۇ. ئۇ كىشى ھەتتا ئۇ سۈتتىن ئىچىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. قىيامەت بىر كىشى كۆلچىكىنى ئوڭشاۋاتقاندا بولىدۇ. ئۇ كىشى كۆلچىكىدىن سۇ ئىچىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. قىيامەت بىر كىشى تامىقىنى ئېغىزىغا يېقىن ئېلىپ كەلگەندە بولىدۇ، ئۇ كىشى ھەتتا ئۇ تامىقنى ئېغىزىغا سېلىپ يېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ».

﴿**گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ**﴾ ئەۋفىي بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خۇددى سەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا دوستلۇق باردەك، سەن ئۇلارنىڭ دوستىدەك قىيامەتنى سەندىن سورىشىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەت ھەققىدە خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىدىن مەمنۇن بولىدىغاندەك سورىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىيامەت ھەققىدىكى ئىلىمنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس قىلىنغانلىقىنى، ئۇنى يېقىن پەرىشتىلىرىگىمۇ ۋە پەيغەمبەرلىرىگىمۇ بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى ۋەھيي قىلدى.

ئىبنى نۇجەيھ ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خۇددى سەن قىيامەت ھەققىدە سوئالنى كۆپ سوراپ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى بىلىۋالغان كىشىدەك ئۇلار سەندىن سوئال سورىشىدۇ. بۇ (رىۋايەت)، مۇجاھىدتىن قىلىندى دەپ قارالغان رىۋايەتلەرنىڭ ئەڭ توغرىسىدۇر.

**﴿ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت الله بىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ»﴾** شۇڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر يېزىلىق ئەرەبنىڭ سۈرىتىدە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ھەققەتنى بىلىش ئۈچۈن سوئال سوراپ كەلگەن كىشىدەك ئولتۇرۇپ، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھسان ھەققىدىكى سوئاللارنى سوراپ بولغاندىن كېيىن، «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قىيامەت ھەققىدە سورالغۇچى سورىغۇچىدىن بىلىملىكرەك ئەمەس» (يەنى مەن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سەندىن بەكرەك بىلمەيمەن، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن ئارتۇق بىلمەيدۇ. يەنى ھېچكىم بىلمەيدۇ) دەپ جاۋاب بېرىپ ئارقىدىن: ﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەققەتەن الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىپ: «ئۇ ئالامەتلەر پەقەتلا الله تائالا بىلىدىغان بەش ئىشتىندۇر» دەپ يۇقىرىدىكى ئايەتنى ئوقۇدى دېيىلگەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بېرىلگەن ھەر بىر جاۋابقا: «راست دېدىڭ» دەيدۇ. ساھابىلەر ئۆزىنىڭ سورىغان سوئالىنىڭ جاۋابىنى تەستىقلىغان بۇ سورىغۇچىغا ھەيران قالىدۇ. ئۇ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ جىبرىئىلدۇر، ئۇ سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن كەلدى» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «جىبرىئىل ھازىرقى سۈرىتىدىن باشقا سۈرەتلەردە كەلگىنىدە، مەن ئۇنى تونۇۋالغان بولاتتىم».

ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەھرالىق ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) سوئال سوراپ: قىيامەت قاچان بولىدۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك بىرىگە قاراپ: «ئەگەر ئۇ ھاياتلا بولسا، ئۇنىڭغا قېرىلىق يەتمەي تۇرۇپلا قىيامەت

(1) شۇرا سۈرىسى 18 ـ ئايەت.

سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا كېلىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە: «قىيامەت بولىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ روھلىرى ئۇ دۇنيادا تاكى قىيامەتكىچە توپلىنىپ تۇرىدىغان يەرگە ئېلىپ بارىدىغان ئۆلۈم كۆزدە تۇتۇلغاندۇر.

ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەت ھەققىدە سوئال سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مۇشۇ ياش بالا ياشاپلا قالسا، ئۇنىڭغا قېرىلىق يېتىشتىن بۇرۇن قىيامەت بولۇشى مۇمكىن» دېدى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ: «سىلەر مەندىن قىيامەت ھەققىدە سوئال سورايسىلەر، ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت الله تائالالا بىلىدۇ. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۈگۈن يەر يۈزىدە ھايات تۇرغان ھەر بىر جانلىقتا 100 يىل كېلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ شۇنىڭدەك دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۆزى ياشىغان ئەسىرنىڭ (قىيامەت بولماستىن) ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندۇر.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن (مەسچىتى ھەرەمدىن مەسچىتى ئەقساغا) ئېلىپ كېلىنگەن كېچىدە ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىسا بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار قىيامەتنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئۇلار بۇ ھەقتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: مەندە قىيامەت ھەققىدە ھېچقانداق ئىلىم يوق، ـ دېدى. ئاندىن ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى سورىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ: مەندە قىيامەت ھەققىدە ھېچقانداق ئىلىم يوق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى سورىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام: بىلىپ قويۇڭلاركى، قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ماڭا پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلدۈرىشىچە، دەججال چىقىدۇ. ئۇ چاغدا مەندە ئىككى دانە قىلىچ بولىدۇ. دەججال مېنى كۆرۈش بىلەنلا خۇددى قوغۇشۇن ئېرىگەندەك ئېرىپ كېتىدۇ. دەججال مېنى كۆرگەندە، الله تائالا ئۇنى ھالاك قىلىدۇ. ھەتتا دەرەخ ۋە تاشلار: ئى مۇسۇلمان! مېنىڭ ئارقىمدا كاپىر بار، كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگىن، ـ دەيدۇ. الله تائالا كاپىرلارنى ھالاك قىلىدۇ. ئاندىن كىشىلەر ئۆز شەھەرلىرىگە ۋە يۇرتلىرىغا قايتىشىدۇ. بۇ چاغدا يەجۇج ـ مەجۇج چىقىپ، ھەر بىر تۆپىلىكلەردىن ئالدىراپ كېلىشىدۇ. ئاندىن كىشىلەرنىڭ يۇرت شەھەرلىرىگە بېسىپ كېلىدۇ. يەجۇج ـ مەجۇج قانداقلىكى بىر نەرسىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇنى يوق قىلىدۇ. ئۇلار سۇ بار بىرەر جايدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇنى پۈتۈنلەي ئىچىپ تۈگىتىدۇ. كىشىلەر مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىدۇ. مەن الله تائالاغا ئۇلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلىمەن. الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىدۇ. يەر يۈزى ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىنىڭ سېسىقىدىن پۇراپ كېتىدۇ. ئاندىن الله تائالا يامغۇر ياغدۇرىدۇ. يامغۇر ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئېقىتىپ ئاپىرىپ

دېڭىزغا تاشلايدۇ، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ، يەزىد ئىبنى ھارۇن: ئاندىن تاغلار كۇكۇم ـ تالقان قىلىنىدۇ. زېمىنلار خۇددى تېرە سوزۇلغاندەك سوزىلىدۇ، ـ دەپ يۇقىرىقى ھەدىسكە قايتىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلدۈرىشىچە، ئىشلار شۇنداق بولغاندا، قىيامەت خۇددى قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇش ۋاقتى توشۇپ قالغان، لېكىن كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ قايسى ۋاقتىدا تۇغىدىغانلىقىنى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەلمەي تۇرىۋاتقان ئايالغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجەمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.

يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەر بولسا، پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى كاتتا ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەردۇر. لېكىن ئۇلاردىمۇ قىيامەت ھەققىدە ئىلىم يوق. ئۇلار پەقەت بۇ ئىش توغرۇلۇق ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى سورىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىلىق پەقەت ئۆزىگە بىلدۈرۈلگىنىنى سۆزلىدى. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن (ئاسماندىن) چۈشىدۇ ۋە دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، يەجۇج ۋە مەجۇجنى يوقىتىدۇ. شۇڭا ئۇ الله تائالا ئۆزىگە بىلدۈرگەن ئىشلاردىن خەۋەر بەردى.

ئىمام ئەھمەد ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت توغرىسىدا سورالغاندا مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ. ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتىلا مەيدانغا چىقىرىدۇ. لېكىن مەن سىلەرگە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا بولىدىغان بەزى ئىشلاردىن خەۋەر بېرەي: قىيامەتتىن ئىلگىرى چوقۇم چوڭ بىر پىتنە ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىنچىلىق بولىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا بىلمەيدىغان بولۇۋېلىشتەك بىر ئادەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى تونۇمىغىلى تاسلا قالىدۇ».

تارىق ئىبنى شىھاب مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت ھەققىدە سۆزلەپ تۇرغاندا: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (الله ) بىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر). ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ». گويا سەن قىيامەت بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت الله بىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ﴾** دېگەن ئايەت چۈشتى. بۇ ھەدىسنى نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ۋە سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ساۋاتسىز، پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى، ئۇلارنىڭ تۈگەنچىسى، رەھمەت، تەۋبە ئېلىپ كەلگۈچى، جەڭ قىلغۇچى، ئەڭ ئاخىرقى، ئەگەشتۈرگۈچى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۇرغان يېرىگە توپلىنىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشىم بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش» دەپ ئۆزىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا

بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەت ھەققىدە سوئال سورىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە بۇ ھەقتىكى ئىلمىنى: ﴿**ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ ۋاقتىنى پەقەت ﷲ بىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ مەخپىي بولۇشىدىكى سەۋەبنى) بىلمەيدۇ**﴾ دەپ، ﷲ تائالانىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، (لېكىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قىيامەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى يۇقىرىقىدەك بايان قىلىپ بەردى.

* * * * * * *

**قُل لَّآ أَمۡلِكُ لِنَفۡسِي نَفۡعٗا وَلَا ضَرًّا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ وَلَوۡ كُنتُ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ لَٱسۡتَكۡثَرۡتُ مِنَ ٱلۡخَيۡرِ وَمَا مَسَّنِيَ ٱلسُّوٓءُۚ إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ١٨٨**

ﷲ خالىمىغان ئىكەن، ئۆزەمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزەمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، (قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى قانداقمۇ بىلەي؟) ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان - زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى - يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن»﴿188﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقى، ھەتتا ئۆزىگىمۇ پايدا - زىيان يەتكۈزۈشكە ئىگە بولالمايدىغانلىقى

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەممە ئىشنى ﷲ تائالاغا تاپشۇرۇشقا ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە ئائىت غەيبلەرنى بىلمەيدىغانلىقىدىن ۋە غەيبلەردىن پەقەت ﷲ تائالا بىلدۈرگەندىن باشقا ھېچبىر غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىشكە بۇيرۇدى. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿ﷲ غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت ﷲ ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ ئالدىغا ۋە ئارقىسىغا كۆزەتچى (پەرىشتە) سېلىپ قويىدۇ﴾[1].

﴿**ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان - زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى - يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ)**﴾ زەھھاك بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۆزەمگە كۆپلىگەن مال - دۇنيا توپلىغان بولاتتىم. ئىبنى ئابباستىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن پايدا ئالالمايدىغان بىر نەرسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدا چىقىدىغان بىر ۋاقىتتا

(1) جىن سۈرىسى 26 ــــ 27 - ئايەتلەر.

سىتىشنى بىلەتتىم، ـ دېيىلگەن.

﴿**زىيان ـ زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم**﴾ ئىبنى جەرىر: يوقسۇل بولۇپ قالمايتتىم، ـ دېدى. بەزى ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئاچارچىلىق يىلىغا توقچىلىق يىلىدا، قىممەتچىلىك ۋاقتىغا ئەرزانچىلىق ۋاقتىدا تەييارلىق قىلاتتىم دېگەنلىكتۇر، ـ دەيدۇ.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ماڭا بىرەر يامانلىقنىڭ يېتىشىدىن بۇرۇن ساقلانغان بولاتتىم.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىشىلەرنى الله تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. بۇ توغرىسىدا الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) تەقۋادارلارغا خۇش خەۋەر بېرىشىڭ ۋە سەركەش قەۋمنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[1].

* * * * * * *

۞ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَٰحِدَةٍ وَجَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا لِيَسْكُنَ إِلَيْهَا ۖ فَلَمَّا تَغَشَّىٰهَا حَمَلَتْ
حَمْلًا خَفِيفًا فَمَرَّتْ بِهِۦ ۖ فَلَمَّآ أَثْقَلَت دَّعَوَا ٱللَّهَ رَبَّهُمَا لَئِنْ ءَاتَيْتَنَا صَٰلِحًا لَّنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ﴿١٨٩﴾
فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُمَا صَٰلِحًا جَعَلَا لَهُۥ شُرَكَآءَ فِيمَآ ءَاتَىٰهُمَا ۚ فَتَعَٰلَى ٱللَّهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿١٩٠﴾

ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇنسى ـ ئۇلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى (يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى، خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنى يېنىككىنە قورساق كۆتۈرۈپ ئېغىر ـ بوي يۈردى، ئۇ (بالىنىڭ قورساقتا ئۆسۈپ چوڭىيىشى بىلەن) ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، (ئەر ـ خوتۇن) ئىككىيلەن پەرۋەردىگارى الله غا: «ئەگەر بىزگە (ئەزالىرى) بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، نېمىتىڭگە ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ دۇئا قىلدى﴿189﴾. الله ئۇلارغا بېجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ (بۇتلارغا چوقۇندى)، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىدىن پاكتۇر﴿190﴾.



## بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى ئىكەنلىكى

الله تائالا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بارلىق ئىنسانلارنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ئۇنىڭ ئايالى بولغان ھەۋۋانىمۇ ئۇنىڭدىن ياراتقانلىقىغا، ئىنسانلارنىڭ ئۇ ئىككىسىدىن كۆپەيگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

(1) مەريەم سۈرىسى 97 ـ ئايەت.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)﴾[1]، ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار﴾[2].

**﴿ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇنىسى ـ ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى (يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى﴾** ﷲ تائالا ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئارقىلىق كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، دوستلۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاياللارنى ئۆز جىنسىدىن ياراتقانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئاياللار بىلەن ئۇنىسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ﷲ نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ﷲ نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾[3]. ھەرقانداق ئىككى جىنسلىق مەخلۇقاتنىڭ ئارىسىدا بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇقتىن كۈچلۈك دوستلۇق بولمايدۇ. شۇڭا ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: سېھىرگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن ئەر ـ خوتۇننىڭ ئارىلىقىنى ئايرىۋېتىشى مۇمكىن.

**﴿خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنى يېنىككىنە قورساق كۆتۈرۈپ ئېغىر ـ بوي يۈردى﴾** بۇ قورساق كۆتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدۇر. ئايال كىشى بۇ ۋاقىتتا ھېچقانداق ئاغرىق تارتمايدۇ. ئۇ پەقەت بىر تامچە سۇ، ئاندىن قۇيۇق قان، ئاندىن بىر چىشلەم كەلگىدەك گۆش ھالىتىدىكى مەزگىلدۇر.

**﴿ئېغىر ـ بوي يۈردى﴾** قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئۇنىڭ قورساق كۆتەرگەنلىكى ئاشكارا بولدى، ـ دېدى. ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئايال ئىسپىرمىنى قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈردى.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئايال ئىسپىرمىنى قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەندە، ئۆزىنىڭ قورساق كۆتەرگەن ياكى كۆتەرمىگەنلىكىدىن شەكلىنىپ يۈردى. **﴿ئۇ (بالىنىڭ قورساقتا ئۆسۈپ چوڭىيىشى بىلەن) ئېغىرلاشقاندىن كېيىن﴾** يەنى ئۇ ئايال قورساق كۆتۈرگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئېغىرلاشتى. سۇددى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: قورسىقىدىكى بالىسى چوڭىيىشقا باشلىدى.

(1) ھۇجرات سۈرىسى 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) نىسا سۈرىسى 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەننىڭ بىر قىسمى.

**﴿(ئەر ـ خوتۇن) ئىككىيلەن پەرۋەردىگارى الله غا: «ئەگەر بىزگە (ئەزالىرى) بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، نېمىتىڭگە ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ دۇئا قىلدى﴾** زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى قورساقتىكى نەرسىنىڭ ھايۋان بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ شۇنداق دۇئا قىلدى. شۇنىڭدەك ئەبۇبۇختەرى ۋە ئەبۇمالىك: ئۇ ئىككىسى قورساقتىكى نەرسىنىڭ ئىنسان بولماي قېلىشىدىن قورقۇپ شۇنداق دۇئا قىلغان، ـ دەيدۇ.

ھەسەنبەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى پەرۋەردىگارىغا ئەگەر بىزگە ئوغۇل بەرسەڭ، **﴿نېمىتىڭگە ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز»﴾** دەپ دۇئا قىلدى.

**﴿الله ئۇلارغا بېجىرىم ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى الله غا شېرىك كەلتۈرۈپ (بۇتلارغا چوقۇندى)، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلىرىدىن پاكتۇر﴾** ئىبنى جەرىر ھەسەنبەسرىنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ بۇتلارغا چوقۇنۇش ئادەم ئەلەيھىسسالامدا كۆرۈلمىگەن ئىش بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا بەزى بىر مىللەتلەر ئىچىدە پەيدا بولدى.

قەتادە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ بۇتقا چوقۇنغان كىشىلەر يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردۇر. الله تائالا ئۇلارغا پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئۇلار پەرزەنتلىرىنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىئان قىلىپ تەربىيلىگەندۇر. بۇ مۇشۇ ئايەتكە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى مەنىدۇر.

بۇ ئايەتنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، يۇقىرىدا دۇئا قىلغان ئەر ـ خوتۇن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز بولماستىن، بەلكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇشرىكلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ ئالدىدىكى ئايەتلەردە الله تائالا ئادەمنى ۋە ئۇنىڭدىن ھەۋۋانى ياراتقانلىقىنى بايان قىلىپ كېلىپ، ئاخىرىدا دۇئاسى بويىچە پەرزەنت ئاتا قىلىنغان ئەر ـ خوتۇننىڭ الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ، بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىنى بايان قىلىشقا ئۆتۈشى، قۇرئان كەرىمنىڭ خاسلىقىدىن ئومۇمىيلىققا ئۆتۈپ بايان قىلىش ئۇسلۇبىدۇر. قۇرئاندا بۇنداق ئۇسلۇبدا بايان قىلىنغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ.

* * * * * * *

أَيُشْرِكُونَ مَا لَا يَخْلُقُ شَيْـًٔا وَهُمْ يُخْلَقُونَ ﴿١٩١﴾ وَلَا يَسْتَطِيعُونَ لَهُمْ نَصْرًا وَلَآ أَنفُسَهُمْ يَنصُرُونَ
﴿١٩٢﴾ وَإِن تَدْعُوهُمْ إِلَى ٱلْهُدَىٰ لَا يَتَّبِعُوكُمْ سَوَآءٌ عَلَيْكُمْ أَدَعَوْتُمُوهُمْ أَمْ أَنتُمْ صَٰمِتُونَ ﴿١٩٣﴾ إِنَّ
ٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ عِبَادٌ أَمْثَالُكُمْ فَٱدْعُوهُمْ فَلْيَسْتَجِيبُوا۟ لَكُمْ إِن كُنتُمْ
صَٰدِقِينَ ﴿١٩٤﴾ أَلَهُمْ أَرْجُلٌ يَمْشُونَ بِهَآ أَمْ لَهُمْ أَيْدٍ يَبْطِشُونَ بِهَآ أَمْ لَهُمْ أَعْيُنٌ يُبْصِرُونَ
بِهَآ أَمْ لَهُمْ ءَاذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا قُلِ ٱدْعُوا۟ شُرَكَآءَكُمْ ثُمَّ كِيدُونِ فَلَا تُنظِرُونِ ﴿١٩٥﴾ إِنَّ وَلِـِّۧىَ ٱللَّهُ
ٱلَّذِى نَزَّلَ ٱلْكِتَٰبَ وَهُوَ يَتَوَلَّى ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٩٦﴾ وَٱلَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِهِۦ لَا يَسْتَطِيعُونَ

نَصۡرَكُمۡ وَلَآ أَنفُسَهُمۡ يَنصُرُونَ ﴿١٩٧﴾ وَإِن تَدۡعُوهُمۡ إِلَى ٱلۡهُدَىٰ لَا يَسۡمَعُواْۖ وَتَرَىٰهُمۡ يَنظُرُونَ
إِلَيۡكَ وَهُمۡ لَا يُبۡصِرُونَ ﴿١٩٨﴾

ئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) **الله** غا شېرىك كەلتۈرەمدۇ! ﴿191﴾. ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ ﴿192﴾. ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرساڭلار، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاش (يەنى سىلەر قايسى ھالەتتە بولماڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەستۇر) ﴿193﴾. سىلەر **الله** نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن ﴿194﴾. ئۇلار (يەنى بۇتلار) نىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ ۋەياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شېرىكلىرىڭلارنى (يەنى بۇتلىرىڭلارنى ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار، ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار (مەن **الله** غا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن) ﴿195﴾. ھەقىقەتەن كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلغان **الله** مېنىڭ ئىگەمدۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ ﴿196﴾. سىلەرنىڭ **الله** نى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم بېرەلمەيدۇ ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ» ﴿197﴾. ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭلار، ئۇلار (ھىدايەت تاپماق توغۇل دەۋىتىڭنى) ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنىسمۇ، لېكىن ئۇلار كۆرمەيدۇ ﴿198﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنىڭ ھېچنېمىنى يارىتالمايدىغانلىقى، ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقى ۋە ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەسلىكى

**الله** تائالا بۇ يەردە، (**الله** تائالاغا قوشۇپ) **الله** تائالانىڭ ئوخشاشلىرى دەپ قارىغان نەرسىلەرگە ۋە بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان مۇشرىكلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى **الله** تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىدىندۇر ۋە ياسالغان نەرسىلەردۇر. ئۇلار ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئىگە ئەمەس، بىرەر پايدىمۇ ئېلىپ كېلەلمەيدۇ ۋە زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار كۆرەلمەيدۇ ھەم ئۆزىگە ئىبادەت قىلغۇچىلارغا بىرەر ئىشتا ياردەممۇ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالمايدىغان، ئاڭلىيالمايدىغان ۋە كۆرەلمەيدىغان جانسىز نەرسىلەردۇر. ئۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلغۇچىلار ئاڭلاش، كۆرۈش ۋە تۇتۇش جەھەتلەردىكى ئىقتىدارى بىلەن ئۆزلىرى ئىبادەت قىلغان ئۇ نەرسىلەردىن ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگىدۇر.

**﴿ئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) الله غا شېرىك كەلتۈرەمدۇ!﴾** يەنى بىر نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى **الله** تائالاغا شېرىك قىلامسىلەر؟ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ. ﴿ئى

ئىنسانلار! (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر اللە نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ!)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر. ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى اللە غا شېرىك قىلىۋېلىپ) اللە نى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى، شۈبھىسىزكى، اللە ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر﴾[1]

اللە تائالا بۇ ئايەتلەردە مۇشرىكلار چوقۇنغان بارلىق ئىلاھلار بىر يەرگە يىغىلسىمۇ، بىر چىۋىننى يارىتالمايدىغانلىقىدىن، بەلكى چىۋىن ئۇ ئىلاھلارنىڭ ئالدىغا نەزىر ئورنىدا قويۇلغان نەرسىلەردىن كىچىككىنە بىر نەرسىنى ئېلىپ كەتسە، ئۇ ئىلاھلارنىڭ ئۇ نەرسىنى چىۋىندىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالالمايدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: ئۇلارنىڭ ھالى شۇنچىلىك بىچارە تۇرسا، ئۇلاردىن رىزىق، ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن قانداقمۇ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق بولسۇن؟ـ دېدى.

﴿ئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) اللە غا شېرىك كەلتۈرەمدۇ!﴾ يەنى ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿«(ئۆزەڭلار) ئويۇپ ياسىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟﴾[2] دېگىنىدەك، كىشىلەر تەرىپىدىن ئويۇپ ياسالغان بۇتلاردۇر.

﴿ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ﴾ يەنى اللە تائالانىڭ: ﴿ئىبراھىم ئاستا ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «(مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن، بۇ تاماقتىن) يېمەمسىلەر؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟» دېدى﴾[3] دېگەن ئايەتلىرىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارنى پاچاقلىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغاندەك، بىر كىشى بۇتلارغا ئەزىيەت بەرمەكچى بولسا، ئۇ بۇتلار ئۆزلىرىنى قوغداپ قالالمايدۇ.

مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جۇمۇھ ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك قىلغان. بۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتقان ياش يىگىتلەر ئىدى. ئۇ ئىككىسى كېچىدە مۇشرىكلارنىڭ بۇتلىرىغا ھۇجۇم قىلاتتى. ئۇلار قەۋملىرىنىڭ بۇتلىرىنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ (ئىبرەت ئېلىپ) ئويلىنىپ بېقىشى ئۈچۈن بۇتلارنى پارچىلاپ، ئوتۇن ئورنىدا قالاش ئۈچۈن تۇل ئاياللارغا ئەكىلىپ بېرەتتى.

ئىبنى ئەمر ئەسلىدە ئۆز قەۋمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆندە پاكىزلاپ، ئەتىر سۈرۈپ ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىغان بىر بۇتى بار ئىدى. ئۇ كېچىسى شۇ بۇتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ بۇتنى باش تەرىپىنى پەسكە، ئاياغ تەرىپىنى ئاسمانغان قىلىپ، ئۇنىڭغا نىجاسەتلەرنى سۈرۈپ قويۇپ كېتەتتى. كېيىن ئەمر ئىبنى جۇمۇھ كېلىپ ئۆزىنىڭ بۇ بۇتقا قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ ئاندىن ئۇنى قايتا يۇيۇپ تاراپ، ئەتىرلەرنى سۈرۈپ ئۇ بۇتنىڭ قېشىغا بىر دانە قىلىچنى

---

(1) ھەج سۈرىسى 73 ــــ 74 ـ ئايەت.
(2) سافقات سۈرىسى 95 ـ ئايەت.
(3) سافقات سۈرىسى 91 ــــ 93 ـ ئايەتلەر.

قويۇپ، ئۇ بۇتقا: سەن بۇ قىلىچ بىلەن ئۆزەڭنى قوغدىغىن!ـ دەپ كېتىپ قالاتتى. ئاندىن ئۇ ھەمراھى بىلەن كېچىسى كېلىپ ئۇ بۇتقا بۇرۇن قىلغان ئىشلارنى قىلاتتى. ئەتىسى ئەمر ئىبنى جۇمۇھ يالغۇز كېلىپ، ئۇ بۇتنى قايتا يۇيۇپ تازىلاپ ئەتىر سېپىپ قوياتتى.

بىر قېتىم ئۇ ئىككەيلەن بۇ بۇتنى بىر ئۆلۈك ئىتنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويدۇ. بۇتنى ئارغامچىغا باغلاپ قۇدۇققا تاشلايدۇ. ئاندىن ئەمر ئىبنى جۇمۇھ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر خاتا دىندا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇ بۇتنىڭ ھالىغا قاراپ مۇنداق شېئىر ئوقۇدى:

> ﷲ نىڭ نامىدىن قىلايكى قەسەم،
> ئەمەسسەن ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئىلاھ.
> تۇرمايتتىڭ ئىت بىلەن چوقۇم بىر يەردە،
> گەر بولساڭ، سەن ئۆزەڭ ھەقىقىي ئىلاھ.

ئاندىن ئۇ ئىسلامغا كىرىپ، ئىسلامدىكى ناھايىتى ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالدى ۋە ئۇھۇد كۈنى شېھىت بولدى. ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن! پەردەۋس جەننىتىنى ئۇنىڭ ياتىدىغان يېرى قىلىپ بەرسۇن!

**﴿ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرساڭلار، ئۇلار سىلەرگە ئەگەشمەيدۇ. مەيلى ئۇلارنى دەۋەت قىلىڭلار، ياكى جىم تۇرۇڭلار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاش (يەنى سىلەر قايسى ھالەتتە بولماڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ دەۋىتىڭلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر ئەمەستۇر)﴾** يەنى ئۇ بۇتلار توغرا يولغا چاقىرغانلارنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىمايدۇ. ئۇلارنى توغرا يولغا چاقىرىش بىلەن چاقىرماسلىقنىڭ پەرقى يوقتۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿«ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن»﴾[1].

**﴿سىلەر ﷲ نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن. ئۇلار (يەنى بۇتلار) نىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ ۋەياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟﴾** ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۇ بۇتلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان كىشىگە ئوخشاش مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئۇ بۇتلاردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. چۈنكى ئىنسانلار ئاڭلىيالايدۇ، كۆرەلەيدۇ ۋە تۇتالايدۇ. ئۇ بۇتلار بولسا، ئۇ ئىشلاردىن بىرىنىمۇ قىلالمايدۇ.

**﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شېرىكلىرىڭلارنى (يەنى بۇتلىرىڭلارنى ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار، ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار (مەن ﷲ غا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن) ھەقىقەتەن كىتابنى**

(1) مەريەم سۈرىسى 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**(يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلغان اللە مېنىڭ ئىگەمدۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ﴾** يەنى اللە تائالا ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇ ماڭا ياردەم بەرگۈچىدۇر. مەن ئۆزەمنى تاپشۇرىمەن، ئۇنىڭغا ئىسىلىمەن، ئۇ مېنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئىگەمدۇر ۋە مەندىن كېيىنكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر.

بۇ خۇددى هۇد ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ: ﴿**بىز پەقەت سېنى بەزى ئىلاھلىرىمىز ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ دەيمىز»**﴾ دېگەندە، هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا: ﴿«مەن ھەقىقەتەن اللە نى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ اللە نى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان اللە غا مەن تەۋەككۈل قىلدىم، اللە نىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ)﴾[1] دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.

بۇ يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نېمە؟ سىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟ ئۇلار (يەنى بۇتلار) مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر) ئۇ مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزىگە ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ۋە قەۋمىگە: ﴿«سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن مەن راستلا ئادا ـ جۇدامەن. پەقەت مېنى ياراتقان اللە مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ».﴾[3] ۋە: ﴿**سىلەر اللە نى قويۇپ ئىبادەت قىلغان بۇتلار سىلەرگە ئوخشاش مەخلۇقلاردۇر، (ئۇلارنى ئىلاھ دېگەن دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ بېقىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىپ باقسۇن. ئۇلار (يەنى بۇتلار) نىڭ ماڭىدىغان پۇتلىرى بارمۇ؟ ياكى تۇتىدىغان قوللىرى بارمۇ؟ ياكى كۆرىدىغان كۆزلىرى بارمۇ ۋەياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرى بارمۇ؟ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «شېرىكلىرىڭلارنى (يەنى بۇتلىرىڭلارنى ماڭا قارشى) چاقىرىڭلار، ئاندىن (قولۇڭلاردىن كېلىشىچە) ماڭا زىيانكەشلىك قىلىڭلار، ئازراقمۇ مۆھلەت بەرمەڭلار (مەن اللە غا يۆلەنگەنلىكىم ئۈچۈن سىلەرگە پەرۋا قىلمايمەن)**﴾ دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ.

بۇ ئايەت يۇقىرىدا ئۆتكەن: ﴿**ئۆزلىرى يارىتىلغان، ھېچ نەرسىنى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) اللە غا شېرىك كەلتۈرەمدۇ!**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەندۇر. لېكىن بۇ ئايەت ئۈچىنچى شەخسكە قارىتىلغان. يۇقىرىقى ئايەت بولسا، ئىككىنچى شەخسكە قارىتىلغاندۇر. شۇڭا اللە تائالا يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئارقىسىدىن مۇنداق دېدى: ﴿**ئۇ نەرسىلەر چوقۇنغۇچىلىرىغا ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئۆزلىرىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ**﴾.

﴿**ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭلار، ئۇلار (ھىدايەت تاپماق تۈگۈل دەۋىتىڭنى) ئاڭلىمايدۇ، ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنىسمۇ، لېكىن ئۇلار كۆرمەيدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنىڭ

(1) هۇد سۈرىسى 54 ـــ 56 ـ ئايەتكىچە.
(2) شۇئەرا سۈرىسى 75 ـــ 78 ـ ئايەت.
(3) زۇخرۇف سۈرىسى 26 ـــ 27 ـ ئايەتلەر.

مەنىسى ﷲ تائالانىڭ: ﴿ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى ئاڭلىمايدۇ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىگە ئوخشايدۇ.

ﷲ تائالا: ﴿ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنىسمۇ، لېكىن ئۇلار كۆرمەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە ﴿ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرغاندەك﴾ دەپ بايان قىلدى. يەنى بۇتلار جانسىز نەرسىلەر بولسىمۇ ساڭا سىزىلغان، ئويۇلغان كۆزلىرى بىلەن خۇددى ئۇدۇلىڭدا سېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ئەقلى بار نەرسىلەرگە مۇئامىلە قىلىنغاندەك مۇئامىلە قىلىنىپ، ئىنسانلار ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان كىشىلىك ئالماش ئىشلىتىلدى. چۈنكى بۇتلار ئىنسانلارنىڭ شەكلىدە ياسالغان، شۇڭا بۇتلار خۇددى ساڭا قاراپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ.

* * * * * * *

خُذِ ٱلۡعَفۡوَ وَأۡمُرۡ بِٱلۡعُرۡفِ وَأَعۡرِضۡ عَنِ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿١٩٩﴾ وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ نَزۡغٞ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٠٠﴾

ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)﴿199﴾. ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) ﷲ غا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. ﷲ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿200﴾.

## ئەپۇنى دوست تۇتۇشنىڭ بۇيرۇلۇشى

﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن﴾ ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارنى كەچۈرۈۋېتىشكە 10 يىل بۇيرۇدى. 10 يىلدىن كېيىن مۇشرىكلارغا قاتتىق قول بولۇشقا بۇيرۇدى.

بەزى ئۆلىمالار مۇجاھىدنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: سەن كىشىلەرنى تەكشۈرۈپ يۈرمەستىن، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ئىشلىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىلا ئېتىۋارغا ئالغىن دېگەنلىكتۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقلىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئېتىۋارغا ئېلىشقا بۇيرۇپ، بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنى ئەبۇھاتەم ئۇممەييەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ﴿ئەپۇنى



(1) فاتىر سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)﴾** دېگەن ئايەت چۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى جىبرىئىل بۇ نېمە؟ـ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: **الله** تائالا سېنى ساڭا زۇلۇق قىلغان كىشىنى كەچۈرۈشكە، ساڭا بىر نەرسە بەرمىگەن كىشىلەرگە بېرىشكە، سەندىن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇدى،ـ دېدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇيەينە ھەسەن ئىبنى ھۇزەيفە ياقا يۇرتتىن كېلىپ، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھۇررە ئىبنى قەيسنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ھۇررە ئىبنى قەيس ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىدى. قارىلار مەيلى قېرى ياكى ياش بولسۇن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئىدى. ئۇيەينە قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بۇ باشلىقنىڭ ئالدىدا سېنىڭ يۈزۈڭ بار، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىشىمگە رۇخسەت ئېلىپ بەرگەن بولساڭ،ـ دېدى. ئۇ ماقۇل بولۇپ، ئۇيەينەگە رۇخسەت ئېلىپ بەردى. ئۇ ئۆمەرنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئى خەتتابنىڭ ئوغلى ئۆمەر! **الله** نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە مال ـ مۈلك بەرمەيسەن، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلمايسەن،ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېتىلماقچى بولۇۋېدى. ھۇررە ئۇنىڭغا: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! **الله** تائالا پەيغەمبىرىگە: **﴿ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)﴾** دېگەن ئىدى. بۇ كىشى بولسا نادانلاردىندۇر،ـ دېدى. **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھۇررە بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، ئۆمەر بۇ ئايەتنىڭ بۇيرۇقىدىن قىلچىمۇ چىقىپ كەتمىدى، ئۆمەر **الله** تائالانىڭ كىتابىدا بۇيرۇغان ئىشلارغا بەك ئەمەل قىلاتتى.

بەزى ھېكمەت ئىگىلىرى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى مۇنداق بىر نەچچە مىسرا شېئىرغا ئايلاندۇردى:

ئەپۇنى دوست قىلغىن ئۆزەڭگە دائىم،
قىلمىغىن قوپاللىق ھەر قانداق چاغدا،
بۇيرۇغىن باشقىنى ياخشىغا دائىم.
سۆزۈڭدە ھەممىگە بولغىن مۇلايىم.

چۈنكى سەن بۇيرۇلغان ياخشى ئىشلارغا،
مەرتىۋە ئىگىسىدىن سۆيۈملۈكتۇر كۆپ،
يۈز ئۆرىگىن ناداندىن تەڭ بولماي دائىم.
ئۇلاردىن مۇلايىم بولغانلار دائىم.

بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىر تۈرلۈكى ياخشى

كىشىلەردۇر. سەن پەقەت ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىلا ئېتىۋارغا ئالغىن. ئۇ كىشىنى قىلىشقا ئىمكانىيىتى يوق بولغان ۋە ئۇنىڭغا تەس كېلىپ، ئۇنى قىيناپ قويىدىغان ئىشلارغا ھەرگىزمۇ بۇيرۇمىغىن. ئىككىنچى تۈرلۈك كىشىلەر يامان كىشىلەردۇر. سەن ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇغىن. ئەگەر ئۇ سۆزۈڭنى ئاڭلىماي ئەسكىلىكتە ھەددىدىن ئاشسا، ساڭا بويسۇنمىسا، ئۆزىنىڭ نادانلىقىدا داۋاملىشىۋەرسە، سەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولمىغىن، بۇنداق قىلىشىڭ بۇنى ئەسكىلىكىدىن قايتۇرۇشى مۇمكىن.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇلارنىڭ قىلغان) يامانلىقىغا (ئەپۇ قىلىش بىلەن) ياخشىلىق قىلغىن، ئۇلارنىڭ (سېنى) سۈپەتلەشلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان مەسخىرىسىنى) بىز ئوبدان بىلىمىز. ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمرا بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن»﴾[1]، ﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ﴾[2].

بۇ ھەقتە مانا بۇ ئۈچ ئايەتتىن باشقا ئايەت يوق. **الله** تائالا بۇ ئۈچ ئايەتتە ئىنسانلاردىن بولغان يامان كىشىلەرگە ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. چۈنكى شۇ ياخشى مۇئامىلە (**الله** تائالا خالىسا) ئۇ يامان كىشىنىڭ يامانلىقىدا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن توسىدۇ. شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ﴾[3].

ئاندىن **الله** تائالا جىنلاردىن بولغان شەيتانلاردىن پاناھ تىلەشكە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يۇقىرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرمەسلىككە كۈشكۈرتسە) **الله** غا سېغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن، **الله** ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[4].

**الله** تائالا بۇ يەردە يەنە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) الله غا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** چۈنكى سېنىڭ شەيتانغا ياخشىلىق قىلىشىڭ ئۇنى يامانلىقتىن توساپ قالالمايدۇ. ئۇ پەقەتلا سېنىڭ پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشىڭنى ۋە يوقىلىپ كېتىشىڭنى كۆزلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن سېنىڭ

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 96 ــــ 98 ـ ئايەتلەر.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى 34 ــــ 35 ـ ئايەتلەر.
(3) فۇسسىلەت سۈرىسى 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) فۇسسىلەت سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

ۋە سىزنىڭ ئەجدادىڭ بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا دۈشمىنىدۇر.

ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ساڭا شەيتان تەرىپىدىن سېنى نادانلاردىن يۈز ئۆرۈپ كېتىشىڭدىن توسۇپ ئۇ نادانىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قويۇشقا كۈشكۈرتىدىغان بىر غەزەپ كەلسە، سەن بۇ غەزەپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن الله تائالادىن پاناھ تىلىگىن.

﴿**الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى الله تائالا نادانىنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرىنى، سېنىڭ شەيتاندىن پاناھ تىلىگەنلىكىڭنى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ سۆزلەردىن ھېچبىرى ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەستۇر. نېمىنىڭ شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىنى ۋە باشقا نەرسىلەرنى سەندىن كەتكۈزىۋېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. الله تائالادىن پاناھ تىلەش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى تەپسىرنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە قايتا توختالمايمىز.

*******

إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ إِذَا مَسَّهُمۡ طَٰٓئِفٞ مِّنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُم مُّبۡصِرُونَ ﴿٢٠١﴾ وَإِخۡوَٰنُهُمۡ
يَمُدُّونَهُمۡ فِي ٱلۡغَيِّ ثُمَّ لَا يُقۡصِرُونَ ﴿٢٠٢﴾

تەقۋادار كىشىلەر شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، الله نى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ﴿201﴾. شەيتانلار (كۇففار) بۇرادەرلىرىنى بولۇشچە ئازدۇرىدۇ، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ﴿202﴾.

## تەقۋادارلارنىڭ شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسلىرىگە قارىتا تۇتىدىغان يولى

الله تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىپ، توسقان ئىشلاردىن يېنىپ ئۆزىگە بويسۇنغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تەقۋادار كىشىلەر شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا**﴾ بۇ ئايەتتىكى ۋەسۋەسە دېگەن سۆزنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەنا توغرىسىدا ئۆلىمالار ئىختىلاپلىشىپ قالدى. بەزىلەر ئۇنى: غەزەپتۇر دېسە، بەزىلەر: بىرەر گۇناھ ئىش قىلىشقا نىيەت قىلىش،ـ دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: گۇناھ ئىشنى قىلىپ سېلىش،ـ دەيدۇ.

﴿**الله نى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ**﴾ يەنى ئۇ الله تائالانىڭ ئازابى ۋە ساۋابىنىڭ كۆپلىكىنى ۋەدىسىنى ۋە قورقۇتۇشىنى ئەسلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قىلماقچى بولغان ئىشىغا تەۋبە قىلىپ، الله تائالا تەرەپكە قايتىپ، الله تائالادىن پاناھ تىلەپ بۇرۇن قىلىۋاتقان يامان ئىشلىرىدىن يېنىپ توغرا يولنى تاپىدۇ.

## شەيتانىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ چوڭقۇر ئازغۇنلۇقتا ئىكەنلىكى

﴿**شەيتانلار (كۇففار) بۇرادەرلىرىنى بولۇشچە ئازدۇرىدۇ**﴾ ئىنسانلار ئىچىدىمۇ شەيتانىنىڭ

قېرىنداشلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز: ﴿ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر﴾[1].

شەيتاننىڭ قېرىنداشلىرى بولسا، شەيتاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، ئۇنىڭغا قۇلاق سالغۇچىلار ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلغۇچىلاردۇر. شەيتان ئۇلارنىڭ گۇناھ ئىشلارنى قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ ئىشلارنى ئۇلارغا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە چىرايلىق كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىر الله تائالانىڭ: **﴿شەيتانلار (كۇففار) بۇرادەرلىرىنى بولۇشىچە ئازدۇرىدۇ﴾** دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى ھەققىدە: شەيتانلار قېرىنداشلىرىنى نادانلىق ۋە ئەخمەقلىقلىردە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ـ دېدى.

**﴿ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ﴾** يەنى شەيتانلار ئىنسانلارنىڭ ئېزىشىدا ئۇلارغا ياردەمچى بولىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ شۇ قىلمىشلىرىدا بوشىشىپ قالمايدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ئىنسانلارمۇ يامان ئىش قىلىشتىن بوشىشىپ قالمايدۇ، شەيتانلارمۇ ئۇلارنى ئازدۇرۇشتىن يالتىيىپ قالمايدۇ، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

الله تائالا شەيتاننىڭ يالتىيىپ قالمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ شەيتانلارنى كاپىرلارغا ئەۋەتكەنلىكىمىزنى (يەنى مۇسەللەت قىلغانلىقىمىزنى) بىلمەمسەن؟ شەيتانلار ئۇلارنى (گۇناھلارغا) قىزىقتۇرىدۇ﴾[2] ئىبنى ئابباس ۋە باشقىلار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: شەيتان ئۇلارنى گۇناھلارغا پۈتۈنلەي قوزغاپ ئېلىپ بارىدۇ.

* * * * * * *

وَإِذَا لَمۡ تَأۡتِهِم بِـَٔايَةٖ قَالُواْ لَوۡلَا ٱجۡتَبَيۡتَهَاۚ قُلۡ إِنَّمَآ أَتَّبِعُ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيَّ مِن رَّبِّيۚ هَٰذَا بَصَآئِرُ مِن رَّبِّكُمۡ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ ﴿٢٠٣﴾

(ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزىنى كەلتۈرمىسەڭ، ئۇنى نېمىشقا (ئۆزەڭ) ئىجاد قىلمىدىڭ؟ ـ دېيىشىدۇ، (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «(ئىش مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) مەن پەقەت پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغانغىلا ئەمەل قىلىمەن (ئۆزلۈكۈمدىن مۆجىزە يارىتالمايمەن)، بۇ (قۇرئاندا سىلەرگە) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن دەلىللەردۇر (قۇرئان باشقا مۆجىزىلەرگە ئېھتىياج قالدۇرمايدۇ)، ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر»﴿203﴾.

(1) ئىسرا سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) مەريەم سۈرىسى 83 ـ ئايەت.

## مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلغانلىقى

**﴿(ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزىنى كەلتۈرمىسەڭ، ئۇنى نېمىشقا (ئۆزەڭ) ئىجاد قىلمىدىڭ؟ - دېيىشىدۇ﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى سەن نېمىشقا ئۇنىڭغا ئېرىشمىدىڭ؟ - دەيدۇ. ئىبنى ئابباسنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: نېمىشقا سەن ئىجاد قىلىپ بارلىققا كەلتۈرمىدىڭ؟

ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھ ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى سەن نېمىشقا ئۇنى تەلەپ قىلمىدىڭ، نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭ بارلىققا كەلتۈرمىدىڭ؟

سۇددى، ئابدۇراھمان، قەتادە ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەملەر بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېدى. ئىبنى جەرىر بۇ مەنىنى توغرا دەپ قارىدى. يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سەن بىز كۆرۈپ ئىشىنىشىمىز ئۈچۈن الله تائالادىن مۆجىزە تەلەپ قىلىشقا تىرىشمامسەن؟ - دەيدۇ.

الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: **﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «(ئىش مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس) مەن پەقەت پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن ماڭا ۋەھيى قىلىنغانغىلا ئەمەل قىلىمەن (ئۆزلۈكۈمدىن مۆجىزە يارىتالمايمەن)﴾** يەنى مەن الله تائالادىن بىر نەرسە تىلىمەيمەن، پەقەتلا الله تائالا مېنى بۇيرۇغان بۇيرۇقىلا ئەگىشىمەن، ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا بويسۇنىمەن. ئەگەر الله تائالا ماڭا بىرەر مۆجىزە بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىمەن، بەرمىسە ماڭا ئۇ ھەقتە رۇخسەت قىلمىغۇچە ئۆزەم ئالدىنئالا سورىمايمەن. چۈنكى الله تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر ۋە ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا قۇرئاننىڭ بارلىق مۆجىزىلەر ئىچىدە ئەڭ كاتتا مۆجىزە، پاكىتلار ئىچىدە ئەڭ روشەن پاكىت ۋە ھۆججەتلەر ئىچىدە ئەڭ راستچىل ھۆججەت ئىكەنلىكىنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: **﴿بۇ (قۇرئاندا سىلەرگە) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن دەلىللەردۇر (قۇرئان باشقا مۆجىزىلەرگە ئېھتىياج قالدۇرمايدۇ)، ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر»﴾**.

* * * * * * *

وَإِذَا قُرِئَ ٱلْقُرْءَانُ فَٱسْتَمِعُواْ لَهُۥ وَأَنصِتُواْ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ﴿٢٠٤﴾

الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)﴿204﴾.

## قۇرئاننى دىققەت بىلەن تىڭشاشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

ﷲ تائالا قۇرئاننىڭ كىشىلەر ئۈچۈن دەلىل ـ پاكىت، ھىدايەت ۋە رەھمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن، قۇرئان ئوقۇلغاندا، شۈك تۇرۇشقا بۇيرۇدى. كاپىرلارنىڭ: ﴿«بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن»﴾[1] دېگىنىدەك قىلماسلىققا بۇيرۇدى.

ئىبنى جەرىر ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿ﷲ نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)﴾** دېگەن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر، بىز نامازدا تۇرۇپ بىر ـ بىرىمىزگە سالام قىلىشاتتۇق.

* * * * * * *

وَٱذۡكُر رَّبَّكَ فِي نَفۡسِكَ تَضَرُّعٗا وَخِيفَةٗ وَدُونَ ٱلۡجَهۡرِ مِنَ ٱلۡقَوۡلِ بِٱلۡغُدُوِّ وَٱلۡأٓصَالِ وَلَا تَكُن مِّنَ ٱلۡغَٰفِلِينَ ﴿٢٠٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِهِۦ وَيُسَبِّحُونَهُۥ وَلَهُۥ يَسۡجُدُونَ۩ ﴿٢٠٦﴾

پەرۋەردىگارىڭنى يىغلىغان ۋە قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۇنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن﴿205﴾. پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ﷲ غا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، ﷲ غا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ﴿206﴾.

## ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا ئىبادەت ۋە زىكىر قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

ﷲ تائالا بەندىلىرىنى ئەتىگەن ـ كەچلەردە ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا ۋە شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزىنى كۆپرەك زىكىر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنى يىغلىغان ۋە قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن**﴾.

ﷲ تائالا بەندىلەرنى ئەتىگەن ۋە كەچ ۋاقىتلاردا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن﴾[2] كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ﷲ تائالاغا تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئىبادەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسچىتتى ھەرەمدىن مەسچىتتى ئەقساغا ئېلىپ كەلگەن ئىسرا

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 26 ـ ئايەت.
(2) قاف سۈرىسى 39 ـ ئايەت.

كېچىسىدە (ئۇنىڭغا) بەش ۋاخ ناماز پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردىن ئىدى. چۈنكى بۇ ئايەت مەككىدە چۈشكەن ئايەتتۇر.

﴿**پەرۋەردىگارىڭنى يىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن**﴾ يەنى سەن پەرۋەردىگارىڭنى ھېرىسمەن بولغان، ئۇنىڭدىن قورققان ھالدا يوشۇرۇن، پەس ئاۋازدا، دىلىڭدا ياد ئەتكىن.

﴿**ئەتىگەندە ـ ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن**﴾ يەنى بۇ ئايەتتىن زىكرنى پەس ئاۋازدا، مەخپىي قىلىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەزى سەپەرلەردە كىشىلەر ئۈنلۈك ئاۋازدا دۇئا قىلىشقا باشلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى كىشىلەر! مۇنداق ئۈنلۈك ئاۋازدا دۇئا قىلماڭلار. چۈنكى سىلەر گاس ياكى يىراقتىكى بىر زاتتىن تىلەۋاتمايسىلەر، سىلەر تىلەۋاتقان ئۇ زات ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە يېنىڭلاردا تۇرغۇچى زاتتۇر. ئۇ زات سىلەرگە مىنگەن ئۇلاغلىرىڭلارنىڭ گەدىنىدىنمۇ يېقىنراقتۇر» دېدى.

يۇقىرىقى ئايەتتىن كۆزدە تۇتۇلغىنى، بەندىلەرنىڭ بىخوت يۈرگۈچىلەر (يەنى غاپىللار) دىن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بەندىلەرنى ئەتىگەن ـ كەچلەردە الله تائالانى كۆپ ياد ئېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. شۇڭا الله تائالا ھېرىپ قالماي، كېچە ـ كۈندۈز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە تەسبىھ ئېيتىدىغان پەرىشتىلەرنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) الله غا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، الله غا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ**﴾.

الله تائالا پەرىشتىلەرنى الله تائالاغا كۆپلەپ ئىبادەت قىلىش ۋە الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلماي، بوي سۇنۇش قاتارلىق ئىشلاردا بەندىلىرىگە ئۈلگە قىلىش ئۈچۈن، پەرىشتىلەرنى بۇ يەردە شۇنداق بايان قىلدى. بۇ يەردە الله تائالا پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئايەتكە كەلگەندە، بىزنىڭمۇ سەجدە قىلىشىمىز يولغا قويۇلدى.

پەرىشتىلەر نېمە قىلسا، بىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىمىز ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر خۇددى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (سەپتە) تۇرغاندەك سەپتە تۈز تۇرماسىلەر؟ ئۇلار بىرىنچى سەپتىن باشلاپ تولۇقلايدۇ، سەپتە بىر ـ بىرىگە ناھايىتىمۇ يېقىن تۇرىدۇ». يۇقىرىدىكى ئايەت (بارلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن) ئوقۇغۇچى ۋە تىڭشىغۇچىغا سەجدە قىلىش لازىم بولىدىغان (قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى) سەجدە ئايەتلىرىنىڭ بىرىنچىسىدۇر.

مەھەرمەتلىك الله تائالانىڭ مېھرى ـ شەپقىتى بىلەن ئەئراف سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

# ئەنفال سۈرىسى

مەدىنىدە نازىل بولغان، 75 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَنفَالِۖ قُلِ ٱلۡأَنفَالُ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَأَصۡلِحُواْ ذَاتَ بَيۡنِكُمۡۖ
وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿١﴾

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، الله دىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار»﴿1﴾.

## ئەنفال (غەنىمەتلەر) توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئەنفالنى ”غەنىمەتلەر“ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ. يەنە ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئەنفال سۈرىسى توغرۇلۇق سورىدىم، ئۇ: بۇ سۈرە بەدرى ئۇرۇشى بولغاندا نازىل بولغان، ـ دېدى.

شۇنداقلا، ئىمام بۇخارىنىڭ بىرىنچى رىۋايىتىگە ئوخشاش ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھەمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنفال

ـ غەنىمەتلەر،ـ دېمەكتۇر. بۇ غەنىمەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ھېچقانداق ھەققى يوق ئىدى.

مۇجاھىد، ئىكرىمە، ئەتا، زەھھاك، قەتادە، ئەتا خۇراسانىي، مۇقاد ئىبنى ھەييان، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ۋە باشقا بىر قانچە كىشىلەر ئەنفالنى ”غەنىمەتلەر“ دەپ تەپسىر قىلدى. بەزى تەپسىرشۇناسلار: ئەسلى غەنىمەتنى تەقسىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جەڭچىلەر ئۆزلىرى دۈشمەنلەردىن تارتىۋالغان ئولجا ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنى ۋە ئىمام بەزى شەخسلەرگە تارقىتىپ بەرگەن نەرسىنى ”ئەنفال“ دەپ ئاتايمىز،ـ دېدى.

بەزى تەپسىرشۇناسلار: غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئەنفال دەيمىز،ـ دېدى. يەنە بەزى تەپسىرشۇناسلار: كاپىرلاردىن ئۇرۇشسىز ئېلىنغان ئولجىنى، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا تاشلاپ كەتكەن چارۋا ماللار، قۇل ـ دېدەك ۋەياكى مال ـ مۈلۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەنفال دەيمىز،ـ دېدى.

ئەلى ئىبنى سالىھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا الله تائالانىڭ: ﴿(ئى **مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن قوشۇنلارنىڭ غەنىمەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ،ـ دېيىلگەنلىكى خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ مەنىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن قوشۇنلارنىڭ بەزى جەڭچىلىرىگە ئىمام تەرىپىدىن (باشقا جەڭچىلەرگە قارىغاندا) بېرىلگەن ئارتۇق غەنىمەت ”ئەنفال“ دېيىلىدۇ.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام ئەھمەد سەئىد ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۈگۈن الله ماڭا ھەقىقەتەن مۇشرىكلاردىن بىر ئولجا نېسىپ قىلدى، بۇ قىلىچنى ماڭا بەرگىن،ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ قىلىچ ساڭىمۇ، ماڭىمۇ تەۋە ئەمەس، ئۇنى قويغىن» دېدى. مەن ئۇنى قويۇپ قويدۇم. ئىچىمدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قىلىچنى مەن ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيدىغان بىرسىگە بېرىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ تۇرسام، تۇيۇقسىزلا ئارقامدىن بىر ئادەم مېنى چاقىردى. مەن: الله مېنىڭ ھەققىمدە بىرەر ئايەت نازىل قىلدىمۇ؟ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بۇ قىلىچنى سورىغان ئىدىڭ، ئۇ مېنىڭ ئەمەس، لېكىن الله تائالا ئۇنى ماڭا ئاتا قىلدى. ئەمدى ئۇ سېنىڭ بولسۇن» دېدى. سەئىد ئىبنى مالىك: شۇ چاغدا الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى،ـ دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر**﴾ بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇئۇمامەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇبادەدىن

بۇ ”غەنىمەتلەر“ توغرۇلۇق سورىدىم، ئۇ: بىزنىڭ ئارىمىزدا بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابىلەر بار ئىدى. بىز بۇ غەنىمەتنى قانداق تەقسىم قىلىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، ئەخلاقسىزلىق ئەۋج ئالغان چاغدا بۇ ئايەت نازىل بولدى. ﷲ تائالا بۇ غەنىمەتلەرنى بىزنىڭ قولىمىزدىن ئېلىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىپ بەردى، ـ دېدى.

ئىمام ئەھمەد يەنە ئەبۇئۇمامەدىن ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇشقا چىقتۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشتىم. بىز دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. ﷲ تائالا دۈشمەننى ھالاك قىلدى. بىر بۆلۈك كىشىلەر دۈشمەننى قوغلاش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ كەتتى. بىر بۆلۈك كىشىلەر غەنىمەتلەرنى يىغىپ توپلاش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا قايتىپ كەلدى. يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر دۈشمەنلەرنىڭ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى دائىرە ئىچىگە ئېلىپ قوغداپ تۇراتتى. قاراڭغۇ چۈشكەن، ئادەملەر بىر ـ بىرى بىلەن جەم بولغان چاغدا، غەنىمەتلەرنى توپلىغان كىشىلەر: غەنىمەتلەرگە بىز ئېرىشتۇق، ئۇنىڭدا ھېچكىمنىڭ نېسىۋىسى يوق، ـ دېيىشتى. دۈشمەننى قوغلاپ چىقىپ كەتكەنلەر: غەنىمەتكە سىلەر بىزگە قارىغاندا ھەقلىق ئەمەس، چۈنكى بىز غەنىمەتلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ ئېلىپ قېچىشىدىن توستۇق ۋە دۈشمەنلەرنى بىز مەغلۇب قىلدۇق، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىغانلار: بىزگە قارىغاندا غەنىمەتكە سىلەر ھەقلىق ئەمەس. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغدىدۇق. دۈشمەننىڭ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى قوغداش بىلەن مەشغۇل بولدۇق، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿**(ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) ﷲ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، ﷲ دىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار**﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا تەڭ تەقسىم قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەن زېمىنىغا ھۇجۇم قىلسا، ئولجىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى مۇجاھىدلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. كىشىلەرگە ھارغۇنلۇق يەتكەندە، جەڭگە قايتا چىققۇچىلارغا ئولجىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق ئارتۇق تەقسىم قىلىشنى ياقتۇرمايتتى ۋە كۈچلۈك مۆمىنلەر ئالغان غەنىمەتتىن ئاجىز مۆمىنلەرگە بەرسۇن، ـ دەيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە

---

(1) چوڭ قوشۇننىڭ ئىچىدىن بىر ئەترەت چىقىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئولجىغا ئېرىشكەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېرىشىلگەن ئۇ ئولجىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ھۇجۇمغا چىققان ئەترەتتىكى كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرەتتى. ئۇلار يەنە ئولجىنىڭ قالغان ئۈچ قىسمىنىڭ تەقسىماتىدىمۇ باشقا ئەسكەرلەرگە شېرىك بولاتتى. دۈشمەنگە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، چارچاپ كەتكەندىن كېيىن قايتا ھۇجۇمغا چىققۇچىلار بولسا، چارچىغان تۇرۇقلۇق ئۇرۇشقا چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئېرىشىلگەن ئولجىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى.

ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

**﴿الله دىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار﴾** يەنى ھەممە ئىشلىرىڭلاردا **الله** تائالادىن قورقۇڭلار، غەنىمەت ئۈستىدە بىر ـ بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماي، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن خۇسۇمەت قىلىشماي ۋە جېدەللەشمەي، ئاراڭلارنى تۈزەڭلار. **الله** تائالا سىلەرگە بەرگەن ھىدايەت ۋە ئىلىم سىلەر تالىشىپ جېدەللىشىۋاتقان نەرسىدىن ياخشىدۇر.

**﴿الله غا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار»﴾** يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاراڭلاردىكى **الله** نىڭ ئىرادىسى بويىچە قىلغان تەقسىماتىغا بوي سۇنۇڭلار، چۈنكى ئۇ غەنىمەتلەرنى پەقەت بۇيرۇلغىنى بويىچە ئادىل تەقسىم قىلىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: مانا بۇ، **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۆمىنلەرنى **الله** تائالادىن قورقۇشقا ۋە ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ، ئارىلىرىنى تۈزەشكە قاتتىق تەۋسىيە قىلىشىدۇر، ـ دېدى.

مۇجاھىدمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. سۇددى مۇنداق دەيدۇ: «**﴿الله دىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار﴾** يەنى ئۆزئارا تىللاشماڭلار».

* * * * * * *

إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتْ قُلُوبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتْهُمْ إِيمَٰنًا
وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقْنَٰهُمْ يُنفِقُونَ ﴿٣﴾ أُوْلَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَّهُمْ دَرَجَٰتٌ عِندَ رَبِّهِمْ وَمَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ ﴿٤﴾

پەقەت **الله** ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، **الله** نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر﴿2﴾. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ﴿3﴾. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېئمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ﴿4﴾.



## راستچىل مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى

**﴿پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇناپىقلار پەرز ئىبادەتلىرىنى قىلىۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا **الله** تائالانى ياد ئېتىش دېگەن نەرسە كىرمەيدۇ. ئۇلار **الله** تائالانىڭ ئايەتلىرىدىن

ھېچ نەرسىگە ئىمان ئېيتمايدۇ. الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلمايدۇ. كىشىلەر كۆرمەيدىغان جايدا نامازنى ئوقۇمايدۇ. مال ـ مۈلكىنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدۇ. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنىڭ مۆمىن ئەمەسلىكىنى خەۋەر قىلدى.

ئاندىن مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى: ﴿پەقەت الله ياد ئېتىلسە﴾ يەنى پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلسا، ﴿دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان﴾ يەنى ئىشەنچىسى ئاشىدىغان، ﴿پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان﴾ يەنى پەرۋەردىگارىدىن باشقىنى ئۈمىد قىلمايدىغان ﴿كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر﴾.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ﴿دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان﴾ يەنى الله تائالا ياد ئېتىلسە، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى الله تائالادىن قورقۇپ تىترەيدۇ. سۇددى ۋە بىر قانچە كىشىمۇ بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ ھەم مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بۇ مۆمىننىڭ سۈپىتىدۇر، الله تائالانى زىكىر قىلسا، قورقۇنچتىن دىلى تىترەپ تۇرۇش مۆمىنگىلا لايىق سۈپەتتۇر» يەنى ئۇلار الله تائالانى ياد ئەتسە، ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنلايدۇ. توسقان ئىشلىرىنى تەرك ئېتىدۇ.

الله تائالا مۆمىنلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله دىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ﴾[1]، ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ﴾[2].

شۇڭا سۇفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: مەن سۇددىنىڭ: ﴿پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان...﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ئۇ ئادەم زۇلۇم قىلماقچى ياكى بىر گۇناھ ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭغا: الله تائالادىن قورققىن!ـ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ دىلى الله تائالادىن قورقۇپ تىترەيدۇ.

## قۇرئان ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئىماننىڭ كۈچىيىدىغانلىقى

﴿الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان...﴾ الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿(قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): «بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى» دەيدىغانلار بار، مۆمىنلەرگە كەلسەك، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 135 ـ ئايەت.
(2) نازىئات سۈرىسى 40 ـــ 41 ـ ئايەت.

بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ﴾[1].

ئىمام بۇخارى ۋە باشقا ئىماملار بۇ ئايەتنى ۋە بۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەرنى دىللاردىكى ئىماننىڭ كۆپىيىدىغانلىقىغا ۋە ئېشىپ بارىدىغانلىقىغا دەلىل قىلدى. بۇ، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر. بۇ قاراشتا ئىمام شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەبۇ ئۇبەيدە قاتارلىق بىر قانچە ئۆلىمانىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى.

بارلىق ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيىلەر الله تائالاغا خاستۇر.

## تەۋەككۇل قىلىشنىڭ بايانى

**﴿پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان﴾** يەنى ئۇلار الله تائالادىن باشقىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. ھەممە ئىشلىرىدا پەقەت الله تائالانى كۆزلەيدۇ. الله تائالادىنلا پاناھلىق تىلەيدۇ، ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى پەقەت الله تائالادىنلا سورايدۇ. الله تائالاغىلا ئىنتىلىدۇ. ئۇلار الله خالىغان نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى ۋە خالىمىغان نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلمەيدىغانلىقىنى، الله تائالانىڭ ئۆز مۈلكىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنىڭ شېرىك بولالمايدىغانلىقىنى، الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكمى ئۈچۈن ھېسابقا تارتىلمايدىغانلىقىنى، الله تائالانىڭ بەندىلەردىن تېز ھېساب ئالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

شۇڭا سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش ئىماننىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

## مۆمىنلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بايانى

**﴿ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ﴾** الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئېتىقادىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئايەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئەمەللەر ياخشىلىقنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناماز ئوقۇش الله تائالانىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ناماز ئوقۇش نامازنىڭ ۋاقىتلىرىغا، تاھارەتلىرىگە، رۇكۇلىرىغا ۋە سەجدىلىرىگە داۋاملىق رىئايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

مۇقاتىل ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: ناماز ئوقۇش ئۇنىڭ ۋاقىتلىرىغا، ناماز ئۈچۈن تاھارەتنى كامىل ئېلىشقا، ئۇنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشقا، نامازدا قۇرئان ئوقۇشقا، تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشقا ئىزچىل ھالدا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ ناماز ئوقۇش دېمەكتۇر.

الله تائالا ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مېلىنى الله يولىدا سەرپ قىلىش بولسا،

(1) تەۋبە سۈرىسى 124 ـ ئايەت.

زاكات بېرىش ۋە باشقا بەندىلەرگە تېگىشلىك ۋاجىب ۋە مۇستەھەب بولغان ھەقلەرنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى الله تائالانىڭ بەندىلىرىدۇر. ئۇلاردىن الله تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغانلار الله تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزگەنلەردۇر.

## ئىماننىڭ ھەقىقىتى

﴿ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر﴾ يەنى بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلەر ھەقىقىي ئىمان ئېگىلىرى بولغان مۆمىنلەردۇر.

## كامىل ئىماننىڭ مېۋىسى

﴿ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە﴾ يەنى ئۇلار جەننەتلەردىكى ئالىي مەنزىللەرگە، ئېسىل ئورۇنلارغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇلارنىڭ دەرىجىسى تۈرلۈك بولىدۇ. الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]، ﴿مەغپىرەتكە﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى كەچۈرىدۇ ۋە ياخشىلىقلىرىغا مۇكاپات بېرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتتە "ئىللىييۇن ئېگىلىرى"[2] نى ئۇلاردىن تۆۋەن دەرىجىدىكى كىشىلەر خۇددى سىلەر ئاسمان ئۇپۇقلىرىنىڭ بىرىدىكى ئاقار يۇلتۇزنى كۆرگىنىڭلاردەك ئېنىق كۆرىدۇ». ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا باشقىلار ئېرىشەلمەيدۇ، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ الله تائالاغا ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرلەرنى تەستىق قىلغان ئادەملەرنىڭ مەرتىۋىسىدۇر» دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەبۇسەئىدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەت ئەھلى ئالىي مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەنلەرنى خۇددى سىلەر ئاسمان ئۇپۇقىدىكى ئاقار يۇلتۇزنى كۆرگەندەك ئېنىق كۆرىدۇ، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ھەقىقەتەن ئەنە شۇ ئالىي دەرىجىلەرگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئۇلار ئېسىل مەرتىۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ».

* * * * * *

كَمَآ أَخۡرَجَكَ رَبُّكَ مِنۢ بَيۡتِكَ بِٱلۡحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقٗا مِّنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ لَكَٰرِهُونَ ﴿٥﴾ يُجَٰدِلُونَكَ فِي ٱلۡحَقِّ
بَعۡدَ مَا تَبَيَّنَ كَأَنَّمَا يُسَاقُونَ إِلَى ٱلۡمَوۡتِ وَهُمۡ يَنظُرُونَ ﴿٦﴾ وَإِذۡ يَعِدُكُمُ ٱللَّهُ إِحۡدَى ٱلطَّآئِفَتَيۡنِ أَنَّهَا

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 163 ـ ئايەت.
(2) يەنى نامە ئەمەللىرى ئۇلۇغ تەرەپتىن بېرىلگەن ياخشى بەندىلەر.

لَكُمْ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ ٱلشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ وَيُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُحِقَّ ٱلْحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ
وَيَقْطَعَ دَابِرَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٧﴾ لِيُحِقَّ ٱلْحَقَّ وَيُبْطِلَ ٱلْبَٰطِلَ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٨﴾

(غەنىمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ **الله** غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيۈڭدىن (يەنى ئۆيۈڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا) ئوخشايدۇ، مۆمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى) ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ﴿5﴾. ئۇلار گويا (ئالامەتلىرى) كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ھەقىقەت (يەنى ئۇرۇشقا چىقىش مەسىلىسى) ئۈستىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ﴿6﴾. ئۆز ۋاقتىدا **الله** ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋانى، يەنە بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى) دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردىڭلار. **الله** ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ﴿7﴾. **الله** گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ھەقنى ھەق (يەنى ئىسلامنى ئاشكارا) قىلىدۇ، باتىل (يەنى كۇفرى) نى بەربات قىلىدۇ﴿8﴾.

## پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشنىڭ مۆمىنلەرنى ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقى

**﴿(غەنىمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلىنغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقى) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى ھەقلىق رەۋىشتە ئۆيىڭدىن (يەنى ئۆيىڭ جايلاشقان مەدىنىدىن ئۇرۇشقا) چىقارغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىغا) ئوخشايدۇ﴾** بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: مۆمىنلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن قورقۇشى، ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇپ ئارىلىرىنى تۈزۈتۈش، **الله** تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشى ـ ئۇلارنىڭ ياخشىلىققا يۈزلىنىشىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىدۇر: سىلەر ھەقىقەتەن غەنىمەتلەر توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتىڭلار. بىر ـ بىرىڭلار بىلەن جېدەللەشتىڭلار، شۇنىڭ بىلەن، **الله** غەنىمەتلەرنى سىلەردىن ئېلىۋېلىپ، پەيغەمبەرنىڭ تەقسىم قىلىشىغا بۇيرۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇجاھىدلارغا ئادىل ۋە باراۋەر تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ سىلەر ئۈچۈن تولۇق پايدىلىق ئىش بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا سىلەر ئۆز دىنىغا ياردەم بېرىش، تىجارەت كارۋىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇيۇشۇپ چىققان قوراللىق دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا (**الله** سىلەرگە بۇ ئۇرۇشنى تەقدىر قىلىپ)، نەتىجىدە **الله** سىلەرنى كۈتۈلمىگەن بىر جايدا دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇچراشتۇردى ۋە **الله** سىلەرنى توغرا يولغا باشلاپ غەلىبە ۋە نۇسرەتكە ئېرىشتۈردى، ـ دېگەنلىكتۇر.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر.

(سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ﷲ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن) ﷲ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار﴾[1].

﴿مۆمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا چىقىشنى) ئەلۋەتتە يامان كۆرىدۇ﴾ سۈددى بۇ ئايەتنى: ئۇلار مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى يامان كۆرىدۇ، ـ دەپ تەپسىر قىلدى.

﴿ئۇلار گويا (ئالامەتلىرى) كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ھەقىقەت (يەنى ئۇرۇشقا چىقىش مەسىلىسى) ئۈستىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ﴾ بەزى تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار خۇددى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى سەن بىلەن جېدەللىشىپ: سەن بىزنى پەقەتلا تىجارەت كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن ئېلىپ چىققان، بىزگە ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرمىغان ئىدىڭ، ئەگەر ئۇقتۇرغان بولساڭ، بىز ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ چىقاتتۇق دېگىنىدەك، سەندىن غەنىمەتلەرنى قانداق تەقسىم قىلىشنىڭ ھەققىدە سورايدۇ.

﴿ﷲ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ﴾ يەنى ﷲ سىلەرنى دۈشمىنىڭلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇش، ئۇلارغا قارشى سىلەرگە ياردەم بېرىش، ئۆز دىنىنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرۈش، ئىسلام شۇئارىنى يۇقىرى ئورۇنغا چىقىرىش ۋە ئۇنى ھەممە دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرگە قارشى قوراللىنىپ داغدۇغا بىلەن كەلگەن دۈشمەنلەرنى سىلەرگە ئۇچراشتۇرۇشنى خالايدۇ. ﷲ تائالا ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. بەندىلەر ئۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ تۇرىۋاتقان مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ﷲ ئىرادە قىلغان نەرسىدىن باشقىنى ياقتۇرغان تەقدىردىمۇ، ﷲ سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلغۇچىدۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ﷲ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن) ﷲ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار﴾[2].

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇسۇفياننىڭ باشچىلىقىدىكى تىجارەت كارۋىنىنىڭ شام تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قۇرەيشلەرنىڭ كارۋىنىدۇر، كارۋاندا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى بار، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقىلى چىقىڭلار. ﷲ سىلەرنى ئۇ مال ـ مۈلۈككە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن».

(1) بەقەرە سۈرىسى 216 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 216 ـ ئايەت.

شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، بەزىلىرى ئاددىي، بەزىلىرى پۇختا تەييارلىق بىلەن يولغا چىقتى. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇرۇش قىلىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. ئەبۇسۇفيان ھىجازغا يېقىنلاشقاندا، باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئۇلاغلىق كىشىلەردىن سوراشتە قىلىپ يۈرۈپ خەۋەر ئېلىشقا تىرىشتى. ئاخىرى بەزى ئۇلاغلىق كىشىلەردىن: مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى سېنىڭ كارۋىنىڭنى كۆزلەپ يولغا چىقىپتۇ، ــ دېگەن خەۋەرنى ئالدى. ئۇلار كارۋاندىن ئەنسىرەپ، دەمدەم ئىبنى ئەمر غىپارىنى (ئىجارىگە ئېلىپ) مەككىگە ئەۋەتىپ، مال ـ مۈلكنى قوغداش ئۈچۈن قۇرەيشلەرنى قوزغاپ ئېلىپ كېلىشنى، قۇرەيشلەرگە: مۇھەممەد ئادەملىرىنى باشلاپ كارۋاننىڭ ئالدىنى توسقىلى چىقتى، ــ دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشنى بۇيرۇدى. دەمدەم ئىبنى ئەمر غىپارى مەككىگە قاراپ تېز ئىلگىرىلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى باشلاپ يولغا چىقىپ، زەفران دېيىلىدىغان جىلغىغا يېتىپ كەلدى ۋە جىلغىدىن چىقىپ چۈشكۈن قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرەيشلەرنىڭ كارۋاننى قوغداش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ بۇ خەۋىرىنى ساھابىلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا مەسلىھەت سالدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ياخشى سۆز قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ياخشى سۆز قىلدى. ئاندىن مىقداد ئىبنى ئەمر ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله سېنى نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى قىلغىن، بىز سەن بىلەن بىللەدۇرمىز. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ساڭا ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى﴾[1] دېگەندەك دېمەيمىز. لېكىن بىز: سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇرۇشقۇچىلارمىز، ــ دەيمىز. سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن بىزنى ھەبەش شەھىرىگە باشلاپ ماڭساڭمۇ، بىز سەن بىلەن بىللە ھەبەشىستانغا قاراپ چوقۇم ئاتلىنىمىز. سەن ئۇ جايغا بىمالال يېتىپ بارالايسەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ياخشى سۆز قىلدى ۋە ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى قېرىنداشلار! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن ئەنسارىلارنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. چۈنكى ئۇلار قوشۇننىڭ كۆپ سانىنى ئىگەللەيتتى. ئۇلار ئەقەبە دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت بەرگەن چاغدا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بىزنىڭ يۇرتىمىز مەدىنىگە يېتىپ بارغىچە سېنى قوغداشقا بىز كېپىل بولالمايمىز، سەن مەدىنىگە يېتىپ بارغاندا، سېنى قوغداش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز، بىز سېنى بالا ـ چاقىلىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدايمىز، ــ دېيىشكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارنىڭ بەيئەت قىلغان چاغدىكى بۇ سۆزىدىن ئۆزىگە پەقەت سىرتتىن مەدىنىگە كەلگەن دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىشنى كۆزدە تۇتقان. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسارىلارنى باشلاپ سىرتتىن كېلىدىغان

(1) مائىدە سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقىشنى كۆزدە تۇتمىغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ مەسلىھەت بېرىش سۆزىنى قىلغاندا، سەئىد ئىبنى مۇئاز ئۇنىڭغا: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەن بىزنىڭ بىر نەرسە دېيىشىمىزنى خالايدىغاندەك قىلىسەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شۇنداق» دېدى. ئۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا ئىمان ئېيتتۇق، سېنى تەستىقلىدۇق، سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ ھەقلىقىگە گۇۋاھلىق بەردۇق، شۇنىڭغا ئاساسەن بىز ساڭا بوي سۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن قاتتىق ۋەدىلەرنى بەردۇق. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله سېنى بۇيرۇغان ئىشنى قىلىۋەرگىن، سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن بىزنى باشلاپ بۇ دېڭىزغا كىرسەڭ، بىزمۇ ئەلۋەتتە سەن بىلەن بىللە ئۇنىڭغا كىرىمىز. بىزدىن بىر ئادەممۇ ئايرىلىپ قالمايدۇ. بىزنى باشلاپ ئەتىلا دۈشمەنگە ئۇچراشساڭمۇ، بىز بۇنىڭدىن باش تارتمايمىز. بىز ئۇرۇشقا چىدامىلىق، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا ئەمەلىيەتچانمىز. الله ساڭا بىز ئارقىلىق كۆڭلۈڭ خۇرسەن بولىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىزنى الله تائالانىڭ بەرىكىتىگە باشلاپ ماڭغىن، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىدنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولدى. ئۇنىڭ سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى روھلاندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نىڭ بەرىكىتىگە قاراپ مېڭىڭلار، خۇش بېشارەت ئېلىڭلاركى، الله ھەقىقەتەن ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرىنى ماڭا ۋەدە قىلدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، گويا مەن ھازىر قۇرەيشلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان جايلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلىمەن» دېدى.

ئەۋفي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇشۇ مەزمۇننى رىۋايەت قىلغان. شۇنداقلا سەلەپ ۋە خەلەپ ئۆلىمالىرىدىن سۇددى، قەتادە، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ مۇشۇ مەزمۇننى بايان قىلغان، بىز مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتى بىلەن كۇپايىلىنىپ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى قىسقارتىۋەتتۇق.

* * * * * * *

إِذۡ تَسۡتَغِيثُونَ رَبَّكُمۡ فَٱسۡتَجَابَ لَكُمۡ أَنِّي مُمِدُّكُم بِأَلۡفٖ مِّنَ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ مُرۡدِفِينَ ﴿٩﴾
وَمَا جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا بُشۡرَىٰ وَلِتَطۡمَئِنَّ بِهِۦ قُلُوبُكُمۡۚ وَمَا ٱلنَّصۡرُ إِلَّا مِنۡ عِندِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ
حَكِيمٌ ﴿١٠﴾

ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، الله : «سىلەرگە ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى﴿9﴾. الله سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿10﴾.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ياردەم تىلىگەنلىكى، الله تائالانىڭ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەنلىكى

﴿ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، **الله** ...﴾ ئىمام بۇخارى ئىبنى مەسئۇدنىڭ بۇ ئايەتلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مىقداد ئىبنى ئەسۋەدتىن شۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئاڭلىدىمكى، ئۇ ۋەقەلىكنىڭ ئىگىسى باشقا بىرى بولغاندىن مەن بولسامكەن دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. مىقداد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا بەتدۇئا قىلىۋاتاتتى. مىقداد: بىز خۇددى مۇسانىڭ قەۋمى: ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى﴾[1] دېگەندەك دېمەيمىز. بەلكى بىز ئوڭ ـ سولۇڭدا، ئالدى ـ ئارقاڭدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمىز،ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدە مەمنۇن بولغانلىقنىڭ ئالامىتىنى كۆردۈم، ئۇ مىقدادنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولغان ئىدى.

ئىمام بۇخارى يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى **الله** ! مەن سېنىڭ ياردەم بېرىش ھەققىدىكى ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. ئى **الله** ! ئەگەر خالىساڭ، بۈگۈندىن كېيىن ئىبادەت قىلىنمايسەن (يەنى بۈگۈن بىزگە ياردەم قىلمىساڭ، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ)» . شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇبەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: بولدى قىلغىن،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «﴿(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[2]» دېگىنىچە سىرتقا چىقتى.

﴿ئارقىمۇ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن...﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ھارۇن ئىبنى ھۇجەيرە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: پەرىشتىلەر ئارقىمۇ ئارقا، بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ چۈشىدۇ،ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغىنىدەك، پەرىشتىلەر تۈركۈم ـ تۈركۈم بولۇپ ئارقىمۇ ئارقا چۈشىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **الله** پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۆمىنلەرگە 1000 پەرىشتە بىلەن ياردەم بەردى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ باشچىلىقىمدا قالقانلىق 500 پەرىشتە، مىكائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا قالقانلىق 500 پەرىشتە بار ئىدى،ـ دېگەن.

ئىمام ئىبنى جەرىر ۋە مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەم مۇشرىكلاردىن بىر ئادەمنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇ توساتتىن يۇقىرى تەرەپتىن بىر قامچا ئاۋازىنى ۋە بىر ئاتلىقنىڭ:



(1) مائىدە سۈرىسى 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) قەمەر سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

"ھەيزۇم كېلە" دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. شۇ چاغدا، ئۇ ئالدىدىكى مۇشرىكنىڭ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭغا قارىسا، بۇرنى كېسىلىپ، يۈزى قامچە ئىزىغا ئوخشاش يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ھەممە يېرى كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئەنسارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راست ئېيتتىڭ، بۇ ئۈچىنچى قەۋەت ئاسماندىن كەلگەن ياردەمدۇر» دېدى. شۇ كۈنى مۇشرىكلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، 70 كىشى ئەسىرگە چۈشتى.

ئىمام بۇخارى بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ بىرى بولغان رۇفائە ئىبنى رافىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ سىلەردىن بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارغا قانداق قارايسىلەر؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ ھېسابلايمىز» دېدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاتەب ئىبنى ئەبۇبەلتەئەنى ئۆلتۈرۈۋېتىش مەسلىھەتىنى بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان، سەن نېمە بىلىسەن؟ الله بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن خەۋەر بېرىپ: خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلدىم، ـ دېگەن بولۇشى مۇمكىن».

**﴿الله سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى﴾** يەنى سىلەرگە خۇش بېشارەت بولۇشى ۋە كۆڭلۈڭلارنىڭ ئارام تېپىشى ئۈچۈن الله پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ سىلەرگە ياردەم بەردى ۋە ئۇنى سىلەرگە بىلدۈردى. بۇ پەقەت غەلىبىنىڭ خۇش بېشارىتىدۇر. الله تائالا پەرىشتىلەرنى چۈشۈرمەي تۇرۇپمۇ دۈشمىنىڭلارغا قارشى سىلەرگە ياردەم بېرىشكە قادىردۇر.

شۇڭا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر. ئەگەر الله خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمىر قىلدى)، الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. الله ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ. الله ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، الله ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ)﴾[1]، ﴿ئەگەر سىلەرگە شىكەستىلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىت بولغان

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 4 ــ 6 ـ ئايەتكىچە.

بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) اللّٰه نىڭ (ھەقىقىي) مۆمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شېھىتلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، اللّٰه زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ. مۆمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر، كاپىرلارنى يوق قىلىشى ئۈچۈندۇر﴾[1].

مانا بۇ، اللّٰه تائالانىڭ ھۆكمىدۇر. اللّٰه مۆمىنلەرنىڭ قولى بىلەن كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى يولغا قويدى. اللّٰه تائالا ئىلگىرى ئۆتكەن، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچى ئەنەشۇ ئۈممەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك كېلىدىغان ئازابلار بىلەن جازالايتتى. مەسىلەن: اللّٰه نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى توپان بالاسى بىلەن ھالاك قىلدى. بىرىنچى ئەۋلاد ئاد قەۋمىنى تەتۈر بوران بىلەن، سەمۇد قەۋمىنى قاتتىق ئاۋاز بىلەن، لۇت قەۋمىنى يەرگە يۇتقۇزۇش، يەرنى دۈم كۆمتۈرۈش ۋە ساپال تاشلارنى ياغدۇرۇش بىلەن، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى سايە كۈنىنىڭ ئازابى بىلەن ھالاك قىلدى. اللّٰه تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن، ئۇنىڭ دۈشمىنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى دېڭىزغا غەرق قىلىش بىلەن ھالاك قىلغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنى نازىل قىلىپ، كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى يولغا قويدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بۇ ھۆكۈم قالغان شەرىئەتلەردىمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىپ كەلدى.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، بىز (نۇھنىڭ قەۋمى ئاد، سەمۇد ۋە لۇتنىڭ قەۋمى قاتارلىق) ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) نىڭ دىللىرىغا (ھەقىقەتنى كۆرىدىغان) نۇر بېرىپ، ئۇلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق، ئۇلار ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق﴾[2] مۆمىنلەرنىڭ كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈشى، كاپىرلارغا قاتتىق ئاھانەت، مۆمىنلەرنىڭ دىلىغا شىپادۇر.

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، اللّٰه ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. اللّٰه ئۇلارنى خار قىلىدۇ، اللّٰه سىلەرنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ. (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (يەنى تەسەللى) بېرىدۇ﴾[3] شۇڭا قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ (ئۇلار ئۆزلىرى دۈشمەن ھېسابلىغان ۋە كەمسىتىش كۆزى بىلەن قارىغان) مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈشى ئۇلار ئۈچۈن قاتتىق ئاھانەت بولدى.

ئىمان جامائەسىنىڭ دىللىرى ئۈچۈن شىپا بولدى. ئەبۇجەھلىنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئەتراپىدىن قوغداپ تۇرۇلغان يەردە ئۆلتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆرپىسى ئۈستىدە قاتتىق

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 140 ـــ 141 ـ ئايەتلەر.
(2) قەسەس سۈرىسى 43 ـ ئايەت.
(3) تەۋبە سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

ئازاب ياكى قاتتىق ئاۋاز ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرەر قاتتىق جازا بىلەن ئۆلگىنىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئېغىر ئاھانەت بولدى. ئەبۇلەھەبمۇ ‟ئەدەس“ دېيىلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن ھېچكىم يېقىن كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى تۇغقانلىرى پەقەت يىراقتىن سۇنى چېچىپ يۇدى ۋە يىراقتىن تاش ـ كېسەك ئېتىپ قەبرە شەكلىدە كۆمۈۋەتتى.

﴿**اللہ ھەقىقەتەن غالىپتۇر**﴾ يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى غەلىبە **اللہ** تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، **اللہ** تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن مۆمىنلەرگە خاستۇر.

**اللہ** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[1].

﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ **اللہ** كاپىرلارنى ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن ھالاك قىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى يولغا قويۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. **اللہ** پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.

* * * * * * *

إِذۡ يُغَشِّيكُمُ ٱلنُّعَاسَ أَمَنَةً مِّنۡهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيۡكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً لِّيُطَهِّرَكُم بِهِۦ وَيُذۡهِبَ عَنكُمۡ
رِجۡزَ ٱلشَّيۡطَٰنِ وَلِيَرۡبِطَ عَلَىٰ قُلُوبِكُمۡ وَيُثَبِّتَ بِهِ ٱلۡأَقۡدَامَ ﴿١١﴾ إِذۡ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ
أَنِّي مَعَكُمۡ فَثَبِّتُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ سَأُلۡقِي فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلرُّعۡبَ فَٱضۡرِبُواْ فَوۡقَ
ٱلۡأَعۡنَاقِ وَٱضۡرِبُواْ مِنۡهُمۡ كُلَّ بَنَانٖ ﴿١٢﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ شَآقُّواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥۚ وَمَن يُشَاقِقِ
ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿١٣﴾ ذَٰلِكُمۡ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابَ
ٱلنَّارِ ﴿١٤﴾

ئۆز ۋاقتىدا **اللہ** تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۇيقۇ بېغىشلىدى؛ (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (**اللہ** نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، **اللہ** سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى﴿11﴾. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار﴿12﴾. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار **اللہ** غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى **اللہ** غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، **اللہ** ئۇنى

(1) غافىر سۈرىسى 51 ـ ئايەت.

قاتتىق جازالايدۇ﴿13﴾. (ئى كاپىرلار جامائەسى! بۇ دۇنيادا) مۇشۇنداق جازانى تېتىڭلار. كاپىرلار (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴿14﴾.

## مۇسۇلمانلارنى مۈگدەك باسقانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز، كاپىرلارنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىدىن قورقۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇش ۋە خاتىرجەم قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا مۈگدەك بېسىشتىن ئىبارەت نېمىتىنى بېغىشلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنىمۇ الله تائالا ئۇلارغا شۇنداق قىلغان ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿غەمدىن كېيىن الله سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقىي مۆمىنلەرنى) مۈگدەك باستى، يەنە بىر قىسمىڭلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى (يەنى كۇففارلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ، دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى)﴾[1].

ئەبۇتەلھە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۈگدەك باسقانلارنىڭ بىرى ئىدىم، قىلىچ (ھەقىقەتەن) قولۇمدىن بىر قانچە قېتىم چۈشۈپ كەتتى. مەن قىلىچنى قولۇمغا ئالىمەن، قىلىچ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنى يەنە ئالىمەن، يەنە چۈشۈپ كېتىدۇ. مەن باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىسام، ئۇلارمۇ مۈگدىگىلى تۇرۇپتۇ.

ھافىز ئەبۇيەئلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى بىزنىڭ ئىچىمىزدە مىقدادتىن باشقا ئاتلىق مۇجاھىد يوق ئىدى. مەن ئۆزەمنى ۋە باشقىلارنى مۈگدەك باسقانلىقىنى كۆردۈم. پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۈپ دەرەخ ئاستىدا ناماز ئوقۇپ ۋە يىغلاپ تاڭ ئاتقۇزدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇرۇش ۋاقتىدا باسقان مۈگدەك الله تەرەپتىن كەلگەن خاتىرجەملىكتۇر. نامازدا باسقان مۈگدەك شەيتاندۇر.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: مۈگدەك باشتا، ئۇيقۇ دىلدا بولىدۇ. مەن (ئىبنى كەسىر) مۇنداق دەپ قارايمەن: مۈگدەك تۇتۇش مۇسۇلمانلارغا ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى يەتكەن ئىدى. بۇ ئىنتايىن مەشھۇر ئىشتۇر. بۇ ئايەت كەرىمنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، بەدرى ۋەقەسىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىغان. بۇ ئايەت مۈگدەكنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدىمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنىڭ ئارام تېپىشى، الله نىڭ ياردىمى بىلەن خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى (قاتتىق قىيىن ئەھۋالدا) مۈگدەك باسىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇ، الله تائالانىڭ مۆمىنلەرگە بېغىشلىغان مەرھەمىتى ۋە نېمىتىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 154 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بار. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار﴾[1] بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر چېدىر ئىچىدە دۇئا قىلىپ ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈيقۇ باستى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ئى ئەبۇبەكرى! خۇش خەۋەر ئالغىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان[2] ھالەتتە يېتىپ كەلدى» ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ: ﴿(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[3] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغاچ چېدىرىنىڭ ئىشىكىدىن چىقتى.

## بەدرى كېچىسى يامغۇر ياغقانلىقى توغرىسىدا

**﴿الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى﴾** ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار ئۇرۇشقا يۈرۈش قىلىپ بەدرىگە بېرىپ چۈشتى. ئۇلار بىلەن سۇ بار يەرنىڭ ئارىسىدا بىر قۇم دۆۋىسى بار ئىدى. مۇسۇلمانلار قاتتىق ھالسىزلانغان ئىدى. شەيتان ئۇلارنىڭ دىللىرىغا پىتنە سېلىپ سىلەر بىز الله تائالانىڭ دوستلىرى، بىزنىڭ ئارىمىزدا الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى بار دەيسىلەر، لېكىن مۇشرىكلار سىلەردىن ئۈستۈن كېلىپ سۇنى ئىگەللىۋالدى. سىلەر ئەمدى جۇنۇب ھالەتتە ناماز ئوقۇمسىلەر؟ ـ دەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋەسۋەسە پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارغا قاتتىق يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. مۇسۇلمانلار يامغۇر سۈيىدىن ئىچتى ۋە تاھارەت ئالدى. الله تائالا مۇسۇلمانلاردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈۋەتتى. يامغۇر ياغدۇرۇش ئارقىلىق قۇملۇقتا مېڭىشنى قولايلاشتۇرۇپ بەردى. ئادەملەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلار قۇملۇق ئۈستىدە بىمالال مېڭىپ دۈشمەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۆمىنلەرگە مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بەردى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا قالقانلىق بەش يۈز پەرىشتە بار ئىدى».

ئىمام ئەھمەد ئىسھاق ئىبنى يەساردىن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ئاسماندىن ـ يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. جىلغىدىكى توپا ـ چاڭلار بېسىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۈچۈن يەر يۈزى سۇ سېپىلگەندەك بولۇپ، مېڭىش قولايلاشتى. قۇرەيشلەرنىڭ يولى قاتتىق بولۇپ، يامغۇردا تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنلىكتىن مېڭىشقا قادىر بولالماي قالدى.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۈيقۇ بېسىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىپ، يامغۇر ئارقىلىق توپا ـ چاڭلارنى بېسىقتۇردى. يوللار سۇ چېچىلغاندەك

(1) ئىنشىراھ سۈرىسى 5 ـــ 6 ـ ئايەتلەر.
(2) بۇ مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.
(3) قەمەر سۈرىسى 45 ـ ئايەت.

راۋانلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولۇپ، قەدەملىرى ئېتىكلەشتى.

﴿(تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن﴾ يەنى چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلغاندا، تاھارەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ﴿سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن﴾ يەنى كۆڭۈلگە كەلگەن ناچار ئوي ـ پىكىرلەردىن ۋەسۋەسىلەردىن پاكلىنىش ئۈچۈن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى.

الله تائالا جەننەت ئەھلى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ﴾[1] مانا بۇ، جەننەت ئەھلىنىڭ تاشقى زىبۇ ـ زىننىتىدۇر. ﴿پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ﴾[2] يەنى خىيانەت ياكى ھەسەت ۋەياكى دۈشمەنلىشىشتىن پاكتۇر. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى زىبۇ ـ زىننىتىدۇر ۋە پاكلىقىدۇر.

﴿(الله نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭۈللىرىڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن﴾ يەنى سەۋرچان بولۇش ۋە دۈشمەنلەرگە قىلىچ ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇش ئۈچۈن بۇ، مەنىۋى باتۇرلۇقتۇر. ﴿قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن﴾ بۇ، تاشقى كۆرۈنۈشتىكى باتۇرلۇقتۇر.

## الله تائالانىڭ پەرىشتىلەرنى مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى چىداملىق قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇشى

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار﴾ مانا بۇ، مۆمىنلەرگە ئاتا قىلىنغان يوشۇرۇن نېئمەتتۇر. بۇ نېئمەتنىڭ بەدىلىگە ئۇلارنىڭ الله غا شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇنى ئۇلارغا ئاشكارىلىدى. الله يۈكسەكتۇر، پاكتۇر، بۈيۈكتۇر ۋە ئۇلۇغدۇر.

الله پەيغەمبىرىگە، دىنىگە ۋە مۆمىنلەردىن ئىبارەت جامائەسىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن پەرىشتىلەرگە: ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەرنى ئۇرۇش مەيدانىدا چىداملىق قىلىڭلار، ﴿كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى﴾ يەنى سىلەر مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا ئاساسەن مۆمىنلەرنى ئۇرۇشتا چىداملىق قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچەيتىڭلار. ئەنە شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا قارشى چىققان، پەيغەمبىرىمنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ ۋە خارلىقنى سالىمەن.

﴿(قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار﴾ يەنى كاپىرلارنىڭ باشلىرىغا چېپىپ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىڭلار، گەدەنلىرىگە چېپىپ بويۇنلىرىنى ئۈزۈۋېتىڭلار. قوللىرىنىڭ،

(1) ئىنسان سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىنسان سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى كېسىۋېتىڭلار.

﴿**گەدەنلىرىگە**﴾ دېگەن ئايەتنى بەزى تەپسىرشۇناسلار: باشلىرىغا چېپىڭلار دېگەنلىكتۇر، ــ دەپ تەپسىر قىلىدۇ. بەزى تەپسىرشۇناسلار: بويۇنلىرىغا چېپىڭلار دېگەنلىكتۇر، ــ دەپ تەپسىر قىلدى. زەھھاك ۋە ئەتىيە ئەۋفىي شۇنداق دەپ كۆرسەتكەن.

**الله** تائالا مۆمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ گەدەنلىرىگە چېپىشنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار﴾[1] بۇ ئايەت يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

رەبىئ ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئادەملەر پەرىشتىلەر ئۆلتۈرگەن ئۆلۈكلەرنى ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە ۋە بارماقلىرىغا چېپىلغان قىلىچ ئىزلىرىنىڭ كۆيگەندەك قارىداپ، ئىسلىنىپ كەتكەنلىكىدىن تونۇۋالاتتى.

﴿**ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار**﴾ ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلدى: ئى مۆمىنلەر! دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ھەر بىر ئەزاسىغا، قوللىرىنىڭ ۋە پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىغا چېپىڭلار.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بەدرى ۋەقەسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇجەھىل: مۇسۇلمانلارنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار، لېكىن ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن دىنىڭلارنى ئەيىبلەنگەنلەرنى، لات ۋە ئۇززا قاتارلىق ئىلاھلىرىمىزدىن يۈز ئۆرگەنلەرنى تونۇۋېلىڭلار، ــ دېدى. بۇنىڭغا قارشى **الله** تائالا پەرىشتىلەرگە: ﴿**«مەن سىلەر بىلەن بىللە , مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار**﴾ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇجەھىل ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن 69 ئادەمنىڭ قاتارىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇقبە ئىبنى ئەبۇمۇئەيت ئەسىرگە چۈشتى ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى تولۇق 70 كە توشتى.

﴿**بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى**﴾ يەنى ئۇلار **الله** تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىپ، قارشىلىق قىلىش يولىغا ماڭدى. شەرىئەتنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشنى تەرك ئەتتى.

﴿**كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، الله ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ**﴾ يەنى **الله** ئۆزىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغان ۋە قارشى چىققان كىشىدىن ھېساب ئالغۇچىدۇر، غالىبتۇر. ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. **الله** تائالانىڭ غەزىپىگە

(1) مۇھەممەد سۈرىسى 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ. الله بۆيۈكتۇر، يۈكسەكتۇر، الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ تەربىيىچى يوقتۇر.

**﴿(ئى كاپىرلار جامائەسى! بۇ دۇنيادا) مۇشۇنداق جازانى تېتىڭلار. كاپىرلار (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ﴾** بۇ كاپىرلارغا قارىتىلغان خىتابتۇر. يەنى دۇنيادا بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تېتىڭلار، ھەم بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر كاپىرلار ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىسىلەر.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ زَحْفًا فَلَا تُوَلُّوهُمُ ٱلْأَدْبَارَ ﴿١٥﴾ وَمَن يُوَلِّهِمْ
يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُۥٓ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِّقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَىٰ فِئَةٍ فَقَدْ بَآءَ بِغَضَبٍ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأْوَىٰهُ
جَهَنَّمُ ۖ وَبِئْسَ ٱلْمَصِيرُ ﴿١٦﴾

ئى مۆمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار)﴿15﴾. كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! ﴿16﴾

## ئۇرۇش كۈنى ئارقىغا قېچىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى ۋە قاچقانلارنىڭ جازاسى

الله تائالا ئۇرۇشتىن قاچقانلارنى دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۆمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا﴾** يەنى كاپىرلارغا يېقىنلاشقان چېغىڭلاردا، **﴿ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار)﴾** يەنى سەبداشلىرىڭلارنى تاشلاپ قاچماڭلار.

**﴿كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ﴾** دۈشمىنىگە ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇنىڭغا قورققاندەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئالدىدا قېچىپ دۈشمەننى ئەگەشتۈرۈپ مەلۇم جايغا بارغاندا، ئارقىغا يېنىپ ئۇنى ئۆلتۈرسە، بۇ نىيەتتە قاچقان كىشىگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە سۇددى شۇنداق دەپ كۆرسەتكەن. زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: كىمكى دۈشمىنىنىڭ بىخۇتلاشقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سەبداشلىرىدىن ئايرىلىپ ئىلگىرىلىسە ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالىسا ياكى ياردەم تىلەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە

قوشۇلۇپ ئۇلارغا ياردەم بەرسە ۋە ئۇلاردىن ياردەم تىلىسە، ئۇنىڭغا دۇرۇستۇر. ئەگەر ئۇ كىچىك قوشۇندا بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقنىڭ يېنىغا قاچسىمۇ دۇرۇستۇر. باش قوماندانىنىڭ قېشىغا قېچىشىمۇ بۇ رۇخسەتنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ پارس زېمىنىدا دەرياغا سېلىنغان كۆۋرۈكنى قوغداش جېڭىدا مەجۇسىيلار (يەنى پارىسلار)نىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن شېھىت قىلىنغانلىقى خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە: ئەگەر ئۇ مېنىڭ قېشىمغا قېچىپ كەلگەن بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بەرگۈچى جامائە بولاتتىم، ـ دېگەن. بۇ قىسسىنى مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ئۆمەردىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇئوسمان نەھدى (ئەبۇ ئۇبەيدە شېھىت قىلىنغان چاغدا) ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى خالايىق! مەن سىلەرگە ياردەم بەرگۈچى جامائەدۇرمەن. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر: مەن ھەر بىر مۇسۇلمانغا ياردەم بەرگۈچى جامائەدۇرمەن دېدى».

ئابدۇلمالىك ئىبنى ئۇمەيىر ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئى خالايىق! بۇ ئايەت سىلەرنى مەغرۇلاندۇرۇپ قويمىسۇن، بۇ ئايەت بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى نازىل بولغان، مەن ھەر بىر مۇسۇلمانغا ياردەم بەرگۈچى جامائەدۇرمەن، ـ دېدى.

ئىبنى ئەبۇھاتەم نافىئتىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز دۈشمەنلىرىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا مەزمۇت تۇرالمايدىغان قەۋمدۇرمىز. ياردەم بەرگۈچى جامائەنىڭ زادى كىملىكىنى، ئۇنىڭ باشلىقمۇ ياكى ئەسكەرمۇ بۇنى بىلەلمەيمىز، ـ دەيدۇ. ئىبنى ئۆمەر: شەك ـ شۈبھىسىزكى، ياردەم بەرگۈچى جامائە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

نافىئى: **الله** تائالا ھەققەتەن: ﴿**ئى مۆمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا**﴾ دېدى، دەيدۇ. ئىبنى ئۆمەر: بۇ ئايەت ئىلگىرىمۇ ئەمەس ۋە كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى نازىل بولغان، ـ دەيدۇ.

زەھھاك **الله** تائالانىڭ: ﴿**(ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى تەرەپكە قاچقان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، بۈگۈنكى كۈندە باشلىقى ۋە سەبداشلىرى تەرەپكە قاچقان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇرۇشتىن قېچىش مەزكۇر سەۋەبلەردىن بىرەرسى ئۈچۈن بولمىسا، ھارامدۇر ۋە چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەمنى ھالاك قىلغۇچى يەتتە تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىنىڭلار» ساھابىلەر: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**الله** تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، **الله** ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش، جازانىنى يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش ۋە ئىپپەتلىك ۋە پاك مۆمىن ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش قاتارلىقلاردۇر» دېدى.

شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ ھەقىقەتەن اﷲ نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ**﴾ يەنى قىيامەت كۈنى ﴿**ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!**﴾

* * * * * * *

فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ قَتَلَهُمْ ۚ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ رَمَىٰ ۚ وَلِيُبْلِىَ
ٱلْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلَآءً حَسَنًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿١٧﴾ ذَٰلِكُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُوهِنُ كَيْدِ
ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٨﴾

(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) اﷲ ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) اﷲ ئاتتى. (اﷲ نىڭ مۇنداق قىلىشى) مۆمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. اﷲ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿17﴾. بۇ (اﷲ نىڭ مۆمىنلەرگە بەرگەن ئىنئامىدۇر). اﷲ كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر﴿18﴾.

## كاپىرلارنى اﷲ تائالانىڭ ئۆلتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە توپا چېچىشى

اﷲ تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن سادىر بولغان بارلىق ياخشى ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭلا مەدھىيەلىنىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنى شۇ ياخشى ئىشنى قىلىشتا اﷲ مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرىدىغانلىقىنى ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

شۇڭا اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇسۇلمانلار! بەدرىدە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) اﷲ ئۆلتۈردى**﴾ يەنى سىلەر سان جەھەتتە ئاز تۇرۇقلۇق ئۆز كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلارغا تايىنىپ، سىلەردىن سان جەھەتتە كۆپ بولغان دۈشمەنلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمىدىڭلار، بەلكى اﷲ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇردى.

اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اﷲ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى)﴾[1]، ﴿اﷲ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ،

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللانى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار﴾[1].

بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ الله بۇ ئايەتتە غەلىبىنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىدە، ساۋۇت ـ دۇبۇلغا ۋە قورال ـ ياراغنىڭ سەرخىللىكىدە ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇنىڭ الله تائالا تەرەپتىن ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿«الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» الله چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر﴾[2].

بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالادىن ياردەم تىلەپ، الله تائالاغا يېلىنىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، چېدىردىن چىققان چاغدا، يەردىن بىر چاڭگال شېغىل ئارىلاش توپىنى ئېلىپ، كاپىرلارنىڭ يۈزىگە ئېتىپ: يۈزلەر توپىغا مىلەندى، ـ دېدى. ئاندىن ساھابىلىرىنى جەڭگە ئاتلىنىپ باتۇرلۇق كۆرستىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار شۇنداق قىلدى. الله تائالا ئەنە شۇ تاش ـ توپىنى مۇشرىكلارنىڭ كۆزىگە ئاتتى. ئۇلاردىن كۆزىگە توپا كىرمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. ئۇلار كۆزلىرىگە كىرگەن توپا بىلەن ئاۋارە ئىدى.

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۇھەممەد بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) الله ئاتتى﴾** يەنى توپىنى مۇشرىكلارنىڭ كۆزىگە ئېتىپ، ئۇلارنى مەغلۇب قىلغان سەن ئەمەس، بەلكى الله دۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ: **﴿(الله نىڭ مۇنداق قىلىشى) مۆمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى الله نىڭ مۆمىنلەرگە (ئۇلارنىڭ سانى ئاز، دۈشمەنلىرىنىڭ سانى كۆپ تۇرۇقلۇق) دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇشىدىن ئىبارەت نېمىتىنى تونۇتۇشى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ ئارقىلىق الله تائالانىڭ ھەققىنى تونۇشى ۋە الله تائالانىڭ بۇ نېمىتىگە شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈندۇر.

ئىبنى جەرىرمۇ بۇ ئايەتنى مۇشۇنداق تەپسىر قىلدى، ھەدىستىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «الله بىزگە ھەر قانداق چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىدۇ».

**﴿الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى الله دۇئالارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. نۇسرەت ۋە غەلىبىنىڭ كىمگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

**﴿بۇ (الله نىڭ مۆمىنلەرگە بەرگەن ئىنئامىدۇر). الله كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم**

(1) تەۋبە سۈرىسى 25 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 249 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر﴾** بۇ مۆمىنلەر ئېرىشكەن غەلىبىدىن باشقا يەنە بىر خۇش خەۋەردۇر. چۈنكى الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارغا كەلگۈسىدە كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىشىنى روناق تاپقۇزمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ داۋاملىق مەغلۇبىيەتكە ۋە ھالاكەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بارلىق ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيە الله تائالاغا خاستۇر.

* * * * * *

إِن تَسْتَفْتِحُوا۟ فَقَدْ جَآءَكُمُ ٱلْفَتْحُ ۖ وَإِن تَنتَهُوا۟ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَإِن تَعُودُوا۟ نَعُدْ وَلَن تُغْنِىَ عَنكُمْ فِئَتُكُمْ شَيْـًٔا وَلَوْ كَثُرَتْ وَأَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٩﴾

(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى). ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز. قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن مۆمىنلەر بىلەن بىللىدۇر﴿19﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ ياردەم تىلىگەنلىكىگە بېرىلگەن جاۋاب

الله تائالا كاپىرلارغا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار﴾** يەنى الله تائالانىڭ سىلەرگە ياردەم بېرىپ، سىلەر بىلەن دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى تىلىسەڭلار، ھەقىقەتەن سورىغىنىڭلار سىلەرگە بېرىلدى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار زۆھرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئەبۇجەھىل: ئى الله ! بىزدىن قايسىمىز[1] سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن ۋە بىز بىلمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنى ئەتە (يەنى ئۇرۇش بولغان چاغدا) ھالاك قىلغىن!ـ دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

بۇ ئۇنىڭ بىلەن الله تائالادىن ياردەم تىلىگىنى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايەت نازىل بولدى: **﴿(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى). ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز. قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن مۆمىنلەر بىلەن بىللىدۇر﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى سەئلەبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئۇچراشقان چاغدا، ئەبۇجەھىل: ئى الله ! بىزدىن قايسىمىز سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن ۋە بىز بىلمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇنى ھالاك

(1) يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆزدە تۇتماقچى.

قىلغىن!ـ دەپ دۇئا قىلىپ ياردەم تىلىگەن ئىدى. بۇ قىسسىنى ئىمام نەسەئى ۋە ھاكىمۇ رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، زەھھاك، قەتادە، يەزىد ئىبنى رۇمان ۋە بىر قانچە كىشىلەردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىسسىلەر رىۋايەت قىلىندى.

سۇددى مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار مەككىدىن بەدرىگە چىققان چاغدا، كەبىنىڭ يوپۇقلىرىنى بىللە ئېلىپ چىقتى. **الله** تائالادىن ياردەم تىلەپ: ئى **الله** ! بۇ ئىككى قوشۇننىڭ قايسىسى ئەلا ئورۇندا بولسا، بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ قايسىسى ھۆرمەتلىك بولسا، بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ قايسىسى ياخشى بولسا، شۇ تەرەپكە ياردەم بەرگىن!ـ دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن **الله** تائالا: ﴿**(ئى كۇففارلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە كەلدى (يەنى ئۇ سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا كەلدى)**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. يەنى: **الله** سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم قىلدىم،ـ دېدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد: **الله** تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئاسىدىن خەۋەر بېرىپ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا﴾[1] دېگەن،ـ دەيدۇ.

﴿**ئەگەر (پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانساڭلار**﴾ يەنى **الله** تائالاغا كۇپۇرلۇق قىلىشتىن، پەيغەمبىرىنى يالغانغا چىقىرىشتىن يانساڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ﴿**بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇرۇشساڭلار، بىز ئۇنىڭغا يەنە ياردەم بېرىمىز**﴾.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر سىلەر قايتساڭلار (يەنى قايتا بۇزغۇنچىلىق قىلساڭلار)، بىز قايتىمىز (يەنى بىز سىلەرنى قايتا جازالايمىز)﴾[2] بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر سىلەر ئىلگىرىكى كۇپۇرلۇقىڭلارغا ۋە ئازغۇنلۇقىڭلارغا قايتساڭلار، بىزمۇ سىلەرنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەرگە گىرىپتار قىلىمىز.

﴿**قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلىپ بېرەلمەيدۇ**﴾ يەنى سىلەر ئىمكانىڭلارنىڭ بېرىچە قوشۇن توپلىغان تەقدىردىمۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** بىللە بولغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايسىلەر، **الله** ھەممە نەرسىدىن غالىبتۇر. ﴿**الله ھەقىقەتەن مۆمىنلەر بىلەن بىللىدۇر**﴾ مۆمىنلەر پەيغەمبەرنىڭ تاللانغان قوشۇنىدۇر.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَوَلَّوۡاْ عَنۡهُ وَأَنتُمۡ تَسۡمَعُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ ﴿٢١﴾ ۞ إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ ٱلصُّمُّ ٱلۡبُكۡمُ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡقِلُونَ ﴿٢٢﴾ وَلَوۡ عَلِمَ ٱللَّهُ فِيهِمۡ خَيۡرٗا لَّأَسۡمَعَهُمۡۖ وَلَوۡ أَسۡمَعَهُمۡ لَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٢٣﴾

(1) ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئىسرا سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئى مۆمىنلەر! ﷲ غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار﴿20﴾. ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەرنى (يەنى كاپىرلارنى) دورىماڭلار﴿21﴾. شۈبھىسىزكى، ﷲ نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى- ياماننى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان ئەنە شۇ ئادەملەر، يەنى بۇ ئۈچ خىل سۈپەتكە ئىگە كىشىلەردۇر﴿22﴾. ئەگەر ﷲ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى؛ ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى﴿23﴾.

## ﷲ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى ﷲ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلارنى ﷲ تائالاغا كۇپۇرلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققان كاپىرلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن توسىدۇ.

شۇڭا ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار**﴾ يەنى ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى چاقىرغان نەرسىلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداشنى تەرك ئەتمەڭلار ۋە ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن يېنىڭلار.

﴿**ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەرنى (يەنى كاپىرلارنى) دورىماڭلار**﴾ بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار مۇناپىقلاردۇر، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقنى ئاڭلىغاندەك ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغاندەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇنداق ئەمەس.

ئاندىن ﷲ تائالا بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ئادەم ئەۋلادى ئىچىدىكى (ئەخلاق ۋە يارىتىلىش جەھەتتە) ئەڭ پەسكەش كىشىلەر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ﷲ نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى- ياماننى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر**﴾.

ئەنە شۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پەسكەشلىرىدۇر. چۈنكى ئۇلاردىن باشقا ھەر قانداق ھايۋان ﷲ تائالانىڭ ئۇنى يارىتىشتىكى ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ. ئۇلار بولسا، ﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان تۇرۇقلۇق ﷲ تائالاغا كۇپۇرلۇق قىلدى.

شۇڭا ﷲ تائالا ئۇلارنى چارۋا ماللارغا ئوخشىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر﴾[2].

(1) بەقەرە سۈرىسى 171 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەئراف سۈرىسى 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇجاھىد ۋە ئىبنى جەرىر قاتارلىقلاردىن: تەپسىر قىلىنىۋاتقان ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كىشىلەردىن قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ئابدۇراھمان ئەۋلادىدىن بىر قانچە نەپەر كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق: ئۇلاردىن مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېگەن. مەن (يەنى ئىبنى كەسىر) بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەرنىڭ مۇشرىكلار ياكى مۇناپىقلار بولۇشىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق، ـ دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئۇلاردىن مەيلى قايسىسىلا بولسۇن، ئۇلار ھەقنى توغرا يوسۇندا چۈشىنىشتىن ۋە ياخشى تەرەپكە يۈلەپ قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەلدىن مەھرۇم قىلىنغانلاردۇر. ئاندىن الله تائالا (ئۇلار بىرەر نەرسىنى چۈشىنەلەيدۇ دەپ پەرز قىلىنغان تەقدىردىمۇ) ئۇلارنىڭ ھەقنى توغرا چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى ۋە توغرا نەرسىنى بىلەلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر الله ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى**﴾ يەنى الله تائالا ئەلۋەتتە ئۇلارغا ھەقنى چۈشەندۈرەتتى. لېكىن ئۇلاردا ياخشىلىق يوق. شۇڭا الله ئۇلارغا ھەقنى چۈشەندۈرمەيدۇ.

چۈنكى، الله ﴿**ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ**﴾ يەنى ھەقنى چۈشەندۈرگەن تەقدىردىمۇ ﴿**ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى**﴾ يەنى الله ئۇلارنىڭ ھەقنى چۈشەنگەندىن كېيىن تەرسالىق قىلىپ، ھەقتىن قەستەن باش تارتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱسْتَجِيبُوا۟ لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ ۖ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّ ٱللَّهَ يَحُولُ بَيْنَ ٱلْمَرْءِ وَقَلْبِهِۦ وَأَنَّهُۥٓ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ﴿٢٤﴾

ئى مۆمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئۆگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ). (قىيامەت كۈنى) سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر﴿24﴾.



## الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشنىڭ بۇيرۇلۇشى

﴿**ئى مۆمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار**﴾ ئىمام بۇخارى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى پايدىلىق نەرسىگە چاقىرسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار.

يەنە ئىمام بۇخارى ئەبۇسەئىد ئىبنى مەئلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ناماز ئوقۇۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ (مېنى) چاقىردى. مەن نامىزىمنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ مېنىڭ قېشىمغا دەرھال كېلىشىڭگە نېمە توسالغۇ بولدى؟ الله تائالا: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار﴾ دېمىدىمۇ؟» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن مەسچىتتىن چىقىشتىن ئىلگىرى ساڭا چوقۇم قۇرئاندىكى ئەڭ كاتتا سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن» دېدى. بىر ئازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭغا دېگەن سۆزىنى ئەسلەتتىم.

مۇئاز مۇنداق دەيدۇ: ھەپس ئىبنى ئاسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇسەئىدتىن مەزكۇر ھەدىسنى ئاڭلىغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ كاتتا سۈرە "فاتىھە سۈرىسى" دۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى سىلەر خار بولغىنىڭلاردىن كېيىن، الله تائالانىڭ سىلەرنى ئەزىز قىلغان، ئاجىز بولغىنىڭلاردىن كېيىن كۈچلەندۈرگەن، دۈشمىنىڭلار سىلەرگە ھەيۋە قىلىپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلارنى سىلەردىن توسقان ئۇرۇشقا الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى چاقىرسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار.

## الله تائالانىڭ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدىغانلىقى

**﴿بىلىڭلاركى، الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)﴾** بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: الله مۆمىن بىلەن كۇپۇرلۇقنىڭ ئارىسىغا، كاپىر بىلەن ئىماننىڭ ئارىسىغا توسالغۇ بولالايدۇ. بۇنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

مۇجاھىد، سەئىد، ئىكرىمە، زەھھاك، ئەبۇسالىھ، ئەتىيە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە سۇددى قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغان. مۇجاھىدتىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **﴿الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ﴾** ھەتتاكى ئۇنى بىرەر نەرسىنى چۈشىنەلمەيدىغان ھالاتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

سۇددى مۇنداق دەيدۇ: الله ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولىدۇ. ئۇ پەقەت الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەنلا ئىمان ئېيتالايدۇ ياكى كاپىر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىندى.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله ! مېنىڭ دىلىمنى

دىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن!» دېگەن بۇ دۇئانى كۆپ قىلاتتى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىگە ئىمان ئېيتتۇق، بىزدىن يەنىلا ئەنسىرەمسەن؟ - دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، شەك - شۈبھىسىزكى، دىللار الله تائالانىڭ ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. الله ئۇنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ تۇرىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد نەۋۋاس ئىبنى سەمئان كىلابى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر دىل ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، مەرھەمەتلىك الله تائالانىڭ ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئەگەر الله دىلنى مەزمۇت تۇرغۇزۇشنى خالىسا، ئۇنى مەزمۇت تۇرغۇزىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى خالىسا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيتتى: «ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله ! مېنىڭ دىلىمنى دىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن!».

ئۇ يەنە مۇنداق دەيتتى: «تارازا مەرھەمەتلىك الله تائالانىڭ قولىدىدۇر. الله خالىسا ئۇنى پەس تۇتىدۇ، خالىسا ئېگىز تۇتىدۇ» بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَٱتَّقُواْ فِتۡنَةٗ لَّا تُصِيبَنَّ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنكُمۡ خَآصَّةٗۖ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٢٥﴾

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا - قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴿25﴾.

## ئومۇمىيۈزلۈك بالا - قازاغا گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىنى سىناش يۈزىسىدىن يامان ئىشلارنى قىلغانلارغىمۇ ۋە ياخشى ئىشنى قىلغانلارغىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك كېلىدىغان، ئاسىيلارغا ۋە گۇناھ قىلغانلارغا خاس بولۇپ قالماي، بەلكى ياخشى ۋە يامان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق كېلىدىغان، ئۇنىڭ كېلىشىنى توسقىلى ۋە كۆتۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان بالا - قازادىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇتەررىفنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز زۇبەيرگە: ئى زۇبەير! سىلەرگە نېمە بولدى؟ ئۆلتۈرۈلگەن خەلىپىنىڭ[1] قەدرىنى قىلمىدىڭلار،

(1) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دېمەكچى.

ئاندىن ئۇنىڭ قىساسىنى تەلەپ قىلىپ كەپسىلەرغۇ؟- دېدۇق. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ زامانىدا: ﴿**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا - قازادىن ساقلىنىڭلار**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇيتتۇق. لېكىن، بىز ئورنىمىزنى ئۇ بالا - قازانىڭ ئەھلى دەپ ھېسابلىمايتتۇق. ئاخىرى ئۇ بىزدىن سادىر بولدى».

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا - قازادىن ساقلىنىڭلار**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن زۇلۇم قىلغانلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا - قازادىن ساقلىنىڭلار.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **الله** مۆمىنلەرنى ئۆز ئارىسىدا يۈز بەرگەن يامان ئىشلارغا قاراپ تۇرماسلىققا بۇيرىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، **الله** نىڭ ئازابى ئۇلارغا ئومۇميۈزلۈك كېلىدۇ. بۇ، بۇ ئايەتكە بېرىلگەن ناھايىتى ياخشى تەپسىردۇر.

مۇجاھىدمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە: ئەگەر يامان ئىشقا قاراپ تۇرساڭلار، بالا - قازا سىلەرگىمۇ كېلىدۇ،- دېدى. زەھھاك، يەزىد ئىبنى ئەبۇھەبىيب ۋە بىرقانچە كىشىلەرمۇ بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغان.

ئىبنى جەرىر ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سىلەردىن ھېچ ئادەم قالماي بالا - قازاغا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە **الله** تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر﴾[1] سىلەردىن قايسىڭلار پاناھ تىلىسە، **الله** تائالاغا سېغىنىپ، بالا - قازالارنىڭ سەۋەبىدىن ئېزىپ كېتىشتىن پاناھ تىلىسۇن.

گەرچە بۇ خىتاب ساھابىلەرگە قارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇ، ساھابىلەرنى ۋە باشقىلارنى ئومۇميۈزلۈك ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ مەزمۇنىنى پىتنە ۋە بالا - قازادىن ساقلىنىش ھەققىدە كەلگەن نۇرغۇن ھەدىسلەر ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆلىمالارمۇ بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ نۇقتىلىق بولغىنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. ئۇ، ھۇزەيفە ئىبنى يەماندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر، يامانلىقتىن توسۇيسىلەر، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، **الله** ئۆز دەرگاھىدىن سىلەرگە ئازاب ئەۋەتىدۇ. ئاندىن سىلەر **الله** نىڭ ئازابىنى ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەپ ئەلۋەتتە دۇئا قىلىسىلەر، بىراق **الله** سىلەرنىڭ بۇ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلمايدۇ».

(1) تەغابۇن سۈرىسى 15 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇرەقادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: مەن خوجايىنىم بىلەن بىللە چىقىپ ھۇزەيفەنىڭ قېشىغا بارسام، ئۇ مۇنداق دەۋاتقان ئىكەن: بىر سۆز بار بولۇپ، ئەگەر بىر ئادەم ئۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا سۆزلىسە، مۇناپىق بولۇپ قالاتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن ئۇ سۆزنى سىلەرنىڭ بىرىڭلاردىن بىر ئولتۇرۇشتا تۆت قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇشىڭلار، يامانلىقتىن توسۇشۇڭلار ۋە ياخشى ئىشقا قىزىقتۇرۇشىڭلار كېرەك، ئۇنداق قىلمىغىنىڭلاردا الله چوقۇم سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئازاب بىلەن ھالاك قىلىدۇ. ياكى سىلەرگە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ئەسكى ئادەمنى باشلىق قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئادەملەر الله تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ خۇتبە ئوقۇۋېتىپ ئىككى بارمىقى بىلەن ئىككى قۇلىقىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله تائالانىڭ بەلگىلىگەن چەك ـ چېگرىلىرىغا كېلىپ توختىغان كىشى، بۇ چەك ـ چېگرىلاردىن ئۆتۈپ كەتكەن كىشى ۋە بۇ چەك ـ چېگرالارغا ھىيلە ئىشلەتكەن كىشىلەرنىڭ مىسالى بىر كېمىگە ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېمىنىڭ ئەڭ تېگىگە، ئەڭ قاتتىق ۋە ناچار يېرىگە ئورۇنلىشىدۇ ۋە بەزىلەر كېمىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلىشىدۇ، كېمىنىڭ تېگىگە ئورۇنلاشقانلار سۇ ئالماقچى بولۇپ، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئەگەر بىز ئۆز ئورنىمىزدا تۇرۇپ كېمىنى تېشىپ شۇ يەردىن سۇ ئالغان بولساق، ئۈستىمىزدىكىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزمەيتتۇق، ـ دەيدۇ. ئەگەر ئۈستىدىكىلەر ئاستىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشىغا يول قويسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاستىدىكىلەرنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا نىجات تاپىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئۇمموسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇممىتىم ئىچىدە گۇناھلار يامراپ كەتسە، الله ئۇلارغا ئۆز دەرگاھىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئازاب ئەۋەتىدۇ» دېدى.مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى كىشىلەر يوقمۇ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بار» دېدى. مەن: ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟ ـ دېدىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارغىمۇ گۇناھكار ئادەملەرگە يەتكەن ئازاب يېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاخىرەتتە الله تائالانىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ» دېدى.



يەنە ئىمام ئەھمەد ئىبنى جەرىردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «گۇناھ قىلغانلارنى توسالايدىغان يۈز ـ ئابرويلۇق ۋە كۈچلۈك كىشىلەر بار تۇرۇپ، ئۇلارنى (يەنى گۇناھكارلارنى) توسمايدىغان گۇناھلار داۋاملىشىۋېرىدىغان بىرەر قەۋم يوق، ئەگەر شۇنداق قەۋم بولۇپ قالسا، الله ئۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئازاب ئەۋەتىدۇ» ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ أَنتُمۡ قَلِيلٞ مُّسۡتَضۡعَفُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ تَخَافُونَ أَن يَتَخَطَّفَكُمُ ٱلنَّاسُ فَـَٔاوَىٰكُمۡ
وَأَيَّدَكُم بِنَصۡرِهِۦ وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٢٦

ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى، (بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە ھالال نەرسىلەر (يەنى غەنىمەتلەر) نى رىزىق قىلىپ بەردى﴿26﴾.

## مۇسۇلمانلارغا ئىلگىرىكى خارلىنىش ۋە بوزەك قىلىنىشلىرىنىڭ، كېيىن ئېرىشكەن كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە غەلىبىلىرىنىڭ ئەسلىتىلىشى

الله تائالا بۇ ئايەتتە مۆمىن بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى ۋە ياخشىلىقلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى ئاز ئىدى، الله ئۇلارنىڭ سېنىنى كۆپەيتىپ بەردى. ئۇلار بۇرۇن بوزەك قىلىناتتى. دۈشمەنلەردىن قورقاتتى. الله ئۇلارنى بۇ نېئمەتلەرگە شۈكۈر قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. ئۇلار الله تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئەمر ـ پەرمانلىرىغا چىك يېپىشتى. مانا بۇ، مۆمىنلەرنىڭ ھالىتىدۇر. ئۇلار مەككىدىكى چاغدا سانى ئاز، يوشۇرۇن ئىدى. ئېزىلىشكە دۇچار بولاتتى. ئۇلار الله تائالانىڭ باشقا زېمىنلىرىدىكى مۇشرىك، ئاتەشپەرەس ۋە خىرىستىئان قاتارلىقلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىدىن قورقاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز ۋە كۈچسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق قىيىن ھالەتتە داۋام قىلدى. ئاخىرى الله ئۇلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى ۋە ئۇلارنى مەدىنىگە يەرلەشتۈردى. الله مەدىنە ئەھلىنى ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارغا جاي بېرىشكە مۇيەسسەر قىلدى. ئۇلار مۇھاجىرلارغا بەدرى ئۇرۇشىدا ۋە باشقا ئۇرۇشلاردا ياردەم قىلدى. ئۇلارنى مال ـ مۈلكىگە شېرىك قىلدى. الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش يولىدا قىممەتلىك جانلىرىنى پىدا قىلدى.

قەتادە ئىبنى دەئامە سۇدەيسى الله تائالانىڭ: ﴿**ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار**﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ قەبىلە (يەنى مەككە ئەھلى) ئەرەب خەلقى ئىچىدە ئەڭ خارلىنىدىغان، تۇرمۇشى ئەڭ ناچار، ئاچارچىلىققا كۆپ دۇچار بولىدىغان، ئاچ ـ يالىڭاچ قالىدىغان ۋە ئەڭ روشەن ئازغۇنلۇق ئىچىدە قالغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردىن ياشىغانلىرى جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ھايات كەچۈرەتتى. ئۆلگەنلىرى دوزاخقا چۈشەتتى، ئۇلار باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىپ تۇراتتى، باشقىلارنى بوزەك قىلالمايتتى. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شۇ كۈندە ياشاۋاتقان زېمىن ئەھلىدىن ئۇلاردىن ناچار تۇرمۇش كەچۈرگەن بىرەر قەبىلىنى

734

بىلمەيمىز. ئاخىرى الله تائالا ئۇلارغا ئىسلامنى نېسىپ قىلدى. ئىسلام ئارقىلىق ئۇلارنى يۇرتلارغا ئىگە قىلدى. رىزقىنى كەڭ قىلدى.

ئىسلام ئارقىلىق ئۇلارنى ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھلار قىلدى. الله سىلەرگە ئىسلام ئارقىلىق كۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نېئمەتلەرنى ئاتا قىلدى. الله تائالانىڭ بۇ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار، شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار نېئمەت ئاتا قىلغۇچىدۇر. شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. شۈكۈر قىلغۇچىلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ئارتۇق نېئمەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تَخُونُوا۟ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ وَتَخُونُوٓا۟ أَمَٰنَٰتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٢٧﴾ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّمَآ أَمْوَٰلُكُمْ وَأَوْلَٰدُكُمْ فِتْنَةٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿٢٨﴾

ئى مۆمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار﴿27﴾. بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار﴿28﴾.

## بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ۋە خىيانەت قىلىشنىڭ مەنئىي قىلىنغانلىقى

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ھاتەب ئىبنى ئەبۇبەلتەئەنىڭ قىسسىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى، ئۇ قۇرەيشلەرگە خەت يېزىپ، خېتىدە ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىگە قوشۇن تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. الله پەيغەمبىرىنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەۋەتىپ، خەتنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ ۋە ھاتەبنى چاقىرتىپ كېلىدۇ، ھاتەب قىلغان بۇ ئىشنى ئىقرار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭ گەدىنىگە چاپمايمۇ؟ ئۇ ھەقىقەتەن الله غا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە خىيانەت قىلدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا چېقىلمىغىن، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشتى. سەن نېمە بىلىسەن؟ الله بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلاردىن خەۋەر تېپىپ خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلدىم، ـ دېگەن بولۇشى مۇمكىن» دېدى.

مەن (يەنى ئىبنى كەسىر) مۇنداق دەپ قارايمەن: گەرچە بۇ ئايەت خۇسۇسىي سەۋەب بىلەن نازىل بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھۆكمى ئومۇمىيدۇر. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار بۇ ئايەتنىڭ خاس ھۆكمىنى ئەمەس، ئومۇمىي ھۆكمىنى تۇتۇپ كەلدى. خىيانەت قىلىش بولسا، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان كەلتۈرىدىغان بارلىق چوڭ ۋە كىچىك گۇناھلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿**سىلەرگە قويۇلغان**

**ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئامانەت ـ اللە تائالا بەندىلەرنىڭ ئۈستىگە قويغان پەرز ئەمەللەردۇر. ﴿**خىيانەت قىلماڭلار﴾** يەنى ئامانەتنى ئۆز جايىدا ئورۇنلاڭلار. ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: اللە سىلەرنى خۇددى مۇناپىقلار قىلغاندەك اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خىيانەت قىلىشتىن توستى.

﴿**بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر﴾** يەنى بۇ اللە تەرىپىدىن سىلەرگە قىلىنغان بىر تۈرلۈك سىناق ۋە ئىمتىھاندۇر. چۈنكى، اللە سىلەرنىڭ ئۇ نېئمەتلەر ئۈچۈن اللە تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغانلىقىڭلارنى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىڭلارنى ياكى سىلەرنىڭ نېئمەتلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، اللە نى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئورنىغا شۇ نېئمەتلەرنى ياخشى كۆرۈپ كېتىشىڭلارنى بىلىش ئۈچۈن بۇ نېئمەتلەرنى سىلەرگە بەردى.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار (سىلەرگە اللە تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، اللە نىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار﴾[1]، ﴿سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز﴾[2]، ﴿ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى اللە نىڭ زىكرىدىن (يەنى اللە نىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[3]، ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، باللىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار﴾[4].

﴿**اللە نىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار﴾** يەنى اللە تائالانىڭ ساۋابى، نېئمەتلىرى ۋە جەننەتلىرى سىلەر ئۈچۈن ماللاردىن، باللاردىن ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سىلەردىن ھېچ نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايدۇ. اللە پاكتۇر، ئۇ ئۆز مۈلكىدە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىگىسىدۇر. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار.

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك ئىش بولۇپ، كىمدە بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىش تېپىلسا، ئۇ كىشى ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ. بۇلار: اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈش؛ بىرەر ئادەمنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى پەقەت اللە تائالا رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش؛ اللە كۇپۇرلۇقتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، كۇپۇرغا قايتىشتىن خۇددى ئوتقا تاشلىنىشتىن قورققاندەك قورقۇش قاتارلىقلاردۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈشنى باللارنى، مال ـ مۈلۈكلەرنى، ئۆز جانلىرىنى

(1) تەغابۇن سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) مۇنافىقۇن سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
(4) تەغابۇن سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياخشى كۆرۈشتىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئىمام بۇخارى بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا (ئۇنىڭ) جېنىدىن، بالا - چاقىلىرىدىن، مال - مۈلكىدىن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغىچە ئۇ مۆمىن بولالمايدۇ».

* * * * * * *

يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِن تَتَّقُوا۟ ٱللَّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَانًا وَيُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ ﴿٢٩﴾

ئى مۆمىنلەر! ئەگەر اللە دىن قورقساڭلار، اللە سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. اللە كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر﴿29﴾.

**﴿اللە سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ﴾** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، سۇددى، ئىكرىمە، زەھھاك، قەتادە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە بىر قانچە كىشى بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: اللە سىلەرگە چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەنە بىر رىۋايەتتە: اللە سىلەرگە نىجاتلىق ئاتا قىلىدۇ، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما باشقا بىر رىۋايەتتە: اللە سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق: اللە سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، ـ دېدى.

ئىبنى ئىسھاقنىڭ بۇ تەپسىرى يۇقىرىدىكى تەپسىرشۇناسلار قىلغان تەپسىر مەزمۇنىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى كىم اللە نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، توسقان ئىشلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق اللە تائالادىن قورقسا، اللە ئۇنىڭغا ھەق بىلەن باتىلنى تونۇشتا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئۇنىڭ غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى، نىجاتلىق ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن چىقىش يولى تاپقانلىقىدۇر. قىيامەت كۈنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەنلىكىدۇر. اللە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ. ئەيىبلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ اللە تائالانىڭ كاتتا ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئى (ئىساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! اللە دىن قورقۇڭلار، اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، اللە سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، اللە بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

(1) ھەدىد سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

* * * * * * *

وَإِذْ يَمْكُرُ بِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لِيُثْبِتُوكَ أَوْ يَقْتُلُوكَ أَوْ يُخْرِجُوكَ ۚ وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ ٱللَّهُ ۖ وَٱللَّهُ خَيْرُ ٱلْمَٰكِرِينَ ﴿٣٠﴾

(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماققا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر﴿30﴾.

## مەككە خەلقىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش، سولاپ قويۇش ۋەياكى مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش توغرىسىدىكى سۇيىقەستلىرىنىڭ بايانى

﴿**سېنى قاماققا ئېلىش**﴾ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد ۋە قەتادە قاتارلىقلار بۇ ئايەتنى: سېنى باغلاپ قويۇش ئۈچۈن،- دەپ تەپسىر قىلدى. سۇددى: سېنى سولاپ باغلاپ قويۇش،- دەپ تەپسىر قىلدى.

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيشكە تەۋە ھەر بىر قەبىلىدىن يۈز - ئابرويلۇق بىر قانچە كىشى توپلىنىپ، كېڭەش ئۆيىگە كىرمەكچى بولدى. ئىبلىس سالاپەتلىك مويسىپىت ئادەمنىڭ سۈرىتىدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ: سەن كىم؟- دېدى. ئۇ: مەن نەجد ئەھلىدىن بىر مويسىپىت ئادەم بولىمەن، مەن سىلەرنىڭ يىغىلغانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ، كېڭىشىڭلارغا قاتناشماقچى بولدۇم، سىلەر مېنىڭ پىكرىم ۋە نەسىھەتىمدىن ھەرگىز مەھرۇم قالماڭلار،- دېدى. ئۇلار: بولىدۇ، كېڭەش ئۆيىگە كىرگىن!- دېدى. ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە كېڭەش ئۆيىگە كىردى. ئىبلىس: بۇ ئادەمنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) ئىشىغا ئوبدان قاراپ بېقىڭلار. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرگىلى قەست قىلىپتۇ ئەمەسمۇ؟- دېدى. ئۇلاردىن بىرى: مۇھەممەدنى باغلاپ سولاپ قويايلى، ئاندىن ئۇنى خۇددى ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلاردىن زۆھەير ۋە نابىغە قاتارلىقلار ئۆلگەندەك، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆلگىچىلىك كۈتۈپ تۇرايلى، ئۇ شۇ شائىرلارنىڭ بىرىگە ئوخشايدۇ،- دېدى. نەجدلىك مويسىپىت قىياپىتىگە كىرىۋالغان، الله تائالانىڭ دۈشمىنى ئىبلىس يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭغا مەن پىكىر بەرسەم، نېمە دەيسىلەر؟ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى سولاپ قويساڭلار، پەرۋەردىگارى ئۇنى سولاقلىق يېرىدىن ساھابىلىرىگە چوقۇم چىقىرىپ بېرىدۇ ياكى ساھابىلىرى ئۇنىڭ سولاقلىق يېرىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى قولۇڭلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ساھابىلەر ئۇنى سىلەردىن قوغدايدۇ. ئۇلار سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتەمدىكىن دەپ

خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن،ـ دېدى. مۇشرىكلار: مويسىپىت ئادەم راست ئېيتتى. بۇنىڭدىن باشقا بىر چارە تېپىڭلار،ـ دېدى. ئۇلاردىن بىرى: ئۇنى ئارىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلايلى، ئۇ يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرى بىزگە ھېچ زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئارىمىزدىن غايىب بولسا، ئۇنىڭ ئەزىيەتلىرى قەيەردە يۈز بەرسە بېرىۋەرسۇن، بىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلساقلا بولدى. ئۇمۇ بىزدىن باشقىلار بىلەن بولۇپ كېتىدۇ،ـ دېدى. نەجدلىك مويسىپىت قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىبلىس: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭغا مەن پىكىر بەرسەم، نېمە دەيسىلەر؟ مۇھەممەدنىڭ سۆزىنىڭ تاتلىقلىقىنى، تىلىنىڭ راۋانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ دىللىرى ئېرىپلا كېتىدۇ. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋەتسەڭلار، ئاندىن ئۇ ئەرەبلەر بىلەن ئۇچراشسا، ئۇلار چوقۇم ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سىلەرگە قوشۇن تارتىپ كېلىپ، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن چىقىرىۋېتىدۇ ۋە ئېچىڭلاردىكى يۈز ـ ئابرويلۇق كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ،ـ دېدى. مۇشرىكلار: بۇ ئادەم راست ئېيتتى. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن باشقا بىر چارە تېپىڭلار،ـ دېدى. لەنىتى ئەبۇجەھل: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەر تېخى ئويلىشىپ باقمىغان بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، مەن بۇنىڭدىن باشقا چارىنى مۇۋاپىق دەپ قارىمايمەن،ـ دېدى. مۇشرىكلار: ئۇ قانداق پىكىر؟ـ دېدى. ئەبۇجەھل: سىلەر ھەر بىر قەبىلىدىن بىردىن ياش، كۈچلۈك ۋە چەبدەست يىگىت تاللاڭلار، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆتكۈر قىلىچ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەدنى خۇددى بىر ئادەمنى چاپقاندەك تەڭلا چاپسۇن، ئۇلار ئۇنى شۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ قىساسى ھەممىسىگە تەڭ يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھاشىم جەمەتى قەبىلىسىدىكىلەر قۇرەيش قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇرۇش ئېچىشقا پېتىنالمايدۇ دەپ ئويلايمەن. ھاشىم جەمەتى قەبىلىسىدىكىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندە، تۆلەمنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولىدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلىمىز، ئۇنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە خاتىمە بېرىمىز،ـ دېدى. نەجدلىك مويسىپىت ئىبلىس: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئادەمنىڭ پىكرى تازا بولىدىغان پىكىر، مەن بۇنىڭدىن باشقا پىكىرنى مۇۋاپىق دەپ قارىمايمەن،ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ تارقاپ كېتىشتى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى ۋە ئۇنى بۇ كېچە ئۆز ئورنىدا ياتماسلىققا بۇيرۇدى. شۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۆيىدە ياتمىدى. شۇ چاغدا، الله تائالا ئۇنىڭغا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، الله تائالا ئۇنىڭغا ئەنفال سۈرىسىنى نازىل قىلىپ، ئۇنىڭغا بالا ـ قازا يېتەي دەپ قالغاندا بېغىشلىغان نېمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماققا ئېلىش، ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر**﴾.

الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئۇنى خۇددى ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ئۆلگىنىدەك زامانىنىڭ ھادىسىلىرىدە ئۆلۈشىنى كۈتىمىز دېگەن سۆزى ھەققىدە بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿ئۇلار ئېيتىدۇ:

«ئۇ شائىردۇر، بىز ئۇنىڭ زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە (يولۇقۇشىنى) كۈتىمىز»﴾[1] مۇشرىكلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەست قىلىش ئۈچۈن توپلانغان بۇ كۈنى "قاتتىق قىيىن كۈن" دەپ ئاتالدى. سۇددىيدىنمۇ مۇشۇ ۋەقەلىكنىڭ مەزمۇنى رىۋايەت قىلىندى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ: ﴿**ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، الله نىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى مەن پۇختا تەدبىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىپ، سېنى ئۇلاردىن قۇتۇلدۇردۇم.

* * * * * * *

وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَـٰتُنَا قَالُوا۟ قَدْ سَمِعْنَا لَوْ نَشَآءُ لَقُلْنَا مِثْلَ هَـٰذَآ ۙ إِنْ هَـٰذَآ إِلَّآ أَسَـٰطِيرُ
ٱلْأَوَّلِينَ ﴿٣١﴾ وَإِذْ قَالُوا۟ ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَـٰذَا هُوَ ٱلْحَقَّ مِنْ عِندِكَ فَأَمْطِرْ عَلَيْنَا
حِجَارَةً مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئْتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴿٣٢﴾ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنتَ فِيهِمْ ۚ
وَمَا كَانَ ٱللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ ﴿٣٣﴾

ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار: «بىز (بۇ سۆزلەرنى) ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايتتۇق، بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر» دېدى﴿31﴾. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴿32﴾. سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴿33﴾.

## قۇرەيشلىكلەرنىڭ: قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتاب كەلتۈرەلەيمىز- دەپ بىلجىرلىغانلىقى

بۇ ئايەتتە الله تائالا قۇرەيشلەرنىڭ كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى، تەرسالىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشقانلىقى، ھەق بىلەن قارشىلاشقانلىقى ۋە ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىپ بېرىلسە، ئۇلارنىڭ قۇرۇق دەۋا قىلغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار: ﴿«**بىز (بۇ سۆزلەرنى) ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايتتۇق**﴾ دېيىشتى.

بۇ ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئاشمايدىغان قۇرۇق سۆزىدىن ئىبارەتتۇر - خالاس. چۈنكى ئۇلاردىن بىر قېتىم ئەمەس، بىر قانچە قېتىم قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىش



(1) تۇر سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

تەلەپ قىلىندى. بىراق ئۇلار بۇنداق قىلىشقا ھېچقانداق يول تاپالمىدى. ئۇلار پەقەت بۇ قۇرۇق سۆزى بىلەن ئۆزلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ باتىل سۆزلىرىگە ئەگەشكەنلەرنى ئالدايدۇ. ئېيتىلىشىچە بۇ سۆزنى قىلغان ئادەم لەنىتى نەزىر ئىبنى ھارىستۇر.

سەئىد ئىبنى جۇبەير، سۇددى، ئىبنى جۇرەيج ۋە باشقىلار بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: لەنىتى نەزىر ئىبنى ھارىس پارس يۇرتلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى رۇستەم، ئەسفەندىيار قاتارلىقلارنىڭ قىسسىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغدا، **الله** تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەزىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بارغان ھەر بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ، كىشىلەرگە پارس پادىشاھلىرىنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بەردى ۋە: ئاندىن **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قايسىمىزنىڭ قىسسىسى ياخشى ئىكەن؟ مېنىڭمۇ ياكى مۇھەممەدنىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. شۇڭا بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى **الله** تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەزىرنى ئەسىر ئېلىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىندى. بارلىق ھەمدۇسانا **الله** تائالاغا خاستۇر.

﴿**بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر**﴾ يەنى بۇ بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانە كىتابلىرىدۇر، مۇھەممەد شۇ كىتابلارنى ئۆگىنىپ، ئۇنى كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىدۇ، ـ دېيىشتى. مۇشرىكلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئوپ ـ ئوچۇق يالغاندۇر.

**الله** تائالا يەنە بىر ئايەتتە ئۇلاردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ئېيتتى: «(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان، (ھېچرى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ». ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان **الله** نازىل قىلدى، **الله** ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»﴾[1]. يەنى **الله** تائالاغا تەۋبە قىلغان ۋە **الله** تائالا تەرەپكە قايتقان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى **الله** تائالا قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ.

## مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى

﴿**ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى**﴾ بۇ ئۇلارنىڭ ناھايىتى نادان ئىكەنلىكى، ھەقنى قاتتىق ئىنكار قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، بويۇنتاۋلۇق قىلغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئەيىبلىنىشىگە تېگىشلىك ئىشتۇر. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ: ئى **الله** ! ئەگەر بۇ قۇرئان سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، بىزنى شۇ ھەقىقەتكە باشلىغىن، بىزنى ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە

(1) فۇرقان سۈرىسى 5 ــــ 6 ـ ئايەتلەر.

نىسىپ قىلغىن، ـ دېيىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئازابنىڭ تېز كېلىشىنى تىلەپ، ئازابنى تىلەشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار سەندىن ئازابنىڭ چاپسان كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، الله (ئۇلارنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ) مۇئەييەن ۋاقتىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئازاب ئەلۋەتتە (ئۇلار تەلەپ قىلغان ۋاقىتتىلا) كېلەتتى، ئۇلارغا ئازاب چوقۇم ئۇلار خەۋەرسىز ھالەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت كېلىدۇ﴾[1]، ﴿ئۇلار (مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن): «پەرۋەردىگارىمىز! (سەن بىزگە ئازابتىن ۋەدە قىلغان) نېسىۋىمىزنى بىزگە بالدۇرراق ـ قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى بەرگىن» دېيىشتى﴾[2]، ﴿بىر تىلىگۈچى (يەنى نەزر ئىبنى ھارىس) كاپىرلارغا چوقۇم بولىدىغان ئازابنىڭ (چۈشۈشىنى) تىلىدى. ئۇ (ئازاب) نى ھېچ ئادەم قايتۇرالمايدۇ. ئۇ (ئازاب) ئاسمان شوتىلىرىنىڭ ئىگىسى الله تەرىپىدىن بولغان﴾[3] ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ نادانلىرىمۇ شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان ئىدى. شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر (سۆزۈڭدە) راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاسماندىن ئازاب چۈشۈرگىن»﴾[4].

مۇشرىكلاردىن نادانلىقتا ئۇچىغا چىققانلار: ﴿«ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!»﴾ دېدى.

ئىمام بۇخارى شۆئبىدىن ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ سۆزلەرنى قىلغان ئادەم ئەبۇجەھل ئىبنى ھىشامدۇر. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ھەققىدە بۇ ئايەت نازىل قىلىندى: ﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، الله نىڭ ئۇلارغا ئازابنى چۈشۈرمىگەنلىكى

**﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾** ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار بەيتۇللانى تاۋاپ قىلاتتى ۋە: ئى الله ! بىز سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ كەلدۇق. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ـ دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راست ـ راست» دەيتتى. ئۇلار:

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
(2) ساد سۈرىسى 16 ـ ئايەت.
(3) مائارىج سۈرىسى 1 ـــ 3 ـ ئايەتكىچە.
(4) شۇئەرا سۈرىسى 187 ـ ئايەت.

ئى **اللە** ! سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ كەلدۇق، سېنىڭ شېرىكىڭ ئىگە بولغان نەرسىگە سەن ئىگىدارچىلىق قىلىسەن، ــ دەيتتى. ئۇلار يەنە: ئى **اللە** ! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن. بىزنى مەغپىرەت قىلغىن، ــ دەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن، **اللە** تائالا: **﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) اللە ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا اللە ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾** دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلاردا ئۇلارنى ئازابتىن ساقلايدىغان ئىككى نەرسە بار ئىدى. بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار ئارىسىدا ھايات تۇرۇشى؛ يەنە بىرى ئۇلارنىڭ ئىستىغپار ئېيتىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتتى، ئىستىغپار ئېيتىش بولسا، قېلىپ قالدى.

ئىمام تىرمىزى ئەبۇ مۇسادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: **اللە** ماڭا مېنىڭ ئۈممىتىمنى ئازابتىن ساقلايدىغان ئىككى نەرسە ھەققىدە مۇنداق ئايەت نازىل قىلدى: **﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) اللە ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا اللە ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾**.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئالەمدىن ئۆتسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ قىيامەت كۈنىگىچىلىك قالىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەيتان: ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، بەندىلىرىڭنىڭ جانلىرى تەنلىرىدە بولىدىغان بولسا، مەن ئۇلارنى داۋاملىق ئازدۇرۇپ تۇرىمەن، ــ دېدى. پەرۋەردىگارىم: مېنىڭ ئىززىتىم بىلەن ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەمكى، ئۇلا ماڭا داۋاملىق ئىستىغپار ئېيتىپلا تۇرسا، مەن ئۇلارنى ھەمىشە مەغپىرەت قىلىمەن، ــ دېدى». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم ئەبۇسەئىدتىن رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَمَا لَهُمْ أَلَّا يُعَذِّبَهُمُ ٱللَّهُ وَهُمْ يَصُدُّونَ عَنِ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ وَمَا كَانُوٓا۟ أَوْلِيَآءَهُۥٓ ۚ إِنْ
أَوْلِيَآؤُهُۥٓ إِلَّا ٱلْمُتَّقُونَ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿٣٤﴾ وَمَا كَانَ صَلَاتُهُمْ عِندَ ٱلْبَيْتِ
إِلَّا مُكَآءً وَتَصْدِيَةً ۚ فَذُوقُوا۟ ٱلْعَذَابَ بِمَا كُنتُمْ تَكْفُرُونَ ﴿٣٥﴾

ئۇلار (باشقىلارنىڭ) مەسجىدى ھەرامغا كىرىشىنى توسۇۋاتسا، **اللە** ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟ ئۇلار مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر، لېكىن (بۇنى) ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴿34﴾. ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرامنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت بولدى. (ئى كاپىرلار!) كاپىر بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ) ئازابىنى تېتىڭلار﴿35﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ قاتتىق ئېغىر گۇناھلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشقا تېگىشلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئۇلارنى ئازابلىمىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى الله ئۇلارغا ئازابنى تېتىتتى. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئۆلتۈرۈلدى، قوماندانلىرى ئەسىرگە چۈشتى. الله تائالا ئۇلارغا ئۇلار گىرىپتار بولغان شېرىك ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن ئىبارەت گۇناھلاردىن مەغپىرەت تىلەشنى كۆرسەتتى. مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىغان ئاجىز مۆمىنلەر بولمىسا ئىدى، الله ئۇلارغا ھېچ تۇسۇپ قالغىلى بولمايدىغان ئازابنى چوقۇم چۈشۈرگەن بولاتتى. لېكىن، ئاجىز مۆمىنلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرمىدى.

الله تائالا ھۇدەيبىيە سۇلھىسى بولغان كۈنى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار كاپىر بولدى، سىلەرنى مەسجىدى ھەرامدىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلغان قۇربانلىقنىڭ ئۆز جايىغا يېتىشىدىن توستى، (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھقا گىرىپتار بولۇشۇڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئەلۋەتتە الله مەككىگە كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە سىلەرنى كاپىرلارغا مۇسەللەت قىلاتتى)، الله خالىغان ئادەمنى رەھمىتى (دائىرىسىگە) كىرگۈزۈش ئۈچۈن (سىلەرنى مەككىنى پەتھى قىلىشتىن توستى)، ئەگەر ئۇلار ئايرىلسا (يەنى مۆمىنلەر كاپىرلاردىن ئايرىلسا)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاپىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئازابلايتتۇق﴾[1].

**﴿ئۇلار (باشقىلارنىڭ) مەسجىدى ھەرامغا كىرىشىنى توسۇۋاتسا، الله ئۇلارغا نېمىشقا ئازاب قىلمىسۇن؟ ئۇلار مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر، لېكىن (بۇنى) ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾** يەنى مۇشرىكلار ھەرام مەسچىتتە ناماز ئوقۇشقا ۋە تاۋاپ قىلىشقا ھەقلىق بولغان مۆمىنلەرنى مەككىگە كىرىشتىن توسقان تۇرسا، الله ئۇلارنى نېمىشقا ئازابلىمىسۇن؟

شۇڭا الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلار مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر﴾** يەنى ھەرام مەسچىتنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كۇفرىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇقلۇق (يەنى كاپىرلىق بىلەن الله نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش بىر ـ بىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ)، (ئۇلارنىڭ) الله نىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىشى توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. الله نىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت الله غا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات

(1) فەتىھ سۈرىسى 25 ـ ئايەت.

بەرگەن، اللە دىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئوتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ)، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ﴾[1]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: « ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ اللە نىڭ يولىدىن توسۇش، اللە غا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش اللە نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾[2].

ئىمام ھاكىم رۇفائەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنى يىغىپ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا سىلەردىن باشقىلارمۇ بارمۇ؟» دېدى. قۇرەيشلەر: بىزنىڭ ئىچىمىزدە ھەمشىرىمىزنىڭ ئوغۇللىرى، ئىتتىپاقداشلىرىمىز ۋە كېيىنلىكىمىزدىكىلەر بار، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىتتىپاقداشلىرىمىز، ھەمشىرىمىزنىڭ ئوغۇللىرى ۋە كېيىنلىكىمىزدىكىلەر بىزدىندۇر، شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ تەقۋادارلىرىڭلار مېنىڭ دوستلىرىمدۇر» دېدى.

ئۇرۋە، سۇددى ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق قاتارلىقلار **﴿مەسجىدى ھەرامنىڭ ئىگىلىرى تەقۋادارلاردىن باشقىلار ئەمەستۇر﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە: ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر، - دېدى. مۇجاھىد: ئۇلار كىم بولۇشىدىن ۋە قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر اللە يولىدا جىھاد قىلىدىغانلاردۇر، - دېدى.

اللە تائالا مۇشرىكلارنىڭ ھەرام مەسچىتتە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرام مەسچىتكە بولغان مۇئامىلىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرامنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتماق، چاۋاك چالماقتىنلا ئىبارەت بولدى﴾** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇرەجا ئۇتارىدى، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى، ھۇجرى ئىبنى ئەنبەس، نۇبەيد ئىبنى شۇرەيت، قەتادە ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيت قاتارلىقلار: مۇشرىكلار ھەرام مەسچىتتە ئىسقىرتىپ ئىبادەت قىلاتتى، - دېدى. مۇجاھىد: ئۇلار بارماقلىرىنى ئېغىزلىرىغا تىقىپ ئىسقىرتاتتى، - دېگەننى قوشۇپ قويدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيشلەر بەيتۇللانى قېيىپالىڭاچ ھالەتتە چاۋاك چېلىپ ۋە

(1) تەۋبە سۈرىسى 17 — 18 - ئايەتلەر.
(2) بەقەرە سۈرىسى 217 - ئايەت.

ئىسقىرتىپ تاۋاپ قىلاتتى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ۋە ئەۋفىي قاتارلىقلارمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ئۆمەر، مۇجاھىد، مۇھەممەد ئىبنى كەئبى، ئەبۇسەلەمە ئىبنى ئابدۇراھمان، زەھھاك، قەتادە، ئەتىيە ئەۋفىي، ھۇجرە ئىبنى ئەنبەس ۋە ئىبنى ئەبزا قاتارلىقلاردىنمۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلىندى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيت قاتارلىقلارنىڭ: ﴿**ئىسقىرتماق**﴾ (يەنى تەسدىيە) دېگەن ئايەتنى: كىشىلەرنى غالىب ۋە بۈيۈك **الله** نىڭ يولىدىن توسۇش، ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

**﴿(ئى كاپىرلار!) كاپىر بولغانلىقىڭلار تۈپەيلىدىن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ) ئازابىنى تېتىڭلار﴾** زەھھاك، ئىبنى جۇرەيج ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق قاتارلىقلار: ئۇلار بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۆلۈش، ئەسىرگە چۈشۈش قاتارلىق ئازابلارنى تېتىدى، ـ دەيدۇ.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ يُنفِقُونَ أَمْوَٰلَهُمْ لِيَصُدُّوا۟ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ فَسَيُنفِقُونَهَا ثُمَّ تَكُونُ عَلَيْهِمْ
حَسْرَةً ثُمَّ يُغْلَبُونَ ۗ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓا۟ إِلَىٰ جَهَنَّمَ يُحْشَرُونَ ﴿٣٦﴾ لِيَمِيزَ ٱللَّهُ ٱلْخَبِيثَ مِنَ
ٱلطَّيِّبِ وَيَجْعَلَ ٱلْخَبِيثَ بَعْضَهُۥ عَلَىٰ بَعْضٍ فَيَرْكُمَهُۥ جَمِيعًا فَيَجْعَلَهُۥ فِى جَهَنَّمَ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ
هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴿٣٧﴾

شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال ـ مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) **الله** نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگىلا ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدۇ﴿36﴾. **الله** نىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇب قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى) كاپىرنى مۆمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، **الله** ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، دوزاخقا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴿37﴾.

## كاپىرلارنىڭ باشقىلارنى الله نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەرپ قىلىشىنىڭ ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى

مۇھەممەد ئىسھاق زۆھرى، مۇھەممەد ئىبنى يەھيا، ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ۋە ھۇسەيىن ئىبنى ئابدۇراھمان قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى قۇرەيشلەرگە ئېغىر مۇسىبەت يەتتى. ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلغانلىرى مەككىگە قايتتى. ئەبۇسۇفيانمۇ كارۋان بىلەن سالامەت قايتىپ كەلدى. بەدرى ئۇرۇشىدا ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى ۋە قېرىنداشلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇرەبىئە، ئىكرىمە،

ئىبنى ئەبۇجەھل ۋە سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە قاتارلىق قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان بىر تۈركۈم ئادەملەر ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھەرب ۋە كارۋاندىكى تىجارەت قىلىۋاتقان قۇرەيشلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ: ئى قۇرەيش جامائەسى! مۇھەممەد ھەقىقەتەن سىلەرنى يالغۇز ھالەتتە قالدۇرۇپ، ئاراڭلاردىكى ياخشىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كارۋاندىكى بۇ پۇل ـ مالنى بىزگە ئىئانە قىلىڭلار. بۇ پۇل ـ مال بىلەن مۇھەممەدتىن بىز تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالىشىمىز مۇمكىن، ـ دېدى. پۇل ـ مال ئىگىلىرى بۇنىڭغا قوشۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن، غالىب ۋە بۈيۈك **الله** تائالا ئۇلار ھەققىدە: ﴿**شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال ـ مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) الله نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگىلا ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدۇ. الله نىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇب قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى) كاپىرنى مۆمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، الله ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، دوزاخقا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر**﴾ دېگەن ئايەتلىرىنى نازىل قىلدى.

ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ بۇ ئايەتلەرنىڭ شۇلار ھەققىدە نازىل قىلىنغانلىقىنى بايان قىلدى. مۇجاھىد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ھەكەم ئىبنى ئۇيەيىنە، قەتادە، سۇددى ۋە ئىبنى ئەبزا قاتارلىقلاردىنمۇ بۇ ئايەتنىڭ ئەبۇسۇفيان ۋە ئۇنىڭ بۇ پۇل ـماللارنى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن نازىل قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىندى. زەھھاك: بۇ ئايەت بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلار ھەققىدە نازىل قىلىنغان، ـ دېدى.

گەرچە بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى خۇسۇسىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكمى بۇ ھۆكۈمگە چۈشىدىغانلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **الله** تائالا ھەقىقەتەن كاپىرلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى كىشىلەرنىڭ ھەق يولغا ئەگىشىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىقىنى ۋە شۇ يىل بىلەن ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرى قوللىرىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاندىن بۇ ئۇلارغا ھېچ پايدا ئېلىپ كەلمەستىن، پۇشايمان ۋە ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار **الله** تائالانىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى ۋە ئۆزلىرىنىڭ باتىل دىنىنى ھەق دىنىنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلماقچى بولدى. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، **الله** تائالا ئۆز نۇرىنى مۇكەممەللەشتۈرگۈچىدۇر، دىنىغا ياردەم بەرگۈچىدۇر. تەۋھىد كەلىمىسىنى جاكارلىغۇچىدۇر ۋە دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر. مانا بۇ، كاپىرلارغا دۇنيادا بېرىلگەن خارلىقتۇر، ئاخىرەتتە ئۇلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇلاردىن كىم ھايات ياشىسا، ئۆزىگە يەتكەن خارلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ۋە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ. ئۇلاردىن كىم ئۆلتۈرۈلۈپ كەتسە ياكى ئۆز ئەجىلىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئەبەدىي خارلىققا ۋە مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

شۇڭا **الله** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگىلا ھەيدەپ**

**كىرگۈزۈلىدۇ﴾، ﴿الله نىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇب قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى) كاپىرنى مۆمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر﴾.**

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە: الله تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى سائادەتمەنلەرنى بەختسىزلەردىن ئايرىش ئۈچۈندۇر، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. يەنى الله تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى كىمنىڭ الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن الله تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ ئۇرۇشتىن باش تارتىپ، الله تائالاغا ئاسىي بولىدىغانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۆمىندىن) ئايرىمىغىچە مۆمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ. الله سىلەرنى غەيبدىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ﴾[1]، ﴿(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) الله سىلەردىن (ھەقىقىي) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ)، (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟﴾[2] بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنى كاپىرلار بىلەن سىنىدۇق، ئۇلار سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ئۇرۇشقا ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر قىلدۇق.

**﴿الله نىڭ (ئۇلارنى دۇنيادا مەغلۇب قىلىشى، ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ھەيدىشى) كاپىرنى مۆمىندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، الله ھەممە كاپىرلارنى ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، دوزاخقا تاشلايدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾** يەنى ئەنە شۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

* * * * * * *

قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِن يَنتَهُواْ يُغۡفَرۡ لَهُم مَّا قَدۡ سَلَفَ وَإِن يَعُودُواْ فَقَدۡ مَضَتۡ سُنَّتُ
ٱلۡأَوَّلِينَ ﴿٣٨﴾ وَقَٰتِلُوهُمۡ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتۡنَةٞ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ كُلُّهُۥ لِلَّهِۚ فَإِنِ
ٱنتَهَوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِمَا يَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿٣٩﴾ وَإِن تَوَلَّوۡاْ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَوۡلَىٰكُمۡۚ نِعۡمَ ٱلۡمَوۡلَىٰ
وَنِعۡمَ ٱلنَّصِيرُ ﴿٤٠﴾

(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن قايتا دۈشمەنلەشسە، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ تۇتقان يولۇم بولۇپ كەلدى (ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن)﴿38﴾. پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن)

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يانسا، اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ﴿39﴾. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، اللە سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، اللە نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!﴿40﴾.

## كاپىرلارنىڭ تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى

اللە تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا**﴾ يەنى ئۇلار كۇپۇرلۇق قىلىشتىن، پەيغەمبەر بىلەن قارشىلىششتىن ۋە بويۇنتاۋلۇق قىلىشتىن يېنىپ ئىسلام دىنىغا كىرسە، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، اللە تائالاغا ئىتائەت قىلسا: ﴿**ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقلىرى ۋە كۇپۇرلۇق قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئىسلامغا كىرىپ ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدۇ. كىمكى ئىسلامغا كىرىپ يامان ئىشلارنى يەنىلا داۋاملاشتۇرسا، ئۇ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ».

ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسلام ئىلگىرىكى گۇناھلارنى يۇيىدۇ. تەۋبىمۇ ئىلگىرىكى گۇناھلارنى يۇيىدۇ».

﴿**ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن قايتا دۈشمەنلەشسە، ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلىرىمنى ئىنكار قىلغانلارنى ھالاك قىلىش مېنىڭ تۇتقان يولۇم بولۇپ كەلدى (ئۇلارنىمۇ شۇنداق قىلىمەن)**﴾ يەنى ئەگەر ئۇلار سېنى ئىنكار قىلسا ۋە سەن بىلەن دۈشمەنلىشىشنى داۋاملاشتۇرسا، ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلىشتا تۇتۇپ كەلگەن يولۇم بويىچە ئۇلارغىمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتنى چۈشۈرۈشنى تېزلىتىمەن.

## كۇپرى ۋە شېرىكنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

﴿**پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي اللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار**﴾ ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم قېشىمغا كېلىپ: ئى ئىبنى ئۆمەر! اللە تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا﴾[1] دەپ بايان قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ اللە كىتابى قۇرئان كەرىمدە

(1) ھۇجۇرات سۈرىسى 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بايان قىلغان بويىچە ئۇرۇش قىلىشىڭدىن ساڭا نېمە توسالغۇ بولدى؟ـ دېدى.

مەن: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! مەن بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىدە كۆزدە تۇتۇلغان ئۇرۇش قىلماي ئەيىبلىنىشنى غالىب ۋە بۈيۈك **الله** تائالانىڭ: ﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، **الله** نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. **الله** ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە ئەيىبلىنىشتىن ئەۋزەل كۆرىمەن،ـ دېدىم. ئۇ ئادەم: شەك ـ شۈبھىسىزكى، **الله** تائالا: **﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾** دېدىغۇ؟ـ دېدى. مەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ھەقىقەتەن شۇنداق قىلدۇق، ئەينى ۋاقىتتا ئىسلامغا كىرگەنلەر ئاز ئىدى. مۇسۇلمان بولغان ئادەم ئىسلامغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن بالا ـ قازاغا دۇچار بولاتتى. مۇشرىكلار ئۇنى ئۆلتۈرەتتى ياكى باغلاپ قوياتتى. كېيىنچە ئىسلامغا كىرگەنلەر كۆپەيدى. پىتنىمۇ ئاخىرلاشتى،ـ دېدىم. ئۇ ئادەم سۆزىگە قوشۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ: ئەلى بىلەن ئوسمانىنىڭ ئىشىغا نېمە دەيسەن؟ـ دېدى. مەن: ئەلى بىلەن ئوسمان ھەققىدە ئېيتىدىغان سۆزۈم شۇكى، ئوسماننى **الله** تائالا ئەپۇ قىلدى، سىلەر **الله** تائالانىڭ ئۇنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى ياقتۇرمايۋاتىسىلەر. ئەلىگە كەلسەم، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىدۇر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلىدۇر،ـ دېدىم ۋە قولۇم بىلەن قەبرىنى ئىشارەت قىلىپ: كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئەنە ئاۋۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىنىڭ قەبرىسىدۇر،ـ دېدىم.

ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى جۇبەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ كەلدى. بىر ئادەم ئۇنىڭغا: سەن پىتنىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا قانداق قارايسەن؟ـ دېدى. ئىبنى ئۆمەر: پىتنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىدى. مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇشقا كىرىش پىتنىنى تۈگىتىش ئۇرۇشى ھېسابلىناتتى. بىراق سىلەرنىڭ خەلىپىگە قارشى ئۇرۇش قىلغىنىڭلار پىتنىنى تۈگىتىش ئۇرۇشى ئەمەس،ـ دېدى.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: **﴿پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾** دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: يەنى شېرىك تۈگىگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.

ئەبۇئالىيە، مۇجاھىد، ھەسەن، قەتادە، رەبىئ ئىبنى ئەنەس، سۇددى، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە زەيد ئىبنى ئەسلەم قاتارلىقلارنىڭمۇ مۇشۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق زۆھرىدىن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ۋە باشقا بىر قىسىم ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بۇ ئايەتنى: مۇسۇلمان ئۆز دىنىدا بوزەك قىلىنمايدىغان ھالەتكە يەتكەنگە قەدەر كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار،ـ دەپ تەپسىر قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە: **الله** تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكى خالىس تونۇلغانغا قەدەر كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار،ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

(1) نىسا سۈرىسى 93 ـ ئايەت.

ھەسەن، قەتادە ۋە ئىبنى جۇرەيج قاتارلىقلار: "الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق" دېيىلگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ـ دېدى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكى خالىس تونۇلغان، شېرىك كەلتۈرۈش تۈگەپ، بۇتلار پۈتۈنلەي تازىلانغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر، ـ دېدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنى: سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا كۇپۇرلۇق تەل ـ تۈكۈس يوقالغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، ـ دەپ تەپسىر قىلدى.

بۇ مەزمۇننى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسى تەكىتلەيدۇ: «مەن ئىنسانلار "الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق" دېگەنگە قەدەر (ئۇلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار ئۇنى دېسە، مەندىن جانلىرى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسابى (يەنى ئىچكى سىرى) الله تائالاغىدۇر. ئەمما ئىسلام قانۇنى بويىچە جازا كېلىپ قالسا، ئۇ جازالىنىۋېرىدۇ».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قەھرىمانلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان، مىللەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان، رىيا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان ئادەملەردىن قايسىسى غالىب ۋە بۈيۈك الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھېسابلىنىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى الله تائالانىڭ كەلىمىسىنى (يەنى الله تائالانىڭ دىنىنى) ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان بولسا، ئەنە شۇ ئادەم غالىب ۋە بۈيۈك الله تائالانىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

﴿**ئەگەر ئۇلار (كۇپرىدىن) يانسا**﴾ يەنى ئۇلار كۇپۇرلۇق بىلەن سىلەرگە قىلغان ئۇرۇشتىن يانسا، گەرچە سىلەر ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلمىسەڭلارمۇ، ﴿**الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ**﴾.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار﴾[1]، ﴿ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر﴾[2]، ﴿تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە الله نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ﴾[3].

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇسامە مەلۇم بىر ئۇرۇشتا بىر ئادەم بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىپ ئۇنى يېڭىۋالىدۇ، ئۇ ئادەم: "الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق" دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بىراق ئۇسامە ئۇنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇسامىگە: «ئۇ: "الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق" دېسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟ قىيامەت كۈنى: "الله تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق" دېگەن سۆزگە قانداقمۇ

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەھزاب سۈرىسى 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) بەقەرە سۈرىسى 193 ـ ئايەت.

قىلارسەن؟» دېدى ۋە: «قىيامەت كۈنى: "الله تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق" دېگەن سۆز ئۈچۈن ساڭا كىممۇ كېپىل بولار؟» دەپ، بۇ سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى. ئۇسامە: ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولماي، شۇ كۈنى مۇسۇلمان بولغان بولسام بوپتىكەن دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم، ـ دېدى.

**﴿ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، الله سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، الله نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!﴾** يەنى ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن قارشىلىشىش ۋە ئۇرۇشۇشنى داۋاملاشتۇرىۋەرسە، بىلىپ قويۇڭلاركى، الله سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئىگەڭلاردۇر. دۈشمىنىڭلارغا قارشى سىلەرگە ياردەم بەرگۈچىدۇر، الله نېمە دېگەن ياخشى مەدەتكار! نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى!

* * * * * * *

۞ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا غَنِمۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُۥ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ إِن كُنتُمۡ ءَامَنتُم بِٱللَّهِ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا يَوۡمَ ٱلۡفُرۡقَانِ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ٤١

(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله غا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر الله غا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار (الله نىڭ غەنىمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴿41﴾.

## ئۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنغان ۋە ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ ھۆكمى

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئىلگىرى ئۆتكەن باشقا ئۈممەتلەرگە قارىغاندا، ئەڭ شەرەپلىك بولغان بۇ ئۈممەتكە خاس قىلىپ بەرگەن غەنىمەتلەرنى ھالال قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ھۆكمنى يولغا قويغانلىقنى تەپسىلي بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنغان غەنىمەت دېگىنىمىز، جەڭ قىلىش ئارقىلىق كاپىرلاردىن قولغا چۈشۈرگەن مال ـ مۈلۈكتۇر. ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەت دېگىنىمىز، سۈلھى ئارقىلىق قولغان كەلتۈرگەن ياكى ئىگىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ۋارىسسىز قالغان مال ـ مۈلۈكلەر، جىزىيلەر، خىراجلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مال ـ مۈلۈكلەردۇر.

**﴿(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله غا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاستۇر﴾**

بۇ ئايەت غەنىمەت ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، تاكى يىپ ـ يىڭنىغىچە ھەممىنى بەشكە بۆلۈشنى تەكىتلەيدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات، (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[1].

زەھھاك ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتسە ۋە ئۇرۇشتا غەنىمەت ئالسا، بۇ غەنىمەتنى بەشكە بۆلەتتى. ئاندىن بەشتىن بىرىنى يەنە بەشكە بۆلۈپ، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بەش تۈرلۈك كىشىگە تارقىتىپ بېرەتتى. ئاندىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿**(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله غا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە خاستۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى ۋە: الله تائالاغا بېرىلگەن ئۈلۈش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئۈلۈش قوشۇلۇپ بىر ئۈلۈش ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى.

ئىبراھىم نەخەئى، ھەسەن ئىبنى مۇھەممەد، ھەسەنبەسرى، شەئبىي، ئەتا ئىبنى ئەبۇرەجا، ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە، قەتادە، مۇغىيرە ۋە بىرقانچە كىشىلەرمۇ الله تائالانىڭ ئۈلۈشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈلۈشى بىر ئۈلۈش ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى.

بۇنى ئىمام ئەبۇبەكىر بەيھەقى بەلقەيىنلىك بىر ئادەمدىن رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ، ئۇ ئادەم مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ مەككە جىلغىلىرىدىن بىرىدە ئات چاپتۇرىۋاتقان ئىكەن. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! غەنىمەت ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ ـ دېدىم، ئۇ: «بەشتىن بىرى الله ئۈچۈندۇر، بەشتىن تۆتى ئەسكەرلەر ئۈچۈندۇر» دېدى. مەن: غەنىمەت بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە ئارتۇق بېرەلمەمدۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ: «ياق، غەنىمەت سەن يېنىڭدىن چىقىرىدىغان مال ئەمەس، سېنىڭ بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىڭدىن ئارتۇق غەنىمەت ئېلىشقا ھېچ ھەققىڭ يوق» دېدى.

ئىمام ئەھمەد مىقداد ئىبنى مەئدىكەرىب كىندىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن (مىقداد) ئۇبادە ئىبنى سامىت، ئەبۇدەردا ۋە ھارىس ئىبنى مۇئاۋىيە كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتۇق. ئەبۇدەردا ئۇبادەگە: ئى ئۇبادە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پالانى، پالانى غازاتلاردا ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرى ھەققىدە نېمە دېگەن ئىدى؟ ـ دېدى. ئۇبادە مۇنداق دېدى: شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر غازاتتا ساھابىلەر بىلەن غەنىمەت ئېلىنغان بىر تۆگىنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇدى، نامازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆگىنىڭ شاقشىقى ئارىسىدىن تۈك ئېلىپ مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇشۇنچىلىك

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 161 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نەرسىمۇ سىلەرنىڭ غەنىمەتىڭلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا سىلەرگە ئوخشاشلا مىنىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەققىم بار، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ بەشتىن بىرىمۇ ئاخىرى ھېسابتا سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. غەنىمەتتىن ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، يىپ ـ يىڭنىغىچە ھەممىنى تاپشۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماڭلار، خىيانەت ھەقىقەتەن ئوتتۇر، ئۇنى ئېلىۋېلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نومۇسلۇق ئىشتۇر. الله تائالا يولىدا يىراق ـ يېقىن دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىڭلار، الله يولىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماڭلار، مۇقىم تۇرغاندا بولسۇن ياكى سەپەردە بولسۇن، الله تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار، الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، جىھاد قىلىش ھەقىقەتەن جەننەت دەرۋازىلىرىدىن كاتتا بىر دەرۋازىدۇر. الله جىھاد ئارقىلىق مۆمىنلەرنى غەم ۋە قايغۇدىن قۇتقۇزىدۇ».

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇردۇر. بۇ ھەدىسنى سەھىھ دەپ قارالغان ئالتە ھەدىس كىتابىنىڭ ئاپتورلىرى رىۋايەت قىلمىغان.

لېكىن ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ مەزمۇن (يەنى غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى ھەققىدە ۋە ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشتىن توسقانلىقى) ھەققىدە سۆزلىگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئۈچۈن غەنىمەتلەردىن قول ـ دېدەك ياكى ئات ياكى قىلىچ ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان مال ـ مۈلۈكتىن بىر ئۈلۈش نەرسىنى تاللىۋېلىش ھەققى بار ئىدى. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئىبنى سىرىن ۋە ئامىر شەئبىي قاتارلىقلار شۇنداق دەپ كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىغا كۆپ ساندىكى ئالىملار ئەگەشتى.

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زۇلپىقار دېگەن قىلىچى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئېلىنغان غەنىمەتتىن تاللىۋېلىنغان ئىدى. ئۇ، بۇ قىلىچ ھەققىدە ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى چۈش كۆرگەن.

ئەبۇ داۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەفىيە[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەنىمەتتىن تاللىۋالغان ئايالىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بېرىلىدىغان بىر ئۈلۈش غەنىمەت ھاشىم جەمەتىگە ۋە مۇتەللىب جەمەتىگە بېرىلىدۇ. چۈنكى، مۇتەللىب جەمەتىدىكىلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ھاشىم جەمەتىگە ياردەم بەرگەن. قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېمبارگو يۈرگۈزگەن چاغدا، ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلار ھاشىم جەمەتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر جىلغىغا بىرلىكتە بارغان، ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولغانلار ئۇ جىلغىغا الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىپ بارغان. كاپىر بولغانلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى قوغداش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇتالىبقا بويسۇنۇش يۈزىسىدىن بارغان.

(1) سەفىيە ـ يەھۇدىي مىللىتىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خەيبەر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ئارىسىدىن تاللىۋالغان. كېيىن ئۇنى ئازاد قىلىۋېتىپ ۋە ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆز نىكاھىغا ئالغان.

﴿**يېتىملەرگە**﴾ يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ يېتىم - يېسىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ﴿**مىسكىنلەرگە**﴾ يەنى كۈندىلىك ھاجەتلىرىنى ۋە تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

﴿**ئىبنى - سەبىللەرگە**﴾ يەنى سەپەر قىلغۇچى ياكى ناماز قەسىر قىلىپ ئوقۇلىدىغان يىراقلىقتىكى يەرگە سەپەر قىلماقچى بولغان، لېكىن شۇ سەپەردە ئىشلىتىلىدىغان پۇل - مېلى قالمىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. **اللّٰه** خالىسا بۇ ھەقتە، تەۋبە سۈرىسىدىكى سەدىقە بېرىلىدىغان كىشىلەر بايان قىلىنغان ئايەتنىڭ تەپسىرىدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

**﴿ئەگەر سىلەر اللّٰه غا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار (اللّٰه نىڭ غەنىمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار)﴾**
يەنى ئەگەر سىلەر **اللّٰه** تائالاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە **اللّٰه** تائالا پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان نەرسىلەرگە ئىشەنسەڭلار، بىز سىلەرگە بەلگىلەپ بەرگەن غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرى ھەققىدىكى ھۆكۈمگە چىڭ يېپىشىڭلار.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇقەيس ئەلچىلىرىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرنى تۆت ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇيمەن ۋە تۆت ئىشنى قىلىشتىن توسىمەن. مەن سىلەرنى **اللّٰه** تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇيمەن، **اللّٰه** تائالاغا ئىمان ئېيتىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسا: "**اللّٰه** تائالادىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد **اللّٰه** نىڭ ئەلچىسىدۇر" دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ۋە ئۇرۇشلاردا ئېلىنغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى خەلىپىگە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر... ».

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى خەلىپىگە تاپشۇرۇشنى ئىمان قاتارىدىن ساناپدى. ئىمام بۇخارىمۇ غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى خەلىپىگە تاپشۇرۇشنى ئىمان ئېيتىشنىڭ قاتارىدىن ساناپ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

مەزكۇر ئايەتتە **اللّٰه** تائالا بەدرى ئۇرۇشى ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىغانلىقىدىن ئىبارەت بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى ۋە ياخشىلىقلىرىنى بايان قىلىدۇ. **اللّٰه** ئۇ كۈننى ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان كۈن دەپ ئاتىدى. چۈنكى **اللّٰه** ئۇ كۈندە ئىمان كەلىمىسىنى باتىل دىنلار ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈردى. پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۆز دىنىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئەۋفىدىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدر ئۇرۇشى بولغان كۈن ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان كۈن دەپ ئاتالدى. چۈنكى، **اللّٰه** تائالا ئۇ كۈندە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىدى.

مۇجاھىد، مۇقسىم، ئۇبەيدە ئىبنى ئابدۇللاھ، زەھھاك، قەتادە، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان

ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ: بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈننى ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندۇر، - دېدى.

*******

إِذۡ أَنتُم بِٱلۡعُدۡوَةِ ٱلدُّنۡيَا وَهُم بِٱلۡعُدۡوَةِ ٱلۡقُصۡوَىٰ وَٱلرَّكۡبُ أَسۡفَلَ مِنكُمۡۚ وَلَوۡ تَوَاعَدتُّمۡ
لَٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِي ٱلۡمِيعَٰدِ وَلَٰكِن لِّيَقۡضِيَ ٱللَّهُ أَمۡرٗا كَانَ مَفۡعُولٗا لِّيَهۡلِكَ مَنۡ هَلَكَ عَنۢ
بَيِّنَةٖ وَيَحۡيَىٰ مَنۡ حَيَّ عَنۢ بَيِّنَةٖۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَسَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٤٢﴾

ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا، سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى. (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزەڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار، لېكىن اللّٰه بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى). اللّٰه نىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى. اللّٰه (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى)، ئەلۋەتتە، ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿42﴾.

## بەدرى ئۇرۇشىنىڭ تەپسىلاتلىرى

اللّٰه تائالا ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان بۇ كۈندىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار**﴾ يەنى مەدىنىگە يېقىن تەرەپكە چۈشكۈن قىلدىڭلار. ﴿**ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى**﴾ يەنى مۇشرىكلار مەدىنىدىن يىراق، مەككىگە يېقىن تەرەپكە چۈشكۈن قىلدى.

﴿**(قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا، سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى**﴾ يەنى ئەبۇسۇفيان باشچىلىقىدىكى سودا كارۋىنى دېڭىز قىرغىقى تەرەپكە يېقىن ئىدى.

﴿**(مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزەڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار**﴾ مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق يەھيا ئىبنى ئۇبادىتىن ئۇبادە ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر سىلەر مۇشرىكلار بىلەن شۇ جايدا ئۇچرىشىشنى ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، ئاندىن سىلەرگە ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ، سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنىڭ خەۋىرى يېتىپ كەلسە، سىلەر ئۇلار بىلەن ئۇچراشمايتتىڭلار.

﴿**لېكىن اللّٰه بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى)**﴾ يەنى اللّٰه

756

ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىش، شېرىكنى ۋە مۇشرىكلارنى سىلەرنىڭ كۈچۈڭلارسىز خار قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت مۆمىنلەرگە مېھرى - شەپقەت قىلىپ ئىرادە قىلغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

كەئب ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار پەقەت قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنىنى كۆزلەپ يولغا چىققان ئىدى. نەتىجىدە، الله ئۇلارنى دۈشمەنلەر بىلەن ۋەدىلەشمىگەن بىر جايدا ئۇچراشتۇردى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق يەزىد ئىبنى رۇماندىن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرىگە يېقىنلاشقان چاغدا، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب، سەئد ئىبنى ئەبۇۋاققاس، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام قاتارلىق بىر قانچە ساھابىلىرىنى خەۋەر ئىگەللەش ئۈچۈن ئالدىن ئەۋەتتى. ئۇلار سەئد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جەمەتىگە تەۋە بىر بالا ۋە ھۇججاج جەمەتىگە تەۋە بىر بالىدىن ئىبارەت قۇرەيشنىڭ سۇچىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇ ئىككى بالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇلاردىن: سىلەر كىمنىڭ سۇچىلىرى بولىسىلەر؟ - دەپ سوراشقا باشلىدى. ئۇ ئىككىسى: بىز قۇرەيشنىڭ سۇچىلىرى، ئۇلار بىزنى سۇ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، - دېدى. ساھابىلەر ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ياقتۇرمىدى. ئۇلار ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەبۇسۇفياننىڭ ئادەملىرى بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ئىككىسىنى ئۇردى. ئۇلار ئۇ ئىككىسىگە تەھدىت سېلىۋىدى، ئۇ ئىككىسى: بىز ئەبۇسۇفياننىڭ ئادەملىرى، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۇ ئىككى بالىغا تەگمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ رۇكۇ، سەجدىلىرىنى تۈگىتىپ، سالام بەرگەندىن كېيىن: «ئۇ ئىككىسى سىلەرگە راست گەپ قىلسا، سىلەر ئۇلارنى ئۇردۇڭلار. ئۇلار سىلەرگە يالغان سۆزلىسە، سىلەر ئۇلارغا تەگمىدىڭلار. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئىككىسى راست سۆزلىگەن ئىدى، ئۇلار ھەقىقەتەن قۇرەيشنىڭ سۇچىلىرىدۇر» دېدى ۋە ئۇ ئىككىسىگە قاراپ: «ماڭا قۇرەيشلەرنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق خەۋەر بېرىڭلار» دېدى. ئۇ ئىككىسى: ئۇلار سەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئارقىسىغا، ۋادىنىڭ مەدىنىگە يىراق تەرىپىگە ئورۇنلاشتى، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە: «قۇرەيشلەرنىڭ سانى قانچىلىك؟» دېدى. ئۇ ئىككىسى: ئۇلارنىڭ سانى جىق، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرى قانداقراق؟» دېدى. ئۇ ئىككىسى: بىلمەيمىز، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار كۈنىگە قانچە تۆگە ئۆلتۈرىدۇ؟» دېدى. ئۇ ئىككىسى: بىر كۈنى توققۇزنى، بىر كۈنى ئوننى ئۆلتۈرىدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرەيشلەرنىڭ سانى توققۇز يۈزدىن مىڭغىچە ئىكەن» دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسىگە: «قۇرەيشلەرنىڭ يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن كىملەر بار؟» دېدى. ئۇ ئىككىسى: ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئەبۇلبۇختەرى ئىبنى ھىشام، ھەكىم ئىبنى ھىزام، نەۋفەل ئىبنى خۇۋەيلىد، ھارىس ئىبنى ئامىر، تەئىمە ئىبنى ئەدى، نەزىر ئىبنى ھارىس، زەمئە ئىبنى ئەسۋەد، ئەبۇجەھل ئىبنى ھىشام، ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ، ھۇججاجنىڭ ئىككى ئوغلى نەبىھ ۋە مۇنەببەھ، سۇھەيل ئىبنى ئەمرى ۋە ئەمر ئىبنى ئابدۇۋۇد قاتارلىقلار بار، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە بۇرۇلۇپ: «مانا بۇلار مەككىنى ئىدارە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەقىقەتەن سىلەرگە مەككىنىڭ

خەزىنىلىرىنى ئېلىپ كەلدى» دېدى.

**﴿الله نىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى﴾** مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: يەنى الله نىڭ مۇنداق قىلىشى كاپىر بولىدىغانلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتنى ۋە دەلىل ـ پاكىتنى ئاشكارا كۆرۈپ ئاندىن كاپىر بولۇشى، ئىمان ئېيتىدىغانلارنىڭمۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى ۋە دەلىل ـ پاكىتنى ئۈچۈق ـ ئاشكارا كۆرۈپ ئاندىن ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈندۇر. بۇ ناھايىتى ياخشى ئېرىلگەن تەپسىردۇر. ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بولىدۇ:

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: الله سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىش، ھەق دىنىنى باتىل دىنىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش، ھەقىقەتنىڭ ئاشكارا بولۇشى، دەلىل ـ پاكىتنىڭ كەسكىن ۋە روشەن بولۇشى، دەلىل ـ پاكىتقا قارىتا ھېچكىمنىڭ گۇمانى قالماسلىقى ئۈچۈن، سىلەرنى دۈشمىنىڭلار بىلەن ئۇچرىشىشنى ۋەدىلەشمىگەن بىر ئورۇندا ئۇچراشتۇردى. شۇ ۋاقىتتا، ئۇلار كۇپۇرلۇقلىرىنى ئاشكارا كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى يەنىلا داۋاملاشتۇرىدۇ. چۈنكى دەلىل ـ پاكىت كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ تۇيۇق يولدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئىمان ئېيتىدىغانلارمۇ دەلىل ـ پاكىتنى ئاشكارا كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ. ئىمان دىللارنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت ئېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم﴾.[1] ئائىشە ئۆزىگە چاپلانغان بوھتان ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ھەققىمدە بوھتان توقۇغانلار ھالاك بولدى.

**﴿الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى)، ئەلۋەتتە، ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى، يالۋۇرۇشلىرىڭلارنى ۋە ياردەم تىلىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

**﴿(نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾** يەنى سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى، ھەق بىلەن قارشىلاشقۇچى كاپىرلاردىن ئىبارەت دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

* * * * * *



إِذْ يُرِيكَهُمُ ٱللَّهُ فِي مَنَامِكَ قَلِيلًا ۖ وَلَوْ أَرَىٰكَهُمْ كَثِيرًا لَّفَشِلْتُمْ وَلَتَنَٰزَعْتُمْ فِي ٱلْأَمْرِ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ سَلَّمَ ۗ إِنَّهُۥ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ﴿٤٣﴾ وَإِذْ يُرِيكُمُوهُمْ إِذِ ٱلْتَقَيْتُمْ فِىٓ أَعْيُنِكُمْ قَلِيلًا وَيُقَلِّلُكُمْ فِىٓ أَعْيُنِهِمْ لِيَقْضِىَ ٱللَّهُ أَمْرًا كَانَ مَفْعُولًا ۗ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرْجَعُ ٱلْأُمُورُ ﴿٤٤﴾

(1) ئەنئام سۈرىسى 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا، **اللە** چۈشۈڭدە ساڭا ئۇلارنى (يەنى دۈشمەنلىرىڭنى) ئاز كۆرسەتتى، ئەگەر ساڭا ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا، سىلەرگە چوقۇم قورقۇنچ چۈشەتتى ۋە جەڭ ئىشىدا چوقۇم دە ـ تالاش قىلاتتىڭلار، لېكىن **اللە** (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى. **اللە** دىللاردىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿43﴾. **اللە** بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى. ھەممە ئىش **اللە** غا قايتۇرۇلىدۇ (**اللە** ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ)﴿44﴾.

## اللە تائالانىڭ ھەر بىر تەرەپتىكى قوشۇننى قارشى تەرەپكە ئاز كۆرسەتكەنلىكى

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: **اللە** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشىدە قۇرەيشلەرنى ئاز كۆرسەتتى، بۇ چۈشنى ساھابىلىرىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشقا بولغان رىغبىتى ئاشتى.

ئىبنى ئىسھاق ۋە بىر قانچە كىشىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېدى. ﴿**ئەگەر ساڭا ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا، سىلەرگە چوقۇم قورقۇنچ چۈشەتتى**﴾ يەنى سىلەر ئۇلاردىن چوقۇم قورققان بولاتتىڭلار ۋە ئاراڭلاردا ئىختىلاپ چىققان بولاتتى.

﴿**لېكىن اللە (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى**﴾ يەنى ساڭا دۈشمەنلەرنى ئاز كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ ئىشتىن ساقلاپ قالدى. ﴿**اللە دىللاردىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**﴾ يەنى دىللارغا يوشۇرغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ﴿اللە كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1].

﴿**اللە بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى**﴾ بۇمۇ ھەم **اللە** تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر. چۈنكى، **اللە** ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە دۈشمەنلىرىنى ئاز كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدە كاپىرلارغا قارشى جۈرئەت پەيدا بولدى. ئەبۇئىسھاق سەبىئى ئەبۇئۇبەيدىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى دۈشمەنلەر بىزنىڭ كۆزلىرىمىزگە ھەقىقەتەن ئاز كۆرۈندى. ھەتتا يېنىمدىكى ئادەملەر: ئۇلار يەتمىش ئەتراپىدا ئىكەن، ـ دېدى. كېيىن بىز ئۇلاردىن بىر ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سانىنى سورىدۇق. ئۇ: بىز مىڭ ئادەم ئىدۇق، ـ دېدى. بۇنى ئىبنى ئەبۇھاتەم ۋە ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان.

(1) غافىر سۈرىسى 19 ـ ئايەت.

ئىبنى ئەبۇهاتەم ئىكرىمەنىڭ بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله ھەر ئىككىلا تەرەپنى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇردى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق يەهيا ئىبنى ئۇبادە ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ: ﴿**الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن**﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەنى الله ئىنتىقام ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەردىن ئىنتىقام ئېلىش ۋە نېئمەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان دوستلىرى - مۆمىنلەرگە نېئمەتلىرىنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەدرى ئۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

بۇ ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسى شۇكى، الله تائالا ھەر ئىككىلا تەرەپنى قارشى تەرەپ ئۈستىدىن مەغرۇرلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا قىزىقىشى ئۈچۈن، بىر - بىرىگە سانىنى ئاز كۆرسەتتى. بۇ ئەھۋال ئۇرۇشقا سەپ تۈزگەندە يۈز بەردى. ئەمما ئۇرۇش قىزىپ كەتكەن، الله مۆمىنلەرگە ئارقىمۇ ئارقا چۈشۈپ تۇرىدىغان 1000 پەرىشتە بىلەن ياردەم بەرگەن چاغدا، كاپىرلارغا مۆمىنلەرنىڭ سانى ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇپ كۆرۈندى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار، بىرى الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر (يەنى الله كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار﴾[1].

مانا بۇ، ئىككى ئايەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ بىرلىشىشىدۇر[2]. ھەر ئىككىلا ئايەت ئۆز ئورنىدا ھەق ۋە راستتۇر. جىمى مەدھىيە ۋە ھەمدۇسانا الله تائالاغا خاستۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا لَقِيتُمۡ فِئَةٗ فَٱثۡبُتُواْ وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرٗا لَّعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ
﴿٤٥﴾ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَنَٰزَعُواْ فَتَفۡشَلُواْ وَتَذۡهَبَ رِيحُكُمۡۖ وَٱصۡبِرُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ
ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٤٦﴾

ئى مۆمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴿45﴾. (پۈتۈن سۆز - ھەرىكەتلىرىڭلاردا) الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 13 - ئايەت.
(2) تەپسىر بولۇۋاتقان مەزكۇر ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا سەپ تۈزگەن ۋاقىتقا قارىتىلغان، ئال ئىمران سۈرىسى نىڭ 13 - ئايىتىنىڭ مەزمۇنى ئۇرۇش قىزىپ كەتكەن ۋاقىتقا قارىتىلغان بولغاچقا، بۇ ئىككى ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىگە قارمۇقارشى كەلمەيدۇ.

قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴿46﴾.

## ئۇرۇش پرىنسىپلىرىنىڭ ئۆگىتىلىشى

مانا بۇ، الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى ئۇرۇش پرىنسىپلىرىنى ۋە ئۇلار بىلەن سەپ تۈزگەن چاغدىكى ھەيۋەت بىلەن تۇرۇش يوللىرىنى ئۆگىتىشىدىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿ئى مۆمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار﴾**.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئەۋفادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈن قايرىلغۇچە كۈتۈپ تۇردى. ئاندىن ساھابىلەر ئارىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق! سىلەر دۈشمەنگە ئۇچرىششنى ئارزۇ قىلماڭلار. الله تائالادىن ئامانلىق تىلەڭلار، ئەگەر دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭلار، ئۇرۇشتا چىداملىق بولۇڭلار. بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازراق تۇرۇۋېلىپ مۇنداق دېدى: «ئى كىتاب چۈشۈرگۈچى، بۇلۇتلارنى ئۈزدۈرگۈچى، ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنى مەغلۇپ قىلغۇچى الله! ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغىن. بىزگە ئۇلارغا قارشى ياردەم بەرگىن».

كەئب ئىبنى ئەخبارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالاغا قۇرئان ئوقۇش ۋە زىكرى قىلىشتىن ياخشى كۆرۈلىدىغان ھېچ ئىش يوق. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، الله ئىنسانلارنى ناماز ئوقۇشقا ۋە جىھاد قىلىشقا بۇيرىمايتتى. قارىمامسىلەر، الله تائالا ئىنسانلارنى جىھاد ۋاقتىدىمۇ زىكرى ئېيتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿ئى مۆمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار﴾**.

## دۈشمەن بىلەن قارىمۇ قارشى ھالغا كەلگەندە تەمكىن تۇرۇشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى



الله تائالا مۇجاھىدلارنى دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا، مەزمۇت تۇرۇشقا؛ ئۇلار بىلەن ئېلىشقاندا، چىداملىق بولۇشقا، قاچماسلىققا، چېكىنمەسلىككە ۋە قورقۇنچاقلىق قىلماسلىققا؛ ئەنە شۇ ھالەتتىمۇ الله تائالانى ياد ئېتىشكە، ئۇنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىققا، بەلكى الله تائالادىن ياردەم تىلەشكە، شۇ ئەھۋاللاردا الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا، الله تائالا بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىشقا، توسقان ئىشلىرىدىن يېنىشقا، ئۆزئارا ئىختىلاپ تۇغدۇرماسلىققا بۇيرۇدى. ئەگەر ئۇلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشسا، بۇ ئىختىلاپ ئۇلارنىڭ يېڭىلىشىغا ۋە مەغلۇپ

بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

﴿**كۆچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ**﴾ يەنى كۈچۈڭلار، بىرلىكىڭلار ۋە دۈشمەنلەرگە قارشى بولغان جۈرئىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. ﴿**سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر**﴾ ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىشىدە، **الله** ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان نەرسىلەرنى قىلىشىدا، **الله** كۆرسەتكەن كۆرسەتمىلەرنى چىڭ تۇتۇشىدا ئېلىشقا تېگىشلىك ئۈلگىلەر بار.

بۇ ئېسىل خىسلەتلەر ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ھېچ ئادەمگە نېسىپ بولمىدى. ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغانلاردىنمۇ ھېچكىمگە نېسىپ بولمايدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكىتى ۋە ئۇ بۇيرىغان ئىشلارغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ دىللىرىنى، شەرق ۋە غەربتىكى نۇرغۇن ئەللەرنى پەتھى قىلدى. ئۇلارنىڭ سانى باشقا ئەللەردىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئاز تۇرۇقلۇق، رۇم (ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى)، پارس (ئىران ئىمپېرىيىسى)، تۈرك (ئوتتۇرا ئاسىيا يۇرتلىرى)، ساقالىبە ئىمپېرىيىسى[1]، بەربەر (غەربىي شىمالىي ئافرىقىدىكى خەلقلەر يۇرتلىرى)، ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىئوپىيە)، سۇدان، قىبت (ھازىرقى مىسىر) قاتارلىق ئەللەرنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئەللەرنى تېز مۇددەت ئىچىدە پەتھى قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسنى بويسۇندۇردى. نەتىجىدە، **الله** تائالانىڭ كەلىمىسى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى ۋە ئۇنىڭ دىنى باشقا دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. 30 يىلغا يەتمىگەن قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دۆلىتى شەرقتىن غەربكىچە كېڭەيدى. **الله** ئۇلاردىن رازى بولسۇن ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسنى رازى قىلسۇن! بىزنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا مەھشەرگاھقا يىغسۇن! **الله** ھەقىقەتەن ناھايىتى سېخىيدۇر ۋە بەندىنىڭ تىلىگىنىنى بەرگۈچىدۇر.

* * * * * * *

وَلَا تَكُونُوا۟ كَٱلَّذِينَ خَرَجُوا۟ مِن دِيَـٰرِهِم بَطَرًا وَرِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ
وَٱللَّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ ﴿٤٧﴾ وَإِذْ زَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَـٰنُ أَعْمَـٰلَهُمْ وَقَالَ لَا غَالِبَ لَكُمُ
ٱلْيَوْمَ مِنَ ٱلنَّاسِ وَإِنِّى جَارٌ لَّكُمْ ۖ فَلَمَّا تَرَآءَتِ ٱلْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَىٰ عَقِبَيْهِ وَقَالَ إِنِّى
بَرِىٓءٌ مِّنكُمْ إِنِّىٓ أَرَىٰ مَا لَا تَرَوْنَ إِنِّىٓ أَخَافُ ٱللَّهَ ۚ وَٱللَّهُ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٤٨﴾ إِذْ يَقُولُ
ٱلْمُنَـٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ غَرَّ هَـٰٓؤُلَآءِ دِينُهُمْ ۗ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ
عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٤٩﴾

يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى) گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) **الله** نىڭ يولىدىن توسىدۇ، **الله** ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر﴿47﴾. ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا (قەبىھ) ئەمەللىرىنى چىرايلىق

(1) **ساقالىبە ئەينى زاماندا بۇلغارىيە بىلەن ئىستانبۇل ئارىلىقىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قۇرۇلغان ئىمپېرىيە.**

كۆرسىتىپ: «ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار» دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە: «مەن سىلەردىن ئادا ـ جۇدا مەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستىنلا اللە دىن قورقىمەن، اللە نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» دېدى﴿48﴾. ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسىلى (يەنى شەك) بارلار: «بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)» دېدى. كىمكى اللە غا يۆلىنىدىكەن (اللە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ)، چۈنكى اللە غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿49﴾.

## مۇشرىكلارنىڭ بەدرى ئۇرۇشىغا چىققان چاغدىكى ھالىتى

اللە تائالا مۆمىن بەندىلىرىنى اللە يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا، ئىخلاسمەن بولۇشقا ۋە اللە تائالانى كۆپ ياد ئېتىشكە بۇيرىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن چىقىشتا **﴿چوڭچىلىق﴾** يەنى ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق **﴿ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى) گە﴾** ئوخشاپ قېلىشتىن توستى. مۇشرىكلار ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلەنگەن ۋە چوڭچىلىق قىلغان ھالدا چىققان ئىدى. ئەبۇجەھىلگە: سودا كارۋىنى ساق ـ سالامەت قۇتۇلدى، سىلەر قايتىپ كېلىڭلار، ـ دېگەن خەۋەر يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ: ياق، اللە تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بەدرى سۈيىدىن ئىچىپ، تۆگىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ھاراقلارنى ئىچمىگىچە، ناخشا ـ ئۇسسۇلچى بىزگە نەغمە ـ ناۋا قىلىپ بەرمىگىچە ئارقىمىزغا قايتمايمىز، شۇنداق قىلساق، شۇ كۈندىكى شانلىق ئىشىمىز ئەرەبلەر مەڭگۈ ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدىغان داستانغا ئايلىنىدۇ، ـ دېدى. ئىش دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. چۈنكى ئۇلار بەدرى سۈيىنىڭ يېنىغا، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمى تەقدىر قىلىنغان ئورۇنغا كەلدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى خارلانغان، كەمسىتىلگەن ۋە ھاقارەتلەنگەن ھالدا بەدرى قۇدۇقلىرىغا، يەنى مەڭگۈلۈك ئازاب ئورنى بولغان دوزاخلارغا تاشلاندى.

شۇڭا اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿اللە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر﴾** يەنى ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋە نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى قاتتىق جازالىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، قەتادە، زەھھاك ۋە سۇددى قاتارلىقلار اللە تائالانىڭ **﴿يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى) گە ئوخشاش بولماڭلار﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار بەدرى ئۇرۇشى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلغىلى چىققان مۇشرىكلاردۇر.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشلەر مەككىدىن بەدرىگە چىققاندا، ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلىرىنى ۋە داپ ـ دۇمباقلىرىنى بىللە ئېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى) گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن توسىدۇ، اللە ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر﴾**.

## شەيتاننىڭ ئۇلارغا ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ مەغرۇرلاندۇرغانلىقى

**﴿ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا (قەبىھ) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: «ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار» دېگەن ئىدى﴾** لەنىتى شەيتان شۇ يامان نىيەتلىرىنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىپ: سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ،ـ دەپ خام ـ خىيال قىلغۇزدى ۋە ئۇلارنىڭ بەنۇبەكىر قەبىلىسىدىن ئىبارەت دۈشمەنلىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەككىگە ھۇجۇم قىلىشقا بولغان قورقۇنچىسىنى قۇرەيشلەردىن كۆتۈرۈۋېتىپ، مەن سىلەرنىڭ قوشنائىلار،ـ دېدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، شەيتان قۇرەيشلەرگە بەنى مۇدلەج قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سۇراقە ئىبنى مالىكنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ، كۆرۈندى، سۇراقە مەككە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگە ئادەم ئىدى. شەيتان قۇرەيشلەرنى ئەنە شۇنداق ئالدىدى.

**الله** تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلدە ئىشقا ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ)، شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغانىنلا ۋەدە قىلىدۇ﴾[1].

ئىبنى جۇرەيج ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ تەپسىر بولۇۋاتقان ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئىبلىس شەيتان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، مۇشرىكلار بىلەن بىللە كەلدى ۋە مۇشرىكلارنىڭ دىللىرىدا: سىلەرنى بۈگۈن ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار،ـ دېگەن ئىشەنچنى تۇرغۇزدى. ئۇلار ئۇرۇشقا كىرگەندە، شەيتان پەرىشتىلەرنىڭ ياردەمگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ **﴿ئارقىسىغا چېكىندى﴾** ۋە: **﴿مەن سىلەردىن ئادا ـ جۇدا مەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستىنلا الله دىن قورقىمەن، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾** دېدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئىبلىس شەيتان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، بەنى مۇدلىج قەبىلىسىدىكى سۇراقە ئىبنى مالىكنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كەلدى. شەيتان مۇشرىكلارغا: بۈگۈن سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ، مەن سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلار،ـ دېدى. قوشۇنلار سەپكە تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر چاڭگال توپا ئېلىپ مۇشرىكلارنىڭ يۈزلىرىگە قارىتىپ ئاتتى. ئۇلار ئارقىسىغا چېكىندى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىبلىسقا قاراپ كەلدى، ئىبلىس مۇشرىكلاردىن بىر ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئىبلىس جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ قولىنى دەرھال تارتىپ ئارقىسىغا چېكىندى، ئەسكەرلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چېكىندى. ھېلىقى مۇشرىك: ئى سۇراقە! سەن بىزنىڭ مەدەتكارىمىز ئىكەنلىكىڭنى دەۋاتاتتىڭغۇ؟ـ دېدى. ئىبلىس: مەن ھەقىقەتەن سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمەن. مەن راستىنلا الله تائالادىن قورقىمەن، الله تائالانىڭ ئازابى قاتتىقتۇر،ـ دېدى. بۇ ئەھۋال ئۇ پەرىشتىلەرنى كۆرگەن چاغدا بولغان ئىدى.

(1) نىسا سۈرىسى 120 ـ ئايەت.

## مۇشرىكلارنىڭ بەدرى ئۇرۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى

﴿**ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا (قەبىھ) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: «ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار» دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە: «مەن سىلەردىن ئادا ـ جۇدا مەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستىنلا ﷲ دىن قورقىمەن، ﷲ نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» دېدى**﴾ ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشقان چاغدا، ﷲ مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلارنىڭ كۆزىگە ئاز كۆرسەتتى، مۇشرىكلارنىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزىگە ئاز كۆرسەتتى. مۇشرىكلار: مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ دىنى ئالداپتۇ، ـ دېدى. ئۇلار بۇ سۆزنى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆزلىرىگە ئاز كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن قىلغان ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى چوقۇم يېڭىۋالىمىز دەپ ئويلايتتى ۋە بۇنىڭدىن ھېچ شەكلەنمەيتتى. ئاندىن ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**كىمكى ﷲ غا يۆلىنىدىكەن (ﷲ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ)، چۈنكى ﷲ غالىبتۇر**﴾.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ﷲ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا قاتتىق يېپىشقانلىقىنى كۆردى. بىزگە بايان قىلىنىشچە، ئەبۇجەھىل: سەركەشلىك ۋە تەرسالىق يۈزىسىدىن ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلار بۈگۈندىن كېيىن ﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلمايدۇ، ـ دېدى.

ئامىر شەئبىي مۇنداق دەيدۇ: مەككە ئەھلىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىسلام ھەققىدە سۆزلەشتى، ئاندىن ئۇلار مۇشرىكلار بىلەن بەدرىگە چىقىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ دىنى ئالداپتۇ، ـ دېدى.

﴿**كىمكى ﷲ غا يۆلىنىدىكەن**﴾ يەنى ﷲ تائالانىڭ كۈچىگە تايىنىدىكەن، ﴿**(ﷲ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ)، چۈنكى ﷲ غالىبتۇر**﴾ يەنى ﷲ تائالاغا ئىلتىجا قىلغان كىشىگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، چۈنكى ﷲ تائالاغالىبتۇر، قۇدرەتلىكتۇر، بۈيۈك پادىشاھتۇر.

﴿**ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ ھەممە ئىشنى ئۆز ئورنىغا قويغۇچىدۇر. ئۇ ياردەمگە ھەقلىق بولغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. مەغلۇبىيەتكە ھەقلىق بولغان كىشىنى مەغلۇب قىلىدۇ.



* * * * * * *

وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذۡ يَتَوَفَّى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ يَضۡرِبُونَ وُجُوهَهُمۡ وَأَدۡبَٰرَهُمۡ وَذُوقُواْ عَذَابَ
ٱلۡحَرِيقِ ﴿٥٠﴾ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيكُمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيۡسَ بِظَلَّٰمٖ لِّلۡعَبِيدِ ﴿٥١﴾

پەرىشتىلەر (بەدرى ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ).

(پەرىشتىلەر ئۇلارغا) «دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» (دەيتتى)﴿50﴾. بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ قىلمىش جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، ﷲ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴿51﴾.

## پەرىشتىلەرنىڭ كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ئالغانلىقى

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! ئەگەر سەن پەرىشتىلەرنىڭ كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقان ھالىتىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە، قاتتىق قورقۇنچلۇق ۋە يىرگىنچلىك بىر ھالەتنى، يەنى پەرىشتىلەرنىڭ ﴿**ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى**﴾ كۆرگەن بولاتتىڭ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ﴿**«دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!»**﴾ دەيتتى.

ئىبنى جۇرەيج مۇجاھىدنىڭ: بەدرى ئۇرۇشى كۈنى پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ﴿ئارقىلىرىغا﴾ يەنى ساغرىلىرىغا ئۇردى، ـ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى جۇرەيج ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا ئالدىنى قىلىپ كەلسە، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قىلىچ بىلەن ئۇراتتى. ئەگەر ئۇلار ئارقىسىغا چېكىنسە، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىلىرىغا ئۇراتتى.

گەرچە بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بەدرى ۋەقەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بارلىق كاپىرلارغا قارىتىلغاندۇر. شۇڭا ﷲ تائالا مۇنداق دىدى: ﴿**پەرىشتىلەر (بەدرى ئۇرۇشىدا) كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرگەن بولاتتىڭ)**﴾ ﷲ تائالا مۇھەممەد سۈرىسىدىمۇ شۇنداق بايان قىلدى. ئەنئام سۈرىسىدىمۇ مۇنداق دېگەنىدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: «سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار!... دەيدۇ﴾[1] يەنى ئەگەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنىڭ چىقىشى قىيىنلاشسا، شۇنداقلا جانلىرى تەنلىرىدىن چىققىلى ئۇنىمىسا، پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلارنى قوللىرى بىلەن ئۇرۇپ، جانلىرىنى مەجبۇرى ئالاتتى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پەرىشتىلەر ئۇلارغا ﷲ تائالانىڭ ئازابى بىلەن غەزىپىنى يەتكۈزىدۇ.

بەرائىنىڭ ھەدىسىدىمۇ مۇنداق بايان قىلىنغان: كاپىر سەكراتتا چۈشكەندە، ئەزرائىل ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق ھالەتتە كېلىپ: ئى پاسكىنا جان! ئاتەشلىك شامالنىڭ، زىيادە ھارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سايىنىڭ ئازابىغا چىققىن!ـ دەيدۇ. ئاندىن جان ئۇنىڭ تېنىدىن ئايرىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇ جاننى تەندىن خۇددى ھۆل يۇڭدىن زىخ تارتىپ چىقارغاندەك، قوپاللىق بىلەن تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۇ جاننى تەننىڭ تومۇر ۋە پەيلىرىدىن يۇلۇپ چىقىرىدۇ.



(1) ئەنئام سۈرىسى 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇڭا الله تائالا پەرىشتىلەرنىڭ كاپىرلارغا مۇنداق دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ: ﴿«دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!»﴾، ﴿بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ قىلمىش جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر﴾ يەنى سىلەرگە بېرىلگەن بۇ جازا سىلەرنىڭ دۇنيادىكى ھايات چېغىڭلاردا قىلغان يامان ئىشلىرىڭلار سەۋەبىدىندۇر. الله سىلەرگە شۇ قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن بۇ جازانى بەردى.

﴿الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾ يەنى الله بەندىلىرىدىن ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ. بەلكى ھېكمەت ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. الله بۈيۈكتۇر، يۈكسەكتۇر، ئۇلۇغدۇر، ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ھەممىدىن بىھاجەتتۇر ۋە مەدھىيىگە لايىقتۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇمنى ھارام قىلدىم، ئۇنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم. ئۆزئارا زۇلۇم قىلىشماڭلار. ئى بەندىلىرىم! ئەنە شۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردۇر، مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم. كىمكى ياخشىلىققا ئېرىشسە، الله تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن. كىمكى يامانلىققا ئېرىشسە، ئۇ پەقەت ئۆزىگىلا مالامەت قىلسۇن».

* * * * * * *

كَدَأۡبِ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَفَرُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِيٌّ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ﴿٥٢﴾

(بۇ كاپىرلارنىڭ گۇناھ قىلىش ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى، گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى. الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴿52﴾.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! بىز سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسەك، سېنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنىڭ قىلمىشلىرىغا ئوخشايدۇ. بىز ئۇلارغا ئوخشاش پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان پىرئەۋن تەۋەلىرى ۋە بۇلاردىنمۇ ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلىش ئادىتىمىز ۋە شۇلارغا تۇتقان يولىمىز بويىچە مۇشرىكلارنى جازالىدۇق.

﴿گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى﴾ يەنى الله تائالا ئۇلارنى غالىب ۋە قۇدرەتلىك ھالەتتە تۇرۇپ ھالاك قىلدى. ﴿الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾ يەنى ھېچقانداق غالىب كۈچ الله تائالانى يېڭەلمەيدۇ ۋە ھېچبىر گۇناھكار الله تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

* * * * * * *

ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ لَمۡ يَكُ مُغَيِّرٗا نِّعۡمَةً أَنۡعَمَهَا عَلَىٰ قَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمۡ وَأَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٥٣﴾ كَدَأۡبِ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۚ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِمۡ فَأَهۡلَكۡنَٰهُم بِذُنُوبِهِمۡ وَأَغۡرَقۡنَآ ءَالَ فِرۡعَوۡنَۚ وَكُلّٞ كَانُواْ ظَٰلِمِينَ ﴿٥٤﴾

بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە الله ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿53﴾. (ئۇلارنىڭ ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇكى، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، پىرئەۋن جامائەسىنى (دېڭىزغا) غەرق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى (كۇفرىلىق ۋە گۇناھ قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئازابقا دۇچار قىلىش بىلەن) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى (قەۋم) بولدى﴿54﴾.

الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئادىل ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىرەر ئادەم گۇناھ قىلىش تۈپەيلىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن نېمەتنى ئۆزى ئۆزگەرتىۋەتمىسىلا، الله تائالا ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى الله نىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى الله ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، الله بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان الله دىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ﴾[1].

**﴿(ئۇلارنىڭ ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇكى﴾** يەنى مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرى پىرئەۋن تەۋەلىرى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان شۇ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى ھالاك قىلدى. الله ئۇلارغا ئاتا قىلغان باغۇ ـ بوستان، بۇلاق، زىرائەت، بايلىق ۋە ئېسىل تۇرالغۇ جاي قاتارلىق نېمەتلەرنى ۋە ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان مېۋىلەرنى ئۇلاردىن تارتىۋالدى. شۇنداق قىلىشى الله تائالانىڭ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

* * * * * * *

إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٥٥﴾ ٱلَّذِينَ عَٰهَدتَّ مِنۡهُمۡ ثُمَّ يَنقُضُونَ عَهۡدَهُمۡ فِي كُلِّ مَرَّةٖ وَهُمۡ لَا يَتَّقُونَ ﴿٥٦﴾ فَإِمَّا تَثۡقَفَنَّهُمۡ فِي ٱلۡحَرۡبِ فَشَرِّدۡ بِهِم مَّنۡ خَلۡفَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ يَذَّكَّرُونَ ﴿٥٧﴾

(1) رەئد سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرغانلاردۇركى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئىمان ئېيتمايدۇ﴿55﴾. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم كىشىلەر بىلەن (مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەسلىكلىرى ئۈستىدە) مۇئاھىدە تۈزدۈڭ، ئۇلار بولسا ھەر قېتىمدا مۇئاھىدىسىنى بۇزىدۇ، ئۇلار ﷲ دىن قورقمايدۇ﴿56﴾. ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن (يەنى ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن)﴿57﴾.

## كۇپۇرلۇق قىلغان ۋە ئەھدىنى بۇزغان كاپىرلارنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا

ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنىنىڭ ﷲ تائالاغا ئىمان ئېيتمايدىغان، ھەر زامان ئەھدە تۈزسە ئەھدىسىدە تۇرمايدىغان، ئەھدىسىنى قەسەم بىلەن تەكىتلەپ تۇرۇپ ئۇنى بۇزىدىغان كاپىرلار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

**﴿ئۇلار ﷲ دىن قورقمايدۇ﴾** يەنى ئۇلار قىلغان گۇناھلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا ﷲ تائالادىن قورقمايدۇ. **﴿ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن﴾**.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ھەسەنبەسرى، زەھھاك، سۇددى، ئەتا خۇراساني ۋە ئىبنى ئۇيەينە قاتارلىقلار مۇنداق دېدى: يەنى ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى تازا بەرگىن! بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەرەب ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولغان دۈشمەنلەرنىڭ قورقۇشى ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن بۇلارنى قىرىپ تاشلاپ قاتتىق جازالىغىن!

**﴿قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن﴾** دېگەن ئايەت ھەققىدە سۇددى مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ئەھدىنى بۇزۇپ، ئاندىن ئەنە شۇ ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن!

* * * * * * *

وَإِمَّا تَخَافَنَّ مِن قَوْمٍ خِيَانَةً فَانۢبِذْ إِلَيْهِمْ عَلَىٰ سَوَآءٍ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْخَآئِنِينَ ﴿٥٨﴾

ئەگەر سەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن (يەنى سەن بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن). ﷲ ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ﴿58﴾.

# خىيانەت كۆرۈلگەندە ئەھدىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىكار قىلىشنىڭ بۇيرۇلغانلىقى

**ﷲ** تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ**﴾ يەنى سەن ئەھدە تۈزۈشكەن قەۋمنىڭ بۇ ئەھدىنى بۇزماقچى بولغانلىقىنى سەزسەڭ، ﴿**مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن**﴾ يەنى سېنىڭ ئۇلارغا دۈشمەن، ئۇلارنىڭ ساڭا دۈشمەن ئىكەنلىكىنى، ئاراڭلاردىكى ئەھدىنىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن بىكار قىلىنغانلىقىنى، سېنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بىلىپ تۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەھدىنى بىكار قىلغانلىقىڭنى ئوقتۇرۇپ قويغىن.

﴿**ﷲ ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ**﴾ يەنى ئەگەر كاپىرلارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ، **ﷲ** ئۇنى ھەم دوست تۇتمايدۇ.

ئىمام ئەھمەد سەلىم ئىبنى ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاۋىيە رۇم زېمىنىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن رۇملارنىڭ ئارىسىدا مەلۇم مۇددەتلىك ئەھدە بار ئىدى. بۇ ئەھدىنىڭ مۇددىتى تۈگەشكە يېقىنلاشقاندا، ئۇ ئۇلارنىڭ زېمىنىغا يېقىنلىشىشنى كۆزلەپ شۇ يۈرۈشنى قىلدى. ئەھدىنىڭ مۇددىتى تۈگىشى بىلەنلا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئۇلاغقا مىنگەن بىر ئادەم توساتتىن چىقىپ: **ﷲ** بۈيۈكتۇر، **ﷲ** بۈيۈكتۇر، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش كېرەك، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلماسلىق كېرەك، شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم بىرەر قەۋم بىلەن ئەھدە تۈزسە، ئۇنىڭ مۇددىتى تۈگىگىچە ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلسۇن ياكى بۇ ئەھدىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئۇلارغا ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن بىلدۈرۈۋېتىپ قويسۇن» دېگەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ سۆز مۇئاۋىيەگە يېتىپ باردى. مۇئاۋىيە ئارقىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇ پېشقەدەم ئادەمنى سۈرۈشتە قىلسا، ئۇ ئەمر ئىبنى ئەنبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن، بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ھىببان قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

* * * * * * *

وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَبَقُوٓاْۚ إِنَّهُمۡ لَا يُعۡجِزُونَ ﴿٥٩﴾ وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن قُوَّةٖ
وَمِن رِّبَاطِ ٱلۡخَيۡلِ تُرۡهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ ٱللَّهِ وَعَدُوَّكُمۡ وَءَاخَرِينَ مِن دُونِهِمۡ لَا تَعۡلَمُونَهُمُ
ٱللَّهُ يَعۡلَمُهُمۡۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَيۡءٖ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ يُوَفَّ إِلَيۡكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تُظۡلَمُونَ ﴿٦٠﴾

(بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن، ئۇلار (پەرۋەردىگارىنىڭ جازاسىدىن) ھەقىقەتەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ﴿59﴾. دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ﷲ نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، **ﷲ** تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ **ﷲ** يولىدا سەرپ

قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)﴿60﴾.

## الله تائالانىڭ دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش ئۈچۈن مۆمىنلەرنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرىغانلىقى

**﴿كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن﴾** الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! پۇرسەت كەتتى، ئۇلارغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ، دەپ ئويلىمىغىن. بەلكى كاپىرلار بىزنىڭ قۇدرىتىمىز ئاستىدىدۇر ۋە بىزنىڭ چاڭگىلىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يامان ئىش قىلىدىغانلار بىزدىن (يەنى ئازابىمىزدىن) قېچىپ قۇتۇلالايمىز دەپ ئويلامدۇ. ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!﴾[1]، ﴿كاپىرلارنى زېمىندا الله نىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالايدۇ دەپ ئويلىمىغىن، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[2]، ﴿كاپىرلارنىڭ (پۇل ـ مال، ئابروي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك!﴾[3].

ئاندىن الله تائالا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوراللىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەييارلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: **﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە﴾** يەنى قانچىلىك كۈچۈڭلار يەتسە شۇنچىلىك **﴿قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار﴾**.

ئىمام ئەھمەد ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ: «**﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار﴾** بىلىڭلاركى، ئوق ئېتىپ مەشق قىلىش ھەقىقەتەن قورال كۈچى تەييارلىغانلىقتۇر. بىلىڭلاركى، ئوق ئېتىپ مەشق قىلىش ھەقىقەتەن قورال كۈچى تەييارلىغانلىقتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مالىك ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئات ئۈچ تۈرلۈك ئىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ. ئات بېقىش بىر ئادەمگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە بىر ئادەمگە ھاجىتىنى قامدايدىغان مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە يەنە بىر ئادەمگە بولسا، گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ. ئات بېقىپ ئەجرىگە ئېرىشىدىغان



---
(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 4 ـ ئايەت.
(2) نۇر سۈرىسى 57 ـ ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 196 ـــ 197 ـ ئايەتلەر.

ئادەم ئىبتنى الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا ئاتاپ، ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى ئۇزۇن قىلىپ ئوتلاققا ياكى چىملىققا باغلاپ قويىدۇ. ئات ئارغامچىسى يەتكەن يەرگىچە شۇ ئوتلاق ياكى چىملىقتا ئوتلىسا، بۇنىڭ بىلەن ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئات ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېلىپ دۆڭدىن دۆڭگە چېپىپ يۈرسە، ئۇنىڭ چاپقان ئىزلىرى ۋە تېزەكلىرى ئۈچۈنمۇ ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئات بىرەر ئۆستەڭنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ ئۇنىڭدىن سۇ ئىچسە، ئات ئىگىسى ئۇنى ئۆستەڭ بويىغا سۇغىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارمىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى ئات ئىگىسىگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ. بىر ئادەم ئاتنى ئۆز ھاجىتىنى قامداش ۋە موھتاجلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باقىدۇ. ئۇ ئات ئۇستىدىكى الله تائالانىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالماي ئادا قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش، ئۇ ئادەمگە ھاجىتىنى قامدايدىغان مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىر ئادەم ئاتنى باشقىلارغا رىيا قىلىش، پەخىرلىنىش ۋە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن باقىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ ئات ئۆز ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ». ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېشەك توغرۇلۇق سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ماڭا ئۇ ھەقتە پۈتۈن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1] دېگەن بۇ تەڭداشسىز ئايەتتىن باشقا ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئات ئۈچ تۈرلۈك ئىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ، بىرىنچىسى، مەرھەمەتلىك الله تائالا ئۈچۈن؛ ئىككىنچىسى، شەيتان ئۈچۈن؛ ئۈچىنچىسى ئات ئىنسان ئۈچۈن بېقىلىدۇ. مەرھەمەتلىك الله ئۈچۈن بېقىلغان ئات الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن بېقىلغان ئاتتۇر. بۇ ئاتنىڭ يەم ـ خەشىكى، تېزىكى، سۈيدۈكى ۋە باشقا الله خالىغان ھەممە نەرسىسىدە ئات باققۇچىغا ئەجىر بار. شەيتان ئۈچۈن بېقىلغان ئات قىمار ئويناش ياكى پۇل تىكىپ مۇسابىقىگە سېلىش ئۈچۈن بېقىلغان ئاتتۇر. ئىنسان ئۈچۈن بېقىلغان ئات، ئۇنىڭ تايچاقلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بېقىلغان ئاتتۇر. بۇ خىل ئات، (ئات) ئىگىسىنى موھتاجلىقتىن ساقلايدۇ».

ئىمام بۇخارى ئۇرۋە ئىبنى ئەبۇجەئد بارىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر ۋە غەنىمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق چېكىلگەندۇر».

**﴿بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى﴾** يەنى كاپىرلارنى **﴿ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر﴾** مۇجاھىد: ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى دېگەن ئايەتتىن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى.

سۇددى: بۇ ئايەتتىن پارسلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە

(1) زەلزەلە سۈرىسى 7 ـــ 8 ـ ئايەتلەر.

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيت قاتارلىقلار: ئۇلاردىن مۇناپىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ـ دېدى. بۇ خىل قاراشنى ﷲ تائالانىڭ بۇ ئايىتى تەكىتلەيدۇ: ﴿ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز﴾[1].

﴿سىلەرنىڭ ﷲ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)﴾ يەنى سىلەر جىھاد يولىدا نېمىنىلا سەرپ قىلساڭلار، ﷲ سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابىنى تولۇق بېرىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ﷲ نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ﷲ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ﷲ نىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (ﷲ مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)﴾[2].

* * * * * * *

وَإِن جَنَحُواْ لِلسَّلۡمِ فَٱجۡنَحۡ لَهَا وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ﴿٦١﴾ وَإِن يُرِيدُوٓاْ أَن
يَخۡدَعُوكَ فَإِنَّ حَسۡبَكَ ٱللَّهُۚ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَيَّدَكَ بِنَصۡرِهِۦ وَبِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٦٢﴾ وَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِهِمۡۚ
لَوۡ أَنفَقۡتَ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا مَّآ أَلَّفۡتَ بَيۡنَ قُلُوبِهِمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ أَلَّفَ بَيۡنَهُمۡۚ إِنَّهُۥ
عَزِيزٌ حَكِيمٞ ﴿٦٣﴾

ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ﷲ غا تەۋەككۇل قىلغىن. ﷲ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿61﴾. ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھ بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا، ﷲ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. ﷲ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى﴿62﴾. ﷲ مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ﷲ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ﷲ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿63﴾.

## ئەگەر دۈشمەن تىنچلىققا مايىل بولغان تەقدىردە، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ تىنچلىققا مايىل بولۇشقا بۇيرۇلغانلىقى

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇھەممەد! سەن ئەھدە تۈزگەن قەۋمدە خىيانەت ئالامەتلىرىنى

(1) تەۋبە سۈرىسى 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) بەقەرە سۈرىسى 261 ـ ئايەت.

سەزسەڭ، ئەھدىنى ئۇلارغا ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى داۋاڭ قىلسا، سەنمۇ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغىن. ﴿**ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن**﴾ يەنى سۈلھە تۈزۈپ، تىنچلىق ئورنىتىشقا يەنى سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلغىن. شۇڭا ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان يىلى مۇشرىكلار سۈلھى تۈزۈپ، ئۆزلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىسىدىكى ئۇرۇشنى توققۇز يىل توختىتىشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى باشقا شەرتلىرى بىلەن قوشۇپ قوبۇل قىلدى.

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭدىن كېيىن ئىختىلاپ ياكى چوڭ ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئەگەر سەن تىنچلىق ئورنىتىشقا قادىر بولالىساڭ، شۇنداق قىلغىن».

﴿**الله غا تەۋەككۈل قىلغىن**﴾ يەنى ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلغىن، الله ھەقىقەتەن ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر ۋە ياردەم قىلغۇچىدۇر. ئەگەر ئۇلار كۈچلىنىۋېلىش ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىپ، سەن بىلەن سۈلھى تۈزمەكچى بولسا، ﴿**الله (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كۇپايە قىلغۇچىدۇر**﴾.

## الله تائالانىڭ مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت نېمىتىنى ئەسكەرتكەنلىكى

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان، ئۇنى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن ئىبارەت مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەنلىك نېمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى: ﴿**الله سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى. الله مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ساڭا ئىمان ئېيتىشى، ئىتائەت قىلىشى، ياردەم قىلىشى ۋە سېنى كۈچلەندۈرۈشى ئۈچۈن بىرلەشتۈردى.

﴿**سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ**﴾ يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇندىن سوزۇلغان دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ. جاھىلىيەت دەۋرىدە، ئەنسارىلاردىن ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قەبىھ ئىشلار يۈز بەرگەن ئىدى. ئاخىرى، الله ئىماننىڭ نۇرى بىلەن بۇ ئىشلارنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگەتتى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، الله دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، الله نىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، الله سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، الله ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[1].

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەين ئۇرۇشىدا قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەر ھەققىدە ئەنسارىلارىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئەنسارىلار جامائەسى! سىلەر گۇمراھ ئىدىڭلار، اللّٰه مەن ئارقىلىق سىلەرنى ھىدايەت قىلدى. يوقسۇل ئىدىڭلار، اللّٰه مەن ئارقىلىق سىلەرنى باي قىلدى. چېچىلاڭغۇ ئىدىڭلار، اللّٰه مەن ئارقىلىق سىلەرنى بىرلەشتۈردى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر سۆزىنى قىلغاندا، ئەنسارىلار: بۇ، اللّٰه تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ياخشىلىقىدۇر، ـ دېيىشتى.

**﴿لېكىن اللّٰه (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، اللّٰه غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾** يەنى اللّٰه غالىب بولۇپ، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلغان كىشىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ. ئىشلىرىنى ۋە ھۆكۈملەرنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَسۡبُكَ ٱللَّهُ وَمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ﴿٦٤﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَرِّضِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ عَلَى ٱلۡقِتَالِۚ إِن يَكُن مِّنكُمۡ عِشۡرُونَ صَٰبِرُونَ يَغۡلِبُواْ مِاْئَتَيۡنِۚ وَإِن يَكُن مِّنكُم مِّاْئَةٞ يَغۡلِبُوٓاْ أَلۡفٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا يَفۡقَهُونَ ﴿٦٥﴾ ٱلۡـَٰٔنَ خَفَّفَ ٱللَّهُ عَنكُمۡ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمۡ ضَعۡفٗاۚ فَإِن يَكُن مِّنكُم مِّاْئَةٞ صَابِرَةٞ يَغۡلِبُواْ مِاْئَتَيۡنِۚ وَإِن يَكُن مِّنكُمۡ أَلۡفٞ يَغۡلِبُوٓاْ أَلۡفَيۡنِ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ﴿٦٦﴾

ئى پەيغەمبەر! (يالغۇز) اللّٰه ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر﴿64﴾. ئى پەيغەمبەر! مۆمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىداملىق 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار (جاھىل) قەۋم بولۇپ، (اللّٰه نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ﴿65﴾. اللّٰه ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىداملىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، اللّٰه نىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ. اللّٰه چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر﴿66﴾.

## ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇرۇش، سانى ئاز مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ كاپىرلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىش توغرىسىدا

اللّٰه تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۆمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا، دۈشمەنلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشكە ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا قىزىقتۇرىدۇ. ئەگەر مۆمىنلەرنىڭ سانى ئاز، دۈشمەنلەرنىڭ سانى كۆپ بولغان ۋە ئۇلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن

ياردەم كېلىپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ﷲ تائالانىڭ كۈپايە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋە كۈچلەندۈرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ.

﴿**ئى پەيغەمبەر! مۆمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن**﴾ يەنى ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇرغىن ۋە بۇيرىغىن. شۇڭا ئۇلار سەپ تۈزۈپ دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇراتتى.

بەدرى ئۇرۇشىدىمۇ سان جەھەتتىن كۆپ بولغان مۇشرىكلار سەرخىل قوراللار بىلەن قوراللىنىپ كەلگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «كەڭلىكى ئاسمانلار ۋە زېمىندەك كېلىدىغان جەننەت تەرەپكە يۈرۈڭلار» دېدى. ئۇمەير ئىبنى ھەممام جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ كەڭلىكىدەك كېلەمدۇ؟- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئۇ: پاھ، پاھ!- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ پاھ، پاھ! دېيىشىڭگە نېمە تۈرتكە بولدى؟» دېدى. ئۇ: شۇ جەننەتنىڭ ئىگىلىرىدىن بىرى بولۇشمنى ئۈمىد قىلىش تۈرتكە بولدى،- دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ھەقىقەتەن شۇ جەننەتنىڭ ئىگىلىرىدىنسەن» دېدى. ئۇ ئادەم ئازراق ئالدىغىراق ئۆتۈپ، قىلىچىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى ۋە خالتىسىدىن خورما چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن قولىدا قالغان خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ: ئەگەر مەن بۇ خورمىلارنى يەپ تۈگەتكىچە ياشىسام، ئۇ مەن ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇزۇن بىر ھاياتلىقتۇر،- دېدى. ئاندىن دۈشمەننىڭ سېپىغا بۆسۈپ كىرىپ تاكى شېھىت بولۇپ كەتكىچە ئۇرۇشتى. ﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

ﷲ تائالا مۆمىنلەرگە خۇش خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ**﴾ ھەر بىر ئادەم كاپىردىن ئوننى يېڭەلەيدۇ. كېيىنچە بۇ ئايەتتىكى بۇيرۇق ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خۇش - بېشارەت ھۆكمى داۋام قىلدۇرۇلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئىكرىمەدىن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەزكۇر ئايەت نازىل بولغاندا، ﷲ تائالانىڭ (بىر مۇسۇلماننىڭ) 10 كاپىرغا ئۇچراشقاندىمۇ قاچماسلىقنى پەرز قىلىشى مۇسۇلمانلارغا ئېغىر تۇيۇلدى. ئاندىن يەڭگىللىتىلگەن ھۆكۈم نازىل قىلىندى. ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿**ﷲ ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىدامىلىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، ﷲ نىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ**﴾ يەنى ﷲ ئۇلارنىڭ يۈكلىرىنى يەڭگىللەتتى. ئۇلارنىڭ چىدامچانلىقىمۇ يۈكلىرى يەڭگىللىتىلگەن مىقداردا كېمەيتىلدى» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، ئايەتنىڭ ھۆكمى مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى. ئۇلار: 20 مۇسۇلماننىڭ 200 كاپىر بىلەن، 100 مۇسۇلماننىڭ 1000 كاپىر بىلەن ئۇرۇش قىلىشى ناھايىتى تەس دەپ ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ ئۇلاردىن بۇ ھۆكۈمنى يەڭگىللىتىپ، بۇ ئايەتنى يەنە بىر ئايەت بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿**ﷲ ئەمدى سىلەرنىڭ**

**(يۇكۇڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى﴾** شۇنىڭدىن كېيىن، ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ سانى دۈشمەننىڭ سانىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولسا، دۈشمەندىن قورقۇپ قېچىشنى دۇرۇس ئەمەس دەپ قارايتتى. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ سانى دۈشمەنلەرنىڭ سانىنىڭ يېرىمىدىن ئاز بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى ۋاجىب ئەمەس، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى دۇرۇستۇر.

* * * * * * *

مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُۥٓ أَسْرَىٰ حَتَّىٰ يُثْخِنَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ تُرِيدُونَ عَرَضَ ٱلدُّنْيَا وَٱللَّهُ يُرِيدُ ٱلْءَاخِرَةَ ۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٦٧﴾ لَّوْلَا كِتَٰبٌ مِّنَ ٱللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَآ أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٦٨﴾ فَكُلُوا۟ مِمَّا غَنِمْتُمْ حَلَٰلًا طَيِّبًا ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٦٩﴾

پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، **الله** سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. **الله** غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴿67﴾. **الله** نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴿68﴾. (ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، **الله** (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) دىن قورقۇڭلار. **الله** ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر﴿69﴾.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشىدا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ھەققىدە ساھابىلەرگە مەسلىھەت سېلىپ: «**الله** ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۇلارنى ئەسىر ئېلىش ئىمكانىيىتى بەردى» دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە چاپقىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى ئۇنىڭدىن بۇرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئازدىن كېيىن سۆزىنى تەكرارلاپ: «قېرىنداشلار! **الله** ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۇلارنى ئەسىر ئېلىش ئىمكانىيىتى بەردى. ئۇلار تېخى تۈنۈگۈنلا سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار ئىدى» دېدى. ئۆمەر ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىگە چاپقىن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى بۇرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ساھابىلەرگە ھېلىقى سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى **الله** نىڭ پەيغەمبىرى! قارىشىمىزچە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشنى ۋە ئۇلاردىن فىدىيە قوبۇل قىلىشنى خالايدىغاندەك قىلىسەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چىرايىدىكى قايغۇ ئالامەتلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلاردىن فىدىيە قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، غالىب ۋە بۈيۈك **الله** بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **﴿الله نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن**

**ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴾**.

ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **﴿اللہ نىڭ (ئۇچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ئەزەلدىكى ھۆكمى بولمىسا ئىدى﴾** يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا غەنىيمەتلەر ۋە ئەسىرلەر سىلەرگە ھالال دەپ يېزىلمىسا ئىدى، **﴿(ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴾**.

**اللہ** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىيمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار﴾** ئەۋفىيمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەتا، ھەسەنبەسرى، قەتادە ۋە ئەئمەش قاتارلىقلاردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىندى.

**﴿اللہ نىڭ ھۆكمى ئەزەلدە بولمىسا ئىدى﴾** دېگەن ئايەتتىن بۇ ئۈممەتكە غەنىيمەتلەرنى ھالال قىلىش ھۆكمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىدۇر: «ماڭا مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ھېچكىمگە بېرىلمىگەن بەش نەرسە بېرىلدى. مەن دۈشمەنلىرىمگە بىر ئاي يىراقلىقتىكى مۇساپىدىن قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدىم[1]. ماڭا زېمىننىڭ ھەممىسى ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان مەسچىت، تۇپرىقى تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن پاك قىلىپ بېرىلدى. ماڭا غەنىيمەتلەر ھالال قىلىندى. غەنىيمەتلەر مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى. ماڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى. ھەر بىر پەيغەمبەر پەقەت ئۆزىنىڭ قەۋمىگىلا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلەتتى. مەن بولسام، پۈتكۈل ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم».

ئىمام نەسەئى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «غەنىيمەتلەر بىزدىن باشقا ھېچكىمگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى» شۇڭا **اللہ** تائالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿(ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىيمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار﴾** ساھابىلەر بۇ ئايەتكە ئاساسەن ئەسىرلەردىن فىدىيە ئالدى.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ فىدىيەسىنى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ فىدىيەسى بويىچە 400 قىلىپ بېكىتتى. كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئەسىرلەرنىڭ مۇشۇ ھۆكۈم بويىچە مۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى بېكىتىلدى: ئەسىرلەر خەلىپىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر خەلىپە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى خالىسا، ئۇلار ئۆلتۈرۈلىدۇ. بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىدىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر شۇنداق بىر تەرەپ قىلىندى. ئەگەر خەلىپە خالىسا، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىلىدۇ. بەدرى

(1) يەنى بىر ئاي مۇساپە يىراقلىقتىكى دۈشمەنمۇ مەندىن قورقىدۇ.

ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەر مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىندى. ياكى ئەسىرلەر مۇسۇلمانلاردىن كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەسىرلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ سەلىمە ئىبنى ئەكۋە قەبىلىسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىغا مۇشرىكلارنىڭ قولىدىكى ئىككى مۇسۇلمان ئەسىرنى ئالماشتۇرۇپ ئالدى. ئەگەر خەلىپە خالىسا، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قۇل قىلىدۇ.

* * * * * * *

يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ قُل لِّمَن فِيٓ أَيۡدِيكُم مِّنَ ٱلۡأَسۡرَىٰٓ إِن يَعۡلَمِ ٱللَّهُ فِي قُلُوبِكُمۡ خَيۡرٗا يُؤۡتِكُمۡ خَيۡرٗا مِّمَّآ أُخِذَ مِنكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٧٠﴾ وَإِن يُرِيدُواْ خِيَانَتَكَ فَقَدۡ خَانُواْ ٱللَّهَ مِن قَبۡلُ فَأَمۡكَنَ مِنۡهُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٧١﴾

ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، ئەگەر **الله** دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (يەنى دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، **الله** ئۇنى بىلىدۇ)، سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيىدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، (ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. **الله** (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر﴿70﴾. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشۇ ئەسىرلەر ئىمانىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق) ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئىلگىرى ئۇلار (كۇفرى بىلەن، ئەھدىنى بۇزۇش بىلەن) **الله** غا خىيانەت قىلغان ئىدى، **الله** سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى. **الله** (بولغۇسى ھەممە ئىشنى) بىلگۈچى، ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئىش قىلغۇچىدۇر﴿71﴾.

## ئەسىرگە چۈشكەنلەر ياخشىلاردىن بولسا، ئۇلارغا ئېلىنغان فىدىيەنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ياخشى نەرسىنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنىڭ ۋەدە قىلىنغانلىقى

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شەك - شۈبھىسىزكى، مەن ھاشىم جەمەتىدىن ۋە باشقىلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بۇ ئۇرۇشقا مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدىم. ھاشىم جەمەتىدىن بىرەر ئادەم سىلەردىن بىرەرىڭلارغا ئۇچراپ قالسا، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار! سىلەردىن كىمكى ئابباس ئابدۇلمۇتەللىبنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنى ئۆلتۈرمىسۇن! ئۇ ھەقىقەتەن ئۇرۇشقا مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىلغان». ئەبۇھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبە: بىز ئاتىلىرىمىزنى، ئوغۇللىرىمىزنى، قېرىنداشلىرىمىزنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئابباسنى ئۆلتۈرمەمدۇق؟ **الله** تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسام، ئۇنىڭغا چوقۇم قىلىچ سالىمەن، - دېدى.

بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى

خەتتابقا: «ئى ئەبۇھەپس (يەنى ھەپسىنىڭ ئاتىسى ئۆمەر) ! (ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېنى بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئاتىغان تۇنجى كۈنىدۇر.) الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تاغىسىنىڭ يۈزىگە قىلىچ چېپىلامدۇ؟» دېدى. ئۆمەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مەن ئەبۇھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبىنىڭ كاللىسىنى ئالاي، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھەقىقەتەن مۇناپىقلىق قىلدى، ـ دېدى. ئەبۇھۇزەيفە شۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق دەيتتى: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دېگەن ھېلىقى سۆزۈمدىن كېيىن خاتىرجەم بولالمىدىم، ئۇ سۆزۈمدىن داۋاملىق ئەنسىرەپ كەلدىم. الله تائالادىن مېنى شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈپ، ئۇ گۇناھىمنى كەچۈرۈشىنى تىلىدىم. ئەبۇھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبە يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىت بولۇپ كەتتى. الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدرى ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ كەچ كىردى. ئەسىرلەر باغلىنىپ سولاپ قويۇلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كېچىسى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. ساھابىلەر ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ساڭا نېمە بولدى؟ تېخىچە ئۇخلىماپسەنغۇ؟ ـ دېدى. ئابباسنى ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم ئەسىر ئالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تاغام ئابباسنىڭ باغلاق ئازابىدىن ئېڭرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار» دېدى. ئاندىن ئىڭراش ئاۋازى چىقمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇخلىدى.

ئىمام بۇخارى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر بۆلۈك ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە رۇخسەت قىلغىن، بىز ھەمشىرىمىزنىڭ ئوغلى ئابباستىن فىدىيە ئالمايلى، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن بىر تەڭگىمۇ قالدۇرماي ئېلىڭلار» دېدى.

يۇنۇس ئىبنى بۇكەير زۆھرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەسىر چۈشۈپ قالغانلارغا فىدىيە بېرىش ھەققىدە ئادەم ئەۋەتتى. ھەر بىر قەۋم ئۆزلىرىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلار ئۈچۈن ئۆزلىرى رازى بولغان نەرسە بىلەن فىدىيە بەردى. ئابباس: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن مۇسۇلمان ئىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭنى الله ئوبدان بىلىدۇ. ئىش سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسا، الله ھەقىقەتەن ساڭا مۇكاپات بېرىدۇ. ئەمما سېنىڭ ھازىرقى تاشقى كۆرۈنۈشۈڭ بىزگە قارشى چىقىش بولدى. سەن ئۆزەڭ ئۈچۈن، قېرىندىشىڭنىڭ ئىككى ئوغلى نەۋفەل ئىبنى ھارىس ۋە ئەقىل ئىبنى ئەبۇتالىبلار ئۈچۈن، سېنىڭ ئىتتىپاقدىشىڭ بەنۇھارىس ئىبنى فىھرىنىڭ قېرىندىشى ئۇتبە ئىبنى ئەمر ئۈچۈن فىدىيە تۆلىگىن» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەندە ئۇنچىلىك پۇل ـ مال يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۇممۇفەزل بىلەن كۆمۈپ قويغان پۇل ـ مال قەيەردە؟ سەن ئۇممۇفەزلگە: ئەگەر بۇ سەپىرىمدە ماڭا بىرەر مۇسىبەت يېتىپ قالسا، مەن كۆمۈپ قويغان پۇل ـ مال فەزل، ئابدۇللاھ ۋە قۇسۇم قاتارلىقلارنىڭ بالىلىرىغا مىراس قالسۇن، ـ دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟» دېدى. ئۇ: الله

نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن سېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى ئەلۋەتتە بىلمەن، بۇ ئىشنى مەن ۋە ئۇممۇفەزلىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەندىن ئېلىنىدىغان فىدىيە ئۈچۈن مېلىمدىن 20 ئۇقىيە[1] ئالتۇن ھېسابلاپ ئالغىن!ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا سەندىن ئېلىپ بەرگەن بۇ نەرسە ھېچ نەرسە ئەمەس» دېدى. ئابباس ئۆزى، قېرىندىشىنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە ئىتتىپاقدىشى ئۈچۈن فىدىيە تۆلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ھەقتە: ﴿**ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، ئەگەر الله دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (يەنى دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، الله ئۇنى بىلىدۇ)، سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيىدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، (ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر**﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئابباس مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا ماڭا 20 ئۇقىيە ئالتۇننىڭ ئورنىغا (مەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، الله تائالانىڭ مەغپىرىتىنى تەلەپ قىلىشىم بىلەن بىرگە) ھەر بىرىنىڭ قولىدا ئۆزلىرى ئىشلەتكىدەك پۇل ـ مېلى بار 20 قۇل ئاتا قىلدى.

ئەبۇبەكرى بەيھەقى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەھرەيندىن پۇل ـ مال كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى مەسچىتىمگە تۆكۈڭلار» دېدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلتۈرۈلگەن (ماللار ئىچىدىكى) ئەڭ كۆپ مال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا نەزەرمۇ سېلىپ قويماي، نامازغا چىقىپ كەتتى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ مالنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىرەر ئادەمنى كۆرسىلا، ئۇنىڭغا بۇ مالدىن بەردى. شۇ چاغدا ئابباس كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ مالدىن ماڭىمۇ بەرگىن، مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە ۋە ئۇقەيلگە فىدىيە تۆلىدىم،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئالغىن» دېدى. ئۇ چاپىنىغا بۇ ماللاردىن ئوچۇملاپ ئۇستى ۋە كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنى كۆتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئادەملەرگە بۇيرۇغىن، بۇنى ماڭا كۆتۈرۈشۈپ بەرسۇن!ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. ئۇ: ئەمىسە ئۇستۇمگە سەن ئېلىپ بەرگىن،ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ مالدىن ئازراق تۆكۈۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ يولىغا راۋان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ پۇل ـ مالغا ھېرىسمەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۇ كۆزدىن غايىپ بولغىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جايدىن بىرەر دەرھەم[2] قالمىغىچە مىدىرلىمىدى. بۇ ھەدىسنى بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

﴿**(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشۇ ئەسىرلەر ئىمانىنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق) ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئىلگىرى ئۇلار (كۇفرى بىلەن، ئەھدىنى بۇزۇش بىلەن) الله غا خىيانەت قىلغان ئىدى**﴾ يەنى بەدرى ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى كۇپۇرلۇق قىلىش بىلەن خىيانەت قىلغان ئىدى.

(1) 1 ئۇقىيە 119 گرام ئالتۇنغا توغرا كېلىدۇ.
(2) 1 دەرھەم 2.975 گرام ئالتۇنغا تەڭ.

﴿**الله سىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى**﴾ يەنى بەدرى ئۇرۇش بولغان كۈنى الله تائالا ساڭا ئۇلارنى ئەسىر ئېلىش ئىمكانىيىتى بەردى. ﴿**الله (بولغۇسى ھەممە ئىشنى) بىلگۈچى، ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾.

* * * * * * *

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ ءَاوَواْ
وَّنَصَرُوٓاْ أُوْلَٰٓئِكَ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمۡ يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلَٰيَتِهِم مِّن شَيۡءٍ حَتَّىٰ
يُهَاجِرُواْۚ وَإِنِ ٱسۡتَنصَرُوكُمۡ فِي ٱلدِّينِ فَعَلَيۡكُمُ ٱلنَّصۡرُ إِلَّا عَلَىٰ قَوۡمِۭ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُم مِّيثَٰقٞۗ وَٱللَّهُ
بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿٧٢﴾

ئىمان ئېيتقانلار، (الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۈزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ) ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغانلار (يەنى مۇھاجىرلار)، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر ـ بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر ـ بىرىگە مىراسخوردۇر). ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز ئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ؛ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴿72﴾.

## مۇھاجىر ـ ئەنسارىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىگە بولغانلىقى

الله تائالا مۆمىنلەرنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارغا بۆلدى. مۇھاجىرلار يۇرتلىرىنى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ، الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىش، الله تائالانىڭ دىنىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ چىققان مۆمىنلەردۇر. ئۇلار شۇ يولدا ماللىرىنى ۋە جانلىرىنى پىدا قىلدى.

ئەنسارىلار مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئۆز تۇرالغۇ جايلىرىدىن مۇھاجىر قېرىنداشلىرىغا ئورۇن بەردى. ئۇلارنى مال ـ مۈلۈككە شېرىك قىلدى. ئۇرۇشتا ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەردى.

ئەنە شۇلار ﴿**ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر (يەنى بىر ـ بىرىگە ياردەمچىدۇر، بىر ـ بىرىگە مىراسخوردۇر)**﴾ يەنى ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلاردىن ھەر ئىككى ئادەمنى بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداش قىلىپ قويدى. ئۇلار بۇ قېرىنداشلىق بىلەن بىر ـ بىرىدىن مىراس ئېلىشتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئاندىن الله تائالا مىراس

ھەققىدىكى ئايەتلەرنى چۈشۈرۈپ، بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارىمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلار بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر. قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەسىر ئېلىنىپ، ئاندىن قويۇپ بېرىلگەنلەر ۋە سەقىپ قەبىلىسىدىن ئازاد قىلىنغانلار تا قىيامەت كۈنىگىچە بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر».

قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلارنى ماختىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن الله رازى بولدى، ئۇلارمۇ الله دىن مەمنۇن بولدى﴾[1]، ﴿الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى﴾[2]، ﴿(ئۇ غەنىمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر. ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[3] يەنى ئەنسارىلار الله تائالانىڭ مۇھاجىرلارغا ئاتا قىلغان ھىجرەت قىلىش ئارتۇقچىلىقىغا ھەسەت قىلمايدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن مۇھاجىرلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئەنسارىلارنىڭ دەرىجىسىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. بۇ قاراشقا ئۆلىمالار ھېچ ئىختىلاپ قىلىشماستىن بىرلىككە كەلگەن.

## ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلمىغانلارغا ئىگىدارچىلىقنىڭ بولمايدىغانلىقى

**﴿ئىمان ئېيتقان ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز ئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ﴾** بۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۆمىنلەردۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان، مەدىنىگە ھىجرەت قىلمىغان بەلكى ئۆز يۇرتلىرىدا تۇرىۋەرگەن مۆمىنلەردۇر. ئەنە شۇلار ئۇرۇشقا قاتناشمىغىچە، ئۇلارغا غەنىمەتلەردىن نېسىۋە بېرىلمەيدۇ ۋە غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن بېرىلىدىغان نېسىۋىمۇ بېرىلمەيدۇ.

(1) تەۋبە سۈرىسى 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) تەۋبە سۈرىسى 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) ھەشىر سۈرىسى 8 ـــ 9 ـ ئايەتلەر.

ئىمام ئەھمەد بۇرەيدە ئىبنى ھەسىب ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئادەمنى قوشۇنغا باشلىق قىلىپ ئۇرۇشقا ئەۋەتسە، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىدا **اللە** تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشقا، ئۆزى بىلەن بىللە بولغان مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيتتى: «**اللە** تائالانىڭ ئىسمى بىلەن **اللە** يولىدا جىھاد قىلغىن! **اللە** غا كاپىر بولغانلار بىلەن ئۇرۇشقىن. ئەگەر مۇشرىكلاردىن بولغان دۈشمەنلەرگە ئۇچراشساڭ، ئۇلارنى ئۈچ تۈرلۈك ئىشقا چاقىرغىن. ئۇلار ئۇ ئۈچ ئىشنىڭ قايسىسىنى قوبۇل قىلسا، سەنمۇ ئۇلاردىن شۇنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلمىغىن. ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، سەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلارغا تەگمىگىن. ئاندىن ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن مۇھاجىرلار يۇرتلىرىغا كۆچۈپ كېلىشكە چاقىرغىن. ئۇلارغا شۇنى بىلدۈرۈپ قويغىنكى، ئەگەر ئۇلار كۆچۈپ كەلسە، مۇھاجىرلار بەھرىمەن بولغان مەنپەئەتلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، مۇھاجىرلارغا كەلگەن زىياننى تەڭ تارتىدۇ. ئەگەر ئۇلار كۆچۈپ كەلگىلى ئۇنىماي، ئۆز يۇرتلىرىدا قېلىشنى ئىختىيار قىلسا، ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويغىنكى، ئۇلارغا سەھرالىق مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە **اللە** تائالانىڭ مۆمىنلەر ئۈستىگە يۈرگۈزىلىدىغان ھۆكمى يۈرگۈزىلىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھادقا قاتناشمىغىچە، ئۇلارغا ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتتىن نېسۋە بېرىلمەيدۇ ۋە ئۇرۇش بىلەن ئېلىنغان غەنىمەتتىنمۇ نېسۋە بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇلارنى جىزيە تۆلەشكە چاقىرغىن. ئۇلار جىزيە تۆلەشنى قوبۇل قىلسا، سەنمۇ قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلارغا تەگمىگىن. ئەگەر ئۇلار جىزيە تۆلەشنىمۇ قوبۇل قىلمىسا، **اللە** تائالادىن ياردەم تىلىگىن ـ دە، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقىن». بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىسكە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق بىر زىيادە بۆلۈم بار: ﴿**ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك**﴾ **اللە** تائالا مۇنداق دەيدۇ: ھىجرەت قىلمىغان، ئەنە شۇ سەھرالىق مۇسۇلمانلار مېنىڭ دىنىم يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن دۈشمەنلىرىگە قارشى سىلەردىن ياردەم تىلىسە، سىلەر ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك.

ئەگەر ئۇلار ﴿**ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم**﴾ بار قەۋمگە قارشى سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا ياردەم قىلماڭلار دەپ، سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزگەن كىشىلەرنىڭ كېلىشىمىنى بۇزماڭلار!



* * * * * * *

**وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٍۚ إِلَّا تَفۡعَلُوهُ تَكُن فِتۡنَةٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَفَسَادٞ كَبِيرٞ ﴿٧٣﴾**

كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدەپىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ﴿73﴾.

## كاپىرلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىگە بولىدىغانلىقى، مۇسۇلمانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغانلىقى

**الله** تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارىسىدىكى مىراسخور بولۇش، ئۆزئارا ياردەم قىلىش قاتارلىق ئىگىدارچىلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

ئىمام ھاكىم ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىككى خىل دىندىكىلەر بىر ـ بىرىگە مىراسخورلۇق قىلالمايدۇ. يەنى مۇسۇلمان كاپىرغا، كاپىر مۇسۇلمانغا مىراسخورلۇق قىلالمايدۇ». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿**كاپىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ**﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمان كاپىرغا، كاپىر مۇسۇلمانغا مىراسخورلۇق قىلالمايدۇ».

﴿**ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ**﴾ يەنى مۇشرىكلاردىن يىراقلىشىپ، مۆمىنلەرنى دوست تۇتمىساڭلار، ئىنسانلار ئارىسىدا پىتنە تۇغۇلىدۇ. بۇ ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى، مۆمىننىڭ كاپىرنى دوست تۇتۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق بولغاندا، ئىنسانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ.

* * * * * * *

وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ ءَاوَواْ وَّنَصَرُوٓاْ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ
ٱلۡمُؤۡمِنُونَ حَقّٗاۚ لَّهُم مَّغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ﴿٧٤﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنۢ بَعۡدُ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ مَعَكُمۡ
فَأُوْلَٰٓئِكَ مِنكُمۡۚ وَأُوْلُواْ ٱلۡأَرۡحَامِ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلَىٰ بِبَعۡضٖ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمُۢ ﴿٧٥﴾



ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، **الله** نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ـ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلار (نىڭ گۇناھى) مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار (جەننەتتە) ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ﴿74﴾. كېيىن ئىمان ئېيتىپ (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلار سىلەردىن سانىلىدۇ. **الله** نىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر، شۈبھىسىزكى، **الله** ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴿75﴾.

## ھەقىقىي مۆمىنلەر توغرىسىدا

ﷲ تائالا مۆمىنلەرنىڭ دۇنيادىكى ھۆكمىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارپلا ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ھۆكمىنى بايان قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىمان ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇ ھەقتە بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ﷲ سۇبھانە ۋە تائالا كەلگۈسىدە ئۇلارنى ئەگەر ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى بولغان تەقدىردە مەغپىرەت قىلىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق ئېسىل رىزىق بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. بۇ ئېسىل رىزىق ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، تۈگەپ قالمايدىغان، تۈرلىرى خىلمۇ خىل ۋە بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشى زېرىكىپ قالمايدىغان، مەڭگۈلۈك، پاك ۋە مول رىزىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئاندىن ﷲ تائالا دۇنيادا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىمانىغا ۋە ياخشى ئەمەللىرىگە ئەگەشكەنلەرنىڭمۇ ئاخىرەتتە شۇلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن ﷲ رازى بولدى، ئۇلارمۇ ﷲ دىن مەمنۇن بولدى. ﷲ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر﴾[1]، ﴿ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن» دەيدۇ﴾[2].

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ».

ئىمام تەبەرانىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ مەھشەرگاھتا شۇلار بىلەن بىللە توپلىنىدۇ». دېيىلگەن.

## ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مىراسخورلۇق قىلىدىغانلىقى

**﴿ﷲ نىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾** مىراس ئىلمى ئالىملىرى ﷲ تائالانىڭ: **﴿ئۇرۇق ـ تۇغقانلار﴾** دېگەن ئايىتى ھەققىدە: مىراس تەگمەيدىغان، لېكىن يات ئەمەس تۇغقانلارغا خاس،ـ دەپ قارىدى. بەلكى ئۇ ئالىملار ئانىنىڭ ھەمشىرىسى، ئانىنىڭ ئەر قېرىندىشى، چوڭ ئانىسى، قىزلىرىنىڭ بالىلىرى،

(1) تەۋبە سۈرىسى 100 ـ ئايەت.
(2) ھەشر سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

قىز قېرىنداشلىرىلىرىنىڭ بالىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مىراسخور تۇغقانلارنى بىۋاستە مىراس تەگمەيدىغان، لېكىن يات ئەمەس تۇغقانلار مىراسخورلۇق قىلسا بولىدۇ، ـ دەپ قارىدى. ئۇ ئالىملارنىڭ بەزىلىرى بۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى ۋە بۇ مەسىلىگە قارىتا ئوچۇق پىكىردە بولدى.

بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئۇلار دېگەندەك مەزكۇر كىشىلەرگە خاس ئەمەس، بەلكى بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، مۇجاھىد، ئىكرىمە، ھەسەن، قەتادە ۋە بىر قانچە كىشى بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىپ: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئىتتىپاقداشلىق ۋە ئورنىتىلغان قېرىنداشلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مىراسخورلۇق ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، ـ دەپ تەكىتلىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇرۇق - تۇغقان دېگەن سۆز خاس ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىم ئۇرۇق - تۇغقانلارغا مىراسخورلۇق قىلالمىسا، ئۇنىڭ دەلىل - پاكىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ مىراسىنى تەلەپ قىلسۇن. بۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدۇر: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق بەردى. مىراسخورلۇق قىلىدىغان كىشى ئۈچۈن ھېچقانداق ۋەسىيەت قالدۇرۇلمايدۇ[1]».

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر كىشى ھەق ئىگىسى بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ ھۆكمىدە مۇئەييەن بېكىتىلگەن مىراس بار. ئەگەر ئۇ ھەق ئىگىسى بولمىغان تەقدىردە ئۇ مىراسخورمۇ بولالمايدۇ. الله تائالا ھەقىقەتنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

جىمى ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيىلەر الله تائالاغا خاستۇر. بىز بارلىق ئىشلىرىمىزدا الله تائالاغا تەۋەككۇل قىلىمىز، ئۇ بىزگە كۇپايە قىلغۇچىدۇر. الله تائالا نېمىدېگەن ياخشى ھىمايە قىلغۇچى - ھە!

شۇنىڭ بىلەن، ئەنفال سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى. الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن!



(1) ۋەسىيەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى قىلغان ۋەسىيىتى شەرىئەت قانۇنى بويىچە تېگىدىغان مىراسقا توغرا كەلمىسە، ئۇ ۋەسىيەت ئىناۋەتسىز بولىدۇ.